ئۈرۈمچى شەھرى

# تيانشان رايونى تەزكىرىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇقەددىمە — 1

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى: نيۇ يۈنزوڭ

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى» ـ ئالتە يىل تۈزۈش-تۈزىتىش ئارقىلىق ئاخىرى دۇنياغا كەلدى. ئۇ رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ بىر قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

تيانشان رايونى ئازادلىقتىن كېيىن رايون بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، 40 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ خىزمەتلىرىدە زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. تيانشان رايونىنىڭ تارىخى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن رايون خەلقىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى يوللىرى ناچار، تېلېفون ئالاقىسى قالاق، ئېلېكتر چىراغلىرى يوق كونا شەھەر رايونىدىن، ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، سودا سارايلىرى توپلاشقان، يوللىرى كەڭ، رەتلىك، پاكىز، چىرايلىق، يېشىللىققا پۈركەنگەن، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، جەمئىيىتى مۇقىم، مىللەتلىرى ئىتتىپاق بولغان زامانىۋىلاشقان يېڭى شەھەر رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلار تيانشان رايونىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ "تەرەققىيات — چىڭ قائىدە" دېگەن يوليورۇقى تيانشان رايونىدا كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

1993-يىلىنىڭ ئاخىرى، پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 261 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 8 مىليون 200 مىڭ 500 يۈەن پايدا يارىتىلدى، مالىيە كىرىمى 81 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تيانشان رايونىدا ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، رايون تەۋەسىدىكى 36 مىللەت بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈيىنى ھەممە تەرەپلەرگە تاراتتى.

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن رايونىمىزدا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان ياخشى بىر تەربىيىۋى دەرسلىك كۆپەيدى. تيانشان رايونىنىڭ تەرەققىياتىدىن ھەر مىللەت خەلقى شۇنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىكى، كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈگۈنىمۇ بولمايتتى.

ئاخىرىدا «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇقەددىمە — 2

# ئۆتكەننى ئەستە تۇتۇپ، كېيىنكىگە ساۋاق قىلىپ، رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

تيانشان رايونىنىڭ باشلىقى: **مۇرات يۇنۇس**

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نىڭ نەشر قىلىنىشى ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان زور مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن زور تۈركۈمدىكى ماتېرىياللار سىياسىي، تارىخىي مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ سوتسىيالىستىك «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىغۇسى.

تيانشان رايونى — ئازادلىقتىن كېيىن كونا دىخۇا شەھەر رايونى ئاساسىدا قۇرۇلۇپ تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك يېڭى شەھەر رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرى، قەھرىمانلار، ئىنقىلاب پېشۋالىرى ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىش-ئىزلىرى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئەستە ساقلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ھەر مىللەت خەلقى ئازاد بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، چېگرا شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن رايون خەلقى ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، شەھەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى سەھىپە ئېچىپ، تيانشان رايونىنى «ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، تۇرمۇشى قولايلىق، مۇھىتى گۈزەل، ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشقان زامانىۋىلاشقان شەھەر رايونى» قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى» دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، قەدىمكى بىلەن ھازىرقىنى بىرلەشتۈرۈش، قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، كەڭ تەزكىرە ئىشلىگۈچى خىزمەتچى خادىملارنىڭ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي، كەڭ دائىرىدە مول ماتېرىيال توپلىشى، رايون ئىچىدىكى يېقىنقى 100 يىللىق ھەر تۈرلۈك ئىشلارنىڭ گۈللىنىش ۋە ۋەيران بولۇش توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى توپلىشى، پۈتۈن رايوندىكى ھەر تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىش تارىخى پاكىتلىرىنى ئوبيېكتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئەكس

ئەمتۈرۈشى، قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ، ماتېرىيال تولۇقلاپ بېكىتىش ئارقىلىق ئاخىرى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇ — سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى توغرا، ماتېرىياللىرى تەپسىلىي، ئىشەنچلىك، كەلتۈرۈلگەن مىساللىرى مۇۋاپىق، ئىخچام، سىستېمىلىقى كۈچلۈك بولغان رايون ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ رايون ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، تەدبىر تۈزۈشىدىكى ئاساس، چېگرا شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى يەرلىك دەرسلىك، شۇنداقلا سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، رايون ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتكەنكىنى ئەستە تۇتۇپ، كېيىنكىگە ساۋاق قىلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت كادىر ۋە ئاممىنىڭ بۇ تەزكىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشتە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنى ئاساسىدا، ئىدىيىۋىلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە سىستېمىلىقىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش ئارقىلىق، تارىخقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىلدى.

2. بۇ تەزكىرىدە ھازىرقىنى تەپسىلىي، كېيىنكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، يېقىننى تەپسىلىي، يىراقنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، تيانشان رايونىنىڭ ھازىرقى زامان تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى ئەھۋالى نۇقتىلىق بايان قىلىنىپ، تيانشان رايونىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۈرلۈك ئىشلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەندى.

3. بۇ تەزكىرە تيانشان رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ باشلانغان ۋاقتىدىن 1987-يىلغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئومۇمىي بايان، رەھبەرلەر ئىسىملىكى 1992-يىلغىچە ئۇزارتىلدى.

4. بۇ تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئىشلار ھەرخىل تۈرلەر بويىچە بۆلۈم، باب، پاراگراف، مۇندەرىجىدىن ئىبارەت تۆت قاتلام بويىچە بايان قىلىندى. پۈتۈن كىتاب 20 بۆلۈم، 85 باب، 231 پاراگراف ھەمدە كىرىش سۆز، رەسىم، چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ۋە مۇقەددىمىدىن تۈزۈلدى.

5. بۇ تەزكىرىگە خاتىرە، تەزكىرە ماتېرىيال، ستاتىستىكىلىق جەدۋەل، رەسىم قاتارلىق ژانىرلار كىرگۈزۈلدى.

6. بۇ تەزكىرىدىكى «دۆلىتىمىز قۇرۇلغان» دېگەن ئاتالغۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەرقايسى رايونلار» دېگەن ئاتالغۇ ئەسلىدىكى 1-، 2-، 3-، 5-رايونلارنى ۋە تەڭشىلىپ رايونلارغا بۆلۈنگەندىن كېيىنكى 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئىككى رايون» دېگەن ئاتالغۇ 1956-يىلى تۇنجى قېتىم رايونلار بىرلەشكەندىن كېيىنكى 1-، 2-رايون ۋە تيانشان رايونى، دوستلۇق رايونىنى كۆرسىتىدۇ.

7. بۇ تەزكىرىدىكى تارىخىي يىلنامىلار، ھۆكۈمەت، ئەمەلدارلارنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئورۇن نامىلىرى شۇ چاغدىكى ئاتالغۇ بويىچە ئېلىندى. «ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى» دېگەن ئاتالغۇ، 1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان كۈندىن ئايرىلدى.

8. بۇ تەزكىرىدە قوللىنىلغان ئۆلچەم بىرلىكلىرىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ نامى ۋە بەلگىسى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى. تېكىستلەردە ئۆلچەم بىرلىكلىرى بەلگىسى قويۇلمىدى. ستاتىستىكىلىق سانلارغا ئەرەب رەقىمى قوللىنىلدى. يەر نامىلىرى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۆلچەملىك نام بويىچە ئېلىندى، بەزى ئايرىم جايلاردا تارىخىي ناملار ئېلىندى.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە — 1 ........ تيانشان رايونلۇق پارتكوم سېكرىتارى نيۇ يۈنزۇڭ
مۇقەددىمە — 2 ........ تيانشان رايونىنىڭ باشلىقى مۇرات يۇنۇس
تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە
ئومۇمىي بايان ........ 1
چوڭ ئىشلار ........ 12

## 1-بۆلۈم تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، ئاھالە

ئومۇمىي بايان ........ 75
1-باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........ 76
1-پاراگراف جۇغراپىيىلىك ئورنى ........ 76
2-پاراگراف مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ........ 76
2-باب ئاھالە ........ 78
1-پاراگراف ئاھالە ئەھۋالى ........ 78
2-پاراگراف نوپۇس باشقۇرۇش ........ 85
3-پاراگراف پىلانلىق تۇغۇت ........ 88

## 2-بۆلۈم مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1- باب جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 94
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 96
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 98
2-باب شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 104

1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 105
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 107
3-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەدەنىيەت پونكىتى ........ 114
**3-باب دۇگمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 115**
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 117
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 119
**4-باب غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 122**
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 124
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 125
**5-باب ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 128**
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 130
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 130
**6-باب شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 132**
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 133
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 134
**7-باب تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 136**
1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ........ 138
2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 139
**8-باب يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 143**
**9-باب قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 144**
**10-باب جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 146**
**11-باب بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 150**
**12-باب ئۈلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى ........ 152**

## 3-بۆلۈم تەبىئىي مۇھىت

**ئومۇمىي بايان ........ 154**
**1-باب تەبىئىي شارائىتى ........ 155**
1-پاراگراف گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ........ 155
2-پاراگراف يەر شەكلى ........ 155
3-پاراگراف كىلىماتى ........ 156

| | |
|---|---|
| 4-پاراگراف سۇ رايى | 156 |
| 5-پاراگراف تۇپراق | 157 |
| **2-باب تەبىئىي ئاپەتلەر** | 158 |
| 1-پاراگراف قىيان ۋە يامغۇر ئاپىتى | 158 |
| 2-پاراگراف يەر تەۋرەش | 159 |
| 3-پاراگراف چېكەتكە ئاپىتى | 160 |
| 4-پاراگراف باشقا ئاپەتلەر | 161 |


## 4-بۆلۈم شەھەر رايونى قۇرۇلۇشى


| | |
|---|---|
| **ئومۇمىي بايان** | 162 |
| **1-باب يوللار** | 165 |
| 1-پاراگراف غول يوللار | 166 |
| 2-پاراگراف كوچىلار | 170 |
| 3-پاراگراف كۆۋرۈك، سۇڭگۈچلەر | 177 |
| **2-باب تۇرالغۇ ئۆي** | 179 |
| 1-پاراگراف ئومۇمنىڭ ئۆيلىرى | 181 |
| 2-پاراگراف شەخسىي ئۆيلەر | 181 |
| 3-پاراگراف ئىجارە ھەققى | 182 |
| **3-باب سۇ بىلەن تەمىنلەش** | 183 |
| 1-پاراگراف سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى | 183 |
| 2-پاراگراف سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى | 185 |
| **4-باب سۇنى سىرتقا چىقىرىش** | 187 |
| 1-پاراگراف غول يوللاردىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش | 187 |
| 2-پاراگراف كوچىلاردىكى سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش | 190 |
| **5-باب ئاممىۋى قاتناش** | 197 |
| 1-پاراگراف كوچا ئاپتوبۇسى | 197 |
| 2-پاراگراف كىرا ئاپتوموبىلى | 199 |
| **6-باب باغ-ئورمان، كۆكەرتىش** | 200 |
| 1-پاراگراف ئاممىۋى رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىشى | 201 |
| 2-پاراگراف گۈللۈكلەر | 204 |

3-پاراگراف كوچا-يوللارنى كۆكەرتىش ........ 206
**7-باب مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ........ 209**
1-پاراگراف مەھەللە-كوچىلارنى تازىلاش ........ 210
2-پاراگراف ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈش-توشۇش ........ 211
3-پاراگراف ھاجەتخانىلارنى تازىلاش ........ 214
4-پاراگراف شەھەر قىياپىتىنى نازارەت قىلىش ........ 215
**8-باب مۇھىت ئاسراش ........ 217**
1-پاراگراف ئاتموسفېرانى ئاسراش ........ 217
2-پاراگراف سۇ مەنبەلىرىنى ئاسراش ........ 219
3-پاراگراف شاۋقۇننى كونترول قىلىش ........ 219
**9-باب كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ........ 220**
1-پاراگراف كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭلىرى ........ 221
2-پاراگراف سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ........ 223
**10-باب گاز، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ........ 224**

## 5-بۆلۈم سانائەت

**ئومۇمىي بايان ........ 226**
**1-باب ئاپپاراتلار ........ 229**
1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 229
2-پاراگراف كارخانا ئورۇنلىرى ........ 230
**2-باب مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتى ........ 237**
1-پاراگراف كىيىم-كېچەك، بېش-ئاياغ كىيىملىرى ........ 237
2-پاراگراف كەشتە بۇيۇملىرى ........ 240
3-پاراگراف چالغۇ ئەسۋابلىرى ........ 241
4-پاراگراف كېسىش سايمانلىرى ........ 242
**3-باب يېنىك سانائەت ........ 243**
1-پاراگراف بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى ........ 243
2-پاراگراف ھۈنەر-سەنئەت، گۈزەل سەنئەت ........ 245
3-پاراگراف كىيىم-كېچەك ........ 246
4-پاراگراف تېرە-يۇڭ، كۆن-خۇرۇم ........ 248

5-پاراگراف ئۆي جاھازلىرى ...... 250
6-پاراگراف ئىلمە توقۇمىچىلىق ...... 251
7-پاراگراف يېمەكلىكلەر ...... 252
4-باب رايوندا تۇرۇشلۇق سانائەت كارخانىلىرى ...... 253
5-باب رايون، مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ...... 264

## 6-بۆلۈم بىناكارلىق-قۇرۇلۇش

ئومۇمىي بايان ...... 268
1-باب ئاپپاراتلار ...... 273
2-باب بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قىلىش ...... 275
1-پاراگراف قۇرۇلۇش قىلغۇچى قوشۇنلار ...... 275
2-پاراگراف قۇرۇلۇش ماشىنا-سايمانلىرى ...... 277
3-پاراگراف تېخنىكا ...... 279
3-باب ئىگىلىك باشقۇرۇش ...... 282
1-پاراگراف ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ...... 282
2-پاراگراف قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ...... 284
3-پاراگراف سۈپەتنى نازارەت قىلىش ...... 286
4-پاراگراف بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىش ...... 290
5-پاراگراف مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ...... 292
6-پاراگراف تېخنىكا جەمەتىنى تەربىيىلەش ...... 295

## 7-بۆلۈم سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى

ئومۇمىي بايان ...... 298
1-باب سودا ...... 300
1-پاراگراف خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ...... 300
2-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ...... 301
3-پاراگراف دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ...... 302
4-پاراگراف كوللېكتىپ سودا ...... 317
5-پاراگراف خۇسۇسىي (يەككە) سودا ...... 319

2-باب يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى ........ 321
1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 321
2-پاراگراف يېمەك-ئىچمەك ........ 322
3-پاراگراف ساراي-مېھمانخانىلار ........ 325
4-پاراگراف ساتىراشچىلىق ........ 328
5-پاراگراف مونچا، سۈرەتخانا، ۋەكالەتەن سېتىش، تاغا تويۇش كەسىپلىرى ........ 329
3-باب ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەش ........ 331
1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 331
2-پاراگراف ئاھالىلارنى تەمىنلەش ........ 331

# 8-بۆلۈم قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف

ئومۇمىي بايان ........ 333
1-باب خەلق ترانسپورتى ........ 335
1-پاراگراف ترانسپورت قوراللىرى ........ 335
2-پاراگراف ترانسپورت باشقۇرۇش ........ 341
2-باب پوچتا-تېلېگراف ........ 345
1-پاراگراف پوچتا ........ 345
2-پاراگراف تېلېگراف ........ 346

# 9-بۆلۈم ئىگىلىك باشقۇرۇش

ئومۇمىي بايان ........ 350
1-باب پىلان ........ 353
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 353
2-پاراگراف پىلان تۈرلىرى ........ 354
3-پاراگراف پىلان تۈزۈش ئۇسۇلى ........ 356
2-باب ستاتىستىكا ........ 358
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 358
2-پاراگراف تۈزۈم ۋە ئۇسۇل ........ 359
3-باب مال باھاسى ........ 361

1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 361
2-پاراگراف مال باھاسىنى باشقۇرۇش ........ 362
3-پاراگراف ئامىۋى نازارەت ........ 367
4-پاراگراف مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش ........ 369
5-پاراگراف ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ........ 369
**4-باب مۆلچەرلىك ........ 370**
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 370
2-پاراگراف مۆلچەرلىك نازارەتچىلىكى ........ 371
**5-باب سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 373**
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 373
2-پاراگراف سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش ........ 375
3-پاراگراف يەككە سودا-سانائەتنى تىزىملاش ........ 377
4-پاراگراف بازار باشقۇرۇش ........ 382
5-پاراگراف توختام باشقۇرۇش ........ 393
6-پاراگراف قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ........ 394

## 10-بۆلۈم مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

**ئومۇمىي بايان ........ 397**
**1-باب مالىيە ........ 399**
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 399
2-پاراگراف مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........ 400
3-پاراگراف مالىيە كىرىمى ........ 403
4-پاراگراف مالىيە چىقىمى ........ 405
5-پاراگراف مالىيە نازارەتچىلىكى ........ 408
**2-باب باج ........ 409**
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 409
2-پاراگراف باج كىرىمى ........ 410
3-پاراگراف باجنى چوڭ تەكشۈرۈش ........ 412
**3-باب پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ........ 413**
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 413

2-پاراگراف پۇل ئامانىتى ........ 416
3-پاراگراف ئىناۋەتلىك قەرز ........ 418
4-پاراگراف ستراخوۋانىيە ........ 419

## 11-بۆلۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى

**ئومۇمىي بايان** ........ 422
**1-باب پارتىيە تەشكىلاتلىرى** ........ 425
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 425
2-پاراگراف رەھبىرىي ئەزالار ........ 428
3-پاراگراف رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرى ........ 431
**2-باب پارتىيە قۇرۇلتايلىرى** ........ 436
1-پاراگراف ھەر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ........ 436
2-پاراگراف سايلام ........ 438
**3-باب پارتىيە ئىشلىرى** ........ 439
1-پاراگراف تەشكىلىي قۇرۇلۇش ........ 439
2-پاراگراف كادىرلارنى باشقۇرۇش ........ 449
3-پاراگراف تەشۋىقىي تەربىيە ........ 453
**4-باب بىرلىكسەپ** ........ 462
1-پاراگراف بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى ........ 462
2-پاراگراف بىرلىكسەپ پائالىيىتى ........ 463
**5-باب ئىنتىزام تەكشۈرۈش** ........ 468
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 468
2-پاراگراف ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 469

## 12-بۆلۈم ئاممىۋى تەشكىلاتلار

**ئومۇمىي بايان** ........ 475
**1-باب ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى** ........ 477
1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........ 477

2-پاراگراف قۇرۇلتايلار ........................................ 478
3-پاراگراف ئاساسىي خىزمەتلىرى ........................................ 479
**2-باب كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ........................................ 484**
1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........................................ 484
2-پاراگراف قۇرۇلتايلار ........................................ 486
3-پاراگراف خىزمەتلىرى ........................................ 488
**3-باب ئاياللار بىرلەشمىسى ........................................ 493**
1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........................................ 493
2-پاراگراف قۇرۇلتايلار ........................................ 493
3-پاراگراف ئاساسىي خىزمەتلىرى ........................................ 494

## 13-بۆلۈم ھاكىمىيەت

**ئومۇمىي بايان ........................................ 498**
**1-باب خەلق قۇرۇلتىيى ........................................ 500**
1-پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ........................................ 500
2-پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ........................................ 506
3-پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى ........................................ 520
4-پاراگراف سايلام ........................................ 528
**2-باب ھۆكۈمەت ........................................ 532**
1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ........................................ 532
2-پاراگراف ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........................................ 534
3-پاراگراف رەھبىرىي ئەزالار ........................................ 537
4-پاراگراف ھۆكۈمەت ئىشلىرى پائالىيىتى ........................................ 541
5-پاراگراف ئارخىپ باشقۇرۇش ........................................ 547
6-پاراگراف ئەرزىيەت خىزمىتى ........................................ 550

## 14-بۆلۈم سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

**ئومۇمىي بايان ........................................ 553**

**1-باب سىياسىي كېڭەش تىيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك يىغىنلىرى** ........ 554
1-پاراگراف 1-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ........ 554
2-پاراگراف 2-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ........ 554
**2-باب ئاساسلىق پائالىيەتلىرى** ........ 555
1-پاراگراف ئۆگىنىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، ھال سوراش پائالىيەتلىرى ........ 555
2-پاراگراف تەكلىپلەرنى بېجىرىش، توغرا لىنىيىلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ........ 558

## 15-بۆلۈم سىياسىي قانۇن، ھەربىي ئىشلار

**ئومۇمىي بايان** ........ 560
**1-باب جامائەت خەۋپسىزلىكى** ........ 562
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 562
2-پاراگراف جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش ........ 565
3-پاراگراف جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ........ 567
4-پاراگراف جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ........ 569
**2-باب تەپتىش** ........ 571
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 571
2-پاراگراف جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى ........ 572
3-پاراگراف قانۇن-ئىنتىزام تەپتىشلىكى ........ 576
4-پاراگراف ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 578
5-پاراگراف تۈرمە تەپتىشلىكى ........ 581
**3-باب سوت قىلىش** ........ 583
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 583
2-پاراگراف ھەق-تەلەپ ئىشلىرىنى سوت قىلىش ........ 584
3-پاراگراف جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش ........ 586
4-پاراگراف ئىقتىسادىي ئىشلارنى سوت قىلىش ........ 589
5-پاراگراف مەمۇرىي ئىشلارنى سوت قىلىش ........ 590
6-پاراگراف خاتا دېلولارنى ئاقلاش ........ 590
**4-باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى** ........ 591
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........ 591
2-پاراگراف قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ........ 591

3-پاراگراف خەلق مۇرەسسەسى ........................................ 592
4-پاراگراف قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ........................ 593
5-باب ھەربىي ئىشلار ........................................ 595
1-پاراگراف خەلق قوراللىق كۈچلىرى ........................................ 595
2-پاراگراف ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ........................................ 601
3-پاراگراف خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ........................................ 603
4-پاراگراف رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ........................................ 606

## 16-بۆلۈم مائارىپ

ئومۇمىي بايان ........................................ 608
1-باب مائارىپ مەمۇرىيىتى ........................................ 611
1-پاراگراف مەمۇرىي ئاپپاراتلار ........................................ 611
2-پاراگراف ئوقۇتقۇچىلار ........................................ 612
3-پاراگراف مەكتەپ خىراجىتى، ئەسلىھەلىرى ........................................ 616
2-باب ئادەتتىكى مائارىپ ........................................ 620
1-پاراگراف بالىلار مائارىپى ........................................ 620
2-پاراگراف باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........................................ 628
3-پاراگراف ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........................................ 639
4-پاراگراف مىللىي مائارىپ ........................................ 642
5-پاراگراف ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ... 644
3-باب ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپى ........................................ 645
1-پاراگراف ئالىي مەكتەپ مائارىپى ........................................ 645
2-پاراگراف ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ........................................ 646
4-باب چوڭلار مائارىپى ........................................ 648
5-باب مائارىپ ئىسلاھاتى ........................................ 650

## 17-بۆلۈم مەدەنىيەت، تەنتەربىيە

ئومۇمىي بايان ........................................ 656
1-باب ئاپپاراتلار، ئەسلىھەلەر ........................................ 658

1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ...... 658

2-پاراگراف مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ...... 658

**2-باب مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى** ...... 660

1-پاراگراف بېيجىڭ چاڭچېلىسى تىياتىر ئۆمەكلىرى ...... 660

2-پاراگراف سىرك ئۆمەكلىرى ...... 662

3-پاراگراف رايوندا تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ...... 662

**3-باب ئاممىۋى مەدەنىيەت** ...... 664

1-پاراگراف مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ...... 664

2-پاراگراف مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ...... 668

**4-باب ئاممىۋى تەنتەربىيە** ...... 668

1-پاراگراف مەكتەپ تەنتەربىيىسى ...... 668

2-پاراگراف ئىجتىمائىي تەنتەربىيە ...... 670

3-پاراگراف تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ...... 673

**5-باب ئىنقىلابىي خارابىلىكلەر، مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر** ...... 676

1-پاراگراف ئىنقىلابىي خارابىلىكلەر ...... 677

2-پاراگراف مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر ...... 680


## 18-بۆلۈم سەھىيە


**ئومۇمىي بايان** ...... 682

**1-باب ئاپپاراتلار** ...... 683

1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ...... 683

2-پاراگراف داۋالاش ئاپپاراتلىرى ...... 685

**2-باب كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش** ...... 689

1-پاراگراف كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ...... 689

2-پاراگراف ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ...... 692

3-پاراگراف سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش ...... 696

**3-باب داۋالاش** ...... 701

1-پاراگراف جوڭگوچە داۋالاش ...... 701

2-پاراگراف غەربچە داۋالاش ...... 704

3-پاراگراف ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ...... 709

4-پاراگراف داۋالىنىش تۈزۈمى ........................ 713

# 19-بۆلۈم باشقا ئىجتىمائىي ئىشلار

ئومۇمىي بايان ........................ 718
1-باب مىللەتلەر ........................ 720
1-پاراگراف مىللەتلەر سىياسىتى ........................ 720
2-پاراگراف خەنزۇلار ........................ 723
3-پاراگراف ئۇيغۇرلار ........................ 724
4-پاراگراف خۇيزۇلار ........................ 726
5-پاراگراف قازاقلار ........................ 727
6-پاراگراف باشقا مىللەتلەر ........................ 728
2-باب خەلق ئىشلىرى ........................ 731
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........................ 731
2-پاراگراف ئاھالىلەر كومىتېتى ........................ 731
3-پاراگراف ئىتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ........................ 734
4-پاراگراف ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ........................ 737
5-پاراگراف پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشى ........................ 739
6-پاراگراف نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ........................ 740
3-باب ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى ........................ 742
1-پاراگراف ئاپپاراتلار ........................ 742
2-پاراگراف ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 743
3-پاراگراف كادىرلارنى باشقۇرۇش ........................ 745
4-پاراگراف تەربىيىلەش ........................ 751
5-پاراگراف ئىش ھەققى، پاراۋانلىق ........................ 753
6-پاراگراف مۇكاپاتلاش، جازالاش ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ........................ 758
4-باب دىنىي ئىشلار ........................ 760
1-پاراگراف دىنىي سىياسەت ........................ 760
2-پاراگراف ئىسلام دىنى ........................ 761
3-پاراگراف بۇددا دىنى ........................ 762
4-پاراگراف خىرىستىئان دىنى ........................ 763

5-پاراگراف كاتولىك دىنى ........ 764
5-باب خەلق تۇرمۇشى ........ 765

## 20-بۆلۈم شەخسلەر

1-باب ئىلغار-نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىسمىلىك جەدۋىلى ........ 768
2-باب بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئىسمىلىكى ........ 779
3-باب ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كەسپىي تېخنىكا خادىملار ئىسمىلىكى جەدۋىلى ........ 789
ئاخىرقى سۆز
تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتى ۋە خادىملار

# ئومۇمىي بايان

تىيانشان رايونى — ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ، ئۇ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى جەھەتتىكى ئىشلار ئۇچقاندەك ئالغا بېسىپ، رايوننىڭ شەھەر قىياپىتى كۈنسېرى يېڭىلىنىش بىلەن، يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك شەھەر رايونى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى.

I

تىيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي تەرىپى ئۈلانباي خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا، شەرقىي تەرىپى دۆلەت تاشيولى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ؛ شىمالىي تەرىپى قاراماي شەرقىي يولى ئارقىلىق شىمىكۇ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ غەربىي چېگرىسى ساي يولى ۋە تىنچلىق ئۆستىڭى ئارقىلىق ساياغ رايونى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. رايوننىڭ جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى توققۇز كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 98 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايوننىڭ يەر مەيدانى 17.17 كۋادرات كىلومېتىر.

پۈتۈن دائىرىسى تىيانشان تاغ تىزمىسىدىكى بوغدا تېغى (شەرقىي تىيانشان)نىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بىۋاسىتە ئۈرۈمچى دەرياسى قىنىغا يېتىپ بارىدۇ. رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 87°12′10″ تىن 86°37′56″قىچە، شىمالىي پاراللېل 43°36′01″ تىن 08″ 43°01′قىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. ئوتتۇرا تېمپېراتۇرىلىق بەلباغ يېرىم قۇرغاق قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا ياتىدۇ، ئىسسىق-سوغۇق پەرقى ئالاھىدە، كۈندىلىك ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سېلىشتۇرما پەرقى چوڭ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5.9℃، پەسىل پەرقى روشەن. سوغۇق ھاۋا ھەرىكىتى ئەتىياز پەسلىدە قىش پەسلىدىكىدىن كۆپ بولۇپ، ھاۋارايى ئۆزگىرىشى كەسكىن، تەكرار، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.3℃~9.2℃؛ ياز پەسلى قۇرغاق، قاتتىق ئىسسىق، ھۆل-يېغىن باشقا پەسىللەرگە قارىغاندا كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مۇقىم ئەمەس، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 23.5℃~21.2℃؛ چېكىگە يەتكەن ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.5℃ قا (1973-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى) يەتكەن؛ كۈز پەسلىدە ھۆل-يېغىن ئاز، كۆپىنچە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، تېمپېراتۇرا تېز سۈرئەتتە تۆۋەنلەيدۇ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8.5℃~7.6℃ بولىدۇ؛ قىش پەسلىدە ھاۋا قاتتىق

سوغۇق، قۇرغاق بولۇپ، ھۆل-يېغىن ئاز بولىدۇ، ھاۋارايى تۇراقلىق، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 14℃- ئەتراپىدا، چېكىگە يەتكەن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -41.5℃ قا (1951-يىل 2-ئاينىڭ 27-كۈنى) چۈشكەن، ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 16.5 كۈن، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2706.4 سائەت، ئون گرادۇستىن ئارتۇق يىغىندا تېمپېراتۇرا 3063℃؛ توڭ مەزگىلى تۆت ئاي ئەتراپىدا بولۇپ، ئەڭ زور توڭ چوڭقۇرلۇقى 1.62 مېتىردىن 1.33 مېتىرغىچە بولىدۇ؛ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 277.8 مىللىمېتىر، ھۆل-يېغىنلىق كۈنلەر 90—80 كۈن، قار يېغىش مەزگىلى 10-ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدىن تارتىپ، ئىككىنچى يىلى 5-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولۇپ، قار ساقلىنىش مەزگىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىككىنچى يىلى 4-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 48 سانتىمېتىرغا (1959-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى) يەتكەن، ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2000 مىللىمېتىر ئەتراپىدا.

ھازىرقى رايون تەۋەسىنىڭ شەرقىي يېرىم قىسمىنىڭ يەر شەكلى چوڭەكسىمان پەس تۆپىلىك (بەل)لەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئېدىرلار ئارىسىدىكى ئويمان يەرلەر، كەلكۈن چاققان ساي (قولتۇق) لار ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن. غەربىي يېرىم قىسمى بولسا ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى تار ئۇزۇن كەتكەن پەلەمپەيسىمان يەرلەر ۋە دەريا ساھىلىدىن تەركىب تاپقان. پۈتۈن رايون دائىرىسى تاسمىسىمان (ئۇزۇنچاق) شەكىلدە، شەرقىي جەنۇب قىسمى ئېگىزرەك بولۇپ، غەربىي شىمالغا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. شەرقىي قىسمىنىڭ چەت جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتىرچە، ئۆلانباي، شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئەتراپلىرى 1100 نەچچە مېتىر، ھايۋانات باغچىسى 920 مېتىر، چوڭ كۆۋرۈك 860 مېتىر ئېگىز بولۇپ، تەبىئىي يانتۇلۇقى 15% كېلىدۇ. گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى: تيانشاننىڭ زونالLىق قۇرۇلما بەلبېغى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئىككى دانە ئىككىنچى دەرىجىلىك قۇرۇلما بۆلىكى — ئۈرۈمچى ئولتۇرۇشما بەلبېغى ۋە بوغدا يايسىمان بۆرتمە بەلبېغىنىڭ قوشۇلۇش ئورنىغا جايلاشقان. رايون تەۋەسىدە ئۈرۈمچى دەرياسى بىلەن سەيۋوپۇ (ئاي كۆل) كۆلى بار. ئۈرۈمچى دەرياسى تەڭرىتاغ (جەنۇبىي تاغ) نىڭ غالىبىيەت داۋىنى شىمالىي قاپتىلىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق مۇزلۇقتىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. ئاندىن تاغ ئالدى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندە سايىنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېقىپ، ئۆلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىن تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر ئارىلىقتا يەنفاڭگو دەرياسى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۆلانباي سۇ ئامبىرىدىن شىمالىي يۆنىلىش بويىچە ئېقىپ، تيانشان رايونى ئارقىلىق مىگجىن سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 210 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىم مىقدارى 235 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، قار-يامغۇر سۈيى ۋە مۇزلۇقلاردىن ئېرىپ چۈشكەن سۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيۋوپۇ كۆلى ئايرىم-ئايرىم يەتتە تاغ جىلغىسىدىن ئېقىپ چىققان سۇنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 101 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. قىزىلتاغ (خۇڭشەن) رايونىنىڭ ئەڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 934.4 مېتىر كېلىدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن بۇنىڭدىن 7—8 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا رايون تەۋەسىدە ئىنسانلار-نىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى. سەيۋوپۇغا يېقىن بولغان ئىككى جايدا يېڭى تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلىپ، سىپتا ئىشلەنگەن تاش قورال ئەۋرىشكىسىدىن 150 دانە يىغىۋېلىندى. ئۆلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ چېتىدىكى تۆپىلىكتە بىر تۈركۈم قەدىمكى قەبرىلەر بايقالدى، بۇ قەبرىلەردە جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن بۇيۇملار ئىچىدە چاقچۇق بۇيۇملار ۋە ئاز مىقداردا مىس، ئالتۇن، تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ بار. دەپنە قىلىنغان ۋاقىت تەخمىنەن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر

(جەنگو) دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىگە قەدەر توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى رايون تەۋەسى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كاپسا ئېلى، بېلوكا دۆلەتلىرىگە قارىغان، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قاڭقىل ئالتە بەگلىكىگە قارىغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئارقا قاڭقىل بەگلىكىگە، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن سەلتەنەتىنىڭ 14-يىلى (640-يىلى) بېشبالىققا قارىغان. ۋۇخۇ دەۋرىدە بېشبالىق بلش قورۇقچى-بەگ مەھكىمىسىگە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي كىدانلارغا قارىغان، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېشبالىققا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويراتلارنىڭ خوشۇت قەبىلىسىگە قارىغان، كېيىن جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ قۇمنۇيات كۆچمەنلىرىگە قارىغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) ھازىرقى ئەنىبىن (جەنۇبىي قوۋۇق) سىرتىغا بىر توپا سېپىل سوقۇلغان. چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) بۇ سېپىل كېڭەيتىلىپ، دىخۇا شەھىرى بىنا قىلىنغان. چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 38-يىلى (1773-يىلى) دىخۇا جىلى ئايمىقىغا قارىغان. گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) دىخۇا مەھكىمىسىگە قارىغان. مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) دىخۇا مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، دىخۇا ناھىيىسىگە قارىغان. مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) دىخۇا شەھىرىگە تەۋە بولغان. مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىخۇا شەھىرىنىڭ 1-، 2-، 3-، 5-رايونلىرى بولۇپ ئايرىلغان.

1951-يىلى 5-ئايدا ھازىرقى رايون دائىرىسى دىخۇا شەھىرىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايونلىرى بولغانىدى. 1956-يىلى ئۈرۈمچىنىڭ 1-، 2-رايونى بولۇپ ئايرىلدى. 1957-يىلى 1-، 2-رايوننىڭ نامى تيانشان رايونى ۋە دوستلۇق رايونى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1960-يىلى بۇ ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ تيانشان رايونى دەپ ئاتالدى.

ھازىر رايون تەۋەسىدە 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى، 109 ئاھالە كومىتېتى بار. ئاھالىسى پۈتۈن شەھەردىكى رايون (ناھىيە)لەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1990-يىلدىكى ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان ئومۇمىي ئاھالە 333 مىڭ 419 بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ 24.09 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 101 مىڭ 174 بولۇپ، بۇ رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 30.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار 59 مىڭ 286، خۇيزۇلار 29 مىڭ 43، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 12 مىڭ 845، رايون تەۋەسىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، مانجۇ، موڭغۇل، رۇس، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، داغۇر، تاجىك قاتارلىق 36 مىللەت ياشايدۇ. ھەر 100 مىڭ ئاھالە ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەم سانى 12 مىڭ 624 بولۇپ، بۇ شەھەر بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيە (8284 نەپەر)دىن %39.52 ئارتۇق. 15 ياش ۋە 15 ياشتىن تۆۋەن باللار ئارىسىدا ساۋاتسىز، چala ساۋاتلار پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ %5.66 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ شەھەرنىڭ %7.27لىك سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپ، شەھەر بويىچە ئەڭ تۆۋەن نىسبەت ھېسابلىنىدۇ. ئاھالىنىڭ زىچلىقى جەمئىي ھەر كۋادرات كىلومېتىرغا 2597.63 ئادەم توغرا كېلىدۇ، ئۈچتاشنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا ئاھالە زىچ توپلاشقان.

## II

يېپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت بولغان بۇ جايدا، نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىشىلەر ئۆتكەن. ھازىرقى رايون تەۋەسى ئوتلاق، قەدىمكى يېپەك يولىدىكى چوڭ ئۆتەڭ بولغاندىن تارتىپ، تاكى قەلئە ياسىلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلىپ-سېتىلىدىغان بازارغا ئايلانغانغىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئەقىل-پاراستى

سىگەن. ھەر مىللەت خەلقى چەت ئەل تاجاۋۇزچىسى ياقۇپبەگكە قارشى ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غالىبىيەت يولى 2-كوچا 1-قورۇدا 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرغان. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمىتىگە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىقلار رىياسەتچىلىك قىلغان، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭبىلەي، ۋاڭ جياشياڭ، سەي چاڭ، لىيۇيالۇ قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرغان. بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشكە پائال قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشى توغرىسىدا تەشۋىق قىلغان، ئۇلارنى دەۋەت قىلىپ تەشكىللىگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپە قوشقان. مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) شېڭ شىسەي گومىداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كومپارتىيىگە غالجىرلارچە قارشى تۇرۇپ، يۈزدىن ئارتۇق كومپارتىيە ئەزالىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ قاماققا ئالدى. چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىقلارنى تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى.

جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى باش تارماق ئەترىتى مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 5-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كۆچنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن لى شيەنىيەن قاتارلىق يولداشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھازىرقى «بەشيۈلتۈز» يولىغا يېرىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار بۇ جايدا تۇرغان مەزگىلدە زەمبىرەك تېخنىكىسى، سىمسىز خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى، برونېۋىك، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان ھەيدەش تېخنىكىسى قاتارلىق ھەربىي تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئىنقىلابىي ئارمىيە ئۈچۈن ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ھازىر رايون تەۋەسىدىكى 32 جايدا ئاسارە ئەتىقە قالدۇقى بار. بۇنىڭ ئىچىدە سەيۋوپۇ (ئاي كۆل) كۆلىنىڭ بويىدىكى بىگى تاش قورالالار دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلار؛ تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇلانباي قەدىمكى شەھىرى قالدۇقلىرى؛ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قىزىلتاغ مۇنارى، ۋېنمياۋ بۇتخانىسى، شەنشى مەسچىتى، تاتار مەسچىتى، ئۇندىن باشقا ماۋزېمىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۆي، ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بولغان جەرياندىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، قەدىمكى خارابىلار ياللۇز قەدىمكى زامان سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ سەلتەنەتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەمگەكچى خەلق، بىلىملىك زاتلارنىڭ مېھنەت ئەجرى ۋە ئەقىل-ئىدراكىنىڭ جەۋھىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ شاھىدىدۇر. رايوننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى نەچچە چاقىرىم يەرگە سوزۇلغان، سايە تاشلاپ تۇرغان قارىغايچىلىق تەبىئىي ئورمانلىقى ئارىسىدىكى ئۆستەڭدە شوخ سۇلار توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. باھار ۋە ياز كېلىپ ھاۋا ئىسسىغان ھامان بۇ يەرگە سەيياھلار ياغىدۇ، بۇ يەر ھەقىقەتەنمۇ ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ چوڭ تەبىئىي مەنزىرىلىك رايونى ھېسابلىنىدۇ.

بۇرۇندىنلا «بولقا، گۈرجەك ساز بولۇپ ياڭرىغان، ناخشا-ئۇسسۇل، بەزمە قايىنىغان» جاي دەپ داڭقى بار بۇ رايونىمىز ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، ئىختىساسلىق كىشىلەر تۈركۈملەپ يېتىشكەن جايدۇر. ئەمما ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا خەلق تۇرمۇشى ئېپىنىپ تۈگەنكۈسىز جاپالىق ئىدى. گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ

قۇرۇلۇپ، دىخۇا ئۇنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، دىخۇا تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوردا مەھكىمىلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇ تارىختىكى سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئەڭ ئاۋۋال دۇچ كەلدى. مىنگو مەزگىللىرىدە، ئىلگىرى-كېيىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ 37 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈردى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىياسىي زۇلمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى، جاھانگىرلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى شەھەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى نامراتلىق ۋە بالايىئاپەتلەرگە بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇپ، قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاپ كەلدى.

1949-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاب دېڭىزى ئىچىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردى.

## III

«نەۋ باھار زېمىنغا ئاچتى كەڭ قۇچاق، يېڭىچە تۈس ئالدى بۈگۈن ھەممىياق.» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ھاكىمىيىتى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرمىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، 43 يىللىق جاپالىق كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق بولغان كونا شەھەر رايونىنى باي ۋە ئاۋات يېڭى شەھەر رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش بىلەن ھەرقايسى ساھەلەردە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇانىڭ سانائىتى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلاتتى. كۆپىنچىسى تارقاق تىجارەت قىلىدىغان قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەن، سانائەت ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئازادلىق ھارپىسىدا ئاران 3 مىليون 752 مىڭ يۈەن ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلار ئىچىدە، رايونىمىزنىڭ سانائەت تەرەققىياتى تېز بولدى. بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار كەينى-كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، سانائەت تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، زور كۈچ بىلەن يەرلىك سانائەت بەرپا قىلىندى. 1962-يىلدىن 1972-يىلغىچە رايون، مەھەللىلەرنىڭ دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان سانائەت كارخانىلىرى ئىككى قېتىم يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تەرەققىي قىلىپ، شەھىرىمىز بويىچە تايانچ كارخانىلاردىن بولۇپ قالدى ۋە شەھىرىمىزنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. دۆلەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 1982-يىلى رايون، مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلاردا، نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1987-يىلى رايونىمىزدىكى سانائەت كارخانىلىرى كۆپىيىپ 239غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەردىن يۇقىرى ئورۇنلار باشقۇرغان چوڭ،

ئوتتۇرا كارخانىلاردىن 14ى بار. بۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 291 مىليون 25 مىڭ يۈەن، يارىتقان پايدىسى 36 مىليون 836 مىڭ يۈەن، مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 465 مىليون 910 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىسى 17 مىڭ 181 بولۇپ، شەھەر بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 23.8%نى ئىگىلىدى؛ شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى باشقا كارخانىلار 152، رايونغا قاراشلىق (مەھەللە باشقۇرغان كارخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 73، بۇلاردىكى ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى 2494، يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 28 مىليون 260 مىڭ يۈەن. بۇ كارخانىلار ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم-كېچەك، باش-ئاياغ كىيىمى تىكىش، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش، يېمەك-ئىچمەك، باسما ساھەسى قاتارلىق 11 كەسىپ ساھەگە بۆلۈنگەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرى 320 خىلدىن ئاشىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى رايون تەۋەسى ئۈرۈمچىنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ، داشىزى ئەتراپىدا مەشھۇر «تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ ئائىلە»، غالىبىيەت يولى ئەتراپىدا «چەت ئەللىكلەر كوچىسى» (ياڭخاڭ)، يەنە جەنۇبىي قوۋۇق (نەنگۈەن)، مال بازىرى، دۆڭكۆۋرۈك قاتارلىق ئۈچ چوڭ سودا بازىرى بولغانىدى. بۇ جايلار سودا-سېتىق تازا قىزىپ، بىر مەزگىل ئاۋاتلاشقانىدى. 40-يىللارغا كەلگەندە، ئەھۋال تولا ئۆزگىرىپ، سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ، مال مەنبەلىرى قىسلىشىپ، پۇلغا ھېچنەرسە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سودا دۇكانلىرى كەينى-كەينىدىن تاقىلىپ ياكى تىجارىتىنى توختىتىپ، بازارلار بارغانسېرى بوشاپ كەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن سودا قايتا گۈللىنىپ، كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، سودا تۈرلىرى تەدرىجىي كۆپەيتىلدى. ھەرخىل سودا سارايلىرى، زامانىۋى سودا بىنالىرى، ياتاقخانا، مېھمانخانىلار كۈنسايىن كۆپەيدى (شەھەردىكى ئون چوڭ سودا سارىيىدىن سەككىزى رايونىمىز تەۋەسىدە). يەر ئاستى سودا بازارلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1987-يىلى رايونىمىز تەۋەسىدە شەھەردىن تۆۋەن ئورۇنلار باشقۇرغان، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا (مۇلازىمەت) نۇقتىلىرى 365 بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا 7718 كىشى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا (مۇلازىمەت) ئىگىلىكى 180، ئىشلەيدىغان كىشى 6281؛ رايون مەھەللە باشقۇرغان كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى سودا (مۇلازىمەت) ئىگىلىكى 185 بولۇپ، ئىشلەيدىغان كىشى 1437 ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەككە ئىگىلىكتىكى سودا ئورۇنلىرى 6560 بولۇپ، بۇلاردا 9740 كىشى ئىشلىدى، يەتتە ئورۇندا بازار بولۇپ، بۇلاردا ھەر يىلى بولىدىغان ئوبوروت 30 مىليون 730 مىڭ يۈەن ئىدى. 1989-يىلغا بارغاندا كۆپىيىپ 145 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1990-يىلى جۇڭشەن يولىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سودا سارايلىرى تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇزغا يەتتى، بۇ ئورۇنلاردا 5268 كىشى ئىشلىدى. تىجارەت نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 49 مىڭ 938 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ بويىچە داڭلىق سودا كوچىسىغا ئايلاندى. جۇڭشەن يولى يەنە ئازادلىق يولى، قىزىلبايراق يولى، دېموكراتىيە يولى بىلەن تۇغرىسىغا كېسىشىپ شەھەر بويىچە ئاۋات سودا مەركىزىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ پۈتۈن شەھەردىكى خېرىدارلار ۋە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 1987-يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت سىرتىدىن كىرگۈزۈش، دۆلەت ئىچى بىلەن ئالاقىلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرخىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى.

1988-يىلى رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى. مالىيە كىرىمى 23 مىليون 166 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 10 مىليون 985 مىڭ يۈەن بولدى. 1992-يىلى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 217 مىليون يۈەنگە ئۆرلەپ، ساپ پايدىسى 7 مىليون 426 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىللىق مالىيە كىرىمى 51 مىليون 260 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 28 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە گۈللەپ ياشنىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا، رايونىمىز تەۋەسىدە پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە بىرنەچچە گۆرۈخانىلارلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1987-يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئورگىنىدىن يەتتىسى، شەھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئورگىنى (پۇل ئامانەت پونكىتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن 59ى، شەھەر ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىدىن ئىككىسى بار بولدى. پۇل مۇئامىلە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 2439 غا يەتتى. رايونىمىزدىكى پۇل ئامانەت نۇقتىلىرى پۈتۈن شەھەر پۇل ئامانەت نۇقتىلىرىنىڭ %58نى ئىگىلەپ، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلاندى.

رايونىمىز تەۋەسىدە قاتناش قولاي، پوچتا-تېلېگراف راۋان بولدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن پەقەت ئۈچلا كوچا ئاپتوبۇسى بولۇپ، قاتناش لىنىيىسى ئىككى يول، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىرلا ئىدى. پوچتا-تېلېگراف مۇلازىمەت ئورگىنى ئىككى ئورۇندىلا بولۇپ، ئاران 300 تېلېفون بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش، پوچتا-تېلېگراف ئەسلىھەلىرى كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللەشتى. 1987-يىلى ئاپتوبۇس قاتناش لىنىيىسىدىن 16سى بار بولۇپ، مۇساپىسى 304.8 كىلومېتىرغا يېتىپ، شەھەر بويىچە ئاپتوبۇس قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ %45.7نى ئىگىلىدى. تېلېفون يەككە ئاپپاراتى 6762گە، ئابونتلار كىچىك كومۇتاتورى (بىلەش ئاپپارات) 11 مىڭ 200 گە، پوچتا-تېلېگراف خەۋەرلىشىش نۇقتىلىرى 20گە، ۋەكالىتەن بېجىرىش نۇقتىلىرى 14كە يەتتى. 1988-يىلى يېڭىدىن ياسىلىپ پۈتكەن تېلېگراف تۈگۈنى بىناسى شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف خەۋەرلىشىش تۈگۈنى بولۇپ قالدى. تېلېگرامما ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلار يالغۇز شىنجاڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە تۇتاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ بەش چوڭ قىتئەسىدىكى 140 نەچچە دۆلەت ۋە رايونلارغىمۇ تۇتاشتۇرۇلدى.

شەھەر رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈندىن-كۈنگە يېڭىلاندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھازىرقى رايون تەۋەسىدە يوللار تار، ئەگرى-توقاي، ئېگىز-پەس بولۇپ، خۇددى «شامال چىقمىسىمۇ توپا ئۇچۇشقىچە كېلىدۇ، يامغۇر ياغمىسىلا يول پاتقاققا تولىدۇ» دەپ تەسۋىرلەنگەندەك ئىدى. ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى توپا-ياغاچتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، سۇ تورۇبىلىرى ياكى ئەۋرەز يوللىرى يوق ئىدى. 1950-يىلدىن تارتىپ يوللار ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى. «خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرۇش، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق باشقۇرۇش» دېگەن فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن، يېڭى يوللار ئېچىلىپ، سۇ تورۇبىلىرى ياتقۇزۇلدى. لاي-پاتقاقلىق كوچا-قورۇلار رەتكە سېلىنىپ، كۆكەرتىلىپ، مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يوللار ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىلىپ يېڭىلاندى. 1975-يىلدىن باشلاپ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىلدى، ئىشلەتكۈچىلەر يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، ھازىرقى ئاھالە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %85ى ئۆپچۆرىسىگە يەتتى. 1982-يىلدىن باشلاپ، قورۇلارغا سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلدى. 1985-يىلى 217 كوچىنى ئاسفالتلاشتۇرۇش، ئەۋرەز يولى تورۇبىلىرى ئورنىتىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي

5.89 كۋادرات مېترغا يەتتى. شۇ يىلى يەنە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېترغا يەتتى. 1987-يىلى ئاساسلىق شەھەر يوللىرى 36گە، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ كىلومېترغا، ئومۇمىي يول كۆلىمى 654 مىڭ كۋادرات مېترغا يېتىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقىسىنىڭ 12.5 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 118.6 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا چىقىرىش غول ۋە تارماق تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. يول ياقىلىرىغا 26 مىڭ 928 تۈپ كۆچەت تىكىلىپ ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت ئاساسىي يول (8607 مېتر) ياقىلىرىدا «غوللۇق دەرەخ، چاتقال، گۈل ۋە ئوت-چۆپ»تىن ئىبارەت تۆتنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى نۇرلۇق يولىنىڭ كەڭلىكى 46 مېتر كېلىدۇ، ئۇ قوش لىنىيىلىك ۋە تېز، ئاستا ماشىنا يوللىرىغا بۆلۈنگەن. يول ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك باھاردا گۈللەپ، كۈزدە مېۋىلەپ، يازدا ياشىرىپ، قىشتا كۆكىرىپ، گۈزەللىكتە كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. قىزىل تاغنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا 46 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ ئوتتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قىزىلتاغ كۆلىمىنىڭ %72ى ئورمان بىلەن قاپلىنىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1991-يىلى قارا ئىس تىزگىنلەنگەن دائىرە 13.18 كۋادرات كىلومېترغا، شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن دائىرە 1.5 كۋادرات كىلومېترغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %18.9كە يەتتى. كۆركەم خىزمەت بىنالىرى، سودا، ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىنالىرى قاتارلىق كۆپ قەۋەتلىك بىنالار رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كۆرۈنۈشى خىلمۇ خىل، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىنالار يېڭىچە سوتسىيالىستىك شەھەر رايوننىڭ رەڭگى رۇخسارىنى نامايان قىلماقتا.

مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى كۈنسايىن راۋاجلاندى. رايوننىڭ مائارىپ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە تەرەققىياتى بىر مەھەل تېز بولغانىدى. كېيىنچە مائارىپ خىراجىتىنىڭ يېتىشمەسلىكى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئاددىي، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلىدىن تەرەققىياتى ئاستىلاپ قالدى. بولۇپمۇ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ھۆكۈمرانلارنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن پەقەت بىرلا ئالىي مەكتەپ، بەش ئوتتۇرا مەكتەپ، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىككى بالىلار باغچىسىلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى تېزدىن تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى. 1987-يىلى رايون تەۋەسىدى-كى ھەرخىل مەكتەپلەر تەرەققىي قىلىپ 104كە، بۇلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 82مىڭ 600گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 52 بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 27 مىڭ 234 (رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 26، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە بىرلەشمە مەكتەپ ئۈچ بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 19 مىڭ 743، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 731)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 34، ئوقۇغۇچى سانى 31 مىڭ 883؛ ئالىي مەكتەپ تۆت، ئوقۇغۇچى سانى 5890؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم توققۇز، ئوقۇغۇچى سانى 1325؛ چوڭلار مائارىپى ئالىي مەكتەپلىرى بەش، ئوقۇغۇچى سانى 16 مىڭ 293. بالىلار باغچىسى (يەسلى) تەرەققىي قىلىپ 48گە، باغچىدىكى بالىلار سانى 7438گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە رايونغا قاراشلىق بالىلار باغچىسى ئۈچ، باغچىدىكى بالىلار 1265. بۇنىڭدىن باشقا بىر ئەما-گاس-گاچىلار مەكتىپى بار، ئۇنى پۈتتۈرگەن ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى 577 (يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان). بۇنىڭ بىلەن بالىلار مائارىپىدىن ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىغا، چوڭلار مائارىپىدىن ئالىي مائارىپقا قەدەر، تۈرلىرى تولۇق، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بىرقەدەر مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، رايونىمىز پۈتۈن شەھەرنىڭ مائارىپ مەركىزى بولۇپ قالدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن رايونىمىز تەۋەسىدە پەقەت بىرلا ئاممىۋى مائارىپ سارىيى، بىر كىنوخانا، ئىككى ئورۇندا چەللە-پېشايۋان ئىسكەتىدىكى تىياتىرخانا ۋە بىر ئەلنەغمىچىلەر سورۇنىلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن رايونىمىزدا ھەرخىل مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى كەينى-كەينىدىن سېلىندى ۋە قۇرۇلدى. 1987-يىلى شەھەر بويىچە بار بولغان 13 سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 12سى رايونىمىز تەۋەسىگە جايلاشقان. بۇ ئورۇنلاردا ئارتىس، خىزمەتچىلەر بولۇپ 1391 كىشى ئىشلەيدۇ. مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل، ئۇيغۇرچە ئوپېرا (دراما)، خەنزۇچە دراما، چاڭچىلە، چىنجۇ (شەنشى تىياتىرى)، ئەلنەغمە، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە سېرىك قاتارلىق مۇھىم سەنئەت تۈرلىرى بار. ھەرقايسى مىللەت ئەنئەنىۋى سەنئىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سەنئەتكارلارنى تەربىيىلەپ بارلىققا كەلتۈردى. مەملىكەتكە مەشھۇر ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخان، كومپوزىتور ۋاڭ لوبىن، ناخشىچى لى شۇاڭجياڭ، كېرىم ئابدۇگۇل، ئەلنەغمىچى ئابدۇگۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان. ئۇندىن باشقا دۇنيا ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار تىنچلىق فېستىۋالىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئايتىللا، كۈمۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاشا ئىشان، زۆھرەلەرمۇ مۇشۇ جايدا جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ، ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈرگەن. رايونىمىز تەۋەسىدە 28 ئورۇندا كىنو-تىياتىرخانا، كۇنۇپخانا، مەدەنىيەت-سەنئەت سارىيى، شىنخۇا كىتابخانىسى، كىنو-فىلىم شىركىتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى بار. ئۇندىن باشقا يەنە تانسخانا، ئويۇنخانا قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمۇ بار. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ھەممىسى رايونىمىز تەۋەسىدە بولۇپ، بۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

تەنتەربىيە ئىشلىرى «تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەن-ساغلاملىقىنى ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى. تەنتەربىيە مەشىقى ۋە مۇسابىقىلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە خەلقنىڭ تەن ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. تەنھەرىكەت مەيدانى (سارايلىرى)، سۇ ئۈزۈش كۆلى، مۇز تېيىلىش مەيدانى، توپ مەيدانى، بەيگە مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە سورۇنلىرى بەرپا قىلىنىپ، ھەرخىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلدى. نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانى (سارىيى) ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىردىنبىر چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مەيدانىدۇر. ئۇنىڭغا 30 مىڭ كىشىلىك تاماشىبىن سىغىدۇ. ئۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بولۇپ، 1986-يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنى مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسى مەملىكەت بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن. مەملىكەتلىك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى چېن يۈكەي (8-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىسى) توققۇز قېتىم مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرگەن.

داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغانلىقتىن، خەلقنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلاندى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ھازىرقى رايون تەۋەسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان ئۈچ دوختۇرخانا ۋە 40 جۇڭگوچە-غەربچە خۇسۇسىي شىپاخانا، ئاران 68 تىببىي تېخنىكا خادىمى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پائال تۈردە ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، دوختۇرخانىلار قۇرۇلۇپ، داۋالاش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە 21 داۋالاش ئورگىنى، 4123 كېسەل كارىۋىتى، 5026 تىببىي تېخنىكا خادىمى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىقنى ساقلاش-داۋالاش ئورگانلىرىدىن تىيانشان

رايونلۇق ئامبۇلاتورىيە، جۇڭيى ئامبۇلاتورىيىسى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى رايونىمىزغا تەۋە بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا 45 تىن ئارتۇق تىببىي تېخنىك خادىم بار؛ رايون داۋالاش ئورگانلىرىدا ئالتە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، بەش مەخسۇس كەسىپ دوختۇرخانىسى، ئىككى جۇڭيى (جۇڭگوچە داۋالاش) دوختۇرخانىسى، بىر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى، ئىككى ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ۋە ئىككى ساناتورىيە بار. ئۇندىن باشقا ئىدارە، زاۋۇت-كان، مەكتەپلەردە 124 داۋالاش ئورنى، 70 خۇسۇسىي شىپاخانا بار. رايون بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 77.6 كىشىگە بىردىن كېسەل كارىۋىتى، ھەر 66.7 كىشىگە بىردىن تىببىي خادىم توغرا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە شەھەرلەردىكى داۋالىنىش ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار، تېخنىكا كۈچى تولۇق بولۇپ، داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن داۋالاش تورى بولۇپ شەكىللەندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆسۈش بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 1950-يىلدىن ئىلگىرىكى 35 ياشتىن ئۇزۇراپ 71.51 ياشقا يەتتى.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىلدى. 1957-يىلدىن باشلاپ رايونىمىزدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغانىدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، نوپۇس سانىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، نوپۇس سۈپىتىنى ئۆستۈردى. 1975-يىلى خەنزۇلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.33‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.18‰ بولغان بولسا، 1987-يىلغا بارغاندا تۆۋەنلەپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.7‰كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.95‰كە چۈشتى. 1984-يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت قانات يايدۇرۇلۇپ، 1987-يىلغا كەلگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.49‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.77‰ بولدى. 1991-يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ 9.06‰كە چۈشتى.

پەن-تېخنىكا ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ھازىرقى رايون تەۋەسىدە پەن-تېخنىكا ئىشلىرى پۈتۈنلەي يوق دېيەرلىك ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تەرەققىيات تېز بولدى. «پەن، مائارىپقا تايىنىپ رايوننى گۈللەندۈرۈش» ئېڭى تۇرغۇزۇلۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى پەن-تېخنىكا كۈچلىرىگە تايىنىپ، تەۋەيىمىزدە تۇرۇشلۇق ئالىي مەكتەپلەر، پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلىنىپ، رايون-مەھەللە باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە رايونىمىزدا 23 تەتقىقات ۋە ئېچىش ئورگىنى، 1446 تېخنىك كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 305) بار بولدى، ئۇندىن باشقا بىر قىسىم سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ كەسپىي تەتقىقات ئورگانلىرى بار. رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردا 1824 نەپەر تۈرلۈك پەن-تېخنىكا كادىرلىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا خادىمى 537 نەپەر. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى پەن-تەتقىقات ئورگانلىرى بىر بۆلەك پەن-تەتقىقات تۈرلىرىنى ئورۇنداپ، بۇلاردىن بەزىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىش بىلەن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە روشەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى

تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلۈپ، مىللەتلەر باراۋەر، ئىناق بولغان، ئۆزئارا ياردەملىشىپ دوستانە ئۆتىدىغان يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈلدى. ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. دېموكراتىيە، قانۇن-تارۇم تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1987-يىلى رايون بويىچە مەيدانغا كەلگەن «بەشتە ياخشى ئائىلە» 36 مىڭ 111 بولۇپ، بۇ پۈتۈن رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ %43.96 نى ئىگىلىدى؛ «بەشتە ياخشى قورۇ» 504 بولۇپ، بۇلار ئىچىدە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكىنى يەتتە ئائىلە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكىنى 164 ئائىلە. ئاپتونوم رايون، شەھەر، رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن 587، مەدەنىيەتلىك بىنا، قورۇ 356، مەدەنىيەتلىك مەھەللە، كوچا توققۇز، مەدەنىيەتلىك نارماق رايون تۆت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسى 194. 1990-يىل 12-ئاينىڭ 12-كۈنى رايونىمىزغا شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك رايون» دېگەن نام بېرىلدى. نۆۋەتتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن، مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش قىزغىنلىقى شەكىللەنمەكتە.

ئازادلىقتىن كېيىن تيانشان رايونىدا بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئاۋات، مۇقىم، مەدەنىيەتلىك، قولايلىق بولغان يېڭىچە شەھەر رايونى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا. ھازىر ھەر مىللەت خەلقى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولىنى بويلاپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

## IV

كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، ئىستىقبالىمىز چەكسىز. تيانشان رايونى — ئاپتونوم رايون ۋە شەھىرىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىك ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، سودا، پۇل مۇئامىلە، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان؛ قاتناش، پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى قولاي؛ ئىختىساسلىق كىشىلەر توپلاشقان، ئۇيۇشۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ بۇندىن كېيىنكى ئېچىش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بۇ ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، تيانشان رايونىنى ئىقتىسادى راۋاج تاپقان، بازارلار ئاۋاتلاشقان، جەمئىيىتى مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، مۇھىتى گۈزەل، تۇرمۇش قولايلىق بولغان زامانىۋى شەھەر رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — رايونىمىز خەلقىنىڭ كۈرەش نىشانى. ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىزملىق سىياسى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، گۈزەل ئەتىنى جەزمەن كۈتۈۋالىدۇ.

# چوڭ ئىشلار

## 1758-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى)

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقى، قىزىلتاغنىڭ جەنۇبىغا ئايلانمىسى بىر يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان قەلئە سالدۇردى. قەلئە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر 12 چى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1760-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 25-يىلى)

3-ئايدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شەنشى-گەنسۇنىڭ باش ھەربىي ۋالىيسى ۋۇ داشەنگە گەنسۇدىن ئىككى نەپەر دوختۇر ۋە تۈرلۈك دورا ماتېرىياللىرىنى تاللاپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىش توغرىلىق پەرمان چۈشۈردى.

5-ئايدا پادىشاھ چيەنلۇڭ ئىچكىرىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ياكى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پەرمان چۈشۈردى.

## 1761-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 26-يىلى)

8-ئايدا ياندىشى بۇيۇرغالىق دەرىجىسى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئەن تەيزۇ ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئاچقان يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ 3000 گە يېتىپ، ئاشلىقنىڭ ناھايىتى كۆپ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى، ھوسۇلنىڭ ئەسكەرلەرنى تەمىنلەپ ئېشىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا 2000 ئادەم ئەۋەتىپ 1000 مو بوز يەر ئېچىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇنىڭغا قوشۇلماي، ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ داۋاملىق كۆچۈپ بېرىشى ھەمدە ئىچكىرىدىكى ئاقۇنلارنىڭمۇ كۆچۈپ بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىشى توغرىلىق پەرمان چۈشۈردى.

10-ئايدا سۇجۇ (جيۇچۇەن)، ئەنشى، گاۋتەي قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 300 ئائىلە ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ بوز يەر ئاچتى.

## 1762-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 27-يىلى)

1-ئايدا، ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئاچىدىغان لەشكەرلەر 5000 غا يەتتى.

2-ئايدا گەنسۇنىڭ خېشى ئەتراپىدىن يەنە بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر ئۈرۈمچىگە بوز يەر ئېچىشقا كۆچۈرۈپ كېلىندى. بۇلار جەمئىي 400 ئائىلە بولۇپ، ئەر-ئايال، قېرى-ياش جەمئىي 1500 كىشىدىن

كۆپرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىچكىرىدىن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرمۇ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى، يەرلىك دائىرىلەر جىنايەتچىلەرنىڭ ھەربىرىگە 12 مودىن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاش غەللە تاپشۇرۇشى بەلگىلەندى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەش مودىن يەر ئۆز ئالدىغا تېرىۋېلىشقا بېرىلدى.

5-ئايدا گەنسۇدىن 281 كىشى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ماكانلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

11-ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ خان ئامبىلى جىڭ ئېلى مەركەزگە دوكلات يوللاپ، ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەرنىڭ بالا-چاقىسى يېتىپ كېلىپ بوز يەر ئېچىشقا چۈشكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سودا-سېتىق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ يېتىپ كېلىپ 500 دىن ئارتۇق تىجارەت دۇكىنى ئېچىپ بازار قىلغانلىقى، 300 مودىن ئارتۇقراق يەرگە كۆكتات تېرىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە بۇلاردىن مۇۋاپىق دەرىجىدە غەللە، باج ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەم خىراجىتىنى تولۇقلاشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى ھەققىدە يوليورۇق سورىدى.

## 1763-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى)

8-ئايدا خان يانداش بۇيۇرغا يانداش بېگى جىڭ ئېلى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىنىڭ كونا ئورنى 6.1 چاقىرىم توپا قەلئە بىلەن ئورالغان، شەھەر كوچىلىرىدا ئۆي-ئىمارەتلەر تەدرىجىي كۆپەيمەكتە. شۇڭا، قەلئەنىڭ ئېگىزلىكىنى 16 چى، قېلىنلىقىنى ئون چى چوڭايتىپ 8-ئايدا پۈتتۈرۈش كېرەك، دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەھەر نامى دىخۇا دەپ ئاتالدى. دىخۇا شەھىرىگە تۆت دەرۋازا ئېچىلدى. شەرقىي دەرۋازا خۇيفۇ، غەربىي دەرۋازا چىڭفىڭ، جەنۇبىي دەرۋازا جاۋفۇ، شىمالىي دەرۋازا جىڭخۇي دەپ ئاتالدى. بۇ شەھەر كېيىنكى كۈنلەردە «خەنزۇ شەھىرى» دەپمۇ ئاتالدى. شەھەر ئىچىدە يامۇل مەھكىمىسى، ئىبادەتخانا، 617 ئېغىزلىق ئىسكىلات، 2000 نەچچە ئېغىزلىق ھەربىي لاگىر بار ئىدى.

12-ئايدا، جىڭ ئېلى قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئېچىۋاتقان جىنايەتچى چېرىكلەردىن جاۋلىمىن قاتارلىق 191 كىشىنىڭ جاسارەت بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ، ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تەرتىپكە بويسۇنۇپ، ئىنساپ بىلەن يۈرگەنلىكىنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنى بالا-چاقىسى بىلەن بىرلىكتە يەر تېرىۋاتقان يېشىل تۇغلۇق لەشكەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلار ئارقىلىق قوشۇنلاردىكى كەم لەشكەرلىرىنى تولۇقلىدى.

## 1764-يىلى (چىڭ چۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 29-يىلى)

1-ئايدا يەنە بىر تۈركۈم لەشكەرلەرنىڭ بالا-چاقىسى ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ماكانلاشتۇرۇلدى. ئۇلار جەمئىي 522 ئائىلە، 1796 ئادەم ئىدى.

10-ئايدا سۇجۇ، جاڭيېلاردىن 518، دۇنخۇاڭدىن 190 ئائىلە ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلدى.

## 1766-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 31-يىلى)

9-ئايدا 400 نەپەر جىنايەتچى بالا-چاقىسىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر بەش يىللىق ھەربىي سۈرگۈنگە، جىنايىتى يېنىك بولغانلار ئۈچ يىللىق سۈرگۈنگە ئۆزگەرتىلدى. جازا مۇددىتى توشقانلار پۇقرا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى.

## 1767-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 32-يىلى)

4-ئايدا ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىلگەن ھەربىي سۈرگۈنلەر 600-700 گە يەتتى، ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى باندىت، ئالدامچى، ئوغرىلارنى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

7-ئايدا ئۈرۈمچى خان ئامبىلى ۋېن فۇ جىنايەتچىدىن پۇقرالىققا ئۆزگەرتىلگەنلەرنى ئىچكىرىدىكى پۇقرالارغا ئوخشاش تەشكىللەپ باۋ-جيا ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. يەرلىك ئەمەلدارنى ئەتراپنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇ يىلى دىخۇا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا بىر ئىبادەتخانا سېلىندى.

## 1768-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 33-يىلى)

2-ئايدا ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئارىلىقىدىكى مۇھىم جاي يار ئېغىزىدا يامۇل بېكى تۇرغۇزۇلۇپ، يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. يامۇل بېكىگە ئارىلىقى يىراق بولغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ساقچى يوق بولغاچقا، بۇ يەردىكى ۋەقەلەرنى دىخۇا ساقچى ئەمەلدارىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

7-ئايدا پايتەخت خەنلىن ئىلىم يۇرتىنىڭ ئۆلىماسى جى جۈن سۈرگۈن بىلەن دىخۇاغا كېلىپ جيۇجاۋمىندىكى جىنايەتچىلەر رايونىدا تۇردى. 1771-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 36-يىلى) قويۇپ بېرىلىپ ئاستانىگە قايتىش سەپىرىدە «ئۈرۈمچى نەزمىلىرى» ناملىق 160 پارچە شېئىر يازدى. ئاستانىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن «ۋېيساۋتاڭ خاتىرىلىرى» ناملىق 24 جىلدلىق ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەردە دىخۇا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت نۇرغۇن چۆچەك رىۋايەتلەر بار.

## 1773-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 38-يىلى)

7-ئايدا شەنشى، گەنسۇ ۋالىيسى لې ئېرجىن دىخۇا ئايمىقىنى جىلۇ ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى.

## 1775-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 40-يىلى)

4-ئايدا چىڭ ئوردىسى پەرمان چىقىرىپ دىخۇادىكى ھەرقايسى ھەربىي لاگېردا تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا سودا دۇكانلىرى ئېچىشىنى مەنئى قىلدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى سودا-سېتىق ئىشلىرىنى سەممىي بولغان پۇقرا سودىگەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىنى ئەسكەرلەرگە مۇۋاپىق تۇردە بۆلۈپ بەردى.

## 1777-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 42-يىلى)

1-ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ باش بوغى سونۇم سېرىن ئۈرۈمچىگە ئۆزى يالغۇز پالىنىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ بالا-چاقىسىنى يۆتكەپ كېلىشنى تەستىقلىدى.

7-ئايدا گەنسۇدا ئاپەتكە ئۇچرىغانلاردىن 690 ئائىلە ئۈرۈمچىگە بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن كۆچۈپ كەلدى. بۇلارغا يول خىراجىتىنىڭ يېرىمى بېرىلدى.

## 1779-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 44-يىلى)

3-ئايدا ۋۇۋىي قاتارلىق ناھىيىلەردىن جەمئىي 1887 ئائىلە ئالدىنقى يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنىگىچە لەنجۇ ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەر تېرىشقا كىرىشتى.

شۇ يىلى دىخۋادىكى قىزىل تاغ چوققىسىغا يۇخۇاڭ ئىبادەتخانىسى سېلىندى.

## 1784-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 49-يىلى)

5-ئايدا دىخۋادا ئاھالىلەر كۆپەيگەچكە، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، خېلۇ ئىچكىرىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئاھالىنى مەھەللىلەرگە ئايرىپ، ئىشىكلەرگە ۋىۋىسكا ئېسىشنى، بەگ، دورغىلارنىڭ ئائىلىلەرنى بېكىتىلگەن ۋىۋىسكىلار بويىچە ھەرقاچان كۆزىتىپ تۇرۇشنى تەستىقلىدى.

## 1788-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 53-يىلى)

3-ئايدا تاغدىن كەلكۈن كېلىپ دىخۋانىڭ غەربىي، جەنۇبىي دەرۋازىلىرى سىرتىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىدىن 500 نەچچە ئېغىزنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى شاڭ ئەن ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ياكى بەش مىسقال كۈمۈش يىغىشنى تەستىقلىدى.

5-ئايدا شاڭ ئەن دىخۋادىكى قىزىلتاغ ۋە جادىگەر تېغىغا (ھازىر يامالىق تېغى) ئىككى مۇنار ياساشنى تەشەببۇس قىلدى.

## 1789-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 54-يىلى)

2-ئايدا قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى سودىگەرلەر سۇجۇدىن مەنئى قىلىنغان 5000 جىڭدىن ئارتۇق سېرىق پۇرچاقنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ۋەنچاڭخاۋ قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا ئېلىپ كېلىپ بازارغا سالدى. بۇ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ماللىرىنى ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ئەمەلدارلار پەلەققە تارتىلدى.

## 1790-يىلى (چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 55-يىلى)

7-ئاينىڭ 6-كۈنى كېچىسى تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، جىرانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مانجۇلار ئىگىلىكىدىكى تۈگمەننى ۋە تۈگمەن يېنىدىكى ئۆيلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى. ئۇگۇت-ئۇنلار سۇدا قالدى.

## 1825-يىلى (چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 5-يىلى)

1-ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى يىڭ خۇي دىخۋا شەھىرىنىڭ شەرقىگە مانجۇلار قەلئەسى (مانجۇ شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەنى ھازىرقى دۆلەت قۇرۇش يولى ئەتراپى) سېلىشنى تەستىقلاپ، مانجۇ ئەسكەرلىرىنى شۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇردى.

## 1827-يىلى (چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى)

3-ئايدا شەنشى، گەنسۇنىڭ ۋالىيسى ئې شەن ئۈرۈمچىگە ئاشلىق يۆتكەشكە 13 مىڭ 86تۆگە ئاجرىتىپ، تۈركۈملەر بويىچە ئىچكىرىدىن چىقاردى.

## 1830-يىلى (چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى)

8-ئايدا ئۆرۈمچىدىن 700 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ھەربىيلەر ئىھتىياجلىق بۇغداي ئۇننى ئاقسۇغا ئەۋەتىپ، يۈسۈپ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇۋاتقان قوماندان ۋە چېرىكلەرگە ياردەم قىلدى.

9-ئايدا دىخۇا ئايمىقىدىكى سودىگەرلەر 30 مىڭ سەر كۈمۈش يىغىپ، قارا سەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

## 1839-يىلى (چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 19-يىلى)

12-ئايدا باش بۇغ خۇيجى پەرمان چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچىدىكى ئەپيۇن ساتقان ۋە ئەپيۇن چەككەن جىنايەتچىلەردىن 30 نەپچىنى تۇتتى. چىڭ ئوردىسى ئەپيۇننى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى پەرماننى قايتا تەكىتلىدى ھەمدە خىشخاش تېرىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى.

## 1842-يىلى (چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 22-يىلى)

10-ئاينىڭ 13-كۈنى گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ۋالىيسى لىن زېشۇ سۈرگۈن بىلەن ئىلىغا كېتىۋاتقاندا، چىداۋان، قىزىلتاغ ئېغىزىدىن ئۆتتى. ۋالىي خۇيجى چېرىكلەر كۆتۈرگەن تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ چىقىپ ئۇنى كۆتۈۋېلىپ مانجۇ قەلئەسىگە باشلىدى. ئەتىسى يەنە خەنزۇلار شەھىرىگە تەكلىپ قىلدى.

## 1851-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭ سەلتەنەتىنىڭ 1-يىلى )

شۇ يىلى چار پادىشاھلىقى چىڭ ئوردىسىنى «ئىلى-تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى. چارروسىيىنىڭ تەگرى ئىلتىپاتى بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى.

## 1852-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى)

شۇ يىلى، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ «رەھمەتلىلىك، ساداقەت، ئىشەنچ» بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى، ئۇنىڭ مەبلىغى 500 مىڭ رۇبلى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى.

## 1858-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭ سەلتەنەتىنىڭ 8-يىلى)

1-ئاينىڭ 23-كۈنى دىخۇادا «باۋدىجۈي» ئىدارىسى قۇرۇلۇپ مىس پۇل قۇيۇلدى.

## 1860-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى)

3-ئاينىڭ 14-كۈنى دىخۇا ئايمىقىنىڭ ئامبار-قورۇسىغا ئوت كېتىپ، 187 يەشىك چاي كۆيۈپ كەتتى. دىخۇا ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى يى چاڭتا پەلەققە تارتىلىپ جازالاندى.

## 1861-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭ سەلتەنەتىنىڭ 11-يىلى)

شۇ يىلى، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ خەيرىيەت بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلاپ، مەخسۇس جۇڭگو چېيى سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە خەنكۇدا تۆزى چاي زاۋۇتى قۇرۇپ، زور پايدا ئالدى.

## 1862-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى)

شۇ يىلى شىنىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن خۇيزۇ ئاخۇن تومىڭ (تودېلىن، دىنىي ئىسمى داۋۇت مۇسا) بەرگام لەشكەر بېشى سوخۇەنجاڭنىڭ ئۆيىدە تۇردى ھەمدە ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى نىپ بوچۇڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت باغلىدى.

## 1863-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى)

1-ئايدا، ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى پىڭ رۇي دىخۇادىكى قەلئەلەر يىللاردىن بۇيان خىراجەتنىڭ كەملىكىدىن رېمونتسىز قالدى، چېرىكلەر قىينچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ دەپ، پەندى-نەسىھەت قىلىپ، سودىگەرلەردىن 50 مىڭ سەردىن كۆپرەك كۈمۈش يىغدى.

2-ئايدا پىڭ رۇي ساناتورىيە سېلىشنى بۇيرۇدى، ئامباردىكى ئاشلىقلار ئارقىلىق نامراتلارنى باقتى.

شۇ يىلى تومىڭ، سوخۇەنجاڭ ھەربىي قورال-ياراقلارنى مەسچىتكە يوشۇرۇپ قويۇپ قوزغىلاڭغا تەييارلاندى.

## 1864-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى)

2-ئايدا، دىخۇادا يەر تەۋرەپ، ناھايىتى كۆپ ئادەم يارىدار بولدى.

باھاردا ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى پىڭ رۇي كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈمىز دېگەن نام بىلەن ناھىيىلەردىن ئالىدىغان غەللە-پاراقنى ئېغىرلاتتى. دىخۇا ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى كوگفۇ، قوماندان شۇ ئې قاتارلىقلار يەردىن مو بېشىغا ئالىدىغان غەللىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئېغىر بېسىم ئىشلىتىپ خەلققە ئارام بەرمىدى.

6-ئايدا، تومىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەمدە جامائەتنى باشلاپ كېلىپ دىخۇا قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى يېشىل تۇغلۇقلار بارگاھىنىڭ لەشكەر بېشى سوخۇەنجاڭ لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشتى. تومىڭ مەزھەپىدىكىلەردىن مامىڭ قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى باشلاپ گۇڭنىڭ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. 9-ئايدا بۇ قەلئە قولدىن كەتتى. گۇڭنىڭ قەلئەسى بۇ قېتىمقى جەڭدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى.

شۇ يىلى، تومىڭ ئاخۇن ئۆزىنى «مۇسۇلمانلار شاھى» دەپ ئاتىدى ھەمدە دىخۇا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا «شاھ شەھىرى» سېلىپ (ھازىرقى ئىتتىپاق يولىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ، كېيىن 1876-يىلى جەڭدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن) ماشىڭ، ماگۇەن، مانەي، ماجۇڭ قاتارلىقلارغا سەركەردە دەپ نام بەردى. سوخۇەنجاڭ ئۆزىنى ئەمىر لەشكەر دەپ ئاتىۋالدى. ئۇ تومىڭ بىلەن بىر پىكىردە بولالماي قاچاقلارغا باش بولۇپ تۇرپانغا قېچىپ كەتتى.

## 1870-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 9-يىلى)

10-ئايدا، ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنى ئىگىلىدى، تومىڭنىڭ ئەسلىنى بىكار قىلىپ، ماجۇڭنى ھاكىم دەپ ئېتىراپ قىلدى. ياقۇپبەگ قىسىملىرىنىڭ كىچىك كاتتىباشلىرى قوشۇنلىرىنى باشلاپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىنى ساقلىدى، مۇتەھەملىك بىلەن كەيپ-ساپا قىلدى. خۇيزۇلار ئازابقا چىدىيالماي شۇ شۆگۈڭغا قول بېرىپ، بىرلىكتە ياقۇپبەگ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ شۆگۈڭ قوشۇن تارتىپ ئۈرۈمچىگە كىرىپ ياقۇپبەگ قىسىملىرى بىلەن بىرقانچە كۈنلەپ دەھشەتلىك جەڭ قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپتە يېگىش يېگىلىش

بولۇپ تۇردى.

## 1871-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى)

4-ئايدا، شۇشۇگۇڭ قوشۇن باشلاپ ئۈرۈمچىگە كىرىپ، ھاكىمبەگ ماجۇڭنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن دىخۇانى تومىڭ ئىگىلىۋالدى.

10-ئايدا، ياقۇپبەگ تومىڭنىڭ قورچاق خانلىق شەھىرىگە يەنە ھۇجۇم قىلدى، تومىڭ كېچىدە ماناسقا قېچىپ كەتتى.

## 1872-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 11-يىلى)

1-ئايدا، خەنزۇ، خۇيزۇلار قوشۇنىنىڭ سەردارى شۇ شۇگۇڭ مامىڭلار بىرلەشمە ھۇجۇم قوزغاپ، ياقۇپبەگنى دىخۇادىن يەنە بىر قېتىم ھەيدەپ چىقاردى. ياقۇپبەگ زور قوشۇن توپلاپ داۋانچىڭغا كىردى. 5-ئايدا شۇ شۇگۇڭ دىخۇا قەلئەسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىغا قوشۇن توپلاپ، ياقۇپبەگكە قوغلاپ زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. بىراق بۇكتۇرمىدە تۇرغان دۈشمەننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شۇدى جەنۇبىي دەرۋازا سىرتىدا ئۆلدى. شۇ شۇگۇڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ شاشەنزىگە چېكىندى.

شۇ يىلى، نەنمىن (جەنۇبىي قوۋۇق) مەسچىتى سېلىندى.

## 1873-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى)

10-ئايدا، ئالدى بىلەن شەنشى خۇيزۇلىرى قوزغىلىڭىنىڭ سەردارلىرىنىڭ بىرى بولغان بەي يەنخۇ قوشۇنى ئۇرپانغا كېلىپ ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. بەي يەنخۇ ئۈرۈمچىدىكى بۆلۈنمە كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ماناس قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قوزغىدى.

## 1874-يىلى (چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 13-يىلى)

9-ئايدا چىڭ ئوردىسى شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى جىڭ ليەن قاتارلىقلارغا ئۈرۈمچىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

## 1875-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى)

3-ئاينىڭ 26-كۈنى، چىڭ ئوردىسى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىلىش ھەربىي ۋالىي زوزۇڭتاڭنى خان مۇپەتتىشلىكىگە ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار باش ۋالىيلىقىغا، جىن شۇننى ياردەمچى نازارەتچى ئامبال ۋە ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغلۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇلارنى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.

## 1876-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى)

6-ئايدا زوزۇڭتاڭ شىنىڭ ئامبىلى ليۇجىنتاڭغا قوشۇنلىرىنى باشلاپ چىقىپ ئۈرۈمچىنىڭ بىلش بۇغى جىن شۇننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جىمساردىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىشنى بۇيرۇدى. 21-كۈنى كەچتە جىن شۇن قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنلىرى خۇاڭتىيەندىكى ياقۇپبەگ، بەي يەنخۇ قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى ۋە قەدىمكى يايلاققا يېتىپ باردى. 24-كۈنى جىن شۇن قوشۇنلىرى قەدىمكى

يايلاقنى قولغا چۈشۈردى.

6-ئاينىڭ 26-كۈنى ليۇجىنتاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ دىخۇا قەلئەسىگە جىددىي ھۇجۇم قىلدى. ليۇداۋاندىكى داۋان ئۈستىگە چىقىۋېلىپ زەمبىرەك بىلەن قەلئەنى پارتلاتتى. 28-كۈنى تاڭ سەھەردە چىڭ قوشۇنلىرى قەلئەگە ھۇررا بىلەن ئېتىلىپ چىقىپ، قەلئە ئىچىدىكى 5000—6000 ئادەمنى پۇتۇنلەي يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەربىي ۋە خەلق ليۇداۋاندا توپا تام پوتەي ياساپ، ئۇنىڭغا "زەمبىرەك نۇسرەت ئاتا قىلغان جاي" دەپ نام بەردى.

## 1877-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى)

شۇ يىلى ليۇداۋانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 50 نەچچە ئائىلىنى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپ قۇتقۇزۇۋېلىندى.
شۇ يىلى نىڭ دېتاڭ دورا-دەرمان دۇكىنى تىجارەت باشلىدى.

## 1878-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 4-يىلى)

شۇ يىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، دىخۇاغا قاراشلىق ناھىيەلەردە 24 مىڭ ئائىلە بولۇپ، تۇڭگچى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (مىلادى 1864-يىلى) دىن كېيىنكى 14 يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئۆلارنىڭ تۆتتىن ئۈچى ئۆلۈپ، 6000 تۆيلۈك ئادەم قالغان. دىخۇادا چىيەنلۇڭ ئاھالە كۆچۈرۈپ بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويغاندىن باشلاپ ئىقتىساد تەدرىجىي گۈللىنىش، شەھەر ئۈزلۈكسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بۇ چاغقا كەلگەندە خانىۋەيران بولغان.

## 1880-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 6-يىلى)

4-ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ باش بۇغى رۇڭ تاڭ گۇڭنىڭ قەلئەسىنى دىخۇا قەلئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا يۆتكەشنى ئەستىقلىدى. بۇ قەلئە يىل ئاخىرىدا پۈتتۈرۈلدى.

شۇ يىلى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ خەيرىيەت بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى، بۇ بانكا روسىيىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا شىنجاڭنىڭ پاختا، تېرە، يۇڭ قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇردى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مەبلىغى 700 مىڭ رۇبلىغا يەتتى.

## 1881-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى)

1-ئايدا جۇڭگو-روسىيە «ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، روسىيە سودىگەرلىرىدىن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا سودا قىلسا ۋاقىتىنچە باج ئالماسلىق بەلگىلەندى.

6-ئايدا ئۈرۈمچىنىڭ ياساۋۇل بېگى جىن يۈنچاڭ مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان مابۇ قىسىملىرىنى سېپىل سوقۇشقا يىغدى. 8-، 9-ئايلارغىچە دىخۇا جىلى ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى تاۋمو ۋە تۆۋەن مەھكىمىنىڭ ئايماقدارى ليۇ جاۋبې ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ نازارەتچىلىك قىلىش بىلەن سېپىلنى پۈتتۈردى ھەممە 12 ئېغىز قازناق، 9 ئېغىزلىق ئوق-دورا ئىدارىسى، خالىسانە مائارىپقا 11 ئېغىز ئۆي ۋە جىرالاردىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈكلەرنى ياسىدى.

شۇ يىلى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەخلاق، تىنچلىق بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى ھەممە دىخۇانىڭ نەنسەندىكى يايلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، چارۋىچىلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى زور پايدا ئالدى، مەبلىغى 1 مىليون رۇبلىغا يەتتى.

## 1882-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 8-يىلى)

1-ئايدا دىخۇادا يەر تەۋرىدى.

شۇ يىلى روسسىيە سودىگەرلىرىنىڭ كۈللىنىش بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى ھەمدە دىخۇانىڭ تەنسەندىكى يايلاق، ئېتىز-ئېرىقلىرىنى زومىگەرلىك بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، قوشۇمچە چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

## 1883-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 9-يىلى)

7-ئاينىڭ 1-كۈنى ليۇجىنتاڭ دىخۇا ئايمىقىغا قاراشلىق يەتتە جايدا مەكتەپ سالدۇردى.

شۇ يىلى روسسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئەخلاق، ئۇتتۇق بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى ھەمدە باخۇلياڭ (ھازىرقى يەنئەن يولى ئەتراپىدا) يۇڭ تازىلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئەرزان باھالىق يۇڭنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چەتكە يۆتكەپ 1 مىليون 500 مىڭ رۇبلى پايدا ئالدى. زاۋۇت ئورنى كېيىنچە ياڭماۋخۇ (چەت ئەللىكلەرنىڭ يۇڭ يۇيۇش كۆلى) دەپ ئاتالدى.

## 1884-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى)

9-ئاينىڭ 30-كۈنى چىڭ ئوردىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىپ بىلىش مۇپەتتىش، پەرمانبەردار قويۇشنى ھەمدە دىخۇانى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى قىلىشنى قارار قىلدى.

## 1885-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 11-يىلى)

ليۇجىنتاڭ 10 مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىپ، ئۆلكە مەركىزىدە ھۆكۈمەت پۇل-مۇئامىلە ئىدارىسى قۇرۇپ، قىزىل پۇل تارقىتىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ پۇللىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى.

## 1886-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى)

2-ئاينىڭ 20-كۈنى ليۇجىنتاڭ مانجۇ شەھىرى بىلەن خەنزۇ شەھىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مانجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى خەنزۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغىچە ئۇلاپ قۇرۇلۇش قىلىش بىلەن ئىككى شەھەرنى بىرلەشتۈردى ھەمدە شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىدىكى كونا سېپىللارنى قېلىنلاتتى ھەم ئېگىزلەتتى. بۇنىڭغا تەخمىنەن 63 مىڭ 200 سەر كۈمۈش ئىشلەتتى. ھەربىي مەمۇرىي ۋالىي مەھكىمىسى قۇردى، بۇنىڭغا تەخمىنەن 29 مىڭ سەر كۈمۈش خەجلىدى. ئەدلىيە يامۇل مەھكىمىسى قۇردى، بۇنىڭغا تەخمىنەن 25 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش سەرپ قىلدى. شۇ يىلى 10-ئايدا ئەدلىيە يامۇل مەھكىمىسى، گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 13-يىلى 6-ئايدا ساقچى يامۇل مەھكىمىسى پۈتتى.

7-ئايدا ليۇجىنتاڭ دىخۇادا «باۋشىنجۇ» ئىدارىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەر كۈنلۈكى 100 تىزىق داچەن پۇل قۇيدۇردى. بۇ پۇلنىڭ ھەربىر تىزىقى 500 تىيىن بولۇپ، 400 تىيىنى بىر سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى.

شۇ يىلى ليۇجىنتاڭ دىخۇادا نەشرىيات قۇردى.

## 1887-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 13-يىلى)

7-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۆلكە مەركىزىدە باش باج ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى رۇسچە دەرنەك قۇردى. گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 31-يىلى بۇ دەرنەكنى بىكار قىلدى. گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 34-يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى.

## 1889-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 15-يىلى)

باش مۇپەتتىش ۋېي گۇاڭتاۋ دىخۇادا بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، بىر مىسقاللىق قىلىپ تۆت خىل تەڭگە قۇيدۇردى. پۇلنىڭ يۈزىگە «گۇاڭشۈ تەڭگىسى»، مانچە مىسقال ۋە «دىخۇا» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، ئارقىسىغا ئۇيغۇرچە خەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككى خەتنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش ئىدى.

## 1891-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 17-يىلى)

8-ئاينىڭ 14-كۈنى ۋېي گۇاڭتاۋ دىخۇادا بوغدا كىتابخانىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

شۇ يىلى خوگچۇنيۈەن ئاشخانىسى تىجارەت باشلىدى.

## 1892-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 18-يىلى)

10-ئاينىڭ 15-كۈنى گەنسۇ-شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى تاۋمو دىخۇادا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى رۇس ئەدەبىياتى يۇرتى قۇرۇشقا قوشۇلدى.

## 1893-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 19-يىلى)

1-ئايدا شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىرى لى خۇڭجاڭ، نازارەتچى ئامبالنىڭ تېلېگراممىسى يوللاپ، تيەنجىن تاموژنىسىدىكى شىڭ شۈەنخۇەينىڭ ماشىنا سايمانلار سېتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىشنى، غەربىي سەددىچىندىن چىقىپ ئۆلچەش ئېلىپ بېرىپ، سۇجۇدىن جىيايۈگۈەن، شىڭشىڭشىيا، قۇمۇل تاكى ئۈرۈمچىگىچە 3000 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سىم تارتىشنى ۋە بۇ قۇرۇلۇشنى يېرىم يىلدا تاماملاشنى بۇيرۇدى، شۇ يىلى 8-ئايدا دىخۇادا شىنجاڭ تېلېگراف باش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 1895-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 21-يىلى)

5-ئايدا چاررۇسىيە ئۇرپانغا يېقىندىن قۇرغان كونسۇلخانىسىنى دىخۇاغا يۆتكەپ «شىنجاڭ باش كونسۇلخانىسى» دەپ ئاتىدى. دىخۇا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن سودا رايونى بۆلۈۋالدى ھەمدە كونسۇلخانا ئىچىگە پوچتىخانا قۇرۇپ، مۇئاۋىن كونسۇل بۇنى قوشۇمچە باشقۇردى.

## 1896-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 22-يىلى)

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىكلەر شاڭخەيدە «خىرىستىيان دىنى باش جەمئىيىتى» قۇرۇپ، پوپ ھونتېر (خۇجىنجى)نى دىخۇاغا ئەۋەتىپ، «ئىنجىلخانا» قۇرۇپ خىرىستىئان دىنىنى تارقاتتى.

## 1897-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى)

4-ئايدا راۋىيگچى پۇل توپلاپ چەت ئەلنىڭ قوراللىرىنى ۋە ئوق-دورا ياساش، تەڭگە پۇل، مىس

پۇل قۇيۇش ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا قوشۇلدى. دىخۇانىڭ ئەنلياڭ رايونىدا ماشىنىسازلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە كېيىن بۇ ئىدارە شىمكۇغا يۆتكىلىپ، ھەربىي قورال-ياراقلارنى رېمونت قىلدى، قوشۇمچە خەلققە كېرەكلىك بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقاردى.

شۇ يىلى نوغاي مەسچىتى دىخۇانىڭ ئەنلياڭدا سېلىندى ۋە ياڭخاڭ مەسچىتى دەپمۇ ئاتالدى.

## 1899-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 25-يىلى)

5-ئاينىڭ 26-كۈنى سۇيبيۇەنلىك خۇيزۇلار ماجىرا چىقاردى. باش مۇپەتتىش راۋ يىڭچى دىخۇانى قوغداۋاتقان ئورۇنباسار سانغۇن چا چۈنخۇاغا قورغانلارنى قاتتىق قوغداش، دىخۇا ئامبىلى فەن شياۋسۇ قاتارلىقلار بىلەن تيەنجىننىڭ سودىگەر بويتاقلىرىدىن 500 ئادەمنى تاللاپ قوشۇن تەشكىللەپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىلىق پەرمان چۈشۈردى.

## 1901-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 27-يىلى)

شۇ يىلى يەرلىك دائىرىلەر ھەرقايسى چوڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چەكلىرىنى تارقىتىشىنى تەستىقلىدى.

## 1902-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى)

شۇ يىلى باش مۇپەتتىش راۋ يىڭچى دىخۇادا ھەربىي مەكتەپ قۇرۇپ، يېڭى لەشكەر-سەردارلارنى تەربىيىلەش سىياسىي قانۇن مەكتىپى ۋە ساقچى مەكتىپى قۇرۇشنى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى كادىر ھەم ساقچى تەربىيىلەش مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەرنى ساقچىلار ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ يىلى ئۆلكە مەركىزىدە نوپۇس تەكشۈرۈش باشلاندى. بوجا قۇرۇلدى، كوچىلارغا ئايرىلدى، سەككىز ئىدارە قۇرۇلدى.

## 1903-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 29-يىلى)

شۇ يىلى دىخۇادىكى «باۋشىن ئىدارىسى»، «باۋشىن شىركىتى»گە ئۆزگەرتىلىپ، نېفىت، شام، سوپۇن قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى.

## 1905-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 13-يىلى)

2-ئايدا شىنجاڭ تورقا ئەمەلدارلار يۇرتى سىياسىي-قانۇن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، زەرگەرلىك، ياغاچچىلىق، خۇرۇمچىلىق، ئارقان-تانىچىلىق، تىككۈچىلىك، كىگىز-گىلەمچىلىك قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ھۈنەر-سەنئىتى ئۆگىتىلدى.

شۇ يىلى دىخۇا نېفىت شىركىتى قۇرۇلۇپ، شىركەت يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى دەرياسىغا كۆگنىڭ كۆۋرۈكى (ھازىرقى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شىمالىدا) سېلىندى.

شۇ يىلى شەنشىدىن كەلگەن خۇيزۇلار ئىئانە توپلاپ قايتا سالغان شەنشى مەسچىتى دىخۇا شەھىرىنىڭ ئەنگۈەن رايونىدا قەد كۆتۈردى. شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك بىر پوپ دىخۇانىڭ شىمالىي

كوچىسىغا ئەيسا ئىبادەتخانىسى سالدۇردى، ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئون نەچچە كىشى ئىدى.

## 1907-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 33-يىلى)

شۇ يىلى دىخۇادا ئۆلكىلىك قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە ئەدەبىيات، فىزىكا، ھېساب، ئەخلاق، ئالگېبرا، تارىخ، خەرىتە سىزىش، گېئومېترىيە، جۇغراپىيە، ئىنگلىز تىلى، رەسىم، سەھىيە، تەنتەربىيە دەرسلىرى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى دىخۇادا خەلقئارالىق تېلېگراف تىجارىتى باشلاندى. روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تېلېگرامما ئالاقىسى قىلدى.

شۇ يىلى فرانسىيىلىك پوپ لېچۇا دىخۇاغا كېلىپ دىن تارقاتتى، شۇنىڭ كوچىسىغا (ھازىرقى تىنچلىق يولى) كاتولىك دىنى چېركاۋى سالدۇردى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى 83 كىشى ئىدى.

شۇ يىلى پەرمانبەردار مەمۇرىي ئەمەلدار ۋاڭ شۇنەن «شىنجاڭ تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى باشلىدى. شۇەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 1-يىلى 3-ئايدا يېزىشقا باشلاپ، شۇەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى 12-ئايدا تاماملىدى.

شۇ يىلى مانجۇ شەھىرىنىڭ بىلش كوچىسىغا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىرىنچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئىككىنچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆلكە مەركىزىدىكى ھەربىي قورال-ياراق ئىدارىسى بار كوچىنىڭ ئېغىزىغا ئىككى خۇسۇسىي باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قۇرۇلدى.

## 1908-يىلى (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 34-يىلى)

3-ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت-مائارىپ مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

4-ئايدا دىخۇادا ھۈنەر-سانائەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇردى.

شۇ يىلى چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن دىخۇاغا سۈرگۈن قىلىنغان «دەرۋىش غوجىنىڭ ساياھىتى»نىڭ ئاپتورى لېۇ ئې قەلئە ئىبادەتخانىسىغا ئولتۇراقلاشتى ۋە دورا-دەرمان يىغىپ دوختۇرلۇق قىلىش بىلەن جان باقتى.

شۇ يىلى دىخۇادا پۇل مۇئامىلىسىنى باشقۇرۇش باش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، پۇل پىرېۋوت قىلىش ۋە پۇل قەرز بېرىش ئىشىنى باشلىدى. بۇ دىخۇادا قۇرۇلغان تۇنجى پۇل مۇئامىلە ئورگىنى ئىدى.

شۇ يىلى دىخۇا مەھكىمىسى باشقۇرۇشىدا ئۆلكە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ شەھەرنىڭ شەرقىي كوچىسىدا قۇرۇلدى. بۇ ئىككى مەكتەپ ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتىن ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلغانىدى.

## 1909-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 1-يىلى)

4-ئايدا دىخۇانىڭ غەربىدىكى سۇساۋ بۇتخانا سەيلىسىدە جامائەت توقۇنۇشى يۈز بەردى. مانجۇ بارگاھىدىكى قورۇقلۇق ئارمىيىسى ئاتلىقلار ئەترىتىنىڭ باسقاق بېگى تيەن شىنيەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ قوراللىق باستۇردى، نەق مەيداندا ئون نەچچە ئادەم يارىلاندى. ئاز بولمىغان مال-مۈلۈكلەر مۇسادىرە قىلىندى. بۇ ئىش گىلاۋخۇي جامائىتى بىلەن باغلانغانلىقتىن، گىلاۋخۇينىڭ ئۈرۈمچىدىكى كاتىپبېشى ۋاڭ گاۋشىڭ قاتارلىقلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. ئۇلار ئۆز پىرقىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق قەمەرىيە ھېسابى بويىچە 4-ئاينىڭ 8-كۈنى قىزىلتاغ ئىبادەتخانىسىدا چۇماقچىلىق قىلىپ يەتتە

ئادەمنى ئۆلتۈردى، بىر ئادەمنى ئېغىر يارىدار قىلدى. بۇ ۋەقە «قىزىلتاغ تۇمشۇق ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاتلىق ئەسكەرلەر باسقاق بېگى تيەن شىنيەن گىلاۋخۇي ئەزالىرىدىن بولغان قاراۋۇل جياڭ شىڭكۈيىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن گىلاۋخۇي باشلىقى ۋاڭ گاۋشىڭ پىرقە ئەزالىرىدىن 1000 دىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ باش مۇپەتتىش ياموٗلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ داقا-دۇمباق بىلەن نامايىش قىلىپ، قاتىلنى ئېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يېرىم كېچىدە، ۋاڭ گاۋشىڭ ئادەم باشلاپ بېرىپ تيەنجىن پىرقىسىدىكى «سەككىز چوڭ ئائىلە» ئاتالغان كاتتا سودىگەرلەر توپلانغان داشىزى ئەتراپىدا ئوت قويۇپ، ئون نەچچە ئائىلىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، باش مۇپەتتىش ليەن كۈيىنىڭ جىددىي پەرمانى بويىچە پۈتۈن شەھەردىكى ھەربىي-ساقچىلار باستۇرۇشقا چىقتى. ئەتىسى ئارمىيە ۋە خەلق بولۇپ مىڭلاپ كىشىلەر سودا دۇكانلىرىنىڭ چېكىنى كۆتۈرۈپ پۇل ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، پەرمانبەردار ۋاڭ شۈنەن سودا چەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەيئەت خەزىنىسىدىن ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ھەمدە پەيئەت خەزىنىسى ياردەمدە بولۇپ ۋەيران بولغان ئۆي ۋارانلارنى سالدۇرۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقارغاندىن كېيىن ۋەقە بېسىقتى. ۋەدىگە ئاساسەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپەتكە ئۇچرىغان سودىگەر شىڭ جۈيۈڭ قاتارلىق 170 ئائىلىگە 384 مىڭ 684 سەر كۈمۈش نەپىقە بېرىلدى. يەنە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 9812 سەر كۈمۈش ئاجرىتىلدى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلار 59 مىڭ 102 سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە قىلدى.

## 1910-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى)

1-ئايدا باش مۇپەتتىش ليەن كۈي ئالىي مىرشاپ مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى جاكارلىدى، شۇ يىلى ئالىي سىنىپقا 54 نەپەر، ئادەتتىكى سىنىپقا 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

3-ئايدا باش مۇپەتتىش ليەن كۈي شىمالىي دەرۋازا سىرتىدا ئۆلكىلىك ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

## 1911-يىلى (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى)

4-ئايدا دىخۇادا سودا بىلىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ياڭ شاۋجۇ (يەنە بىر ئىسمى ياڭ ۋېيشىن) جەمئىيەت باشلىقى بولدى. شۇ يىلى 97 سودا دۇكىنى بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى (1912-يىلى)غا كەلگەندە 1200 دىن كۆپرەك سودا دۇكىنى بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇپ كىردى.

8-ئايدا خۇنەن ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ليۇشەنجۇن قاتارلىقلار دىخۇاغا كەلدى.

11-ئاينىڭ 9-كۈنى فۇشىيۇەن قاتارلىقلار يۈەن داخۇاغا ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇردى. باش مۇپەتتىش يۈەن داخۇا ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىدىن تاڭ شاۋيۈن، چېن شيەنمۇ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. شۇ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا ليۇشيەنجۈن ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىدىن 100 نەچچە كىشىنى باشلاپ چىقىپ دىخۇادا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاۋۋال ھەمكارلىق مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئاندىن كېيىن باش مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ شەرقىي بارگاھىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەكچىلەر بارگاھىغا، بىرىنچى ساقچى رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەمكارلىق مەھكىمىسىگە چېكىنىپ تۇردى.

11-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشتە چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى مەھكىمىنى قولغا چۈشۈردى. دىخۇا قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى.

شۇ يىلى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ كۆچۈنۈش بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى.

شۇ يىلى دىخۇادىكى «ئىنجىلخانا» چېركاۋى ياۋروپاچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى ئاچتى.

## 1913-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2-يىلى)

4-ئاينىڭ 2-كۈنى دىخۇا ئاممىباب كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى، بۇ كۇتۇپخانىدا 1200 پارچە كىتاب بولۇپ، يىللىق راسخوتى 800 يۈەن ئىدى.

شۇ يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى دىخۇادا شىنجاڭ-چىڭخەي پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىخۇا تېلېگرامما ئىدارىسى قۇرۇلدى. قاتناش مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە تېلېگرامما ئىدارىلىرىنى رەتكە سېلىپ دەرىجە تۇرغۇزغاندا، دىخۇا تېلېگرامما ئىدارىسى ئىككىنچى دەرىجىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ بېكىتىلدى.

## 1914-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 3-يىلى)

2-ئاينىڭ 7-كۈنى دىخۇادا ھاۋارايىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ئورنى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ تىنچلىق بانكىسى دىخۇادا ئىش باشلىدى.

## 1915-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 4-يىلى)

شۇ يىلى ئەسلىدىكى نەشرىيات ئىدارىسى ھۆكۈمەت گېزىتخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، «شىنجاڭ ئاخباراتى» دىخۇادا رەسمىي نەشر قىلىندى.

## 1917-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 6-يىلى)

شۇ يىلى گېرمانىيە سودىگەرلىرىنىڭ خەيرىيەت بانكىسى دىخۇادا شۆبە ئاپپاراتى قۇرۇپ، يەرلىك مەھسۇلات، ئەلتېرە، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ ساتتى. شۇ يىلى سەنشى، گەنسۇ، نىڭشيادىن ئىبارەت ئۈچ جاينىڭ پىرقە سودىگەرلىرى ئىئانە توپلاپ سەنشى چاڭچىلىسى تىياتىرخانىسى قۇردى.

شۇ يىلى دىخۇادا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى، بىر سىنىپ ئېچىپ 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

## 1918-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7-يىلى)

8-ئايدا دىخۇادا ۋابا كېسىلى تارقاپ 1000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.

شۇ يىلى ئامېرىكىنىڭ بىيلى بانكىسى دىخۇادا تارماق بانكىسىنى قۇرۇپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك مەھكىمىنىڭ گېزىت ئىدارىسى دىخۇادا قۇرۇلۇپ «تەڭرىتاغ گېزىتى» نى نەشر قىلىشقا باشلىدى.

## 1919-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 8-يىلى)

5-ئاينىڭ 2-كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ پۇل ئىدارىسى پىزا ئىگىلىك سانائەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

6-ئايدا ئۈرۈمچى دەرياسىدا تاشقىن بولۇپ ئۆلانبايدا 124 مو ئېتىزنى سۇ بېسىپ كەتتى.

8-ئايدا دىخۇادا جۇڭگوچە ئەنئەنىۋى تىبابەت پراكتىكا ئورنى قۇرۇلۇپ، 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ يىلدا ئوقۇش پۈتتۈردى. يىللىق خىراجىتى ئۈچۈن 17 مىڭ 893 يۈەندىن پۇل بېرىلدى.

شۇ يىلى دىخۇا، ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تيەنجىنلىك بىر قىسىم سودىگەرلەر بىرلىشىپ دىخۇادا خېبېي چاڭچېلىسى ئۆمىكى «تيەنلىبەن»نى قۇردى.

شۇ يىلى فرانسىيىنىڭ غالىبىيەت بانكىسى دىخۇادا بانكا ئاپپاراتىنى قۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ھايانكەشلىكى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

## 1920-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9-يىلى)

9-ئايدا روسىيەدىن شىنجاڭغا كىرگەن ئاق گۋاردىيىچىلەردىن ئالىيانكوۋ 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ دىخۇانىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدىكى روسىيە سودا چەمبىرىكىگە كىرىۋېلىپ، يەرلىك دائىرىلەرنى بۇلاش-تالاش قىلىپ كۆپ مىقداردا پۇل ئالدى. دىخۇادىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كەتتى. كېيىن، شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى ياڭ زېڭشىن دىخۇادا ئاشلىق كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ ئالىيانكوۋنى دىخۇادىن گۇچۇڭغا يولغا سالدى.

شۇ يىلى دىخۇادا ئېلېكتر چىرىغى شىركىتى قۇرۇلدى (ھازىرقى مىڭدې يولىدا)، ئۇزۇن ئۆتمەي زىيان تارتقانلىقتىن توختاپ قالدى.

## 1922-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 11-يىلى)

2-ئاينىڭ 3-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھەسەن زەكىنى دىخۇاغا ئەۋەتىپ، ئۆلكە مەركىزىدە سوۋېت ئىتتىپاقى سودا ئىشلىرى ۋەكالەت ئورنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

6-ئايدا دىخۇانىڭ يېڭى شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى 100 نەچچە مو كېلىدىغان جايغا رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 25 كىلوۋاتلىق تارقىتىش ئاپپاراتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1923-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 12-يىلى)

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك نازارىتى جەنۇبىي قوۋۇق سىرتىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا خورۇم زاۋۇتى قۇردى. ئىككى يىلدىن كېيىن زىيان تارتىپ كەتكەچكە تاقىلىپ قالدى.

## 1924-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13-يىلى)

6-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى دىخۇادا قۇرۇلدى.

شۇ يىلى دىخۇادا ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىيقانۇن مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1925-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 14-يىلى)

شۇ يىلى دىخۇا پوچتا بىناسى (ھازىرقى داشىزى شۆبە پوچتا ئىدارىسىنىڭ غەربىدە) سېلىندى.

## 1927-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 16-يىلى)

شۇ يىلى گومىنداڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ تەييارلىق ئورنى مەخپىي

قۇرۇلدى.

## 1928-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 17-يىلى)

7-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭنى 17 يىل سورىغان ھەربىي ۋالىي ياڭ زېڭشىن سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ تارىختا «7-ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

## 1930-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى)

4-ئايدا دىخۇادا شەھەرلىك تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلدى. ھەرقايسى چوڭ ئىدارىلەرگە جەمئىي 12 تېلېفون ئورنىتىلدى. 7-ئايدا دىخۇادا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلدى. شۇ يىلى دىخۇادا بەش يەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى قۇتقۇزۇش ئورنى قۇرۇلدى. بۇلار: شەرقىي قوۋۇق پاراۋانلىق ئورنى، غەربىي قوۋۇق پاراۋانلىق ئورنى، جەنۇبىي قوۋۇق پاراۋانلىق ئورنى، باش كۆۋرۈك پاراۋانلىق ئورنى ۋە قىشلىق ئۇماچخانىدىن ئىبارەت.

## 1931-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 20-يىلى)

5-ئايدا جۇڭگو-گېرمانىيە بىرلىشىپ قۇرغان ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى دىخۇانىڭ كىچىك شەرقىي دەرۋازا سىرتىغا ئاددىي بىر ئايروپىلان ئىستانسىسى سالدى ھەمدە دىخۇا ئايرودرومىغا تەييارلىققا كىرىشتى.

12-ئاينىڭ 22-كۈنى لى جىڭسۇڭنىڭ يول باشلىشى بىلەن ياۋروپا-ئاسىيا قاتناش شىركىتىنىڭ تۇنجى ئايروپىلانى كۆكخوتتىن دىخۇاغا يېتىپ كېلىپ، غەربىي شىمال ئاۋىئاتسىيە تارىخىدا يېڭىلىق ياراتتى.

## 1932-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21-يىلى)

5-ئايدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى دىيۇەن ئېلېكتر چىرىغى شىركىتى دىخۇادا تۇنجى بولۇپ 200 نەچچە ئورۇندۇقلۇق كىنوخانا ئېچىپ ئاۋازسىز كىنو قويدى.

11-ئاينىڭ 14-كۈنى ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «ياۋروپا-ئاسىيا — 5» يولۇچىلار ئايروپىلانى شۇ ناملىق ئايروپىلاننىڭ گورۇپپا باشلىقى سىممىت، ئۇچقۇچى لوسىنىڭ ھەيدىشى بىلەن دىخۇاغا سىناق تەرىقىسىدە ئۇچۇپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن دىخۇا ئاۋىئاتسىيىسىدە يولۇچى ترانسپورتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپا-ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى يولۇچى توشۇش، يۈك يۆتكەش ۋە پوچتا خالتىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش تىجارىتىنى باشلىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم لەنجۇدىن دىخۇاغا، دىخۇادىن چۆچەككە، چۆچەكتىن بېرلىنغا ئۇچۇپ تۇردى.

شۇ يىلى گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى دىخۇادا قۇرۇلدى.

## 1933-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى)

2-ئاينىڭ 19-كۈنى گەنسۇدىكى مىلىتارىستلار ئۇرۇشىدا يېڭىلىپ شىنجاڭغا كىرگەن ئاتلىق 36-دىۋىزىيە قوماندانى ماجۇڭيىڭ ماچۇڭلۇنى قوشۇن باشلاپ دىخۇاغا كىرىشكە بۇيرۇدى. ماچۇڭلۇ

قىسمى دىخۇانىڭ غەربىگە قىستاپ كېلىپ ياۋموشەن (هازىرقى يامالىق تېغى)نى ئىگىلەپ دىخۇا شەھىرىنى توپقا تۇتتى. 21-كۈنى قىزىل تاغنى ئىگىلىۋالدى. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەربىيلەر ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى چىڭ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. شەھەر قەلئەلىرىنى قوغداشقا قوماندانلىق قىلغۇچى بەي شۇجى قىزىل تاغ تۇمشۇقى ۋە شياۋ شياۋچاڭ قاتارلىق جايلارنى تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، باش كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ئاۋام ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى شياۋ شياۋ كوچىسىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئىككى تەرەپ باش كۆۋرۈك ئەتراپىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلدى، 23-كۈنى ئۇرۇش ئاياغلاشتى، ماچۇەنلۇ قىسىملىرى چېكىندۈرۈلدى. ئۇرۇش مەيدانى جەسەتلەر بىلەن تولدى. مەيدان چىدىغۇسىز ئېچىنىشلىق ھالەتتە كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق قەھەتچىلىكى بولۇپ، ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتتى. ھەممە ياق ئاھۇزار، قىيا-چىيا بىلەن تولغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر ئاپەت ئىچىدە قالدى.

3-ئايدا زور تۈركۈمدىكى مۇساپىرلار شەھەرگە ئېقىپ كىردى. دىخۇا شەھىرىدىكى ھەر ساھە زاتلىرى خەير-ئېھسان جەمئىيىتى قۇرۇپ، تۆت جايدا ئۇماچ، ياما قايناتىپ ھەر كۈنلۈكى 1400 دىن ئارتۇق مۇساپىرغا سەدىقە ئاش بېرىپ تۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى جىن شۇشىن (ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يەنمىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۇقىرى باھادا ئاشلىق سېتىش بىلەن ناھايىتى يۇقىرى پايدا ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

3-ئاينىڭ 20-كۈنى شەرقىي شىمال خەلقىدىن تەشكىللەنگەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدىكى 500 دىن كۆپرەك كىشى تۇنجى تۈركۈمدە پىيادە ئەسكەرلەر 2-بىرگادىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جېڭ رۇنچېڭنىڭ باشلامچىلىقىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق دىخۇاغا كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر تۈركۈم يېتىپ كەلدى، بۇلار يىل ئاخىرىغا بارغاندا 2000 دىن كۆپرەك ئادەمگە يەتتى.

4-ئاينىڭ 12-كۈنى باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى چېن جوڭ، ئاۋئانسىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لى شاۋتيەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى تاۋمىڭيۈ ئاق گىۋاردىيىچىلەرنىڭ دىخۇاغا كەلگەن قىسىملىرى بىلەن شەرقىي شىمال ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ ماسلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ جىن شۇرېننى ھەيدىۋېتىپ، شۇ كۈنى كەچتە خەير-ئېھسان جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا ماتارىپ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە سايلىدى. شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى جېڭ رۇنچېڭ ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولدى. بۇ ۋەقە دىخۇا «12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتالدى.

6-ئاينىڭ 26-كۈنى شېڭ شىسەي «12-ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى پىلانلىغان چېن جوڭ، لى شياۋتيەن، تاۋمىڭيۈ قاتارلىق ئۈچ ئادەمنى باش ۋالىي مەھكىمىسىگە ئالداپ ئېلىپ بېرىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى.

شۇ يىلى دىخۇادا ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى شىمالىي دەرۋازىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دوختۇرخانا قۇرۇلدى.

## 1934-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى)

1-ئاينىڭ 12-كۈنى ماجۇڭيىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ئۆلكە مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى. 27-كۈنى شېڭ شىسەي شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن 500 ئەسكەرگە قەلئەدىن چىقىپ قايتارما زەربە بېرىشكە بۇيرۇق بەردى، بۇلار مەغلۇپ بولۇپ، قەلئەگە كىرىۋېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

3-ئاينىڭ 3-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 1933-يىلى ئالتايدا تەشكىللىگەن دىخۇاغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى (ئالتاي ئارمىيىسى دىيمۇ ئاتىلىدۇ) شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە چۆچەكتىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، دىخۇادىن 40 چاقىرىم يىراقلىقتىكى كونا ئايرودرومغا كېلىپ چۈشتى. 8-كۈنى ئەتىگەندە زەمبىرەك بىلەن توپقا تۇتۇشنى باشلاپ، 46 كۈندىن بۇيان دىخۇانى قورشاپ ياتقان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى مەغلۇپ قىلىپ داۋانچىڭ ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ بىلەن دىخۇادىكى قورشاۋ ئاياغلاشتى.

4-ئاينىڭ 18-كۈنى شېڭ شىسەي دىخۇادا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. قۇرۇلتاي بەش كۈن ئېچىلدى. 5-ئايدا دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بولدى. شەھەرنىڭ كۆلىمى ۋە ئاھالىسى شەھەر قۇرۇش ئۆلچىمىگە توشمىغانلىقتىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىدى.

شۇ يىلى دىخۇادا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 16 ئورۇندۇقلۇق يېرىم تونىللىق ئۈچ ئاپتوموبىل بىلەن شەھەر ئىچىدە ئاپتوبۇس قاتناش كەسپى باشلاندى.

## 1935-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى)

1-ئاينىڭ 7-كۈنى دىخۇادا قۇرۇلغان رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپى «شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى»غا ئۆزگەرتىلدى، بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5-ئايدا ۋاڭ شۇچېڭ، ۋاڭ باۋگەن، ۋەن شەنيەن، مەنسۇر قاتارلىق 25 نەپەر كوممۇنىست ئارقا-ئارقىدىن سوۋېتتىن دىخۇاغا يېتىپ كەلدى.

7-ئاينىڭ 13-كۈنى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرى دىخۇا مەدەنىيەت كىتابخانىسىنى قۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلغار پىكىر ئىپادىلەنگەن كىتاب-ژۇرناللىرىنى ساتتى، مەكتەپلەرنىڭ يېڭى دەرسلىكلىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلدى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى دىخۇادا شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى دىخۇادا ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى قۇردى.

شۇ يىلى دىخۇا دارىلمۇئەللىمىندە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە سىنىپلار ئېچىلدى.

شۇ يىلى دىخۇادا تەھرىر-تەرجىمە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى دەرسلىك كىتابلارنى تۈزدى، تەرجىمە قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش بىرلەشمىسى دىخۇادا قۇرۇلدى. بۇ بىرلەشمە كېيىنچە جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

شۇ يىلى دىخۇادا سىملىق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا 30 دىن ئارتۇق رادىئو قوبۇللىغۇچ بار ئىدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 1936-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى)

8-ئايدا «تەڭرىتاغ گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچەسى نەشر قىلىندى.

## 1937-يىلى «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى)

4-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، فېڭ

شۇمن قاتارلىق بەش ئادەمنى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

5-ئاينىڭ 7-كۈنى، جوڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسىنىڭ سول قانات تايانچ ئەترىتىدىن 400 نەچچە ئوفىتسېر جەڭچى لى جورەن، لى شيەنىيەن، چېڭ شىسەيلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا دىخۇاغا كىردى.

7-ئايدا غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى سولقانات تايانچ ئەترىتى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى بىلش تايانچ ئەترەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر لاگىرى» دەپ ئاتالدى ھەمدە سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى باش تايانچ ئەترىتىنىڭ ئورنى ھازىرقى بەشيۈلتۈز يولىدا ئىدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇشقا ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى دىخۇادا قۇرۇلدى ھەمدە ئاما ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

10-ئايدا 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى دىخۇادا قۇرۇلدى. تېڭ دەيۈەن مۇدىر بولدى. سىرتقا قارىتا «نەنلياڭ 3-مېھمانخانا» دەپ ئاتالدى. «يېڭى ئەسكەرلەر لاگىرى» بىلەن 8-ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنىغا بىردەك جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى رەھبەرلىك قىلدى. چېن يۈن، تېڭ دەيۈەن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پارتىيە ۋەكىلى بولدى.

شۇ ئايدا شېڭ شىسەي بىرىنچى قېتىملىق «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بورھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ شۆچىڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مەشھۇر زاتلار بار ئىدى.

يىل ئاخىرىدا جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دىخۇاغا ئارقا-ئارقىدىن كادىر ئەۋەتتى.

شۇ يىلى دىخۇادا ئۇيغۇرچە تېلېگراما كەسپى باشلىنىپ مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدا تېلېگراما يوللايدىغان بىردىنبىر شەھەر بولۇپ قالدى. ئەمما كەسىپ مىقدارى ئاز بولغاچقا ئۇزاققا بارماي توختىتىپ قويۇلدى.

## 1938-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى)

2-ئاينىڭ 1-كۈنى ماۋزېمىن (مەخپىي ئىسمى جۇبىن) سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېسەل داۋالىتىش سەپىرىدە دىخۇاغا كەلدى. 10-ئايدا شېڭ شىسەي ئۇنى قالدۇرۇپ قېلىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، كېيىنچە مۇۋەققەت نازىرلىققا تەيىنلىدى.

3-ئاينىڭ 17-كۈنى دىخۇا شەھىرىدە 3-ئاينىڭ باشلىرىدا توختىماستىن قاتتىق قار ياغدى،ھاۋا تۇساتتىن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغلاردىكى يىغىندى قارلار ئېرىپ قار سۇيى شەھەرنى بېسىپ كەتتى. نەچچە يۈز ئېغىز ئۆي سۇدا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، شەھەردىكى

كۆۋرۈكلەر ئېقىپ كەتتى.
4-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆبىۋىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.
7-ئايدا شىڭشىڭشىيادىن دىخۇاۋ ئارقىلىق قورغاسقا بارىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ بارغىلى بولىدىغان 1859 كىلومېتىرلىق خەلقئارا تاشيولدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر خەلقئارالىق تاشيولى ئىدى.
10-ئاينىڭ 15-كۈنى دىخۇاۋ ئاممىۋى مائارىپ كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى.
11-ئاينىڭ 24-كۈنى دىخۇادا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كەڭ كۆلەمدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك پۇل ئىئانە قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەت ئۈچ كۈن بولدى.
شۇ يىلى دىخۇادا شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»، «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا» دېگەن يېڭى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقايسىسى تەرجىمە قىلىنىپ 8000 نۇسخىدىن بېسىلدى.
شۇ يىلى دىخۇادا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

## 1939-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى)

2-ئاينىڭ 1-كۈنى ماۋزېمىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا پۇل ئىسلاھ قىلىنىپ، «سەر» بىرلىكىدىكى كونا پۇل «يۈەن» بىرلىكىدىكى يېڭى پۇلغا ئۆزگەرتىلدى. يېڭى پۇل ئالتۇن، كۈمۈشتە ياسالغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. دىخۇاۋ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى يېڭى پۇل تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ بارلىق دۇكانلاردا مالنى ئۈچ كۈن ئۇدا باھانى تۆۋەنلىتىپ توققۇز ئۇلۇش بويىچە سېتىپ، يېڭى پۇلنى قوللاشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جايلاردا مال باھاسى تەدرىجىي تۆۋەنلىدى.
3-ئاينىڭ 14-كۈنى شېن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى دىخۇاغا كەلدى.
4-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى دىخۇادا قۇرۇلدى. شېن يەنبىڭ كومىتېت باشلىقى، جاڭ جۇڭشى مۇئاۋىن باشلىق بولدى.
8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جاۋدەن، شۇ تاۋ، جوجىنمىڭ قاتارلىقلار دىخۇاغا كېلىپ تەجرىبە دراما ئۆمىكىنى قۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەسۋىرلىنىدىغان دراما «كۈرەش»نى قويدى.
9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇئېنلەي، دېڭ يىڭچاۋلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان سەپىرىدە دىخۇادا قىسقا مۇددەتلىك توختىدى ھەمدە شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.
11-ئاينىڭ 5-كۈنى جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى دىخۇادا قۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىدىن 300 دىن كۆپرەك كىشى جەمئىيەتكە كىردى. شېن يەنبىڭ جەمئىيەت باشلىقلىقىغا سايلاندى.
شۇ يىلى جۇدې سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دىخۇاۋ ئارقىلىق يەنئەنگە قايتتى.
شۇ يىلى جاڭ فامىلىلىك تيەنجىنلىك سودىگەر قۇرغان شىنشېڭچۈەن مۇنچىسى تىجارەت باشلىدى.

## 1940-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى)

1-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۈنىلىش ئارمىيىسى باش تايانچ ئەترىتىنىڭ "يېڭى ئىسكەرلەر لاگىرى" جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن دىخۇادىن يەنئەنگە قايتتى.

5-ئاينىڭ 5-كۈنى شېن يەنبىڭ، جاڭ جۇڭشى شېڭ شىسەينىڭ نەزەربەنت قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، دىخۇادىن يەنئەنگە مەخپىي يۈرۈپ كەتتى.

5-ئاينىڭ 18-كۈنى شېڭ شىسەي يەنە «سۇيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دۇجۇڭيۈەنمۇ بار ئىدى.

8-ئايدا مۇۋەققەت خەلق ئىشلار نازىرى ماۋزېمىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان دىخۇا داۋالاش ۋە دورىگەرلىك تېز كۇرس مەكتىپىنىڭ بىرىنچى قارارلىق 41 ئوقۇغۇچىسى پۈتتۈردى.

شۇ يىلى گوڭنىڭ كۆۋرۈكنى قىيان ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىن ئون مېتر يىراقلىقتا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتر، كەڭلىكى ئون مېتر كېلىدىغان تاش تۈۋرۈكلۈك ياغاچ كۆۋرۈك سېلىنىپ باش كۆۋرۈك دەپ ئاتالدى.

شۇ يىلى شەخابىغا 1900 مېتر دومبا سوقۇلدى.

## 1941-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى)

6-ئاينىڭ 14-كۈنى دىخۇادا جۇڭگو تىبابىتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى دىخۇادىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تېمىدا چوڭ تىپتىكى درامىلارنى قويدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى «ئالۋاستىلار ئۇۋىسى»، قىزلار ئىنستىتۇتى «شامالدا لەپىلدەۋاتقان بايراق»، بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ «تەپىك تېنگو» دراممىسىنى، ھەرقايسى مەكتەپلەر بىرلىشىپ «ئىجارىكەش» دراممىسىنى ئوينىدى.

## 1942-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى)

3-ئاينىڭ 29-كۈنى شىنجاڭ ماشىنىلاشقان بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى شېڭ شىچى تەنخۋايۈەندە ئۆلتۈرۈلدى، شېڭ شىسەي بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، «12-ئاپرېل سۇيىقەستلىك توپىلاڭ ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، دىخۇا شەھىرى ۋە يېزىلىرىدىكى ھەر ساھە زاتلىرىنى بولۇشىغا قولغا ئالدى.

8-ئاينىڭ 29-كۈنى جۇشياۋلياڭ ۋە گومىنداڭنىڭ ئەزالىرىدىن گۇجۇتوڭ، لياڭ خەنساۋ قاتارلىقلار سوڭ مېيلىڭغا ھەمراھ بولۇپ دىخۇاغا كەلدى. شېڭ شىسەي ئەر-ئايال ئىككىسى ئايرودرومغا چىقىپ قارشى ئالدى.

9-ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان 100 دىن كۆپرەك كومپارتىيە ئەزاسىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ نەزەربەنت قىلدى.

## 1943-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى)

1-ئاينىڭ 9-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم خىزمەتچى خادىملىرى دىخۇاغا يېتىپ كەلدى. شۇ كۈنى ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە دىخۇادا كونسۇلخانا قۇردى.

1-ئاينىڭ 16-كۈنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) شېڭ شىسەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى دىخۇادا يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، شېڭ شىسەي ھەيئەت مۇدىرى بولدى.

2-ئايدا دىخۇادا نەزەربەنت قىلىنغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىدىن چېن تەنچيۇ ۋە ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن كۆپ جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى تۈركۈم تۈركۈملەپ تۈرمىگە تاشلاندى.

6-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي سوت ئىجرائىيە باش رېۋىزىيە مىنىستىرلىكى «شىنجاڭدىكى ئالاھىدە جىنايى ئىشلار يىغىندى ئەنزىلىرىنى سوتلاش ئۆمىكى»نى دىخۇاغا ئەۋەتتى.

6-ئايدا دۇجۇڭيۈەن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

9-ئاينىڭ 27-كۈنى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ دىخۇا تۈرمىسىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى دىخۇا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى باش ۋالىي مەھكىمىسى دەرۋازىسى ئالدىدىكى فۇجېڭ كوچىسى، يىغۇ كوچىسىدىكى بارلىق ئۆي-ئىمارەتلەرنى چېقىپ تۈزلەپ مەيدان قىلىشنى قارار قىلدى، مەيداننىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 200 مېتر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 80 مېتر بولۇپ، يەر مەيدانى 1.6 كۋادرات مېتر كېلەتتى.

## 1944-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى)

4-ئاينىڭ 14-كۈنى شېڭ شىسەي يەنە سۈيقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، دىخۇادا پارتىيە ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان گومىنداڭ ئەزالىرىدىن 220 ئادەمنى قولغا ئالدى.

6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى ۋاللىس سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دىخۇاغا كېلىپ، 20-كۈنى چۇڭچىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

6-ئاينىڭ 26-كۈنى دەل ئاگزوگزا چاغىنى ئىدى. شېڭ شىسەي دىخۇادىكى ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ غەربىي بىناسى ئالدىغا يىغىپ تەھدىت قىلدى، ئۇ شۇ مەيداندىلا 100 نەچچە ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قولغا ئالدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى.

8-ئاينىڭ 11-كۈنى شېڭ شىسەي يەنە بىر قېتىم «11-ئاۋغۇست سۈيىقەستلىك توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ رۇجىننى، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى لىن جىيۇڭ قاتارلىق 100 نەچچە ئادەمنى قولغا ئالدى.

8-ئاينىڭ 29-كۈنى چۇڭچىڭ گومىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىي مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى. ۋۇجۇڭشىن (گومىن ھۆكۈمىتى موڭغۇل-زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

9-ئاينىڭ 11-كۈنى شىنجاڭغا 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان شېڭ شىسەي دىخۇادىن چۇڭچىڭغا كەتتى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىلى-تارباغاتاي-ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. گومىن ھۆكۈمىتى ئارقا-ئارقىدىن دىخۇاغا قوشۇن يۆتكىدى.

## 1945-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى)

11-ئاينىڭ 1-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، جىن شاۋشيەن شەھەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1946-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى)

2-ئاينىڭ 24-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت گومىن ھۆكۈمىتى جاكارلىغان «شەھەرلىك كېڭەش تەشكىلات پالاتاسىنىڭ نىزامى»غا ۋە «شەھەرلىك كېڭەش پالاتاسىنىڭ سايلام نىزامى»غا ئاساسەن، شەھەرگە قاراشلىق تۆت رايوندا بىلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 25 نەپەر كېڭەش پالاتا ئەزاسىنى، 25 نەپەر كاندىدات كېڭەش پالاتا ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى.

3-ئاينىڭ 8-كۈنى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان شيې لياڭ، خۇزىمىڭ، لويۇنجاڭ، شيې جياڭنىڭ، لوزۇگۇاڭ قاتارلىق بەش نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى يارىلانغانلىقتىن تۈرمىدىن دىخۇا قۇتقۇزۇش ساناتورىيىسىگە يۆتكەپ كېتىلدى.

6-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۆلكە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ شېڭ شىسەي سالغان 40 مىڭ سەر ئەپيۇننى دىخۇا مەيدانىدا كۆيدۈردى.

6-ئاينىڭ 10-كۈنى جاڭ جىجۇڭ جۇئېنلەينىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن پائال سالا قىلىپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۆت يىل سولاپ قويۇلغان 131 نەپەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، ئۇرۇمچىدىن يولغا سېلىپ قويدى، ئۇلار 7-ئاينىڭ 10-كۈنى يەنئەنگە يېتىپ باردى.

7-ئاينىڭ 1-كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىپ تەشكىللىگەن شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلدى. جاڭ جىجۇڭ رەئىس بولدى، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدىلەر مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## 1947-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى)

2-ئاينىڭ باشلىرىدا دۆڭ بىۋۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى پېڭ گۇئەننى ئابدۇكېرىم ئابباسوپقا قوشۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل قىلىپ، نەنجىڭدىن دىخۇاغا ئەۋەتتى.

2-ئاينىڭ 25-كۈنى گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرى دىخۇادا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى «25-فېۋرال» ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

6-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دىخۇا كىنوخانىسىنىڭ سېرىق فىلىم قويغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى، قوراللىق ئىشپىيونلار ئوق چىقىرىپ باستۇردى، نەق مەيداندا بىر ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئون نەچچە ئادەم قولغا ئېلىندى، پۈتۈن شەھەردىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشپىيونلارنىڭ زوراۋانلىقى ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ، مەمۇرىي دائىرىلەرنى قازا قىلغان ئوقۇغۇچىغا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى، 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەپنە نامايىشى ئۆتكۈزدى.

11-ئاينىڭ 7-كۈنى دىخۇادا ئىلغار تەشكىلات «ئاۋانگارتلار ئۇيۇشمىسى» مەخپىي قۇرۇلدى ھەمدە «ئاۋانگارتلار» ژۇرنىلىنى تارقاتتى.

## 1948-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى)

4-ئاينىڭ 10-كۈنى تاۋسىيۇ لەنجۇدىن دىخۇاغا كېلىپ، يەنە بىر مەرتىۋە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالدى.

11-ئاينىڭ 29-كۈنى «كۈرەشچىلەر جەمئىيىتى» تۈزۈپ نەشر قىلغان ئىلغار مەزمۇندىكى ژۇرنال «كۈرەش» ھەپتىلىك ژۇرنىلى دىخۇادا مەخپىي تارقىتىلدى.

## 1949-يىلى (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38-يىلى)

9-ئاينىڭ 9-كۈنى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئۇقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن 30 نەچچە كىشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئۇلار بىردەك شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدا ماڭىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

9-ئاينىڭ 11-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، تىجارەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، كېڭەش پالاتاسى، مۇسۇلمان تىجارەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ تىنچ ھەققەتكە قايتىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

9-ئاينىڭ 15-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىچۈننى شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلىدىن دىخۇاغا ئەۋەتتى.

9-ئاينىڭ 19-كۈنى بۇرھان شەھىدى رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگىراما يوللاپ، تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە قايتىش ھەققىدىكى ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

9-ئاينىڭ 25-كۈنى سابىق جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا، رەئىس ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدېغا تېلېگىراما يوللاپ قىسىملىرىنى باشلاپ ھەققەتكە قايتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە تېلېگىراما يوللاپ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئالدى.

9-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېگىراما يوللاپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزىدىغانلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» بېتىنى ئۆزگەرتىپ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگىراما خەۋەرلىرىنى ھەمدە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن دىخۇادا ئاما روھلىنىپ كەتتى.

10-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرىنچى بىڭتۇەننىڭ ماشىنىلاشقان 5-پولكى پولك قوماندانى خۇجيەننىڭ باشلامچىلىقىدا دىخۇاغا كىردى.

10-ئاينىڭ 24-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئالتىنچى كورپۇسىنىڭ 17-دىۋىزىيىسى ئايروپىلان ئارقىلىق دىخۇاغا كەلدى.

10-ئاينىڭ 25-كۈنى زور ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى تەبرىكلەندى.

11-ئاينىڭ 9-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرى ئۈچ

ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ۋە تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار دىخۇادا غەلىبىلىك ئۇچراشتى ھەمدە بىرلىكتە شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. يېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار جەنۇبىي كوچىدىكى بانكا ئالدىدا ئۈچ ئارمىيىنى پاراتتىن ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنى كەچتە «غەربىي بىنا»دا داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

12-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك كومىتېتى قۇرۇلدى.

12-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەي ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن يەنە ۋاڭ جېن، جاڭ جىجۇڭ، شۇ لىچىڭ قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

12-ئاينىڭ 17-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

شۇ يىلى خۇگىيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ بىرىنچى مەزگىلدىكى قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، جىگدە كۆلىگىچە سۇ قاچىلاندى. ئامبارنىڭ ئايلانمىسى 46 كىلومېتىر، سىغىمچانلىقى 16 مىليون كۇب مېترغا يەتتى. بۇ قۇرۇلۇش جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) باشلىنىپ جەمئىي سەككىز يىلدا پۈتتى.

شۇ يىلى ئىتتىپاق يولىدىكى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ خەۋەر تارقىتىشقا باشلىدى.

## 1950-يىلى

1-ئايدا دىخۇا شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىپ، باۋجيالىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رايونلۇق مەھكىمە، مەھەللە باشقارمىلىرىنى قۇردى. مەھەللە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھەللە باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

5-ئايدا ھەرقايسى رايونلاردا دۇكان ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى، قول سانائەت ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىسى، ھاممال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى ھەرقايسى رايون ئۆسمۈرلەر ئەترىتىدىكى 593 نەپەر بالا غەربىي باغچىدا تۇنجى تۈركۈمدە ئەترەتكە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى ج ك پ دىخۇا شەھەرلىك بىرىنچى رايون كومىتېتى قۇرۇلدى.

9-ئاينىڭ 19-كۈنى ج ك پ دىخۇا شەھەرلىك ئىككىنچى، ئۈچىنچى رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى.

9-ئايدا بىرىنچى رايونلۇق پارتىيە ياچېيكىسى (رايونلۇق كومىتېت بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىرلەشمە ياچېيكىسى) قۇرۇلدى، بۇ تيانشان رايونىدا قۇرۇلغان بىرىنچى پارتىيە ياچېيكىسى ئىدى.

12-ئايدا ھەرقايسى رايونلارنىڭ ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ياشلار دېموكراتىك بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى تىنچلىق مەيدانى خەلق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى رايونىمىزدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرىنچى يەرلىك سوتسىيالىستىك سودا كارخانىسى — دىخۇا شەھەرلىك سودا شىركىتى قۇرۇلدى.

## 1951-يىلى

1-ئاينىڭ 11-كۈنى ج ك پ دىخۇا شەھەرلىك 5-رايون كومىتېتى قۇرۇلدى.

4-ئاينىڭ 1-كۈنى دىخۋادا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن دىخۋا شەھرىنىڭ 1270 مېتر سېپىلىنى چاقتى، شەھەرنىڭ يەتتە دەرۋازىسىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئۇنى قەلئەنى ئۆرۈۋەتتى.

5-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى رايونلارنى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى رايون قىلىپ ئايرىدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ باشقارمىلىرى رايونلۇق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭدا بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنى قۇردى.

6-ئايدا كوچا ئاپتوبۇسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تۇنجى ئاپتوبۇس شىمالىي قوۋۇقتىن (بېيمېندىن) شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغىچە بولغان بىر يولدا قاتنىدى.

8-ئايدا پاي تۈزۈمىدىكى رايونلۇق خەلق ئىستېمال كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

10-ئايدا پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار، ئاھالىلەر «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نىڭ 1-، 2-توملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى.

10-ئاينىڭ 30-كۈنى بىرىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايغا 81 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئالتە كىشى ئىدى. «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى»دىكى "ئومۇمىيۈزلۈك سايلام بولىدىغان خەلق قۇرۇلتايلىرى چاقىرىلىشتىن ئاۋۋال، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ۋەكىللەر مەجلىسلىرى دەرىجىمۇ دەرىجە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزىدۇ" دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىندى.

12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىككىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 110 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 86 كىشى.

12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈچىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 75 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 55 كىشى.

12-ئاينىڭ 19-كۈنى بەشىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 61 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى تۆت كىشى.

12-ئاينىڭ 24-كۈنى تۆتىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 70 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 30 كىشى.

12-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى رايونلۇق مەھكىمىلەرنى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى رايوننىڭ تىنچلىق بېزىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى رايونلاردا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى بىرىنچى رايوندا ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا

ئاۋاز قوشۇپ، پائال تۈردە ئالتۇن-كۈمۈش بېزەكلىرىنى ۋە پۇل-ماللىرىنى ئىئانە قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ ۋەتەننى قوغدىدى.

## 1952-يىلى

3-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھىرى تۆتىنچى رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى.

6-ئاينىڭ 25-كۈنى بىرىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 82 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى تۆت كىشى. قۇرۇلتاي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى؛ تۇنجى بولۇپ 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان بىرىنچى رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈچىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 100 ۋەكىل قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 66 كىشى. قۇرۇلتاي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. تۇنجى بولۇپ 14 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىككىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 110 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 72 كىشى. قۇرۇلتاي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. تۇنجى بولۇپ 13 ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى رايونلۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئاينىڭ 13-كۈنى تۆتىنچى رايونلۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 72 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 30 كىشى. قۇرۇلتاي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. تۇنجى بولۇپ 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئايدا بەشىنچى رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 61 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى تۆت كىشى. قۇرۇلتاي رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى، تۇنجى بولۇپ 15 ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان بەشىنچى رايونلۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنى سايلاپ چىقتى.

مۇشۇ ئايدىن باشلاپ ھەرقايسى رايوندىكى كادىرلار دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى.

11-ئاينىڭ 29-كۈنى بەشىنچى رايوندىكى شۇ جەمەتى قورۇسى مەركىزىي سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە تازىلىقتا نەمۇنىلىك قورۇ بولۇپ باھالاندى.

12-ئايدا ھەرقايسى رايونلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايون بويىچە 3-نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى.

شۇ ئايدا رايونىمىزغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «بەش يىللىق تۈزۈم» بويىچە تەجرىبە

ئوقۇتۇشى يولغا قويۇلدى.

شۇ يىلى خوڭگېيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاش ئېرىقى بىلەن تىنچلىق ئۆستەڭنى ياۋرۇشلەشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي تاماملاندى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

10-ئايدا ھەرقايسى رايونلۇق پارتكوملاردا تەشكىلات بۆلۈمى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى رايونلۇق پارتكوملار خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۈچكە قارشى (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاشقا، ھەددىدىن زىيادە پايدا ئېلىشقا قارشى)، بەشكە قارشى (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش-باج تاپشۇرماسلىق، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاش، ساختا ئىشلەش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى) ھەرىكەت ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي قوۋۇق (نەنمېن) ۋە داشىزىدا ئۈچ باسما قۇدۇق كولىدى.

شۇ يىلى رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

## 1953-يىلى

1-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 6-ئايغىچە ھەرقايسى رايونلاردا مەملىكەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەش رايوندا جەمئىي 18 مىڭ 871 ئائىلە، 80 مىڭ 816 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى.

3-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3-رايوندا شەھەر بويىچە بىرىنچى قېتىملىق ئومۇمىي سايلام سىنىقى ئېلىپ باردى. سايلامغا جەمئىي 9024 كىشى قاتنىشىپ، 56 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى.

4-ئاينىڭ 27-كۈنى تىنچلىق يېزىسىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاياغلاشتى. ماتاۋ، ليۇجېنفاڭ، قادىر سىيىتلار جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىردى، بۇلار پۈتكۈل شەھەردىكى دېھقانلاردىن بىرىنچى تۈركۈمدە پارتىيىگە كىرگەنلەر ئىدى.

4-ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردا ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ تۆتىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

6-ئاينىڭ 18-كۈنى 1-، ۋە 2-، 4-، 5-رايوندىن جەمئىي 314 كادىر ئاجرىتىلىپ، 39 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇمىي سايلام خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ خىزمەت 1954-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتى. بىرىنچى رايوندىكى سايلىغۇچىلار 21 مىڭ 175 كىشى بولۇپ، 53 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى؛ ئىككىنچى رايوندىكى سايلىغۇچىلار 11 مىڭ 226 كىشى بولۇپ، 45 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى. تۆتىنچى رايوندىكى سايلىغۇچىلار 8093 كىشى بولۇپ، 43 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى؛ بەشىنچى رايوندىكى سايلىغۇچىلار 9873 كىشى بولۇپ، 37 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى.

8-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۈرۈمچى دەرياسىغا غايەت زور كەلكۈن كەلدى، كەلكۈننىڭ بىر سېكۇنتتىكى ئەڭ زور ئېقىم مىقدارى 360 كۇب مېتىرغا يەتتى. دىخۇا شەھىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر يېرىم مېتىرغا يەتتى. بىلش كۆۋرۈك، جۇڭسەن كۆۋرۈكى، خەلق كۆۋرۈكىنى كەلكۈن ئېلىپ كەتتى، يۇقىرىلارنىڭ 3000 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيىنى سۇ بېسىپ ۋەيران قىلدى.

8-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئۈچىنچى رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى

ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، رايون ھەيئىتى بولۇپ جەمئىي 11 كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۈچىنچى رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى تەشكىل قىلدى.

11-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە ئىككىنچى رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقىرىپ، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە رايون ھەيئىتى بولۇپ 13 كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئىككىنچى رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى تەشكىل قىلدى.

11-ئاينىڭ 27-، 28-كۈنلىرى، بىرىنچى رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 58 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقىرىپ رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە رايون ھەيئىتى بولۇپ جەمئىي 13 ئادەمنى سايلاپ چىقىپ، بىرىنچى رايوننىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى تەشكىل قىلدى.

شۇ يىلى تۆتىنچى رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 45 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقىرىپ، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە رايون ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىقىپ، تۆتىنچى رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى تەشكىل قىلدى.

شۇ يىلى بەشىنچى رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 37 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ھەيئەتلەرنى سايلاپ چىقىپ، بەشىنچى رايون تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى تەشكىل قىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە» دېگەن خىزمەت يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگانلىرى بۆلۈمچىدىن بۆلۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، ئىشخانا، كادىرلار نازارەت بۆلۈمى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

## 1954-يىل

2-ئاينىڭ 1-كۈنى دىخۇا شەھىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

5-ئايدا پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرىنچى قېتىملىق رادىئو گىمناستىكا مۇسابىقىسى خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

10-ئايدا ھەرقايسى رايون پارتكومىنىڭ ھەيئەتلىرى تولۇقلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرىنچى رايونلۇق كومىتېتى تۆت ئادەمدىن تەشكىللەندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىككىنچى رايونلۇق كومىتېتى بەش ئادەمدىن تەشكىللەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچىنچى رايونلۇق كومىتېتى ئۈچ ئادەمدىن تەشكىللەندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۆتىنچى رايونلۇق كومىتېتى تۆت ئادەمدىن تەشكىللەندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەشىنچى رايونلۇق كومىتېتى تۆت

ئادەمدىن تەشكىللەندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار ساناتورىيىسى، ئىشچىلار ساناتورىيىسى قارىلغاچلىقتا قۇرۇلدى. كادىرلار ساناتورىيىسىنىڭ ئورنى 224 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ ئىشچىلار ساناتورىيىسىنىڭ ئورنى 138 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## 1955-يىلى

1-ئاينىڭ 22-كۈنى يېڭى خەلق كىنوخانىسى قۇرۇلۇش يولى، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، دېموكراتىيە يولىنىڭ تۇتىشىش ئېغىزىغا قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4339 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4135 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قىشلىق كۇلۇبقا 1030 ئورۇندۇق، يازلىق كۇلۇبقا 3300 ئورۇندۇق قويۇلدى.

3-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى.

7-ئاينىڭ 1-كۈنى «شەھەر ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»غا ئاساسەن، ئاھالە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا 71 ئاھالە كومىتېتى، 213 ئاھالە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. دېموكراتىك ئاساستا 213 نەپەر ئاھالە گۇرۇپپىسى باشلىقى، 142 نەپەر ئاھالە كومىتېت مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى سايلاپ چىقىلدى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى.

10-ئاينىڭ 26-كۈنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «بىرىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى رايوننى بىرلەشتۈرۈپ بىرىنچى رايون قىلىش؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى رايوننى بىرلەشتۈرۈپ ئىككىنچى رايون قىلىش» توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلاردا رايونلارنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى باشلاندى. 1956-يىلى رايونلار رەسمىي بىرلەشتۈرۈلدى.

12-ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى تەنتەربىيە سارىيى شىمالىي شىنخۇا يولىدا قۇرۇلدى.

## 1956-يىلى

3-ئايدا ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى گوشۇلەن مەملىكەتلىك ئامانلىق ساقلاش ئۈلگىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ماۋجۇشى، جۇئېنلەي قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

5-ئايدا رايوننىڭ ئىككىلىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش ۋە كادىر تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن رايوندىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي تارىخى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. رايونغا قاراشلىق زاۋۇتلاردىكى كىچىك سودا دۇكانلىرى، قاتناش، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، ئورگان، مەكتەپ قاتارلىق سىستېمىلاردا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

6-ئايدا رايوننىڭ ئىككىلىسىدە ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 26-كۈنى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، چياۋ گوجېن، ۋۇماۋلىن قاتارلىق بەش قۇرباننىڭ قەبرىستانى قارىلغاچلىقتا ياسالدى.

8-ئاينىڭ 27-كۈنى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى بىرىنچى رايوندا ليۇداۋان، شەرقىي دەرۋازا،

غەربىي كوچا، غەربىي دەرۋازا، جەنۇبىي دەرۋازا مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنى، ئىككىنچى رايوندا غالىبىيەت يولى، ئىنتىپاق يولى، ئازادلىق يولى، شاۋدۇڭلياڭ، مال بازىرى كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى. بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى 1957-يىلى قۇرۇلۇپ بولدى.

11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بىرىنچى رايوننىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 118 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ جەمئىي 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىرىنچى رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. بىرىنچى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرىنچى رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

11-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ئىككىنچى رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 111 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئىككىنچى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىككىنچى رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق ئۇيغۇر تىلى سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىدىن تۈزۈلگەن دەرسلىك قوللىنىلىشقا باشلىدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە قول سانائەت، كاپىتالىستىك سودا-سانائەت ساھەسىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكوم ۋە رايونلۇق خەلق كومىتېتى تۈرلۈك خىزمەتلەردە مىللىي رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

## 1957-يىلى

1-ئاينىڭ 12-كۈنى مىللىي ئۇسلۇبتىكى خەلق تىياتىرخانىسى خەلق يولى بىلەن ئازادلىق يولى كېسىشكەن دوقمۇشنىڭ شەرقىي تەرىپىدە پۈتتۈرۈلدى. كۆلىمى 18 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، زالغا 1200 خورۇم قاپلىق ئورۇندۇق قويۇلدى.

5-ئايدا رايوننىڭ ئىككىلىسىدە تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش باشلاندى. ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش باشلاندى.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى داشمىندىكى ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى ئامبىرىغا ئوت كەتتى ۋە ئوت ئاپتىدىن زور پارتلاش كېلىپ چىقتى. بەش ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى. 14 ئادەم يارىدار بولدى، 24 ئېغىز ئۆي ۋە ماشىنا زاپچاس، ئوق-دورا، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار كۆيۈپ كۈل بولدى، 650 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

6-ئاينىڭ 10-كۈنى رايوننىڭ ئىككىلىسىدە خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 23-خانىقا مەسچىتىنىڭ ئىمامى مالىياگجۇن كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىر تۈتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن رايوندا ئاھالىلەرنىڭ پىلانلىق ئاشلىق ئىشلىتىپ، نورمىنى كىنىشكىلىق ئېلىشى يولغا قويۇلدى.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى شەھەرلىك پوچتىخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى جۇڭسەن يولىدا پۈتۈپ 2000 دانە ئاددىي تېلېفون ئورنىتىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

10-ئايدا 1-، 2-رايونلاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىلىرى قۇرۇلدى. ھەرقايسىسىغا بەشتىن پەيچۇسو قاراشلىق بولدى.

شۇ ئايدا شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيىسى شور بۇلاقتا قۇرۇلدى.

11-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئىككىنچى رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا ئىككىنچى رايوننىڭ ئىسمىنى دوستلۇق رايونى دەپ ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. بىرىنچى رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا 1-رايوننى تيانشان رايونىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى.

11-ئاينىڭ 30-كۈنى رايوننىڭ ئىككىلىسىدە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى دۆڭكۆۋرۈك سودا سارىيى (كېيىنچە مىللىيلار ئېھتىياجلىق بۇيۇملار سودا سارىيى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىلەن بوغدا يولى تۇتىشىدىغان جايغا سېلىندى، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7655 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## 1958-يىل

4-ئاينىڭ 26-كۈنى «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ليۇلتيەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا «تىنچلىق» ماركىلىق 1.5 مىللىمېتىرلىق ماتورلۇق سىمبېتىرىك بولىمغان مودېل تىك ئۇچارنى 18 مىڭ 38 مېتىرلىق تۈز سىزىقلىق ئارىلىقتا ھەيدەپ چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ 11 مىڭ 920 مېتىرلىق دۇنياۋى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

4-ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى رېن چېن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىنى باشلاپ قىزىلتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە قارىياغاچ ئورمىنى تىكتى. بۇ قىزىلتاغنى كۆكەرتىشتىكى باشلىنىش ئىدى.

5-ئايدا ئاھالىلەرنى گۆش بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش باشلاندى.

6-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 154 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 26 نەپەر. يىغىندا «ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان <تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش لازىم> دېگەن باش لۇشيەننى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتلەر بويىچە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئومۇمیۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى؛ رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ 19 كىشىدىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

6-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە دوستلۇق رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 126 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى

72 نەپەر. يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان دوستلۇق رايونى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئايدا ئىككى رايون مەھەللىلىرىدىكى ئۆسمۈر پۇتبولچىلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسى جىڭجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر پۇتبول لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

9-ئايدا دوستلۇق رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

11-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە تيانشان بىناسىدا ناھايىتى زور ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كادىر-ساقچىلىرى، ئىشچىلار، كادىرلار، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ 10 مىڭغا يېقىن ئادەم ئوت ئۆچۈرۈشكە قاتناشتى. لېكىن ئۇلۇغ بولغانلىقتىن، بىنا پۈتۈنلەي كۆيۈپ كېتىپ 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

شۇ يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى 2306 كىشىنى تەشكىللەپ، كۈزدىن باشلاپ ئۈچ ئاي يەرلىك ئۇسۇلدا شىسەن بىلەن باداۋاندا «پولات-تۆمۈر تاۋلىدى». تيانشان رايونىمىزدا بەش دومنا پېچ، 52 چوڭ تۆز ئوچاق، 417 كىچىك تۆز ئوچاق، 31 ئايلانما ئوچاق سېلىنىپ، جەمئىي 557 مىڭ 953 توننا «تۆمۈر»، 109.09 تونىنا «پولات» تاۋلاپ چىقىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى خەلقنى زور كۈچ بىلەن يەرلىك سانائەت قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. تيانشان رايونىدا تۇنجى بولۇپ 11 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك زاۋۇت قۇرۇلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونىدا خەلق ئەسكىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكومدا مالىيە سودا بۆلۈمى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئىككى رايون خەلق كومىتېتىدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى.

## 1959-يىلى

1-ئايدا تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش بىرىنچى بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى.

9-ئاينىڭ 23-كۈنى بىتون بىلەن پۈتتۈرۈلگەن باش كۆۋرۈكتە قاتناش باشلاندى.

10-ئاينىڭ 6-كۈنى ئوچتاش رايونىدا قۇرۇلغان ۋودپروۋود زاۋۇتى رەسمىي سۇ بېرىشكە باشلىدى.

10-ئاينىڭ 10-كۈنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانى خەلق يولىغا سېلىندى. مەيدان ئورنى قۇرۇلۇش كۆلىمى 31 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئوبيون كۆرۈش سۇپىسىغا 30 مىڭ كىشىلىك ئورۇن ئورنىتىلدى.

شۇ يىلى ئىككى رايوندا «ئوڭچىللىققا قارشى» ھەرىكەت قانات يايدۇرۇلدى. خىزمەتتە ئوخشاشمىغان پىكىردە بولغان توققۇز يولداش «پارتىيىگە قارشى مەزھەپ گۇرۇھى» قىلىپ قويۇلۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەنقىدلەندى ۋە ئۇلارغا تەشكىلىي چارە كۆرۈلدى. 1963-يىل 3-ئايدا تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 1980-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى نامى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئەما، گاس-گاچىلار مەكتىپى يۈجىنگەيدە قۇرۇلدى.

شۇ يىلى بىرىنچى يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىسى جەنۇبىي شىنخۇا يولى ئاستىغا ياتقۇزۇلدى.

شۇ يىلى رايوننىڭ ئىككىلىسىدە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى رايون دەرىجىلىك مالىيە تەسىس قىلىنىپ، شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمى 741 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ يىلى ئىككى رايوندا شەھەر خەلقىنىڭ كوممۇنالىشىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 4-ئاينىڭ

13-كۈنىگە بارغاندا تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازا، غەربىي دەرۋازا، شەرقىي دەرۋازا، شىخابا كوچىسى، ليۇداۋان قاتارلىق مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قىزىلتاغ، دېموكراتىيە، بۇلاق تاغ، شىنخۇا، ليۇداۋان خەلق كوممۇنالىرىغا ئۆزگەرتىلدى؛ دوستلۇق رايونىنىڭ غالىبىيەت، ئىتتىپاق، ئازادلىق يولى، شياۋدوڭلياڭ، مال بازىرى كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى غالىبىيەت، ئىتتىپاق، تىنچلىق، يۆجىن-گەي، بۇلاق بېشى خەلق كوممۇنالىرىغا ئۆزگەرتىلدى. كوممۇنا ھەممە مۇشۇ كوممۇناغا جايلاشقان ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان كوممۇنا پارتكومى قۇرۇلدى.

## 1960-يىلى

2-ئاينىڭ 27-كۈنى تيانشان رايونلۇق 1-قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

2-ئايدا رايونلۇق پارتكومدا سانائەت-قاتناش بۆلۈمى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى.

6-ئاينىڭ 14-كۈنى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ تيانشان رايونى دەپ ئاتالدى. رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق كومىتېتمۇ بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشتۈرۈلۈپ، رايونلۇق پارتكومدا سېكرېتارىيات تەسىس قىلىندى.

6-ئايدا رايونلۇق پارتكومدا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

9-ئايدا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى يول ئاسراش ئورنى بىلەن خەلق كوممۇنالىرى ھەمكارلە-شىپ، غالىبىيەت ئىككىنچى كوچا، شەرقىي ۋە غەربىي يېڭى شەھەر يولى، ئۈستەڭ كوچىسى، مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئالتە كوچا، داشىڭ كوچىسى، ئىبادەتخانا كوچىسىنى ئاسفالتلاشتۇردى.

10-ئايدا تيانشان رايونلۇق غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى.

11-ئايدا شەھەرلىك ئۆي-مۈلۈك ئورۇنلىرى سالغان بىرىنچى ئولتۇراق رايونى يەنئەن يولىدا پۈتتۈرۈلدى. ھەرقايسى سەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان نەمۇنىچى كىشىلەر يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

مۇشۇ يىل تيانشان رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى پۈتۈن رايون بويىچە خۇسۇسىي ئۆيلەرگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونى 8960 مو ئېرىلغۇ يېرى بار قوشۇمچە كەسىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ئېچىپ، بەش ئورۇندا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى قۇردى. 18 مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، 5570 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ يىلى مائارىپ ئىنقىلابى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. تولۇق ئوتتۇرا، ئىككىنچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، 19-باشلانغۇچ مەك-تەپ، ئىككىنچى بالىلار باغچىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ 8-ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالدى، كېيىن 1965-يىلغا كەلگەندە بۆلۈنۈپ كەتتى.

شۇ يىلى تيانشان رايونىدىكى غالىبىيەت، ئىتتىپاق خەلق كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ دوستلۇق خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتالدى؛ بۇلاق بېشى، يۆجىنگەي، شىنخۇا خەلق كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىنخۇا خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتالدى؛ بۇلاق تاغ، تىنچلىق خەلق كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بۇلاق تاغ خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتالدى؛ قىزىلتاغ، دېموكراتىيە خەلق كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قىزىلتاغ خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتالدى.

## 1961-يىلى

3-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق تۆتىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 193 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 57 نەپەر. يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ، رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ جەمئىي 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق تۆتىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

7-ئايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پۈتۈن رايوندىكى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيە تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئون نەچچە مەيدان پەلسەپە لېكسىيىسى ئۆتكۈزدى. ھەربىر مەيدان لېكسىيىنى 1000 غا يېقىن ئادەم ئاڭلىدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونىدا شەھەر نوپۇسىنى قىسقارتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1962-يىلغىچە جەمئىي 21 مىڭ 284 نوپۇس قىسقارتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىخچاملانغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 4614 نەپەر.

## 1962-يىلى

2-ئاينىڭ 16-كۈنى تيانشان رايونلۇق بازار مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلدى.

5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۈرۈمچى كەڭ ئېكرانلىق كىنوخانىسى ياشلار يولىدا سېلىندى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى.

9-ئاينىڭ 17-كۈنى تيانشان رايونلۇق تۆتىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى يىغىنى رايون باشلىقى ئابلىمىت نەزەر ۋە جاڭ شىنجاڭنىڭ خەلق ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

10-ئاينىڭ 15-كۈنى شەھەرلىك خەلق كوممۇنالىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. شەھەرلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ بۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋەزىپىدىن توختاتتى. شەھەرلىك پارتكوم تيانشان رايونىغا ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تيانشان رايونلۇق پارتكومىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن ئىجرا قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ زىڭيۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكوم سېكرېتارىياتى، سانائەت قاتناش بۆلۈمى، مالىيە سودا بۆلۈمى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ يىلى مەركەزنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. شەھەرلىك پارتكومىنىڭ قارارى بويىچە رايونغا قاراشلىق 23 كارخانا يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئاچقان 60 نەچچە سانائەت كارخانىسى تەڭشىلىپ 29 كارخانا قىلىپ بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

شۇ يىلى ئاھالە كومىتېتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق، پۈتۈن رايون بويىچە

جەمئىي 90 ئاھالە كومىتېتى، 20 ئائىلىلىكلەر كومىتېتى، 941 ئاھالە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

## 1963-يىلى

10-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە تىيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 193 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 64 نەپەر، يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان تىيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

10-ئايدا تىيانشان رايونلۇق ئەمگەك باشقۇرۇش-تەگشەش ئورنى قۇرۇلدى.

11-ئاينىڭ 5-كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەستىقلاپ تارقاتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ تىيانشان رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئاينىپ، سوۋېتنى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تارقاتتى. 1965-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم «تىيانشان رايونىدىكى خىيانەت قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان، پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنى جازالاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 17 نەپەر رەھبىرىي كادىرنى تەشكىلىي جەھەتتىن جازالىدى. 1979-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى چىقىرىلغان «جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى <مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى>دا ۋە تارىختا قېپقالغان بەزى زور مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «سابىق تىيانشان رايونلۇق پارتكومدا خاتالىق بار، ئەمما <گۇرۇھ> دەپ ھېسابلاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ دېلودىكى مەسىلىلەرنى شەھەرلىك پارتكوم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا قايتا تەكشۈرتكۈزگەندىن كېيىن توغرا يەكۈن چىقىرىدۇ ۋە ھەل قىلىدۇ». شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى چارە كۆرۈلگەن 16 كىشى ئۈستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ (بۇرۇن چارە كۆرۈلگەن 17 كىشىنىڭ بىرسى يۆتكىلىپ كەتكەن)، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق (بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان)، ئۈچ كىشىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 11 كىشىگە كۆرۈلگەن چارە ئۆزگەرتىلدى. ئىككى ئادەمگە كۆرۈلگەن چارە ساقلاپ قېلىندى.

12-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان مەھەللە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتى ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا سىناق قىلىنىشقا باشلاپ، توققۇز ئاي داۋاملىشىپ 1964-يىل 8-ئايدا ئاياغلاشتى.

12-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە جۇڭگو كومپارتىيىسى تىيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 47 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى سەككىز نەپەر، يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقۇچىلار 23 نەپەر. يىغىندا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي شىمال بيۇروسى، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، شەھەرلىك پارتكومىنىڭ جىن ماۋ گۇرۇھىنىڭ ئاينىپ سوۋېتنى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرى يەتكۈزۈلدى؛ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. شەھەرلىك پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتى يەتكۈزۈلدى؛ شەھەرنىڭ 3-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 17 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تيانشان رايونىدا بەشكە قارشى ھەرىكەتنى سىناق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى.

## 1964-يىلى

4-ئاينىڭ 3-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم ئالتە كىشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، دائىمىي ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى، سۇڭ زىگېۇ مۇۋەققەت شۇجى بولدى.

4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۇدا مايغۇر ياغدى. ئاھالىلەرنىڭ كېسەك ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى. رايون تەۋەسىدە 350 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 2286 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە تاس قېلىپ، ئولتۇرغىلى بولماس بولۇپ كەتتى. 7403 ئائىلە 28 مىڭ 311 نوپۇس ئۆيلىرىدىن كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى، ئىككى بالا يېنىك يارىلاندى. رايونلۇق خەلق كومىتېتى كۈچ تەشكىللەپ خەتەردىن قۇتقۇزدى، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى تىياتىرخانا، كىنوخانا، ئىدارىلارنىڭ مەجلىسخانىلىرى، ئىشخانىلىرى بولۇپ 101 نۇقتىغا يىغىپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرۇلۇش قوشۇنى تەشكىللەپ ئۆيلەرنى رېمونت قىلدى.

5-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ئاساسىي جەھەتتىن بىخەتەر ھالدا ئۆيلىرىگە قايتتى.

6-ئاينىڭ 22-كۈنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ھالدا ئاھالىنى 2-قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 7-ئاينىڭ 26-كۈنى ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تيانشان رايونىدا 31 مىڭ يەتتە ئائىلە، 147 مىڭ 618 ئاھالە بارلىقى ئېنىقلاندى.

7-ئايدا تيانشان رايونىدا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ساغلاملىق يولى ئاھالە كومىتېتىدا تۇغۇتتىن ساقلىنىش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلدى.

## 1965-يىلى

2-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۈرۈمچى نەنمېڭ تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلدى. ئىچىگە ئۇزۇنلۇقى 32 مېتىر، كەڭلىكى 22 مېتىر كېلىدىغان ئايلانما مۇسابىقە مەيدانى، 2752 كىشىلىك ئورۇن ياسالدى.

4-ئاينىڭ 20-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم تيانشان رايونىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەپ جاڭ گۈەنكېنى رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

5-ئاينىڭ 22-كۈنى تيانشان رايونلۇق «تۆتنى ئېنىقلاش»قا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى رايونلۇق ئورگان ۋە رايونغا قاراشلىق سانائەت-قاتناش، مەدەنىيەت-مائارىپ سىستېمىسىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغا بارغىچە، 1034 كادىر ھەرىكەتكە قاتناشتى، 258 ئادەم خىيانەت، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلغان مەسىلىلىرىنى تاپشۇردى، ئېنىقلانغان جەمئىي پۇل 113 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سىياسەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتە 124 ئادەم «ئازاد» قىلىندى، 47 مىڭ يۈەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

6-ئاينىڭ 24-كۈنى تيانشان رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىكى بوغدا رايونىدا 6.7 بال يەر تەۋرىدى. تەۋرەش ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°08′، شىمالىي كەڭلىك 43°59′ قا توغرا كېلىدۇ. يەر تەۋرەش مەركىزى رايونىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 8 بال، شەھەر رايونىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 7 بالغا يەتتى. يەر تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 كىلومېتىرغا يەتتى. رايون تەۋەسىدە 102 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ

چۈشتى، ئالتە ئورۇندا تاملار ئۆرۈلۈپ كەتتى، كېسەك ئۆيلەرنىڭ تاملىرى دەز كەتتى. مورا-تۈرخۇنلار يىقىلىپ چۈشتى. ئىككى كىشى ئۆلدى، توققۇز كىشى يارىدار بولدى، بەش كىشى يىقىلىپ دەسسىلىپ كېتىپ يارىدار بولدى، ئىككى كىشى قورقۇپ كېتىپ ئېلىشىپ قالدى. يەر تەۋرىشتىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق كومىتېتى دەل ۋاقتىدا كۆچ تەشكىللەپ، تەكشۈرۈش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 193 ۋەكىل قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 64 نەپەر. يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە ھەيئەتلەر بولۇپ 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق ئالتىنچى نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى.

12-ئايدا تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئاكتىپلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈشكە قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى.

## 1966-يىلى

8-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچىدە 100 مىڭ ئارمىيە ۋە خەلق مەيداندا يىغىلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا تۇنجى قېتىم «قىزىل قوغدىغۇچىلار»نى پاراتتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

8-ئاينىڭ 23-، 30-كۈنلىرى بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى «قىزىل قوغدىغۇچىلار»نىڭ جەمئىيەتكە چىقىپ، «تۆت كونا» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەت)نى بۇزۇشقا ھەرىكەتلەنگەن دولقۇنى بىلەن «قىزىل قوغدىغۇچىلار» رايون تەۋەسىدىكى ھەممە جايلاردا كىتابلارنى ۋە بېزەك، ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغدى. «جىن-شەيتانلار»، «تۆت خىل ئۇنسۇرلار»غا ئېگىز قالپاقنى كەيدۈرۈپ، كوچىلاردا ئارقا ئارقىدىن سازايى قىلدى ھەمدە «جاھان ئۆزگەرتىش ھېسابى»، «قارا ماتېرىيال»لارنى ئاختۇرۇش باھانىسى بىلەن ھەممىلا يەردە ئۆيلەرنى ئاختۇردى.

9-ئاينىڭ 3-كۈنى بېيجىڭ، شىئەن قاتارلىق جايلاردىكى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئۈرۈمچىگە ئالاقە باغلاشقا كېلىپ، خەلق مەيدانىدا ئېچىلىش، سايراش مۇنازىرە ھەرىكىتى ئېلىپ باردى ھەمدە «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنى توپقا تۇتايلى» قاتارلىق لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا جىم ئولتۇرۇۋېلىپ «3-سېنتەبىر» ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى.

شۇ يىلى شەھەر بويىچە جىنەن شەھىرىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش، زور كۈچ بىلەن يەرلىك سانائەت قۇرۇش بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇن قوزغىلىپ، رايون، مەھەللىلەردە «يەرلىك كىچىك» زاۋۇتتىن سەكسىنى قۇرۇلدى. بۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 372 مىڭ 700 يۇەنگە يەتتى.

## 1967-يىلى

1-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدا «شىنجاڭ ئىنقىلابىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىرىنچى ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شتابى»، «شىنجاڭ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىنقىلابىي ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق

شتابى»، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىنقىلابىي ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شىتابى» قاتارلىق 27 ئىسيان كۆتۈرۈش تەشكىلاتى خەلق مەيدانىدا يىغىن ئېچىپ، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنىڭ يېڭى ھۇجۇمىغا ئومۇمىيۈزلۈك قاخشاتقۇچ زەربە بېرىش»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

11-ئاينىڭ 25-كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي ھوقۇق تارتىۋېلىش بىلىش قوماندانلىق شتابى» «بايانات» ئېلان قىلىپ، «مۇشۇ ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى، شۇنداقلا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى»نى جاكارلىدى.

2-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئورگانلىرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ ئارقا ئارقىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، رايون بويىچە بارلىق پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

3-ئاينىڭ 3-كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىملىق رادىئو ئۈزېلىغا ھەربىي باشقۇرۇش يۈرگۈزدى.

3-ئاينىڭ 24-كۈنى تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى تارمىقىدا مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش، مەھەللە ئىشلىرى، كاتىباتلىقتىن ئىبارەت تۆت گۇرۇپپا قۇرۇلۇپ، رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلدى. جاڭ بېنكۈي ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولدى.

4-ئاينىڭ 20-كۈنى خەلق مەيدانىدا زور كۆلەمدە ئەلەم كۆرسىتى ۋەقەسى بولدى.

## 1968-يىلى

1-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسىدە بىر تۇتاش ھەربىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

1-ئاينىڭ 28-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئىككى چوڭ گۇرۇھتىكى ئامما ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كەڭ ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم خەلق مەيدانىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزدى.

3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدا 150 مىڭ ئارمىيە ۋە خەلق خەلق مەيدانىدا «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش، ئىنقىلابىي بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» قەسەمىيات يىغىنى ئاچتى.

7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىككى گۇرۇھتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەلەم كۆرشى قىلدى، ئىككى تەرەپتىن جەمئىي ئون ئادەم ئۆلۈپ، ئون ئادەم يارىدار بولدى.

7-ئاينىڭ 29-كۈنى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 100 مىڭ كىشى خەلق مەيدانىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

8-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى خەلق مەيدانىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «شىنجاڭدىكى ئىككى گۇرۇھ بولۇپ كەتكەن ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىش كېلىشىمى»نى تەستىقلىغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

## 1969-يىلى

3-ئاينىڭ 18-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى، كادىرلار ۋەكىلى، ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى بولۇپ جەمئىي 25 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ھەرقايسى تەرەپنىڭ ۋەكىللەر نامزاتى ھەربىي ۋەكىلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كېڭىشىشى ئارقىلىق تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى (ئەزالىرى پۈتۈنلەي ھەربىي ۋەكىل ئىدى) قۇرۇلۇپ، پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ھەربىي ۋەكىل لى شۇمىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقى ۋە پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئىنقىلابىي كومىتېت يەتتىنچى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى بولدى.

3-ئايدا رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش» يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە رايوندىكى ئورۇن، ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش لەخمىلىرىنى كولىدى.

6-ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى، ئىشچىلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1970-يىل 3-ئايدا يەنە شەھەرلىك ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، رايونغا تەۋە مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا، زاۋۇتلارغا، مەكتەپلەرگە ئورۇنلىشىپ، ئۆزى ئورۇنلاشقان ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»نى يولغا قويۇشقا ۋە «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا مەسئۇل بولدى.

8-ئاينىڭ 28-كۈنى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش قىسمىيات يىغىنى ئاچتى، 9-ئايدا رايون تەۋەسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

## 1970-يىلى

3-ئايدا تيانشان چىرمىتال زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ مىڭياڭ 125 مىڭ 700 يۈەنگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى بىر گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلغان 25 مىڭ كىلوۋات سىغىمچانلىقتىكى خۇڭگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە «قوشۇننى تازىلاش»، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ يىلى رايوندا ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىندى.

شۇ يىلى رايون بويىچە كادىرلار «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئېچىلغان ئۆگىنىش كۇرسىغا يىغىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «سولچىللارنى قوللاش» قىسىملىرى مەسئۇل بولۇپ، پارتىيە تەرتىپكە

سېلىندى. ئامبىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش، ئۆگىنىش كۇرسى پارتكومى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىر نەپەر پارتىيە ئەزاسى سىياسىي مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

## 1971-يىلى

4-ئاينىڭ 22-، 24-كۈنلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 78 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 15 نەپەر. قۇرۇلتايدا «رايون بويىچە ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي لۇشيەن تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار» ماقۇللاندى. يەتتە كىشىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلاپ چىقتى.

شۇ يىلى رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى تىنچلىق يولى ئىش باشقارمىسىدا رايون بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ياردەم بېرىدىغان پونكىت «قەلبى قىزىل دوختۇرلار پونكىتى» تۇنجى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تەجرىبە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىتتىپاق يولىدا قۇرۇلۇپ سىناق تەرىقىسىدە نومۇر تارقىتىشقا باشلىدى.

## 1973-يىلى

2-ئاينىڭ 10-كۈنى رايون تەۋەسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئەتىيازدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش كۈزدە ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى.

3-ئايدا تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىلىرىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

6-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

شۇ ئايدا تيانشان رايونلۇق ئەمگەك-ئىش ھەققى بۆلۈمى قۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 25-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئىككىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

شۇ يىلى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، رايونغا قاراشلىق قول سانائەت سېستىمىسىدىكى 40 زاۋۇت شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 1974-يىلى

شۇ يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامما بىلەن كەسپتىكىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ (ئاھالىلەر ئېرىق قازدى، تىندۇردى، شەھەرلىك يول ئاسراش ئورنى تۇرۇبا ياتقۇزدى) باھار شامىلى، مەدەنىيەت يولى كوچىسى، يۇسەيخاڭ كوچىسىغا يەر ئاستى تۇرۇبىسى ئورناتتى.

شۇ يىلى بىر قىسىم ئاھالىلەر سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

## 1975 ـ يىلى

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ، 21 ـ كۈنلىرى رايونلۇق پارتكوم بېيجىڭ شەھىرىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، شەھەر باشقۇرۇشنى كوچەيتىش جەھەتتە ئىلغار بولغان كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىسى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەھەللە باشقۇرۇش خىزمەت تەجرىبىلىرى ۋە سوتسىيالىستىك قورۇ قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەشتىن ئىبارەت بولدى.

شۇ يىلى 382 سوتسىيالىستىك قورۇ قۇرۇلدى.

## 1976 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى جۇئېنلەي زوڭلى ئالەمدىن ئۆتتى. رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئىنتايىن ئېغىر قايغۇغا چۆكۈپ، ئۆزلۈكىدىن قارىلىق باغلىدى. ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلۈكىدىن ماتەم سورۇنلىرىنى تەييارلاپ، قايغۇلۇق ماتەم بىلدۈردى.

1 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى شىيې چىڭشىياڭنى تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا بەلگىلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇدې ۋىيىيۈەنجاڭ بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى. ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن تۈرلۈك ماتەم پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئازادلىق يولى، مال بازىرى كوچىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئاتالدى ۋە مەھەللە پارتكومى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدوڭ بېيجىڭدە ئالەمدىن ئۆتتى. رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەكسىز قايغۇ ئىچىدە قالدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن قارىلىق باغلاپ ئاق گۈل تاقىدى. ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلۈكىدىن ماتەم سورۇنلىرىنى ھازىرلاپ، بىرقانچە كۈنلەپ ئۇدا ماتەم پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 18 ـ كۈنى 300 مىڭ ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلق خەلق مەيدانىدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، چوڭقۇر ماتەم بىلدۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رايون بويىچە ھەر مىللەت خەلقى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خۇاگوفېڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغانلىقىنى ھىمايە قىلىپ، ۋاڭ خوڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەندىن ئىبارەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى رايوندا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئورۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، يەنئەن يولىدىن نۇرلۇق يولى ئارقىلىق بىلش كۆۋرۈككە بارىدىغان دەريانىڭ غەربىدىكى يۇندا تۇرۇپا يولنى ياساش ئەمگىكىگە قاتناشتۇردى. بۇ ۋەزىپە 60 كۈندە ئورۇندالدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق تەنتەربىيە ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1977 ـ يىلى

2 ـ ئايدا شاۋدۇگلياڭ مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ئايدا رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت 100 كىشىلىك سەييارە تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، رايون بويىچە 87 رايون، مەھەللىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

10-ئايدا غەربىي دەرۋازا، جەنۇبىي دەرۋازا ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەھەللە پارتكومى قۇرۇلدى.

## 1978-يىلى

5-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى فەن جېنجاڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ ئايدا رايون بويىچە 113 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە تارىختىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە قېپ قالغان ئۇۋال ئارخىپ، يالغان ئارخىپ، خاتا ئارخىپلارنى تۈزىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ سىياستى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1138 تۈرلۈك ئارخىپ ئۇزۇل-كېسىل تۈزىتىلدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «تۆتچىلارنىڭ قالپىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ تاشلاشنى يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، تيانشان رايونىدىكى 44 نەپەر «تۆتچى» ۋە «يەرلىك مىللەتچى»نىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بەلگىلەنگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. رايونلۇق پارتكوم 1000 كىشىلىك تەشۋىقات ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدا «ئىدىيىنى ئېچىۋېتىش توغرىلاپ، <مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى>نى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلىش، <سول> ئىدىيىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى چىقىرىپ تاشلاش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش» تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

شۇ يىلى رايون بويىچە «ئىككىگە زەربە بېرىش» كۆرىشى مەركەز قىلىنغان «ئېچىپ تاشلاش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

## 1979-يىلى

8-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

شۇ ئايدا رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. رايون تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلار ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى 318 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى كەڭ تۈردە ئېچىشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇردى. 1980-يىلى رايون بويىچە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن جەمئىي 3515 كىشىنى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان باشقا خادىملاردىن 2524 كىشىنى ئورۇنلاشتۇردى.

شۇ يىلى دۆڭكۆۋرۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق تۇرمۇش بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە «بەشتە ياخشى» ئائىلە، «8-مارت قىزىل بايراقدارى»نى سايلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ يىلى رايون تەۋەلىكىدىكى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ، 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، 6-ئوتتۇرا مەكتەپ، 14-ئوتتۇرا مەكتەپ، 8-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ شەھەر بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ

قىلىپ بېكىتىلدى.

## 1980-يىلى

2-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئىشىدا، شەھەر، رايون بويىچە ئىككى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. تيانشان رايونىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئىشىنى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت باشقۇردى.

3-ئاينىڭ 22-كۈنى ھاۋا تۇيۇقسىز ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن يېغىندى قارلار ئېرىپ، كوچىلارغا ئەگىز يامراپ كەتتى. بۇ 30 يىل مابەينىدىكى ئەڭ زور ئەتىيازلىق كەلكۈن ھېسابلىنىدۇ.

4-ئايدا خەلق مەيدانىدا ھېيت-بايراملىق بازار ئېچىلدى.

6-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 261 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 76 نەپەر. يىغىن رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي پىلان، مالىيە خام چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. تۇنجى بولۇپ 17 كىشىنى تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ھەيئەتلىككە سايلاپ چىقتى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رايون باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئالتە كىشىنى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقتى.

6-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى جاۋشۇگۇاڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا بەلگىلىدى.

7-ئايدا ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆزى مەبلەغ يىغىپ سالغان باشقارما خىزمەت بىناسى پۈتتى. بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

9-ئايدا تيانشان رايونلۇق كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى.

10-ئايدا تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

12-ئايدا تۇنجى قېتىم رايون تەۋەسىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى بوغالتىر خادىملار تېخنىكىلىق جەھەتتە تەكشۈرۈلۈپ، بىر كىشى ياردەمچى بوغالتىر، ئالتە كىشى بوغالتىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىدە پارتىيە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى قىزىل بايراق يولى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى پۈتۈپ ئېچىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، رايونلۇق ئۈچ دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا «بەشتە ياخشى ئائىلە» پائالىيىتىنى سىناق قىلدى.

## 1981-يىلى

2-ئاينىڭ 23-كۈنى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى بۆلۈمى قۇرۇلدى.

5-ئايدا تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى«تيانشان رايونىدىكى كوچا ئىشچىلىرى، سانائەت، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەت كەسپلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىقىش تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە ۋاقىتلىق چارە»نى تارقاتتى.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق بەشىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

شۇ ئايدا شىنخۇا مېھمانخانىسى پۈتتۈپ تىجارەت باشلىدى.

شۇ ئايدا ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى جەنۇبىي شىنخۇا يولىدا قۇرۇلۇپ، تاماشىبىنلارغا ئېچىۋېتىلدى. بۇ باغچىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9213.8 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 56 خىل ھايۋانات قويۇلدى.

شۇ يىلى رايون، مەھەللە كارخانىلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتايي تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

## 1982-يىلى

3-ئايدا رايون بويىچە بىرىنچى قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى.

4-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تەن يۈلىن دۆگمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شەرقىي ئارقا كوچا ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ، مەزكۇر ئاھالە كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

6-ئايدا شەھەر بويىچە ئاھالىنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەشنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى شەرقىي ئارقا كوچا رايونىدا ئىش باشلىدى. ھەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەر خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، ئاساسلىق لىنىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئاھالىلەر تارماق قۇرۇلۇش لىنىيىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. تۇرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ كەسپىي ئەترىتى تۇرۇبا قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى. جەمئىي 500 دىن ئارتۇق ئاھالىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بېرىلدى.

7-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك ئۈچىنچى قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، رايون بويىچە 66 مىڭ 705 ئائىلە، 282 مىڭ 476 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى. ئومۇمىي تەكشۈرۈش جەھەتتىكى سەۋىيە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئەلا ئۆلچەمگە يەتتى.

7-ئايدا تيانشان رايونلۇق بىرىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار بولغان 27 كوللېكتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار 133 شەخس تەقدىرلەندى.

10-ئايدا تيانشان رايونلۇق قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

11-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى قېتىملىق خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاھالە كومىتېتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەپ، رايون بويىچە ئەسلىدىكى 81 ئاھالە كومىتېتى 109 غا تەڭشەلدى. يېڭىدىن 42 ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى. 295 نەپەر ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى تولۇقلاپ سايلاندى ۋە يېڭىدىن سايلاندى.

شۇ يىلى رايون بويىچە 1-قېتىم ئاھالە كومىتېت مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىغا 15 مىڭ يۈەن پېنسىيە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ يېڭى بىناسى يەنئەن يولىدا پۈتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 4300 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3900 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىنانىڭ ئۈستىگە كۆك نۇرى مۇنچىسى سېلىندى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا مەركىزى شىمالىي شىنخۇا يولى بىلەن جۇڭشەن يولىنىڭ كېسىشمىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قۇرۇلدى، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، تىجارەت قىلىش كۆلىمى 4123 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

شۇ يىلى لىيۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شىخاگەي كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونى ئالدى بىلەن رايون، مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىدا نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە تىجارەتنى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## 1983-يىلى

1-ئاينىڭ 5-كۈنى تيانشان رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا نەسىس قىلىندى. 1-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونلۇق قۇرۇلۇش شىركىتى 4-ئەترىتى ئاپتونوم رايونلۇق سىتراخوۋانىيە شىركىتى ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئۇلىنى ئويۇۋاتقاندا، مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۇڭ توپا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كۆپ ئادەمنى بېسىۋېلىش، بىر ئادەم ئېغىر يارىلىنىش، ئىككى ئادەم ئۆلۈشتەك ئېغىر ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

2-ئاينىڭ 9-كۈنى رايون بويىچە بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئالدى بىلەن رايون بويىچە ھەربىي بىلەن خەلق نۇقتا بەلگىلەپ بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئاھالە كومىتېتى قۇرۇشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەتتە ئاھالە كومىتېتى يەرلىكتە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى بىلەن ئورتاق مەدەنىيەتلىك ئاھالە كومىتېتى قۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئالتە ئاھالە كومىتېتى قوراللىق ساقچىلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ساقچىلىرى بىلەن ئورتاق مەدەنىيەتلىك ئاھالە كومىتېتى قۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

5-ئايدا رايون بويىچە بىرىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6-ئايدا تيانشان رايونى ئۆرگىنىنىڭ خىزمەت بىناسى مەدەنىيەت يولىغا سېلىندى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3658 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

7-ئايدا تيانشان رايونلۇق يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايون دائىرىسىدە يەرلىك خاراكتېرىدىكى يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ھەرقايسى ئىش باشقارمىلار، ئاھالە كومىتېتلىرى زور تۈركۈمدە ئادەم ئاجراتقاندىن باشقا، رايون تەۋەسىدىكى ئورۇنلاردىن 250 نەپەر كادىر ئاجرىتىلدى، جەمئىي 500 نەچچە كىشى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى. تەكشۈرۈش خىزمىتى 1984-يىلى ئاياغلاشتى. رايون تەۋەسىدە 610 يەر نامى ئېنىقلاندى.

9-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى.

12-ئاينىڭ 20-كۈنى دۆلەتتىن سەنشىخاڭزا مەسچىتىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن،

نوغاي مەسچىتىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى بىيىمىن ئوتتۇرا كۆۋرۈك بازىرى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش خىراجىتىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 1984-يىلى

1-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى ماگۇيلىيەننى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا بەلگىلىدى.

2-ئاينىڭ 15-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئارمىيە، ساقچى، خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، رايون بويىچە ئارمىيە، ساقچى، خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

4-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونى جۇڭسەن يولىدا مەدەنىيەتلىك كوچا بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. كوچا بويىدىكى 101 ئىدارە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 76 ھەيئەت قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ھەيئەتلەر 34. يىغىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەت بولۇپ جەمئىي 13 كىشىنى سايلاپ چىقتى.

6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە، تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 258 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 85، يىغىن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شۇنداقلا مالىيە نەتىجىسى، خام چوت تورغۇزۇشىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. 16 كىشى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، ھەيئەتلىككە سايلاندى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سايلاندى.

7-ئايدا تيانشان رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلىكتە تەنتەربىيە سارىيىدا تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى قېتىم بىر پەرزەنتلىك ئائىلىلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

10-ئايدا تيانشان رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا تيانشان رايونلۇق ئەمگەك بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا دۇڭمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسى گۇاڭخۇا يولى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چې گۈيىڭ 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، رايون بويىچە تۇنجى ئاھالە كومىتېت ياشلار-ئۆسمۈرلەر پائالىيەت پونكىتىنى قۇردى. رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، كىتاب-ژۇرنال قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ پونكىت مۈلكى قىلدى.

11-ئاينىڭ 22-كۈنى تيانشان رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

12-ئاينىڭ 13-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىل-دى.

12-ئاينىڭ 16-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق ئالتىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق سانائەت-قاتناش بۆلۈمى بىلەن پىلان كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق شەھەر مۇھىتى تازىلىقى — مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن كېڭكېر مەسچىت كوچىسى 135-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئىمامخان ئائىلىسى مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە بولۇپ باھالاندى.

شۇ يىلى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىدا زور دەرىجىدە تەڭشەش بولدى. ھەرقايسى بۆلۈملەر ئىدارىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 1985-يىلى

3-ئاينىڭ 18-كۈنى پېنسىيىگە چىققان ئايال خىزمەتچى ياڭ جىلەن ئۆزى پۇل جۇغلاپ، ئۆزى ئۆيى چىقىرىپ يۇشىن باللار باغچىسى قۇرۇپ 30 نەپەر بالىنى قوبۇل قىلدى.

4-ئايدا تيانشان رايونلۇق چوڭلار مائارىپى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

5-ئايدا قىزىلتاغ باغچىسى قۇرۇلۇپ سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. باغچا قۇرۇلۇشىغا 300 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىندى، 100 مىڭ كۇب مېتىر توپا يۆتكەلدى. 68 مىڭ تۈپ كۆچەت ئوتتۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 3-كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 158 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 34 كىشى. قۇرۇلتايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا يەتتە كىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە 11 كىشى سايلاندى.

7-ئايدا تيانشان رايونى جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونى ئۇلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا تيانشان رايونى بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى خەلق يولى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى. ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 530 مېتىر، كەڭلىكى 36 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 26 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 84 مېتىر، كەڭلىكى 31 مېتىر بولۇپ، بۇ شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى تۈز يان شەكىللىك ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ.

10-ئاينىڭ 26-كۈنى تيانشان رايونلۇق تەزكىرە تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. رەھبەر-لىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا بەخت يولى رايونىغا سېلىنغان ئۈرۈمچى شەھىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ پار بېرىش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇنىڭ پار بېرىش كۆلىمى

128 مىڭ كۋادرات مېتىر.

12-ئاينىڭ 20-كۈنى تىيانشان رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى تىيانشان رايونى پىلانلىق تۇغۇتتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

شۇ يىلى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنخۇا ساقلىقنى ساقلاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئۇكسىدلانغان سىنكلىق پىلاستىر ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

## 1986-يىلى

1-ئايدا تىيانشان رايونلۇق ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

2-ئايدا تىيانشان رايونلۇق ئارخىپخانا قۇرۇلدى.

3-ئاينىڭ 14-كۈنى شەھەرلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنى بىكار قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىشىنى قارار قىلدى.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى نەمۇنە تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەركىزىي سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەنلى ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

شۇ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەنلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خابا ئاھالىلەر كومىتېتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق مەسئۇلەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ رۇنشېڭلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ باردى.

شۇ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋەنلى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خېيجياشەن ئاھالىلەر كومىتېتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى خېيجياشەن ئاھالىلەر كومىتېتىدا مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

شۇ يىلى، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەسلىسى ئۆزلىرى بالىلار ئويۇنچۇقلىرى، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ياساپ مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتنىشىپ مەملىكەت بويىچە ئىلھاملاندۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق چاۋياڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان پوپايكىلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىپ 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى.

شۇ يىلى رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى مۇپەتتىش ئىشخانىسى تۈزگەن «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلەت دەرسلىكى» دېگەن كىتاب مەملىكەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلەت دەرسلىكى قىلىندى.

## 1987-يىلى

1-ئاينىڭ 1-كۈنى تىيانشان رايونلۇق خەلق قورallıق بۆلۈمى يەرلىككە ئۆتكۈزۈلدى.

4-ئايدا بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى رايون بويىچە بىرىنچى بولۇپ ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە

مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنى قۇردى. بۇ غەربىي شىمال رايونى بويىچە بىرىنچى ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇ ئايدا تىيانشان رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

5-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە تىيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ئېچىلدى. 221 ۋەكىل قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 74 كىشى، يىغىن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى شۇنداقلا مالىيە خام چوتى، نەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار ماقۇللىدى. 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، رايون باشلىقى، رايوننىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاپ چىقتى.

5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش تىيانشان رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 77 ھەيئەت قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئىتى 32، يىغىندا 17 كىشى سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە دائىمىي ھەيئەتلىككە سايلاندى.

6-ئاينىڭ 20-كۈنى تىيانشان رايونلۇق ئۇنىۋان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

7-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇ ئۈستى راھەت باغچىسى ئۇچتاش سۇ ئامبىرىدا قۇرۇلۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. بۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرىنچى چوڭ تىپتىكى سۇ ئۈزۈش كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

8-ئايدا تىيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى.

9-ئاينىڭ 16-كۈنى تىيانشان رايونى تۇرپان شەھىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

9-ئاينىڭ 26-كۈنى تىيانشان رايونى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

10-ئايدا شىمالىي ئازادلىق يولى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدىن ۋە رايونلۇق يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىدىن 20 كىشى كۈنمىڭ شەھىرىگە بېرىپ خۇيزۇلارنىڭ بايراملىق يېمەك-ئىچمەك كوچىسىدا يەرمەنكە پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭنىڭ 22 خىل ئاددىي تائامىنى كۆرگەزمە قىلدى.

12-ئاينىڭ 23-كۈنى سائەت 16دىن 19 غىچە ئۈرۈمچىدە ھاۋارايى خاتىرلەنگەندىن بۇيانقى بىرىنچى قېتىملىق «قىش پەسىللىك» يامغۇر ياغدى. يامغۇر مىقدارى 5.2 مىللىمېتىر بولدى. يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن يامغۇر چۈشۈشى بىلەنلا مۇزلاپ، يول يۈزى خۇددى ئەينەكتەك سىلىق بولۇپ كەتتى. يول يۈرۈش تەسكە توختىدى، ماشىنىلار ماڭالماي، قاتناش بىرقانچە سائەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە جەنۇبىي شىنخۇا يولى 37-قورۇنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» لەۋھەسى بېيجىڭدا جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىغا قويۇلدى.

شۇ يىلى خېيجياشەن ئاھالىلەر كومىتېتى مەملىكەت بويىچە بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى نەمۇنىچى ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى ۋە مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە مەنىۋى

مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى رايونلۇق چاۋياڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 3000 يۈەن پايدا-باج يارىتىپ، شىنجاڭ بويىچە شۇ كەسىپتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

شۇ يىلى رايونلۇق 5-باشلانغۇچ مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تاللاش مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

شۇ يىلى رايوننىڭ مالىيە كىرىمى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەن، چىقىمى 8 مىليون 446 مىڭ يۈەن بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتىلدى.

## 1988-يىلى

1-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە تۇنجى ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايون ئۇرلۇق يولى، داشىزى، جۇڭسەن يولى، شىمالىي شىنخۇا يولى رايونىدىكى 0.72 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدە قۇرۇلۇپ ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ لاياقەتلىك كىنىشكىسى بېرىلدى.

1-ئاينىڭ 24-كۈنى خەلق سودا سارىيى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. بۇ سودا سارىيى شىمالىي ئازادلىق يولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان، تىجارەت كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، رايون تەۋەسىدىكى بىرىنچى ئۈنۈۋېرسال سودا سارىيى ھېسابلىنىدۇ.

4-ئاينىڭ 14-كۈنى تيانشان رايونى بويىچە «ئۆچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلار، ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش كومىتېتى بىلەن «مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش بويىچە مۇسابىقە كېلىشىمنامىسى» ئىمزالىدى.

4-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى 1988-يىللىق ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ 15 ئىلغار ياچېيكا، 38 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى.

شۇ كۈنى تيانشان رايونى ئايرىم-ئايرىم ھالدا گۇيلىن شەھىرىنىڭ شيۇفېڭ رايونى، چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ جياڭبېي رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

4-ئاينىڭ 18-كۈنى تيانشان رايونى باۋتۇ شەھىرىنىڭ دوڭخې رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

5-ئاينىڭ 5-كۈنى رايونلۇق شتات كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى تيانشان رايونلۇق رېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

5-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئاچقان غەربىي شىمال رايونى بويىچە بىرىنچى ھەربىي ئىشلار كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى دەرس باشلىدى.

6-ئاينىڭ 27-كۈنى تيانشان رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى ليۇيۇگىلىن باتۇرلۇق بىلەن ئوغرى تۇتۇپ، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بېيجىڭدا چاقىرىلغان ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلغان ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. تيانشان

رايونلۇق ھۆكۈمەت ليۇ يۈگلىنغا «ئامانلىقنى قوغداش باتۇرى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىپ، رايون بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى.

8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق تۆتىنچى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 123 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، 22 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن خىزمەت دوكلاتىنى، شۇنداقلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. 23 كىشى رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىككە، تۆت كىشى كاندىدات ھەيئەتلىككە، سەككىز كىشى دائىمىي ھەيئەتلىككە سايلاندى. 11 كىشى رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە، بەش كىشى دائىمىي ھەيئەتلىككە سايلاندى.

10-ئاينىڭ 13-كۈنى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى، ئۆسمۈرلەر خىزمەت كومىتېتى تيانشان رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىغا «مەملىكەت بويىچە پىئونېرلار ئەترەتلىرىنىڭ ئەلا نەتىجە يارىتىشى جەھەتتە ئۈلگىدەك يەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

شۇ ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رايونلارنىڭ مەمۇرىي دائىرىسىنى تەڭشەپ، يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى شىمىگو رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

12-ئاينىڭ 9-كۈنى بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بەخت يولى رايونى بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلاش فوندى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىنى ئاچتى. 17 ئورۇن ۋە شەخسىي 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

12-ئاينىڭ 17-كۈنى تيانشان رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

12-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 7-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 83 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا سەككىز ئىلغار كوللېكتىپ، 22 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، ئۆتكەن نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى بەش تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسى يەنى «1. توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، ياشلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ 2. ئىسلاھاتقا پائال ئاتلىنىش، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاش؛ 3. ياشلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش؛ 4. ئىتتىپاق تەشكىلىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ 5. ئىسلاھات روھى بىلەن تيانشان رايونىنىڭ پىئونېرلار خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش» بېكىتىلدى.

12-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 83 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى. بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. تيانشان رايونلۇق ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

شۇ يىلى رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي قىممىتىدە 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى.

شۇ يىلى رايونىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 23 مىليون 166 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 10

مىليون 985 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1989-يىلى

1-ئاينىڭ 17-كۈنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئاساسەن رايونغا قاراشلىق 8-، 41-، 53-باشلانغۇچ مەكتەپلەر شىمىگۇ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1-ئاينىڭ 3-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى.

3-ئاينىڭ 3-كۈنى رايونلۇق ھۆكۈمەت تيانشان رايونى بويىچە ئامانلىق ساقلاشنى ھۆددىگە ئېلىش ھۆددىنامىسىغا ئىمزا قويۇش يىغىنى ئاچتى. رايوندا تۈرۈشلۈق 856 ئورۇن، 106 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە كىچىك تىپتىكى سودا تورلىرى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى، شەخسلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى، ئامانلىققا زىيانلىق ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلىشىنى چەكلەشنى، شۇنداقلا مۇكاپاتلاش-جازالاش، نازارەت قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان «ھۆددىنامە» ئىمزالىدى.

4-ئاينىڭ 28-كۈنى 11-باشلانغۇچ مەكتەپ شەھەر بويىچە تۇنجى ئۆسمۈرلەر ئىنتىپاق مەكتىپىنى قۇرۇپ، بىرىنچى قارارغا 28 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

شۇ كۈنى تيانشان رايونى ياشلار يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. بۇرۇنقى يېڭى دېموكراتىيە يولىنىڭ غەربى، شەرقى، ھەربىي رايون قورۇسى، بىناكارلىق بىلش شىركىتى قورۇسى، بەشيۈلتۈز يولى ئاھالىلەر كومىتېتى، شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان نۇرلۇق يولى ئاھالە كومىتېتى، دۆڭمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ياشلار يولى، قىزىل كۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ جەمئىي يەتتە ئاھالىلەر كومىتېتى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى.

4-ئايدا قىزىل بايراق يولى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتلىك سودا بازىرى دېگەن نام بېرىلدى.

5-ئاينىڭ 19-كۈنى بىر ئوچۇم توپىلاڭچىلار ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئاممىنى قۇترىتىپ، مەركەز ئاللىقاچان بىر تەرەپ قىلىپ بولغان «جىنسىيەت ئادەتلىرى» دېگەن كىتابنى باھانە قىلىپ چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەردە (ئۈرۈمچى ۋاقتى) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىناسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، تاش—توقماقلار بىلەن ئالدىغا كەلگەننىلا ئادەمنى ئۇردى، ماشىنىلارنى چاقتى. بۇ ۋەقەدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ كادىر-ساقچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ جەڭچىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن 150 نەچچە ئادەم يارىدار بولدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىناسىنىڭ 5-قەۋىتىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، 30 نەچچە ماشىنىنى چېقىپ ناھايىتى ئېغىر سىياسىي پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى.

5-ئاينىڭ 23-كۈنى شەھەر بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا تيانشان رايونىنىڭ قىزلار كوماندىسى چېمپيونلۇققا، ئوغۇللار كوماندىسى ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

6-ئاينىڭ 12-كۈنى تيانشان رايونى بويىچە شەھەر ئامانلىقنى قوغداش بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. سادىق ئەبەيدۇللا باش قوماندان، ۋاڭ چېڭچېڭ سىياسىي كومىسسار بولدى.

7-ئاينىڭ 15-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇ رۇنشېڭ، شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

7-ئايدا شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى يەككە دوختۇرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. رايونلۇق سەھىيە ئىدارىسى رايون تەۋەسىدىكى 108 نەپەر يەككە دوختۇرنى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالدى.

8-ئاينىڭ 3-كۈنى رايون بويىچە «دېھقان، چارۋىچىلارنى قىزغىن سۆيۈش، ئۈچ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى قۇرۇلۇشىنى قوللاش پائالىيىتى ئېيى» قانات يايدۇرۇلدى. 5000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى، 160 ماشىنا ئوغۇت يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 156 ماشىنا ئوت-چۆپ توشۇلدى، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت-داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

8-ئاينىڭ 5-كۈنى رايونغا قاراشلىق شىنچىن تۆمۈر-پولات تاۋلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، زاۋۇت يىلىغا 10 مىڭ توننىدىن 14 مىڭ توننىغىچە تۆمۈرنى قايتىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. شىئەن شەھەرلىك ئىككىنچى يىنىك سانائەت تەمىنلەت سودا شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ قۇرغان بۇ كارخانىغا، ئىككى تەرەپ بىۋاسىتە 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغان 100 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى رايونلۇق ھۆكۈمەت بىر قىسىم مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى. شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نۇرلۇق يولى ئاھالىلەر كومىتېتى، قۇرۇلۇش يولى ئاھالىلەر كومىتېتى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا، شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئاھالىلەر كومىتېتى ياشلار يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا، دۆڭمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ بەشيۈلتۈز ئاھالىلەر كومىتېتى ياشلار يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

8-ئاينىڭ 19-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4-سانلىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «رايون دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» ۋە «تيانشان رايونى ئورگان كادىرلىرىنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشى ھەققىدە بىرقانچە بەلگىلىمە»سى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

8-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە 20 شەھەردىكى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق توغرا لىنىيىلىك ئالاقىلىشىش يىغىنى تيانشان مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. كۈنمىڭ شەھىرىنىڭ ۋۇخۇا رايونى قاتارلىق 17 شەھەر رايونلىرىدىن كەلگەن 64 ۋەكىل بۇ يىغىنغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى باشقا رايون ناھىيىلەرنىڭ سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

9-ئاينىڭ 7-كۈنى تيانشان رايونى بىلەن قەشقەر شەھىرى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

9-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى جۇڭسەن يولىغا سېلىنغان شىنجاڭ تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى تىجارەت باشلىدى. ئۇنىڭ تىجارەت كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، شىنجاڭدا تۇنجى قۇرۇلغان مال سېتىش بىلەن كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ فۇنكسىيىلىك زامانىۋى ئۇنىۋېرسال تىجارەت خاراكتېرلىك چوڭ كارخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى تيانشان رايونى بويىچە مەملىكەتلىك تۆتىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە

رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، رايون بويىچە ئاھالىنى نومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1990-يىلغا كەلگەندە ئاھالىنى نومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش ئارقىلىق رايون بويىچە 89 مىڭ 381 ئائىلە، 333 مىڭ 419 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى.

9-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى، تيانشان رايونىمىز-نىڭ ۋەكىللىرى ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىدە «نەمۇنىلىك كوللېكتىپ» مۇكاپاتىغا ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ئون مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10-ئاينىڭ 21-كۈنى رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىككى مەھكىمە بىر مىنىستىرلىكنىڭ «خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك قاتارلىق جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ئۇنسۇرلارنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىنى ئىزچىللاش-تۇرۇپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چوڭ يىغىنى ئاچتى، ئۈچ نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرنى ۋە ئىككى نەپەر ئادەتتىكى كادىرنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى جاكارلىدى.

10-ئاينىڭ 27-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئىككىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىر-لەش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 23 نەپەر ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 36 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. شەھەر باشلىقى يۇسۇپ ئەيسا يىغىنغا بېرىپ تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.

11-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 4-قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 70 ۋەكىل قاتناشتى، رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 4-نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا 17 ھەيئەت، يەتتە دائىمىي ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى.

12-ئاينىڭ 31-كۈنى داشىزى سودا سارىيى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. تىجارەت كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، توپ ۋە پارچە سېتىشنى بىللە ئېلىپ بارىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

شۇ يىلى رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 123 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 113.07% گە توغرا كەلدى. پايدا ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 105.9% گە توغرا كەلدى.

شۇ يىلى مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 34 مىليون 311 مىڭ يۈەن، مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 13 مىليون 116 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1990-يىلى

2-ئاينىڭ 9-كۈنى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش بويىچە مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىر تەسىس قىلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنىنىڭ 12 كادىرى خىزمەت ئورنىغا كېلىشتىن بۇرۇن كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلىنىپ ئايرىم-ئايرىم ۋەزىپىگە قويۇلدى.

2-ئاينىڭ 10-كۈنى شەھەر باشلىقى يۇسۇپ ئەيسا، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى جاڭ گوۋىنلار شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا كېلىپ «قار-مۇزلارنى تازىلاش بويىچە ئىلغار مەھەللە ئىش باشقارمىسى» دېگەن لەۋھەنى تەقدىم قىلدى.

3-ئاينىڭ 3-كۈنى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كېڭگىر مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى شەھەر بويىچە تۇنجى ئاتا-ئانىلار مەكتىپى ئېچىپ، تۇنجى نۆركۇمدە 300 كۇرسانت قوبۇل قىلدى.

3-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تيانشان سودا سارىيى،

شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى قاتارلىق 33 كارخانىغا 1989-يىللىق «توختامنامىغا ئەھمىيەت بېرىپ، لەۋزىدە تۇرغان ئىلغار كارخانا» دېگەن نامنى بەردى.

3-ئاينىڭ 30-كۈنى تيانشان رايونى 1989-يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش خىزمىتى بويىچە خۇلاسە قىلىش-تەقدىرلەش ۋە 1990-يىللىق خىزمەتلەرگە سەپەرۋەرلىك قىلىش چوڭ يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 11 مۇنەۋۋەر ئورۇن، توققۇز ئەلا ئورۇن، 40 رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن، تۆت مەدەنىيەتلىك بۆلۈم، ئون مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسى، 20 مەدەنىيەتلىك بىنا، 12 بەشتە ياخشى ئائىلىلەر كومىتېتى، ئىككى مەدەنىيەتلىك يول، ئىككى مەدەنىيەتلىك كوچا، 106 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

3-ئايدا شىمالىي ئازادلىق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي شىنخۇا يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، دۆڭمەن، تىنچلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى، قارلىغاچلىق، ياشلار يولى، بەخت يولى قاتارلىق 11 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مالىيە ئورنى قۇرۇلدى.

4-ئاينىڭ 2-كۈنى رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا تۆھپە قوشۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىئانە توپلاش چوڭ يىغىنى ئاچتى. رايونغا قاراشلىق 50 ئورۇن شۇ مەيداندىلا 131 مىڭ 800 يۈەن ئىئانە قىلدى.بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەر ئىئانە قىلغان پۇل 35 مىڭ يۈەن، ئورۇنلار ئىئانە قىلغان پۇل 99 مىڭ 800 يۈەن.

4-ئاينىڭ 20-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تيانشان رايونىدا شەھەر بويىچە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خىزمەت قىلىش مەركىزىي خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. تيانشان رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمتىمىن سادىق رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن تيانشان رايونىنىڭ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خىزمەت قىلىش مەركىزىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى لى شىنرۇ بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى پەن جاۋمىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دەن گوجېڭ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇرۇنشېڭلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

5-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا 78 ھەيئەت قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ھەيئەت 32، يىغىندا 17 نەپەر دائىمىي ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى.

5-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق 11-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 223 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 76. يىغىن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىنى ۋە مالىيە خام چوتى، ئەقچوتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاپ چىقتى.

شۇ ئايدا رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسىدىكى 23 ئورۇن رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى چوڭلار مائارىپى ئىشخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان كادىر ياسىنغا قىزىنىڭ يۈرەك كېسىلىنى داۋالىتىشى ئۈچۈن 3045 يۈەن ئىئانە قىلدى.

6-ئاينىڭ 9-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، رايونلۇق

ھۆكۈمەت ئۈلانباي رايونىدا «ئىككىدە نەمۇنە بەرپا قىلىش» بويىچە ئورۇنلارغا نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، 37 ئورۇنغا «ئىككىدە نەمۇنە» دېگەن نامنى بەردى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇرۇنشېڭ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەن جاۋمىڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

6-ئاينىڭ 20-كۈنى ئەتىگەن سائەت بىردىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، بەشيۈلتۈز يولى ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ يېنىدىكى دۆڭگە سېلىنغان تيانشان تۈرلۈك ماللار سودا سارىيىنىڭ ئىسكىلاتىغا ئوت كېتىپ بىر مىليون يۈەن قىممىتىدىكى توڭلاتقۇ، ۋېلسىپىت زاپچاسلىرى قاتارلىق تاۋارلار كۆيۈپ كەتتى.

7-ئاينىڭ 8-كۈنى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆزى 3000 يۈەن توپلاپ، رايون بويىچە ئاممۋى مەدەنىيەت ئورنى قۇردى.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ـ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شەھەر ھاجەتخانىلىرىنى تازىلاش بۆلۈمىدىكى تۆت ئىشچى بۇلاق بېشى كوچىسىدا يۇندا تۇرۇبىسىنى راۋانلاشتۇ- رۇش مەشغۇلاتى ئۈستىدە سولفات ھىدروگېن گازىدا زەھەرلىنىش يۈز بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۈچ ئادەم خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالدى، بىر ئادەم ھايات مورتىغا ئايلاندى. ئىقتىسادىي زىيان 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

8-ئاينىڭ 5-كۈنى تيانشان رايونلۇق پاكىز شەھەر بەرپا قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 6-كۈنى قىزىل بايراق يولى يەر ئاستى سودا كوچىسى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. بۇ كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 285 مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7438 كۋادرات مېتر. بۇ تىنچلىق ۋە ئۇرۇش شارائىتىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان قۇرۇلۇش بولۇپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئەڭ چوڭ يەر ئاستى سودا كوچىسى ھېسابلىنىدۇ.

9-ئاينىڭ 1-كۈنى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇجىڭخۋا جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كېڭگېر مەسچىت كوچىسى 47-نومۇرلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقى قورۇسىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قورۇسىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

9-ئاينىڭ 11-كۈنى يىنچۈەن شەھىرىنىڭ شەھەر رايونى، نەنىنىڭ شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر رايونى، لاسا شەھىرىنىڭ شەھەر رايونى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

10-ئاينىڭ 17-كۈنى تيانشان رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

11-ئاينىڭ 27-كۈنى تيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يەتتە رايون، بىر ناھىيىنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتى بويىچە 4-قېتىملىق توغرا لىنىيىلىك ئالاقە باغلاش يىغىنى «ئۈچ چەمبەر» كەسپى شىركىتىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋەنشياڭ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جاۋخۇاشىڭ كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى.

12-ئاينىڭ 12-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت تيانشان رايونىغا مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقى، ئارمىيە خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش نەمۇنىلىك رايون دەپ نام بەردى.

12-ئاينىڭ 15-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئۈچىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ۋە ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى شىنجاڭ تەنتەربىيە سارىيىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈل- دى. رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار، ئورۇنلاردىن 2300 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا

62 ئىلغار ئورۇن، 14 ئىلغار كوللېكتىپ، 233 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

12-ئاينىڭ 20-كۈنى بېيمىن رايونىدىكى ياشلار يولى ئېغىزى، يېڭى دېموكراتىيە يولى ئېغىزى، نۇرلۇق يولى ئېغىزى، شىمالىي ئازادلىق يولى ئېغىزى قاتارلىق تۆت ئېغىزدىكى يەر ئاستى پىيادىلەر يولى پۈتۈپ، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

شۇ يىلى، پۈتۈن رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 132 مىليون 16 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 100.55 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. پايدا 5 مىليون 314 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىللىق پىلاننىڭ 96.63 پىرسەنتى ئورۇندالدى.

شۇ يىلى رايوننىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون 679 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 18 مىليون 155 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1991-يىلى

1-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭ بويىچە يەككە تىجارەتچىلەر مەبلەغ توپلاپ سالغان بازار، رابىيە قادىر سودا سارىيى قۇرۇلۇشى جەنۇبىي ئازادلىق يولى بۇلاق بېشى كوچىسى ئېغىزىدا باشلاندى. ئۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 10 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاساسلىق بىنا يەتتە قەۋەت.

1-ئاينىڭ 5-كۈنى سودا مىنىستىرلىكى ئىسلام رېستورانىنىڭ «تونۇر كاۋىپى»نى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دەپ رەسمىي تەستىقلىدى ھەمدە بۇ مەھسۇلات «ئالتۇن داڭقان» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1-ئاينىڭ 7-كۈنى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاڭ شۈيۈەن ۋە شەھەرلىك پىلانلاش ئىدارىسى، شەھەرلىك پىلان كومىتېتى، شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى، شەھەرلىك سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى، تيانشان رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى 13-، 19-باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. «ئىككى مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ، شۇ يىلى ئىچىدە پۈتتۈرۈپ ئىشلىتىش» ھەققىدە قارار چىقاردى. 11-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 16-كۈنىگىچە ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پۈتتۈرۈلدى. 13-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 3210 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 23 سىنىپ ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان 19-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 4507.3 كۋادرات مېتىر، 36 ئوقۇتۇش سىنىپى بار.

2-ئاينىڭ 4-كۈنى تيانشان رايونلۇق نىشانلىق باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

2-ئاينىڭ 11-كۈنى رايون بويىچە چاشقان يوقىتىش دورىسى چېچىش ئۈچۈن 4000 خادىم ئاجرىتىلىپ، چوڭ كۆلەمدە چاشقان يوقىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىش ئۈچۈن جەمئىي 29. 32 توننا زەھەرلىك يەم، 3.15 توننا ئارىلاشما يەم، 3300 تال شام، 14.9 كىلوگرام چىرىمتال پاراشوكى ئىشلىتىلدى. چاشقانلارنىڭ زىچلىق نىسبىتى چاشقان يوقىتىشتىن بۇرۇنقى 36% تىن 0.14% گە چۈشۈرۈلدى.

4-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش قارارى»غا ئاساسەن، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى «زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى زورلۇق بىلەن چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر-نى تاشلاتقۇزۇش ئورنى قۇردى.

4-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونى چېڭدۇ شەھىرىنىڭ جىنيۇ رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شيې فۇپىڭ شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ نۇقتىدا تۇردى. شيې فۇپىڭ شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن زېھىن-كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلەشنى، كۆكەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى، شەھەر قىياپىتى، تازىلىق باشقۇرۇشنى، قاتناش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى؛ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك ئۆرۈمچىلىكلەردىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شيې فۇپىڭ نۇقتىدا تۇرۇش مەزگىلىدە يەنە مەھەللە ئىش باشقارمىسى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى، شەخسەن ئۆزى يوللاردا پوستا تۇرۇپ، قاتناش بىخەتەرلىكىنى ياخشى ئىشلەشنى نازارەت قىلدى.

شۇ كۈنى تيانشان رايونى سىچۈەن ئۆلكىسى نېيجياڭ شەھىرىنىڭ شەھەر مەركىزىي رايونى بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتتى.

4-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى، رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لۇ جۈنجيې توققۇز يىلدىن بۇيانقى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئەسلىمە دوكلاتى بەردى. يىغىن تيانشان رايونىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ «ئۈچ يىللىق پىلانى، بەش يىللىق لايىھەسى، ئون يىللىق تەسەۋۋۇرى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى.

5-ئاينىڭ 6-كۈنى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگان كادىرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

5-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا قانۇن-تۈزۈم خىزمىتى كومىتېتى، مالىيە ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتى، ۋەكىللەر، كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت-مائارىپ، مىللەت-دىن ئىشلىرى خىزمىتى كومىتېتى، شەھەر قۇرۇلۇشى، تازىلىق ئىشلىرى خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق بەش ئورۇن تەسىس قىلىندى.

6-ئاينىڭ 11-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 12-كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ چىساۋ چاۋياڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

9-ئاينىڭ 4-كۈنى تيانشان رايونى تيەنجىن شەھىرىنىڭ خېدۇڭ رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

9-ئاينىڭ 25-كۈنى تيانشان رايونى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى»، «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن ئورۇنداشتا لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى»غا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تارقاتقان «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش خىزمىتىدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ناھىيە (شەھەر)» دېگەن لەۋھەگە ئېرىشتى.

9-ئايدا تيانشان رايونى شيەنياڭ شەھىرىنىڭ چىندۇ رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

11-ئاينىڭ 12-كۈنى تيانشان رايونى پىچان ناھىيىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

11-ئاينىڭ 18-كۈنى تيانشان رايونى بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى يىغىنى ھەم تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، رايون باشلىقى ئەركىن ئىبراھىم پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات بەردى، يىغىندا 62 ئىلغار كوللېكتىپ، 196 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

12-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە تيانشان رايونى بويىچە مائارىپ خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى،

مۇئاۋىن رايون باشلىقى مايۇفاڭ بەش يىلدىن بۇيانقى مائارىپ خىزمىتى ھەققىدە دوكلات بەردى. يىغىن «مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ 8-بەش يىللىق پىلانى ۋە ئون يىللىق پىلانى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى.

12-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق قىزىل كرېست جەمئىيىتى بىلەن ھىلال ئاي جەمئىيىتى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ھەم قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئىئانە قىلغان 116 مىڭ 900 يۈەن پۇل تاپشۇرۇۋېلىندى.

12-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 5-قۇرۇلتىيى چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 174 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاي رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق بەشىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلىدى. 5-نۆۋەتلىك رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە كۈرەش نىشانىنى يەنى «1. پۇرسەتنى تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. 2. سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قەتئىي قارشى تۇرۇش. 3. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەھەر رايوننى پاكىزلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈپ كۆكەرتىش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە ئىشلىرىنى ئىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش. 4. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش. 5. پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش»نى بېكىتتى.

شۇ يىلى رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 168 مىليون 91 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 120.26 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى؛ پايدا 6 مىليون 92 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 109.9 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى.

شۇ يىلى رايوننىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 42 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 24 مىليون 885 مىڭ يۈەن بولدى.

شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردىن بىر ئورۇن دۆلەت دەرىجىلىك يەككە تۈر مۇكاپاتىغا، ئىككى ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەككە تۈر مۇكاپاتىغا، تۆت ئورۇن شەھەر دەرىجىلىك ئومۇمىي مۇكاپاتقا، 20 ئورۇن يەككە تۈر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 1992-يىلى

2-ئاينىڭ 12-كۈنى رايون تەۋەسىدىكى 42 مەسچىتنىڭ ئاخۇنى، ئىماملىرىدىن جەمئىي 49 كىشى بىر قېتىمدىلا تيانشان رايونىنىڭ مېيىپلار ئىشلىرىغا 10 مىڭ 300 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

2-ئاينىڭ 24-كۈنى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تيانشان رايونىدا پارتىيە ئىنتىزامى ۋە قائىدىلىرى تەربىيىسى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، تيانشان رايونىنىڭ پارتىيە ئىنتىزام-قائىدىلىرى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى شەھەر بويىچە كېڭەيتتى.

3-ئاينىڭ 2-كۈنى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ رايون تەۋەسىدىكى پار قازاندىن ئىس-تۈتەك تارقىتىدىغان ۋە شاۋقۇن چىقىرىدىغان ئورۇنلاردىن بۇلغىنىشنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىش باشلاندى.

5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە تيانشان رايونى رايونغا قاراشلىق ئىقتىسادىي ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى مەملىكەتلىك ئۈچقۇن پىلانى ۋە پاتېنت تېخنىكا نەتىجىلىرى بويىچە كېڭەشىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، جەمئىي 58 تۈر ئۈستىدە كېڭەش ئېلىپ باردى ۋە 21 تۈرنى تاللاپ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونى خەلق مەيدانىدا ئۆسمۈرلەر ھەربىي (ساقچى) مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پاراتتىن ئۆتۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 28 ئۆسمۈرلەر ھەربىي (ساقچى) مەكتىپى سەپ تۈزۈپ پاراتتىن ئۆتتى، 1542 نەپەر ئوقۇغۇچى سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، گاۋخۇەنچاڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى.

6-ئاينىڭ 15-كۈنى رايونلۇق پارتكوم مۇھىم ئالاقە بۆلۈمى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ شىنخۇا مېھمانخانىسىغا بېرىپ تىجارەت ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا تيانشان رايونىنىڭ پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن نيۇيۇنزۇڭ، ئەركىن ئىبراھىم ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى قوبۇل قىلىپ، شىنخۇا مېھمانخانىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بازار قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ھەققىدە يوليورۇق بەردى.

8-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىرىنچى قېتىملىق باش قوشۇش يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان مېھمانخانىسىدا «مەملىكەت بويىچە بەش ئاپتونوم رايون مەركىزىي شەھەر رايونلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بويىچە ئالاقىلىشىش يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىنغا كۆكخوت شەھىرى ۋۇجياچۇ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، يىنچۇەن شەھىرى شەھەر رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، نەننىڭ شەھىرى شىڭنىڭ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، لاسا شەھىرى شەھەر رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللىرى قاتناشتى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شەھىرىمىزدىكى ئالتە رايون، بىر ناھىيە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گۇاڭجۇ شەھىرى خۇاڭپۇ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا جەمئىي 70 كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاساسلىقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، قانداق قىلغاندا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن نازارەتچىلىكىنى ۋە خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشى شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى مەسىلىسىنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلدى.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

8-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق پەن-تېخنىكا كومىتېتى، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىرلىكتە خەلق مەيدانىدا تۇنجى قېتىملىق تيانشان رايونى بويىچە پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ۋە پەن-تېخنىكا بازىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە رايون تەۋەسىدىكى 80 نەچچە ئورۇندىن 400 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى ۋە پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرى مۇلازىمەتكە قاتناشتى. تەشۋىقات ھەپتىلىكى جەريانىدا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن جەمئىي 32 مىڭ

پارچە تارقىتىلدى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) تەربىيەگە ئىگە بولدى؛ پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئۇن-سىندىن 746 مەيدان قويۇلدى. بۇنى كۆرگۈچىلەر 92 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى؛ 50 نەچچە پارچە ئېلان ئېسىلدى، 1220 پارچە شۇئار چاپلاندى.

8-ئاينىڭ 17-كۈنى تيانشان رايونى بىلەن شىنياڭ تىنچلىق رايونى بىرلىشىپ قۇرغان «تيەنخې ئۆي-زېمىن تەرەققىيات شىركىتى» داغدۇغىلىق تىجارەت باشلىدى، شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسا ۋە شىنياڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دىڭ شىفا تىجارەت باشلاش مۇراسىمىدا يوپۇق ئاچتى ۋە سۆز قىلدى.

8-ئاينىڭ 28-كۈنى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پۇل توپلاپ قۇرغان شىنخۇا سودا بازىرى پۈتتۈپ تىجارەت باشلىدى، بۇ بازارنىڭ كۆلىمى 1360 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق يايما ئاچقىلى بولىدۇ.

8-ئايدا شىنياڭ شەھىرى تىنچلىق رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى دىڭ شۈرېن باشچىلىقىدىكى ئالتە كىشى تيانشان رايونىغا كېلىپ تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

10-ئاينىڭ 5-كۈنى تيانشان رايونىدا شەھەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. سوتسىيالىزمنىڭ تەلىم-تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ دائىرىسى مۇنۇلار: 11 مەھەللە ئىش باشقارمىسى؛ رايونغا قاراشلىق سىياسىي قانۇن، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، مائارىپ، ئىقتىساد، شەھەر قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش سىستېمىلىرى؛ رايونلۇق ئورگاندىكى 53 ئورۇن؛ 103 ئاھالىلەر كومىتېتى؛ 48 مەسچىت. سوتسىيالىزمنىڭ تەلىم-تەربىيىدە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئوبيېكت قىلىندى.

10-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «يەتتە رايون، بىر ناھىيە»نىڭ 11-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنى ۋە ۋەكىللەر خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا 94 كىشى قاتناشتى. يىغىندا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ماتېرىيالىدىن سەككىز پارچە، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئىلمىي ماقالىسىدىن 34 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى.

10-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە رايون بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىن 720 كىشى، رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردىن 409 كىشى ئاجرىتىلىپ سايلام خىزمەت بەنزىسى تەشكىل قىلىندى. سايلىغۇچىلاردىن جەمئىي 200 مىڭ 287 كىشى تىزىملىنىپ، بۇلار 117 سايلام رايونىغا بۆلۈندى. تيانشان رايونلۇق 12-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 224 ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 78.

11-ئاينىڭ 3-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئوتتۇرا ئۆي تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

12-ئايدا تيانشان رايونلۇق تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن «تيانشان رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى.

شۇ يىلى تيانشان رايونى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى سىستېمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 140 مىليون يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 5 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 4 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىليون

يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن رايون (نامىيە)لىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق 20 كارخانا ئۈرۈمچى يەرلىك سودا-چېگرا سودىسى كېڭىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، 14 چوڭ تۈر بويىچە 286 خىل مەھسۇلاتنى يەرمەنكىگە قويۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 25 سودا ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودا ئۆمەكلىرى بىلەن 27 تۈر بويىچە توختام-ئىمزالىدى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەر بىلەن تۈزگەن توختام 13، مەملىكەت ئىچىدىكىلەر بىلەن تۈزگەن توختام 14.

شۇ يىلى رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 217 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 122.76 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. پايدا 7 مىليون 426 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلاننىڭ 114.02 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى.

شۇ يىلى رايوننىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 51 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 28 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولدى.

# 1-بۆلۈم

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، ئاھالە

## ئومۇمىي بايان

تيانشان رايونى ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ئۆلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەيۋۇپۇ رايونىدا بايقالغان يېڭى تاش قورال دەۋرى خارابىلىرى بۇنىڭدىن 6000—7000 يىللار بۇرۇنلا بۇ يەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ جاي غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جىيې بەگلىكىگە، بېيلۇ بەگلىكىگە قارايتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە قاڭقىلار دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. ئۈچ پادىشاھلىق ۋاقتىدا ئارقا قاڭقىلىغا تەۋە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن سەلتەنەتىنىڭ 14-يىلى (مىلادى 640-يىلى) بېشبالىققا تەۋە بولغان. ۋۇخۇ دەۋرىگە كەلگەندە بېشبالىق باش قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىغا، يۈەن سۇلالىسى ۋاقتىدا بېشبالىققا، مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئويراتلارنىڭ خوشۇت قەبىلىسىگە تەۋە بولۇپ، كېيىن جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كومۇنىيات كۆچمەن قەبىلىسىگە تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھازىرقى نەنمىننىڭ سىرتىدا بىر توپا سېپىل قۇرغان. كېيىن چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى)غىچە دىخۇا شەھىرى قىلىپ كېڭەيتىلگەن. چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 38-يىلى (1773-يىلى) دىخۇا مەركەزگە تەۋە بولغان. گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) دىخۇا مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) دىخۇا مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دىخۇا ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) دىخۇا شەھىرى تەسىس قىلىنىپ، دىخۇا شەھىرىنىڭ 1-، 2-، 3-، 5-رايونى بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دىخۇا شەھىرىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايونى بولغان. 1956-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1-، 2-رايونى (1957-يىلى تيانشان رايونى ۋە دوستلۇق رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) بولغان. 1960-يىلى تيانشان رايونى دەپ ئاتالغان. رايون تەۋەلىكىدىكى ئاھالە پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. نوپۇس باشقۇرۇش قىلتىق بولۇپ، باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرى كۈندىن-كۈنگە سىستېمىلاشماقتا ۋە ئىلمىيلەشمەكتە. ئۈچاشنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئاھالە ئىنتايىن زىچ ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئاھالىنىڭ ئېشىش

دەرىجىسى زورىيىپ، نوپۇسنىڭ مېخانىك كۆپىيىشى تەبىئىي كۆپىيىشتىن يۇقىرى بولۇپ كەتتى.

1957-يىلى خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلۇپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى تىزگىنلىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى. تۇغۇلۇش نىسبىتى 1961-يىلدىكى 34.73‰ تىن 1987-يىلغا كەلگەندە 12.61‰ كە چۈشتى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1961-يىلدىكى 26.86‰ تىن 1987-يىلغا كەلگەندە 9.57‰ كە چۈشتى.

1984-يىلى سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىش شەرتى ئاساسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش باشلاندى.

1987-يىلى، تيانشان رايونىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 98 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر رايونىنىڭ يەر مەيدانى 14 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 12 گە، ئاھالىلەر كومىتېتى 109غا، ئاھالىسى 82 مىڭ 152 گە، نوپۇسى 320 مىڭ 501 گە يەتتى.

# 1-باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

## 1-پاراگراف جۇغراپىيىلىك ئورنى

تيانشان رايونى بوغدا تېغىنىڭ غەربىدىن ئۈرۈمچى دەريا قىنىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. 1987-يىلى ئۇنىڭ دائىرىسى جەنۇبتىن ئۆلانباي خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغىچە، شىمالدا شەرقىي قاراماي يولىغىچە، شەرقتە دۆلەت چېگرا يولىغىچە، غەربىي ساي يولى ۋە تىنچلىق ئۆستەڭگى بويىغىچە كېڭەيدى. بۇ رايونىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى توققۇز كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 98 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى شەرقىي مېرىدىئان 87°12′10″~86°37′56″، شىمالىي پاراللېل 43°1′8″~43°36′1″ بولۇپ، شەرق، جەنۇب تەرىپىتە ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن قوشنا، غەربتە تىنچلىق ئۆستەڭگى ئارقىلىق سايباغ رايونى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شىمالدا شىمىكۇ رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

## 2-پاراگراف مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) ھازىرقى رايونغا قاراشلىق بۇلاق بېشى كوچىسىنىڭ شىمالىدىن نەنمىنگىچە ئېگىزلىكى تۆت مېتىر (بىر جاڭ ئىككى چى)، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.5 چاقىرىم كېلىدىغان سېپىل سوقۇلغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) بۇ سېپىل شىمالغا كېڭەيتىلىش ئارقىلىق يېڭى سېپىل قۇرۇلغان. يېڭى سېپىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 5.4 چاقىرىم، ئېگىزلىكى 5.3 مېتىر (بىر جاڭ ئالتە چى)، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 3.3 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 2.6 مېتىر بولۇپ، سېپىل ئەتراپىغا كەڭلىكى 3.3 مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇر خەندەك كولانغان، سېپىلگە تۆت دەرۋازا ئورنىتىلغان. شەرقىي دەرۋازىسى «خۇيفۇ»، غەربىي دەرۋازىسى «چىڭفېڭ»، جەنۇبىي دەرۋازىسى «جياۋفۇ»، شىمالىي دەرۋازىسى «جىڭخۇي» دەپ ئاتالغان، بۇ شەھەر دىخۇا دەپ ئاتىلىپ ئادەتتە «خەنزۇلار شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 5-يىلى (1825-يىلى) دىخۇا شەھىرىنىڭ شەرقى (ھازىرقى دۆلەت قورۇش يولى) ئەتراپىدا مەنچىڭ ھەربىي گازارما سېپىلى سوقۇلغان، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 6-يىلى (1880-يىلى) مەنچىڭ توپا سېپىلىنىڭ ئورنىغا مانجۇ سېپىلى سېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) خەنزۇلار سېپىلى بىلەن مانجۇ سېپىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ كېڭەيتىپ سوقۇلۇپ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 11.52 چاقىرىم قىلىنغان، يەنە ئۈچ دەرۋازا كۆپەيتىپ ئېچىلغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىخۇا شەھىرىدە بەش رايون تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2-، 3-، 5-رايونلار تيانشان رايونى چېگرىسى ئىچىدە ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دىخۇا شەھىرى يەنىلا بەش رايونغا ئايرىلغانىدى. 1951-يىلىنىڭ باشلىرى بۇ بەش رايون يەتتە رايون قىلىپ تەڭشەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايون تيانشان رايونىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ، يەر مەيدانى تەخمىنەن 14 كۋادرات كىلومېتىر ئىدى. گ 1956-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي رايونلارغا تەڭشەپ، 1-، 4-(قىسمەن)، 5-رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ 1-رايون قىلغان (1957-يىلى تيانشان رايونى دەپ نام بەرگەن)؛ 2-، 3-، 4-رايون (قىسمەن) رايونىنى 2-رايون قىلىپ بېكىتكەن، (1957-يىلى دوستلۇق رايونى دەپ نام بەرگەن) ھەمدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە تەۋە قارلىغاچلىقنىڭ قىسمەن مەمۇرىي رايونلىرىنى 2-رايونغا ئايرىپ بەرگەن.

1957-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تيانشان رايونىدا ليۇداۋان، دوڭمېن، شىمېن، نەنمېن، شىخاگەي قاتارلىق مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى تەسىس قىلىنغان، دوستلۇق رايونىدا غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، ئازادلىق يولى، شياۋ دۇڭلياڭ، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى تەسىس قىلىنغان. 1959-يىلى شەھەرلەرنى خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى جەريانىدا غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى غالىبىيەت خەلق گۇڭشېسىغا، ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىتتىپاق خەلق گۇڭشېسىغا، ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بۇلاق بېشى خەلق گۇڭشېسىغا، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنخۇا خەلق گۇڭشېسىغا، شياۋدۇڭلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى يۈجىڭ خەلق گۇڭشېسىغا، نەنمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسى تىنچلىق خەلق گۇڭشېسىغا، دۇڭمېن ئىش باشقارمىسى چۈەنسەن خەلق گۇڭشېسىغا، شىخاگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىزىل تاغ خەلق گۇڭشېسىغا، شىمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسى دېموكراتىك خەلق گۇڭشېسىغا، ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى ليۇداۋان خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1960-يىلى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رايونلارنى يەنە بىر قېتىم تەڭشەپ، تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىنى قوشۇپ، تيانشان رايونى دەپ نام بەرگەن. ئىتتىپاق، غالىبىيەت خەلق گۇڭشېلىرىنى قوشۇپ دوستلۇق خەلق گۇڭشېسى دەپ، بۇلاق بېشى، يۈجىڭ، شىنخۇا خەلق گۇڭشېلىرىنى قوشۇپ شىنخۇا خەلق گۇڭشېسى دەپ، چۈەنسەن، تىنچلىق خەلق گۇڭشېلىرىنى قوشۇپ چۈەنسەن خەلق گۇڭشېسى دەپ، قىزىل تاغ، دېموكراتىك خەلق گۇڭشېلىرىنى قوشۇپ قىزىل تاغ خەلق گۇڭشېسى دەپ نام بەرگەن. 1962-يىلى ئەسلىدىكى ئون مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، 1969-يىل 3-ئايدا مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

1976-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى، ئازادلىق يولى، مال بازىرى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئاتالغان. 1977-يىلى شىمېن، نەنمېن مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئاتالغان.

1977-يىل 2-ئايدا، شياۋ دۇڭلياڭ مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

1979-يىلى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى دېگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

1982-يىل 10-ئايدا، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆلانباي ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىدا قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان. ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1985-يىل 7-ئايدا، غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن ساي يولى، سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، 3-كۆۋرۈك، 4-كۆۋرۈك، جەنۇبىي باغچا، جەنۇبىي ئۆستەڭ كوچىسى، شىخابا ئالدى كوچىسى، شىخابا ئارقا كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى بۆلۈنۈپ چىقىپ، جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8-ئايدا، شىمالىي ئازادلىق يولى ئىش باشقارمىسىدىن بەخت يولى، تەنتەربىيە يولى، كىنو-تىياتىرخانا، ساناتورىيە كوچىسى، دوڭخۇەن يولى، بەخت يولى 4-كوچا، دۇڭدالى-ياڭ ئاھالىلەر كومىتېتلىرى ئايرىلىپ چىقىپ، بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىدىن 32 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى ناھىيە ئۆلانباي سانائەت رايونىنى تيانشان رايونىغا بۆلۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. 8-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۆلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى بولدى. ئۇلار: ئۆلانباي، قارلىغاچلىق، غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، تىنچلىق يولى، بەخت يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، دۇڭمېن، شىمالىي شىنخۇا يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن ئىبارەت.

# 2-باب ئاھالە

## 1-پاراگراف ئاھالە ئەھۋالى

### بىرىنچى، نوپۇس قۇرۇلمىسى

#### 1) جىنس قۇرۇلمىسى

ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1950-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 82 مىڭ 677 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 46مىڭ ئۈچ، ئاياللار 36 مىڭ 674، جىنس ئايرىما پەرقى (ئاياللار 100± گە باراۋەر) 125.44 بولغان. 1964-يىلى ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەندە پۈتۈن رايوننىڭ ئاھالىسى 147 مىڭ 618 بولۇپ، جىنس ئايرىما پەرقى 109.11 بولغان. 1982-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، پۈتۈن رايوننىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 282مىڭ 476 گە كۆپەيگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 142 مىڭ 711 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %50.52 نى، ئاياللار 139 مىڭ 765 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %49.48نى ئىگىلىگەن. جىنس ئايرىما پەرقى 102.1 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئاھالە جىنس ئايرىمىسى بارا-بارا تەڭپۇڭلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

#### 2) ياش قۇرۇلمىسى

1964-يىلى بىلەن 1982-يىلى سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن رايوننىڭ ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدىكى 0 ~14 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈر باللار 62 مىڭ 392 دىن 84 مىڭ 424 كە كۆپىيىپ، %35.31 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئوغۇللار 32 مىڭ 256 دىن 43 مىڭ 368 گە كۆپىيىپ، %34.45 ئاشقان؛ قىزلار 30 مىڭ 136 دىن 41 مىڭ 56 كە كۆپىيىپ، %36.24 ئاشقان. ئۆسمۈرلەر كوئېففىتسېنتى %42.26 تىن %29.89 كە چۈشكەن. 15~49 ياشقىچە بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار 72 مىڭ 322 دىن 164 مىڭ 461 گە كۆپىيىپ، %127.4 ئاشقان؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 37مىڭ 786 دىن 80 مىڭ 664 كە كۆپىيىپ %113.48 ئاشقان. ئاياللار 34 مىڭ 536 دىن 83 مىڭ 797 گە كۆپىيىپ، %142.64 ئاشقان. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كوئېففىتسېنتى %48.99 تىن %58.22 كە ئۆرلىگەن. يېشى 65 ياشتىن يۇقىرى بولغان ياشانغانلار 3366 دىن 8321 گە كۆپىيىپ، %147.2 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 1945 كىشىدىن 4072 كە كۆپىيىپ، %109.36 ئاشقان. ئاياللار 1421 دىن 4292 گە كۆپىيىپ، %199.01 ئاشقان. ياشانغانلار كوئېففىتسېنتى %2.28 دىن %2.95 كە ئۆرلىگەن. 100 ياشتىن ئاشقانلار %25 ئۆرلىگەن، قېرىلىشىش كۆرسەتكۈچى (ياشان انلار بىلەن ئۆسمۈرلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى) %5.39 تىن %9.82 كە ئۆرلىگەن. پۈتۈن رايوندىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 22.1 ياشتىن 26.9 ياشقا ئۆرلەپ، ياشلىق قۇرۇلمىسىنى ئاساسەن ساقلاپ قالغان.

3) مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

1964-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايوندىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ساۋاتلىقلار 86 مىڭ 229 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %58.41 نىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىكىلەرى بىلەن ئومۇمىي ئاھالىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرغاندىكى ئەھۋال مۇنداق: چالا ساۋاتلىقلار 3575 كىشى بولۇپ، %2.42 نى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار 26 مىڭ 740 نەپەر بولۇپ، %18.11 نى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى مەلۇماتىغا ئىگە بولغانلار 18 مىڭ 924 نەپەر بولۇپ، %12.82 نى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 20 مىڭ 22 نەپەر بولۇپ، %13.56 نى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 10 مىڭ 768 نەپەر بولۇپ، %7.29 نى؛ ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 6180 نەپەر بولۇپ، %4.19 نى ئىگىلىگەن.

1982-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، پۈتۈن رايون تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 227 مىڭ 915 نەپەر (ئەرلەر 119 مىڭ 676، ئاياللار 108 مىڭ 239 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %80.68 نىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 82 مىڭ 805 نەپەر (ئەرلەر 43 مىڭ 486، ئاياللار 39 مىڭ 319 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %29.31 نىنى ئىگىلىگەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 81 مىڭ 530 نەپەر (ئەرلەر 43مىڭ 371، ئاياللار 38 مىڭ 159 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %28.86 نىنى ئىگىلىگەن. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 48 مىڭ 253 نەپەر (ئەرلەر 22 مىڭ 656، ئاياللار 25 مىڭ 597 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %17.08 نىنى ئىگىلىگەن. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 5232 نەپەر (ئەرلەر 3384، ئاياللار 1848 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %1.85 نىنى ئىگىلىگەن. ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 10 مىڭ 95 نەپەر (ئەرلەر 6779، ئاياللار 3316 نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %3.57 نىنى ئىگىلىگەن. ئالتە ياشتىن يۇقىرى ئاھالىلار ئىچىدە ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار 32 مىڭ 333 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %11.45 نىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 6~11 ياشقىچە

بولغانلار 7872 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %2.79 نى ئىگىلىگەن.

1964-يىلى بىلەن 1982-يىلىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە، ئالىي تېخنىكۇمدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئاھالىلەر 418 دىن 518 گە ئۆرلىگەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 729 دىن 1708 گە ئۆرلىگەن؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 1356 دىن 2886 گە ئۆرلىگەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 2053 دىن 2931 گە ئۆرلىگەن، ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ ئاھالە ئىچىدىكى نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %20.5 دىن %11.45 كە تۆۋەنلىگەن.

4) مىللەتلەر قۇرۇلمىسى

1964-يىلدىن بۇرۇن، رايوندا جەمئىي 27 مىللەت بولۇپ، كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يەتتە مىللەت قوشۇلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە رايوندىكى مىللەت سانى جەمئىي 34 كە يەتتى.

1964-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، خەنزۇلار 103 مىڭ 492 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %70.11 نى ئىگىلىگەن؛ ئۇيغۇرلار 22 مىڭ 816 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %15.46 نى؛ خۇيزۇلار 18 مىڭ 74 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %12.24 نى؛ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 3236 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.19 نى ئىگىلىگەن.

1982-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە پۈتۈن رايوندىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 207 مىڭ 887 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %73.59 نى، ئۇيغۇرلار 42 مىڭ 522 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %15.05 نى؛ خۇيزۇلار 25 مىڭ 438 بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %9.02 نى؛ باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 7417 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %2.63 نى ئىگىلىگەن.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 75 مىڭ 377 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار %56.41 نى، خۇيزۇلار %33.75 نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر %9.84 نى ئىگىلەيدۇ.

5) كەسىپ قۇرۇلمىسى

1982-يىللىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايون تەۋەسىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ئاھالە 148 مىڭ 676 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %52.63 نى ئىگىلىگەن. ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئىچىدە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 28 مىڭ 768 نەپەر بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ %19.35 نى، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا كەسپىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى 9151 نەپەر بولۇپ، %6.15 نى، ئىش بېجىرگۈچى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار 12 مىڭ 201 نەپەر بولۇپ، %8.21 نى؛ سودا خىزمەتچى خادىملار 12 مىڭ 330 نەپەر بولۇپ، %8.29 نى؛ مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسپىنكى خىزمەتچى خادىملار 12 مىڭ 974 نەپەر بولۇپ، %8.73 نى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمگەكچىلەر 1302 نەپەر بولۇپ، %0.88 نى؛ ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش-ترانسپورت ئىشچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار 71 مىڭ 875 نەپەر بولۇپ، %48.34 نى، تۈرگە ئايرىشقا بولمىغان ئەمگەكچىلەر 75 نەپەر بولۇپ، %0.05 نى ئىگىلىگەن.

**ئىككىنچى، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

1) تەبىئىي ئۆزگىرىش:

1950—1960-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى كوئېففىتسېنتىدە تۆۋەنلەشتىن يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1961-يىلدىن 1963-يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە 21 مىڭ 633 بالا تۇغۇلغان، 3089 ئادەم ئۆلگەن، تۇغۇلغانلار بىلەن ئۆلگەنلەرنى بالانس قىلغاندىن كېيىن تەبىئىي

كۆپەيگەن ئاھالە 18 مىڭ 544 ئادەمگە يېتىپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 35.58‰ بولۇپ، تيانشان رايونىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاھالىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىكى بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1963-يىلى بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 46.22‰ كە يېتىپ، تارىختا تۇغۇلۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولغان.

1964-يىلدىن 1974-يىلغىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇشى يۇقىرى ئۆرلەش ھالىتىگە ئۆتكەن. بۇ ئون يىل ئىچىدە 42 مىڭ 529 بالا تۇغۇلغان، 6645 ئادەم ئۆلگەن، تۇغۇلغانلار بىلەن ئۆلگەنلەرنى بالانس قىلغاندا ساپ كۆپەيگەن ئاھالە 35 مىڭ 884 نەپەر بولۇپ، ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰21.57 بولغان. ئاھالىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى گەرچە بىرىنچى قېتىملىق يۇقىرى كۆپىيىش مەزگىلىدىكى نىسبەتتىن 14.01‰ تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچىدا تۇرغان.

1975-يىلى پىلانلىق تۇغۇت تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.52‰ كە چۈشكەن، 1987-يىلى يەنە 12.61‰ كە چۈشۈپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1978-يىلى تۇغۇلۇش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ 9.28‰ بولغان. تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1975-يىلدىكى 12.46‰ تىن 1987-يىلغا بارغاندا 9.57‰ كە تۆۋەنلىگەن.

2) مېخانىك ئۆزگىرىش

سابىق دىخۇا شەھىرىنىڭ ئاھالىلەر تەرەققىياتىدا تەبىئىي كۆپىيىشتىن سىرت، ئاھالىنىڭ تېز كۆپىيىشىدە يەنە مۇنداق ئۈچ چوڭ ئامىل بار: بىرىنچى، ئىچكىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر؛ ئىككىنچى، ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەر؛ ئۈچىنچى، ھەربىيلەرنىڭ بىللە كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئىبارەت.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) بىر تۈركۈم ئارمىيىدىكىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن 522 ئائىلە، 1796 ئادەم كۆچۈپ كەلگەن؛ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 29-يىلى (1764-يىلى) گەنسۇدىن 1910 ئائىلىلىك كۆچمەن كۆچۈپ كەلگەن؛ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 31-يىلى (1766-يىلى) ئىچكىرىدىن 400 نەپەر جىنايەتچى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن؛ 1949-يىلىغا بارغاندا ھازىرقى رايون تەۋەلىكىدىكى ئاھالە 83 مىڭ 376 گە يەتكەن.

1950-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ئومۇمىي ئاھالە 82 مىڭ 677 نەپەر بولۇپ، 1954-يىلىغا كەلگەندە 85 مىڭ 888 گە كۆپىيىپ، 1950-يىلدىكىدىن 3211 ئادەم كۆپەيگەن؛ كۆپىيىش نىسبىتى 3.88% بولغان. بىراق، 1950-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى دۆلەت چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىق قىلىپ، ئىچكىرىدىن چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن نەچچە تۈركۈم ئادەملەرنى يۆتكەپ كېلىپ، ھەرقايسى سەپلەرگە تەقسىم قىلغان، يەنە بەزى يېزا كىشىلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن رايونغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، 1960-يىلى، پۈتۈن رايوننىڭ ئاھالىسى 212 مىڭ 177 گە تەرەققىي قىلغان، 1961-يىلى شەھەر نوپۇسىنى قىسقارتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئاھالىسى 181 مىڭ 394 كە تۆۋەنلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يىلدىن يىلغا تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىپ، 1964-يىلى 146 مىڭ 512 گە تۆۋەنلىگەن.

1961~1964-يىلغىچە جەمئىي 67 مىڭ 494 ئادەم كۆچۈپ كەتكەن، 29 مىڭ 621 ئادەم كۆچۈپ كىرىپ، كۆچۈپ كەتكەنلەر كۆچۈپ كىرگەنلەردىن 37 مىڭ 873 نەپەر كۆپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇنجى مەنپىي كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ قالغان.

1965~1970-يىلغىچە، زور تۈركۈمدىكى زىيالىي ياشلار يېزىلارغا چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكى ۋە شەھەر

نوپۇسى تارقاقلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، نوپۇسنىڭ مېخانىك ئۆزگىرىشىدە نەچچە قېتىم ئۆرلەش-پەسىيىش بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1966-يىلدىن 1968-يىلغىچە كۆچۈپ كەتكەنلەر كۆچۈپ كىرگەنلەردىن كۆپ بولۇپ، 4641 كىشى مەنپىي كۆپەيگەن، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق مەنپىي كۆپىيىش مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قالغان يىللىرى كۆچۈپ كىرگەنلەر كۆچۈپ كەتكەنلەردىن كۆپ بولغان.

1971~1987-يىلغىچە، ئومۇمىي ئاھالە يىلمۇ يىل كۆپىيىشكە باشلىغان. 1979-يىلى ۋە 1982-يىللىرى كۆچۈپ كەتكەنلەر كۆچۈپ كىرگەن 2048 كىشىدىن كۆپ بولغاندىن باشقا، قالغان يىللىرى كۆچۈپ كىرگەنلەر كۆچۈپ كەتكەنلەردىن كۆپ بولغان.

## ئۈچىنچى، نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقى

1950-يىلى، 1-رايوننىڭ ئاھالىسى 20 مىڭ 586 بولۇپ، ھەرقايسى رايونلار ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 24.89% نى ئىگىلىگەن. 2-رايوننىڭ ئاھالىسى 31 مىڭ 332 بولۇپ، ھەرقايسى رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 37.89% نى ئىگىلىگەن، 3-رايوننىڭ ئاھالىسى 13 مىڭ 227 بولۇپ، ھەرقايسى رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 15.99% نى ئىگىلىگەن. 4-، 5-رايونلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 17 مىڭ 532 بولۇپ، ھەرقايسى رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 21.20% نى ئىگىلىگەن.

1959-يىلى، تيانشان رايوننىڭ ئاھالىسى 103 مىڭ ئون بولۇپ، ئىككى رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 59.05% نى ئىگىلىگەن، دوستلۇق رايوننىڭ ئاھالىسى 71 مىڭ 445 بولۇپ، ئىككى رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 40.95% نى ئىگىلىگەن.

1982-يىللىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، غالىبىيەت يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 37 مىڭ 407 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 13.24% نى، ئىتتىپاق يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 25 مىڭ 866 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 9.16% نى، تىنچلىق يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 21 مىڭ 797 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 72%. 7 نى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 34 مىڭ 569 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 12.24% نى، شىمالىي ئازادلىق يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 40 مىڭ 932 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 14.49% نى، شىمالىي شىنخۇا يولى رايوننىڭ ئاھالىسى 24 مىڭ 121 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 8.54% نى، دوڭمېن رايوننىڭ ئاھالىسى 42 مىڭ 758 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 15.14% نى، ليۇداۋان رايوننىڭ ئاھالىسى 28 مىڭ 496 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 10.09% نى، ئۆلانباي رايوننىڭ ئاھالىسى 10 مىڭ 549 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 3.73% نى، قارلىغاچلىق رايوننىڭ ئاھالىسى 15 مىڭ 981 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 5.66% نى ئىگىلىگەن.

1985-يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايون تەۋەسىدە 33 مىللەت، 301 مىڭ 558 نوپۇس بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 48 مىڭ 634 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 16.13% نى ئىگىلىگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى، شىخابا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلاردىن قالسا خۇيزۇلار بولۇپ، ئاھالىسى جەمئىي 26 مىڭ 644 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 8.84% نى ئىگىلىگەن، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى نەنگۇەن، شياۋدۇڭلياڭ رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالىسى جەمئىي 8156 بولۇپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 2.70% نى ئىگىلىگەن، بۇلار پۈتۈن رايون تەۋەسىدە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

38 يىل مابەينىدە، تيانشان رايونى ئاھالىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تيانشان

رايوننىڭ يەر مەيدانىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئاھالىنىڭ زىچلىقىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى. 1982-يىلى ھەربىر كۋادرات كىلومېترغا 2708.50 ئادەم توغرا كەلگەن بولسا، 1987-يىلىغا كەلگەندە ھەربىر كۋادرات كىلومېترغا 2597.63 ئادەم توغرا كېلىپ، ھەربىر كۋادرات كىلومېتر يەرگە توغرا كېلىدىغان ئادەم سانى 110.87 ئادەم ئازايدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئاھالىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى رايونغا قاراشلىق يەر مەيدانىنىڭ كېڭىيىش نىسبىتىدىن كىچىك بولغانلىقتىندۇر.

## 1982-يىلى تيانشان رايونىدىكى ئاھالىنىڭ تارقىلىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-2-1-1 جەدۋەل

| تۈر | | | ئائىلە سانى، ئاھالە سانى |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئائىلە سانى | | | 66705 |
| ئومۇمىي ئادەم سانى | | | 282476 |
| غالىبىيەت يولى مەھەللە باشقارمىسى | غالىبىيەت يولى پەيچۇسوسى | ئائىلە | 7505 |
| | | ئادەم | 37407 |
| ئىتتىپاق يولى مەھەللە باشقارمىسى | باخۇلياڭ پەيچۇسوسى | ئائىلە | 5975 |
| | | ئادەم | 25866 |
| تىنچلىق يولى مەھەللە باشقارمىسى | شياۋدۇڭلياڭ پەيچۇسوسى | ئائىلە | 5069 |
| | | ئادەم | 21797 |
| جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە باشقارمىسى | نەنگۇمەن، شىخابا پەيچۇسوسى | ئائىلە | 8382 |
| | | ئادەم | 34569 |
| شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە باشقارمىسى | شىمەن، نەنمەن پەيچۇسوسى | ئائىلە | 10049 |
| | | ئادەم | 40932 |
| شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە باشقارمىسى | شىخېجى پەيچۇسوسى | ئائىلە | 5931 |
| | | ئادەم | 24121 |
| دۇڭمەن مەھەللە باشقارمىسى | دۇڭمەن پەيچۇسوسى | ئائىلە | 10340 |
| | | ئادەم | 42758 |
| ليۇداۋان مەھەللە باشقارمىسى | ليۇداۋان پەيچۇسوسى | ئائىلە | 6664 |
| | | ئادەم | 28496 |
| ئۇلانباي رايونى مەھەللە باشقارمىسى | ئۇلانباي پەيچۇسوسى | ئائىلە | 2546 |
| | | ئادەم | 10549 |
| قارلىغاچلىق رايونى مەھەللە باشقارمىسى | قارلىغاچلىق پەيچۇسوسى | ئائىلە | 4244 |
| | | ئادەم | 15981 |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى ئاھالە سانى 1982-يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 3-نۆۋەتلىك ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سان.

# تيانشان رايونىدىكى ئاھالىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

2-1-2-1جەدۋەل

| مېخانىكىلىق ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | | | تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى | | | | | | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| «+»ياكى «-» | | يۆتكىلىپ كەلگىنى | | يۆتكىلىپ كەتكىنى | | تەبىئىي كۆپەيگىنى | | ئۆلگىنى | | تۇغۇلغىنى | | |
| % | سانى | % | سانى | % | سانى | % | سانى | % | سانى | % | سانى | |
| -7.38 | -13394 | 7.83 | 14209 | 15.21 | 27603 | 26.86 | 4874 | 7.86 | 1427 | 34.73 | 6301 | 1961 |
| -10.23 | -17402 | 4.35 | 7406 | 14.59 | 24808 | 38.61 | 6564 | 5.44 | 925 | (44.05) | 7489 | 1962 |
| -3.45 | -5868 | 3.46 | 5879 | 6.92 | 11747 | 41.88 | 7106 | 4.34 | 737 | 46.22 | 7843 | 1963 |
| -0.42 | -619 | 1.85 | 2717 | 2.27 | 3336 | 19.12 | 2802 | 3.43 | 503 | 22.55 | 3305 | 1964 |
| 5.16 | 9786 | 9.82 | (18624) | 4.66 | 8838 | 25.04 | 4746 | 4.17 | 792 | 29.22 | 5538 | 1965 |
| -2.46 | -4617 | 6.34 | 11875 | 8.80 | 16492 | 21.93 | 4108 | 4.48 | 840 | 26.42 | 4948 | 1966 |
| 0.84 | 1581 | 3.98 | 7427 | 3.13 | 5846 | 18.45 | 3443 | 4.24 | 791 | 22.70 | 4234 | 1967 |
| -0.01 | -24 | 1.93 | 3766 | 1.95 | 3790 | 22.34 | 4338 | 4.44 | 863 | 26.79 | 5201 | 1968 |
| -3.28 | -5083 | 4.56 | 7065 | 7.84 | 12148 | 26.54 | 4111 | 4.37 | 669 | 33.86 | 4780 | 1971 |
| 5.04 | 9548 | 8.61 | 16314 | 3.57 | 6766 | 22.68 | 4295 | 3.59 | 680 | 26.27 | 4975 | 1972 |
| 6.22 | 12766 | 7.65 | 15685 | 1.42 | 2919 | 23.28 | 4772 | 3.32 | 681 | 26.60 | 5453 | 1973 |
| 0.51 | 1076 | 2.01 | 4219 | 1.49 | 3143 | 16.44 | 3449 | 3.93 | 826 | 20.38 | 4275 | 1974 |
| 2.65 | 6128 | 4.80 | 11113 | 2.15 | 4985 | 12.46 | 2882 | 4.06 | 939 | 16.52 | 3821 | 1975 |
| 0.83 | 1961 | 4.38 | 10341 | 3.55 | 8380 | 11.56 | 2727 | 3.64 | 860 | 15.21 | 3587 | 1976 |
| 0.65 | 1540 | 2.72 | 6437 | 2.07 | 4897 | 8.71 | 2057 | 4.01 | 947 | 12.72 | 3004 | 1977 |
| 0.71 | 1702 | 2.33 | 5956 | 1.79 | 4254 | 5.90 | 1398 | 3.38 | 801 | 9.28 | 2199 | 1978 |
| -0.74 | -1976 | 0.73 | 1868 | 1.50 | 3844 | 7.56 | 1931 | 3.58 | 916 | 11.15 | 2874 | 1979 |
| 2.68 | 7121 | 5.23 | 13856 | 2.54 | 6735 | 8.01 | 2123 | 3.36 | 829 | 11.14 | 2952 | 1980 |
| 1.30 | 3552 | 2.80 | 7644 | 1.50 | 4092 | 9.05 | 2465 | 3.44 | 839 | 12.49 | 3404 | 1981 |
| -0.02 | -72 | 3.46 | 9690 | 3.49 | 9762 | 10.34 | 2892 | 3.67 | 1027 | 14.01 | 3919 | 1982 |
| 0.70 | 1989 | 2.72 | 7641 | 2.01 | 5652 | 8.56 | 2406 | 3.36 | 946 | 11.93 | 3352 | 1983 |
| 0.48 | 1406 | 2.21 | 6468 | 1.73 | 5062 | 9.34 | 2733 | (3.12) | 915 | 12.47 | 3648 | 1984 |
| 1.26 | 3802 | 2.64 | 7981 | 1.38 | 4197 | 7.84 | 2366 | 3.47 | 1048 | 11.32 | 3414 | 1985 |
| 1.28 | 4016 | 3.08 | 9615 | 1.79 | 5599 | 8.04 | 2506 | 3.68 | 1147 | 11.73 | 3653 | 1986 |
| 0.35 | 1144 | 2.34 | 7503 | 1.98 | 6359 | 9.57 | 3066 | 3.04 | 975 | 12.61 | 4040 | 1987 |

# 2-پاراگراف نوپۇس باشقۇرۇش

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىخۇا شەھىرى رايونلارغا بۆلۈنۈپ، ئىشىك نومۇرى قويۇلۇپ، نوپۇس تەكشۈرۈلۈپ، نوپۇسنى تىزىملاپ باشقۇرۇش باشلانغان. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) ساقچى ئىشلىرى ئورنىدا مەمۇرىي بۆلۈم تەسىس قىلىنغان ھەمدە نوپۇسنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپكە مەسئۇل قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) ساقچى ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي بۆلۈم، تاشقى ئىشلار بۆلۈملىرىدە نوپۇسنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنغان، يەنە ھەرقايسى شۆبە ئىدارىلىرىدە نوپۇس باشقۇرۇش مۇدىرلىرى تەسىس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) A، B دىن ئىبارەت ئىككى خىل نوپۇس دەپتىرى يولغا قويۇلۇپ، ئولتۇراقلىشىش ئائىلىلەرگە A دەپتەر، ماكانسىز، ژاۋۇتلارغا B دەپتەر قوللىنىلغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) نوپۇسنى ئىنقىلاپ تەكشۈرۈشتە رايون ئىچىدە 17 مىڭ 702 ئاھالە بارلىقى ئىنقىلاپ چىقىلغان. 1949-يىل 9-ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ساقچى ئورگانلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يېڭى جۇڭگو جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى قۇرغان. 1950-يىلى، ھەرقايسى رايونلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىلىرى «دىخۇا شەھىرىنىڭ نوپۇس باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»گە ئاساسەن، ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1950-يىلدىن باشلاپ، نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى بارا-بارا مۇكەممەللەشكەن. 1953-يىلى «شەھەر نوپۇسنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامنامىسىنى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «ئاممىۋى نوپۇس باشقۇرۇش ۋاقىتلىق ئۇسۇلى»غا ئاساسەن، پۈتۈن رايون بويىچە 2-قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. 1956-يىلى ئاھالىلەر نوپۇس دەپتىرى ئالماشتۇرۇلغان ھەمدە رايوندا تۇرۇشلۇق ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ، كارخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنغان. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا نوپۇس باشقۇرغۇچى خادىم قويۇلۇپ، پەيچۇسولارنىڭ نوپۇسنى باشقۇرۇشىغا ھەمكارلاشقان.

1958~1965-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، مەركىزىي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نوپۇسنى تىزىملاش نىزامنامىسى»غا ئاساسەن، بۇرۇنقى نوپۇس باشقۇرۇش قائىدە-تۈزۈملىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، نوپۇس ئېلىنماسى، تىزىمغا ئېلىش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلغان ۋە شەھەر رايونى ئىچىدىكى ئاممىۋى نوپۇسنى يۆتكەش رەسمىيىتى سەككىز خىلدىن ئۈچ خىلغا ئۆزگەرتىلگەن؛ تۇغۇلغان، ئۆلگەنلەرنى مەلۇم قىلىش، تىزىمغا ئالدۇرۇش رەسمىيىتى 21 تۈردىن توققۇز تۈرگە ئازايتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشىك نومۇرىنىڭ نۇسخىسى، مەزمۇنى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلگەن. نوپۇس باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، ئامانلىق باشقۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىقنى ئۆچكە ئايرىپ تەكشۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك تاللاش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئاھالىلەر نوپۇسى ۋە ئاممىۋى نوپۇسلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان.

1961~1962-يىللىرى، نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى ھەرخىل نۇقسانلار، مەسىلەن، نوپۇسنى يالغان مەلۇم قىلىش، ئادەم يۆتكىلىپ كەتسە، ئۆلۈپ كەتسە نوپۇستىن ئۆچۈرمەي ئورنىغا دەسسىتىش قاتارلىق دۆلەتنىڭ نوپۇس بەلگىلىمىسى ۋە ئاشلىق سىياسىتىگە خىلاپ ھادىسىلەردىن 27 مىڭ 765 تۈر تۈزىتىلگەن.

1964-يىلى نوپۇس پىلانلىق ھالدا زور كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە

2-قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، نوپۇس باشقۇ-رۇش يېڭىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈملەشتۈرۈلگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، نوپۇس باشقۇرۇش ناھايىتى زور زەربىگە ئۇچرىغان. قائىدە-تۈزۈملەر شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، تىزىملاش تۈرلىرى قالايمىقانلىشىپ، نوپۇسنىڭ تېگى-تەكتى ئېنىق بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1977-يىلى قالايمىقانچىلىقلار تۈزىتىلىپ، نوپۇس باشقۇرۇشنىڭ تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن رايون تەۋەسىدە، كوچا، ھويلا، ئائىلە، ئادەم، تۆت بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، سېلىشتۇرۇلدى. ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نوپۇس دەپتىرى بىلەن ئىشىك نومۇرىنى سېلىشتۇرۇش، كۆپىيە كارتىسى بىلەن نوپۇس دەپتىرىنى سېلىشتۇرۇش، كۆپىيە كارتىسى، نوپۇس دەپتىرى بىلەن شۇ ئادەمنى سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، كوچىدا ئائىلە چۈشۈپ قالماسلىق، ئائىلىدە ئادەم چۈشۈپ قالماسلىق، ئادەمدە تۈر چۈشۈپ قالماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئادىمى بار نوپۇسى يوق، نوپۇسى بار ئادىمى يوقلار بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆچۈرۈپ چىقىرىلىپ ۋە كىرگۈزۈلۈپ، كۈندىلىك تەكشۈرۈش، مۇددەت بويىچە يىغىش، ئايلىق ستاتىستىكا قىلىش، باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

1981-يىللىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئوقسان بار نوپۇستىن 80 مىڭ 310 تۈر بايقىلىپ، تۈزىتىلدى. 1982-يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 3-قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، پۈتۈن رايون نوپۇسىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، جىنسى، يېشى، مىللىتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپى قاتارلىق 19 تۈر بويىچە تەپسىلىي، توغرا تىزىمغا ئېلىندى.

1983-يىلدىن كېيىن، نوپۇس باشقۇرۇش ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاھالە ئاساسىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. 1987-يىلدىن باشلاپ، ئاھالىلەر سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى بېجىرىلىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللىشىش ۋە قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتۈن رايوننىڭ ئاھالىسى 82 مىڭ 152 ئائىلىگە، نوپۇسى 320 مىڭ 501 گە يەتتى.

**تيانشان رايونىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئومۇمىي ئائىلىسىنىڭ ستاتىستىكىلىق جەدۋىلى**

1-2-2-1-جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ھەربىر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس سانى | يىللار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ھەربىر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 20402 | 4.086 | 1969 | | |
| 1950 | 20297 | 4.073 | 1970 | | |
| 1951 | | | 1971 | 37079 | 4.176 |
| 1952 | | | 1972 | 43289 | 4.373 |
| 1953 | 18871 | 4.282 | 1973 | 45948 | 4.460 |
| 1954 | 19354 | 4.437 | 1974 | 47245 | 4.439 |
| 1955 | | | 1975 | 52989 | 4.362 |

| يىللار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ھەربىر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس سانى | يىللار | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ھەربىر ئائىلىدىكى ئوتتۇرىچە نوپۇس سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | | | 1976 | 52500 | 4. 490 |
| 1957 | 32864 | 4. 443 | 1977 | 54899 | 4. 299 |
| 1958 | 31329 | 5. 056 | 1978 | 54881 | 4. 313 |
| 1959 | 32824 | 5. 325 | 1979 | 59619 | 4. 280 |
| 1960 | 37214 | 5. 701 | 1980 | 62245 | 4. 254 |
| 1961 | 34729 | 5. 223 | 1981 | 64184 | 4. 243 |
| 1962 | 34322 | 4. 953 | 1982 | 66705 | 4. 234 |
| 1963 | 34350 | 4. 924 | 1983 | 67146 | 4. 183 |
| 1964 | 31007 | 4. 725 | 1984 | 71356 | 4. 098 |
| 1965 | 37148 | 5. 100 | 1985 | 74447 | 4. 050 |
| 1966 | 36800 | 5. 089 | 1986 | 77904 | 3. 996 |
| 1967 | 38123 | 4. 892 | 1987 | 82152 | 3. 897 |
| 1968 | 39688 | 4. 891 | | | |

## 1949-يىلدىن 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تيانشان رايونىنىڭ ئاھالىسىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-2-2-جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| يىللار | ئاھالە سانى | ئەر | ئايال | يىللار | ئاھالە سانى | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 83376 | 46377 | 36999 | 1969 | | | |
| 1950 | 82677 | 46003 | 36674 | 1970 | | | |
| 1951 | | | | 1971 | 154876 | 79657 | 75219 |
| 1952 | 68895 | 37460 | 31435 | 1972 | 189320 | 96547 | 92773 |
| 1953 | 80816 | 45679 | 35137 | 1973 | 204960 | 104079 | 100881 |
| 1954 | 85888 | 48933 | 36955 | 1974 | 209765 | 106753 | 103012 |
| 1955 | | | | 1975 | 231185 | 116872 | 114313 |
| 1956 | | | | 1976 | 235732 | 119349 | 116383 |
| 1957 | 146047 | 83403 | 63644 | 1977 | 236029 | 119137 | 116892 |
| 1958 | 158428 | 93442 | 64986 | 1978 | 236714 | 119551 | 117163 |
| 1959 | 174456 | 102775 | 71681 | 1979 | 255190 | 129677 | 125513 |

| يىللار | ئاھالە سانى | ئەر | ئايال | يىللار | ئاھالە سانى | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 212177 | 120663 | 91514 | 1980 | 264821 | 133885 | 130936 |
| 1961 | 181394 | 99129 | 82265 | 1981 | 272356 | 137587 | 134769 |
| 1962 | 170000 | 91594 | 78406 | 1982 | 279653 | 141108 | 138545 |
| 1963 | 169666 | 90303 | 79363 | 1983 | 280915 | 141605 | 139310 |
| 1964 | 146512 | 76516 | 69996 | 1984 | 292471 | 146557 | 145914 |
| 1965 | 189490 | 99547 | 89943 | 1985 | 301558 | 152043 | 149515 |
| 1966 | 187278 | 97641 | 89637 | 1986 | 311344 | 156822 | 154522 |
| 1967 | 186513 | 96865 | 89648 | 1987 | 320501 | 161865 | 158636 |
| 1968 | 194133 | 99824 | 94309 | | | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى 1951-، 1955-، 1956-، 1969-، 1970-يىللارنىڭ ئاھالە سانى ئېنىق بولمىغاچقا كىرگۈزۈلمىدى.

## 3-پاراگراف پىلانلىق تۇغۇت

### بىرىنچى، تەشكىلىي ئاپپارات

تيانشان رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى 1957-يىلى باشلانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىلەن شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرغان. 1964-يىلى تيانشان رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، رايون باشلىقى قوشۇمچە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارقا-ئارقىدىن ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. 1975-يىلى، رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇلغان.

1978-يىلى پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشتا، تارماق بىلەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈش، بۆلەكنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى قوللىنىلىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، 1000 كىشى (ئاھالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن ئارتۇق نوپۇسى بار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل مەخسۇس كادىر سەپلەش، 1000 دىن تۆۋەن نوپۇسى بار ئورۇنلارغا قوشۇمچە پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كادىر سەپلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 496 ئورۇندا پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان.

1981-يىل 4-ئايدا، رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا رەسمىي ئۈچ شتات سەپلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى سەككىز نەپەر پىلانلىق تۇغۇتقا قوشۇمچە مەسئۇل خادىم مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ھەم يېڭىدىن ئالتە نەپەر كادىر كۆپەيتىلگەن. 1985-يىلى، يەنە توققۇز مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايوندا تۇرۇشلۇق 115 ئىدارىدە پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلغان.

1987-يىلى، رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىدا مەخسۇس كادىر 31 (مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردا مەخسۇس

ۋەزىپىدىكى كادىر 56، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرلار 885، تەشۋىقاتچى خادىملار 1906گە يەتتى.

## ئىككىنچى، تەشۋىقىي تەربىيە

1963-يىلدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى خەنزۇلار ئىچىدىكى تۇغۇت يېشىغا توشقان ئاياللار كۆپرەك ئورۇنلاردا تۇغۇت چەكلەش تەشۋىقاتى، پىلانلىق تۇغۇتنىڭ مۇھىملىقى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرى تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. 1965-يىلدىن باشلاپ پىلانلىق ھالدا كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش ئاساسىي تېما قىلىنغان ئۆگىنىش كۇرۇسلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1964-يىلى پىلانلىق تۇغۇت تەربىيىسى كېچىكىپ توي قىلغان ئاياللاردىن تېخى توي قىلمىغان يىگىت، قىزلار ئارىسىغىچە كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى ئەمىنى تەشكىللەپ، شەھەر، رايونىمىز ئۇيۇشتۇرغان پىلانلىق تۇغۇت كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى پەننىي بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىغا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ پايدىسىنى توغرا تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇغۇلغان بوۋاقلار نىسبىتى 1963-يىلدىكى ‰46.22 تىن 1964-يىلغا بارغاندا ‰22.55 كە تۆۋەنلىدى. 1965-يىلدىن كېيىن، «ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك تەدبىر قوللىنىش، مۇقىم ھالدا كېڭەيتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەرخىل يىغىن، بايرام كۈنلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ دۆلەت، شەخس، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشتىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. 1974-يىلى «قىزىل سەھىيە» پونكىتى، «قىزىل سەھىيە» پونكىتلىرىدىكى خادىملار، تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىلار، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خادىملىرى ۋە بىر قىسىم رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورگانلارنىڭ تەشۋىقات خادىملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ كوچىلاردا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. رايونىمىز تەۋەلىكىدىكى ئورگانلار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرخىل يىغىنلاردىن پايدىلىنىلىپ، تېبىي خادىملارنىڭ قايىل قىلارلىق ئىش ئىزلىرى تەشكىللىك ھالدا تەشۋىق قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىلانلىق تۇغۇت كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايون بويىچە چاقىرىلغان پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى ھەرخىل يىغىن، ئۆگىنىش كۇرسلىرى 2794 قېتىمغا، تەربىيە ئالغان ئەمىنىڭ سانى 29 مىڭ 973 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. چىقىرىلغان قارا تاختا، تام گېزىتى 628 سانغا، قىسقا خەۋەرلەر گېزىتى 713 سانغا، تارقىتىلغان تەشۋىقات رەسىملىك ماتېرىياللار 4545 نۇسخىغا، رادىئو خەۋەرلىرى 125 قېتىمغا يەتكەن.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدا پۈتۈن پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا ئوچۇق خەت» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 1981-يىلى پۈتۈن رايونىمىز بويىچە داغدۇغىلىق، شەكلى كۆپ خىل بولغان تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى مەزگىلىدە رايون تەۋەلىكىدىكى ئورگانلار تەشۋىقات ئاپتوموبىلى، سەنئەت ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى كوچىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كوچىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئون نەچچە تەشۋىقات لوزۇنكىسى ئېسىلدى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ھەرقايسى ئورگانلار ھەرخىل تەشۋىقات تاختايلىرى، تەشۋىقات لوزۇنكىلىرىنى رەتلىك تىزدى، بىر قىسىم ماگىزىنلارنىڭ دېرىزىلىرىگە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات لوزۇنكىلىرى ۋە رەسىملىك ماتېرىياللار ئېسىلىپ، كوچىلار يېڭى كەيپىياتقا چۆمدى. يىل ئاخىرىدا جوڭگەن يولىدا پىلانلىق تۇغۇت پانۇس كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى سەپەرۋەرلىككە

كېلىپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ، رەڭگارەڭ چىراغلارنى ئاستى. ھەربىر رەڭلىك چىراغدا پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىدىغان شوئار ۋە كەسمە رەسىملەر بار بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان تەلەپ بارا-بارا كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈلدى. شۇ يىلى يەنە ئۇقتىلىق ھالدا توي قىلمىغان ياشلارغا ۋە توي قىلغان، تۇغۇت يېشىدىكى ئەر-ئاياللارغا كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش توغرىسىدا تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.

1983-يىلى يېڭى يىل ۋە باھار بايراملىرىدا پۈتۈن رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ماشىنىسىدىن 12سى چىقىرىلدى. رايوندىكى بىر قىسىم سودا، سەھىيە ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، خەلق كىنو تىياتىرخانىسى ئالدىدا نۆلدىن تۆۋەن 30℃ لۇق قاتتىق سوغۇققا قارىماي، يالغۇز پەرزەنتلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. كېيىن، پىلانلىق تۇغۇت مەملىكىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى ئىكەنلىكى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ئېيى، پىلانلىق تۇغۇت بويىچە 100 نومۇرلۇق مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «1-ئىيۇن» باللار بايرىمىدا خەلق مەيدانىدا زور كۆلەملىك مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاممىۋى سورۇندا يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ چېچىنى ھەقسىز ئېلىپ قويۇش، ھەقسىز كىيىم پىچىپ بېرىش، ھەقسىز بەدەن تەكشۈرۈش، باللار بويۇملىرىنى ئېتىبار باھادا تەمىنلەش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. يەنە يالغۇز پەرزەنتلەر باللار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يۇقىرىقى پائالىيەتلەر ئارقىلىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى جەمئىيەتنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى.

**ئۈچىنچى، تەشكىلىي تەدبىرلەر**

1974-يىلى كېچىكىپ توي قىلىش، ئىككى بالا ئارىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت بولۇش، ئاز تۇغۇش پرىنسىپى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئوغۇللار 25 ياشقا كىرگەندە، قىزلار 23 ياشقا كىرگەندە توي قىلىش تەشەببۇس قىلىندى. بىر جۈپ ئەر-خوتۇن پەقەت ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش، ئىككى پەرزەنت ئارىلىقىدا چوقۇم تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولۇش بەلگىلەندى. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، رايون تەۋەسىدە پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ كارتىسى بېسىپ تارقىتىلدى. 1975-يىلدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇتتىكى «ئۈچ ھېساب» يولغا قويۇلدى، يەنى ئائىلىلەر كومىتېتى، «قىزىل سەھىيە» پونكىتى، سوتسىيالىستىك چوڭ قورۇ قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز تەۋەلىكىگە قاراشلىق توي قىلغان ئەر-خوتۇن، تۇغۇت يېشىدىكى ئايال، توي قىلمىغان ياشلارنىڭ تۇغۇش، تۇغۇت چەكلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى ئارخىپ قىلىپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قاتتىق تەشكىلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بالدۇر توي قىلغان، بالدۇر پەرزەنت كۆرگەن ۋە تۇغۇلغان ئىككى پەرزەنتى ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت چەكلىمىسى توشمىغانلارغا مەمۇرىي، ئىقتىسادىي جازا بەردى.

1979-يىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىدا، بىر جۈپ ئەر-خوتۇن پەقەت بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارقىدىنلا رايون تەۋەسىدە كەڭ سەپەرۋەر قىلىش ئاساسىدا، «ئۈرۈمچى رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئۆمۈر بويى بىرلا پەرزەنتلىك بولسا تەقدىرلەش؛ بىر پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن تۇغۇتنى توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلارغا ئوزۇقلىنىش پۇلى بېرىش؛ يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئالغان ئەر-خوتۇنلارغا ھەر ئايدا يالغۇز پەرزەنتلىك پۇلى بېرىپ، بالا 14 ياشقا كىرگىچە داۋاملاشتۇرۇش؛ كۆپ تۇغقان ئاياللارغا ئىقتىسادىي جازا يۈرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز ئورنىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ مۇكاپاتلاش، جازالاش

ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. بولۇپمۇ بىر پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن تۇغۇتنى توختاتقان ئەر-خوتۇنلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئېتبار بېرىش خاراكتېرىدىكى مۇكاپات بېرىلدى. مەسىلەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش كىنىشكىسى ئېلىپ تۇغۇتنى توختاتقان ئەر-خوتۇنلارغا بىر تېلېۋىزور مۇكاپات بەردى، ئۆمرىدە بىر پەرزەنتلىك بولغان ئەر-خوتۇنلارغا بىر يۈك ئەدىيال، يوتقان تېشى مۇكاپات بەردى. شىنجاڭ داشۆسى، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار يالغۇز پەرزەنتلەرنى ھەقسىز يەسلىگە ئېلىش، ھەقسىز مەكتەپكە ئېلىش، ھەقسىز دوۋالاش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى، بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئۈنۈملۈك ھالدا كونترول قىلىندى.

ئىقتىسادنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، رايونغا كېلىپ ئىشلەيدىغان ۋە سودا قىلىدىغان ئۇراقسىز نوپۇسلار كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ پەرزەنتلىك بولىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئېغىر بولغانىدى. 1986-يىلى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشلامچى بولۇپ، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئىشىنى تۈزىدى. ئىش باشقارمىسى، پەيچۇسو، ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق شەخسىي ئۆي ئىگىلىرى ۋە ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلار بىلەن «پىلانلىق تۇغۇت بويىچە مۇكاپاتلاش-جازالاش توختامنامىسى» تۈزۈپ، سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى.

**تۆتىنچى، تېخنىكىلىق تەدبىرلەر**

پىلانلىق تۇغۇت قانات يايدۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، توي قىلغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش سايمانلىرى ۋە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە سەپەرۋەر قىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئورۇنلىرى دورا-سايمانلار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

1964-يىلى، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلىش يولغا قويۇلۇپ، رايون بويىچە 244 كىشى ئۇرۇق توشۇش نەيچىسىنى بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 1830 ئايال تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى قويدۇردى. 1965-يىلى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانغان ۋە تۇغۇتنى توختاتقانلار 4063 كىشىگە يەتتى. تۇغۇت چەكلىگۈچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1979-يىلدىن باشلاپ، رايوندا تۇرۇشلۇق بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى قاتارلىق دوختۇرخانىلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پىلانلىق تۇغۇت ئامبۇلاتورىيىسى تەسىس قىلىپ، ئۈزۈك سېلىش، ئېلىش، سۈنئىي چۈشۈرۈۋېتىش، بوغۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىش ۋە سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش مەسلىھەتى بېرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى مەخسۇس ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى، تۇغۇتنى چەكلەش نىسبىتى 92.10%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.56‰ بولۇپ، تيانشان رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1983-يىل 10-ئايدا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەتكە ماسلىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. رايونلۇق ھۆكۈمەتتە ئوپېراتسىيە ئېيى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرى، رەھبىرىي كادىرلار باش بولۇش سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئوپېراتسىيە قىلىپ تۇغۇت چەكلەش ۋە تۇغۇتنى توختىتىش ئېلىپ بېرىلدى. 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە، رايون بويىچە 300 دىن كۆپ ئادەم ئۈزۈك سالدۇردى ۋە بوغدۇردى. 1985-يىلى تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 99.95% كە يېتىپ، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش كىنىشكىسى ئالغانلار 99.41%نى ئىگىلەپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.84‰ بولدى. شۇ ئارقىلىق تيانشان رايونى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1987-يىلغىچە، رايون بويىچە تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللانغانلار 34 مىڭ 35 نەپەر بولۇپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئومۇمىي سانىنىڭ %86.9 نى ئىگىلىدى. 13 مىڭ 769 جۈپ ئەر-خوتۇن يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش كىنىشكىسى ئالدى. تياnشان رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىشخانىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەش قېتىم شەھەر بويىچە قىزىلبايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 1975-يىلدىن 1985-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبەتلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

1-2-3-1-جەدۋەل

| تۈرلەر | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ | 14.33 | 13.96 | 10.33 | 8.15 | 7.52 | 7.81 | 8.66 | 9.50 | 10.34 | 9.37 | 8.33 |
| ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | 3.15 | 2.85 | 3.15 | 2.82 | 2.90 | 2.97 | 3.02 | 3.28 | 3.36 | 2.77 | 2.73 |
| تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰ | 11.18 | 11.50 | 7.18 | 5.45 | 3.96 | 5.02 | 5.63 | 6.27 | 6.99 | 6.61 | 5.60 |
| پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى % | | | 40.20 | 83.90 | 95.00 | 96.10 | 92.93 | 95.80 | 98.07 | 98.96 | 99.77 |
| تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى % | | 74.20 | 82.75 | 88.00 | 92.10 | 91.72 | 92.00 | 91.81 | 97.64 | 99.87 | 99.95 |
| كىنىشكە ئالغانلار نىسبىتى % | | | | | | 66.25 | 76.54 | 91.51 | 97.38 | 99.13 | 99.41 |

ئىسكەرتىش: ① 1975-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغانلىرى پەقەت خەنزۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىكى تۈرلۈك نىسبەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ② بىرلا پەرزەنت كۆرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىش نىسبىتى دېگىنىمىزدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1980-يىلى ئېلان قىلغان «ئوچۇق خەت»تىكى تەلىپىگە ئاساسەن، خەنزۇلاردىن بىر جۈپ ئەر-ئايال پەقەت بىرلا پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن ئۇلار ئالغان بىر پەرزەنت كۆرۈش گۇۋاھنامىسىنى پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكا جەدۋىلىگە كىرگۈزگەنلەر كۆرسىتىلىدۇ. ③ گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتىنى ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلى 1986-يىلدىن باشلىنىپ بىرلا پەرزەنت كۆرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغانلار سانىنىڭ توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ سانىدىكى نىسبىتى بويىچە ھېسابلانغان.

## 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى جەدۋىلى

1-2-3-2-جەدۋەل

| تۈرلەر | مىللەتلەر | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|
| تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ | خەنزۇ | 8.72 | 10.7 |
| | مىللىي | 19.77 | 19.49 |
| ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | خەنزۇ | 3.02 | 2.75 |
| | مىللىي | 5.35 | 4.72 |

| تۈرلەر | مىللەتلەر | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|
| تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰ | خەنزۇ | 5.70 | 7.95 |
| | مىللىي | 14.42 | 14.77 |
| پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى % | خەنزۇ | 99.89 | 99.92 |
| تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى % | خەنزۇ | 83.56 | 82.4 |
| | مىللىي | 74.86 | 78.21 |
| كىنىشكە ئالغانلار نىسبىتى % | خەنزۇ | 37.87 | 39.3 |
| | مىللىي | 4.92 | 6.02 |

**بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتى**

1984-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ [1984] 7-نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 13-نومۇرلۇق ھۆججىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 117-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىياسەتنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىش شەرتى بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىندى. 1985-يىلى، ئالدى بىلەن جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى نىڭگۇ مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى تۇغۇت يېشىدىكى 111 ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئايالنىڭ پەرزەنت كۆرۈش، تۇغۇت چەكلەش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق %80 تىن كۆپ كىشىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ياخشى» دەپ قارايدىغانلىقى ئېنىقلاندى. 1986-يىل 10-ئايدا، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خابا ئاھالىلەر كومىتېتى (بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، مانجۇ، تاتار، رۇس، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بار) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇشنى خالاش توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈلگەن ئادەم سانى 1309 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار 225 نەپەر. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئىككى پەرزەنتلىك بولۇشنى خالايدىغان ئەر-خوتۇنلار %50 تىن كۆپنى ئىگىلىدى.

**ئالتىنچى، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش**

1980-يىلى يېڭى «نىكاھ قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلىپ، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشى مەنئى قىلىندى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 26 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرلارنىڭ كەسپ ئۆگىنىش كۇرسىدىن بەش قارار ئېچىلىپ، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش ئىلمى سۆزلەندى. كۇرسقا 634 كىشى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولدى. قىسمەن ئورۇنلار يالغۇز پەرزەنتلەر ئۈچۈن تۈرلۈك زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرى، ئويۇن، تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېڭى توي قىلغانلار كۇرسى ئېچىپ، داۋالاش ئورۇنلىرىدىكى داڭلىق دوختۇر، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يېڭى توي قىلغانلار تازىلىقى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرى، ئىرسىيەت ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى سالامەتلىكنى ئاسراش، ھامىلىدار ئاياللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى، بوۋاق بالىلارنى بېقىش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىملەرنى سىستېمىلىق ئۆگەتتى. 1987-يىلغىچە، بۇ خىل كۇرس جەمئىي 25 قارار ئېچىلىپ، 1500 ھامىلىدار ئايال كۇرسقا قاتناشتى.

# 2-بۆلۈم

# مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

## 1- باب جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىغىراق جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن جەنۇبىي تىنچلىق يولى، جيەنجۇڭ يولىدىن باشلانسا، غەربىي تەرىپى جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا يېتىپ بارىدۇ. شىمالدا خەلق يولى بىلەن، جەنۇبتا بوغدا يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمالىي ئازادلىق يولى، تىنچلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن ئىبارەت تۆت مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىلەن قوشنا بولۇپ، مۇشۇ رايون تەۋەسىدىكى ئاساسلىق چوڭ كوچا جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بۇ ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكى دىخۇا شەھەرلىك 2-رايونغا قاراشلىق ئىدى. 1957-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1959-يىل 7-ئايدا ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بۇلاق بېشى خەلق گوڭشېسىغا؛ مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنخۇا خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960-يىلى بۇلاق بېشى، شىنخۇا خەلق گوڭشېلىرى يۈجىن خەلق گوڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنخۇا خەلق گوڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1962-يىلى ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىلەن مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969-يىلى بۇ ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1976-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى بۇ ئىككى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئىنقىلابىي كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بولۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلى ئىش باشقارما ئورگىنىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى شەھەر قىياپىتى ئىشخانىسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئىشخانىسى، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئورنى، سودا تىجارەت ئورنى، مەدەنىيەت پونكىتى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 17 مەمۇرىي كادىر، 42 كارخانا كادىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 22، قارمىقىدا قوشقۇتلۇق كوچىسى، شىمالىي كەڭ كوچا، نىڭگو مەسچىت كوچىسى، سەنشىخاڭزا، نەنگۇەن، يىڭخې (كۆنچى مەھەللىسى) كوچىسى، كونا مال بازىرى كوچىسى، بۇلاق بېشى كوچىسى، بوغدا يولى ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق

توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى بار. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 197-قورۇدا. باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 19 مىللەت، 5966 ئائىلىلىك، 21 مىڭ 214 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 1564 ئائىلىلىك بولۇپ، نوپۇسى 7884، بۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەر دەرىجىلىك كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىن 60 تىن كۆپرەكى بار.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى)دىن باشلاپ دىخۇا نەنگۇەن توپا شەھىرىنىڭ قورۇلۇشى باشلانغان بولۇپ، نەنگۇەن ئەتراپى بىر قەدەر بالدۇر ئېچىلغان شەھەر رايونى بولۇشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ بىلەن بولغان سودا پائالىيەتلىرى كۆپ بولىدىغان جاي ئىدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، مەزكۇر مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى نەنگۇەن، مال بازىرى، دۆڭ كۆۋرۈك قاتارلىق جايلار دىخۇا شەھىرىنىڭ سودا رايونى بولۇپ، زور بىر تۈركۈم سودا سارايلىرى قۇرۇلغان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى يىغىپ تارقىتىش ئورنى بولغان. نەنگۇەننىڭ سىرتىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيىتى، موڭغۇل مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيىتى، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيىتى دىسلەپكى مەزگىللەردە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىغانىدى. مەزكۇر تەۋەدىكى ساۋلۇگۇچۇەن، باگۇاچۇەن شەھەر رايونىنىڭ ئاساسلىق سۇ تارقىتىش ئورنى بولۇپ، بۇ يەرلەر ھازىر يوق.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەزكۇر تەۋە ئۆزگەرتىلىش ئارقىلىق ناھايىتى زور ئۆزگەردى، ئۆتمۈشتىكى كونا نەنمېن كوچا مەركىزى گۈلزارلىققا ئايلانغان بولۇپ، ئەتراپىغا ئاپتونوم رايونلۇق بانكا بىرلەشمە ئىش بېجىرىش بىناسى، بەش خىل مېتال، قاتناش، ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى قاتارلىق ئېگىز بىنالىق قۇرۇلۇشلار سېلىندى. يېڭىدىن ئېچىلغان ساي يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، خەلق يولى شەھەرنىڭ ئاساسلىق يوللىرىغا ئايلاندى. مەزكۇر تەۋەدە 1-يول، 7-يول، 17-يول، 36-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ. ئاساسلىق ئورۇنلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا قاتارلىقلار بار. يەنە مەخسۇس مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار تىجارىتى قىلىدىغان دۆڭكۆۋرۈك مىللىي بۇيۇملار ماگىزىنى بار. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆڭكۆۋرۈك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ مەھسۇلات تۈرلىرى تولۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە داڭقى بار.

1971-يىلدىكى «مائارىپ ئىنقىلابى» جەريانىدا، رايونغا قاراشلىق 5-باشلانغۇچ، 7-باشلانغۇچ، 9-باشلانغۇچ، 49-باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەزكۇر ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شەھەر بويىچە بىردىنبىر سىناق نۇقتىسى قىلىنغانىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، سودا پائالىيەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان مىللىيچە مېزىلىك تائاملار ئاشخانىلىرى دۆڭكۆۋرۈك، بۇلاق بېشى كوچىسى، يېڭىبازار يولى تەۋەلىكىدە كۆپلەپ ئېچىلدى. ئۇيغۇرلار ۋە خۇيزۇلارنىڭ تاماق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نېمە دېسىڭىز شۇ تېپىلىدۇ، بۇ مەزكۇر باشقارما تەۋەلىكىنىڭ بىر زور ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. مەزكۇر تەۋەلىكتە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەسچىتتىن 14ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خانەگىرى مەسچىتى، ئاق مەسچىت، خۇيزۇلارنىڭ لاۋفاڭ مەسچىتى،

كېڭگىر مەسچىتى قاتارلىق مەسچىتلىرى 100 يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئارىسىدا تەسىرى بىرقەدەر چوڭ.

1983-يىل 10-ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى لوچيۇڭ بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئاياللار خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇ يىلى مەزكۇر مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەملىكەتلىك ئاياللار خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1985-يىلى مەزكۇر مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتا كارخانىلىرى يوق ئىدى. 1958-يىلى يەرلىك سانائەتنى كۆپلەپ قۇرۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، مەبلەغ يوق، ئورۇن، تېخنىك خادىملار يوق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بەزى كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، شىنخۇا ئۇنىۋېرسال قاڭالتىر زاۋۇتى(ھازىرقى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا قاراشلىق سايمانلارنى تەقلىد قىلىپ ياساش زاۋۇتى)، ئېلېكتر بىلەن ھەل بېرىش زاۋۇتى، پاختا-يۇڭ ئىلمە-توقۇلما پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، قىزىللىشىش-ئىختىساسلىشىش ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتى (ھازىرقى شەھەرلىك كىچىك ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتى)، تىيانشان ئەلگەك، قاسقان ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىرقانچە تېخنىك ئىشچى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ، ئەسۋابلارنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىپ قۇرغان.

1959-يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، مەھەللىدە يەنە بەزى سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلدى، بۇلاق بېشى خەلق گۇڭشېسى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سانائەت زاۋۇتى، گۇرۇپپىسىدىن 29 نى قۇرۇپ، 420 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى؛ مۇلازىمەت پونكىتى، گۇرۇپپىسى 18 گە يېتىپ، 148 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ توققۇز يەسلى، بىر باللار باغچىسى، يەتتە ئاممىۋى ئاشخانا قۇرۇلۇپ 50 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى باشقۇرۇش رايونلىرىدىمۇ (ئاھالىلەر كومىتېتى) ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىق قىلىپ ياماقچىلىق، كىر يۇيۇش، ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش، چاي بىلەن تەمىنلەش، نان يېقىش، تاۋارلارنى ۋەكالىتەن سېتىش، يوللارنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنى قانات يايدۇردى.

1962-يىل 12-ئايدا ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، تارقاق ئەمگەك كۈچلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئازادلىق يولى مۇلازىمەت پونكىتىدا جەمئىي 31 كىشى بولۇپ، ئاساسلىق قىلىپ ياماقچىلىق، سائەت رېمونت قىلىش، رېمونتچىلىق قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى. مال بازىرى مۇلازىمەت پونكىتىدا 1965-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىدىن جەمئىي سەككىز تۈر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىن 14ى، 166 ئادىمى بار ئىدى. ئاساسلىق رېمونتچىلىق، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇلازىمەت پونكىتى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۆزلىرى ھازىرلىغان، پايدا زىيانغا ئۆزى مەسئۇل كارخانا بولۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۇلاردىن 5% جامائەت فوندى ئېلىپ، ئۇنى كېڭەيتىلگەن قايتا ئىشلەپچىقىرىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر

پاراۋانلىقى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ مەزگىلدە، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە جىياگىيۇ زاۋۇتى، لامپۇچكا سايمانلىرى زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇتى قۇردى. كېيىن جىياگىيۇ زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە رېزىنكە پەلەي زاۋۇتىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. لامپۇچكا سايمانلىرى زاۋۇتى كىرسىن چىراغ، لامپا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتتىن ھازىر ئېلېكترو ماشىنىلارنى ۋە باشقا ماشىنىلارنى رېمونت قىلىدىغان زاۋۇت بولۇپ قالدى. باسما زاۋۇتى سىرتقا تۆپلەپ بېرىشتىن سىرتقا بېسىپ بېرىدىغان بولۇپ تەرەققىي قىلىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ تايانچ كارخانىسىغا ئايلاندى. 1972-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئىش ھېسابلاپ ئىش ھەققى بېكىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئىش ھەققى 75 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئەڭ تۆۋەن ئايلىق ئىش ھەققى 45 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىق بەلگىلەندى، بۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

1976-يىلى مەھەللىلەر قۇرغان كارخانىلار تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئىشچىلار 690 غا يەتتى. پۈتۈن يىلدا مەھسۇلات قىممىتى ۋەزىپىسىنى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى. ئۈچ ۋەكالەتەن تىجارەت قىلىش ئاشخانىسى، بەش ۋەكالەتەن تىجارەت قىلىش ناۋايخانىسى، بىر ۋەكالەتەن تىجارەت قىلىش دۇكىنىنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 88 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەھەللىلەر قۇرغان كارخانىلار تىجارەت يوللىرىنى كېڭەيتىش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئۈچ ھالقا ئۈستىدە كۈچ سەرپ قىلدى. 1979-يىلدىن باشلاپ، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ھەمكارلىق كوپىرا-تىپى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى تىجارەت بىناسى، قۇرۇلۇش نازارىتى بىرلەشمە ئىش بېجىرىش بىناسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش بېجىرىش بىناسى قاتارلىق 100گە يېقىن كورپۇسلۇق بىنا ئۆيلەرنى سېلىش ۋە تۇرخۇنلارنى يەر تەۋرەشكە چىداش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەملەپ ئىشلەش قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىدى. ئوخشاش كەسىپتىكە-لەرنى چوڭ تەكشۈرۈش جەريانىدا، كۆپ قېتىم ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى. ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ مۇستەھكەملەش ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. 1987-يىلىغا بارغاندا، جەمئىي 4 مىليون 754 مىڭ 900 يۈەن پايدا ياراتتى. چاۋياڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان چاۋياڭ ئوت ئۆچۈرۈش پاراشوكى، تېخنىكا كۆرسەتكۈچ جەھەتتە مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ تارقاتقان ئۆلچىمىگە يېتىپ مەھسۇلاتى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىچە توشۇپ سېتىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، تۆمۈرچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقارغان مىللىيچە پىچاق، «قىزىل بايراق» تۆپلەش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان باسما ماتېرىياللىرى ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، 1980-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى بىر قىسىم زاۋۇتلارنىڭ مۇقىم ئىش ھەققى لەيلىمە ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىش ھەققى شەكلىدە ۋاقىتقا قاراپ، ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش، مۇكاپات قوشۇش چارىسىنى قوللىنىپ، «داشقازان»نىڭ تامىقىنى يېيىش بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى.

1983-يىلى كارخانىلاردا ئىككى دەرىجىلىك ھۆددىگەرلىك توختامنامە تۈزۈمى ۋە كارخانا كادىرلىرى-نى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، رىقابەت مېخانىزمى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئورۇنداپ بولۇندى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 5 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 440 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. شۇ

يىلى، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلدى.

1987-يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىكار قىلىنىپ، سودا تىجارەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، سانائەت شىركىتى، تىجارەت سودا بۆلۈمى، مۇلازىمەت پونكىتلىرىغا قارىتا بىۋاسىتە رەھبەرلىك يولغا قويۇلۇپ تەكشۈرۈپ كونترول قىلىش كۈچەيتىلدى ھەمدە كارخانىلارنى نىشانلىق باشقۇرۇش جەريانىدا «بەشكە باغلاش» (ئىش ھەققى، مۇكاپات، پايدا، مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش) ۋە «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» (مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت) يولغا قويۇلدى. سودا تور-نۇقتىلىرىدىمۇ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كارخانا كادىرلىرىغا قارىتا تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى نىشانغا باغلىدى، نىشاننى ئورۇنداش ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى، ئەمەلىي ئورۇندالغان مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 337 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، %17 ئاشتى. ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان پايدا 366 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، %28 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ زاۋۇت، گۇرۇپپىلىرى 11 گە، كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملار 41 گە، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 470 گە، مۇلازىمەت پونكىتىدىكى ۋاقىتلىق ئىشچىلار 150كە، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپىدىكىلەر 110غا يەتتى. 14 سودا تور-نۇقتىسى بار بولدى. يىللىق پايدىسى 17 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى كارخانىلىرىنىڭ جەمئىي مۇقىم مۈلكى 886 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

## 2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

1957-يىلى ئازادلىق يولى، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىي توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ھەربىر ئاھالىلەر كومىتېتى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. 1983-يىلى 14 ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1985-يىلى جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندا، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق ساي يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، ئۈچىنچى كۆۋرۈك، تۆتىنچى كۆۋرۈكتىن ئىبارەت بەش ئاھالىلەر كومىتېتى جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى، 24 مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر، 134 گۇرۇپپا باشلىقى بار بولدى. ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئاياللار خىزمىتى، ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتى، مۇرەسسە قىلىش خىزمىتى، ياشلار خىزمىتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتى قاتارلىق خىزمەت كومىتېتلىرى تەسىس قىلىندى.

### بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش

مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندا، كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش مەقسەت قىلىنىپ، ئامما يول تۈزلەش، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى راۋانلاشتۇرۇش، «تۆت خىل زىيانداش» (چىۋىن، پاشا، چاشقان، قۇشقاچ)نى يوقىتىش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1966-يىلى مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى تازىلىق قىلىش تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى، تازىلىقنى نازارەت قىلىش ئىش ئورنى تۈزۈمى تەسىس قىلىندى ھەمدە 16 كىشىدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس تازىلىق قوشۇنى تەشكىل قىلىندى.

1972-يىلى پۈتۈن شەھەر بويىچە كوچا-يوللارنى رېمونت قىلىپ رەتكە سالغاندا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەھەر بويىچە ئەڭ پاسكىنا، قالايمىقان كونا «مال بازىرى»نى نۇقتىلىق ئوڭشىغانىدى. شۇ يىلى 3-، 4-ئايلاردا ئاممىا ۋە رايوندىكى ئورۇنلاردىن جەمئىي 18مىڭچە ئادەم (قېتىم)، 4000غا

يېقىن ئات-ئۇلاغ ھارۋىسى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئەخلەت-چاۋاالار تازىلاندى، يوللار تۈزلەندى، كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىلدى، ۋودوپىروۋود سۈيى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، يوندا تورۇبىلىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ياڭ يوڭ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى ھەمدە تەقدىرلىدى.

1975-يىل 3-ئايدا خەلق باشقۇرغان تازىلىق ئەترىتى ئاساسىدا شەھەر قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئىشخانىدا 65 ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، ئاساسلىق قىلىپ تەۋەگە قاراشلىق ئون ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاش، توشۇش، ئەخلەت پۇلى يىغىش شۇنداقلا شۇ تەۋەلىكتىكى شەھەر قىياپىتى تازىلىقىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ كۈندىلىك چىققان ئەخلەتلەرنىڭ كۈندىلىك تازىلىنىپ توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1976-يىلى ئىككى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى شەھەر قىياپىتىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1981-يىلغىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ۋودوپىروۋود سۈيىنى تەمىنلەش پونكىتىدىن 48ى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 298 كىشىلىك 35 ھاجەتخانا سېلىنىپ، يوندا قۇدۇقىدىن 98ى كولىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىشى تەس بولۇش، يوندا تۆكۈش تەس بولۇش مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. 1982-يىلى «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» يولنى تۈزەش ۋە رېمونت قىلىپ تۈزەش باشلىنىپ، جەنۇبىي شىنخۇا يولىنىڭ پىيادىلەر يولى كېڭەيتىلدى. 1984-يىلى كوچىلارنى تازىلاش، ئەخلەتلەرنى يىغىپ توشۇش ۋە ھەق يىغىش كەسپى ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1985-يىلى يىل بېشىدا، «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش» (تازىلىقنى، كۆكەرتىشنى، تەرتىپنى ھۆددىگە ئېلىش) بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. شەھەر قىياپىتى تازىلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىشقا توققۇز خادىم قويۇلدى. پۈتۈن يىلدا، رايوندىكى 331 ئورۇننىڭ يۈزى 41 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىشىك دېرىزىلىرى بېزەلدى. 1696 كۋادرات مېتىر دائىرىسىدىكى 42 پاتقاق ھويلا تۈزەپ ياخشىلاندى. 1987-يىلى رايون تەۋەسىدە ئىشىك ئالدىنى «ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش» كۆلىمى 50 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، تازىلاش كۆلىمى 14 مىليون 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. جەمئىي 86 ئورۇن تازىلىقتا بىرىنچى دەرىجىلىك بولغان ئورۇن، 27 ئىككىنچى دەرىجىلىك، بىر ئورۇن لاياقەتسىز ئورۇن قىلىپ باھالاپ چىقىلدى. پۈتۈن يىلدا 1149 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 1560 كۋادرات مېتىر جايغا گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈلدى.

### ئىككىنچى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ياشانغان ئىگىسىز، مۇقىم خىزمىتى يوق، كېسەلچان كىشىلەرگە قۇتقۇزۇش بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا پائال تەشكىللىدى. 1965-يىلى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىككى كەچلىك، سىم تور توقۇش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، 29 قۇتقۇزۇش ئائىلىسىدىكى كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر كىشىگە ئېيىغا 33 يۈەن ئىش ھەققى بېرىپ، دۆلەت ئۈچۈن قۇتقۇزۇش پۇلىدىن 320 يۈەن ئىقتىساد قىلىپ بەردى، يەنە 3842 يۈەن 98 پۇڭ پۇل توپلىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە ئالتە ئائىلىدىكى 30 كىشىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەتكە، 40 ئائىلىدىكى 43 كىشىنى ۋاقىتلىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. 1976-يىلى يەككە تىجارەتچىلەر كۆپەيگەنلىكتىن، قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرى تەدرىجىي ئازايدى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقتىن، قۇتقۇزۇش ھەققى ئازلىتىلدى. 1982-يىلى يەنە مېيىپلارنى تەشكىللەپ كەسمە چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇردى، يىللىق كىرىمى

8412 يۈەنگە يېتىپ، 3207 يۈەن ئېشىندا قالدۇردى. 1987-يىلىغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى بارلىق پاراۋانلىق كارخانىلىرى 20 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يۈەننى جائىئەت فوندىغا، 5000 يۈەننى پاراۋانلىق فوندىغا ئاجراتتى.

## ئۈچىنچى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

ھەر يىلدىكى «1-ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى ۋە يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەرنى ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئىئانە قىلىپ سوۋغا قىلىشقا تەشكىللەپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سورىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قىسىملارغا بېرىپ جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى ياساپ قويۇش، تاماقلىرىنى ياخشىلاپ بېرىشكە تەشكىللىدى ھەمدە ھال سوراش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى بار-يوقلۇقىنى ئىگىلەپ، قىسمەندىكى جەڭچىلەرنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى نەپىقە ۋە ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرى 113 ئائىلىلىك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 110، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۈچ، توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق ئۈچ ئورۇندا نەپىقە ۋە ئېتىبار بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ «تۆت قىيىنچىلىقى» (تۇراقلىق ئۆي، باللارنىڭ باغچىغا، يەسلىگە كىرىش، مەكتەپلەرگە كىرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش) مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

## تۆتىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى

1983-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىككى پەيچۇسو بويىچە ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، نەق جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىشكە پائال قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئازغان ياشلارغا بولغان «تۆتنى ھۆددىگە ئېلىش» (ئوقۇغۇچىنى مەكتەپلەر ھۆددىگە ئېلىش، ئائىلىلەر پەرزەنتلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، مەھەللىلەر ئاھالىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش) ۋە «ئۈچنى بېكىتىش» (ياردەملىشىپ تەربىيىلەش ئوبيېكتىنى بېكىتىش، ياردەم بېرىپ تەربىيە بەرگۈچى خادىملارنى بېكىتىش، ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش مۇددىتىنى بېكىتىش) ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1985-يىلى سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇن بىلىملىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. تەربىيە ئالغان كىشىلەرنىڭ سانى 6757 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. ياشلارنى ئۆسمۈرلەرگە بولغان ياردەم بېرىش-تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش خىزمىتىگە قاتناشقان كادىر 80 نەپەر بولۇپ، 59 ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق 267 ئورۇندا ئامانلىقنى ساقلاش قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىدىن 14ى بار بولۇپ، ئەزالىرى 122 كىشىگە، قوغداش كادىرلىرى 188 كىشىگە، ئىقتىسادىي خەلق ساقچىلىرى 211 كىشىگە، ئامانلىقنى ساقلاش قاراۋۇللۇق قىلىش ئەترىتى بەشكە، خالىسانە ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى 27 كىشىگە يەتتى. 1987-يىلى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن 120 پارچە بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، 5484 ئاھالە ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن ئائىلە بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسىنى ئىمزالىدى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا نەنگۈەن، شىخابا پەيچۇسولىرى 34 قېتىملىق جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 29 دېلونى پاش قىلىپ، دېلو پاش قىلىش نىسبىتىنى %92كە يەتكۈزدى.

**بەشىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى**

1980-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، تيانشان رايونلۇق ئۈچ دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا «بەشتە ياخشى» ئائىلە سىناق نۇقتا خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1984-يىلىغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە 54 تيانشان رايونى دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە، توققۇز شەھەر دەرىجىلىك ئائىلە، ئۈچ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئائىلە باھالاپ چىقىلدى. كېڭگېر مەسچىت كوچىسى 135-قورۇدىكى ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان (ئۇيغۇر، خەنزۇ) ھەمراخان ئائىلىسى مەملىكەت بويىچە «بەشتە ياخشى» ئائىلە بولۇپ باھالاندى.

1982-يىلى قانات يايدۇرۇلغان بىرىنچى قېتىملىق «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى » پائالىيىتىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ئالدى بىلەن ئىللىقلىق يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ يېتىم-يېسىر، كېسەل، مېيىپلار ۋە ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىلىرىگە بېرىپ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى ھەمدە شەھەرلىك كۆتۈپخانىنىڭ قوللىشى بىلەن قىشلىق ئەتىللىك ئۆسمۈرلەر كۆتۈپخانىسىنى قۇرۇپ، بىر ئاي ئىچىدە 2000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. 30 مىڭغا يېقىن كىتابنى ئارىيەتكە بەردى. 1984-يىلى ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. سۇ بىلەن تەمىنلەش ئاھالىلەر كومىتېتى شىنجاڭ قوراللىق ساقچى باش ئەترىتى ترانسپورت چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام لىيەندۈيى بىلەن ئالاقە باغلاپ، رايونىمىزدىكى قىسىملار بىلەن ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلغان تۇنجى ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ قالدى.

1983-يىلى بىرىنچى قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» دا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئورگاندىكى كادىرلارنى ئىككى قېتىم تەشكىللەپ 24 ئائىلىلىك «بەشتە كاپالەتلىك» قىلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسىگە بېرىپ تاملىرىنى ئاقارتىپ ، ئىشىك-دېرىزىلىرىنى سۈرتۈپ تازىلاپ، يوتقان-كۆرپىلىرىنى سۆكۈپ يۇيۇپ تىكىپ بەردى. ئىككى قېتىم مىللەتلەر بىلىملىرى مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسىنى بېكىتىپ چىقىپ، «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى. 1987-يىلىغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تۆت شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن، ئۈچ رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن بارلىققا كەلدى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا «ئۆيچە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئىشخانا تەسىس قىلىندى. «ئۆيچە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيەتلەر دولقۇنى قوزغىتىلدى، مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق 77 ئورۇن، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىلەن «ئۆيچە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توختامنامىسى ئىمزالىدى. ھەرقايسى ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، 40 ئورۇن 900دىن يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشتى. پۈتۈن رايون بويىچە لاياقەتسىز ئورۇندىن بىرسىمۇ كۆرۈلمىدى.

**ئالتىنچى، كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى**

كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى شەرقتە جەنۇبىي ئازادلىق يولىغا، غەربتە بوغدا يولىغا، جەنۇبتا دۆڭكۆۋرۈك، شىمالدا بۇلاق بېشى كوچىسىغا تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ

ئىقتىسادى بىرقەدەر گۈللەنگەن يېرىگە جايلاشقان. ئاھاللەر كومىتېتى 1957-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلانغان بولۇپ، خۇيزۇلارنىڭ داڭلىق مەسچىتى كېڭگېر مەسچىتى نامى بىلەن ئاتالغان. 1964-يىلدىن كېيىن ئاھاللەر كومىتېتىنىڭ نامى شۇاڭچېڭخاڭ ئاھاللەر كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى، 1984-يىلى كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھاللەر كومىتېتى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاھالە كومىتېتى تەۋەلىكىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىبە، قازاق، چاۋشيەن قاتارلىق ئالتە مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 907 ئائىلە، 3292 ئادەم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 409 ئائىلە، 1792 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن ئادەم سانىنىڭ 4.45% نى ئىگىلەيدۇ. ئاھالە كومىتېت دائىرىسىدە توققۇز ئاھاللەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. ئاھاللەر كومىتېتىدە چوڭ-كىچىك 66 قورۇ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ قورۇلاردىن 38 ى بار. بۇ تەۋەدە شەھەرلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتى، مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى، ئۈرۈمچى ناھىيەلىك ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن، توققۇز دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىن، 20 گە يېقىن يەككىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى دۇكانلار بار.

كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھاللەر كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كونا ئاھاللەر رايونى بولۇپ، ئاھاللەر كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بولۇپمۇ 1983-يىلى بىرىنچى قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى» پائالىيىتى باشلانغاندىن بۇيان، ھەر يىلى 5-ئايدا ئاھاللەر كومىتېتى ئاھاللەرنى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن تەلىم ئېلىشقا تەشكىللەشنى تۈزۈم قىلىپ شەكىللەندۈردى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ ئاھاللەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى داۋاملىق ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، ئاھاللەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى، داۋاملىق تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. ئاما ئارىسىدا ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈشتەك پېگى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلدى. ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. مەسىلەن، قاھار ئىسىملىك ئۇيغۇر ياش ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئارازلىشىپ قالغاچقا چىقىپ كېتىپ قار يېغىۋاتقان قەھرىتان سوغۇقتا توڭلاپ يىرىڭلاپ كەتكەن پۇتىنى سۆرەپ ئۆيىگە قايتالماي قالىدۇ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاھاللەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مايۈخۋا باشقا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاممىدىن 280 يۈەن ئىئانە توپلاپ، قاھارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدۇ، يەنە نۆۋەتلىشىپ ئۇنىڭغا قاراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مېھمانخانىنىڭ خۇيزۇ خوجايىنى يولداش يى شيۇخۋا ئۇنىڭغا ھەقسىز تاماق، ياتاق ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىر ئايدىن كۆپرەك داۋالاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئاھاللەر كومىتېتى يەنە ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن ياردەملىشىپ خىزمەت تېپىپ بېرىدۇ، ئۆيلەپ قويىدۇ. كېڭگېر مەسچىت كوچىسى 30-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق بىر خەنزۇ يولدىشى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۈچ بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئىچكىرىگە كەتكەن، باللار تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىينالغان. ئاھاللەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۇلىغا باللارغا گۈرۈچ، ئۇن، ماي، ئوتۇن ئېلىپ بەرگەن ھەمدە باللارغا ۋاقىتلىق قوتقۇزۇش پۇلى بېرىپ، بۇ ئۈچ بالىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىككى ئايدىن كۆپرەك غەمخورلۇق قىلغان. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى قايتىپ كېلىپ، رەتلىك ئۆيىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ بىر ھازا سۆزلىيەلمەي قالغان. ئۇيغۇر تول موماي سىلىمىخان راك كېسىلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، ئاھاللەر كومىتېتىدىكى كادىرلار خۇددى ئۆزىنىڭ تۇغقىنىغا ئوخشاش نۆۋەتلىشىپ باققان، بۇ ئايال ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى

بويىچە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بېجىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چىڭ تۇتتى، ئاھالە كومىتېتى دائىرىسىدە مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇرغان چوڭ قورۇلاردىن 38ى بولۇپ، بۇ قورۇلارنىڭ ھەممىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى ۋە پائالىيەت قانات يايدۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، پائالىيەت ئارخىپى تۇرغۇزۇلغان. بۇنىڭغا قارىتا مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ باھالاش ئېلىپ بارغان. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 38 چوڭ قورۇنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى بولۇپ قورۇپ چىقىلغان. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى كېڭگېر مەسچىت كوچىسى 35-، 40-، 43-، 47-قورۇلاردا ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى بەرپا قىلىش نەق مەيدان يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلۇپ، رايونغا كېڭەيتىلگەن. كېڭگېر مەسچىت كوچىسى ئەۋۋەلدە بىرەرمۇ تەكشى كوچا يوق ئىدى. كوچا ۋە ھويلىلارنىڭ ھەممىسى ئوي-دۆڭ، ھەممىلا جايدا ئەخلەت، گەندىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ياز كۈنلىرى ھەممە يەردە چىۋىن ئۇچۇپ يۈرەتتى، قىش كۈنلىرى قار-مۇز، ئەخلەت-چاۋالار دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. باھار باشلىنىشى بىلەنلا، بۇ تەۋە «پاتقاق ئېرىق»قا ئايلىنىپ قالاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئاھالىلەر كومىتېتى ئاھالىلەرنى يېتەكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ يوللارنى تۈزلىدى، كوچا تاملىرىنى ئاقارتتى، ھاجەتخانىلارنى تازىلىدى، ئەخلەت تۆكۈش مەيدانى راسلىدى. يەنە قۇدۇقلىرىنى رېمونت قىلدى. تازىلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ بىلەن تازىلىق قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1965-يىلى بۇ ئاھالە كومىتېت ئۈچ كوچىنى تۈزلەپ رەتلىدى، سۇ چىقىرىش ئېرىقىدىن بەشنى چاپتى، قىش پەسلىدە ھەر قېتىم ياغقان قارنى ئۆز ۋاقتىدا تازىلاپ توشۇپ تۇردى. شۇ يىلى «شەھەر دەرىجىلىك تازىلىقتىكى ئۈلگىلىك ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. لېكىن بۇ تەۋە كونا شەھەر رايونى بولغانلىقى، كۆپىنچىسىنى يەرلىك بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر، كوچىلىرى تار بولغانلىقى، يەنە چىقىرىش ئەسلىھەلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پاكىزلىقتا ئۇزۇن مۇددەت كاپالەتلىك قىلىشتا قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئاھالىلەر كومىتېتى ساقلاپ تۇرماي، يۆلىنىۋالماي، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاھالىلەردە تازىلىق ئېڭى ۋە ئادىتىنى يېتىلدۈردى. ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئاسرايدىغان ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. كېڭگېر مەسچىت كوچىسى 46-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئايىمخان ئۇدا سەككىز يىل خالىسانە ھاجەتخانا تازىلاشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 50-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ توك سىمىنى ھاجەتخانىغا ئۇلاپ ھاجەتخانىغا لامپۇچكا ئورنىتىپ، ئاما ئارىسىدا ئۈلگە تىكلىدى. 1985-يىلدىن باشلاپ ئاھالىلەر كومىتېتى كوچىلارنى تازىلاش جەريانىدا «بىر قېتىم سۈپۈرۈپ، ئىككى قېتىم پاكىز ساقلاش» (ئەتىگەندە سۈپۈرۈپ، چۈشتە، چۈشتىن كېيىن پاكىزلىقنى ساقلاش) تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئاھالىلەرنىڭ ئەخلەتلىرى كۈندە سائەت سەككىزدىن بۇرۇن تازىلاپ، توشۇپ بولۇنىدى. گەرچە كوچا كىچىك بولسىمۇ، ئاھالە كومىتېتى ئاھالە ئارىسىدا گۈل-گىياھلارنى تېرىشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى. 1987-يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ھەربىر ئائىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ تەشتەك، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە جەمئىي 6550 تەشتەك گۈل بېقىلدى. كوچىلاردا 12 گۈللۈك بەرپا قىلىندى.

ئاھالە كومىتېتىدىكى ھەر مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ھويلا-ئارامىلارنى ئورتاق قۇرغاچقا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاھالە كومىتېتى، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاھالە كومىتېتى بولۇپ باھالاندى.

# 2-باب شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە شەرقىي ئايلانما يول، غەربتە شىمالىي شىنخۇا يولى، قىزىل بايراق يولى بىلەن قوشنا كېلىدۇ، جەنۇبتا خەلق يولىدىن باشلانسا، شىمالدا نۇرلۇق يولىغا تۇتىشىدۇ. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى مۇشۇ تەۋەدىكى ئاساسلىق يول شىمالىي ئازادلىق يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

1957-يىلى دەسلەپتە شىمەن، نەنمېن دەپ ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بولۇپ، دىخۇا شەھەرلىك 1-رايوننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قارايتتى. 1959-يىل 4-ئايدا شەھەردە «خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ، شىمەندا دېموكراتىك خەلق گۇڭشېسى، نەنمېندا تىنچلىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1960-يىلى دېموكراتىك خەلق گۇڭشېسى بىلەن قىزىل تاغ خەلق گۇڭشېسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، قىزىل تاغ خەلق گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى، تىنچلىق خەلق گۇڭشېسى بىلەن چۈەنشەن خەلق گۇڭشېسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، چۈەنشەن خەلق گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1962-يىل 10-ئايدا شىمەن، نەنمېن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، 1969-يىلى نامى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىمەن ۋە نەنمېن مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977-يىل 10-ئايدا ئىككى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، نامى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى دەپ ئاتالدى. 1979-يىلى نامى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەدەنىيەت يولى 5-كوچا 10-قورۇدا ئىش بېجىردى. 1987-يىلى يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورگىنىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، شەھەر باشقۇرۇش ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئىشخانىسى، مەدەنىيەت پونكىتى، سانائەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 22 مەمۇرىي كەسپىي كادىر (يەتتە ئەر، 15 ئايال)، 49 كارخانا كادىرى (11ئەر، 38 ئايال) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 22 نەپەر. ئىش باشقارما قارىمىقىدا خەلق يولى، غەربىي مەدەنىيەت يولى، شەرقىي مەدەنىيەت يولى، جەنۇبىي چوڭ كوچا، شىمالىي تىنچلىق يولى، تيانشان يولى، ساغلاملىق يولى، ھەمكارلىق كوچىسى، دېموكراتىيە يولى، جۇڭسەن يولى، قىزىل بايراق يولى، خەلق مەيدانى، شىمالىي چوڭ كوچا، نۇرلۇق يول، قورۇلۇش يولى قاتارلىق 15 ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 25 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 10 مىڭ 23 ئائىلە، 52 مىڭ 588 كىشى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 8443 نەپەر. بۇ تەۋەگە ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك چوڭ ئورۇنلاردىن 87 سى جايلاشقان.

مەزكۇر ئىش باشقارمىسى تەۋەسى تارىختا دىخۇا شەھىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. خېلى بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 38-يىلى (1773-يىلى) بۇ جاي سودا-سېتىقچىلار توپلاشقان، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى مەركەزلەشكەن ئاۋات رايون ئىدى. ئاتاقلىق بوغدا كىتابخانىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتىپى، لاۋجۇن بۇتخانىسى، چىڭخۇاڭ بۇتخانىسى، يەتتە تىكەن سارىيى، خانىشلار بۇتخانىسى، زوگوگزى شۇنداقلا جوگجو ئۇيۇشمىسى، لياڭخۇ ئۇيۇشمىسى، شەنشى ئۇيۇشمىسى، گەنسۇ

ئويۇشمىسى قاتارلىقلار مەزكۇر تەۋەدە ئىدى.
ئازادلىقتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇشۇ تەۋەدە تەسىس قىلىندى. شىمالىي ئازادلىق يولى، جۇڭگۇ يولى، دېموكراتىيە يوللىرىنىڭ ئىككى يېنىدا ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، سودا تور-نۇقتىلىرى بەكمۇ كۆپ بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سودا مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەۋەدە نىگدېتاڭ دورا ماگىزىنى، خوڭچۈنيۈەن رېستورانى قاتارلىق داڭلىق ماگىزىن، رېستورانلار، شۇنداقلا ئۆسكۈنلىرى مۇكەممەل، مال تۈرلىرى تولۇق بولغان داشىزى تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، تيانشان تۈرلۈك ماللار سارىيى قاتارلىق سودا سارايلىرى بار؛ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى سودىنى ئاساس، كوللېكتىپ ۋە يەككىلەر سودىسىنى قوشۇمچە قىلىپ شەكىللەنگەن جۇڭگۇ سودا كوچىسى پۈتۈن شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى سايامەتچىلەرنىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىگە ئايلاندى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، يېڭىدىن ئېچىلغان قىزىل بايراق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، مەدەنىيەت يولى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا سارىيىنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تولۇق، سېتىقچىلىق ئىشلىرى جانلانغان بولۇپ كۆنسايىن ئاۋاتلاشماقتا.
مەزكۇر تەۋە يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، بۇ تەۋەلىكتىكى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتۈن شەھەرنىڭ نۇقتىلىق مەكتەپلىرىدۇر. يەنە خەلق كىنوخانىسى، باللار كىنو-تىياترخانىسى، ئاممىۋى تىياترخانا، شىنجاڭ تىياترخانىسى، تىنچلىق تىياترخانىسى، «1-ئاۋغۇست» تىياترخانىسى قاتارلىق ئالتە كىنو-تىياترخانا بار، مەزكۇر تەۋەدە 1-، 3-، 4-، 5-، 7-، 8-، 17-، 30-يولدىن ئىبارەت سەككىز يولنىڭ ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ، قاتنىشى قولايلىق.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار 1958-، 1960-يىللىرىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، «چوڭ كارخانىلارنىڭ كېمىنى تولدۇرۇش، شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش» فاڭجېنى بويىچە ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تايانچ قىلىپ، جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئېخنىك خادىملارنى يىغىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، تىككۈچىلىك، باسمىچىلىق، گۈزەل سەنئەت، ئاياغ-كىيىم تىكىش، پاياق توقۇش، كاۋچۇك بۇيۇملىرى، ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى زاۋۇت ۋە ساتىراشخانا، كىرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىش قاتارلىق مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنى قۇردى. بۇ كارخانىلار جەمئىي 18 بولۇپ، خادىملىرى 170 تىن ئېشىپ كەتتى. 1962-يىلى پۈتۈن شەھەر بويىچە سانائەتنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، كەسىپلەر بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، تىككۈچىلىك زاۋۇتى، باسمىچىلىق زاۋۇتى، كاۋچۇك زاۋۇتى، ساتىراشخانا قاتارلىق 12 كارخانىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا ۋە شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك جەمئىيەت ئۇچۇر مۇلازىمەت قىلىش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۈچ كارسەلتەنەتنىڭ خام ئەشياسى يېتەرلىك تەمىن ئېتىلمىگەنلىكى ۋە ئېخنىكىسى قالاق بولغانلىقتىن ئىشتىن توختىتىلدى. مەھەللە ئىش باشقارما باشقۇرغان سانائەت يامان ئەھۋالدا قالدى. 1965-، 1966-يىللىرى يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ باسمىچىلىق، گۈزەل سەنئەت دۇكىنى، باكىلىت

زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، قىلىپ زاۋۇتى، تىككۈچىلىك زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار قۇرۇلۇپ مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى.

1971-يىلدىن 1974-يىلغىچە «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئاما مەبلەغ توپلاپ، يەنە كەينى-كەينىدىن كىچىك تىپتىكى بەش خىل مېتال زاۋۇتى، ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، سىم توقۇش زاۋۇتى، قەلەي زاۋۇتى، چامادان زاۋۇتى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، تازىلىق شىپاڭ زاۋۇتى، ياغاچچىلىق كارخانىسى، ئېلېكتر سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش ئەترىتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇردى. ئەسلىدىكى باسمىچىلىق دۇكىنى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ باسمىچىلىق زاۋۇتىنى قۇردى. ئەسلىدىكى قۇيمىچىلىق زاۋۇتىنى قومچاق ماشىنا زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تازىلىق كۆجىسى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان مۇسۇلمانچە تازىلىق كۆجىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب زاۋۇتى ئىشلەپ-چىقارغان ئىندۇكسىيە ئەسۋابى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بولۇپ قالدى. 1974-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ھەرقايسى سانائەت كارخانىلىرى ئورۇندىغان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىش كىرىمى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدىسى 166 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1979-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سودا، يېمەك-ئىچ-مەك جەمئىيەت ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىش تۈرلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1981-يىلغىچە ئالتە ماگىزىن، ئالتە ئاشخانا، ئىككى ساراي، ئىككى رەسىمخانا، بىر ساتىراشخانا، بىر چاق ياماش كوپىراتىپى، ئۈچ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى شەھەردە ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلاردىن 535 نەپىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن يىللىق ئورۇندىغان تىجارەت سوممىسى 10 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى.

1981-يىلى كارخانىلارنىڭ تىجارەت مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي ئورۇنلار قىسقارتىلىپ، ھوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرغان كارخانىلاردا ئالدى بىلەن مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، پايدا زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقى، سېخ مۇدىرى، سىمنا (گۇرۇپپا) ئەترەتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجە بويىچە ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. خادىملارنى، نورمىنى، سۈپەتنى، مەھسۇلاتنى بېكىتىش مەزمۇن قىلىنغان «تۆتنى بېكىتىش بىر ئىش ئورنى»دىن ئىبارەت شەخسلەرنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش، پايدىنى بۆلۈشۈش، ئىش ۋاقتىغا قاراپ ھەق بېرىش قاتارلىق ئىش ھەققى شەكلى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تازىلىق شىپاڭ زاۋۇتى مەھسۇلات قىممىتىگە سېتىشنى باغلاش، سېتىشقا پايدىنى باغلاش، پايدىغا ئىش ھەققىنى باغلاشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش ئېنىق بولۇش، ئىشچىلارنى مۇكاپاتلاپ، ھورۇنلارنى جازالاش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىشچى-خىزمەتچى-لەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئۈنۈملۈك قوزغىتىلدى.

1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئەسلىدىكى سانائەت ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپىراتىپى قايتىدىن تەشكىللىنىپ شىمالىي ئازادلىق يولى سانائەت شىركىتى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلار ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، كارخانا باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ

ئۆزگىرىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى چامادان زاۋۇتى تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1987-يىلىغا كەلگەندە مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئون مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان زاۋۇت، 11 سودا مۇلازىمەت تورى، ئۈچ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى بار بولدى. جەمئىي 447 نەپەر مۇقىم ئىشچى، پەسىل خاراكتېرلىك ۋاقىتلىق ئىشچىدىن 310 نەپىرى بولۇپ، 1مىليون 160 مىڭ يۈەن مۇقىم مۈلۈك، 1 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك كۆچمە مەبلەغگە ئىگە بولدى. يىلدا تۈرلۈك باج سوممىسىدىن 481 مىڭ 200 يۈەن تاپشۇردى. پۈتۈن خادىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 21 مىڭ 700 يۈەن بولدى. پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئومۇمىي قىممىتى 16 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 640 مىڭ يۈەن پايدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇندىغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا 390 مىڭ يۈەن؛ سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئورۇندىغان تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يارىتقان پايدىسى 120 مىڭ يۈەن؛ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەمگەك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 960 مىڭ يۈەن، پايدىسى 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، رايونغا قاراشلىق 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىچىدىكى پايدا-باجنى ئەڭ كۆپ يارىتالىغانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

## 2-پاراگراف    مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 15 ئاھالە كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ھەربىر ئاھالىلەر كومىتېتىغا بىر نەپەر مۇدىر، ئىككىدىن ئۈچكىچە مۇئاۋىن مۇدىر، بەشتىن يەتتىگىچە ئەزالار تەسىس قىلىنغانىدى. «شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي مىزانى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدا تازىلىق، پاراۋانلىق، مۇرەسسە، ئامانلىقنى ساقلاش، ئاياللار خىزمىتى قاتارلىق بەش خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىندى ھەمدە ھەرقايسى ئاھالە كومىتېتلىرىدا ئاياللار ۋەكىللىرى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئاممىغا تايىنىپ ئۆزىنى ياخشى تەربىيىلەش، ئۆز-ئۆزىگە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئامmىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تۈزەش تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلدى.

**بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش**

1977-يىلى شىمىن ۋە نەنمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش تازىلىق گۇرۇپپىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەھەر قۇرۇلۇش تازىلىق گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. 1985-يىلى يىل بېشىدا، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەھەر باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تازىلاش، ئىشنى ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئەترەت تەسىس قىلىندى. بۇ ئىككى ئەترەتتە 35 نەپەر شتاتلىق ئىشچى-خىزمەتچى (12 نەپەر پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 120 دىن كۆپرەك ۋاقىتلىق ئىشچى بار ئىدى.

تازىلىق ئەترىتى 1974-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپكى توققۇز يىلدا 29 نەپەر تازىلاپ توشۇش ئىشچىسى ھارۋا ئىشلىتىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق 243 ئورۇن، 5369 ئائىلىلىك ئاھالىلەر ئاممىسىنىڭ

ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ توشۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. يىللىق تازىلاپ توشۇش مىقدارى 15 مىڭ توننىدىن ئاشتى. 33 نەپەر تازىلىق ئىشچىسى ئون چوڭ كوچىنىڭ 157 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق يول يۈزىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1982-يىل 2-ئايدىن باشلاپ، شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى مۇشۇ تەۋەدە تۆمۈردىن ياسالغان يۇمىلاق شەكىلدىكى ئەخلەت چېلىكىگە ئەخلەت يىغىشنى سىناق ئۇقتىسى قىلىپ يولغا قويدى. 12 ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ توققۇز چوڭ كوچىسى، 40 چوڭ-كىچىك يوللىرىغا 385 ئەخلەت چېلىكى قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ قول ھارۋىلىرى ئىشلىتىلىشتىن قالدۇرۇلۇپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، نۇقتا بەلگىلەپ، چېلەك بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1984-يىلى ئەخلەت چېلەكلىرى 667 گە كۆپەيتىلدى.

1980-يىلدىن بۇرۇن قىش پەسلىدە قار ياغسا چوڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورۇنلارنى تەشكىللەپ قار تازىلاتقۇزۇلاتتى. ئاساسلىق قىلىپ شىمالىي ئازادلىق يولى، جۇڭشەن يولى، دېموكراتىيە يولى قاتارلىق بىرقانچە ئاساسلىق يول بىلەن چەكلىنەتتى. 1980-يىلدىن باشلاپ يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئورۇنلار ئارىسىدا مۇھىت تازىلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قانات يايدۇرۇلدى. ئاھالىلەر كومىتېتىنى بىرلىك قىلىپ، 15 قار تازىلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 14 چوڭ كوچىدىكى 368 ئورۇن، 40 ئائىلىلىكلەر قورۇسى، 101 ئاھالىلەر قورۇسىغا قارىتا، 49 مەسئۇلىيەت ئوچاستكىسى بۆلۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ 675 مېتىر، ھەممىسى 294 مەسئۇلىيەت بۆلىكى بولۇپ، تازىلاش كۆلىمى 158 مىڭ كۋادرات مېتىر. 1982-يىلدىن باشلاپ شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ماشىنا ئارقىلىق شىمالىي ئازادلىق يولى، جۇڭشەن يولى، خەلق يولىدىكى يىغىلغان قارلارنى تازىلاپ توشۇيدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا جايلارنىمۇ ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى تازىلاپ توشۇيدىغان بولدى.

1983-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە «يەتتە ئائىلىگە بىر ئىش ئورنى» تازىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەۋەدە تۇرۇشلۇق كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەر يەتتىسى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىنىپ، ھەر ھەپتىدە نۆۋەتلىشىپ بىر كىشى دېجورنىلىق قىلىپ، ئىشىك ئالدىنىڭ تازىلىقىنى ساقلاپ، قالايمىقان قويۇپ قويۇش، قالايمىقان توختىتىپ قويۇشنى قەتئىي چەكلىدى. 1984-يىل 5-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ئاساسلىق چوڭ كوچىلاردا تازىلىقنى ھۆددىگە ئېلىش، كۆكەرتىشنى ھۆددىگە ئېلىش، تەرتىپنى ھۆددىگە ئېلىشنى مەزمۇن قىلغان ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئەسلىدىكى ئورۇنلار ئادەم چىقىرىپ دېجورنىلىق قىلىش ئۆزئارا يېقىن بولغان بىرقانچە ئورۇن مەبلەغ چىقىرىپ ئادەم ياللاپ دېجورنىلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئالدى بىلەن شىمالىي ئازادلىق يولى، جۇڭشەن يولى، دېموكراتىيە يولىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1985-يىل 1-ئايدا كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. رايوندىكى 15 ئاساسلىق چوڭ كوچىلاردا ئىشىك ئالدى بويىچە «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» يولغا قويۇلدى. ئورۇنلار جەمئىي ئالتە دائىرە، 123 بۆلەك بويىچە كۆلىمى 69 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر جاينى ھۆددىگە ئالدى، ھۆددىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» بەلگىسى ئېسىلدى. 123 نەپەر ۋاقىتلىق ئىشچى دېجورنىلىقتا تۇرۇپ، ئالتە نەپەر نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئالتە تارماق تەۋەنىڭ دېجورنىلىقىنى قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، «مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش، نازارەتچىلىك قىلغۇچىلار دائىرىلەرنى باشقۇرۇش، دېجورنىلىق قىلغۇچىلار تارماق جايلارنى باشقۇرۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خىزمىتى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەلەردىكى 16 چوڭ كوچا، 499 ئورۇنغا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ كۆلىمى 86 مىڭ كۋادرات مېتىر، ياز پەسلىدە

ئىككى سىمنا تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىپ، ئۈچىنى ھۆددىگە ئالغۇچى خادىملار 104 كە، قىش پەسلىدە بىر سىمنا تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىپ، ئۈچىنى ھۆددىگە ئالغان خادىملار 81 گە يەتتى. ئۈچىنى ھۆددىگە ئالغۇچى خادىملارغا قارىتا مۇكاپات پۇلى بىلەن «ئۈچىنى ھۆددىگە ئېلىش» سۈپىتىنى بىر-بىرىگە باغلاشتەك مەسئۇلىيەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

1980-يىلى شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى كوچا، يوللاردىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ يوللارنى ئىگىلىشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا چۈشۈرۈپ بەردى.

1977-يىلدىن باشلاپ مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە ئاممىنى پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، شەھەر قۇرۇلۇش كەسپىي ئىدارىسىگە ھەمكارلىشىپ چوڭ كوچىلار، پىيادىلەر يولى ۋە پاتقاق ھويلىلارنى تۈزەپ، تۇركۈمگە بۆلۈپ ئاھالىلەر ئۈچۈن يەر ئاستى يۇندا تۇرۇبىسى ياساپ بەردى ۋە ۋودوپروۋود سۈيى پونكىتى قۇردى. 1987-يىلغا كەلگەندە، جەمئىي 47 كوچا ۋە يول ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ كۆلىمى جەمئىي 65 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر؛ ئورۇنلار ۋە ئامما ئۆزلىرى ئىشىك ئالدىدىكى يوللىرىنى ياسىدى، كونا پىيادىلەر يولىدىن 16 نى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ 184 كونا ھويلا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 59 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. يېڭىدىن 1389 مېتىرلىق سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سۇ چۈشۈرگىسى بار سۇ پونكىتىدىن 39 ى ياسالدى؛ يېڭىدىن 4027 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۇندا تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. 122 يۇندا تۆكۈش قۇدۇقى تەسىس قىلىندى؛ يەنە 16 كىشىلىك تۆت قۇرغاق ھاجەتخانا، 22 كىشىلىك ئىككى سۇ چۈشۈرگىسى بار ھاجەتخانا سېلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر بىرقەدەر چەتتىرەك بولغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى پىيادىلەر يولى ۋە كوچىلارغا لەمپە ياساپ ئۆيلەرنى سېلىۋالغانىدى. قانۇنسىز سېلىنغان بۇ ئۆيلەر قاتناشقا توسالغۇ بولدى، شەھەر قىياپىتىنىڭ كۆركەملىكىگە تەسىر يەتكۈزدى. 1983-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا شەھەر قىياپىتىنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 33 نەپەر كىشى قاتناشقان شەھەر قىياپىتىنى تەرتىپكە سېلىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھەللە ئىشلىرى، بازار باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ يوللارنى ئىگىلىۋېلىشىنى تەكشۈرۈش، قانۇنسىز قۇرۇلۇشلارنى تىزىملاش قاتارلىق تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، 60 تىن كۆپرەك جايدىكى قانۇنسىز قۇرۇلۇشلارنى چېقىپ تاشلىدى.

1982-يىلى يەككە تىجارەتچىلەر شىددەت بىلەن كۆپەيدى، كوچىلارنى قالايمىقان ئىگىلىۋېلىش ئېغىرلىشىپ، كوچا بېشىدىكى يول ئېغىزلىرىدا قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، تەرتىپ قالايمىقانلاشتى. 6-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى كوچا، يوللارنى ئىگىلىۋالغان بارلىق يايما تۇقتىلىرىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، رەت نومۇرىنى يازدى، مۇقىم تىجارەت قىلىش ئورنىنى بېكىتىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن كوچا ۋە يوللارنىڭ تەرتىپى جايىغا چۈشتى. 1982-يىل 6-ئايدىن 1983-يىل 6-ئايغىچە يول ئىگىلەش رەسمىيىتىدىن 237 پارچىنى بېجىرىپ بەردى. 1984-يىلدىن باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپ، ھەرقايسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىۋىسكا ئېسىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇشلار مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش ئورنى، لاياقەتسىز قۇرۇلۇش ئورنى، لاياقەتلىك قۇرۇلۇش ئورنى دېگەن ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈندى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى باشقۇرغۇچى خادىمدىن بىر نەپەر تەسىس قىلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورنىدىن 41ى بولۇپ، پۈتۈن يىلدا مۇسابىقىلىشىش-سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى تۆت قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىككى مۇنەۋۋەر

قۇرۇلۇش ئورنى، ئالتە لاياقەتلىك قۇرۇلۇش ئورنى باھالاپ چىقىلدى. سەككىز ئورۇندىكى جايىنى قانۇنسىز ئارتۇق ئىگىلىۋالغان، قۇرۇلۇش ئەتراپىغا تام سالمىغان، مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش ئورنى بولۇشنى ئورۇندىمىغانلارغا قارىتا توك يوللىرىنى كېسىۋېتىش، بۇيرۇق بىلەن ئىش توختىتىش، ماشىنىسىنى تۇتۇپ قېلىش، پىراۋىسىنى يىغىۋېلىش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ يوللارنى ئىگىلىۋېلىش ئەھۋالىدا مۇئەييەن ياخشىلىنىش بولدى.

1986-يىلدىن باشلاپ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆز تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم نومۇر قويۇپ باھالىدى. نومۇرى 85 تىن يۇقىرىلارغا تازىلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن دەپ قىزىل ۋىۋىسكا ئاستى، نومۇرى 80~60 قىچە بولغانلارنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇن دەپ كۆك ۋىۋىسكا ئاستى، نومۇرى 60 تىن تۆۋەن بولغانلارغا لاياقەتسىز دەپ قارا ۋىۋىسكا ئاستى. تازىلىقتا لاياقەتسىز بولغان ئورۇنلار 50 يۈەندىن 200 يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەسئۇل كىشىگىمۇ بەش يۈەندىن 20 يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1986-يىلى تۆت قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، «ئا» دەرىجىلىك ئورۇندىن 346 سى (1-دەرىجىلىك)، «ب» دەرىجىلىك ئورۇندىن 34ى (لاياقەتلىك)، تازىلىقتا لاياقەتسىز ئورۇندىن بەشى باھالاپ چىقىلدى. 1987-يىلى بەش قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، «ئا» دەرىجىلىك ئورۇندىن 396 سى، «ب» دەرىجىلىك ئورۇندىن تۆتى، تازىلىقتا لاياقەتسىز ئورۇندىن ئۈچى باھالاپ چىقىلدى ۋە تازىلىقتا لاياقەتسىز بولغان ئورۇنلارغا 650 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

ئىككىنچى، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، نەپىقە-ئېتىبار بېرىش

مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ھەر قېتىملىق يېڭى يىل، باھار بايرىمى، ئارمىيە بايرىمى قاتارلىق بايرام كۈنلىرىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى.ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەييارلىدى، جەڭچىلە-رنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ، كىيىم-كېچەكلىرىنى ياماپ بەردى ھەمدە ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سوراپ، ئارمىيە خەلق مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتەك يېڭى كەيپىياتنى شەكىللەندۈردى. 1979-يىللىق ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىگە قاراشلىق ھەر مىللەت ئاممىسى پۈتۈن يىلدا يەرلىكتە تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە 280 قۇر كىيىمنى يۇيۇپ بەرگەن، 6235 ھال سوراش بۇيۇمى تەييارلىغان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ بەرگەن، كىيىم-كېچەكنى يۇيۇپ بەرگەن، سۇيىنى توشۇپ بەرگەن، ئوتۇن، كۆمۈرلىرىنى ئەكىلىپ بەرگەن، بۇنىڭغا قاتناشقانلار 2656 ئادەم قېتىمغا يەتكەن. 3500 ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. يەنە قىسىملارغا ياردەملىشىپ 20 نەپەر ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇر-غان. سابىق بەخت يولى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى ياشانغان ئەن چۈنيى موماي نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆز قولى بىلەن ھەربىي خەي تىكىپ ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئەۋەتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. 1979-يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا، ئۇ 70 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا بىر يىگنە-بىر يىگنىلەپ خەي تىكىپ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىگە ئۈلگە بولۇپ، ئۇدا نەچچە يىل مەملىكەتلىك ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەن-دى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 15 ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەممىسىدە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، شۇ يىلى

11-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا، ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە، مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق بىرلىكتە بەرپا قىلىنغان ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى (گۇرۇپپىسى) دىن 34ى قۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدا 11 ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەسىگە 5120 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

### ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلەتتى. 1955-يىلدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشتا «ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئاساس قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلىنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاھالە كومىتېتىغا تايىنىپ ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى كەمبەغەل ئاھالىلەر، ئىشسىز خادىملار ۋە غېرىب-غۇربا، ئىگە-چاقىسىز، تۇرمۇش مەنبەئى يوق، قىيىنچىلىقى بار ئاھالىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى. 1966-يىلغا كەلگەندە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بەزى زاۋۇت ۋە يېمەك-ئىچ-مەك مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا 273 نەپەر قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلىكلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرمۇشتا چىقىش يولىغا ئىگە بولدى. ئەمگەك كۈچى يوق، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلىكلەرگە قەرەللىك قۇتقۇزۇش بېرىش ۋە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش بېرىش چارىسىنى قوللاندى ھەمدە ھەقسىز داۋالاش بىلەن تەمىن ئەتتى. پەقەت 1979-يىلىلا قىيىنچىلىقى بار 46 ئائىلىگە 3591 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۇرسىتى كۆپ بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئالىدىغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلىكلەر ئازايدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە پەقەت ئۇزۇن مۇددەت قۇتقۇزۇش ئالىدىغان سەككىز ئائىلىلىك سەككىز كىشى، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ئالىدىغان بىر ئائىلىلىك بىر كىشىلا قالدى. قۇتقۇزۇش راسخوتى ئۆلچىمى ئەسلىدىكى بىر كىشىگە ھەر ئايدا بېرىلىدىغان 23 يۈەندىن 30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

### تۆتىنچى، پىلانلىق تۇغۇت

مەھەللە ئىش باشقارمىسى 1964-يىلدىن باشلاپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1966-يىلدىن باشلاپ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاشنى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بېجىرىدىغان بولدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1968-يىلدىن 1976-يىلغىچە نىكاھلانغۇچىلاردىن جەمئىي 6400 نەپەر كىشىنى (3200 جۈپ) تىزىملىغان، 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە نىكاھلانغۇچىلاردىن جەمئىي 6186 نەپەر كىشىنى (3093 جۈپ) تىزىملىغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تىزىملاتقان ھەر ئىككى تەرەپكە كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە پۈتۈن مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاھالىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. 1978-يىلى مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىنىڭ ئاھالىلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.6، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %93، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %90، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %81 بولدى. 1980-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بويىچە قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1984-يىلدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. يىل ئاخىرىغىچە، مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى

16.34‰، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 53.33%، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 49.47%، تۇغۇت نىسبىتى 19.49‰ بولدى. 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقان باشقۇرۇش تەلىپىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى. تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا قارىتا تۈرلۈك تۇغۇت چەكلەش ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش تەشۋىقاتى ۋە مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىلەرگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پىلان سىرتىدىكى تۇغۇت چەكلەندى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەنزۇلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.32‰، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 26.82‰ بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى؛ خەنزۇلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 98%، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 4.03%، خەنزۇلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 100%، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى 96% بولدى.

## بەشىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقنى ساقلاش

50-يىللاردا مەھەللە ئاساسىي قاتلاملاردا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئوتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جاسۇسلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەبىئىي ئاپەت ھادىسىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «تۆتنىڭ ئالدىنى ئېلىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 1979-يىلى پۈتۈن شەھەر بويىچە قانات يايدۇرۇلغان جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش مەركەز قىلىنغان جەمئىيەت ئامانلىقنى ساقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتى جەريانىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە جەمئىيەت ئامانلىقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان جەمئىي 106 نەپەر قانۇنسىز ئونسۇر قولغا چۈشۈرۈلدى، نەق جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن ئالتىسى، ئامانلىقنى ساقلاش ئەنزىسىدىن 153ى، يىغىلىپ قالغان ئەنزىدىن 22 سى پاش قىلىندى. جىنايى قىلمىشى بار 21 نەپەر كىشى تۇتۇپ تۇرۇلدى، ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى تۆۋەنلىدى. شۇ يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پۈتۈن شەھەر بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1980-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى رايونىدا ئامانلىقنى ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. «قورۇلار قورۇلارنى ھۆددىگە ئېلىش، كوچا كوچىلارنى ھۆددىگە ئېلىش، يوللار يوللارنى ھۆددىگە ئېلىش، ئورۇنلار ئورۇنلارنى ھۆددىگە ئېلىش» مەزمۇن قىلىنغان «تۆتنى ھۆددىگە ئېلىش» ئامانلىقنى ساقلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. بىخەتەرلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش — ئامانلىقنى ساقلاش تورىدىن 5378ى، بىخەتەرلىك قاراۋۇللۇق گۇرۇپپىسىدىن 190ى قۇرۇلۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسولىرىنىڭ ئەنزە پاش قىلىش خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك ماسلاشقانلىقتىن، ئەنزىلەرنىڭ سادىر بولۇش نىسبىتى 1979-يىلدىكىدىن تۆۋەنلىدى (نەنمىن پەيچۇسىنىڭ 11.2%، شىمىن پەيچۇسىنىڭ 45% تۆۋەنلىدى). 1987-يىلى جەمئىيەت ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتى جەمئىيەت ئامانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشكە ئۆزگەرتىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى ھەمدە 12 ئاساسىي قاتلام ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، 18 ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى، 11 ئىدارىدىكى ئائىلىلىكلەر قورۇلىرىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، ئىككى بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى مۇداپىئە، ئاممىۋى تۈزەش بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقنى ساقلاش تورى شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەت تەرتىپى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى، ئامانلىقنى ساقلاش

ئەنزىلىرى تۆۋەنلىدى، 1987-يىلى ئىش باشقارما تەۋەسىدە جەمئىي 81 ئەنزە سادىر بولدى، بۇنىڭ 72 سى پاش قىلىنىپ، ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 87.5% كە يەتتى، ئەنزە سادىر بولۇش نىسبىتى 1986-يىلدىكىدىن 8.26% تۆۋەنلىدى.

## ئالتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

1982-يىل 3-ئايدا 1-قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش تەبىي پائالىيىتى جەريانىدا، پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 223 ئورۇن ئىشچىلاردىن 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 411 ماشىنىنى چىقىرىپ، جەمئىي 7904 توننا ئەخلەتنى تازىلاپ توشۇدى. 1983-يىلى 2-قېتىملىق مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى جەريانىدا، ئاساسلىق قىلىپ مەدەنىيەتلىك، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان بولۇش مەزمۇن قىلىنغان «تۆت بولۇش» تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر خەلققە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىدىغان مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى، ئاھالىلەر كومىتېتى ئاممىنى «بەش كاپالەت ئائىلىلەر»، ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىگە 100 دىن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە تەشكىللىدى.

1983-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئارمىيە، ساقچى، خەلق نۇقتا بەلگىلەپ ئالاقە باغلاپ مەدەنىيەتلىك ئاھالىلەر كومىتېتىنى بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالىدى. 1984-يىل 2-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئارمىيە خەلق، ساقچى خەلق، كادىرلار بىلەن ئاممىنى، ئارمىيە بىلەن كادىرلاردىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلدىكى نۇقتا بەلگىلەپ بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بەخت يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، جۇڭشەن يولىنى گۈزەل كوچا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن ئاھالىلەر ئاممىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، بەش پىيادىلەر كوچىسىنى رېمونت قىلىپ تۈزىدى، بۇنىڭ كۆلىمى جەمئىي 44 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئادەتتىكى يولدىن ئۈچنى رېمونت قىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 5431 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ 17 ھويلىنى رېمونت قىلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 4730 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 29 گۈللۈك ئاچتى، بۇنىڭ كۆلىمى 3566 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 200 كۋادرات مېتىرلىق ئۆگزىنى گۈلزارلاشتۇردى، تۈرلۈك دەرەخلەردىن 300 تۈپ تىكتى. تۈرلۈك گۈللەردىن 6843 تاشتەك ئۆستۈردى. 20 ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى، يېڭىدىن ئۈچ ھاجەتخانا سالدى، 80 مېتىر سۇ تۇرۇبىسى ئورناتتى، يۇندا تۆكۈش قۇدۇقىدىن 28 نى ياسىدى. 1962 «بەشتە ياخشى» ئائىلە، 20 «بەشتە ياخشى» بىنا، 77 «بەشتە ياخشى» ھويلا، ئون «بەشتە ياخشى» كوچا بارلىققا كەلدى.

1986-، 1987-يىللىرى «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» (ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، مۇھىتى گۈزەل بولۇش، تەرتىپى ياخشى بولۇش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش) پائالىيىتى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا، شىمالىي ئازادلىق يولى تەۋەسىنىڭ «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تەۋەدە تۇرۇشلۇق 250 ئورۇن بىلەن «ئۈچتە ئەلا بىردىن ئۆگىنىش» كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى نۇقتىلىق قىلىپ سودىدا ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش، ساغلاملىق تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان جۇڭشەن يولىنى مەدەنىيەتلىك كوچا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. كوچىنىڭ ياقىسىدىكى 101 سودا ئورۇنلىرىدا مەدەنىيەتلىك سودا قىلىش، مېھمانلارنى ئەدەبلىك كۈتۈۋېلىش بويىچە «قىزىل ئەترگۈل لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە «ئوندا مۇنەۋۋەر» پىركازچىكلارنى، مۇلازىمەت چولپانلىرىنى تاللاپ باھالاش قاتارلىق

پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگەن يولىدا تازىلىق، كۆكەرتىش، قاتناش، تەشۋىقات قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى، كوچا قىياپىتى، مۇھىتىدا زور ياخشىلىنىشلار بولدى. شەھەر، رايون ئىككى دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن جۇڭگەن يولى پۈتۈن شەھەر بويىچە مەدەنىيەتلىك كوچا بولدى.

**يەتتىنچى، مەھەللىدىكى ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش مەكتىپى**

70-يىللاردا شەھەر رايونى ئاھالىسىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان ياشلار بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ بىر قىسىم ياشلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مەھەللە ئىش باشقارمىسى 1975-يىلى مەھەللە ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش مەكتىپىنى قۇردى، پارتكومنىڭ بىر نەپەر ئەزاسى يېتەكچى بولدى، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچىدىن بىر نەپەر، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئوقۇغۇچىدىن بىرقانچە نەپەر سەپلەندى. مەكتەپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى سىياسىي ئېقىم مەسىلىلىرىنى، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 1979-يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە جەمئىي 50 تىن كۆپرەك سىنىپ ئېچىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1248 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1978-يىلى مەدەنىيەت تولۇقلاش سىنىپىدىكى 50 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن 15ى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىندى، مەكتەپ يەنە ئوقۇغۇچىلارنى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلار ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، مەسىلەن، ئۈلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ خەتەردىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىش، لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ ياخشى ئىش قىلىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ۋە «كونا نەرسىلەرنى يىغىپ كېرەكسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورۇنلارغا ئىشچى قوبۇل قىلىشقا 413 نەپەر ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئورۇنلاردىكى تەبىئىي كېمەيگەن خادىملار ئورنىغا ئون نەپەر ئوقۇغۇچى، مەھەللە سانائىتىگە 120 نەپەر ئوقۇغۇچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى قىزىللىشىش ئىختىساسلىشىش مەكتىپىدىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ %48 نى ئىگىلەپ، مەھەللىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ياشلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئىشسىزلىقنى ھەل قىلىشى جەھەتتە ئۈنۈملۈك ھالدا ئىزدەندى.

## 3-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەدەنىيەت پونكىتى

شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق رايونلار ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونى بولۇپ، بۇ رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ چوڭ ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە پانۇس ئويۇنى قويۇش ئادىتى بارئىدى. 1982-يىلدىن 1984-يىلغىچە بولغان دۆلەت بايراملىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى 22 نەپەر ئېگىز ياغاچ ئاياغلىق ئارتىسنى داشىزى، شياۋشىزى ئەتراپىدا «سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالۋاستىغا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىشى»، «لياڭشەنبەي ۋە جۇيىڭتەي»، «ئاق يىلان رىۋايىتى»، «ئېرچۇ-نىڭ خوتۇن ئېلىشى» قاتارلىق نومۇرلارنى قويۇشقا تەشكىللىدى. ئويۇن جانلىق ۋە كۆلكىلىك ئوينىلىپ بايرام كەيپىياتىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1983-يىلى دۆلەت بايرىمىدا خەلق باغچىسىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى قېتىملىق پانۇس كۆرگەزمىسىدە تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە قولى

ئېپچىل ئۇستاملارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 100 دىن ئارتۇق خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ پانۇسلارنى ياساپ، كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇپ، شەھەر بويىچە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىشچىلار ئويۇشمىسىدا يەنە 1982-يىلى كۇتۇپخانا قۇرۇلدى، كۇتۇپخانىغا تۆرلۈك كىتابلاردىن 1000 پارچىدەك سېتىۋېلىندى، ئۇن خىلدىن كۆپرەك ژۇرنالغا تىزىملىتىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلدى. كۇتۇپخانىغا ھەر يىلى يىگىدىن 100 دىن كۆپرەك كىتاب سېتىۋېلىندى.

1985-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللىسىدە مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى ئەڭ ئاۋۋال قۇرۇلغان مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، 500 يۈەن مەبلەغ توپلاپ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ 5-قەۋەت يىغىن زالىدا تىجارەت خاراكتېرىدىكى تانسىخانا ئاچتى. بىر پارچە بېلەت باھاسى 0.80 يۈەن بولۇپ، بۇ شەھەر بويىچە ئەڭ تۆۋەن باھا بولۇپ ھېسابلىناتتى. يىل ئاخىرىغىچە 60 مەيدانغا يېقىن تانسا ئويۇشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئوتتۇرا ياش، ياشانغان ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى مەدەنىيەت پونكىتى يەنە يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت كونسۇلتاتسىيە كۇرسىدىن سەككىز قارار ئاچتى. ئۆگىنىشكە 416 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى، يەنە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىنى ئاچتى، ياش-ئۆسمۈرلەر ئوقۇيدىغان 2000 پارچىغا يېقىن كىتابچە سېتىۋالدى ھەمدە تىكتاكتوپ، پەي توپ، دامكا، شاھمات قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەت بۇيۇملىرىنى سەپلىدى، پائالىيەتكە 800 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) ئۆسمۈر قاتناشتى. مەدەنىيەت پونكىتى يەنە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ۋە پېشقەدەملەر ئۈچۈن شاھمات جەمئىيىتى قۇرۇپ، شىشخال، شاھمات، قارتلارنى ھازىرلاپ، كۈندە سەككىز سائەت پائالىيەت ئېلىپ باردى. ھەقسىز چاي بىلەن تەمىنلىدى، 1987-يىلى شاھمات جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان ئادەم سانى 4200 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

مەدەنىيەت پونكىتى تانسىخانىنى ئالىيلاشتۇرۇپ بېزەشكە ئالدىراپ كەتمەي، مۇزىكا جەھەتتىن كۈچ سەرپ قىلدى. ئوتتۇرا ياش، ياشانغانلار ياقتۇرىدىغان 30-يىللاردىكى بىر يۈرۈش ناخشىلارنى توپلاپ تۈرغۇزدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ تانسىخانا شەھەر بويىچە ياشانغانلار يىغىلىپ پائالىيەت قىلىدىغان بىردىنبىر تانسىخانىغا ئايلاندى. 1987-يىلى جەمئىي 90 مەيدانغا يېقىن تانسا ئويۇشتۇردى، قاتناشقان ئادەملەر 10 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دوستلۇق تانسىسى، دىسكو ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئويۇشتۇردى. كۇرسقا 180 ئادەم قاتناشتى، ئۆسمۈرلەر ئۇسسۇل سىنىپى ئاچتى، بۇنىڭغا 45 ئادەم قاتناشتى. يەنە باللار گىمناستىكىسى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئاچتى، كۇرسقا 52 كىشى قاتناشتى. باللارنىڭ يازلىق تەتىل پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، قوراللىق ساقچى باش ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرنى كونسۇلتاتسىيىچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ھەربىي مەشىق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئىككى قېتىم خەتتاتلىق مۇسابىقىسى ۋە شاھمات مۇسابىقىسى ئويۇشتۇردى.

# 3-باب دۇگمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسى

دۇگمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسى بىلەن قوشنا بولسا، جەنۇبتا دۇگدالىياڭ تۆپىلىكى بىلەن

تۇتىشىدۇ، غەربتە گۇاڭخۇا يولىغا، شىمالدا شىمىگو رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئورنى ئەسلىدىكى دىخۇا شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا جايلاشقاچقا دۆڭمەن (شەرقىي قوۋۇق) دەپ ئاتالغان. مەھەللە ئىش باشقارما ئورگىنى شەرق شامىلى يولى 49-قورۇدا. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، دىخۇا شەھىرى 5-رايوننىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە قارايتتى. 1957-يىلى دۆڭمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1959-يىلدىكى شەھەر خەلق گوڭشېلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا، چۈەنشەن (بۇلاق تېغى) خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. 1960-يىلى تىنچلىق خەلق گوڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، چۈەنشەن (بۇلاق تېغى) خەلق گوڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1962-يىلى دۆڭمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە، 1969-يىلى نامى دۆڭمەن ئاھالىلەر ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئورگىنىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە ئىشلىرى ئىشخانىسى، شەھەر قۇرۇلۇش، شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئىشخانىسى، مۇلازىمەت پونكىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، سانائەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىنىدى. مەمۇرىي كادىرلىرى 22 نەپەر، كارخانا كەسپىي كادىرلىرى 44 نەپەر بار ئىدى. قارمىقىدا گۇاڭخۇا يولى، شىمالىي دۆلەت قورۇش يولى، جەنۇبىي دۆلەت قورۇش يولى، شەرقىي ئارقا كوچا، غەربىي ئارقا كوچا، 1-شور بۇلاق، 2-شور بۇلاق، 3-شوربۇلاق، شىمالىي تاغ باغرى، سەنداۋان، شەرق شامىلى يولى، قىزىل كۆۋرۈك، ئالغا يولى، جەنۇبىي بەش يۇلتۇز، شىمالىي بەش يۇلتۇز، ياشلار يولى قاتارلىق 16 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئاھالىلەر كومىتېتى بار ئىدى. 1987-يىلىغا بارغاندا مەزكۇر تەۋەنىڭ ئومۇمىي ئائىلە سانى 1254، ئومۇمىي ئاھالىسى 46 مىڭ 893 نەپەرگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 1008 ئائىلە، 4478 ئادەم. خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 24 مىللەت ئولتۇراقلاشقان.

بۇ رايونغا ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 5-يىلى (1825-يىلى) دىخۇا شەھىرىنىڭ دۆڭمەن تەۋەسىدىكى مانجۇ ئەسكەرلەر لاگېرىنىڭ توپا سېپىلى سېلىنغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) گوڭنىڭ شەھىرى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ سېلىنىپ يېڭى مەنچىڭ شەھىرى دەپ ئاتالغان (ئادەتتە مەنچىڭ دەپ ئاتىلىدۇ). چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) جەنۇبىي سېپىل، غەربىي سېپىل چېقىۋېتىلىپ، دىخۇا شەھىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھەلەش مەھكىمىسىنىڭ ئورنى ئۆز ۋاقتىدىكى كىچىك دۆڭمەن بولۇپ، كوڭزى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئورنى چوڭ دۆڭمەن ئىدى. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، بىڭتۇەن سودا سارىيى قاتارلىق جايلار شەرقىي شەھەر سېپىلىنىڭ كونا ئورنى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ۋە جۇڭخۇا مىنگو مەزگىللىرىدە، بۇ جايلارنىڭ كۆپرەكى ھەربىي لاگېر، يامۇل مەھكىمىسى ۋە چوڭ ئەمەلدارلار، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوردىسى ئىدى. شور بۇلاقنىڭ ئورنى گەنسۇ، شەنشىلىك ئاھالىلەرنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دۆڭمەن رايونىنىڭ يوللىرى بەك ناچار ئىدى. رەسمىي يولدىن پەقەت بىرسىلا بولۇپ، مەنچىڭ كوچىسى يوللىرى توپا ئىدى، بۇ ھازىرقى دۆلەت قورۇش يولى ئەتراپىغاتوغرا كېلەتتى. گۇاڭخۇا يولى ئەتراپىنىڭ جايلىشىشى شاھمات تاختىسىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، شاھمات تاختىسى كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەرنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، كونا شەھەر سېپىللىرىنىڭ ھەممىسى چېقىۋېتىلىپ، بەش يۇلتۇز يولى، ياشلار يولى قاتارلىق قاتناش يوللىرى ئېچىلدى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدە 3-يول، 4-يول، 30-يول، 36-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق

يوقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى، شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى، شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ، شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەۋەگە جايلاشقان. بۇرۇنقى قاقاس قەبرىستانلىق ئورنىغا زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە ئېگىز بىنالار سېلىندى.

1987-يىلغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدە چوڭ-كىچىك ئورۇنلار 211 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت دەرىجىلىك ئورۇندىن يەتتىسى، ناھىيە-تۈەن دەرىجىلىك ئورۇندىن 63ى، قىسملاردىن 17 سى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىن توققۇزى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۈچى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن بەشى، بالىلار باغچىسىدىن ئۈچى بار.

مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى ئالغا يولى 9-قورۇدىكى كۆكزى ئىبادەتخانىسى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) سېلىنغان بولۇپ، دەسلەپتە تۆمەن يىل تۆمۈر كۆرۈش ئوردىسى دەپ ئاتالغاندى، بۇ خىش بىلەن ياغاچتىن ياسالغان قەدىمكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدىكى ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۈچار جانىۋار، گۈل-گىياھلار ئويۇلۇپ، ناھايىتى نەپىس ۋە نازۇك ئەپچىل ياسالغان، كارىدورى، قوشخوراق راۋىقى، بۇتخانىنىڭ رەسمىي زالى بار، بۇتخانىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 970 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىردىنبىر تولۇق ساقلانغان ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1979-يىلى شەھەر دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

ھازىرقى بەش يۇلتۇز يولىدىكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ 2-ئوتتۇرا مەكتە-پى، بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى، بىڭتۇەن قاتناش-ترانسپورت باش بېكىتى تۇرۇشلۇق جاي «يېڭى ئەسكەرلەر لاگىرى» نىڭ كونا ئورنى ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى (1937-، 1940-يىللىرى) لى شيەنيەن، چېڭ شىسەي باشچىلىق قىلغان جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 4-يۈنۈ-لۇش ئارمىيىسىنىڭ باش تارماق ئەترىتى (سىرتقا قارىتا يېڭى ئەسكەرلەر لاگىرى دېيىلەتتى) مۇشۇ جايدا تۇرغان.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

مەھەللە ئىش باشقارمىسى دەسلەپكى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئاز مىقداردىكى كىچىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىكى زاۋۇتلار (گۇرۇپپا)نى قۇرغانىدى، 1960-يىلى شەھەرلەر كوممۇنىلىشىش مەزگىلىدە، «كىچىك-لەرنى قىسقارتىۋېتىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىپ قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، زاۋۇت، گۇرۇپپىدىن 53 نى، مۇلازىمەت شىركىتىدىن 12 نى قۇرۇپ چىقتى. بۇلارغا 3360 نەپەر كىشى قاتناشتى. پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 468 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىدىن: ئاياغ كىيىم تىكىش، ئىلمە توقۇمىچىلىق، تاغار توقۇش، ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك، توشۇش (قول ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى) ، چويۇن پىششىقلاپ ئىشلەش، بەش خىل مېتال رېمونت قىلىش، يۇيۇش، بوياش، گۈزەل سەنئەت، باسمىچىلىق، ساتىراشلىق، كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىش قاتارلىق تۈرلەر بار ئىدى. 1962-يىلى يېڭىدىن ئاياغ مېيى، يۇزماي، ساپ شۇلتا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى كۆپەيتىلدى. كىچىك تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى 21 گە، رېمونت قىلىپ ياماش مۇلازىمەت كەسپى 32 تۈرگە يەتتى. كالا، قوي،

توخۇ، توشقان قاتارلىقلارنى بېقىشنەك قوشۇمچە دېھقانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى، 103 مو يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە ئىگىلىكنى تەڭ ئېلىپ بېرىشتەك ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى 89% ئاھالە تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىگە قاتناشتى. 2387 نەپەر ئائىلە ئايالى ئۆيىدىن چىقىپ ئىجتىمائىي ئەمگەك سېپىگە قاتناشتى. گۆكشى قۇرغان 12 سېتىش نۇقتىسى پۈتۈن گۆكشىبدىكى 35 مىڭ كىشىنىڭ كۆكتات ۋە تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

چۆەنشەن (بۇلاق تېغى) گۆكشىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، دۇگمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسى، ئوغۇت يىغىش ئەترىتى، ساتىراشخانا، ھاك چىقىرىش گۇرۇپپىسى قالغان بولۇپ، جەمئىي 52 نەپەر كىشى بارئىدى. 1977-يىلغا كەلگەندە دۇگمىن تەۋەسىنىڭ سانائەت كارخانىلىرىدىن قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، زاپچاسلار زاۋۇتى، كىرسىن ئوچىقى زاۋۇتى قاتارلىق توققۇز زاۋۇت بار بولدى، ئالتە خىل مەھسۇلات دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1977-يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 483 مىڭ 300 يۈەن ئورۇندالدى.

1980-يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، مەھەللە ئىش باشقارما سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىشلەپچىقىرىپ تىجارەت قىلىشقا ئۆتۈشكە باشلىدى. مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنى يۇرۇشلەشتۈرۈش يولىغا قويۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاچقان كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا سانائەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1984-يىلى سانائەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، پايدا زىيانىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلدى.

1978-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى 278 نەپەر ئىدى. 1980-يىلى ئۆزلىرى 584 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئامبار سالدى، ئۈچ يۈك كۆتۈرۈش ماشىنىسى، ئۈچ لاي ئېتىش ماشىنىسى، بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. 1987-يىلغا كەلگەندە مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، سۇ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كوپېراتىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ دۇگمىن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىدىكى سودا بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى ئاساسىدا، 1980-يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنى قۇرۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتى، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنى ۋە سودىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1987-يىلغا كەلگەندە بۇ خېلى زور كۆلەمگە ئىگە بولدى.

1987-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 174 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، پايدىسى 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت شىركىتىنىڭ ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ئورۇندىغان سېتىش كىرىمى 836 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئورۇندىغان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون يۈەن، ياراتقان پايدىسى 40 مىڭ يۈەن بولدى. ئەمگەك-مۇلازىمەت ۋە سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئورۇندىغان ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت قىممىتى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى، 30 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

## 2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

1957-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەمدىلا قۇرۇلغان چاغدا، قارمىقىدا بەش ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئامانلىقنى ساقلاش-قوغداش، مەدەنىيەت-مائارىپ، تازىلىق، مۇرەسسە، ئاياللار خىزمىتى، تۇرمۇش پاراۋانلىق قاتارلىق بەش خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. 1982-يىلى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، 16 ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ئىككى ئائىلىلىكلەر كومىتېتى، 391 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ 46 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىككى نەپەر، كومپارتىيە ئەزالىرىدىن 36 نەپەر، 1987-يىلغا بارغاندا ئاھالىلەر كومىتېتىدىن 16 سى، ئائىلىلىكلەر كومىتېتىدىن بىرى بار بولدى. ھەممە ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدا باج يىغىشقا ھەمكارلىشىش-باج يىغىشنى قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

### بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش

مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى مەزگىللەردە، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇشتا ئاساسلىق قىلىپ پۈتۈن تەۋەدە تازىلىقتا زەربىدارلىق بىلەن تازىلىق قىلىش ۋە «تۆت خىل زىيانداش»نى يوقىتىشنى ئاساس قىلدى. 1960-يىلى ئۈستى ئوچۇق ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتتى. 1961-يىلى جەمئىي 40 ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتتى. 43 ئۈستى ئوچۇق ھاجەتخانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 317 يۈندا تۆكۈش كۆلچىكىنى تۈزلىدى. 1963-يىلى ئون ئورۇندىكى چوڭ ئەخلەت پونكىتىنى يۆتكىدى، 59 مىڭ 600 توننا ئەخلەتنى كۆمۈپ، ئەخلەتلەرنى يىغىپ سىرتقا توشۇشنى يولغا قويدى.

شەھەر رايونى ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتى 1964-يىلى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 28 كوچا ۋە توپا يول ئۆزگەرتىلىپ 33 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر يول يۈزى قاتتىقلاشتۇرۇلۇپ سېمونت ياتقۇزۇلدى، بۇ پۈتكۈل مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. 1980-يىلىدىن 1983-يىلغىچە 18 مىڭ 500 ئادەم قېتىم سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى، 2400 مېتىر يۈندا تۇرۇبىسى ياسىلىپ، گۇاڭخۇا يولى، دۆلەت قورۇش يولى، شەرقىي ئارقا كوچا، غەربىي ئارقا كوچىلاردا يۈندىلارنى تۇرۇبىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 80 مىڭ كۋادرات مېتىر يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلدى، شەرقىي ئارقا كوچا، دۆلەت قورۇش يولىدىكى بارلىق يوللار، شور بۇلاق كوچىسىدىكى بىر قىسىم كوچىلار ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. شەرقىي ئارقا كوچىدىكى 500 دىن كۆپرەك ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، بۇ تەۋەنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

سەنداۋان تەۋەسى شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان جاي بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان، يوللار راۋان ئەمەس، سۇ يوق، ماشىنا يۈرۈشمەي، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى. 1981-يىلى سەنداۋان ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش خۇشيەنيى شۇ ئورۇندا تۇرۇشلۇق 20 ئورۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، خەلق ئىشلەش، ھۆكۈمەت ياردەم قىلىش شەكلىنى قوللىنىپ 35 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، چوڭ ئورەكلەرنى تىندۇرۇپ، يەر يۈزىنى تۈزلىدى. 1983-يىلى يېنە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۆستىڭىدىن 380 مېتىر ياسىدى. كونا ئېرىقتىن 400 مېتىر ئۆزگەرتتى. 1985-يىلى خۇڭگىليۇگۇ — دۇڭخۇەن (شەرقىي ئايلانما يولغىچە بولغان) يولىنى ياساپ، 31-يول ئاپتوبۇسى قاتناشقا باشلىدى، كېيىن يول يۈزى مەسىلىسى سەۋەبى بىلەن توختاپ قالدى. 1987-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن سەنداۋاندىن پويىز ئىستانسىسىغىچە 36-يول ئاپتوبۇسى قاتنايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا

ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدىمۇ ئوخشاش چارە قوللىنىلىپ ئۆزىگە قاراشلىق تەۋەگە ئالاقىدار ئەسلىھە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەلەردىكى زور كۆلەملىك كۆكەرتىش خىزمىتى 1960-يىلى باشلانغان. گۇڭشې يەرلىكتە تۇرۇشلۇق 5400 ئادەمنى تەشكىللەپ، كۆكەرتىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇردى. 1963-يىلى شەرق شاملى يولى، ياشلار يولى، دۆلەت قۇرۇش يولىنىڭ ئىككى يېنىغا 3063 تۈپ كۆچەت تىكتى. 1978-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر سەپلەندى. شۇ يىلى باھار، كۈز ئىككى پەسىلدە جەمئىي 13 مىڭ 600 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1982-يىلى 35 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1625 مېتىر قىر ياسالدى. 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇن، قىسىملار سەپەرۋەر قىلىنىپ لى يۈشەن، يەنئەن باغچىسى، خۇڭشەننى كۆكەرتىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. 1987-يىلى 32 مىڭ تۈپ كۆچەت، 9168 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا چىتلاق كۆچىتى تىكىلدى. 3330 كۋادرات مېتىر جايغا گۈل-گىياھ تېرىلدى، 1430 كۋادرات مېتىر جايغا چىم ياتقۇزۇلدى، 1938 تۈپ گۈللۈك دەرەخ تىكىلدى، 112 گۈللۈك ياسالدى.

1975-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى تازىلاپ توشۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، 10-ئايدا شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىق قىلىپ يوللارنى تازىلاش ۋە ئاھالىلەر رايونىدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشۇشقا مەسئۇل بولدى. 1980-يىلى قىش پەسلىدە ئاساسلىق يوللاردىكى قار-مۇزلارنى تازىلاپ توشۇش شەھەر قىياپىتىنى نازارەتچىلىك قىلىپ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئاساسلىق كوچىلاردا «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» (تازىلىقنى ھۆددىگە ئېلىش، كۆكەرتىشنى ھۆددىگە ئېلىش، تەرتىپنى ھۆددىگە ئېلىش)، «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىدىن 60 نەپەر، نازارەتچىلىك قىلغۇچى خادىمدىن ئالتە نەپەر كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىلەشكەن باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ يوللارنى ئىگىلىۋېلىشىنى باشقۇرۇش ۋە قانۇنغا خىلاپ قۇرۇلۇشلارنى تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1987-يىلى دۈگمەن تەۋەسىدىكى تازىلىنىدىغان يوللارنىڭ كۆلىمى 81 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» كۆلىمى 160 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 54 ئورۇن، 3100 دىن كۆپرەك ئاھالىلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ توشۇشنى ھۆددىگە ئالدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ئورۇنلارغا قارىتا تازىلىق تاختىسىنى ئېسىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1987-يىلى ئالتە ئورۇن شەھەر دەرىجىلىك تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 140 ئورۇن تازىلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن قاتارىغا قەدەم قويدى.

### ئىككىنچى، پىلانلىق تۇغۇت

1979-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدا بۆلۈپ باشقۇرىدىغان مەخسۇس كىشى تەسىس قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسى توققۇز باشقۇرۇش بۆلىكىگە بۆلۈنۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە باشقۇرۇش تورى شەكىللەندۈرۈلدى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## دۆڭمەن رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى جەدۋىلى

جەدۋەل 4-3-2-1

| يىل | تۇغۇلۇش نىسبىتى‰ | پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى% | ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى% | يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى % | تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى% | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 12. 4 | | 1. 73 | 95 | | 73. 76 | |
| 1977 | | | | | | 81. 4 | |
| 1978 | 6. 18 | 84. 8 | 2. 01 | 99. 5 | | 94 | |
| 1979 | 6. 15 | 98. 8 | 2. 27 | 97. 1 | | 95. 2 | |
| 1980 | 8. 55 | 97. 18 | 2. 52 | 90. 5 | 72. 34 | 97. 1 | |
| 1981 | 8. 13 | 94. 7 | 2. 21 | 85. 5 | 76. 97 | 90. 69 | |
| 1982 | 9. 08 | 96. 66 | 3. 42 | 84 | 90. 07 | 90. 89 | |
| 1983 | 10. 25 | 99. 55 | 2. 71 | 89. 64 | 35. 06 | 90. 13 | 7. 54 |
| 1984 | 8. 97 | 89. 88 | 2. 47 | 84. 90 | 97. 53 | 86. 61 | 6. 5 |
| 1985 | 6. 67 | 100 | 2. 7 | 76. 28 | 97. 27 | 84. 36 | 3. 97 |
| 1986 | 8. 68 | 100 | 3. 17 | 92. 38 | 97. 92 | 99. 80 | 4. 34 |
| 1987 | | 100 | 2. 44 | 81. 25 | 36. 52 | 81. 16 | 8. 8 |

### ئۈچىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش

1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلار بىلەن ئامانلىقنى ساقلاش بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش ۋە قاراۋۇللۇق قىلىپ دىجورنىلىق قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئاھالىلەر كومىتېتى مەخسۇس ئادەم قويۇپ يولدىن ئازغان ياشلارنى ياردەم بېرىپ تەربىيىلىدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 16 ئامانلىقنى ساقلاش تەشكىلاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 123 نەپەر ئەزانى كۆپەيتتى، باشقارما شەھەر بويىچە، رايون بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ھەمدە مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. 1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىش باشقارما تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەر بىلەن بىخەتەرلىكنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىنى ئىمزالىدى، ھەرقايسى ئائىلىلەر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنامىسىنى بېسىپ تارقىتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 1987-يىلى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، بەش قېتىم قانۇن بىلىملىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. ھەق تەلەپ ئىشلىرى، مۇرەسسە خىزمىتى كۆپ يىللاردىن بۇيان مەھەللە ئىشلىرى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ كەلدى. 1987-يىلى 17 مۇرەسسە

گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 36 نەپەر مۇرەسسە خادىمى سەپلىنىپ، تۈرلۈك ماجرالاردىن 54 نى ھەل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

### تۆتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

1980-يىلدىن 1982-يىلغىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «بەشتە ياخشى» ئائىلە، «بەشتە ياخشى» قورۇلارنى باھالاش، «ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» ۋە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەتلىك ئەدەبلىك بولۇش ئىبىي پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن تەۋەدە تۇرۇشلۇق قىسىملار «بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» جۈپلىرىدىن بولدى. 1984-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە جەمئىي «بەشتە ياخشى ئائىلىلەردىن 1000 ئائىلىلىك، 47 «بەشتە ياخشى» قورۇ باھالىنىپ چىقىلدى. بىر ئائىلىلىك مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلىلىكلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. بىر ئائىلىلىك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، يەتتە ئائىلىلىك شەھەر دەرىجىلىك، 43 ئائىلىلىك تيانشان رايونى بويىچە ئېچىلغان تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1983-يىلى يەنئەندە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 18 «قوش ھىمايە قىلىش» گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، 22 قىسىم، 702 ھەربىيلەر ئائىلىلىرى، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مېيىپ ھەربىيلەردىن ھال سورىدى، قىممىتى 1000 يۈەندىن كۆپرەك ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. 1983-يىلى ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى چوڭقۇر پۇختا قانات يايدۇرۇلدى، شەرقىي ئارقا كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە خەلق «بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» ۋە «قوش ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1987-يىلغىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە سەككىز تيانشان رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن، 69 شەھەر دەرىجىلىك تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن بارلىققا كەلدى. 450 «بەشتە ياخشى» ئائىلە، ئون «بەشتە ياخشى» قورۇ باھالاپ چىقىلدى، «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 44% نى ئىگىلىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى تيانشان رايونى بويىچە 1-دەرىجىلىك بولدى.

# 4-باب غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىتيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسى بىلەن قوشنا بولسا، غەربتە جەنۇبىي شىنخۇا يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا سەندۈگىي سۇ ئامبىرىدىن باشلانسا، شىمالدا يەنئەن يولىغا يېتىپ بارىدۇ. مۇشۇ تەۋەدىكى ئاساسلىق يول غالىبىيەت يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇرگىنى غالىبىيەت يولى 1-كوچا 5-قورۇدا.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇ تەۋە ئۈچىنچى رايونغا قاراشلىق بولۇپ، بەشىنچى، ئالتىنچى مەھەللىنى باشقۇراتتى. 1957-يىلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

1959-يىلى شەھەرلەرنى خەلق گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە، غالىبىيەت خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى ئىتتىپاق خەلق گۇڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دوستلۇق خەلق گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1962-يىلى ئەسلىدىكى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللە پارتكومى قۇرۇلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت ئىشخانىسى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى، شەھەر قىياپىتى-مۇھىت تازىلىقى ئىشخانىسى، سانائەت شىركىتى، غالىبىيەت سودا شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىي 51 نەپەر كادىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 22 نەپەر، قارىمىقىدا دوستلۇق، قىزىل بايراق، خۇيۇەنخاڭ، نەنلياڭ، غالىبىيەت يولى، ئۈچ تاش (سەندۇڭبى)، ياڭموخۇ، خابا، جەنۇبىي شىنخۇا يولى قاتارلىق توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەلىكىدە ئاھالىلەر 7781 ئائىلە، 35 مىڭ 38 ئاھالە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 15 مىڭ سەككىز، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 26 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. باشقارما تەۋەلىكىدە تۇرۇشلۇق 114 ئورۇن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، تۇمەن دەرىجىدىن يۇقىرى ئورۇندىن 19ى بار. تەۋەدە ئۈچ چوڭ يول، 39 كوچا، 290 ئاھالىلىكلەر قورۇسى بار.

غالىبىيەت يولى تەۋەسىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس بولۇپ، غالىبىيەت يولىنى بويلاپ سەندۇڭبىغا بارغانسېرى يەر تۈزلۈكى ئېگىزلەپ بارىدۇ، بۇ جايلار ئادەتتە نەنلياڭ (جەنۇبىي تۆپىلىك) دەپ ئاتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ بېسىمى بىلەن، نەنلياڭدىن دۆڭكۆۋرۈككىچە بولغان تەۋەلەرنى چاررۇسىيىگە سودا قىلىش ئورنى قىلىپ بۆلۈپ بەرگەنىدى، بۇ جايدا چەت ئەللىك سودىگەرلەر بانكا ئاچقان بولۇپ، ئىلگىرىسىدە بۇ جاي ياڭخاڭ (چەت ئەل بانكىسى) كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 9-يىلى (1883-يىلى) چاررۇسىيە ۋە گېرمانىيە بانكىلىرى مەبلەغ چىقىرىپ ھازىرقى يەنئەن باغچىسىنىڭ ئورنىدىكى سۇ يىغىلغان كۆلچەكلەردە يۇڭ يۇياتتى. شۇ چاغلاردا بۇ جاي «ياڭ ماۋخۇ» (ئەجنەبىيلەر يۇڭ يۇيۇدىغان كۆل) دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇچتاشتىن تارتىپ ئىتتىپاق يولىغىچە بولغان جايلارغا غالىبىيەت يولى دەپ نام بېرىلدى. بۇ يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ داشۆسى، ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى، شىنجاڭ 1-رادىئو زاۋۇتى، شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق جايلاردا كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاھالىلەر ئارىسىدا دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئاز، يەككە تىجارەتچىلەر بىرقەدەر كۆپ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، تەۋەگە قاراشلىق ھەر مىللەت خەلقى «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق»تەك ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق بولغان يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1897-يىلى) سېلىنغان نوغاي مەسچىتى (ياڭخاڭ مەسچىتى) 500 كىشى ناماز ئۆتىكىلى بولىدىغان چوڭ مەسچىت بولۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە ئۇقتىلىق مەسچىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غالىبىيەت يولى 2-كوچا 1-قورۇ 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا

تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خاتىرە سارىيى، ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ئورنى بولۇپ، نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. غالىبىيەت يولى 2-يول 3-قورۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش بۇرھان شەھىدى شىنجاڭدىكى چاغدا تۇرغان جاي ئىدى.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

1957-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى كەينى-كەينىدىن تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق، ياغاچچىلىق، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، خام كېسەك قۇيۇش، سېمونت تاختاي ياساش قاتارلىق ئون خىلدىن كۆپرەك كىچىك تىپتىكى زاۋۇت، گورۇپپا، ئەترەتلەرنى قۇرغان بولۇپ، قولدا مەشغۇلات قىلىنغانلىقتىن، ئۈنۈمى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. 1960-يىلى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، يېڭى ھايات مۇلازىمەت پونكىتى، قوم-شېغىل زاۋۇتى، تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، كىچىك بەش خىل مېتال زاۋۇتى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى، ۋېلسىپىت رېمونتچىلىق كارخانىسى، ئاشخانا، باللار باغچىسى، تېببىي پونكىت قاتارلىق 21 كارخانا قۇرۇلدى. بۇلاردا ئىشلەۋاتقان خادىملار 500 دىن كۆپرەككە يەتكەن. 1962-يىلى بۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى تيانشان رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1966-يىلىنىڭ بېشىدا مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلار قايتىدىن روناق تاپتى. تونۇكچىلىق دۇكىنى، پىيما زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، ۋېلسىپىت رېمونتخانىسى، كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىش پونكىتى قاتارلىق كارخانىلار قۇرۇلدى، بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلار 50 تىن كۆپرەككە، مۇقىم مۈلكى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. ئۆز ۋاقتىدا پايدىسى تۆۋەن بولۇپ، پەقەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ساقلاپ قالالايتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كارخانىلار ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قېلىش ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى. 1970-يىلدىن كېيىن مەھەللىلەر سانائىتى تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى، ئەسلىدىكى تونۇكچىلىق دۇكىنى قەلەيچەلىك زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، يېڭىدىن بىر شىلىم زاۋۇتى قۇرۇلدى، مۇقىم مۈلكى 31 مىڭ 400 يۈەنگە كۆپەيدى، يىللىق پايدىسى 2000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

1975-يىلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ سانائەت كارخانىلىرى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. ئەسلىدىكى قەلەي مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى چىراغ سايمانلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەھەللىلەر باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى بويىچە تايانچ كارخانىغا ئايلاندى. يېڭىدىن ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى، پار قازان زاۋۇتى، باسمىچىلىق-ماشىنسازلىق زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، 2-كىگىز زاۋۇتى، پەلەي زاۋۇتى، سۇلياۋ زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى قاتارلىق 23 كارخانا ھەمدە ئاشخانا، كەسمە چۆپ، كۆكتات ماگىزىنى قاتارلىق ئالتە سودا مۇلازىمەت تورلىرى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇقىم مۈلكى 286 مىڭ 100 يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 134 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىسى 246 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار ئىچىدىن ئەينەك ياساش زاۋۇتى، پار قازان زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتر ئەترىتى، خۇرۇم زاۋۇتى، باسمىچىلىق-ماشىنسازلىق زاۋۇتى، ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتلىرى تيانشان رايونىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە يېڭىدىن تۈگمەن تېشى زاۋۇتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كوپېراتىپى ۋە تۆت سودا نۇقتىسىنى قۇردى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى مەھەللىلەر باشقۇرغان زاۋۇتلار يەنىلا ئەسلىدىكى ھالەتنى ساقلاپ كەلدى، سودا مۇلازىمەت تور-نۇقتىلىرى يەتتىگە كۆپەيدى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 219 نەپەرگە، مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 109 مىڭ 100 يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 649 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. سانائەت، سودا، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، ئەمگەك مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 357 مىڭ يۈەن بولۇپ، 270 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

## 2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

### بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش

مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، غالىبىيەت چوڭ-كىچىك كوچىلىرىدا ئاسفالىت كوچىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، كوچا يوللىرىغا، قورۇلارغا شېغىل تاش ياتقۇزدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ باردى. پەقەت 1961-يىلىلا 112 تونىنا ئەخلەتنى تازىلاپ تۆكەتتى. 35 مىڭ 100 تۈپ كۆچەت تىكتى. 1963-يىل 9-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە شەھەر قىياپىتىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 15 كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 323 كىشىدىن تەركىب تاپقان بەش زەربىدارلىق ئەترىتى تەشكىللىنىپ، تۆت ئەخلەت دۆۋىسىنى تازىلاپ توشۇدى، 12 ئېرىقنى راۋانلاشتۇردى. 1965-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدىكى ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئۇزۇنلۇقى جەمئىي 1564 مېتر، كۆلىمى 9471 كۋادرات مېتر كېلىدىغان سەككىز تاشيولنى ياسىدى، 15 ئادەتتىكى ھاجەتخانىنى سالدى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى ئورۇنلاردىكى 1200 ئادەم (قېتىم)نى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى كۆكەرتىش يۈزىسىدىن جەمئىي 18 مىڭ 445 تۈپ كۆچەت تىكتى.

1978-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋودوپرووود سۈيى تۇرۇبىسى، يۇندا تۇرۇبىسى ، يوللارغا ماي ياتقۇزۇشنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى بېكىتىپ چىقتى. ئورۇنلار مەبلەغ توپلاپ بىرلىكتە قۇرۇش ۋە خەلق قۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللاندى. 1981-يىلغا كەلگەندە جەمئىي 12 يولغا ماي ياتقۇزۇلدى. بۇ يوللارنىڭ كۆلىمى جەمئىي 66 مىڭ 500 كۋادرات مېتر بولۇپ، يول يۈزىنىڭ ئاسفالىتلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %80 كە يەتتى. توققۇز كوچىغا ئۇزۇنلۇقى 2273 مېتر كېلىدىغان يۇندا تۇرۇبىسى ئورناتتى، 16 يۇندا قۇدۇقى كولىدى، خەلققە بەش ھاجەتخانا سېلىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ سۇ ئىچىشى تەس بولۇش، يۇندا تۆكۈشى قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىشى تەس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. 1985-يىلغا كەلگەندە يۇندا يوللىرىنى تۇرۇبىلاشتۇرۇش، يول يۈزىنى ئاسفالىتلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كېڭەيتتى. ئۈچ ئاساسلىق يولنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىدىن 25 كىشىنى قويدى، ئۇلار ئىشىك ئالدىدىكى تازىلىق، تەرتىپ، كۆكەرتىشنى ھۆددىگە ئالدى. 1986-يىلى ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» ئاھالىلەرنىڭ كوچا-ئاراملىرىغىچە كېڭەيتىلىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەلەرنىڭ تازىلىق باشقۇرۇشىدا دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ئىشقا

ئاشۇرۇلدى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى تەشكىللەپ 3500 تۈپ كۆچەت تىكتى، باشقۇرۇش تەۋەلىكىنىڭ يېشىللىققا پۈركىنىش نىسبىتى 21.3% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خابا ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كۆكەرتكەن يەر كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 25%كە يەتتى. مىللىي شىپاخانا، شىنجاڭ داشۆسى كۆكەرتىش بويىچە لاياقەتلىك ئورۇن بولدى.

## ئىككىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش

1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 45 كىشىلىك 13 ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، 63 كىشىلىك 18 مۇرەسسە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، 12 ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرى 26 نەپەر. 1987-يىلى بۇ تەۋەدە جىنايى ئىشلار ئەنزىسى 64 قېتىم يۈز بەردى. 48 ئەنزە پاش قىلىندى، ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 75% بولدى، ئامانلىقنى ساقلاش ئەنزىسى 76 قېتىم يۈز بېرىپ، 76 نىڭ ھەممىسى بىر تەرەپ قىلىندى.

## ئۈچىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

1982-يىلدىن باشلاپ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ھەر يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا تۇرۇشلۇق 63 ئورۇن ۋە توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش كېلىشىمنامىسى»نى ئىمزالىدى. شۇ يىلى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا ۋە چېگرا رايون مېھمانخانىسىغا شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى، 8-ئارمىيە خاتىرە سارىيى، تيانشان يىمەكلىكلەر زاۋۇتى، مىللىي شىپاخانا، مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا تيانشان رايونى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى؛ خابا ئاھالىلەر كومىتېتى رايون دەرىجىلىك «بەشتە ياخشى» ئاھالىلەر كومىتېتى بولۇپ باھالاندى. قاراشلىق تەۋەدە «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەردىن جەمئىي 4321 ئائىلىلىك بارلىققا كېلىپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 49%نى ئىگىلىدى.

غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى كۆپ يىللارنىڭ مابەينىدە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئاھالىلەر ئارىسىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا قوللاش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزدى. خۇييۈەنخاڭ كوچىسى 27-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر خىزمەتچى مەمەت ھەسەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، شۇ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق قوتقۇزۇش ئائىلىسى - ياشانغان خەنزۇ بوۋاي خۇاڭ جىڭشەننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. غالىبىيەت يولى 78-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ موماي جاۋخۇيجېڭ 30 يىل ئىچىدە خەنزۇ، روس، خۇيزۇ، قازاق بولۇپ تۆت مىللەتتىن بولغان يەتتە پەرزەنتنى بېقىۋالدى ھەمدە ئۇلارنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قاتتى. دوستلۇق يولى 59-قورۇدىكى دوختۇر ھەبىبۇللا ھويلىسىدىكى خۇيزۇ بوۋاي ماگۇيفاڭنىڭ كېسىلىنى ئۇزۇن مۇددەت ھەقسىز داۋالىدى. 1981-يىلى مەمەت ھەسەن ۋە ھەبىبۇللا ئىككى كىشى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى. دوستلۇق ئاھالىلەر كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ

قاتناشتۇردى.

### ئۈچىنچى، خابا ئاھالىلەر كومىتېتى

خابا ئاھالىلەر كومىتېتى ئەسلىدىكى ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغانىدى. جەنۇبتا ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتىگە يېتىپ بارسا، شىمالدا غالىبىيەت يولى ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە يېتىپ بارىدۇ. غەربتە جەنۇبىي شىنخۇا يولى بىلەن، شەرقتە غالىبىيەت يولى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاھالىلەر كومىتېتى 1974-يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان بولۇپ، قارمىقىدا ئامانلىقنى ساقلاش، مۇرەسسە، سەھىيە، ئاياللار، ياشلار قاتارلىق بەش كومىتېت تەسىس قىلىنغانىدى. كومىتېتلارنىڭ مۇدىرلىقىنى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى قوشۇمچە ئۈز ئۈستىگە ئالغان. قارمىقى توققۇز ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر ئائىلىلىكلەر گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن، 127 ئاھالىلەر قورۇسى بولۇپ، سەككىز مىللەتتىن تەركىب تېپىپ، جەمئىي 270 ئائىلە، 1030 كىشى بار. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 50 ئائىلىلىك، 177 كىشى؛ ئۇيغۇرلار 176 ئائىلىلىك، 688 كىشى؛ خۇيزۇلار 24 ئائىلىلىك، 100 كىشى؛ قازاقلار 12 ئائىلىلىك، 51 كىشى؛ ئۆزبېكلەر تۆت ئائىلىلىك، ئون كىشى؛ روسلار ئىككى ئائىلىلىك، ئىككى كىشى؛ تاتارلار بىر ئائىلىلىك، بىر كىشى؛ تاجىكلار بىر ئائىلىلىك بىر كىشى ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىسى ئاھالىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 81.48%نى ئىگىلەيدۇ. شىخابا تەۋەسىدە شىنجاڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو زاۋۇتى جايلاشقان.

ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، باشقۇرۇش تەۋەسىدە كۆپ مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى داۋاملىق تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئاھالىلەرنىڭ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. خابا 1-كوچا 35-قورۇدا سەككىز ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە ئائىلىلىك ئۇيغۇر بولۇپ، پەقەت دىم ئېلىشقا چىققان ئىشچى ياۋشۇخۇالا بىر ئائىلىلىك خەنزۇ ئىدى. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ شۇ قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇر «بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىسى» ئايشەمخان ئانىغا ئۇزۇن مۇددەت قارىغانلىقىدەك ئىش ئىزلىرى قاراشلىق تەۋەدىكى ئاھالىلەر تىللىرىدا داستان بولدى. ئايشەمخان ئانىنىڭ دېرىزىسى چېقىلىپ كەتكەندە ياۋشۇخۇا ئائىلىسىدىكىلەر دېرىزىسىنى ئورنىتىپ بەردى، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە لاي ياتقۇزۇپ، ماي قەغەز ياپقاندا، ئايشەمخان ئانىنىڭ ئۆيىگىمۇ لاي ياتقۇزۇپ ماي قەغەز يېپىپ بەردى، ئايشەمخاننىڭ تۇتقاق كېسىلى بار بولۇپ، ھەر قېتىم كېسىلى قوزغالغاندا قوللىرى تىترەپ تاماقنى يېيەلمەيتتى، ياۋشۇخۇانىڭ قىزى ئۇنىڭغا بىر قوشۇق، بىر قوشۇقلاپ تاماق يېگۈزۈپ قويدى. ھەر قېتىملىق ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە ياۋشۇخۇا داۋاملىق ئايشەمخان ئانىغا سوۋغات ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەيتتى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئۆيىدىكى ياخشى يېمەكلىكلەرنى داۋاملىق ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ تۇراتتى، ئايشەمخان ئانىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق سۇ توشۇش، كۆمۈر سېتىۋېلىش، ئۇن سېتىۋېلىش شۇنداقلا قىش كۈنلىرىدىكى ياغقان قارلارنى تازىلاش قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياۋشۇخۇانىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھۆددىگە ئالغانىدى. خابا بىرىنچى كوچا 23-قورۇدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس قاتارلىق ئالتە ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ قورۇدىكى ئۈچ مىللەت خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياشاپ كەلدى، ھويلا ئارامىلارنى تازىلىغاندا ئالتە ئائىلىلىك تالىشىپ ئىشلەيتتى، قايسى ئائىلىلىك كۆمۈر سېتىۋالماقچى، گاز تۇڭى ئالماشتۇرماقچى، ئۇن سېتىۋالماقچى بولغاندا داۋاملىق ئالدى بىلەن باشقا

ئائىلىلەردىن بىرلىكتە بېجىرىپ ئەكېلىپ بېرەيلىمۇ دەپ سورىشاتتى. ياز كۈنلىرى سايىدا سالقىنلاپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقاندا خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ، ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى-نى ھۆرمەت قىلىشتەك ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، خابا ئاھالىلەر كومىتېتى شەھەر مۇھىت تازىلىقىنى ياخشى تۇتۇپ، كوچا ۋە يوللارنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاھالىلەر ئامىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، دەرەخ تىكىپ، گۈل-گىياھلارنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىتنى كۆكەرتىپ گۈزەللەشتۈردى. ئاھالىلەر كومىتېتى ئەمدىلا قۇرۇلغاندا، خابا ئاھالە كومىتېتى تەۋەسىدە دەل-دەرەخلەر ئاز بولۇپلا قالماستىن، قالايمىقان كۆچەت تىكىلگەنلىكتىن، تولىمۇ تەرتىپسىز ئىدى. ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقۇرۇش تەۋەسىنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتى پىلانغا كىرگۈزۈلدى. يوللار ۋە ئاھالىلەر ھويلا-ئاراملىرىغا كۆچەت ۋە گۈل-گىياھلار پىلانلىق ھالدا تېرىلدى. ھەمدە ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» شەكلىنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت كۆكەرتىش ۋەزىپىسىنى ھەربىر ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. تىكىشنى، باشقۇرۇشنى، ئۇنتقۇزۇشنى ھۆددىگە ئېلىش يولىغا قويۇلدى، ئاھالىلەر كۈندۈزلىرى سۇ بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىقتەك ئەھۋال ئاستىدا، كېچىلىرى تەلەڭگىلەر ۋە سۇ چېلەكلىرى بىلەن سۇ توشۇپ دەرەخلەرنى سۇغاردى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاھالىلەر كومىتېتى ئامىنى تەشكىللەپ، باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى سەككىز كوچىغا ۋە ئاھالىلەر ھويلىلىرىغا جەمئىي 2010 تۈپ دەرەخ تىكتى، كۆكەرتىش كۆلىمى 14 مىڭ 400 كۋادرات مېترغا يەتتى.

1984-يىلى ياپونىيىنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى خابا ئاھالىلەر كومىتېتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 1986-يىل 6-ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت خابا ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ خىزمەتلەر-نى كۆزدىن كۆچۈردى، ئۇ خۇشاللىق بىلەن: «خابانىڭ تازىلىقى، كۆكەرتىلىشى ياخشى ئىكەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى، ئامانلىقنى ساقلاش تەرتىپى ياخشى ئىكەن» دېدى. 1986-يىل 8-ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى ۋەنلى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇرېنشىڭ قاتارلىقلار خابا ئاھالىلەر كومىتېتىغا كېلىپ، ھەر مىللەت ئامىسى بىلەن بىرلىكتە قۇربان ھېيتنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئاھالىلەر كومىتېتى يەنە ئىلگىرى-كې-يىن بولۇپ ئىچكى موڭغۇل، ۋۇخەن، قۇمۇل قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

## 5-باب ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى دۆلەت تاشيولىنى چېگرا قىلسا، غەربتە جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا يېتىپ بارىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى يەنئەن يولى كونسۇلخانا كوچىسىدىن باشلانسا، شىمالدا دۆڭكۆۋرۈك كەلكۈن سۈيى چىقىرىش ئېرىقىغا تۇتىشىدۇ. قاراشلىق تەۋەلىكىدىكى ئاساسلىق يول ئىتتىپاق يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئورگىنى ئىتتىپاق يولى 50-قورۇدا. مەھەللە ئىش باشقارمىغا قاراشلىق تەۋەلەر ئەسلىدە 3-رايون 8-مەھەللىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى. 1957-يىلى ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1959-يىلى شەھەرلەرنى خەلق گوڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە، ئىتتىپاق خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960-يىلى غالىبىيەت يولى خەلق گوڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ دوستلۇق

خەلق گۇڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1962-يىلى ئىنتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نامى ئىنتىپاق يولى ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. 1979-يىلى يەنىلا ئىنتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورگىنىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، شەھەر مۇھىت تازىلىقى ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، سانائەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، مۇلازىمەت پونكىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى تەسىس قىلىندى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەمۇرىي كادىردىن 20سى، كارخانا كەسپىي كادىردىن 30ى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 26 نەپەر، ئايال كادىر 21 نەپەر ئىدى. ئىش باشقارما تەۋەسىدە دۆڭكوۋرۇك، فۇشۇخاڭ، لىڭگۇەنخاڭ (كونسۇلخانا)، خۇاڭچېڭ، ئىنتىپاق يولى، فارفۇر زاۋۇتى، ئىنتىپاق يولى 4-كوچىسى، رادىئو ئىستانسىسى، باخۇلياڭ، يەنئەن يولى، يولۇچىلار قاتنىشى شىركىتى ماشىنا كالونى قاتارلىق 11 ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. ئىش باشقارما تەۋەسىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 25 مىللەتتىن 6668 ئائىلىلىك، 27 مىڭ 919 نەپەر ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 2919 ئائىلىلىك، 15 مىڭ 605 نەپەر كىشى بار. مەزكۇر مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە مەركەز، ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك كارخانا، كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلاردىن 105ى بار.

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1864-) خۇيزۇ ئاخۇن تودىلىك (تومىڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىخۇاغا كېلىپ ئۆز ئالدىغا مۇسۇلمان پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ، ھازىرقى ئىنتىپاق يولىنىڭ غەربىي تەرىپىگە بىر شەھەر سېلىپ ئۇ يەرگە خۇاڭچېڭ دەپ نام بەرگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلىدىكى (1876-يىلى) ئۇرۇش ئوتىدا كۆيۈپ كەتتى. لېكىن كىشىلەر بۇ جاينى خۇاڭچېڭ دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ تەۋەدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىنتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى، تىنچلىق يولى قاتارلىق ئالتە ئاساسلىق يول ياسالدى. 1-يول، 7-يول، 10-يول، 16-يول ئاپتوبۇسلىرى بۇ تەۋەدە قاتنايدۇ، قاتنىشى قولايلىق.

مەزكۇر مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسى يەنە پۈتكۈل شەھەرنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ كەسپىي ئورۇنلىرى مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو-تېلېۋىزىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، مۇزىكا ئۆمىكى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى، شىنجاڭ سودا مەكتىپى، شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسى، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ (ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ)، 14-ئوتتۇرا مەكتەپ (شەھەر بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ) شۇنداقلا شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ، 16-ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەر بۇ تەۋەگە جايلاشقان. ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلى مەملىكىتىمىزگە ۋەكالىتەن دۇنيادىكى 14 دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ھال سوراپ ئويۇن قويغان.

بۇ تەۋەدە يەنە جەنۇبىي چوڭ مەسچىت ۋە تۇرپان مەسچىتى قاتارلىق مەسچىتلەر بار. ئىنتىپاق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋات كېچىلىك بازاردا يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مېزىلىك

تائاملارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، نېمە دېسىڭىز شۇ بار، سودىسى ئاجايىپ ياخشى.

## 1-پاراگراف   مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

ئىتتىپا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان زاۋۇتلار 1965-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ، 1966-يىلغا كەلگەندە ئاپتول زاۋۇتى ۋە تاۋلاش زاۋۇتى قۇرۇلغان. 1969-يىلى 20 كارخانىغا كۆپەيگەن، كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئىلمە توقۇمىچىلىق، بەش خىل مېتال، تىككۈچىلىك زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1973-يىلغا كەلگەندە يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كارخانىلاردىن باشقا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە 12 زاۋۇتنى ساقلاپ قالغانىدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 276 نەپەر بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئىدى. 1979-يىلى ئالىي سورتلۇق گىلەم، باللار ئاياغ كىيىمى، سۇلياۋ خالتا قاتارلىق مەھسۇلاتلار يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئۆرلەتتى.

1982-يىلى 32 نەپەر ئىشسىز ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 18 نەپەر، سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىي ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 500 مىڭ 900 يۈەن، ئورۇندىغان پايدىسى 60 مىڭ 700 يۈەن بولدى. سودا، يېمەك-ئىچمەك جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كەسپىنىڭ ئورۇندىغان سېتىش سوممىسى 460 مىڭ يۈەن، ئورۇندىغان پايدىسى 30 مىڭ يۈەن بولدى.

1985-يىلى يېڭىدىن رەسمخانا ئېچىلىپ، 11 ئىشچى-خىزمەتچى ئىشلىدى. 1986-يىلى يېڭى تېپىلغان ماتېرىيال مەھسۇلاتلىرىنى ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى، 40 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بارئىدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جەمئىي 199غا يەتتى. يېڭىدىن ماشىنىنى پايانلاش، سىرلاش قاتارلىق تۈرلەر كۆپەيدى، يېڭىدىن پەلەي ماشىنىسى، پوپايكا توقۇش ماشىنىسى، بەت ياساش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر كۆپەيدى. سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئەمەلىي ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 254 مىڭ 900 يۈەن، پايدا نىسبىتى 5.8%، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 62.5% بولۇپ، سانائەت سىستېمىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 7700 يۈەنگە، كىشى بېشىغا يارىتىلغان پايدا 450 يۈەنگە يەتتى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى سىستېمىسىنىڭ ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى ۋە سېتىش كىرىمى 1 مىليون 815 مىڭ 500 يۈەن، ئورۇندىغان پايدىسى 50 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

## 2-پاراگراف   مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەھەللىلەردە مەھەللە باشلىقى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىلىي نىزامغا ئاساسەن، 1956-يىلى دۆڭكۆۋرۈك، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي تىنچلىق يولى، شىنشىڭگەي كوچىسى ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق تۆت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، مەدەنىيەت-مائارىپ، تازىلىق كومىتېتى، مۇرەسسە كومىتېتى، تۇرمۇش پاراۋانلىق كومىتېتى، ئاياللار ۋەكىللىرى كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1987-يىلغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتى 11گە يەتتى.

### بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش

1957-يىلدىن بۇرۇن ئاھالىلەر قۇدۇق سۈيى ئىچەتتى. 1957-يىلى ئىنتىپاق يولى تەۋەسىدە تۆت سۇ تۇرۇبىسى پونكىتى قۇرۇلۇپ، قىسمەن ئاھالىلەرنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 1959-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، 41 مىڭ 800 تونىنا ئەخلەتنى تازىلاپ توشۇدى، 150 ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىپ ياسىدى، 401 يۇندا تۆكۈش قۇدۇقى قازدى، 302 ئەخلەت ساندۇقىنى كۆپەيتتى، 5531 كۋادرات مېتىر پاتقاق يەرنى توپا تىندۇرۇپ تۈزلىدى. 1965-، 1966-يىللىرى شىخابادىكى 478 مېتىر يولنى ياسىدى، 1118 تۈپ كۆچەت تىكتى، 27 سۇ تۇرۇبىسى پونكىتىنى كۆپەيتتى. يەنە يولنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئاممىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1978-، 1979-يىللىرى 1000 مېتىرلىق سۇ تۇرۇبىسى ئۇلاندى، بېسىم كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىش قۇدۇقىدىن 17 سى كۆپەيتىپ ياسالدى. 5742 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1980-، 1981-يىللىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3366 نەپەر ئادەم (قېتىم)نى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 15 يولنى تۈزلىدى، 17 مىڭ 445 كۋادرات مېتىرلىق يولغا يېگىدىن ماي ياتقۇزدى، بۇنىڭ بىلەن 11 يولنى ئاسفالتلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1600 مېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 28 يۇندا قۇدۇقى قېزىلدى. يېڭىدىن بەش سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ياسالدى، يېڭىدىن بەش ھاجەتخانا سېلىندى، 1984-يىلى دۆڭكۈۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئالدى بىلەن تازىلىق تاختىسى ئېسىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئارىسىدا تازىلىقتا ئەلا بولغان ئورۇنلاردىن 98ى، ئىككىنچى دەرىجىلىك بولغان ئورۇنلاردىن 79ى باھالاپ چىقىلدى.

1987-يىلى 16 شەھەرنىڭ تازىلىقنى چوڭ تەكشۈرۈشنى كۆتۈۋېلىش جەريانىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 612 ماشىنا، 9726 ئادەم (قېتىم) چىقىرىپ، 3472 ماشىنا (قېتىم) قار-مۇز، ئەخلەت-چاۋارلارنى توشۇدى، 24 كۋادرات مېتىر كوچا يوللىرىنىڭ ئاملىرىنى ئاقارتتى، ئىككى پاتقاق كوچىنى رەتلەپ تۈزلىدى. 105 ئورۇننىڭ ئىشىك ئالدىنى بېزىدى. 19 ئائىلىنىڭ ئۆيىگە سۇ تۇرۇبىسى ئورناتتى، يۇندا تۆكۈش قۇدۇقىدىن ئىككىنى كۆپەيتتى. 3268 تۈپ كۆچەت تىكتى، بەش مو يەرنى تۈزلىدى، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا شەھەرلىك كۆكەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن كۆكەرتىلىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

### ئىككىنچى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 25 ئورۇن مۇددەتلىك قۇتقۇزۇش ئائىلىسى، 28 كىشى، 183 ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ئائىلىسى، 714 كىشى بار بولۇپ، بۇلارغا يىلدا 34 مىڭ 820 يۈەن 63 پۇڭ قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلەتتى. 1820 كىشى ھەقسىز داۋالىناتتى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2320 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 240 قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە 150 پاختىلىق چاپان، 120 پاختىلىق ئىشتان، 20 يوتقان تارقىتىپ بەردى، 580 ئائىلىلىكنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ 200 ئائىلىلىكنى كۆچۈردى، 50 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيىنى رېمونت قىلىپ بەردى، 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، جەمئىي 73 مىڭ 700 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى.

### ئۈچىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

1987-يىل 6-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەلىكىدە «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش»، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش كېلىشىمنامىسىنى تۈزدى. ھەرقايسى ئورۇنلار ئېكسپېدىتسىيە سۆزلەش، قارا تاختا گېزىتى

چىقىرىش، ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى ۋە جۇپ تاللاش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 14-ئوتتۇرا مەكتەپ دوست مەكتەپ بولدى، شەھەرلىك فارفۇر زاۋۇتى، چايدان زاۋۇتى قاتارلىق 30 ئورۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قىسىم، ساقچى مەكتەپ، باخۇلياڭ پەيچۇسوسى، يەنئەن يولى پەيچۇسوسى بىلەن ئارمىيە-خەلق، ساقچى-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. پۈتكۈل رايون تەۋەسىدە بىر تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە-خەلق ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. جەنۇبىي شىنخۇا يولى 37-قورۇغا مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى دەپ نام بېرىلدى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلاردىن جەمئىي تۆتى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇندىن بىرى بار، 671 ئائىلىلىك «بەشتە ياخشى ئائىلە»، ئالتە «بەشتە ياخشى چوڭ قورۇ»، 15 «بەشتە ياخشى» ئورۇن، ئالتە نەپەر «8-مارت» بايراقدارى، بىر قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ سايلاپ چىقىلدى.

# 6-باب شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە قۇرۇلۇش يولى ۋە قىزىل بايراق يولىدىن باشلانسا، غەربتە ساي يولى تاشيولىغا يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبتا خەلق يولى ۋە جۇڭسەن يولىغا تۇتاشسا، شىمالدا خۇڭسەننىڭ ئېنىككىچە يېتىپ بارىدۇ. رايون تەۋەلىكىدىكى ئاساسلىق يول شىمالىي شىنخۇا يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، 4-رايوننىڭ 4-كوچىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى. 1957-يىلى شىخاگەي كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1959-يىلى شەھەرلەرنى خەلق گوڭشېسىلاشتۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا قىزىلتاغ خەلق گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. 1960-يىلى دېموكراتىيە خەلق گوڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قىزىلتاغ خەلق گوڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1962-يىل 10-ئايدا شىخاگەي كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1969-يىلى شىخاگەي كوچىسى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2-كوچا 63-قورۇدا. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئىش باشقارما ئورگىنىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە ئىشلىرى ئىشخانىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى، سەھىيە ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، پىلانلىق ئىممۇنىتېت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. جەمئىي 50 كادىر بارئىدى، مەمۇرىي كەسپىي كادىرى 22 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 14 نەپەر، ئايال كادىرلار 35 نەپەر، مەھەللە ئىش باشقارما قارىمىقىدا يېڭى ھايات كوچىسى، شىمالىي شىنخۇا يولى، ئېرەكبۇت كوچىسى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، خۇڭسەن يولى (قىزىلتاغ يولى)، سىياسىي كېڭەش يولى، شىخابا ئالدى كوچا، غەربىي قۇرۇلۇش يولى، غەربىي دېموكراتىيە يولى قاتارلىق توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. شۇ يىلى مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەلىكىدە 7069 ئائىلىلىك، 27 مىڭ 603 نەپەر

ئاھالە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5900 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىدى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 20 مىللەت ئولتۇراقلاشقان، بۇ تەۋەدە ئاپتونوم رايون، شەھەرگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 124ى بار.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەلەر دىخۇا شەھىرىنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى رايونلار بولۇپ، ئادەتتە غەربىي قوۋۇق رايونى دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ۋە تۈرلۈك يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان بازىرى بولۇپ، ساراي ۋە دۇكانلار بىرقەدەر كۆپ ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، قاراشلىق تەۋەدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، جۇڭسەن يولىنىڭ ئىككى يېقىنى بويلاپ قىزىل بايراق تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ئۈرۈمچى سودا مەركىزى، يىپەك سانائەت مەھسۇلاتلىرى مۇلازىمەت مەركىزى ۋە جۇڭسەن يولى سودا سارىيى شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ، يەككىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى سودا تور-نۇقتىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، كونا بازار رايونى ئاۋات سودا رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. كونا شىخاگەي كوچىسى كەڭ كەتكەن شىمالىي شىنخۇا يولىغا ئايلاندى. خۇڭسەن مېھمانخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى يولىنىڭ ئىككى يېنىدا ھەيۋەت بىلەن ئورۇن ئالدى. بۇرۇنقى چىجى قەبرىستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تار توپا يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلغان نۇرلۇق يولغا ئۆزگەرتىلدى، يولنىڭ ئىككى چېتىگە شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ قوماندانلىق شتابى قاتارلىق ئورۇنلار جايلاشتى.

قاراشلىق تەۋەدىكى نۇرلۇق يول، شىمالىي شىنخۇا يولى، قىزىل بايراق يولى، جۇڭسەن يولى، دېموكراتىيە يولى، قۇرۇلۇش يولى ۋە شىخابا ئالدى كوچا قاتارلىق يەتتە ئاساسلىق يولدا 1-، 3-، 7-، 8-، 17-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

1957-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندا قىزىل يۇلتۇز ياغاچ ئەسۋابلارنى ياساش زاۋۇتى، سۈت فېرمىسى، پاختا ئېتىش زاۋۇتى، باسمىچىلىق زاۋۇتى، ساتىراشچىلىق مۇلازىمەت بۆلۈمىدىن ئىبارەت بەش زاۋۇت-گورۇپپا بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 34 نەپەر ئىدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 69 مىڭ 600 يۈەنگە يېتەتتى. 1958-يىلى قىزىللاشقان-ئىختىساسلاشقان مۇلازىمەت پونكىتى قاتارلىق بەش مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 247 نەپەر بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ئائىلە سايمانلىرى، باسمىچىلىق بۇيۇملىرى، كالا سۈتى قاتارلىقلار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كىچىك زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان ئات جابدۇقى ئېكسپورت مەھسۇلاتىغا ئايلانغانىدى. 1960-يىل 4-ئايدا خۇڭسەن (قىزىلتاغ) گوڭشېسى قۇرۇلغان چاغدا، سانائەت كارخانىسى يەتتىگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 315 نەپەرگە يەتكەن. 1961-يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 771 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 125 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مەھسۇلاتلىرى 70 نەچچە خىلغا تەرەققىي قىلىپ، مۇلازىمەت تور-نۇقتىلىرى 51گە يەتكەنىدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 286 كىشى بولۇپ، يىللىق سېتىش كىرىمى 82 مىڭ يۈەن، پايدىسى 30 مىڭ يۈەن بولدى. 1962-يىلى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1966-يىلى يەرلىك سانائەتنى 2-قېتىملىق چوڭ قۇرۇش دولقۇنىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا «يەرلىك كىچىك ئاممىۋى كارخانىلار» ئىشخانىسى قۇرۇلدى (كېيىن سانائەت ئىشخانىسى دەپ نام بېرىلدى)، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، يەنە پەلەي زاۋۇتى، كىگىز زاۋۇتى، باسمىچىلىق زاۋۇتى، تۆمۈرچىلىك كارخانىسى قاتارلىق مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلارنى قۇردى. 1973-يىلى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار يەنە بىر قېتىم يۇقىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرغان كارخانىلاردا جانلىنىش بولدى. 1979-يىلى پۈتۈن شەھەردىكى مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلار ئارىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ سېخ بىناسىنى سالدى. 1980-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ ۋە پۇل قەرز ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى شىنخۇا مېھمانخانىسىنى سالدى، ئىككى يىل تىجارەت قىلىپلا ئالغان قەرزىنى تۆلەپ بولدى. شىنخۇا مېھمانخانىسى پۈتۈن شەھەر بويىچە بىرىنچى كىچىك مەھسۇلاتلارنى توپ، پارچە تارقىتىش بازىرى ۋە مۇشۇ مەھەللە ئىش باشقارما تەۋەسىدىكى پايدا بېجى ئەڭ كۆپ ئورۇنغا ئايلاندى. (1984-يىلى شىنخۇا مېھمانخانىسى تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى).

1981-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنخۇا تازىلىق ماتېرىيالى زاۋۇتى ۋە ياغاچچىلىق زاۋۇتىنى قۇردى. شىنخۇا تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان شىنخۇا ماركىلىق سىنىك ئوكسىدى رېزىنكە پاراشوكى تۇنجى قېتىم رايون، مەھەللە كارخانىلىرى بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. 1987-يىلغا بارغاندا مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆت ماگىزىن، ئىككى ئاشخانا قۇرۇپ چىقتى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا سانائەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، مۇلازىمەت پونكىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنى قۇردى. قارمىقىدا شىنخۇا تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، سۇلياۋ زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، پەلەي زاۋۇتى، قەغەز قۇتا زاۋۇتى قاتارلىق توققۇز سانائەت زاۋۇت گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ-خاڭجۇ بىرلەشمە تىجارەت يىپەك دۇكىنى، ماشىنا زاپچاسلىرى تىجارەت ماگىزىنى، غەربىي شىمال يولى بەش خىل مېتال دۇكىنى، زىبالىي ياشلار 1-، 2-، 3-ماگىزىنلىرى، مۇسۇلمان ئاشخانىسى قاتارلىق 13 سودا يېمەكلىك مۇلازىمەت تورلىرى بولۇپ، جەمئىي 294 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بارئىدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 69 مىڭ 900 يۈەنگە، غەللىسى 10 مىليون 12 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، 974 مىڭ 800 يۈەن پايدا ياراتتى.

## 2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

1982-يىلى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قارمىقىدا توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى، 48 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 27 ئائىلىلىكلەر گۇرۇپپىسى، 13 ئائىلىلىكلەر كومىتېتى بار بولۇپ، ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئاياللار، ئامانلىقنى ساقلاش، مۇرەسسە، مەدەنىيەت-مائارىپ، تازىلىق، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق بەش خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىنغانىدى. 1987-يىلغا بارغاندا يەنىلا توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى ساقلاپ قېلىندى.

**بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش**

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىمالىي شىنخۇا يولى تەۋەسىدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى

توپا-كېسەك ياغاچتىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، كوچىلىرىمۇ توپىلاڭ ئىدى. سىياسىي كېڭەش كوچىسى ئەسلىدە داڭلىق «لۇڭشۇيگۇ جىلغىسى» دەپ ئاتىلاتتى. يېڭى ھايات كوچىسىدا قىش پەسلىدە 1.5 مېتىر قېلىنلىقتا قار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئاھالىلەر تۇرمۇشىدا سۇ ئىچىش تەس بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش تەس بولۇش، يول يۈرۈش تەس بولۇش مەسىلىلىرى ساقلانغانىدى. 1961-يىلى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى جەريانىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 36 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاما سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، 268 توننا ئەخلەت، 4510 توننا يىغىلغان قار-مۇز تازىلاپ توشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر رايونى تازىلىقى قىياپىتىدە بىرقەدەر زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

1966-يىلى شىخابادىكى 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ جەڭ پائالىيىتىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يوللارنى ياسىدى. بېسىپ سۇ چىقىرىش قۇدۇقلىرىنى، ئاممىۋى ھاجەتخانا قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ياسىدى، پاتقاق يوللارنى تاش يېيىتىلغان يولغا ئۆزگەرتىپ، شەھەر رايونىنىڭ قىياپىتىنى يەنىمۇ ئۆزگەرتتى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئورگانلار پالەچ ھالەتتە بولغاچقا، شەھەر رايونى باشقۇرۇشسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا شەھەر قۇرۇلۇش، شەھەر مۇھىت تازىلىقى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە ئاما ئىككى قېتىمدا 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. 1981-يىلى تۇرۇبا سۈيىنى ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ 1982-يىلى يوللارنى سېمونتلاشتۇرۇش، يۇندىلارنى تۇرۇبىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ھەمدە 32 ھاجەتخانا سېلىندى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى پۈتۈن شەھەردە كېڭەيتىلدى.

1978-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا تازىلاش-توشۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1984-يىلى «ئۆچنى ھۆددىگە ئالغۇچى» خادىملار تۈزۈمى ۋە «ئاھالىلەر قورۇلىرىنىڭ تازىلىق ئەھدىنامىسى» قاتارلىق تۈزۈملەر يولغا قويۇلدى. زەربىدارلىق بىلەن دائىملىق، كەسپىي قوشۇن بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى، شۇنداقلا تازىلىق تاكتىكىسى ئالماشتۇرۇش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر قوللىنىلىپ، تەۋەنىڭ تازىلىق قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسىدا جەمئىي 122 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئون نەپىرى باشقۇرغۇچى خادىم)، قاراشلىق تەۋەنىڭ 61 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق يېرىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالغانىدى. «ئۆچنى ھۆددىگە ئېلىش» كۆلىمى 86 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، قاراشلىق تەۋەدىكى 5280 ئائىلىلىك-نىڭ ئەخلەتلىرىنى تازىلاپ توشۇش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولدى. ھەر كۈنى 112 ھارۋا (قېتىم) ئەخلەتنى سۈپۈرۈپ توشىدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەدە تازىلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن 132سى، «ب» دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن بىرى سايلاپ چىقىلدى.

## ئىككىنچى، پىلانلىق تۇغۇت

1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پىلانلىق تۇغۇتقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1978-يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر سەپلەندى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىمالىي شىنخۇا يولى تەۋەسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100، تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %93.48، يالغۇز پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى %98.01، تۇغۇتنى كونترول قىلىش

نىسبىتى ‰11.30 بولدى، تەبىئىي كۆپىيىشنى كونترول قىلىش نىسبىتى ‰8.61 بولۇپ، ئۇدا بەش يىل شەھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

**ئۈچىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش**

1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە توققۇز ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلار سەپلىنىپ، بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلدى. خىزمەتلەر جەريانىدا «كىم ئاساسلىق باشقۇرسا، شۇ مەسئۇل بولۇش» ۋە «ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تۈزەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. ئامانلىقنى ساقلاش بويىچە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى. 1987-يىلى ھەق-ناھەق ماجىرالىرىدىن 23نى مۇرەسسە قىلدى. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ يۈز بېرىشى 1986-يىلدىكى 32 قېتىمدىن 1987-يىلدىكى 26 قېتىمغا تۆۋەنلەپ، %75. 18 تۆۋەنلىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

**تۆتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى**

1982-يىلى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان بىرىنچى قېتىملىق «مەدەنىيەتلىك-ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتىدىن باشلاپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولۇشقا مەخسۇس كىشىنى بېكىتتى، تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بۇ ھەرىكەتكە كەڭ كۆلەملىك قاتناشتۇردى. 1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەدەنىيەتلىك ئورۇن، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى، مەدەنىيەتلىك تارماق رايون، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون، مەدەنىيەتلىك كوچىلار قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىمالىي شىنخۇا يولى تەۋەسىدە ئاپتونوم رايون، شەھەر، تيانشان رايونى دەرىجىلىك 41 مەدەنىيەتلىك ئورۇن، بەش مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەر كومىتېتى، 33 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى، ئون مەدەنىيەتلىك بىنا-ھويلا، بەش مەدەنىيەتلىك كوچا، بىر مەدەنىيەتلىك تارماق رايون قۇرۇپ چىقىلدى.

# 7-باب تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە ئۈرۈمچى ناھىيىسى داۋان يېزىسىدىن باشلانسا، غەرب تەرىپتە جيەنجۇڭ يولى، جەنۇبىي تىنچلىق يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبتا دۆڭكۆۋرۈك كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىش ئۆستەڭگە تۇتاشسا، شىمالدا خەلق يولى، تەنتەربىيە سارىيى يولىغا يېتىپ بارىدۇ. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تىنچلىق جەنۇبىي يولى 193-قورۇدا بولۇپ، شۇ تەۋەلىكتىكى ئاساسلىق كوچا تىنچلىق يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ تەۋەدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 12 مىللەت بار. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بۇ تەۋەدە جەمئىي 5566 ئائىلە، 19 مىڭ 596 ئاھالە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 11 مىڭ 174 نەپەر، ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ %57.02نى تەشكىل قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلارنىڭ ئادەم سانى 8672 نەپەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ %77.6نى ئىگىلەيدۇ.

مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر توپا تۆپىلىك بار ئىدى. ئادەتتە شياۋدۇڭلياڭ دەپ ئاتىلاتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، نىڭشيادىن شىنجاڭغا جاھاندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن

كەلگەن ئاما شياۋدوڭلياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ماكانلاشقاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا نىڭشياۋەن دەپ نام بېرىلگەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىنىڭ مەدەنىيىتى قالاق، يوللىرى تار، تازىلىقى ناچار بولۇپ، ئاھالىلەر ئاساسلىق قىلىپ ئۇششاق تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇراقلىق ئۆيلىرى كۆپەيدى، سول تەرەپتە تاشيول ياسىلىپ جەنۇبتىن شىمالغا قاتنايدىغان تىنچلىق جەنۇبىي يولىغا ئايلاندى. يۆجىنگەي كوچىسى، نىڭشياۋەن يولى، ئارقا بۇلاق كوچىسى، گويۈەن كوچىسى قاتارلىق 19 يول سېمونتلاشتۇرۇلدى، ئاھالە تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى.

بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان قۇرۇلۇش خەلق تىياتىرخانىسى، چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان نەمۇنە تەنتەربىيە مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، شىبەچە، قىرغىزچە ئالتە خىل يېزىق بويىچە كىتاب-ژۇرناللارنى نەشر قىلىدىغان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، يەنە تۈرلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىيالايدىغان شەھەرلىك قاشتېشى ھەيكەلتاراشلىق زاۋۇتى بار.

تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسى خۇيزۇلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، مەسچىتلىرى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. شيەنشى مەسچىتى، خېجۇ مەسچىتى، شۈيدېڭ مەسچىتى، دۇڭفاڭ مەسچىتى، گويۈەن مەسچىتى، سۇجۇ مەسچىتى، سۈيۈەن مەسچىتى، لەنجۇ مەسچىتى، شەرقىي چوڭ مەسچىت قاتارلىق مەسچىتلەر بۇ جايغا سېلىنغان. شەنشى چوڭ مەسچىتى 100 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئىشلەنگەن، سىزىلغان تۈرلۈك گۈللەر خۇددى راستتەكلا تۇرىدۇ، بۇ جاي ئاپتونوم رايوننىڭ قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىندى. مەرھۇم مۆتىۋەر مالياڭجۇن ئاخۇن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆھپە قوشقاندى. بۇ تەۋەدە يۇقىرىقى مەسچىتلەردىن باشقا ياۋۋاڭ بۇتخانىسى، ئوت ئىلاھى بۇتخانىسى، ماۋاڭ بۇتخانىسى، شۇنداقلا بىر خرىستىئان چېركاۋى بار.

مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋە ئەسلىدە 2-رايوننىڭ 4-مەھەللىسى، 6-مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق ئىدى. 1957-يىلى دوستلۇق رايونى شياۋدوڭلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىلىپ قۇرۇلدى، 1959-يىلى يۆجىن خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1960-يىلى بۇلاق بېشى، شىنخۇا خەلق گۇڭشېسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنخۇا خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1962-يىلى شياۋدوڭلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1969-يىلى شياۋدوڭلياڭ مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1977-يىل 2-ئايدا تىنچلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پارتكوم ئىشخانىسى، مەھەللە ئىشلىرى ئىشخانىسى، شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى، سانائەت شىركىتى، تيەنخې سودا شىركىتى تەسىس قىلىندى. ئىش باشقارمىسى ئورگىنىدا جەمئىي 31 نەپەر كادىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، 26 نەپىرى ئايال كادىر. قارىمىقىدا ياۋۋاڭ بۇتخانىسى، يۆجىنگەي، خېيجاسەن، نىڭشياۋەن، گويۈەن كوچىسى، شياۋدوڭلياڭ، يوڭخې شىمالىي

كوچا، ئەرداۋۇن قاتارلىق سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتى بار.

## 1-پاراگراف مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇرغان كارخانىلار

1960-يىلى خەلق گۇڭشېسى باشقۇرغان زاۋۇتتىن توققۇزى، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرىدىكى مۇلازىمەت پونكىتىدىن 12سى، ئالتە يەسلى، بەش ئاشخانا، بىر ماگىزىن، كۆكتات، ئاشلىق ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسىدىن 23ى بار بولۇپ، بۇلاردا 749 ئادەم ئىشلەيتتى. 1962-يىلى مەركەزنىڭ «قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى 35 ماددا» ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى 20 ماددا»لىق بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، گۇڭشې باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پەقەت ياغاچ ساندۇق زاۋۇتى، ۋىنتا زاۋۇتى قالغان بولۇپ، 200 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1966-يىلى جىنەننىڭ تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلىپ، بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە چوڭ سانائەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش چىقىش قىلىنىپ، 2-قېتىم يەرلىك سانائەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىش ئېلىپ بېرىلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى كەينى-كەينىدىن باسما زاۋۇتى، تىككۈچىلىك زاۋۇتىنى قۇردى. 1974-يىلى يەنە ئاممىنى مەبلەغ توپلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ كەينى-كەينىدىن قويمىچىلىق زاۋۇتى، كاۋچۇك زاۋۇتى، بەش خىل مېتال زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، سۈت فېرمىسى، گىلەم زاۋۇتى، سوپۇرگە زاۋۇتى، خىش زاۋۇتى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، توشۇش ئەترىتى قاتارلىق 34 زاۋۇت، ئەترەتنى قۇردى. 1200كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. 1975-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق كارخانىلاردا، ئاساسلىق قىلىپ مۇلازىمەت پونكىتلىرى مەبلەغ سېلىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك بىناسىنى سالدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى بولۇپ باشقارما بىناسىنى سالغانىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات نىشانى خەلق ئاممىسىنىڭ كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ كەسپى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ئاساسلىقى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، ئەمگەك مۇلازىمەت كەسپى ۋە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. 1980-يىلى يىگىدىن يەتتە زىبالىي ياشلار ماگىزىنىنى قۇردى. 1983-يىلى 1-، 2-، 3-بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ۋە زىبالىي ياشلار بىناكارلىق قۇرۇلۇش كوپېراتىپىنى قۇردى. 1984-يىلى سانائەت شىركىتى قۇرۇلۇپ، ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇردى، كارخانىلاردا تەدرىجىي ھالدا ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مۇقىم ئىش ھەققىنى تارقىتىش شەكلىگە خاتىمە بېرىلدى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقىدا (سانائەت، ئەمگەك مۇلازىمەت، سودا) 417 چوڭ-كىچىك كارخانا بار بولۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، كارخانىلار تۈز لىنىيىلىك ئىقتىسادنى بىرلىشىشنى باشلىدى، تۇنجى نۆۋەتلىك ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 800 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. پۈتۈن يىلدا 284 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. 108 مىڭ 200 يۈەن پايدا ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودىدا 4 مىليون 443 مىڭ 900 يۈەنلىك سېتىش سوممىسىنى

ئورۇنلىدى. 67 مىڭ يۈەنلىك پايدىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىدە 2 مىليون 518 مىڭ 500 يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى ئورۇنلىدى. 35 مىڭ يۈەنلىك پايدىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سانائەتتە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى ئورۇنلىدى. ئەمگەك مۇلازىمەت كىرىمى 80 مىڭ يۈەن بولدى.

## 2-پاراگراف مەھەللە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

1957-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغان چاغدا شياۋدۇڭلياڭ، يۈگخې شىمالىي كوچا، يۈجىنگەي، گۇيۈەنخاڭ، نىڭشياۋەن قاتارلىق بەش ئاھالىلەر كومىتېتى بارئىدى. 1987-يىلغا كەلگەندە سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتىغا كۆپەيدى.

**بىرىنچى، شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش**

1975-يىلدىن بۇرۇن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەخسۇس شەھەر رايونىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغانىدى. ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە مەھەللىلەرگە چۈشكەن كادىرلار، ئاھالىلەر ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى ئىشىك ئالدىدىكى ئەخلەت-چاۋارلارنى تازىلاشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولاتتى، ھەر قېتىمقى چوڭ ھېيت-بايراملاردا ئاممىنى تەشكىللەپ زەربىدارلىق بىلەن چوڭ تازىلىق ئېلىپ باراتتى. 1975-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، شەھەر باشقۇرۇش خىزمىتى ئىزغا سېلىندى.

تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ يول-كوچىلىرى ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ، تۈزۈلگەندىن بۇيان ئاھالىلەرنىڭ يول مېڭىشى تەس بولۇش، يۇندا تۆكۈشى تەس بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىشى تەس بولۇش، سۇ ئىچىشى تەس بولۇش مەسىلىلىرى ساقلىنىپ كەلگەنىدى. 1960-يىلى دۆلەت 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك خىراجەت ئاجرىتىپ، تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئاممىنى يول ياساش ئەمگىكىگە قاتنىششقا ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، مەخسۇس ئەترەتكە ماسلىشىپ، تىنچلىق يولىدا 20 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك يولنى ماي ياتقۇزۇپ سېمونتلاشتۇردى، 1570 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تۇرۇبىسى ئورناتتى، 22 يۇندا قۇدۇقىنى كۆپەيتىپ ياسىدى. شۇ يىلى يەنە 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا نىڭشياۋەن يەر ئاستى كەلكۈن سۈيىنى چىقىرىش تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، تۇرۇبا يولىنىڭ يېنىغا يۇندا تۆكۈش قۇدۇقىدىن بەشى كولاندى.

1981-يىلى يۈجىنگەيدە 1200 كۋادرات مېتىر يول ياسالدى، 19 يۇندا تۆكۈش قۇدۇقى كۆپەيتىپ كولاندى. يېڭىدىن ئۈچ ھاجەتخانا سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 6229 توننا قار-مۇز، ئەخلەت-چاۋار توشۇپ تازىلاندى. 1982-يىلى گۇيۈەنخاڭدا 2300 كۋادرات مېتىرلىق يول يۈزى ياسالدى. 13 يۇندا قۇدۇقى كۆپەيتىپ ياسالدى، سەككىز ھاجەتخانا سېلىندى.

1983-يىلى خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى شۇ ئورۇندا تۇرۇشلۇق خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش يىڭى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، خېيجياسەن تەۋەسىنىڭ تازىلىقىنىڭ ناچار بولۇش ئەھۋالىنى بىرلىكتە ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 3400 كۋادرات مېتىر يول يۈزىنى سېمونتلاشتۇرۇپ ياسىدى. ئۈچ ھاجەتخانا سالدى، يولغا 35 لامپۇچكا ئورناتتى، 250 مېتىرلىق سۇ تۇرۇبىسى ئورناتتى، بىر سۇخانا، ئۈچ سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى سالدى. 400 مېتىر يەر ئاستى سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى ئورناتتى.

1984-يىلدىن 1985-يىلغىچە داۋان يولىنى تەرتىپكە سېلىپ ياسىدى. داۋان يېزىسى، نىڭشياۋەن

كەنتى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئاھالىلەر كومىتېتى يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قىسىملارنى، ئاھالىلەر ئاممىسىنى تۈزەشكە قاتنىشىشقا ھەرىكەتكە كەلتۈردى. قاتناشقان ئادەم 2100 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. 3210 تونىنا ئەخلەت-چاۋار، كېرەكسىز توپا تازىلاپ توشۇلدى، 980 كۈپ تاش توشۇپ يۆتكىۋېتىلدى. شەھەر قۇرۇلۇشى مەخسۇس ئەترىتىگە ماسلىشىپ 6423 كۋادرات مېترلىق يولغا ماي ياتقۇزۇلۇپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئەرداۋان تەۋەسىنىڭ شەھەر قىياپىتى تازىلىقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 100 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجراتتى، يەنە شۇ ئورۇندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار قىسمەن خىراجەت توپلاپ، ئەرداۋان تەۋەسىنىڭ يۇندا چىقىرىش تۇرۇبىسىنى ياساپ تۇتاشتۇردى. 1170 مېترلىق سۇ تۇرۇبىسى ئورناتتى. 3100 كۋادرات مېتر يول يۈزىگە سېمونت ياتقۇزۇلۇپ ياساپ چىقىلدى. بەش يۇندا تۆكۈش قۇدۇقى كولاندى. كوچىلارغا يېڭىدىن بەش ھاجەتخانا سالدى، 145 ئائىلىلىككە تۇرۇبا سۈيى جۈمەكى ئورنىتىپ بېرىلدى.

## ئىككىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ۋە بىخەتەرلىك ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى دائىرىنى ھۆددىگە ئېلىش، ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپا باشلىقلىرى بۆلەكلەرنى ھۆددىگە ئېلىش، ئامانلىقنى ساقلىغۇچى خادىملار قورۇلارنى ھۆددىگە ئېلىشتەك بىخەتەرلىك ئالدىنى ئېلىش تورلىرىدا چىڭ تۇرۇلدى ھەمدە ئازغان ياشلارغا بولغان ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش ئىشىنى ئېلىپ باردى، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، شۇ تەۋەدىكى 50 نەپەر ئازغان ياشنىڭ بىرسىمۇ قايتا جىنايەت سادىر قىلمىدى. پۈتۈن يىلدا تۈرلۈك ماجرالاردىن جەمئىي 119ى مۇرەسسە قىلىندى. سادىر بولغان تۈرلۈك ئەنزىلەر 1986-يىلدىكىدىن % 77 تۆۋەنلىدى. ئەنزىلەرنى پاش قىلىش نىسبىتى % 84 كە يەتتى.

## ئۈچىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

1983-يىلى 1-قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنىدىن جەمئىي 178 قېتىم ئاچتى. 69 ئادەم (قېتىم) لېكسىيە سۆزلەش ئەترىتى تەشكىللەپ، 5029 ئائىلىگە بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئىككى قېتىم 178 كىشى قاتناشقان ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى تەشكىللەپ، 59 قۇتقۇزۇش ئائىلىسىگە، 21 ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىگە، 18 ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئۆيىگە، توققۇز پېنسىيىگە-دەم ئېلىشقا چىققانلار ئائىلىسىگە بېرىپ ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، 317 تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. «مەدەنىيەتلىك-ئەدەبلىك بولۇش ئېيى»دا، تۆت قېتىم مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان تازىلىق زەربىدارلىق پائالىيىتى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئون ئادەم تيانشان رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. نىڭشياۋەن ئاھالىلەر كومىتېتى شەھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1982-يىلى خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىسىمنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق خىمىيىلىك قوراللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش يىڭى بىلەن «ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. قىسىملارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 150 كۋادرات مېتردىن كۆپرەك ئىشخانىلار سېلىندى. خېيجياسەن رادىئو ئۇزىلى قۇرۇلۇپ، بۇ تەۋەدە

تۇرۇشلۇق ئامىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى قىيىن مەسىلە ھەل قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك ئارمىيە-خەلقنىڭ بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشى بويىچە ئىلغار ئورۇنغا ئايلاندى.

1984-يىلى گۈيۈەنخاڭ، نىڭشياۋەن ئاھالىلەر كومىتېتى يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش يىغىنىنىڭ 2-، 3-لىيەنى بىلەن «بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. ئەرداۋان ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن شياۋدۇڭلياڭ پەيچۇسوسى ساقچى-خەلق «بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

تىنچلىق يولى تەۋەسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تەۋە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاھالىلەر ئارىسىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشلامچىلىق بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلدى. 1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسى جەمئىي 11 قېتىم ئاز سانلىق مىللەت دىنىي زاتلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، 19 كىشىدىن ھال سورىدى.

1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلار بىرقەدەر زور ئىقتىسادىي زىيانغا يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىگىلىۋالغان مەسچىتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بوشىتىپ بېرىپ، دىنىي زاتلار ۋە ئامىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

1987-يىلى پۈتكۈل تەۋەدە مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈنجى تۈركۈمدىكى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شەھەرلىك 22-ئوتتۇرا مەكتەپ، تەنتەربىيە مېھمانخانىسى شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يەنە ئۈچ مەدەنىيەتلىك ئاھالىلەر كومىتېتى، 41 مەدەنىيەتلىك قورۇ، 2131 «بەشتە ياخشى ئائىلە» باھالاپ چىقىلدى.

### تۆتىنچى، خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى

خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى تيانشان رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە داۋان يېزىسىنىڭ ئەرداۋان كەنتىدىن باشلانسا، جەنۇبتا داۋان يېزىسىنىڭ داۋان كەنتىگە يېتىپ بارىدۇ. غەربتە داۋان يېزىسىنىڭ نىڭشياۋەن كەنتىگە تۇتاشسا، شىمالدا يۈجىنگەي بىلەن قوشنا. خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى 1982-يىلى گۈيۈەنخاڭ 8- ئاھالىلار گۇرۇپپىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان، قارمىقىدا سەككىز ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، 704 ئائىلە، 2698 ئاھالە بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق توققۇز ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، ئۇلار 449 ئائىلىلىك، 1876 ئاھالە. قاراشلىق تەۋەدە 22-ئوتتۇرا مەكتەپ، شەھەرلىك چارۋىچىلىق داۋالاش پونكىتى، ھەربىي رايون خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش يىغىنى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بار.

خېيجياسەن تاغ يان باغرىدىكى قاقاس خىلۋەت جايغا جايلاشقان بولغاچقا، ئۇزۇندىن بۇيان بۇ جايدا سۇ ئىچىش تەس بولۇش، يول يۈرۈش تەس بولۇش، كېچىسى قاراڭغۇچىلىق، ھاجەتخانىغا بېرىش تەس بولۇش، كېسەل كۆرسىتىش تەس بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى تەس بولۇشتەك مەسىلىلەر ساقلىنىپ كەلگەنىدى. 1983-يىلى بىرىنچى قېتىملىق «مەدەنىيەتلىك-ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى باشلانغاندا، خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش يىغىنى بىلەن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئاما

ئارىسىدا ئىنكاس بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان «ئالتىدە تەس بولۇش» مەسىلىسىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى. پۈتۈن يىلدا 3400 ئادەم (قېتىم) جەڭچى ۋە ئاھالىلەر سەپەرۋەر قىلىنىپ، 250 ماشىنا ئەخلەت-چاۋار تازىلاپ توشۇلدى. 3000 كۇپ تاش-قۇم توشۇپ كېلىنىپ، خېبجياسەن تەۋەسىنىڭ ئاساسلىق يوللىرى ئون سانتىمېتىردىن كۆپرەك ئېگىزلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولنىڭ ئىككى چېتىگە سۇ چىقىرىش ئېرىقى چېپىلدى. خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بىگى يەنە ئاھالىلەر كومىتېتىغا ياردەملىشىپ مەبلەغ توپلاپ، 300 نەپەر كادىر-جەڭچىنى چىقىرىپ، ئون كۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ، يولنىڭ ئىككى يېنىغا 35 لامپۇچكا ئورنىتىپ، ئالدى بىلەن بۇ تەۋەنىڭ كېچىسى يول يۈرۈش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇ يىلى يەنە بىر سۇ پونكىتى، ئۈچ سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى، ئۈچ ئاددىي ھاجەتخانا سالدى.

1985-يىلى خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بىگى ئاھالىلەر كومىتېتىغا ياردەملىشىپ، سىملىق رادىئو پونكىتىنى قۇردى. پۈتۈن يىلدا، ئاممىغا جەمئىي 303 قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئاھالىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئاممىغا تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

1986-يىلى ئارمىيە بىلەن يەرلىك ماسلىشىپ شۇ تەۋەنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، خېبجياسەن تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا ئېقىپ كەلگەنلەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئوغرۇش-تالاش قىلىدىغان ئىشلار داۋاملىق كۆرۈلۈپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇ يىلى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى، خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بىگىنىڭ جەڭچىلىرى پەيچۇسودىكى كادىر ساقچىلارغا ماسلىشىپ، بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، تەۋەدىكى نوپۇسسىزلار-نى تىزىملاپ دېگەندەك تۇرغۇزۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، سەككىز ئامانلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتى. «بەش ئائىلىدە بىر قاراۋۇل، ئون ئائىلىدە بىر پوس» بولۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى. خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بىگىنىڭ جەڭچىلىرى يەنە باشقۇرۇش تەۋەسىدە كېچىسى قاراۋۇللۇق قىلىپ، ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، بۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنى خاتىرجەم قىلدى.

1987-يىلدىن بۇرۇن خېبجياسەن تەۋەسىدە مەكتەپ بولمىغاچقا، باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى 100 دىن كۆپرەك ئوقۇش يېشىدىكى باللار مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتا-ئانىسىغا ئەگىشىپ ئۇقەت قىلسا، بەزىلىرى مەسچىتتە قۇرئان ئوقۇيتتى، بەزىلىرى ئۆيلەردە بالا باقسا، بەزىلىرى بىكار ئويناپ يۈرەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاھالىلەر كومىتېتى بۇ ئەھۋالنى ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم ئىنكاس قىلغانىدى. تيانشان رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى شەخسەن نەق مەيدانغا كېلىپ يىغىن ئېچىپ ئىش بېجىردى، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە دىنىي ساھەدىكىلەر پۇل ئىئانە قىلىپ ئوقۇتۇش سايمانلىرى سېتىۋېلىندى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 36042-قىسىم بەش ئېغىز گازارما ئۆيىنى بوشىتىپ سىنىپ قىلدى، 1987-يىل 7-ئايدا ئۆيغۇرچە ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، 120 نەپەر ئوقۇشسىز قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

خېبجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى 1987-يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى مەدەنىيەتلىك ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

# 8-باب يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتىدىكى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بولۇپ، قىزىل تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىغا جايلاشقان، شەرقتە بەشيۈلتۈز يولى، چىداۋان يولىدىن باشلانسا، غەربتە قىزىل تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبتا ياشلار يولى، نۇرلۇق يولى بىلەن قوشنا، شىمالدا چىداۋان كۆكتېپىسى سوغىرىش ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ تەۋەدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 19 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەمئىي 7671 ئائىلە، 28 مىڭ 600 ئاھالە، ئاپتونوم رايون، شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 63 ى بار.

بۇ تەۋە قىزىل تاغنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە ئاھالىلەر بەك ئاز ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) زور بىر تۈركۈم كۆچمەنلەر بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، ئاھالىلەر نوقتىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، كۆچمەن ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گەنسۇنىڭ مىنچىن دېگەن يېرىدىن بولغاچقا، بۇرۇن بۇ جاي «جېنفەن كوچىسى» (جېنفەن يەنى گەنسۇ مىنچىن) دەپ ئاتالغانىدى. سابىق دىخۇا ناھىيىسى بۇ جايغا ليۇداۋان بازىرىنى تەسىس قىلغانىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) شەھەر رايونغا ئايرىلغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە دىخۇا شەھىرى 5-رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. 1957-يىلى ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، 1959-يىلدىكى شەھەرلەردە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ھەرىكىتى جەريانىدا، ليۇداۋان خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. 1962-يىلى ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، 1969-يىلى ليۇداۋان مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979-يىلى ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ تەۋەلىكتىكى ئاساسلىق يول يېڭى دېموكراتىيە يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى يېڭى دېموكراتىيە يولى 90-قورۇدا. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ تەۋەنىڭ قارمىقىدا ھەربىي رايون چوڭ قورۇسى، بەشيۈلتۈز يولى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شىنشىڭگەي كوچىسى، يېڭى دېموكراتىيە يولى شەرقىي كوچىسى، غەربىي كوچىسى، لىخۇا كوچىسى، قىزىلتاغ، قىزىل يۇلتۇز، غەربىي يېڭى دېموكراتىيە يولى، شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە يولى قاتارلىق 11 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بىر ئائىلىلىكلەر كومىتېتى بار ئىدى. يېقىنقى يىللارنىڭ مابەينىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 13 ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مۇلازىمەت زاۋۇت گۇرۇپپىسىنى قۇردى، بۇلاردا جەمئىي 350 ئىشچى-خىزمەتچى بار بولۇپ، 1982-يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون 17 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى، 150 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

ليۇداۋان تاغ باغرىدىكى «بىر توپ بىلەنلا غەلىبە قازانغان» دېگەن ئورۇن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى يەڭگەنلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنىتىنىڭ 4-يىلى (1865-يىلى) ليۇجىنتاڭ باشلامچىلىق قىلغان قىسىم ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنى قوغلاپ چىقىرىپ، دىخۇا شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغانىدى، شۇندىن كېيىن مۇشۇ پوتەينى ياساپ خاتىرە قالدۇرغانىدى. پوتەي يۇمىلاق تۇۋرۇك شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئالدىدىكى ئەگمە ئىشىك بېشىغا «بىر توپ بىلەنلا غەلىبە قىلىش» دېگەن خەت ئويۇلغان. ئازادلىقتىن بۇرۇن، يېڭى دېموكراتىيە يولىنىڭ جەنۇبىي چېتى شىمالىي

ئۆتكەل دېيىلەتتى، مۇشۇ يەردىن چىداۋان، باداۋان، فۇكاڭ، گۇچۇڭغا بارىدىغان بىر چوڭ يول بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان تۆگە، ئات ھارۋا دەڭلىرى، ساراي، ئاشخانا ۋە تۈرلۈك دۇكانلار بار ئىدى. يېڭى دېموكراتىيە يولىنىڭ شەرقىي تەرىپى ھەربىيلەر مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى ئىدى. شىمالىي ئۆتكەلدىن قىزىل تاغنىڭ يان باغرىغىچە بولغان ئورۇنلار قەبرىستانلىق ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ليۇداۋان رايونىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. قىزىل تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئاۋاتلاشقان شەھەر رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. قىزىلتاغنىڭ شىمالىي يان باغرىمۇ ئاھالىلەر زىچ ئولتۇراقلاشقان نۇقتا بولۇپ قالدى. شەھەر ئاساسىي ئەسلىھەلىرى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تۇرۇبا سۈيى ھەممە ئۆيلەرگە كىرگۈزۈلدى، ئەسلىدىكى تار يېڭى دېموكراتىيە يولى، قىزىلتاغ يولى، بەشيۈلتۈز يولى، ياشلار يولى كېڭەيتىلىپ شەھەر رايونىنىڭ ئاساسلىق چوڭ كوچىلىرى قىلىپ قۇرۇلدى، كۆپ ساندىكى كوچىلارغا ماي ياتقۇزۇلۇپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. بۇ كوچا-يوللاردا 1-يول، 3-يول، 4-يول، 5-يول، 8-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ. بېيمېن ئاپتوبۇس بەلگىلەش پونكىتى شەھەر، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرقايسى جايلارغا قاتنايدىغان ئون نەچچە يول ئاپتوبۇسلىرىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ شەھەر رايونى بىلەن شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ يولۇچىلارنى توشۇش مەركىزىي پونكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ تەۋەدە مەدەنىيەت-مائارىپ تارماقلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى، شىنجاڭ پېنىڭ سانائەت مەكتىپى، «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى (18-ئوتتۇرا مەكتەپ دەپمۇ ئاتالغان)، 21-ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە شەھەرلىك 8-باشلانغۇچ مەكتەپ، 30-باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇرۇنقى ئىسمى قىزىل گالستۇكلۇقلار مەكتىپى ئىدى) قاتارلىق 11 مەكتەپ بار. «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ نامىنى ۋاڭ جېن قويغان. قىزىل گالستۇكلۇقلار مەكتىپىنىڭ نامىنى ۋاڭ ئېنماۋ قويغان. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە شەرق شاملى كىنوخانىسى، شىنشى تىياتىرى ئۆمىكى، ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئورۇنلىرى بار.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىلتاغ مۇشۇ رايوننىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بىرقانچە ئون يىللىق كۆكەرتىش ئارقىلىق پۈتكۈل تاغ يېشىللىققا پۈركەندى، يېڭىدىن سېلىنغان راۋاق بىلەن قىزىلتاغ مۇنارى ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ پۈتكۈل شەھەر مەنزىرىسىگە نەزەر سالىدىغان ئېسىل جايىغا ئايلاندى.

1988-يىل 10-ئايدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى شىمىگۇ رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

## 9-باب قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى

قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىدىن باشلانسا، غەربتە تىنچلىق ئۆستىڭىگە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبتا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتاشسا، شىمالدا ئۈچتاش سۇ ئامبىرىغا يېتىپ بارىدۇ. قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئۇلانباي ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىدا، 1982-يىل 10-ئايدا رەسمىي قۇرۇلغانىدى. مەھەللە ئىش

باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قارلىغاچلىق يولى 46-قورۇدا، شۇ تەۋەلىكتىكى قارلىغاچلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك رايوننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ھازىر تەۋەدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 12 مىللەت، 4210 ئائىلە، 16 مىڭ 997 ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 2780 نەپەر. بۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرگە قاراشلىق كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلاردىن بولۇپ 70 ئورۇن بار.

قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ داڭلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك رايونى بولۇپ، ئادەتتە «قارلىغاچ پەرىلىرى ماكانى» دەپ نامى بار. تەۋەلىكتە كونا دەرەخلەر كۆككە تاقاشقان، مۇھىتى ئازادە، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ساناتورىيىسى، شەھەرلىك ۋودوپروۋود 1-زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەرەخزارلىققا جايلاشقان. تەۋەلىكتىكى چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش مېھمانخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ، دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى ۋە دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى مۇھىم كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان مۇلازىمەت ئورنىدۇر. قاراشلىق تەۋەدە بەش ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە شىنجاڭدىكى بىردىنبىر كىنو ستۇدىيىسى — تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى بار.

قاراشلىق تەۋەدە يەنە ئۇلانباي ۋە خۇڭيەنچىدىن ئىبارەت ئىككى سۇ ئامبىرى بار. خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدىكى خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى ھېسابلىنىدۇ، تەۋەلىكتىكى جەنۇبىي ساي يولى دۆلەت تاشيولىغا تۇتىشىپ، شەھەر رايونىغا كىرىدىغان مۇھىم قاتناش يولىغا ئايلانغان. تەۋەلىكتە 9-يول، 16-يول، 28-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ. لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى مۇشۇ تەۋەدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئورگىنىدا مەھەللە ئىشلىرى ئىشخانىسى، شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىندى. جەمئىي سەككىز نەپەر مەمۇرىي كادىر، يەتتە نەپەر كارخانا كەسپىي كادىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى. تەۋەلىكتە دالا لاگېرى، ئۇلانباي، خۇڭيەنچى، قەبرىستانلىق، قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى دەريا باشقارمىسى قاتارلىق ئالتە ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە 3-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 2-شۆبە شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر كومىتېتىدىن ئىبارەت بىر ئائىلىلىكلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان.

1982-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە تايىنىپ، شۇ جايدىكى ئائىلىلىكلەرنى تەشكىللەپ بىر شىغىل زاۋۇتىنى قۇردى. 1983-يىلى خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىغا تىلىش يىغىش مەيدانى سالدى، شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 60 مىڭ يۈەن بولدى. 1984-يىلى تىلىش يىغىش مەيدانى توپلىغان 100 مىڭ يۈەننى ئىشلىتىپ، خەلققە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن كۈندىلىك تۇرلۇك بۇيۇملار دۇكىنىنى قۇردى، يىللىق تىجارەت سوممىسى 200 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى. كېيىن تىجارەت قىلىش مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، داۋاملاشتۇرالماي قېلىپ تاقىتىۋېتىلدى. 1986-يىلدىن 1987-يىل 6-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈرلەر قالايمىقان سېلىنغانلىقتىن، قۇرۇلغان سافا ياساش زاۋۇتى، رەڭلىك لامپۇچكا زاۋۇتى، شىغىل زاۋۇتلىرى يېرىم يىل ئىچىدىلا ئىلگىرى-كېيىن تاقىلىپ قالدى. 1987-يىل 7-ئايدىن كېيىن، تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

مەزكۇر تەۋە شەھەر ئەتراپى رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قاراشلىق تەۋەدىكى ئادەتتىكى يول، چوڭ يوللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ماي ياتقۇزۇلمىغان بولۇپ، يوللار ئېگىز-پەس، ئەگرى-توقاي ئىدى. يامغۇردىن كېيىن ۋە ئەتىياز مەزگىللىرىدە يوللار پاتقاقلىشىپ يول يۈرۈش بەك قىيىن بولاتتى. 1982-يىلى مەھەللە

ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەۋەلىكتە تۇرۇشلۇق 32 ئورۇن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ كوچا ۋە يوللار، ھويلا-ئارام بولۇپ 21 مىڭ كۋادرات مېتىر جايغا چۆل تۈپرىقى ياتقۇزۇلۇپ تۈزلەندى. 1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خۇگيەن شىمالىي يولىنىڭ ئىككى يېنىدىكى تۆت ئورۇننى تەشكىللەپ، 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، خۇگيەن شىمالىي يولىغا سېمونت ياتقۇزدى. بۇنىڭ كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان يول يۈرۈشى تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1985-يىلدىن بۇرۇن، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن چىققان ئەخلەتلەرنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان مەخسۇس كىشى يوق ئىدى. ئەخلەتلەر قارلىغاچلىق يولىنىڭ ئىككى يېنىغا تۆكۈلەتتى، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قالايمىقانچىلىق، پاسكىنىچىلىق ھەممە جاينى قاپلىغانىدى. 1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىلەن يەرلىكتە تۇرۇشلۇق قىسملار بىرلىكتە، كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ كەتكەن 108 ئاپتوموبىل ئەخلەت-چاۋارلارنى تازىلاپ توشۇپ، باشقۇرۇش تەۋەسىنىڭ تازىلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. 1986-يىلى رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئارىسىدا تازىلىقتا دەرىجىسىنى بېكىتىش ـ تاختا ئېسىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. %90 ئورۇن تازىلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تەۋەلىكتە تۇرۇشلۇق 43 بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە كېيىنى-كەينىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىلەن باغلاپ، زاۋۇت باشلىقى، سېخ، بۆلۈملەرمۇ قاتلامۇ قاتلام تۈتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى ھەمدە ياش-ئۆسمۈرلەرگە ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنى كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. ياردەم بېرىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. 1982-يىل 10-ئايدىن 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، قاراشلىق تەۋەدە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 25 ى كۆرۈلدى. 24 ئەنزە پاش قىلىنىپ، ئەنزە پاش قىلىنىش نىسبىتى %96 بولدى. تۈرلۈك ئامانلىقنى ساقلاش ئەنزىلىرىدىن 50 ى يۈز بېرىپ، 48 ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

# 10-باب جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا خەلق يولىدىن باشلانسا، جەنۇبتا ئۈچ تاشقا يېتىپ بارىدۇ. شەرق ۋە غەرب تەرىپى جەنۇبىي شىنخۇا يولى ئارقىلىق ساي يولى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مەھەللە ئىش باشقارمىسى 1985-يىل 7-ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي ئازادلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولىدىن ئىبارەت ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتىدىن تەركىب تاپقان. قاراشلىق تەۋەدىكى ئاساسلىق يول جەنۇبىي شىنخۇا يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 69-قورۇدا. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئورگىنىدا مەمۇرىي ئىشخانا، شەھەر قىياپىتى-شەھەر قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى، كارخانىلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. جەمئىي 42 نەپەر مەمۇرىي ۋە كارخانا كەسپىي كادىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 13 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئىدى. تەۋەلىكتە

شىخابا ئالدى كوچا، شىخابا كەينى كوچا، سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، 3-كۆۋرۈك، 4-كۆۋرۈك، سايلىق، ھايۋانات باغچىسى، نەنلياڭ كوچىسى قاتارلىق جايلاردا سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە يەتتە ئائىلىلىكلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 13 مىللەتتىن 4416 ئائىلىلىك، 17 مىڭ 36 ئاھالە ئولتۇراقلاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسى 5113 نەپەر. بۇ يەردە ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىن 76 سى بار.

قاراشلىق تەۋەدە بۇرۇن چېپىلغان بىر ئۆستەڭ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) ياساپ چىقىلغان بولۇپ، ئۈچتاشتىن سۇ تۇتۇپ كېلىنەتتى. بەزى سۇ تۈگمەنلىرى بار ئىدى. بۇ جاي بۇرۇن مۇخېي (تۈگمەن دەريا) ئۆستىڭى دېيىلەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر رايونىنىڭ كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئەسلىدىكى ئۆستەڭنىڭ كونا ئورنى ۋە شىخابا ئۆزگەرتىلىپ كەڭ كەتكەن شىنخۇا يولىغا ئۆزگەرتىلدى، شەھەر رايونىنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسلىق يولغا ئايلاندى. سايلىق ئىچىگە شەھەر رايونىدىكى ئەڭ زور كۆكتات، مېۋە-چېۋە بازىرى، قۇشخانا ۋە تېرە-يۇڭ بازىرى قۇرۇلدى. ئاۋات يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئورۇمچى ھايۋانات باغچىسىدا 56 خىل 383 ھايۋانات بېقىلىدۇ. بۇ شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ھايۋانات باغچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەۋەلىكتىكى شەھەرلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى 1-زاۋۇتى كۈنىگە 90 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئومۇمىي سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ 88% نى ئىگىلەيدۇ. تەۋەلىكتە 7-، 16-، 36-، 10-يول ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ، قاتناش قولايلىق.

1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتى ۋە رېمونتچىلىق كوپىراتىپىنى قۇردى. بولەن، رۇنجى، ستىرېئولۇق كۆۋرۈك دۇكىنى قاتارلىق ئۈچ دۇكاننى ئېچىپ ئاساسلىق قىلىپ كىچىك بەش خىل مېتال، تۇرلۇك كۈندىلىك بۇيۇملار، تاماكا، ھاراق تىجارىتى قاتارلىق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ يىلى سودا پايدىسى 8000 يۈەنگە يەتتى. 1987-يىلى يەنە ئىككى سودا ماگىزىنىنى كۆپەيتىپ ئاچتى. 16 مىڭ يۈەنلىك پايدا ياراتتى. رېمونت قىلىش كوپىراتىپى ۋەزىپىنى 48 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى. 7200 يۈەن پايدا ياراتتى. ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ كىرىمى 441 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6600 يۈەن پايدا ياراتتى.

شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىشخانىسى 1985-يىل 9-ئايدا خىزمەتلەرنى رەسمىي قانات يايدۇردى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان بىر تازىلىق ئەترىتى بارلىققا كەلدى. 17 تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ، قاراشلىق تەۋە كوچىلىرىنىڭ 70 كۋادرات مېتىرلىق يەر يۈزىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالغانىدى، 35 نەپەر ئىشىك ئالدىدىكى «ئۈچنى ھۆددىگە ئالغۇچى» خادىم بولۇپ، 68 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمدىكى يەر يۈزىنى «ئۈچتە ھۆددىگە ئالغان» ئىدى. ئۈچ نەپەر ئەخلەت توشۇغۇچى خادىم بولۇپ، 210 ئەخلەت تۆكى ۋە ئۈچ كىچىك تېپتىكى ئەخلەت پونكىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. شەھەر مۇھىتى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پاكىز، ئازادە مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكتە ئورۇنلار ئارىسىدا تازىلىق مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ «ئا» دەرىجە، «ب» دەرىجە، «س» دەرىجە بويىچە باھالاپ تاختا ئاستى، 50 تازىلىق تاختىسى ئىلىنغان ئورۇن ئىچىدە، «ئا» دەرىجىلىك تاختا ئېسىلغان ئورۇنلار 40 ئورۇن بولۇپ، مۇنەۋۋەر بولۇش نىسبىتى 80% كە يەتتى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار، ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ بوش قالغان جايلارغا گۈل-گىياھلارنى تېرىپ دەرەخ تىكتى. 1986-يىلى قاراشلىق تەۋەنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 9.6% بولدى. 1987-يىلغا بارغاندا 12.3% كە يەتتى. «تۆت يان» كۆكەرتىلىپ 7000

تۆپ كۆچەت تىكىلدى، 4000 كۋادرات مېتىرلىق جايغا چۆپ يېيىتىلدى. 1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردا كەينى كەينىدىن توققۇز ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونى بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ھەق-تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتى 1986-يىلى باشلانغاندى. قاراشلىق تەۋەدىكى سەككىز ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇرەسسە قىلىش كومىتېتلىرى قۇرۇلدى، بەش زاۋۇت، كان-كارخانىلاردا مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، خەلق ئىچىدىكى ماجرالاردىن جەمئىي 197 سى مۇرەسسە قىلىندى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەدە 420 «بەشتە ياخشى ئائىلە»، 15 «بەشتە ياخشى قورۇ»، 15 «بەشتە ياخشى ئورۇن» بارلىققا كەلگەن.

## شىخابا ئالدى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى

جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ شىخابا ئالدى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى تيانشان رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئورنى جەنۇبىي شىنخۇا يولى، گۇچۇڭ يولى ۋە خەلق يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەسلىدە دىخۇا شەھىرىنىڭ 4-رايون 3-مەھەللىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، شىخابا ئاھالىلەر كومىتېتى 1955-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلدى. 1979-يىلى ئىككى ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شىخابا ئالدى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى، شىخابا كەينى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى دەپ نام بېرىلدى. شىخابا ئالدى كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراشلىق توققۇز ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بولۇپ، تەۋەدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 12 مىللەتتىن 683 ئائىلە، 2663 ئاھالە بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 1087 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 40.8% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئاپتونوم رايونلۇق بەش خىل مېتال، قاتناش، خىمىيە بۇيۇملىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمە-توقۇلما 1-زاۋۇتى قاتارلىق ئون ئورۇن بار. 1987-يىلى ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى، مۇرەسسە كومىتېتى، ئاياللار كومىتېتى، ياشلار كومىتېتى، تازىلىق كومىتېتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئايال يولداشلار.

1958-يىلدىن بۇرۇن، شىخابا تەۋەسىدە رەسمىي كوچىلار شەكىللەنمىگەنىدى، ئاھالىلەر تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى ئۆزلىرى سېلىۋالغان بولۇپ، رەتلىك بولمىغان ئىككى يول شەكىللەنگەن، 1958-يىلدىن كېيىن، پىلان بويىچە تۇرالغۇ ئۆي سېلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھازىرقى شىخابا ئالدى كوچا، شىخابا كەينى كوچا شەكىللەنگەن. بۇ ئاھالىلەر كومىتېتى كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تەۋە بولغاچقا، ئاھالىلەر كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىنتايىن دىققەت قىلدى. داۋاملىق تۈرلۈك شەكىلدىكى ئاھالىلەر كومىتېتى يىغىنلىرىنى ئېچىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئامما ئارىسىدا ئۆزلۈكىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. خۇيزۇ خىزمەتچى ماۋەنشۇ 1986-يىلى شىخابا ئاشلىق دۇكىنىغا كەلگەندىن بۇيان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن 83-قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق ئىگە-چاقىسىز ئىككى مويسىپىت خەنزۇغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى قولايسىز بولغاچقا، ماۋەنشۇ ئۇلارنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئون-ماي بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاشلىقنى ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىشتە چىڭ تۇردى، ئۇلاردىن بىرپۇڭمۇ پۇل ئالمىدى. شىخابا ئالدى كوچا مەسچىتىنىڭ ئاخۇنلىرى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە پۇل ئىئانە قىلدى. 1987-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار شۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق 83 ئۆيلۈك قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە 4559 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاپىرىپ بەرگەن. ئاھالە كومىتېتى كادىرلىرى داۋاملىق باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى ئالتە ئائىلىلىك ئۇيغۇر قۇتقۇزۇش ئائىلىسىگە بېرىپ يوقلاپ تۇردى، ھەر قېتىملىق روزى ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ بەردى. قىش كىرىشتىن بۇرۇن پاختىلىق كىيىم-كېچەك ۋە قىشلىق ئاياغ قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مېھرى-شەپقىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

1976-يىلدىن بۇرۇن، شىخابا تەۋەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇيى بەك قىس ئىدى. سايدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا بېرىپ سۇ ئەكىلەتتى. ئاممىنىڭ سۇ ئىچىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ كادىرلىرى كۆپ قېتىم شەھەرلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتىگە بېرىپ ئالاقىلاشتى. 1976-يىلى خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، تۇرۇبا سۇيى پونكىتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئەمما ئۆزلىرى كۆلچەك قازدى، ھەربىر ئائىلىلىك ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىرلىق كۆلچەك قېزىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالدى. تۇرۇبا سۇيى شىركىتى قوراشتۇرۇپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. مەزكۇر تەۋە تاش، شېغىل توپىلىق بولغاچقا ئالدىنى كولىسا كەينى ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى، بەزى يەرلەرنى بەش-ئالتە قېتىم تازىلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. قۇرۇلۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى، 9-ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئەڭ ئاخىرقى قىيىنچىلىقلار يېڭىلىپ، ئالدى كوچىنىڭ ئۈچ يېرىگە باسما قۇدۇق ياسىلىپ، 135 ئائىلىلىكنىڭ سۇ ئىچىشى تەس بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شىخابا ئالدى كوچا ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر پاتقاقلىق جاي بولۇپ، يوللىرى ئېگىز-پەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوچىدا يۇندا تۇرۇبىسى بولمىغاچقا، كىشىلەر تۇرمۇشتىن چىققان يۇندىلارنى ھەممە يەرگە تۆكەتتى. ھەر يىلى باھار پەسلىدە «1-ماي» كەلمىگىچە يوللار قۇرۇمايتتى، ياز كۈنلىرىمۇ كوچىلاردا تۆكۈلگەن يۇندىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. 1980-يىلى يوللار تۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئامما ئېرىق قازدى، مەخسۇس ئېترەت يۇندا تۇرۇبىسى ئورناتتى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 15 قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئېچىلىپ، ئاھالىلەر ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى. ئامما 573 مېتىرلىق ئېرىق قېزىش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالدى، ئۆرۈلۈش ئەھۋالى كۆپ بولغاچقا، قىسمەن بۆلەكلەرنى پۇل يىغىش قىلىپ ماشىنا ئارقىلىق كولاش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئەمما جەمئىي 2500 يۈەن يىغىپ، شۇ يىلى 11-ئايدا قۇرۇلۇش پۈتتى. رەسمىي كەسپىي ئېترەت بىلەن ماسلىشىپ جەمئىي 573 مېتىر تۇرۇبا ئورناتتى، 15 ئېغىز يۇندا تۆكۈش قۇدۇقى قازدى. 1981-يىلى رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى يەنە يول يۈزىگە ماي يېپىشتۇرۇپ سېمونتلاشتۇرۇپ، خابا ئالدى كوچىنىڭ قىياپىتىنى ئۈزۈل-كېسىل ئۆزگەرتتى.

لېكىن شىخابا ئالدى كوچىدىن ئۆتىدىغان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىللار كۆپ بولغانلىقتىن، يول يۈزى ناھايىتى تېز بۇزۇلۇپ كەتتى. 1987-يىلى رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى يەنە ئىككىنچى قېتىم ئاسفالتلاشتۇردى. يول يۈزىنىڭ تۈز، پاكىز بولۇشىنى ساقلاش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، يولنىڭ تازىلىقىنى ئاھالىلەر كومىتېتى ئۆزى باشقۇردى. كوچىلاردا مەخسۇس كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ھەر يىلى 4-ئايدىن باشلاپ 10-ئايغىچە كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا مەسئۇل قىلدى. قىش پەسلىدە كوچىلاردىكى قار-مۇزلارنى تازىلاشنى ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بەردى، يەنە ئاھالىلەر ئۆگزىگە لاي ياتقۇزۇپ، ئۆيلەرنى سىلىپ يوللارنى ئىگىلىۋالغانلارنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ،

يوللارنىڭ بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە پاكىز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

# 11-باب بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى غەربتە دۆڭخۇەن يولىدىن باشلىنىپ، شەرقتە سەنداۋاندىكى شىبەنلياڭغا يېتىپ بارىدۇ، شىمالدا دۆڭمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش يولى ئاھالە كومىتېتى بىلەن قوشنا بولسا، جەنۇبتا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان گۇڭشېسىنىڭ 4-چوڭ ئەترەت 2-كىچىك ئەترىتىگە تۇتىشىدۇ. يەر شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، شەرقىي تەرىپى ئېگىز، غەربىي تەرىپى پەس، ئۇ ئەسلىدىكى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان يەتتە ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان مەھەللە ئىش باشقارمىسى بولۇپ، 1985-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنى قۇرۇلغان. مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى بەخت يولى 24-قورۇدا. مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق تەۋەدىكى ئاساسلىق يول بەخت يولىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە ئىشلىرى ئىشخانىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى، تازىلىق ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. جەمئىي 27 كادىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت، قارىمىقىدا بەخت يولى، تەنتەربىيە سارىيى يولى، بەخت كىنو-تىياتىرخانىسى، كادىرلار ساناتورىيىسى يولى، دۆڭخۇەن يولى، بەخت يولى 4-كوچا، دۆڭدالياڭ ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق يەتتە ئاھالىلەر كومىتېتى بار. تەۋەلىكتە جەمئىي 5301 ئائىلە، 17 مىڭ 399 ئاھالە بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 1026 ئائىلىلىك، 3744 كىشى. ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 18 ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان. تەۋەلىكتە 71 ئىدارە بار.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا، بەخت يولى تەۋەسى بىر چوڭ تەربىيىلەش مەيدانى ئىدى. كېيىن شىنجاڭ، ئاسىيا-ياۋروپا ئايروپىلان ئىستانسىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. جوڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 27-يىلدىن 31-يىلغىچە (1938-يىلدىن 1942-يىلغىچە) غەربىي يۇرتنىش ئارمىيەسى باش تارماق ئەترىتى ۋە يەنئەن ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى بۇ يەرگە قىرىقتەك كۇرسانتنى ئەۋەتىپ، ئاۋىئاتسىيە تېخنىكىسىنى ئۆگەتكەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1955-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە بىرىنچى تۈركۈم كادىرلار ئائىلىلىكلىرى بىناسىنى قۇرغان، ئاھالىلەر بۇ بىنانى بەخت بىناسى دەپ ئاتىشاتتى. 1957-يىلى چوڭ يول ئېچىلىپ، بەخت يولى دەپ ئاتالدى. قاراشلىق تەۋەدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپى، ئۈرۈمچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەسپىي داشۆسى، ئۈرۈمچى مائارىپ شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكۇم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن 12 سى بار. بۇ تەۋەدە تۈرۈشلۈك 12 قىسىم شۇنداقلا شەھەرلىك ھاۋارايى ئىدارىسى قاتارلىق سەككىز پەن تەتقىقات ئورنى، يەنە يېڭىدىن سېلىنغان 150 كۋادرات مېترلىق تۇرالغۇ بىنا بار. قاراشلىق تەۋەدە 3-يول، 17-يول ئاپتوبۇسلىرى بەخت يولى ۋە دۆڭخۇەن يوللىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

1985-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەبلەغ، ئۈسكۈنە، زاۋۇت ئۆيلىرى ۋە تېخنىك كۈچلەر كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، شەخسلەردىن ۋە بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش

چارىسىنى قوللىنىپ، كەينى كەينىدىن كىتابخانا، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتى، سافا زاۋۇتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى شۇنىڭدەك سودا ماگىزىنى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت تور-نۇقتىلىرىنى ئاچتى. پۈتۈن يىلدا ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى 430 مىڭ يۈەن ئورۇنلىدى. پايدىسى 13 مىڭ 700 يۈەن بولدى. 1987-يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈز لىنىيىلىك بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، بىرلىشىپ پاي قېتىپ مەبلەغ توپلاش، يەككىلەر سالغان مەبلەغنى يىغىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ 11 كوللېكتىپ كارخانىنى قۇردى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 184 نەپەر بولۇپ، ئاساسلىق قىلىپ پولات ئىشىك، پولات دېرىزىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش، ماتورلۇق ماشىنىلارنى رېمونت قىلىش، خەلقلەر ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، تورۇبا قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ قۇرۇش، سودا تىجارىتىدە يېمەكلىك، بەش خىل مېتال، تۈرلۈك ماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1987-يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليون 541 مىڭ يۈەن ئورۇنداپ، پىلاننى 1.2 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى، سېتىش سوممىسى 488 مىڭ يۈەن، سودا سانائەت ئومۇمىي پايدىسى 50 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 23 نەپەر يوللارنى تازىلاش، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشۇش، «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىمى بولۇپ، ئۇلارغا قارىتا «ئۈچنى بېكىتىپ، ئىككى قېتىم سۈپۈرۈش، پۈتۈن كۈن پاكىز بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى (يەنى ئادەمنى بېكىتىپ، ۋاقىتنى بېكىتىپ، مەسئۇل بولۇش دائىرىسىنى بېكىتىپ، ئەتىگەندە، كەچتە بىر قېتىمدىن سۈپۈرۈپ، پۈتۈن كۈن پاكىز بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى)نى يولغا قويدى، ئۇلار بەخت يولى، تەنتەربىيە سارىيى يولى، دۆڭخۇمەن يولى قاتارلىق بەش يولنىڭ 45 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق يول يۈزى ۋە 185 ئەخلەت چېلىكى نۇقتىلىرىنى تازىلاشنى، قاراپ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ، يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى 71 ئورۇننىڭ 22 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. بۇنىڭ بىلەن كوچىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە ئاممىنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلىپ 16 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى پاتقاق كوچا ۋە ھويلىلارنى تۈزىدى، 12 كىشىلىك ھاجەتخانىنى قايتىدىن سالدى. 1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدە تۇرۇشلۇق كارخانا-كەسپىي ئورۇنلار، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت تورلىرىغا قارىتا دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى باھالاپ تازىلىق تاختىسى ئېسىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. 1986-يىلى بەش قېتىم 55 ئورۇنغا، 1987-يىلى ئۈچ قېتىم 58 ئورۇنغا قارىتا نومۇر قويۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئورۇنلار 85% نى ئىگىلىدى. 36009-قىسىم، ئۇرۇمچى شەھەرلىك ماائارىپ شۆبىسىنى تۈنجى تۈركۈمدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن بولدى.

1986-يىلى قاراشلىق تەۋەنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 143 كۋادرات مېتىر، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 11% بولۇپ، 1985-يىلغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە ئاشتى. 1987-يىلى كۆكەرتىلىش كۆلىمى 242 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 18.65% بولدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قاراشلىق تەۋەدىكى 36377-قىسىم، دوستلۇق مېھمانخانىسى ئائىلىلىكلەر قورۇسى شەھەر دەرىجىلىك كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى لاياقەتلىك ئورۇن نامىغا ئېرىشتى. 36009-قىسىم، ھەربىي رايون 2-كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى شەھەر دەرىجىلىك باغ-ۋارانلاشقان ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1986-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تۈرلۈك ھەق-تەلەپ ماجىرالىرىدىن جەمئىي 72 نى مۇرەسسە

قىلدى، 64 ماجرانى كېلىشتۈردى، مۇرەسسە قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %89 بولدى. مۇرەسسە خىزمىتىدە «مۇرەسسە قىلىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، تەۋەنىڭ ھەق-تەلەپ ماجرالىرى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دۆڭدالياڭ تەۋەسىدە نوپۇسسىز كىشىلەر بەك كۆپ ئىدى. 1986-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 1327 نەپەر كىشى بار ئىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورنى چەت، كۆچمەنلەر كۆپ بولۇپ، ئوغرىلىقچە تۇغۇش ئەھۋاللىرى ساقلانغانىدى. پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاھالىلەر كومىتېتى، ئۆي ئىگىلىرى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت توختامنامىسىنى ئىمزالاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش چارىسىنى بەلگىلەپ، سىرتتىن كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇشىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى. 1987-يىلى جەمئىي 72 ئۆي ئىگىسى 72 پارچە پىلانلىق تۇغۇت توختامنامىسىنى ئىمزالىدى، پۈتۈن تەۋەنىڭ پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100 كە يەتتى.

1987-يىل 6-ئايدا مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا تۇنجى قېتىم بەخت يولى ھەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى. قارمىقىدا 39 مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مۇلازىمەتچى خادىملار 137 نەپەر بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ھەربىيلەر ئائىلىلىرىنىڭ غەم-ئەندىشىلىرىنى تۈگەتتى، يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئۇلار جەمئىي 115 ئائىلىلىكنى يوقلىدى، ھەربىيلەر ئائىلىلىكلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە 1000 كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشلىق ئاپىرىپ بەردى، 117 دانە ھال سوراش بۇيۇمى تەقدىم قىلدى، نەپىقە، ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتلىرىگە 200 قېتىم ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى.

1987-يىلى مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەدىكى 47 ئورۇن، 40 ئائىلىلىك بىلەن مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش، مەدەنىيەتلىك ھويلىلارنى بەرپا قىلىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىدى. 1987-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھىلەش مەھكىمىسى، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش پەن تەتقىقات ئورنى، ھەربىي رايون 2-كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى، شەھەرلىك 2-قەغەز زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارغا تيانشان رايونى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى.

# 12-باب ئۈلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى

ئۈلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەھەر رايونىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر سانائەت رايونى. شىمالى لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن تۇتۇشسا، جەنۇب تەرەپتە ئۈرۈمچى ناھىيىسى تولى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا قوشنا كېلىدۇ. غەرب تەرىپى دۆلەت تاشيولىغا يېتىپ بارسا، شەرقتە سەنگېجۇاڭ يېزا ئىستانسىسىغا تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە تارماق رايون سىرتىدىكى تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە سەيۋوپۇ بېلىقچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىككى ئائىلىلىكلەر ئولتۇراقلاشقان تەۋەيىنى ۋەكالىتەن باشقۇرىدۇ. مەھەللە ئىش باشقارمىسى 1985-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. ئورنى ئۈلانباي تەۋەسىدە بولغاچقا ئۈلانباي دەپ نام بېرىلگەن، مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى مېھمانخانىسىنىڭ ئىچىدە. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بەش نەپەر ھەمۇرىي كەسپىي كادىر بار

ئىدى. مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، مالىيە ئىشخانىسى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاھالىلەر كومىتېتى تەسىس قىلىنمىغان. كونكرېتنى خىزمەتلەرنى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىۋاسىتە باشقۇراتتى. قاراشلىق تەۋەدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق 12 مىللەتتىن، 2933 ئائىلە، 10 مىڭ 712 نەپەر ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 305 نەپەر.

ئۈلانباي تەۋەسى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىغا قاتنايدىغان يول ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچكىرىگە تۇتىشىدىغان 216-دۆلەت يولى، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ يەردىن ئۆتىدۇ. بۇ يەرنىڭ يەر شەكلى جەنۇب ۋە شىمال ئىككى تەرىپى تيانشان تاغ تىزمىلىرى تەرىپىدىن ئورىۋېلىنغان تار، ئۇزۇن كارىدور ھاسىل قىلغاچقا، شەرق غەرب يۆلىنىشلىك شامال ئېغىزى شەكىللەنگەن. بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە توختىماي شامال چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قىش ۋە ئەتىياز ئىككى پەسىلدە، يەتتە، سەككىز باللىق شەرقىي جەنۇب شامىلى داۋاملىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22-بىڭتۇەنى مەزكۇر تەۋەگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بوز يەر ئېچىپ، دەرەخ تىكىپ، قۇم بىلەن بورانىنى تىزگىنلىگەنىدى، شۇندىن كېيىن بۇ ئادىمى شالاڭ جايدا ئاستا ئاستا ھاياتلىق پەيدا بولدى. 1987-يىلى بۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇن 13 كە يەتتى.

ئۈلانباي تەۋەسى گەرچە شەھەر رايونىدىن يىراق بولسىمۇ، بۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق كارخانىلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئۆزلىرى كۆچ چىقىرىپ تارماق رايون تەۋەسىگە چوڭ يول ۋە زاۋۇت رايونى تارماق يوللىرىنى ياساپ سېمونتلاشتۇردى. يەنە بىر ئوتتۇرا تېپىكى باغچا ياسىدى. يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەتمۇ رەت ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بۇ جاي ھازىر چۈللۈكتىكى بىر بوستانلىققا ئايلاندى. باشقۇرۇش تەۋەسىدە بىر ئۇنۇۋېرسال دوختۇرخانا بولۇپ، 150 كېسەل كارىۋىتى بار. 2000 كىشى پاتىدىغان كۇلۇبى ۋە ئۇسكۇنىلىرى مۇكەممەل بولغان باللار باغچىسى، زاۋۇت باشقۇرغان ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بار.

مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى چوڭ زاۋۇتلارنى تەشكىللەپ ئۈلانباي زاۋۇتلار رايونىدىن ئۇدۇل ئۈرۈمچى-تۇرپان تاشيولى بىلەن تۇتىشىدىغان ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان سېمونت يولنى ياسىدى، ھەم ئورۇنلارنىڭ ھويلا-ئاراملىرىنى باغ-ۋارانلاشتۇرۇشنى تۇتتى. 1987-يىلغا كەلگەندە جەمئىي 620 مىڭ تۇپ دەرەخ تىكتى، 50 مىڭ كۋادرات مېتىر جايغا گۈل-گىياھ تېرىدى. 10 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك چىتلاق كۆچىتى تىكتى. يېشىللىق يەر كۆلىمى 1900 مودىن كۆپرەككە يېتىپ، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %26.83 كە يەتتى. مۇھىت تازىلىقىدا ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزى مەسئۇل بولۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تازىلىق ئەترەتلىرى تەسىس قىلىنىپ، زاۋۇت رايونىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنىڭ مۇھىت تازىلىقى ئاسرالدى.

قاراشلىق تەۋەنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىر نەپەر قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرنى سەپلەپ، تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىن ئىككى نەپەر كىشى ئاجرىتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئىشخانىسىنى تەسىس قىلدى. 1986-يىلدىن باشلاپ پەيچۇسو بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان چوڭ بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسىدىن 17 نى تەشكىللىدى. ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن ئائىلىلىكلەر تەۋەسىدە دىجورنىلىق قىلىدىغان 47 كىچىك بىرلەشمە ئالدىنى ئېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، كېچىلىك قاراۋۇللۇق قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قاراشلىق تەۋەدە جەمئىي 55 مۇرەسسە قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئەزالىرى 233 نەپەر بولۇپ، ئىككى يىل ئىچىدە تۈرلۈك ماجرالاردىن 312 نى مۇرەسسە قىلدى، مۇرەسسە قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %74.1 كە يەتتى.

# 3-بۆلۈم

# تەبىئىي مۇھىتى

## ئومۇمىي بايان

تیانشان رایونی جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ غەربىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بىۋاسىتە ئۈرۈمچى دەريا قىنىغا بېرىپ تاقىلىپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دەريا جىراسى ئىچىدە تۇرىدۇ. يەر شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى توققۇز كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 98 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر ئۈستى ھالىتىنىڭ شەرق، جەنۇب تەرەپلىرى ئېگىزرەك، ئۈرۈمچى دەرياسىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا پەسلەپ بارىدۇ. رايوننىڭ جەنۇبىي چېتى دېڭىز يۈزىدىن 1100 مېتىر ئېگىز بولۇپ، شىمالدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 860 مېتىر كېلىدۇ. قىسمەن ئورۇنلارنىڭ ئېگىز-پەسلىك پەرقى چوڭراق، تەبىئىي يانتۇلۇقى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا % 15~12 كېلىدۇ. تیانشان رایونی ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ يېرىم قۇرغاق قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا ياتىدۇ. ياز كۈنلىرى تومۇز ئىسسىق، قىش كۈنلىرى قەھرىتان سوغۇق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 277.8 مىللىمېتىر بولىدۇ.

شەھەر ئىچىدىن ئۆتىدىغان ئۈرۈمچى دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تیانشان رایونىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا مېڭجىن سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق سىرغىم ئېقىن مىقدارى 235 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇ تیانشان رایونی شۇنداقلا ئۈرۈمچى بويىچە ئەڭ زور دەريا ئېقىمىدۇر. تۈگمەن دەريا بولسا ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىمى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) چېپىلغان. ئۇ ئۇچتاشتا ئۈرۈمچى دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، چوڭ كۆۋرۈككە كەلگەندە دەرياغا قايتا قوشۇلىدۇ، تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئەگرى-بۈگرى ئاقىدۇ. ئۆستەڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى بىر خىل بولماستىن، بەش-سەككىز مېتىر كېلىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئۆستەڭگە 20 نەچچە تۈگمەن ياسىلىپ، تۈگمەنلەرگە چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىرلىق چۈشۈرگە (سۇ يولى) چىقىرىلىپ، ياپىلاق تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ چىققانلىقتىن تۈگمەن دەريا دەپ ئاتالغان. بۇ تۈگمەنلەر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىلگىرى-ئاخىر ئىشتىن توختاپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئۆستەڭ تاشلىنىپ قېلىپ، تۈزلىنىپ كەتكەن.

رايون يەر ئۈستى ھالىتىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولغانلىقتىن، تەبىئىي پەسلەش پەرقى زور بولۇپ، ئەۋرەز سىستېمىسىنىڭ لايىھىلىنىشىگە قولايلىق يارىتىلغان، شۇڭا بېسىملىق سۇ ھەيدەش

پونكىتى قۇرۇش ھاجەتسىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش خىراجىتىنىمۇ ئازايتىدۇ. ئادەتتە پەقەت تەبىئىي ئېغىرلىق كۈچىگە تايىنىپلا سۇنى ئاققۇزۇپ تەمىنلىگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئېلىش نۇقتىسى دەريا ساھىلىنىڭ شېغىل قۇملۇق قاتلىمىدا بولغاچقا، سۇنى پاكىزلاش ھۈنەر-سەنئىتى تولىمۇ ئاددىي، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنى توسۇپ سۇ ئامبىرى ياسىغاندا، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئوڭاي بولسىمۇ، ئەمما شەھەر رايونى خۇددى «چوقىسىغا بىر قاپاق سۇنى توختىتىپ قويغاندەك» خەتەرلىك ھالەتتە تۇرۇپ، شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرىدۇ.

شەھەر رايونىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا، قىش ۋاقتىدىكى تەتۈر ئىللىق ئېقىم قاتلىمى قېلىن بولۇپ، شەھەر رايونى ئۈچۈن «قازان تۈۋىقى» رولىنى ئويناش بىلەن، شەھەر ئاسمىنىدىكى بۇلغانغان ماددىلارنى ئۆزئۆزىچە تارقىلالمايدىغان قىلىپ قويۇپ، شەھەر ھاۋاسىنىڭ تازىلىنىشىغا پايدىسىز تەسىر بېرىپ، شەھەر مۇھىتىنىڭ ئاسرىلىشىغا قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

# 1-باب تەبىئىي شارائىتى

## 1-پاراگراف گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى

تيانشان رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى سايلىق بەلباغقا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈش مۇھىتى مۇنداق: تەگرىتاغنىڭ ئۇزۇنلۇق (مېرىدىئان) يۆنىلىشلىك تۈزۈلمە بەلبېغى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي چېتىگە؛ ئىككى دانە ئىككىلەمچى تۈزۈلۈش بىرلىكى — ئۈرۈمچى ئولتۇرۇشما بەلبېغى ۋە بوغدا يايسىمان بۆرتمە بەلبېغىنىڭ قوشۇلغان جايىغا توغرا كېلىدۇ.

4-ئەسىردىن بۇيان، شەھەر رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە ھەرىكىتى كۈچلۈك بولغان ھەمدە يېرىلىش ھەرىكىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، بۇ يالغۇز 4-ئەسىر چۆكۈندىلىرىدە ئۆتتۈشمە ھەرىكەت ۋە ئورۇن يۆتكىلىشى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە 4-ئەسىرنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى چۆكۈندىلىرىدە پەيدا بولۇش ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان.

## 2-پاراگراف يەر شەكلى

تيانشان رايونىنىڭ يەر شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى ئۇزۇن، شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى تار كەلگەن. شەرقىي يېرىم قىسمى قىرسىمان پەس تۆپىلىك (بەل) لەر ئارىسىدىكى ئويمان يەرلەردىن ئىبارەت. كەلكۈن يوللىرى چۆنەكتەك يانمۇ يان تارقالغان. شۇڭا شەھەر رايونىدا قولتۇق بەللەر بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن، داۋان (چوڭ قولتۇق)، ئەرداۋان (ئىككىنچى قولتۇق)، نەنلياڭ (جەنۇبىي تۆپىلىك)، بېيلياڭ (شىمالىي تۆپىلىك)، دۇڭدالياڭ (شەرقىي تۆپىلىك) قاتارلىق يەر ناملىرى دەل قىسمەن جايلارنىڭ يەر ئۈستى تۈزۈلۈشىدە ئويمان-دۆڭلەرنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشىدەك بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. رايونىنىڭ غەربىي يېرىم قىسمى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ كەتكەن پەلەمپەيسىمان يەرلەر ۋە ساھىل بولغانلىقتىن، يەر ئۈستى تۈزۈلۈشىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېگىز بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنى بويلاپ غەربىي شىمالغا پەسلەپ بارىدۇ.

رايون تەۋەسىدىكى شىنجاڭ خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتى دېڭىز يۈزىدىن 1100 مېتر ئېگىز، ھايۋانات باغچىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 920 مېتر، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 860 مېتر كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇبتىن، غەربىي شىمالغا بولغان ئېگىزلىك پەرقى %15—12 كېلىدۇ.

## 3-پاراگراف كىلىماتى

تيانشان رايونىنىڭ كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلباغ يېرىم قۇرغاق قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىمات بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق: ئىسسىق-سوغۇق ئۆزگىرىشى كەسكىن، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور، ھاۋا كۆپىنچە قۇرغاق، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز.

1950-يىلدىن 1980-يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 5.9℃ بولغان. قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، داۋاملىشىدىغان ۋاقتى ئۇزۇنراق، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 41.5℃ (1951-يىل 2-ئاينىڭ 27-كۈنى)قا چۈشكەن؛ ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولۇپ بۇنىڭ داۋاملىشىدىغان ۋاقتى قىسقىراق، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.5℃ (1973-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى)قا چىققان، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 277.8 مىللىمېتىر، قىشتا يېغىلغان قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 43 سانتىمېتىر (1959-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى) بولغان. ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىلى 165 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 201 كۈن (1967-يىلى)، ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2706.4 سائەت، ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى چۈشۈش نىسبىتى %60 بولىدۇ.

ئەتىياز پەسلى (3—5-ئاي)، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز، ئەمما تۇراقسىز، شامال، قار-يامغۇر كۆپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇدا چۈشۈپ كېتىشى 20℃، ئاندا-ساندا قاتتىق يامغۇر ۋە قار ياغىدۇ.

ياز پەسلى (6—8-ئاي)، ھاۋا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ھۆل-يېغىن مەركەزلەشكەن، ئۆتكۈنچى شامال-يامغۇر كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 21.2℃—23.5 بولىدۇ. 7-ئاي ئەڭ ئىسسىق بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.5℃ بولىدۇ.

كۈز پەسلى (9—11-ئاي)، كۈزدە ھاۋا سالقىنلاپ، تېمپېراتۇرا تېزدىن تۆۋەنلەيدۇ، كۆپىنچە كۈچلۈك شامال چىقىدۇ. ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىشى 9℃ ئەتراپىدا بولىدۇ، شىمالنىڭ سوغۇق ھاۋاسى كىرىشكە باشلايدۇ، قىراۋ-قارلار بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدۇ.

قىش پەسلى (12-ئايدىن كېلەر يىلى 2-ئايغىچە)، ھاۋارايى تۇراقلىق، ئۆزگىرىش ئاز بولۇپ، قاتتىق سوغۇق داۋاملىشىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.6℃—14.6 ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1-ئاي ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 41.5℃ بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1950-يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئون يىلدا تېمپېراتۇرا 0.5℃ ئۆرلەپ بارغان. بۇ ئاساسەن شەھەر سانائىتى، قاتناش، نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئارتىپ بېرىشى بىلەن، شەھەر ئاسمىنىدىكى كاربون IV ئوكسىدىنىڭ قويۇقلۇقى ئېشىپ، شەھەر «ئىسسىق ئارىلى» تەسىرىنى پەيدا قىلغانلىقىدىن بولغان.

## 4-پاراگراف سۇ رايى

تيانشان رايونى تەۋەسىدە ئاساسەن ئۈرۈمچى دەرياسى ۋە سەيۋوپۇ كۆلىدىن ئىبارەت سۇ سىستېمىسى بار. ئۈرۈمچى دەرياسى تەڭرىتاغ تىزمىسىدىكى ئىلانقابىرغا تېغىنىڭ غالىبىيەت داۋىنىدىكى 1-نومۇرلۇق

مۇزلۇقتىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ چىققاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تاغ (نەنسەن) دىكى توققۇز دەريا ئېقىنى بىلەن قوشۇلۇپ، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن يىغىلىدىغان چۆكۈندى تۈزلەڭلىك ئارقىلىق تيانشان رايونى تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا مېڭجىن سۇ ئامبىرىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يىللىق سىرغىم ئېقىن مىقدارى 235 مىليون كۇب مېتىر، ئېقىپ ئۆتىدىغان رايونلارنىڭ يەر مەيدانى 5128 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تيانشان رايونى، جۈملىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئەڭ چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ. 1960-يىلى ئۈرۈمچى دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى رەسمىي پۈتۈپ، سۇ قاچىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى دەريا قىنىدىكى سۇ ئېقىمى تىنچلىق ئۆستەڭگە باشلىنىپ، ئېقىم سۈرئىتى تېزلىتىلگەنلىكتىن، دەريا قىنى قۇرۇپ كەتتى. 1965-يىلى دەريا قىنىغا تاشيول ياسىلىپ، ئەينى زامانلاردىكى بۇ دەريا ئەمدى شەھەر رايونىدىن ئۆتىدىغان مۇھىم غول قاتناش لىنىيىسى بولۇپ قالدى. سەيۇەپۇ كۆلىنىڭ سۈيى قارا ئۇچۇم تېغىنىڭ شىمالىي چوققىسىدىكى بوغدا تېغىدىن سەيۇەپۇ ئويمانلىقىغا ئېقىپ كىرىدىغان سۇلار ۋە سەيۇەپۇ ئويمانلىقى ئىچىدىكى كۆل، سازلىقلاردىكى سۇلاردىن ھاسىل بولغان سۇ سىستېمىسىدۇر. بۇنىڭ غول قىسمى سەيۇەپۇ كۆلى بولۇپ كۆلنىڭ يەر مەيدانى 30 كۋادرات كىلومېتىر، كۆل سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 4.2 مېتىر كېلىدۇ. سەيۇەپۇ كۆلىنىڭ شەرقىدە 14 كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇز كۆل بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تۇز ئېلىنىدىغان ئاتاقلىق كۆل. كۆلنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1071 مېتىر، يەر مەيدانى 24 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆل سۈيىدىكى تۇز تەركىبى %25 تىن يۇقىرى بولۇپ، تۇز خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشيا بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 5-پاراگراف تۇپراق

تيانشان رايونى تاغ ئېتىكىدىن دەريا ۋادىسىدىكى بەلباغ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، تاغ ئالدى چۆكۈندى تۈزلەڭلىك ۋە دەريا ساھىلىغا ئۆزۈلمە خاراكتېرلىك ئورۇنلاشقان. يەر يۈزى پەلەمپەيسىمان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭ تۇپرىقى ئاساسەن قارا چىلان تۇپراق، قوڭۇر چىلان تۇپراق، كۆلرەڭ قۇم تۇپراق، چىم تۇپراق، سۇغىرىلىدىغان تۇپراق، نەم تۇپراق، شاللىق تۇپرىقى، سازلىق تۇپرىقى قاتارلىق سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۇپراقنى شەكىللەندۈرگەن ئەسلى ماددىلار ئاساسەن كەلكۈن چۆكۈندىسى، تىنما لاتقىلار، قاپتال چۆكۈندىسى، قالدۇق چۆكۈندىلەر، كۆل چۆكۈندىلىرى ۋە مۇز سۈيى چۆكۈندىلىرىدىن ئىبارەت. يەر ئاساسەن ئەت توپا، ئاز بىر قىسمى قۇمساز توپا ۋە سېغىز توپا بولۇپ، تۇپراقنىڭ سېلىشتۇرما سىغىمى 1.7—3.1g/cm³، سۇ سىڭدۈرۈشى مۇۋاپىق، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تەركىبى %3—%1.8 بولۇپ، ئوزۇقلۇق ماددىلار بىرقەدەر مول، كۆپ قىسىم تۇپرىقى ئىشقارلىققا مايىل ئوتتۇرا ھال تۇپراقتۇر.

تيانشان رايونىنىڭ تۇپرىقىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

تاغ ئالدى ئېدىرلىق، قاپتاللار كۆپىنچە ئادەتتىكى كالتسىيلىق قارا تۇپراق؛ كەلكۈن چۆكۈندىسى يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى پەس يەرلەر، سايلارنىڭ كۆپىنچىسى سۇغىرىپ تېرىلىدىغان كالتسىيلىق قارا چىلان تۇپراق؛ دەريا ساھىلى، دەريا قولتۇقلىرى، ئېدىرلار ئارىسىدىكى جىرالار كۆپىنچە سۇغىرىپ تېرىلىدىغان كالتسىيلىق قوڭۇر تۇپراق بولۇپ، بىر قىسىم پەس يەرلەر ۋە يەلپۈگۈچسىمان بەلباغنىڭ ئىچىگە بىر بۆلەك سۇغىرىلىدىغان سازلىق تۇپراق جايلاشقان.

# 2-باب تەبىئىي ئاپەتلەر

تارىختا تيانشان رايونىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئاساسەن قىيان، يامغۇر ئاپىتى ۋە يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت. قىيان كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇۋېتىپ، قاتناشنى توختىتىپ قويغان. ئۇدا نەچچە كۈنلەپ توختىماي ياققان قاتتىق يامغۇر نەتىجىسىدە كېسەك تاملىق ئۆيلەردىن تامچا ئۆتۈپ كەتكەن؛ كوچا مەھەللىلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە سۇ يىغىلىپ قالغان؛ شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر زىيان ۋە قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئادەملەر تالاپەتكە ئۇچراپ، زىيان ئېغىر بولغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەتىياز پەسلىدىكى بوران ۋە چېكەتكە، تۇمان، مۆلدۈر، سوغۇق ئېقىم قاتارلىقلارمۇ تيانشان رايونىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپەت پەيدا قىلغان.

## 1-پاراگراف قىيان ۋە يامغۇر ئاپىتى

تيانشان رايونىدا كۆپىنچە قىيان ئاپەت پەيدا قىلىدۇ، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان يامغۇر ئاپىتى ئازراق، ياز پەسلىدە تاغ رايونلىرىدا يامغۇر كەلكۈنگە ئايلىنىپ، ئاسانلا تۇۋەنگە تاشىدۇ. ئەتىياز كۈنلىرىدە بىمەھەل ئىسسىق بولسا، يىراق تاغلاردىكى مۇزلۇقلار ۋە يېقىن تاغلاردىكى يىغىندى قارنىڭ تېزدىن ئېرىپ كېتىشىمۇ شەھەر رايونىغا كەلكۈن كېلىشكە سەۋەب بولىدۇ.

«شىنجاڭ سۇچىلىق تەزكىرىسى»نىڭ 1986-يىللىق سانىغا بېسىلغان «ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ كەلكۈن تارىخى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ماۋزۇلۇق ماقالىدا «يۈز يىلدىن بۇيان، شەھەر رايونىغا 16 قېتىمدىن ئارتۇق زور كەلكۈن كەلگەن. ھەر قېتىم كەلكۈن كەلگەندە، يول، كۆۋرۈكلەر بۇزۇلۇپ، قاتناش توسۇلۇپ، ئۆي-ئىمارەتلەر ئۆرۈلۈپ، كەلكۈندىن كېيىن، ھەممىلا جاي لاي-پاتقاق بولۇپ، خەلقنىڭ مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 53-يىلى (1788-يىلى) 4-ئايدا، شىددەتلىك قىيان كېلىپ دىخۇا شەھىرىدىكى پۇقرالارنىڭ 500 ئېغىز ئۆيى سۇ ئاستىدا قالغان. باشبۇغ شاڭ ئەن ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ھەربىر ئېغىز ئۆيى ئۈچۈن بىر سەر كۈمۈشتىن قوشۇمچە پۇلى تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) 3-ئاينىڭ 17-كۈنى ھاۋانىڭ بىمەھەل ئىسسىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن 3-ئاينىڭ ئىچىدىلا شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تاغ تۈپىسىدىكى يىغىندى قار ئېرىپ كېتىپ، قار سۈيى شەھەر رايونىغا تېشىپ كىرىش بىلەن، نەچچە يۈز ئېغىز ئۆي-ئىمارەتنى ئۆرۈۋەتكەن، شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى كۆۋرۈكلەرنىمۇ كەلكۈن سۈيى ئېلىپ قاچقان (تەلەيگە يارىشا ئادەم ئۆلۈپ يارىلانمىغان).

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ زور كەلكۈن — 1953-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى كەلگەن بىر قېتىملىق كەلكۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى كەلكۈندە، ئۈرۈمچى دەرياسىدىكى كەلكۈن ئېقىمى سېكۇنتىغا 360 كۇب مېترغا يېتىپ، بۇ دەريادىكى ئۈچ كۆۋرۈك (چوڭ كۆۋرۈك، ئوتتۇرا كۆۋرۈك، بېلىش كۆۋرۈك) پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، قاتناش تۆت-بەش كۈن ئۈزۈلۈپ قالغان؛ كېزىت ۋە خەت-چەكلەر پۈتۈنلەي ئايروپىلان ئارقىلىق تارقىتىلغان؛ پەقەت كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتىلا 650 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى زور كەلكۈن 1980-يىلى كۈز پەسلىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، كەلكۈن

ئېقىمى سېكۇنتىغا 15 كۇب مېترغا يەتكەن؛ شىنخۇا يولى پۈتۈنلەي كەلكۈن يولىغا ئايلىنىپ قېلىپ، قاتناشقا تەسىر يەتكەن؛ شۇ كۈنى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى كوماندىر جەڭچىلەرنى چىقىرىپ، يولدىن ئۆتەلمىگەن قېرىلار ۋە بالىلارنى يۆلەپ توشۇغان.

خاتىرىلىنىشىچە، قاتتىق يامغۇر تۆپىلىدىن كېلىپ چىققان ئاپەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكىسى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 9-ئايدا يۈز بەرگەن بولۇپ، دىخۇا شەھىرىدە كۈنلۈك ھۆل-يېغىن مىقدارى 80 مىللىمېترغا يەتكەن، ئالاھىدە قاتتىق يامغۇر يېغىش بىلەن 100 ئېغىزدىن ئارتۇق خەلق ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 100 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر ۋەيران بولغان.

1964-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئۇدا يامغۇر يېغىپ، كۆپلىگەن كېسەك تاملىق ئۆيلەردىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، 350 ئېغىز ئۆي-ئىمارەت ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. 2286 ئېغىز ئۆي-ئىمارەت خەتەرلىك ئۆيلەرگە ئايلىنىپ قالغان. شەھەرلىك پارتكوم ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىدارىلەرنى زال، مەجلىسخانىلارنى خەتەرلىك ئۆيلەردىن كۆچۈپ چىققان ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا بىكارلاپ بېرىشكە چاقىرغان. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئۆيلىرىدىن كۆچۈپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئائىلە 7403 ئائىلە، 23 مىڭ 300 ئادەمگە يەتكەن.

1987-يىل 12-ئاينىڭ 22-كۈنى (دېھقانلار كالېندارى بويىچە قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىش) چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە شەھەر رايونىدا ئۇشتۇمتۇت يامغۇر يېغىشقا باشلاپ، يامغۇر يەرگە چۈشكەن ھامان دەرھال مۇز تۇتۇپ، يول يۈزىنى ئەينەكتەك سىلىق قىلىۋەتكەن. ھەتتا پىيادىلەرمۇ يول مېڭىشقا ئامالسىز قېلىپ، شەھەر قاتنىشى ۋاقىتلىق توختىغان. بۇ ئۈرۈمچىدە ھاۋا رايى خاتىرىلىنىشكە باشلىغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق قىشتا يامغۇر ياغقان غەلىتە ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەھەرلىك ھاۋا رايى ئىدارىسىنىڭ كۆزىتىپ ئۆلچىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدىكى قۇرغاق ئىللىق ھاۋا ئېقىمىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىدىن كېلىپ چىققان. كۆزىتىش ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، يامغۇر سائەت 15تىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە باشلىنىپ، دەسلەپتە قار ئارىلاش ياغقان، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يامغۇرغا ئايلىنىپ، ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ تاكى سائەت تۆۋلدىن 20 مىنۇت ئۆتكەنگە قەدەر داۋام قىلغان. بۇ جەرياندىكى ھۆل-يېغىن مىقدارى 5.2 مىللىمېتر بولغان.

بۇ قېتىمقى قىشلىق يامغۇر ئاساسەن شىمالىي قۇتۇپ سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا ئەتراپىدىكى مۆتىدىل نەم ھاۋانىڭ شىنجاڭغا سۈرۈلگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. 22-كۈنى تاڭ سەھەردە ئۈرۈمچىنىڭ تەگرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئۆرۈمچىدە ئېگىز بولغان جايلارنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 8℃قا يەتكەن، يەر شەكلى ۋە شەھەردىن چىقىرىلغان كېرەكسىز گازلارنىڭ تەسىرىدە قىش پەسلىدە شەھەر ئاسمىنىدا تەتۈر ئىللىق ئېقىم شەكىللەن-گەن. شۇ كۈنى تەتۈر ئىللىق ئېقىم قاتلىمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنىڭ تەملىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇ كۆپلەپ يامغۇر بۇلۇتلىرىنى ھاسىل قىلغان.

## 2-پاراگراف يەر تەۋرەش

چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى)نىڭ 2-ئېيىدا دىخۇادا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلىكى ئالتە-يەتتە گرادۇس بولۇپ، تەۋرەش دەرىجىسى تەخمىنەن ئالتە بال بولغان.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 29-يىلى (1903-يىلى) ئەتىيازدا دىخۇادا كۈچلۈك يەر

تەۋرەپ، ئون كۈن داۋام قىلغان. پىششىق خىش ئۆيلەرمۇ يېرىلىپ، ئاھالىلەر پەقەت ئۆي سىرتىدىكى هويلىلاردا يېتىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 20-يىلى (1931-يىلى) 8-ئاينىڭ 11-كۈنى ئالتاينىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدە يەر تەۋرەپ، تەۋرەش دولقۇنىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان. ئوتتۇرىچە تەۋرەش رادىئوسى 400 كىلومېترغا يېتىپ، ئۇ ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيىقا ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ دەلدۈگىنىپ ئۆرە تۇرالماي قالغان؛ قاچىلاردىكى سۇيۇقلۇقلار داۋالغۇپ تېشىپ چىققان؛ ئېسىقلىق نەرسىلەر پۇلاڭلاپ، دەرەخ شاخلىرى ئىگىلىپ كەتكەن؛ ئۆگزىلەردىن توپا-چالڭ قۇيۇلۇپ، كونىراق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ۋە ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنمىغان لاي تاملار يېرىلىپ، بەزىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ ئادەم، چارۋىلاردىمۇ ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆرۈلگەن (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدارىسىنىڭ «1931-يىلدىكى سەككىز بال قاتتىق يەر تەۋرەشنىڭ خۇلاسە دوكلاتى»دىن ئېلىندى). ئەينى ۋاقىتتا جۇڭخۇا داشۆسى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى يۈەن فۇلى ئۈرۈمچىدە بولۇپ، نەق مەيداندا ئەينى ئەھۋالنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: «يەر تەۋرىگەن چاغدا قاتتىق ئويغۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆي سىرتىغا قېچىپ چىقىۋالدىم. دېرىزىلەر سىلكىنىشتىن جالاقلاپ كەتتى، شەھەر سىرتىدىكى ئەسكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشتى.» («دۆلەتلىك بېيجىڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»نىڭ 5-توم، 1-سانىغا قارالسۇن).

1965-يىل 11-ئاينىڭ 13-كۈنى سائەت 12دىن 33 مىنۇت 51 سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدا 6.9 بال يەر تەۋرىدى. تەۋرەش مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لۇساۋگۇ (شەرقىي ئۇزۇنلۇق 88°08′، شىمالىي كەڭلىك 43°59′)دا بولۇپ، يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلىكى سەككىز گرادۇس. شەھەر رايونىنىڭ كۈچلۈكلۈكى يەتتە گرادۇس، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 كىلومېتر بولغان؛ يەتتە ئادەم ئۆلگەن، 40 ئادەم يارىدار بولغان. تيانشان رايونىدا 102 ئېغىز ئۆي، ئالتە تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كېسەك تاملىق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى يېرىلىپ، تۈرخۇنلىرى قىيسىيىپ قالغان؛ ئىككى ئادەم ئۆلۈپ، 14 ئادەم يارىلانغان، ئىككى ئادەم قورقۇپ كېتىپ نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان.

ئۇلانباي ۋە خۇگيەنچى سۇ ئامبارلىرىنىڭ دامبا ئۈستى، توما ئۆيى، سۇگكۈچ ۋە دولقۇندىن ساقلىغۇچى تاملىرى يېرىلغان ۋە بۇزۇلغان؛ سېغىز ۋە شېغىل ئارىلاش تاغ يۈزىدىمۇ بەزىبىر يۆتكىلىش، يېرىلىشلار كۆرۈلگەن.

## 3-پاراگراف چېكەتكە ئاپىتى

دىخۇا شەھىرى ئوتلاق ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، شەھەر ئىچىدە كۆكتاتلىقلار بار ئىدى. تارىختا چېكەتكە يوقىتىشقا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 54-يىلى (1789-يىلى) 7-ئاينىڭ 11-كۈنى دىخۇادا يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتى خاتىرىسىدۇر. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ ئەھۋالنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلىپ، ياردەم سورىغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) دىخۇادا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن. هۆكۈمەت 20 نەچچە ئايروپىلان (قېتىم) چىقىرىپ چېكەتكە يوقاتقان. بۇ دىخۇادا ئايروپىلان ئارقىلىق چېكەتكە يوقىتىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1951-يىل 4-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5-ئاينىڭ 18-كۈنىگە قەدەر، دىخۇانىڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا

نۆرغۇن چېكەتكە پەيدا بولغانلىقى بايقالغان بولۇپ، ئۇ زىيان سالغان يەر كۆلىمى 518 مىڭ 880 موغا يېتىپ، 5560 مو يەردىكى يېشىل مايسىنى پاك-پاكىز يەپ تاشلىغان.

1953-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى دىخۇا شەھەر ئەتراپىدا يەنە بىر قېتىم چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن. 5-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 26 مىڭ مو يەردىكى مايسا چېكەتكە تەرىپىدىن يەپ كېتىلگەن. چېكەتكىلەر ھەربىر كۋادرات مېتىر يەرگە يىگىرمىدىن 300 گىچە توغرا كەلگەن. ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەربىر كۋادرات مېتىر يەرگە 500 — 2000 دانىدىن چېكەتكە چۈشكەن.

## 4-پاراگراف باشقا ئاپەتلەر

«ئۈرۈمچىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»دا خاتىرىلىنىشىچە تيانشان رايونىغا ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلەر يەنە مۆلدۈر، تۇمان، بوران ۋە سوغۇق ئېقىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 8-يىلى (1919-يىلى) يازدا دىخۇادا قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، مۆلدۈرنىڭ چوڭلىرى قوغۇندەك، كىچىكلىرى توخۇمدەك چوڭلۇقتا چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، ئولتۇرۇشۇپ، ئېتىزلىقلار قاقاسلىشىپ، سانسىز چارۋىلار ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

1959-يىل 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا شامال چىقىپ، قۇم چاڭلارنى ئۇچۇرتۇپ، قارا بورانغا ئايلىنىش بىلەن، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ «L—14» بەلگىلىك بىر ئايروپىلانى قونۇۋاتقاندا يەرگە قاتتىق سوقۇلۇپ كېتىپ ۋەيران بولغان. يەنە بىر قېتىملىق بوران ئاپىتى 1970-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى 36 سائەت داۋام قىلغان زور بوران زەربىسىگە ئۇچرىغان. جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى رايونىدا ئەڭ يۇقىرى شامال تېزلىكى سېكۇنتىغا 40 مېتىردىن ئېشىپ كەتكەن؛ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى تورخۇنلار ۋە سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە توك توختاپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، سوغۇق ئېقىم ئاپىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى 1958-يىل 5-ئاينىڭ 30-كۈنى، ئەڭ كېيىنكىسى 1969-يىل 9-ئاينىڭ 5-كۈنى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئاپەت جەريانىدا يېشىل ئۆسۈملۈكلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان.

1985-يىل 12-ئاينىڭ 23-كۈنى ئۈرۈمچىدە قويۇق تۇمان پەيدا بولۇپ، شۇ كۈنى شەھەردە 11 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، تۆت ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ بىر ئايروپىلانى قونالماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، تۆت ئايروپىلان ۋاقتىدا ئۇچالمىغان.

# 4-بۆلۈم

# شەھەر رايونى قۇرۇلۇشى

## ئۇمۇمىي بايان

تيانشان رايونى ــ ئۈرۈمچى شەھرى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان رايون. ھازىرقى داشىزى ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، كونا ئۈرۈمچى شەھرى پۈتۈنلەي رايون دائىرىسى ئىچىدە ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھرى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغىنىغا گەرچە 200 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى جۇغراپىيىلىك ئورنى يىراق بولغانلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلىدىن، شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. شەھەر قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قالاق، بۇتخانا ياساش ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاساس قىلىندى. 1949-يىلىغا قەدەر شەھەر رايونىدىكى يوللارنىڭ ئاساسلىقى توپا-شېغىل يول بولۇپ، پەقەت بىش ئاساسلىق غول يولغىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان. باشقا غول يول ۋە مەھەللە-كوچا يوللىرىنىڭ ھەممىسى توپا يول بولۇپ، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە توپا ياغىدىغان، يامغۇرلۇق كۈنلەردە پاتقاق بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. شەھەر رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر قەۋەتلىك تام ئۆيلەر ئىدى. شەھەر ئاھالىلىرى سۇ ئىچىشتە ئاساسلىقى بۇلاق سۈيى، قۇدۇق سۈيى، دەريا سۈيى ۋە كۆل سۈيىنى ئىشلىتەتتى. ئىچىملىك سۈيىنى دېزىنفېكسىيەلەيدىغان ياكى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ھېچقانداق ئەسلىھە يوق ئىدى. ئادەتتە تۇرمۇشتىن چىققان كېرەكسىز سۇلارنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. شەھەر رايونىدا پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىدىغان يەر ئاستى تۇرۇبىلار يوق، ئاممىۋى قاتناش ناھايىتى قالاق بولۇپ، پەقەت ئىككى يولدىلا كوچا ئاپتوبۇسى قاتنايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىدە بار بەزىدە يوق ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى ئورمان، دەل-دەرەخلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، قىسمەن كۆكەرتىلگەن يەرلەرنى ئەمەلدارلار شەخسىي ئىگىلىۋالغان. شەھەرنىڭ بىرەر جايىدا كۆزگە كۆرۈنگىدەك ياكى تىلغا ئالغۇدەك باغچىمۇ يوق ئىدى. شەھەر رايونىدا مەخسۇس تازىلىق ئەترىتى يوق بولۇپ، كوچا-يوللاردىكى ئەخلەتلەرنى يول ياقىسىدىكى دۇكانلاردىكى ئادەملەر تازىلايتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر بولۇپ، پەس-تۆۋەن جايلار دائىم دېگۈدەك سۇ ئاستىدا قالاتتى. شەھەر ئەسلىھەلىرى قالاق بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قولايسىز ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر مۇھىتى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش

ئۈچۈن، دۆلەت ھەر يىلى شەھەر قۇرۇلۇشىغا زور مىقداردا مەبلەغ ئاجراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خەلقنىڭ شەھەرنى خەلق قۇرۇش، خەلقنىڭ شەھەرنى خەلق باشقۇرۇش قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى شەھەر قۇرۇش ۋە شەھەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلدى. 37 يىللىق ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، شەھەر قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ھازىر رايون تەۋەسىدە بىر-بىرىگە يانداش سېلىنغان ئېگىز-ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈردى. بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان ۋە كېسىشىپ ئۆتىدىغان يوللار ھەممە تەرەپكە سوزۇلدى. يوللارنى ئاسفالتلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە سۇ چىقىرىش سىستېمىسى تورلاشتۇرۇلۇپ، ھويلا-قورۇ ۋە ئائىلىلەرگىچە كىرگۈزۈلۈپ، تۇرۇبىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئەخلەتلەرنى چوڭ ئەخلەت چېلىكى، ئەخلەت ساندۇقى ئارقىلىق يىغىش، قاچىلاش، توشۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. تيانشان رايونىدا شەھەر مەنزىرىسىنى ئاسراش، باغ-ئورمان كۆكەرتىش، مۇھىت ئاسراش ۋە شەھەر قۇرۇش، باشقۇرۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن كەسپلەشتۈرۈلدى. رايون ئىچىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 16% كە يەتتى.

شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەھەر-رايون ئىككى دەرىجىلىك شەھەر قۇرۇلۇش كەسپىي ئەترىتى قۇرۇلدى. خىزمەت تەقسىماتىدا بىرنەچچە قېتىم يۇقىرى ئۆتكۈزۈۋېلىش، تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شەھەر-رايون ئىككى دەرىجىلىك كەسپىي ئەترەتنىڭ خىزمەت تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلدى، يەنى تۇرالغۇ ئۆي، ئاممىۋى قاتناش، سۇ، گاز، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ ھەممىسىنى شەھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئىدارىلەر ئۆزلىرى باشقۇردى. يول، سۇ چىقىرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، باغ-ئورمان كۆكەرتىش، مۇھىت ئاسراشتا دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شەھەر-رايوندىكى ئاساسلىق غول يوللارنى، سۇ چىقىرىش چوڭ تۇرۇبىلىرىنى، ئاساسلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش غول ئۆستەڭلىرىنى شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى باشقۇردى. قىسمەن تارماق يوللارنى، مەھەللە كوچىلارنى، تارماق سۇ چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنى، كىچىك تىپتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭلىرىنى رايونلۇق ئاسراش ئەترىتى باشقۇردى؛ يوللارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش، خەلق تۇرمۇشىدىن چىققان ئەخلەت-چاۋارلارنى يىغىش، قۇرغاق ھاجەتخانىلارنى تازىلاشقا رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. ئەخلەتلەرنى ماشىنا بىلەن توشۇش، سۇ چۈشۈرگىسى بار ھاجەتخانىلارغا شەھەرلىك شەھەر قىياپىتى تازىلىقى ئىدارىسى بىۋاسىتە مەسئۇل بولدى. شەھەرلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى چوڭ تىپتىكى باغچا ۋە مەنزىرىلىك رايونلارنى قۇرۇش-باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. باشقىلىرىغا رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە رايونلۇق ئىدارىلەر ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايونلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. باشقا جەھەتتىكى نازارەت قىلىش، ھەق يىغىش خىزمەتلىرىگە شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى مەسئۇل بولدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تيانشان رايونىدا شەھەر قۇرۇلۇشى، شەھەر باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىن تيانشان رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، تيانشان رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بار بولدى.

تيانشان رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ئەسلى 1958-يىلى قۇرۇلغان قۇرۇلۇش بۆلۈمى بولۇپ، 1971-يىلى شەھەر قۇرۇلۇشى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1984-يىلى تيانشان رايونلۇق شەھەر

قۇرۇلۇشى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1987-يىلى رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ ئەترەت، ئىككى باغچا بار بولدى. شەھەر مەمۇرىيىتى ئاسراش ئەترىتى پۈتۈن رايوندىكى 200 دىن ئۇشۇق كوچا يولى، قىسمەن غول يوللارنىڭ يۈزىنى يېڭىلاش، رېمونت قىلىش، كوچا يوللىرىدىكى سۇ چىقىرىش تارماق تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش، رېمونت قىلىش، تازىلاش، راۋانلاشتۇرۇش ۋە ئەتىياز-كۈز پەسلىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. باغ-ئورمان ئەترىتى ئاساسلىقى 32 پىيادىلەر يولىدىكى دەرەخ، بەش چوڭ كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈك ۋە خەلق مەيدانىدىكى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارنى پەرۋىش قىلىش، ئاسراش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. ماشىنا ئەترىتى پۈتۈن ئىدارىدىكى ماشىنىلارنى باشقۇرۇش، ئىدارىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنى ماشىنا بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى. يەنئەن باغچىسى، سەنداۋان باغچىسىدىن ئىبارەت ئىككى باغچىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە باشقۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولدى. ئىدارە ئىچىدە تەسىس قىلىنغان تيانشان رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى ئىشخانىسى رايون بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى ھەمدە رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ھويلا-قورۇلارنى كۆكەرتىشكە تېخنىكىلىق جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى ۋە نازارەت قىلدى.

1987-يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، تيانشان رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدا جەمئىي 237 نەپەر ئىشچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى 71 نەپەر، 25 نەپەر كادىر ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى يەتتە نەپەر. قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىدىن بىر ئورەك قېزىش ماشىنىسى، ئۈچ يول چىڭداش ماشىنىسى، بىر كىران، تۆت تونىنلىق بەش ئاپتوماتىك يۈك چۈشۈرۈش ماشىنىسى، ئۈچ ئوقۇر شەكىللىك ماشىنا، تۆت سۇ چېچىش ماشىنىسى، بىر دورا چېچىش ماشىنىسى، ئۈچ كىچىك تىپتىكى يۈك كىرا ئاپتوموبىلى، ئالتە كىچىك كوزۇپلۇق موللاقچى ئاپتوموبىل بار بولغان.

تيانشان رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 1985-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئەسلىدە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى تازىلاش، توشۇش كەسپى ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى باشقۇراتتى. 1987-يىلى قارمىقىدا ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى بىر تازىلىق ئەترىتى، بىر شەھەر گەندىلىرىنى تازىلاش ئەترىتى بار بولۇپ، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى تازىلىق ۋە ئەخلەتلەرنى يىغىپ توشۇش خىزمىتىنى ۋەكالىتەن باشقۇردى. جەمئىي 254 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى تازىلىق ئەترىتىدە 95 نەپەر ئىشچى بولۇپ، 370 مىڭ كۋادرات مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى 37 ئاساسلىق غول يوللارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تازىلىق خادىملىرى 144 نەپەر بولۇپ، 550 مىڭ كۋادرات مېتر دائىرىدىكى 37 ئاساسلىق ۋە تارماق غول يوللار ۋە قىسمەن چوڭ تىپتىكى كوچا يوللىرىنى تازىلاشقا مەسئۇل ئىدى. شەھەر گەندىلىرىنى تازىلاش ئەترىتىدە 15 نەپەر ئادەم بولۇپ، 230 ئورۇندىكى قۇرغاق ھاجەتخانىلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇندىن باشقا مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئەخلەت تازىلاش، توشۇش خادىملىرى 272 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى خەلق تۇرمۇشىدىن چىققان ئەخلەتلەرنى يىغىش-توپلاشقا مەسئۇل بولدى.

مەزكۇر ئىدارىدە «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوماتىك يۈك چۈشۈرۈش ئاپتوموبىلىدىن بىرى، كىچىك پىكاپتىن بىرى، شەھەر گەندىلىرىنى تازىلاپ توشۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىدىن ئىككىسى، تازىلاش، پاكىزلىقنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىدىن تۆتى بار.

# 1-باب يوللار

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شەھەر يوللىرى شاھمات تاختىسى شەكلىدە لايىھىلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇن-قىسقا كوچا-يوللىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. يولنىڭ كەڭ يەرلىرى ئالتە-يەتتە مېتىر، تار يەرلىرى تۆت-بەش مېتىر كېلەتتى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 15-يىلى (1926-يىلى) شىنجاڭدا ئاپتوموبىل قاتنىشى باشلىنىپ، يول قۇرۇلۇشى ئاستا-ئاستا شەكىللەندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) نۇرلۇق يولى ياسىلىپ، يېڭى جەنۇبىي كوچا كېڭەيتىلدى. (ھازىرقى شىمالىي تىنچلىق يولى) فۇچيەن كوچىسى، فۇشى كوچىسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەتراپى) ۋە شەرقىي چوڭ كوچا (ھازىرقى جۇڭشەن يولى) كېڭەيتىپ ياسالدى. ئاساسلىق كوچا يوللىرىغا تاش شېغىل ياتقۇزۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلىدىن 38-يىلىغىچە (1943-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە) جەمئىي شەرق-غەرب چوڭ كوچىسى (بۈگۈنكى جۇڭشەن يولى)، جەنۇب-شىمال چوڭ كوچا (بۈگۈنكى شىمالىي ئازادلىق يولى)، يېڭى شىمالىي كوچا (بۈگۈنكى شياۋشىزىدىن بېيمېنغىچە) لىنسېن يولى (بۈگۈنكى دېموكراتىيە يولى) ۋە ئامانلىق ساقلاش يولى (بۈگۈنكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشىكى ئالدى)غا 46 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. باشقا غول كوچا يوللىرى، مەھەللە يوللىرى توپا يول بولۇپ، ئۆزگەرتىلمىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن دۆلەت ھەر يىلى زور مىقداردىكى مەبلەغنى شەھەر يوللىرى قۇرۇلۇشىغا ئاجراتتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى خەلق ئاممىسىغا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش فاكچېنى بويىچە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى يول ياساش-ئۆزگەرتىشكە پائال سەپەرۋەر قىلدى. ئاما بىلەن كەسپىي ئەترەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىدارە-جەمئىيەتلەرنى مەبلەغ توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، شەھەر رايونىدىكى كوچا-مەھەللە يوللىرىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر رايون ئىچىدىكى 31 ئاساسلىق، تارماق يوللارنىڭ ھەممىسى سېمونتلاشتۇرۇلدى. كۆلىمى 707 مىڭ 800 كۋادرات مېترغا يەتتى. 144 كوچا يولىدىكى، 232 مىڭ 500 كۋادرات مېترلىق يول ئۆزگەرتىلدى. مەركىزىي رايونلاردىكى سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسى كوچا-مەھەللە يوللىرىنى ئاسفالىتلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۈرۈمچى دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا شەھەر رايونىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. 1960-يىلى دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، دەريا سۈيى توسۇلۇپ، شەھەر رايونى ئارىلىقىدىكى دەريا قۇرۇقدىلىپ، ساي يولى ياسالدى. ئەسلىدىكى دەريا سۈيى تىنچلىق ئۆستەڭگە قويۇلۇپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلدى. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلىپ، قاپقارا ساي يولى، سۈپسۈزۈك تىنچلىق ئۆستەڭى بەرپا قىلىندى ھەمدە ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئەسلى يولىنى ئىگىلەپ، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ۋە شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبنى راۋانلاشتۇرىدىغان كۆركەم ستۇرېنو-لۇق كۆۋرۈك قەد كۆتۈردى. بۇرۇن سۇ ئاپىتى پەيدا قىلىدىغان ئۈرۈمچى دەرياسى بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇھىم قاتناش يولىغا ئايلاندى. ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى يوللارنى ئاسراشقا شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش ئاسراش باشقارمىسىنىڭ دەريانىڭ شەرقىي ئۇچاستكىسى مەسئۇل بولدى. 1977-يىلى تيانشان رايونلۇق شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلدى؛

1987-يىلىغا قەدەر جەمئىي 22 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يول تولۇقلاپ رېمونت قىلىندى.

## 1-پاراگراف غول يوللار

ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ شارائىتى قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، 1950-يىلى ئازادلىق يولى ۋە جۇڭگسەن يولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. شەھەر رايونىدىكى يوللار ئۇزۇن يىللارغىچە رېمونت قىلىنماي قاتناشقا تەسىر يەتكەنلىكتىن، 1951-يىلدىكى دىخۇا شەھەرلىك 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا يول ياساش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى پۇل، ئەمگەك كۈچى چىقىرىشقا چاقىرىلىپ، شەھەر رايونى يوللىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى. شۇ يىلى داشىزنى مەركەز قىلغان ئازادلىق يولى، جۇڭگسەن يولى، شەرق شامىلى يولى، تىنچلىق يولى يېڭىدىن ياسالدى ھەمدە شەھەر سېپىلى چېقىۋېتىلىپ، خەندەك تىندۇرۇلدى. 1952-يىلى شەھەر سېپىلىنى چېقىش ئاساسىدا خەلق يولى، قىزىلبايراق يولى، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، بۇلاق بېشى كوچىسى، بوغدا كۆلى يولى، ياشلار يولى ئېچىلدى. يەنە جەنۇبىي شىنخۇا يولى يېڭىدىن ئېچىلىپ، شىمالىي شىنخۇا يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە كونا شەھەر رايونىدىكى يوللار تورلاشتۇرۇلدى. 1955-يىلى غالىبىيەت يولى ۋە بوغدا كۆلى يولى ياسىلىپ، دۆڭكۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىققا قاراماي ياتقۇزۇلدى. 1956-يىلى نۇرلۇق يولى ئۆزگەرتىلىپ، ئوتتۇرىسى گۈللۈك ئىككى تەرىپى ماشىنا يولى قىلىنغان ئاسفالت يول قىلىپ ياسالدى.

1958-يىلدىن 1960-يىلغىچە بولغان ۋاقىت — ئازادلىقتىن كېيىن يول ئەڭ كۆپ ياسالغان يىللاردۇر. بۇ مەزگىلدە جۇڭگسەن يولى، شەرق شامىلى يولى، دۆلەت قۇرۇش يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، شىنخۇا يولى، خەلق يولى، قىزىلبايراق يولى، قۇرۇلۇش يولى، بوغدا كۆلى يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى.

1961-يىلدىن 1962-يىلغىچە بولغان تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە يول ياساشقا ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئازىيىپ كەتتى. 1963-يىلى ئىتتىپاق يولىنىڭ غەربىي قىسمى، تىنچلىق يولىنىڭ ئوتتۇرا ئارىلىقى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى ئۆزگەرتىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1965-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنى شەھەرلىك پارتكوم پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچى ئاممىنى ساي يولىنى ياساشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق 11.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، تيانشان رايونىنىڭ غەربىي چېگرىسى بىلەن شەھەر رايونىنىڭ جەنۇب-شىمال غول يولى تۇتاشتۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، شەھەر يوللىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئاستا بولدى. 1975-يىلى ساي يولى قايتىدىن ياسىلىپ، ئەسلىدىكى ئاساستا كېڭەيتىلىپ ئىككى لىنىيە يول ياسالدى. جەنۇب تەرىپى 4-كۆۋرۈكتىن قارلىغاچلىققىچە ئۇزارتىلىپ، ئۈرۈمچى-قۇمۇل يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. شىمال تەرىپىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۇزارتىلدى. ياسالغاندىن كېيىنكى يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 19.2 كىلومېتىر، كەڭلىكى 25 مېتىر. شۇ يىلى يەنە شىمالىي بېش يۈلتۇز يولى ۋە بەخت يولى ياسالدى. لېكىن باشقا يوللار رېمونت قىلىنماي ياكى ئاسرالماي ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ يوللار ناچارلىشىپ كەتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئالدى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، رېمونت قىلىنماي ئاسرالمىغان يوللار قايتىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى.شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقىي ئايلانما يولى (بەخت يولىدىن شەرق شامىلى يولىغىچە)، ئەنتەربىيە سارىيى يولىنىڭ نۆۋەن ئارىلىقى قاتارلىقلار يېڭىدىن ئېچىلدى. 1987-يىلى-

غىچە پۇتۇن رايوندىكى ئاساسلىق غول يوللار جەمئىي 31 گە يېتىپ، تېز سۈرئەتلىك ماشىنا يولىنىڭ كۆلىمى 707 مىڭ 800 كۋادرات مېترغا يېتىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 46 مىڭ 900 كۋادرات مېتىردىن 14.09 ھەسسە ئاشتى.

### بىرىنچى، نۇرلۇق يولى

نۇرلۇق يولى باش كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي يان تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە شىمالىي ئازادلىق يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، ياشلار يولى، ساغلاملىق يولى، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى بىلەن، غەربتە شىمالىي شىنخۇا يولى، قىزىل تاغ يولى، دوستلۇق يولى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، رايوننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 6-ئاينىڭ 9-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بېيمىننىڭ سىرتىدىن باش كۆۋرۈككىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئالتە ئائىلىلىك دېھقاننىڭ يەتتە ئورۇندىكى كۆكتاتلىق يېرىنى سېتىۋېلىپ، بۇ يولنى ئاچقان. بۇ يول ئەسلىدە خەلقئارا قاتناش لىنىيىسى بولۇپ، «دىخۇا - ئىلى» يولى بىلەن «دىخۇا - شىڭشىڭشىيا» يولىنىڭ قايچىلىشىپ ئۆتىدىغان تۈگۈنى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇرۇش تەييارلىق ماددىي ئەشيالىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يول بىلەن توشۇلغان. 1947-يىلى نۇرلۇق يولىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1956-يىلى ئەسلىدىكى يول كېڭەيتىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 960 مېتر، كەڭلىكى 18 مېتر، ئوتتۇرىسى گۈللۈك، ئىككى تەرىپى ماشىنا يولى قىلىپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. 1983-يىلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئىدارىلەرنىڭ ھويلا تاملىرى بۇزۇۋېتىلىپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە كەڭلىكى ئالتە مېتر كېلىدىغان ئاستا سۈرئەتلىك ماشىنا يولى ۋە ئۈچ مېتر كېلىدىغان پىيادىلەر يولى ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن تيانشان رايونىدىكى بىردىنبىر «ئالتە يول، يەتتە بەلباغ» يولى بولۇپ (ئالتە قاراماي ياتقۇزۇلغان يول، يەتتە كۆكەرتىلگەن بەلباغ)، كەڭلىكى 36 مېترغا يەتتى. (كۆكەرتىلگەن بەلباغدىن باشقا) قاراماي ياتقۇزۇلغان يولنىڭ كۆلىمى 34 مىڭ 500 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

### ئىككىنچى، جۇڭسەن يولى

جۇڭسەن يولى غەربتە ساي يولىدىن باشلىنىپ، شەرقتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىغا تۇتاشقان بولۇپ، رايوننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم ئاساسلىق غول قاتناش يولى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) جۇڭسەن يولى دەپ نام بېرىلگەن. 1967-يىلى قىزىل قوغدىغۇچىلار يولى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، 1978-يىلى جۇڭسەن يولى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئوتتۇرا قىسمى داشىزى ۋە ئازادلىق يولى بىلەن قايچىلىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2110 مېتر بولۇپ، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 14.6 مېتر. بۇ يول ئاۋات شەھەر رايونىدىن كېسىپ ئۆتكەچكە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ماشىنا يولى بىلەن پىيادىلەر يولىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تۆمۈر رىشاتكا ئورنىتىلغان، ماي ياتقۇزۇلغان يولنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ 800 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

### ئۈچىنچى، ئىتتىپاق يولى

ئىتتىپاق يولى شەرقتە شياگياپودىن باشلىنىپ، غەربتە ساي يولىدىكى 4-كۆۋرۈككە تۇتاشقان بولۇپ، رايوننىڭ جەنۇب قىسمىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2450 مېتر. 1958-يىلى غالىبىيەت يولىدىن شياگياپوغىچە بولغان 1119 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقى ياسالدى. 1963-يىلى غالىبىيەت يولىدىن 4-كۆۋرۈككىچە بولغان 881 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقى ياسالدى. قاراماي ياتقۇزۇلغان يول يۈزى جەمئىي 24 مىڭ 700 كۋادرات مېتر كېلىدۇ.

### تۆتىنچى، ئازادلىق يولى

ئازادلىق يولى شىمالدا بېيىمەندىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئىتتىپاق يولىغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2556 مېتىر، كەڭلىكى 13 مېتىر بولۇپ، كونا شەھەر رايونىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولىدۇر. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) جۇڭجېڭ يولى ۋە شىمالىي جۇڭجېڭ يولى دەپ ئاتالغان. 1950-يىلى ئازادلىق يولىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1980-يىلى خەلق يولىنى چېگرا قىلىپ تۇرۇپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى ۋە شىمالىي ئازادلىق يولىغا ئايرىلدى. يول يۈزىنىڭ ھەممىسى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. ئىككى تەرىپىدىكى پىيادىلەر يولىغا سېمونت خىش، چاق-چۇق خىش ياتقۇزۇلدى. يول ياقىسىدىكى تاشلىقتا تۆمۈر تاختايلىق سۇ چىقىرىش ئېرىقى ياسالدى. يولنىڭ ئىككى يېنىدا ماگىزىنلار كۆپ، پىيادە يول يۈرگۈچىلەر جىق بولغانلىقتىن ئايرىلىق بويىچە تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلدى. قاراماي ياتقۇزۇلغان غول يولنىڭ كۆلىمى 33 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بەشىنچى، شىنخۇا يولى

شىنخۇا يولى شىمالدا قىزىلتاغ يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ئۈچتاشقا تۇتىشىدۇ. بۇ يول رايون ئىچىنى تۈز كېسىپ ئۆتىدىغان يەنە بىر قاتناش غول يولى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4865 مېتىر، كەڭلىكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 14 مېتىر، 15 مېتىر، 17 مېتىر كېلىدۇ، يول يۈزى پۈتۈنلەي ئاسفالتلاشتۇرۇلغان. يولنىڭ ئىككى يېنىدا 1.5 مېتىر كەڭلىكتە كۆكەرتىش بەلبېغى بار. جۇڭشەن يولى چېگرا قىلىنىپ، جەنۇب ئايرىلىقى جەنۇبىي شىنخۇا يولى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يول 1952-يىلى ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى بويلاپ ئېچىلغان يېڭى يول. شىمالىي ئايرىلىقى شىمالىي شىنخۇا يولى دەپ ئاتىلىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىخاگەي كوچىسى (غەربىي دەريا كوچىسى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئۈرۈمچىدە يېقىنقى يىللاردا كۆللەنگەن ئاۋات كوچا يوللىرىنىڭ بىرى. قاراماي ياتقۇزۇلغان يول يۈزىنىڭ كۆلىمى جەمئىي 74 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئالتىنچى، غالىبىيەت يولى

غالىبىيەت يولى تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ سەلتەنەت دەۋرىدە «دىياڭخاڭ كوچىسى» دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي تەرىپى ئازادلىق يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئەسلىدە شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم چىقىش ئېغىزى بولۇپ، ئىلى — شىڭشىڭشيا يولىدىكى دىخۇاغا كىرىپ چىقىدىغان مۇھىم يول ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى يول ناھايىتى تار بولۇپ، ئۆي-ئىمارەتلەر قالايمىقان ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) دىخۇا شەھەرلىك كېڭەش ئەزالىرى يىغىنىدا ھۆكۈمەتكە يولنىڭ ئىككى يېنىدىكى دۇكانلارنى چېقىپ يولنى كېڭەيتىش تەكلىپىنى بەردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) يولغا تاش-شېغىل ياتقۇزۇلدى. 1955-يىلى قاراماي ياتقۇزۇلۇپ ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. شىمال تەرىپى ئىتتىپاق يولى ئېغىزىغا، جەنۇب تەرىپى ئۈچتاش دۆڭلۈكىنىڭ پەس تەرىپىگىچە تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2110 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 13 مېتىر بولۇپ، 27 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئايرىلىقتا قاراماي ياتقۇزۇلدى. يول ياقىسىدا يولۋاسنىڭ باش سۈرىتى ئويۇلغان تاش كېسەكلىك سۇ ئېقىتىش ئېرىقى بار. ئەسلىدە ھەر يىلىنىڭ ياز پەسلىدە ئېرىقتا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. 60-يىللارنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سۇ مەنبەيى ئازلاپ، ئېرىق ئاستا-ئاستا تاشلىنىپ قالدى.

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىدىكى باشقا غول يوللارنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 1—1—1—4

| رەت نومۇرى | يولنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | يول يۈزى پەرقى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | 39262 | | 511442 | | |
| 1 | تەنتەربىيە سارىيى يولى | خەلق يولىدىن ئەلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغىچە | 693 | 11.8 | 8177 | قاراماي ياتقۇزۇلغان يول |
| | | ئەلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىن سۈنئىي ھەمراھ كۆزىتىش پونكىتىغىچە | 832 | 10 | 8320 | توپا يول |
| 2 | ساي يولى | | 11742 | | 203599 | قاراماي ياتقۇزۇلغان يول |
| 3 | يېڭى دېموكراتىيە يولى | قىزىلتاغ يولى ئېغىزىدىن بېيمىن گۈل بازىرىغىچە | 668 | 13 | 8684 | ئاسفالت يول |
| 4 | جەنۇبىي تەنچىلىق يولى | خەلق يولىدىن يەنئەن يولىغىچە | 1900 | 8 | 15200 | ئاسفالت يول |
| 5 | شىمالىي تەنچىلىق يولى | تيانشان سارىيىدىن خەلق يولىغىچە | 450 | 13 | 5850 | ئاسفالت يول |
| 6 | خەلق يولى | شىنخۇا يولىدىن بەخت يولىغىچە | 1296 | 14 | 18144 | ئاسفالت يول |
| 7 | غەربىي خەلق يولى | شىنخۇا يولىدىن ساي يولىغىچە | 494 | 14 | 6976 | ئاسفالت يول |
| 8 | بەخت يولى | خەلق يولىدىن سۈنئىي ھەمراھ كۆزىتىش پونكىتىغىچە | 1718 | 12 | 20616 | قاراماي ياتقۇزۇلغان يول |
| 9 | ئەدەبىيات-سەنئەت يولى | خەلق كىنوخانىسى ئالدىدىكى گۈللۈكتىن 1-ئاۋغۇست كۇلۇبىغىچە | 520 | 10 | 5200 | قاراماي ياتقۇزۇلغان يول |
| 10 | قىزىلبايراق يولى | جۇڭگەن يولىدىن خەلق كىنوخانىسى ئالدىدىكى گۈللۈككىچە | 286 | 12.2 | 3484 | ئاسفالت يول |
| 11 | قۇرۇلۇش يولى | خەلق كىنوخانىسىدىن نۇرلۇق يولىغىچە | 637 | 11 | 7007 | ئاسفالت يول |
| | | شىمالىي شىنخۇا يولىدىن قۇرۇلۇش يولىغىچە | 349 | 8 | 2792 | قاراماي ياتقۇزۇلغان يول |
| | | ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدىن نۇرلۇق يولىغىچە | 284 | 7 | 1988 | ئاسفالت يول |
| 12 | باشلار يولى | بېيمىندىكى گۈل بازىرىدىن بەشيۈلتۈز يولىغىچە | 773 | 16 | 12368 | ئاسفالت يول |
| | | بەشيۈلتۈز يولىدىكى گۈل بازىرىدىن ئۇنىۋېرسال ئاپتوموبىل زاۋۇتىغىچە | 910 | 11 | 10010 | ئاسفالت يول |
| 13 | شىمالىي بەشيۈلتۈز يولى | بەشيۈلتۈز يولىدىكى گۈللۈكتىن قىزىلتاغ يولىغىچە | 700 | 13 | 9490 | ئاسفالت يولى |
| 14 | جەنۇبىي بەشيۈلتۈز يولى | بەشيۈلتۈز يولىدىكى گۈللۈكتىن شەرق شامىلى يولىغىچە | 675 | 14 | 9450 | ئاسفالت يول |
| 15 | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى | باشلار يولىدىن غەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگىچە | 1662 | 9 | 14958 | ئاسفالت يول |
| 16 | شەرق شامىلى يولى | شىمالىي ئازادلىق يولىدىن شەرقىي ئارقا كوچىغىچە | 1037 | | 15044 | ئاسفالت يول |

| رەت نومۇرى | يولنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | يول يۈزى پەرقى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | ساقلاملىق يولى | جۇڭشەن يولىدىن بېيمېندىكى كۆل بارخىنىغىچە | 900 | 13 | 11700 | ئاسفالت يول |
| 18 | شەرقىي ئىلانما يول | دۆلەت قورۇقى يولىدىن يەنئەن يولىغىچە | 450 | 14 | 6300 | ئاسفالت يول |
| 19 | دېموكراتىيە يولى | ساقلاملىق يولىدىن ساي يولىغىچە | 1150 | 11 | 12586 | ئاسفالت يول |
| 20 | بوغدا يولى | جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن جەنۇبىي شىنخۇا يولىغىچە | 448 | 11 | 4768 | ئاسفالت يول |
| 21 | يەنئەن يولى | غالىبىيەت يولىدىن چەت ئەللىكلەر مېھمانخانىسىغىچە | 4427 | 9.5 | 41008 | ئاسفالت يول |
| 22 | شوربۇلاق يولى | شەرقىي ئارقا كوچىدىن ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈم 30-تارماق بۆلىكىگىچە | 1750 | 11 | 19135 | ئاسفالت يول |
| 23 | قىزىلتاغ يولى | ساي يولىدىن يېڭى دېموكراتىيە يولىغىچە | 1240 | 9.3 | 11832 | ئاسفالت يول |
| 24 | بۇلاقبېشى كوچىسى | جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن ساي يولىغىچە | 876 | 12 | 11124 | ئاسفالت يول |
| 25 | جۇجيالاڭ يولى | جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىن ساي يولىغىچە | 395 | 15 | 5926 | ئاسفالت يول |

## 2-پاراگراف كوچىلار

ئازادلىقتىن ئىلگىرى رايون ئىچىدىكى كوچا ئاساسىي جەھەتتىن تار، سېرىق-توپىلىق يوللار ئىدى. ئورغۇن كوچىلارنىڭ بەر شەكلى ئېگىز-پەس بولغاچقا، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە يامغۇر سۈيى ئاسان چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئىلگىرى كوچىلارنى سۇ بېسىپ كېتىپ، «ئېشەكنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش» تەك غەلىتە ۋەقەلەر يۈز بەرگەنىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يول قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق غول يوللارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەھەللە يوللىرىنى رېمونت قىلىپ ياساشقا چولا تەگمىدى.

1960-يىل 9-ئايدا شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى يول ئاسراش ئورنى بىلەن شەھەر خەلق گۇڭشېلىرى ھەمكارلىشىپ، تيانشان رايونىدىكى غالىبىيەت 2-كوچىسى، شەرق-غەرب مال بازىرى يولى، ئۈستەڭ كوچىسى، مەدەنىيەت يولىنىڭ شەرق-غەربىدىكى ئالتە كوچا، داشىڭ كوچىسى، بۆتخانا كوچىسىنى ياساپ رېمونت قىلىپ، تۇنجى قېتىم مەھەللىدىكى يوللارنىڭ يۈزىنى ئاسفالتلاشتۇردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مەھەللە يول قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىغانلىقى ئۈستىگە ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئاسرالمىغانلىقتىن، قالايمىقان ياتقۇزۇلغان مەھەللە يوللىرىنىڭ يۈزى ھەممە يەردىن تېشىلىپ، يول ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1977-يىلى تيانشان رايونى شەھەر ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش-قوغداش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، كوچا، مەھەللە يوللىرىغا قالايمىقان ياتقۇزۇپ، ۋودوپروۋود تۇرۇبىسى ئورنىتىشنى كەسپىي كۈچ بىلەن تەمىن ئەتتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش،

مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئاممىنى كوچا-مەھەللە يول قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش فائجېتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي رايوندىكى جەنۇبىي-شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن باشلاپ نۆتۈش قىلىپ، 1978-يىلى مەدەنىيەت يولىدىكى يەتتە كوچا-مەھەللە يولىنى قايتىدىن رېمونت قىلدى. لىمىن كوچىسى، مال بازىرى، بۇلاق بېشى كوچىسى قاتارلىق 31 مەھەللە يول يۈزىنى ئاسفالتلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆلىمى جەمئىي 34 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1979-يىلى يەنە داشىڭ كوچىسى، باھار شاملى كوچىسى، تيانشان يولى، تيانشان تارماق كوچىسى، قوش قۇتلۇق كوچىسىغا 35 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىدە قاراماي ياتقۇزدى.

1980-يىلى شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشچىلىقىدىكى شەھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئىدارىلەر قاتناشقان تيانشان رايونلۇق مەھەللە يوللىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. كادىر، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ۋە ئىشچىلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇن، قىسىملار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ھەمكارلىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەھەللە يول قۇرۇلۇشى بويىچە چوڭ جەڭ ئېلىپ باردى. شۇ يىلىلا 70 مەھەللە كوچىسىنى رېمونت قىلىپ ياساپ، جەمئىي 101 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر ئارىلىققا قاراماي ياتقۇزدى. بۇ ئىلگىرىكى ئۈچ يىلنىڭ جەملەنمىسىدىنمۇ كۆپ. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى مەھەللە يول قۇرۇلۇشى جېڭىگە خالىسانە قاتناشقان ئادەم 29 مىڭ 700 (قېتىم)گە يەتكەن. 2316 ماشىنا (قېتىم)، 466 ئات ھارۋىسى، 13 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى چىقىرىلغان. 1164 كۇب مېتىر توپا قېزىلغان. 313 ماشىنا قېتىم كېرەكسىز توپا، ئەخلەت-چاۋار توشۇلغان. 2077 ماشىنا (قېتىم) توپا ئەكىلىپ تىندۇرۇلغان. 1981-يىلى يەنە شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە كوچىسى، 30-ئوتتۇرا مەكتەپ كوچىسى، بوستان كوچىسى، لىخۇا كوچىسى، گۇاڭخۇا كوچىسى، شەرقىي ئارقا كوچا، دۆلەت قۇرۇش يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بەش تارماق كوچا يولى قاتارلىق جەمئىي 49 مىڭ كۋادرات مېتىر يول يۈزى رېمونت قىلىندى. 1984-يىلى شوربۇلاق كوچىسى، غەربىي ئارقا كوچا، يەنئەن يولىنىڭ شىمالىدىكى 1-، 2-، 3-، 4-كوچا يولىنىڭ يۈزى ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئاممىنىڭ يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1987-يىلى يولىنىڭ ئىككى ياقىسىغا تاش تۇرغۇزۇپ، قاراماي ياتقۇزۇپ ئاسفالتلاشتۇرۇش باشلىنىپ، ئەرداۋان يولىغا 9135 كۋادرات مېتىر قاراماي ياتقۇزۇلدى. ئوتتۇرا بەخت يولىغا 3013.14 كۋادرات مېتىر قاراماي ياتقۇزۇلدى. پىيادىلەر يولىغا 927.1 كۋادرات مېتىر گۈللۈك پىششىق خىش ياتقۇزۇلدى.

1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونى جەمئىي 232 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى 144 كوچا-مەھەللە يولىنى ياساپ قاراماي ياتقۇزۇپ، شەھەر رايونى مەركىزىدىكى سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئاساسلىق كوچا-مەھەللە يوللىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئاسفالتلاشتۇردى. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئاما بىلەن مەخسۇس ئەترەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېزلەشتۈرۈلدى. مەخسۇس ئەترەت تېخنىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە خام ئەشيا-ماتېرىياللارنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خەلق ئاممىسى يول ياقىسىدىكى ئېرىقلارنى قېزىش، كېرەكسىز توپىلارنى توشۇپ بىر تەرەپ قىلىش، يوللارنى تۈزەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا ياردەملەشتى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كوچا-مەھەللە يوللىرىنى ياساشقا قاتنىشىشتىكى قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى بۆلۈشۈۋالغان ئارىلىقتا توپىلارنى قازدى ۋە تىندۇردى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارمۇ مۇئەييەن خىزمەت مىقدارىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، خالىسانە ئەمگەك ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئومۇمەن ۋەزىپىسى بار لېكىن ئەمگەككە

قاتنىشالمايدىغان ئاھالىلەر يول قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك خىراجەت بويىچە ھەق تاپشۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماشىنىسى ياللاپ ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. يەنە بەزى يول قۇرۇلۇشلارغا مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى مەسئۇل بولۇپ، پايدا تەگكۈچى ئورۇنلارنى مەبلەغ توپلاپ يول ياساشقا تەشكىللىدى.

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىدىكى 100 مېتىردىن ئاشقان كوچا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1—2—1—4

| كوچا يوللىرىنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 32705 | | 232513 | | |
| غەربىي مەدەنىيەت يولى 2-كوچىسى | 147 | 4.6 | 676 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1978 |
| غەربىي مەدەنىيەت يولى 3-كوچىسى | 117 | 4 | 468 | " " | " |
| غەربىي مەدەنىيەت يولى 5-كوچىسى | 152 | 5.5 | 836 | " " | " |
| غەربىي مەدەنىيەت يولى 6-كوچىسى | 154 | 4.2 | 646.8 | " " | " |
| غەربىي مەدەنىيەت يولى 7-كوچىسى | 155 | 4 | 620 | " " | " |
| شەرقىي مەدەنىيەت يولى 1-كوچىسى | 150 | 5.5 | 825 | " " | " |
| شەرقىي مەدەنىيەت يولى 2-كوچىسى | 147 | 4.5 | 661.5 | " " | " |
| شەرقىي مەدەنىيەت يولى 3-كوچىسى | 146 | 4 | 584 | " " | " |
| شەرقىي مەدەنىيەت يولى 4-كوچىسى | 146 | 5.5 | 803 | " " | " |
| شەرقىي مەدەنىيەت يولى 5-كوچىسى | 146 | 4 | 584 | " " | " |
| ئىشلەپچىقىرىش كوچىسى | 137 | 6 | 882 | " " | " |
| ھارۋا بازىرى كوچىسى | 322 | 7.2 | 2318.4 | " " | " |
| مەدەنىيەت يولى 8-كوچىسى | 142 | 8 | 1136 | " " | " |
| مەدەنىيەت يولى 9-كوچىسى | 164 | 5 | 820 | " " | " |
| شىمالىي مەدەنىيەت يولى | 240 | 8.3 | 1992 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1987 |
| بۇتخانا كوچىسى | 142 | 6 | 873 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1979 |
| داشىڭ كوچىسى | 152 | 65 | 988 | " " | " |
| جەنۇبىي مەدەنىيەت يولى | 300 | 6 | 1800 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| باھار شامىلى كوچىسى | 415 | 6.5 | 2697.5 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1979 |
| باھار شامىلى تارماق كوچىسى | 309 | 4.3 | 1328.7 | " " | " |
| تيانشان يولى | 502 | 7.5 | 3765 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1987 |
| تيانشان تارماق كوچىسى | 170 | 5.3 | 901 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1979 |
| 1-ئوتتۇرا مەكتەپ كوچىسى | 178 | 10 | 1780 | " " | 1980 |
| ساغلاملىق 2-، 3-، 4-كوچىلىرى | 173 | 9 | 1557 | " " | " |

| كوچا يوللىرىنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| كىنوخانا كوچىسى | 215 | 5.2 | 1118 | 〃 〃 | 〃 |
| ھەمكارلىق كوچىسى | 100.8 | 10.7 | 1078 | 〃 〃 | 〃 |
| شۆتيەن كوچىسى | 138 | 5.4 | 739 | 〃 〃 | 〃 |
| تىرىشچانلىق ئىقتىسادچىللىق كوچىسى | 189 | 4.9 | 1895 | 〃 〃 | 〃 |
| قۇرۇلۇش تارماق كوچىسى | 110 | 5.8 | 638 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1983 |
| جياڭنەن ئارقا كوچىسى | 208 | 5.3 | 1092 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 〃 |
| لىسىن كوچا | 240 | 6 | 1440 | 〃 〃 | 1978 |
| شەرقىي سەنشى كوچىسى | 176 | 5 | 880 | 〃 〃 | 〃 |
| مال بازىرى كوچىسى | 196 | 4.5 | 894 | 〃 〃 | 〃 |
| يۈسەي كوچىسى | 424 | 8 | 3337 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1984 |
| قوش قۇتلۇق كوچىسى | 392 | 7 | 2744 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1979 |
| قوش قۇتلۇق تارماق كوچىسى | 262 | 5.9 | 1545.8 | 〃 〃 | 〃 |
| نىڭگو مەسچىت كوچىسى | 268 | 6.2 | 1648 | 〃 〃 | 1980 |
| سالا مەسچىتى كوچىسى | 205 | 5 | 1025 | 〃 〃 | 〃 |
| شىمالىي كىناڭ كوچىسى | 245.7 | 5.3 | 1295 | 〃 〃 | 〃 |
| جەنۇبىي جەنجۇاڭ يولى | 407 | 5.4 | 2197 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| شەرقىي مال بازىرى كوچىسى | 250 | 7 | 1750 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1980 |
| بوغدا يولى | 219 | 5.6 | 1237 | 〃 〃 | 〃 |
| يىنپىڭخاڭ كوچىسى | 113 | 7.5 | 847 | 〃 〃 | 1982 |
| يىنخې يولى | 555 | 7.9 | 4384 | 〃 〃 | 〃 |
| رېشىن يولى | 248 | 5.5 | 1364 | 〃 〃 | 1983 |
| تۆي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسى | 102 | 7.3 | 744 | 〃 〃 | 〃 |
| ۋەتەنپەرۋەرلىك كوچىسى | 121 | 6.7 | 805 | تاش ياتقۇزۇلغان | 〃 |
| شىخابا ئالدى كوچىسى | 370 | 11.26 | 4267 | 〃 〃 | 1986 |
| شىخابا ئارقا كوچىسى | 373 | 6 | 2238 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1981 |
| شىخابا ئارقا كوچىسى | 162.5 | 4.6 | 747 | 〃 〃 | 1982 |
| نەنشياۋمېن تارماق كوچىسى | 180 | 6 | 648 | 〃 〃 | 1978 |
| يۈجىنگەي كوچىسى | 849 | 9 | 7915 | 〃 〃 | 1981 |
| يوڭخې تۇغرا كوچىسى | 175 | 4.4 | 770 | 〃 〃 | 1980 |
| يوڭخې جەنۇبىي كوچىسى | 292.5 | 6.3 | 11829 | 〃 〃 | 1982 |
| يوڭخې شىمالىي كوچىسى | 221 | 6.4 | 1403 | 〃 〃 | 〃 |

| كوچا يولنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | كەڭلىكى (مېتر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| يوڭمىي كوچىسى | 296 | 7.1 | 2101 | 〃 〃 | 〃 |
| بۆجىنگىي تارماق كوچىسى | 489 | 6.7 | 3276 | 〃 〃 | 1981 |
| تىنچلىق 1-كوچىسى | 231 | 9.5 | 2194 | 〃 〃 | 1982 |
| تىنچلىق 1-تارماق كوچىسى | 151 | 4.3 | 649 | 〃 〃 | 〃 |
| تىڭشياۋىن | 332 | 9 | 2988 | 〃 〃 | 〃 |
| گۇيۈەن 1-كوچىسى | 320 | 6.5 | 2080 | 〃 〃 | 〃 |
| گۇيۈەن 2-كوچىسى | 285 | 7.6 | 2166 | 〃 〃 | 〃 |
| گۇيۈەن 3-كوچىسى | 440 | 6 | 2721 | 〃 〃 | |
| ماي ئىسكىلاتى كوچىسى | 278 | 7.5 | 2235 | 〃 〃 | 1983 |
| تىنچلىق 2-كوچىسى | 186 | 7 | 1302 | 〃 〃 | 〃 |
| خېجيالىن ئالدى كوچىسى | 283 | 6 | 1248 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1986 |
| خېجيالىن ئارقا كوچىسى | 373 | 6 | 2256 | 〃 〃 | 〃 |
| ئەرداۋان يولى | 622.5 | 10.1 | 6287 | 〃 〃 | 1987 |
| ئۈچچۈن زاۋۇتى يولى | 534 | 9.8 | 5236 | 〃 〃 | 〃 |
| تەربىيلەش مەركىزى يولى | 180 | 9.5 | 1710 | 〃 〃 | 〃 |
| 28-ئوتتۇرا مەكتەپ كوچىسى | 225.8 | 3.8 | 858 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1983 |
| سۈنئىي پۇت-قول زاۋۇتى كوچىسى | 133.4 | 4.8 | 640 | 〃 〃 | 〃 |
| غالىبىيەت يولى 1-كوچىسى | 176 | 6.8 | 1196.8 | 〃 〃 | 1980 |
| غالىبىيەت يولى 2-كوچىسى | 135 | 8 | 1080 | 〃 〃 | 1979 |
| جەنۇبىي خابا كوچىسى | 340 | 6.4 | 2176 | 〃 〃 | 1980 |
| خابا 1-كوچىسى | 172 | 5.2 | 894 | 〃 〃 | 〃 |
| خابا 2-كوچىسى | 165 | 8.3 | 1395 | 〃 〃 | 〃 |
| خابا 3-كوچىسى | 541 | 6.3 | 3408 | 〃 〃 | 〃 |
| خابا بېرىم كوچىسى | 100 | 7 | 700 | 〃 〃 | 〃 |
| خابا 3-تارماق كوچىسى | 299 | 5.2 | 1596 | 〃 〃 | 〃 |
| شىمالىي خابا كوچىسى | 267 | 5.6 | 1495 | 〃 〃 | 〃 |
| كونسۇل كوچىسى | 378 | 5.9 | 2230 | 〃 〃 | 〃 |
| شىنجاڭ داشۆسى كوچىسى | 127.5 | 6.2 | 790.5 | 〃 〃 | 〃 |
| 3-دوختۇرخانا ئۇدۇلىدىكى كوچا | 223 | 5.4 | 1200 | 〃 〃 | 〃 |
| شەرقىي يېڭى كوچا | 310 | 9.5 | 2945 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| ياڭماۋخۇ كوچىسى | 310 | 6.5 | 2013 | 〃 〃 | 1984 |

| كوچا يوللىرىنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | كەڭلىكى (مېتر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى كوچىسى | 192 | 6.5 | 1248 | 〃 〃 | 1986 |
| ئىتتىپاق يولى شىمالىي 1-كوچا | 230 | 5.5 | 1265 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1980 |
| ئىتتىپاق يولى شىمالىي 2-كوچا | 246 | 5 | 1235 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى شىمالىي 3-كوچا | 240 | 6.6 | 1584 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى شىمالىي 4-كوچا | 157 | 6.6 | 1036 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى جەنۇبىي 2-كوچا | 113 | 7 | 791 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى جەنۇبىي 4-كوچا | 111 | 8.3 | 921 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىتتىپاق يولى جەنۇبىي 3-كوچا | 117 | 10 | 1176 | تاش ياتقۇزۇلغان | 〃 |
| جەنۇبىي مەسچىت كوچىسى | 167 | 4.5 | 741.5 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 〃 |
| بالخۇلىلاق كوچىسى | 461 | 7 | 〃 3227〃 | 〃 | |
| خەلقلىك قوراللىق مۇداپىئەلىنىش يېڭى يولى | 488 | 8 | 3904 | 〃 〃 | 〃 |
| بوغدا 1-كوچىسى | 121 | 7.5 | 921 | 〃 〃 | 1981 |
| بوغدا 2-كوچىسى | 201 | 6 | 1206 | 〃 〃 | 〃 |
| بوستان كوچىسى | 252 | 7.1 | 1789 | 〃 〃 | 〃 |
| يەنئەن كوچىسى | 400 | 8.2 | 3396 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| بەخت يولى شىمالىي 1-كوچىسى | 387 | 5 | 1935 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1980 |
| بەخت يولى شىمالىي 2-كوچىسى | 298 | 4.4 | 1296 | 〃 〃 | 〃 |
| بەخت يولى شىمالىي 3-كوچىسى | 614 | 6 | 3702 | 〃 〃 | 〃 |
| بەخت يولى جەنۇبىي 2-، 3-كوچىسى | 200 | 6 | 1180 | 〃 〃 | 〃 |
| بەخت يولى جەنۇبىي 4-كوچىسى | 172 | 5.2 | 984 | 〃 〃 | 〃 |
| بەخت يولى جەنۇبىي 5-، 6-كوچىسى | 130 | 4.8 | 629 | 〃 〃 | 〃 |
| ئىشچى-خىزمەتچىلەر كوچىسى | 167 | 9 | 1503 | سېمونت،تاش،شېغىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياتقۇزۇلغان يول | 1981 |
| تەنتەربىيە سارىيى يولى (تۆۋەنكى) | 693 | 11.6 | 8039 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 〃 |
| بەخت ئوتتۇرا يولى | 251 | 11.8 | 2962 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1987 |
| شەرقىي ئارقا كوچا 7-كوچا | 1217 | 6.6 | 8069 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1980 |
| شەرقىي ئارقا كوچا | 677 | 8.9 | 6025 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| شەرقىي دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى 5-كوچا | 307 | 4.2 | 1291 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1981 |
| غەربىي ئالغا يولى | 319 | 9.3 | 2953 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| گۇاڭخۇا يولىدىكى 7-كوچا | 776 | 4.5 | 3454 | يول يۈزىگىلا ماي ياتقۇزۇلغان | 1981 |
| ئالغا ئوتتۇرا يولى | 209 | 9.1 | 1910 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1980 |

| كوچا يوللىرىنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | كەڭلىكى (مېتر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| ھەربىي ئات فېرمىسى كوچىسى | 107 | 5.2 | 556 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1983 |
| 8-ئوتتۇرا مەكتەپ كوچىسى | 438 | 716 | 3350 | " " | " |
| ئالغا شەرقىي يولى | 1400 | 9.5 | 13100 | " " | 1984 |
| شوربۇلاق كوچىسى | 696 | 8.7 | 6042 | " " | 1984 |
| شوربۇلاق تارماق كوچىسى | 380 | 6.4 | 2414 | " " | 1984 |
| كونا ئەنتەت مەيدانى يولى | 300 | 6 | 1800 | " " | " |
| مۇھەت ئىلىراش 1-ئاپتوموبىل ئەترىتى كوچىسى | 395 | 11 | 4345 | " " | " |
| گۇاڭخۇا غەربىي 2-كوچىسى | 103 | 4.1 | 422 | " " | 1983 |
| گۇاڭخۇا شەرقىي 2-كوچىسى | 112 | 5.1 | 572 | " " | " |
| غەربىي ئارقا كوچا | 434 | 9.5 | 4104 | تاش ياتقۇزۇلغان | 1985 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچىسى | 220 | 9 | 1980 | يول يۈزىگە ماي ياتقۇزۇلغان | 1980 |
| سىياسىي كېڭەش كوچىسى | 210 | 5.6 | 1176 | " " | " |
| تېرەكبۇت كوچىسى | 183 | 6.3 | 1153 | " " | " |
| يېڭى ھايات كوچىسى | 553 | 7 | 3988" " | " | |
| دېموكراتىيە يولى شىمالىي كوچىسى | 100 | 4.8 | 480 | " " | " |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك 1-كوچىسى | 275 | 7.9 | 2168 | " " | 1982 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2-كوچىسى | 223 | 7.3 | 5621 | " " | " |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك 4-كوچىسى | 195 | 4.3 | 840 | " " | " |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 1-كوچىسى | 335 | 7.4 | 2479 | " " | 1983 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 2-كوچىسى | 310 | 6 | 2015 | " " | " |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 3-كوچىسى | 320 | 6 | 1920 | " " | " |
| خەي زاۋۇتى كوچىسى | 230 | 6 | 1380 | " " | " |
| شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە كوچىسى | 1783 | 8 | 14264 | " " | 1980 |
| لىخۇا كوچىسى | 941 | 11.3 | 10633 | " " | 1981 |
| لىخۇا تارماق كوچىسى | 246 | 8.1 | 1992 | " " | 1982 |
| يېڭى گۈللىنىش كوچىسى | 600 | 10.8 | 6480 | " " | 1983 |
| سەھىيە كوچىسى | 534 | 5.6 | 2990 | " " | |
| يېڭى گۈللىنىش مەھەللىسى جەنۇبىي 2-كوچا | 146 | 4.2 | 613 | " " | " |
| يېڭى گۈللىنىش مەھەللىسى جەنۇبىي 3-كوچا | 164 | 6.4 | 1042 | " " | " |

| كوچا يوللىرىنىڭ ئىسمى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | كەڭلىكى (مېتر) | كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | يول يۈزى قاتلىمىنىڭ پەرقى | يولنىڭ ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| يېڭى گۈللىنىش مەھەللىسى 5-كوچا | 170 | 4.8 | 816 | * * | * |

## 1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى يوللارغا ياتقۇزۇلغان قاراماي خىراجىتى ھەققىدىكى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 2-2-1-4

بىرلىكى: ۋەزىپىسى: 10 مىڭ كۋادرات مېتر
خىراجىتى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى | نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغىنى | ئورۇندالمىغىنى | خىراجەت | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئاجرىتىلغان خىراجەت | چىقىم قىلغىنى | زىيان | ئېشىنچە |
| 1978 | 3 | 3.25 | 0.25 | | | | | |
| 1979 | 2.5 | 2.6 | 0.1 | | 7.23 | 7.47 | 0.24 | |
| 1980 | 10 | 10.18 | 0.18 | | 50 | 47.25 | | 2.75 |
| 1981 | 6 | 5.81 | | 0.19 | 30 | 24.50 | | 5.50 |
| 1982 | 5 | 6.74 | 1.74 | | 25 | 20.65 | | 4.35 |
| 1983 | 4.5 | 5.63 | 1.13 | | 22.5 | 16.75 | | 5.75 |
| 1984 | 5 | 5.08 | 0.08 | | 25 | 24.24 | | 0.76 |
| 1985 | 3.2 | 4.3 | 1.1 | | 35 | 38.94 | 3.94 | |
| 1986 | 4.1 | 3.49 | | 0.52 | | 50 | 44.17 | 5.83 |
| 1987 | 4 | 4.08 | 0.08 | | 49 | 43.2 | | 5.8 |
| جەمئىي | 47.1 | 51.16 | 4.06 | | 293.73 | 267.18 | 4.18 | 30.74 |

## 3-پاراگراف كۆۋرۈك، سۇگۈگۈچلەر

ئۈرۈمچى دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا ئاقىدىغان بولۇپ، شەھەر رايونىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. شەرق بىلەن غەربىنىڭ قاتنىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دەرياغا ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى كۆۋرۈكتىن بەشى سېلىنغان. ئۇندىن باشقا رايون ئىچىدە ئويمان، ئەگرى جايلار كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىغا سۇ ئۆتىدىغان سۇگۈگۈچ ياسالغان. 1987-يىلغا كەلگەندە رايون ئىچىدىكى تۈرلۈك كۆۋرۈك جەمئىي سەككىز، بىرقەدەر چوڭ سۇگۈگۈچ 24 كە يەتكەن.

**بىرىنچى، چوڭ كۆۋرۈك**

تارىختا ھازىرقى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا كۆپ قېتىم كۆۋرۈك سېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) ئۈرۈمچى ئېسكەرلەر باش شتابى ئۈرۈمچى دەرياسىدا

تۇنجى ئادىي ياغاچ كۆۋرۈكتىن بىرنى سېلىپ، ئۇنىڭغا ھەسەن-ھۈسەن كۆۋرۈكى دەپ نام بەرگەن. چاڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 32-يىلى (1906-يىلى) ھازىرقى غەربىي چوڭ كوچىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان گۇگىنىڭ كۆۋرۈكى سېلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 3-يىلى (1914-يىلى) كەلكۈن كۆۋرۈكنى ئېقىتىپ كەتكەن. ئىككىنچى يىلى رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) گۇگىنىڭ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئون مېتىر كېلىدىغان ئورۇندا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، كەڭلىكى ئون مېتىر كېلىدىغان تاش تۈۋرۈكلۈك ياغاچ كۆۋرۈكتىن يەنە بىرى سېلىنغان بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئادەت بويىچە ئۇنى «چوڭ كۆۋرۈك» دەپ ئاتىغان. 1953-يىل 8-ئايدا كۆۋرۈكنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن. شۇ يىلى كۆۋرۈك يەنە ياسىلىپ قاتناش راۋانلاشتۇرۇلغان.

ئۈرۈمچى ئىقتىسادىنىڭ كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىغان ماتورلۇق ماشىنىلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەن. 1958-يىلىغا بارغاندا ھەر سائەتتە كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىغان ماشىنىلارنىڭ سانى 400 ماشىنا (قېتىم)غا يېتىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئون تونىلىق ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن. 1959-يىلى چوڭ كۆۋرۈك پولات چىۋىقلىق بېتوندىن سېلىنغان مەزمۇت چوڭ كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100.2 مېتىر، كەڭلىكى 20 مېتىر بولۇپ، تۆت ماشىنا قاتارلىشىپ ماڭالايدۇ.

1965-يىلى يېڭىدىن ياسالغان ساي يولى بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەچكە، چوڭ كۆۋرۈك رەسمىي ھالدا شەھەر يولىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ستېرېئو كۆۋرۈككە ئايلاندى.

## ئىككىنچى، خەلق يولى ستېرېئو كۆۋرۈكى

جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) جۇڭشەن يولى بىلەن خېيلۇڭجياڭ يولى تۇتىشىدىغان ئورۇنغا دەريادىن ئارتىلدۇرۇپ چوڭ كۆۋرۈك سېلىندى. ھۆكۈمەت بۇ كۆۋرۈككە جۇڭشەن كۆۋرۈكى دەپ نام بەردى. خەلق ئارىسىدا «ئوتتۇرا كۆۋرۈك» دەپ ئاتالدى.

بۇ كۆۋرۈك دەسلەپ سېلىنغاندا ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈك بولۇپ، 1953-يىل 8-ئايدا كەلكۈن ئېقىتىپ كەتكەن. 1956-يىلى قايتىدىن ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈك قىلىپ سېلىندى. 1973-يىلى ياغاچ تۈۋرۈكلەر چىرىپ كەتكەنلىكتىن بۇزۇپ تاشلاندى. كېيىن تىنچلىق ئۆستىڭىگە ۋاقىتلىق قىلىپ سېمونت بىلەن ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈكتىن بىرى سېلىنىپ، قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى.

ساي يولى شەھەر رايونىدىكى قاتناشنىڭ ئاساسلىق غول يولىغا ئايلانغانلىقتىن، ئوتتۇرا كۆۋرۈك رايونى - خېيلۇڭجياڭ يولى، خەلق يولى، جۇڭشەن يولى، ساي يولىدىن ئىبارەت تۆت غول يول قايچىلىشىپ ئۆتىدىغان ئېغىزغا ئايلىنىپ، دائىم قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ قاتناش ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا 1984-يىل 5-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىغا زامانىۋى سەۋىيىدىكى ستېرېئو كۆۋرۈك سېلىشنى تەستىقلىدى. 6-ئاينىڭ 2-كۈنى قۇرۇلۇش باشلىنىپ 1985-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى قۇرۇلۇش پۈتتى. بۇ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا تەقدىم قىلىنغان سوۋغات قۇرۇلۇش ئىدى. يېڭىدىن سېلىنغان ياي شەكىلدىكى بۇ ستېرېئو كۆۋرۈكنىڭ ئەگمە ئارىلىقى 83.86 مېتىر، ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 31 مېتىر، شەرقتىن غەربكە بولغان غول يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 530 مېتىر، كەڭلىكى 36 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان غول يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 950 مېتىر، كەڭلىكى 26 مېتىر بولۇپ، تۆت يايما كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2013 مېتىر، كەڭلىكى 12 مېتىر كېلىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئۈچىنچى كۆۋرۈك

گۆچۈك يولىنىڭ شەرقىي بېشىغا سېلىنغان 3-كۆۋرۈك جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىخۇا شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن مەبلەغ توپلاپ سېلىنغان بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتر، كەڭلىكى سەككىز مېتر. بۇ كۆۋرۈك ياغاچتىن ياسالغان ئاددىي كۆۋرۈك بولۇپ، ئەسلى ئاتىلىشى جۇڭجېك كۆۋرۈكى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق كۆۋرۈككە ئۆزگەرتىلدى. بۇ كۆۋرۈك چوڭ كۆۋرۈك ۋە ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىن قالسىلا شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تىزىلىشتا 3-ئورۇندا بولغاچقا «3-كۆۋرۈك» دەپ ئاتالغان.

بۇ كۆۋرۈكنى 1953-يىلى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن، 1958-يىلى قايتىدىن سېلىنغان، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، دەريا سۈيى يېڭىدىن قېزىلغان تىنچلىق ئۆستەڭگە ماڭغۇزۇلغاچقا دەريا قۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك بۇزۇلۇپ كەتكەچكە 1960-يىلى چېقىۋېتىلگەن. كېيىن تىنچلىق ئۆستەڭگە پولات چىۋىقلىق بېتون بىلەن ياغاچ تۈۋرۈكلۈك كۆۋرۈك سېلىندى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 9.9 مېتر.

نۆتىنچى، دۆڭكۆۋرۈك

دۆڭكۆۋرۈك ـ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىنى كېسىپ ئۆتىدىغان ياغاچ كۆۋرۈك بولۇپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىلەن بوغدا كۆلى يولىنىڭ قايچىلىشىش ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) «جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، ئۈرۈمچى سودا نۇقتىسى قىلىنىپ، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپى چارروسىيىنىڭ «سودا چەمبىرىكى»گە ئايرىلغانىدى. چار روسىيىدىن ئەكىرىلگەن ماللار كۆۋرۈك ئەتراپىدا تەسىس قىلىنغان نۇقتىلاردا سېتىلاتتى. ئىچكىرىنىڭ بېيجىڭ، گۇاڭجۇلاردىن ئەكىرىلگەن ماللىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئالماشتۇرۇلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئورۇن سودا مەركەزلەشكەن مۇقىم ئورۇنغا ئايلاندى. بۇ كۆۋرۈك گەرچە بۇرۇنلا يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ-كىچىك كىشلەرنىڭ ھەممىسى بىلگەچكە خەلق ئارىسىدا يەنىلا ئادەت بويىچە كۆۋرۈك ئىسمى يەر نامى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئەسلىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپى دۆڭكۆۋرۈك دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

# 2-باب تۇرالغۇ ئۆي

تيانشان رايونىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر قۇرۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) سېلىنغان نەنگۇەن قەلئەسى، چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) سېلىنغان خەنچېڭ (خەنزۇلار قەلئەسى) رايون تەۋەسىدە سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) ليۇجىنتاڭ خەنزۇلار قەلئەسى بىلەن مانجۇلار قەلئەسىنى بىرلەشتۈرگەندە، كېسەك ۋە ياغاچ بىلەن شەھەر ئىچىدە ھەشىمەتلىك، كۆركەم يامۇل مەھكىمىسى، بۇتخانا ۋە پەشتاق-راۋاقلارنى سالدۇرغان. كېيىن تەرەققىياتى ئاستىلاپ قالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى)غا كەلگەنگە قەدەر، نەئىمىدىن بېيمىنغىچە بولغان دائىرىدىلا چەكلىنىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى نەنلياڭدىن قىزىلتاغقىچە بولغان تار، ئۇزۇن ئارىلىققا مەركەزلەشكەن.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇا شەھىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، ياغاچ ۋە كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئىدى. كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆي ئۇلىغا

بەش قۇردىن يەتتە قۇرغىچە خىش ياكى تاش قوپۇلۇپ، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلاتتى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى بولسا كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. پەقەت باي سودىگەرلەرلا پۈتۈنلەي پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. شەھەردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەردە خۇسۇسىي ئۆيلەر ئاساس قىلىنىپ، دىخۇا شەھىرى بىر تۇتاش باشقۇراتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىنى قۇرۇپ، رايون تەۋەسىدىكى ئۆيلەرنى بىۋاسىتە باشقۇردى. 1960-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى شەھەرلىك ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىدا ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئورنىنى ھەرقايسى رايونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1966-يىل 7-ئايدا شەھەرلىك ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆي-يەر باشقۇرۇش كەسپى پۈتۈنلەي ھەرقايسى رايونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى، تيانشان رايونلۇق ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1972-يىلى شەھەر قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1973-يىل 12-ئايدا شەھەرلىك ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۆي باشقۇرۇش كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا باشقۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن تيانشان رايونى ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش كەسپىنى توختاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، تۇرالغۇ ئۆيلەرگە قارىتا پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ئۆي ئىجارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئۆي ئىجارىسى نەچچە قېتىم تۆۋەنلىتىلدى. خۇسۇسىي ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، رايون ئىچىدىكى ئائىلىلەر ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي-زېمىن تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇردى. كونا ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش، بۇزۇپ قايتىدىن سېلىش ۋەزىپىسىمۇ يىلدىن-يىلغا ئېغىرلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە «ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىش، ئاندىن تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، چېقىلغان ئۆيلەر كۆپ، سېلىنغان ئۆيلەر ئاز بولۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، رايون ئىچىدىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى بىلەن نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت بۇزۇلۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىك بولدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى كۆپەيتتى. ھەرقايسى ئىدارە-جەمئىيەتلەر ئائىلىلىكلەر قورۇ بىناسىنى ئارقا-ئارقىدىن سالدى ھەمدە شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش پىلانلاشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۆلەكلەر بويىچە ئېچىش باشلىنىپ، تۇرالغۇ ئۆي كىچىك رايونلىرى بارلىققا كەلدى. تۇرالغۇ ئۆيلەر ھەسسىلەپ كۆپىيىپلا قالماستىن، ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىمۇ ئاشتى. يېڭى سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەردە يۇرۇشلەشكەن داچا خاراكتېرىدىكى ئۆيلەر ئاساس قىلىنىپ، پىششىق خىش ۋە بېتوندا سېلىندى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش، يوندا چىقىرىش، گاز بىلەن تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلدى. 1985-يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا شەھەر رايونىدىكى ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆلىمى 5.89 كۋادرات مېترغا يەتكەن. بۇ مەزگىلدە سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 28 يىلدىن بۇرۇنقى (1956-يىلدىن 1984-يىلغىچە) ئومۇمىي ساندىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان.

## 1-پاراگراف ئومۇمنىڭ ئۆيلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇادىكى ئومۇمنىڭ ئۆيلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەر ئىدى: گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆيلىرى، خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش باش جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىي ئاقارتىش جەمئىيىتىنىڭ ئىلكىدىكى ئومۇمىي ئۆيلەر، مەسچىت، دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ قورۇلىرى ۋە چېركاۋلار، بۇتخانىلاردىكى مال-مۈلۈكلەر.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مال-مۈلكىدە، ئەسلىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرى قوبۇل قىلىنغاندىن سىرت، قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان ئۆي-مۈلۈكلەر شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت يېقىنقى يىللاردىن بېرى يېڭىدىن سالغان ئۆي-مۈلۈكلەرمۇ كۆپەيدى. پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپ رايونىدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر ئىشلەتكەن ئۆي-مۈلۈكلەر قۇرۇلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. باشقا قىسمەن ئومۇمنىڭ ئۆي-مۈلۈكلىرى شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولدى.

ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۆي-مۈلۈكلەرنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى تېز بولدى. بۇ ئاساسلىقى يۇقىرى ئاجراتقان پۇل ۋە ئىدارىلەر ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغلەر بىلەن سېلىنغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن ئىبارەت. 1979-يىلدىن باشلاپ، كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىشتە بىر تۇتاش پىلانلاش چارىسى قوللىنىلدى. يەنى شەھەردە بىر تۇتاش قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى ئورۇنلار قۇرغان ئۆيلەرگە قارىتا بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش مەبلەغ سېلىش، بىر تۇتاش كۆچۈرۈش، بىر تۇتاش قۇرۇلۇش قىلىش، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش ( ئالتە بىر تۇتاش) يولغا قويۇلۇپ، تۇرالغۇ ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. تيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىكى شەھەر مەمۇرىيىتى كىچىك رايونى، ئىتتىپاق يولى كىچىك رايونى، بەخت يولى كىچىك رايونى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە قۇرۇلغان. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئورۇنلار ئۆزلىرى باشقۇرغان ئۆي-زېمىن، شەھەر رايونىدىكى ئۆي-زېمىن ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 89.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۆي-زېمىننى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان ئورۇنلار ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش ئاپپاراتى ياكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەسىس قىلدى. دۆلەتنىڭ ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش توغرىسىدىكى باش نىزامى بويىچە ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى. يىللاردىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان تەقسىمات پىرىنسىپى مۇنداق بولدى: ئورۇنلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەر-ئايال دەپ ئايرىماي، ئومۇمەن ئولتۇراق ئۆي شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە، تۇرالغۇ ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىش، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئۆزلىرى تەقسىم قىلىش، ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرغۇچىلار بولسا، ئېھتىياجلىق ئورۇنلار ئىلتىماس قىلسا، ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش تارماقلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىش.

## 2-پاراگراف شەخسىي ئۆيلەر

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇا شەھىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئاساسلىقى شەخسىي ئۆيلەر ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلىدىكى (1942-يىلى) «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 3-بېتىگە بېسىلغان «ئۆي بېجى يىغىش ئۈچۈن، دىخۇادىكى شەخسىي ئۆيلەرگە قارىتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئېلىپ بېرىلدى»

دېگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى رايون دائىرىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك تۇرالغۇ ئۆيدىن جەمئىي 2200 ئېغىز، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۆيدىن جەمئىي 9072 ئېغىز، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئۆيدىن جەمئىي 18 مىڭ 200 ئېغىز بار ئىكەن. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، شەخسىي ئۆيلەر ئومۇمىي ئۆي سانىنىڭ 72.06 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1957-يىلىدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، 2-رايوندىكى ئۆيلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان ئۈچ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئۆيلىرى 326 ئېغىز بولۇپ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ ئۆي خوجايىنلىرى ھېسابلىناتتى.

1959-يىلىدىكى خۇسۇسىي ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشتە، تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش فاڭجېنى ۋە سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، شەخسىي ئۆي-زېمىنلار «دۆلەت ئىجارىگە بېرىدىغان» ياكى ئومۇم بىلەن شەخسىي بىرلىكتە تىجارەت قىلىدىغان، دۆلەت بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان قىلىندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا پومېشچىكلار ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلەر پەقەت 0.6% نى ئىگىلىگەنلىكى، ئەكسىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلەر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەنلىكى بايقالغانلىقى ئۈچۈن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىنى قوغداش ۋە شەخسىي ئۆي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش پرىنسىپى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۆزگەرتىشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلەر بەش ئېغىزدىن يۇقىرىلار ئۆزگەرتىش ئوبيېكتىغا كىرگۈزۈلدى؛ سودا-سانائەت كاپىتالىستلىرى ئىجارىگە بەرگەن ئۆيلەر، غەيرىي تۇرالغۇ ئۆيلەرگە قارىتا باشلىنىش نۇقتىسى بولمىغان ھالدا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، شەخسىي ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، شەخسىي ئۆيلەر تۇرلۇك قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 4.2 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىگەن.

## 3-پاراگراف ئىجارە ھەققى

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەرلىك ئۆي-زېمىن باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بويىچە، ئاھالىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمىنى، ئورگان ياتاقلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمىنى، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمىنى ئايرىم-ئايرىم بېكىتىپ چىقتى.

ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمى: 1951-يىلى دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزگەن «دىخۇا شەھىرىدىكى ئومۇمنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمى جەدۋىلى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر ئېغىز تەبىئىي ئۆي بىرلىك قىلىنىپ، بەش دەرىجىگە بۆلۈندى. ئىجارە ھەققىدە بوغداي جىڭ/ئېغىز ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 24 جىڭ بوغدايغا بىر ئېغىز ئۆي، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا سەككىز جىڭ بوغدايغا بىر ئېغىز ئۆي، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 جىڭ بوغدايغا بىر ئېغىز ئۆي ئىجارىگە بېرىلگەن.

1952-يىلى ئىجارە ھەققى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئېغىز ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسى 58 مىڭ يۈەن (كونا پۇل) قىلىندى.

1956-يىل 5-ئايدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆي ئىجارىسى تەڭشىلىپ، ئۆي ئىجارىسى ئالتە دەرىجىگە بۆلۈندى. ھەربىر ئېغىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىجارىسى 3.8 يۈەن

قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئۆلچەمدىن 21% تۆۋەنلىتىلدى.

1974-يىل 12-ئايدا «يېڭىدىن سېلىنغان بىنا ئۆيلەر، بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمى» تۈزۈلۈپ، ئىجارە ھەققى ئىشلىتىش ھەجمى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىر كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسى 23 پۇڭدىن 40 پۇڭغىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئورگان ياتاقلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى ئۆلچىمى: ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئورگان كادىرلىرىغا قارىتا تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئورگان ياتاقلىرىنى ئىشلەتسە ھەق ئېلىنمىدى. 1953-يىلى يېڭى ئىش ھەققى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىجارىسى ئېلىش باشلاندى. ئىجارە ھەققى ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئىجارىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى. 1958-يىلغا بارغاندا كۋادرات مېتىر بويىچە ئىجارە ھەققىنى ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، خىش ۋە بېتوندىن سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىغا ئايدا 12 پۇڭ، كېسەك بىلەن ياغاچتىن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىغا ئايدا 4.8 پۇڭ ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، ئائىلىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ئىجارىسىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلدى.

كارخانا-كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن ئېلىنغان ھەق ئۆلچىمى ئاساسىي جەھەتتىن ئورگان ياتاقلىرىنىڭ ئىجارە ھەققى بىلەن ئوخشاش بولدى.

# 3-باب سۇ بىلەن تەمىنلەش

## 1-پاراگراف سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۋا شەھىرى كىچىك، ئادەم شالاڭ بولغاچقا، ئائىلىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئېھتىياج مىقدارى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ئاساسلىقى بۇلاق سۈيى، دەريا سۈيىگە، شۇنداقلا قىسمەن قۇدۇق سۈيى، توسما سۈيىگە تايىنىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا دەرياغا يېقىن جايدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ جايلىشىش ئورنى بىرقەدەر ئېگىز بولۇپ، پەقەت 30-20 سانتىمېتىر قازسىلا سۇ چىقاتتى.

جۇغراپىيىلىك ئورنى بىرقەدەر ئېگىز، دەريادىن بىرقەدەر يىراق جايلارنى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە قازسىلا سۇ تاپقىلى بولاتتى. لېكىن بۇنىڭدا پەقەت نورمۇشتا ئىشلىنىلىدىغان سۇ بىلەن ئاز مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش سۈيىنى ھەل قىلغىلى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا «ماي تېپىش ئاسان، سۇ تېپىش تەس» دەيدىغان گەپ بار ئىدى. يامغۇر ياغقاندىن كېيىن يامغۇر سۈيىنى ئىچىملىك سۇ ئورنىدا ئىشلىتىشمۇ ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. كونا شەھەر رايونىدا تۇرۇشلۇق ئائىلىلەر (دىخۋا شەھىرىنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىدۇ) ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچەتتى. يېڭى شەھەر رايونىدىكى ئائىلىلەر (شەھەر سىرتىدا يېڭىدىن ئېچىلغان رايوننى كۆرسىتىدۇ) بولسا قۇدۇق سۈيىنى كۆپرەك ئىچەتتى. قۇدۇقلاردىن بىرقەدەر يىراقتا ئولتۇرىدىغان ئائىلىلەر ئەپكەشتە سۇ توشۇپ كېلىپ ئىچەتتى. پۇلى بارلىرى ئادەم ياللاپ سۇ ئەكەلدۈرەتتى. ئورگان يامۇل مەھكىمىلىرى ئات ھارۋىسىدا سۇ ئەكەلدۈرەتتى. شۇڭلاشقا نۇرغۇن كىشىلەر سۇ سېتىپ جان باقاتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) يەرلىك ھۆكۈمەت كۆنچىمەھەللە كوچىسىنىڭ جەنۇبىدا ئەسلىدىكى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ، تاش بىلەن يېپىق شەكىللىك سۇ يىغىش كۆلىدىن بىرنى ياساپ، ئەتراپتىكى ئائىلىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن

تەمىنلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاھالە تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. بۇلاق سۈيى، دەريا سۈيى، قۇدۇق سۈيى، كۆل سۈيىگە تايىنىش بىلەنلا ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۈيىنى قاندۇرغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر قۇرۇلۇشىدا بىر تۇتاش پىلانلاش كەمچىل بولغانلىقتىن، قالايمىقان كولاش، قېزىش ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ جايلىشىش ئورنى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، سۇ مىقدارى ئازىيىپ كەتتى. موخىي ئۆستىڭىنى بويلاپ سوزۇلغان كۆنچى مەھەللىسىدىكى چوڭ بۇلاق، بۇلاق بېشى كوچىسىدىكى 2-بۇلاق ۋە نىڭشياۋەنىنىڭ شەرقىدىكى ئارقا بۇلاقمۇ ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇپ كېتىپ، سۇ ئىچىش قىيىن بولۇشتەك ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1952-يىلى كىچىك تەنمىن بىلەن داشىزىغا باسما قۇدۇقتىن ئۈچى قېزىلدى، 1958-يىلى 50 كە كۆپەيتىلىپ، سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى پەسەيتىلدى.

1959-يىل 10-ئايدا شەھەر بويىچە تۇنجى ۋودوپروۋود سۈيى زاۋۇتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ سۇ بىلەن تەمىنلەشنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، تىنچلىق يولى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر تۇنجى بولۇپ ۋودوپروۋود سۈيى ئىچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باھاسى ئەرزان بولغاچقا، شۇ يىلى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم 120 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەندى. سۇ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى يىلدىن-يىلغا كېڭەيگەنلىكتىن 1966-يىلى رايوننىڭ جەنۇبىي ئەتراپىدا قارلىغاچلىق سۇ مەنبەسى ئېچىلدى. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 4 مىليون 514 مىڭ تونىغا كۆپەيدى. 1977-يىلى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. 1978-يىلى سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 21 مىليون 540 مىڭ تونىغا يەتتى.

1958-يىلى غالىبىيەت يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، نۇرلۇق يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، دېموكراتىيە يولى قاتارلىق ھويلا-كوچىلارغا دىئامېتىرى 150 مىللىمېتىردىن 400 مىللىمېتىرغىچە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15.8 كىلومېتىر بولۇپ، 1959-يىلى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى باشلىدى. 1960-يىلى ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، قىزىلبايراق يولى، بۇلاقبېشى كوچىسى، بوغدا يولىغىچە ئۇزارتىلدى. نورمال سۇ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1978-يىلى شەرقىي ئايلانما يولغا بېسىمنى ئاشۇرۇش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، يەر شەكلى بىرقەدەر ئېگىز بولغان جەنۇبىي دۆلەت قۇرۇش يولى، بەخت يولى تەۋەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەربىر ئادەمگە يىلىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى ئارانلا 212 كۇب/مېتىر بولغاچقا، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1981-يىلى سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئىشخانىسى قۇردى. 1982-يىلدىن باشلاپ سۇ ئىشلەتكۈچى چوڭ ئىدارە-ئورۇنلارغا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇپ، نورمىدىن ئاشۇرۇپ سۇ ئىشلەتكەنلەردىن ھەسسىلەپ ھەق ئالدى. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا قارىتا ئائىلىلەر بويىچە سۇ سائىتى ئورنىتىپ، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن ھۆددىگە ئېلىۋېلىپ ھەق ئېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1984-يىلى يەنە ۋودوپروۋود سۈيىدە قۇم، كېسەكلەرنى يۇيۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۇ تېجەش خىزمىتىنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى.

## 2-پاراگراف سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەسلىھەلىرى

**بىرىنچى، سۇ زاۋۇتى**

بىرىنچى ۋودوپروۋود سۇيى زاۋۇتى (ئەسلىدىكى ئۈچتاش سۇ زاۋۇتى) نىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 532 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1957-يىلى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق لايىھىلەنگەن. 1958-يىلى 6-ئايدا ئىش باشلىنىپ، 1959-يىل 10-ئايدا پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. زاۋۇت قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئۈچ قۇدۇق قېزىلغان بولۇپ (1-، 2-، 3-نومۇرلۇق) كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 2000 توننىدىن كۆپ ئىدى. 1965-يىلدىن 1975-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كېڭەيتىلىپ يەنە 4-، 5-، 6-، 7-نومۇرلۇق قۇدۇقلار قېزىلدى. سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، 1966-يىلى ۋە 1980-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 1-، 2-، 3-نومۇرلۇق قۇدۇقلار قۇرۇپ كەتتى.

1975-يىلدىن بۇرۇن، زاۋۇتتىن سۇ چىقىرىشقا ياتقۇزۇلغان تۇرۇبا يولى ئىككى بولۇپ، بىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ تۇرۇبا يولى تۆۋەن بېسىملىق بولۇپ، تۇرۇبىنىڭ دىيامېتىرى 500 مىللىمېتىر ئىدى. يەنە بىرى تىنچلىق يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، دىيامېتىرى 400 مىللىمېتىرلىق يۇقىرى بېسىملىق تۇرۇبا يولى ئىدى. 1985-يىلدىكى كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 90 مىڭ توننا بولۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە تەمىنلىنىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

مەزكۇر سۇ زاۋۇتى ئۇلانباي بىلەن ئۈچتاش ئەتراپىدىكى ئۈرۈمچى دەرياسى قېنىدىن سىڭىپ تارالغان سۇنى ئاساس قىلاتتى. سۇ قاتلىمىنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسى 30-35 مېتىر بولۇپ، تاش-شېغىل قاتلاملىق بولغاچقا، بىر تەرەپ قىلىش قولايلىق ئىدى. سۇ ناسوسى ئارقىلىق سۇنى ئېگىزدىكى سۇ ئازلاش كۆلىگە تارتىپ چىقىرىشتا، شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇشتەك ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىلغان بولۇپ، ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق سۇ ئېقىتىش ئۇسۇلى بىلەن شەھەر رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى.

**ئىككىنچى، سۇ پونكىتلىرى**

1952-يىلى ۋودوپروۋود سۇيى بېرىشتىن ئىلگىرى، كىچىك نەنمېن بىلەن داشىزىدا باسما قۇدۇق ۋە توك ماشىنىلىق قۇدۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدىكى ئومۇم پايدىلىنىدىغان سۇ پونكىتى بار ئىدى. 1959-يىلى رايونلۇق قۇرۇلۇش بۆلۈمى باشقۇرۇپ، بىلەت سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1959-يىلى غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، تىنچلىق يولى ئەتراپىدا ئومۇم پايدىلىنىدىغان سۇ پونكىتىدىن 16 سى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە 37 گە يەتكۈزۈلدى. 1964-يىلى سۇ پونكىتلىرى ۋودوپروۋود سۇيى شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. سۇ پونكىتلىرىغا مەخسۇس باشقۇرغۇچى ئادەم قويۇلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى 500 ئائىلىدىن يۇقىرى بولغان سۇ پونكىتىغا مەخسۇس بىر ئادەم قويۇلدى. 500 ئائىلىدىن تۆۋەن بولغان سۇ پونكىتىغا قارىتا، ئىككى پونكىتقا بىر ئادەم قويۇلدى. سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋاقتى خېرىدارلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلدى. ھەر كۈنى ئىككى-ئۈچ قېتىم ئېچىلىپ، ئەتىگەن، چۈش، كەچ ياكى ئەتىگەن، كەچتە ئېچىلدى. سۇ پونكىتلىرىغا توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە 24 سائەت سۇ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

1960-يىلى، 1966-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەلق يولى، بۇلاقبېشى كوچىسى، 3-كۆۋرۈك قاتارلىق ئورۇنلارغا چوڭ سۇ پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان

سۇ بىلەن تەمىنلىدى. شۇندىن كېيىن رايون ئىچىدىكى ئومۇم پايدىلىنىدىغان سۇ پونكىتلىرى كۆپىيىپ 43 كە يەتتى. 1976-يىلى توڭلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش شەكلىدىكى سۇ پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. شىخابا ۋە مال بازىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا سىناق قىلىندى. ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى بىرقەدەر ياخشى بولغانلىقتىن، كېيىن پۈتۈن شەھەرگە كېڭەيتىلدى. 1978-يىلى تيانشان رايونلۇق يول ئاسراش-قوغداش ئەترىتى قۇدۇق ئېغىزى ئەتراپىدىكى قالدۇق سۇنىڭ قالايمىقان ئېقىپ كېتىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئازادلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى، تىنچلىق يولى قاتارلىق جايلاردا سۇ ئېقىتىش، سۇ سۈزۈش قۇدۇقىدىن 39 نى ياسىدى. 1979-يىلى 60 نى ياسىدى، 1980-يىلى 29 نى ياسىدى. شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ «بىر قىسىم شەھەر مەمۇرىيىتى ئەسلىھەلىرىنى رايون، مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»ىغا ئاساسەن، ۋودوپروۋود سۈيى شىركىتى 1978-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي ئازادلىق يولى ۋە شىمالىي شىنخۇا يولىدىكى سۇ پونكىتلىرىنى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ باشقۇرۇپ، رېمونت قىلىپ ھەق ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. 1980-يىلى سۇ پونكىتلىرى قايتۇرۇۋېلىنىپ، ۋودوپروۋود سۈيى شىركىتى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1982-يىلى دۆلەت ماددىي بۇيۇم چىقىرىش، شەخسلەر ئەمگەك كۈچى چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ۋودوپروۋود سۈيى ئائىلىلەرگىچە ئەكىرىلىشكە باشلىدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، 94 ئورۇننىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ۋە قىسمەن بىر قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ۋودوپروۋود سۈيى ئەكىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە رايون بويىچە ئومۇم پايدىلىنىدىغان سۇ پونكىتىدىن يەنە 96 سى ساقلاپ قېلىندى.

### ئۈچىنچى، سۇ باھاسى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە سۇ باھاسى سۇ ئەكىلىشنىڭ يىراق-يېقىنلىقى ۋە سۇ سۈپىتىنىڭ ياخشى-ياماللىقىغا ئاساسەن بېكىتىلەتتى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى 1958-يىلغىچە داۋاملاشتى.

1959-يىلى ۋودوپروۋود سۈيى بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر توننىسىنىڭ باھاسى 0.55 يۈەن قىلىپ بېكىتىلىپ، خەلق ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى قىلىندى. ئاھالىلەر تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ ھەربىر ئەپكەشنىڭ باھاسى بىر پۇڭ بولۇپ، جەملىگەندە بىر توننىسى تەخمىنەن 0.12 يۈەن بولاتتى. كۆنچى مەھەللىسى كوچىسى، بۇلاقبېشى كوچىسىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولغانلىقتىن، بىر توننا سۇنىڭ باھاسى 0.24 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. سۇ ھەققىنىڭ ئۆلچىمى 1962-يىلى، 1964-يىلى، 1966-يىلى، 1972-يىلى، 1982-يىلى، 1984-يىلى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. 1987-يىلغا بارغاندا سۇ سائىتى ئورناتمىغان ئائىلىلەردىن ھەربىر ئادەمدىن ھەر ئايدا 0.05 يۈەن ھەق ئېلىندى. سۇ سائىتى ئورناتقان ئورۇن ۋە شەخسلەردىن سۇ سائىتىدىكى كۆب سانى بويىچە ھەق ئېلىندى. تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ توننىسىنىڭ باھاسى 0.15 يۈەن، كۆكەرتىشتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ توننىسىنىڭ باھاسى 0.10 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ توننىسىنىڭ باھاسى 0.20 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

# 4 ـ باب سۇنى سىرتقا چىقىرىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇادىكى بىردىنبىر سۇنى سىرتقا چىقىرىش ئەسلىھەسى ـ سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى بولۇپ، ئوچۇق ئېرىق ۋە ئۈستى يېپىق ئېرىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. كوچا، يوللارنىڭ ئىككى يېنىغا قېزىلغان كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىر مېتر كېلىدىغان ئېرىقلار ئوچۇق ئېرىق دەپ ئاتىلاتتى. كوچىلارنىڭ ياقىسىغا قېزىلغان كەڭلىكى بىر مېتر، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتر كېلىدىغان، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئېرىق تېگىگە تاش ياتقۇزۇلۇپ، ئېرىق ئۈستى تاش تاختاي بىلەن يېپىلغان ئېرىقلار ئۈستى يېپىق ئېرىق دەپ ئاتىلاتتى. سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقىدىكى پاسكىنا سۇلار ۋە يامغۇر سۈيى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بويىچە، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئۈرۈمچى دەرياسى ساھىلىغا ئېقىپ سىڭىپ كېتەتتى.

ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن چىققان يۇندا، يەككە قول ـ سانائەتچىلەرنىڭ دۇكانلىرىدىن چىققان كىرەكسىز سۇلار خالىغان يەرگە چېچىلاتتى ۋە سىڭىپ كېتىش قۇدۇقلىرىغا قۇيۇلاتتى ياكى زاۋۇت، ئۆيلەردىن سىرتقا ئەپچىقىپ خالىغانچە تۆكۈلەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1959 ـ يىلى ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىپ، تيانشان رايونىدا سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى يوق بولۇشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 28 يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق، ئاساسلىق غول يوللارغا سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىلىرى قاتار ـ قاتار ئورنىتىلدى. چەت، يىراق رايونلاردىكى كوچا يوللىرىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىگە سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە سوزۇلغان، ئۆزئارا كېسىشىپ ئۆتىدىغان سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تورلىرى شەكىللەندۈرۈلدى.

ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، يامغۇرى ئاز، يەر ئۈستىدە ئاقىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ئاز بولغاچقا، سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىلىرىنىڭ ھەممىسى پاسكىنا سۇ بىلەن يامغۇر سۈيىنى چىقىرىۋېتىش بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا لايىھىلەنگەن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى كىرەكسىز سۇلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش ئاساس قىلىندى. ياز كۈنلىرىدىكى يامغۇر سۈيى، ئەتىيازدىكى ئەگىز (ئېرىگەن قار سۇلىرى) سۇلار، يامغۇر سۈيى قۇدۇقلىرى ئارقىلىق سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىلىرىغا قۇيۇلىدۇ.

## 1 ـ پاراگراف غول يوللاردىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش

تيانشان رايونىدىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرى 1959 ـ يىلدىن باشلاپ رەسمىي پىلانلىنىپ قۇرۇلۇشقا باشلانغان. بىرىنچى مەزگىلدە ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىن (غالىبىيەت يولى ئېغىزىدىن) باشلىنىپ شىمالىي شىنخۇا يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ ساي يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان غول لىنىيە ياسالدى. 1963 ـ يىلى تيانشان بوياش ـ توقۇش زاۋۇتى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ مەزكۇر زاۋۇتتىن سوپۇن زاۋۇتىغىچە بولغان ئارىلىققا تۇرۇبا ياتقۇزدى. شۇ يىلى جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىكى ئىككىنچى مەزگىللىك سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، سۇ تۇرۇبىسى سوپۇن زاۋۇتىدىن يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو زاۋۇتىغىچە ئۇزارتىلدى.

1961-يىلى ياشلار يولىدىكى ھەربىي رايون دەرۋازىسىدىن يېڭى دېموكراتىيە يولىدىكى ھەربىي رايون يان ئىشىكىگىچە بولغان ھەم قىزىلتاغ يولىدىن ئۆتۈپ ساي يولىغا تۇتاشتۇرۇلغان غول يولغا سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 1962-يىلدىن 1965-يىلغىچە دېموكراتىيە يولىدىن باشلىنىپ خەلق مەيدانىدىن ئۆتۈپ شىياۋشىمىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ئىككى مەزگىلگە بۆلۈپ تاماملاندى. 1963-يىلى شىمالىي دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش (شەرق شامىلى يولىدىن ياشلار يولىغىچە) ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. 1963-يىلدىن 1964-يىلغىچە خەلق مەيدانىدىن داشىمىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جۇڭگەن يولى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ياتقۇزۇلدى. 1966-يىلى ئىدارە-جەمئىيەتلەر مەبلەغ توپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىدىن جەنۇبىي شىنخۇا يولىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلق يولى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سۇنى سىرتقا چىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولدى. 1976-يىلى سىرتقا چىقىرىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى كۆپەيگەچكە، شەھەرلىك ھۆكۈمەت جەنۇبتا يەنئەن يولىدىن باشلىنىپ، شىمالدا نۇرلۇق يولىدىن ئۆتۈپ، چوڭ كۆۋرۈكتىكى ساي يولىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەھەر رايونىنىڭ ئاساسلىق غول يولىدىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبا يولىنى چۇۋۇپ، ئەسلىدىكى 400 مىللىمېتىرلىق تۇرۇبىنى 600 مىللىمېتىردىن 800 مىللىمېتىرغىچە بولغان چوڭ تۇرۇبىغا ئالماشتۇرۇشنى قارار قىلدى. تيانشان رايونى پۈتۈن رايوندىكى ھەرمىللەت ئارمىيە-خەلقنى تۇرۇبا يولىنى كولاش-تىندۇرۇش ئەمگىكىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئارىلىقتىكى تۇرۇبىنى قايتىدىن ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. بۇ پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت ئارمىيە-خەلقنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

1978-يىلى ئىدارە-جەمئىيەتلەر مەبلەغ توپلاپ سۇئىشى ھەمراھ ئارقىلىق كۆزىتىش-ئۆلچەش پونكىتىدىن نەنمىنغىچە بولغان بەخت يولى سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزدى. 1979-يىلى بىڭتۇەن دوختۇرخانىسىدىن بېيمىنغىچە بولغان ياشلار يولى ئارىلىقىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. 1981-يىلى يەنە ئاھالىلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تىنچلىق يولىنىڭ ئوتتۇرا ئارىلىقىغا (ئىتتىپاق يولى ئېغىزىدىن خەلق يولىغىچە) تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، رايون دائىرىسىدە مەبلەغ توپلاش ياكى ئاما بىلەن كەسپىي ئورگان ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا، بەخت يولى، خەلق يولى، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي دۆلەت قۇرۇش يولى، بەش يۇلتۇز يولى، سەندۇاۋان يولى، ئەرداۋان رايونى قاتارلىق يەتتە چوڭ يولغا سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن تيانشان رايونىدىكى ئاساسلىق غول يوللارغا سۇنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى سۇنى سىرتقا چىقىرىش غول تۇرۇبىلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 1-1-4-4

| يول ئىسمى | باشلىنىش ـ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| شىنخۇا يولى | سوپۇن زاۋۇتىدىن غالىبىيەت يولىغىچە | 250 | 1479.4 | 27 | 1963 |
| | غالىبىيەت يولىدىن بۇلاقبېشى كوچىسىغىچە | 300 | 959.1 | 23 | 1959 |

| يول ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| | بۇلاقبېشى كوچا ئېغىزىدىن چوڭكۆۋرۈككىچە | 400 | 2499.1 | 51 | 1959 |
| بۇلاقبېشى كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن شىنخۇا يولىغىچە | 300/400 | 724 | 17 | 1965 |
| يوغدا يولى | شىنخۇا يولىدىن تاشقى سودا نازارىتىگىچە | 300 | 304 | 10 | 1965 |
| | يوغدا يولىدىن جەنۇبىي ئارمىق كوچىغىچە | 300 | 144,7 | 4 | 1981 |
| ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى يولى | ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇرخانىدىن بۇلاقبېشى كوچىسىغىچە | 300 | 330.3 | 10 | 1980 |
| نۇرلۇق يولى | پېيبەندىن چوڭ كۆۋرۈككىچە | 800 | 922 | 18 | 1976 |
| ياشلار يولى | بىڭتۇەن دوختۇرخانىسىدىن بېيمېنغىچە | 400/600 | 1322.2 | 32 | 1979 |
| دۆلەت قورۇش يولى | شەرق شامىلى يولىدىن ياشلار يولىغىچە | 250 | 691.9 | 18 | 1963 |
| - | شەرق شامىلى يولىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئائىلىلىكلەر رايونىغىچە | 300/400 | 926.7 | 22 | 1977 |
| بەش يۇلتۇز يولى(جەنۇب) | شەرقىي ئارقا كوچىدىن ياشلار يولىغىچە | 400 | 1129.9 | 32 | |
| بەش يۇلتۇز يولى (شىمال) | ياشلار يولىدىكى كۆللۈكتىن ئاپتوموبىل پولكىغىچە | 300 | 576 | | |
| قىزىلتاغ يولى | ئالاقىلىشىش باش پونكىتىدىن قىزىلتاغ يولىغىچە | 400 | 1.57.3 | 25 | 1979 |
| يەنئەن مېھمانخانىسى مەخسۇس يولى | يەنئەن مېھمانخانىسىدىن جەنۇبىي شىنخۇا يولى، جۇڭياڭ يولى ۋە ساي يولىغىچە | 550 | 3763.2 | 99 | 1986 |
| يەنئەن يولى | كادىرلار ساناتورىيىسىدىن مىللىي شىپاخانىغىچە | 400 | 159.8 | 5 | 1984 |
| يەنئەن يولى | مىللىي شىپاخانىدىن تەنلىياڭ كىتابخانىسىغىچە | 400 | 1621.7 | 36 | 1976 |
| ئازادلىق يولى(جەنۇبىي) | تەنلىياڭ كىتابخانىسىدىن تەتىمىن كىتابخانىسىغىچە | 600 | 1868.9 | 48 | 1976 |
| ئازادلىق يولى (شىمالىي) | تەتىمىن كىتابخانىسىدىن بېيمېنغىچە | 600,700 | 1294.5 | 30 | 1976 |
| جەنۇبىي تىنچلىق يولى | يەنئەن يولىدىن ئۈستىپاڭ يولىغىچە | 300 | 217.6 | 6 | 1982 |
| | ئۈستىپاڭ يولىدىن ئارقا بۇلاق يولىغىچە | 300 | 460 | 18 | 1982 |
| | شىنشى كوچىسى ئېغىزىدىن تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىغىچە | 235 | 270 | 8 | 1977 |
| | تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن خەلق يولىغىچە | 235 | 500 | 16 | 1977 |
| شىمالىي تىنچلىق يولى | جۇڭشەن يولىدىن خەلق مەيدانىغىچە | 235 | 200 | 7 | 1977 |
| ئۈستىپاڭ يولى | شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئازادلىق يولىغىچە | 400 | 1801 | 46 | 1981 |
| | ئۈستىپاڭ تىياتىرخانىسىدىن شىنخۇا يولىغىچە | 250 | 411.7 | 10 | 1965 |
| | شىنخۇا يولىدىن ساي يولىغىچە | 300 | 300 | 4 | |
| شەرق شامىلى يولى | خەلق مەيدانىدىن يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگىچە | 300 | 340.5 | 15 | 1979 |
| خەلق يولى | تەنتەربىيە سارىيىدىن شىنخۇا يولىغىچە | 250 | 1209.2 | 26 | 1966 |
| | شىنخۇا يولىدىن ساي يولىغىچە | 600 | 470 | 9 | 1980 |

| يول ئىسمى | باشلىنىش ـ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭشەن يولى | خەلق مەيدانىدىن داشىزىغىچە | 300 | 330.8 | 11 | 1964 |
| | داشىزىدىن داشىمەنغىچە | 300 | 686 | 20 | 1963 |
| | داشىمەندىن ساي يولىغىچە | 250 | 150 | 6 | 1963 |
| بەخت يولى | سۇئىشى ھەمراھ كۆزىتىش پونكىتىدىن تەنتەربىيە سارىيىغىچە | 400 | 2159.7 | 53 | 1978 |
| دېموكراتىيە يولى | خەلق مەيدانىدىن شياۋشىزىغىچە | 300 | 882.5 | 17 | 1962 |
| | شياۋشىزىدىن شىمالىي شىنخۇا يولىغىچە | 300 | 779.5 | 17 | 1965 |
| | شىمالىي شىنخۇا يولىدىن ساي يولىغىچە | 400 | 380.3 | 11 | 1980 |
| ساغلاملىق يولى | بېيمېندىن ھەمكارلىق يولى ئېغىزىغىچە | 250 | 476.1 | 16 | 1974 |
| قىزىل بايراق يولى | جۇڭشەن يولىدىن دېموكراتىيە يولىغىچە | 500 | 539.9 | 31 | 1988 |
| ئەدەبىيات-سەنئەت يولى | خەلق كىنوخانىسىدىن بلىما زاۋۇتىغىچە | 200 | 223 | 6 | 1963 |
| قۇرۇلۇش يولى | خەلق مېھمانخانىسىدىن شىمالىي شىنخۇا يولىغىچە | 200 | 663.6 | 11 | 1963 |
| خوڭشەن يولى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئالدىدىن مەيدانغىچە | 300 | 236 | 7 | |
| قىزىل تاغ يولى | يېڭى دېموكراتىيە مەھەللىسىدىن قىزىلتاغ ئاشخانىسىغىچە | 400 | 1173.4 | 19 | 1961 |
| | قىزىلتاغ يولىدىن قىزىلتاغ ئېغىزىغىچە | 400 | 336.3 | 13 | 1982 |
| يېڭى دېموكراتىيە يولى | غەربىي رايوننىڭ غەربىي ئىشىكىدىن غەربىي رايون دەرۋازىسىغىچە | 300 | 830.2 | 15 | 1961 |
| قارلىغاچلىق يولى | كادىرلار سانائورىيىسىدىن ئۈرۈمچى دەريا باشقارمىسىغىچە | 400 | 5034.5 | 138 | |
| ساي يولى | ئۈرۈمچى دەريا باشقارمىسىدىن پىۋا زاۋۇتىغىچە | 1000 | 1755 | 31 | 1982 |
| | پىۋا زاۋۇتىدىن چوڭ كۆۋرۈككىچە | 800/1000 | 4790.2 | 78 | 1982 |
| | چوڭ كۆۋرۈكتىن تۆمۈر يول كۆۋرۈكىگىچە | 1200 | 9137.0 | 129 | 1982 |
| | شەھەرلىك تۆمۈر گۈرجەك زاۋۇتىدىن شەرقىي جۈللۈك دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە | 1000 | 2251 | 9 | 1985<br>1986 |
| | كازىيون تۆمۈر يول كۆۋرۈكىدىن شەھەرلىك تۆمۈر گۈرجەك زاۋۇتىغىچە | 1200 | 1223.75 | 19 | 1985<br>1986 |
| جەمئىي | | | 62093 | 1329 | |

## 2-پاراگراف كوچىلاردىكى سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش

1976-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشلامچىلىق بىلەن مەھەللە-كوچا يوللىرىدىكى سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇلار ئاھالىلەرنى تۇرۇبا يولى قېزىش-تىندۇرۇشقا تەشكىللىدى. شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى تۇرۇبا قۇراشتۇرۇشقا ياردەملەشتى.

بۇنىڭ بىلەن باھار شامىلى كوچىسى بىلەن مەدەنىيەت يولى كوچىسىغا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇ تيانشان رايونىدا ئامما بىلەن كەسپىي ئەترەتنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىپ، مەھەللە-كوچا يوللىرىغا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇشنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

1978-يىلى تيانشان رايونلۇق يول ئاسراش ئەترىتى تيانشان رايونىدىكى مەھەللە-كوچا يوللىرىغا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. «خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق باشقۇرۇش»نەڭ فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش بىلەن پايدا كۆرىدىغان ئورۇنلار مەبلەغ توپلاش تەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، كەسپىي ئەترەت بىلەن ئامما ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەھەللە-كوچا يوللىرىغا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش ئەسلىھەسى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇ يىلى شىمالىي يوگخې كوچىسى، ئوتتۇرا يوگخې كوچىسى، جيەنجۇڭ يولى، جەنۇبىي تىنچلىق يولى، دۆلەت قۇرۇش يولى، ئىتتىپاق يولى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاق يولىدىكى 1-، 3-كوچا قاتارلىق 29 مەھەللە-كوچا يولىغا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ياتقۇزۇلغان تۇرۇبىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6606 مېتىر، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 150ى، يۇندا قۇدۇقىدىن 92سى قېزىلدى.

1979-يىلى 1-، 2-، 3-خابا كوچىسى، جەنۇبىي خابا كوچىسى، خابا بېرىم كوچىسى، جەنۇبىي جيەنجۇڭ يولى، شىمالىي جيەنجۇڭ يولى قاتارلىق 22 مەھەللە-كوچا يولىغا ئۇزۇنلۇقى 3522.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 86 سى، يۇندا قۇدۇقىدىن 76 سى قېزىلدى.

1980-يىلى شىمالىي دۆلەت قۇرۇش يولىنىڭ شەرقىدىكى بەش كوچا، 1-، 2-، 3-گۇيۇەن كوچىسى، ئىتتىپاق يولىنىڭ شىمالىدىكى بەش كوچا، يېڭى شەرق مەھەللىسى، يۆجىنگەي كوچىسى قاتارلىق 23 مەھەللە-كوچا يولىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى.

1980-يىلى رايونلۇق يول ئاسراش ئەترىتى ئالتە ئادەمنى ئاجرىتىپ يول ئاسراش كىچىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، مەھەللە-كوچىلاردىكى سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە يۇندا قۇدۇقلىرىنى تازىلاش خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل قىلدى. بامبۇك ياغىچى، چىگە ئارغامچا قاتارلىق قوراللار بىلەن تۇرۇبىلارنى راۋانلاشتۇردى. پاسكىنا لاي-لاتقىلارنى ئادەم كۈچى بىلەن تازىلىدى. ئۇلاردا ھېچقانداق مەخسۇس تازىلىق قورالى يوق ئىدى. 1980-يىلى تەكشۈرۈش قۇدۇقى بىلەن يۇندا قۇدۇقىدىن 582 نى تازىلىدى. 1981-يىلى 597 نى تازىلىدى. 1982-يىلى 20 مىڭ 576 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا يولىنى راۋانلاشتۇردى، 597 يۇندا قۇدۇقىنى تازىلىدى.

پاسكىنا سۇلارنى تازىلاش ئەسلىھەلىرى قالاق بولغانلىقتىن، ئۈچ يىل جەريانىدا قۇدۇق تېگىگە چۈشكەن ئىشچىلاردا تۆت قېتىم باش ئاغرىش، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇش قاتارلىق زەھەرلىنىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئىشچى قاتتىق قۇسۇپ كۆزى تورلىشىپ كەتكەنلىكتىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بالنىستا ياتقۇزۇپ قان بېرىپ داۋالاندى. بۇ ۋەقە يۇسەي كوچىسى، لىمىن كوچىسى، قوشقۇتلۇق كوچىسى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن. 1983-يىل 4-ئايدا مەھەللە-كوچىلاردىكى تۇرۇبا يوللىرىنى تازىلاش كەسپى شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى يول ئاسراش باشقارمىسىنىڭ سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش ئورنىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1983-يىلى سەككىز مەھەللە-كوچا يولىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 66 سى، يۇندا قۇدۇقىدىن 33ى قېزىلدى.

شىمالىي ئىتتىپاق كوچىسى كۆپ يىللاردىن بېرى كوچا يولى تار بولغاچقا تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئەپسىز ئىدى. 1984-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىلەن ئورتاق مەدەنىيەت بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتى ئورناتقان زاپاس قىسىم 3-پولك ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى بۇ ئارىلىقتا تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئورىكىنى قېزىش ۋەزىپىسىنى

تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆددىگە ئالدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كوماندىر-جەڭچىلەردىن 746 ئادەم (قېتىم) چىقىرىپ، سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش ئورىكىدىن 324 مېتىر قېزىپ، 972 كۇب مېتىر تۇپا توشۇدى. بۇ كوچىنىڭ ئەڭ تار جايلىرى ئىككى مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ مېتىرغا يېقىن چوڭقۇرلۇقتا ئورەك قېزىش كېرەك ئىدى. جەڭچىلەر خۇددى قۇدۇق كولىغانغا ئوخشاش تۇپىنى بىر سېۋەت، بىر سېۋەتتىن سىرتقا توشۇپ، تۇرۇبا يولى ئورىكىنى قېزىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ، خەلق ئاممىسىغا بىر چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

1985-يىلى 2023 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 55ى، يۇندا قۇدۇقىدىن 25ى قېزىلدى.

1986-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن رايوندىكى يەر ئاستى سۇيى سىرتقا چىقىپ كېتەلەيدىغان 123 كوچا يولنىڭ ھەممىسىگە تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، مەركىزىي كوچا يوللىرى ئىچىگە ئارىلىقى ئەڭ چوڭ بولغاندا 25 مېتىردىن ئېشىپ كەتمىگەن جايدا بىردىن يۇندا قۇدۇقى ياسىلىپ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىلدى. كېيىن يەنە تۇرلۇك ئامال-چارىلەر ئارقىلىق شەرت-شارائىت ھازىرلاپ لېۋداۋان، سەنداۋان قاتارلىق ئەسلىدە يەر ئاستى سۇيى سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدىغان (يېقىن ئەتراپىدا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى بولمىغان، ئۇزۇن ئارىلىقتىچە تۇرۇبا ئۇلاش لازىم بولغان رايونلار) بىرقانچە كوچا-يوللىرىغىمۇ سۇلارنى سىرتقا چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 27 مىڭ 800 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇلارنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 859ى، يۇندا قۇدۇقىدىن 562 سى قېزىلدى.

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىنىڭ كوچا-يوللاردىكى 100 مېتىردىن ئاشقان سىرتقا سۇ چىقىرىش تۇرۇبىلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-4-4

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۇندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | 27852 | | 859 | 562 | |
| بىلغار شامىلى كوچىسى | 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىچى تەرىپىدە | 200 | 340 | ساپال | 7 | 8 | 1974 |
| يۇسەي كوچىسى | مال بازىرى يولىدىن خەلق يولىغىچە | 250 | 550 | ساپال | 13 | 11 | 11974 |
| جەنۇبىي لىمىن كوچىسى | مال بازىرى يولىدىن بۇلاقبېشى كوچىسىغىچە | 300 | 240 | ئاشپىلتا | 8 | 5 | 1976 |
| بەش كېيىم زاۋۇتى كوچىسى | لىمىن كوچىسى ئىچىدە | 235 | 179 | تاش پىلتا | 6 | 4 | 1976 |
| شەرقىي-غەربىي مەھمىيەت 3-كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 250 | 203 | ساپال | 5 | 5 | 1977 |
| جەنۇبىي مەھمىيەت يولى | خەلق يولىدىن جۇڭشەن يولىغىچە | 300 | 255 | ئاشپىلتا | 10 | 5 | 1977 |
| مەھمىيەت شەرقىي 1-كوچىسى | مەھمىيەت يولىدىن شەرققە | 200 | 100 | ساپال | 3 | 2 | 1977 |
| مەھمىيەت شەرقىي 2-كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 250 | 226 | ئاشپىلتا | 7 | 4 | 1977 |

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش ئورنى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۇندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەرقىي-غەربىي مەدەنىيەت 3-كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 200 | 103 | ساپال | 3 | 3 | 1977 |
| شەرقىي-غەربىي مەدەنىيەت 4-كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 200 | 178 | ساپال | 5 | 4 | 1977 |
| مەدەنىيەت غەربىي 6-كوچىسى | مەدەنىيەت يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 200 | 110 | ساپال | 3 | 4 | 1977 |
| قىزىل بايراق يولى | مەدەنىيەت غەربىي 2-كوچىسىدىن شىمالغا | 250 | 104 | تاشپاختا | 2 | 1 | 1977 |
| غەربىي مەدەنىيەت 9-كوچىسى | مەدەنىيەت يولىدىن قىزىل بايراق يولىغىچە | 250 | 117 | تاشپاختا | 4 | 2 | 1977 |
| ھارۋا بازىرى كوچىسى | پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدىن جەنۇبقا | 200 | 165 | ساپال | 4 | 3 | 1977 |
| دانىشلىك كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن شەرققە | 200 | 141 | ساپال | 4 | 3 | 1977 |
| ساقلاملىق يولىدىكى ئۈچ ئارماق كوچا | ساقلاملىق يولىغا ئۇتىشىدۇ | 200 | 103 | ساپال | 4 | 4 | 1977 |
| شىمالىي لىمىن كوچىسى | مال بازىرى يولىدىن بۇسەي كوچىسىغىچە | 300 | 275 | تاشپاختا | 8 | 6 | 1976 |
| ھەمكارلىق كوچىسى | ساقلاملىق يولىدىن سۇ پونكىتىغىچە | 250 | 140 | تاشپاختا | 4 | 2 | 1977 |
| شىمالىي بۇسەي كوچىسى | بۇسەي كوچىسى ئىچىگىچە | 200 | 75 | تاشپاختا | 2 | 2 | 1977 |
| جەنۇبىي مەسچىت كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن تىنچلىق يولىغىچە | 200 | 130.7 | ساپال | 4 | 3 | 1977 |
| غەربىي مەدەنىيەت 7-كوچىسى | قىزىل بايراق يولىدىن شەرققە | 200 | 110 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| شەرقىي مەدەنىيەت 8-كوچىسى | مەدەنىيەت يولىدىن شەرققە | 200 | 117 | تاشپاختا | 5 | 5 | 1978 |
| بۇتخانا كوچىسى | مەدەنىيەت 8-كوچىسىغا ئۇلىنىدۇ | 200 | 129 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| شۇنەن كوچىسى | مىندى يولىغا ئۇلىنىدۇ | 200 | 102 | تاشپاختا | 4 | 3 | 1978 |
| تيانشان ئارماق كوچىسى | غەربىي رايون ئارقا ھويلىسىغا ئۇلىنىدۇ | 250 | 198.5 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| شىمالىي مەدەنىيەت يولى | دېموكراتىيە يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 176 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| مىندى يولى | ئازادلىق يولىدىن شەرققە | 250 | 308 | تاشپاختا | 8 | 4 | 1978 |
| قوشقۇتلۇق كوچىسى | بۇلاقبېشى كوچىسى جەنۇبقا | 250 | 275 | تاشپاختا | 9 | 8 | 1978 |
| كېڭگېر مەسچىت كوچىسى | قوشقۇتلۇق كوچىسىدىن بوغدا يولىغىچە | 250 | 200 | تاشپاختا | 7 | 5 | 1978 |
| قوشقۇتلۇق ئارماق كوچىسى |  | 200 | 145 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| جىيەنجۇڭ يولى | نەنمېندىن بوگېجېك كوچىسىغىچە | 250 | 119 | تاشپاختا | 5 | 1 | 1978 |

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىسىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۇندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىمالىي يۇقىرى كوچىسى | جىيەنجۇاڭ يولىدىن شەرققە | 250 | 242 | تاشپاختا | 6 | 4 | 1978 |
| يۇقىرىچىلىك كوچىسى | جىيەنجۇاڭ يولىدىن شەرققە | 250 | 146 | تاشپاختا | 3 | 2 | 1978 |
| جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 2-كوچىسى | ئىتتىپاق يولىدىن جەنۇبقا | 250 | 155 | تاشپاختا | 4 | 4 | 1978 |
| جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 3-كوچىسى | ئىتتىپاق يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 101 | تاشپاختا | 3 | 3 | 1978 |
| جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 4- كوچىسى | ئىتتىپاق يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 163 | تاشپاختا | 6 | 3 | 1978 |
| شىمالىي ئىتتىپاق يولى 4-كوچىسى | ئىتتىپاق يولىدىن شىمالغا | 300 | 158 | سېمونت | 6 | 4 | 1978 |
| غالىبىيەت 1-كوچىسى | غالىبىيەت يولىدىن دوستلۇق يولىغىچە | 250 | 160 | تاشپاختا | 5 | 4 | 1978 |
| دوستلۇق يولى | يەنئەن يولىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغىچە | 300 | 1030 | سېمونت | 21 | 10 | 1978 |
| باگمائۇخو يولى | دوستلۇق يولىدىن ئەينەك زاۋۇتىغىچە | 300 | 266 | سېمونت | 5 | 3 | 1978 |
| يېڭى شەرق مەھەللىسى | ئەينەك زاۋۇتىدىن شەرققە | 250 | 267 | تاشپاختا | 10 | 5 | 1978 |
| شۇيۈن كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن سۇ پونكىتىغىچە | 300 | 85 | تاشپاختا | 4 | 2 | 1979 |
| 1-ئوتتۇرا مەكتەپ كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن شەرققە | 300 | 140 | سېمونت | 5 | 3 | 1979 |
| بوغدا يولى | توك يىلىن ھەل بېرىش زاۋۇتىدىن جەنۇبقا | 300 | 195 | سېمونت | 7 | 6 | 1979 |
| مال بازىرى شەرقىي يولى | ئازادلىق يولىدىن تىنچلىق يولىغىچە | 300 | 241 | سېمونت | 7 | 6 | 1979 |
| كۆنىبىي 2-كوچىسى | تىنچلىق يولىدىن جەنۇبىي ئازادلىق يولىغىچە | 300 | 226 | سېمونت | 7 | 5 | 1979 |
| كۆنىبىي 3-كوچىسى | مال بازىرى يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 86 | سېمونت | 2 | 2 | 1979 |
| جىيەنجۇاڭ جەنۇبىي يولى | مال بازىرى يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 121 | سېمونت | 3 | 3 | 1979 |
| سالا مەسچىتى كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن شەرققە | 300 | 124 | سېمونت | 5 | 3 | 1979 |
| نىڭگۇ مەسچىتى كوچىسى | ئازادلىق يولى قىلىپ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى | 300 | 135 | سېمونت | 6 | 5 | 1979 |
| يۇقىرى جەنۇبىي كوچىسى | يۇقىرىچىلىك كوچىسىدىن جەنۇبقا | 300 | 125 | سېمونت | 3 | 3 | 1979 |
| جىيەنجۇاڭ يولى | شىمالىي يۇقىرى كوچىسىدىن مال بازىرى يولىغىچە | 300 | 117 | سېمونت | 4 | 4 | 1979 |
| خلبا 1-كوچىسى | جەنۇبىي كوچىدىن شىمالىي كوچىغىچە | 300 | 179 | سېمونت | 6 | 5 | 1979 |
| خلبا 2-كوچىسى | جەنۇبىي كوچىدىن شىمالىي كوچىغىچە | 300 | 202 | سېمونت | 5 | 4 | 1979 |

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىئامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۈندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خابا 3-كوچىسى | جەنۇبىي كوچىدىن كونسۇل كوچىسىغىچە | 300 | 455 | سېمونت | 4 | 7 | 1979 |
| خابا بېرەم كوچىسى | شىمالىي كوچىدىن جەنۇبقا | 300 | 114 | سېمونت | 3 | 3 | 1979 |
| شىمالىي خابا كوچىسى | غالىبىيەت يولىدىن خابا 3-كوچىسىغىچە | 300 | 246 | سېمونت | 5 | 5 | 1979 |
| غالىبىيەت 2-كوچىسى | مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن دوستلۇق يولىغىچە | 300 | 202 | سېمونت | 5 | 1 | 1979 |
| گۇاڭخۇا يولى | گۇاڭخۇا 1-كوچىسىدىن ئىلگىرىلەش يولىغىچە | 300 | 317.5 | تاشپاختا | 6 | 5 | 1979 |
| | غەربىي رايون ئارقا سەپ قورۇسى ئىچى | 300 | 143 | تاشپاختا | 8 | 5 | 1979 |
| گۇاڭخۇا يولى تارماق كوچىسى | 3-، 4-، 5-، 6-كوچا | 250 | 283 | تاشپاختا | 10 | 8 | 1979 |
| ۋەتەننى سۆيۈش كوچىسى | ئازادلىق يولىدىن تىنچلىق يولىغىچە | 300 | 138 | سېمونت | 5 | 2 | 1980 |
| يىڭخې كوچىسى | ئۆلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدىن 20-قورۇغىچە | 300 | 630 | تاشپاختا | 20 | 13 | 1980 |
| يېنما كوچىسى | يۈسەي كوچىسىدىن يېنما كوچىسىغىچە | 300 | 130 | سېمونت | 5 | 3 | 1980 |
| تىنچلىق 1-كوچىسى | تىنچلىق يولىدىن شەرققە | 300 | 288 | سېمونت | 7 | 8 | 1980 |
| يۈجىڭگەي كوچىسى | تىنچلىق يولىدىن ئەرداۋان يولىغىچە | 300 | 882 | تاشپاختا | 23 | 19 | 1980 |
| يۈجىڭگەي جەنۇبىي تارماق كوچىسى | ئالتىلىق دۆڭكى كوچىسىدىن جەنۇبقا | 300 | 182 | سېمونت | 5 | 4 | 1980 |
| گۇڭيۈەن 1-كوچىسى | | 300 | 390 | سېمونت | 10 | 8 | 1980 |
| گۇڭيۈەن 2-كوچىسى | تىنچلىق يولىدىن 3-كوچىغىچە | 300 | 486 | سېمونت | 15 | 10 | 1980 |
| ئىتتىپاق يولى 5-كوچا | ئىتتىپاق يولىدىن شىمالغا | 300 | 226 | سېمونت | 8 | 5 | 1980 |
| بوغدا يولى 1-كوچىسى | بوغدا يولىدىن ئىسكىلاتقىچە | 300 | 141 | سېمونت | 5 | 4 | 1980 |
| يېڭى ھايات كوچىسى | دېموكراتىيە يولىدىن جەنۇبقا | 300 | 455 | سېمونت | 10 | 9 | 1980 |
| دۆلەت قۇرۇش يولى تارماق كوچىسى | شەرقىي يان تەرىپىدىكى 2-، 3-، 4-، 5-، 6-كوچا | 250 | 167 | تاشپاختا | 4 | 10 | 1980 |
| جەنۇبىي يۈگۈش كوچىسى | جەنۇبىي كوچىدىن تىنچلىق يولىغىچە | 250 | 159.8 | ساپال | 4 | 4 | 1981 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 1-كوچىسى | جۇڭشەن يولىدىن دېموكراتىيە يولىغىچە | 300 | 372 | سېمونت | 11 | 9 | 1981 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 2-كوچىسى | جۇڭشەن يولىدىن دېموكراتىيە يولىغىچە | 300 | 374 | سېمونت | 9 | 8 | 1981 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچىسى | جۇڭشەن يولىدىن دېموكراتىيە يولىغىچە | 300 | 391 | سېمونت | 8 | 8 | 1981 |

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۇندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك جەنۇبىي 1-كوچىسى | خەلق يولىدىن جۇڭگىيەن يولىغىچە | 300 | 223 | سېمونت | 8 | 6 | 1981 |
| رىشىن يولى | يۈسەي كوچىسىدىن شەرققە | 250 | 229 | تاشپاختا | 9 | 5 | 1982 |
| جىياڭشىن ئارقا كوچىسى | مەدەنىيەت كىنوخانىسىدىن يۈسەي كوچىسىغىچە | 200 | 143 | ساپال | 4 | 3 | 1982 |
| مالىي ئىسكىلاتى كوچىسى | مالىي ئىسكىلاتى كوچىسىدىن تىنچلىق يولىغىچە | 250 | 426 | سېمونت | 13 | 10 | 1982 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك جەنۇبىي 2-كوچىسى | ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 2-كوچىسىغا ئۇتىشىدۇ | 300 | 339.8 | تاشپاختا | 10 | 6 | 1982 |
| شىخابا ئالدى كوچىسى | گۇچۇڭ يولىدىن خەلق يولىغىچە | 300 | 682 | تاشپاختا | 21 | 20 | 1983 |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك جەنۇبىي 3-كوچىسى | ئوتتۇرا كۆۋرۈك شىمالىي 3-كوچىسىغا ئۇتىشىدۇ | 300 | 282.4 | تاشپاختا | 10 | 8 | 1982 |
| شىخابا ئارقا كوچىسى | گۇچۇڭ يولىدىن خەلق يولىغىچە | 300 | 782 | سېمونت | 23 | 14 | 1984 |
| ئارقا مەھەللە ئارىلىق كوچىسى | جەنۇب-شىمالدىكى ئىككى كوچا | 250 | 253.6 | تاشپاختا | 10 | 8 | 1984 |
| شەرقىي ئارقا كوچا | بەش يۇلتۇز يولىدىن ھەربىي رايون ئىسكىلاتىغىچە | 400 | 510 | سېمونت | 22 | 5 | 1983 |
| شەرقىي ئارقا كوچا 5-كوچىسى | | 300 | 212 | سېمونت | 15 | 7 | 1983 |
| شەرقىي ئارقا كوچا جەنۇبىي 3-كوچىسى | | 300 | 176.5 | سېمونت | 9 | 7 | 1983 |
| شەرقىي ئارقا كوچا جەنۇبىي 1-كوچىسى | | 300 | 136.9 | سېمونت | 5 | 4 | 1983 |
| شەرقىي ئارقا كوچا جەنۇبىي 4-كوچىسى | | 300 | 108 | سېمونت | 5 | 2 | 1983 |
| ئەرداۋان | سۇئىشى پۇت-قول زاۋۇتىدىن يۇقىرىغا | 300 | 450 | سېمونت | 9 | 5 | 1984 |
| | سۇئىشى پۇت-قول زاۋۇتىدىن تۆۋەنگە | 400 | 301.8 | سېمونت | 15 | | 1984 |
| بالخولياڭ كوچىسى | يەنئەن كوچىسىغىچە | 300 | 470 | سېمونت | 22 | 7 | 1984 |
| شىمالىي ئىنتىپاق كوچىسى | تىنچلىق يولىدىن شىمالىي 2-كوچىغىچە | 300 | 271 | تاشپاختا | 13 | 5 | 1984 |
| شىمالىي ئىنتىپاق 1-كوچىسى | شىمالىي ئىنتىپاق كوچىسىدىن جەنۇبقا | 200 | 131.9 | ساپال | 5 | 4 | 1984 |
| شىمالىي ئىنتىپاق 2-كوچىسى | شىمالىي ئىنتىپاق كوچىسىدىن جەنۇبقا | 200 | 120 | ساپال | 4 | 5 | 1984 |
| ئىنتىپاق 3-كوچىسى | شىمالىي ئىنتىپاق كوچىسىدىن جەنۇبقا | 200 | 142 | ساپال | 5 | 6 | 1984 |
| يەنئەن كوچىسى | تىنتىپاق يولىدىن جەنۇبقا | 250 | 238 | ساپال | 8 | 5 | 1984 |
| ئەرداۋان | سۇئىشى پۇت-قول زاۋۇتىدىن شىمالغا | 300 | 916.6 | سېمونت | 29 | 11 | 1985 |

| كوچا-يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | تۇرۇبا دىيامېتىرى (مىللىمېتىر) | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | تۇرۇبىنىڭ تۈرى | تەكشۈرۈش قۇدۇقى (دانە) | يۇندا قۇدۇقى (دانە) | ياسالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خېيجىلسىن | ئارقا كوچىدىن خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بىڭغىچە | 300 | 509 | سېمونت | 17 | 9 | 1985 |
| بوغدا يولى | دۆلەت كۆۋرۈكتىكى چولاق بىنادىن غەربكە | 300 | 184 | سېمونت | 6 | 2 | 1985 |
| غەربىي ئارقا كوچا | | 300 | 108 | سېمونت | 4 | 3 | 1985 |
| سەندۇڭان غول تۇرۇبا يولى | جۇڭسىن يولىدىن «38363» قىسمىغىچە | 450 | 996.7 | سېمونت | 30 | | 1987 |
| يۈجىنگەي شىمالىي تارماق كوچا | 1-، 4-كوچا | 200 | 137.8 | ساپال | 4 | 3 | 1986 |
| يۈجىنگەي كوچىسى شىمالىي 2-كوچا | يۈجىنگەي كوچىسىدىن شىمالغا | 200 | 114.9 | ساپال | 4 | 3 | 1986 |
| يۈجىنگەي ئارقا كوچا | گۇيۇەن كوچىسىدىن شىمالغا | 200 | 271.5 | ساپال | 10 | 8 | 1986 |
| ياۋۋانگمياۋ كوچىسى | گۇيۇەن كوچىسىدىن شىمالغا | 200 | 84.4 | ساپال | 4 | 3 | 1986 |
| ئائىلە جاھازلىرى زاۋۇتى كوچىسى | يەنئەن يولىدىن جەنۇبقا | 250 | 183 | سېمونت | 6 | 1 | 1986 |
| لىخۇا كوچىسى | جۇڭسىن يولىدىن شىنشىڭ كوچىسىغىچە | 300 | 276 | سېمونت | 13 | | 1986 |

# 5-باب ئاممىۋى قاتناش

## 1-پاراگراف كوچا ئاپتوبۇسى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاش يول ئىدارىسى دىخۇا شەھىرىدە ئاپتوبۇس قاتناش كەسپىنى ئاچتى. ئېنى ۋاقىتتا 16 كىشىلىك ئورۇندۇقلۇق ئاپتوبۇستىن ئۈچى بار بولۇپ، بىرلا قاتناش يولى بار ئىدى، يەنى مەنچېڭدىن (هازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئورنى) دۆبەن مەھكىمىسىگىچە (بۈگۈنكى خەلق مەيدانى) قاتنايتتى، بۇ دىخۇا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان ئاپتوبۇس قاتناش كەسپى ھېسابلىنىدۇ. كېيىن ماشىنا كونىراپ زاپچاس يېتىشمەي قاتناش توختاپ قالغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) يەنە بىر قېتىم ئاپتوبۇس قاتنىدى. ئىككىلا قاتناش لىنىيىسى بولۇپ، بىرى جيەنشىمىندىن (بۈگۈنكى بېيمېن) ئوتتۇراشتىكى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغىچە (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) قاتنايتتى. يەنە بىر يول دۈڭمېندىن (دۆلەت قۇرۇش يولى) داشىمېنغىچە قاتنايتتى. 16 ئورۇندۇقلۇق يولۇچى ئاپتوبۇسىدىن بەشى بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قاتناش توختاپ قالدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) يازدا، ساياھەتچىلەرنىڭ غەربىي باغچىنى (بۈگۈنكى خەلق باغچىسى) سەيلە قىلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ھەر يەكشەنبە كۈنى تىنچلىق

مەيداندىن (بۈگۈنكى خەلق مەيدانى) چوڭ كۆۋرۈككىچە ئاپتوبۇس قاتنىلىش ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. بۇ ئىش ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋاملاشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1951-يىل 6-ئايدا بىر يولدىلا ئاپتوبۇس مېڭىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يەنى جيەنشىنبېندىن (بۈگۈنكى بېيمېن) شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغىچە بولۇپ، پۈتۈن لىنىيىدە ئالتە بېكەت بار ئىدى. 1953-يىلى ئاپتوبۇس بېكىتى تەسىس قىلىندى.

1954-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتى ئاپتوبۇس كەسپىنى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتوبۇسنىڭ سەككىزى بولۇپ، بەش لىنىيىدە قاتنىش ئېچىلغانىدى. يەنى 1-، 2-، 3-، 4-، 5-يول. قاتناشنىڭ باشلىنىش بېكەتلىرى ئاساسەن رايون تەۋەسىدە بولۇپ، قاتنىش يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 16.5 كىلومېتىر ئىدى.

1958-يىلى ئاپتوبۇس بېكىتى ئاپتوبۇس كالونىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتوبۇس 52 گە كۆپەيتىلىپ، 6-، 7-، 8-، 9-يول ۋە نەنمېندىن كازىۋىنگىچە، نەنمېندىن ياشلار ئۆستىڭىگىچە، بېيمېندىن باداۋانغىچە بولغان ئۈچ لىنىيىدە جەمئىي 12 يول كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. قاتناشنىڭ باشلىنىش بېكىتى يەنىلا تيانشان رايونى ئىچىدە بولۇپ، سايباغ رايونى، تۇدۇنخابا بازىرى، شىمىگو رايونىغا تۇتىشاتتى.

1965-يىلى ئاپتوبۇس كۆپىيىپ 118 گە يەتتى. مۇشۇ ئاساستا شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى قۇرۇلدى. تيانشان رايونىدىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇس يوللىرى تەڭشىلىپ 1-، 2-، 3-، 4-، 7-، 8-، 9-، 10-، 14-، 15-يول ۋە بېيمېندىن تۆت يول ئېغىزىغىچە بولغان مەخسۇس يول بولۇپ جەمئىي 11 يولغا ئۆزگەرتىلدى. 1974-يىلدىن 1978-يىلغىچە قاتنىش ماشىنىسىدىن يەنە 42 سى كۆپەيتىلىپ، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش تەس بولۇشتەك زىددىيەت زور دەرىجىدە پەسەيتىلدى. رايون ئىچىدە باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ئاپتوبۇس يولى يەنىلا 11 بولۇپ، سىرتقا كېڭەيتىلدى. جەنۇب، شىمال، غەربتىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر ئەتراپىغا ئاپتوبۇس قاتنىدى.

1979-يىلدىن كېيىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن 159 ئاپتوبۇس كىرگۈزۈلۈپ، يوللارغا سېلىندى. ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە قار-يامغۇردىن دالدىلىنىش لاپاسى ياسىلىپ، تۆمۈر رىشاتكىلار ئورنىتىلدى.

1978-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۈرلۈك ئاپتوبۇسلارنىڭ سانى 487 گە يەتتى. تيانشان رايونىدىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇس يولى 16 گە (مەخسۇس لىنىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بېكەت 108 گە يەتتى. يولىنىڭ مۇساپىسى 304.8 كىلومېتىرغا، كۈنىگە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغان يولۇچىلارنىڭ سانى 500 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم)گە يېتىپ، ئاپتوبۇس يولى ۋە يول ئۇزۇنلۇقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن شەھەرنىڭ 45.7—56.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. رايون ئىچىدىكى ئاپتوبۇس يوللىرى قايچىلىشىپ تۆت تەرەپكە سوزۇلدى. شەھەرنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان يوللاردىن 1-، 4-، 5-، 7-، 9-، 15-، 24-، 29-يول بار. شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان يوللاردىن 3-، 8-، 10-، 14-، 17-، 21-، 36-يول بار. ئۇندىن باشقا سىرت ناھىيە ۋە بىڭتۇەن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا تۇتىشىدىغان مەخسۇس يولدىن ئۈچى بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى يولنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى رايون ئىچىدە. خەلق مەيدانى ئەتراپىدىن ئۆتىدىغان بەش يول پۈتۈن شەھەرنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالىغا تۇتىشىدۇ.

## 2-پاراگراف كىرا ئاپتوموبىلى

جوڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) ئاپتوموبىل كىرا كەسپى مەيدانغا كەلگەن. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت ئاق سۆڭەك ئەمەلدارلارلا ئىشلىتەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي توختاپ قالغان.

1955-يىل 9-ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقە، بېرىش-كېلىش ئىشلىرى باشقارمىسىدا ۋارشاۋا غالىبىيەت ماركىلىق كىچىك ئاپتوموبىلدىن 25ى بار بولۇپ، شەھەرلىك ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ كىرا قىلىپ تىجارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، شۇ يىلى 12-ئايدا ئۆلكىلىك ئالاقە، بېرىش-كېلىش ئىشلىرى باشقارمىسى ھەممىنى قايتۇرۇۋالغان. تاكى 1976-يىلغا قەدەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىرا ئاپتوموبىل كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى، رايوندا تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان خوجىلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقە، بېرىش-كېلىش ئىشلىرى باشقارمىسى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى.

1979-يىلى ساياھەت ئىدارىسىدا كىرا ئاپتوموبىل كالونى رەسمىي قۇرۇلدى. كىچىك ئاپتوموبىلدىن 12 سى بار ئىدى. 1982-يىلى ئاپتوموبىل كالونى بەخت يولىغا كۆچۈرۈلدى. ھەر خىل ئاپتوموبىللار 65 كە يېتىپ، ئاساسلىق مۇلازىمەت ئوبيېكتى چەت ئەللىك مېھمانلار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكى جەھەتكىمۇ قوشۇمچە كىرا مۇلازىمىتى قىلاتتى.

1987-يىلى يەككە تىجارەت خاراكتېرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى كەسپى مەيدانغا كەلدى.

### 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىدىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇس يوللىرىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 1-1-5-4

| يوللار | باش بېكەت ۋە ئاخىرقى بېكەت | | تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى بېكەت سانى |
|---|---|---|---|
| | باش بېكەت | ئاخىرقى بېكەت | |
| 1-يول | تىببىي ئىنستىتۇتى | ئۆچىلاش | 10 |
| 3-يول | شەرق شامىلى يولى | سېمونت زاۋۇتى | 13 |
| 4-يول | بېيمېن | 1-ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى | 5 |
| 5-يول | بېيمېن | چېداۋان | 4 |
| 7-يول | يېڭى نېفىت بېزىسى | يەنشلار سۇ ئامبىرى | 9 |
| 8-يول | پويىز ئىستانسىسى | بەش يۇلتۇز يولى | 10 |
| 9-يول | يەنشلار سۇ ئامبىرى | تۆلانباي | 5 |
| 10-يول | پويىز ئىستانسىسى | شياگياگبو | 5 |
| 14-يول | بېيمېن | شىمېن | 1 |
| 15-يول | بېيمېن | ياداۋان | 1 |
| 16-يول | شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى 2-مەيدانى | خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 |
| 17-يول | بەخت يولى | 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى | 11 |

| يوللار | باش بېكەت ۋە ئاخىرقى بېكەت | | تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى بېكەت سانى |
|---|---|---|---|
| | باش بېكەت | ئاخىرقى بېكەت | |
| 21-يول | ئىتتىپاق يولى | شىمەن دېھقانچىلىق مەيدانى | 2 |
| 24-يول | بېيمەن | بالىيالىخۇ | 1 |
| 26-يول | خەلق يولى | سەيجيالىخۇ | مەخسۇس لىنىيە |
| 28-يول | بېيمەن | يىگىتۇن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | مەخسۇس لىنىيە |
| 29-يول | بېيمەن | ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىسى | 6 |
| 30-يول | بېيمەن | داۋەن | 10 |
| 33-يول | بېيمەن | مىجۇەن | مەخسۇس لىنىيە |
| 36-يول | پويىز ئىستانسىسى | شەرقىي دالىلاڭ يولى | 10 |

# 6-باب باغ-ئورمان، كۆكەرتىش

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى) شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى ۋاڭ شۇنەن دىخۇا شەھىرىنىڭ شەرقىدە (ھازىرقى 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنى) يېزا ئىگىلىك ئورمانچىلىق تەجرىبە مەيدانى ئېچىپ، ئۈجمە دەرىخى قاتارلىق مېۋە كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بوشى شەنفاڭ، سىگيۇشۇەن، زويبۆنىڭ قاتارلىق راۋاقلارنى سېلىشنى تەشەببۇس قىلغان، كېيىن چىڭ ئوردىسىدىكى ئاق سۆڭەكلەر بۇلارنى زومىگەرلىك بىلەن ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ساياھەت رايونى قىلىۋالغان ھەمدە ئىسمىنى (ئويۇن-چاقچاق باغچىسى) ئۆزگەرتكەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) شېڭ شىسەي بۇ باغچىنى ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مەكتەپ باغچىسى قىلىپ ئايرىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن باغچا ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرى بۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ئورنىدا 2-باغچا قۇرۇلغانىدى. شياۋشىمەندىكى بىر پارچە سەي تېرىش مەركىزىدە 3-باغچا قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قارلىغاچلىق، موخۇ ئۆستىڭى بويىدا ۋە ھازىرقى ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا بوك-باراقسان ئورمانلار بولۇپ، باشقا جايلاردا دەل-دەرەخلەر ناھايىتى ئاز ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن «ۋەتەننى كۆكەرتىش، چوڭ زېمىننى باغ-ۋارانلاشتۇرۇش» چاقىرىقى ئاستىدا، تيانشان رايونى شەھەر رايونىنى كۆكەرتىشنى شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنىڭ بىرى قىلدى. ھەر يىلى شەھەرلىك باغ-ئورمان تارماقلىرى پىلان تۈزۈپ بېكىتتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورگان، زاۋۇت-كان، قىسىملار، مەكتەپلەردىكى زور تۈركۈم خادىملارنى خالىسانە كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئامما سورۇنلاردىكى كۆكەرتىش نۇقتىلىرىغا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 112 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلگەن. خالىسانە ئەمگەككە قاتناشقان ئادەم سانى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتكەن. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تيانشان رايونىنىڭ شەھەر رايونىنىڭ

يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 16% كە يەتكەن. ئاساسلىق يوللاردىكى پىيادىلەر يولىدا دەل-دەرەخ بولۇشى، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى كۆكەرتىش نۇقتىلىرىدا دەل-دەرەخلەر بۈك-باراقسان، رەتلىك بولۇشى، كۆپ ساندىكى ئورگان ئورۇنلارنىڭ ھويلا-قوروۇلىرى دەل-دەرەخ بىلەن قاپلانغان بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مۇھىت سۈپىتى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى ئورگان، زاۋۇت-كان، مەكتەپ، دوختۇرخانا، قىسىملارنىڭ، ئاھالىلەر ھويلا-قوروۇلىرىنىڭ كۆكەرتىلىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، كۆكەرتىلگەن ئورۇنلارنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بەزى ئورۇنلار مەخسۇس كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان جايلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا كۆچەتلەرنىڭ تۈر-خىللىرىنى يەڭگۈشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆچەت تۈرلىرى ۋە گۈل-گىياھلارنى تىكىشكە باشلىدى. يەنە گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلىپ، كۆكەرتىشنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى.

يەرلىكتە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەدە تۇرسا شۇ يەرنى كۆكەرتىپ، خەلق ئاممىسىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇق ئارمىيە مەكتىپى تۇرمۇشتىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاندىن كېيىن ناسوس بىلەن تارتىپ چىقىرىپ كۆچەتلەرنى سۇغىرىپ، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باغ-بوستان بەرپا قىلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، رايوندا تۇرۇشلۇق شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قوماندانلىق شتابى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 36009-قىسىم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار دەم ئېلىش 2-ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى، يەنئەن مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30% تىن ئېشىپ، باغ-ۋارانلاشقان ئورۇن نامىغا ئېرىشتى. 35 ئورۇننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 25% كە يېتىپ، شەھەرلىك كۆكەرتىش كومىتېتى تەرىپىدىن، كۆكەرتىشتىكى لاياقەتلىك ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى.

## 1-پاراگراف ئاممىۋى رايونلارنىڭ كۆكەرتىلىشى

**بىرىنچى، قارلىغاچلىق تەبىئىي مەنزىرە رايونى**

قارلىغاچلىق تەبىئىي مەنزىرە رايونى تىيانشان رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى تاغ-سۇلار بىلەن ئورالغان، قەدىمىي دەرەخلەر ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. يەر مەيدانى 5.185 گېكتار بولۇپ، تەبىئىي دەرەخلەر زىچ ۋە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىگە بىرقەدەر يېقىن بولغان ئەڭ چوڭ تەبىئىي مەنزىرىلىك رايون ھېسابلىنىدۇ.

1965-يىلى بۇ جايدا ئىشچىلار ساناتورىيىسى، كادىرلار ساناتورىيىسى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى سېلىندى. 1978-يىلى شەھەرلىك باغ-ئورمان تارماقلىرى بۇ يەردە مەنزىرە رايونىنى باشقۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلدى. شۇندىن باشلاپ ھەر يىلى ئەتىياز-كۈز پەسلىدە زور تۈركۈم كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ يەرگە كېلىپ خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئورمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بوش جايلارغا تولۇقلاپ كۆچەت تىكتى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 100 مىڭ تۈپتىن ئوشۇق يېڭى كۆچەت تىكىلدى.

**ئىككىنچى، قىزىلتاغ باغچىسى**

قىزىلتاغ تىيانشان رايونىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇرۇن

شاڭفاڭ تېغى، شىمالىي قۇتۇپ تېغى، يولۋاش بېشى تېغى دەپ ئاتىلاتتى. ئەڭ ئېگىز يېرى دېڭىز يۈزىدىن 910.6 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. تىك يار تەرىپىدىكى قىيا تاشلارنىڭ رەڭگى سۇس قىزىل رەڭدە بولغاچقا قىزىلتاغ دەپ ئاتالغان. بۇرۇن قىزىلتاغ ئاغزى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 54 گېكتار كېلىدۇ.

قىزىلتاغنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى ناھايىتى تىك، خەتەرلىك بولغاچقا، ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كۆركەم كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قىزىلتاغنى كۆكەرتىش قارارىنى چىقاردى. 1958-يىلى قىزىلتاغ باغچىسىنى قۇرۇش بويىچە قۇرۇلۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. شۇ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن خەلق خالىسانە كۆچەت تىكىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېن ئېنچېن ئازادلىق ئارمىيىنى باشلاپ قىزىلتاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە تۇنجى بولۇپ قارىياغاچ كۆچىتى تىكتى. قىزىلتاغنى پۈتۈن رايون بويىچە كۆكەرتىش، خىزمەت مىقدارى ئەڭ چوڭ، ۋەزىپىسى ئەڭ جاپالىق نۇقتىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر مىللەت ئارمىيە-خەلقى قىزىلتاغنى كۆكەرتىش ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، تۈرلۈك قىيىنچى-لىقلارنى يەڭدى. كۆچەت تىكىش جەريانىدا، بوران-چاپقۇن، تىك قىيا تاشلارغا دۇچ كېلىش كۆپرەك ئىدى. بىرقەدەر تۈز جايلارغا تۈز ئېرىق قېزىلاتتى. ئوچۇق چىقىپ تۇرغان تاشلارغا يولۇققاندا بېلىق قاسىرقى شەكلىدە ئورا كولىناتتى. تاشلار ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا ئەمگەكنىڭ چىڭلىق دەرىجىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. جوتۇ بىلەن تاشلار پارچىلانغاندىن باشقا، بەزى جايلارنى پارتلىتىشقا توغرا كېلەتتى. سېرىق توپا تاغ ئاستىدىن ئۈستىگە توشۇلاتتى. ئالدى بىلەن تاغ ئۈستىدە قېزىلغان تاشلار ئارقىلىق توساق تام ياسىلىپ، ئاندىن كېيىن تاغ ئاستىدىكى سېرىق توپا سېۋەت، تاغارغا قاچىلاپ ئادەم كۈچى ئارقىلىق تاغ ئۈستىگە توشۇلۇپ، كۆتۈرۈپ ئېپچىقىلىپ، ئورەكلەر تىندۇرۇلاتتى. 1983-يىلدىكى ئەتىياز-دىكى ستاتىستىكىغىلا قارىغاندا، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش شىركىتى ماشىنا تەشكىللەپ، قىزىلتاغنىڭ جەنۇبىي يان تەرىپىدە 100 تۆشۈك ئېچىپ، ئاندىن پارتلىتىش دورىسىنى قويۇپ پارتلىتىپ چوڭ ئورەك قازغان. ھەر يىلدىكى ئەتىياز-كۈز پەسلىدە قىزىلتاغ ئۈستىدە قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ئۈزۈلمەيدۇ. تاغ ئاستىدىكى يولدا ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. 20 نەچچە يىلدىن كۆپرەك جاپاغا چىداپ ئىشلەش، كۆچەت تىكىپ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، 1985-يىل 5-ئايدا قىزىلتاغ باغچىسى پۈتتى ھەمدە رەسمىي سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. ئۆتمۈشتىكى قاغجىراپ تۇرىدىغان قىزىلتاغ، بۈگۈنكى كۈندە ساياھەت، تاماشا قىلىدىغان ياخشى جايغا ئايلاندى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1987-يىل-غىچە خالىسانە كۆچەت تىكىش ئەمگىكىگە قاتناشقان ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئازادلىق ئارمىيە ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)غا يەتكەن. 100 مىڭ كۇب توپا قېزىلغان ۋە تىندۇرۇلغان. تۇتقان كۆچەتلەر 68 مىڭ تۈپتىن ئېشىپ كەتكەن.

**ئۈچىنچى، ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى**

ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى ـ تيانشان رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 30.72 گېكتار كېلىدۇ. بۇ جاي ئەسلىدە شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئېكىنزارلىق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «جياخېزى» دەپ ئاتايتتى. تەبىئىي ئۆسكەن سۇۋادان دەرەخ، قارا ياغاچ، مەجنۇنتاللار كۆپ ئىدى. 1974-يىلدىن باشلاپ ئاممىنى بۇ يەردە كۆچەت تىكىپ گۈل ئۆستۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا باغ شەكىللىنىپ جەنۇبىي باغ دەپ ئاتالدى. 1981-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ باغقا «ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى» دەپ نام بەردى. شۇ يىلى 10-ئايدا رەسمىي ھالدا سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. شىر، بۇغا تۇرىدىغان جايلار، ئاق قۇ كۆلى، مۈشۈك ئېيىق تېغى

قاتارلىق ئۇنىۋېرسال سارايلار سېلىندى. 56 تۈردىكى ھايۋاناتتىن جەمئىي 383ى بولۇپ، بۇ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ھايۋانات تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان ھايۋانات باغچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**تۆتىنچى، ھەيرانباغ**

ھەيرانباغ ـ چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي جەنۇب يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، بىر كىچىك تاش تۆپىلىكى بار. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 0.8 گېكتار بولۇپ، يېشىل دەرەخلەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنەتىنىڭ 40ـيىلى (1775ـيىلى) تاغ ئۈستىگە بىر سەنگۇڭ بۇتخانىسى سېلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22ـيىلى (1933ـيىلى) ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى دىخۇا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولغان. 1964ـيىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بۇ جاينى ساياھەت قىلىدىغان باغچا قىلىپ ئايرىغاندىن كېيىن كۆچەت، گۈل-گىياھلار تىكىلىشكە باشلىدى. 1984ـيىلى گۈل زالى، ھۈنەر-سەنئەت زالى، سوغۇق ئىچىملىك زالى، رەسىمگە تارتىش ئورنى ۋە گۈل پارنىكى سېلىندى. باغ ئىچىدىكى ئەگلىمە كارىدورلار ئۆزئارا قوشۇلۇپ، باغنىڭ مەنزىرىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈردى. 1985ـيىل 8ـئايدا بۇ باغچا ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

ھەيرانباغنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر پارچە يەر كۆكەرتىلدى. كۆلىمى 6532 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئەرمۇدۇننى ئاساس قىلغان ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرۇلدى.

**بەشىنچى، يەنئەن باغچىسى**

يەنئەن باغچىسى ـ يەنئەن يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 9.23 گېكتار. ئازادلىقتىن كېيىن ئەسلىدىكى ياڭ ماۋخۇنىڭ ئورنىغا سېلىنغان ساياھەت ئورنىدۇر. بۇرۇن بۇ يەر ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان سازلىق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 13ـيىلى (1833ـيىلى) روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ دېڭىز بانكىسى شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى سازلىقتا سۇ يىغىپ، قوي يۇڭى يۇغاچقا بۇ جاي «ياڭماۋخۇ» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە سانى ئانچە كۆپ بولمىغان مەجنۇنتال، قاراياغاچ، جىگدە دەرىخى بار ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەر بۇ جاينى ئەخلەت مەيدانى قىلىۋالغان. كېيىن باغ-ئورمان تارماقلىرى بۇ ئورۇننى ئورمانزارلىق جايلار قاتارىغا ئايرىپ، ھەر ساھەدىكى ئاممىنى بۇ يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشقا تەشكىللىدى.

1971ـيىلدىن 1974ـيىلغىچە تيانشان رايونى بۇ يەردە «7ـماي دېھقانچىلىق مەيدانى» قۇرۇپ، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ئېلىپ بارغان. 1974ـيىلى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۇ جايغا باغچا سېلىندى. 1981ـيىل 1ـئايدا يەنئەن باغچىسى دەپ رەسمىي نام بېرىلدى. 1982ـيىلى باغچا ئىچىگە سۈنئىي كۆل، تاغ ياسالدى. 1983ـيىلى توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان ئايلانما ئورۇندۇق ئورنىتىلىپ، يوللىرىغا قارامايي ياتقۇزۇلدى. كىچىك يوللىرىغا گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلۇپ، ئېرىق-ئۆستەڭلىرى ياسالدى. 1985ـيىلى يەنە بىر راۋاق ياسالدى.

**ئالتىنچى، تيانشان رايونلۇق باللار باغچىسى (سەنداۋان ساياھەت باغچىسى)**

بۇ باغچا ـ شەرقىي ئايلانما يولنىڭ شەرقىگە، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 7.2 گېكتار. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ يەر ئەسلىدە يەر تۈزلۈشى تۆۋەنرەك بولغان بىر سازلىق جاي ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ سەي تېرىيدىغان قوشۇمچە كەسىپ جايىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ يەردە سانى ئانچە كۆپ بولمىغان كونا قارىياغاچلار بار ئىدى.

1978ـيىلى بۇ جاي سەنداۋان ساياھەت باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979ـيىلدىن 1981ـيىلغىچە باغچا قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى كۆچەت تىكىش، يەر تۈزلەش بولدى. 1982ـيىلىغا كەلگەندە باغچا ئىچىگە

بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى سېلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئىككى قەۋەتلىك ئىش بېجىرىش بىناسىدىن بىرى، 200 كۋادرات مېتىرلىق پارنىكتىن بىرى، قورۇق تام ۋە 1600 كۋادرات مېتىرلىق كانكا تېپىلىش مەيدانى سېلىندى. 1985-يىلى سەنداۋان باغچىسى تيانشان رايونلۇق بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1987-يىلى سۈنئىي تاغ، ھەيكەل، پارنىك ياسالدى، مەنزىرىلىك تامدىن 45 مېتىر ياسىلىپ، 500 مېتىر يولغا قاراماي ياتقۇزۇلدى. چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، ئاق تېرەك، ئەتىرگۈل قاتارلىق 20 خىلدىن كۆپ كۆچەت ۋە گۈل-گىياھ تىكىلدى.

باغ-ۋارانلاشتۇرۇپ كۆكەرتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە سەنداۋانغا كۆلىمى 640 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان گۈل ئۆستۈرۈش ئۆيىدىن ئۈچى سېلىنىپ، گۈل-گىياھ كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈلىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1987-يىلدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، پارنىك ئىچىدە 25 مىڭ 700 تۈپ مايسا يېتىشتۈرۈلگەن. 4000 تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈلگەن. تۈرلۈك تاماشا قىلىنىدىغان گۈللەرنىڭ تۈرى 76 خىلغا، 9700 تەشتەككە يەتكەن. گۈيخۇا، مىلەن قاتارلىق جەنۇبىي جۇڭگونىڭ قىممەتلىك گۈللىرىمۇ بۇ يەردە يىلتىز تارتىپ ئېچىلغان.

## 1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە پۈتۈن رايون بويىچە خالىسانە كۆچەت تىكىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 1-1-6-4

| يىل | خالىسانە كۆچەت تىكىشكە قاتناشقان ئادەم (قېتىم) | تىكىلگەن تۈرلۈك كۆچەتلەر (10 مىڭ تۈپ) | يىل | خالىسانە كۆچەت تىكىشكە قاتناشقان ئادەم (قېتىم) | تىكىلگەن تۈرلۈك كۆچەتلەر (10 مىڭ تۈپ) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي | 313427 | 112.7 | 1983 | 33839 | 35.64 |
| 1978 | | 10.52 | 1984 | 66749 | 16.15 |
| 1979 | | 3.30 | 1985 | 4996 | 13.99 |
| 1980 | 54168 | 6.99 | 1986 | 43607 | 3.77 |
| 1981 | | | 1987 | 42007 | 4.66 |
| 1982 | 68061 | 17.69 | | | |

## 2-پاراگراف گۈللۈكلەر

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (943-يىلى) 5-ئايدا كوچىنى كېڭەيتىپ يول ياساش بىلەن بىرگە، باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدى (ھازىرقى خەلق مەيدانى)، نەنمېن (ھازىرقى نەنمېن گۈللۈكى)، نەنلياڭ (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆسى قورۇسىنىڭ ئىچى) قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا مەيدان ئېچىلغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، كوچا بېشىدىكى مەيدانلار كەينى-كەينىدىن كوچا مەركىزى گۈللۈكىگە ئۆزگەرتىلدى. نەنمېن مەيدانى نەنمېن گۈللۈكىگە ئۆزگەرتىلدى. جيەنشېنمېن سىرتىدىكى مەيدان بېيمېن گۈللۈكىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە شياۋشىمېن گۈللۈكى، بەش يۇلتۇز يولى گۈللۈكى كۆپەيتىپ ئېچىلدى. 1982-يىلى چوڭ كىچىك گۈللۈكى ئېچىلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن رايوندا ئون گۈللۈك بەرپا قىلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 2.48 گېكتار.

### بىرىنچى، خەلق مەيدانى

خەلق مەيدانى ـ جۇڭشەن يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىنىڭ شىمالىي يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 3.3 گېكتار، كۆكەرتىلگەن كۆلىمى 1.33 گېكتار كېلىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) 3-ئاينىڭ 1-كۈنى دىخۇا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى قارار چىقىرىپ، باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى ۋۇجېك كوچىسى، توڭپۇ كوچىسىدىكى بارلىق ئۆيلەرنى ۋە فەنخۇي كوچىسى، شياڭچېيەن كوچىسىدىكى بىر قىسىم ئۆيلەرنى چېقىپ تاشلاپ مەيدان ئېچىشنى قارار قىلدى. مەيداننىڭ جەنۇب بىلەن شىمال ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتر، شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىنىڭ كەڭلىكى 80 مېتر بولۇپ، كۆلىمى جەمئىي 16 مىڭ كۋادرات مېتر. ئەينى ۋاقىتتا مەيدان توپا-شېغىل بىلەن تۈزلەنگەن بولۇپ، مەيداننىڭ ئىچىدە ھېچقانداق قۇرۇلۇش يوق ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۇ مەيدانغا تىنچلىق مەيدانى دەپ نام بېرىلدى. 1949-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن خەلق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1955-يىلى مەيدانغا قاراماي ياتقۇزۇلدى. 1956-يىلى كۆكەرتىشكە باشلىنىپ شۇ يىلى 500 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلدى. 2000 مېتر ئۇزۇنلۇقتا چىتلاق دەرىخى قويۇلدى. 1980-يىلى خەلق مەيدانىدىكى كۆكەرتىلگەن جاينىڭ ئىچىگە گۈللۈك بەرپا قىلىنىپ، گۈل-گىياھلار ئۆستۈرۈلدى. 1983-يىلى دەل-دەرەخلەر يېڭىلىنىپ، ئەتىرگۈل، دائىم يېشىل تۇرىدىغان قارىغاي گۈللۈك دەرەخلەر تىكىلدى. كۆكەرتىلگەن جاي رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنىپ، سۇ پۈركۈش ئەسلىھەسى ئورنىتىلدى. 1985-يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مەيداننىڭ شىمالدىن جەنۇبقا بولغان ئۇزۇنلۇقى 245 مېترغا، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى 220 مېترغا يەتكەن. مەنزىرىسى گۈزەل، رەڭمۇرەڭ تۈس ئالغان.

### ئىككىنچى، نەنمېن كوچا مەركىزى گۈللۈكى

نەنمېن كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈك ئەسلىدە كونا دىخۇا شەھىرىنىڭ «بېيفۇمېن»دىكى شەھەر ئەتراپى بولۇپ، كەڭلىكى 12 مېتر، ئېگىزلىكى بەش مېتر كېلىدىغان لاپاس بار ئىدى. ھەر مىللەت سودىگەرلىرى بۇ يەردە يايما يېيىپ تىجارەت قىلاتتى. 1933-يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن لاپاس بۇزۇپ تاشلانغان. 1943-يىل 3-ئايدا نەنمېننىڭ سىرتىدىكى ئۆيلەر چېقىپ تاشلىنىپ، كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتر كېلىدىغان مەيدان ئېچىلغان. 1959-يىلى خەلق يولىنى ياسىغاندا، كوچا مەركىزى گۈللۈككە ئۆزگەرتىلگەن، گۈللۈكنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپ 2668 كۋادرات مېترغا چۈشۈپ قالغان.

### ئۈچىنچى، بېيمېن كوچا مەركىزى گۈللۈكى

1951-يىلى يوللارنى ئۆزگەرتىپ ياسىغاندا، كونا يېڭى بېيمېن چېقىپ تاشلىنىپ، كۆلىمى 7614 كۋادرات مېتر كېلىدىغان مەيدان ئېچىلغان. 1955-يىلى يولنى كېڭەيتكەندە مەيدان گۈللۈككە ئۆزگەرتىلگەن. كۆلىمى كىچىكلەپ 4114.5 كۋادرات مېترغا چۈشۈپ قالغان.

بېيمېن گۈللۈكى شىمالىي ئازادلىق يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، نۇرلۇق يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، ياشلار يولى، ساغلاملىق يوللىرىنىڭ كېسىشىش ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. 1985-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، گۈللۈكنىڭ مەركىزىگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مىس ھەيكىلىدىن بىرى تۇرغۇزۇلدى.

ئۇندىن باشقا چوڭ كۆۋرۈك كۆللۈكى (1334 كۋادرات مېتر)، چوڭ كۆۋرۈك چوڭ ئۈچ بۇرجەك كۆللۈكى (كۆلىمى 188.5 كۋادرات مېتر)، چوڭ كۆۋرۈك كىچىك ئۈچ بۇرجەك كۆللۈكى (كۆلىمى 40.25 كۋادرات مېتر)، شىياۋشىمىن كۆللۈكى (كۆلىمى 1667.5 كۋادرات مېتر)، بەش يۇلتۇز يولى كۆللۈكى (كۆلىمى 800.4 كۋادرات مېتر)، ساغلاملىق يولى ئۈچ بۇرجەك كۆللۈكى (كۆلىمى 800.4 كۋادرات مېتر) بار.

## 3-پاراگراف كوچا-يوللارنى كۆكەرتىش

كوچا-يوللارنى كۆكەرتىش ــ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن «ئورماننى ئاساس قىلىش، كۆپ كۆچەت تىكىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق يوللارغا ئاق تېرەك، كىلون دەرىخى قاتارلىق تېز ئۆسىدىغان كۆچەتلەر تىكىلدى. يول ياقىسىدىكى پىيادىلەر يولىغا تىكىلگەن ئاق تېرەك، كىلون دەرىخى قاتارلىق كۆچەتلەرنىڭ گەرچە ئۆسۈشى تېز، تۇتۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۆمرى قىسقا، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولغاچقا، قۇرغاقچىلىققا يولۇقۇشى بىلەنلا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كۆرۈمسىز بولۇپ قالاتتى. 1975-يىلدىن 1985-يىلغىچە، پىيادىلەر يولىدىكى دەرەخلەر تەدرىجىي يېڭىلىنىپ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ، گۈل-گىياھلار ۋە چىم زور مىقداردا كىرگۈزۈلۈپ تېرىلدى. 1981-يىلى نۇرلۇق يولى نۇقتىلىق ئۆزگەرتىلىپ، ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ پاسىل تاملىرى چېقىپ تاشلىنىپ، يولنى كۆكەرتىش بىلەن ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ ھويلا-قورۇلىرىنى كۆكەرتىش بىر گەۋدە قىلىندى. چىم قويۇلۇپ، سۇ پۈركۈش ئەسلىھەسى ئورنىتىلىپ، كۆكەرتىلگەن جايلار رىشاتكىغا ئېلىندى. دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي بىلەن ئەتىرگۈلنىڭ كۆچۈرۈلۈشى بىلەن نۇرلۇق يولىدىكى دەل-دەرەخلەر بىلەن گۈل-گىياھلارنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شەھەر كوچا-يوللىرىنى كۆكەرتىشتىكى ئۈلگىگە ئايلاندى. 1983-يىلى نۇقتىلىق ھالدا شىنخۇا يولىدىكى دەرەخلەرنى يېڭىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، شەمشاد، ئەتىرگۈل، كامفارا دەرىخىدىن 1345 تۈپ تىكىلىپ، كۆكەرتىلگەن جايلار رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنىپ، شىنخۇا يولىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 16.6 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى. شۇ يىلى دۆلەت قۇرۇش يولىغا شەمشاد، ئەتىرگۈل، نېيلىيە كۆپەيتىپ تىكىلىپ، چىم ياتقۇزۇلۇپ، كۆكەرتىلگەن جاينىڭ كۆلىمى 16 مىڭ 500 كۋادرات مېترغا، يېشىللىققا قاپلىنىش نىسبىتى 36% كە يەتكۈزۈلدى.

1985-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، يول ياقىسىدىكى ئورۇنلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئىشىك ئالدىغا يېڭى گۈل تەشتەكلىرىدىن 150 مىڭى قويۇلدى. 1986-يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يەنە 19 مىڭ تەشتەك گۈل قويۇلۇپ، شەھەر بېزىلىپ، مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تيانشان رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا قاراشلىق 32 يولدىكى پىيادىلەر يولىغا تىكىلگەن تۈرلۈك دەرەخلەر جەمئىي 26 مىڭ 928 تۈپكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخلەر 21 مىڭ 627 تۈپ، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر 2064 تۈپ، گۈللۈك دەرەخلەر 3237 تۈپ.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى مەھەللە-يوللارنىڭ كۆكەرتىلىش ئەھۋالىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 4-6-3-1

| رەت نومۇرى | يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | ئورمان بەلۋېغىنىڭ كەڭلىكى (مېتىر) | كۆكەرتىلگەن كۆلەم كۋادرات مېتىر | قاپلىنىش نىسبىتى (%) | يوللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى | تىكىلىش شەكلى | ئاساسلىق تىكىلگەن كۆچەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | 42870 | | 182003 | | | | |
| 1 | يېڭى دېموكراتىيە يولى | بېيىبەندىن قىزىلتاغ يولىغىچە | 630 | 1.5 | 1890 | 12.5 | ئۈچ يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىلگەن | زىرىلاڭ، ئەرمەدۇن |
| 2 | شىنخۇا يولى | چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۈچ تاشقىچە | 467 | 2 | 25696 | 16.6 | ئۈچ يول ئىككى بەلۋاغ | ئېتىزچە ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن، قىزىل شەمشاد ئەتىرگۈل |
| 3 | بەخت ئوتتۇرا يولى | بەخت يولىدىن تەنتەربىيە سارىيى يولىغىچە | 247 | 1 | 494 | 16.7 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 4 | باشلار يولى | بېيىبەندىن بەش يۇلتۇز يولىغىچە | 1035 | 4 | 4140 | 9.5 | ئۈچ يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن تېرەك |
| | | بەش يۇلتۇز يولىدىن ئۈچىنچى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتىغىچە | 2070 | 5 | 10350 | 9.9 | ئۈچ يول ئىككى بەلباغ | ئېتىزچە ئىچىگە تىكىش | چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، گۈلشىرا دەرىخى |
| 5 | قىزىل بايراق يولى | جۇڭسەن يولىدىن دېموكراتىيە يولىغىچە | 626 | 1.3 | 813.8 | 5.2 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 6 | ساغلاملىق يولى | بېيىبەندىن جۇڭسەن يولىغىچە | 850 | 1.5 | 2550 | 13 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئورەك ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 7 | ئازادلىق يولى | بېيىبەندىن ئىتتىپاق تىياتىرخانىسىغىچە | 2184 | 1 | 4368 | 6.9 | بىر يول بەلباغ | ئورەك ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 8 | بەخت يولى | شەرقىي ئايلانما يولدىن 17-يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگىچە | 1800 | 1.5 | 5400 | 13 | ئۈچ ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 9 | دېموكراتىيە يولى | ساغلاملىق يولىدىن شىنخۇا يولىغىچە | 1110 | 1 | 2220 | 9.1 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئورەك ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 10 | شەرق شامىلى يولى | ئازادلىق يولىدىن غەربىي ئارقا كوچىغىچە | 638 | 1.5 | 1914 | 13 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 11 | جۇڭسەن يولى | ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچىسىغىچە | 1303 | 2 | 3818 | 11.3 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئورەك ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 12 | غەربىي ئارقا كوچا | شەرق شامىلى يولىدىن باشلار يولىغىچە | 891 | 1 | 1638 | 12.5 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 13 | مەدەنىيەت يولى | ئازادلىق يولىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتكىچە | 580 | 1 | 180 | 1.3 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئورەك ئىچىگە تىكىش | ئەرمەدۇن |
| 14 | جۇجيالاڭ يولى | شىنخۇا يولىدىن سايى يولىغىچە | 150 | 1 | 300 | 2.4 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | مەجنۇنتال |

| رەت نومۇرى | يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | ئورمان بەلۋىغىنىڭ كەڭلىكى (مېتر) | كۆكەرتىلگەن كۆلەم كۋادرات مېتر | قاپلىنىش نىسبىتى (%) | يوللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى | تىكىلىش شەكلى | ئاساسلىق تىكىلگەن كۆچەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 15 | بوغدا يولى | ئازادلىق يولىدىن شىنخۇا يولىغىچە ۋە شىنخۇا يولىدىن بۇلاق بېشى كوچىسىغىچە | 400 | 1.5 | 225 | 2.7 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن، زەرەڭ |
| 16 | خەلق يولى | شەرقىي ئايلانما يولىدىن شىنخۇا يولىغىچە | 1050 | 1 | 1350 | 3.7 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن |
| 17 | غالىبىيەت يولى | ئىتتىپاق يولىدىن ئۈچ تاشقىچە | 2161 | 1 | 3.80 | 6.2 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن، زەرەڭ |
| 18 | ئالما يولى | دۆلەت قۇرۇلۇش يولىدىن شور بۇلاقىچە | 785 | 1 | 1791 | 15.1 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | تېرەك، ئەرمۇدۇن |
| 19 | يەنئەن كوچىسى | تۆمۈر يىرىكمە مېتال زاۋۇتىدىن يەنئەن يولىغىچە | 350 | 1 | 1366 | 30 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | چوڭ يوپۇرماقلىق قارا ياغاچ |
| 20 | بۇلاق بېشى كوچىسى | شىنخۇا يولىدىن ئازادلىق يولىغىچە | 630 | 1 | 1260 | 7.1 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | زەرەڭ |
| 21 | تىنچلىق يولى | خەلق يولىدىن تيانشان سارىيىغىچە | 650 | 1.5 | 1080 | 7.3 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن |
| 22 | قىزىلتاغ يولى | بەش يۇلتۇز يولىدىن ساي يولىغىچە | 2164 | 1.5 | 4244 | 8.3 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | تېرەك، ئەرمۇدۇن |
| 23 | ئىتتىپاق يولى | سەنئەت مەكتىپىدىن ساي يولىغىچە | 1323 | 2 | 4146 | 10.3 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن، زەرەڭ، قارىياغاچ |
| 24 | شەرقىي ئارقا كوچا | غەربىي ئارقا كوچىدىن شور بۇلاقىچە | 472 | 1 | 944 | 10.2 | بىر يول ئىككى بەلباغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن |
| 25 | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى | ياشلار يولىدىن پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگىچە | 1541 | 2.5 | 6873 | 20.3 | ئۈچ يول ئىككى بالۋاغ | ئېرىق ئىچىگە، تورلاق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن، قىزىل شەمشاد، ئەتىرگۈل |
| 26 | نۇرلۇق يولى | چوڭ كۆۋرۈكتىن پىيىنسىغىچە | 1041 | 3.5 | 10470 | 20.3 | ئالتە يول يەتتە بالۋاغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | كالىفىرا دەرەخى، ئەرمۇدۇن، قارىياغاچ |
| 27 | ساي يولى | قىزىل تاغدىن ئاشلىق ترانسپورت شىركىتىگىچە | 4025 | 3 | 42655 | 24.9 | بىر يول ئىككى بالۋاغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | تېرەك |
| 28 | بەش يۇلتۇز يولى | شەرقىي ئارقا كوچىدىن قىزىلتاغ يولىغىچە | 1180 | 1 | 2360 | 9.5 | بىر يول ئىككى بالۋاغ | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ |
| 29 | يەنئەن يولى | غالىبىيەت يولىدىن تۆمۈر يول كۆۋرۈكىگىچە | 5040 | 5 | 30372 | 32 | ئېتىزچە ئىچىگە تىكىش | ئېتىزچە ئىچىگە تىكىش | تېرەك |
| 30 | قۇرۇلۇش يولى | خەلق كىنوخانىسىدىن نۇرلۇق يولىغىچە | 637 | 2 | 1941 | 10.4 | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئەرمۇدۇن |
| | | شىمالىي شىنخۇا يولىدىن قۇرۇلۇش يولىغىچە | 349 | — | 810 | — | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | ئېرىق ئىچىگە تىكىش | مەجنۇنتال |

| رەت نومۇرى | يوللارنىڭ ئىسمى | باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | ئورمان بەلۋېغىنىڭ كەڭلىكى (مېتر) | كۆكەرتىلگەن كۆلەم كۋادرات مېتر | قاپلىنىش نىسبىتى (%) | يوللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى | تىكىلىش شەكلى | ئاساسلىق تىكىلگەن كۆچەتلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىپاق كومىتېتىدىن نۇرلۇق بولىقىچە | 284 | — | 1160 | — | ئېرىق ئېچىكە تىكىش | ئېرىق ئېچىكە تىكىش | ئالما |

# 7-باب مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) دىخۇا شەھىرى 19 كىشىدىن تەشكىللەنگەن توققۇز ئات ھارۋىسىغا ئىگە ئەخلەت تازىلاش-توشۇش ئەترىتىنى قۇرغانىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) دىخۇا شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتى يول تازىلاش ئىشچىسىدىن 100 نى قوبۇل قىلىپ، قوش ئاتلىق تۆمۈر چاقلىق ئات ھارۋىسىدىن 50 نى سېتىپ، دىخۇا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى تازىلىق ئەترىتىنى قۇرغانىدى. بۇ دىخۇا بويىچە تۇنجى مۇھىت تازىلىقى كەسپىي ئەترىتى ھېسابلىناتتى. بۇلار ئاساسلىقى ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق بىرقانچە چوڭ كوچىلارنى تازىلايتتى. كېيىن تەشكىللەش چېچىلاڭغۇ، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئىسمى بار جىسمى يوق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1951-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تازىلىق ئەترىتىنى تازىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بېرىپ، دىخۇا شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتىگە ئۆزگەرتتى. 1958-يىلى تازىلىق ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تازىلاش-توشۇش كەسپى ھەرقايسى رايونلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1962-يىل 6-ئايدا تيانشان رايونلۇق تازىلىق ئەترىتى قۇرۇلدى. 1964-يىلى تازىلىق ئەترىتى بىلەن تازىلاپ سۈپۈرۈش ئەترىتى بىرلىكتە شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنىپ بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى.

شەھەر يوللىرىنى تازىلاش خىزمىتى مىقدارىنىڭ يىلدىن-يىلغا ئېشىشىدەك ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1975-يىلى تيانشان رايونىنىڭ ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان تازىلىق ئەترەتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇپ چىقتى. 1979-يىلىغا كەلگەندە مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى تازىلىق ئەترەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم رايونلارغا چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇش بۆلۈملىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارىدى. 1984-يىلى تيانشان رايونلۇق شەھەر قىياپىتى تازىلىقى مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى تازىلىق ئەترىتى ۋە خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تازىلىق ئەترىتى خادىملىرى ۋە ئەخلەتلەرنى يىغىش-توپلاش كەسپىنى باشقۇردى. 1986-يىلى يەنە تيانشان رايونلۇق شەھەر كەنتلىرىنى تازىلاش ئەترىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۈزلۈكسىز سىستېما بولۇپ شەكىللەندى.

# 1-پاراگراف مەھەللە-كوچىلارنى تازىلاش

**بىرىنچى، غول يوللارنى تازىلاش**

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھازىرقى رايون ئىچىدىكى مەھەللە-كوچىلارنى تازىلاشتا، يول ياقىسىدىكى دۇكانلار ۋە كوچىلار ئىچىدىكى ئاھالىلەر ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى يوللارنى تازىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. ئۇنى ۋاقتىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ چارلاش ساقچىلىرى ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇسۇل يەنىلا داۋاملاشتى.

1952-يىلى ھەر يىلدىكى ھېيت-بايرام ۋاقىتلىرىدا مەھەللە باشلىقلىرى ئاھالىلەرنى چوڭ تازىلىق قىلىشقا تەشكىللەيتتى. 1953-يىلى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم تازىلاشقا ئۆزگەرتىلدى. بەلگىلىمە بويىچە بىرلا ۋاقىتتا مەھەللە باشلىقى داقا-دۇمباق چالاتتى، بىرلا ۋاقىتتا تازىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. 1955-يىلى ھەر كۈنى تازىلاش تۈزۈمى بېكىتىلدى. دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش يولغا قويۇلۇپ، ئون ئائىلە بىر ئارىلىق قىلىنىدى، ئۇلار نۆۋەت بىلەن دىژۇرنىلىك قىلىپ تازىلىق قىلدى. يول ياقىسىدىكى ئورۇنلار ھەر كۈنى سائەت ئالتە يېرىمدىن بۇرۇن تازىلاشنى تاماملاپ بولاتتى. ياز پەسلىدە بىر كۈندە بىر قېتىم تازىلاپ ئۈچ قېتىم سۇ چېچىش يولغا قويۇلدى. 1956-يىلى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆز يېرىنى ئۆزى تازىلاش تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى.

شەھەر يوللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك تازىلىق قىلىش مۇھىت تازىلىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. 1958-يىلى تيانشان رايونى 18 نەپەر تازىلىق ئىشچىسى قوبۇل قىلدى. دوستلۇق رايونى سەككىز نەپەر تازىلىق ئىشچىسى قوبۇل قىلدى. بۇ - رايون دەرىجىلىك تۇنجى تۇركۈمدىكى كەسپىي تازىلىق ئىشچىلىرى ھېسابلىناتتى. 1960-يىلى 77 گە كۆپەيدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتر كېلىدىغان 14 ئاساسلىق يولنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تازىلايدىغان دائىرە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3675 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى.

1962-يىلى تازىلىق ئىشچىلىرىغا قارىتا خادىم، نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى. تازىلاش كېچىلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، كۈندۈزى ئارىلاپ يۈرۈپ پاكىزلىق ساقلاندى. مۇقىم ئىش ھەققىگە مۇكاپات پۇلى قوشۇپ بېرىش چارىسى قوللىنىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەسپىي خادىملار تازىلىغان يوللارنىڭ يۈزىدە ئەخلەت، مېۋە شۆپىكى، قەغەز پارچىسى، تاش پارچىلىرى بولمالىسىقتەك «تۆت بولماسلىق» تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1975-يىلى يەتتە مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تازىلىق ئەترىتى قۇرۇلۇپ، 237 نەپەر تازىلىق ئىشچىسى قوبۇل قىلىنىپ، 23 ئاساسلىق ۋە ئادەتتىكى غول يولنى تازىلاپ پاكىز تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1980-يىلدىن كېيىن ئەتىگەندە تازىلاشقا ئۆزگەرتىلدى.

خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان ئايال تازىلىق ئىشچىسى ماجىنفاڭ قالاق ئۆرپ-ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تازىلىق خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بويان سەھەر ئىشقا كېلىپ كەچ قايتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەزەلدىن سەۋەبسىز ئىش قالدۇرمىدى ۋە كېچىكمىدى. ياش ئىشچىلارنىڭ كەسپىنى پۇختا بىلىشىگە قىزغىن ياردەم قىلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى گۇرۇپپا تازىلىغان ئارىلىق پاكىز بولۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ 1979-يىلى «مەملىكەت بويىچە 8-مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالاندى. 1983-يىلى يەنە بىر قېتىم «مەملىكەت بويىچە 8-مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن

نام بېرىلدى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئايال ئىشچى گويامخان مۇھەت تازىلىقى خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇزۇن يىللارغىچە تازىلىق خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ 20 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

سەھەردە چېنىقىشقا چىقىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيگەچكە، 1985-يىلى تازىلاش ۋاقتى تەڭشىلىپ، ياز كۈنى سەھەردە سائەت بەشتىن بۇرۇن تازىلاپ بولۇش، قىش كۈنى سائەت ئالتىدىن بۇرۇن تازىلاپ بولۇش بېكىتىلدى.

تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن، 1986-يىلى شەھەرلىك مۇھەت تازىلىقى ئىدارىسى ئاساسلىق غول يوللارنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ماتورلۇق تازىلىق ماشىنىسىدىن تۆتنى رايونلۇق تازىلىق ئەترىتىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. يول يۈزىگە تاشلانغان تاش پارچىلىرى بەك كۆپ بولغانلىقتىن، ماشىنىنىڭ چاقى تېز ئۇپراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يۈزى ئەگرى-توقاي، ماشىنىنىڭ سۈمۈرۈش كۈچى كىچىك بولغانلىقتىن، ئەخلەت-چاۋارلار پاكىز سۈمۈرۈلمىدى، پاكىزلىقنى ساقلاش ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولماي، ماشىنا ئىشلىتىش توختىتىپ قويۇلدى. شۇ يىلى «بىر قېتىم سۈپۈرۈپ پۈتۈن كۈن پاكىز تۇتۇش» تۈزۈمى يەنى سەھەردە بىر قېتىم تازىلاپ پۈتۈن كۈن ئارىلاپ يۈرۈپ پاكىز تۇتۇش بېكىتىلدى. 1987-يىلى «ئىككى قېتىم تازىلاپ پۈتۈن كۈن پاكىز تۇتۇش» تۈزۈمىگە، يەنى سەھەردە، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىمدىن چوڭ سۈپۈرۈش، چۈشتىن بۇرۇن پاكىز تۇتۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر رايون بويىچە ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىك شتاتىدىكى تازىلىق ئىشچىلىرى 95 كە يېتىپ، خەلق مەيدانى، ستېرېئو كۆۋرۈك ۋە 370 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى يەتتە ئاساسلىق غول يولنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تازىلىق ئىشچىلىرى 132 گە يېتىپ، 32 يول-كوچىنىڭ 550 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلى تيانشان رايونى شەھەر تەرىپىدىن «تازىلىقتىكى ئىلغار رايون» بولۇپ باھالاندى.

**ئىككىنچى، كوچا-يوللارنى تازىلاش**

ئازادلىقتىن كېيىن ئارقا كوچىلارنى تازىلاشتا، ئىزچىل تۈردە يەنىلا مۇددەت بويىچە كوچىدىكى ئاممىنى تازىلاشقا سەپەرۋەر قىلىش ياكى نۆۋەت بويىچە تازىلاش چارىسى قوللىنىلدى. 1982-يىلدىن باشلاپ بىۋاسىتە نەپ ئالىدىغان ئاممىدىن ھەق ئېلىپ، مەخسۇس ئادەم ياللاپ تازىلاش چارىسى قوللىنىلدى. ھەر يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلىنىپ 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلىشىپ (قىش پەسلىدە قار كۆپ يېغىپ، كوچا يوللىرىدا قار دۆۋىلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، تازىلاش توختىتىپ قويۇلىدۇ) ، ئارقا كوچىلاردىكى تازىلاش-پاكىزلىقنى ساقلاش خادىملىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كوچا-يوللاردىكى تازىلاش-پاكىزلىقنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

## 2-پاراگراف ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈش-توشۇش

**بىرىنچى، سۈپۈرۈش-توشۇش**

جوڭگو مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) دىخۇادا تازىلاش-پاكىزلىقنى ساقلاش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئاھالە ۋە ئىدارىلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى شەھەر سىرتىغا توشۇدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە تازىلىق

ئەترىتى مەھەللە-كوچىلارنى ئايلىنىپ، قوڭغۇراق چېلىپ، ئات ھارۋىسى بىلەن ئەخلەتلەرنى يىغىپ سىرتقا توشۇيتتى. چەترەك ھېسابلىنىدىغان لىيۇداۋان ۋە دۈگمەن قاتارلىق رايونلاردا ئەخلەتلەرنى پاكىز جايغا كۆمۈۋېتىش يولغا قويۇلدى. 1956-يىلى شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى ئاساسلىق مەھەللە يوللاردا ياغاچتىن ياسالغان ئەخلەت ساندۇقىدىن 36 نى ئورنىتىپ، دائىم چىقىپ تۇرىدىغان ئەخلەتلەرنى تۆكۈشكە قولايلىق ياراتتى. بۇ ئەخلەتلەر ئىككىنچى كۈنىلا شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى تەرىپىدىن تازىلىنىپ بىر قېتىمدىلا شەھەر سىرتىغا توشۇلاتتى.

1958-يىلى تازىلىق ئەترەتلىرى ھەرقايسى رايونلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. رايون ئىچىدە بەش ئورۇنغا ئەخلەت كۆلچىكى ياسالدى. پۈتۈن يىلدا سىرتقا توشۇلغان ئەخلەتلەر 407 مىڭ 700 توننىغا يەتكەنىدى.

1960-يىلى شەھەرلىك پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە دائىملىق بولۇش، شەھەر-يېزىلاردا زىياندىش بولماسلىق» تەلىپىگە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ يىغىش ۋە زىيانسىز ھالدا بىر تەرەپ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. ئىدارە-ئورگانلار ئورگانىك ئەخلەت بىلەن ئانئورگانىك ئەخلەتنى ئايرىم-ئايرىم قويۇپ، شەھەر سىرتىغا توشۇپ ئاپارغاندىن كېيىن، پاسكىنا سۇ، گەندىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆمۈپ، چىرىگەن ئوغۇتقا ئايلاندۇرۇپ زىيانسىز ھالدا بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىگە يەتتى ھەمدە ئامما توپلىشىپ ئولتۇرغان، شەھەر قىياپىتىگە تەسىر يەتمەيدىغان، توشۇشقا قولايلىق بولغان جايلاردا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەخلەت پونكىتىنى قۇرۇپ، قول ھارۋىسى بىلەن ھەربىر ئائىلىدىن چىققان ئەخلەتنى يىغىپ ئىككىنچى دەرىجىلىك پونكىتقا توشۇدى. كېيىن ماشىنا بىلەن توشۇپ، تازىلاش-توشۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1961-يىلى تازىلاش-توشۇش خادىملىرىغا قارىتا ئادەم، نۇقتا، ماشىنا، ۋەزىپە، ئىسراش ھەققىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت بەشنى بېكىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تازىلاش-توشۇشنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىر ئايدا ئادەتتىكىدىن 4000 توننا ئەخلەت كۆپ توشۇلغان.

1964-يىلى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى تازىلىق ئەترىتىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىكى 3-كوچىدا ئورا شەكلىدە ئەخلەت پونكىتى قۇرۇلۇپ، شىخېجى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئەخلەتلەرنى تازىلاش-توشۇش بويىچە ئۆز-ئۆزىنى بېقىش سىناق نۇقتىسى ئېلىپ بېرىلدى. 1975-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە كېڭەيتىلدى.

1980-يىلدىن بۇرۇن، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان ۋە باشقۇرغان تازىلاش-توشۇش خادىملىرىغا دۆلەت پۇل ئاجرىتىپ بەرمەيتتى. 1980-يىلدىن كېيىن رايوندىكى 80 نەپەر تازىلاش-توشۇش خادىمى چوڭ كوللېكتىپ شتاتىغا كىرگۈزۈلدى. خاراكتېرى پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش قىلىپ بېكىتىلدى. 1985-يىلى قول ھارۋىسى 144 كە، بىر توننىلىق كىچىك موللاقچى ماشىنا تۆتكە يېتىپ، پۈتۈن رايوندىكى 50 مىڭغا يېقىن ئائىلىنىڭ ئەخلىتىنى تازىلاش-توشۇشنى ئۈستىگە ئالدى.

1986-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى، بەخت يولى، دۈگمەن قاتارلىق ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مەركىزىي دائىرىسىگە ۋە ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ قىسمەن تەۋەلىرىگە 1719 تۆمۈر قاپلىق ئەخلەت ساندۇقى قويۇلدى. ئاھالىلەر ئەخلەتنى بىۋاسىتە ساندۇققا تۆكۈپ،

شەھەرلىك تازىلاش-تۇشۇش 1-ئەترىتى ھەم ئېتىلگەن ساندۇقلۇق ماشىنا بىلەن ئەخلەتنى سىرتقا توشۇپ ئەكىتىدىغان بولدى. شۇندىن كېيىن تازىلاش-توشۇش خادىملىرى بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتىدىكى ئەخلەت ساندۇقىغا قاراشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئەخلەت ساندۇقىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1987-يىلى ئەخلەت ساندۇقى كۆپىيىپ 2046 گە يەتتى. شىمالىي شىنخۇا يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى قاتارلىق ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسىمۇ ئاساسلىق تەۋەلىرىگە ئارقا-ئارقىدىن ئەخلەت ساندۇقى ئورناتتى. 57 نەپەر تازىلاش-توشۇش ئىشچىسى قاراپ باشقۇرۇشقا قويۇلدى. ئۇندىن باشقا ئېشىپ قالغان 53 قول ھارۋىسىدا داۋاملىق ئەخلەت توشۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى ھەقلىق مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، چوڭ ئورۇنلارنىڭ ئەخلەتلىرىنى تازىلاش-توشۇش ئىشلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئۈستىگە ئالغان ئەخلەت تازىلاش-توشۇش ئائىلىلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئازلىدى. شۇڭا پۈتۈن رايون بويىچە قول ھارۋىسى بىلەن ئەخلەتلىرى تازىلىنىپ توشۇلىدىغان ئائىلىلەر سانى ئازىيىپ 32 مىڭ 600 ئائىلىگە تۆۋەنلىدى.

## ئىككىنچى، ئەخلەت پۇلى

1959-يىلدىن بۇرۇنقى ئەخلەت پۇلىنى شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى يىغىپ ئىشلەتتى. 1958-يىلدىن 1964-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەخلەت پۇلىنى رايونلۇق تازىلىق ئەترىتى يىغىپ ئىشلەتتى. 1964-يىلى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى بىر تۇتاش ئەخلەت پۇلى يىغىش ئۆلچىمىنى بېكىتتى. شۇ يىلى ئەخلەت پۇلى، يىغىش پۇلى تازىلاش-توشۇش كەسپى بىلەن بىرلىكتە شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىشلىتىش ھوقۇقىمۇ شۇ ھەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1975-يىلدىن كېيىن ئەخلەت پۇلىنى يىغىش-ئىشلىتىش ھوقۇقى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. پرىنسىپ جەھەتتە كىم ئەخلەتنى تازىلاپ توشۇشقا مەسئۇل بولسا، شۇ پۇل ئېلىش، ئىشلىتىش يولىغا قويۇلدى. شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى پۇل قوشۇپ بەرمەيدىغان بولدى. 1985-يىلى پۇل يىغىش ئۆلچىمى تەڭشەلدى.

1987-يىلى ئەخلەت پۇلى يىغىش — ئادەتتىكى ئاھالىلەر ئۆيلىرى ئورگان، زاۋۇت، كان، مەكتەپ ئۆيلىرى؛ سودا، مۇلازىمەت كەسپى تور-نۇقتىلىرى ۋە ئائىلە ھايۋانلىرى، ئائىلە قۇشلىرى بويىچە تۆت خىل پۇل ئېلىش ئۆلچىمىگە ئايرىلدى.

ئادەتتىكى ئاھالىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئەخلەت پۇلى ھەرئايدا ھەربىر ئادەمدىن 15 پۇڭ، ھەربىر ئوچاقتىن 30 پۇڭ بويىچە ئېلىنىدى.

ئورگان، زاۋۇت-كان، مەكتەپلەردىكى ئەخلەت پۇلى ھەربىر تونىسىغا ئالتە يۈەندىن ئېلىنىدى. تونىنا بويىچە ھېسابلاش مۇمكىن بولمىغان ئورۇنلاردىن ئۆي سانى بويىچە ئېلىنىپ ھەرئايدا ھەربىر ئېغىز ئۆيگە 15 پۇڭ ئېلىنىدى.

سودا، مۇلازىمەت كەسپى تور-نۇقتىلىرىدىن ھەرئايدا ھەربىر ئېغىز ئۆيگە 50 پۇڭدىن 7.50 يۈەنگىچە ئەخلەت پۇلى ئېلىنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتات، مېۋە-چېۋە دۇكانلىرىدىن ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئېيىغا ھەربىر ئېغىز ئۆيگە 7.5 يۈەن ئېلىنىدى. (قىش پەسلىدە 40% ئازايتىپ ئېلىنىدى)، باشقىلىرىدىن

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.50 يۈەندىن 1.50 يۈەنگىچە ئېلىنىدى.

ئائىلە ھايۋانلىرى، ئائىلە قۇشلىرىدىن ھەربىرىدىن ئەخلەت پۇلى ئېلىنىدى. ئات، ئېشەك، كالىلارنىڭ ھەربىرىگە ئېيىغا ئون يۈەن، چوشقا، قوي، ئىتلارنىڭ ھەربىرىگە ئېيىغا ئۈچ يۈەن، توخۇ، ئۆردەك، توشقانلارنىڭ ھەربىرىگە ئېيىغا 0.50 يۈەن ئېلىنىدى.

## 3-پاراگراف ھاجەتخانىلارنى تازىلاش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دەخۋادىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىدىكى ۋە ئاھالىلەرنىڭ ھاجەتخانىلىرىدىكى گەندىنى يېقىن شەھەر ئەتراپىتىكى دېھقانلار ئەكىتىپ ئېتىزغا قوياتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئاھالىلەرنىڭ قورۇلىرىدىكى ھاجەتخانىلارنى يەنىلا شەھەرگە ئوغۇت يىغقىلى كىرگەن دېھقانلار تازىلايتتى. ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنى شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى تازىلىدى.

1958-يىلى شەھەرلىك تازىلىق ئەترىتى ھەرقايسى رايونلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەندە ھاجەتخانا تازىلاشمۇ رايونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پۈتۈن رايوندىكى 16 ئاممىۋى ھاجەتخانىنى رايونلۇق تازىلىق ئەترىتى ئىككى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئىككى ئات ھارۋىسى ئارقىلىق تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. 1959-يىلى 9811 تونىنا گەندە تازىلاندى. بۇ گەندىلەر ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ياكى ئورگانىك ئەخلەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇت قىلىنغاندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى سەي تېرىيدىغان دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلىپ، كىرىم قىلىنغان پۇل گەندە تازىلىغۇچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

1964-يىلى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، رايونلۇق تازىلىق ئەترىتى شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاكى 1985-يىلغىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1985-يىلى شەھەرلىك گەندە تازىلاش ئەترىتىنىڭ بېسىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، تيانشان رايونى مەھەللە-كوچىلاردىكى 230 ئورۇندىكى ئاددىي ھاجەتخانىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى باشلىدى. شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى تيانشان رايونىغا گەندە تازىلاش ماشىنىسىدىن ئىككىنى تەڭشەپ بەردى. شۇ يىلى جەمئىي 431 ماشىنا (قېتىم)دا 1734 تونىنا گەندە تازىلاندى ھەمدە 25 ئورۇندىكى كوچا ھاجەتخانىسى قايتىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى 127 كوچىدىكى ھاجەتخانىنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ھەرئايدا ھاجەتخانىدىكى ھەربىر ھاجەتخانىغا بىر يۈەن ئۆلچەم بىلەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، ھەربىر ھاجەتخانىنى ھەر كۈنى بىر قېتىم تازىلاشنى تەلەپ قىلدى.

1986-يىلى ھاجەتخانىنى تازىلاش خىراجىتىگە قارىتا ھۆددىگە بېرىش يولىغا قويۇلدى. رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى گەندە تازىلاشنى ھۆددىگە ئالغان تەرەپ بىلەن توختام تۈزدى ھەم خىراجەت ئېشىپ كەتسە ئىدارە تولۇقلاپ بەرمەيدىغانلىقىنى، تېجەپ قىلىنغان خىراجەتنىڭ ئىدارە بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى گۇرۇپپا ئالتىدىن تۆت بويىچە بۆلۈشىدىغانلىقىنى، ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ سىرتىدىكى كىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىدارە، ئاز قىسمىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ يىلى جەمئىي 960 ماشىنا (قېتىم)دا 3840 تونىنا گەندە تازىلاندى. گەندە كۆلچىكىدىكى ئەخلەت، خىش-كېسەك، تاشلاردىن 1248 تونىنا تازىلاندى. شۇنىڭ بىلەن 156 كوچىدىكى ھاجەتخانا تاكى تېگىگىچە پاكىز تازىلاندى ھەمدە 102 كىشىلىك ھاجەتخانا رېمونت قىلىندى. 24 كىشىلىك تۆت

ھاجەتخانا قايتىدىن سېلىندى. 18 كىشىلىك ئۈچ ھاجەتخانا يېڭىدىن سېلىندى.

1987-يىلى خىراجەتنى چوڭ ھۆددىگە بېرىش يولىغا قويۇلۇپ، ھۆددىگەرلىك خىراجىتى 1986-يىلىدىكى 37 مىڭ يۈەندىن 25 مىڭ يۈەنگە ئازايتىلدى. تېجەپ قېلىنغان چىقىم ھۆددىگە ئالغۇچىغا قالدۇرۇلدى. ئېشىپ كەتكەن چىقىم تولۇقلاپ بېرىلمىدى، ۋەزىپىدىن سىرت قىلىنغان كىرىم ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. توختامدا ھاجەتخانىنى تازىلاشقا دائىر كونكرېت تەلەپلەر تەپسىلىي بەلگىلەندى. شۇ يىلى 1080 ماشىنا (قېتىم)دا 4320 توننا گەندە تازىلاندى. 182 ماشىنا (قېتىم)دا 720 توننا گەندە كۆلچىككە توشۇپ قالغان ئەخلەت تازىلاندى. 7ئىككى كوچا ھاجەتخانىسى رېمونت قىلىندى. 2 ھاجەتخانا قايتىدىن سېلىندى. تۆت ھاجەتخانا يېڭىدىن سېلىندى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن رايون بويىچە 961 كىشىلىك 162 ھاجەتخانا بار بولدى.

## 4-پاراگراف شەھەر قىياپىتىنى نازارەت قىلىش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يوللارنى ئىگىلىۋېلىشقا قارىتىلغان باشقۇرۇش بوشاپ قالغانلىقتىن، كوچا-يوللار ئىچىنى قالايمىقان ئىگىلەش، قالايمىقان ياساش ئەھۋاللىرى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1978-يىلى تيانشان رايونلۇق شەھەر قىياپىتىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايون كوچىلىرى ئىچىدىكى قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلار ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى قالايمىقان ئىگىلەش، قالايمىقان قويۇش ئەھۋاللىرى تەكشۈرۈلۈپ، تىجارەتچىلەرنىڭ قالايمىقان يايما نۇقتىلىرى تەرتىپكە سېلىندى. 1981-يىلدىن 1982-يىلغىچە نۇقتىلىق قىلىپ قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلار تەرتىپكە سېلىندى. جەمئىي 327 ئورۇندىكى 2670 كۋادرات مېتىرلىق قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇش چېقىپ تاشلاندى. 100 ئورۇندىكى قائىدىگە خىلاپ نۇقتىلار چېقىپ تاشلاندى ھەمدە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، ئازادلىق يول، شىنخۇا يولى، جۇڭشەن يولى، دېموكراتىيە يولى، قىزىل بايراق يولى، نۇرلۇق يول، ياشلار يولى، خەلق يولى ۋە خەلق مەيدانىدا يايما تەسىس قىلىشقا رۇخسەت قىلىنماي، شەھەر قىياپىتىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. باشقۇرۇشقا بويسۇنمىغانلارغا قارىتا سۆز بىلەن قايىل قىلىش، جەرىمانە قويۇش، يايما نۇقتىلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىپ تاشلاشنى بىرلەشتۈرۈشتەك چارە قوللىنىلىپ، جەمئىي 9551 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

شىنجاڭنىڭ قىش پەسلى ئۇزۇن بولۇپ، قار كۆپ ياغىدۇ. رايون ئىچىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى ئامما، قار يېغىپ توختىغاندىن كېيىن قارلارنى ئۆزلىرى تازىلاپ ئۆزلىرى توشۇشتەك ياخشى ئادەتنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. قىش پەسلىدىكى قاتناشنىڭ بىخەتەرلىكىگە يەنىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1982-يىلدىن باشلاپ ئاساسلىق غول يوللاردىكى قار-مۇزلارنى تازىلاش خىزمىتىگە قارىتا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئاساسلىق غول يوللاردىكى قار-مۇزلارنى تازىلاش يول ياقىسىدىكى ئورۇنلارغا ئايرىلىق بويىچە بۆلۈپ بېرىلىپ، قاردىن كېيىنلا تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، يوللارنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇ يىلى جەمئىي 1334 ئورۇن، 286 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم)، 2526 ماشىنا (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىنىپ، 42 مىڭ 300 توننا قار-مۇز تازىلاندى ۋە توشۇلدى. 1983-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت «قار يېغىشنىڭ ئۆزى چاقىرىق، قار توختاشنىڭ ئۆزى بۇيرۇق، بىر مەيدان قار ياغسا، بىر مەيدان قار تازىلاش كېرەك» دېگەن قاتتىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن قار تازىلاش رايونلۇق شەھەر قىياپىتى مۇھىت تازىلىقىنى نازارەت قىلىش تارماقلىرىنىڭ ئىمتىياز، قىش پەسلىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن رايوندىكى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكىتىگە ئايلاندى. شۇندىن كېيىن ھەر يىلدىكى قىش، ئەتىيازدا رايون ئىچىدىكى 12 غول يولنىڭ يۈزى ئاساسىي جەھەتتىن پاكىز ساقلاندى. يول يۈرگۈچىلەرگە ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇلدى.

«خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرۇش، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق باشقۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، 1983-يىلى كوچا-يول ياقىسىدىكى ئىدارىلەر «تۆتتە ئۆزى قىلىش، بىردە بىرلىشىش» كە ئۇيۇشتۇرۇلدى (ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يولنى ئۆزى رېمونت قىلىش، ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى دەل-دەرەخنى ئۆزى ئاسراش، ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يولنىڭ پاكىزلىقىنى ئۆزى ساقلاش، ئۆزىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يولنىڭ تەرتىپىنى ئۆزى ساقلاش، پايدا كۆرىدىغان ئورۇنلار مەبلەغ توپلاپ بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت)، 1984-يىلى «يەتتە ئائىلىگە بىر پوست قويۇش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئورۇنلار، ھەر يەتتە ئائىلە بىر ئارىلىق قىلىنىپ، بىر دېژۇرنى قويۇش، ھەربىر ئىدارە نۆۋەتلىشىپ دېژۇرنىلىق قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم بېكىتىش، ئۆز ئارىلىقىنىڭ تازىلىق، كۆكەرتىش، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە شەھەر قىياپىتى مۇھىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1985-يىلى مۇھىت تازىلىقى بويىچە «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. كوچا-يول ياقىسىدىكى ئورۇنلار ئۆز ئىشىكى ئالدىدىكى تازىلىق، كۆكەرتىش ۋە تەرتىپ ساقلاشنى ھۆددىگە ئالدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئۆز تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن تەدرىجىي ھالدا «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى (ئۆز تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئادەم ياكى پۇل چىقىرىش، مەھەللە ئىش باشقارمىسى سىرتتىن ۋاقىتلىق ئىشچى ياللاشقا مەسئۇل بولۇش). پۈتۈن رايوندىكى 429 نەپەر «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرى بىر تۈتاش كىيىنىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىشقا چىقىپ دېژۇرنىلىق قىلىپ، 24 ئاساسلىق غول كوچىدىكى 520 مىڭ كۋادرات مېتىر پىيادىلەر يولىنى تازىلاپ، سۈپۈرۈپ پاكىز تۇتۇشقا، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارنى ئاسراشقا ۋە يايما نۇقتىلىرىنى قالايمىقان قويۇش، ۋېلسىپىتلەرنى قالايمىقان قويۇشنى توسۇشقا مەسئۇل بولدى. مېۋە-چېۋە شۆپۈكلىرى ساندۇقلىرىنى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يۇيۇپ تازىلىدى. 1987-يىلى «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرى تەرەققىي قىلىپ 534 كە يېتىپ، 34 ئاساسلىق غول كوچىلاردىكى ۋە 640 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى پىيادىلەر يولىنى تازىلاپ، سۈپۈرۈپ پاكىز تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىغا قارىتىلغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، رايون بويىچە يەنە «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» بويىچە نازارەت قىلغۇچى خادىمدىن 45 نەپىرى قويۇلدى. نازارەت قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى شەھەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىلدى. «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى پايدا كۆرىدىغان ئورۇنلار چىقارغان «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خىراجىتى ئىچىدىن ھەل قىلىندى. پرىنسىپ جەھەتتە «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خادىملىرىنىڭ ھەرئايدىكى تۇرمۇش خىراجىتى 50 يۈەن، قورال-سايمان خىراجىتى ئالتە يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

# 8-باب مۇھىت ئاسراش

## 1-پاراگراف ئاتموسفېرانى ئاسراش

ئۈرۈمچى شەھىرى تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ. قىش پەسلىدە تەتۈر ئىسسىق قاتلىمى قېلىن بولغاچقا، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىش ماددىلىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە يوقىتىشقا بەكمۇ پايدىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىش ئاساس قىلىنغانلىقتىن، يەنە كېلىپ قىش پەسلىدىكى ئىسسىنىش ۋاقتى ئۇزۇن، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى گىياھ ئۆسمەيدىغان تاقىر تاغلار بىلەن ئورالغان، ئۈستى ئوچۇق يەرلەرنىڭ كۆلىمى چوڭ بولغاچقا، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىش مەنبەسى چوڭ.

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. بولۇپمۇ 50- ۋە 60-يىللاردا قۇرۇلغان زاۋۇتلارنىڭ ئەسلىھەلىرى ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك كونا، ھۈنەر-سەنئىتى قالاق بولغاچقا، ھەتتا ئىشلىتىلگەن كونا شەكىلدىكى پار قازانلىرىنىڭ ئىسسىتىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجرىتىپ چىقارغان ئىس-تۈتەكلەرنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى چوڭ بولغاچقا، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كۈندىن-كۈنگە ئېغىر بولدى.

1977-يىلى پار قازانلارنى تەرتىپكە سېلىش باشلىنىپ، پار قازانلارغا ئىس-تۈتەك چاڭ-توزانلارنى ئاجرىتىش چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى قوشۇپ ئىشلىتىپ، مۇقىم شەكىلدىكى كونا پار قازانلارنى يەڭگۈشلەش تەلەپ قىلىندى. 1980-يىلى يەنە يېڭىدىن سېلىنىدىغان، كېڭەيتىپ سېلىنىدىغان، ئۆزگەرتىپ سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشلاردا ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش، يەنى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇش بىلەن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا لايىھىلەش، بىرلا ۋاقىتتا قۇرۇلۇش قىلىش، بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى تيانشان رايونىدىكى ئىككى نۇقتا (خەلق مەيدانى، بېيمېن)، بىر لىنىيە (شىنخۇا يولىدا چوڭ كۆۋرۈكتىن ئىتتىپاق يولى ئېغىزىغىچە)نىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئورۇنلارغا مۇددەت ئىچىدە پار قازانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن پار قازاننى ماڭغۇزۇش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش، لاياقەتلىك بولمىغانلىرىغا رۇخسەت قىلماسلىق بەلگىلەندى. 1980-يىلى ئىس-تۈتەك ئاجرىتىپ چىقىرىشنى تۈزۈش ھەققى ئېلىنىپ، شۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ئاجرىتىپ چىقارغان ئىس-تۈتەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى قۇراشتۇرۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى.

شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى رايون تەۋەسى ئىچىدىكى بېيمېن، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى، شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورگاندا، ئاتموسفېرا سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش پونكىتى قۇردى. 1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ماتېرىياللىرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1980-يىلدىكى تيانشان رايونىنىڭ ئاتموسفېراسىدىكى كاربون تۆت ئوكسىدىنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى 0.122 مىللىدارى 0.148 مىللىگرام/كۇب مېتىر بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن (0.150 مىللىگرام/كۇب مېتىر) ئېشىپ كەتمىگەن. ئاتموسفېرادىكى لەيلەپ يۈرىدىغان مىكرو زەررىچىلەر 1980-يىلى 1.244 مىللىگرام/كۇب مېتىر، 1985-يىلى 0.591

مىللىگىرام/كۇب مېتىر بولغان، گەرچە يىللىق ئوتتۇرىچە قىممىتىدە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلسىمۇ، لېكىن يەنىلا دۆلەتنىڭ كونترول قىلىشتىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۆلچىمى 0.300 مىللىگىرام/كۇب مېتىرنىڭ بىر ھەسسىسىگە يېقىن ئېشىپ كەتكەن. شەھەرگە چۈشىدىغان چاڭ-توزانلار 1980-يىلى ئېيىغا 91.39 توننا/كۋادرات كىلومېتىر بولغان، 1985-يىلى ئېيىغا 36.4 توننا/كۋادرات كىلومېتىر بولغان. لېكىن يەنىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سېلىشتۇرۇپ چىقارغان نازارەت قىلىپ ئۆلچىگەن سان-سىفىردىكى سەككىز توننا/كۋادرات كىلومېتىر ئايلىق بەلگىلىمىسىدىكى ئۆلچەمدىن 87.5% ئېشىپ كەتكەن.

1986-يىلى قىشتا، تيانشان رايونىدا ئىس-تۈتەكسىز رايونلارنى بەرپا قىلىش بويىچە سىناق نۇقتا ئېلىپ بېرىلدى. سىناق نۇقتا دائىرىسى شىمالدا نۇرلۇق يولدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا جۇڭگەن يولىغىچە، شەرقتە شىمالىي ئازادلىق يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە شىمالىي شىنخۇا يولى ئارىلىقىغىچە بولۇپ، كۆلىمى 0.72 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ كۋادرات شەكلىدە شىمالىي شىنخۇا يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى قاتارلىق ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونترول قىلىنغان رايوندا تۆۋەندىكى بەلگىلىمە قاتتىق ئىجرا قىلىندى:

1. كونترول قىلىنغان رايون ئىچىدىكى بارلىق پار قازان، سۇ قايناتقۇچ، ئېرىتىش ئوچاقلىرى ۋە ئاشخانىدىكى ئوچاقلاردىن ئىس-تۈتەك چىقارماسلىق، ئىس-تۈتەك لىنگېمەن ئىس-تۈتەك قويۇقلۇقى خەرىتىسىدىكى 0-1 دەرىجىدە بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئىس-تۈتەك ئارىسىدىكى چاڭ-توزاننىڭ مىقدارى 100 مىللىگىرام/كۇب مېتىردىن تۆۋەن بولۇشى كېرەك.

2. تۆرلۈك پار قازانلارغا چاڭ-توزاننى يوقىتىدىغان ئەسلىھەلەر قۇراشتۇرۇلۇشى ھەمدە مۇددەت ئىچىدە تەكشۈرۈپ تۈرۈشى كېرەك. بىر توننىدىن ئاز كۆمۈر قالىنىدىغان پار قازان، سۇ قايناتقۇچ ئوچاقلىرىدا چوقۇم كۆمۈر كۆيدۈرۈش ئەسلىھەلىرى ياخشىلانغان بولۇشى، قارا ئىس-تۈتەك چىقماسلىق تەلىپىگە يەتكەن بولۇشى كېرەك.

3. ئاشخانىدىكى ئوچاقلاردا چوقۇم ئىسسىز كۆمۈر ياكى كوكس قالىنىشى، شارائىتى بارلىرى سۇيۇقلۇق گازى، پار گاز ياكى توك ئىشلىتىشى كېرەك.

4. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئوچاق، ئېرىتىش ئوچىقى، ئاسفالت قايناتقۇچ ئوچاقلىرىمۇ ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزاننى يوقىتىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىپ، قويۇپ بېرىلگەن ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزانلارنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

5. ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايون ئىچىدىكى بۇلغانما مەنبەلىرىنى (خەلق ئىشلىتىۋاتقان ئوچاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) تۈزەپ تەرتىپكە سېلىشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 85% كە يېتىشى لازىم.

تەشكىلىي تەدبىردە ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئىسسىنىش ۋە يېمەك-ئىچمەك پىشۇرۇش ئوچاقلىرىغا قارىتا ئايرىم-ئايرىم تىزىملاش ئېلىپ بېرىلدى. ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى پار قازىنى، سۇ قايناتقۇچ ئوچىقى، يېمەك-ئىچمەك ئوچاقلىرىغا قارىتا ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان ئۆلچەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتا ئىسسىقلىق تارقىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان پار قازانلار، كېيىن چاي قايناتقۇچتا ئىشلىتىلىدىغان ئوچاقلار تەرتىپكە سېلىندى. مەبلەغدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولۇپ، پار قازىنى ئالماشتۇرۇشقا كۈچى يەتمىگەن ئورۇنلار ۋاقىتىنچە ئىسسىز كۆمۈر قالاپ تۇردى. تۈزەش ئارقىلىق، مەزكۇر رايوندىكى 74 پار قازىنى ئىچىدىكى تۈزەشكە تېگىشلىكى 21 بولۇپ، بۇنىڭدىن 18 ى تۈزۈلۈپ، لاياقەتلىك نىسبىتى 95.5% كە يەتكۈزۈلدى. 44 چاي ئوچىقى ئىچىدىكى تۈزەشكە تېگىشلىكى 30 بولۇپ، بۇنىڭدىن

27 سى تۈزۈلۈپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.2% كە يەتكۈزۈلدى. 113 ئورۇندىكى 254 ئاشخانا ئوچىقىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 84% كە يەتتى.

1987-يىل 11-ئايدا پۈتۈن شەھەر بويىچە تۈتۈن-تۇتەك كونترول قىلىنغان رايون، تيانشان رايونىدا قۇرۇلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى نەتىجىسىدە 1988-يىل 1-ئايدا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 2-پاراگراف سۇ مەنبەلىرىنى ئاسراش

تيانشان رايونىغا جايلاشقان ئۇلانباي سۇ ئامبىرى بىلەن سەيۇپۇ كۆلى — ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىككى چوڭ سۇ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1985-يىلدىكى ئۆلچەپ بېكىتىشتىن قارىغاندا، ئۇلانباي سۇ ئامبىرىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى بىرىنچى دەرىجىلىك بىرقەدەر مۇقىم، سۈزۈك سۇ دەپ بېكىتىلگەن. لېكىن سىمابنىڭ يېنىك دەرىجىدە بۇلغىنىشىغا ئۇچراپ، سەل تۆۋەنلەشكەن. سەيۇپۇ كۆلى — شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدىن چىققان كېرەكسىز پاسكىنا سۇنىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، سىماب مىقدارى 0.008 مىللىگرام/لىترغا يېتىپ، دۆلەت رۇخسەت قىلغان ئەڭ يۇقىرى قويۇقلۇق دەرىجىسى 0.001 مىللىگرام/لىتردىن ئېشىپ كەتكەن. 1976-يىلى ئاپتونوم رايون مەزكۇر زاۋۇتنى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاتتى. 1981-يىلى شىنجاڭ سۇلياۋ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىچىملىك سۇ مەنبەلىرىنى ئاسراش ئۈچۈن، 1983-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلانباي — سەيۇپۇ سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى قارار قىلدى. مۇھاپىزەت رايونى شىمالدا ئۇچتاشتىن باشلىنىپ، جەنۇبتا نەنسەن ئېغىزىنىڭ ئالدىدىكى بەلباغقىچە بارىدۇ. غەربتە ئۈرۈمچى-كۇچا تاشيولىدىن باشلىنىپ، شەرقتە ئۇچتاغ جىلغا ئېغىزىغىچە بارىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ۋە توسمىنىڭ كەينىدىكى سۇ سىڭىش بەلبېغى، شىدۇنا ئېغى سۇ مەنبەسىدىن ئۇچتاش سۇ زاۋۇتى شۇنىڭدەك سەيۇپۇ ئېقىش ساھىلىدىكى پەلەمپەي شەكلىدىكى بەلباغقىچە بىرىنچى دەرىجىلىك سۇ مەنبەسى مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ. سۇ مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش نۇقتىسى سۈپىتىدە، ئۇلانباي سۇ ئامبىرى ۋە سەيۇپۇ كۆلىنىڭ ھەرقايسىسىدا بەش نۇقتا تەسىس قىلىندى.

## 3-پاراگراف شاۋقۇننى كونترول قىلىش

قاتناش شاۋقۇنى — تيانشان رايونى ئىچىدىكى ئاساسلىق شاۋقۇن مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا جەمئىيەتتىكى شاۋقۇنلار شاۋقۇن مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

1979-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان قاتناش شاۋقۇنىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش نەتىجىسىدە، شىنخۇا يولىدا ئوتتۇرىچە 76 گىرتىس؛ نۇرلۇق يولىدا 74 گىرتىس؛ ئازادلىق يولى، غالىبىيەت يولىدا ئوتتۇرىچە 72 گىرتىس؛ دۆلەت قۇرۇش يولى، ئىتتىپاق يولىدا ئوتتۇرىچە 71 گىرتىس؛ جۇڭسەن يولىدا ئوتتۇرىچە 68 گىرتىس بولۇپ، كۈندۈزدە 70 گىرتىس بولۇش، كېچىدە 55 گىرتىس بولۇش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ بۇزۇلۇش دەرىجىسىدىكى سەۋىيىگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تيانشان رايونىغا نوپۇس مەركەزلەشكەن بولغاچقا، جەمئىيەتتىكى شاۋقۇن پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى، ئوخشاش بولمىغان مەمۇرىي رايون مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن قارىغاندا، 1981-يىلى-

دىكى تيانشان رايونىنىڭ تەڭ ئوتتۇرىمىدىكى ئاۋاز دەرىجىسى 56 گىرتىس، بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچ سانى 0.75 بولۇپ، ئادەتتىكى دەرىجىدە ھېسابلىنىدۇ. 1982-يىلدىكى 67 گىرتىس، بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچ سانى 0.89 بولۇپ، بۇزۇلۇش دەرىجىسىگە كىرىدۇ. 1985-يىلى 57 گىرتىس، بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچ سانى 0.76 بولۇپ، يەنىلا بۇلغىنىش دەرىجىسىگە كىرىدۇ.

1980-يىلى قاتناش شاۋقۇنىنى كونترول قىلىش باشلاندى. ئاساسلىق تەدبىر مۇنداق: شاۋقۇنىنى تۆۋەنلىتىدىغان كاناي ئورنىتىش، شۇ يىلى 8-ئايدىن 10-ئايغىچە بولغان ئورنىتىش ئونۇمى 95% كە يەتتى. ماشىنىسازلىق ئەسلىھەلىرىگىمۇ ئاۋاز يوقىتىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىش تەلەپ قىلىندى.

1985-يىلى شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنخۇا يولى، ئازادلىق يولى، نۇرلۇق يولى، ئىتتىپاق يولى تەۋەسىدىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن شاۋقۇن مەنبەلىرىنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سالدى.

# 9-باب كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش

تيانشان رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش رولىغا ئىگە ئۆستەڭدىن ئون نەچچىسى بولۇپ، بەزىلىرى دېھقانچىلىقتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسى ئۈستى ئوچۇق توپا ئېرىقلار ئىدى. 1978-يىلدىن كېيىن ئاندىن كەينى-كەينىدىن ئۆزگەرتىلىشكە باشلىدى. 1978-يىلى تيانشان رايونلۇق يول ئاسراش ئەترىتى شەھەر مەمۇرىيىتى يول ئاسراش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى يەنئەن يولى، دۆڭكۆۋرۈك، نىڭشياۋەن، خېيجياسەن، بەخت يولى قاتارلىق ئالتە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شۇ يىلىلا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىدىن 14.5 كىلومېتىرنى تازىلاپ، 39 سۇئۆتكۈچ تەشتى. 9147 كۇب مېتىر لاي-پاتقاق ۋە ئارىلاشما نەرسىلەرنى تازىلىدى. 1980-يىلى 10.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىنى تازىلىدى. شۇ يىلى يەنئەن يولى ئۆستىڭى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، شەھەر مەمۇرىيىتى يول ئاسراش باشقارمىسى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى. 1981-يىلى 5050 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ تازىلىنىپ، 13 سۇئۆتكۈچ قېزىلدى. شۇندىن كېيىن يول ئاسراش باشقارمىسى يەنە نىڭشياۋەن ئۆستىڭىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بەخت يولى ئۆستىڭى، دۆڭكۆۋرۈك ئۆستىڭى تاشلىنىپ قالدى.

1986-يىلى ساي يولىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى 100 يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بويىچە لايىھەلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرقىي يان تەرىپىدىكى تاش بىلەن ياسالغان سۇ توسۇش تېمىنى ياسىدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5.25 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1987-يىلى تيانشان رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭىدىن پەقەت ئەرداۋان بىلەن خېيجياسەندىن ئىبارەت ئىككىسىلا قالدى.

ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، تيانشان رايونى رايونىدا تۇرۇشلۇق ئىدارە-جەمئىيەت ۋە ئاھالە ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۆستەڭلەرنى تازىلىدى ھەمدە ئەتىياز، ياز پەسلىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتىنى تەشكىللەپ، كەلكۈن بېسىپ كىرىپ ئاپەت پەيدا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. خەلقنىڭ مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تيانشان رايونى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابىنى قۇردى. رايون باشلىقى باش قوماندان، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن رايون باشلىقى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن قوماندان بولدى.

ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەزاسى بولدى. رايون ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنا ئەترىتى ۋە خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئەترىتى تەشكىللەندى ھەمدە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ماتېرىياللىرى ۋە قورال-ياراقلارنى تولۇق تەييارلاپ، ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 1-پاراگراف كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭلىرى

**بىرىنچى، شەرقىي چۆل ئۆستىڭى**

بۇ ئۆستەڭ جەنۇبتا يەنئەن يولىدىن باشلىنىپ، ئەرداۋان سۇ ئامبىرى ئارقىلىق شوربۇلاق ئېرىقىغا قويۇلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتىر بولۇپ، ئەسلىدە توپا ئۆستەڭ ئىدى. 1978-يىلدىن 1985-يىلغىچە ئۆستەڭنىڭ يەتتە كىلومېتىر ئارىلىقى ئۆزگەرتىلىپ تاش ئۆستەڭگە ئايلاندۇرۇلدى. ھازىر بۇ ئۆستەڭ داۋان يېزىسىدا سەي-كۆكتات ئېتىزلىقىنى سۇغىرىدىغان دېھقانچىلىق ئۆستىڭى ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە. ئەتىياز پەسلىدە توساق ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، شەرقىي تاغدىن ئېرىگەن قار سۇلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ تاشلاش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ توساش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇ رايونىمىزنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى بىر ئاساسلىق غول يول ھېسابلىنىدۇ.

**ئىككىنچى، نىڭشياۋەن ئۆستىڭى**

بۇ ئۆستەڭ شەھەر ئىچىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان يەر ئاستى ئاساسلىق غول ئۆستەڭ بولۇپ، نىڭشياۋەندىكى كۆكتاتلىقتىن باشلىنىپ، ئارقابۇلاق يولى ئارقىلىق ئازادلىق يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇلاقبېشى كوچىسىنى بويلاپ، 3-كۆۋرۈك ساي يولىغا كىرىدۇ. 1980-يىلدىن 1982-يىلغىچە پۈتۈن قىسمى دىئامېترى 1.5 مېتر كېلىدىغان يەر ئاستى تۇرۇبا يولىغا ئۆزگەرتىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1592 مېتر. بۇ ئۆستەڭنىڭ ياسىلىپ پۈتۈشكە ئەگىشىپ، دۆڭكۆۋرۈك ئۆستىڭى، ۋۇداۋان ئۆستىڭى، موخې ئۆستىڭى تاشلىنىپ قالدى.

**ئۈچىنچى، ئەنىبېن ئۆستىڭى**

بۇ ئۆستەڭ تيانشان رايونىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئەرداۋان ئۆستىڭى، يۆجىنگەي ئۆستىڭى، سەنداۋان ئۆستىڭى، خېيجياسەن ئۆستىڭىدىكى كەلكۈن سۇلىرى مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ، تىنچلىق يولى ئېغىزى ئارقىلىق خەلق يولىنىڭ جەنۇبىي يان تەرىپىنى بويلاپ، ئۇدۇل ساي يولىغا تۇتىشىدۇ. 1980-يىلى ئۆزگەرتىلىپ پولات چىۋىقلىق سېمونت ئۈستى يېپىق ئۆستەڭگە ئايلاندۇرۇلدى، ئىچىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتر، ئۆستەڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.5 مېتر.

**تۆتىنچى، يەنئەن يولى ئۆستىڭى**

بۇ ئۆستەڭ يەنئەن يولىنىڭ ئىككى يېنىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئەنلياڭ كىتابخانىسىدا يىغىلىپ، كونسۇلخانا كوچىسى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنخۇا يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىتتىپاق يولىنى بويلاپ ساي يولىغا قويۇلىدۇ. ئەسلىدە ئۈستى ئوچۇق توپا ئۆستەڭ ئىدى. 1980-يىلى ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىي رايون 3-مېھمانخانىسىدىن غالىبىيەت يولىغىچە بولغان ئارىلىقى ئۈستى ئوچۇق تاش ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى. مۇشۇ جايدىن غەربكە قاراپ ساي يولىغىچە ئۈستى يېپىلغان ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1980-يىلى قىش پەسلىدىكى بىكار ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، رايونلۇق يول ئاسراش ئەترىتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، قاتتىق سوغۇققا قارىماي،

جۈتو قاتارلىق قورال‌لار بىلەن تۇگلاپ كەتكەن توپا قاتلىمىنى ئېچىپ، ئورا كولاپ تاش ياتقۇزۇپ، ئىچىنىڭ كەڭلىكى 0.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 1.4 مېتىر كېلىدىغان ئۈستى يېپىق ئۆستەڭ ياساپ چىقتى. يېڭى يىل ھارپىسىدا ئىشلەپ تۈگەتتى. 1981-يىلدىن باشلاپ، شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى بۇ ئارىلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى.

**بەشىنچى، يۆجىنگەي ئۆستىڭى**

بۇ ئۆستەڭ تيانشان رايونلۇق يول ئاسراش ئەترىتى باشقۇرۇشىدىكى بىر ئاساسلىق غول ئۆستەڭ بولۇپ، يۆجىنگەي سوڭگېچىدىن جەنۇبتا خېبجياسەن ئۆستىڭىدىن، شەرقتە ئەرداۋان سۇ ئايرىمىدىن كەلگەن كەلكۈن سۈنى ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ، بۇ ئۆستەڭ ئەسلىدە توپا ئۆستەڭ ئىدى. 1985-يىلى قىشتا ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 1.4 مېتىر كېلىدىغان ئۈستى يېپىق ئۆستەڭ قىلىپ ياسالدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، قىزىلتاغ يولى ئۆستىڭى، سەنداۋان ئۆستىڭى، خېبجياسەن ئۆستىڭى، ئەرداۋان ئۆستىڭى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى.

**1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭ سىستېمىسىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى**

جەدۋەل 1-1-9-4

| رەت نومۇرى | ئۆستەڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىنىش نۇقتىسى | باشقۇرىدىغان ئورۇن | ئۆستەڭ ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | شەرقىي چوڭ ئۆستەڭ | خوگېنچى سۇ ئايرىمىدىن باشلىنىپ، يەنئەن يولى، ھەربىي رايون ئالىي قورۇلۇش 9-پولكى، ئەرداۋان سۇ ئايرىمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپى، شەرقىي چوڭ ئۆستەڭ، پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى، شوربۇلاق جىلغىسى، 30-شۆبە قىسىمدىن ئۆتۈپ تۆگمەن ئۆستىڭىگە قۇيۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | يۇقىرىقى ۋە تۆۋەنكى ئارىلىقى تاش ئۆستەڭ، ئوتتۇرا قىسمى توپا ئۆستەڭ |
| 2 | يەنئەن يولى ئۆستىڭى | شەرقىي چوڭ ئۆستەڭدىن باشلىنىپ، يەنئەن يولى، كونسۇل كوچىسى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، غەربىي ئىتتىپاق يولىدىن ئۆتۈپ، ساي يولىغا قۇيۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | يۇقىرىقى ئارىلىقى ئوچۇق توپا ئۆستەڭ، ھەربىي رايون 3-مېھمانخانىدىن ساي يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقى ئۈستى ئوچۇق تاش ئۆستەڭ، تۆۋەنكى ئارىلىقى ئۈستى يېپىلغان تاش ئۆستەڭ |
| 3 | نەنشياۋمېن چوڭ ئۆستىڭى | ئالىي قورۇلۇش ئەسكەرلەر 9-پولكىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، شەھەرلىك 22-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشىكى ئالدىدىن نەنشياۋمېنگە كېلىپ، ئازادلىق يولى، بۇلاقبېشى كوچىسى، 3-كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ساي يولىغا قۇيۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | يۇقىرىقى ئارىلىقى ئۈستى ئوچۇق تاش ئۆستەڭ، شەھەر ئىچىدىكى ئارىلىقى سۇگكۈچ تورۇبىلىق ئۆستەڭ |

| رەت نومۇرى | ئۆستەڭ ئىسمى | باشلىنىش-ئاخىرلىنىش نۇقتىسى | باشقۇرىدىغان ئورۇن | ئۆستەڭ ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| 4 | ئەرداۋان ئۆستىڭى | ئەرداۋان سۇ ئامبىرىدىن باشلىنىپ، ئېتىز-ئېرىقلاردىن، شەھەرلىك ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، گىلى-گاچىلار مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى، 7-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۆتۈپ خەلق ئۆستىڭىگە قويۇلىدۇ | رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى | يۇقىرىقى ئارىلىقى ئۈستى ئوچۇق تاش ئۆستەڭ، تۆۋەنكى ئارىلىقى ئۈستى يېپىقلىق تاش ئۆستەڭ |
| 5 | خېيجيامەن ئۆستىڭى | كونا داۋان يېزىسى ئالدىدىن باشلىنىپ خېيجيامەنني ئايلىنىپ يۆجىنگىيدىكى سۆگەتچىتىن ئۆتۈپ، گىلى-گاچىلار مەكتىپى ئالدىغا كېلىدۇ | رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى | ئۈستى ئوچۇق توپا ئۆستەڭ |
| 6 | بەخت يولى ئۆستىڭى | شەرقىي چوڭ ئۆستەڭدىن باشلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپىدىن ئۆتۈپ، شەھەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر داشۆسى، ئېلېكتر- ئېنېرگىيە لايىھىلەش ئورنى، رايونلۇق باللار باغچىسى ئارقىلىق خەلق يولى چوڭ ئۆستىڭىگە قويۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | ئۈستى يېپىق ئۆستەڭ |
| 7 | خەلق يولى ئۆستىڭى | بەخت يولىنىڭ غەربىدىن باشلىنىپ، نەمنىتىدىكى كۆللۈكتىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنخۇا يولى ئارقىلىق پوبلىكا زاۋۇتىنىڭ جەنۇبىي يان تەرىپى بىلەن ساي يولىغا قويۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | ئۈستى يېپىق ئۆستەڭ |
| 8 | قىزىلتاغ يولى ئۆستىڭى | بەش يۇلتۇز يولىدىن باشلىنىپ، 18-ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۆتۈپ، ھەربىي رايون چوڭ قورۇقسى ئارقىلىق سەھىيە كوچىسىغا كېلىپ، غەربىي قىزىلتاغ يولىدىن ساي يولىغا قويۇلىدۇ | شەھەرلىك يول ئاسراش باشقارمىسى | ئۈستى ئوچۇق ئۆستەڭ |

## 2-پاراگراف سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى

**بىرىنچى، خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرى**

بۇ ئامبار رايون ئىچىدە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان سۇ ئامبىرى بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. ئەسلىدە بىر تەبىئىي كىچىك كۆل ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) كۈزدە قۇرۇلۇش باشلىنىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) كۈزدە قۇرۇلۇش تاماملانغان. 1949-يىلىغا بارغاندا ئامبارنىڭ سىغىمچانلىق مىقدارى 16 مىليون كۇب مېترغا يەتتى. 1950-يىل 9-ئايدا داۋاملىق كېيىنكى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، 1953-يىل 3-ئايدا پۈتۈن قۇرۇلۇش پۈتتى. 1953-يىل 4-ئاينىڭ 26-كۈنى سۇ قويۇپ بېرىلدى. 1978-يىلى زور تۈركۈمدە ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۇلانباي سۇ ئامبىرىغا تۇتىشىدىغان تونېل ئېچىلىپ، ئۇلانباي سۇ ئامبىرىدىكى كەلكۈن سۈيى ئايرىۋېتىلدى. خۇڭيەنچى سۇ ئامبىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۇ ساقلاش مىقدارى 53 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ. سۇ ئامبىرىنىڭ مۇناسىپ كۆلىمى 40 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىدىكى سۇنىڭ تەۋرىنىشى ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، ئادەتتە شەھەر رايونىنىڭ كەلكۈندىن

مۇداپىئە كۆرۈشكە خەۋپ يەتكۈزمەيدۇ.

### ئىككىنچى، ئۆلانباي سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن قۇرۇلغان، دەريا سۈيىنى توسىيدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1961-يىلى 5-ئايدا قۇرۇلۇش پۈتكەن. ئەسلىدە لايىھەلەنگەندە ئامبارنىڭ سۇ سىغىمچانلىقى 40 مىليون كۇب مېتىر ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق رولى جەنۇبىي تاغدىن ئېرىگەن قار سۇلىرى ۋە يازدىكى تاغ كەلكۈننى توسۇش ئىدى. ھەر يىلى 5-ئايدا قاپقاق ئېچىلاتتى. سۇ تىنچلىق ئۆستىڭى ئارقىلىق تۆۋەنگە قويۇپ بېرىلىپ، شەھەر رايوننى كېسىپ ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئامبار ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىغا جايلاشقان بولغاچقا، ھەم كەلكۈننى توسۇشقا، سۇ ساقلاشقا، سۇنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىشكە پايدىلىق، ھەم بىر چوڭ يوشۇرۇن ئاپەت، ئەگەر تاسادىپىي خەتەر يۈز بەرسە، شەھەر رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ. بۇ ئورۇن ياز پەسلىدە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئاساسلىق ئوبيېكت. 1979-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى چوڭ توسما چىڭىتىلىپ رېمونت قىلىندى.

### ئۈچىنچى، ئەرداۋان سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار 1960-يىلى قۇرۇلغان. ئۇ شەرقىي شەھەر ئەتراپىدىكى ئايلانما يولنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تەبىئىي سازلىقتا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر رايونى بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشتىكى مەخسۇس سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا شەرقىي تاغ ئەتراپىدىن ئېرىپ كەلگەن قار سۇلىرىنى توسايدۇ. ئاندىن كېيىن ھەرقايسى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭلىرىنىڭ سىغىمچانلىقىغا ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم قويۇپ بېرىلىدۇ. ئاساسەن كەلكۈننى ئازايتىش، يۇقىرى پەللىگە يەتكەن كەلكۈننى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. 1984-يىلى مەزكۇر سۇ ئامبىرىغا قارىتا ئەمەلىي ئۆلچەش ئېلىپ بارغاندا، سۇ سىغىمچانلىقى 40 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتكەن. 1983-يىلدىن باشلاپ، چىڭىتىش، لاي-لاتقىلارنى تازىلاش قاتارلىق ئاسراش خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى.

### تۆتىنچى، ئۇچتاش سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار مەخسۇس شەھەر رايوننى كۆكەرتىش ئۈچۈن سۇ يىغىشقىلا ياسالغان بولۇپ، ئۇچتاشنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئېگىز بوشلۇقتىكى سازلىقتا جايلاشقان. 1966-يىلى قۇرۇلۇش باشلانغان. 1970-يىلى پۈتكەن. ئەسلى نامى قىزىل قوغدىغۇچىلار سۇ ئامبىرى ئىدى. كېيىن ئۇچتاش سۇ ئامبىرىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەسلى لايىھەلەنگەن سۇ سىغىمچانلىقى 90 مىڭ كۇب مېتىر ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتىكى سۇ سىغىمچانلىقى ئاران 60 مىڭ كۇب مېتىر. سىغىمچانلىقى كىچىك، سۇ مەنبەسى مۇقىم بولغاچقا، شەھەر رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشلىرىغا ئانچە چوڭ تەسىر پەيدا قىلمايدۇ.

## 10-باب گاز، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش

1975-يىلى ئاھالىلەر سۇيۇقلاشتۇرۇلغان يېقىلغۇ گاز ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئىشلىتىدىغان ئائىلىلەر-مۇ تەدرىجىي كۆپەيدى. 1987-يىلى رايون ئىچىدىكى گاز ئالماشتۇرىدىغان پونكىت سەككىزگە يەتتى، بەخت يولى، نۇرلۇق يولىدىكى گاز ئالماشتۇرىدىغان پونكىتنى دۆلەت مەبلەغ ئاجرىتىپ سالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاپ سالغان. شەھەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نوپۇسمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، يېقىلغۇ گاز ئىشىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت بارغانسېرى چوڭايدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تيانشان رايونىدىكى يېقىلغۇ گاز ئىشلىتىدىغان ئائىلىلەر پۈتۈن رايوندىكى ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇادىكى ئورۇنلار ۋە ئولتۇراق ئاھالىلەر كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىپ، مەش، تام ئوچاق، كاڭ ئارقىلىق ئىسسىناتتى.

50-يىللاردىن باشلاپ، ئېگىز قەۋەتلىك بىنالار سېلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مەيدانغا كەلدى. ھەرقايسى ئورۇنلار كىچىك تىپتىكى پار قازانلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بىنالىق ئۆيلەر تەدرىجىي كۆپەيگەنلىكتىن، كىچىك تىپتىكى پار قازانلار كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئېنېرگىيە ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلاشتى.

1984-يىل 10-ئايدا شەھەرلىك ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى شىركىتى قۇرۇلدى. دەسلەپكى تۈردىكى قۇرۇلۇشقا 28 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 1985-يىل 10-ئايدا شەھەرلىك مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش 1-نومۇرلۇق پار قازان پۈتتى ھەمدە تۇنجى قېتىم شەھەر رايونىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىدى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى — ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك-كادىرلار تەربىيىلەش مەركىزى، 376-دوختۇرخانا، شەھەرلىك ھاۋارايى ئىدارىسى، جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخا-نىسى ئامبولاتورىيىسى بولۇپ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 128 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشتە ۋاسىتىلىق ئۇسۇل قوللىنىلىپ، ئاھالىلەر ئۆيلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ℃ 20 ئەتراپىدا بولدى. 1987-يىلى بەخت يولى رايونىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدىكى ئالتە سولۇق 12X مىليون چوڭ كال ئىسسىقلىق پار قازىنى (1200 توننا پار چىقىرالايدۇ) پۈتتۈنلەي قۇراشتۇرۇلدى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات مېترغا يېتىپ، 213 (391 توننا) ئارقاق پار قازاننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، يىلىغا 30 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر ئىقتىساد قىلىندى. پار بېرىش دائىرىسى شەرقتە شەرقىي ئايلانما يولىدىن باشلىنىپ، غەربتە قىزىلبايراق يولىغىچە، جەنۇبتا شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلىنىپ، شىمالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغىچە كېڭەيتىلدى. ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ رادىئۇسى 2.8 كىلومېتىر بولۇپ، غول-تارماق تۇرۇبىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ.

# 5-بۆلۈم

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

ئۈرۈمچىنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ لەشكەرلىرى قىزىلتاغنىڭ جەنۇبىدا قەلئە ياساش بىلەن بىرگە، تېخنىكىسى بار بوز يەر ئاچقۇچى ئەسكەرلەرنى تاللاپ دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساشقا ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقانىدى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 28-يىلى (1763-يىلى) دىخۇا قەلئەسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغانىدى. كېيىن يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇلاغ تىرانسپورتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئارىسىدىكى قول سانائىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. قول ھۈنەرۋەنلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكىدىكى ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق، كىيىم-كېچەك، بىلىش كىيىم، ئاياغ كىيىم تىكىش، ماتا، كىگىز ۋە مىس-تۆمۈردىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال-سايمانلارنى ياساش-پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسىدا ئۇستا بىلەن شاگىرت ئۆزئارا يېقىنلاشقاچقا، تەرەققىياتى ئاستا، مەھسۇلات تۈرلىرى يەككە ئىدى. كۆپ ساندىكىلىرى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى ساتاتتى. بىر ئادەم بىرقانچە ئىشنى قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق ئەللەر تاۋارلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا، يەرلىك ئاددىي، قالاق قول سانائەت پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 32-يىلى (1906-يىلى) يەرلىك دائىرىلەر دىخۇادا «ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىنىش ئورنى» تەسىس قىلدى. ئىچكىرى جايلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇستىلار زەرگەرچىلىك، ياغاچچىلىق، خۇرۇم پىششىقلاش، ئارغامچا ئېشىش، كىيىم تىكىش، گىلەم توقۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ھۈنەر ئۆگەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) قىزىلتاغ ئېتىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭنىڭ قول سانائىتى كۆرگەزمىسىدە، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ نازۇك ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى نەق مەيداندا كۆرسىتىلدى. بۇ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى دىخۇانىڭ قول سانائىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن بۇيان، تارقاق تىجارەت شەكلىدىكى ئەنئەنىۋى قول سانائەت تەدرىجىي ھالدا كىسپلىشىشكە قاراپ مەركەزلەشتى. نەنگۇەن، شىڭگۇەندىكى لۇيۇەن كوچىسى بىلەن توڭپۇ مەھەللىسىدىكى تۆمۈرچىلىك، قەلەيچىلىك، مىسكەرلىك دۇكانلىرى 100 دىن ئاشتى. يىڭخې كوچىسىدىكى خۇرۇم ئىشلەش دۇكانلىرى 50 دىن ئاشتى. شەرقىي چوڭ مەھەللىدىكى

(بۇگۇنكى خەلق مەيدانى) كىيىمچىلىك مەھەللىسى كىيىم-كېچەك، باش-كىيىم، ئاياغ-كىيىم بىرلەشكەن بىر ئۇزۇن كوچىغا ئايلاندى. موخۇ ئۆستەڭدىكى (بۇگۇنكى شىخاگەي مەھەللىسى) تۈگمەنلەر 20 دىن ئاشتى. 1930-يىلدىن كېيىن، قول سانائىتى خوجايىنلىرى بىرلىشىپ، قۇيمىچىلىق، «ئوچاق قورۇسى» ۋە كىيىم-كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم تىكىش ئورنى قۇرۇپ، ئوندىن ئارتۇق ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ، بەزى ئاددىي ئەسلىھەلەرنى ھازىرلاپ، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى شەكىللەندۈردى.

كىيىم-كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم، يېمەكلىك، بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى ۋە ھايۋانات تېرىسى، خۇرۇمنى ئاساس قىلغان قول سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، يەرلىك مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. خۇرجۇن، كۆڭلەك، دوپپا، قولاقچا، پىيما، ئۆتۈك، ئاياغ قاتارلىق كىيىم-كېچەك، باش-ئاياغ كىيىملىرى؛ دېرىزە پەردىسى، داستىخان، كارىۋات بۇيۇملىرى قاتارلىق ئۆي ئىچىنى بېزەشتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار، ئۈزۈك، مارجان، بىلەزۈك، ھالقا قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، دۇتار، دومبۇرا، تەمبۇر، راۋاپ، داپ، دۇمباق، ساپايى قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئورغاق، كەتمەن، قىڭراق قاتارلىق سايمانلار بار ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلىدىن (1946-يىلى) كېيىن، ئەنئەنىۋى قول سانائەت تەدرىجىي ھالدا زاۋاللىققا يۈزلەندى. 1949-يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا، زور تۈركۈمدىكى قول سانائىتى دۇكانلىرى تاقالدى، ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى قول سانائەتچىلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن، بەزىلىرى يېزىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلدى ياكى باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. بەزىلىرى كەسپى يوق كۆچمەنلەرگە ئايلاندى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ۋە يەككە قول سانائەتچىلەرنى يۆلەپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بازاردىكى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. 1951-يىلىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆتۈك، ئاياغ كىيىم كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىجارەت باشلىغانلار 12 ئائىلىدىن 56 ئائىلىگە كۆپەيدى. تىجارەت خادىملىرى 147 نەپەرگە، مەبلىغى 74 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1952-يىلدىن باشلاپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە قول سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. يەككىلەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، كوپېراتىپلىرىغا ئايلاندى. 1955-يىل 6-ئايدا ھەرقايسى رايونلاردىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 45 كە، كوپېراتىپلىرى ئالتىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش مەركەزلەشكەن، تىجارەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ پايغا كىرگۈزۈلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 41 گە يەتتى. بۇ كوپېراتىپ، گۇرۇپپىلار جۈملىدىن قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، قىڭالتىرچىلىق، ماشىنا رېمونتى، كۆن-خۇرۇم، ھاك، ھارۋا سايمانلىرى، ئەگلەك، قاسقان، ئارغامچا، ئاياغ كىيىم، كىيىم-كېچەك، يېمەكلىك، پاختا ئېتىش، ئۆلچەم سايمانلىرى، قەغەزچىلىك، باسما، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، سائەت رېمونت قىلىش، ئېلېكتر سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق پىششىقلاپ ئىشلەش كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا جەمئىي 1087 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى، 283 مىڭ يۈەن پاي بار ئىدى. 1956-يىلى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى 40 قا، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى 11 گە كۆپىيىپ، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 1458 گە يېتىپ، بارلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ 95% نى ئىگىلىدى.

1958-يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە «ھەممە ئادەم ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەممە ئائىلە بىكار قالماسلىق» شوئارى ئاستىدا يەرلىك سانائەتنى زور كۈچ بىلەن

راۋاجلاندۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. «1000 زاۋۇت رايونى، 100 زاۋۇت بۆلۈمى» بويىچە «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شوئارىنىڭ ئۇتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەنلا دوستلۇق رايونى 3-پەسىلگە بارغاندا بىر سەكرەپلا 600 دىن ئوشۇق زاۋۇت، گورۇپپا قۇردى. ئەمەلىيەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى تەرتىپكە سېلىشتا شاللىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىسمەن قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەمكارلىق زاۋۇتىغا ئايلاندۇرۇلدى. ھەتتا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار بىرلەشكەن تىجارەت شەكلىدىكى 11 زاۋۇت يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى.

1960-يىلى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتۈرۈلگەندە، ئىككى رايوندىكى سانائەت كارخانىلىرى تەڭشىلىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ 19 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت 22 ھەمكارلىق زاۋۇتىغا تەڭشەلدى. 1962-يىلى مەركەزنىڭ «قول سانائىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى 35 ماددا»سى ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «قول سانائىتى خىزمىتى توغرىسىدىكى 20 ماددىلىق بەلگىلىمىسى»نىڭ روھى بويىچە، بارلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. قىسمەن ھەمكارلىق زاۋۇتلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. مەھەللىلەردىكى 60 زاۋۇتنىڭ ھەممىسى رايوننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ 29 زاۋۇت، كوپېراتىپ، گورۇپپا، پونكىتقا تەڭشەلدى. بۇلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە كوپېراتىپ ئەزالىرىدىن جەمئىي 2911 كىشى بار ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن تيانشان رايونىدا پەقەت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىلا ساقلىنىپ قالدى.

1966-يىلى يىل بېشىدا، جىنەن شەھىرىنىڭ شەھەر باشقۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، شەھەردىكى بىكارچىلارنى ئەمگەككە ئورۇنلاشتۇرۇش، چوڭ زاۋۇت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش چىقىش نۇقتا قىلىنىپ، رايون، مەھەللىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە بويىچە «يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى سانائەت»نى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش باشلاندى، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلدى، ئامما ئۆزى قۇردى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق، يىل ئاخىرىدا رايونغا قاراشلىق تۆت زاۋۇت ۋە 76 مەھەللە زاۋۇتى قۇرۇپ چىقىلدى. شۇ يىلى ئورۇندالغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 372 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 1967-يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايونغا قاراشلىق زاۋۇت كۆپىيىپ يەتتىگە، مەھەللە زاۋۇتى كۆپىيىپ 171 گە يەتتى. جەمئىي 1531 نەپەر بىكارچى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1973-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە رايونغا قاراشلىق قول سانائىتى سىستېمىسىدىكى 40 زاۋۇت، كوپېراتىپ بىر قېتىمدىلا شەھەرلىك قول سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پۈتۈن رايوندىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئەسلىدىكى 30 مىليون يۈەندىن 5 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. ئۇندىن كېيىن رايون-مەھەللىدىكى يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى زاۋۇتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يەنە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. «چوڭ زاۋۇت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، چوڭ زاۋۇتنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولۇش» فاڭجېنى ئاستىدا، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. رايونلۇق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كىچىك تىپتىكى توك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ماشىنا مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلدى. قىزىل بايراق ماشىنسازلىق زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈستەل ئۈشكىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كارخانا قىلىندى. بەزى نۇقتىلىق مەھسۇلاتلار ئاپتونوم رايون، شەھەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1978-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 184 مىڭ 300 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى.

1979-يىلى رايون-مەھەللە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچرىدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، رايون-مەھەللە سانائىتىنىڭ

تەرەققىياتى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. 1982-يىلى تيانشان رايونى پۈتۈن شەھەر بويىچە باشلامچىلىق بىلەن رايون-مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئالدى بىلەن يولغا قويدى. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلەپچىقىرىشنى نورما بېكىتىپ باشقۇرۇشنى ئېلىپ باردى. ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە «چوڭ قازان تامىقى»نى چېقىپ تاشلىدى ھەمدە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەدرىجىي ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى يىلدىن-يىلغا ياخشىلاندى. 1985-يىلغا كەلگەندە پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا 25 مىليون 275 مىڭ 300 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلىپ، 1978-يىلدىكىدىن %66.4 ئاشتى، 2 مىليون 110 مىڭ يۈەنلىك پايدا يارىتىلدى.

1987-يىلى يىل ئاخىرىدا، رايون-مەھەللە سانائەت كارخانىلىرى 73كە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 2494 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق زاۋۇت توققۇز، ئىشچى-خىزمەتچىسى 686 نەپەر، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە قاراشلىق زاۋۇت بىر، ئىشچى-خىزمەتچىسى 135 نەپەر. يۇقىرىدىكى ئون زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكى 4 مىليون 983 مىڭ 700 يۈەن. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 750 مىڭ يۈەن. ئىشقا ئاشۇرغان پايدىسى 520 مىڭ 700 يۈەن. مەھەللىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇت 63، ئىشچى-خىزمەتچىسى 1673 نەپەر. مۇقىم مۈلكى 6 مىليون 4400 يۈەن. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 510 مىڭ يۈەن، ئىشقا ئاشۇرغان پايدىسى 977 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات تۈرلىرىدىن ئاساسلىقى توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، باسما، ھۈنەر-سەنئەت، گۈزەل-سەنئەت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملار، قاتناش-ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر ماشىنىسازلىق ھەمدە قوشۇمچە زاپچاسلارنى ياساش، ئاشخانا شۇنىڭدەك ئاشپەزلىك سايمانلىرى، خىمىيە سانائىتى، تىببىي دورا، سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى، ئۆي جاھازلىرى، يۇڭ، تېرە، كۆن-خۇرۇمچىلىق قاتارلىق تۈرلەر بار ئىدى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 41 گە، رەڭ-خىللىرى 1000 غا يېتىدۇ. ئۆكسىدلانغان كاۋچۇك پاستىسى تۈنجى قېتىم پۈتۈن شەھەردىكى رايون-مەھەللە كارخانىلىرى ئىچىدە شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات نامىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە، ئىشقا ئاشۇرۇلغان پايدا 1 مىليون 498 مىڭ 300 يۈەنگە، مۇقىم مۈلكى 10 مىليون 988 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

رايوندا يەنە ئاپتونوم رايون، شەھەر، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ كارخانىلىرىدىن 166 سى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار 14.

# 1-باب ئاپپاراتلار

## 1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1952-يىلدىن 1956-يىلغىچە، قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەرلىك قول سانائىتى بىرلەشمە كوپېراتىپى بىۋاسىتە باشقۇردى. 1957-يىلى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىدا قول سانائىتى ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، شەھەرلىك قول سانائىتى بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ قوش رەھبەرلىكى ئاستىدا، رايون ئىچىدىكى قول سانائىتى ھەمكارلىق گۇرۇپپا، كوپېراتىپلارنى باشقۇردى. 1960-يىل 2-ئايدا رايونلۇق پارتكومدا سانائەت-قاتناش بۆلۈمى، رايونلۇق خەلق كومىتېتىدا سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (قول سانائىتى ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى). 1961-يىلى قول سانائەت ئىش بېجىرىش ئورنى رايونلۇق قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، يەنىلا سانائەت بۆلۈمى بىلەن

بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1962-يىلى سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1963-يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966-يىلى يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى سانائەت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، سانائەت بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىپ يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى سانائەت زاۋۇتلىرىنى باشقۇردى (يەنى كېيىنكى رايون-مەھەللە زاۋۇتلىرىدۇر). 1969-يىلى سانائەت بۆلۈمى بىلەن يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى سانائەت ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇردى. 1973-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983-يىلى سانائەت-قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984-يىلى سانائەت-قاتناش بۆلۈمى تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. 1987-يىلى كادىرلىرى 23 نەپەر بولۇپ، مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرنىڭ ھەرقايسىسىدىن بىردىن سەپلەندى. ئۇنىڭ قارمىقىدا پىلان ستاتىستىكا بۆلۈمى، تېخنىكا بۆلۈمى، تەمىنلەش-سېتىش بۆلۈمى، ئىشخانا، قاچىلاش-چۈشۈرۈش-توشۇش بازارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىندى.

مەھەللىلەر قۇرغان سانائەتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى: 1960-يىلى شەھەر خەلق گۇڭشېلىرىدا سانائەت بۆلۈمى، 1966-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا سانائەت ئىشخانىسى، 1969-يىلى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىدا ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1973-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى مەھەللە سانائەت شىركىتى قۇرۇلدى. 1987-يىلى دۇڭمېن، غالىبىيەت يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي شىنخۇا يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، ئىتتىپاق يولى، تىنچلىق يولى ۋە بەخت يولىدىن ئىبارەت توققۇز مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە سانائەت شىركىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىكى باشقۇرۇش كادىرلىرى 106 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەرلەر 36، ئاياللار 70، ئاز سانلىق مىللەتلەر 26 كىشى ئىدى.

## 2-پاراگراف كارخانا ئورۇنلىرى

1953-يىلى پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىللىك باش لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەككە قول سانائەتچىلەر سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق يولىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. 1955-يىلغا كەلگەندە جەمئىي 45 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، ئالتە ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى. گۇرۇپپىلارنى بىرلەشتۈرۈپ كوپېراتىپ قۇرۇش ئارقىلىق 1956-يىلغا كەلگەندە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 11 گە، ھەمكارلىق كوپېراتىپى كۆپىيىپ 40 قا يەتتى.

1958-يىلى 8-ئايدا بىرىنچى قېتىملىق يەرلىك سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، پەقەت ئون كۈن ئىچىدىلا يېڭىدىن تىكىش-كېسىش، ئىلمە توقۇلما، ئاياغ، كەشتە، بەش خىل مېتال، خىمىيە سانائىتى، ماشىنا رېمونت قىلىش، ئاق تۆمۈر قەلەي، كاۋچۇك مەھسۇلاتلىرى، پاسكىنا سۇدىن ماي ئايرىش (كېرەكسىز مايدىن قايتا ئىشلەپچىقىرىش) قاتارلىق چوڭ كىچىك زاۋۇت-گۇرۇپپىلىرىدىن 209 ى قۇرۇلدى. 3-پەسىلنىڭ ئاخىرىدا دوستلۇق رايونىدىكى زاۋۇت گۇرۇپپىلار 600 دىن ئاشتى. لېكىن كۆپ قىسمى ئىسمى بار، جىسمى يوق ئىدى. يەنە چوڭ دائىرىدە پولات تاۋلاش سەۋەبىدىن پۈتۈن رايوننىڭ خىزمەت مەركىزى يۆتكىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى زاۋۇت، گۇرۇپپىلار مۇستەھكەملەنمەي، بۇ قېتىمقى يەرلىك سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش دولقۇنى قاتتىق بوراندەك باشلىنىپ، تۇماندەك تارقاپ تۈگىدى.

1959-يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى كوپېراتىپلار يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكى-

دىكى كوپېراتىپلار ۋە قول سانائىتى كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. كوپېراتىپلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ بىرلەشتۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكى كارخانا ئورۇنلىرى قالدى:

تيانشان رايونىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت بەش. بۇلار ماشىنىسازلىق خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، «ياشلار» زەرىچە ئوغۇت ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، تيانشان ھەربىيلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، ئېيۇل چوتكا سايمانلىرىنى ياساش زاۋۇتى ۋە «سۈنئىي ھەمراھ» ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ماتېرىياللىرىنى ياساش-سەپلەش زاۋۇتى بولۇپ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جەمئىي 1087 نەپەر. ھەمكارلىق زاۋۇتى 30 بولۇپ، بۇلار 1-ئىيۇل ئەينەك جاھازا زاۋۇتى، تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ئەلگەك-قاسقان زاۋۇتى، شىنفېڭ گۈزەل-سەنئەت زاۋۇتى، يۇيۇپ بوياش زاۋۇتى، تەنتەربىيە سايمانلىرى زاۋۇتى، ئىشچى-دېھقانلار قەغەز زاۋۇتى، پاراۋانلىق ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، يوڭ توقۇلما زاۋۇتى، شەرق شاملى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، قورۇلۇش بەش خىل مېتال زاۋۇتى، ھارۋا جابدۇقلىرى زاۋۇتى، ماشىنا قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، ئۆلچەش سايمانلىرى زاۋۇتى، ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش زاۋۇتى، شەرق شاملى باسما زاۋۇتى، ماي كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، ئىتتىپاق نامىدىكى كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى، خەلق پاختا-يوڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىياللار زاۋۇتى، شەرق شاملى تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، ياغاچ ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش-سەپلەش زاۋۇتى، كەسمە چۆپ زاۋۇتى، ماسكا زاۋۇتى، سىم زاۋۇتى، تاغ ئەشيا زاۋۇتى، ماياك كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى، سەھىيە ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى ۋە قىزىل يۇلتۇز ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىدىن ئىبارەت بولۇپ ئىشچى-خىزمەتچىسى 119.

دوستلۇق رايونىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت بەش. ئۇلار سۈنئىي پاختا زاۋۇتى، زەرىچە ئوغۇت ماتېرىيالى زاۋۇتى، ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، مىس تاۋلاش زاۋۇتى، ئوت شاخار زاۋۇتىدىن ئىبارەت. ھەمكارلىق زاۋۇتى، پونكىتى 23 بولۇپ، بۇلار سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، غەربىي شىمال ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش زاۋۇتى، خەلق كاۋچۇك زاۋۇتى، يۇقىرى ئۆرلەش خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى، دولقۇن تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، مالا كومبايىن زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، چاۋېيك سوپۇن زاۋۇتى، ئىختىساسلىشىش ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتى، يېڭى نۇر بلش كىيىم زاۋۇتى، ئىتتىپاق چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، شەرق قىزاردى ھاك زاۋۇتى، يۇقىرى دولقۇن ئەينەك جاھازىسى زاۋۇتى، دمۇر نامىدىكى جۇڭگوچە-ياۋروپاچە كىيىم-كېچەك تىكىش زاۋۇتى، شىنخۇا ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قىزىل بايراق ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، سەكرەپ ئىلگىرىلەش سىم زاۋۇتى، يۇلتۇز يۇيۇش-بوياش زاۋۇتى، سەكرەپ ئىلگىرىلەش كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، كېرەكسىز بۇيۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەش پونكىتى ۋە كەسمە چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن ئىبارەت.

1960-يىلى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ كارخانا ئورۇنلار مۇنداق تەڭشەلدى:

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت 19، بۇلار تيانشان ماشىنىسازلىق خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تيانشان توك ماشىنا زاۋۇتى، خەلق كىيىم-كېچەك تىكىش زاۋۇتى، ھەربىيلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى يۇ-يۇش-بوياش زاۋۇتى، تيانشان گۈزەل سەنئەت زاۋۇتى، تيانشان باسما زاۋۇتى، ئىقتىساسلىشىش ئۇنىۋېرسال ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، سەكرەپ ئىلگىرىلەش سىم زاۋۇتى، سۈنئىي ھەمراھ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، ماياك تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى، خەلق كاۋچۇك زاۋۇتى، سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، يۇقىرى دولقۇن ئەينەك جاھازلىرى زاۋۇتى، يۇقىرى ئۆرلەش خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، ھەربىيلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، شىنخۇا ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىدىن ئىبارەت.

ھەمكارلىق زاۋۇتلىرى 22 بولۇپ، بۇلار: 1-ئىيۇل ئەينەك جاھازلىرى زاۋۇتى، قۇرۇلۇش بەش خىل مېتال زاۋۇتى، ئىتتىپاق بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى، ماي كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، ئىشچى-دېھقانلار قەغەز زاۋۇتى، تەنتەربىيە سايمانلىرى زاۋۇتى، جىيەنشىن تىلش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، ئوپىتكا ئۆلچەم بۇيۇملىرى زاۋۇتى، شەرق شاملى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، ئەگلەك قاسقان زاۋۇتى، خەلق يۇڭ توقۇلما زاۋۇتى، 1-ئىيۇل ۋېلىسىپىت رېمونت زاۋۇتى، غالىبىيەت ھاۋا جاھازلىرى زاۋۇتى، غەربىي شىمال ۋېلىسىپىت رېمونت زاۋۇتى، دولقۇن تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، يېڭى نۇر باش كىيىم زاۋۇتى، قىزىلتاغ سوپۇن زاۋۇتى، ئىتتىپاق چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى، «دەۋر» جۇڭگوچە-ياۋروپاچە كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، شىنفىڭ گۈزەل سەنئەت زاۋۇتى ۋە غالىبىيەت چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت. 1962-يىلى مەركەزنىڭ «سانائەت خىزمىتى توغرىسىدىكى 35 ماددا» ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «قول سانائىتى توغرىسىدىكى 20 ماددىلىق بەلگىلىمە»نىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بارلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇت ۋە قىسمەن ھەمكارلىق زاۋۇتىدىن بولۇپ جەمئىي 23 زاۋۇت (كوپېراتىپ) شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. 60 خەلق كوممۇنىسى كارخانىسى رايوننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. پۈتۈن رايون بويىچە تەكشۈرۈپ قېتىۋېتىلگەن زاۋۇت، كوپېراتىپ، گۇرۇپپا، پونكىتلار 29 بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 2911. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان ھەمكارلىق زاۋۇتى 22، يەنى ئىتتىپاق چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، جىيەنشىن تىلش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، قىزىلتاغ سوپۇن زاۋۇتى، ئوپىتىك ئۆلچەم ئەسۋابلىرى زاۋۇتى، يېڭى نۇر باش كىيىم زاۋۇتى، جۇڭگوچە-ياۋروپاچە كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، 1-ئىيۇل ۋېلىسىپىت رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ئىتتىپاق كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى، ئەلگەك قاسقان زاۋۇتى، خەلق پاختا-يۇڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى، غالىبىيەت ھاۋا جاھازلىرى زاۋۇتى، تيانشان گۈزەل سەنئەت زاۋۇتى، دولقۇن تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى، ئىشچى-دېھقانلار قەغەز زاۋۇتى، ماي كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، 1-ئىيۇل ئەينەك جاھازلىرى زاۋۇتى، غەربىي شىمال ۋېلىسىپىت رېمونت زاۋۇتى، تەنتەربىيە سايمانلىرى زاۋۇتى، شەرق شاملى ئاياغ كىيىم زاۋۇتى، قۇرۇلۇش بەش خىل مېتال زاۋۇتىدىن ئىبارەت.

1966-يىلىنىڭ بېشىدا، يەرلىك كىچىك ئاممىۋى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش باشلاندى. 1967-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، رايونغا قاراشلىق يەرلىك ئاممىۋى سانائەت كارخانىلىرىدىن تيانشان پۈرژىنا زاۋۇتى، تيانشان رايونلۇق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، تيانشان ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرى زاۋۇتى، 3-قورال-سايمان زاۋۇتى، 1-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئاپتوموبىل سايمانلىرى گۇرۇپپىسى، ياماقچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق يەتتە كارخانا قۇرۇلدى. مەھەللە زاۋۇتلىرىدىن 161 ى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شياۋ دۇڭلياڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 11، ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 9، مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 25، شىمبىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 11 ، نەنمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 30، دۇڭمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 14، شىخاگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 41، ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 9، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 11 زاۋۇت بار ئىدى.

1973-يىلى پۈتۈن رايوندىكى قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئورنى باشقۇرغان ئىككىنچى يېنىك سانائەت كارخانا-زاۋۇتى، 40 كوپېراتىپ ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار بىلەن بىرگە بىر قېتىمدىلا ھەممىسى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن يەرلىك، كىچىك، ئاممىۋى سانائەت زاۋۇتىدىن يەنە شياگياڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىمۇ بار.

ئۇنىدىن باشقا 1958-يىلدىن 1980-يىلغىچە ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە باشقا ئورۇنلارغا يەنە بەزى

كارخانىلار ئۈتكۈزۈپ بېرىلدى. ھازىرقى شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىگە قاراشلىق فار-فۇر زاۋۇتى، 3-قەغەز زاۋۇتى، ياغ-كىراخمال خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ۋېلسىپېت زاپچاسلىرى زاۋۇتى، شەھەرگە قاراشلىق كىچىك ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش زاۋۇتى، تيانشان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى 2-ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتىگە قاراشلىق قاچىلاش-بېزەش باسما زاۋۇتى، تودۇنخابا رايونىدىكى ئالغا بېسىش يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك قول ھارۋىسى زاۋۇتى قاتارلىق زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى تيانشان رايونى يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن كارخانىلاردۇر.

1987-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە رايونغا قاراشلىق زاۋۇت ئونىغا، مەھەللە زاۋۇتى 63 كە يەتتى.

## 1985-يىلدىكى تيانشان رايونىنىڭ رايون-مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىدىن مەلۇمات

جەدۋەل 1-2-1-5

| ئاساسلىق ئىگىدارلىق تۈزۈم تۈرلىرى | زاۋۇت ئىسمى | سانائەت تارماقلىرىدىكى كىچىك تۈرلەر | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىلى | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | سېتىش سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | زاۋۇت ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تيانشان رايونلۇق ئىقتىسادىي پىلان كومىتېتى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يورۇقنا زاۋۇتى | يورۇقنا ئىشلەپچىقىرىش كەسپى | تۈرلۈك يورۇقنىلار | 1966 | 130.35 | 96.26 | 5.21 | 150 | شور بۇلاق مەھەللىسى 72-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق قىزىل بايراق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | پولات، تېمىرلىق سايمانلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش | پولات ماتېرىياللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش | 1966 | 2.57 | 10.21 | —7.61 | 26 | قارلىغاچلىق 21-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق مۇھەببەت ئەمگەك ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى | ئائىلىدە ۋە ئاشلىق ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى ياساش | قوش قىسقۇچلۇق چاي ئوچىقى ساندۇقى | 1966 | 40.32 | 35.92 | 4.35 | 47 | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 7-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق سوۋغات بۇيۇملىرى زاۋۇتى | سۆڭەكتىن ياسالغان قاچىلاش، ئورالغان ساندۇقچە ۋە سىنچىلىق ئەسۋابلار كەسپى | سوئىتشى خورۇم چامادان ۋە سومكا | 1966 | 90.31 | 86.37 | 4.56 | 100 | شوربۇلاق مەھەللىسى 76-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق غالىبىيەت قۇيمىچىلىق زاۋۇتى | قۇيمىچىلىق زاپچاسلىرىنى ياساش كەسپى | قۇيما تۆمۈر دېتاللار | 1970 | 85.14 | 21.12 | 1.50 | 28 | قارلىغاچلىق يولى قوشۇمچە 2-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئەينەك زاۋۇتى | ئەينەك ياساش | تام ئەينىكى، ئەينەك تاختا، ئەينەك جاھازىسى | 1971 | 77.42 | 64.66 | 9.20 | 80 | بەخت يولى 30-قورۇ |
| | جاۋيالا ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى | يۇڭ ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى كەسپى | پوپايكا، يۇڭ ئىشتان، مەللىيچە بلش ياغلىق | 1972 | 123.32 | 108.04 | 16.04 | 129 | شوربۇلاق مەھەللىسى 76-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى | ياغاچتىن ئائىلە جاھازلىرىنى ياساش كەسپى | ياغاچ ۋە ياغاچ بىلەن پولاتتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى | 1975 | 101.50 | 89.10 | 8.41 | 75 | يېشىن-يولى 10-قورۇ |
| تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى | تيانشان رايونلۇق دەۋر كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | تېرە-خورۇم مەھسۇلاتلىرى كەسپى | ھايۋانلار تېرىسىدىن تىكىلگەن مەھسۇلاتلار | 1984 | 100.10 | 46.46 | 3.72 | 135 | يېڭى دېموكراتىيە غەربىي كوچىسى 29-قورۇ |

| ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار | زاۋۇت ئىسمى | سانائەت تارماقلىرىدىكى كىچىك تۈرلەر | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلگەن يىلى | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | سېتىش سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | زاۋۇت ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆڭمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | دۆڭمەن ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى ياساش كەسپى | ئاپتوموبىل ئىلغۇچى، بالون قاپلىغۇچ | 1966 | 10.60 | 7.60 | | 23 | دۆڭدىيالى 3-قورۇ |
| | ئۈنىۋېرسال كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپى | كىيىم-كېچەك | 1966 | 4.42 | 1.47 | 0.1 | 7 | دۆڭدىيالى 3-قورۇ |
| | دۆڭمەن خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەت كارخانىسى | شام، شالقىلەم، ئاياغ مېيى | 1972 | 7.00 | 5.82 | 0.1 | 9 | شەرقىي ئارقا كوچا 35-قورۇ |
| | تېرە-خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى | تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تېرە-خۇرۇم ئارىلاشما مەھسۇلاتلارنى تىكىش كەسپى | خۇرۇم سومكا، ئارىلاشما توقۇلما، پوپايكا، ئاپتوموبىل بېرزىنتى | 1981 | 10.50 | 9.70 | 0.23 | 59 | شور بۇلاق مەھەللىسى |
| | ۋېرمىكۇلىتىن زاۋۇتى | خىش، ھاك، يېنىك بۇيۇملارنى ياساش كەسپى | كۆيدۈرۈلگەن مەرۋايىت قىلىسى، كۆيدۈرۈلگەن ۋېرمىكۇلىتىن مەھسۇلاتلىرى | 1981 | 4.20 | 2.40 | 0.26 | 7 | دۆڭدىيالى 2-قورۇ |
| | ئىس-تۈتەك چاڭ-توزان يوقىتىش سايمانلىرى زاۋۇتى | | ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزان يوقىتىش سايمانلىرى | 1984 | 13.10 | 2.40 | | 20 | دۆڭدىيالى 2-قورۇ |
| | ئۆي بېزەش جاھازلىرى زاۋۇتى | ياغاچتىن ئىشلەنگەن ئۆي جاھازلىرىنى ياساش كەسپى | كىرسلو، ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى | 1986 | 9.84 | 6.76 | 0.4 | 19 | شور بۇلاق مەھەللىسى |
| | زىيالىي ياشلار ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى | ياغاچتىن ئۆي جاھازلىرىنى ياساش كەسپى | كىرسلو، ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى | 1986 | 13.60 | 10 | | 10 | شور بۇلاق مەھەللىسى |
| | زىيالىي ياشلار يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | پېچىنە-پىرەنىك ياساش كەسپى | بولكا، پېچىنە پىرەنىك | 1986 | 16.50 | 16.10 | 1.4 | 8 | دۆڭدىيالى |
| غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | غالىبىيەت يولى بەش خىل مېتال زاۋۇتى | قول سانائەت سايمانلىرى كەسپى | تال چوقۇش بولقىسى، مىق | 1966 | 5 | 9.31 | 1.13 | 5 | ياڭخاڭزۇ كوچىسى 8-قورۇ |
| | غالىبىيەت يولى چىراغ سايمانلىرى زاۋۇتى | چىراغ سايمانلىرىنى ياساش كەسپى | قاڭالتىرلىق كۈن نۇرلۇق چىراغ جاھازىسى | 1966 | 70.22 | 85.86 | 9.38 | 50 | دوستلۇق يولى 18-قورۇ |
| | غالىبىيەت يولى تىككۈچىلىك تۈگىنى | كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپى | تورلۇق كىيىم-كېچەكلەر | 1967 | 6.00 | 8.01 | 0.18 | 12 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 220-قورۇ |
| | غالىبىيەت لاتىلچاق زاۋۇتى | ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات ۋە باشقا مەھسۇلاتلار | لاتىلچاق، | 1974 | 3 | 1.65 | 0.25 | 4 | غالىبىيەت يولى 156-قورۇ |
| | غالىبىيەت يولى كىگىز مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى | باشقا يۇڭ توقۇلما كەسپى | كىگىز | 1975 | 53.78 | 11.34 | 0.68 | 38 | قارلىغاچلىق |
| | غالىبىيەت يولى مىللىي باسما زاۋۇتى | باسما كەسپى | باسما زاپچاسلىرى | 1975 | 20.73 | 10.72 | 1.76 | 20 | ياڭخاڭزۇ كوچىسى 10-قورۇ |
| | غالىبىيەت يولى سۇ ئىسسىتىش زاپچاسلىرى زاۋۇتى | دېتاللارنى قۇيۇپ ياساش كەسپى | پولات قۇيما ماتېرىياللار | 1975 | 18.30 | 11.40 | 0.78 | 20 | دۆڭكىيالى كوچىسى |
| | غالىبىيەت يولى سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | باسما سۇلياۋ مەھسۇلاتلارنى ياساش كەسپى | سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى | 1985 | 27.98 | | | 11 | ئۈچتاش سۇ ئامبىرى |

| ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورۇنلىرى | زاۋۇت ئىسمى | سانائەت تارماقلىرىدىكى كىچىك تۈرلەر | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىل | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | بېكىتمە مۈلكى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | زاۋۇت ئادرېسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى | شىمالىي ئازادلىق يولى تىككۈچىلىك زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپى | تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەر | 1966 | 78.76 | 15.27 | 1.59 | 38 | شىمالىي ئازادلىق يولى 47-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى چېرنىيوز بېسىش زاۋۇتى | باسمىچىلىق كەسپى | باسمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى | 1966 | 26.83 | 16.60 | 6.35 | 24 | شىمالىي ئازادلىق يولى 47-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى ئېلېكتر قوراشتۇرۇش ئەترىتى | سۇلياۋ تۇرۇبا، ياغاچ سايمانلىرى ياساش كەسپى | توك تەقسىملەش تاختىسى سۇلياۋ تورۇبىسى | 1966 | 84.17 | 51.88 | 6.10 | 38 | جۇڭشەن يولى 59-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى باسما زاۋۇتى | باسمىچىلىق كەسپى | باسما مەھسۇلاتلىرى | 1966 | 9.78 | 9.14 | 1.36 | 22 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 326-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى سەمەبە كۆجىسى زاۋۇتى | باشقا تۈرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيە مەھسۇلاتلىرىنى ياساش كەسپى | بېلىق كۆجە، تازىلىق كۆجىسى | 1972 | 67.28 | 47.15 | 9.27 | 75 | لىخۇاكوچىسى 225-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى ئىندۇكسىيە زاۋۇتى | باشقا توك يوللاش، تەقسىملەش ۋە كونترول قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى | توك بېسىلىق ئىندۇكسىيە | 1972 | 65.42 | 30.10 | 4.69 | 64 | يەنئەن يولى شىمالىي 3-كوچا 9-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى گۈزەل ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇتى | ئىلمە-كەشتە ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى | بايراق، لەۋھە، كارىۋات تورى | 1979 | 58.24 | 25.06 | 5.15 | 33 | يەنئەن يولى شىمالىي 3-كوچا 9-قورۇ |
| | شىمالىي ئازادلىق يولى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | تېلم ئاقارتىش ماتېرىياللىرى ۋە رەڭ ماتېرىياللىرىنى ياساش كەسپى | سىر | 1984 | 27.03 | 47.48 | 2.35 | 25 | شور بۇلاق مەھەللىسى 152-قورۇ |
| جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | جەنۇبىي ئازادلىق يولى قىزىل بايراق باسما زاۋۇتى | باسمىچىلىق كەسپى | باسما مەھسۇلاتلار | 1966 | 21.65 | 18.42 | 3.20 | 64 | ۋەتەنپەرۋەرلىك كوچىسى 8-قورۇ |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى قەغەز گاردون زاۋۇتى | قەغەز بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى | تۈرلۈك قەغەز كارتونلار | 1966 | 8.60 | 7.28 | 0.94 | 18 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى شاۋەن 9-قورۇ |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى سۇلياۋ زاۋۇتى | باشقا سۇلياۋ مەھسۇلاتلارنى ياساش كەسپى | تۈرلۈك سۇلياۋ خالتا | 1966 | 20.94 | 20.06 | 2.94 | 25 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 39-قورۇ |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى | ئاپتوموبىل رېمونت كەسپى | ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش | 1966 | 12.21 | 14.44 | 1.26 | 15 | ليۇداۋان تەكشۈرۈش پونكىتى |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى جاۋىيالى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | باشقا ئاساسىي خىمىيە بۇيۇملىرى كەسپى | كۆيۈكلۈك ئوت ئۆچۈرۈش سايمىنى | 1967 | 8.85 | 7.49 | 1.2 | 26 | يۈسەي كوچىسى 36-قورۇ |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى شىنشىڭ باسما زاۋۇتى | باسمىچىلىق كەسپى | باسما بۇيۇملار | 1967 | 10.28 | 5.06 | 0.85 | 11 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 160-قورۇ |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى ھۆسن تۈزەش ماتېرىياللىرى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | سېمونت، سېمونت تاختا ياساش كەسپى | سېمونت، سېمونتلىق تاختاي، كاھىش پارچىكى | 1977 | 20.33 | 8.95 | 1.53 | 22 | قارلىغاچلىق |
| | جەنۇبىي ئازادلىق يولى ھۈنەر-سەنئەت كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپى | تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەر | 1978 | 4.13 | | | 10 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 97-قورۇ |

| تەئەللۇق بولغان ئورۇنلار | زاۋۇت ئىسمى | سانائەت تارماقلىرىدىكى كىچىك تۈرلەر | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىل | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | بېشىش سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئىشچى خىزمەتچىلەر سانى | زاۋۇت ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | شىمالىي شىنخۇايولى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى ياساش كەسپى | دىزېل سۈزگۈچ سايمانلىرى | 1966 | 20.07 | 8.99 | 0.19 | 15 | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچا 95-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى پەلەي زاۋۇتى | يىپتا ئىلمە توقۇلما كەسپى | ئاق يىپ پەلەي | 1966 | 8.30 | 10.08 | 0.98 | 18 | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچا 95-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى قەغەز قاپ زاۋۇتى | قەغەز بۇيۇملىرى كەسپى | جۇڭگىچە دورىلارنى قاچىلاش كورۇپكىسى | 1970 | 16.30 | 17.12 | 0.97 | 37 | قۇرۇلۇش يولى 10-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى ئاپتوموبىل زاۋۇتى | ئاپتوموبىل رېمونت كەسپى | ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش | 1971 | 20.02 | 19.30 | 2.01 | 27 | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 95-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى خوڭخۇيي پلاسما زاۋۇتى | پلاسما كەسپى | پلاسما بۇيۇملىرى | 1972 | 6 | 6.25 | 0.81 | 15 | يېڭى ھايات يولى 14-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى گۈل چەمبىرەك دۇكىنى | تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ۋە باشقا مەھسۇلاتلار سانائىتى | گۈل چەمبىرەك، سۈلياۋدىن ياسالغان يىمەكلىك خالتىسى | 1975 | 0.80 | 1.27 | −0.16 | 7 | جۇڭگىمىن يولى 195-قورۇ |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | داۋالاش ملىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ياساش كەسپى | داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان پىلاستىر، جاراھەت توختىتىش پلىستىسى | 1977 | 84.30 | 106.22 | 0.12 | 81 | شور بۇلاق مەھەللىسى |
| | شىمالىي شىنخۇا يولى سۈلياۋ زاۋۇتى | باشقا سۈلياۋ بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى | ئورلش خالتىسى، يىمەكلىكلەر خالتىسى | 1985 | 9.60 | | | 14 | شور بۇلاق مەھەللىسى |
| يېڭى دېموكراتىيە مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | قىزىلتاغ ئۇنىۋېرسال ماشىنسازلىق زاۋۇتى | پولات ئىشلەك دېرىزە ياساش كەسپى | تۆمۈر رىشاتكا ئىشىك، يۆتكىلىشچان پوتكا، ئاپتوموبىل رېمونتى | 1972 | 71.75 | 43.3 | 1.3 | 34 | يېڭى دېموكراتىيە يولى 166-قورۇ |
| | قىزىلتاغ بور زاۋۇتى | باشقا مەخسۇس بۇيۇملىرى ياساش كەسپى | بور | 1976 | 16.34 | 14 | 0.6 | 21 | لىخۇا كوچىسى 99-تۆمۈر |
| | قىزىلتاغ پلاسما زاۋۇتى | پلاسمىچىلىق كەسپى | پلاسما بۇيۇملار | 1976 | 6.22 | 6 | | 17 | لىشىن يولى 128-قورۇ |
| | قىزىلتاغ گاز ئوچاق سايمانلىرى زاۋۇتى | ئائىلىدە ۋە ئاشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى ياساش كەسپى | گاز ئوچاق سايمانلىرى | 1976 | 59.54 | 41.70 | 2.10 | 65 | شىنشىڭ كوچىسى 8-قورۇ |
| | قىزىلتاغ قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاش زاۋۇتى | دۇقۇ مەھسۇلاتلارنى ياساش كەسپى | دۇقۇدىن ياسالغان مەھسۇلاتلار | 1987 | 21.49 | 20 | 1.5 | 50 | ئەرداۋان 2-كوچا 6-قورۇ |
| ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | ئىتتىپاق يولى بەش خىل مېتال زاۋۇتى | باشقا مېتال بۇيۇملارنى ياساش كەسپى | ئاپتوموبىل، پولات قاپلىغۇچ، ھارۋا بۇتۇلكىسى ئاغزى | 1966 | 36.71 | 27.00 | 3.40 | 32 | ئىتتىپاق يولى 64-قورۇ |
| | ئىتتىپاق يولى دىزېل ماشىنىسىنىڭ قوشۇمچە سايمانلىرى زاۋۇتى | تراكتور زاپچاسلىرىنى ياساش كەسپى | تراكتور زاپچاسلىرى | 1966 | 15.11 | 17.10 | 0.66 | 26 | ئىتتىپاق يولى 50-قورۇ |
| | ئىتتىپاق يولى ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى | يىپتا ئىلمە توقۇلما كەسپى | يىپتا يىپ پەلەي | 1966 | 15.11 | 15.50 | 2.10 | 26 | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 33-قورۇ |
| | ئىتتىپاق يولى تىككۈچىلىك زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك كەسپى | تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەر | 1975 | 4.34 | | | 6 | ئىتتىپاق يولىدا |
| | ئىتتىپاق يولى پلاسما زاۋۇتى | پلاسمىچىلىق كەسپى | پلاسما بۇيۇملار | 1983 | 48.70 | 17.40 | •1.49 | 40 | يەنشەن يولىدا |

| ئائىتلىق يېتەكچى ئورۇنلار | زاۋۇت ئىسمى | سانائەت تارماقلىرىدىكى كىچىك تۈرلەر | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يىل | مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | سېتىش سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | زاۋۇت ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | تىنچلىق يولى مىللىي ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى | تاش پاختا سېمونت بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى | تاش پاختا | 1966 | 22.56 | 17.38 | —0.10 | 17 | ئەرداۋانىدا |
| | تىنچلىق يولى زاملىسكا زاۋۇتى | پىشىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ياساش كەسپى | زاملىسكا | 1971 | 0.38 | 0.70 | —0.26 | 8 | خېيجىيلىمەن 92-قورۇ |
| | تەمىن تىككۈچىلىك زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپى | تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەر | 1972 | 13.64 | 1.02 | 0.10 | 24 | شىمالىي ئازادلىق يولى7-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى تېرە-بۇلغار زاۋۇتى | كىيىم-كېچەك كەسپى | كىيىم-كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش | 1972 | 16.16 | 8.81 | 0.68 | 24 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 72-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى كاۋچۇك زاۋۇتى | باشقا كاۋچۇك بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى | كاۋچۇك بۇيۇملىرى | 1972 | 11.62 | 10.48 | 0.69 | 13 | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 193-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى زىبۇ-زىننەت زاۋۇتى | زىبۇ-زىننەت كەسپى | تۈرلۈك زىبۇ-زىننەتلەر | 1973 | 7.15 | 2.64 | 0.49 | 14 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 264-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى ئۆتۈنۈبېرىش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | قويما زاپچاسلارنى ياساش كەسپى | ئۈچ چاقلىق دىزېل موتسىكلىت قويما زاپچاسلىرى | 1973 | 24.45 | 11.19 | —2.85 | 27 | يۈجىنكەي كوچىسى 198-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى ئىچىملىك زاۋۇتى | باشقا ئىچىملىكلەرنى ياساش كەسپى | تۈرلۈك ئىچىملىكلەر | 1984 | 34.02 | 22.85 | —1.28 | 42 | ئەرداۋان قوشۇمچە 1-قورۇ |
| | تىنچلىق يولى پلاسما زاۋۇتى | پلاسمىچىلىق كەسپى | پلاسما بۇيۇملىرى | 1985 | 4.25 | 10.17 | 0.10 | 43 | يۈجىنكەي شىمالىي كوچا 5-قورۇ |
| بەختيول مەھەللە ئىش باشقارمىسى سانائەت شىركىتى | بەخت يولى مېتال بۇيۇملار زاۋۇتى | ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى ياساش كەسپى | چاي قاينىتىش ئوچىقى، يەرلىك ئىسسىنىش ئوچىقى | 1987 | 53.41 | 45.62 | 3.45 | 40 | سايى يولى 3-ترانسپورت شىركىتى 2-ئەترەت قورۇسى ئىچىدە |
| | بەخت يولى چېدىر زاۋۇتى | پاختا بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى | ئاپتوموبىل چېدىرى | 1987 | 21.64 | 37.28 | 2.00 | 10 | بەختيولىدا |
| | بەختيولى خۇرۇم ئاياغ زاۋۇتى | ئاياغ تىكىش كەسپى | خۇرۇم ئاياغ كىيىم | 1987 | 0.73 | 0.66 | 0.20 | 10 | بەختيولىدا |

# 2-باب مىللىي ئەنئەنىۋى قول سانائىتى

## 1-پاراگراف كىيىم-كېچەك، باش-ئاياغ كىيىملىرى

تيانشان رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ خىل-نۇسخىلىرى كۆپ. ئاياللار رەڭگى ئېنىق بولغان ھەر خىل نۇسخىدىكى يوپكىلارنى

ياخشى كۆرىدۇ. ئەرلەر ئادەتتە پالشوپكا، كاستۇملارنى كىيىدۇ. ئىچكى كىيىملەردە گۈل كەشتىلەنگەن كۆڭلەكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بايرام كۈنلىرىدە يەنە ئەنئەنىۋى چاپاننى كىيىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى نەنبىندىن دوڭكوۋرۈككىچە بولغان يول ياقىسىدا نۇرغۇن يەككە كىيىم-كېچەك دۇكانلىرى بولۇپ، رەختلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ھەر خىل نۇسخىدىكى مىللىي كىيىم-كېچەكلەرنى تىكەتتى. ئەينى ۋاقىتتا خېلى نامى چىققانلاردىن نەنلياڭدىكى ئۆمەرجان كىيىم دۇكىنى بىلەن نەنگۇمىندىكى مەخسۇم كىيىم دۇكىنى بار ئىدى. كاستۇم-بۇرۇلكىدىن باشقا ئاساسلىقى كۆڭلەك، چاپان قاتارلىقلارنى تىكەتتى. كونا جەنۇبىي چوڭ مەھەللىگە جايلاشقان يۇفېڭدې كىيىم-كېچەك دۇكىنى ئالىي دەرىجىلىك مىللىيچە كىيىملەرنى تىكىش بىلەن داڭق چىقارغان. دۇكاننىڭ ئالدىدا رەخت سېتىپ، دۇكاننىڭ كەينىدە پىششىقلاپ ئىشلەيتتى، مۇلازىمىتى ئەتراپلىق ئىدى. بۇ دۇكاندىكى كىيىم تىككۈچى ئۇيغۇر ئۇستام ھامۇتنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى بولۇپ، خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. 1956-يىلى «يۇفېڭدې» كىيىم تىكىش دۇكىنى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو-ياۋروپاچە مىللىي كىيىم-كېچەك زاۋۇتىغا ئايلاندى. ئۆز تەۋەسىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن باشقا، يەنە كۆڭلەك، پۇلاچىنى زور تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلدى. 1973-يىلى بۇ زاۋۇت شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. دۆڭكۆۋرۈكتە يېڭىدىن سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش بىناسى مىللىيچە كىيىم-كېچەك ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنى تىكىشنى ئاساس قىلىپ، كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. 1985-يىلىغا كەلگەندە پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 494 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 123 نەپەرگە، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، يىلىغا ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك كىيىم-كېچەك-لىرى 100 مىڭ قۇرغا يەتتى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇا شەھىرىدىكى پۇقرالار قىش پەسلىدە ئادەتتە پىيما كىيەتتى. شارائىتى بارلىرى بولسا مەسە كىيەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (33-يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرى گاۋۋېنجيۇ شەرقىي چوڭ مەھەللىدىكى مەجنۇنتال كوچىسىدا (ھازىرقى خەلق مەيدانى) ئاياغ تىكىش دۇكىنى ئېچىپ، ئالتە ئادەمنى ياللاپ، ئەر-ئايالچە خۇرۇم ئاياغ ۋە ئۆتۈك تىكتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) سۈي خۋاچېڭ قاتارلىق ئون نەچچە قول سانائەتچىلەر بىرلىكتە يىشۈن ئاياغ كىيىم دۇكىنىنى ئاچتى. شۇندىن كېيىن «خۋاشىن»، «خۇڭچاڭخاۋ»، «ئوتتۇرا ئاسىيا»، «دېشېڭ-لۇ»، «فېڭشېڭشياڭ» قاتارلىق ئاياغ كىيىم دۇكانلىرى دۆڭكۆۋرۈك، نەنمېن، ۋە داشىزى ئەتراپىدا كەينى-كەينىدىن بارلىققا كەلدى. ھەممىسى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتاتتى، ئالدى دۇكان كەينى تەرىپى زاۋۇت ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرىدە «چورۇق» ۋە «بەتىنكە» (روسچە شىبلىت) شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)دىن كېيىن يەنە بەزى يېڭى ئاياغ كىيىم دۇكانلىرى، مەسىلەن، «جاۋ شياۋجۇ»، «رېن جاۋچىڭ»، «جاڭ كېيى» جيۇكاڭ قاتارلىق ئاياغ كىيىم دۇكانلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ تىجارەت باشلىدى. شۇندىن كېيىن ئىقتىساد زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، سېتىش يوللىرى راۋان بولماي، مەبلەغ قىيىنچىلىقى كۆرۈلگەنلىك-تىن، كۆپ ساندىكى ئاياغ كىيىم دۇكانلىرى ئامالسىزلىقتىن تاقالدى. پەقەت «ئوتتۇرا ئاسىيا» ۋە «فېڭ شېڭشياڭ» قاتارلىق بىرنەچچە ئاياغ كىيىم دۇكىنى ئاران تەسلىكتە ئازادلىق ھارپىسىغىچە تىجارىتىنى داۋاملاشتۇردى، دۇكاننىڭ بارلىق مەبلىغى 30 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. ئىشچىسى 140 نەپەر بولۇپ، يىلىغا ئىشلەپچىقارغان ئاياغ كىيىمى ئاران نەچچە مىڭ جۈپكىمۇ يەتمەيتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا، ئاياغ كىيىم كەسپى تەرەققىي قىلىپ

56 ئائىلىگە، خادىملىرى 147 نەپەرگە، مەبلىغى 74 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كىچىكلىرى كۆپ، مەبلىغى ئاز، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغانلار كۆپ، شېرىكلىرى ئاز، ھەرىكەتچانلىقى چوڭ، تارقاق، مۇقىم بولماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بەزى كىچىك ئائىلىلەر يەنە سېتىش ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1953-يىلى تەكشۈرۈش-ئېنىقلاش ئارقىلىق 52 ئائىلىگە ئازايتىلدى. يىلىغا ئىشلەپچىقارغان خۇرۇم ئۆتۈك-ئاياغ كىيىمى 16 مىڭ جۈپكە، مەھسۇلات قىممىتى 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1954-يىلى ئاياغ كىيىم تىكىدىغان بىرنەچچە ئائىلىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلىكتە 6000 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، غالىبىيەت يولىدا ئاۋانگارت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى قۇردى. 1956-يىلى «ئاۋانگارت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى»غا ئۆزگەرتىلىپ، ئەزالىرى 30 نەچچىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن 20 نەچچە ئائىلىلىك ئاياغ كىيىم تىجارىتى قىلىدىغان ئۇيغۇر قول سانائەتچىلەر بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە «ئۇچقۇن» ئاياغ كىيىم كوپېراتىپىنى قۇردى. ئەسلىدىكى لياڭيى ئاياغ دۇكىنى 3-ئاياغ كىيىم كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن يەنە 4-ئاياغ كىيىم كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1958-يىلى ئاۋانگارت ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئاساسىدا، ھەم باشقا تۆت ئاياغ كىيىم كوپېراتىپى، گۇرۇپپىلارنىڭ كىرىشى نەتىجىسىدە ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 107 گە، مەبلىغى 94 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 15 تۈز تاختايلىق تىكىش ماشىنىسى ۋە قىسمەن ئاياغ كىيىم قېلىپى بار بولۇپ، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى %20 كىلا يەتتى. شۇ يىلى 11 مىڭ جۈپ ئاياغ كىيىم تىكىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 310 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1959-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى 267 نەپەرگە يەتتى. مەھسۇلاتلىرى ئەر-ئاياللچە ئاياغ تىكىشتىن ئىگەر، هارۋا جابدۇقلىرى، بويۇنتۇرۇق ۋە خەي، باللار ئاياغ كىيىمگە كېڭەيتىلدى. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىدىغان ئاياغدىن 50 مىڭ جۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1973-يىلى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تەڭشىلىپ، ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى تيانشان رايونىدىن شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

ئۇيغۇر خەلقى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى قېرى ياكى ياش بولسۇن ھەممىسى ئەنئەنىۋى دوپپىنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دوپپا — تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھېيت-بايرام كۈنلىرى، توي-تۆكۈن ۋە ناخشا-ئۇسسۇل، كاتتا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان زىننەت بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. دوپپا سوۋغا قىلىش بولسا ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىكى قائىدە-يوسۇنلاردىندۇر. دوپپا تىكىش قول ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنى تۆت بۆلەك قىلىپ تەييارلانغان رەخت ماتېرىيالنى قول بىلەن كەشتىلەپ، ئەڭ چوققىسىنى مەركەز قىلىپ بىر-بىرىگە چېتىپ تىكىپ، سېپىپ كىيگۈدەك شەكىلگە مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئاندىن قارا يۇڭ يىپ بىلەن چۆرىسىنى پۈكۈپ بىر دوپپا تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل دوپپىنى قاتلاشقا بولىدۇ، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، كەشتىلەنگەن نۇسخىغا ئاساسەن دوپپىلار چىمەن دوپپا، بادام دوپپا قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. يەنە بىر خىل ئاق دوپپا بولۇپ، ئۇنىڭ تۆت يۈزىگە ئاددىي، ئېنىق قىلىپ قىزىل، يېشىل رەڭدە كىچىك گۈل چېكىلىدۇ. ئادەتتە كىيىۋالسا ناھايىتى ئەپلىك. باشقا دوپپىلارنىڭ ئىچىگە كىيىۋالسىمۇ بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئوغۇللىرى تۆت پەسىلدە ياقتۇرۇپ كىيىدىغان بىر خىل قىرلىق شەپكە بار، ئۇ خەلق ئارىسىدا «كەتمەن شەپكە» دەپ ئاتىلىدۇ. كەپكىلەرنىمۇ ئۇلار ياخشى كۆرىدۇ. قىش پەسلىدە كىيىدىغان قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قۇلاقچىلارمۇ يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت ئوغۇللىرى ئۆيىدىن ئايرىمايدىغان بۇيۇمدۇر.

دوپپا قول ئىشى ئارقىلىق تىكىلىدىغان مەھسۇلات بولغاچقا، ئائىلىلەردە تىكىشكە مۇۋاپىق. ئازادلىق-

تىن ئىلگىرى ئەنبەندىن باشلاپ دۆڭكۆۋرۈككىچە بولغان يول ياقىلىرىدا ئون نەچچە دوپپا دۇكىنى بار ئىدى. دوپپا تىكىشنى كەسىپ قىلغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى يەنە قۇلاقچا، ئادەتتىكى دوپپا، شەپكە ۋە باللار دوپپىلىرىنى تىكەتتى. ئەينى ۋاقىتتا دىخۋادا دوپپا تىكىشتە نامى چىققان ئۇستىلاردىن ياسىن، ئىمىن، ئەممەت، مىجىت، ياقۇپ ۋە رىشىت قاتارلىقلار بار ئىدى. 1955-يىل 7-ئايدا يەتتە نەپەر يەككە قول سانائەتچى بىرلىكتە مەبلەغ چىقىرىپ، يېڭى نۇر باش كىيىم ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى قۇردى. تىكىش ماشىنىسىدىن ئىككىنى ئېلىپ، قول ئىشى شەكلىدە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن مىللىيچە يالاڭ دوپپا، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن دوپپا، قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن قۇلاقچا ۋە تۈلكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن قۇلاقچا بار ئىدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقارغان باش كىيىم 4360 دانىگە، مەھسۇلات قىممىتى 39 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1956-يىلى يېڭى نۇر باش كىيىم ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. خادىملىرى 45 نەپەرگە، تىكىش ماشىنىسى ئون دانىگە يەتتى. ئىش ئورنى كېڭەيتىلىپ، باش كىيىملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپەيتىلدى. يىلىغا ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك باش كىيىم 30 مىڭ دانىگە، مەھسۇلات قىممىتى 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958-يىلى يېڭى نۇر باش كىيىم زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 80 نەپەرگە، تىكىش ماشىنىسى 40 دانىگە، يىلىغا ئىشلەپچىقارغان باش كىيىم 200 مىڭ دانىگە يەتتى. 1960-يىلى ئىنچىكە قوي يۇڭىدا ئىشلەنگەن قۇلاقچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىندى. 1961-يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 412 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1973-يىلى مەزكۇر زاۋۇت شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984-يىلى مەھسۇلات قىممىتى 868 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن قۇلاقچىلىرى ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئۇندىن باشقا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇلاقچا، ئازادلىق شەپكىسى، كەپكە، باللار دوپپىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان، جۇڭگوچە-ياۋروپاچە دەۋر كىيىم-كېچەك تىكىش زاۋۇتى، مىللىي كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، مىللىيچە باللار كىيىم-كېچەك زاۋۇتى (ماي كىيىم-كېچەك تىكىش زاۋۇتى)، ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

## 2-پاراگراف كەشتە بۇيۇملىرى

ئەنئەنىۋى كەشتە بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مىللىيچە دوپپا، كەشتىلەنگەن يوپكا، كارىۋات بۇيۇملىرى، پوپايكا، دېرىزە پەردىسى، داستىخان قاتارلىقلار كەشتە بۇيۇملىرى جۈملىسىدىندۇر. تارىختىن بۇيان خەلق ئارىسىدىكى كەشتىچىلىك ھۈنىرىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قالدۇرۇلۇپ، ۋارىسلىق قىلىنىش نەتىجىسىدە، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە كەشتىچىلىكى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، سوۋېت بىلەن خۇنەننىڭ كەشتىچىلىك ئالاھىدىلىكى قوبۇل قىلىنىپ، يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە يىڭنە بىلەن تېشىپ كەشتىلەش، تۆشۈكچىلەردىن ئۆتكۈزۈپ كەشتىلەش، تور رەختلەرنى كەشتىلەش ۋە تۆت ئاچا يول شەكلىدە كەشتىلەش قاتارلىق ئالاھىدە ھۈنەر-سەنئەت شەكىللەندى. بۇ ھۈنەردە ئادەم، ھايۋانلارنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلمەي، كۆپ ھاللاردا گۈل-گىياھ ۋە گېئومېتىرىيلىك شەكىللەر چۈشۈرۈلۈپ، ئابستراكت تۇيغۇ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كەشتىچىلىك ئىشىدا كۈمۈش رەڭلىك يىپ ئاساس قىلىنىدۇ. رەڭگىمۇ كۆركەم بولىدۇ. 1958-يىلدىن باشلاپ ماشىنا بىلەن كەشتىچىلىك قىلىش ۋە قول ئىشى بىلەن كەشتىچىلىك قىلىش بىرلىكتە تەدرىجىي قوللىنىلدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، كەشتىچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر 20 دىن كۆپ بولۇپ، كۆپ قىسمى بىر ئادەم بىر يايما ئىگىلەپ، قول بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. 1956-يىلى كەشتىچىلىك قىلىدىغان يەككە ئائىلىلەر ھەمكارلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. 1960-يىلى بىر قەدەر مۇقىم بولغان كەشتىچىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ۋە كوپېراتىپلىرى 50 نەچچىگە، كەشتىچىلەر 200 گە يەتتى. 1975-يىلى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۇ كوپېراتىپ-گۇرۇپپىلار 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىكى 94-قورۇدا ئۇرۇمچى شەھەرلىك مىللىيچە كەشتە بۇيۇملىرى زاۋۇتىنى قۇردى. مەزكۇر زاۋۇت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا بولۇپ، شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئۇيغۇر، قىرغىز، ئۆزبېك، موڭغۇل، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 140 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر %90 نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن تۆرلۈك كەشتە بۇيۇملىرى بولغاندىن سىرت يەنە دوپپا، ئىلمە-پاختا بۇيۇملىرى ماركىسى ۋە باشقا ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى بار ئىدى.

ئۇندىن باشقا، شەھەرلىك «ماي» كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، شەھەرلىك گۈزەل ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇتىدا كەشتىچىلىك سېخلىرى قۇرۇلۇپ، شۇ زاۋۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنى ئۈستىگە ئالدى. يېڭى دېموكراتىيە يولى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا مەخسۇس كەشتىچىلىك بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ۋە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى چوڭ پوپايكا زاۋۇتى ۋە رايونغا قاراشلىق چاۋپاك ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىدىمۇ زاۋۇت سىرتىدا مۇقىم كەشتىچىلىك قىلىدىغان ئائىلىلەر بار ئىدى. كەشتىچىلەر زاۋۇت تەرەپ لايىھىلەپ بەرگەن نۇسخا ۋە سۈپەت تەلىپى بويىچە ئۆيلىرىدە كەشتىچىلىك قىلاتتى. يىراقتىكىلەرگە يىغىپ تارقىتىدىغان بىر مەركەزلەشكەن نۇقتا قۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، مۇددەت ئىچىدە مەھسۇلات ۋە يېرىم مەھسۇلاتلارنى تاپشۇراتتى ۋە تاپشۇرۇۋالاتتى. كەشتىچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلە ئاياللىرى بولۇپ، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى ئاشۇراتتى.

## 3-پاراگراف چالغۇ ئەسۋابلىرى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئۇيغۇر ياغاچچى ئۇستام سوپور ئاخۇن كۇچادىن ئۈرۈمچىگە تىرىكچىلىككە كېلىپ، ياغاچ سايمانلىرىنى ياساش بىلەن بىرگە يەنە سۇناي، داپ ياسىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9-يىلى (1920-يىلى)نىڭ ئالدى-كەينىدە، سەنشىخاڭ ئېتراپىدىكى خەلق ئارىسىدىكى ياغاچچى ئۇستىلار مەخسۇس تۆرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسايتتى. قول بىلەن مەشغۇلات قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سايمانلىرى قالاق بولغاچقا، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، سۈپىتىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى نەتىجىسىدە، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلىغا (1930-يىلى) كەلگەندە، ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇستىسى ھاشىم غەرب ئىسكىروپكىسىنىڭ ئاۋاز قائىدىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە تارلىق چالغۇ ئەسۋابى ــ غىجەكنى ئىجاد قىلدى. كېيىنكىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا-تۆۋەن ئاۋازدىكى غىجەكنى ئىجاد قىلىپ، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سىستېمىلاشتۇردى. شۇندىن كېيىن تۆرلۈك تۆۋەن ئاۋازدىكى تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ دۇنياغا كەلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، داشىزى، نەنمېن، سەنشىخاڭ ئېتراپلىرىدا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى

ياساش ۋە رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قول سانائەتچىلەر 30 ئائىلىدىن ئاشتى. 1956-يىلى 1-رايوندىكى گۈزەل-سەنئەت زاۋۇتى داشىزىدا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى رېمونت قىلىش ئورنى قۇرۇپ، تۈرلۈك جۇڭگوچە-ياۋروپاچە تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى، پىيانىنو، گارمۇشكا ۋە گارمۇنلارنى رېمونت قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. 1958-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى رەسمىي باشچىلىقىدىكى ئالتە ئائىلىلىك چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپ، گۇرۇپپىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاق چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان تەمبۇر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 22 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى، 21 مىڭ يۈەن مەبلىغى بار ئىدى. بۇ زاۋۇتقا تيانشان رايونلۇق قول سانائەتنى ئىش بېجىرىش ئورنى رەھبەرلىك قىلاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تۈرلىرى كۆپەيدى. ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى 1200 گە يەتتى. 1965-يىلى مەزكۇر زاۋۇت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۇقىرى ئاۋازلىق دومبۇرا، تۆۋەن ئاۋازلىق راۋاپ، تۆۋەن ئاۋازلىق غىجەك ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق ساپايىنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىپ، كۆپ يىللاردىن بېرى ئىشلەپچىقىرىلىشتىن توختاپ قالغان ئەنئەنىۋى مەھسۇلات دۇتار بىلەن راۋاپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەھسۇلات دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يەنە تۇنجى قېتىم ئۈچ تارىلىق يۇچىن، غىجەك، بېيجىڭ غىجىكى قاتارلىق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئەل نەغمە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1967-يىلى مەزكۇر زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1973-يىلى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979-يىلى باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي، بىر مەزگىل كىرىسلو، ئۈستەل ۋە ساندۇق ياسىدى. 1982-يىلى رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشىلىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، تىجارەت باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەنلىتىلدى. ئېچكىرى جايلاردا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتارلىق تۆت خىل رەسىمدا ئورۇنلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى خۇشتار، مىللىيچە ئېلېكترونلۇق دومبۇرا، ئىسكىرىپكا، ئوتتۇرىچە ئىسكىرىپكا قاتارلىق 17 خىلدىكى جۇڭگوچە-ياۋروپاچە يېگىلانغان چالغۇ ئەسۋابلىرى بازارغا سېلىندى. يەنە داپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىندى. 1984-يىلى مەزكۇر زاۋۇت «مەملىكەت بويىچە مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش-تىكى ئىلغار كارخانا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. يۇقىرى ئاۋازلىق راۋاپ 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كارخانىمۇ بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 416 مىڭ 200 يۈەن ئورۇنداپ، 6500 دانە چالغۇ ئەسۋابى ئىشلەپچىقىرىپ، 229 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكى 1 مىليون 142 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 125 كە يەتتى.

## 4-پاراگراف كېسىش سايمانلىرى

تۆمۈرچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تېخنىكا سەنئىتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ يىللىرىدا نەنگۈەن، شىگۈەن ئەتراپىدا تۆمۈرچى ئۇستىلار ئوچاقتا قىزدۇرۇپ سوقۇش ئارقىلىق ئورغاق، قىرغاق،

پىچاق، ئۇستۇرا، كەتمەن قاتارلىق سايمانلارنى ياسايتتى. گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ 32-يىلى (1906-يىلى) قىزىلتاغ ئېتىكىدە ھۆكۈمەت تەرەپ ئاچقان ھۈنەر ئۆگىنىش ئورنىدا سوقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قول سانائىتى كۆرگەزمىسىدە كۇچادا «قايچا پادىشاھى» دەپ نام ئالغان روزىش (ئۇيغۇر)نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى سوقمىچىلىق ھۈنەر-سەنئىتى بويىچە ئاجايىپ قالتىس ماھارەت كۆرسەتتى. ئىككى قېتىملىق تېخنىكا ھۈنىرى ئالماشتۇرۇش كاتتا يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى، ئىچكىرىنىڭ ئىلغار تەجرىبىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللىيچە ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسىنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۆمۈرچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەجايىپ رول ئوينىدى. كېيىنكى قوراللىرىنى يەرلىك ئۇسۇلدا ياساشقا قارىتا، خەلق ئارىسىدىكى تۆمۈرچى ئۇستىلار «چوڭ ئوت تۆت قېتىم، كىچىك ئوت سەككىز قېتىم، ئۇششاق ئوت يىگىرمە تۆت قېتىم» دېيىدىغان ئەنئەنىۋى مەشغۇلات قائىدىسىنى خۇلاسىلەپ چىقتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، رايون ئىچىدە 100 گە يېقىن تۆمۈرچىلىك دۇكىنى بولۇپ، كۆپ قىسمى «بىر ئائىلە بىر ئوچاق، بىر ئۇستىدا بىر شاگىرت» بولۇشتەك ئاددىي قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە ئىش ئېلىپ باراتتى. مەھسۇلات مىقدارى ئاز، ئەمگەك كۈچى زور، ئۇنىڭ ئۈستىگە نالايىتى مۇقىم ئەمەس ئىدى. ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىدە تۆمۈرچىلەر كوپېراتىپى، گۇرۇپپىلىرى تەشكىللەندى. 1956-يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «دولقۇن» بەش خىل مېتال قوراللىرىنى ياساش زاۋۇتى ۋە «ئىتتىپاق» كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. قىسىپ سوقۇش بولقىسى، گاز بولقىسى قاتارلىق ماشىنىلاشقان ئۈسكۈنىلەر تەدرىجىي سەپلەندى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئەنئەنىۋى داڭلىق مەھسۇلاتلار قېزىپ چىقىلدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن: سۇن چاۋفېڭنىڭ «قوش قاپاق» قىگىرىقى، ئامىل ھوشۇرنىڭ ئورغىقى، ئابلىزنىڭ كەتمىنى قاتارلىقلار. بۇ داڭلىق مەھسۇلاتلار ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە بازار تاپقانىدى. 60-يىللاردىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زور تۈركۈمدە شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، بۇ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلار تەدرىجىي شاللىنىپ، زاۋۇتلار باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1980-يىلدىن كېيىن ھەرقايسى ساياھەت بۇيۇملىرى ماگىزىنلىرىدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى كېسىش سايمانلىرى پوكىيى ۋە يايما تەنزىلەردە پارقىراپ تۇرىدىغان شىنجاڭ پىچىقى تىزىلدى. كۆپ قىسمى شىنجاڭ يېڭىسارنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، يەنە يەرلىك يەككە قول سانائەتچىلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ بار. بۇ پىچاقلارنىڭ بېزىلىشى كۆركەم، بولۇپمۇ پىچاق سېپى ئالاھىدە ئىشلەنگەن بولغاچقا، نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى.

# 3-باب يېنىك سانائەت

## 1-پاراگراف بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇا شەھىرىدە بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر مىللەت قول سانائەتچىلىرى ۋە ئىش مەيدان خوجايىنلىرى، تۆمۈرچىلىك، قويمىچىلىق ۋە تۇنىكە پىششىقلاپ ئىشلەشتەك ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئارقىلىق، سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى،

خەلق تۇرمۇشى ۋە قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى دەسلەپكى دەرىجىدىكى بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. دېھقانچىلىق قوراللىرىدىن ئاساسلىقى كەتمەن، تۆمۈر گۈرجەك، جوتو، ساپان، ئورغاق، ئارا-تاماق قاتارلىقلار، سانائەت قوراللىرىدىن كۆلۈچ، بولقا، ئامبۇر، پالتا، ھەرە ۋە ئەندىۋا قاتارلىقلار، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن تۆمۈر مەش، كاناي، چېلەك، داس، چۆگۈن، قازان، چۆمۈچ، قوشۇق قاتارلىقلار، ھارۋا ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىدىن تاقا، ئېگەر-جابدۇق، بەش خىل مېتال پارچە زاپچاسلىرى ۋە ھارۋا ياساش، رېمونت قىلىش كەسپى قاتارلىقلار بار ئىدى.

تۆمۈرچىلىك ۋە قاڭالتىرلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنە-قوراللىرى ئاددىي بولۇپ، ئىگىلىگەن يېرى كىچىك، كۆپ ساندىكىلىرى شەخسىي تىجارەت قىلاتتى. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدا پەقەت بىر ئۇستا بىر-ئىككى شاگىرت بىلەنلا ئىش باشلىيالايتتى. قاڭالتىرلىق دۇكانلىرىدا پەقەت بىر ئادەم قەلەي پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. قوراللىرى ئاددىي، مەھسۇلاتى يەككە بولۇپ، تىپىك كىچىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىدى. قۇيمىچىلىقتا مۇئەييەن ئۈسكۈنە ۋە ئادەم كۈچى كېتەتتى، بىر ئادەمگە تايىنىپ تىجارەت قىلىش تەس ئىدى. پەقەت كەسىپ خوجايىنلىرى بىرلىشىپ ئاچقان قۇيمىچىلىق دۇكان-قورۇلاردا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولاتتى. نەنمېندىكى رىشىن يولىغا جايلاشقان داخۋا قۇيمىچىلىق قورۇسى تاسمىلىق ھارۋا قاتارلىق ئاددىي ماشىنىلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ھارۋا، ئامبۇر قاتارلىق ئەڭ ئاددىي مېتال بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئۇلاغ ھارۋىسىنى ياساش، رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغانلار بولسا تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنىغا ئايلاندى.

1954-يىلى 11 ئائىلىلىك قاڭالتىرچىلىق قول سانائەتچىلىرى تەشكىللىنىپ، تۇنجى قاڭالتىرچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ناھايىتى تېزلا ئۆچكە تەرەققىي قىلدى. 1955-يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ 1-قاڭالتىرچىلىق كوپېراتىپىغا ئايلاندۇرۇلدى. كوپېراتىپ ئەزالىرى 54 كە يەتتى. 1956-يىلى كۆپىيىپ 95 كە يەتتى. ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرى سېتىشتىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات كوپېراتىپلىرى زاكاز قىلغان ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەردى. تۆمۈر مەش، كاناي، داس، چېلەك، قوشۇقلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1958-يىلى ھەرقايسى تۆمۈرچىلىك كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «دولقۇن» بەش خىل مېتال قوراللىرىنى ياساش زاۋۇتى ۋە «ئىتتىپاق» بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە شامال ساندۇقىنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش، قول بىلەن بازغان ئۇرۇشتەك ئېغىر ئەمگەكتىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتۇلۇپ، ماشىنا بىلەن بازغانلاش، ئېغىر بېسىم بىلەن قېلىپقا سېلىش، شامال ساندۇقىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇردى. قىڭراق قاتارلىق ئەنئەنىۋى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى. 1970-يىلدىن كېيىن «ئىتتىپاق» بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى ھارۋا بېسىمى ئارقىلىق بېسىش-قىسىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. كېيىن ساي يولى تەرەپكە كۆچۈپ بېرىپ، كان ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئۈچۈن كان ماشىنىسى ۋە تاش ئېزىش ئۈۋۈتىش ماشىنىسى زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. «دولقۇن» بەش خىل مېتال قوراللىرىنى ياساش زاۋۇتى تۆمۈر گۈرجەك، جوتو ئىشلەپچىقىرىشنى كەسىپ قىلغان زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. كېيىن باجياخۇغا كۆچۈرۈلدى.

خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى قۇيمىچىلىق قورۇسى بىلەن بەش خىل مېتال ئىش مەيدانى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مەسىلەن، فار-فۇر زاۋۇتى، قىزىل يۇلتۇز قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، تيانشان ماشىنا رېمونت زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسى تەرەققىي قىلىپ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم بولغان زاۋۇتلارغا ئايلاندى.

1966-يىلى تيانشان رايونى يەرلىك كىچىك ئاممىۋى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندىن بۇيان، بىر تۈركۈم بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايون-مەھەللە زاۋۇتلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. بىرىنچى تۈركۈمدىكى رايونغا قاراشلىق زاۋۇتلاردىن تيانشان پورژىنا زاۋۇتى، قىزىل بايراق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى بار. مەھەللە زاۋۇتلىرىدىن غالىبىيەت يولى چىراغ سايمانلىرى زاۋۇتى، غالىبىيەت بەش خىل مېتال زاۋۇتى، شىمالىي ئازادلىق يولى 1-، 2-بەش خىل مېتال زاۋۇتى، شىمالىي شىنخۇا يولى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى، ئىتتىپاق يولى بەش خىل مېتال زاۋۇتى ۋە دېزېل ماشىنىسى قوشۇمچە زاپچاسلىرى زاۋۇتى بار. كېيىن قۇرۇلغانلىرىدىن يەنە تىنچلىق يولى ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قىزىلتاغ ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، قىزىلتاغ كۆمۈر-گاز سايمانلىرى زاۋۇتى، شىمالىي ئازادلىق يولى ئىندۇكسىيە زاۋۇتى، غالىبىيەت يولى پار تۇرۇبىسى زاپچاسلىرى زاۋۇتى، دۇگىمەن ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزان يوقىتىش زاۋۇتى ۋە غالىبىيەت قۇيمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. 1987-يىلىغا كەلگەندە رايون-مەھەللە زاۋۇتلىرىدىكى بەش خىل مېتال مەھسۇلاتلىرىدىن قۇيمىچىلىق زاپچاسلىرى، تۈرلۈك پورژىنا، ماشىنا ئورۇندۇقى، كۈن نۇرلۇق لامپا قېپى، توك ئېقىمى ئىندۇكسىيىسى، ئاپتوماتىك بېسىم تەڭشىگۈچ، گاز ئوچىقى، ئۆي ھاۋاسىنى تەڭشىگۈچ، پولات دېرىزە، تاش بازغان، جىن چىراغ، ھاراق بوتۇلكىسى ئاغزى، ناھال، دېزېل ماشىنىسى زاپچاسلىرى، ماشىنا مېيى سۈزگۈچ، ئۇلترا قىزىل نۇر بىلەن قورۇتۇلىدىغان ئوچاق قاتارلىقلار بار بولدى.

## 2-پاراگراف ھۈنەر-سەنئەت، گۈزەل سەنئەت

ئازادلىقتىن ئىلگىرى داشىڭ كوچىسىدا (بۈگۈنكى شياۋشىزى ئەتراپى) لياڭ ئائىلىسىنىڭ قەغەز ئويما بىلەن شۈ ئائىلىسىنىڭ قەغەز كەسمىسى بار ئىدى. «ۋۇ بېنتاڭ» قەغەزگە ياكى رەختكە چاپلانغان رەسىم سېتىش جەھەتتە خېلى داڭقى بار دۇكان ئىدى. ئاتاقلىق نەققاش-ھەيكەلتىراشتىن جاڭ توڭلى، خەت ئويۇش سەنئەتكارىدىن نيەن شاۋيۇن بار ئىدى. داشىزى ۋە شياۋشىزىدا يەنە «يۇ شىڭ ئالتۇن دۇكىنى»، «دې يۈەنشياڭ»، «خۇيياۋلۇ» ۋە «جېن دېلۇ» قاتارلىق كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بىرقانچە ئالتۇن-كۈمۈش سېتىش بىناسى بار بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ھۈنەر-سەنئىتى ئارقىلىق تۈرلۈك ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت قاتارلىق زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. ئەڭ ئوموميۈزلۈك بولغان زىبۇ زىننەتلەردىن ئۈزۈك، زەنجىر، بىلەزۈك، ھالقا ۋە چاچ زىننەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئاناردەك قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زىننەت بۇيۇمى ئىدى.

1958-يىلى داشىزىدا گۈزەل ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇتى قۇرۇلدى (1973-يىلى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى). ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كەشتىلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە گۈل ئويۇلغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. يەنە ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. 1965-يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ قاشتېشى ھەيكەلتىراشلىق زاۋۇتى (خەلق يولىدىكى 64-قورۇ) شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ قاشتېشى زاۋۇتى ھېسابلىنىدۇ. 1974-يىلى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ قاشتېشى ئويمىسى «ھاۋا رەڭ قاشتېشى قۇتىسى» مەملىكەت بويىچە قاشتېشىغا ئويۇلغان چىش ھۈنەر-سەنئىتى مەھسۇلاتى بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يەنە «مۇنار ئوچىقى» قاتارلىق نادىر مەھسۇلاتنى ئىجاد قىلدى. 1987-يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى 162 گە، يىللىق

مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1973-يىلى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللىشى ئاستىدا جەنۇبىي ئازادلىق يولىدا مىللىي زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى زاۋۇتى قۇردى. كېرەكلىك بولغان ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى دۆلەت پىلان بويىچە تەقسىم قىلىپ بەردى. 1976-يىلى كۈمۈشتىن 1000 سەر، ئالتۇندىن ئون سەر بەردى. ئالتۇن پەقەت تۇرلۇك ئالتۇن يالىتىلغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەشكە ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەندى. ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈك، زەنجىر قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى 30 خىلدىن ئاشاتتى. يەنە ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەشتە كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1985-يىلدىن كېيىن ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر ئاما ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. داشىزىدىكى كۆزەينەك دۇكىنىدا ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى.

تيانشان رايونلۇق ئەينەك زاۋۇتى 1983-يىلدىن باشلاپ كۆپ خىل ھۈنەر-سەنئەت، گۈزەل-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېچىپ بازارغا سالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەينەك مەنزىرە رەسىمى بىلەن قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىمنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىنى بېزەش-گۈزەللەشتۈرۈشتىن باشقا ئاساسلىقى مۇكاپات بۇيۇملىرى ۋە سوۋغا بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى مەھەللە زاۋۇتلىرى، دۇكانلار يەنە باشقا گۈزەل ھۈنەر-سەنئەت مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەسىلەن: لەۋھە ياساش، گۈزەل-سەنئەت تېخنىكىسىنى لايىھىلەش قاتارلىقلار.

## 3-پاراگراف كىيىم-كېچەك

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى)نىڭ ئالدى-كەينىدە، خۇنەن، خۇبېيلىق تىككۈچىلەر ئاساس قىلىنغان ئون نەچچە ئائىلىلىك كىيىم-كېچەك دۇكىنى خەلق مەيدانىدىكى كىيىم دۇكىنى كوچىسىغا جەم قىلىنىپ، كىيىم-كېچەك كەسپى بويىچە بىر كوچا-مەھەللە ھاسىل قىلىندى. كۆپ قىسمى ئۇستىلار شاگىرتلارنى يېتەكلەيدىغان كىچىك دۇكانلار بولۇپ، رەختنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالىي دەرىجىلىك كىيىم دۇكانلىرى يەنە تىياتىر ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ كەشتىلەنگەن كىيىملىرىنى ۋە ئالىي دەرىجىلىك تېرە پەلتولارنى تىكەتتى. تىجارىتى جانلىق ئىدى. پىششىقلاپ ئىشلەش دائىرىسى يىلىك كىيىم، پاختىلىق كىيىم، جۇۋا، يەك كۆڭلەك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بەزىلىرى يەنە ھەربىي كىيىم-كېچەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان نۇقتىغا ئايلانغانىدى. ھەتتا تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەشتە كىيىدىغان كىيىملەرنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمىتىنىمۇ قىلاتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) مەيدان ياسىلىپ، كىيىم دۇكانلىرى كوچىسى كۆچۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مىس دۇكانلىرى كوچىسى بىلەن بىرگە چېقىپ تاشلاندى. كىيىم-كېچەك كېسىش-تىكىش دۇكانلىرى ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ كەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن تىككۈچىلىك دۇكانلىرى 46 بولۇپ، خادىملىرى 90 دىن كۆپ ئىدى. ئاساسلىقى شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال چوڭ كوچىلىرىغا تارقالغان (بۈگۈنكى داشىزىنى مەركەز قىلغان شىمالىي ئازادلىق يولى ۋە جۇڭگەن يولى)، كۆلىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلاردىن شەرقىي چوڭ كوچىدىكى شىنفېڭ كاستۇم كىيىم دۇكىنى، تەنگۇمەندىكى ئەمەتجان كاستۇم دۇكىنى، تەنلىياگەندىكى مەخسۇم مىللىي كىيىم-كېچەك دۇكىنى ۋە مەخسۇس چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن

كاستۇم تىكىپ بېرىدىغان جاڭ لاۋدېڭ كاستۇم كىيىم دۇكىنى بار ئىدى. بۇ كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدا ئوندىن كۆپ تىكىش ماشىنىسى، 20 ئەتراپىدا ياللانما ئىشچى بار ئىدى. ئادەتتە كاستۇم، جۇڭسەن پوسۇنىدىكى كىيىم ۋە باشقا كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئەكەلگەن رەختلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى ھەم كىيىم تىكىپ ساتاتتى. يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 50 مىڭ قۇرغا يېتەتتى. بەزىلىرى دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدە رەخت سېتىپ، كەينى تەرىپىدە كىيىم تىكەتتى.

1954-يىلى شىنفېڭ كاستۇم بۇرۇلكا دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى سۈي گۇاڭشۇن باشلامچىلىق بىلەن ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىپ، ئون نەچچە تىككۈچىلىك دۇكىنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، 1-كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. ئارقىدىنلا گوجىئەن يەنە 20 دىن كۆپ ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ 2-كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنى قۇردى. 1955-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1-، 2-كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. 1956-يىلى «شىنمىن» ، «شىنفېڭ» ، «چىڭ فېڭتەي» قاتارلىق سەككىز يەككىلەر بىرلىشىپ ئاچقان كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش يولىغا قويۇلدى. 1958-يىلى تيانشان رايونىدا جەمئىي يەتتە كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان كېسىش-تىكىش زاۋۇتى بولۇپ، خادىملىرى 600 دىن كۆپ ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت شەكلىدە بۇرۇنقى كەلگەن رەختلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تۈركۈم-تۈركۈم-لەپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى سېتىشتىن سودا سىستېمىسى بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ سېتىشقا ئۆزگەرتىلىپ، مەھسۇلات بىلەن سېتىش ئايرىۋېتىلدى. 1960-يىلى تەڭشەپ بىرلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، كوپېراتىپتىن زاۋۇتقا ئۆزگەرتىلدى. 1-، 2-، 4-كىيىم-كېچەك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ ماي كىيىم-كېچەك كېسىش-تىكىش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 400 دىن ئۇشۇق بولۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى قول سانائىتى سىستېمىسى بويىچە ئەڭ چوڭ كىيىم-كېچەك كارخانىسى بولۇپ قالدى. 1963-يىلى مەزكۇر زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان كىيىم-كېچىكى 100 مىڭ قۇرغا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1964-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىيىم-كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم سانائىتى شىركىتى قۇرۇلۇپ، تيانشان رايونىغا قاراشلىق كىيىم-كېچەك زاۋۇتى، كوپېراتىپىنىڭ ھەممىسى مەزكۇر شىركەتنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزۈلدى.

1965-يىلدىن كېيىن، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئاممىغا قولايلىق يارىتىش، كىيىم تىكىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئائىلە ئاياللىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىرقانچە كىيىم تىكىش دۇكانلىرىنى ئاچتى. شۇندىن كېيىن يەنە تىنچلىق يولى تىكىمچىلىك زاۋۇتى، غالىبىيەت يولى تىكىش دۇكىنى، يېڭى دېموكراتىيە يولى لىشىن تىكىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت، گۇرۇپپىدىكى تىكىش ماشىنىسىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، تىجارەت ئۇسۇلى بىرقەدەر جانلىق ئىدى. يەنى تۈركۈملەپمۇ ئىشلەپچىقىراتتى. كەلگەن رەختلەر-نى پىششىقلاپ ئىشلەشتەك پارچە تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1970-يىلدىن كېيىن ياشلار ياخشى كۆرىدىغان كىيىم-كېچەكلەر بىر خىل مودا كىيىمگە ئايلانغاچقا، مۇئەييەن بازار ئېھتىياجىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى كىيىم-كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە

ئىش باشقارمىسى قۇرغان كىيىم-كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپلىرى مەھەللە سانائىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىش كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن ياشلار ئىشقا ئورۇنلاشتى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق دەۋر كىيىم-كېچەك زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 30 نەچچە ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتى كوپتا بولۇپ، شۇ يىلى مەھسۇلات قىممىتى 144 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى كىيىم-كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى جەمئىي 1 مىليون 803 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كىيىم-كېچەك پىششىقلاپ ئىشلەشتە ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 975 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ پۈتۈن يىللىق سانائەت مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 43% نى ئىگىلىدى.

ئۇندىن باشقا جىيائىشى، جېجياڭ ئەتراپىدىن ئۈرۈمچىگە ئېقىپ كەلگەن يەككە تىككۈچىلەر چوڭ-كىچىك كوچىلاردا يايما ئورنى قۇرۇپ، كىيىم-كېچەك نۇسخىلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالاھىدە كىيىم-كېچەكلەرنى تىكىش قىيىن بولۇش زىددىيىتىنى پەسەيتىش ۋە ئاممىغا قولايلىق يارىتىش جەھەتتە ياخشى رول ئوينىدى.

## 4-پاراگراف تېرە-يۇڭ، كۆن-خۇرۇم

ئۈرۈمچى تارىختىن بۇيان چارۋىچىلىق كەسپى تەرەققىي قىلغان، تېرە-يۇڭ، كۆن-خۇرۇم بايلىقى مول جاي بولۇپ، ئەنئەنىۋى تېرە-يۇڭ، كۆن-خۇرۇم كەسپى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرى، ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان كۆن-خۇرۇم ئۇستىسى زايىتنىڭ ئون نەچچە شاگىرتى شور بۇلاق ۋە شىخابا ئەتراپلىرىدا كۆن-خۇرۇم دۇكانلىرىنى ئاچقانىدى. تېرىنى ئاشلاش ۋە قول بىلەن قىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاشلانغان تېرە ئىشلەپچىقىراتتى. تېخنىكا سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، تېرىدىكى سېسىق پۇراق پاكىز يوقمايتتى. يەرلىك ئۇسۇلدا بويالغاچقا، خۇرۇم يۈزىدىكى رەڭ ئوڭاي ئۆچۈپ كېتەتتى. كۆن-خۇرۇمنىڭ سۈپىتىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 12-يىلى (1923-يىلى) دىخۇا باش سودا ئۇيۇشمىسى مەبلەغ توپلاپ، ئەنمىندە دىخۇا تېرە زاۋۇتىنى ئېچىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخنىك-ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، تېرە ئاشلاش يېڭى ھۈنەر-سەنئىتىنى كىرگۈزۈپ، قىسمەن ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى. زاۋۇت باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، ناھايىتى تېزلا زىيان تارتىپ تاقىلىپ قالدى. لېكىن تېرە-خۇرۇم كەسپى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى)نىڭ ئالدى-كەينىدە، ساقئاخۇن، رىشىت ئاخۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر تېرە-خۇرۇم ئۇستىلىرى يېڭىخى كوچىسى ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئائىلە خاراكتېرىدىكى كۆن-خۇرۇم دۇكانلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن خەنزۇ ئەنفۇچېن، ۋاڭ ۋېنيەن، جاڭ بوسېن، ئەن ۋېيچى قاتارلىقلار جىشىڭ شىركىتى ۋە خېڭشىڭ شىركىتىنى ئېچىپ، تېرە-خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەپ تىجارەت قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ ماددىي-ئەشيا ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتتى. تېرە-خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى ئۆتۈك، ئاياغ، ئىگەر، بويۇنتۇرۇق، ھارۋا جابدۇقلىرى ۋە غىلاپ، قورال قاپچۇقى قاتارلىقلار بار ئىدى. تېرىچىلىكتە قوي تېرىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، تۈرلۈك خۇرۇم چاپان، قولاقچا ئىشلەپچىقىراتتى. يەنە ئاز مىقداردا تۈلكە تېرىسى، قاما تېرىسى ۋە قۇندۇز تېرىسىدىن ئالىي دەرىجىلىك خۇرۇم كىيىملەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىراتتى. ئابدۇرىشىت ھاجى ئاتا-بالا ئەنگۈەندىكى يۈسەيخاڭ كوچىسىدا تېرە-خۇرۇم ماللىرى دۇكىنى ئېچىپ،

دۇكاننىڭ ئالدى تەرىپىدە تىجارەت قىلىپ، كەينى تەرىپىدە پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىپ، ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ، سۈپەتنى تەكىتلەپ، ھايۋان تېرىسىدىن كىيىم-كېچەك ئىشلەشتە خېلى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغانىدى. كىيىم-كېچەك كەسپى ئۆزئارا قايچىلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، كېيىن ھايۋان تېرىسىدىن كىيىم-كېچەك تىكىش كەسپىي دۇكانلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئانچە كۆپ بولمىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خام تېرە دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان ماددىي ئەشيا قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىلىكتىن، يەككە كۆن-خۇرۇم دۇكانلىرى تەدرىجىي شاللىنىپ كەتتى. كۆن-خۇرۇم سانائەتچىلىرى ھەمكارلىشىش ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپ گۇرۇپپىلىرىغا تەشكىللىنىپ، تېرە-خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە يۈزلەندى. 1956-يىلدىن كېيىن، پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش ئاستىدا، تېرە-خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ئۆزلىرىدىكى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇئەييەن مىقداردا خام تېرە پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى. 1958-يىلغا كەلگەندە يېڭى نۇر بلش كىيىم ھەمكارلىق كوپېراتىپى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن خام قوي تېرىسىدىن 10 مىڭنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى. زاۋۇتقا ئۆزگەرگەندىن كېيىن يىلىغا 40 مىڭغا كۆپەيتتى. 1959-يىلى ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى 3000 غا يېقىن كالا تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. 1973-يىلى ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم زاۋۇتى ۋە باشقا تېرە-خۇرۇم، تېرە-يۇڭ كىيىم-كېچەك زاۋۇتلىرى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، رايون-مەھەللە سانائىتىدە تېرە-يۇڭ، تېرە-خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلار قالمىدى.

1975-يىلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ھەربىيلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ۋە مېيىپلارنى تەشكىللەپ، غالىبىيەت يولى تېرە زاۋۇتىنى قۇردى. 1976-يىلى لىۋداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىزىلتاغ تېرە زاۋۇتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس قوي تېرىسىنى ئاشلىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 27 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى. غالىبىيەت يولى تېرە زاۋۇتى چوڭ زاۋۇتلاردىن ئاشقان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئەمگەك قوغدىنىش تېرە پەلەيلىرىنى تىكىش بىلەن تىجارەت باشلاپ، كېيىن تىكىش ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرىنى ئېلىپ، كۆلىمىنى تەدرىجىي كېڭەيتتى. 1979-يىلى مەزكۇر زاۋۇت تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق تېرە زاۋۇتى دەپ نام بېرىلىپ، مەھسۇلاتلىرى قوي تېرىسى بىلەن قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن پىنجەك ئىشلەشكە كۆپەيتىلدى. 1984-يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىسى 75 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 37 نەپىرى مېيىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 7-ئايدا قىزىلتاغ تېرە زاۋۇتى تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق تېرە زاۋۇتىغا قېتىۋېتىلىپ، مەزكۇر زاۋۇت خام تېرە ئاشلاشتىن تېرە-يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلىپ بىر يۈرۈش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈردى. زاۋۇت غالىبىيەت يولىدىن لىۋداۋاندىكى ئەسلىدىكى قىزىلتاغ تېرە زاۋۇتى ئىچىگە كۆچۈرۈلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ غالىبىيەت يولىدىكى ئەسلى ئورنى تېرە-يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخ قىلىندى. 1987-يىلغا كەلگەندە زاۋۇتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 97گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مېيىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 50 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ %51.5 نى ئىگىلىدى. مۇقىم مۈلكى 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، مەھسۇلاتلىرى قوي تېرىسى ئاشلاشتىن تېرە كىيىم-كېچەك، قولقاپ، پەلەي ۋە تېرىدىن ياسالغان ئەمگەك قوغدىنىش كىيىملىرىگە كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى ئورۇنلىغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# 5-پاراگراف ئۆي جاھازلىرى

ئازادلىقتىن بۇرۇن جىياڭنەن كوچىسى ئەتراپىدا ئوندىن ئارتۇق ياغاچ سايمانلىرى دۇكىنى بولۇپ، ئاساسلىقى قاسقان ۋە ياغاچ ئۆي جاھازلىرى ياسايتتى. ۋاڭ ئېنرۇڭ ئالىي دەرىجىلىك مۇرەككەپ بولغان ياغاچ سايمانلىرىنى ياساش بىلەن داڭق چىقارغان. ۋاڭ يۈتىڭ سىرلاش ماھىرى ئىدى. ئائىلە سايمانلىرىدا كونا ئۇسلۇبتىكى ئۈستەل-شىرە ئاساس قىلىناتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى)نىڭ ئالدى-كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىس، تۆمۈر كارىۋات ۋە ياغاچتىن ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق كىرگۈزۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان ياغاچ سايمانلاردىن ئايلانما ياغاچ كارىۋات، ئۈستەل، بۆشۈك ۋە مىللىيچە نەقىشلەنگەن ساندۇق بار ئىدى. نەنمېندىكى رىشىن يولىدا يەنە بىر شاڭخەي ياغاچ سايمانلار دۇكىنى بولۇپ، مەخسۇس يۇمشاق ئائىلە سايمانلىرىنى، مەسىلەن: كىرېسلو قاتارلىقلارنى ياسايتتى. ئۇندىن باشقا خەلق ئارىسىدا يۈرگەن يەككە ياغاچچىلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاھالىلەر ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئائىلە ياغاچ ئۆي جاھازلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەككە ياغاچچىلار ھەمكارلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. 1955-يىلى سەككىز نەپەر كونا ياغاچچى ئەگلەك-قاسقان زاۋۇتى قۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئاران 400 يۈەنلا مەبلىغى بار بولۇپ، پەقەت جەسەت ساندۇقىلا ياسايتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا ئىدى. 1958-يىلى توك ھەرە، توك رەندە قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىشتا زور تەرەققىيات بولدى. مەھسۇلاتلىرىدا ئەگلەك-قاسقان ياساش ئاساس قىلىندى. 1960-يىلدىن كېيىن، جەنۇبنىڭ بامبۇكتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملىرى بىلەن ئىچكىرىنىڭ ئالىيۇمىندىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرى زور مىقداردا شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ياخشى بولمىدى. كېيىن ئاستا-ئاستا كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا ياغاچ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەشكە، يەنى ئوقۇغۇچىلار پارتا-ئورۇندۇقلىرىنى ياساشقا ئۆزگەرتىلدى. 1973-يىلى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەگلەك-قاسقان ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1975-يىلى تيانشان رايونلۇق ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ياغاچتىن ئۆي جاھازلىرىنى ۋە ئىش بېجىرىش شىرە-ئۈستەللىرىنى ياساشنى ئاساس قىلدى. كېيىن يەنە تۆمۈر-ياغاچ ئۆي جاھازلىرى ياساشنى كۆپەيتتى. ئاساسلىقى تۆمۈر كارىۋات، قاتلىنىدىغان ئۈستەل-ئورۇندۇق قاتارلىقلارنى ياسىدى. قاتلىنىدىغان ئۈستەل-ئورۇندۇقلىرى شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 1987-يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىسى 71، مۇقىم مۈلكى 252 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىلىغا تۈرلۈك تۆمۈر، ياغاچ ئۆي جاھازلىرىدىن 361 مىڭنى ئىشلەپچىقاردى. مەھسۇلات قىممىتى 675 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پايدا 74 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى. شۇ يىلى شەھەرلىك ئەگلەك-قاسقان زاۋۇتىدا 220 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، يىلىغا تۈرلۈك ياغاچ سايمانلاردىن 30 مىڭنى ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

رايون ئىچىدە يەنە سىچۈەن، جېجياڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئۈرۈمچىگە ئېقىپ كەلگەن ياغاچچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار نەنمېندىكى مەركىزىي گۈللۈك ئەتراپىدا ستېخىيىلىك ھالدا ئەمگەك كۈچى بازىرى شەكىللەندۈردى. ئۇلار خېرىدارلارغا ئاساسلىقى چوڭ ئىشكاپ، ئۈستەل، تۈرلۈك ئېگىز-پاكار پۇتلۇق ئىشكاپ ۋە شىرە-ئورۇندۇق، كىرېسلو قاتارلىق تۈرلۈك ياغاچ ئۆي جاھازلىرىنى ياساپ بېرەتتى. ئىككى تەرەپ سايماننىڭ نۇسخىسى، رەڭگىنى ئۆزلىرى پۈتۈشكەچكە، ياغاچچى ماتېرىيال چىقارمايتتى. پەقەت

سايمان سانى بويىچە باھا كېلىشىپ، ئۆيلەرگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلاتتى. ياللاپ ئىشلەتكۈچى تاماق، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتى. ئۇلار بازاردا ئەڭ كۆپ بولغاندا نەچچە يۈزگە يېتەتتى. ياغاچچى، سىرچى، كەسكۈچى، تىككۈچى تولۇق بولۇپ، بىر سىستېمىلىق مۇلازىمەتنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل رىقابەت ياغاچ سايمانلىرىنى ياسايدىغان كارخانىلارغا مۇئەييەن بېسىم پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى خېلى زور بىر قىسىم ئۆي جاھازلىرى بازىرىدىن مەھرۇم قىلدى.

## 6-پاراگراف ئىلمە توقۇمىچىلىق

شىنجاڭدا قوي تېرىسى، پاختا مول. لېكىن ئورۇمچىنىڭ پاختا، يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ باشلىنىشى كېيىنرەك بولۇپ، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىدا ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلگەنماللارغا تايىناتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى)دىن كېيىن نەنلياڭ تەۋەسىدە ماشىنا بىلەن پايپاق توقۇش دۇكىنى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاز بولۇپ، پوپايكا توقۇشتا يەنىلا ئەنئەنىۋى ھالدا قول بىلەن توقۇيتتى.

1956-يىلىدىن كېيىن، ئىككى رايوندا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «خەلق» پاختا-يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ۋە سەكرىمىچ ئىلگىرىلەش ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ماشىنىدا توقۇلغان پوپايكا، ياغلىق، تور ئىشتان، پايپاق قاتارلىقلار بار ئىدى. 1958-يىلى تيانشان رايونلۇق شائخەي سەكرىمىچ ئىلگىرىلەش يۇڭ يىپ پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق پوپايكىلارنى قول ئارقىلىق توقۇدى. شۇ يىلى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 8900 يۈەن بولۇپ، 1959-يىلى داۋاملىشىپ، ئاران بىر يىل داۋاملىشىپ، 1959-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1960-يىلى بۇلاق تاغ گۇڭشېسى ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى (1962-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى) قۇرۇلدى. شۇ يىلى سەكرىمىچ ئىلگىرىلەش ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى يىلىغا 24 مىڭ دانە يۇڭ ئىشتان، 28 مىڭ دانە پوپايكا، 24 مىڭ جۈپ پايپاق توقۇدى. «خەلق» پاختا-يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى مەھسۇلات قىممىتىنى 650 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى ھەمدە لۆڭگە، ياستۇق لۆڭگىسى ۋە يىپ گىلەم قاتارلىق تۈرلەرنى كۆپەيتتى. 1973-يىلى مەزكۇر زاۋۇت شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ دەل ھازىرقى جۇڭگو-چەت ئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا — تيانشان يۇڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق ئىككىنچى ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدۇر.

1972-يىلى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى بەش نەپەر ئائىلە ئاياللىرى قۇرۇق قول ئارقىلىق بىر پايپاق توقۇش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاۋياڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى دەپ نام بەردى. ئۇلار تاشلىنىپ قالغان بىرنەچچە ئېغىز كونا ئۆينى رېمونت قىلىپ رەتلەپ ئىش ئۆيى قىلدى. چوڭ زاۋۇتلار كېرەكسىز ئۈسكۈنە قاتارىدا تاشلىۋەتكەن بىرنەچچە قول ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پايپاق توقۇش ماشىنىسىنى تېپىپ كېلىپ، جاپالىق ئىگىلىك تىكلەشنى باشلىدى. مەبلەغ، تېخنىكا كەمچىل بولغانلىقتىن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى مەھسۇلاتتا ھەتتا دەزماللاش ھۈنەر-سەنئىتىمۇ سىرتقى ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇلار بىر تال يىپ، بىر تال يىڭنىنىمۇ تېجەش روھىنى قوللىنىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابات ئېلىپ بېرىپ، باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئىش ھەققى ئالمىسىمۇ زاۋۇتنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى غەلىبىگە ئېرىشتى. 1974-يىلى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشياسى بولغان پاختا-يىپ دۆلەتنىڭ تەمىنلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1975-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى كۆپىيىپ 32 گە يەتتى، يىپ ئايرىش ۋە دەزماللاش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى. يىلىغا 150 مىڭ جۈپ

پايپاق توقۇپ، مەھسۇلات قىممىتىنى تۇنجى يىلدىكى 9000 يۈەندىن 80 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1979-يىلى ياغلىق توقۇش ماشىنىسى بىلەن ئىلمە توقۇمىچىلىق ماشىنىسىنى كۆپەيتتى. مەھسۇلات تۈرلىرى مىللىيچە ياغلىق ۋە تېۋىتلىك يۇڭدىن توقۇلغان پوپايكا، ئىشتانغا كېڭەيتىلدى. 1980-يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 460 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 40 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 12-ئايدا تيانشان رايونلۇق سانائەت-قاتناش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 54 كە كۆپەيدى. زاۋۇت ئەرداۋاندىن تيانشان پۇرژىنا زاۋۇتى ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى. ھەمدە پۇرژىنا زاۋۇتىنىڭ ئىش ئۆيلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇردى. 1981-يىلدىن باشلاپ يۇڭ-پوپايكا ئىشلەپچىقاردى. 1985-يىلى 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شور بۇلاق كوچىسىدىكى تيانشان رايونلۇق سۇلياۋ-خۇرۇم زاۋۇتى قورۇسى ئىچىگە 1400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىش بېجىرىش ئۇنىۋېرسال بىناسى سېلىپ، ئىلمە توقۇمىچىلىق ماشىنىسىنى 20 گە كۆپەيتتى. شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 4000 دانە يۇڭ پوپايكا ئېكسپورت قىلدى. 1986-يىلى 17 مىڭ دانە ئېكسپورت قىلىپ، 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق تاشقى پېرېۋوت ياراتتى. مەزكۇر زاۋۇت بازار ئېھتىياجىغا ۋە زاۋۇتىنىڭ ئەمەلىي تېخنىكا سەۋىيىسى ھەم ئىقتىدارىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئاممىغا باب كېلىدىغان تېۋىتلىك پوپايكا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتىدا باللار كىيىم-كېچەكلىرىنى ئاساس قىلدى. ھەرقايسى پوپايكا ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ زاۋۇتلاردىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، تولۇقلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا بازاردا ئورۇن ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك رەڭ-خىلدىكى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز لايىھەلەپ چىقتى. مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك يۇڭ پوپايكا لايىھەلەش سۈپىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «دالا لوگقىسى» مۇكاپات مۇسابىقىسىدا مۇنەۋۋەر لايىھەلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئانا-باللار مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسىدە ئوتتۇرا ياشلىقلار ياخشى كۆرىدىغان مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ۋە شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن نامىغا ئېرىشتى ھەمدە نەچچە يىل ئارقا-ئارقىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1987-يىلى مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 431 مىڭ 700 يۈەنگە، مۇقىم مۈلكى 577 مىڭ 700 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 120گە يەتتى. ئىشلەپچىقارغان يۇڭ پوپايكىسى شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا سېتىلىپلا قالماستىن، يەنە شەرقىي شىمال، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارغىچە سېتىلدى. مىللىيچە ياغلىق ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلات قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ۋە شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئەمگەك قوغدىنىشتا ئىشلىتىلىدىغان پاختىلىق پەلەي ئىشلەپچىقاردى. بۇ ئىككى زاۋۇتنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك بولۇپ، 1987-يىلى مەھسۇلات قىممىتى 234 مىڭ 100 يۈەن ئورۇندىدى.

## 7-پاراگراف يىپەكلىكلەر

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇا شەھىرىدىكى يىپچىنە-پىرەنىك كەسىپلىرى ئىچىدە «فۇچۇمنيۇك»، «جىيىشېڭ» ۋە مۇسۇلمانچە «جاڭزىخې» قاتارلىق يىپچىنە-پىرەنىك دۇكانلىرىنىڭ داڭقى بار ئىدى. ئاساسلىقى تۈرلۈك شەكىلدىكى جۇڭگوچە-غەربچە يىپچىنە-پىرەنىكلەرنى ئىشلەپچىقىراتتى. مەسىلەن:

«داباجيەن»، «شياۋباجيەن»، «ساۋزىگاۋ» (تورت)، كۆك پۇرچاق پىرەنىكى ۋە ھەر خىل كەمپۈت قاتارلىقلار. ھەر قېتىمقى ھېيت-بايرام كۈنلىرى يەنە مەخسۇس يۇەنشياۋ، زۇڭزى، يۇملاق پىرەنىك قاتارلىقلارنى ياساپ بازارنى تەمىنلەيتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) «يۇ شېڭخاۋ» دۇكىنى غەربچە پىرەنىك «باقالى» ۋە «لىبا» (سوۋېتچە بولكا) ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پەقەت «فۇچۇەنيۇك»، «جىيېشىڭ» ۋە «بىيچاڭخاۋ» قاتارلىق بىرنەچچە پېچىنە-پىرەنىك ياساش دۇكانلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، باشقىلىرى 1956-يىلىغا بارغاندا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىگە قاتناشتى.

1954-يىلى يۇڭجېن يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇسۇلمانچە پېچىنە-پىرەنىك، بولكا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1958-يىلى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يىلىغا 500 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. 1959-يىلى تۇدۇنخابا بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق سودا بۆلۈمى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. لېكىن تىجارىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن ئۇزۇن ئۆتمەي تاقالدى. 1984-يىلى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تيانشان ئىچىملىكلەر زاۋۇتىنى قۇردى. شامپان، ئاپلېسىن سۈيى، گازلىق سۇ قاتارلىق ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 42 گە كۆپەيدى. 1987-يىلى يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىزىلتاغ قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى قۇرۇپ، دۇفۇدىن ياسالغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. شۇ يىلى مەھسۇلات قىممىتى 210 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 50 كە يەتتى.

رايون ئىچىگە جايلاشقان يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدىن يەنە شەھەرگە قاراشلىق مۇسۇلمانچە پېچىنە-پىرەنىك ياساش 1-زاۋۇتى (شىخابا ئالدى كوچىسىدا)، نەنگۇەن جياڭيۇ-ئاچچىقسۇ زاۋۇتى (تىنچلىق يولىدا)، 7-ماي قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى (يۆجىنگەيدە)، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ كەسمە چۆپ زاۋۇتى (جەنۇبىي شىنخۇا يولىدا)، شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتى (يەنئەن يولىدا) ۋە مىللىيچە كەمپۈت زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. جەنۇبىي شىنخۇا يولىدىكى 61-قورۇغا جايلاشقان تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ يېمەكلىكلەر زاۋۇتى بولۇپ، ئەسلىدە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قارايتتى. 1985-يىلى زاۋۇتنىڭ يەتتە ئىشلەپچىقىرىش سېخى بولۇپ، مۇقىم مۈلكى 8 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئىشچى-خىزمەتچىسى 1084 ئىدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىشلەپچىقارغان كەمپۈت، پېچىنە-پىرەنىكلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا ۋە ئىچكىرى جايلارغا سېتىلىدۇ.

## 4-باب رايوندا تۇرۇشلۇق سانائەت كارخانىلىرى

تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى سانائەتنىڭ تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، يېنىك سانائەت بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. 1987-يىلدىكى رايوندا تۇرۇشلۇق ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى 166 بولۇپ، 42 ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا قارايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا 14، ھەممىسى ئومۇمىي خەلق مۈلكچىلىكىدىكى كارخانىلار بولۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ 23.80% نى ئىگىلەيدۇ.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدا تۈرۈشلۈق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى (قاراشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە تىزىلدى)

جەدۋەل 1-4-5

| قاراشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسى (10) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تاش پاراشوكى زاۋۇتى | شىمالىي ئىنتىپاق يولى 4-كوچا | ھاك، گىپس پاراشوكى، تاش-قۇم، تاش پاراشوكى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھاراق زاۋۇتى | يەنئەن يولىدا | ئاق ھاراق، ئۈجمىلىك، مېۋە ھارىقى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكترسۇۋازكا ماشىنىسى زاۋۇتى | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچا 31-قورۇ | ئېلېكتر سۇۋازكا ماشىنىسى ماشىنىسى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-قەغەز زاۋۇتى | بەخت يولى 54-قورۇ | تازىلىق قەغىزى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پالاس زاۋۇتى | مەدەنىيەت يولى 19-قورۇ | پالاس بويۇملار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قار-خۇر زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 186-قورۇ | جىنە-قاچا، دېس، سانائەت ساپال بويۇملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك چايدان زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 186-قورۇ | چايدان، كونسېرۋا قۇتىسى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆندىلىك بويۇملار خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 63-قورۇ | پېرىكمە يۇيۇش تورىسى، سوپۇن |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋېلسىپىت زاپچاسلىرى زاۋۇتى | ئىلگىرىلەش كوچىسىدا | تالسوس |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تونكا پالاس زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 165-قورۇ | سىر چېلەكى، چاي قۇتىسى، كەمپۈت قۇتىسى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماشىنىسازلىق ئېلېكتر سانائەت ئىدارىسى (5) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاپتوموبىل ياساش-ئۆزگەرتىش زاۋۇتى | ياشلار يولىدا | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، يۈك ئاپتوموبىلى، ئۆزگەرتىلگەن-قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل |
| | شىنجاڭ رادىئو 1-زاۋۇتى | غالىبىيەت يولى 2-قورۇ | رەڭسىز، رەڭلىك تېلېۋىزور |
| | شىنجاڭ بىرىم ئۆتكۈزگۈچ زاپچاسلار زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 49-قورۇ | كالىتسىي ئىككى قۇتۇپلۇق كاتالىزاتور، كالىتسىي قوياش ئېنېرگىيىلىك باتارېيە |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكترئۈسكۈنىلىرى ئۆلچەم زاۋۇتى ئەسۋابلىرى | ئىلگىرىلەش يولى 11-قورۇ | پار قازانى كونترول قىلىش توك ساندۇقى ئاپتوموبىل ئۆلچەش ئەسۋابى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پىرىسلاش ستانوك زاۋۇتى | شىخاڭ ئارقا كوچا 1-قورۇ | پارقازان چاڭ-توزان يوقىتىش سايمىنى، شاۋقۇن يوقىتىش سايمىنى، سۇ قايناتقۇچ پار قازىنى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائەت ئىدارىسى ئەمگەككە مۇلازىمەت شىركىتى (2) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىيولۇن پولات ھەرە زاۋۇتى | ياشلار يولىدا | پولاتنى ياسالغان قول ھەرىسى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پولات دېرىزە قوشۇمچە زاپچاسلىرى زاۋۇتى | ياشلار يولى 26-قورۇ | پولات دېرىزە |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى (1) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى كەسمە چۆپ زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 3-قورۇ | كەسمە چۆپ |

| قارىشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائەت شىركىتى (3) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دېتاللىرى زاۋۇتى | ساي يولى 58-قورۇ | سېمونت دېتاللار، تۈگمەن تېشى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | ساي يولىدا | قۇم-تاش |
| | ئۈرۈمچى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | شور بۇلاق جىلغىسى | يېلپاق تاش، كۆپتۈرۈلگەن مارجان قيا تېشى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-سودا ئىدارىسى(4) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 61-قورۇ | جۇڭگوچە-غەربچە پېچىنە-پىرەنىك، كەمپۈت، سوغۇق ئىچىملىكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى تەڭكۈن جىياڭيۇ-ئاچچىقسۇ زاۋۇتى | تەڭچىلىق يولى 104-قورۇ | جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يېمەكلىكلەر سانائەت شىركىتى مۇسۇلمانچە پېچىنە-پىرەنىك 1-زاۋۇتى | غەربىي خابا كوچىسى | پېچىنە-پىرەنىك، بولكا |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك داشىزى يېمەكلىكلەر دۇكىنى پېچىنە-پىرەنىك تۈرى بويىچە تەربىيىلەش بۆلۈمى | ئازادلىق يولى 36-قورۇ | تۈرلۈك پېچىنە-پىرەنىكلەر |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى (25) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىي بۇيۇملار زاۋۇتى | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى14-قورۇ | يۇملاق مىق، تۈز مىق، كىتاب مىقى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك لىشىن تىككۈچىلىك زاۋۇتى | ئازادلىق يولى 142-قورۇ | ماشىنىدا تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر، سوكنو كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق سۇلياۋ زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 62-قورۇ | دېۋرقاي، سۇلياۋ بۇيۇملىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | يېڭى ھايات كوچىسى 19-قورۇ | ماشىنىدا تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۈچقۇن ئېلېكتر سايمانلىرى زاۋۇتى | ئەرداۋاندا | كاۋچۇك يالغاچ ئېلېكتر سايمانلىرى، ئېلېكتر پىلاستىرلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئېلېكتر چىراغ، توك بىلەن ھەل بېرىش زاۋۇتى | يۇسىغالا 1-نومۇر | ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى چوڭ چىرىغى، تورمۇز چىرىغى قاتارلىقلار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-يېنىك قېلىپ سايمانلىرى زاۋۇتى | تەڭچىلىق يولى 51-قورۇ | كېسىش ئۈستىلىدىكى قوشۇمچە ئۈسكۈنىلىرى، قېلىپ سايمانلىرى، قويۇلما دېتاللار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۈنەر-سەنئەت زاۋۇتى | خەلق يولى 6-قورۇ | كەشتىلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، سۇلياۋدىن قېلىپتا ئىشلەنگەن بۇيۇملار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاپلاش-بېزەش رەڭلىك بېسىش زاۋۇتى | بەخت يولى 42-قورۇ | ماركا، قەغەز كوروپكا، ئالۇمىن بېسىملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى | مال بازىرى يولى 19-قورۇ | مىللىيچە چالغۇ ئەسۋابلىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان بەش خىل مېتال زاۋۇتى | شىمالىي شىنخۇا يولى 29-قورۇ | يالغاچ بۇرما مىق، سىم، قاڭالتىر مەھسۇلاتلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىيچە كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 7-قورۇ | ماشىنىدا تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر، مىللىيچە كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنخۇا كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | قىزىل بايراق يولى 18-قورۇ | ماشىنىدا تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاۋانگارت تېرە-خۇرۇم بۇيۇملىرى زاۋۇتى | غالىبىيەت يولى 100-قورۇ | بىيتا تىككەن ۋە خۇرۇم چاپلىغان ئاياغ، خۇرۇم ئۆتۈك |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى نۇر بىلىش كىيىم زاۋۇتى | ئازادلىق يولى 24-قورۇ | قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا، تېرە-خۇرۇمدىن تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەر |

| قارىشلىق تارمىقى | كارخانا ئىسمى | ئادرېسى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-يېنىك سانائەت ئىدارىسى (35) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك غالىبىيەت كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | سەگدې يولى 55-قورۇ | ئۆزلۈك كىيىم-كېچەكلەر، ئەمگەك مۇھاپىزەت بۇيۇملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاڭالتىر بۇيۇملىرى زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 96-قورۇ | سۇ چېلەكى، كىر يۇيۇش تەلەڭگىسى، كانايى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان خەي باش زاۋۇتى | ئوتتۇرا كوزۇرۇك 3-كوچا 63-قورۇ | خەي |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئۇنىۋېرسال قۇيمىچىلىق زاۋۇتى | يۈجىنكىي 321-قورۇ | ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەشتە بۇيۇملىرى زاۋۇتى | مال بازىرى يولى 19-قورۇ | مىللىيچە كەشتە بۇيۇملىرى، مىللىيچە دوپپا |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەينەك زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 94-قورۇ | تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك، ئەينەك رامكا، ئاپتوموبىل شامال توسۇش ئەينىكى |
| | شىنجاڭ قاشتېشى ھەيكەل-ئويمىچىلىق زاۋۇتى | خەلق يولى 64-قورۇ | قاشتېشى ئويما ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-كاۋچۇك زاۋۇتى | خەلق يولى 13-قورۇ | كاۋچۇكتىن ياسالغان بولاق يەتكۈزۈپ بېرىش تاسمىسى، ترانسپورت تاسمىسى، كاۋچۇك تۇرۇبا |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياغاچ سايمانلار زاۋۇتى | شىمالىي شىنخۇا يولى 85-قورۇ | ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، ئاشخانىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، ھەرە سايمانلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك شياڭگياڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | شور بۇلاق مەھەللىسى 65-قورۇ | سۇلياۋدىن ياسالغان بۇيۇملار، ئاياغ مېيى، شام |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك توقۇمىچىلىق سانائىتى شىركىتى (4) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان بوياش-توقۇش زاۋۇتى | 11 ئاغىلىك مەھەللىسىدە | پاختا رەخت، بويايقا، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يىپ |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتى | خەلق يولى 6-قورۇ | مىللىيچە ئۇسسۇل پايپىقى، ئەر-ئاياللارنىڭ يىپ پايپىقى، سوزۇلۇشچان پايپاق |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان رەخت توقۇش زاۋۇتى | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 100-قورۇ | ئەمگەك كىيىمى رەختى، تور، كاناپ |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق كاناپ زاۋۇتى | تىنچلىق يولى 12-قورۇ | ساپ پىلتىدىن ئىشلەنگەن كاناپ، چېدىر |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى (4) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | بەخت يولى 2-قورۇ | كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېنجىيەن تىككۈچىلىك زاۋۇتى | ياشلار يولى | كىيىم-كېچەكلەر |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى | شىمالىي بەخت يولى 7-قورۇ | پولات-ياغاچ ئۆي جاھازلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك رەڭلىك چىراغ زاۋۇتى | بەخت يولى 23-قورۇ | رەڭلىك چىراغلار |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەھبۇسلار شىركىتى (2) | شىنجاڭ جىيەنشىن تىككۈچىلىك زاۋۇتى | خەلق يولى 1-قورۇ | سارجا-سوكنو، يىپەك كىيىم-كېچەكلەر، قولاقچا |
| | شىنجاڭ تەجەشلىك كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | شىمالىي ئازادلىق يولى 315-قورۇ | باللار ۋە چوڭلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى سېمونت تاختا زاۋۇتى | ساي بويىدا | سېمونت تاختا دېتاللىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇ، توك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 66-قورۇ | مېتالدىن ياسالغان ئىشىك-دېرىزە، رېشاتكا، توك يەتكۈزۈش پولات مۇنارى ۋە زاپچاسلار |

| قاراشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىگۇ رايونى (2) | ئۈرۈمچى شىنشىگۇ رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ئالدىن تەييارلاش زاۋۇتى | ئۇلانبايدا | سېمونتتىن ئالدىن ياسالغان تاختا |
| | ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىگۇ رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى 2-ئەترەتنىڭ سېمونت تاختا زاۋۇتى | شور بۇلاق مەھەللىسىدە | ئىچى كاۋاك سېمونت تاختا، ئۇفۇر شەكىللىك سېمونت تاختا |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى (1) | ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى | قارلىغاچلىق يولى 20-قورۇ | سېمونت، رودا پاراشوكى |
| ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى (1) | ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتخانىسى باسما زاۋۇتى | خەلق يولى 6-قورۇ | كەچلىك گېزىتنى بېسىش |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى (15) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك زىيالىي ياشلار مىللىي باسما زاۋۇتى | يەنئەن يولىدا | باسما بۇيۇم مەھسۇلاتلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قەغەز نوكىس زاۋۇتى | قىزىلتاغ يولىدا | ياغاچ يىپ ئوراش نوكىشى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋېلىسىپىت زاپچاسلىرى زاۋۇتى زىيالىي ياشلار كوپېراتىپى | شور بۇلاقتا | ھەل بېرىش، قىزىنىپ سىرلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-يېنىك سانائەت ئىدارىسى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | شىمالىي ئىشتىپاق يولى 4-كوچا | ماي قەغەز، ئۆگزىگە ئىشلىتىلىدىغان قارا ماي |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | غالىبىيەت يولى 60-قورۇ | كەمپۈت، پېچىنە، پىرىنىك |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ياغاچچىلىق زاۋۇتى | بەخت يولى 38-قورۇ | دەرسلىك پارتا-ئورۇندۇقلار، ئۆي جاھازلىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرزا-بازار بىرلەشمە تىجارەت پولات دېرىزە زاۋۇتى | ئىشتىپاق يولىدا | پولات ئىشىك-دېرىزە |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ئاقارتىش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | يەنئەن يولى 4-تومۇر | 106 ئىچكى تامنى سىرلاش ماتېرىيالى، 107 بىناكارلىق-قۇرۇلۇش يېلىملىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك گورۇۋلۇق سۇۋاركىلاش ماشىنىسى زاۋۇتى | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچا 31-قورۇ | مېنىي ئوكسىگىن ئىسسىق ھاسىل قىلىش سايمىنى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېشىل چوققا باسما زاۋۇتى | خەلق يولى 36-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆلچەش سايمانلىرى زاۋۇتى | تىنچلىق يولى 2-كوچا 2-قورۇ | ياغاچ ساپلىق تارازا، تارازا |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭگوچە-ياۋروپاچە كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | ئىشتىپاق يولى 4-قورۇ | كىيىم-كېچەك تىكىش |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتى كالتسىي ماتېرىيالى زىيالىي ياشلار كوپېراتىپى | ئۆچىلىش | ھاك تاش |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك توشۇش-يۈكلەش شىركىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بالىلار كىيىملىرىگە گۈل چېكىش زاۋۇتى | لىخۇا كوچىسىدا | كەشتىلەنگەن بالىلار كىيىملىرى، كەشتىلەنگەن يوتقان قېپى، كارىۋات كىرلىكى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي-يەر مۈلۈك ئىدارىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى باسما زاۋۇتى | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 142-قورۇ | جەدۋەل دەپتەرلىرى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمىنات سودا كوپېراتىپى (1) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك قايتا ئىشلەنگەن كاۋچۇك زاۋۇتى | لىخۇا كوچىسى 38-قورۇ | قايتا كاۋچۇك ئىشلەپچىقىرىش |

| قاراشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئىشلىشلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى (4) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 73-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلقۇرۇشتىكى باسما زاۋۇتى | شىمالىي شىنخۇا يولى 109-قورۇ | ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئوقۇش قوراللىرى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلقۇرۇشتىكى زاۋۇت | خوتەن يولى 185-قورۇ | سۈلياۋ تۇڭجۈرگۈچ، سۈلياۋ سومكا خالتا |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلقۇرۇشتىكى زاۋۇت | ئىتتىپاق يولى 75-قورۇ | 180 ۋاتلىق شامال چىقىرىش ماشىنىسى، بولقا |
| ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى (6) | شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى 2-زاۋۇتى | ياشلار يولى 43-قورۇ | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئاپتوموبىل رېمونتى. ئالتە يولدا يۈك توشۇش ئاپتوموبىلى رېمونتى |
| | شىنجاڭ ترانسپورت 9-شىركىتى 5-ئەترەت زىيالىي ياشلار كوپېراتىپى | بەش يۈلتۈز يولى 15-قورۇ | ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 2-شىركىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | ياشلار يولى 43-قورۇ | پولات ئىشىك-دېرىزە، ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | شىنجاڭ ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل زاپچاسلىرى زاۋۇتى | ياشلار يولى 41-قورۇ | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى، بەش خىل مېتال قوراللىرى |
| | شىنجاڭ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش-سېتىش 2-زاۋۇتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى كارتون قەغەز زاۋۇتى | ياشلار يولى 43-قورۇ | كارتون |
| | شىنجاڭ ترانسپورت 9-شىركىتى چاپاق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | بەش يۈلتۈز يولى 15-قورۇ | كىيىم-كېچەك |
| ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى (2) | شىنجاڭ سۇچىلىق ماشىنىسازلىق زاۋۇتى | قارلىغاچلىق | سۇ ئىشلىرىدىكى ئېچىش-يېپىش ماشىنىسى، مۇنارسىز بېسىم كۆچى بېكى، سىم بولىدىكى تۆمۈر زاپچاس |
| | شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى جەنۇبىي بىنا-كارلىق-قۇرۇلۇش سېمونت زاۋۇتى | ئۇلانبايى | سېمونتتىن ياسالغان تاختا دېتاللار |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسى (1) | شىنجاڭ ئاشلىق-ماي يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | شىمالىي شىنخۇا يولى 84-قورۇ | پېچىنە-پىرەنىك، ئىچىملىك |
| ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى (6) | شىنجاڭ پارالىچلىق ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى | ئۇردۇۋان | خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر كارىۋات |
| | شىنجاڭ سۈنئىي پۇت-قول زاۋۇتى | ئۇردۇۋان | سۈنئىي پۇت-قول، شەكىل تۈزەش سايمىنى |
| | شىنجاڭ گازلىق بېتون زاۋۇتى | خۇگىيەنچى | گازلىق بېتون تاختا، باشقا گازلىق بۇيۇملار |
| | شىنجاڭ قۇرۇلۇش باش شىركىتى باسما زاۋۇتى | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى 4-قورۇ | بېسىش، تىزىش، تۈپلەش |
| | شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئىدارىسى ئورگان تۈزلەش زاۋۇتى | ياشلار يولى 17-قورۇ | ھەر تۈرلۈك مەشىق دەپتەرلىرى |
| | شىنجاڭ 3-قۇرۇلۇش مۇلازىمەت شىركىتى يېشىل جوڭخا قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | خۇگىيەنچى | دۇڭفۇ يېمەكلىكلىرى، خۇاساڭ |

| قاراشلىق ئارمىقى | كارخانا ئىسمى | ئادرېسى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى (11) | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى شەرق شامىلى بېتون دېتاللىرى زاۋۇتى | ئۈلانباي يولى | سېمونتتىن ئالدىن تەييارلانغان دېتاللار |
| | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 3-شىركىتى شەرق شامىلى ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى | بەش ئۆلتۈز يولى 17-قورۇ | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | شىنجاڭ قۇرۇلۇش، سۇغىرىش گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى | بەش ئۆلتۈز يولى 19-قورۇ | بۇرغىلاش ماشىنىسىنىڭ 12 سۈڭگۈلۈك تورۇبىسى، ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | شىنجاڭ قۇرۇلۇش-سۇغىرىش گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى پولات دېرىزە زاۋۇتى | بەش ئۆلتۈز يولى 19-قورۇ | پولات ئىشىك-دېرىزە |
| | شىنجاڭ قۇرۇلۇش-سۇغىرىش گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى ئەلمىيە توقۇلما زاۋۇتى | قىزىلتاغ يولى 132-قورۇ | پاختا يىپ پەلەي |
| | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 3-شىركىتى قۇم-شېغىل مەيدانى | ئۈلانباي | بىناكارلىق-قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم شېغىللار |
| | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتى سېمونتتىن يېسالغان ئارىلاشما تاختا زاۋۇتى | سايى يولىدا | سېمونت تاختا دېتاللىرى، تۈگمەن تېشى |
| ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى (3) | شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولىدا | پىۋا |
| | شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | تۇز كۆل | تەبىئىي تۇز، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز، كالىتوپېر تۇزى |
| | شىنجاڭ قاپلاش-بېزەش باسما زاۋۇتى | شور بۇلاق كوچىسى قوشۇمچە 69-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى، يېپىشقاق كاۋچۇك |
| ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتى (2) | شىنجاڭ كۆمۈر كان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | شور بۇلاق | پارتلىتىش دورىسى، كاپسول |
| | شىنجاڭ كۆمۈر كان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى زىيالىي ياشلار سۇلياۋ مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى | شور بۇلاق | سۇلياۋ خالتا |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى ئىدارىسى (3) | شىنجاڭ خۇاڭيەنجى ئېلېكتر ئىستانسىسى | خۇاڭيەنجى | توك چىقىرىش |
| | شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 6-قورۇ | كۆپتۈرۈلگەن ۋېرمىكۇلىت ۋە مەرۋايىت تاش مەھسۇلاتلىرى |
| | شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە لايىھىلەش يۇرتى زىيالىي ياشلار ئەمگەك مۇلازىمەت كوپېراتىپى | دۆلەت قۇرۇش يولى 42-قورۇ | جەدۋەل، ئىش قەغىزى، كونۋېرت، ئالاقە قەغىزى، ماتېرىيال خالتىسى |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكترون ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسى (1) | شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 84-قورۇ | ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش |
| ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم (1) | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى باسما زاۋۇتى | ساقلاملىق يولى 2-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى |

| قاراشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى (1) | ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى زىيالىي يېشىلار باسما زاۋۇتى | شەرق شامىلى يولى 49-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى |
| بىڭتۇەن ئۈرۈمچى يۇڭ يەر يۇڭلاشتۇرۇش ئىدارىسى (1) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 104-تۇەن مەيدانى 1-ئىنۇفوست جىياگيۇ زاۋۇتى | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2-كوچا 55-قورۇ | دانور مىي، جىياگيۇ، ئاچچىقسۇ |
| بىڭتۇەن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-دىۋىزىيىسى (3) | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-دىۋىزىيە 4-تۇەن سېمونت زاۋۇتى | سەنداۋلەن | سېمونت، قۇيىمچىلىق دېتاللىرى |
| | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-دىۋىزىيە 5-تۇەن 2-شۆبە شىركىتى سېمونت ئالغا زاۋۇتى | خۇگيەنچى | سېمونت ئارىلاش بۇيۇملار، دېتاللار |
| | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-دىۋىزىيە 7-تۇەن ماشىنىسازلىق ترانسپورت شىركىتى ئۇنىۋېرسال سېخى | خۇگيەنچى | ئاپتوموبىل رېمونتى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى رېمونتى |
| شىنجاڭ غەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى (4) | جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7009-زاۋۇتى | شور بۇلاق مەھەللىسى 77-قورۇ | شىرە-ئورۇندۇق |
| | شىنجاڭ غەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | دۆلەت قورۇش يولى 105-قورۇ | ھەربىي كىيىم-كېچەكلەر |
| | جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7438-زاۋۇتى | بەش يۇلتۇز يولى 23-قورۇ | سۇلياۋ لايلىس، چارۋا مەيدانىغا ئىشلىتىلىدىغان رەشاتكا، ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7220-زاۋۇتى | غەربىي ئارقا كوچا 25-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى |
| ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى (1) | شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش، قاچىلاش زاۋۇتى | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 2-قورۇ | كارتون ساندۇق |
| ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات سودا كوپېراتىپى (1) | شىنجاڭ يەرلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرى شىركىتى يېشىلار ئىشلەش زاۋۇتى | شەرقىي يېڭى دېموكراتىيە يولى 65-قورۇ | شېكەرلەنگەن مېۋە، تېنتەقۇ |
| شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (7) | بىڭتۇەن سودا ئىدارىسى يەلىرنى كۆتۈرۈش كىيىم-كېچەك زاۋۇتى | غەربىي ئارقا كوچا | كىيىم-كېچەك |
| | بىڭتۇەن ئورگان باسما زاۋۇتى | شەرق شامىلى يولى 70-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى، گېزىت |
| | بىڭتۇەن قۇرۇش-قۇراشتۇرۇش 3-شىركىتى پولات دېرىزە زاۋۇتى | ياشلار يولى 28-قورۇ | پولات دېرىزە، ئىشىك |
| | بىڭتۇەن ئاپتوموبىل ترانسپورت زاپچاسلىرى بۆلىكى 7-مايى يېشىلار ئىشلەش زاۋۇتى | ياشلار يولى 39-قورۇ | ئاپتوموبىل ئېرزىنت يانفۇچ، ئىسسىقلىق ساقلاش قېپى |
| | بىڭتۇەن ئاپتوموبىل ترانسپورت باشقا بۆلىكى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ئىچىملىكلەر زاۋۇتى | غەربىي ئارقا كوچا 19-قورۇ | مېۋە ھارىقى، مېۋە شەربىتى تېمىدىكى گاز سۈيى |
| | بىڭتۇەن ترانسپورت 1-شىركىتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى باسما زاۋۇتى | غەربىي ئارقا كوچا | باسما بۇيۇملار |
| | بىڭتۇەن 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى | ئىلگىرىلەش كوچىسى 15-قورۇ | ئەينەكلىك ئۈسكۈنىلەر |

| قارشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
|---|---|---|---|
| خىمىيە سانائەتچىلىك شىركىتى (12) | شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى | ئۇلانباي | بىرىكمە ئالمىلاش، ئۈرېيە، ئاممونىي نىترات |
| | شىنجاڭ تيانشان سۈلياۋ زاۋۇتى | ئۇلانباي | سۈلياۋ بويۇق، تۇرۇبا ماتېرىياللىرى، سۈنئىي خۇرۇم |
| | شىنجاڭ تيانشان پار قازان زاۋۇتى | ئۇلانباي | سانائەت پار قازىنى، ئىس-تۈتەك، چاڭ-توزان چىقارغۇچ |
| | شىنجاڭ كاۋچۇك 2-زاۋۇتى | يېشلار يولى 24-قورۇ | ئىچ-تاش كامېر، تاسما |
| | شىنجاڭ كاۋچۇك 2-زاۋۇتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | يېشلار يولى 24-قورۇ | كاۋچۇك تۇرۇبا، ھەم ئېتىش بۇيۇملىرى |
| | ئۈرۈمچى ئانوركانىك تۇز خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | ئۇلانباي | سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان ناترىي نىترات، يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئاممونىي خلورىت |
| | شىنجاڭ تيانشان سۈلياۋ زاۋۇتى زىيالىي ياشلار كوپېراتىپى | ئۇلانباي | پولى ئېتىلىن تۇرۇبا ماتېرىيالى |
| | شىنجاڭ پار قازان زاۋۇتى قوشۇمچە زاپچاسلار زاۋۇتى | ئۇلانباي | كۆمۈر قىزىش ماشىنىسى، ئېلېكتر سايمانلىرىنى كونتىرول قىلىش سۇپىسى، ناترىي ئىئونىنى ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىسى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇلانباي 7-ماي قۇيۇمچىلىق بۇيۇملىرى زاۋۇتى | ئۇلانباي | پار قازان قۇيمىچىلىق زاپچاسلىرى |
| | شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش-قۇراشتۇرۇش شىركىتى 1-ئەترەت خىش زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 7-قورۇ | چاپلاشتاق خىش |
| | ئۈرۈمچى ئۇلانباي يېزا ئىگىلىك، سانائەت-سودا بىرلەشمە شىركىتى ئىچىملىك زاۋۇتى | ئۇلانباي | مېۋە ھارقى، مېۋە شەربىتى تېپىدىكى گاز سۈيى |
| | ئۈرۈمچى ئۇلانباي يېزا ئىگىلىك، سانائەت-سودا بىرلەشمە شىركىتى پىششىقلاپ ئىشلەش مەيدانى | ئۇلانباي | ئاككۇمۇلياتور كىسلاتاسى |
| ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ئىدارىسى (3) | ئۈرۈمچى شەھەرلىك نەسىللىك كالا فېرمىسى يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | قارلغانلىق | پېچىنە-پىرەنىك، كامپوت، چوكا مۇز |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك نەسىللىك كالا فېرمىسى ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى | قارلغانلىق | رېشاتكا، ئاپتوموبىل رېمونتى |
| | ئۈرۈمچى شەھەرلىك نەسىللىك كالا فېرمىسى سېمونت تاختا زاۋۇتى | قارلغانلىق | ئىچى كاۋاك سېمونت تاختا |
| ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى (2) | ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى ئۇلانباي تاش بېخش قۇرۇلۇش ئەترىتى | ئۇلانباي | يول تېشى، ياپىلاق تاش |
| | ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ئۇلانباي تاش بېخش زاۋۇتى | ئۇلانباي | يول تېشى، ياپىلاق تاش |

| قاراشلىق تارماق | كارخانا ئىسمى | ئادرېس | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى |
| --- | --- | --- | --- |
| ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى (4) | شىنجاڭ شىنخۇا 3-باسما زاۋۇتى | قۇرۇلۇش يولى 2-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | شىنجاڭ شىنخۇا 3-باسما زاۋۇتى ياشلار باسما زاۋۇتى | قۇرۇلۇش يولى 2-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | شىنجاڭ بېيجاڭ جاڭجىلىس تىياتىر ئۆمىكى زىيالىي ياشلار باسما زاۋۇتى | ئىتتىپاق يولى 79-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | شىنجاڭ كۆنتۆيخانىسى باسما زاۋۇتى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى (4) | شىنجاڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى | نۇرلۇق يولى 16-قورۇ | باشقا كىنو ماشىنىلىرى، ئوقۇتۇش قوراللىرى |
| | شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي باشقارمىسى باسما زاۋۇتى | غالىبىيەت يولى 12-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى زىيالىي ياشلار باسما زاۋۇتى | غالىبىيەت يولى 69-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| | ئۈرۈمچى 1-ئاپتونوست ئوتتۇرا مەكتەپ سوئال چىقىرىش مۇلازىمەت مەركىزى | ياشلار يولى 13-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۆڭتىڭى (1) | شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۆڭتىڭى باسما زاۋۇتى | تىنچلىق يولى 34-قورۇ | باسما بۇيۇملار |
| ئاپتونوم رايونلۇق ياش ئىنجىلار ئۇيۇشمىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ياش ئىنجىلار ئۇيۇشمىسى زىيالىي ياشلار باسما كوپىراتىپى | شەرق شامىلى يولى 8-قورۇ | باسما بۇيۇملىرى، سوۋغىلىق قىستۇرما بۇيۇملار |
| ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى | شىنجاڭ زىيالىي ياشلار مالىيە سودا باسما زاۋۇتى | تىنچلىق يولىدا | كىتاب-ژۇرنال، جەدۋەل |

## 1985- يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى شەھەردىن يۇقىرى ئورۇنلارغا قاراشلىق چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات

جەدۋەل 5-4-2

| كارخانا ئىسمى | ئىگىلىك تىپى | كارخانا كۆلىمى | كەسپى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا (10 مىڭ يۈەن) | مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا، باج ئومۇمىي سوممىسى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | قاراشلىق تارماق |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ ياساش زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | ئالاھىدە ماشىنا ياساش ۋە ئاپتوموبىللارنى ئۆزگەرتىپ ياساش | ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، يوڭ ئاپتوموبىلى، ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئاپتوموبىل | 2143.3 | 2371.7 | 456.2 | 2468 | شەھەرلىك ماشىنسازلىق ئېلېكترون سانائىتى ئىدارىسى |

| كارخانا ئىسمى | ئىگىلىك تىپى | كارخانا كۆلىمى | كەسپى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا (10 مىڭ يۈەن) | مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا، باج ئومۇمىي سوممىسى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | قاراشلىق تارمىقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ رادىئو 1-زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | تېلېۋىزور ياساش | 14 دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزور 20.18 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور | 3011.1 | 885.1 | 365.1 | 801 | شەھەرلىك ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى ئىدارىسى |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | پېچىنە-پىرەنىك ياساش | غەربچە، جۇڭگوچە پىرەنىك، كەمپۈت، سوغۇق ئىچىملىك | 1470.5 | 805.9 | 232.4 | 1084 | شەھەرلىك 2-سودا ئىدارىسى |
| شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى 2-زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | ئاپتوموبىل رېمونتى | ئاپتوموبىل رېمونتى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، تاشيول ترانسپورتى، يۈك ئاپتوموبىلى | 1825.4 | 1639.5 | 274.8 | 1831 | ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى |
| شىنجاڭ گاز قوشۇلغان سېمونت زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | يەڭگىل بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ياساش | سېمونت تاختا، بلوك، سېمونتتىن ياسالغان بۇيۇملار | 208.1 | 1048.2 | 47.5 | 284 | ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى |
| شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | پىۋا ئىشلەپچىقىرىش | پىۋا | 341 | 1206.9 | 278.4 | 353 | ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى |
| شىنجاڭ تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | كۆل تۇزى ئىشلەپچىقىرىش | تەبئىي تۇز، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇز، سۇسىز ناترىي سۇلفات | 2711.8 | 1370.2 | 933.2 | 1635 | ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى |
| شىنجاڭ كۆمۈر-كان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | پارتلىتىش دورىسى ۋە ئوت تۇتاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ياساش | پارتلىتىش دورىسى، كاپسول | 1264.1 | 1033.9 | 225 | 1024 | ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈر سانائىتى نازارىتى (2) |
| شىنجاڭ جۇڭگىيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئومۇمىي خەلق | چوڭ تىپتىكى | ئوت كۈچى بىلەن توك چىقىرىش | توك چىقىرىش | 9580.5 | 20880.8 | | 1901 | ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى ئىدارىسى |

| كارخانا ئىسمى | ئىگىلىك تىپى | كارخانا كۆلىمى | كەسپى | ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا (10 مىڭ يۈەن) | مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا، باج ئومۇمىي سوممىسى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | قاراشلىق تارماق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 7438-زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | ئاپتوموبىل رېمونتى | ئاپتوموبىل رېمونتى، سۇلياۋ لاپلىس، چارۋا مەيدان رىشاتكىسى | 579.5 | 1164.1 | 30.4 | 774 | ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسى |
| شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | ئازوتلۇق ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش | بىرىكمە ئاممىياك، ئۇرېيە، ئاممونىي نىترات | 2397 | 11888.8 | 142.6 | 3208 | ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى |
| شىنجاڭ تيانشان سۇلياۋ زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | سۇلياۋ بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش | سۇلياۋ بۇيۇم، سۇلياۋ ئورۇغا ماتېرىياللىرى، سۈنئىي خۇرۇم | 1012.3 | 616.1 | 105 | 562 | ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى |
| شىنجاڭ پار قازان زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | پار قازان ياساش | سانائەت پار قازىنى، ئىس-تۈتەك چاڭ-توزان چىقىرىپ تاشلاش ئۈسكۈنىسى | 1041.2 | 1167.7 | 319.8 | 784 | ئاپتونوم رايونلۇق خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى |
| شەھەرلىك كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان خىمىيە سانائىتى | ئومۇمىي خەلق | ئوتتۇرا تىپتىكى | بىرىكمە يۇيۇش دورىسى ياساش | بىرىكمە يۇيۇش دورىسى، سوپۇن، گلىتسېرىن | 1516.1 | 512.1 | 223.2 | 472 | شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسى |

# 5-باب رايون، مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى

1966-يىلىنىڭ بېشىدا، رايونغا قاراشلىق زاۋۇت ۋە نوقتىلىق مەھەللە زاۋۇتلاردا مۇستەقىل ھېسابات يولغا قويۇلۇپ، مۇستەقىل كارخانا قانۇنىي ۋەكالەتچىسى خاراكتېرىدە باشقۇرۇلدى. ئادەتتە كۆلىمى كىچىكرەك مەھەللە زاۋۇت، گۇرۇپپىلارنى مەھەللىلەردىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بىر تۇتاش ھېسابات قىلىپ باشقۇردى. رايون-مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىدى.

كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار پىلان بويىچە كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى

چۈشۈرمىتى. ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش، پايدا، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ
مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. 1978-يىل-
دىن بۇرۇن پەقەت مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچىگىلا تەكشۈرۈپ باھالاش، ساناتىستىكا قىلىش ۋە
خۇلاسىلاپ يۇقىرىغا يوللاش ئېلىپ بېرىلاتتى. كارخانا پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتلارغا كېرەكلىك
خام ئەشيالارنى ماددىي ئەشيا تارماقلىرى پىلان بويىچە تەمىنلەپ بېرەتتى (ئاز مىقداردا چوڭ زاۋۇتلاردىكى
ئۇشۇقچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىناتتى). مەھسۇلاتلار مۇناسىۋەتلىك كەسپىي شىركەتلەرنىڭ ھۆددىگە
ئېلىپ سېتىشىغا تاپشۇرۇلاتتى. ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ،
كارخانىلار پەقەت پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ۋە مال زاكاز قىلىدىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىدى. 1978-يىل-
دىن كېيىن رايون-مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ،
كۆپ قىسىم كارخانىلار بازارغا يۈزلىنىشكە ۋە بازىرى ئىتتىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىچىشقا مەجبۇر بولدى.
ئىككى-ئۈچ يىللىق جاپالىق ماسلىشىش ئارقىلىق كۆپ ساندىكى كارخانىلار بىر خىل ئاساسلىق مەھسۇلات
ياكى كۆپ خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ بازاردىن ئۆزىگە چۈشلۇق ئورۇن ئىگىلەپ، مەۋجۇتلۇقنى
ساقلاپ ۋە تەرەققىياتنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلات ئىگىلىكىدىن پىلان يېتەكچىلىكىدىكى تاۋار ئىگىلىكىگە
ئۆتۈشكە ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشتى. رايون-مەھەللە كارخانىلىرى ئىچىدە، ئېلېكتر ۋە ماشىنا پىششىق-
لاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر چوڭ بولغاچقا، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا
ئېلېكتر-ماشىنا بازىرى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، 1980-، 1981-يىللىرى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۇدا
ئىككى يىل تۆۋەنلەپ كەتتى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قىيىنلىشىپ، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر
بولدى. يېڭى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كەسىپ تەڭشەش
ئېلىپ بېرىپ، ئۆزۈن مەزگىل «پولات-تۆمۈر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان» كارخانىلاردىن خەلق
تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان «يېيىش، كىيىش، ئىشلىتىش» مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگىرىش-
نى تەلەپ قىلدى. تەدبىر قوللىنىپ توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت ۋە باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشتا
ئىشلىتىدىغان مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپلىرىنى يۆلىدى. چاۋپاك ئىلمە توقۇمىچىلىق
زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، 1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە مەھسۇلات قىممىتى
ئون ھەسسە ئېشىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. رايونلۇق پۇرژىنا زاۋۇتى بازارنى توغرا
مۆلچەرلەپ، خەلق تۇرمۇشىدا قوللىنىلىدىغان كىرېسلو پۇرژىنىسىنى زور تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىپ، قىيىن
ئۆتكەلدىن بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە قىزىل بايراق ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ كارخانا
رەھبەرلىكىنىڭ باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، تەڭشەش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشتا بىرقانچە يىل
زىيان تارتىپ تاقىلىپ قېلىش گىردابىدا جان تالاشتى.

1982-يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەھسۇلات
ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كونا قېلىپىتىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق ۋە «چوڭ قازان تامىقى»نى يېيىشتەك
ئاجىزلىقنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، تيانشان رايونى پۈتۈن شەھەر بويىچە رايون-مەھەللە كارخانىلىرىدا
باشلامچى بولۇپ نىشانلىق باشقۇرۇش ۋە ھۆددىگەرلىك تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.
مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدا ۋە ۋەزىپە
مۇددىتى ئىچىدىكى (ئادەتتە ئۈچ يىل) تۈرلۈك نىشان ۋە تەقسىملەش مۇكاپات چارىسىنى بەلگىلەپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئۈنۈملۈك
قوزغىتىلىپ، پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا بىرنەچچە يىل سىجىل ئېشىش ۋەزىيىتى
ساقلاپ قېلىندى. 1985-يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 275 مىڭ 300 يۈەن ئورۇندىلىپ،

1984-يىلدىكىدىن 39.89% ئېشىپ، 1982-يىلدىكىنى ئازغىنە كەم بىر قاتلاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھۆددىگەرلىك تىجارەت مەسئۇلىيەتنامە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1985-يىلدىكى ئىككىنچى قارارلىق ھۆددىگە بېرىشتىن باشلاپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى زاۋۇت باشلىقى (ھۆددىگە ئالغۇچى) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ نازارەتچىلىك كاپالەتلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، زور ئىشلاردا بىر ئادەمنىڭ دېگىنى راست بولۇش خاھىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىلدى ياكى ئازايتىلدى. بۆلۈپ تۆگىتىش، يەپ تۆگىتىشتەك قىسقا مۇددەتتىلا ئويلايدىغان قىلمىشنى تۆگىتىش ئۈچۈن، ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىغا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق يېڭى ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچى كىرگۈزۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى زاپاس كۈچىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كېڭەيتىشكە ئىلھام بېرىلدى. تىجارەتچىنىڭ ئۈستىدە مەسئۇلىيەت بولغاچقا، ئىلگىرىكى يۈزەكى تىجارەت قىلىش ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنچىكە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى. پۇرژىنا زاۋۇتى ئۈنۈم خاراكتېرىدىكى ئىش-ھەققى تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش-ھەققىنى كارخانىنىڭ شۇ ئايدىكى پايدا كۆرسەتكۈچى بىلەن زىچ باغلاپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كارخانىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى. 1987-يىلغا بارغاندا رايونغا قاراشلىق ئون كارخانا زاۋۇت ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەھەللە باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتلاردا ھۆددىگە بېرىپ تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا يەنە رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتىدا ئىجارىگە بېرىش شەكلىدىكى تىجارەت سىناق قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشكە تەييارلىق كۆرۈلدى.

رايون-مەھەللە كارخانىلىرىدا مەبلەغ، تېخنىكا كەمچىل بولۇشتەك ئاجىزلىقمۇ ۋە تىجارەتنى جانلىق بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكمۇ مەۋجۇت. كۈندىن-كۈنگە كەسكىن بولۇۋاتقان بازار رىقابىتى ئاستىدا ئاساسلىقى يوچۇقلارنى تېپىپ تولۇقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق چىقىش يولى تاپقىلى بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ تىجارەت بىلەن سېتىشى ئاساسلىقى سودا تارماقلىرى بىلەن مال زاكاز قىلىش توختىمى تۈزۈش ۋە ئۆزلىرى سېتىشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان تيانشان ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق تېرە زاۋۇتى، پۇرژىنا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار يەنە سىرتتا توپ سېتىش بىلەن پارچە سېتىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان سېتىش دۇكانلىرى ياكى سىرتلاردا ۋەكالەتەن سېتىش نۇقتىلىرىنى قۇردى. ئېلېكتر ماشىنا كەسپلىرىدە ئاساسلىقى باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىش، ئاساسلىق ماشىنا زاۋۇتلىرىنىڭ مال زاكاز قىلىشىغا تايىنىش ئارقىلىق مەھسۇلات مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىندى. كەم قىسمى پارچە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى سېتىش ئارقىلىق تولۇقلاندى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوبوروتنى تېزلىتىش، مالنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن كۆپ ساندىكى كارخانىلاردا سېتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەزى كارخانىلار سېتىش سوممىسى ئىچىدىن قىيىنلىق دەرىجىسى بويىچە مەلۇم نىسبەتتە سېتىش تەننەرخى ئاجراتتى. ساتقۇچى شەخسلەرنىڭ پايدا كىرىممۇ ئۇنىڭ ئىچىدە بولدى. بۇ «چوڭ جەھەتتىن ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش» تۈزۈمى دەپ ئاتالدى. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، كارخانىلار يەنە پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سېتىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلەپچىقىرىشتا نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇل-

دى. بەزى كارخانىلار ئىش ھەققى ۋە ئۇيراش ھېساباتىنى سېخ، بەن-گۇرۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. خىزمەت خاراكتېرىگە ئاساسەن كۆپ خىل ئىش ھەققى شەكلىنى قوللاندى. غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ۋاقىتقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش؛ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچىلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىش ۋە نورمىدىن ئاشۇرغانلارغا مۇكاپات بېرىش؛ چوڭ مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغانلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان پايدىسىنى ئايرىش ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەسلىدىكى تېخنىكا دەرىجىسى ۋە ئىش ھەققى دەرىجە پەرقى ئارخىپ شەكلى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىندى. ئەگەر ئومۇمىيۈزلۈك دەرىجە ئۆستۈرۈش پۇرسىتى كەلسە، قائىدە بويىچە بېجىرىپ بەردى. مۇكاپات سوممىسىنى ئايلىق مۇكاپات ۋە يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپات دەپ ئىككى خىلغا بۆلدى. ئايلىق مۇكاپات مۇقىم بېكىتىلگەن نورما دەرىجىسىدىكى ئىشقا چىقىش مۇكاپاتى بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇنداش مۇكاپاتىدىن تەركىب تاپقان. يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپاتتا كارخانىنىڭ ئۈنۈم ئەھۋالىغا قاراپ، تۆت پىرىم ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك بويىچە ھېسابلاپ تەكشۈرۈپ باھالاش، دەرىجىگە ئايرىش ئارقىلىق تارقىتىلدى.

1980-يىلدىن بۇيان، كارخانىلار مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، يۇرۇشلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىمكانقەدەر بىر قېتىمدىلا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىش مۇددىتىنى قىسقارتتى. ئوقتىلىق مەھسۇلاتلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇپ، يەڭگۈشلەش، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ «بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلار» ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈردى. 1985-يىلى شىنخۇا تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئوكسىدلانغان كاۋ-چۇك پاستىسى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئەلا مەھسۇلات) ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە پەن-تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. رايونلۇق پۇرژىنا زاۋۇتى مەبلەغ ئاجرىتىپ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلات تۈرلىرى دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نېفىت سانائىتىگە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان چوڭ پۇرژىنا ئىشلەپچىقاردى.

# 6-بۆلۈم

# بىناكارلىق-قۇرۇلۇش

## ئومۇمىي بايان

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) بۈگۈنكى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى تەنگۈەندە قەلئە قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئاساس بولۇپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا دىخۇا ئىزچىل تۈردە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. تا بۈگۈنگە قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىك ئورگىنى يەنىلا رايون تەۋەسى ئىچىدە بولۇپ، رايون ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، رايون ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان مەسچىت، بۇتخانا، ئوردا ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تۇسىنى ئالغان بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ۋە ئىسلام ئالاھىدىلىكى سىڭگەن، قۇرۇلۇشلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، جايلىشىشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. تارىختىن قالغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلاردىن قارىغاندا، مەيلى خىش بىلەن ياغاچتىن نەقىش چىقىرىپ سالغان ياكى تاشتىن سالغان بولسۇن، مەيلى لايىھىلەش-ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قۇرۇلمىسىدىن بولسۇن، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارغا ئەقىل-پاراسەتلىك قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكىسى سىڭگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغا قەدەر، دىخۇادا بىرمۇ مۇنتىزىملاشقان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى بولۇپ باققان ئەمەس. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنى خەلق ئارىسىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىزچىل تۈردە ئىشلەپ كەلگەن. ئەگەردە قۇرۇلۇش بولسا، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچى خوجايىن خەلق ئارىسىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنى ياللاپ ئەكېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ باراتتى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن تارقىلىپ كېتەتتى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ مۇقىم كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. بىخەتەرلىكمۇ كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ھۈنەر-سەنئىتى ۋە مول تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، قۇرۇلۇش قوراللىرى ئاددىي، ترانسپورت قالاق، سۇ مەنبەسى كەمچىل شارائىت ئاستىدا ئۆز جايلىرىدىن ماتېرىيال تېپىپ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ چېكرا شەھەرگە نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى سېلىنىپ تاكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن مەسچىتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ نوغاي مەسچىتى، ئاق مەسچىت، كۆنچى مەھەللىسى مەسچىتى ۋە خۇيزۇلار-

نىڭ شەنشى چوڭ مەسچىتى، چىڭخەي مەسچىتى، كېڭگېر مەسچىتى قاتارلىقلار بار. ئالدىنقىلىرىغا قويۇق مىللىي تۈس ۋە ئىسلام ئالاھىدىلىكى سىڭدۈرۈلگەن. كېيىنكىلىرىگە دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى خان ئوردىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى كۆپ خىل شەكىللىرى سىڭدۈرۈلگەن. خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇتخانا، تاۋاپ-ئىبادەت ئۆيلىرى بولۇپ، ئاساسلىقى شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا سېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى جياچىڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى (1797-يىلى) سېلىنىشقا باشلانغان قىزىلتاغ بۇتخانىلىرى، بۇددا دىنىدىكى قۇرۇلۇشقا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاغ چوققىسىدىكى يۇخۇا راۋىقىدىن تاغ قاپتىلىدىكى دىساڭ بۇتخانىسى، شەھەر ئىچىدىكى چېڭخۇاڭ بۇتخانىسى، دىڭشياڭ پادىشاھى بۇتخانىسى قاتارلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچىدىكى قەدىمكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇرۇش ئوتلىرى ۋە ئادەم ئامىلى سەۋەبىدىن كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ مۇكەممەل قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشتىن پەقەت چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنەتىنىڭ 53-يىلى (1788-يىلى) سېلىنغان توققۇز پەلەمپەيلىك قىزىلتاغ مۇنارى بىلەن چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى سېلىنغان ھازىرقى ئالغا يولىدىكى كۇڭزى بۇتخانىسى بار. قىسمەن ساقلىنىپ قالغان پارچىلىرىدىن ھازىرقى مالىيە نازارىتىنىڭ قورۇسى ئىچىدىكى چىڭفەن راۋىقى يامۇل زالى بار.

يېقىنقى زامان بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىدىن بۇرۇنقى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆسى) ئىچىدىكى خىش بىلەن ياغاچتىن سېلىنغان ئادەتتە «قىزىل بىنا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك قىزىل ئوقۇتۇش بىناسى،ۋە بۇرۇنقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چېگرا مۇداپىئە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ غەرب، شەرق تەرىپىدىكى كېسەك بىلەن ياغاچتىن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك ئىككى ئىش بېجىرىش بىناسى يەنە كېسەك،ياغاچ ۋە سېمونت بىلەن سېلىنغان مىڭدې يولىدىكى بانكا چوڭ بىناسى بار.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى رايون ئىچىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىر قەۋەتلىك ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكمۇ ئۆزىگە خاس ئىدى. ئەنلىياڭ (غالىبىيەت يولى) ئەتراپىغا رۇس مىللىتى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ھەم چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پۇقرالار ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشى كۆپ قىسمى غەربىي ياۋروپا بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا بولۇپ، ئۆينىڭ ئۈستىگە قاڭالتىر ياتقۇزۇلغان، ئىشىك-دېرىزىلىرى ياغاچتىن ياسىلىپ ئەينەك سېلىنغان، تورۇسى پەنەركىلىك، ئاستىغا پول ياتقۇزۇلغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ-ئۆي بىنالىرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پېشايۋان چىقىرىلغان، پېشايۋاندا تۈۋرۈك ۋە سۇپا بولۇپ، دېرىزە-پەشتاقلىرى بىرقەدەر پاكار، ئۆت تامنىڭ كۆپ قىسمى يېشىل رەڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ھاك بىلەن ئاقارتىلغان. مەنچېڭ قەلئەسى (بۈگۈنكى دۆلەت قورۇش يولى) ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلارنىڭ كۆپ قىسمى خۇنەنلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ ئۆي ئىمارەتلىرىدە خۇنەنلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلانغان. ئۆدۆل ئۆينىڭ ئورنى شىمالدىن جەنۇبقا يۈزلىنىدۇ. شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە يانداش ئۆي سېلىنىدۇ. خىش بىلەن چوڭ دەرۋازىغا ئۆدۆل قىلىنىپ سېلىنغان تام يۈزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، خۇشاللىق قاتارلىق خەتلەر ياكى كەپتەر، بۇغا، قارىغاي قاتارلىق ئۇچار قۇش، دەل-دەرەخلەرنىڭ شەكلى ئويۇلغان. ھازىرقى مەدەنىيەت يولى، مىڭدې يولى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان تيەنجىنلىك خەنزۇ پۇقرالىرىنىڭ ئۆيلىرىگە يەنىلا بېيجىڭ-تيەنجىننىڭ قورشاۋ ھويلا سېلىش ئۇسلۇبى سىڭدۈرۈلگەن. ئۆدۆل ئۆي جەنۇبقا قارايدۇ. شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە يانداش ئۆي سېلىنىدۇ. دەرۋازىغا يان ئىشىك ئېچىلىدۇ. چوڭ دەرۋازا ئۆدۆلىدا بىر يول ئىككى ئىشىك بولۇپ، ھېيت-بايرامدىن باشقا كۈنلەردە ئادەتتە

ئاچماي، پەقەت ئۇلۇغ-سول تەرەپتىكى يان ئىشىكتىن ماڭىدۇ. ئىشىك-دېرىزىلەر ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، سۇس رەڭدىكى قەغەزلەر چاپلىنىدۇ. كۈن ئانچە ياخشى چۈشمەيدۇ؛ داشىزى ئەتراپىدىكى تېيەنجىنلىك «سەككىز چوڭ ئائىلە» سودىگەرلىرى، دۇكان ئىچىنى بېزەشتە كۆپ هاللاردا تيەنجىنلىك تۆمۈرچى-ياغاچىلارنى ئەكېلىپ ياغاچقا نەقىش ئويدۇراتتى، كۆرۈنۈشى كۆركەم-گۈزەل بولاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتوڭ سەلتەنىتىنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى) ۋاڭ گاۋشېڭ ئوت قويغاندا كۆپ قىسمى كۆيۈپ كېتىپ، ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ كېيىنكى ئۆزگەرتىپ سېلىشتا يوقىلىپ كەتكەن. شېڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، داشىزى ئەتراپىدىكى يوللارنى كېڭەيتىشتە شىمالىي، جەنۇبىي چوڭ كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى دۇكانلاردىن بىردەك ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىپ شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا سودا كاسات بولغاچقا، بىر قىسىم مەبلىغى كۆپرەك بولغانلار بىنا سالغاندىن باشقا، كۆپ قىسىم سودىگەرلەر ئۇدۇل تەرەپتىكى تامنى ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ تېمىغا ئوخشاش ياساپ، ياغاچ رىشاتكىلىق دېرىزە ئورنىتىپ رەتلىك قىلدى. ئاھالىلەر بۇنى «يالغان بىنا» دەپ ئاتىدى. رايون ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئولتۇراق-ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى خام كېسەك بىلەن ياغاچتىن ياسالغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بولۇپ، تامنىڭ ئۇلىغا بەش قاتاردىن يەتتە قاتارغىچە خىش ياتقۇزۇلاتتى. ئۈستىگە خام كېسەك قويۇلۇپ سىرتى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلاتتى ياكى سىرتىغا يېشىل كۆك خىش قويۇلۇپ ئىچىگە خام كېسەك قويۇلاتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش ئىقتىدارى خىش بىلەن ياغاچتىن ياسالغان پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنىڭكىدىن ياخشى بولاتتى.

شېڭ شىسەي هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، هۆكۈمەتكە ئاممىۋى قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق ئەسلىھەلەرنى لايىھىلەش سەۋەبىدىن، شەھەر مەمۇرىيىتى كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. لايىھىلەش سەۋىيىسى بەكلا تۆۋەن ئىدى.

بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن ئاساسلىقى خىش، تىل، ياغاچ ماتېرىياللىرى، هاك قاتارلىقلار بولۇپ، ماتېرىياللار ئۆز يېرىدىن ئېلىناتتى. كېيىن ئاز مىقداردا پولات ماتېرىيال، سېمونت ۋە توك سايمانلىرى ئىشلىتىلدى. بۇلار ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلەتتى ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىناتتى. ئۆي ئىچىگە ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرىنى ئورنىتىش بىلەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ شەرق، غەرب چوڭ بىناسى ۋە مىڭدې يولى بانكا بىناسىغا ئورنىتىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى قۇراشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى كەسىپلەر گۈللىنىشكە باشلىدى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلىشى تېز بولدى. 1950-يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىدىكى ئەسكەرلەر ئاساس قىلىنغان يەرلىك قۇرۇلۇش ئۈستىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ هەربىي رايونى قۇرۇلۇش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە هۆكۈمەت قۇرغان تۇنجى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئايلاندى. 1954-يىلى بۇرۇنقى شىنجاڭ هەربىي رايونى قۇرۇلۇش باشقارمىسى كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-دىۋىزىيىسىنى (قارمىقىدا بەش پولك بار) قۇردى. مۇشۇ ئاساستا شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەتنىڭ تېخنىكا كۈچى زور ۋە چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇشلارنى سېلىشتا ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى بولغاچقا، شەھەر، رايون ئىچىدىكى چوڭ زاۋۇت-كانلاردىكى قۇرۇلۇشلارنى، چوڭ ئارتىلىش دەرىجىسىدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇشلىرىنى ۋە ئېگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىدىكى ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى.

1956-يىلى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇپ، كېيىن 1-، 2-بىناكارلىق-

قۇرۇلۇش شىركىتى قىلىپ تەشكىللەپ شەھەر، رايون ئىچى، سىرتىدىكى سانائەت ھەمدە خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

تيانشان رايونى 1957-يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تيانشان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، تېجەشلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تيانشان رايونلۇق 1-، 2-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى، سەككىز بىناكارلىق-قۇرۇلۇش رېمونت قىلىش كوپېراتىپى، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ۋە 15 زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى (ئەترىتى) قۇردى ھەمدە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا 20 رېمونت قۇرۇلۇش ئەترىتىنى تەشكىللىدى. بۇلار تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىلەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. رايونغا قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەھەر، رايون ئىچى، سىرتىدىكى پۇقرالار ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارنى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، قايتىدىن سېلىش، رېمونت قىلىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، شەھەر بويىچە بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارنى رېمونت قىلىش كۈچى يېتىشمەسلىك زىددىيىتىنى پەسەيتىش ۋە ئاسلى ئەسلىھەلەرنى رېمونت قىلىش-ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال تۆھپە قوشتى.

تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى — 1981-يىلى ئەسلىدىكى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن تيانشان رايونلۇق سۇ-توك قۇراشتۇرۇش ئەترىتى ئاساسىدا، ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى قۇرۇلۇش ئەترىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلغان، بۇ شىركەت 3-دەرىجىلىك كوللېكتىپ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىسى بولۇپ، تيانشان رايونىغا قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىدىكى غوللۇق كارخانا ھېسابلىنىدۇ. ئۈرۈمچى رايونىدا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بازارلىرى كەسكىن رىقابەتلىشىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، شىركەت ھەرقايسى ئەترەتلەردە قۇرۇلۇش تېخنىك كادىرلىرى ئاز بولۇش، ئىشچىلارنىڭ تېخنىك ساپاسى ناچار بولۇش، قۇرۇلۇش ماشىنا-سايمانلىرى ۋە ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولماسلىق، سالاھىيىتى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق پايدىسىز شارائىتلارنى يېڭىپ، 1984-يىلدىن باشلاپ رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان كونا تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىركەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، شىركەت ئورگىنى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئەترەتنى دادىللىق بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، ئەلالىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كەسپىي بىلىمى، باشقۇرۇش ئىقتىدارى بار خادىملارنى ئۆستۈرۈپ شىركەتنىڭ ھەرقايسى كەسپىي بۆلۈملىرىگە ۋە ئەترەت دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا قويدى. ئەسلىدىكى ئەترەت دەرىجىلىك ھېساباتنى شىركەت دەرىجىلىك ھېساباتقا ئۆزگەرتتى. ئەترەت، بەن-گۇرۇپپىلار بويىچە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇپ، ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق، ئوندىن كۆپرەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. «سۈپەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى قولغاكەلتۈرۈش» تەك كارخانا مەقسىتىنى ئېنىق تۇرغۇزۇپ، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ۋە ئىشچىلارغا قارىتا سىستېمىلىق ھالدا تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە كەسپىي نەزەرىيە، سۈپەت باشقۇرۇش ئۆگىنىشىنى ئېلىپ بېرىپ، بارلىق خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۈپەت ئېڭىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتتە ئىناۋەت تاپتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىنى، بوغالتىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىپ، شىركەتنىڭ تېخنىكا ۋە مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. مەخسۇس سۈپەت بىلەن بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتىنى قۇرۇپ،

ئىلغار تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قوراللىرى، ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈپ، زامانىۋى ئېگىز قەۋەتلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىپ سېلىشتىكى ماشىنىلاشقان ئەسلىھەلەر ۋە بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنى كۆپەيتتى، نەچچە يىللىق جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش ئارقىلىق، شىركەت بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بازىرىدا ئۆز ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈپ يەتتە قەۋەتتىن تۆۋەن (يەتتە قەۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىش بېجىرىش بىناسى، ئوقۇتۇش بىناسى، ئولتۇراق-ئۆي بىناسى ۋە باشقا بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلاردىن بولۇپ يۈزدىن ئوشۇق بىنا سالدى.

1950-يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، تېخنىك ئىشچىلار ۋە مەزكۇر رايوندىكى قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى، ھەر تۆۋەتلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، تېخنىك ئىشچىلار ئاستا-ئاستا يېتىلىپ، تېخنىك كۈچى زور بولغان كادىر-ئىشچى قوشۇنىنى ھاسىل قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تۆت باسقۇچنى باشتىن ئۆتكۈزدى. 50-يىللاردا زاۋۇت ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، توپا تام، كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىسىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا خىش، سېمونت قۇرۇلمىسىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئالدى. قەۋەت سانى پەقەت ئىككى-ئۈچ قەۋەت بىلەن چەكلەندى. سۇ، ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشمىدى. قۇراشتۇرۇش-بېزەش ئاددىي بولۇپ ھازىرقى زامان بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قاتارىغا كىرمەيتتى. 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپى تۆۋەن ھالەتتە تۇردى.70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپى قايتىدىن باش كۆتۈردى. 80-يىللاردا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپى ئەڭ زور دەرىجىدە گۈللەندى. يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت، يېڭى ماشىنا-قوراللار زور كۆلەمدە كىرگۈزۈلۈپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى يىلمۇ يىل ئېگىزلەپ باردى. ئولتۇراق-ئۆي بىنالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە-يەتتە قەۋەتكە يەتتى. ئېگىز قەۋەتلىك ئىش بېجىرىش بىناسى، مېھمانخانىلارغا لىفت ئورنىتىلدى، بېزەكلەر ۋە ئەسلىھەلەر كۈندىن-كۈنگە ئالىيلاشتى. مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ئېگىزلىكى 13 قەۋەت، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىنىڭ ئېگىزلىكى 22 قەۋەتكە يەتتى. يېڭىدىن سېلىنغان شەھەرلىك مىللىي شىپاخانا ۋە خانتەڭرى مەسچىتىگە ھازىرقى زامان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئىسلام خىسلىتى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، روشەن يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان يەنە سىرتتىكى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قوشۇنى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە مەزكۇر رايوننىڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، «سۈپەت، قۇرۇلۇش مۇددىتى، بىخەتەرلىك، پۇتۇش قىممىتى جەھەتتە بەسلىشىش»تەك كەسكىن رىقابەتتە، رايون خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش-قۇراشتۇرۇش كەسپىدىكى بازار رىقابىتى ئېگىنى ئىلگىرى سۈردى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كۆلىمى جەھەتتە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش بولدى. ئىسلاھاتتىن بۇيان تيانشان رايونىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان زامانىۋىلاشقان ئەسلىھەلىرى بار زاۋۇت، ئورگان، مەكتەپ، سودا سارايلىرى، كىنو-تىياتىرخانا، ئولتۇراق-ئۆي بىنالىرىنى ھەممە جايدا كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلار دۆلەت قۇرۇلغان 30 يىلنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

رايون ئىچىگە تەسىس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى-

دىن ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى (ياشلار يولىدا)، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتى (ساي يولىدا)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-، 2-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى (جەنۇبىي شىنخۇا يولىدا)، شەھەرلىك «گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى» نىڭ باشقۇرۇشىدىكى جۇڭگخۇانى گۈزەللەندۈرۈش بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (تەڭتەرىبىيە سارىيى يولىدا) بار.

ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى رايون تەۋەسىدە كەينى-كەينىدىن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى، پىلانلاش-لايىھىلەش يۇرتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش لايىھىلەش يۇرتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىلمىي تەتقىقات ئورنى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش باشقارمىسى، پونكىتى ۋە بىر تۈركۈم زامانىۋىلاشقان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنا-قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇردى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 278 مىڭ 300 كۋادرات مېترغا، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 2 مىليون 382 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھازىرقى بار بولغان مەخسۇس ئىشلىتىدىغان مەبلىغى 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن، مۇقىم مۈلكىنىڭ ساپ كۆپىيىش قىممىتى 1 مىليون 937 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

# 1-باب ئاپپاراتلار

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپى تىجارەت شەكلىدىكى ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ شەكىللەنمىگەنىدى. دىخۇا شەھىرىدە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنمىغانىدى. ئومۇم ياكى شەخسىي ئۆيلەرنى سېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۆي (قۇرۇلۇش) سالدۇرغۇچى ئاساسلىق قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنى (ئىش بېشىنى) تەكلىپ قىلىپ، ئۇرلۇك ئىش ئۇستىلىرى، شاگىرت ئىشچىلارنى ياللاپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل قىلاتتى. قۇرۇلۇش پۈتۈشى بىلەن تارقىلىپ كېتەتتى. رايون ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى مىڭدىڭ يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ستىخىيىلىك ھالدا پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى ياللاش بازىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ يەرگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئولتۇرغۇزۇلغان ياغاچچى، كېسەكچى، سۇۋاقچى، بېزەكچىلەر يىغىلىپ، ئۆي سالدۇرغۇچى ياكى رېمونت قىلغۇچى ئورگان ياكى شەخسلەرنىڭ كېلىپ خالىغانچە «تاللىۋېلىشى» نى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇ يەرنى «ئادەم بازىرى» ياكى «ئىشلەمچىلەر بازىرى» دەپ ئاتىشاتتى. بىر قەدەر چوڭ قۇرۇلۇشلارغا ياللانما ئىشلىتىش خىزمىتىنى كۆپ ھاللاردا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش گۇرۇھلىرىدىكى ئىش بېشى مونوپول قىلىۋالاتتى. بۇ گۇرۇھلاردىن تيەنجىنلىكلەر گۇرۇھى، گەنسۇلۇقلار گۇرۇھى، يەرلىك گۇرۇھ قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئومۇمەن شەھەرنىڭ نوپۇسى بار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى تىزىملاتقاندىن كېيىن ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى قىلاتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارغا تونۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى ۋاقىتلىق خىزمەتكە تەقسىم قىلاتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش، تەڭشەپ باشقۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيىلىك رولىنى ئوينايتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەرگە داڭق كەتكەن «ئادەم بازىرى» ئاستا-ئاستا يوقالدى.

1-رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خۇڭ چۈنيۈەننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كونا بۇتخانا ئىچىدە ئىدى. 2-رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شەھەرلىك چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىنىڭ كونا ئورنىدا ئىدى. 3-رايون-

لۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى غالىبىيەت يولىدىكى خابا كوچىسىدا ئىدى؛ 4-رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى هازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى قورۇسى ئىچىدە ئىدى؛ 5-رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شىنجاڭ ماتارىپ ئىنىستىتۇتى (بۇرۇنقى ئۆلكىلىك 1-دارىلمۇئەللىمىن) يېنىدا ئىدى؛ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يول ياسىغۇچى خەلق ئىشچىلىرى ئاساسىدا شەھەرگە قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى قۇرۇلغانىدى. 1956-يىلى ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلارغا يۆتكىۋېتىلدى.

1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇرۇنقى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىدا تيانشان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1958-يىل 7-ئايدا دوستلۇق رايونىدا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىدا تېجەشلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1959-يىلى تيانشان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى ۋە قىزىل بايراق توپا-ياغاچ كوپېراتىپى قاتارلىقلاردىن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلدى. تېجەشلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى ئاساسىدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دوستلۇق رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلدى.

1960-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ نامى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتىگە، دوستلۇق رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش 2-شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىككىسىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى سانائەت-قاتناش بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى.

1961-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونلۇق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى ئىشچىلار يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرىنچى سەپكە كەتتى.

1964-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆدا بىرنەچچە كۈن ياغقان يامغۇر ئاپەتكە ئايلىنىپ، نۇرغۇنلىغان توپا تام، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى. پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن، تيانشان رايونىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چاڭجياڭ، تيانشان، شىنخۇا، ليۇداۋان، ئىقتىساتچىل، تىنچلىق، دېموكراتىيە، بۇلاق تېغى قاتارلىق سەككىز بىناكارلىق-قۇرۇلۇش رېمونت قىلىش كوپېراتىپى قۇرۇلدى. ئۆي-ئىمارەتلەرنى جىددىي رېمونت قىلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرلىك قول سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، رېمونت قىلىش شىركىتى تەشكىللەندى.

1965-يىل 10-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. تيانشان رايونلۇق ئەمگەك تەكشۈرۈش-تەقسىملەش ئورنى ئاساسىدا، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن چوڭ ئەترەت تارقىتىۋېتىلدى.

1977-يىل 3-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئەمگەك ئىش-ھەققى بۆلۈمى، بىكتۇەن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ «باھارنى كۈتۈۋېلىش» تىكىش زاۋۇتى ۋەكالىتەن باشقۇرۇشىدىكى 36 نەپەر خادىمدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلۇش ئەترىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ نام بەردى.

1979-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

يوللىرىنى كەڭرى ئېچىپ، ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ روھى بويىچە، 1980-يىل 1-ئايدا 15 زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1981-يىل 9-ئايدا تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، رايونلۇق سۇ، توك قۇراشتۇرۇش ئەترىتى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپىدىن تەشكىللەنگەن تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇشنى، قارمىقىدا بەش قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. 1984-يىلى شىركەت قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتىنى قايتىدىن تەشكىللەپ شىركەت ئورگىنىدا سۈپەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمى، قۇرۇلۇش تېخنىكا بۆلۈمى، كادىرلار ئەمگەك بۆلۈمى، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى، مەمۇرىي ئىشخانا، مالىيە بۆلۈمى، ماتېرىيال-سايمانلار بۆلۈمى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك بۆلۈم-ئىشخانىلارنى قۇردى. قارمىقىدا 12 قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر بېتون زاۋۇتى، بىر ماشىنا ترانسپورت ئەترىتى تەسىس قىلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترىتى (كوپېراتىپى) جەمئىي 20 گە يەتتى. ئۇلار مۇنۇلار: غالىبىيەت يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (4-دەرىجىلىك)، غالىبىيەت يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى (رېمونت قىلىش)، غالىبىيەت يولى زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، غالىبىيەت يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى (رېمونت قىلىش)، ئىتتىپاق يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى (5-دەرىجىلىك)، ئىتتىپاق يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (رېمونت قىلىش)، تىنچلىق يولى سۇ، توك، تورپا قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، تىنچلىق يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، 2-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، 3-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، جەنۇبىي ئازادلىق يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، جەنۇبىي ئازادلىق يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، شىمالىي ئازادلىق يولى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، 2-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، 3-ئەترىتى (5-دەرىجىلىك) بەخت يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، دۆڭمەن قۇرۇلۇش ئەترىتى (4-دەرىجىلىك)، دۆڭمەن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، ليۇداۋان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى (5-دەرىجىلىك)، قارلىغاچلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك)، شىنخۇا قۇرۇلۇش ئەترىتى (5-دەرىجىلىك، شىخاگەي مەھەللە ئىش باشقارمىسى قارمىقىدا). بۇلار ئىچىدە دۆڭمەن قۇرۇلۇش ئەترىتى 1978-يىلى قۇرۇلغان. بەخت يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى 1980-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇرۇلغان.

# 2-باب بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قىلىش

## 1-پاراگراف قۇرۇلۇش قىلغۇچى قوشۇنلار

رايون ئىچىدە 50-يىللاردىن باشلاپ تۈرلۈك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغۇچى قوشۇنلار يىلمۇيىل كۆپەيدى. 80-يىللارغا كەلگەندە دۆلەت ئىگىلىكى، چوڭ كوللېكتىپ، كىچىك كوللېكتىپ، خەلق

باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە مۇقىملاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كارخانىلىرى دۆلەت ئىلكىدە بولدى. شۇندىن كېيىن شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى رايونلاردىكى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كارخانىلىرى چوڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولدى. 1959-يىلدىن 1961-يىلغىچە ئىككى رايوندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركەتلىرى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدە بولدى. رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئەترىتى كىچىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولدى. خەلق باشقۇرۇشىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇرۇش-قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدىن جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، مۇسۇلمانلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىقلار بار. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قوشۇنىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خادىملار بىرقەدەر مۇقىم بولغاندىن سىرت، باشقا قۇرۇلۇش قىلغۇچى قوشۇنلاردىكى خادىملارنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى بىرقەدەر چوڭ ئىدى.

1959-يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قارمىقىدا خىش زاۋۇتى، شىسەن تاش مەيدانى، نەنسەن ياغاچ ماتېرىياللىرى مەيدانى، تۆمۈر زاپچاسلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، ياغاچ زاۋۇتى ۋە تۆت بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 1960-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 3400 دىن كۆپرەككە يەتتى (پەسىللىك، ۋاقىتلىق ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتىدە نەنسەن ياغاچ ماتېرىياللىرى مەيدانى، كۆمۈر كان، خىش زاۋۇتى، ترانسپورت ئەترىتى (ئات ھارۋىسى) ، تاش مەيدانى ۋە ئۈچ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1282 گە يەتتى:

1961-يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىيانشان رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا تىيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتىدە 958 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتىدە 800 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى بار ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمەن ئەسلىدىكى ئىككى رايوندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق 1958-يىلدىن بۇرۇن شىركەتكە كىرگەنلەر بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەھەرلىك ئۆي-مۈلۈك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ۋودوپرووود شىركىتىگە خىزمەتكە يۆتكىۋېتىلدى ياكى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئۇلانباي دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1958-يىلدىن كېيىن «ئېقىپ يۈرگەنلەر» ئىچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلىشنى خالىغان ئايرىملىرى ئىلى، چۆچەك، ساۋەن، كۇچا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ئەتراپىغا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئەۋەتىلدى.

شىركەتنىڭ مال-مۈلكى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىلغاندىن كېيىنكى پۇللار تىيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مالىيىسىگە تاپشۇرۇلدى. پولات، ياغاچ ماتېرىياللارنى ۋە سېمونتلارنى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى تەگشەپ لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىپ بەردى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاش زاۋۇتى 60 مىڭ يۈەن باھا بويىچە تىيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتىنىڭ ئۆيلىرى 1958-يىلى خەلق ئامىسى ياردەم قىلغان ئۆيلەر بولغاچقا، بىردەك ئۆي ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئىخچاملاشتىن كېيىن ئېشىپ قالغان مەزكۇر شەھەرنىڭ دائىملىق نوپۇسى بار بولغان 490 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى شەھەرلىك خەلق كوممۇنىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش رېمونت ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تىيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتىدە

مەركەزلەشتۈرۈلۈپ باشقۇرۇلغان 376 نەپەر ياغاچچى ۋە 400 دىن ئارتۇق ئادەتتىكى ئىشچىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۆزلىرى قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتلىرىغا قايتۇرۇلدى.

1980-يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن قۇرۇلغان زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى (ئەترەت) دىن 13ى بولۇپ، ئۇلار شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-ئەترىتى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، بېتون زاۋۇتى، تىنچلىق يولى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كوپېراتىپى، دۆڭمېن مەھەللە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، ليۇداۋان مەھەللە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترىتى، غالىبىيەت يولى مەھەللە زىيالىي ياشلار بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى، ئىتتىپاق يولى مەھەللە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كوپېراتىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىي 1420 ئادەم بار ئىدى.

1984-يىل 6-ئايدا تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ئەسلىدىكى بەش قۇرۇلۇش ئەترىتىنى يېڭىباشتىن رەتلەپ 12 قۇرۇلۇش ئەترىتىگە كۆپەيتتى، 1984-يىل 8-ئايدا شىركەت 250 ئادەمنى ئاشكارا قوبۇل قىلىپ ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ كۈچىنى تولۇقلىدى.

1986-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى 2-، 7-، 10-، 11-ئەترەتلىرى بىلەن سۇ، ئېلېكتر ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خادىملىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىگە قوشۇۋېتىلدى.

شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شۆبە شىركىتى، ماشىنىلاشقان ترانسپورت شۆبە شىركىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش پەن-تەتقىقات ئورنى، بىناكارلىق دېتاللىرى زاۋۇتى، سۇ، توك ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، تەربىيىلەش مەركىزى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، رەسمىي ئىشچى-خىزمەتچىسى 3100 نەپەر ئىدى.

شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتىنىڭ قارمىقىدا ئۈچ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شۆبە شىركىتى، سۇ-توك ئەترىتى، ئاپتوموبىل ئەترىتى، بېتون زاۋۇتى، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، رەسمىي ئىشچى-خىزمەتچىسى 2100 نەپەر ئىدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇقىم ئىشچى-خىزمەتچىسىدىن تامچى 260 نەپەر، سۇ، پار ئىشچىسى 29 نەپەر، توكچى 33 نەپەر، جازا باغلىغۇچى ئىشچى 11 نەپەر، ياغاچچى 25 نەپەر، سىرچى 22 نەپەر، پاياتچى 11 نەپەر، ئادەتتىكى ئىشچى 188 نەپەر، شىركەت ئورگان خىزمەتچى خادىملىرى 55 نەپەر بولۇپ، شىركەتنىڭ ئەنگە ئېلىنغان بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىسى 705 نەپەر ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچى 219 نەپەر).

تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى 20 قۇرۇلۇش ئەترىتىدە 2200 دىن ئوشۇق مۇقىمسىز ئىشچى-خىزمەتچى بار.

## 2-پاراگراف قۇرۇلۇش ماشىنا-سايمانلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇا شەھىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. تامچى ئىشلىتىدىغان ۋادو، ئەندۇۋا، ياغاچچى ئىشلىتىدىغان پالتا، رەندە، ئىسكىنە قاتارلىق قورال-سايمان-

لارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان. لاي ئېتىش ۋە تام قىرىشتا كەتمەن بىلەن تۆمۈر كۈرجەك ئىشلىتىلەتتى. بىر قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سېلىشتا كۆپ ھاللاردا ئۇزۇن ئورۇندۇق بىلەن تاختايدىن جازا ياسىلاتتى. ئىككى قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سېلىشتا ياغاچ-تاختايدىن جازا ياسىلاتتى. تىك ھالەتتە نەرسە-كېرەك يۆتكەشتە كۆپ ھاللاردا ياغاچ-تاختايدىن يانتۇ ياتقۇزۇلغان يول ياسىلاتتى. يەر يۈزىدىكى ترانسپورت قوراللىدا پەقەت ئۇلاغ ھارۋىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 50-يىللاردا، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئاپتوموبىل، تراكتور، تاسمىلىق مال توشۇش ماشىنىسى، بۇرمىلىق قۇرۇلۇش جازىسى، سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا-سايمانلارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. تيانشان رايونلۇق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتى يەنىلا قول بىلەن سېمونت لاي ئېتەتتى. ترانسپورت ئەترىتى يەنىلا ئات ھارۋىسى ئىدى. 1979-يىلغا كەلگەندە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاندىن ئىككى ئاپتوموبىل، ئىككى موللاقچى ئاپتوموبىل، بىرقانچە ئون ئېتىترىش ماشىنىسى، ئۈچ بۇرمىلىق قۇرۇلۇش جازىسى، ئۈچ تاسمىلىق مال توشۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، بىرقەدەر ئېگىز قۇرۇلۇشلارنى سېلىشتىكى ئېگىزگە ماتېرىيال توشۇش مەسىلىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى. شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلەتتى. شۇندىن كېيىن تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ماشىنا سايمانلارنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىپ، كارخانىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنى ئۆلكىرى سۈردى ۋە كارخانىنىڭ سالاھىيەت دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

1982-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى تۇنجى قېتىم قېزىش ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالدى. 1984-يىلى ماشىنا-سايمانلارنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماشىنا-سايمانلىرىنى شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش سايمانلىرى بۆلۈمى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تەقسىم قىلدى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ئاز مىقداردا ئىجارە پۇلى ئالدى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا ئامبارغا كىرگۈزۈپ، ماشىنا رېمونت گۇرۇپپىسى رېمونت قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە ساقلاپ قويۇلدى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىللىرى ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىگە ھۆددىگە بېرىلدى. ئاپتوموبىلنىڭ كونا-يېڭىلىقى، توشۇش ئىقتىدارىغا قاراپ، ھەر ئايدا شىركەتكە 500 يۈەندىن 700 يۈەنگىچە ھۆددىگەرلىك پۇلى تاپشۇردى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى 6-ئەترىتى داشىزىدا يەتتە قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال بىنا سېلىۋاتقاچ، ئادەم ۋە ماللارنى بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ چۈشۈرىدىغان ماشىنىدىن بىرنى سېتىۋالدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىركەتنىڭ كولاش ماشىنىسى بىرگە، يول چىڭداش ماشىنىسى بىرگە، تاسمىلىق مال توشۇش ماشىنىسى 33 كە، يۈك ماشىنىسى 12 گە، ئاپتوماتىك تۆكۈش ماشىنىسى بەشكە، ئادەم ۋە مال توشۇغىلى بولىدىغان ماشىنىسى بىرگە، سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى 44 كە، تاش ئېزىش ماشىنىسى 26 گە، سۇ ناسوسى تۆتكە، توكلۇق پاياتلاش ماشىنىسى 35 كە، توكلۇق جۇپلەپ پاياتلاش ماشىنىسى بىرگە، پولات چىۋىقلارنى كېسىش ماشىنىسى 13 كە، بېسىمنى سىناش باكى بىرگە، رەندىكەش ھەرىسى ئۈچكە، ھەرە ئىككىگە، يۇمىلاق ھەرە بەشكە، تۈز رەندىكەش ھەرىسى توققۇزغا، توشۇق ئېچىش ماشىنىسى ئۈچكە، توك بولقا ئۈچكە، پولات چىۋىق كىرگۈزۈش ماشىنىسى بەشكە، مېتال قىرىش ماشىنىسى تۆتكە، بوسۇش ئۈيۈشمىسى بىرگە، پولات جازا تاختىيى 486 گە، پولات تاختاي 2900 كۋادرات مېترغا، پولات جازا تۇرۇبىسى 7561 گە، نىۋېلىر بەشكە، مېردىئان ئەسۋابى

14 كە يەتتى. ئايرىم ساندىكى يۈرۈشلەشمىگەن قۇرۇلۇش ماشىنا-سايمانلىرى ئىجارىگە بېرىلمىدى.

تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ تاسما بىلەن مال توشۇش ماشىنىسى ۋە بۇرمىلىق قۇرۇلۇش جازىسىنىڭ ھەرقايسىسى 28 گە، ئاپتوموبىللىرى 32 گە، لاي ئېتىش ماشىنىسى 49 غا يەتتى.

## 3-پاراگراف تېخنىكا

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، رايون ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇلۇش ئېلىپ باراتتى. ياغاچتىن ياسالغان چوڭ ئۈچ بۇرجەكلىك سىزغۇچ ۋە تاناپ قويۇش ئارقىلىق «يۆنىلىشىنى تاپاتتى» ۋە «گورىزىنتال ئورۇننى تاپاتتى». پۈتۈن شەھەردە مېرىدىئان ئۆلچىگۈچ، نىۋېلىردىن پەقەت بىرنەچچىسىلا بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلچەش تارماقلىرى شەھەرنىڭ يەر شەكلىنى ئۆلچەشكە مەخسۇس ئىشلىتەتتى. قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى سىزغۇچ ئارقىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ گېئومېترىيىلىك ئارىلىقىنى ئۆلچەيدىنى، يىپنى ساڭگىلىتىپ قويۇش، سىزغۇچقا تايىنىش ئارقىلىق تىكلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيتتى (ئۈچ قۇردا كۆز بىلەن قاراش، بەش قۇردا يىپ تاشلاپ قاراش ئۇسۇلى). قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىنىڭ تېخنىكىسى كۆپ ھاللاردا كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە ئىشلەشتەك ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەتتە ۋە قىياپەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى تۆۋەن قەۋەتلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلاردا ياغاچچى ئۇستا ئالدى بىلەن ياغاچ جازىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن تامچى شۇ شەكىل بويىچە خىش ياكى كېسەك قوياتتى. بارلىق خىش قويغۇچىلار خىش ئارقىلىق چوققىغا چىققۇچىلار دەپ ئاتىلاتتى. سىرتىغا خىش قويغۇچىلار ۋە ئىچىگە كېسەك ياتقۇزغۇچىلار «ئالتۇن-كۈمۈش ئورىغۇچىلار» دەپ ئاتىلاتتى. ئۆينىڭ ئۇلىغا ۋە ئۆگزىگە خىش قويغۇچىلار «ئاياغ كىيىم، دوپپا كىيدۈرگۈچىلەر» دەپ ئاتىلاتتى. كېسەكلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆك بولاتتى. يوچۇقلارنى ئېتىشتە ئاق ھاك ئىشلىتىلەتتى. كېسەك تاملار سامانلىق لاي بىلەن سۇۋىلاتتى. ئۆينىڭ ئۈستىگە ساپال چاقچۇق ياتقۇزۇلاتتى ياكى كاكىل لاي بىلەن قىيپاش سۇۋىلاتتى ياكى ئىككى تەرىپى يانتۇ قىلىناتتى. ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياغاچتىن ياسىلاتتى، ئاز ساندىكىلىرى ئەينەكلىك ئىشىك دېرىزىلەر ئىدى. ئۆي ئىچىدىكى ئىسسىنىش ئەسلىھەسىدە تام ئوچاق ياكى كاڭ قويۇلاتتى. ئايرىم ساندىكىلىرى رۇسلارنىڭ تۆمۈر قەلەيدىن ياسالغان يۇمىلاق شەكىلدىكى تام ئوچىقى شەكلىدە بولۇپ، خەلق بۇنى «رۇس ئوچىقى» دەپ ئاتايتتى.

20-يىللاردا رايون ئىچىدە ئاتاقلىق ياغاچچىدىن ۋاڭ ئېنرۇڭ، تامچىدىن شۈتيەنچىڭ، ۋاڭ ۋېنجىن قاتارلىق بىر تۈركۈم بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى بار ئىدى. ئۇلار سالغان دىخۇا شەرقىي چوڭ مەھەللىدىكى «دېچاڭيۈمىن»، «يۈمىنشۈنچىڭ» ۋە جەنۇبىي چوڭ مەھەللىدىكى «دېشىڭتاڭ»، «دېشىڭخاۋ»، «گۇاڭخۇخې» قاتارلىق كونا دۇكانلاردا ئۇلارنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق، كېسەك ھەيكەللى قاتارلىق جەھەتتىكى نەپىس ھۈنەر-سەنئىتىنى تا بۈگۈنگىچە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شەھەر ئىچىدىكى يوللارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، نەنمېندىكى خانتەڭرى مەسچىتى ئىشىكىنىڭ تۆپىسىدىكى پەشتاقنى يولنىڭ غەرب تەرىپىگە ئېلىۋەتمەكچى بولدى. ئۇيغۇر تامچى ئۆمەر ھاجىم پۈتۈن گەۋدىسى بويىچە ئارقىغا سۈرۈشتەك لايىھىنى يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىكنىڭ قوللىشى ئاستىدا، پەشتاقنىڭ ئۇلى ئاستىدىن ئېرىق قېزىپ، يۇمىلاق ياغاچنى قويۇپ دومىلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، نەچچە ئون توننا ئېغىرلىقتىكى ياللۇز پەشتاقنى ئارقىغا ئالتە-يەتتە مېتىر سۈرۈپ ئاپاردى. بۇ پەشتاق توپتوغرا يېرىم ئەسىرگىچە مۇكەممەل

ساقلاندى. 1985-يىلى مەسچىتنى قايتىدىن سېلىشتا چىقىۋېتىلدى. بۇ شىنجاڭدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن 1953-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 11-يىلى (1922-يىلى) قۇرۇلغان خەلق باغچىسى ئىچىدىكى «چاۋياڭ راۋىقى»نى قايتا رېمونت قىلىشنى قارار قىلدى. ئۈرۈمچى 2-رايوندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خەلق ئارىسىدىكى قۇرۇلۇش ئۇستىسى ماشىڭجيا، ۋاڭ سەي قاتارلىقلارنى تەشكىللىدى، ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار پەقەت ئاددىي بولغان جازىلارنى تىكلەپ، بۇزۇلۇپ كەتكەن خىش-ياغاچ ئۇيما نەقىشلەرنى تېزلىك بىلەن ئىنچىكە ھالدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنماي تاشلىنىپ قالغان قەدىمىي قۇرۇلۇشنى يەنە ئۆز قىياپىتىگە كەلتۈرۈپ، خەلق باغچىسىغا ھۆسن قوشتى.

يېڭى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش تېخنىكىسىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 50-يىللاردا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتىدە ئىنژېنېر، تېخنىك قاتارلىق تېخنىك كادىرلار سەپلەندى. ئەينى ۋاقىتتا ماشىنىلاشقان ئەسلىھەلەر كەمچىل، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ساپاسى ناچار بولغانلىقتىن، ئېگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سېلىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قوشۇنىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى پەقەت ئۇستا شاگىرت يېتەكلەش شەكلىدە بولۇپ، سىستېمىلىق تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە كەسپىي تەجرىبە ئۆگىنىش ئەمەلدىن ئۆتكۈزۈلۈپ باقمىغاچقا، زامانىۋىلاشقان ئېگىز قەۋەتلىك بىنا-قۇرۇلۇشلارنى سېلىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى تەس ئىدى. 1982-يىلى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملار، تېخنىك ئىشچىلارنى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تەربىيىلەش، تېخنىكا، كەسپىي تەجرىبە جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە بىناكارلىق-قۇرۇلۇشتىكى «ئۈچ چارىنى» (يەنى قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ قېلىپلاشتۇرۇش، مەشغۇلات قائىدىسى ۋە سۈپىتىنى باھالاپ بېكىتىش) ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىشنى چىڭ تۇتۇشقا باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، تۆت نەپەر قۇرۇلۇش ئىنژېنېرىنى، ياردەمچى ئىنژېنېرنى شىركەتكە كېلىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى تېخنىكىنىڭ يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قۇرۇلۇش تەرتىپىنىڭ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇرۇلۇش باشلاشتىن بۇرۇن، ھەرقايسى بىنا-كورپۇسلىرى نومۇرلىرى بويىچە «قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەش لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئەمگەك كۈچى، ماشىنا سايمان، ترانسپورت (گورىزونتال ۋە تىك سىزىق بويىچە) قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى، قۇرۇلۇش لايىھىسى، نەق مەيداننىڭ تۈز يۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا قارىتا ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاش ئېلىپ باردى. قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى، بىخەتەرلىك تېخنىكىسى، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى تۈزۈپ بېكىتتى. قۇرۇلۇش، لايىھەلەش ئورۇنلىرى تەكلىپ قىلىپ چېرتيوژنى بىرلىكتە ئەستايىدىل تەكشۈردى. چېرتيوژدا كۆرۈلگەن تېخنىكا مەسىلىسى، لايىھەلەش بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسىگە لايىھەلەش تارماقلىرى جاۋاب بەردى ھەم خاتىرە قالدۇرۇلدى، مېرىدىئان ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق يىپ تارتقاندىن كېيىن، پىلانلاش-لايىھەلەش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن «يىپ قويۇپ قايتا ئۆلچەش» بويىچە ئىمزا قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. قۇرۇلۇش ئۇلى قېزىلغاندىن كېيىن، گېئولوگىيە قېدىرىپ تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈپ، «قۇرۇلۇش ئۇلىنى تەكشۈرگەنلىك» ئىسپاتى چىقىرىلدى ھەممىدە «ئۈچتە راۋان بولۇش، بىرنى تۈزلەش (سۇ، توك، يول راۋان بولۇش، مەيداننى تۈزلەش) ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا، قۇرۇلۇشقا مەسئۇل تېخنىكا بۆلۈمىدىكى ئىنژېنېر، قۇرۇلۇش خادىملىرىغا قارىتا تېخنىكا جەھەتتىن تاپشۇرۇش خىزمىتى ئىلىپ باردى. قۇرۇلۇش خادىملىرى قۇرۇلۇشتىكى تۈرلۈك ئىش-تۈرلەرگە مەسئۇللارغا تېخنىكا تاپشۇرۇش ئىلىپ بېرىپ، كېيىن تەكشۈرۈشكە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ ئىمزا قالدۇرۇشتى. ھەرقايسى تارماق قۇرۇلۇشلاردا قۇرۇلۇشنىڭ قېلىپلىشىشى، مەشغۇلات قائىدىسى، سۈپەت ئۆلچىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش بويىچە مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش ئىلىپ بېرىلدى.

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىدىكى ئۇنۋانى بار تېخنىك خادىملار ئۈچ نەپەرگە، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان تېخنىك خادىملار ئالتە نەپەرگە، بوغالتېر 12 نەپەرگە يېتىپ، تېخنىك خادىملار ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 8% نى ئىگىلىدى. سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملار توققۇز نەپەر (ئۇنۋانى يوق) بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 6% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 3-دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا لاياقىتىگە ئىگە بولۇپ، توققۇز قەۋەتتىن تۆۋەن (توققۇز قەۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئارىلىش دەرىجىسى 21 مېتر كېلىدىغان سانائەت ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان بىنا-قۇرۇلۇشلارنى، خۇمدان تۇرخۇنى ۋە 50 كۇب مېتر ئىچىدىكى سۇ مۇنار قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى.

1984-يىل 6-ئايدىن 12-ئايغىچە، شىركەت تاماملىغان 22 تۈردىكى قۇرۇلۇشتا، ئون تۈر «ئەلا» ئۆلچەمگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3-ئەترەت سالغان ئۈچەي-كىيىم زاۋۇتىنىڭ 1350 كۋادرات مېترلىق توڭلىتىش ئامبىرى، 19-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 290.7 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي بىناسى، 4-ئەترەت سالغان پاختا-كەندىر شىركىتىنىڭ 3260.19 كۋادرات مېترلىق ئولتۇراق-ئۆي بىناسى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى تارقاتقان «ئومۇمىي جەھەتتىن ئەلا قۇرۇلۇش» دېگەن گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى.

رايون ئىچىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. خىش-سېمونت قۇرۇلمىسىدىكى قۇرۇلۇشلار خام كېسەك-ياغاچ قۇرۇلمىسىدىكى بىنالارنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئېگىز قەۋەتلىك رامكا قۇرۇلمىلار، ئارىلىش دەرىجىسى بىنانىڭ ئۈستىدىن ھالقىغان تورسىمان جازا قاتارلىق قۇرۇلمىلار يېڭىلىق دەپ قارالمايدىغان بولدى. قۇرۇلۇشلاردا تاختا چىقىرىش ئۇسۇلى، يۇقىرىغا ئۆرلەتكىلى بولىدىغان قېلىپ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قاتۇرۇلىدىغان چوڭ قېلىپ، لىفت شەكلىدىكى ئاددىي پولات قېلىپ قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلار قوللىنىلدى. يەر يۈزى قۇرۇلۇشىدا سېمونت، بىلەنمە تاش پولدىن باشقا، ماسەيكا، مەرمەر تاش، 107 شىلىملىق سېمونت رەڭگى، سۇلياۋ، پولات ئەينەكلىك چىرىشكە چىداملىق يەر يۈزى قاتارلىقلار كەڭ قوللىنىلدى. بېزەش قۇرۇلۇشىدا سۇۋاق شېغىل، چاپلاشما قۇرغاق شېغىل، چەكمە سۇۋاقتىن باشقا، ماسەيكا چاپلاش، فار-فۇر تام خىشى، پۈركۈپ سۇۋاش ماتېرىيالى قاتارلىق تۈرلۈك يېڭى ماتېرىياللار، يېڭى تېخنىكىلار مەيدانغا كەلدى. شېغىل لايغا ئاز مىقداردا ئارىلاشما قېتىش، سېمونتقا ناترىي سۇلفات، خلورلۇق تۇز، ناترىي نىترات، تىرى ئېتانولامىن قاتارلىق سىرتقى ئارىلاشما قېتىشتەك يېڭى ھۈنەر-سەنئەت كەڭ تۈردە قوللىنىلدى.

1985-يىل 1-ئايدىن 12-ئايغىچە تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى پۈتتۈرگەن 30 تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىچىدە 12 تۈرى «ئەلا» ئۆلچەمگە يەتتى. 1-ئەترەت سالغان ھەربىي رايون زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 3439 كۋادرات مېترلىق ئولتۇراق-ئۆي بىناسى ۋە 8-ئەترەت سالغان 1-ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 2062 كۋادرات مېترلىق ماشىنىسازلىق ئىش بىناسى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «ئومۇميۈزلۈك ئەلا قۇرۇلۇش» گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 1987-يىلى

6-ئەترەت سالغان داشىزبىدىكى 4300 كۋادرات مېتىرلىق يەتتە قەۋەتلىك رامكا شەكىللىدىكى ئۇنىۋېرسال بىنا 2-دەرىجە بولۇپ باھالاندى.

مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ئىچىدە، رېمونت قىلىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلەرىدىن باشقا قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ئورغۇنلىغان بىرقەدەر ئېگىز ۋە بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان قۇرۇلۇشلارنىمۇ سالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان جۇڭگو بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئولتۇراق-ئۆي بىناسى (ئالتە قەۋەتلىك)، شىنخۇا قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان شىنخۇا مېھمانخانىسى (ئالتە قەۋەتلىك)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئىش بىناسى (ئالتە قەۋەتلىك)، غالىبىيەت يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان ئاپتونوم رايونلۇق سېرىك ئۆمىكىنىڭ ئولتۇراق-ئۆي بىناسى (ئالتە قەۋەتلىك) ۋە 1-ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، يېڭى شەھەر رايونلۇق يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللار زاۋۇتىدىكى ئارتىلىش دەرىجىسى 18 مېتىردىن ھالقىغان ئىككى سېخ، تىنچلىق يولى سۇ، توك يەرلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 17 قەۋەتلىك بىناسىغا لىفت ئورنىتىش قۇرۇلۇشى، دۆڭمەن قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان خەلق باغچىسىدىكى «باغ ئىچىدە باغ» يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. بەزى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنى سېلىپلا قالماستىن، يەنە سىرت ناھىيىلەردىكى قۇرۇلۇشلارنىمۇ سالدى. مەسىلەن: دۆڭمەن قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان شىخو ناھىيىسىدىكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى (تۆت قەۋەت)، ساۋەن ناھىيىسىدىكى زەمبىرەكچىلەر پولكىنىڭ ئولتۇراق-ئۆي بىناسى (ئۈچ قەۋەت)، تىنچلىق يولى سۇ، توك يەرلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان فۇكاڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى قاتارلىقلار (تۆت قەۋەتلىك). 1979-يىلى قۇرۇلغان جەنۇبىي ئازادلىق يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى شەھەر بويىچە ئەڭ بالدۇر مەخسۇس يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇش تەدبىرى بولمىغان بىنالارنى، تۇرخۇنلارنى مۇستەھكەملەپ سالىدىغان قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىدى. 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا داشىمېندىكى پوچتا-تېلېگراف بىناسى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ بىرلەشمە ئىش بېجىرىش بىناسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش بېجىرىش بىناسى قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق بىنا-ئۆيلەرنى ۋە تۇرخۇنلارنى چىڭىتىپ چىقتى. شۇنىڭ، چېگدېدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇش بويىچە بىنالارنى چىڭىتىش ئىشلەپچىقىرىشى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا ئىككى قېتىم قاتنىشىپ، ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالىنىپ، چوڭ يىغىندا لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە ماددىي بۇيۇم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە چوڭ يىغىندا مەزكۇر قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. قۇرۇلۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تېخنىكا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى 1986-يىلدىن باشلاپ دىم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىنژېنېرلارنى تەكلىپ قىلدى. رېمونت قىلىش ئەترىتىدىن باشقا، ھەربىر قۇرۇلۇش ئەترىتى ئاز دېگەندە بىردىن ئىنژېنېر تەكلىپ قىلدى.

# 3-باب ئىگىلىك باشقۇرۇش

## 1-پاراگراف ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش

تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپى، ھەرقايسى رايونلاردىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىككى رايوندا تيانشان تېجەشلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپىنى قۇرۇش ئارقىلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. كوپېراتىپتا پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، مۇدىر ۋە

مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش-تېخنىكا باشقۇرۇش كادىرلىرى تەسىس قىلىنغان. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قىلىپ تەشكىللەنگەندە پارتىيە-ياچېيكا شۇجىسى، دىرېكتور تەسىس قىلىنغان، خىزمەت ئاپپاراتلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمچىسى، تېخنىكا بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى بار بولۇپ، شىركەت قارمىقىدا قۇرۇلۇش ئەترىتى، ترانسپورت ئەترىتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تەسىس قىلىنغان.

1981-يىلدىن 1984-يىل 5-ئايغىچە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى غەيرى ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە خاراكتېرىدىكى ئورۇن بولۇپ، پەقەت مەمۇرىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش رولىنىلا ئۆتىگەنىدى. شىركەتكە قاراشلىق ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پەقەت مۇددەت ئىچىدىلا شىركەت ئورگىنىغا باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇردى ۋە تۈرلۈك ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى يوللىدى. 1984-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ شىركەت بىر تۇتاش ھېسابات قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى ھەم ئون تۈرلۈك كارخانا نىزامى ۋە تۈزۈمىنى بېكىتتى، يەنى: «ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «ئەمگەك بىخەتەرلىك قوغدىنىش بويىچە مۇكاپاتلاش-جازالاش نىزامى»، «قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك نىزامى»، «كادىرلار-ئەمگەك تۈزۈمى»، «مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «ترانسپورت ماشىنىسازلىق قائىدە تۈزۈمى»، «سىياسىي ئىدىيە خىزمەت نىزامى»، «قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇش»، «ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «مۇكاپاتلاش-جازالاش نىزامى» قاتارلىقلار. 1985-يىلى پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى دىرېكتور، ئەترەت باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ شىركەتنىڭ ئالىي ھوقۇق ئاپپاراتى ئىكەنلىكى ئېنىق بېكىتىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەيئەت رىياسىتى، يىغىن مەزگىلىدە، شىركەتتىكى بىرقەدەر چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ شىركەت، ئەترەتتىكى لاياقەتسىز باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى.

شىركەتتە بىر تۇتاش ھېسابات يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش تېخنىكا، سۈپەت-بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كادىرلىرى، قۇرۇلۇش سايمانلىرى قاتارلىق فۇنكسىيىلىك بۆلۈم-ئىشخانىلار قۇرۇلۇپ، ئۇنى قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىدى. قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا كۆرۈلگەن ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. شىركەتتىكى ھەرقايسى بۆلۈم-ئىشخانىلار، قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىرى دىرېكتورغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولدى. قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى ھېساباتچى خادىم، ماتېرىيالچى، سۈپەت-بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچى، بىنا باشلىقى، قۇرۇلۇش خادىملىرى، سۈپەت-بىخەتەرلىك، قۇرۇلۇش مۇددىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەترەت باشلىقى ئالدىدا جاۋابكار بولدى.

ھۆددىگە ئېلىنغان بارلىق قۇرۇلۇشلاردا شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش تەرتىپىدىكى بەلگىلەپ چىقىلغان بارلىق رەسمىيەتلەر بېجىرىلدى. سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشنى تاپشۇرۇۋېلىشتا چوقۇم قۇرۇلۇش قىلىش خىراجىتى بويىچە خامچوت تۇرغۇزۇلدى ھەم ئەمگەك كۈچى، ماشىنا-سايمانلار، ترانسپورت ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەترەت مەسئۇل بولۇپ شىركەتكە قۇرۇلۇشنى

ھۆددىگە ئېلىش لايىھىسى ۋە ئەترەت، بەن-گورۇپپىلار بىلەن ئىمزالىغان ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىنى يوللاپ، شىركەت تەستىقلىغاندىن كېيىن نازارەت قىلىپ ئىجرا قىلدى.

شىركەت دىرېكتورى كارخانىنى باشقۇرۇشقا (پىلان-مالىيە، ھېسابات)، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشقا (قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى، ماشىنا-سايمان، ماتېرىيال) ۋە قۇرۇلۇش قوشۇنىنى باشقۇرۇشقا (سىياسىي ئىدىيە خىزمىتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى مەنپەئىتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى) مەسئۇل بولدى. مۇدىر ئىنژېنېرنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى جەھەتتە قوماندانلىق قىلىش، مۇستەقىل قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى، سۈپەت-بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. ئەترەت باشلىقى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاپ، غوللۇق رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. شىركەت يېرىم يىلدا دەسلەپكى قېتىمدا باھالاش ئېلىپ بېرىش، يىل ئاخىرىدا خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىشتەك مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى.

1983-يىلى شىركەت 18 بىنادىكى قۇرۇلۇشتا ئالدى بىلەن سۈپىتىنى، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى، بىخەتەرلىكنى، پايدا-زىياننى ھۆددىگە ئېلىش مەزمۇن قىلىنغان ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى شەھەرگە قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ باش تېپى بولۇپ قالدى. 1984-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىنىپ، بىنا بويىچە ھۆددىگە ئېلىشنى يولغا قويۇشنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتىنى قىسقارتىپ، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ۋە يېڭىلىقلار مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدە ئەترەت باشلىقى، ئەمگەك-ئىش ھەققى، مالىيە كەسپى خادىمى قويۇلدى. قارىمىقىدا قۇرۇلۇش بەنى تەسىس قىلىندى. 1984-يىلدىن بۇرۇن كۆپ ھاللاردا ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ماتېرىيالنى ھۆددىگە ئالماسلىقتەك ھۆددىگە ئېلىش شەكلى يولغا قويۇلاتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئومۇمەن يېڭىدىن سېلىنىدىغان، رېمونت قىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىش بىلەن ماتېرىيالنى قوشۇپ بىرلىكتە ھۆددىگە بېرىشتەك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى.

## 2-پاراگراف قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇا شەھىرىگە كېرەكلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئورۇنلىرىدىن ھەل قىلىناتتى. تاش، قۇمنى ئۈچتاش ۋە سايدىن ئېلىپ كېلەتتى. تەمبېنىنىڭ سىرتىدا (بۈگۈنكى تەنتەربىيە سارىيى ئەتراپى) خېلى كۆپ ھاك پىشۇرۇش ئورۇنلىرى بار ئىدى. خۇاڭچېڭ ئەتراپىدا (بۈگۈنكى ئىتتىپاق يولى) بىرنەچچە يەردە خۇمدان بار ئىدى. دىخۇادا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغاچقا، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئېھتىياجىنى قامدىيالايتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. زامانىۋى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلارغا كېرەكلىك پولات ماتېرىياللارنى ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق 1-ئاۋغۇست پولات-تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى تەمىنلەيتتى ياكى ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلەتتى. سېمونتنى

ئاساسەن شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، ھەربىي رايون سېمونت زاۋۇتى، كازىنۇەن سېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى تەمىنلەيتتى. ياغاچ ماتېرىياللارنى ئالتاي، ئىلى، ئەنسەن قاتارلىق ئورۇنلار تەمىنلىگەندىن سىرت، بىر قىسمى ئىچكىرىدىن كىرگۈزۈلەتتى. باشقا سۇ، ئىسسىنىش، بەش خىل مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆلچەم سايمانلىرى، مايقەغەز، قاراماي، سىر، ئەينەك، پولات ئىشىك-دېرىزە، تالالىق تاختاي، فار-فور كېسەك، ماسېيكا، تاشپاختا، سىرلاش ماتېرىيالى قاتارلىقلار رايوننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلاتتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېز بولۇشقا ئەگىشىپ، «ئۈچ خىل ماتېرىيال» (پولات ماتېرىيال، ياغاچ ماتېرىيال، سېمونت) بىلەن تەمىنلەش بەزىدە نورمال، بەزىدە جىددىي بولدى. بەزىدە گەنسۇنىڭ يوڭدېڭ ناھىيىسىدىن سېمونت سېتىۋېلىندى. ئىچكىرىگە پولات ماتېرىيال زاكاز قىلىندى.

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى قۇرۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەشتە بىرىنچىدىن، قۇرۇلۇش كۆپ بولغانلىقتىن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى، ئىككىنچىدىن، ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىشتا ترانسپورت خىراجىتى كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ماتېرىياللارنىڭ تەننەرخى ئۆرلەپ كەتتى. نەتىجىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى ئاز قىسمىنى تەمىنلەيدىغان، كۆپ قىسىم ماتېرىياللارنى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئۆزى سېتىۋالىدىغان بولدى. بۇنداق قىلغاندا قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە، ئىش مۇددىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماستىن، قۇرۇلۇش تەننەرخىنىمۇ تۆۋەنلەتكىلى بولاتتى. ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئۇسۇلى — قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئەترەت بىلەن مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مال زاكاز قىلىش توختامى تۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى. پولات ماتېرىياللارنىڭ يەتمىگەن قىسمىنى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋالغاندىن سىرت، ياغاچ ماتېرىيال، سېمونت، خىش، پولات ئىشىك-دېرىزە، سېمونت بىلەن ياسالغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى زاۋۇت بىلەن مالنىڭ ئەسلى باھاسى بويىچە ئۇزۇن مۇددەتلىك مال زاكاز قىلىش توختامى تۈزدى. بۇنداق قىلغاندا ئېھتىياجغا ئاساسەن مال كىرگۈزگىلى بولىدۇ، ھەم مەيدان ئىگىلىمەيدۇ، ھەم قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. باشقا بەش خىل مېتال، سىر، سىرلاش ماتېرىيالى قاتارلىقلار بىۋاسىتە دۇكاندىن سېتىۋېلىنىدۇ. قاچان ئىشلەتمەكچى بولسا، شۇ ۋاقىتتا سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئادەم كۈچى ۋە ۋاقىتنى تېجىگىلى ھەم مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ تۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تاش-قۇم قاتارلىق باشقا ماتېرىياللارنى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى شىركەتنىڭ مالىيىسىدىن چەك ئېلىپ ئۆزلىرى بېرىپ سېتىۋالىدۇ. ئومۇمەن سېتىۋېلىنغان ماتېرىياللار قۇرۇلۇش ئورنىدىكى ماتېرىياللارنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، لاياقەتسىز خام ماتېرىياللار، مەھسۇلاتلار ۋە يېرىم مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىلىدۇ.

قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلىنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشتىن ئۆزلىرى سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويۇپ ماتېرىيال ساقلاشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتى، سۈپىتى مۇئەييەن دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىنىش يوللىرى ۋە ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن ئوخشاش. پەقەت جەنۇبىي ئازادلىق يولى قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ (يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇش بويىچە چىڭىتىش ئېلىپ بېرىش) 80% قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باشقارمىسى

تەستىقلىدى. 20% نى قۇرۇلۇش ؛ ئىرتى ئۆزلىرى سېتىۋالدى.

## 3-پاراگراف سۈپەتنى نازارەت قىلىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، رايون ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇشلار ياغاچچى ئۇستىنىڭ بىر ۋاراق تۈز يۈزلۈك چېرتيوژىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرىدىغان مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەكشۈرگۈچى تارماق يوق ئىدى. پەقەت قۇرۇلۇش پۈتكەندىلا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، قۇرۇلۇش ئىگىسى ۋە ئىش بېشى بىرلىكتە كۆرۈپ بېقىش، قول بىلەن تۇتۇپ بېقىش، يىپ بىلەن ئۆلچەپ بېقىش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1956-يىلى دۆلەتلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى تۈزۈپ چىققان «بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىكى ۋاقىتلىق تېخنىكىلىق قائىدە»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا ھەرقايسى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىدىغان ئۆلچەم بارلىققا كەلدى (1966-يىلى، 1973-يىلى، 1983-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە تولۇقلاندى).

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۆزلىرى نازارەت قىلىش خىزمىتى بىر مەزگىل بوشاشتۇرۇپ قويۇلغانلىقتىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە بېيىمەن سەي بازىرى قۇرۇلۇشى پۈتتۈشتىن بىر كۈن بۇرۇنقى يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتەك زور سۈپەت ۋەقەسى يۈز بەردى (ئادەملەر زەخىملەنمىدى). «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن شەھەرگە قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ سۈپەت نازارەتچىلىكىنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى قوشۇمچە باشقۇردى. رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ۋە مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ سۈپەت نازارەتچىلىكىنى شەھەرلىك يەرلىك قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش پونكىتى ئاساسلىق باشقۇردى.

1982-يىل 5-ئايدا تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ھەربىر قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن بىردىن تېخنىك ئىشچى ئاجرىتىپ، شەھەرلىك يەرلىك قۇرۇلۇش باشقۇرۇش پونكىتى ۋە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئاچقان تۈنجى قارارلىق كوللېكتىپ بىناكارلىق قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ «سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى»غا قاتناشتۇردى. شۇ يىلى 8-ئايدا ئۆگىنىشنى تاماملىغان تۆت نەپەر خادىم شىركەتتىكى تۆت قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تۈنجى سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىمى قىلىندى. بۇرۇنقى ئەترەت دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى مۇجمەل بولغاچقا، سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ خىزمىتى تېگىشلىك قوللاشقا ئىگە بولالمىدى. ئۆزلىرى يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىۋالغان تەكشۈرۈپ ئۆلچەش قوراللىرىنىڭ ئىنچىكىلىك دەرىجىسى تۆۋەن، ئىقتىدارى ناچار ئىدى. ياغاچتىن ياسالغان يىپ تارتىش تاختىسى، سىزغۇچ، سىملىق يۈز گىرادۇسلۇق تور قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆلچىگەن سان-سېفىرى توغرا بولمىغاچقا، باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىدە دائىم خاتالىق كۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇش ئورنىدىكى بىنا باشلىقى، قۇرۇلۇش خادىملىرىنىڭ سۈپەت ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، تەكشۈرگۈچى خادىملارغا قارشىلىق قىلىش كەيپىياتى مەۋجۇت، تېخنىكىلىق ماتېرىياللارنى يازىدىغان ئادەم يوق، خام ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ

ئۆتكۈزۈۋالغانلىق توغرىسىدا دوكلات يوق بولغاچقا، لايىھىلەش تارماقلىرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ
لايىھىلەنگەن چېرتيوژنى خالىغانچە ئۆزگەرتىش، كۆلىمىنى كېڭەيتىش، قۇرۇلۇشنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسى-
نى چوڭايتىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاش، ئازايتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ، سۈپەت
ئۆتكىلىدە يوشۇرۇن ئامىللار پەيدا بولدى.

سۈپەت نازارەتچىلىك خىزمىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۈ-
چۈن، 1984-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىدە سۈپەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش
بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، دىرېكتوردىن تارتىپ ئىشچىلارغىچە سۈپەت كاپالەتلىك سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، تەربىيىلەش، نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر
ئارقىلىق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆزىنىڭ خىزمەت تۈرى، كەسىپىگە قارىتا «تۆتنى
بىلىش، تۆت بولۇش» (قېلىپلىشىشنى بىلىش، سۈپەت ئۆلچىمىنى بىلىش، مەشغۇلات قائىدىسىنى بىلىش،
چېرتيوژنى كۆرەلەيدىغان بولۇش، مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان بولۇش، رېمونت قىلالايدىغان بولۇش،
تەكشۈرۈپ ئۆلچىيەلەيدىغان بولۇش) نى ئاشۇرۇلۇپ، سۈپەت نازارەتچىلىك تەكشۈرۈشنىڭ كارخانىدى-
كى زور ئەھمىيەتكە بولغان تونۇش يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلمايدىغان
قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىمۇ ئەمەلىيەتتە نازارەتچىلىك تەكشۈرۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىدىغان
بولدى.

شىركەت بېيجىڭ، شىپنياڭ ۋە ئۆز رايونىدىن يۆرۈشلەشتۈرۈلگەن زامانىۋى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش
قورال-سايمانلىرىنى سېتىۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە لېنتودولىت، ئۆلچەش ئەسۋابى، نىۋېلىر، يۆگەلمە مېتىر،
ئۆلچىگۈچ ئەينەك، چوڭ كۆرسىتىش ئەينىكى، كىچىك بازغان، يۈز كىرافلىق تور، ئويغۇچ، تۈز سىزغۇچ،
تۆت چاسا سىزغۇچ، ئاليۇمىن بىرىكمىلىك تەكشۈرۈش-ئۆلچەش سىزغۇچى، ئوم سائىتى قاتارلىقلار بولۇپ،
بۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ئەترەت، بىنالارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

شىركەتنىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمى ئالتە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ،
ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن ئاپتونوم رايون، شەھەر ئۇيۇشتۇرغان بىناكارلىق-قۇرۇلۇش
كەسپىي ئۆگىنىشكە ۋە يېڭى سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشقان. بۇلارنىڭ
ئىچىدىكى بىر ئادەم ئىچكى ئىشلار خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئاساسلىقى ھەر ئايدا شەھەرلىك
قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش باشقۇرۇش باشقارمىسىغا، شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىگە، رايونلۇق
ھۆكۈمەتكە سۈپەت، بىخەتەرلىك مەلۇمات جەدۋىلىنى يوللاش، ھەرقايسى قۇرۇلۇش بىنالىرىدىكى تېخنى-
كىلىق ماتېرىياللارنى رەتلەش، ھەرقايسى يېڭىدىن سېلىنغان بىنالارغا توپا قۇرۇلۇش، سۇ تورۇبىسى،
يوندا تورۇبىسى، ئىسسىنىش، تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى تارقىتىش قاتارلىق 30 غا يېقىن تارماق بۆلۈم،
تارماق تۈردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى يوللاشقا مەسئۇل بولدى. قالغان
خادىملار ئىككى تاشقى ئىشلار گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەرقايسى قۇرۇلۇش بىنالىرىنى تەكشۈرۈشنى
بۆلۈپ ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار يېڭى سېلىنىدىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇلى، ئاساسىي گەۋدىسى، يەر يۈزى،
ئىشىك-دېرىزىلەرنى زىننەتلەش، ئۆگزە، ئۆينىڭ ئىچى-سىرتىنى بېزەش، سۇ تورۇبىسى، يوندا تورۇبىسى،
ئىسسىنىش، تازىلىق ئەسلىھەسى قاتارلىقلارنى ياساش، قۇراشتۇرۇشتىكى تارماق بۆلۈم، تارماق تۈرلەردىكى
قۇرۇلۇشلارغا قارىتا ئەمەلىي ئۆلچەش، ئۆز مۆلچىرى بىلەن ئۆلچەش ئېلىپ باردى ھەمدە بىخەتەرلىك
ئەسلىھەسى ۋە تېخنىكىلىق ماتېرىياللارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تېخنىكا ماتېرىياللاردا، ئاساسلىق
قىلىپ قۇرۇلۇش بىنالىرىدىكى ھەرقايسى تارماق بۆلۈم، تارماق تۈرلەر بويىچە سۈپەتنى ئۆزلىرى
تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتكەن جەدۋەللەرنى، سېمونت بىلەن ياسالغان لىم، تاختا تۈۋرۈكنىڭ ئىچىدىكى

پولات چىۋىقلار، يۇندا تۇرۇبىسى، تام ئىچىگە ئىلىنغان تۆمۈر (ياغاچ) ماتېرىياللىرى، شىغىل لاي، سېمونت تاختا، پولات چىۋىق، بېتونلۇق مەھسۇلات، يېرىم مەھسۇلاتنىڭ لاياقەتلىك كىنىشكىسى ۋە كۆچۈرۈش دەرىجىسىدىكى سىناق دوكلاتلارنى تەكشۈردى. ھەربىر گۇرۇپپا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە ئۈچ-تۆت قۇرۇلۇش ئورنىنى تەكشۈرۈپ، ھەربىر قۇرۇلۇش بىناسىغا ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم بېرىشقا كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلە بايقالسا نەق مەيداندا قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملارغا ۋە ئىش ئورنىغا مەسئۇل كىشىلەرگە پىكىر بەردى. سۈپەتكە سەل قارىغان بىنالارغا قارىتا، مۇددەت ئىچىدە قايتا ئىشلەشكە ياكى ئىشتىن توختاشقا بۇيرۇق قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى.

بىر يىلدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم دىرېكتور، ئىنژېنېر، ھەرقايسى بۆلۈم-ئىشخانىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئەترەتلەر سېلىۋاتقان قۇرۇلۇش بىنالارغا بېرىپ سۈپەت، قۇرۇلۇش مۇددىتى، بىخەتەرلىك، تېخنىكا ماتېرىياللار، ماشىنا-سايمانلار قاتارلىق جەھەتلەردىن چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كۆز بىلەن مۆلچەرلەش، ئەمەلىي ئۆلچەش ئارقىلىق، نەق مەيداندا باھالاپ ئايرىم-ئايرىم نومۇر قويۇپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ ئېلان قىلدى.

ھەربىر بىنانىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشنى قەۋەت سانىنىڭ ئوخشىماسلىقى بويىچە، ئارىلىقتا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈردى. نومۇر قويۇش، سۈپەت دەرىجىسىنى باھالاپ چىقىشنى ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلدى.

ئەتىياز، ياز، كۈزدىكى قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ياخشى ۋاقتىدا، «يەكشەنبىلىك نەق مەيدان دېجورنىلىق تۈزۈمى»نى يولغا قويدى (قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئادەتتە قىش پەسلىدە دەم ئالىدۇ)، دىرېكتور، ئىنژېنېر، بۆلۈم باشلىقىدىن تەشكىللەنگەن تۆت-بەش كىشىلىك ئىككى دېجورنىلىق گۇرۇپپىسى يەكشەنبە كۈنى نۆۋەت بىلەن ھەرقايسى قۇرۇلۇش بىنالىرىغا بېرىپ چارلاپ تەكشۈردى. مەسىلە بايقالسا نەق مەيداندا ھەل قىلدى ھەمدە تەكشۈرۈش خاتىرىسى قالدۇردى.

قۇرۇلۇش پۈتۈشتىن بۇرۇن، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئومۇمەن سۈپەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن قىسمەن قۇرۇلۇشلارغا قارىتا مۇددەت ئىچىدە تۈزەپ بولۇش پىكرىنى ۋە لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىنانىڭ تېخنىكىلىق ماتېرىيالىنى شەھەرلىك سۈپەت نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يوللاپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. شەھەرلىك سۈپەت نازارەت قىلىش پونكىتى، قۇرۇلۇش ئورنى ۋە شىركەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە رەسمىي تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، شەھەرلىك سۈپەت نازارەت قىلىش پونكىتى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆلچىگەن سان-سىفىرلارنى ئاساس قىلىپ، قول قويۇپ، سۈپەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتتى.

ئىشلىتىشكە تاپشۇرغان قۇرۇلۇشنى شىركەت بىر يىل ئاسراپ رېمونت قىلىپ بەردى (سۇ، پار، توك يېرىم يىل)، ئاسراش، رېمونت قىلىش پۇلىنى قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە قۇرۇلۇش ئورنى مەسئۇل بولۇپ قۇرۇلۇش پۇلى ئىچىدىن تۇتۇپ قېلىپ ۋاقىتلىق ساقلاپ قويدى. بۇ مەزگىلدە قۇرۇلۇش قىلغۇچى تېخنىكىلىق بۆلۈم، سۈپەت تەكشۈرگۈچى بۆلۈم، ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ، بىنالارغا بېرىپ، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاپ، ئاسراش، رېمونت قىلىش دائىرىسىگە كىرىدىغان سۈپەت مەسىلىسى بايقالسا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننى مۇددەت ئىچىدە رېمونت قىلىشقا دەرھال بۇيرىدى.

1984-يىلى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرگە قاراشلىق رايون، ناھىيىدىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ 17 تۈردە قۇرۇلۇش سۈپىتى،

قۇرۇلۇش مۇددىتى، بىخەتەرلىك بويىچە قىزىل بايراق تالىشىش مۇسابىقىسىدا، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 2-ئەترىتى سالغان خىمىيە سانائىتى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ 3600 كۋادرات مېترلىق تۇرالغۇ-ئۆي قۇرۇلۇشى، 849-ئىسكىلاتنىڭ 3050 كۋادرات مېترلىق تۇرالغۇ-ئۆي قۇرۇلۇشى ئومۇمىي نومۇردا 82 نومۇر، 87 نومۇرغا ئېرىشىپ بىرىنچى بولدى.

1986-يىل 5-ئايدا شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان شەھەرگە قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىك، قۇرۇلۇش مۇددىتى، مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇش قىلىشتىن ئىبارەت «تۆت مۇسابىقە» باھالاش پائالىيىتىدە، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى شەھەر بويىچە ئۈچىنچىلىككە، كوللېكتىپ كارخانا بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى 11-ئايدىكى «تۆت مۇسابىقە»دە يەنە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. شۇ يىلدىكى شەھەرگە قاراشلىق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تاللاپ تەكشۈرۈشتە، شىركەت 73.43 نومۇرغا ئېرىشىپ شەھەر بويىچە ئۈچىنچىلىككە، كوللېكتىپ كارخانا بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

1987-يىل 6-ئايدا 9-ئەترەت سالغان لايىھىلەش مەھكىمىسىنىڭ ئولتۇراق-ئۆي بىنا قۇرۇلۇشى ئورنىدا قۇرۇلۇش خادىمى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، كېچىلىك قۇرۇلۇش ئىشىدا نەق مەيداندا بولمىغانلىقى، سېمونت لاي ئەتكۈچى مەسئۇل ئىشچى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، سېمونت لايىنى ياخشى ئەتمىگەنلىكى، تۆت تەرىپىدىكى تاختاينى چىڭ ئەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن زور مىقداردىكى سېمونت لاي سىرتقا ئېقىپ كېتىپ، پولات چىۋىق بىلەن سېمونت تاختاينىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپ، تۈۋرۈك ئىچىدىكى پولات چىۋىق چوڭ ھەجىمدە ئېچىلىپ قېلىش، بوشاپ كېتىشتەك زور سۈپەت ۋەقەسى يۈز بەردى. شىركەت مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. ئاساسلىق باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىنژېنېرنىڭ ئىككى ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى تۇتۇپ قالدى. سۈپەت بىخەتەرلىكنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ بىر ئايلىق مۇكاپات پۇلىنى تۇتۇپ قالدى. ئەترەت باشلىقىغا بىر قېتىم مەمۇرىي گۇناھ يېزىپ ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ %20 نى تۇتۇپ قالدى. سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىمنىڭ ئىككى ئايلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى، ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ %20 نى تۇتۇپ قالدى. مەمۇرىي جەھەتتىن گۇناھ يېزىش جازاسى بەردى؛ مەشغۇلات قىلغۇچى خادىمنىڭ ئىككى ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ %30 نى تۇتۇپ قالدى ھەمدە مەمۇرىي جەھەتتىن گۇناھ يازدى؛ قېلىپ ئىشچىلىرىنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ %20 نى تۇتۇپ قالدى، ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان قۇرۇلۇش ئىشچىسىنى ئىشتىن قوغلاپ چىقاردى.

بۇ قېتىمقى سۈپەت ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، ھەرقايسى ئەترەت، قۇرۇلۇش بىنالىرىدا چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى. تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، سۈپەت ۋەقەسىنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا، ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش بىناسىدىكى سۈپەتكە دائىر يوشۇرۇن ئامىللارغا قارىتا ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1982-يىلدىن بۇرۇن، ھەرقايسى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى شەھەرلىك يەرلىك قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش پونكىتى نازارەت قىلاتتى. 1982-يىل 10-ئايدا شەھەرلىك يەرلىك قۇرۇلۇش باشقۇرۇش پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985-يىلى ھەرقايسى مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى شەھەرلىك سۈپەت نازارەت قىلىش پونكىتى نازارەت قىلدى. 1987-يىلى ھەرقايسى ئەترەتلەر خادىملارنى تاللاپ شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان سۈپەت تەكشۈرگۈ-

چى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. كۇرسنى پۈتتۈرگەن خادىملار ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملىرىغا ئايلاندى. ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ سۈپەت نازارەت قىلىش خىزمىتى مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى.

## 4-پاراگراف بىخەتەر قۇرۇلۇش قىلىش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، رايون ئىچىدە ئېگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلار ناھايىتى ئاز ئىدى، بىخەتەرلىك ئەسلىھەسى ھەم بىخەتەر مەشغۇلات قىلىش قائىدىسىمۇ يوق ئىدى. قۇرۇلۇش ئۇستىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تىرەپ قويۇلغان ياغاچ، ياتقۇزۇلغان تاختاي يوللىرىنى ئىشەنچلىك باغلىغان ياكى باغلىمىغانلىقىنى تەجرىبە سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ چىقاتتى.

50-يىللاردىن باشلاپ، دۆلەت بىناكارلىق-قۇرۇلۇش «بىخەتەرلىك تېخنىكىسى» قوللانمىسىنى ئېلان قىلدى. ھەر دەرىجىلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىمۇ ئۆزلىرى بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش قائىدە-تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ بېكىتتى.

قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ مەسئۇلى، مەشغۇلات ئېلىپ بارغۇچى بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرمەي سەل قارىغانلىقتىن، ئاپتونوم رايون، شەھەر، رايوندىكى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا ئۆلۈم-يېتىم، يارىلىنىش ۋەقەلىرى پات-پات يۈز بېرىپ تۇردى. 1959-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى خەلق باغچىسىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان جازا تىكلەۋاتقاندا جازا قىلىنغان ياغاچلارنىڭ ئارىلىقى بەك كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ھەم قىيپاش تىرەك بولمىغانلىقتىن، جازا سىرتقا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بىر ئادەم ئۆلگەنىدى.

قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېگىزلەپ مېڭىشى ۋە قۇرۇلۇش مۇددىتىگە چەك قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىش مۇددىتىنى قوغلىشىپ قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ئۆلۈم-يېتىم، يارىلىنىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئەھۋاللىرى ھەر دەرىجىلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. 1983-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 4-ئەترىتى ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇرتا شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ-ئۆي بىناسى قۇرۇلۇشىنى سېلىش جەريانىدا ئۇلنى قېزىۋاتقاندا، مەشغۇلات قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن، تۇڭ توپا قاتلىمى چۈشۈپ كېتىپ كۆپ ئادەمنى بېسىۋېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. نەتىجىدە بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى، ئىككى ئادەم ئۆلدى. شۇ يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەترەت باشلىقىغا، بىخەتەرلىككە مەسئۇل كىشىگە، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىمغا ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى بەننىڭ باشلىقىغا مۇناسىپ جازا بەردى. شىركەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى. ئۆلگۈچىنى 4-ئەترەت مەسئۇل بولۇپ دەپنە قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا تۆلەم بەردى. ئېغىر يارىلانغۇچىنى شىركەت مەسئۇل بولۇپ داۋالاتتى ھەم تۈرلۈك قوشۇمچە ياردەم پۇل تارقىتىپ بەردى.

بۇ ۋەقە ئاپتونوم رايون، شەھەر، رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدى. شىركەت، ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدە زور تەسىر قوزغىدى. بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئاجىز ھالقىغا نىسبەتەن شىركەت رەھبەرلىكى ھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن ئامىللىرىنى تەكشۈردى. جىددىي يىغىن ئېچىپ، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش،

قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن زەخىملىنىش، ئوت ئاپىتى، توك سوقۇۋېتىش، ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىش قاتارلىق ئۆلۈم-يېتىم، يارىلىنىش سادىر قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئامىللارغا قارىتا بىر قاتار بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قائىدە-تۈزۈملىرى، تەدبىر ۋە مۇكاپاتلاش-جازالاش چارىلىرىنى تۈزۈپ بېكىتتى. قۇرۇلۇش ئورنى مەيدانىغا كىرگەندە بىخەتەرلىك قالپىقى كىيمەسلىك، ئېگىزدە مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا بىخەتەرلىك تاسمىسى باغلىماسلىق، ھاراق ئىچىپ ئىشقا كېلىش، ئىش ئورنىدا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋېلىش، ياغاچ تاختايلارنى ئېلىۋەتكەندە مىقنى چىقىرىۋەتمەسلىك ھەمدە قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇش، تىكلىگەن جازىلىرى ئاجراپ كېتىش، پورلىشىپ كەتكەن ياغاچلارنى جازا ئورنىدا ئىشلىتىش قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارغا بىر يۈەندىن 20 يۈەنگىچە جەرىمانە قويىدى. نەسىھەتنى ئاڭلىماي قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ۋەقە سادىر قىلغانلار ئاقىۋىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولدى. توساق ئورنىدىكى تورلارنى ئەستايىدىل تارتمىغان، «بىخەتەرلىك بويىچە مۇكاپاتلاش-جازالاش چارىسى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلمىغان، مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىپ زور بىخەتەرلىك ۋەقەسى سادىر قىلغان ئىش ئورنىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىندى. ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ئېغىر يارىلىنىش ۋەقەسى ياكى بىر ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى يۈز بەرسە، بىخەتەرلىك خادىمىغا زىياننىڭ %20 ى بويىچە جەرىمانە قويۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئەترەت باشلىقىغا دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلدى. ئۈچ ئادەم ئېغىر يارىلانسا ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلسە، بىخەتەرلىك خادىمى، ئەترەت باشلىقى، قۇرۇلۇش بىناسىنىڭ باشلىقى نەق مەيداندا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە زور بىخەتەرلىك ۋەقەسى سادىر قىلمىغان قۇرۇلۇش ئەترىتىگە قارىتا شىركەت قۇرۇلۇش ئەترىتى باشلىقىنى، بىخەتەرلىك خادىمىنى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىمنى، قۇرۇلۇش بىناسىنىڭ باشلىقىنى مۇۋاپىق مۇكاپاتلىدى.

شىركەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم، ئىشخانىلار قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى بىخەتەرلىك خادىملىرىغا ھەمكارلىشىپ، «خۇشال-خورام ئىشقا كېلىپ، تىنچ-ئامان ئۆيگە قايتىڭ»، «پۈتۈن ئائىلىڭىزنىڭ بەختى ئۈچۈن بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيىۋېلىڭ»، «سۈپەت بىرىنچى، بىخەتەرلىك بىرىنچى»، «توكقا سوقۇلۇپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ»، «بۇ يولدا مېڭىش مەنئى قىلىنىدۇ»، «بۇ يەردە ئادەم تۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ» قاتارلىق بىخەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش تاختايلىرىنى ئېسىپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى خادىملارغا قارىتا بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، بىخەتەرلىك تۈزۈمى ۋە بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلار خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە تارقىتىپ بەردى. 1984-يىل 5-ئايدا پۈتۈن شىركەتتىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن بىر قېتىم بىخەتەرلىك ئىمتىھانى ئېلىندى. پەقەت يەتتە ئادەملا لاياقەتسىز بولۇپ چىقتى.

بىر قاتار بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى بىرقەدەر مۇقىم ھالەتكە ئىگە قىلدى. 1985-يىل 3-ئايدا شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان پۈتۈن شەھەر بويىچە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تاللاپ تەكشۈرۈپ باھالاشتىكى 16 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 8-ئەترىتى سالغان سۈت شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ-ئۆي بىنا قۇرۇلۇشى شەھەر بويىچە بىرىنچى بولۇپ باھالاندى.

لېكىن ئايرىم ساندىكى ئىشچىلار نەسىھەتنى ئاڭلىماي، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ باردى. 1985-يىل 6-ئاينىڭ 14-كۈنى، 8-ئەترەت سالغان بىر تۇتاش ئىشخانىنىڭ 6-نومۇرلۇق بىناسىدا بۇرمىلىق پولات جازا ئورنىتىش ۋاقتىدا بىر ئىشچى نەسىھەتنى ئاڭلىماي ھاراق ئىچىپ ئىشقا چۈشۈپ، توساش ئارغامچىسىنى تارتماي قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان، نەتىجىدە بۇرمىلىق پولات جازا ئۆرۈلۈپ كېتىپ

ئۆزى نەق مەيداندا ئۆلگەن. 1987-يىل 7-ئاينىڭ 16-كۈنى كەچ سائەت بېيجىڭ يازلىق ۋاقتى توققۇزدا، 1-ئەترەت سېلىۋاتقان چەت ئەل تىل كىتابخانىسى قۇرۇلۇش ئورنىدا سىمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتقاندا، بىر ئىشچى بىخەتەرلىك قالپىقىنى كىيمەي، رەسمىيەتسىز مەشغۇلات قىلىپ، ئۆزى خالىغىنىچە تاسمىلىق مال توشۇش ماشىنىسىنى ماڭدۇرغان، نەتىجىدە ماتېرىيال ئوقۇردىن چىقىپ كېتىپ، بىر پارچە خىش ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپ كەتكەن ۋە قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەن. تەجرىبە-ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ زور بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شىركەتتىكى بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرگە، مۇدىر ئىنژېنېرغا، سۈپەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا، ئەترەت باشلىقىغا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىمغا، بىنا باشلىقىغا، بىخەتەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل خادىمغا مۇكاپات پۇلى بىلەن ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش قاتارلىق ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى جازا بېرىلدى.

ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدە 1987-يىلغا قەدەر ئېغىرراق تالاپەتكە ئۇچراش ۋەقەسى يۈز بەرمىدى.

## 5-پاراگراف مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى «ئىش باشلاش» تۈزۈمى بويىچە تارقىتىلاتتى. خىزمەتتە نورما ئۆلچىمى يوق ئىدى. مەيلى كۆپ-ئاز بولسۇن، پەقەت بىر كۈن ئىشلىسىلا، ئىش بېشى ھەر كىم ئۆزى تەييارلىغان كىچىك دەپتىرىنىڭ ئۈستىگە شەخسىي تامغىسىنى باسسىلا (ئىش كۈنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ) يېرىم ئايدا ياكى بىر ئايدا بىر قېتىم ھېسابات قىلىنىپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى تامغا باسقاندىن كېيىن سان بويىچە بىۋاسىتە نەق پۇل تارقىتاتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا، قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قۇرۇلۇش پۇلىنىڭ ئىچكى-تاشقى ھېساباتىغا مەسئۇل ئىدى. كادىر، ئىشچىلارغا مەمۇرىي ۋە تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە ئايلىق ئىش ھەققى تارقىتىپ بېرەتتى. تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ مالىيە ھېسابات كەسپى، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كوپېراتىپى قۇرۇلغان كۈندىن باشلىنىپ تاكى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتىدە مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى قۇرۇلغانغا قەدەر داۋاملاشتى، ھەم شۇنىڭدىن كېيىن مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. لېكىن بۇ خىزمەت پەقەت قۇرۇلۇش پۇلىنىڭ ئىچكى-تاشقى ھېساباتى ۋە باشقۇرغۇچى خادىم ئىشچىلارنىڭ ئىش-ھەققىنى تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى.

1981-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ئورگىنىدا بىردىن بوغالتېر، كاسسىر تەسىس قىلىندى. ئۇلار ھەرقايسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئەترەتلەردىن باشقۇرۇش ھەققى يىغىش، رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پەسىللىك، يىللىق مالىيە مەلۇمات جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ يوللاشقا مەسئۇل بولدى. ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدە بىردىن بوغالتېر، كاسسىر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىچكى-تاشقى ھېسابات دەپتەرلىرىنى مۇستەقىل ھېسابات قىلىپ، باشقۇرۇش خادىملىرى بىلەن بەن-گۇرۇپپىلاردىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش-ھەققىنى تارقىتىپ بەردى.

1984-يىلى شىركەتتە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، مالىيە تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ھېسابات ئەھۋالى ئېنىق بولماسلىق، مالىيە باشقۇرۇشى قالايمىقان بولۇش، ئەمگەك قوغدىنىش بۇيۇملىرىنى قالايمىقان تارقىتىش، ئاممىۋى جۇغلانما

بولماسلىق، «داش قازاننىڭ تامقى»نى يېيىش ۋە ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋاللار تۈزىتىلدى. مەسىلەن: 1983-يىلى 2-ئايدا ئەترەت نەچچە 10 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ باشقا ئورۇننىڭ «ۋارشاۋا» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسىدىن بىرنى سېتىۋالغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ماشىنىنىڭ ئاللىبۇرۇن كېرەكتىن چىققانلىقى ئېنىقلىنىپ، تۆمۈر-تەسەكلەرنى يىغىۋېلىش پونكىتىغا ئاپىرىپ بېرىپ ئاران 70 يۈەنگە سېتىۋەتكەن.

بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بوغالتېردىن بىر نەپەر، مالىيە بوغالتېرىدىن بىر نەپەر، كاسسىردىن ئىككى نەپەر، ھېساب خاتىرىلىگۈچىدىن ئىككى نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىردىن بىر نەپەر، تەننەرخ بوغالتېرىدىن بىر نەپەر تەسىس قىلىندى. مالىيە بوغالتېرى پۇللارنىڭ كىرىم-چىقىمىغا، باشقۇرۇش خادىملىرى، پېنسىيىگە چىققان خادىملار، ئىشچىلارنىڭ ئىش-ھەققىنى، داۋالىنىش خىراجىتى، كوماندىروپكا خىراجىتى، ئۆي ھەققىنى تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى. تەننەرخ بوغالتېرى قۇرۇلۇش خام چوتىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش تۈرىدىكى چىقىملارنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ھەر ئايدا قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بويىچە ھېسابات قىلدى. ھېسابات دەپتىرىدە پۇلى يوق قۇرۇلۇش بىنالىرىغا ئىش ھەققى تارقاتمىدى. قۇرۇلۇش نەق چوتىدىن كېيىن، ئېشىندىسى بار قۇرۇلۇش بىنالىرىغا پايدا بۆلۈشتە، بارلىق قۇرۇلۇش پۇللىرىنى يىغىۋېلىش، سىرتتا قەرزى بولماسلىق شەرتى ئاستىدا، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باشقۇرۇش ھەققىنى، ماشىنا سايمانلار، جازا-ماتېرىيالنىڭ ئىجارە ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن پايدا بۆلۈپ بېرىپ، پايدا بۆلۈشتىكى دەرىجە پەرق سوممىسىنى قاتتىق كونترول قىلدى. ئىككى كاسسىرغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەق پۇل ۋە چەك باشقۇرغۇزدى. نەق پۇل ئاتچوت قىلىش تالونىغا ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەر قول قويغاندىن كېيىن ئاتچوت قىلىپ بەردى. ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدە مەخسۇس ئادەم قول قويۇش ئارقىلىق چەك ئېلىندى. چەك كۆتىكى بىلەن تالونىنى ئون كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بېرىش، بولمىسا چەك ئالغۇچىنىڭ شۇ ئايلىق ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىش بەلگىلەندى. چەكنى يىتتۈرىۋەتسە ياكى زىيان كەلتۈرۈپ چىقارسا، چەك ئالغۇچى بىلەن كاسسىر مەسئۇل بولدى. ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ئاتچوت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.

شىركەتتە ئاساسىي ئىش ھەققىگە لەيلىمە ئىش ھەققى بىلەن پايدا قوشۇشتەك ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئايلىق ئىش ھەققى جەدۋىلىگە چوقۇم قۇرۇلۇش قىلغۇچى بەننىڭ باشلىقى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىم قول قويۇپ، يوقلىما جەدۋىلىنى قوشۇپ ئەترەت باشلىقى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن شىركەتتىكى ستاتىستىكا خادىمىنىڭ قۇرۇلۇش مىقدارىنى تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇپ بېرىش، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمى سۈپەت توغرىسىدىكى پىكرىنى يازغاندىن كېيىن كادىرلار بۆلۈمى تىزىملىككە سېلىشتۇرۇپ چىقىش، دىرېكتور تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن مالىيە بۆلۈمىگە تاپشۇرۇش شەرت قىلىندى.

1984-يىلى شىركەتنىڭ پايدىسى 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985-يىلنىڭ بېشىدا شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى «قۇرۇلۇش پۇلىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ئۆزلىرى توپلاش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن قۇرۇلۇش ئورنى بىلەن قايتا ھېسابات قىلىش كېرەك» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇ يىلى 4-ئايدا شىركەت شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدىن «چوڭ ئوبوروت مەبلىغى» سۈپىتىدە 1 مىليون يۈەن قەرز ئالدى. كېيىن شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى «ئۇقتۇرۇش»نى ئىجرا قىلىشنى توختاتتى. 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز پۇلدىن يەنە 150 مىڭ يۈەن قالدى.

1988-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى 590 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى؛

سەۋەبى،بىرىنچىدىن، شىركەت ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ كەسپىي ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەي، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بويىچە نەق چوت قىلىشقا ئامالسىز قىلىپ، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش كىرىمى كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، جەنۇبىي پويىز ۋوگزالىدىكى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ياخشى بولماي، ماتېرىيال، ئىشچى، ئەسلىھەلەرنىڭ ئىسراپچىلىقى ئېغىر بولدى. ھەرقانداق ۋاستىلىك خىراجەت ئېلىنماي ساپ 70 مىڭ يۈەندىن كۆپ زىيان چىقتى. ئۈچىنچىدىن، ماشىنا ترانسپورت ئەترىتى قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار يۈردى. ئارىلىقتا ئۈچ ماشىنا رېمونت قىلىنىپ، 12 مىڭ يۈەن زىيان چىقتى، تۆتىنچىدىن، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بازىرىدىكى رىقابەت كەسكىن بولدى. كۆرسەتكۈچ بويىچە چوڭ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ يەككە جەمئىيتىكى پۈتۈش باھاسى ئەمەلىي تەننەرختىن خېلى تۆۋەن بولدى. بەشىنچىدىن، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە شىركەتنىڭ %80 قۇرۇلۇشىدا «ئۈچ خىل ماتېرىيال» كۆرسەتكۈچى يوق ئىدى. پولات ماتېرىياللىرىنىڭ خام چوتتىكى باھاسى ھەر توننىسى 700 يۈەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە سېتىۋېلىنغاندىكى باھا ھەر توننىسى 1400 يۈەندىن 1500 يۈەن ئارىلىقىدا بولدى. 1984-يىلى ماتېرىياللارنىڭ تەننەرخى ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ پەقەت %60.77 نى ئىگىلىدى. ئەكسىچە 1985-يىلدىكى ماتېرىيال تەننەرخى ئومۇمىي تەننەرخىنىڭ %69.15 نى ئىگىلىدى. پەقەت مۇشۇ تۆرگىلا 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىندى.

1986-يىلى 600 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

1987-يىلى 120 مىڭ يۈەن زىيان چىقتى. سەۋەبى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆستى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كۆپەيتىلدى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بازىرىنىڭ رىقابىتى كەسكىن بولدى. 14 تۈرلۈك پۈتكەن قۇرۇلۇشتا، ھەربىر تۈردىكى قۇرۇلۇشنىڭ ھۆددىگە ئالغان توختامدىكى باھاسى خامچوتتىكى باھادىن تۆۋەن بولدى. مەسىلەن: سوچىلىق نازارىتى ئولتۇراق-ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ خام چوتتىكى پۈتۈش باھاسى ھەربىر كۋادرات مېترىنىڭ 254 يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە ھۆددىگەرلىك توختامدىكى باھادا ھەربىر كۋادرات مېتر ئايرىم-ئايرىم ھالدا 195 يۈەن ۋە 199 يۈەن بولدى، ھەربىر كۋادرات مېتردىن 59 يۈەندىن 55 يۈەن ئاز كىرىم قىلىنىپ، شىركەتنىڭ 1 مىليون يۈەنگە يېقىن كىرىمى ئازىيىپ كەتتى.

1987-يىلى 1975-يىلدىن بۇيانقى مالىيە ھېسابات ماتېرىياللىرى بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى.

1987-يىلى شىركەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. ئىلگىرىكى خاتىرىلەپ قويۇش تالونى، تالون بويىچە ھەممىنى ئاتچوت قىلىشنى مەزكۇر ئادەمنىڭ خىزمەت ستاژى بويىچە ئاتچوت قىلىشقا ئۆزگەرتتى. بالنىستتا يېتىش خىراجىتىنى تولۇق ئاتچوت قىلدى. بالنىستتا يېتىش، كېسەل ۋاقتىدىكى ئىش-ھەققىنى مەزكۇر ئادەمنىڭ ستاژى بويىچە تۈرگە ئايرىپ تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەخمىنەن 17 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى.

1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىركەت يۇقىرىغا سودا-سانائەت بېجى، ئېنېرگىيە-قاتناش بېجىدىن 2 مىليون 382 مىڭ يۈەن تاپشۇردى. شىركەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغى 5 مىليون 217 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. شىركەت قايتۇرۇپ كېلىشكە تېگىشلىك بولغان، لېكىن تېخى قايتۇرۇپ كېلەلمىگەن پۇل 1 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ھەرقايسى مەھەللىدىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ئەترەت قۇرۇلغاندىن باشلاپ بىردىن بوغالتىر، بىردىن كاسسىر تەسىس قىلغان بولۇپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويغان.

## 6-پاراگراف تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇادا بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تېخنىك مەكتىپى يوق ئىدى، بىر ئۇستا بىر ياكى بىرنەچچە شاگىرتنى ئەگەشتۈرۈپ، يىپ تارتىش، ياغاچ جازا تىكلەش، كېسەك-تاش قويۇش، سۇۋاش، كېسەك، ياغاچ ئويۇش قاتارلىق ئەمەلىي مەشغۇلات ھۈنەر-سەنئىتى بىلەن ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان تەجرىبىلەرنى ئۆگىنەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، چوڭ كۆلەمدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ گۈللىنىشىگە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر-سەنئەت، يېڭى ماشىنا سايمانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ كۆپلىگەن بىناكارلىق ئىش تۈرلىرى مۇستەقىل ئايرىلىپ چىقتى. بۇ ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كارخانىلىرى تۈرلۈك تېپتىكى ئۇزۇن-قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىنى ئۆزلىرى ئاچتى. تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-، 2-شىركىتى ئىشچىلار ئارىسىدا «ماھارەتتە چوڭ بەسلىشىش»، «بەسلىشىش، ئۆگىنىش، يېتىشتۈرۈش، ياردەم قىلىش، ئېشىپ كېتىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش سۈرئىتىدە بەسلىشىش، تاش-خىشلارنى قويۇشتا تۈز بولۇشتا بەسلىشىش، تەكشى سۇۋاشتا بەسلىشىشنى يولغا قويۇپ ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈردى.

1981-يىلى تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، توپا-ياغاچ-كېسەك قۇرۇلمىسىدىكى قۇرۇشلار ئاساسىي جەھەتتىن زاماندىن قالغانىدى. قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپ قىسمى خىش، سېمونت قۇرۇلمىسىدىكى ئېگىز قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلار ئىدى. ئەكسىچە شىركەتكە قاراشلىق ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدىكى تېخنىك، قۇرۇلۇش قىلغۇچى تېخنىك خادىملارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى «بىلىم يۇرتى»دىن چىققان ئەمەس ئىدى. كەسپىي نەزەرىيە بىلىملىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. قۇرۇلۇش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كەسپىي نەزەرىيە بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارمىسا بولمايتتى. 1982-يىل 5-ئايدا تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشلىدى. سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئۆزلىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. تۇنجى قېتىمدا 22 كىشى ئوقۇش پۈتتۈردى. 1983-يىلى شىركەت 12 نەپەر خادىمىنى ئاجرىتىپ، شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئاچقان قۇرۇلۇش قىلغۇچى تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. ئۇلار پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. 1984-يىلى شىركەت ئىككى كىشىنى چېڭدۇ، بېيجىڭ شەھىرىگە بىخەتەرلىك قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ۋە سۈپەت باھالاپ بېكىتىشنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. 29 ئادەمنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى، شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئۇلار پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. 1985-يىلى شىركەت ئىككى كىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى ئۇيۇشتۇرغان توپلىق قۇرۇلۇش بويىچە ئۇستا تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. 11 ئادەمنى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان توك پايلاش ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئۇلار پۈتتۈرۈپ گۇۋاھنامە ئالدى. شىركەت ئۆزى ئاچقان قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملارنى، قۇرۇلۇش بىنالىرى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا، مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدا (ئۇيغۇرچە) ۋە سۇ،

پار ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا 29، 32، 12 نەپەرگە يەتتى. 1986-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا شىركەت سەككىز ئادەمنى شەھەرلىك ئۆلچەم پونكىتى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى، شەھەرلىك سۈپەت نازارەت قىلىش پونكىتى بىرلىشىپ ئاچقان سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. بىر ئادەمنى ئەمگەك ئىدارىسى ئاچقان 2-قارارلىق كىران شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. 68 ئادەمنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى ئاچقان سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا، جازا قۇراشتۇرۇش ئىشچىلىرى-نى تەربىيىلەش كۇرسىغا، سۇ، پار ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئۇلار پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. شىركەت ئۆزى ئاچقان كارخانا باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 25 نەپەرگە يەتتى. 227 نەپەر تۈرلۈك ئىش-خىللىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچىلارغا قارىتا، بىخەتەرلىك تېخنىكىسى، قېلىپلاشتۇرۇش، مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە تەربىيىلەش ئۆگىتىش ئېلىپ باردى.

1987-يىلى شىركەت 28 ئادەمنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ پەن-تېخنىكا باشقارمىسى ئۇيۇشتۇرغان سۇ پار قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئالتە ئادەمنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇددىتى بىر يىللىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئىككى ئادەمنى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى ئاچقان بىرىنچى قارارلىق توك ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. تۆت ئادەمنى شېنجېندا ئېچىلغان 11-قارارلىق خەۋەردار چاقىرىش، كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈش مۇھاكىمە يىغىنىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. بىر ئادەمنى شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش تەتقىقات ئورنىغا پۇرژىنىلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. بىر ئادەمنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان يېڭى سۈپەت ئۆلچىمى مۇھاكىمە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتتى. ئېچكى جەھەتتىن تەربىيىلەنگەن خادىملار جەمئىي 533 ئادەم (قېتىم)غا، چىقىم قىلىنغان تەربىيىلەش خىراجىتى 109 مىڭ يۈەنگە يەتتى (كۇرسانتلارنىڭ ئىش-ھەققى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش ھەققى، دەرسخانىنى ئىجارىگە ئېلىش ھەققى، كىتاب، قەغەز، ئوقۇتۇش قوراللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). نەچچە يىللىق تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە كەسپىي نەزەرىيە ئۆگىتىش ئارقىلىق، تېخنىكا كۈچتە زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. شىركەتتىن تارتىپ ھەرقايسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئەترەتلەرگىچە تېخنىكا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، جەمئىيەتتە ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ تەربىيىلەش خىزمىتى كېيىنرەك باشلاندى. 1987-يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا ئادەم ئەۋەتىلىپ، خام چوت، كارخانا باشقۇرۇش، بوغالتېرلىق، سۈپەت تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلىش، سۇ، پار، ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىق جەھەتلەر بويىچە كەسپىي نەزەرىيە ۋە تېخنىكا ئۆگىتىلدى؛ جەنۇبىي ئازادلىق يولى قۇرۇلۇش ئەترىتى بىر قېتىمدىلا ئۆگىنىش كۇرسىغا قۇرۇلۇش تېخنىك خادىمدىن 20نى، سۈپەت تەكشۈرگۈچى خادىمدىن يەتتىنى، كارخانا باشقۇرۇش خادىمدىن ئوننى ئەۋەتتى. شىنخۇا قۇرۇلۇش ئەترىتى جەمئىي 21 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى؛ غالىبىيەت يولى 18 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى. تىنچلىق يولى بىر، توك، تويا قۇرۇلۇش ئەترىتى 11 ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى؛ دۆڭكېڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئون ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى.

## 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

| يىللار | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى (يەسلىلىك ئىشچىنىمۇ ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) | ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج (10 مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن باج-پايدا (يۈەن) | ئەلا مەھسۇلات نىسبىتى ( % ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981-يىل | 958 | 23.8 | 690.08 | 3440 | | 7200 | | | |
| 1982-يىل | 1179 | 67.8 | 789.6 | 30100 | 6.2 | 6700 | 52.59 | | |
| 1983-يىل | 1175 | 98.8 | 857.7 | 39000 | 23.6 | 7300 | 200 | | |
| 1984-يىل | 1156 | 85 | 1066 | 40135 | 50.0 | 9223 | 492 | 34.9 | 1397.73 |
| 1985-يىل | 1468 | −59 | 1646 | 68007 | 46.6 | 11216 | 317 | 36.9 | 2123.64 |
| 1986-يىل | 1176 | 50 | 1278 | 45224 | 67.9 | 10876 | 592 | | 2171.59 |
| 1987-يىل | 1115 | −12 | 1149 | 52465 | 35.2 | 10307 | 315 | 8.31 | 2138.84 |

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق مەھەللە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

| يىللار | ئىشلىتىلگەن ئادەم سانى | خىزمەت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | پايدا (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1980-يىل | 2224 | 984.88 | 26.18 |
| 1981-يىل | 3170 | 1283.61 | 52.04 |
| 1982-يىل | 3383 | 1256.72 | 52.41 |
| 1983-يىل | 3745 | 1791.91 | 85.00 |
| 1984-يىل | 5452 | 2316.87 | 87.32 |
| 1985-يىل | 10143 | 1639.42 | 86.72 |
| 1986-يىل | 4954 | 1977.62 | 25.86 |
| 1987-يىل | 2236 | 1686.67 | 59.96 |

## 7-بۆلۈم

# سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى

## ئومۇمىي بايان

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 2-يىلى (1876-يىلى) تيەنجىنلىك 200 دىن ئوشۇق سودىگەر (چاربازارچىلار) خۇنەنلىك ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ دىخۇا رايونىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان. شۇندىن كېيىن، چوڭچىلىسا (داشىزى)، كىچىك چاسا (شياۋشىزى) ئەتراپىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يۇڭيۇدې، تۇڭشېڭخې، فۇچۇنيۇڭ، جۇشېڭيۇڭ، گۇڭجۇچېڭ، دېخېڭتەي، شېڭجۇيۇڭ، شىڭسىڭخې قاتارلىق سودا دۇكانلىرى دىخۇا سودىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چارروسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ «جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى سودا شەھىرى قىلىنىپ، ئەنلىياڭ ئەتراپى چارروسىيىنىڭ «سودا چەمبىرىكى» قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى. روسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەرگە چەت ئەل دۇكانلىرىنى ئېچىپ تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتتى. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى) ۋاڭ گاۋشېڭ «سەككىز چوڭ سودىگەر»نىڭ دۇكىنىغا ئوت قويۇۋېتىپ، دىخۇا سودىسىنى قايتا تورغۇزدى. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 3-يىلىدىن (1911-يىلى) جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلىغا قەدەر (1944-يىلى) ھۆكۈمەت تەرەپ مىللىي سودىنى قوللاپ، دىخۇا بىلش سودا جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، سۇشىڭ سودا شىركىتى، يۈشىڭ يەرلىك ماللار شىركىتىنى قۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) شېڭ شىسەي ماۋزېمىن، چېن تەنچيۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش توغرىسىدا بەرگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت خادىملىرى ئىستېمالچىلار كوپېراتىپىنى تەسىس قىلدى. ھازىرقى خەلق مەيدانى، نەنمېن، بەيخۇاسۇن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان كىيىم-كېچەك بايىما بازىرى، مىس-قەلەي بازىرى، پاختا بازىرى، توخۇ-ئۆردەك بازىرى ۋە ئاشلىق بازارلىرىنىڭ سودا كەسىپلىرى بىردەك روناق تاپقانىدى.

دىخۇانىڭ يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى ئاساسەن چوڭچىلىسا، كىچىك چاسا ئەتراپى ۋە داشىمېننىڭ سىرتىغا، نەنگۇەن، دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شاۋشىجې بازىرىغا (بۈگۈنكى دېموكراتىيە يولى) ئېخشۇ زىچ مەركەزلەشكەن. بۇ بازارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 مېتىر بولۇپ، بازارغا 40 سودا تور-نۇقتىسى، 15 ئاشخانا جايلاشقان. يۇقىرىقى ئورۇنلاردا 29 ئوتتۇرا

تېپىلىق ئاشخانىلار تارقاق ئورۇنلاشقان بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك ئوقەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يېمەكلىكلەرنى پارچە سېتىش يايمىلىرىنى ئاساس قىلغانىدى. بۇندىن باشقا يەنە بىرنەچچە ئۆيلۈك شەھەر سىرتىغا ئات-ئۇلاغ دەڭلىرىنى ئاچقان. ساتىراشچىلىق كەسپىدە كۆپىنچىسى چوڭ-كىچىك كوچىلارنى ئارىلاپ ئېپكەش كۆتۈرۈپ ساتىراشچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلار ياكى ئاتا-بالا، ئەر-خوتۇنلار ئاچقان ساتىراشخانىلار بار ئىدى. ئەينى دەۋردىكى ساتىراشخانىلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، دۇكانلىرى كىچىك، تازىلىقى ناچار، مەبلىغى كەمچىل ئىدى. 1944-يىلىدىن 1949-يىلىغا قەدەر ئىچكىرى جايلاردىن مال كىرگۈزۈشكە تايىنىپ كەلگەن دىخۇا سودىسىدا، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇشى تۈپەيلىدىن قاتناش توسالغۇغا ئۇچراپ مال مەنبەلىرى يېتىشمەي پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن يەككە ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان دىخۇا سودىسى ۋەيران بولۇشقا يۈز تۇتۇپ كەسىپلەر توختىدى، بازار كاساتلاشتى. يېمەك-ئىچمەك تىجارىتى بىلەن دائىم شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان دۇكانلارمۇ ئازىيىپ كەتتى.

دىخۇا ئاھالىلىرىنىڭ ئاشلىق-يېغى يەككە ئىگىلىكتىكى سودىگەرلەر تەرىپىدىن ئەركىن ئېلىپ سېتىلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتكىمۇ، خۇسۇسىيلارغىمۇ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچىلەرگىمۇ، كاپىتال ئىگىلىرىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، دۆلەتكە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان سودا-سانائەت كەسپىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي سودا ئەسلىگە كېلىپ، بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. مەملىكەت بويىچە ئاشلىق-ماينى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاشلىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان يەككە سودىگەرلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شارائىتى بارلىرى ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن ۋەكالەتەن سېتىپ بېرىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. شارائىتى يار بەرمىگەن ئاشلىق سودىگەرلىرىگە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. ئاشلىق بازارلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى، ئاھالىلەرنىڭ تەمىناتى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا خەلق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى تەشكىل قىلىنىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا كەسپى تۇنجى قېتىم تەستىقلاندى. 1956-يىلى رايوندىكى يەككە سودا-سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشى يولغا قويۇلدى. سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت ئوقەتلىرىنى تەڭشەشتە، خېلى داڭقى بار شېڭخېڭلۇ چاي دۇكىنى، نىڭدېتاڭ ۋە دېشېڭتاڭ دورا دۇكىنى، ليەندا دورا پۈزۈلى، تۇڭشېڭخې، خېڭدېلى سائەت دۇكىنى، ئۈچ يۇلتۇز رەسىمخانىسى، خۇڭچۈنيۈەن مېھمانخانىسى قاتارلىقلارنىڭ نامى ساقلاپ قېلىندى. ھەرقايسى كەسىپ تۈرىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر، كەسپىي تارماقلار بويىچە ئالاقىدار ئىدارە، كەسپىي شىركەتلەر تەرىپىدىن رەھبەرلىك قىلىندى ۋە باشقۇرۇلدى. 1961-يىلى تىيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى تور-نۇقتىسى 245 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 93، ھەمكارلىق سودا ماگىزىنى 152، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاشخانا 20، رەسىمخانا ئۈچ، ساتىراشخانا 33. مۇشۇ ئاساستا دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ماگىزىنلىرى، ئازادلىق يولى، دېموكراتىيە يولى، جۇڭشەن يوللىرىدا كەينى-كەينىدىن تىجارەت باشلاپ سوتسىيالىستىك سودا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. چوڭ چاسا، كىچىك چاسا ئەتراپىغا ئەسلى نامى بويىچە كەينى-كەينىدىن سېلىنغان سودا سارايلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تۈس ئالغان سودا

مەركىزى بولۇپ شەكىللەندى. 1965-يىلى تيانشان رايونىدىكى سودا تور-نۇقتىلىرى 288 گە يېتىپ، پۈتۈن شەھەردىكى سودا تور-نۇقتىلىرىنىڭ 61.28% نى ئىگىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ۋە يەككە سودا كەسىپلىرى تېز راۋاجلاندى. 1985-يىلى ئاپتونوم رايون، شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى كەسپىي شىركەتلەرنىڭ رايون ئىچىگە تەسىس قىلغان سودا ماگىزىنى، دۇكانلىرى 199 گە يېتىپ، بۇ تەخمىنەن پۈتۈن رايوندىكى 287 سودا تور-نۇقتىسىنىڭ 69.34% نى ئىگىلىدى. 1986-يىلدىن كېيىن، داشىزىننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى جۇڭسەن يولى بويلىرىغا سېلىنغان چوڭ سودا سارايلىرى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، شىنجاڭ بويىچە داڭلىق ئورۇمچى سودا كوچىسى بولۇپ شەكىللەندى. 1987-يىلى تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق سودا تور-نۇقتىسى 170 گە، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت تور-نۇقتىسى 53 كە، مەشغۇلات خادىملىرى 1437 گە يەتتى.

شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان جۇڭسەن يولى سودا كوچىسى، جەنۇبتىن شىمالغا تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئاۋات ئازادلىق يولى، قىزىل بايراق يولى، دېموكراتىيە يولىدىن چوڭ چاسا-كىچىك چاسا بويلىرىدىكى جايلار ئورۇمچىنىڭ زامانىۋىلاشقان «سودا شەھەرچىسى»گە ئايلاندى.

# 1-باب سودا

## 1-پاراگراف خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، «ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتكىمۇ، خۇسۇسىيلارغىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچىلەرگىمۇ، كاپىتال ئىگىلىرىگىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت فاڭجېن ئىجرا قىلىنغانىدى. ھۆكۈمەت دۆلەتكە، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان سودىغا قارىتا ئامانەت قەرز پۇلى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇردى. 1952-يىلدىن 1953-يىلغىچە، «پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاشقا، باج قالدۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، سانائەت ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاپ ئازايتىشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش»تىن ئىبارەت «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەربىيە بېرىش، ئۆزگەرتىش، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قانۇنسىز تىجارەت قىلغان سودىگەرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىلدى. 1955-يىلى فۇچۇمنيۇڭ، يى شىگيۇڭ، جى يىشىڭ قاتارلىق ئۈچ ئائىلىلىك يېمەكلىك، جاڭيۇ دۇكىنىنى دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ ئېچىشنى ئىلتىماس قىلدى ۋە ئۇلار شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئۈچ دۇكان قوشۇۋېتىلىپ ئامىۋى يېمەكلىكلەر، جاڭيۇ دۇكىنى دەپ ئاتالدى. ئۇلار رايوندىكى سودا كەسىپلىرى بويىچە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ دۆلەت بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشى بويىچە ئۈلگە بولۇپ قالدى. 1956-يىلى خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى ھەرقايسى رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، يەككە تىجارەتچىلەر ھەممە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش قاتارلىق

جەمەتلەردە، زور مىقداردا ئۇنۇملۇك خىزمەت ئىشلەندى. پۈتۈن رايوندىكى 1000 دىن ئارتۇق يەككە سودا-سانائەتچى دۆلەت بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغاندىن كېيىن، سىستېمىلار بويىچە كەسىپىي شىركەتلەرگە قوشۇۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۈچىنى بېكىتىش» (چاينى بېكىتىش، ئۆسۈمنى بېكىتىش، ئىش ھەققىنى بېكىتىش) يولغا قويۇلغانلىرى، بىۋاسىتە دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلگەنلىرى، مال ساتقۇچىلىرى، مالنى ۋەكالەت ساتقۇچىلىرى، كوپېراتىپ بولغانلىرى، ئۆزىنىڭ تىجارىتىنى ساقلاپ قالغانلىرى بار. دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغان مەزگىلدە، ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە تەخمىنەن 4 مىليون يۈەن مەبلەغ بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن مەبلەغ سالغانلار كۆپرەك ئىدى، سالغان مەبلىغى 100 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغانلىرى بىرنەچچە ئىدى، نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ سالغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار-دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى ۋە ئىشچىلار ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان كەسىپىي خىزمەت ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلەشكەن كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى تەكشۈرۈپ-ئىن-قىلاپ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ قايتا تەشكىللىدى. خادىملارنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشىدى. سىياسىي مەكتەپ، سودا كۇرسلىرى ئېچى-لىپ، خۇسۇسىي مۈلۈككە قارىتا داۋاملىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي خادىملارغا سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋە خىزمەت جەھەتلەردىن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزىلىرى كەسىپىي شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى، يەنە بەزىلىرى بۆلۈم باشلىقلىق ياكى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىق ۋە ماگىزىنىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بەزىلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولدى. ئېغىر ئاجىز كېسەل خادىملارنىڭ تۇرمۇشى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ كەسىپىي ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلدى. 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە سېتىۋېلىش فاڭجېنىغا ئاساسەن، خۇسۇسىي سودىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىلىك ئورۇنلاندى.

1980-يىلى ئالاقىدار سىياسەتلەرنىڭ روھى بويىچە، خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارغا قارىتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلەشكەندە ئۆزگەرتىلگەن 1000 دىن ئارتۇق كىشى ئىچىدە 800 دىن ئارتۇق كىشى ئەمگەكچىلەر قاتارىغا ئايرىلىپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 80% نى ئىگىلىدى.

## 2-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1956-يىلى 10-ئايدا، تىيانشان ۋە دوستلۇق رايونىدا سودا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1960-يىلى 6-ئايدا ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى رايوننىڭ سودا بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ تىيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1962-يىلى رايونلۇق شۆبە سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق سودا تور-نۇقتىلىرى، خادىملىرى ۋە مال-مۈلكى شەھەرلىك سودا ئىدارى-سىنىڭ ئالاقىدار شىركەتلىرى ۋە شەھەرلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1979-يىلى تىيانشان رايونلۇق تۇرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1981-يىلى تىيانشان رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1984-يىلى تۇرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ تىيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى.

## 3-پاراگراف دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 1950-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇك-چىلىك تۈزۈمىدىكى تۇنجى سودا كارخانىسى — دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېخۇا شەھەرلىك سودا شىركىتى رايونىمىز ئىچىدە قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇرۇلغانلىرىدىن يەنە ئالتە دۇكان ۋە ھەربىيگە بىۋاستە قاراشلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىككى ماگىزىنى بار. 1961-يىلى سودا شۆبە ئىدارىسى قارمىقىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلار ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ماگىزىنلىرى 93 گە يەتتى. 1985-يىلغىچە ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى كەسپىي شىركەتلەر رايون ئىچىگە قۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىن-دۇكانلار 199 غا يەتتى.

### بىرىنچى، تۈرلۈكماللار

1955-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى رايون ئىچىدە ئالتە ماگىزىن، ئىككى توپ تارقىتىش بۆلۈمىنى تەسىس قىلىپ، يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسىنى 18 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1 مىليون 140 مىڭ يۈەنلىك پايدا ياراتتى. 1956-يىلى ئۈچ ماگىزىننى كۆپەيتىپ قۇردى. 1957-يىلى يەنە ئىككى ماگىزىننى تەسىس قىلىپ، بىر ماگىزىننى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، توپ تارقىتىش بۆلۈمىدىن بەشنى تەسىس قىلدى. 1958-يىلى بۇ شىركەت تۈرلۈك ماللارنى سېتىش باشقۇرۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتى-لىپ، رايون ئىچىگە ئۈچ توپ تارقىتىش بۆلۈمى (تۈرلۈك ماللار، ئىلمە-توقۇلما بۇيۇملىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى)، ئالتە پارچە سېتىش نۇقتىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىل دۆلەتتە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن مەزگىل بولغاچقا، كىر سوپۇن، ئاياغ-كىيىم، قول سائىتى، داس، كورۇشكا، ئاليۇمىن قازان ۋە چايدان، سەرەڭگە قاتارلىق بۇيۇملار بىر مەزگىل بېلەت بىلەن تەمىنلەندى. 1961-يىلى، تيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسىغا قاراشلىق تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى 99 غا يەتتى. 1962-يىلدىن 1964-يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بازارلارنى تەمىنلەش تەدرىجىي نورماللىشىپ بېلەت بىلەن تەمىنلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاكتىپ تۈردە تىجارەت قىلىپ، تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1975-يىلىغا كەلگەندە رايون ئىچىدە تۈرلۈك ماللارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 67 مىليون 42 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 558 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بازارنىڭ تەمىنلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشىلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تۈرلۈك ماللار سودىسى گۈللەپ ياشنىدى. 1978-يىلى سېتىش قىممىتى 103 مىليون 550 يۈەنگە، پايدا قىممىتى 4 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1977-يىلدىن 1985-يىلغىچە رايونىمىزدىكى تۈرلۈك ماللار سودا سارايلىرى (ماگىزىن) سودا-سې-تىقتا مەدەنىيەتلىك بولۇشتا، خېرىدارلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ئەھدىنامىسى ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىپ تۈزدى ۋە ئىجرا قىلدى. ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك سودا سارايلىرى (ماگىزىن)لارنىڭ ھەممىسىدە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپاتى، ئىش ھەققى زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ-

دەك يەنە ھەرقايسى سودا سارايلىرىدا (ماگىزىن) دىرېكتورلار دېجورنىلىق تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، دىرېكتورلارنىڭ دېجورنىلىق قىلىش ئورنى تەسىس قىلىنىپ كىيىم كىيىپبېقىش ئۆيىنىكى، ئاياغ كىيىپبې-قىش ئورۇندۇقى ۋە يىپ-يىڭنە خالتىسى قاتارلىقلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. ماللارنى ھەقسىز ئاپىرىپ بېرىش، پوچتا ماركىلىرىنى ۋەكالىتەن سېتىش، چاي بىلەن تەمىنلەش، يىگىدىن توي قىلماقچى بولغان قىز-ئوغۇللارغا تەبرىكلەش خەتلىرىنى كېسىپ بېرىش، يۇڭ-تاقلىرىنى ساقلاپ بېرىش، ئېلېكترون-لۇق قول سائەتلىرىگە باتارىيە سېلىپ بېرىش، ھەقسىز رېمونت قىلىپ بېرىش قاتارلىق ئامىمغا قولايلىق بولغان 18 تۈرلۈك مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئومۇمەن شارائىتى بولغانلىكى سودا سارايلىرى نوقۇل بىر خىل تىجارەت قىلىش ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلاپ، توپ تارقىتىش كەسىپلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سودا بازارلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. تيانشان تۈرلۈك ماللار سارىيى شەھەر بويىچە تۇنجى قېتىم تاۋارلارنى تاللاپ سېتىۋېلىش بازىرىنى تەسىس قىلىپ قۇردى. بۇ خىل تىجارەت شەكىللىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1985-يىلى تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىرىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش-نى يولغا قويۇپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. رايون ئىچىدىكى تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى ماگىزىنلار تۈرلۈك ماللار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تىجارىتىنى ئاساس، ئۆلمە-توقۇلما، بەش خىل مېتال، خىمىيە بۇيۇملىرى، يېمەكلىك، ھاراق-تاماكا، قەن-چاي تىجارىتىنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق، تىجارەت تۈرىنى 10 مىڭ 789 خىلغا يەتكۈزدى. شۇ يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 193 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك ماللار شىركىتى سىستېمىسى بويىچە پۈتۈن شەھەردە سېتىۋېلىنغان مالنىڭ 75.28% نى ئىگىلىدى. سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 220 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ ساتقىنى شەھەر بويىچە ئومۇمىي سېتىلىش قىممىتىنىڭ 76.52% نى ئىگىلىدى. ياراتقان پايدىسى 12 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ پۈتۈن شەھەر بويىچە ئومۇمىي يارىتىلغان ساپ پايدىسىنىڭ 75.84% نى ئىگىلەپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. 1987-يىلى رايون ئىچىدىكى تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە قاراشلىق سودا ساراي (ماگىزىن) لىرىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت كۆلىمى 12729.4 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 2686 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى 504 نەپەر.

### 1987-يىلى شەھەرلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى سودا تور نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-3-1-7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ماگىزىن | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈكچىلىك | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | | تىجارەت كۆلىمى | سېتىۋېلىش | سېتىش | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تور-نۇقتا سانى | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | | | |
| جەمئىي | | | 51 | 2686 | 972 | 1714 | 504 | 12729.4 | 16591 | 18549 | |
| تۈرلۈك ماللار توپ تارقىتىش بۆ-لۈمى | 1954 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 151 | 91 | 60 | 27 | 160 | 2525 | 2821 | ئازادلىق يولى 202-قورۇ |
| مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى توپ تار-قىتىش بۆلۈمى | 1984 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 58 | 32 | 26 | 3 | 73.4 | 1426 | 1588 | ئازادلىق يولى 202-قورۇ |

| ماگىزىن | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈكچىلىك | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | | تىجارەت كۆلىمى | سېتىۋېلىش | سېتىش | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | تور-نۇقتا سانى | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | | | |
| ئىلىغ-بالىش كىيىم توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1976 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 94 | 62 | 32 | 11 | 142 | 1370 | 1646 | ئازادلىق يولى 188-قورۇ |
| سائەت توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1962 | دۆلەت ئىگىلىكى | 2 | 116 | 54 | 62 | 5 | 150 | 757 | 777 | ئازادلىق يولى 279-قورۇ |
| ئەمگەك بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1965 | دۆلەت ئىگىلىكى | 2 | 71 | 39 | 32 | 6 | 280 | 1089 | 1151 | ئازادلىق يولى 165-قورۇ |
| ئۇششاق تاۋارلار توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1980 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 84 | 38 | 46 | 6 | 600 | 1324 | 1205 | شىمالىي تىنچلىق يولى 70-قورۇ |
| تيانشان تۈرلۈك ماللار سارىيى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | | 496 | 205 | 291 | 55 | 2960 | 3256 | 3977 | شىمالىي تىنچلىق يولى 70-قورۇ |
| مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى | 1959 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 479 | 145 | 334 | 154 | 3200 | 2723 | 3058 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 1-قورۇ |
| قىزىل يالىراق سودا سارىيى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 240 | 65 | 175 | 42 | 960 | 550 | 500 | جۇڭشەن يولى 96-قورۇ |
| مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سودا سارىيى | 1987 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 104 | 38 | 66 | 32 | 700 | | | شىمالىي ئازادلىق يولى 46-قورۇ |
| ئازادلىق يولى مەركىزىي ماگىزىن | 1963 | دۆلەت ئىگىلىكى | 13 | 275 | 75 | 200 | 63 | 1659 | 861 | 1012 | شىمالىي ئازادلىق يولى 420-قورۇ |
| داشىزى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى | 1952 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 145 | 44 | 101 | 29 | | 710 | 814 | شىمالىي ئازادلىق يولى 335-قورۇ |
| كوللېكتىپ سودا سارىيى ئۇنىۋېرسال شىركىتى | 1985 | كوللېكتىپ ئىگىلىكى | 26 | 373 | 84 | 289 | 71 | 1845 | | | بوغدا كۆلى يولى 30-قورۇ |

## ئىككىنچى، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار

شەھەرلىك ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى سودا سارايى (ماگىزىن)لىرىدىن توقۇلما بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى، داشىزى سودا سارىيى، جۇڭشەن يولى سودا سارىيى، دېموكراتىيە يولى سودا سارىيى، تيانشان سودا سارىيى، بىرلەشمە تىجارەت سودا سارىيى، كىيىم-كېچەك سودا ماگىزىنى، ئازادلىق يولى سودا ماگىزىنى، نىلون تاۋار-دۇردۇن بۇيۇملار ماگىزىنى قاتارلىقلار بار. بۇندىن باشقا يەنە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قارىمىقىدا زىبالىي ياشلار سودا دۇكىنى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي تىجارەت كۆلىمى 9255 كۋادرات مېتىرغا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى جەمئىي 1190 گە يېتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھەرقايسى سودا سارايى (ماگىزىن)لاردا پاختا ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، خىمىيىۋى تالالىق ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، نىلون تاۋار-دۇردۇن بۇيۇملىرى ۋە كىيىم-كېچەك تىجارىتى ئاساس قىلىنىپ، باشقا تاۋارلار قوشۇمچە قىلىنىدۇ. 1956-يىلى يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 23 مىليون 43 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 25 مىليون 253 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958-يىلى پاختا رەختىنى نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1959-يىلدىن 1960-يىلغىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، لۆڭگە، پايپاق قاتارلىق بۇيۇملارغا بېلەت تارقىتىپ تەمىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نىلون، تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملارنىمۇ بېلەت تارقىتىپ تەمىنلەش بىلەن قويۇۋېتىپ تەمىنلەشنى

بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1962-يىلى 7-ئايدا ئىپسىل ئۆلمە توقۇلما بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۆلمە توقۇلما كەسپى گەرچە ئوڭۇشسىزلىققا ۋە زىيانغا ئۇچراپ، 1969-يىلدىكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 1956-يىلدىكىدىن 9.39% تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 1956-يىلدىكىدىن 9.33% ئۆرلىگەنىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۆلمە توقۇلما كەسپىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش-سېتىلىش ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلاندى. 1975-يىلى سېتىۋېلىش قىممىتى 62 مىليون 506 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 60 مىليون 525 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليون 14 مىڭ يۈەنلىك پايدا يارىتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەرلىك ئۆلمە توقۇلما بۇيۇملىرى شىركىتى تۈرلۈك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، سېتىۋېلىش ۋە سېتىش سالمىقىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. 1983-يىلى 5-ئايدا، نىلون تاۋار-دۇردۇن، خىمىيە تالالىق توقۇلما مال مەنبەلىرىنىڭ كۆندىن-كۈنگە كۆپىيىشى ھەمدە ساپ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى بىلەن خىمىيە تالالىق توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، پاختا رەخت بىلەن تەمىنلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985-يىلى رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى سودا ساراي (ماگىزىنلار) ئاز سانلىق مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان تاۋارلارنى كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن: توق قىزىل پاختا يىپلىق ئەدىيال، مىللىيچە چاسا ياغلىق، يۇڭ ياغلىق، مىللىيچە ئۇزۇن پايپاق، يىپەك قاتارلىقلار. مال مەنبەلىرىنى ھەر يىلى پائال تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئىمكانقەدەر قاندۇردى. 1987-يىلى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتىنى 97 مىليون 983 مىڭ 200 يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتىنى 111 مىليون 361 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 4 مىليون 735 مىڭ 300 يۈەنلىك پايدا ياراتتى.

## 1987-يىلى شەھەرلىك ئۆلمە توقۇلما شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى سودا تور-نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

2-3-1-7-جەدۋەل

| ماگىزىن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈك خاراكتېرى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | تىجارەت كۆلىمى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | 1190 | 372 | 818 | 191 | 9255 | |
| شەھەرلىك ئۆلمە توقۇلما ماللار توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1975 | دۆلەت ئىگىلىكى | 64 | 38 | 26 | 6 | 1100 | شەرق شامىلى يولى 44-قورۇ |
| جۇڭشەن يولى سودا سارىيى | 1956 | دۆلەت ئىگىلىكى | 73 | 10 | 63 | 12 | 180 | جۇڭشەن يولى |
| دىلشىزى سودا سارىيى | 1959 | دۆلەت ئىگىلىكى | 129 | 36 | 93 | 28 | 418 | شىمالىي ئازادلىق يولى ھازىرقى شېكەر، ھاراق، تاماكا سودا سارىيى ئورنى |

| ماگىزىن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈك خاراكتېرى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | تىجارەت كۆلىمى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | |
| ئازادلىق يولى سودا سارىيى | 1973 | دۆلەت ئىگىلىكى | 163 | 36 | 127 | 50 | 650 | ئازادلىق يولى 356-قورۇ |
| دېموكراتىيە يولى سودا سارىيى | 1958 | دۆلەت ئىگىلىكى | 123 | 25 | 98 | 14 | 1200 | دېموكراتىيە يولى 60-قورۇ |
| نىلۇۋالا تاۋار-بۇيۇم سوداماللار ماگىزىنى | 1963 | دۆلەت ئىگىلىكى | 86 | 23 | 63 | 12 | 330 | ئازادلىق يولى 468-قورۇ |
| ئىلمە توقۇلما بىرلەشمە توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1975 | دۆلەت ئىگىلىكى | 103 | 66 | 37 | 13 | 2483 | دېموكراتىيە يولى 60-قورۇ |
| بىرلەشمە سودا سارىيى | 1956 | دۆلەت ئىگىلىكى | 56 | 14 | 42 | 18 | 200 | ئازادلىق يولى خەلق سودا سارىيىنىڭ يېنىدا |
| تيانشان سودا سارىيى | 1958 | دۆلەت ئىگىلىكى | 348 | 111 | 237 | 32 | 2594 | جۇڭشەن يولى 32-قورۇ |
| كىيىم-كېچەك سودا ماگىزىنى | 1964 | دۆلەت ئىگىلىكى | 45 | 13 | 32 | 6 | 100 | جۇڭشەن يولى سودا سارىيى ئۇدۇلىدا |

## ئۆچىنچى، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە، سانائەت بۇيۇملىرى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە، سانائەت تاۋارلىرى رايون تەۋەلىكىدىكى ھەربىي رايون كوپېراتىپى، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كوپېراتىپ، شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتى تەسىس قىلغان بىرنەچچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلاردىلا سېتىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلچەملىك مەھسۇلات تۈرى ئاز، سېتىلىش مىقدارى چەكلىك ئىدى.

1954-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى جۇڭگو قاتناش ئېلېكتر سانائەت سايمانلىرى شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى رايون ئىچىدە قۇرۇلدى. شىركەتنىڭ ئىككى جايدا تىجارەت نۇقتىسى بار بولۇپ، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە سانائەت مەھسۇلات بۇيۇملىرى (ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تىجارىتىنى قىلدى. 1956-يىلى 10-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىركىتىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە-سانائەت مەھسۇلات بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1958-يىلى 10-ئايدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى رايونىمىزدا قۇرۇلدى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بەش خىل مېتال شىركىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئازادلىق يولى ۋە نەنمېن ئەتراپىدا بەش توپ تارقىتىش بۆلۈمى، بىر ئەرزان باھادا سېتىش بۆلۈمى، بىر ۋېلسىپىت دۇكىنى، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىندىن بەشى بار ئىدى، قوشۇمچە كەسىپلەردىن ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش بۆلۈمى، بەش خىل مېتال ماشىنسازلىق-پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئۆلچەم-بىرلىك ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى، خىمىيە سانائەت زاۋۇتى قاتارلىقلار بار. جەمئىي ئالتە بىرلىك ھېسابات ئورنى، 15 تور نۇقتىسى، 206 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 135، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى 71 نەپەر. ئۇلار بەش خىل مېتال، خىمىيە سانائەت مەھسۇلات بۇيۇملىرى،

ئېلېكتر سايمانلىرى، قاتناش ئۈسكۈنىلىرى، چوڭ تىپلىق پولات ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت ئالتە چوڭ تۈر بويىچە نەچچە مىڭ خىلغا يېتىدىغان ئۆلچەملىك مەھسۇلات بۇيۇملىرى تىجارىتىنى قىلغان. 1960-يىلى 6-ئايدا، رايون ئىچىدە ئۈرۈمچى خەلق ئىشلىتىدىغان سايمانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى باشقۇرۇش بۆلۈمى ئايرىم-ئايرىم قۇرۇلدى. تىجارەت نۇقتىسى 17 گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 199 غا يەتتى.

1961-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ۋېلسىپىتنى بېلەت بويىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1962-يىلى 7-ئايدىن باشلاپ، ۋېلسىپىت يۇقىرى باھادا سېتىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ۋېلسىپىتنىڭ باھاسى مۇقىم باھادىكىدىن 1.93 ھەسسە ئۈستۈن بولغانلىقتىن، سېتىلىش يولى راۋان بولمىدى. شۇ يىلىنىڭ 8-، 11-ئايلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم باھا تەڭشەپ تۆۋەنلىتىلدى. 1962-يىلىنىڭ ئىككىنچى پەسلىدە خەلق ئېھتىياجلىق شۇلتىنى كىنىشكىلىك تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. ئۈچىنچى پەسىلگە كەلگەندە يەنە كىنىشكىلىك تەمىنلەش چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى. 10-ئايدا تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى. 1963-يىلى بەش خىل مېتال بۇيۇملىرىنىڭ رايونىمىزدىكى تىجارەت قىلىنىدىغان تۈرى 3500 خىلدىن ئېشىپ، 1964-يىلىغا كەلگەندە 5200 خىلغا يەتتى. 1965-يىلى بەش خىل مېتال خىمىيە سانائەت بۇيۇملىرىنى تەمىنلەش بىراقلا قويۇۋېتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خىزمەتتە تۈزۈم بولماسلىق، كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈرۈپ باھالىماسلىق، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش تۈپەيلىدىن، تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش نىسبىتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور مىقداردا تۆۋەنلەپ كەتتى. مال مەنبەلىرى كېمىيىپ، تاۋارلارنىڭ ئۆلچىمى، تۈرى ئازىيىپ، داڭلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى كۆپ بولۇپ كەتتى. بولۇپمۇ خەلق ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلار ئېغىر دەرىجىدە ئۈزۈلۈپ قالدى. 1974-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە-سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى 1968 خىللا قالغان. شۇ يىلى ۋېلسىپىتنى بېلەت بىلەن تەمىنلەش قايتا يولغا قويۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، توڭلاتقۇ قاتارلىق تۈرلۈك يېڭى تاۋارلار يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. 1978-يىلى سېتىلىش قىممىتى 41 مىليون 555 مىڭ يۈەنگە، 1980-يىلى 62 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، 1985-يىلى 73 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە سانائەت شىركىتىنىڭ رايون ئىچىدە ئۈچ توپ تارقىتىش بۆلۈمى، تۆت پارچە سېتىش ماگىزىنى، توققۇز بىرلىك ھېسابات ئورنى، توققۇز تىجارەت تور نۇقتىسى بار بولۇپ، شىركەتكە قاراشلىق تور نۇقتىلىرىنىڭ 87.5% نى ئىگىلىدى. 1987-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى 382 نەپەرگە يېتىپ (ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 72 نەپەر)، پۈتۈن شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 94.3% نى ئىگىلىدى. تىجارەت ئومۇمىي كۆلىمى 2345 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتۈن شىركەتنىڭ 86.2% نى ئىگىلىدى. شۇ يىللىق سېتىش قىممىتى 72 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1987-يىلى شەھەرلىك بەش خىل مېتال شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى تور-نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

3-3-1-7 جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ماگىزىن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | تور-نۇقتىلىرى سانى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | تىجارەت كۆلىمى | سېتىۋېلىش | سېتىش | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | | | |
| جەمئىي | | | 9 | 382 | 202 | 180 | 72 | 2345 | 6305 | 7277 | |
| بەش خىل مېتال توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1971 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 57 | 45 | 12 | 9 | 265.5 | 1549 | 1861 | ئازادلىق يولى 300-قورۇ |
| خىمىيە-سانائەت بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1971 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 38 | 27 | 11 | 4 | 55 | 1024 | 1115 | ئازادلىق يولى 300-قورۇ |
| دېڭىزى بەش خىل مېتال ماگىزىنى | 1972 | دۆلەت ئىگىلىكى | 2 | 89 | 32 | 57 | 16 | 634 | 726 | 871 | شىمالىي ئازادلىق يولى 43-قورۇ |
| قاتناش، توك بۇيۇملىرى توپ تارقىتىش بۆلۈمى | 1971 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 54 | 40 | 14 | 7 | 265.5 | 2000 | 2236 | ئازادلىق يولى 300-قورۇ |
| ئازادلىق يولى بەش خىل مېتال ماگىزىنى | 1962 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 48 | 22 | 26 | 13 | 284 | 252 | 315 | ئازادلىق يولى 14-قورۇ |
| نۇرلۇق يولى بەش خىل مېتال ماگىزىنى | 1985 | دۆلەت ئىگىلىكى | 2 | 43 | 19 | 24 | 5 | 327 | 442 | 512 | نۇرلۇق يولى 13-قورۇ |
| توك، قاتناش سايمانلىرى ماگىزىنى | 1971 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 53 | 17 | 36 | 18 | 514 | 312 | 367 | ئازادلىق يولى 300-قورۇ |

### تۈتۈنچى، نېفىت، كۆمۈر

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە شەھەرلىك هۆكۈمەت رايون ئىچىدە مەخسۇس تىجارەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، كۆمۈرنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ هۆددىگە بېرىپ سېتىشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنىدى. نېفىت ئىشلەپچىقىرىش سېتىش كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كەسىپلىرى باشقۇرۇپ، باھانى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرغانىدى.

1950-يىلى، كۆمۈر كەسپى شەھەرلىك سودا شۆبە شىركىتىنىڭ تىجارەت قىلىشىغا تەۋە بولۇپ، رايون ئىچىدە شاۋدۇڭلياڭغا كۆمۈرخانا تەسىس قىلىپ مەخسۇس كۆمۈر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1954-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆمۈر تارماق شىركىتى رايونىمىزدا قۇرۇلۇپ، سودا تارماق شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. شەھەرلىك سودا شىركىتى رايون ئىچىگە نېفىتنى توپ تارقىتىش پونكىتىنى تەسىس قىلىپ، شۇ يىلى نېفىتنى نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويدى. 1958-يىلى بۇ ئىككى شىركەت بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت-كۆمۈر باشقۇرۇش ئورنى قىلىپ قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ رايون ئىچىدە توققۇز كۆمۈرخانىسى بار ئىدى. 1958-يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىدىغان كۆمۈرنى پىلانلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1961-يىلى رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسىغا قاراشلىق كۆمۈرخانىلار 11 گە يەتتى. 1975-يىلىدىن كېيىن، نېفىت بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، نورمىلىق تەمىنلەش چارىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تەمىنلىگۈچى تارماقلارنىڭ تەمىنلەش، ئىشلىتىش،

تېجەپ باشقۇرۇشقا قارىتا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. نېفىت ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ نېفىتنى پىلانلىق، مۇۋاپىق، تېجەپ ئىشلىتىشى تەلەپ قىلىندى. نورمىلىق تەمىنلەشتە بىر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش، پەسىللەرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئايمۇ ئاي تەمىنلەش، سەرپىيات ئېشىپ كەتسە تولۇقلىماسلىق، ئىقتىساد قىلسا ئۆزىگە قالدۇرۇش چارىسى قوللىنىلىپ، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان نېفىت قىسقارتىلدى ھەمدە نېفىتنى يۇقىرى باھادا سېتىش بازارلىرى قۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1984-يىلى رايوندىكى كۆمۈرخانىلارمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «بەشتە كاپالەت ئائىلىلەر»، مېيىپ-مەجرۇھلارنىڭ كۆمۈرلىرى ئۆيلىرىگە توشۇپ بېرىلدى. مەكتەپ، بالىلار باغچىسى، يېمەك-ئىچمەك كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ كۆمۈرلىرىنى كۆرسەتكەن جايغا توشۇپ بېرىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈردى.

1987-يىلى رايون ئىچىدىكى كۆمۈرخانا، ماي قاچىلاش پونكىتلىرى 13 كە، تىجارەت كۆلىمى 35 مىڭ 900 كۋادرات مېترغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 80 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى 23 نەپەر.

شىركەت تىجارەت قىلىدىغان تاۋارلار ئىككى چوڭ تۈر بويىچە يەتتە تارماق تۈرنى 50 تىن ئارتۇق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نېفىت تۈرى ئىچىدە ھەر خىل نومۇرلۇق بېنزىن، كىرسىن، سەنەركە، ھەر خىل سىلىقلاشتۇرغۇچى ماي ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرى بار. كۆمۈر تۈرىدىن ئىسلىق كۆمۈر ۋە ئىسسىز كۆمۈر قاتارلىقلارغا ئايرىلغان.

## 1987-يىلى شەھەرلىك نېفىت كۆمۈر شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى تور نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

4-3-1-7 جەدۋەل

| ماگىزىن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | تور نۇقتا سانى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | تىجارەت كۆلىمى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | |
| جەمئىي | | | 13 | 80 | 50 | 30 | 23 | 35900 | |
| دېموكراتىيە يولى ماي قاچىلاش پونكىتى | 1958 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 13 | 10 | 3 | 3 | 4000 | دېموكراتىيە يولى 83- قورۇ |
| قالغاچلىق ماي قاچىلاش پونكىتى | 1985 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 14 | 9 | 5 | 4 | 2000 | قالغاچلىق يولى 43- قورۇ |
| جەنۇبىي يالقۇپا ماي قاچىلاش پونكىتى | 1985 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 6 | 3 | 3 | 2 | 7000 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى |
| ئىتتىپاق يولى كۆمۈرخانىسى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 5 | 3 | 2 | 2 | 5000 | ئىتتىپاق يولى 29-قورۇ |
| مال بازىرى كۆمۈرخانىسى | 1955 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 4 | 2 | 2 | 2 | 2800 | مال بازىرى |
| بېيمېن كۆمۈرخانىسى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 4 | 2 | 2 | 1 | 1700 | قىزىل تاغ يولى 116-قورۇ |

| ماگىزىن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | تور نۇقتا سانى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | تىجارەت كۆلىمى | ئورنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | جەمئىي | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | |
| داشىمېن كۆمۈرخانىسى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 4 | 3 | 1 | 81 | 1500 | قىزىل بايراق يولى بازىرى كەينىدە |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك كۆمۈرخانىسى | 1954 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 3 | 2 | 1 | | 1400 | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 3-كوچا 11-قورۇ |
| بېيخۇلياڭ كۆمۈرخانىسى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 4 | 2 | 2 | 2 | 4200 | ئىتتىپاق يولى 211-قورۇ |
| غالىبىيەت يولى كۆمۈرخانىسى | 1957 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 4 | 3 | 1 | 1 | 1800 | غالىبىيەت يولى |
| شەرق شامىلى يولى كۆمۈرخانىسى | 1955 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 3 | 2 | 1 | | 1500 | خۇگېين مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا |
| ليۇداۋان كۆمۈرخانىسى | 1955 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 11 | 6 | 5 | 3 | 1000 | ليۇداۋان كۆمۈر كان باشقارمىسى |
| شاۋدۇڭلياڭ كۆمۈرخانىسى | 1950 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1 | 5 | 3 | 2 | 2 | 2000 | جەنۇبىي تىنچلىق يولى 6-قورۇ |

### بەشىنچى، يېمەكلىكلەر

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، قاسساپلار سەييارە تىجارەت قىلىشنى ئاساس قىلاتتى. 1952-يىلى شەھەرلىك سودا شىركىتى گۆش تىجارىتىنى باشلىغان بولۇپ، رايون ئىچىدە گۆش دۇكىنىدىن بىرنى قۇرۇپ، شۇ يىلى 20 توننىدىن ئارتۇق كالا، قوي گۆشى ساتتى. 1953-يىلى 4-ئايدا گۆش ماگىزىنى قۇرۇلدى. 1954-يىلى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شۆبە شىركىتى رايون ئىچىدە قۇرۇلدى. 1955-يىلغا قەدەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۆش ماگىزىنلىرى تيانشان رايونىدا 2457 توننا گۆش ساتتى. بۇ يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ شەھەر بويىچە ساتقان ئومۇمىي گۆشىنىڭ %85 نى ئىگىلىدى. 1956-يىلى 3-ئاينىڭ 15-كۈنى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى رايون ئىچىگە ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق گۆش دۇكىنىدىن 26 نى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 21 كالا، قوي گۆش دۇكىنى، بەش چوشقا گۆش دۇكىنى بار ئىدى. بۇندىن سىرت يەنە شاۋشىمىننىڭ سىرتىغا بىر چوشقا قۇشخانىسى تەسىس قىلىندى. (كېيىن ليۇداۋانغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن). 1958-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ گۆشنى نورمىلىق تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى. ئاھالىلەرگە ھەر ئايدا ئاشلىق كىنىشكىسىگە قاراپ بېلەت تارقىتىلىپ، كىشى بېشىغا بىر كىلوگرامدىن تەمىنلەندى. 1960-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يېرىم كىلوگرامدىن تەمىنلەشكە ئۆزگەردى. 1962-يىلى تەمىنلەش ئەھۋالى ياخشىلاندى. 1964-يىلى 4-ئايدا گۆشنى كېلىشىم باھادا تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى. 1965-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن كېلىشىم باھالىق گۆش ۋە بېلەت بىلەن تەمىنلىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە گۆش بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە جىددىي بولدى. 1968-يىلىدىن كېيىن، نورمىلىق تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، كىشى بېشىغا ھەر ئايدا ئەسلىدىكى بىر كىلوگرامدىن 100 گرامغا چۈشتى. كېيىن 250 گرامغا ئۆستۈرۈلدى. توخۇم ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىمۇ بېلەت بىلەن تەمىنلەندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

خەلق ئىگىلىكى تەدرىجىي ھالدا ساغلام راۋاجلىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى. ئاھالىلەرنىڭ نورمىلىق گۆش ئۆلچىمى 1977-يىلىدىن باشلاپ كىشى بېشىغا ھەر ئايدا يېرىم كىلوگرامدىن كۆپەيتىلىپ تەمىنلەندى. ھەرقايسى چوڭ ھېيت-بايراملاردا يەنە يېرىم كىلوگرامدىن قوشۇپ بېرىلدى. قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە تىرىك قوي بىلەن تەمىنلەندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەچكە، 1980-يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەن چوشقا گۆشىنىڭ مىقدارى ئېشىپ، 2-ئايدىن باشلاپ بېلەتسىز تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ كالا، قوي گۆشلىرىنى سىرتقى جايلارغا يۆتكەپ توشۇش توختىتىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ كالا، قوي گۆشى بىلەن تەمىنلىنىش ئايلىق مىقدارى ھەر ئايدا كىشى بېشىغا بىر كىلوگرامدىن ئۆستۈرۈلدى. باشقا يېمەكلىكلەردىن تۇخۇم، توڭلىتىلغان تۇخۇ، بېلىق قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەنمۇ يىل بويى تەمىنلەپ تۇرۇلدى. 1984-يىلى كالا، قوي گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنگەن موڭغۇل، شىبە، داغۇر، رۇس قاتارلىق غەيرىي مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىغىمۇ كالا، قوي گۆش بېلىتى تارقىتىپ بېرىلدى، ھەممە كالا، قوي گۆشىنى كېلىشىم باھادا تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە رايون ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۆش يېمەكلىكلىرىنى تەمىنلەش نۇقتىلىرى 18 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا، قوي گۆشى ماگىزىنى 13 كە، چوشقا گۆشى ماگىزىنى بەشكە، تىجارەت كۆلىمى 1432 كۋادرات مېترغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 136 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى 62 نەپەر. سېتىش سوممىسى 3 مىليون 376 مىڭ 800 يۈەن بولدى. يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى تور-نۇقتىلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى سانى، سېتىش سوممىسى مەزكۇر شىركەتتىكى تور-نۇقتا، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى سانى، سېتىش سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 60% نى ئىگىلىدى.

### 1987-يىلى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى كالا، قوي گۆشى ماگىزىنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 5-3-1-7

| ئورنى | تىجارەت كۆلىمى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | | تور-نۇقتا سانى | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ماگىزىن نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئازسانلىق مىللەت | ئايال | ئەر | جەمئى | | | | |
| | 1432 | 62 | 94 | 42 | 136 | 13 | | | جەمئىي |
| ئىنتىپاق يولى 27-قورۇ | 735 | 62 | 36 | 31 | 67 | 13 | دۆلەت ئىگىلىكى | 1956-يىلى | كالا، قوي گۆشى مەركىزىي ماگىزىنى |
| شىمالىي شىنخۇا يولى 37-قورۇ | 300 | | 41 | 4 | 45 | | 〃 〃 | 1983-يىلى | شاۋشىمىن چوشقا گۆشى ماگىزىنى |
| ئىنتىپاق يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا | 60 | | 3 | 2 | 5 | | 〃 〃 | 1962-يىلى | ئىنتىپاق يولى چوشقا گۆشى ماگىزىنى |
| تيانشان تۇرلۇك ماللار سارىيىنىڭ ئۇدۇلىدا | 16 | | 3 | | 3 | | 〃 〃 | 1982-يىلى | خەلق مەيدانى چوشقا گۆشى ماگىزىنى |
| بېيخۇاسۇن مېھمانخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا | 273 | | 6 | 3 | 9 | | 〃 〃 | 1963-يىلى | جۇڭشەن يولى چوشقا گۆشى دۇكىنى |
| يېڭى دېموكراتىيە يولى ئېغىزى | 18 | | 2 | 1 | 3 | | 〃 〃 | 1984-يىلى | بېيمېن چوشقا گۆشى ماگىزىنى |
| دۆلەت قۇرۇلۇش يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا | 30 | | 3 | 1 | 4 | | 〃 〃 | 1962-يىلى | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى چوشقا گۆشى دۇكىنى |

## ئالتىنچى، كۆكتات

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى يازلىق كۆكتاتلار ئاساسلىقى تېرىلغۇ، دېموكراتىيە ۋە ئىتتىپاق يېزىلىرىنىڭ تەمىنلىشىگە، ئەتىيازلىق-كۈزلۈك كۆكتاتلار ئاساسلىقى تۇرپان، مىچۈەن، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنلاتتى. يېتىشمىگەن قىسمىنى يەنە جىمسار، گۇچۇڭ، مورىي قاتارلىق ناھىيىلەردىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. 1953-يىلى بىرىنچى رايونلۇق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپىدا بىر كۆكتات ماگىزىنى قۇرۇلدى. 1955-يىلى بىرىنچى، ئىككىنچى رايوندا كۆكتات تور نۇقتىلىرى كۆپىيىپ 61 گە يەتتى. 1956-يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو كۆكتات يېمەكلىكلىرى مىللىيچەماللار شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى رايونىمىز ئىچىدە قۇرۇلدى. رايون ئىچىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلەشكەن كۆكتات كەسىپ تۈرلىرى بىرىكتۈرۈلۈپ بەش كۆكتات دۇكىنى قىلىپ قۇرۇلدى. بۇلار نەنمېن، ئۈچبۇرجەكلىك جاي (خەلق مەيدانى)، تېرىلغۇ يولى، دۆلەت قورۇش يولى، چوڭ كۆۋرۈك قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. 1958-يىلى رايون ئىچىدىكى كۆكتات ھەمكارلىق ماگىزىنىدىن سەككىزى، بىرلەشمە گۇرۇپپىسىدىن 72 سى، تىجارەت ئورنىدىن 49 ى، پىششىقلاپ ئىشلەش ئورنىدىن 16 سى، ئۆزى تىجارەت قىلغۇچىدىن 47 سى بار ئىدى.

1962-يىلى 8-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى رايون ئىچىدە قۇرۇلدى. 1963-يىلى تيانشان رايونىدا تەسىس قىلىنغان ئىككى مەركىزىي ماگىزىن، 26 پارچە سېتىش تور نۇقتىسىدا 375 ئىشچى-خىزمەتچى بار ئىدى. 1964-يىلى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 4 مىليون 898 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تيانشان رايونىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليون 392 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، شەھەر بويىچە ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسىنىڭ %69.24 نى ئىگىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كۆكتات مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ۋەزىيىتى ۋە تەمىنلىنىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. 1979-يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرى ئېچىۋېتىلىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. 1986-يىلى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 18 مىليون 499 مىڭ 600 يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 21 مىليون 24 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تيانشان رايونىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 12 مىليون 43 مىڭ 600 يۈەن، سېتىش سوممىسى 13 مىليون 212 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ھەرقايسىسى پۈتۈن شەھەرنىڭ %65.1 ۋە %62.84 نى ئىگىلىدى. 1986-يىلىغا كەلگەندە تيانشان رايونىدىكى كۆكتاتلارنى پارچە سېتىش دۇكىنى 25 كە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 522 گە يەتتى.

### 1986-يىلى شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى ئاساسلىق سودا تور-نۇقتىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 6-3-1-7

| ئورنى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: ئازسانلىق مىللەت | ئايال | ئەر | جەمئىي | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | ماگىزىن نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 145 | 405 | 117 | 522 | | جەمئىي |
| قىزىل بايراق يولى | 14 | 29 | 25 | 54 | دۆلەت ئىگىلىكى | بىرىنچى مەركىزىي ماگىزىنى |
| شىمالىي شىنخۇا يولى | 7 | 13 | 4 | 17 | " " | چوڭ كۆۋرۈك دۇكىنى |

| ئورنى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: ئازسانلىق مىللەت | ئايال | ئەر | جەمئىي | مۇلۇكچىلىك خاراكتېرى | ماگىزىن نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خەلق يولى | 9 | 19 | 4 | 23 | 〃 〃 | خەلق يولى دۇكىنى |
| شىمالىي شىنخۇا يولى | 10 | 27 | 4 | 31 | 〃 〃 | شىمالىي شىنخۇا يولى دۇكىنى |
| شەرقىي ئارقا كوچا | 2 | 13 | 3 | 16 | 〃 〃 | شەرقىي ئارقا كوچا دۇكىنى |
| داشىمېن | 3 | 15 | 3 | 18 | 〃 〃 | داشىمېن دۇكىنى |
| ئازادلىق يولى | 9 | 13 | 1 | 14 | 〃 〃 | ئازادلىق يولى دۇكىنى |
| ياشلار يولى | 4 | 18 | 2 | 20 | 〃 〃 | ياشلار يولى دۇكىنى |
| دۆلەت قۇرۇلۇش يولى | 4 | 17 | 3 | 20 | 〃 〃 | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى دۇكىنى |
| بەخت يولى | 6 | 13 | 3 | 16 | 〃 〃 | بەخت يولى دۇكىنى |
| جۇڭگۇەن يولى | 8 | 21 | 3 | 24 | 〃 〃 | جۇڭگۇەن يولى دۇكىنى |
| دېموكراتىيە يولى | 2 | 5 | | 5 | 〃 〃 | دېموكراتىيە يولى دۇكىنى |
| داشىمېن | | 8 | 12 | 20 | 〃 〃 | توپ تارقىتىش بۆلۈمى |
| جەنۇبىي شىنخۇا يولى 56-قورۇ | 26 | 29 | 25 | 54 | 〃 〃 | ئۈرۈمچى مەركىزىي ماگىزىنى |
| ئۈچىلىش 53-قورۇ | 4 | 13 | 1 | 14 | 〃 〃 | ئۈچىلىش كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| غالىبىيەت يولى 48-قورۇ | 6 | 20 | 4 | 24 | 〃 〃 | غالىبىيەت يولى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| ئازادلىق يولى 19-قورۇ | 2 | 20 | 8 | 28 | 〃 〃 | دۆڭ كۈۋرۈك كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| جەنۇبىي ئازادلىق يولى 182-قورۇ | 7 | 19 | 2 | 21 | 〃 〃 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى |
| ئىتتىپاق يولى 202-قورۇ | 3 | 13 | 2 | 15 | 〃 〃 | باغخولىياڭ كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| ئىتتىپاق يولى 54-قورۇ | 6 | 15 | 1 | 16 | 〃 〃 | ئىتتىپاق يولى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| يۈجىنگەي كوچىسى 86-قورۇ | 3 | 8 | 1 | 9 | 〃 〃 | يۈجىنگەي كوچىسى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| يەنئەن يولى | 2 | 11 | 3 | 14 | 〃 〃 | يەنئەن يولى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| جەنۇبىي شىنخۇا يولى 56-قورۇ | 3 | 14 | 1 | 15 | 〃 〃 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| ھايۋانات باغچىسى يولى 1-قورۇ | 2 | 18 | 1 | 19 | 〃 〃 | جەنۇبىي باغچا كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |
| تۆمۈرچى كۆۋرۈك بېشىدا | 2 | 14 | 1 | 15 | 〃 〃 | تۆمۈرچى كۆۋرۈك كۆكتات قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى |

**يەتتىنچى، كالا سۈتى**

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە رايون ئىچىدە كالا سۈتىنى يەككە سودا-سېتىقچىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتاتتى. 1964-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى شەھەرلىك كالا سۈتى شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 6-ئايدا رايون ئىچىدىكى دۆڭ كۈۋرۈكتە شەھەر بويىچە تۇنجى كالا سۈتى دۇكىنى قۇرۇلدى. 1965-يىلى رايون تەۋەلىكىدىكى كالا سۈتى تور نۇقتىلىرى تۆتكە،

ئىشچى-خىزمەتچىسى 26 گە يەتتى. 1968-يىلى كالا سۈتى شىركىتى دېزىنفېكسىيلەش پونكىتى قۇرۇپ، سۈت قاچىلىنىدىغان پوتۇلكىلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىشنى يولغا قويدى. 1969-يىلى رايون ئىچىدىكى كالا سۈتىنى سېتىۋېلىش سوممىسى 298 مىڭ 700 يۈەن، سېتىش سوممىسى 336 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن شەھەرنىڭ 48.84% نى ۋە 48.86% نى ئىگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كېڭىيىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كالا سۈتى شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۈت مەنبەلىرىنى كېڭەيتىپ، كالا سۈتى بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. 1975-يىلى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى كالا سۈتى سېتىش ئورۇنلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 424 مىڭ 700 يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 478 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1985-يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 281 مىڭ 700 يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 2 مىليون 621 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1975-يىلدىكىدىن 4.4 ھەسسە ۋە 5.5 ھەسسە ئاشتى. 1985-يىلى سۈت توشۇش يول لىنىيىلىرى 34 كە كۆپىيىپ، پۈتۈن شەھەردىكى 83 يول لىنىيىسىنىڭ 41% نى ئىگىلىدى. سۈتكە يېزىلغان ئائىلىلەر 20674 گە يېتىپ، پۈتۈن شەھەردىكى سۈتكە يېزىلغان 53 مىڭ 707 ئائىلىنىڭ 38.49% نى ئىگىلىدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، تيانشان رايونى تەۋەلىكىدىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى ئۈچكە، تەمىنلەش تور-نۇقتىلىرى 73 كە، تىجارەت كۆلىمى 271.6 كۋادرات مېترغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 60 نەپەرگە يېتىپ، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليون 388 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 3 مىليون 889 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، يارىتىلغان پايدىسى 127 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى.

1987-يىلى شەھەرلىك كالا سۈتى شىركىتىنىڭ تيانشان رايونىدىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى دۇكانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 7-3-1-7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ئورنى | پايدىسى | سېتىش سوممىسى | سېتىۋېلىش سوممىسى | تىجارەت كۆلىمى | ئىشچى-خىزمەتچى سانى | | | | قۇرۇلغان ۋاقتى | ماگىزىن نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | ئاز سانلىق مىللەت | ئايال | ئەر | جەمئىي | | |
| | 12.71 | 388.93 | 388.8 | 271.6 | 21 | 48 | 12 | 60 | | جەمئىي |
| جۇڭشەن يولى 42-قورۇ | 4.18 | 127.33 | 110.88 | 40 | 2 | 19 | 2 | 21 | 1984-يىلى | داشىزى سۈت مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى |
| يېڭى دېموكراتىيە يولى 3-قورۇ | 4.64 | 125.09 | 108.99 | 75 | 3 | 11 | 4 | 15 | 1984-يىلى | بېيمېن سۈت مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى |
| جەنۇبىي ئازادلىق يولى 36-قورۇ | 3.88 | 136.51 | 118.93 | 156.6 | 16 | 18 | 6 | 24 | 1965-يىلى | دۆڭكۆۋرۈك سۈت مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى |

## سەككىزىنچى، نۇقتىلىق سودا ساراي (ماگىزىن)لىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1. مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى

ئۈرۈمچى مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق كۈندىلىك بۇيۇم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ تىپتىكى سودا ساراي بولۇپ، تيانشان رايونى تەۋەلىكىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىرقەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان دۆڭكۆۋرۈك رايونىغا جايلاشقان. تىجارەت بىناسى ئۈچ قەۋەت، ئومۇمىي كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، 1959-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ تىجارەت باشلىغان، شۇ يىلى تىجارەت قىلغان تاۋار تۈرلىرى 7200 خىلغا يېتىپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 7 مىليون 661 مىڭ يۈەن، پايدىسى 328 مىڭ يۈەن بولغان. 260

ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇ، شىبە، مانجۇ قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

1985-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللىيچە بۇيۇملارنى مەخسۇس سېتىشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مال مەنبەلىرىنى تەشكىللەپ مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، تاۋار تىجارىتىنى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلدى. تىجارەت دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، تاۋارلارنى يەنىمۇ كۆپخىللاشتۇردى. شۇ يىلى تاۋارلارنى سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تىجارەت باشلىغان مەزگىلدىكىدىن 322.4% ئاشتى. يارىتقان پايدىسى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، تىجارەت باشلىغان مەزگىلدىكىدىن 44.56% ئاشتى. تىجارەت قىلغان تاۋار تۈرى 12 مىڭ 840 خىلغا يېتىپ، تىجارەت باشلىغان مەزگىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان تاۋار تۈرى 2348 خىلغا يېتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى سودا سارايى دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىلدىكى 260 كىشىدىن 445 كىشىگە، مىللەتلەر بويىچە ئالتە مىللەتتىن 10 مىللەتكە كۆپەيدى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى خېرىدارلارنى ئېغىزمۇ ياخشى كۈتۈۋېلىش، تىلدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ئىشچى-خىزمەتچىلىرى خېرىدارلارغا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي سۆزلەر بىلەن مۇلازىمەت قىلالايدىغان بولدى.

2. قىزىل بايراق تۈرلۈك ماللار سودا ماگىزىنى

قىزىل بايراق تۈرلۈك ماللار سودا ماگىزىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگەن يولى بىلەن قىزىل بايراق يولى كېسىشىپ تۇرىدىغان يول ئېغىزىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ماگىزىننىڭ 178 ئىشچى-خىزمەتچىسى بولۇپ، تىجارەت كۆلىمى 960 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ سودا ماگىزىنى پارچە سېتىشنى ئاساس، توپ سېتىشنى قوشۇمچە قىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا تىپلىق ئۇنىۋېرسال كارخانىدۇر. تاۋارلارنىڭ تۈرى 6200 خىلغا يېتىدۇ. ماگىزىن ئىچىگە تۆت ئىشخانا، 10 تىجارەت گۇرۇپپىسى، بىر توپ تارقىتىش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈچ دەرىجە بويىچە باشقۇرۇلۇپ، ئىككى دەرىجە بويىچە بىرلىك ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلغان. 1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە ماگىزىننىڭ مەبلىغى تېز سۈرئەتتە ئۇبوروت قىلىنىپ، مەملىكەتتىكى 20 نەچچە چوڭ-ئوتتۇرا تىپلىق ماگىزىنلار ئىچىدە ئۇدا ئالتە يىل بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، گوۋۇيۈەن، سودا مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى.

ماگىزىننىڭ بۇرۇنقى نامى تيانشان ئۇنىۋېرسال 1-ماگىزىنى بولۇپ، 1958-يىلى تىجارەت باشلىغان. كېيىن قىزىل بايراق يولى ئۇنىۋېرسال سودا ماگىزىنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1966-يىلى بىر قەۋەتلىك ماگىزىن چېقىۋېتىلىپ، ئەسلى ئورنىغا ئۈچ قەۋەتلىك تىجارەت بىناسى سېلىنىپ، نامى قىزىل بايراق يولى تۈرلۈك ماللار سودا ماگىزىنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1978-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ماگىزىننىڭ سېتىش ۋە پايدىسى تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 1980-يىلى تىجارەت مەشغۇلات مەيدانى كېڭەيتىلدى. 1983-يىلى سېتىش سوممىسى 4 مىليون 613 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1977-يىلدىكىدىن 1.11 ھەسسە ئاشتى. يارىتقان پايدىسى 793 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1977-يىلدىكىدىن 1.64 ھەسسە ئاشتى. مەزكۇر ماگىزىن ئۇششاق تاۋارلارنىڭ كۆپ ھەم تولۇقلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. 1984-يىلى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يەنە كۆپەيتىپ، بىر مەھەل سەل قاراپ كەلگەن ئۇششاق تاۋار تىجارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە كېڭەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇششاق تاۋار تۈرلىرى 722 خىلغا يېتىپ، ئومۇمىي تىجارەت تۈرىنىڭ 11.6% نى ئىگىلىدى. 1985-يىلى ئورۇنلىغان سېتىش

سوممىسى 15 مىليون 354 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. ياراتقان پايدىسى 867 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6450 يۈەندىن توغرا كەلدى. مەبلەغنىڭ بىر قېتىملىق ئايلىنىش مۇددىتى 29—25 كۈن بولدى.

3. ئۈرۈمچى سودا مەركىزى

ئۈرۈمچى سودا مەركىزى 1981-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تىجارەت كۆلىمى 3460 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 409 نەپەر، بىر ئۈنۈۋېرسال تىجارەت مۇلازىمەت بىناسى بار. قارىمىقىدا بەش خىل مېتال، قاتناش، توك مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى، يەرلىك مەھسۇلاتلار، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بۆلۈمى، تۈرلۈك ماللار بۆلۈمى، پولات-ياغاچ ئۆي جاھازلىرى بۆلۈمى، ئاياغ، باش كىيىم بۆلۈمى، يېمەكلىكلەر-قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بۆلۈمى، توپ تارقىتىش بۆلۈمى قاتارلىق يەتتە تىجارەت بۆلۈمى ۋە 39 كەسپىي پوكەي گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان. ئاساسلىقى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، تاغ مەھسۇلاتلىرى، مىللىيچە ماللار، قۇرۇق-ھۆل مېۋە، ھاراق-تاماكا، شېكەر-چاي، يېمەكلىكلەر، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر، سۇ مەھسۇلاتلىرى، تېتىتقۇ بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك بۇيۇملىرى، سۇ، پار زاپچاسلىرى، خىمىيە سانائەت بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى قاتارلىق 14 مىڭ 800 دىن كۆپرەك تاۋارنى تىجارەت قىلىدۇ، تارقىتىش بىلەن پارچە سېتىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارىدۇ. ۋەكالىتەن سېتىۋېلىپ ۋەكالىتەن ساتىدۇ. ۋەكالىتەن ساقلاپ ۋەكالىتەن توشۇيدۇ. 1985-يىلى، ئورۇنلىغان سېتىۋېلىش سوممىسى 29 مىليون 223 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 37.61% ئاشتى، سېتىش سوممىسى 30 مىليون 985 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 33.98% ئاشتى. ياراتقان پايدىسى 2 مىليون 266 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 28.97% ئاشتى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يارىتىلغان پايدىسى 6751 يۈەن بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 1.75% ئاشۇرۇلۇپ، شەھەرلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى بويىچە سودىدا ياراتقان پايدىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان كارخانىغا ئايلاندى.

4. تيانشان تۈرلۈك ماللار سارىيى

تيانشان تۈرلۈك ماللار سارىيى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خەلق مەيدانىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4702 كۋادرات مېتىر، تىجارەت كۆلىمى 2960 كۋادرات مېتىر، نۆۋەتتە ئۇنىڭ بىر تاۋار تىجارەت بۆلۈمى، يېمەكلىكلەرنى تاللاپ سېتىۋېلىش مەيدانى ۋە سۈرەتكە تارتىش بۆلۈمى بار. بىرىنچى قەۋىتىدە پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلاردىن ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، بەش خىل مېتال، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تۈرلۈك ماللار، ئاياغ، باش كىيىم، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خەلق ئىشلىتىدىغان چىراغ سايمانلار، يېمەكلىك، ھاراق-تاماكا قاتارلىقلار بار. ئىككىنچى قەۋىتىدە توقۇلما ماللار، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى، كىيىم-كېچەك، مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، سۈرەتخانا بار. ھەرقايسى تىجارەت بۆلۈملىرىنىڭ كۈندىلىك توپ تارقىتىش كەسپى ئىككىنچى قەۋەتتىكى توپ تارقىتىش ئورنىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن. 1985-يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 456.

1985-يىلى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 28 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇتلاردىن بىۋاسىتە سېتىۋالغىنى 17 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسىنىڭ 60.1% نى ئىگىلىدى. تاۋارلارنى سېتىش سوممىسى 34 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ تارقىتىش سوممىسى 15 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 45.7% نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 1976-يىلدىكىنىڭ 4.8 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. يارىتىلغان پايدىسى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1976-يىلدىكىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى.

## 4-پاراگراف كوللېكتىپ سودا

تيانشان رايونىنىڭ كوللېكتىپ سودا كەسپى ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا قۇرۇلغان خەلق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپى، رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ سودا بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن مەزگىللەردە ئورۇن تاللاپ دۇكان سېلىش، تىجارەتنى تەشكىللەشكە رايونلۇق مەھكىمە ئەۋەتكەن دىرېكتورلار مەسئۇل بولغان. خادىملىرى ئاساسەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىن كەلگەن ياش ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بولۇپ، مەبلىغى ئاما ئىچىدىكى پايچىلاردىن جۇغلانغان. ھەرقايسى رايوندا ئەزالار 16 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، سېلىنغان مەبلىغى 30 مىڭ پاي (بىر پاي ئالتە يۈەن)، 70 نەچچە تور نۇقتىسى قۇرۇلغان. 1955-يىلى كۆچمە مەبلىغى 80 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن. تىجارەت تاۋارلىرى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاشلىق، كۆمۈر، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ۋەكالىتەن سېتىشتىن يېمەكلىك بۇيۇملىرى، تۇخۇم، بېلىق، كۆكتات، مىللىيچە ماللار، تۇرلۇك ماللار، ئىلمە توقۇلما، ئاچچىقسۇ، جاگيۇ قاتارلىقلارنى سېتىشقا تەرەققىي قىلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، تىجارەت تۈرلىرى چەكلەنمىدى. مال مەنبەلىرىنى ئاساسەن ئۆلكىلىك تەمىنات ھەمكارلىق ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى باشقۇرۇش ئورۇنلىرى، ھەربىي رايونغا قاراشلىق ھەمكارلىق تەمىنات باش كوپېراتىپى، شەھەرلىك بىرلەشمە تەمىنات كوپېراتىپلىرىدىن ۋە ئۆزلىرى ئۆلكىنىڭ ئىچى ۋە سىرتقى جايلىرىغا بېرىپ سېتىپ كىرگۈزدى. ئاز قىسمى يەككە تىجارەتچىلەردىن كىرگۈزۈلدى. ئىستېمالچىلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى باھانى تەڭشەش، بازارنى جانلاندۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردىن رولىنى جارى قىلدۇردى. 1956-يىلى رايونلۇق سودا بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئىستېمالچىلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. پايچىكلارنىڭ پايلىرى قايتۇرۇلۇپ، پاي پايدىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ھەربىي پاينىڭ دىرى ۋە پايدىسى 64.8 يۈەن بولدى.

1958-يىلى، تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىدىكى 1200 دىن ئارتۇق يەككە تىجارەتچىلەر تەشكىللىنىپ، دوستلۇق، ئالتۇن يۇلتۇز يېمەك-ئىچمەك ھەمكارلىق ماگىزىنى، ئۈچقۇن، جىنشىڭ كۆكتات ھەمكارلىق سودا ماگىزىنى، «تاڭ نۇرى» تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى، ئاۋانگارت، بەش يۇلتۇز قۇرۇق-ھۆل مېۋە ھەمكارلىق ماگىزىنى، لىمىن كونا ماللار ھەمكارلىق ماگىزىنى، لىمىن كونا ماللار ھەمكارلىق ماگىزىنى، تاڭ نۇرى مىللىيچە ماللار ھەمكارلىق ماگىزىنى، يېڭى يۇلتۇز يۇيۇش، بوياش زاۋۇتى، تامغا ئويۇش كوپېراتىپى قاتارلىق كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى قۇردى. سودىگەرلەر دۇكانلارغا كىرىپ پۇل ۋە ماللىرىنى پايغا قوشتى، پاي پۇلى تەخمىنەن 400 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان تور نۇقتىلىرى 120 ئورۇنغا يېتىپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 6 مىليون يۈەن بولدى. 1960-يىلى پۈتۈن رايوندا ھەمكارلىق سودا ماگىزىنى (كوپېراتىپ) 12 گە، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى 27 گە، خادىملىرى 1428 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەمكارلىق ماگىزىنىنىڭ خادىملىرى 978 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 68.49% نى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرى 450 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 31.51% نى ئىگىلىدى. ھەمكارلىق سودا كەسىپلىرىنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 5 مىليون 733 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1962-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ سودىلارنىڭ

ھەممىسى شەھەرلىك 1-، 2-سودا ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1979-يىلى جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن رايونلۇق تۈرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلدى، رايوندىكى سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، كوللېكتىپ سودا نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلدى. دەسلەپتە قۇرۇلغان سودا ۋە مۇلازىمەت نۇقتىلىرى 20 گە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980-يىلى تۇرلۇك سودا تور نۇقتىلىرى 74 ئورۇنغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك-ئىچمەك نۇقتىلىرى 31 (مۇسۇلمان ئاشخانىسى 15، خەنزۇ ئاشخانىسى 16)، سودا ئورنى 11، مۇلازىمەت ئورنى 32. مەشغۇلات خادىملىرى 501 نەپەر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى 36.5% نى، ئاياللار 81.4% نى، زىيالىي ياشلار 28.6% تىنى ئىگىلىدى. پۈتۈن يىللىق تىجارەت سوممىسى 157 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979-يىلدىكىدىن 8.22% ئاشتى. 1981-يىلى رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قۇرۇپ باشقۇرغان كوللېكتىپ تىجارەت تور نۇقتىلىرى 76 ئورۇنغا كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا ئورنى 25، يېمەك-ئىچمەك ئورنى 38، مۇلازىمەت ئورنى 13. مەشغۇلات خادىملىرى 721 نەپەرگە يەتتى. تىجارەت ئومۇمىي كۆلىمى 6762 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مېھمانخانا كارىۋىتى 726 گە، ئاشخانىلار 725 كە، ساتىراشخانا ئورۇندۇقى 22 گە، مۇنچا يۇيۇنۇش جۇمىكى 30 غا، ۋاننىسى تۆتكە، سېلىنغان مەبلىغى 436 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىللىق سېتىش سوممىسى 2 مىليون 586 مىڭ 300 يۈەن، پايدىسى 181 مىڭ 900 يۈەن بولدى. 1987-يىلغا كەلگەندە رايونغا قاراشلىق تۈرلۈك كوللېكتىپ كارخانىلىرى 15 كە، يەرلىك مەھسۇلات، تۈرلۈك ماللار، يېمەكلىك، ھاراق-تاماكا، پار-سۇ سايمانلىرى، بەش خىل مېتال، قاتناش، توك، خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم-كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم، ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى تىجارەت قىلىدىغان نۇقتىلىرى 170 كە، ئاشخانا، ساراي، ساتىراشخانا، سۈرەتخانا قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ نۇقتىلىرى 53 كە يېتىپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار 70% نى ئىگىلەيدۇ. يىللىق سېتىش سوممىسى 76 مىليون 688 مىڭ 300 يۈەن بولدى.

**شىنخۇا مېھمانخانىسى**

شىنخۇا مېھمانخانىسى رايونغا قاراشلىق ئەڭ چوڭ كوللېكتىپ يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كارخانىسى بولۇپ، 1981-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلغان. 78 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. ئورنى دېموكراتىيە غەربىي يولىنىڭ ساي يولى ئېغىزىغا جايلاشقان. تىجارەت بىناسى بەش قەۋەت بولۇپ، تىجارەت كۆلىمى 3401 كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ياتاقخانا، مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى، خەنزۇ ئاشخانىسى، مال سېتىش ئورنى، ماگىزىن ۋە سانائەت ئۇششاق تاۋارلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرى تەسىس قىلىنغان.

1986-يىلى شىنخۇا مېھمانخانىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مېھمانخانىدىن پايدىلىنىپ سانائەت ئۇششاق مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازىرىنى تۈنجى بولۇپ قۇردى. بۇ بازار يەككە تىجارەتچىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا 12 مىڭ خىلدىن ئارتۇق تۈرلۈك ماللار، كىيىم-كېچەك، ئاياغ، باش كىيىم، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىق ئۇششاق تاۋارلارنى تۈركۈملەپ ساتتى. 1987-يىلى تىجارەت كىرىمى 586 مىڭ 500 يۈەنگە، پايدىسى 53 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

## 5-پاراگراف خۇسۇسىي (يەككە) سودا

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇانىڭ سودىسىدا ئاساسلىقى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ئاساس قىلىنغانىدى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 23-يىلى (1758-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تيانشاننىڭ شىمالىدىكى قازاق قەبىلىلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن دىخۇادا شايى، چاي، ئات-ئۇلاغ سودىسىنى يولغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى داۋ گۇاڭ سەلتەنەتىنىڭ 8-يىلى (1928-يىلى)دىن كېيىن بۇ خىل سودا پائالىيىتى تەرەققىي قىلىپ خەلق ئىچىدىكى ئاددىي سودا پائالىيىتىگە ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى (1976-يىلى) بېيجىڭ، تەنجىڭ ئەتراپىدىكى سودا-سېتىقچى، ئامرات پۇقرالار، زوزۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭلار باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورىلار قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئېپكەش بىلەن كۆتۈرۈپ ھەربىي قىسىمغا ئەگىشىپ تىجارەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن چار بازارچىلار دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى دىخۇانى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دىخۇاغا ماكانلىشىپ قالغان. ئۇلار لاپىلى ياساپ يايمىچىلىق قىلغاندىن دۇكان سېلىپ تىجارەت قىلغانغا قەدەر تىجارىتى بارغانسېرى رونائ تېپىپ دىخۇا سودىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالغاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «سەككىز چوڭ ئائىلە» دەپ ئاتالغان خۇسۇسىي سودىگەرلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلاردىن يۇڭ يۈدې بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇدىن كىرگۈزۈلگەن چەرچىن ماللار، ئاۋار-دۇردۇن رەختلىرى، دورا ماتېرىياللىرى، ئەپيۇن، بۇغا مۈڭگۈزى، بۆكەن مۈڭگۈزى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، دۇكان خادىمى 30 غا يەتكەن. تۇڭ شېڭخې بېيجىڭ، گۇاڭجۇلاردىن كىرگۈزۈلگەن چەرچىن ماللار ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ساتقان، شاڭخەي تيەنجىن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا سودا شۆبە پېرېۋوت دۇكانلىرىنى، گۇچۇڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارماق ماگىزىنلىرىنى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماللارنى تارقىتىپ سېتىش دۇكانلىرىنى قۇرغان بولۇپ، دۇكان خادىملىرى 20 نەچچىگە يەتكەن. شىڭ جۈيۈڭنىڭ سالغان دەسمايىسى تەخمىنەن 23 مىڭ كۈمۈش تەڭگىگە يەتكەن. جۇشىڭيۇڭ تەخمىنەن 15 مىڭ يۈەنلىك دەسمايە سېلىپ بانكا ئاچقان، خىزمەتچى خادىمى 10 نەچچىگە يەتكەن. فۇچۇەنيۇڭ بۇرۇن كۆكتات تېرىغۇچى دېھقان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1886-يىلى) ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ زاۋۇتى قۇرغان، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن داشىزى يول ئېغىزىغا دۇكان سېلىپ، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، چاي، پىچىنە-پىرەنىك، تۈرلۈك ماللار قاتارلىق بۇيۇملارنى ساتقان. گۇڭ جۈچېڭ، بېيجىڭ ۋە تيەنجىننىڭ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈپ ساتقان. دېخېڭتەي ئاۋار-دۇردۇن رەختلىرى، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ساتقان، دۇكان خادىمى 10 نەچچىگە يەتكەن. شىن شېڭخې بېيجىڭ ۋە گۇاڭجۇدىن كىرگۈزۈلگەن چەرچىن ماللارنى مەخسۇس ساتقان.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 7-يىلى (1981-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چارروسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ «جۇڭگو-روسىيە ئىلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 21-يىلى (1895-يىلى) دىخۇا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى «سودا چەمبىرىكى» قىلىپ ئايرىپ بېرىلگەندە، «ئەجنەبىيلەر كوچىسى» (ياڭ خاڭ كوچىسى) دەپ ئاتالغان. شۇ يىلى سەككىز ئورۇنغا چەت ئەل دۇكىنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن رەخت، تۆمۈر، چاي، قىزىل چاي، قەنت، تىۋىت-پاختا، نېفىت، تاماكا، سەرەڭگە ۋە باشقا كۈندىلىك مۇلازىمەت بۇيۇملىرىنى ئاساسلىق سېتىپ، قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، ئۈچەي، پاختا، قۇرۇتۇلغان بۇيۇملار، ھايۋانات تېرىسى قاتارلىقلارنى

ئېكسپورت قىلدى. بۇ چەت ئەل دۇكانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇلاڭ-تالاڭچىلىقتا ئەگىشىپ بېيىغان زومىگەر سودىگەرلەردۇر. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، چەت ئەل دۇكانلىرىنىڭ سودىسى ئۆزلىكىدىن كاساتلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەندى. شۇندىن كېيىن شەنشى، خۇنەن، سىچۇەندىن كەلگەن ۋە يەرلىك مىللىي كاپىتالىستلارمۇ دىخۇادا بەس-بەس بىلەن سودا قىلىشقا كىرىشتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنى ھەمدە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى، مىللىيچە كۆندىلىك تۇرمۇش مۇلازىمەت بۇيۇملىرىنى ساتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە داشىزى ئەتراپىغا تارقىلىپ ماكانلاشقان «تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ ئائىلە»نىڭ دەسمايىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، دىخۇانىڭ سودىسى ئىچىدە تەسىر كۈچى بىرقەدەر چوڭ بولغان. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى) ۋاڭ گاۋشىڭ داشىزى ئەتراپىدىكى ئۇننەچچە سودا دۇكىنىغا ئوت قويىۋېتىپ، سەككىز چوڭ ئائىلىنى ھالاكەتكە ئۇچراتتى. شۇندىن كېيىن شەنشى، خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دىخۇادا قۇرغان دۇكانلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەنشىلىك سودىگەرلەرنىڭ دىخۇادا قۇرغان نىڭ دېتاڭ ۋە يۈەن تەيتاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دورا دۇكىنىنىڭ نامى چىققان. نىڭ دېتاڭ دۇكىنى بالدۇر تىجارەت باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئىناۋىتى تېخىمۇ چوڭ بولغان. خۇنەنلىك سودىگەرلەر ئاچقان چيەن يىشېڭ چاي دۇكىنى، شېڭ خېڭماۋ چايخانىسى ۋە سىچۇەنلىك سودىگەرلەرنىڭ خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىلىرىمۇ خېلى نام چىقارغان. دىخۇادىكى ئۇششاق تىجارەتچى ۋە يايمىچىلارنىڭ تەنزە-يايمىلىرى چوڭ چاسا، كىچىك چاسا، يېڭى كۆۋرۈك (ئوتتۇرا كۆۋرۈك)، مال بازىرى، نەنمىن قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋات جاي نەنمىن بولغان)، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا بۇ يەر ھايانكەشلەرنىڭ ھايانكەشلىك قىلىدىغان قاراڭغۇ بازىرىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ جايدا دائىم ھەرىكەت قىلىپ يۈرگۈچىلەر مىڭدەك بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1300—1500 پارچە خىش چاي، 5000 پاشىكىدىن كۆپرەك تۈرلۈك تاماكىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ھايىنىغا ساتقان. شۇ مەزگىلدە دىخۇادا تۈرلۈك ماللار، يىمەكلىك، كۆكتات، كالا سۈتى، بەش خىل مېتال، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت قاتارلىق سودا تۈرلىرى ۋە بازارلار 800 دىن ئاشقان. بۇ يەككە سودىگەرلەر چەت ئەل ماللىرىنى چەكلەپ، سودا بازارلىرىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن رول ئوينىغان.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، رايون تەۋەلىكىدىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەردىن جەمئىي 1444 ئائىلە، يەككە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن 414 ئائىلە بار ئىدى. 1951-يىلى يەككە سودا-سانائەتچىلەرگە قارىتا تىزىملاش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتى قوغداپ قېلىنىپ، بازارلار جانلاندۇرۇلدى. بازارغا سېلىنغان تاۋارلار كۆپەيتىلىپ تىجارەت دائىرىسى كېڭەيتىلدى. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، چەرچىن ماللار، تۈرلۈك ئۇششاق ماللار، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار، ئاشلىق، ماي، ھاراق-تاماكا، يەل-يېمىش، كۆكتات، پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يىمەكلىكلەر ۋە تۈرلۈك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر سېتىلىپ، ئاممىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. 1956-يىلدىن 1957-يىلغىچە، يەككە سودىنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىق دۇكانلىرىغا قوشۇۋېتىلدى. 1958-يىلى 19 ھەمكارلىق دۇكىنىدا 266 ئائىلە 284 ئادەم ئىشلىدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا 473 ئائىلە 473 ئادەم ئىشلىدى، 1959-يىلى ئالىي ھەمكارلىق ماگىزىنى قۇرۇلدى. قۇرۇلغان سودا ماگىزىنى يەتتىگە، ئادىمى 617 گە، يېمەك-ئىچمەك دۇكىنى ئۈچكە، ئادىمى 292 گە، مۇلازىمەت ماگىزىنى ئالتىگە، ئادىمى 341 گە يېتىپ، ھەرقايسى ماگىزىنلار قارمىقىدا 254 تور نۇقتا تەسىس قىلىندى. 1961-يىلى دۆلەتنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يەككە سودىنىڭ تەرەققىي

قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىپ، شۇ يىلى 1325 ئائىلە سودا قىلىشقا تىزىملاندى. 1963-يىلى 2288 ئائىلىگە ئەرمەقىي قىلدى. 1964-يىلى يەككە تىجارەتچىلەرگە قارىتا «قاتتىق ئىگىلەش، تەدرىجىي شاللاپ چىقىرىۋېتىش، ئازايتىشقا بولىدۇكى كۆپەيتىشكە بولمايدۇ» دېگەن سىياسەت ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، تەمىنلەش مەنبەلىرى ئازىيىپ مال تەمىنلەش يوللىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ پەقەت 93 ئائىلىلا قالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يەككە سودا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قارالدى، تەرەققىياتى تېز بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قارىتا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1985-يىلى يەككە تىجارەتچىلەر كۆپىيىپ 6644 ئائىلىگە، سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 10 مىڭ 96 گە يەتتى. يەككە تىجارەتكە ئوڭايلىق يارىتىش ئۈچۈن، 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە دۆلەت مەبلەغ سېلىش، كوللېكتىپ يەككىلەردىن مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ رايون ئىچىدە قىزىل بايراق يولى، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، مال بازىرى، دۆڭكۆۋرۈك، ئۆي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسى قاتارلىق بەش ئورۇندا سودا بازىرى ۋە ئۆتەڭچى كۆۋرۈك قۇشخانا بازىرى، شۇنىڭدەك مېۋە-چېۋە توپ تارقىتىش بازارلىرى يېڭىدىن سېلىندى. بۇ بازارلارغا 449 دۇكان، 1103 سېتىش پوكىيى، 808 پوكەيسىز يايما ئورنى، 190 ۋاقىتلىق يايما ئورنى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يەككە سودا رايون دائىرىسى ۋە تىجارەت ئوبيېكتلىرىنى چەكلەپ قويۇشتىن ھالقىپ چىقىپ، ئىچكىرى جايلاردىكى بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، رايونىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىدا سېتىشقا باشلىدى. بازارلار خوتەن گىلىمى، يېڭىسار پىچىقى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، قەشقەرنىڭ ئانىرى، بادىمى، چىلىنى، قوغۇن قېقى ۋە قۇرۇق ئۈزۈمى قاتارلىق قۇرۇق-ھۆل مېۋە-چېۋىلىرى بىلەن تولۇپ، بازارلاردىكى تەمىنلەش بىلەن سېتىش ئاۋاتلاشتى. 1987-يىلى رايون ئىچىدىكى يەككە سودىگەرلەر 6560 ئائىلىگە، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 9740 كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 3.8% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ 17.3% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى بۇ بازارلاردىكى ئوبوروت سوممىسى 30 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2-باب يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى

### 1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1956-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى رايون ئىچىدە قۇرۇلدى. 1958-يىلىنىڭ بېشىدا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغاندا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەرلىك مۇلازىمەت ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 9-ئايدا شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

1960-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى تيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى، شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت جەمئىيىتى چۈشۈرۈپ بەرگەن كىچىك تىپتىكى سودا تور-نۇقتىلىرىدىن 42 نى ۋە 347 ئادەمنى قوبۇل قىلدى. 1962-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت جەمئىيىتى ئاساسىدا يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تور-نۇقتىلىرى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1963-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قۇرغان ۋە رايونغا قاراشلىق يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق تۇرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى، رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى، رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمىتى شىركىتى دەرىجىلەرگە ئايرىپ باشقۇردى.

## 2-پاراگراف يېمەك-ئىچمەك

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇانىڭ يېمەك-ئىچمەك كەسپىدە يېمەكلىكلەرنى پارچە سېتىش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، 100 خىلدىن ئارتۇق ئۇششاق يېمەكلىك تائاملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاشخانىدىن پەقەت يىگىرمە توققۇزىلا بار ئىدى. يېمەكلىكلەرنى پارچە سېتىش ئورنى ۋە ئاشخانا ئاچقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولۇپ، خەنزۇلار %30 نى ئىگىلەيتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يېمەك-ئىچمەك تىجارىتىنى يەنىلا يەككە تىجارەتچىلەر قىلدى. يەككە سودىغا قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىدە يەككە يېمەك-ئىچمەك سودىگەرلىرى، ھەمكارلىق سودا ماگىزىنلىرىنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا ئاكتىپ تۈردە ئىلتىماس قىلدى. 1958-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى 13 ئائىلە، 78 ئادەم ئۆزلىرىگە قاراشلىق 16 دۇكان بىلەن دوستلۇق پىششىق يېمەكلىكلەر ھەمكارلىق سودا ماگىزىنىغا قاتناشتى. 1963-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، تيانشان رايونىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ ئاچقان ئاشخانا سەككىزگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يېمەك-ئىچمەك كەسپى زور دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى. ئەنئەنىۋى تېخنىكا ھۈنەرلىرى، تىجارەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەتتا ۋىۋىسكا، دۇكان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى فېئوداللىزمنىڭ، كاپىتالىزمنىڭ، شۈيجۇگجۇيىنىڭ نەرسىلىرى دەپ قارىلىپ، ھاقارەت ۋە پىپەن قىلىندى. مۇسۇلمانلار بىرىنچى ئاشخانىسى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئاشخانىسىغا، خۇڭچۇنيۇەن ئاشخانىسى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. تاماق ۋە قورۇما تۈرلىرى ئازىيىپ، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېمەك-ئىچمەك كەسپىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، رايون ئىچىدە يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا 12 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا ئاشخانا سەككىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايون، شەھەر، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى ۋە ھەربىي رايون قاتارلىق ئورۇنلار قۇرغان مېھمانخانا، رېستوران ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان مېھمانخانا، ئاشخانا شۇنىڭدەك رايون-مەھەللە قۇرغان يېمەك-ئىچمەك نۇقتىلىرى شەھەر رايونىدىكى چوڭ-كىچىك كوچىلارغا تارقالغان، بولۇپمۇ چوڭ-كىچىك تۆت كوچا ئېغىزى ئەتراپىغا ئەڭ زىچ مەركەزلەشكەن. خۇڭچۇنيۈەن ئاشخانىسى، نان شورپا ئاشخانىسى، كاۋاپخانا، خەلق مېھمانخانىسى، ئىسلام

رېستورانى، يۇخۇاشياڭ تاتلىق يېمەكلىكلەر دۇكىنى قاتارلىق دۇكان-ئاشخانىلار داشىزىنىڭ ئاۋات جايىغا زىچ ئورۇنلاشقان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۆزگىچە ئالاھىدە مېزىلىك تائاملىرى بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىسىنىڭ جۇڭگوچە، غەربچە تائاملىرى، خەلق ئاشخانىسىنىڭ تيەنجىن داڭلىق مانتىسى، ئىسلام رېستورانىنىڭ گۆشلۈك پولوسى، پېتىر مانتىسى، يۇ خۇاشياڭ تاتلىق يېمەكلىكلەر ئاشخانىسىنىڭ يۇمشاۋ، پېچىنىسى، كاۋاپخانىنىڭ كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى، يەل قازان گۆشى ھەمدە نان شورپا ئاشخانىسىنىڭ نان شورپىسى قاتارلىقلار خېرىدارلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

**بىرىنچى، داڭلىق ئاشخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

1. خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىسى

خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى «شىڭخۇاسۇن» ئىدى. بۇ ئاشخانىنى 1904-يىلى ۋاڭ يېچۈەن ئېچىپ، پەسىللىك ئۇششاق يېمەكلىكلەر ۋە ئەرزان باھالىق تاماقلارنى ساتقان. 1940-يىلى كۈزدە ئاشخانىنىڭ نامى «خۇڭچۈنيۈەن»گە ئۆزگەرتىلىپ، ھەممە يەرنىڭ قورۇمىلىرىنى قورۇپ سېتىپ، ھاراق زىياپەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا، شەھەردىكى بىردىنبىر سىچۈەن داڭلىق سەي قورۇمىلىرى ئاشخانىسىغا ئايلانغان. كېيىن تىجارەت باشقۇرۇش ياخشى بولماي 1947-يىلى كۈزدە تىجارىتى توختاپ قالغان. 1949-يىلى يازدا قايتا تىجارەت باشلىغان. ئازادلىقتىن كېيىن «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا تاپشۇرۇلمىغان دۆلەت بېجىنى تۆلىگەچكە داۋاملىق تىجارەت قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەي تىجارەت توختىتىلىشىنى ئېلان قىلغان. 1952-يىلى دۆلەت قەرز پۇلى بېرىپ يۆلىگەنلىكتىن 8-ئاينىڭ 1-كۈنى تىجارىتى ئەسلىگە كېلىپ، 1957-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى رەسمىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1958-يىلى 11-ئايدا ئاشخانا ئورنى دېموكراتىيە يولىدىكى سابىق سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمە ئىش بېجىرىش بىناسى ئىچىگە كۆچۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ ئاشخانىنىڭ «خۇڭچۈنيۈەن» دېگەن ئىسمى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر تاماقخانىسىغا، ئايرىم-ئايرىم قورۇما قورۇش، داش قازاندا بىراقلا قورۇماقورۇشقا ئۆزگەرتىلگەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خۇڭچۈنيۈەننىڭ بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەتتىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش ۋە قەرز پۇلى ئېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن بەش قەۋەتلىك بىنا سالدى. تىجارەت كۆلىمى 5688 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىگە جۇڭگوچە، غەربچە تائاملار بۆلۈمى ۋە ياتاق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1985-يىلى تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 107 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر بىرىنچى دەرىجىلىك، بەش نەپەر ئىككىنچى دەرىجىلىك، 12 نەپەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئاشپەز بولۇپ، داڭقى چىققان ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاشپەز لى جېنشىڭ، داڭلىق ئۇستا ئاشپەز جۇ شيەنمىڭ قاتارلىق ئاشپەزلەرمۇ خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىسىدا ئاشپەزچىلىك خىزمىتى بىلەن كۆپ يىل شۇغۇللانغان. 1987-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى 242گە، ئاشخانا كۆلىمى 950 كۋادرات مېتىرغا، ئاشخانا ئورۇندۇقى 600 گە، تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ئىسلام رېستورانى

ئىسلام رېستورانىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى «مۇسۇلمانلار بىرىنچى ئاشخانىسى» بولۇپ، دۆلەت مەبلىغى بىلەن سېلىنىپ، 1955-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى پۈتۈپ تىجارەت باشلىغان، ئاساسلىقى مىللىيچە ئاددىي يېمەكلىك، كالا، قوي گۆش قورۇمىلىرى، نان تۇگۈرۈلگەن شورپا قاتارلىق تاماق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئەنئەنىۋى تېخنىكا ھۈنەرلىرى، تىجارەت ئالاھىدە-

لىكلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئاشخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1968-يىلى 10-ئايدا ئاشخانا تىجارەت ئورنىنىڭ كۆپ قىسمى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ياتاقخانىلىرىغا ئۆزگەرتىلگەچكە، تىجارەت باشقۇرۇشى قالايمىقان بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تىجارەت ئالاھىدىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى يىلدىن يىلغا ياخشىلاندى. بولۇپمۇ 1985-يىلى رېمونت قىلىش ۋە زىننەتلەش ئارقىلىق زال ئىچى پۈتۈنلەي يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى رېستوران ئۆزگەرتىلىپ، تىجارەت كۆلىمى كېڭەيتىلىپ 968.6 كۋادرات مېترغا يەتتى. ئالدى-كەينى بىناسىغا جەمئىي تۆت تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئالدى بىناسىدا مىللىيچە تائاملاردىن پولو، قورۇمىلار ۋە ئەرزان تاماقلار ۋە تۈرلۈك زىياپەتلەرنى تەييارلايدۇ. كەينى بىناسىغا چەت ئەللىكلەرنى كۈتۈۋېلىش رېستورانى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، غەربچە كۆپ خىل قورۇمىلار سېتىلىدۇ. مەزكۇر ئاشخانا پىشۇرغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مېزىلىك تاماقلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1985-يىلى ئاشخانىنىڭ تىجارەت سوممىسى 750 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 85 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 50. ئۈنۋان دەرىجىسى يۇقىرى ئاشپەز ئۇستىلار 12. داڭلىق ئۇستا ئاشپەز ماجىڭتاڭ، تۇراخۇن قاتارلىقلار بۇ ئاشخانىدا كۆپ يىل ئىشلىگەن.

## ئىككىنچى، داڭلىق تائاملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

### 1. كاۋاپ

كاۋاپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرۇپ يەيدىغان مېزىلىك تائام بولۇپ، ئۇ ئۆزگىچە ئالاھىدە زىرە پۇرىقى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. پىشۇرۇش ئۇسۇلى: يېڭى يۇمران قوي گۆشىنى مېيىدىن قوشۇپ قېلىن ھەم نېپىزلىكىنى ماسلاشتۇرۇپ تەكشى يالتۇ توغراپ، كراخمال، تۇخۇم ۋە چېپىلغان باش پىياز قىيامى بىلەن مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، زىققا قاتار ئۆتكۈزۈپ، ئالاھىدە ياسالغان كاۋاپدانغا تەكشى تىزىپ، سۈس ئوتتا قاقلاپ، زىرە كۆپرەك، دارى-دارمان، ئۇۋاق قىزىلمۇچ ۋە تۇز مۇۋاپىق سېپىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇدۇللۇق پىشۇرۇلۇپ ئۇدۇللۇق يېيىلىدۇ.

### 2. تونۇر كاۋىپى

تونۇر كاۋىپى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مېزىلىك داڭلىق تائاملىرىنىڭ بىرى. پىشۇرۇش ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ئىككى ياشلىق ساغلام پاخلاننى تالاپ بوغۇزلاپ، گۆشىنى پۈتۈن چىقىرىپ، سۇ تەركىبىنىڭ ئېقىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇمشاق ھەم مېزىلىك پىشۇرۇش ئۈچۈن، زەنجىۋىل، تۇخۇم، ئۇۋاق زىرە قاتارلىق دورا-دەرمانلاردىن تەييارلانغان شىرە پۈتۈن قوي گۆشىنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى سېپىلىدۇ، ئاندىن قىزدۇرۇلغان تونۇرغا سېلىنىپ، بىر سائەتتىن كۆپرەك قاقلانسا بولىدۇ. پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋىپى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭدە، گۆشى يۇمشاق-مېزىلىك بولۇپ، خۇشپۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. تونۇر كاۋىپىنىڭ رەڭگى ۋە تەم-پۇرىقى ئېسىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەنئەت شەكلىگىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ. مېھمانلارغا تارتىلغاندا، تونۇر كاۋىپىنىڭ مۈڭگۈزىگە قىزىل لاتا تۈگۈنچىكى تاقاپ، ئاغزىغا بىر تۇتام يېشىل ئوت چىشلىتىپ، تاۋاققا تىزلاندۇرۇپ قويۇلغاچقا، تۇرقى چىرايلىق بولۇپ، خۇددى تىرىكتەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

### 3. پولو

پولو ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر ياقتۇرۇپ يەيدىغان مېزىلىك تائام. ئېتىش ئۇسۇلى: ئالدىن تەييارلانغان ئۇستىخانلىق قوي گۆشىنى سۇ يېغى قىزدۇرۇلغان قازاندا سۇيى قۇرىغىچە قورۇپ؛

پىياز، قەلەمچە قىلىنغان سەۋزە، ئۈزۈك زىرە، تۇز سېلىپ سەۋزىسى يۇمشىغىچە قورۇغاندىن كېيىن، سۈيىنى تەڭشەپ يۇيۇلغان گۈرۈچنى ئۈستىگە تۆكۈپ، قازان تۈۋىقىنى چىڭ يېپىپ، سۇس ئوتتا دەملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

4 . نان

نان ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئۇن يېمەكلىكى. ناننىڭ تۈرى كۆپ خىل بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ يېيىلىش ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. «قەمەك نان»، «شىرمان نان» قاتارلىقلار چوڭ نانلار قاتارىغا كىرىدىغان نان بولۇپ، ئاساسلىقى ھېيت-بايرام ۋە توي-تۆكۈنلەردە يېيىلىدۇ؛ «توغاچ» ۋە «قاتلىما» قاتارلىقلار كىچىك نانلار بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن يول ئوزۇقى دەپ ئاتالغان. بولكىدىنمۇ قېلىن يېقىلىدىغان «گىردە» نېنى، قوتۇرماچتىنمۇ نېپىز يېقىلىدىغان «خەيرەك» نېنىنى ھەمدە قىيمىسىز يېقىلىدىغان «كاكچا» نانلىرىنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى ئاددىي بولغاچقا، ئائىلىلىكلەرنىڭ ئەمىباب ئاددىي تامىقى بولۇپ قالغان. گۆش نان، بۇ نان ئاشخانىلاردا خېرىدارلار ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان تائاملارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نان ئادەتتە ئاق ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇلۇپ قاقلاپ پىشۇرۇلىدۇ، ئايرىم ساندىكىلىرى كۆممە قوناق ۋە قىزىل قوناق ئۇنلىرى بىلەنمۇ يېقىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىكى ناۋاي ئۇستىلارنىڭ نان يېقىش ماھارىتى ئۆزگىچە بولۇپ، خېمىرنى مەلۇم مىقداردا كالا سۈتى، سۇمېيى قوشۇپ يۇغۇرۇپ چەيلەپ بولدۇرغاندىن كېيىن، ناننىڭ ئوتتۇرىسىغا كۇنجۇت بىلەن پىياز قىيمىسىنى سۈرۈپ، سول يۈزىگە ئازراق تۇز سۈيى سېپىپ ئالدىن قىزدۇرۇپ قويۇلغان تونۇر يۈزىگە يېقىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نان يېقىلغان تونۇرنىڭ قالدۇق ئوتون چوغى ئىچىدە بىۋاسىتە قاقلىنىپ پىشۇرۇپ چىقىلىدۇ. قاقلاپ پىشۇرۇلغان نان مېزىلىك ھەم تەملىك بولىدۇ. نان يەنە سۇ تەركىبى ئاز، قېتىپ قېلىشتىن قورقمايدىغان، ئۇڭاي كۆكىرىپ قالمايدىغان، ساقلاشتا قولايلىق بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئىگە. نان ئۇيغۇر خەلقى ياقتۇرۇپ يەيدىغان يېمەكلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى قازاق، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ ياقتۇرۇپ يەيدىغان ئاساسلىق يېمەكلىكتۇر.

## 3-پاراگراف ساراي-مېھمانخانىلار

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۋانىڭ مېھمانخانا كەسپى ئات-ئىشەك ھارۋىكەشلىرى دەڭلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، شاۋشىمىننىڭ سىرتىدا خۇئېنبۇمەن، سۇڭ فۇچېڭنىڭ ئات ھارۋا دەڭى، نەنمىننىڭ سىرتقى تەرىپىدە سىيىت، مازۇگېي، گاجىنفۇلارنىڭ ئات ھارۋا دەڭلىرى بار ئىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت مال توشۇش كەسپى بىرقەدەر تەرەققىي قىلىپ، مەخسۇس سودا كەسپىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان مال-سودا سارايلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ سارايلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئابلىز ئاچقان خوتەن سارىيى، لياڭ جېپىڭ ئاچقان دېجۇ سارىيى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇ سارايلار پەقەتلا ئۆتكەن-كەچكەن سودىگەرلەرنىلا كۈتەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۆڭكۆۋرۈككە يولۇچىلار گەرمجى قۇرۇلۇپ، ئات-ھارۋا دەڭلىرى بارا-بارا يولۇچىلار ياتىدىغان كىچىك تىپلىق سارايغا ئايلاندى. 1956-يىلى ئىككى رايوندا ئات-ھارۋا دەڭلىرىدىن 11ى، كىچىك تىپلىق سارايلاردىن يەتتىسى بار ئىدى. 1965-يىلى تيانشان رايونىدا شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى باشقۇرىدىغان سارايدىن 52 سى، يەنى ئىتتىپاق سارىيى، قۇياشقا تەلپۈنۈش سارىيى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىشلەپچىقى-

رىش-قۇرۇلۇش بىگۇنۇمنى قۇرغان خەلق مېھمانخانىسى ۋە ئۈچ ئات ھارۋا دەگى بار.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مېھمانخانا كەسپلىرى ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قائىدە-تۈزۈملەر بۇزۇپ تاشلانغانلىقتىن، باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇپ مۇلازىمەت ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مېھمانخانا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. 1981-يىلى تيانشان رايونىدىكى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرغان مېھمانخانىلاردىكى ياتاق كارىۋىتى 726گە يەتتى. 1983-يىلى تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى باشقۇرغان مېھمانخانا بەشكە يەتتى. 1985-يىلى تيانشان رايونىدىكى يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قاراشلىق مېھمانخانا يەتتىگە، ياتاق كارىۋىتى جەمئىي 1237گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 237گە يەتتى. شۇنىدىن كېيىن كەڭ يولۇچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، مېھمانخانا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى رايون ئىچىدە يەنە خۇڭچۈنيۈەن ئاشخانىسىنىڭ ساراي بۆلۈمى، خەلق مۇنچىسىنىڭ ساراي بۆلۈمى، ئىتتىپاق مېھمانخانىسىنىڭ ساراي بۆلۈمى، قىزىلتاغ مۇنچىسىنىڭ ساراي بۆلۈمى ۋە غالىبىيەت سارىيىنى يېڭىدىن قۇردى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇردى. بۇلاردىن باشقا رايون ئىچىدە يەنە چەت ئەللىكلەر مېھمانخانىسى، مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى، بوغدا مېھمانخانىسى، تەنتەربىيە مېھمانخانىسى، چېگرا رايون مېھمانخانىسى، خۇڭچىيەن مېھمانخانىسى، بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسى، تيانشان سارىيى قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك مېھمانخانىلار بولۇپ، بۇ مېھمانخانىلاردىكى ياتاق كارىۋات سانى 3079 گە يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رايونىمىزدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار قۇرغان مېھمان كۈتۈش، مەھەللە ۋە شەخسلەر ئاچقان مېھمانخانىلار كۆپ يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ياتاقتا يېتىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى.

**ئاساسلىق مېھمانخانىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش**

1. چەت ئەللىكلەرنى كۈتۈۋېلىش مېھمانخانىسى

چەت ئەللىكلەرنى كۈتۈۋېلىش مېھمانخانىسى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى شەھەردىن يەتتە كىلومېتىر يىراق بولغان يېيىگدى دېگەن جايدا، كۆلىمى 30 مىڭ كۋادرات مېترغا يېقىن بولۇپ، ياتاق كارىۋىتى 230گە يېتىدۇ. مېھمانخانىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 700 مو بولۇپ، مېھمانخانا رايونىدا شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش دەرىخى، مەنزىرە دەرىخى، مېۋىلىك دەل-دەرەخلەر 4000 تۈپتىن كۆپرەككە يېتىدۇ. 18 گۈلزار، ئالتە مو چىمەنزار بولۇپ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرى دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلار ھەممە جاينى قاپلاپ تۇرىدۇ. مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ 10-بىنانىڭ ئىچى-سىرتىنىڭ بېزىلىشى شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرى، سىگنال بېرىش، ھاۋا تەڭشەش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلغان. ئىچىگە زوڭتۇڭ ياتاقخانىسى، مەسچىت ئۆيلىرى قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن، تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1987-يىلى ياتاق ئۆيى 84 ئېغىزغا، ياتاق كارىۋىتى 206گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 214 گە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى 76 نەپەر.

2. مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى

مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى جەنۇبىي شىنخۇا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 17 قەۋەت، 3.

53 مېتر كېلىدۇ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 900 كۋادرات مېتر بولۇپ، بىنانىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆركەم-چىرايلىق، ئىچىگە ئورنىتىلغان ئەسلىھەلەر ھەشەمەتلىك بولۇپ، 600 ياتاق كارىۋىتى بار. 1985-يىلى جەمئىي كۈتۈۋالغان مېھمان 16 مىڭ 637 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار 492 كىشى، چەت ئەللىك مۇھاجىرلار 2713. 1987-يىلى ئۆيلىرى 300 ئېغىزغا، ياتاق كارىۋىتى 610گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 300گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 85 نەپەر.

3. بوغدا مېھمانخانىسى

بوغدا مېھمانخانىسى 1984-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شەھەر مەركىزىدىكى نۇرلۇق يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. كۆلىمى 12 مىڭ 700 كۋادرات مېتر بولۇپ، 510 ياتاق كارىۋىتى بار. مېھمانخانىنىڭ ياسىلىش شەكلى ئالاھىدە چىرايلىق، ئىچى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن. ياتاق ئۆيلىرى ئازادە ھەم ھوزۇرلۇق بولۇپ، ياتاق ئا، ب، س دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان. ئا دەرىجىلىك ياتاق ئۆيىگە مېھمان كۈتۈش ئۆيى، ياتاقخانا، مونچا، تېلېفون، رەڭلىك تېلېۋىزور، شامالدۇرغۇچ قاتارلىق ئەسلىھەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مېھمانخانا ئىچىگە جۇڭگوچە، غەربچە ۋە مۇسۇلمان ئاشخانىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مېھمانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە مۇلازىمەت بۆلۈمى، ساتىراشخانا ھەمدە كىرا ئاپتوموبىللىرىنى، پويىز ئايروپىلان بېلەتلىرىنى ئالدىن تىزىملىتىپ سېتىۋېلىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى تەسىس قىلىنغان.

1987-يىلى ياتاق ئۆيلىرى 186 ئېغىزغا، ياتاق كارىۋىتى 435گە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 273گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىسى 15 نەپەر.

## 1987-يىلى تيانشان رايونى تەۋەلىكىدىكى ئاساسلىق مېھمانخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-3-2-7

| ئورنى | مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى | باشقۇرۇلۇش تەۋەلىكى | تىجارەت باشلىغان ۋاقتى | ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى: ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى: جەمئىي | كارىۋات سانى | ئۆي سانى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەنئەن يولى 60-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى | 1954-يىلى | 76 | 214 | 206 | 84 | چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش مېھمانخانىسى |
| يەنئەن يولى 62-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك ئىدارىسى | 1982-يىلى | 40 | 150 | 300 | 150 | دوستلۇق مېھمانخانىسى |
| شىمالىي شىنخۇا يولى 108-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى | 1975-يىلى | 35 | 179 | 344 | 141 | قىزىل تاغ مېھمانخانىسى |
| جەنۇبىي شىنخۇا يولى 51-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى | 1984-يىلى | 85 | 300 | 610 | 300 | مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى |
| غەربىي ئارقا كوچا 81-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | شىنجاڭ ھەربىي رايونى | 1984-يىلى | 2 | 902 | 289 | 115 | خۇڭگېمېن مېھمانخانىسى |

| ئورنى | مۇلۈكچىلىك خاراكتېرى | باشقۇرۇلۇش تەۋەلىكى | تىجارەت باشلىغان ۋاقتى | ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى | | كارىۋات سانى | ئۆي سانى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئاز سانلىق مىللەتلەر | جەمئىي | | | |
| جۇڭشەن يولى 104-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6-دىۋىزىيىسى | 1986-يىلى | 8 | 70 | 217 | 90 | جۇڭشەن مېھمانخانىسى |
| خەلق يولى 3-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى | 1984-يىلى | 40 | 78 | 380 | 113 | تەنتەربىيە مېھمانخانىسى |
| شەرق شامىلى يولى 14-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى | 1952-يىلى | 46 | 171 | 500 | 126 | تيانشان سارىيى |
| نۇرلۇق يولى 10-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | شىنجاڭ ھەربىي رايونى | 1984-يىلى | 15 | 273 | 435 | 186 | بوغدا مېھمانخانىسى |
| دېموكراتىيە يولى 32-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى | 1955-يىلى | 4 | 158 | 329 | 121 | خەلق مېھمانخانىسى |
| دېموكراتىيە يولى 12-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتى | 1904-يىلى | 8 | 187 | 320 | 112 | خۇڭچىجۇنيۇەن مېھمانخانىسى |
| جۇڭشەن يولى 141-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | بىڭتۇەن سودا ئىدارىسى | 1959-يىلى | 10 | 114 | 464 | 147 | بەيچۇاسۇن مېھمانخانىسى |
| جەنۇبىي شىنخۇا يولى 21-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9-دىۋىزىيىسى | 1984-يىلى | 13 | 247 | 458 | 142 | بۇلاق بېشى مېھمانخانىسى |
| جەنۇبىي شىنخۇا رايونى 52-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق سانائەت سودا بىرلەشمە كارخانا بىلەن شىركىتى | 1986-يىلى | 52 | 215 | 320 | 70 | تيانشان مېھمانخانىسى |
| يەنئەن يولى 32-قورۇ | دۆلەت ئىگىلىكى | شىنجاڭ ھەربىي رايونى | 1977-يىلى | 12 | 1040 | 960 | 480 | چېگرا رايون مېھمانخانىسى |

# 4-پاراگراف ساتىراشچىلىق

دىخۇانىڭ ساتىراشچىلىق كەسپى چاچ چۈشۈرىدىغان ئەپكەشچىلەردىن باشلانغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى)، دىخۇادا ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇلار ئاچقان ساتىراشخانىلار 50گە، ساتىراشلار 150گە (ئەپكەش كۆتۈرۈپ يايما يېيىپ ساتىراشچىلىق قىلغانلار، كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ساتىراشچىلىق قىلىدىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتكەن. ساتىراش ياقۇپ تيانشان مېھمانخانىسىنىڭ يان تەرىپىگە بىرىنچى بولۇپ مىللىيچە ساتىراشخانا قۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر، خۇيزۇلار ئاچقان ساتىراشخانىلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. بۇ ساتىراشخانىلار ئالدىدىكى تاياققا قاپاق ئېسىپ قويۇشنى (مونچىسى بارلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، قاپاقنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئىنچىكە قىزىل پۈرۈچ چىگىپ قويۇشنى (چاچ ئېلىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ) ئۆزىگە بەلگە قىلغان. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى كوچىسى، شاۋشىمىن مەدداھلار كوچىسى، جاڭ ئەن كوچىسى، مال بازىرى، چوڭ كۆۋرۈك، نەنمىن ئەتراپىغا جايلاشقان. خەنزۇلار ئاچقان ساتىراشخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ-كىچىك تۆت كوچا ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەن چىڭ ئەر-خوتۇن ئاچقان چىڭيۈ ساتىراشخانىسى ھەممىدىن بۇرۇن ئېچىلغان بولۇپ، ئايالى چېك

ۋېنشۇ شىنجاڭدا ساتىراشچىلىق ھۈنىرىنى ئەڭ بۇرۇن ئۆگەنگەن ئايال ساتىراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن 1954-يىلى ساتىراشچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، دۇكان ئورنى ھازىرقى ئۈچ يولتوز رەسىمخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. 1956-يىلى شەخسلەر ئاچقان 30 دىن ئارتۇق ساتىراشخانا تۆت كوپېراتىپ بولۇپ قۇرۇلدى. 1958-يىلى بۇ تۆت ساتىراشچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ھېسابات بىرلىكى ئورنى قىلىنىپ، قارىمىقىدا تۆت چوڭ گۇرۇپپا بۆلۈندى. 1960-يىلى 1-، 2-چوڭ گۇرۇپپا (83 ئادەم) نى بىرلەشتۈرۈپ 11 دۇكان قىلىپ، ئىسمى تيانشان ساتىراشچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958-يىلى 4-ئاي ۋە 8-ئايلاردا ئالدى-كېيىن بولۇپ بەش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساتىراشخانا قۇرۇلۇپ، ئادىمى 45 كە يەتتى. 1962-يىلى كوپېراتىپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1961-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا شۆبە ئىدارىسى قارىمىقىدىكى ساتىراشخانا 24 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئۈچ، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغىنى بىر، ھەمكارلىق كوپېراتىپى 20. 1964-يىلى ئاۋات تۆت كوچا ئەتراپىغا ساتىراشچىلىق مەركىزى دۇكىنى سېلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چاچ قۇرۇتۇش، چاچنى بۇدۇر قىلىش قاتارلىقلار «فېئودالىزمنىڭ، كاپىتالىزمنىڭ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ ماللىرى» دەپ قارىلىپ، ھاقارەت قىلىنىپ ۋە چەكلەپ قىلىنىپ، ساتىراشچىلىق تىجارىتىگە سەل قارالغانلىقتىن، كىرىمى ئازىيىپ كەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ساتىراشچىلىق كەسپى گۈللەپ ياشنىدى تەرەققىيات يولىغا تەدرىجىي يۈزلەندى. 1978-يىلى، چاچ بۇدۇر قىلىش ئەسلىگە كەلدى، 1979-يىلى چاچنى توك بىلەن بۇدۇر قىلىش، خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنى سۈرۈپ بۇدۇر قىلىشقا تەرەققىي قىلدى. 1981-يىلى رايونغا قاراشلىق ساتىراشخانىلاردا 22 ساتىراش ئورۇندۇقى بار بولدى. 1985-يىلى تيانشان ساتىراشچىلىق كوپېراتىپى تەرەققىي قىلىپ 22 دۇكانغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 263 كە، تۆمۈر ھەرىكەتچان يۆلەنچۈك ئورۇندۇق 167 كە، مۇقىم مۈلكى 116 مىڭ 800 يۈەنگە، كۆچمە مەبلىغى 91 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987-يىلىغا قەدەر كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ ساتىراشخانىلىرى بىرقەدەر كۆپىيىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىلدى.

## 5-پاراگراف مۇنچا، سۈرەتخانا، ۋەكالىتەن سېتىش، تامغا ئويۇش كەسپلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇانىڭ مۇنچا كەسپىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن قاپاق ئېسىپ قويۇپ پۇيۇنۇش ئاساس قىلىنغان. ئۆيلەرنىڭ پېشايۋانلىرىغا ئىنچىكە بادىرا ئورنىتىپ ئۈچىغا قاپاق ئېسىپ قويۇلغان. (بۇ مۇنچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، قاپاقنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئىنچىكە قىزىل پۇرۇچ ئېسىپ قويۇلغان (بۇ ساتىراشخانىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ). بۇ ئۇلارنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. بۇلار ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نەنگۈەن، چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، كۆپىنچىسى مەسچىتلەرگە يانداشتۇرۇپ سېلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) شىنشىڭچۈەن مۇنچىخانىسى تىجارەت باشلاپ، ئىچكە ئەرلەر، ئاياللار ۋاننىسى، بىر ئېغىزلىق كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيى تەسىس قىلدى ۋە ساتىراشچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللاندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرىنچى بوغدا مۇنچىسى تىجارەت باشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن بۇرۇنقى مۇنچىلار تىجارىتىنى داۋاملىق قىلىپ، كېيىن دۆلەت، خۇسۇسلار شېرىكلىشىپ بىرقەدەر تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەمما تىجارەت خاراكتېرلىك مۇنچىلارنىڭ تەرەققىياتى

بىرقەدەر ئاستا بولۇپ، ئىدارىلارنىڭ پاراۋانلىق مۇنچىلىرى ۋە مېھمانخانىلارنىڭ مۇنچا ئەسلىھەلىرى بىرقەدەر كۆپەيدى. 1985-يىلىغا قەدەر رايون ئىچىدە شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى قارىمىقىدىكى مۇنچا بەشكە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 69 غا، ياتاق كارىۋىتى 195 كە، ۋاننىسى 37 كە، يۇيۇنۇش جۈمىكى 230 كە يەتتى. لېكىن يەنىلا ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى.

دىخۇادىكى ئەڭ بۇرۇنقى سۈرەتخانا شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن غەربىي چوڭ كوچىدا قۇرۇلغان مىزىگېن سۈرەتخانىسى ۋە نەنمىننىڭ سىرتىغا قۇرۇلغان يۇسۇپ سۈرەتخانىسىدۇر. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلىدىن 29-يىلىغىچە (1930-يىلىدىن 1940-يىلىغىچە) سۈرەتخانىلار تەرەققىي قىلىپ يەتتىگە يەتتى، ھەممە تەنزە يېيىپ سۈرەتكە تارتىدىغانلار ۋە سۈرەتخانىلارنىڭ سىرتلىرىدا سۈرەتكە تارتىدىغانلار بارلىققا كەلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) ئۈچ يۇلتۇز سۈرەتخانىسى تىجارەت باشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، يەككە سۈرەتخانىلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي ياخشىلاندى. 1956-يىلى 14 سۈرەتخانا ھۆكۈمەت بىلەن شېرىكلىشىپ مەدەنىيەت بۇيۇملىرى باش سۈرەتخانىسىغا قاتناشتى. 1960-يىلىدىن 1964-يىلىغىچە ئۈچ يۇلتۇز، باشلار، يېڭى نۇر، بوستانلىق سۈرەتخانىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى. 1964-يىلىغىچە رايون ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈرەتخانا ئۈچكە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 37 گە؛ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى سۈرەتخانا ئۈچكە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 47 گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سۈرەتكە تارتىش كەسپى «فېئودالىزمنىڭ، كاپىتالىزمنىڭ، شيۇجوڭجۇيىنىڭ ماللىرى» دەپ قارىلىپ پىپەن قىلىندى. ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئىتى، مۇلازىمەت تۈرلىرى ھەتتا ۋىۋىسكىلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشىك-دېرىزىلەرنى بېزەشمۇ بىردەك مۇنتىزىم ئۆلچەملىك سۈرەت ئېسىشقا ئايلاندى.

1979-يىلىدىن كېيىن سۈرەتكە تارتىش كەسپىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىپ نۇر-نۇقتىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاندى. 1983-يىلى سۈرەتلەرنى رەڭلىك چوڭايتىپ يۇيۇش مەركىزى رايونىمىزدا قۇرۇلدى. 1985-يىلى تيانشان رايونىدا شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت شىركىتىگە تەۋە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپلىق سۈرەتخانا بەشكە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 119 غا، تىجارەت كۆلىمى 929 كۋادرات مېترغا يەتتى.

1957-يىلى 10-ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇلازىمەت ئىدارىسى (جۇڭسەن يولى 38-قورۇدا) كومىسسىيون دۇكىنى قۇردى. 1958-يىلى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، رايون ئىچىگە يەنە بەش كومىسسىيون دۇكىنى ۋە ئامبارلاردىن ئېنىقلاپ چىقىلغان ماددىي ئەشيالارنى ۋاكالىتەن ساتىدىغان ئورۇندىن بىرسى قۇرۇلۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 48گە يەتتى. شۇندىن كېيىن يەنە يۇسەيخاڭ كوچىسىغا لىمىن كونا ماللارنى سېتىش ھەمكارلىق دۇكىنى ۋە پاختا دۇكانلىرى قۇرۇلدى. كېيىن پاختا دۇكىنىنىڭ تىجارىتى ئىلگىرى باسمىغانلىقتىن، لىمىن ھەمكارلىق ماگىزىنىغا قوشۇۋېتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ۋاكالىتەن سېتىش كەسپىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1984-يىلى 8-ئايدا رايون ئىچىدە ئۈرۈمچى ھاۋالە شىركىتى قۇرۇلۇپ، 1984-يىلى 10-ئايدا ھاۋالە شىركىتى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇادا ئىككى تامغا ئويۇش دۇكىنى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن 1958-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تامغا ئويۇش كوپىراتىپى قۇرۇلدى. 1984-يىلى 10-ئايدا تامغا ئويۇش كوپىراتىپى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تامغا ئويۇش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شەھەرلىك تامغا ئويۇش زاۋۇتىنىڭ رايوندىكى تور-نۇقتىلىرى بەشكە، ئىشچى-خىزمەتچىسى 84گە، تىجارەت كۆلىمى 288 كۋادرات مېترغا يەتتى.

# 3-باب ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەش

## 1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

ئازادلىقتىن كېيىن ئاشلىق بازارلىرىنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەھەرلىك سودا شىركىتى، ئاشلىق شىركىتى باشقۇردى. 1957-يىلى 10-ئايدا رايونلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمى قۇرۇلغان بولۇپ، قارىمىقىدا ئاشلىق دۇكىنىدىن 18ى بار ئىدى. 1960-يىلى تيانشان رايونلۇق ئاشلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، قارىمىقىدا كادىرلار، كاتىبات، كەسىپ، بوغالتىرلىق قاتارلىق تۆت بۆلۈمچە، بىر ياغاچچىلىق زاۋۇتى، بىر قول هارۋا كىرا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ئاشلىق دۇكانلىرى 1957-يىلدىكى 18 ئورۇندىن كۆپىيىپ 40 ئورۇنغا، ئىشچى-خىزمەتچىسى 84 دىن كۆپىيىپ 260 قا يەتتى. 1962-يىلى 8-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئاشلىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتتىپاق يولى، ئازادلىق يولى، قىزىل بايراق يولى، دېموكراتىيە يولى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلدى. 1978-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى مەركىزىي ئاشلىق ماگىزىنلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تيانشان رايونلۇق ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قارىدى ھەمدە غالىبىيەت يولى، ئازادلىق يولى، ياشلار يولى، خەلق مەيدانىدا تۆت ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنىنى تەسىس قىلدى. 1985-يىلى شۆبە ئىدارە قارىمىقىغا تۆت ئاشلىق باشقۇرۇش ئورنى، بىر زىيالىي ياشلار ئاشلىق كوپېراتىپى، 40 ئاشلىق دۇكىنى، بىر رېمونت قىلىش ئورنى، بىر شوپۇرلار بېنى تەسىس قىلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 477 نەپەرگە يەتتى.

## 2-پاراگراف ئاھالىلارنى تەمىنلەش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇا ئاھالىلىرىگە ئېھتىياجلىق ئاشلىق، ماينى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاشلىق بازارلىرى، خۇسۇسلار ئاشلىق دۇكىنى، ماي دۇكانلىرى ساتاتتى. چوڭ كۆۋرۈك، داشىمىن قاتارلىق جايلار ئاشلىق بازارلىرى بىرقەدەر زىچ مەركەزلەشكەن ئورۇنلار ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاشلىق بازىرى، خۇسۇسىي تۈگمەن، گۈرۈچ سودىگەرلىرىنىڭ ئاھالىلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ھالىتى ساقلاپ قېلىندى. 1950-يىلىنىڭ بېشىدا بىر قىسىم ئاشلىق سودىگەرلىرى بېسىپ قويغان ئاشلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاشلىق بازارلىرىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلىكتىن، ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتىپ، ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك كۆرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ھۆكۈمەت ئاشلىق بازارلىرىغا قارىتا بىر تۇتاش باھادا، بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاشلىق بازارلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1952-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ئۈچ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق دۇكىنى، بەش خۇسۇسلار ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى ۋە رايونلۇق ئىستېمالچىلار ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قارىمىقىدا تەسىس قىلىنغان 12 ۋەكالىتەن سېتىش

ئورنى، پۈتۈن رايوندىكى ئاھالىلەرنى ئاشلىق ۋە ماي بىلەن تەمىنلىدى. شۇ مەزگىللەردە تەمىنلەش مىقدارى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما نورما بېكىتىش، قارا ئاش قوشۇپ بېرىش، ئورۇن بېكىتىش قاتارلىقلار يوق بولۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولدى. 1957-يىلى ئاشلىق بېلىتى تارقىتىلىپ، ئىش تۈرىگە قاراپ نورما بېكىتىپ تەمىنلەش نۇقتىلىرىنى بەلگىلەپ ئاق ئاش بىلەن قارا ئاشنى ئارىلاشتۇرۇپ تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1958-يىلى نوپۇس ھەسسىلەپ كۆپەيگەنلىكتىن، تەمىنلەش نۇقتىلىرىمۇ 1957-يىلىدىكى 19دىن تەرەققىي قىلىپ 38گە كۆپەيدى، بۇندىن باشقا يەنە بىر ئورگان ئاشلىق دۇكىنى قۇرۇلدى. 1975-يىلى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق تەمىنلەش دۇكانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سەككىز تەمىنلەش ئورنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تيانشان رايونىغا ئىككى مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن تيانشان رايونىدىكى تەمىنلەش تور نۇقتىلىرى 46گە يەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاھالىلار ئاي بويىچە نورمىلىق ئاشلىق-ماي بىلەن تەمىنلەنگەندىن سىرت يەنە كېلىشىم باھادا ئاشلىق-ماي سېتىۋالىدىغان بولدى. ئاشلىق باھاسى مۇقىم، تەمىنلەش يېتەرلىك بولۇپ، ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېشىنچە ئاشلىق قالدۇرالايدىغان بولدى. 1984-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ ئاھالىلارنىڭ ئاق-قارا ئېشىنچە ئاشلىق ۋە ئاشلىق بېلەتلىرىگە يېمەكلىك ماي ئالماشتۇرۇپ بېرىش رۇخسەت قىلىندى. 1984-يىلى 3-ئايدىن ئېتىبارەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇن ۋە ئادەتتىكى گۈرۈچ بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 11-ئايدا ئادەتتىكى ئاشلىق تۈرلىرىنى ئاھالىلارنىڭ خالىغانچە تاللاپ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. 1985-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ ئاشلىق كىنىشكىسى بىلەن بېكىتىلگەن ئورۇندا تەمىنلەش ئۇسۇلى ئورۇن بېكىتمەي ئاشلىق كىنىشكىسىگە قاراپ تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئاھالىلارنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىلدى. 1985-يىلغا كەلگەندە، رايون ئىچىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرىنىڭ كېلىشىم باھادا ساتقان ئاشلىقى 11054 تونىغا يەتتى.

## 1985-يىلى ئاھالىلەر تەمىنلەنگەن ئاشلىق-ماي تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-3-7 بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى | دەرىجىسى | ھەربىر جىڭنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى | تۈرى | دەرىجىسى | ھەربىر جىڭنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاق ئۇن | 75لىك ئۇن | 0.28 | ئاق ئۇن | 81لىك ئۇن | 0.21 |
| گۈرۈچ | ئالىي | 0.40 | | | 0.32 |
| زىغىر مېيى | | 1.15 | قىچا مېيى | | 1.15 |
| گۈرۈچ | ئادەتتىكى | 0.28 | گۈرۈچ | ئادەتتىكى | 0.25 |
| كەسمە چۆپ | 75 لىك ئۇنىنىڭ | 0.37 | كەسمە چۆپ | 81 لىك ئۇنىنىڭ | 0.27 |
| پۇرچاق مېيى | | 1.15 | ئاپتاپپەرەس مې-يى | | 1.15 |
| كۈنجۈت مېيى | | 1.72 | قوناق ئۇنى | | 0.15 |
| سېرىق پۇرچاق | | 0.16 | يېشىل پۇرچاق | | 0.21 |
| تېرىق | | 0.18 | چىگىت مېيى | | 0.98 |

# 8-بۆلۈم

# قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف

## ئومۇمىي بايان

تيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قاتناش-ترانسپورتنىڭ ئەڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى پوچتا-تېلېگراف، قاتناش تۈگۈنى جايلاشقان ئورۇن.

رايون جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. جەنۇبتا ئۇچتاش، قارلىغاچلىقتىن ئۆتۈپ ئۈرۈمچى-كۇچا تاشيولى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغىلى بولىدۇ، ياكى داۋانچىڭ ئارقىلىق شەرقتە تۇرپان، پىچانلارغا ۋە لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولىنى بويلاپ، ئىچكىرى جايلارغا بارغىلى بولىدىغان تاشيول قاتناش لىنىيىسى بولغان جەنۇبىي لىنىيىگە تۇتىشىدۇ. غەربىي تەرىپىدىن سايباغ رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۈرۈمچى-غۇلجا تاشيولى ئارقىلىق بورتالا، چۆچەك، ئالتاي، غۇلجىغا بارغىلى بولىدۇ. شىمالدا شەرقىي يولنىڭ بىلەن مىچۈەندىن ئۆتۈپ، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق جايلارغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ يول ئىچكىرىكى جايلارغا بارىدىغان ئەنئەنىۋى ئۆتۈشمە يول بولۇپ شىمالىي لىنىيە دېيىلىدۇ.

شەھەر ئىچىدىكى قاتناش ئەسلىھەلىرىدىن چوڭ كۆۋرۈك، ئوتتۇرا كۆۋرۈك (سترېئولوق كۆۋرۈك)، ئۇچىنچى كۆۋرۈك، تۆتىنچى كۆۋرۈك قاتارلىقلار ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى سايباغ رايونىغا تۇتىشىدۇ. بېيمىندىن باشلانغان ياشلار يولى ۋە بەش يۈلتۇز يولى ئارقىلىق شىمگو رايونىغا تۇتىشىدۇ.

رايون ئىچىدىكى قاتناش جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئازادلىق يولى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنخۇا يوللىرى ئارقىلىق جەنۇب تەرەپ بىلەن شىمالىي تەرەپتىكى چوڭ كوچىلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ؛ساي يولى شەھەر رايونىدىن تۇتىشىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق قاتناش لىنىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە دۆڭكۆۋرۈكتىن ئۇچتاشقا تۇتىشىدىغان غالىبىيەت يولى ھەمدە خەلق مەيدانىدىن يەنئەن يولىغا تۇتىشىدىغان جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىنچلىق يولى، شەرقتىن غەربكە تۇتىشىدىغان ئاساسلىق كوچا يوللىرىدىن قىزىلتاغ يولى، ياشلار يولى، نۇرلۇق يولى، دېموكراتىيە يولى، جۇڭشەن يولى، خەلق يولى، بەخت يولى، تەنتەربىيە سارىيى يولى، بۇلاق بېشى يولى، ئىتتىپاق يولى، يەنئەن يولى قاتارلىقلار بار. بۇ كوچا يوللىرى رايون ئىچىدىكى ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش تورلىرىنى شەكىللەندۇرگەن.

شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىكى جايلار بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە باردى-كەلدى قىلىشتا، شەھەر قۇرۇلۇشى

ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى قاتارلىق جەھەتلەردە، تيانشان رايونى بۇرۇندىن تارتىپلا ماددىي ئەشيالارنىڭ توپلىنىش-تارقىلىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. رايوندا خەلق ئىچىدىكى ترانسپورت، جۈملىدىن ئۇلاغ كۆچى ترانسپورتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ تۇنجى يىلى (1875-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ ياقۇپبەگنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش ۋە چاررۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان ئىلى ۋادىسىنى قايتۇرۇۋېلىشتا، خەلق ئىچىدىكى ئات-ئۇلاغ ترانسپورتى ھەربىي ئىشلار ترانسپورتىغا ئىشلىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) دىخۇا ئۆلكە مەركىزى قىلىنغاندىن كېيىن، ئىچكىرى جايلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، 5000 دىن ئارتۇق تۆگە دىخۇانىڭ ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتىدا ئىشلىتىلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپىدە كۈنسېرى ئومۇملىشىۋاتقان ئات-ئۇلاغ ھارۋا ترانسپورتى تەدرىجىي ھالدا ئۇلاغقا ئارتىپ توشۇشنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) تۆگە كارۋانلىرى ئاچقان يوللاردا ئاپتوموبىل ترانسپورتى باشلىنىپ، ئۇزۇن يوللۇق تۆگە كارۋان قاتنىشىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن، ئەمما قىسقا يوللۇق ترانسپورتتا يەنىلا ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتى ئاساس قىلىنغان. 1950-يىلىدىن 1963-يىلىغىچە ئاپتوموبىل قاتناش كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتى مۇھىم رول ئوينىدى. 1963-يىلىدىن كېيىن ئاپتوموبىل ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ ئاساسلىق ترانسپورت قورالىغا ئايلانغانلىقتىن، ئۇلاغ كۈچى ترانسپورتى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. 1982-يىلىغا كەلگەندە ئۇلاغ ترانسپورتى شەھەر رايونى ئىچىدىن پۈتۈنلەي شاللاپ چىقىرىلدى.

تيانشان رايونىدا خەلق ترانسپورتى 1957-يىلىدىن باشلاپ باشقۇرۇلدى. ئىككى رايوندىكى قۇرۇلۇش بۆلۈمى ۋە سودا بۆلۈمى بىردىن ئۇلاغ كۈچى كوپېراتىپىنى باشقۇردى. 1960-يىلى قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوندىكى خەلق ترانسپورتىغا قارىتا «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش (قوماندانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كىرانى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ترانسپورت تەقسىمات پىلانىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش)»نى يولغا قويدى.

1967-يىلى قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق ترانسپورت ئىشلىرىنى شەھەرلىك ترانسپورت بىرلەشمە كوپېراتىپى بىۋاسىتە باشقۇردى.

1983-يىلى تيانشان رايونلۇق سانائەت-قاتناش بۆلۈمى قارمىقىدا قاچىلاش-چۈشۈرۈش-توشۇش بازىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، رايون ئىچىدىكى قاچىلاش-چۈشۈرۈش-توشۇش ئورۇنلىرىغا قارىتا، پىلان، تالون، باھانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

ھازىرقى رايون تەۋەلىكى، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان پوچتا ئىشلىرى ۋە تېلېگرامما، تېلېفون ئالاقىسى تەرەققىي قىلغان جايدۇر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پوچتا كەسپى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قورۇسى ئىچىدە بارلىققا كېلىپ، شىمالىي تۆپىلىك باھار شاملى كوچىسى ۋە شىمالىي ئازادلىق يولىغا مەركىزىي پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1957-يىلى قۇرۇلغان داشىمەن پوچتا تېلېگراف ئۇنىۋېرسال بىناسى ئۈرۈمچى ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى پوچتا تېلېگراف تۈگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى پوچتا تېلېگراف ئەسلىھەلىرى كونا-ناچار بولغانلىقتىن، ئالاقىلىشىش سۈپىتى ناچار بولۇپ، تېلېفونلار ئۈزۈلۈپ قېلىش، تېلېگرامما يوللانمىلىرى ئىككى ئۈچ كۈن ھەتتا 20، 30 كۈنگىچە يوللاپ چىقىرىلماسلىق، پوچتا تېلېگراف ئالاقىلىرىنى يوللاش تېخىمۇ ئاستا بولۇش ئەھۋاللىرىنى

كەلتۈرۈپ چىقارغان. پوچتا تىجارەت مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ئاز بولۇپ، پوچتا ئىشلىرى قالاق ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان، رايون ئىچىدىكى پوچتا ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، پوچتا مۇلازىمەت تور نۇقتىلىرى 1949-يىلدىكى ئىككى ئورۇندىن كۆپىيىپ 1987-يىلى 11 ئورۇنغا، تېلېگراف مۇلازىمەت تور نۇقتىلىرى 1949-يىلدىكى بىر ئورۇندىن كۆپىيىپ 1987-يىلى توققۇز ئورۇنغا، ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى 14گە، تېلېفون 1950-يىلدىكى 300 دىن كۆپىيىپ 1987-يىلى 6762 گە يېتىپ، 21 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

# 1-باب خەلق ترانسپورتى

## 1-پاراگراف ترانسپورت قوراللىرى

ھازىرقى رايون ئىچىدە يۈك ئۇلىغى ۋە ئۇلاغ ھارۋىلىرى خەلق ئىچىدىكى ئەنئەنىۋى ترانسپورت قورالى بولۇپ ھېسابلىناتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 16-يىلى (1927-يىلى) «دىخۇادىن گۇچۇڭغىچە ئاپتوموبىلدا يولۇچى، يۈك توشۇش ترانسپورتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتوموبىل ترانسپورت قورالى بولۇپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن قول ھارۋىسى، ئۈچ چاقلىق ھارۋىلار خەلق ترانسپورتىنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ قالدى. ئادەم كۈچى، ئۇلاغ كۈچى ترانسپورت قورالىنى ئاساس قىلغان خەلق ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپى 1966-يىلدىن باشلاپ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ترانسپورت قورالىنى يېڭىلىغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق ترانسپورت قوراللىرى يېڭىلاندى. 1980-يىلىغا كەلگەندە خەلق يولۇچى يۈك توشۇش ترانسپورتى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتۇرۇلدى.

**بىرىنچى، يۈك ئۇلاغلىرى**

1. تۆگە — شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى يۈك ئۇلىغى بولۇپ، «قۇملۇق كېمىسى» دېگەن نامى بار. ئالاھىدە چىداملىق بولغانلىقتىن، دۆلىتىمىزدە قەدىمدىن تارتىپ «يىپەك يولى» ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتىنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ ئۈنجى يىلى (1875-يىلى) «ياقۇپ بەگ باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلار»نى تىنجىتىش ۋە چاررۇسىيە تاجاۋۇز قىلىپ ئىشغال قىلىۋالغان ئىلى ۋادىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەسكەر چىقارغاندا، دىخۇا، گۇچۇڭ ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ سودا تۆگىلىرىدىن پايدىلىنىپ، 8000 دىن ئارتۇق تۆگە بىلەن ھەربىي مۇلازىمەت ئەشيالىرى توشۇلغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ دىخۇا ئۆلكە مەركىزى قىلىنغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش كۆپىيىپ، شىنجاڭ بىلەن سۈيىيۈەننىڭ تۆگە ترانسپورت ئىشلىرى تېز راۋاجلانغان، تەخمىنەن 10 مىڭدىن ئارتۇق تۆگە دىخۇا بىلەن سۈيىيۈەن ئارىلىقىدا قاتنىغان. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 3-يىلىغا بارغاندا (1911-يىلى) دىخۇادىكى تۆگىچىلەر زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن: ئەنگۈەندىكى ياڭ فۇجېڭنىڭ تۆگىسى 3000 دىن كۆپرەككە، داشىمەندىكى جاۋداباڭ، بېيمەندىكى مالاۋ لىيۇ، ئەنگۈەندىكى خېي جيا ۋە ياڭ شېڭرۇيلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ 300 دىن 500 گىچە تۆگىسى بولۇپ، ئاساسەن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانغان. جۇڭخۇا مىنگودىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى جايلارنىڭ بولۇپمۇ شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدىكى، مەسىلەن، سۈيىيۈەن،

تيەنجىن قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان تاۋار ئالماشتۇرۇش كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، تۆگە ترانسپورتى تېخىمۇ روناق تاپقان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلىدىن (1930-يىلى) 21-يىلىغىچە (1932-يىلى) ھەر يىلى دىخۇاغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان چاي، تاماكا، يىپەك، رەخت، شېكەر، دورا ماتېرىياللىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، قەغەز، سىر، بەش خىل مېتال، تۈرلۈك ماللار، چەرچىن ماللار قاتارلىقلاردىن تۆگە بىلەن يۆتكەپ كېلىنىدىغىنى 20 خىلغا يەتكەن، يىللىق توشۇش مىقدارى تەخمىنەن 1500 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى يۆتكەلگەن مال مىقدارىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ دىخۇادىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغان يۇڭ، تېرە، ئۈچەي، پاختا، گىلەم، دورا ماتېرىياللىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار قاتارلىقلاردىن تۆگە بىلەن توشۇلىدىغىنى 19 تۈرلۈك، يىللىق ئوتتۇرىچە توشۇش مىقدارى 600 توننا بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى سىرتقا توشۇلغان مالنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ۋە بۇ مەزگىلدە دىخۇادا ئۇزۇن يوللۇق سودا ترانسپورتىغا ئىشلىتىلگەن تۆگىلەرنىڭ سانى 5300 دىن ئېشىپ كەتكەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ سۈيىەن تۆگە قاتناش يولى توسالغۇغا ئۇچراپ، تۆگە ترانسپورتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتى قىلىنىشقا، شەھەر ئەتراپلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا يوللۇق ترانسپورتى قىلىنىشقا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ سۈيىۈەن ئاپتوموبىل ترانسپورتى يىلدىن-يىلغا تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆگە ترانسپورتى كاساتلىشىپ، 1949-يىلىغىچە دىخۇانىڭ قاتناش-ترانسپورت تۆگىسى ئازىيىپ 500گە چۈشۈپ قالغان. 1950-يىلى شەھەرلىك يۆت-كەش-توشۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تۆگە ترانسپورت گۇرۇپپىسىنىڭ تۆگىسى 200 دىن كۆپرەككە يەتكەن. 1952-يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە يۆتكەش شىركىتى دىخۇادا 360 تۆگە جەملەپ، تاغلىق رايونلاردىن ياغاچ ماتېرىياللىرى توشۇش، شەھەر ئىچىگە قىشلىق كۆمۈر توشۇش ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1954-يىلى دىخۇا شەھەرلىك يۆتكەش-توشۇش شىركىتى ترانسپورت چوڭ ئەترىتىنى تەشكىللىگەندە، تۆگىسى بار ئائىلەرئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە 1192 تۆگە بىلەن ترانسپورت چوڭ ئەترىتىگە قاتناشتى. 1956-يىلى ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك كوپېراتىپلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدا تۆگە ترانسپورتچىلىرى غالىبىيەت تۆگە ترانسپورت كوپېراتىپى ۋە «شەرەپ» كۆمۈر ھارۋىسى كوپېراتىپىنى قۇردى. بۇ ئىككى كوپېراتىپتا كوپېراتىپ ئەزالىرى 216 گە، تۆگىلىرى 1070 گە يېتىپ، ليۇخۇاگۇ، ليۇداۋان، باداۋاندىن شەھەر رايونىغا كۆمۈر توشۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالدى. 1960-يىلى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن قېلىپ قالغان 560 تۆگىسى بىلەن بىر قىسىم شەھەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش كۆمۈرىنى توشۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1962-يىلى تۆگىسى يەنە ئازىيىپ 294 گە چۈشۈپ قالدى. 1963-يىلى شەھەر رايونىدىكى تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلارغا يۆتكەپ كېتىلىپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچىنىڭ تۆگە ترانسپورت تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

2. ئات، ئېشەك، كالا. ئات، ئېشەك، كالا — ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇساپىلىق يوللاردا يۈك ئارتىپ توشۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئۇلاغلىرىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئېشەك كەڭ دائىرىدە ئومۇملاش-قان بولۇپ، ئۇنىڭ چىداملىقى يۇقىرى، باھاسى ئەرزان، يەم-خەشەك تاللىماسلىقتەك ئالاھىدىلىكى بولغانلىقتىن، ئائىلەرنىڭ ھەممىسىدە بېقىلىدىغان بولغاچقا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇلارغا يۈك ئارتىپ توشۇشتىن سىرت يەنە مىنىپ يول يۈرۈشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلاغلارغا يۈك ئارتىپ توشۇشنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا ئۇلاغ ھارۋا قاتنىشى ئىگىلىگەنلىكتىن، 1960-يىلدىن كېيىن شەھەر

رايونى ئىچىدە ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى.

## ئىككىنچى، ئۇلاغ ھارۋىلىرى

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) دىن كېيىن ياغاچچىلىق، تۆمۈرچە-لىك تېخنىكىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇلاغ ھارۋىلىرى خەلق ئىچىدىكى يولۇچىلار ۋە يۈك توشۇش ترانسپورتىنىڭ ئاساسلىق قورالى بولۇپ قالدى. ھارۋىنىڭ مال كۆپ قاچىلانسا بولىدىغان، يول تاللاپ كەتمەيدىغان ئالاھىدىلىكى بولغانلىقتىن، دىخۋانىڭ ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا يوللۇق ترانسپورتىنىڭ ئاساسىي كۆچىگە ئايلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇلاغ ھارۋىلىرى يەنىلا ئاپتوموبىل قاتناش كۈچى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا مۇھىم تولۇقلىما كۈچ قىلىنىپ، خەلق تۇرمۇشىدىكى ماددىي ئەشيا ۋە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توشۇش ۋەزىپە سىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. 1975-يىلىدىن كېيىن ئاپتوموبىل زور مىقداردا كۆپىيىپ ئۇلاغ ھارۋىلىرى تەدرىجىي شاللىنىپ كەتتى. 1987-يىلىغا بارغاندا شەھەر يوللىرىدىكى قاتناشلارنى باشقۇرۇشتا چەكلىمە قويۇلغانلىقتىن، ئۇلاغ ھارۋىلىرىنىڭ شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق يوللاردا مېڭىشى مەنئى قىلىنىپ، ئاز ساندىكى ئۇلاغ ھارۋىلىرىنىڭ پەقەت ئارقا كوچا ۋە مەھەللە كوچىلىرىدا قاتنىشى يولغا قويۇلدى.

ئۇلاغ ھارۋىلىرىدىن ئات ھارۋىسى، كالا ھارۋىسى ۋە ئېشەك ھارۋىلىرى بار بولۇپ، 1960-يىلىدىن كېيىن بۇندىن باشقا يەنە بىر قىسىم تۆگە ھارۋىلىرىمۇ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئات ھارۋىسى بىلەن ئېشەك ھارۋىسى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ھارۋىلارنىڭ ياسىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماس-لىقى بويىچە قوش ئوقلۇق تۆت چاقلىق ۋە يالاڭ ئوقلۇق ئىككى چاقلىق ھارۋىلار بار. بۇ ھارۋىلار ئىشلىتىشتە ۋە يولۇچى، يۈك توشۇشتا پەرقلىنىدۇ.

### 1. چوڭ ھارۋا

چوڭ ھارۋا يۈك توشۇشتا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇلاغ ھارۋىسى بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت قاتنىشىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا كۆپىنچە ئات قېتىلىدىغان بولغاچقا ئات ھارۋىسى دەپ ئاتالغان. كالا قېتىلىدىغانلىرى كالا ھارۋىسى دېيىلىدۇ. بۇ ھارۋىلار تاق ئوقلۇق ئىككى چاقلىق بولۇپ، چاقنىڭ دىيامېتىرى 1.5 مېتىر، چاق ئارىلىقى تەخمىنەن 1.2 مېتىر كېلىدۇ. چاق ئوقى، قازنى، گۆكگۆسۈن، ئولتاغلىرى ياغاچتىن ياسىلىدۇ، گۆكگۆسۈنىنىڭ سىرتى ياپىلاق تۆمۈر چەمبىرەك بىلەن قاپلىنىپ، قازان تۆشىكىگە تۆمۈر تاياقچە، ئوق بېشىغا تۆمۈر ھالقا قاپلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ ھارۋا تۆمۈر ھارۋا دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ھارۋىلارنىڭ بىر ئات قېتىلىدىغانلىرىغا 700 كىلوگرام، ئۈچ ئات قېتىلىدىغانلىرىغا 1500 كىلوگرام يۈك بېسىپ، كۈنىگە تەخمىنەن 50 كىلومېتىر يول يۈرگىلى بولىدۇ. 1960-يىلى چوڭ ھارۋىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلىپ ھارۋا ئوقىغا بىراك ئاپتوموبىلنىڭ كەينى كۆزۈپ لىم يېنى ئىشلىتىلىپ، چاقى ئاپتوموبىل چاقىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئوسكۇنىلىرى (رەندىلەنگەن ياغاچتىن) ھەرىكەتچان قىلىپ قۇراشتۇرۇ-لۇپ، توم ياغاچتىن شوتا بېكىتىلىپ تۆت ئات قوشۇلۇپ، ئىككى توننىدىن ئارتۇق يۈك تارتىپ قاتنىيالايدىغان قىلىپ ياسالدى ۋە خەلق ئىچىدە بالون چاقلىق چوڭ ھارۋا دەپ ئاتالدى.

چوڭ ھارۋا ئاشلىق، كۆمۈر، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە باشقا تۇرمۇش مۇلازىمەت بۇيۇملىرىنى توشۇيدىغان ئاساسلىق ترانسپورت قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، دىخۋا شەھىرىدە 200 دىن ئارتۇق چوڭ ھارۋا بولۇپ، ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى تولۇقلايدىغان مۇھىم قورال ئىدى. 1985-يىلىغا بارغاندا ئەسلىدىكى ئۇلاغ ھارۋا ترانسپورتىنى ئاساس قىلغان خەلق ترانسپورت شىركىتى (ئۈچىنچى ترانسپورت شىركىتى) دە 50 تىن ئارتۇق رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋىسى ساقلاپ قېلىنىپ قوشۇمچە ترانسپورت قورالى قىلىنغان.

### 2. پىيكلو ھارۋىسى

پىيكلو ھارۋىسى (پەشتاقلىق ھارۋا، تۆرە ھارۋا) دېمۇ ئاتالغان. ئۇ قوش ئۇقلۇق تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى بولۇپ، ھەم يۈك توشۇغىلى ھەم ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ھارۋا چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 29-يىلى (1903-يىلى) چارروسىيىنىڭ پەشتاقلىق ھارۋىسىغا ئوخشىتىپ ياسالغان. قۇرۇلمىسى — ئوق-چاقلىرى تۆمۈردىن، گەۋدە ۋە جاھازلىرى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئالدى-كەينىنى ئوتتۇرىدىن ئاجراتقىلى ۋە چاق ئارىلىقىنى ئۇزارتىپ-قىسقارتقىلى بولىدۇ. ئالدى چاقنىڭ دىيامېتىرى كەينى چاقتىن سەل كىچىك بولۇپ ئايلاندۇرۇشقا ئەپلىك، ھارۋا ئالدىغا ياغاچتىن تاق شوتا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئىككى چېتىغا ئات قېتىلىدۇ، يول يۈرۈشكە، قايرىلىشقا ئەپلىك. 1000 كىلوگرام يۈك باسقىلى بولىدۇ، ياكى سەككىزدىن 10 غىچە ئادەم ئولتۇرۇشقا بولىدۇ، سۈرئىتى تېز بولۇپ، تۈز يوللاردا كۈنىگە 70 كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈشكە بولىدۇ. ھارۋا گەۋدىسىنى ئۇزارتىپ ھەم قىسقارتىشقا بولغاچقا ياغاچ، پولات-تۆمۈر ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئۇزۇن ھەم يوغان ماتېرىياللارنى توشۇشقا باب كېلىدۇ. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، دىخۇا شەھىرىدە بۇ خىل ھارۋىدىن 100 نەچچىسى بولۇپ، 1962-يىلى ھەممىسى شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى.

### 3. باشقا كىچىك تىپتىكى ھارۋىلار

كىچىك تىپلىق ھارۋىلاردىن ئاساسلىق سۇ ھارۋىسى ۋە ياريا ھارۋىلار بولۇپ، بۇلار كىچىك تىپلىق تۆمۈر چاقلىق ھارۋىلار ياكى قول ھارۋىلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئىشەك ھارۋىلىرىدۇر. سۇ ھارۋىسىغا ياغاچ تۇڭ (چېلەك) ئورنىتىلىپ مەخسۇس سۇ توشۇلىدۇ. ئازادلىق ھارپىسىدا، دىخۇا شەھىرىدە بۇ خىل ھارۋىدىن تەخمىنەن 60 نەچچىسى بار بولۇپ، 1956-يىلى كۆپىيىپ 124 گە يەتكەن. 1960-يىلىدىن كېيىن ۋودوپروۋود سۈيى ئومۇملاشقانلىقتىن سۇ ھارۋىسى تەدرىجىي شاللىنىۋېتىلگەن. ياريا ھارۋىسى ئۆي سېلىش ماتېرىياللىرىنى توشۇشقا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قاتناش قورالى بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئوقى ياغاچتىن، چاقى تۆمۈردىن ياسالغان، يۈك بېسىش-چۈشۈرۈشكە ئەپلىك بولۇپ، ھەرقانداق يولغا باب كېلىدۇ. بۇ ھارۋا 1960-يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي ئازىيىپ كەتتى.

### 4. دىشلۇ ھارۋىسى

دىشلۇ ھارۋىسىنىڭ شوتىسىغا ئالتە تال شادا ئورنىتىلغانلىقى بىلەن داڭقى چىققان. بۇ ھارۋا 1930-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتۇ رايونىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەمدە شۇ بويىچە تەقلىت قىلىپ ياسالغان. مەزكۇر ھارۋا قوش ئۇقلۇق، تۆت چاقلىق، ئالدى چاقى كىچىك، كەينى چاقى چوڭ بولۇپ، ئالدى چاقىنى ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ، ئادەتتە بىر ئات قېتىلىدۇ، يول يۈرۈشكە ئەپلىك، 300 كىلوگرامدەك يۈك كۆتۈرەلەيدۇ، ياكى تۆتتىن بەشكىچە ئادەم ئولتۇرالايدۇ، دىخۇا شەھەر رايونىنىڭ يولۇچىلارنى توشۇيدىغان ئاساسلىق ئامموۋى قاتناش قورالى ئىدى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، دىخۇادا دىشلۇ ھارۋىسىدىن 300دىن كۆپرەكى بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاتناپ، يولۇچىلار قول كۆتەرسىلا توختىغاچقا يولۇچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. 1950-يىلىدىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقتىن، دىشلۇ ھارۋىسىنىڭ يولۇچىلارنى توشۇشى كۈندىن-كۈنگە كاسادلىشىپ، 1963-يىلىدىن كېيىن پۈتۈنلەي شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى.

### 5. باشقا يولۇچى توشۇش ھارۋىلىرى

باشقا يولۇچى توشۇش ھارۋىلىرىدىن ئاساسلىق مەپە، ئەينەكلىك ھارۋا ۋە خادىك قاتارلىقلار بار. مەپە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى دىخۇادا پەيدا بولغان. ھارۋا ئۈستىگە مۆل-يېغىن ۋە ئاپتاپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەخسىراۋان شەكىللىك سايىۋەن ئورنىتىلغان بولۇپ، ھارۋىغا بىر ئات ياكى

بىر جۈپ ئات قېتىلىدۇ. ئادەتتە ئىككى ئادەم ئولتۇرىدۇ، بەزىلىرىگە بەش ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ھارۋىنى ئاساسلىق چوڭ ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر ئىشلىتەتتى. ئورگاننىڭ ھۆكۈمەت ئىشى ئۈچۈن ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى. دىخۋادا شۇ مەزگىلدە تەخمىنەن 50 نەچچىسى بولۇپ، يولۇچىلارنى توشۇشقا ئىشلىتىلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى)دىن كېيىن مەپە ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى خادىك ۋە دىشلو ھارۋىلىرى ئىگىلىگەن.

ئەينەكلىك ھارۋا. بۇ ھارۋا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى دىخۋادا پەيدا بولغان بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىگە كۆزۈپ شەكىللىك ساندۇق ئورنىتىلىپ، ساندۇقنىڭ ئىككى چېتىگە ئەينەك بېكىتىپ قويۇلغانلىقتىن ئەينەكلىك ھارۋا دەپ ئاتالغان. قىش كۈنلىرى شامالدىن ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھارۋا ئىچى موبلۇق تېرە ۋە پاختا رەختلەر بىلەن قاپلانغان، ھارۋىنىڭ ئالدى ئىشىكىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان. بۇ ھارۋا ئاساسەن ئەمەلدار، سودىگەر ئەربابلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى)دىن كېيىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلدى.

خادىك. خادىك جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1930-يىلى) ياۋروپادىن كىرگۈزۈلگەن، بۇ ھارۋا قوش ئۇقلۇق تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى بولۇپ، ھارۋىنىڭ ئاستى قىسمىغا سىلكىنىشتىن ساقلىنىدىغان ئېلاستىكلىق پولات تاختاي قويۇلغاچقا، ماڭغاندا سىلكىنمەيدۇ، سايىۋىنى كالا تېرىسى ياكى ماي رەخت بىلەن تىكىلگەن بولۇپ، يىغىۋەتكىلى، ئېسىلىكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەمەلدارلار ئىشلىتەتتى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، شۇ مەزگىلدە دىخۋادا بۇ ھارۋىدىن 100 نەچچىسى بار بولۇپ، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا ئۇنىڭ ئورنىنى پىكاپ ئىگىلىگەچكە، شۇندىن ئېتىبارەن ئىشلىتىلىشتىن قالغان.

ئۈچىنچى، قول ھارۋىسى

قول ھارۋىسى ئازادلىقتىن كېيىن دىخۋادا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، شوتىسى ياغاچتىن (ئاز قىسمى تۆمۈردىن) ياسىلىدۇ، تۆمۈر ئۇقلۇق، قوش رېزىنكە چاقلىق كىچىك قول ھارۋىسىدۇر. بۇ شەھەر رايونى ئىچىدە قىسقا يولدا يۈك توشۇغىلى بولىدىغان ياكى قاچىلاش-چۈشۈرۈش، يۆتكەشكە قولايلىق بولغان قوشۇمچە ترانسپورت قورالىدۇر، شۇنداقلا خەلق كەسپى ترانسپورت تەشكىلىنىڭ مۇھىم ترانسپورت قورالىدۇر. بەزى ئىدارە-ئورگان ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان قول ھارۋىلىرى بار ئىدى. 1960-يىلىغىچە پۈتۈن رايون ئىچىدە مەخسۇس ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان قول ھارۋىسى 600 دىن ئارتۇق بولۇپ، 1963-يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى كىچىك تىپلىق ماتورلۇق ئاپتوموبىللار تەدرىجىي ئىگىلىگەچكە، 1987-يىلى پۈتۈن رايوندا پەقەت 20 نەچچىسى قالغان بولۇپ، داشمەن ئەتراپىدىكى ماگىزىنلار ئالدىدا ئىستېمالچىلار سېتىۋالغان چوڭراق بۇيۇملارنى توشۇپ بېرىشكە مۇلازىمەت قىلدى.

قول ھارۋىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا پەيدا بولغان يەنە ئۈچ چاقلىق قول ھارۋىسى بولۇپ، 1960-يىلىدىن ئىلگىرى شەھەر رايونى ئىچىدە يولۇچىلارنى توشۇيدىغان قاتناش قوراللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۈچ چاقلىق ھارۋا ئىشچىلىرى ھارۋا تارتىشتىن سىرت يەنە سىرتتىن كەلگەن يولۇچىلارنىڭ بارىدىغان جايلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىش، يول باشلاپ ئاپىرىپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى قوشۇمچە ئىشلىگەن. 1963-يىلىدىن كېيىن تەدرىجىي يوقالغان.

تۆتىنچى، ئاپتوموبىل

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 16-يىلى (1927-يىلى) دىخۋادا ئاپتوموبىل يۈك ترانسپورتى باشلانغانىدى. شۇ مەزگىلدە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن كىچىك تىپلىق قارا ماشىنىدىن 15ى بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ

22-يىلى (1933-يىلى) دىخۇا بودا كىتابخانىسىنىڭ (ئۈرۈمچى بېيىمىندا، ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەتراپىدا) دىرېكتورى جۇبىڭ تيەنجىن شەھىرىدە شىنجاڭ بىلەن سۇيۈەن ئارىلىقىدا قاتنايدىغان ئاپتوموبىل شىركىتىنى قۇرۇپ، تۆگە يولىنى بويلاپ سۇيۈەن بىلەن دىخۇا ئارىلىقىدا قاتنايدىغان ئاپتوموبىل ترانسپورت يولىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ — سۇيۈەندىن ئىبارەت ئۇزۇن يوللۇق ئەنئەنىۋى تۆگە قاتنىشىنىڭ ئورنىنى ئاپتوموبىل ترانسپورتى ئىگىلەپ، شىنجاڭدىن سۇيۈەنگە بارىدىغان يول مۇساپىسى بىرقانچە ئايدىن 10 نەچچە كۈنگە قىسقاردى، ئىچكىرىكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش قەدىمى تېزلەشتى. شۇندىن كېيىن خەلق ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپى تەدرىجىي راۋاجلاندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلىغا كەلگەندە (1940-يىلى) فۇشېڭشىڭ، دېيۈەن، كاڭيۈەن، خېڭ فېڭتەي قاتارلىق سودىگەرلەرنىڭ يەككە ئىگىلىكتىكى ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ جەمئىي 20 نەچچە ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، ئاپتوموبىل شەكلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن 2.5 توننىلىق «زىس — 5» (ئەجنەبىيلەر ئاپتوموبىلى دەپ ئاتالغان) ئاساس قىلىنغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى)دىن كېيىن، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن جوج، ۋەنگو، فورد، سوفىيرەن، جىمىس قاتارلىق چوڭ تىپلىق ئاپتوموبىللارنى ئاساس قىلغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئاپتوموبىللار 120 دىن كۆپرەككە يېتىپ، كۆتىرىش مىقدارى تۆت توننا بولغانلىرى كۆپرەكنى ئىگىلىگەن. ئەمما زاپچاسلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن بىرلەشمە ترانسپورت ئاپتوموبىللىرى تەدرىجىي ئازىيىپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئاپتوموبىل ترانسپورتى بىر مەزگىل خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. 1956-يىلى 5-ئايدا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ قاتناش نازارىتىگە قاراشلىق ئاپتوموبىل كالونلىرىغا قوشۇۋېتىلدى. خۇسۇسىي ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپى شۇندىن ئېتىبارەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

1956-يىلى قول ھارۋىسى، ئۇلاغ ھارۋا ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۈرۈمچى خەلق ترانسپورت ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپىراتىپلىرى (ھازىرقى شەھەرلىك ئۈچىنچى ترانسپورت شىركىتى) «ئازاد» ماركىلىق كونا ئاپتوموبىلدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ ماتورلۇق ماشىنىلارنىڭ ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1980-يىلغىچە «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىلى 14گە، «ئازاد» ماركىلىق چانما كۆزۈپلۇق ئاپتوموبىلى تۆتكە، «ئازاد» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلى 22 گە، «كاماز» ماركىلىق 12 توننىلىق ئاپتوموبىلى 10 غا، «خۇاڭخې» ماركىلىق ئاپتوموبىلى 10 غا يېتىپ، ترانسپورتنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1987-يىلى ئاپتوموبىلى تەرەققىي قىلىپ 230دىن كۆپرەككە يېتىپ، شەھەر بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ترانسپورت كارخانىسىغا ئايلاندى.

1980-يىلدىن كېيىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ شەخسلەرنىڭ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، يولۇچى-يۈك ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىندى. 1987-يىلىغا كەلگەندە تيانشان رايونىدا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان شەخسىي ماشىنىلاردىن 320سى بار بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇساپىلاردا يۈك توشۇدى، بۇندىن باشقا يەنە رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان 272 ماتورلۇق ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت توننىلىقتىن يۇقىرى چوڭ تىپلىق يۈك ئاپتوموبىلىدىن 84ى، ئىككى توننىدىن 3.5 توننىغىچە بولغان يۈك ئاپتوموبىلىدىن 14ى، ئىككى توننىدىن تۆۋەن بولغان يۈك ئاپتوموبىلى ۋە ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان ئاپتوموبىلدىن 69ى، ئوتتۇرا، كىچىك تىپلىق ئادەم توشۇش ئاپتوموبىلىدىن 26سى، چوڭ تىپلىق ئاپتوبۇستىن بىرسى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ئاپتوموبىللاردىن 29ى، تۈرلۈك موتسىكلىتلاردىن 49ى بار.

## 2-پاراگراف ترانسپورت باشقۇرۇش

ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتوموبىل يېتىشمىگەنلىكتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئۇلاغ كۆچى ترانسپورتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ھەرقايسى رايونلاردا ترانسپورت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپ، خەلق ترانسپورتچىلىرىنى تەشكىللەپ شەھەر رايونىدىكى قىسقا يوللۇق ترانسپورتقا ئاكتىپ تۈردە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. 1954-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ترانسپورت ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ترانسپورت چوڭ ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كەسپى شەھەرلىك يۆتكەش-توشۇش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلارنىڭ تۆگە قاتنىشى ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتنى ئۈستىگە ئالغاندىن سىرت قالغانلىرى شەھەر ئەتراپى ۋە شەھەر رايونى ئىچىدىكى ئوتتۇرا، قىسقا يوللۇق ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، كۆمۈر، تۈرلۈك ماللار، ئاشلىق قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى ئاساسلىق توشىدى. 1956-يىلىدىكى كوپېراتىپلىشىش ھەرىكىتىدە رايون ئىچىدە ئاۋانگارت، ئىتتىپاق، سۈزۈك بۇلاق، شەرەپ، ئالغا قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇپ، شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

(ھەرقايسى كوپېراتىپلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ)

### 1956-يىلى ئۇلاغ ترانسپورتى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-1-8

| ئورنى | ئۇلاغ سانى | | | ھارۋا سانى | | | | | ۋەكالىتەن باشقۇرغۇچىلار | كوپېراتىپ ئەزاسى (ئادەم) | كوپېراتىپلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئېشەك | ئات | جەمئىي | ئېشەك ھارۋىسى | سۇ ھارۋىسى | دىشلۇ ھارۋا | ئات ھارۋا | جەمئىي | | | |
| | 414 | 1097 | 1511 | 84 | 131 | 173 | 422 | 810 | 102 | 773 | جەمئىي |
| | | 495 | 495 | | | | 204 | 204 | | 228 | ئاۋانگارت رېزىنكە چاقلىق ئات ھارۋا كوپېراتىپى |
| | | 88 | 88 | | | | 62 | 62 | | 71 | ئالغا تۆمۈرچاقلىق ئات ھارۋا كوپېراتىپى |
| | | 173 | 173 | | | 173 | | 173 | | 191 | ئىتتىپاق دىشلۇ ھارۋا كوپېراتىپى |
| يېڭى كوچىسى | 114 | | 114 | | 131 | | | 131 | | 131 | سۈزۈك بۇلاق سۇ ھارۋا كوپېراتىپى |
| قىزىل تاغ يولى | 300 | 341 | 641 | 84 | | | 156 | 240 | 102 | 152 | شەرەپ كۆمۈر كوپېراتىپى |

1957-يىلى شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسى سۈزۈك بۇلاق كوپېراتىپىنى دوستلۇق رايونلۇق قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن رايون ئىچىدىكى ئورگان ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش

سۈيىنى مەخسۇس توشۇدى. كۆمۈر ئوتۇن ترانسپورت كوپېراتىپىنى تيانشان رايونلۇق سودا بۆلۈمى باشقۇرغان بولۇپ، مەخسۇس كۆمۈر، ئوتۇن توشۇپ ساتتى.

1958-يىلىدىكى پولات-تۆمۈر تاۋلاش مەزگىلىدە دۆڭمىن، شىمىن، شىخاگەي، نەنمىن ۋە ليۇداۋان قاتارلىق مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرۇش رايونى ئىچىدىكى قول هارۋا، ئۇلاغ هارۋا ئائىلىلىرىنى رودا تېشى ۋە تۆرمۇشقا لازىملىق ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 350 نەچچە قول هارۋىسى، 250 نەچچە ئۇلاغ هارۋىسىنى (كۆپىنچىسى ئېشەك هارۋىسى) ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، پولات-تۆمۈر تاۋلاش هەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

1959-يىلى كۈزنىڭ ئاخىرىدا توشۇشقا تېگىشلىك قىشلىق كۆكتاتلارنى توشۇش ۋە كۆمۈر ھەم باشقا قىشلىق ئالدىن تەييارلاپ ساقلاپ قويۇلىدىغان ماددىي ئەشيالارنىڭ توشۇش ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن جىددىي ھەم مۈشكۈل بولۇپ قالغانىدى. 11-ئاينىڭ بېشىدا ئىككى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 10 مىڭ كىشىلىك زەربىدارلىق بىلەن توشۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى ئويۇشتۇرۇپ، 11-ئاينىڭ 15-كۈنىگىچە ئورگان كادىرلىرى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، شەھەر ئاھالىسى ۋە كەسپىي ترانسپورت ئائىلىلىرىدىن 7675 ئادەمنى، تۈرلۈك ترانسپورت قوراللىرى (چانا، ۋېلسىپىت، ئۈچ چاقلىق هارۋا، قول هارۋىسى، ئېشەك هارۋىسى، ئات هارۋىسى، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار)دىن 470 نى سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى، جەمئىي 3000 توننىدىن كۆپرەك يۈك توشۇدى. توشۇلغان يۈكنىڭ ئوبوروت مىقدارى 37 مىڭ توننا كىلومېترغا يەتتى.

1960-يىلى 3-ئايدا تيانشان رايونىدا قاتناش-ترانسپورت باشقۇرۇش بۆلۈمى (قىسقارتىلىپ قاتناش بۆلۈمى) قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوندىكى خەلق ترانسپورت ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سودا بۆلۈمىنىڭ كۆمۈر ئوتۇن كوپېراتىپىنى ۋە قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ سۇزۇك بۇلاق كوپېراتىپىنى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ خەلق ترانسپورت ئەترىتى ۋە بىر قىسىم ترانسپورت ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى، يەنى بىر ئالىي ترانسپورت كوپېراتىپىنى، 62 كوپېراتىپ ئەزاسىنى: باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپ، ئەترەتتىن توققۇزنى، 1037 ئەزانى: 55 ئات هارۋىسى، 60 ئاتنى، 221 ئېشەك هارۋىسىنى، 283 ئېشەكنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا 659 قول هارۋىسى بارئىدى. مۇشۇ ئاساستا ھەرقايسى كوپېراتىپ، ئەترەتلەرگە قارىتا تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى كوپېراتىپلار قايتىدىن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئالتە ترانسپورت چوڭ ئەترىتى بىر قاچىلاش-چۈشۈرۈش ئەترىتى قىلىپ قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە كەسپىي باشقۇرغۇچىلىرىنى قاتناش بۆلۈمى بىر تۇتاش ھالدا تاللاپ تەۋەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2-، 3-، 4-چوڭ ئەترەت، قول هارۋىسى چوڭ ئەترىتى؛ كۆمۈر ئوتۇن كوپېراتىپى ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئۇلاغ كۈچى هارۋا ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بەشىنچى چوڭ ئەترەت؛ سۇزۇك بۇلاق كوپېراتىپى نەنمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ترانسپورت ئەترىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئالتىنچى چوڭ ئەترەت قىلىندى. ھەرقايسى ئەترەتلەردە جەمئىي 540 قول هارۋىسى، 282 ئېشەك ئات هارۋىسى ۋە 795 تۇياق چارۋىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىلارنىڭ هارۋا ۋە چارۋا ماللىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ھۆكۈمەت تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلدى. ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەندە، ئەترەت ئەزالىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى بولدى. بۇندىن باشقا يەنە ھەرقايسى ئەترەتلەرگە قارىتا تۆۋەندىكى كەسپلەر بويىچە خىزمەت تەقسىم قىلىندى. ھەرقايسى قول هارۋا ئەترەتلىرى ئاساسلىقى ئۇن زاۋۇتلىرىدىن ئاشلىق پونكىتلىرىغا ئۇن، گۈرۈچ يۆتكەپ توشۇپ بېرىش ھەمدە كۈندىلىك تۈرلۈك ماللار، مىللىيچە ماللارنى يۆتكەپ توشۇشنى ئۈستىگە ئالدى؛ ئۇلاغ هارۋا ئەترىتى ئاساسلىقى بىناكارلىق

ئۆرۈلۈش ماتېرىياللىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش كۆمۈرىنى توشۇشنى ئۈستىگە ئالدى. ئىش ھەققىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈلۈشى بويىچە تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تاپقان كىرىمنىڭ 70 پىرسەنتى ئۆزىگە بېرىلىپ 30 پىرسەنتى باجغا، خىراجەتكە ۋە جامائەت فوندىغا ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى. مال مەنبەلىرى ئەترەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىندى. كىرا پۇلىنى تىجارەت پونكىتلىرى (شەھەردىن بىر تۇتاش تەسىس قىلغان، تيانشان رايونىدا 12 ئورنى بار) تالون كېسىپ ھېسابلىدى، بىر تۇتاش كىرا باھاسى ئىجرا قىلىندى.

1961-يىلى قول ھارۋا تۆتىنچى ئەترىتىدىكى 180 ئادەمنىڭ ھەممىسى شەھەرلىك قاچىلاش-چۈشۈرۈش-يۆتكەش شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى؛ 1-، 2-، 3-قول ھارۋا ئەترىتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاقسۇنلار بولغاچقا قىسقارتىلىپ يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. قالغان 172 كىشى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ترانسپورت چوڭ ئەترىتى قىلىندى؛ ئىككى ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ 110 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار بىر ئەترەت قىلىندى؛ 110 ئىشچى-خىزمەتچىسى بار قاچىلاش-توشۇش ئەترىتى ساقلاپ قېلىندى.

ترانسپورت ئەترىتى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە يەنىلا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ، دۆلەتتىنمۇ مەبلەغ سېلىنمىدى، كارخانىنىڭمۇ يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى بولمىدى. ھەرقايسى ئەترەتلەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمى ئوخشاش بولماستىن، بەزىلىرى ئىشقا قاراپ ئۈلۈشكە ئايرىپ مائاش بەردى. بەزىلىرى نورمىلىق ئىش ھەققىگە مۇكاپات قوشۇپ بېرىشنى يولغا قويدى. باھاسىنى سۇندۇرۇپ ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان شەخسىي مۈلۈكلەرمۇ ئەستايىدىل ئېنىقلاپ ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت تىجارەت باشقۇرۇش قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، تىجارەتتە زىيان تارتىشى، چارۋا ماللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن 1962-يىلى 10-ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقايسى ترانسپورت ئەترەتلىرى قايتىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا چۈشۈرۈلدى. بەشىنچى ئەترەت يەنىلا بۇرۇنقى كۆمۈر ئۇنۇن كوپېراتىپى، ئالتىنچى ئەترەتمۇ ئەسلىدىكى سۈزۈك بۇلاق كوپېراتىپى دېگەن نامنى ئىشلەتتى.

شۇ يىلى ترانسپورت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، تارقاق ئۇلاغ ھارۋىسى بار ئائىلىلەرنى غالىبىيەت، شەرەپ ئۇلاغ ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە شىنخۇا، ئالغا قول ھارۋىسى كوپېراتىپى قىلىپ تەشكىللەپ، تۆۋەن دەرىجىلىك كوپېراتىپ قىلىندى، ترانسپورت قورالى شەخسكە مەنسۇپ بولۇپ «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» (مال مەنبەلىرىنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مال باھا ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھۆججەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش) ئىجرا قىلىندى. ئۈلۈشكە ئايرىپ ئىش ھەققى بېرىش يولغا قويۇلۇپ، ئۆزى تاپقان ئومۇمىي كىرىمنىڭ 70 پىرسەنتى ئۆزىگە قالدۇرۇلدى.

1963-يىلى شەھەرلىك خەلق ترانسپورت بىرلەشمە كوپېراتىپى تيانشان رايونىدا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ، تيانشان رايونلۇق قاتناش بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتى تيانشان رايونىغا تەۋە بولۇپ، كەسپىنى شەھەرلىك خەلق ترانسپورت بىرلەشمە كوپېراتىپى سىستېما بويىچە باشقۇردى. شۇ يىلى رايون بويىچە ترانسپورت كوپېراتىپلىرىنىڭ جەمئىي ئورۇنلىغان يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 69 مىڭ 600 توننا كىلومېتىرغا، يۈك توشۇش مىقدارى 224 مىڭ 600 تونناغا يەتتى، (ھەرقايسى كوپېراتىپلارنىڭ ئاساسلىق

ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ)

## 1963-يىلى تيانشان رايونلۇق قاتناش بۆلۈمىگە قاراشلىق ترانسپورت كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 8-1-2-1

| ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئۇلاغ سانى | ھارۋا سانى | ئادەم سانى | كوپېراتىپ نامى |
|---|---|---|---|---|
| 106.96 | 637 | 581 | 671 | جەمئىي |
| 25.49 | 150 | 118 | 130 | تيانشان ئاتلىق ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 16.88 | 164 | 117 | 119 | سەكرەپ ئىلگىرىلەش باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 12.32 | 104 | 71 | 76 | ئىتتىپاق باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 7.03 | 85 | 50 | 57 | جەنشىڭ باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 16.70 | 134 | 91 | 94 | شەرەپ باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 11.81 | | 62 | 64 | ئالغا باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 9.14 | | 72 | 75 | شىنخۇا باشلانغۇچ ترانسپورت كوپېراتىپى |
| 7.59 | | | 56 | ئاۋانگارت قاچىلاش-چۈشۈرۈش كوپېراتىپى |

1967-يىلى تيانشان رايونلۇق قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بارلىق كەسپى شەھەرلىك ترانسپورت بىرلەشمە كوپېراتىپىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، تيانشان رايونىنىڭ خەلق ترانسپورتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توختىتىپ قويۇلدى.

1983-يىلى تيانشان رايونلۇق سانائەت قاتناش بۆلۈمى قارمىقىدا قاچىلاش، چۈشۈرۈش، يۆتكەش، توشۇش بازارلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يەتتە شتات بېرىلىپ، رايوندىكى قاچىلاش، چۈشۈرۈش، يۆتكەش، توشۇش تەشكىللىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە رايون، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار باشقۇرغان قاچىلاش، چۈشۈرۈش، يۆتكەش، توشۇش ئەترەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارغا قارىتا «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ، (پىلاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مال يۆتكەش ئىسپات تالونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باھانى بىرلىككە كەلتۈرۈش) باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، باھانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئىشلىرىدا ئىلمىي مەشغۇلات قىلىشقا قارىتا نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، توشۇش ھەققى ياكى قاچىلاش، چۈشۈرۈش ھەققىنىڭ 2 پىرسەنتى بويىچە باشقۇرۇش خىراجىتى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خۇسۇسىيلارنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش، نوپۇسقا ئالدۇرۇش ۋە يۆتكەپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

1987-يىلى زاۋۇت، كان، مال مەيدانلىرىغا تارقالغان مەخسۇس كەسىپتىكى يۆتكەش، توشۇش، قاچىلاش، چۈشۈرۈش كارخانا ئورۇنلىرى ئەرەققىي يۈزگە، مەشغۇلات خادىملىرى 1500 گە، يىللىق قاچىلاش، چۈشۈرۈش مىقدارى 6 مىليون 500 مىڭ تونىغا، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن.

# 2-باب پوچتا-تېلېگراف

## 1-پاراگراف پوچتا

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى دىخۇادا ھازىرقى زامان پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويغاندىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ تۈنجى يىلى (1909-يىلى)غا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىخۇادا خەت-چەك، گېزىت ئالاقە ئىدارىسىنى تەسىس قىلغان ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۈنجى يىلى (1912-يىلى) دىخۇا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغانغا قەدەر، پوچتا ئىشلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ خەت-چەك ئالاقە يوللانمىلىرىنى يوللاش ئاساس قىلىنغانىدى. پوچتا ھەققى قىممەت بولغاچقا، پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەر كۆپىنچە باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يەتكۈزۈلەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 10-يىلى (1921-يىلى) دىخۇا پوچتا ئىدارىسى (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى) قۇرۇلۇپ، دىخۇادىكى خەلق ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر پوچتا مۇلازىمەت ئورنى بولۇپ قالدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پەقەت باھار شاملى كوچىسىغا بىرلا پوچتا تىجارەت ئورنى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى. پوچتا يوللانمىلىرى ئات ھارۋىسى بىلەن يوللىنىلىدىغان بولغاچقا، يوللىنىش سۈرئىتى ئاستا بولغانىدى، (مەسىلەن، دىخۇادىن خوتەنگە يوللىنىدىغان خەت-چەكلەر ئەڭ تېز يەتكۈزۈلدى دېگەندىمۇ بىر ئاي ۋاقىت كېتەتتى). ھەر ئايدا ئالماشتۇرۇپ يوللىنىدىغان پوچتا ئالاقىلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 60 كىلوگرامدىن (10 مىڭ پارچە) ئېشىپ كەتمەيتتى. گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن، شەھەر بويىچە پەقەت تۆتلا گېزىت تارقاتقۇچى بار ئىدى. «شىنجاڭ گېزىتى»گە مۇشتەرى بولغۇچىلار 100گىمۇ يەتمەيتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1953-يىلى ۋە 1955-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا غالىبىيەت يولى ۋە دۆلەت قۇرۇش يولىغا پوچتا مۇلازىمەت ئورنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1964-يىلى تەرەققىي قىلىپ ئالتە ئورۇنغا، 1978-يىلى كۆپىيىپ يەتتە ئورۇنغا يېتىپ، 1987-يىلى تور نۇقتىلىرىدىن شىمالىي ئازادلىق يولى تىجارەت ئورنى، جۇڭشەن يولى تىجارەت ئورنى، غالىبىيەت يولى تېلېگراف ئورنى، لىيۇداۋان تىجارەت ئورنى، مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى تىجارەت ئورنى، خۇڭچۈنيۈەن مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى، شىنخۇا يېمەك-ئىچمەك ماگىزىنى تىجارەت ئورنى، بۇلاق بېشى مېھمانخانىسى تىجارەت ئورنى، دۆلەت قۇرۇش يولى تېلېگراف ئورنى قۇرۇلۇپ، بۇ تور-نۇقتىلار شىمالىي ئازادلىق يولىدىكى مەركىزىي تارماق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش قارمىقىدا بولدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 183 گە، خەت-ئالاقە يەتكۈزۈش لىنىيىسى 28گە، مۇلازىمەت كۆلىمى 48 كۋادرات كىلومېترغا، مۇلازىمەت ئاھالىسى (رايوندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە كۆچمە نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 300 مىڭغا يەتتى. ئومۇمىيۈزلۈك پوچتا كەسپىنى بېجىردى. خەلقئارالىق خەت-ئالاقە ۋە پوسۇلكا ئەۋەتىش كەسپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي ئازادلىق يولى پوچتا تارماق ئىدارىسى يەنە تېلېگرامما، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قاتارلىق تېلېگراف كەسپلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش مىقدارى تەدرىجىي كۆپىيىپ، 1987-يىلىغا كەلگەندە شىمالىي ئازادلىق يولى پوچتا ئىدارىسىدىن زاكاس قىلىنىدىغان گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تۈرى 3426 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت 591 خىل، ژۇرنال 2853 خىل؛

غالىبىيەت يولى پوچتا ئىدارىسىدىن زاكاز قىلىنىدىغان گېزىت-ژۇرنال تۈرى 3500 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ژۇرنال 2900 خىل، گېزىت 600 خىل. (بۇ ئىككى پوچتا ئىدارىسىنىڭ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان تارقاتقان گېزىت-ژۇرنال مىقدارىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ)

### 1978-يىلدىن 1987-يىلغىچە شىمالىي ئازادلىق يولى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىنىڭ تارقاتقان گېزىت-ژۇرنال مىقدارىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 8-2-1-1

| يىللار | گېزىت (10 مىڭ پارچە) | ژۇرنال (10 مىڭ سان) | يىللار | گېزىت (10 مىڭ پارچە) | ژۇرنال (10 مىڭ سان) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي* | 16463 | 1186.77 | 1980 | 1435 | 80.37 |
| 1978-يىلى | 1298 | 42.07 | 1981 | 1500 | 87.92 |
| 1979-يىلى | 1165 | 54.15 | 1982 | 1643 | 127.65 |
| 1983-يىلى | 1677 | 131.04 | 1986 | 1929 | 179.15 |
| 1984-يىلى | 1781 | 156.5 | 1987 | 2040 | 153.45 |
| 1985-يىلى | 1995 | 174.47 | | | |

### 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە غالىبىيەت يولى پوچتا تارماق ئىدارىسى تارقاتقان گېزىت-ژۇرناللارنىڭ مىقدارىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 8-2-1-2

| يىللار | گېزىت (10 مىڭ پارچە) | ژۇرنال (10 مىڭ سان) | يىللار | گېزىت (10 مىڭ پارچە) | ژۇرنال (10 مىڭ سان) |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 8111 | 612.26 | 1984 | 1124 | 88.28 |
| 1980 | 776 | 45.05 | 1985 | 1270 | 99.23 |
| 1981 | 855 | 57.29 | 1986 | 1261 | 97.17 |
| 1982 | 844 | 60.07 | 1987 | 1098 | 94.39 |
| 1983 | 883 | 70.78 | | | |

## 2-پاراگراف تېلېگراف

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 19-يىلى (1893-يىلى) باش مۇپەتتىش مەھكىمە ھويلىسى ئىچىگە (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھويلىسى) شىنجاڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تېلېگراف باش ئىدارىسىنى قۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تېلېگراف ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىخۇا تېلېگرامما باش ئىدارىسى قۇرۇلدى (ئىدارە ئورنى ھازىرقى شەرق شامىلى يولى 10-قورۇدا) ۋە بۇ ئىدارە مەركەز قىلىنىپ ئۆلكە ئىچىدىكى 11 ئورۇندا شۆبە ئىدارە، بالا ئىدارە ۋە تېلېگراممىخانىلارنىڭ سىملىق تېلېگرامما ئالاقە تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

دىسلەپكى مەزگىلدە مەخسۇس چېگرا ئىشلىرى دوكلاتى يوللىنىپ، كېيىن سودا خاراكتېرلىك تېلېگراف كەسپلىرىنى قوشۇمچە بېجىرىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 12-يىلى (1923-يىلى) 5-ئايدا، دۆڭمەن سىرتىغا تۇنجى سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ (1933-يىلى جەڭدە كۆيۈپ كەتكەن) بېيجىڭ ۋە قەشقەر بىلەن سىمسىز تېلېگراما ئارقىلىق ئالاقىلىشىش يولغا قويۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 18-يىلى (1929-يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوبىشۇنسكى ۋە ھىندىستاننىڭ پايتەختىگە ئۇلىنىدىغان خەلقئارالىق تېلېگراف يوللىرى كەينى-كەينىدىن ئېچىلدى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) بېيمىنغا (ھازىرقى ساغلاملىق يولى) بىرىنچى تېلېگراف ئىستانسىسى، جەنۇبىي مەسچىت كوچىسىغا ئۈچىنچى تېلېگراما ئىستانسىسى، ۋالىي مەھكىمىسى ھويلىسىغا (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھويلىسى) 12-تېلېگراما ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىستانسىلار ئارقىلىق تيەنجىن، ئەرلىزىنخې، شىئەن، كورلا، كۇچار، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلار بىلەن تېلېگراما ئالاقىسى ئورنىتىلدى.

1949-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دىخۇانىڭ تېلېگراف ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1950-يىلى 1-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ دىخۇا تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1952-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى دىخۇا شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى (ئىدارە ئورنى ھازىرقى شىمالىي تۆپىلىك باھار شامىلى كوچىسىدا). 1955-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى پوچتا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى قىلىندى. ئورنى (يەنىلا باھار شامىلى كوچىسى ئىچىدە بولدى). 1957-يىلى داشىمەن تېلېگراف بىناسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1964-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىۋېتىلىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلۇپ (ئىدارە ئورنى داشىمەن تېلېگراف بىناسىغا كۆچۈرۈلگەن)، شەھەرلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىدارە قىلىندى. پوچتا ئىدارىسى ئۆكتەبىر مەيدانىغا كۆچۈرۈلدى. 1969-يىلى فوتو تېلېگراف يوللىرى ئېچىلىپ، شەھەر خەلقى پايتەختتە چىقىدىغان گېزىتلەرنى شۇ كۈنى كۆرەلەيدىغان بولدى. 1977-يىلى تېلېگراما يوللىرىدىن 59ى ئېچىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىمسىز تېلېگراما يولى 22 بولۇپ، شەھەر ئىچىدە دىسلەپكى قەدەمدە تېلېگراما تورى شەكىللەندى. 1983-يىلى قول يازما فوتو يوللانمىسى ۋە ئابونتچىلارنىڭ تېلېگراما يوللاش كەسپلىرى كەينى-كەينىدىن يولغا قويۇلۇپ ئابونتچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. 1985-يىلى خەنزۇچە خەتلىك تېلېگراف فوتو ئاپپارات ئۇسكۈنىسى ئورنىتىلدى. ھەرقايسى جايلارغا بىۋاسىتە يوللىنىدىغان تېلېگراما يوللىرى 57 گە، ئىجارىگە بېرىلگەن تېلېگراما يولى توققۇزغا، ئابونتلارنىڭ تېلېگراما يوللاش لىنىيىسى 11 گە، جەمئىي لىنىيە 77 گە يەتتى. 1987-يىلى تېلېگراما يوللاش ۋە ئالماشتۇرۇش مىقدارى 10 مىليون نۇسخىغا يېتىپ، تېلېگراما كەسپىنىڭ تەخمىنەن ئايلىق مىقدارى شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى يىللىق تېلېگراما يوللاش مىقدارىدىنمۇ كۆپ بولدى.

### بىرىنچى، تېلېگراف تور-نۇقتىلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شەھەر بويىچە شىمالىي تۆپىلىكتىكى باھار شامىلى كوچىسىدا بىرلا تىجارەت ئورنى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تېلېگراما يوللاش ئىشلىرىنى بېجىرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن نەنگۈەن رايونىدا بىر تىجارەت ئورنى تەسىس قىلىنغان. 1950-يىلى شىمالىي ئازادلىق يولى پوچتا ئىدارىسى تېلېگراف كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. 1953-يىلى غالىبىيەت يولى پوچتا ئىدارىسى قارمىقىدا تېلېگراف مۇلازىمىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1955-يىلى دۆلەت قۇرۇش يولىدا پوچتا تېلېگراف ئورنى قۇرۇلدى، 1964-يىلى تيانشان رايونى دائىرىسىدىكى پوچتا تېلېگراف تىجارەت ئورۇنلىرى ئالتىگە، 1978-يىلى يەتتىگە، 1987-يىلى كۆپىيىپ توققۇزغا، ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرى 14كە يەتتى.

## 1987-يىلى تيانشان رايونىدىكى تېلېگراف مۇلازىمەت نۇقتىلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 8-2-2-1

| بېجىرىلىدىغان كەسىپ تۈرلىرى | ئورنى | قۇرۇلغان ۋاقتى | مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ نامى |
|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىچى، خەلقئارالىق تېلېگراما، تېلېفون، ئۆيغۇرچە تېلېگراما | جۇڭشەن يولى | 1957-يىل | داشىمىن تىجارەت زالى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما، ئۇيغۇرچە تېلېگراما | غالىبىيەت يولى | 1955-يىل | غالىبىيەت يولى تېلېگراف ئورنى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما، ئۇيغۇرچە تېلېگراما | شىمالىي ئازادلىق يولى | 1950-يىل | داشىزى تېلېگراف ئورنى |
| خەلقئارا، دۆلەت ئىچى تېلېگراما | نۇرلۇق يولى | 1984-يىل | بوغدا مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى |
| خەلقئارا، دۆلەت ئىچى تېلېگراما | خەلق يولى | 1984-يىل | تەنتەربىيە مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى |
| خەلقئارا، دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | 1985-يىل | مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | دېموكراتىيە يولى | 1982-يىل | خۇڭچيۇنيۇەن مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | 1984-يىل | بۇلاق بېشى مېھمانخانىسى تېلېگراف ئورنى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | دۆلەت قورۇش يولى | 1964-يىل | دۆلەت قورۇش يولى تېلېگراف ئورنى |

## 1987-يىلى تيانشان رايونىدىكى تېلېگراف كەسپىنى ۋەكالىتەن بېجىرىدىغان نۇقتىلارنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 8-2-2-2

| بېجىرىدىغان كەسپى | قۇرۇلغان ئورنى | ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ نامى |
|---|---|---|
| دۆلەت ئىچى، خەلقئارالىق تېلېگراما | شەرق شامىلى يولى | تيانشان سارىيى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | يەنئەن يولى | چەت ئەللىكلەر مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | يەنئەن يولى | دوستلۇق مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | شىمالىي شىنخۇا يولى | قىزىل تاغ مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | شەرق شامىلى يولى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مېھمان كۈتۈش |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | باغخولىيالا | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى باشلىقلار قورۇسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جۇڭشەن يولى | بېيخۇاسۇن مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | يېشىل قارىغاي بىنالىق مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي ساي يولى | شىنخۇا مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | ئىتتىپاق يولى | شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى مېھمان كۈتۈش |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | دۆلەت قورۇش يولى | دۆلەت قورۇش يولى مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | دېموكراتىيە يولى | خەلق مېھمانخانىسى |
| دۆلەت ئىچى تېلېگراما | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مېھمان كۈتۈش |

### ئىككىنچى، شەھەر ئىچى تېلېفونى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 19-يىلى (1939-يىلى) ۋالىي مەھكىمىسى ئىچىگە 20 دانە تېلېفون ئورنىتىلغان

ماگنىت شەكىللىك بىر كوممۇتاتور ئاپپاراتى قۇراشتۇرۇلۇپ، 12 دانە تېلېفون ئورنىتىلغانىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) دىخۇا تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە ئىچىدە 50 ۋە 100 تېلېفون ئۇلىنىدىغان كوممۇتاتور ئاپپاراتىدىن ھەرقايسىسىدىن بىردىن بولۇپ، 30لا تېلېفون ئورنىتىلغان، 1944-يىلى شەھەر ئىچىگە تېلېفون ئىستانسىسى تەسىس قىلىنغان، ئىستانسىنىڭ توك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان 300 توچكىلىق بىر كوممۇتاتورى بولۇپ، ئابونتلارغا 260 تېلېفون ئورنىتىلغان. 1949-يىلى سىغىمچانلىقى يەنىلا 300 توچكا، ئەمەلىي سىغىمچانلىقى 250 توچكا بولۇپ، 150 توچكىلىق كوممۇتاتور ئىشلىتىلگەن. دىخۇا شەھىرىدىكى تېلېفون سىمى تۈۋرۈكى يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50.5 كىلومېتر، ئۇچۇق لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەقەت 350 كىلومېتر، يېپىق سىم كابېل يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتر بولۇپ، تېلېفوننىڭ ئۇلىنىش سۈپىتى ناھايىتى ناچار بولغانلىقتىن دائىم دېگۈدەك تېلېفون ئالغىلى بولمايتتى.

1952-يىلى دۆلەت كۆۋرۈكتە جەنۇبىي تارماق ئىستانسىسى تەسىس قىلىنىپ، ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن 200 تىپلىق ماگنىت شەكىللىك بىر كوممۇتاتور ئۈسكىنىسى قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 550گە، ئەمەلىي ئورنىتىلىش نىسبىتى %76.2كە يەتتى. 1953-يىلى كۆپەيتىلىپ 600گە يەتكۈزۈلدى. 1954-يىلى ئەمەلىي ئورنىتىلىش نىسبىتى %91.7كە، 1955-يىلى سىغىمچانلىقى كۆپەيتىلىپ 1000غا يەتكۈزۈلدى.

1957-يىلى جۇڭگەن بولىدىكى پوچتا-تېلېگراف ئۇنىۋېرسال بىناسى پۈتكەندىن كېيىن، ئىچكى گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن بىرقەدەر ئىلغار ئاپتوماتىك 2000 توچكىلىق تېلېفون ئاپپاراتى قۇراشتۇرۇلۇپ، 10-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ ئەسلىدىكى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئىشلىتىلىدىغان كوممۇتاتور ئىشلىتىشتىن توختىتىلىپ، ئۈرۈمچى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ شەھەرلەر ئىچىدىكى ئاپتوماتىك تېلېفون ئىشلىتىدىغان شەھەرگە ئايلاندى. 1972-يىلى شەھەر ئىچىگە ئورنىتىلغان تېلېفونلارنىڭ سىغىمچانلىقى كېڭەيتىلىپ 3000غا، 1977-يىلى يەنە كۆپەيتىلىپ 5000گە، 1980-يىلى كۆپەيتىلىپ 5500گە، 1983-يىلى 10 مىڭ 100گە يەتكۈزۈلدى. ئەمەلىي ئورنىتىلىش نىسبىتى %67.5 بولدى، 1984-يىلى يەنە كۆپەيتىلىپ 12 مىڭ 100گە، ئەمەلىي ئورنىتىلىش نىسبىتى %65.9 گە يەتتى. تيانشان رايونى تەۋەلىكىدىكى تېلېفونلارغا ئۇلىنىدىغان تېلېفون تاق ئاپپاراتى 3278 گە يەتتى.

1985-يىلى ئىككىنچى پوچتا تېلېگراف شۆبە ئىدارىسى قاتارلىق ھەرقايسى شۆبە ئىدارىلىرىنىڭ سىغىمچانلىق مىقدارى يەنە كېڭەيتىلىپ ئومۇمىي سىغىمچانلىق مىقدارى 19 مىڭ 200گە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوماتىك كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىق مىقدارى ئومۇمىي سىغىمچانلىق مىقدارىنىڭ %96.35 تىنى ئىگىلەپ، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىگىلىگەن مىقدارى 10 مىڭ 57 دانە بولۇپ، ئەمەلىي ئورنىتىلىش نىسبىتى %52.4 بولدى. تيانشان رايونى دائىرىسىدىكى تېلېفونلارغا ئۇلىنىدىغان تېلېفون تاق ئاپپاراتلىرى 4112گە، ئابونتلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپلىق كوممۇتاتور 7774گە يەتتى. 1986-يىلى تېلېفون ئۇلاش تاق ئاپپاراتى 5133گە، ئابونتلارنىڭ كىچىك تىپلىق كوممۇتاتورلىرى 8152گە، 1987-يىلى تېلېفون ئۇلاش تاق ئاپپاراتلىرى يەنە كۆپەيتىلىپ 6762گە، ئابونتلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپلىق كوممۇتاتور 11 مىڭ 200 گە يەتتى. تېلېفون يول لىنىيىلىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شەھەر ئىچىدىلا كېڭەيتىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشتىن ئۈچ تاش، ئۇلانباي، لېۋداۋان ۋە ئۈرۈمچى دەرياسى بويىغىچە ئۇزارتىلدى.

# 9-بۆلۈم

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## ئومۇمىي بايان

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ھازىرقى رايون چېگراسى ئىچىدىكى دىخۇا شەھىرىنىڭ سودا-سانائەت كارخانىلىرى خۇسۇسىي سودا، خۇسۇسىي قول سانائەت ۋە يەككە تىجارەت يايمىچىلىقىنى ئاساس قىلغانىدى. دىخۇا سودىگەرلەر باش جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن،دىخۇا شەھىرىدىكى سودا-سانائەتچىلەرنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) دىن كېيىن، تىجارەت باشلىماقچى بولغانلارنىڭ ئىلتىماسى دىخۇا سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تىزىمغا ئېلىش بۆلۈمى تىزىمغا ئېلىپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، دىخۇا باھانى مۇقىملاشتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ تاۋارلىرىغا قارىتا باھالاش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش ئېلىپ باردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) ئاشلىق، ماي، كۆمۈر، شېكەر، چاي، رەخت قاتارلىق تۇرمۇشتىكى كۈندىلىك لازىمەتلىكلەرگە قارىتا چەكلىك باھادا باشقۇرۇش ۋە نورمىلىق تەمىنلەش چارىسىنى قوللىنىپ، بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى)دىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەت تۇراقسىز بولۇش، ئىقتىساد چېكىنىپ كېتىش، شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان قاتناش لىنىيىلىرى راۋان بولماسلىق تۈپەيلىدىن، ماددىي ئەشيالار بەك كېمىيىپ كېتىپ، بازاردا ھايانكەشلىك ئەۋج ئالدى، نەتىجىدە مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، پۇل پاخاللىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ھەرقايسى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە پائال ياردەملىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مال مەنبەسىنى بېيىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرى ۋە خەلق ئىستېمالچىلار كوپېراتىپلىرى ئارقىلىق، خەلق تۇرمۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى زور مىقداردا تەمىنلەپ، مالنى يېسىۋېلىپ ھايانكەشلىك قىلغانلارغا كۈچلۈك زەربە بېرىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەنمىن ئەترابىدىكى ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، يايمىچىلارنى رەتلەپ، بازار تەرتىپىنى ياخشىلىدى.

1952-يىلى يەككە قول سانائەتچىلەرنى ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەش باشلىنىپ، كەسىپ،

دائىرىلەر بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش ئىشى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش بىر تۇتاش پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىلانىغا شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ھەرقايسى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى يېتەكچىلىك قىلىدىغان بولدى. 1954-يىلى خۇسۇسىي سودا-سانائەت كەسىپلىرىگە قارىتا دۆلەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكلىشىپ باشقۇرۇشنى «سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش» ئېلىپ بېرىلدى، 1956-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن كەسىپلەر بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىلار ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش ئورۇنلىنىپ بولدى. سېتىۋېلىش-سېتىش پىلانلىرىنى شەھەر، رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى (كېيىن شەھەردىكى ھەرقايسى كەسىپىي شىركەتلەرگە ئۆزگەرتىلگەن) باشقۇردى. تاۋار باھاسىنى ھەرقايسى كەسىپىي شىركەتلەر كەسىپلەر بويىچە باشقۇردى. شۇ يىلى گۇرۇپپىلارنى بىرلەشتۈرۈپ كوپېراتىپ قۇرۇش ئارقىلىق، قول سانائىتى ھەمكارلىقى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ھەمكارلىق زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەككە قول سانائەتچىلەر سوتسىيالىستىك ھەمكارلىشىش يولىغا ماڭدى.

1958-يىلى رايون دەرىجىلىك تۇنجى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولغان ئىككى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. سودا بۆلۈمى سودا-سانائەت ھەمكارلىق ۋە توپ، پارچە سېتىش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزۇش ۋە ياخشىلاش ئارقىلىق، يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى ، بولۇپمۇ ئۇششاق تاۋارلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ بازارنى تەمىنلىدى. سودا بۆلۈمى بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇنغا خىلاپ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېنىقلاش ۋە چەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن رايوندىكى يەككە يايمىچىلار ئارىسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە يايمىچىلارنى ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشقا تەشكىللەپ، ھەمكارلىق ماگىزىنلىرى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كۆزقارىشىنى تۇرغۇزدى ھەمدە بازار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سودا تور-نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مال بازىرى، داشمېن، ئوتتۇرا كۆۋرۈك، دۆڭكۆۋرۈك قاتارلىق سودا بازارلىرىنى ئېچىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. 1960-يىلى رايونلۇق پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى ۋە سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، رايونغا قاراشلىق سانائەت-سودا تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش-سېتىش پىلانلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1962-يىلى رايونلۇق بازار مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، رايون ئىچىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر ۋە سودا بازارلىرىغا قارىتا مال باھاسىنى تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ھايانكەشلىكتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بەردى. بۇنىڭ بىلەن رايون تەۋەسىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە، رايون تەۋەسىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن، يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1969-يىلغا كەلگەندە، پەقەت رايونلۇق سانائەت بۆلۈملا قالدى. رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئاپپارات بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى ھەمدە بۇرۇنقى ئاساستا يەنىمۇ يۈكسەلدى. سودا-سانائەت، مال باھاسىغا بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى زورايتىلىپ، رايون دائىرىلىك باشقۇرۇش تۈسىنى ئالدى. 1980-يىلى تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە

ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1981-يىلى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984-يىلى تيانشان رايونى يەككە تىجارەتچىلەرگە قارىتا باشقۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن سىرت، رايون تەۋەسىدىكى قاتناش-ترانسپورت، سانائەت، بىناكارلىق، سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت، رېمونتچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا قارىتا تىزىملاش، تەكشۈرۈش، كىنىشكا تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇردى ھەمدە رايون ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار باھاسىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، مال باھاسى سىياسەتلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزەتتى ۋە جازالىدى. شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن سانائەت-قاتناش بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى، ئارقىدىنلا يەنە تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىمۇ قۇرۇلدى.

تيانشان رايونلۇق ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى رايوننىڭ ئىقتىسادى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ھەر يىلى تۈزۈلگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانلىرى بىردەك ۋاقتىدا ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە پىلان يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

1987-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تىزىمغا ئېلىپ باشقۇرغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ 32 مىڭ 38 گە يەتتى، تىزىملىنىپ تىجارەت باشلىغان يەككە تىجارەتچىلەر 6560 قا يەتتى؛ رايون ئىچىدە ھەرخىل بازارلاردىن جەمئىي 35 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى قىزىل بايراق يولى، دۆڭكۆۋرۈك، بېيمېن، مال بازىرى، ئۆي يەر-مۈلۈك ئىدارىسى كوچىسى بازىرى ۋە چارۋا مال بازىرى، قۇشخانا، مېۋە-كۆكتاتلارنى توپ سېتىش بازىرى قاتارلىق بازارلارنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 39 مىڭ كۋادرات مېترغا، شۇ يىللىق بازاردا قىلىنغان سودا سوممىسى 30 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە، قانۇنغا خىلاپ ھەرخىل ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن جەمئىي 6448 پارچە ئەنزە تەكشۈرۈلۈپ پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زور ۋە مۇھىم ئەنزىلەر 344 پارچە، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى.

تيانشان رايونلۇق مال باھاسىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1987-يىلغىچە، جەمئىي 7532 سودا كارخانىسىنىڭ تاۋارلىرىنىڭ باھاسىغا قارىتا 65 مىڭ 683 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى؛ ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەردىن 610 نى بىر تەرەپ قىلىپ، 522 مىڭ 600 يۈەن قانۇنسىز كىرىمنى مۇسادىرە قىلدى، 35 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە قويدى، ئىستېمالچىلارغا 50 مىڭ 900 يۈەن قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ باھا سىياسەتلىرىنى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1987-يىلغىچە، رايون تەۋەسىدىكى مەمۇرىي ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالىغا قارىتا مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك ئېلىپ باردى، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ، ئىگىلىۋېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ قىلىپ دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن قىلمىشلارغا قارىتا مەخسۇس مۇپەتتىشلىك ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئايرىم ئايرىم ھالدا بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە-ئىقتىساد قانۇن-ئىنتىزاملىرىنى قوغدىدى.

# 1-باب پىلان

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەزگىلدە، قول سانائەتنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى دىخۇا شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ھەرقايسى كەسىپداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئورۇنلاشتۇراتتى. سېتىۋېلىش-سېتىش پىلانلىرىنى شەھەرلىك سودا شىركىتى بىلەن شەھەر ۋە رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق ئىستېمالچىلار ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى باشقۇراتتى.

1953-يىلدىن 1956-يىلغا قەدەر، قول سانائەتنى ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپىراتىپى بىۋاسىتە تۈزۈپ چۈشۈردى.

1956-يىلدىن كېيىن، ئىككى رايوندا سودا بۆلۈمى، ئاشلىق بۆلۈمى، سانائەت بۆلۈمى ۋە شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپىراتىپىنىڭ رايوندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى ئارقا ئارقىدىن قۇرۇلدى. ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى ياكى پىلاننى باشقۇرىدىغان مەخسۇس كادىرلار قويۇلدى. 1960-يىلى رايون ئايرىلغاندىن كېيىن، سودا شۆبە ئىدارىسى، ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارىلەردىمۇ ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتىدا پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي پىلانغا بولغان باشقۇرۇش شەھەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشتىن رايون ئاساسلىق باشقۇرۇش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئىقتىسادنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پىلان ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇشى بىلەن رايون دەرىجىلىك مەخسۇس پىلان ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرۇشى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى سىستېما شەكىللەندى.

1962-يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇكسەلدۈرۈش»، «ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، خادىملارنى نۆۋەتكە چۈشۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، تيانشان رايونىدا پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قول سانائەتنى پىلاننى باشقۇرۇش ئۈچۈن تيانشان رايونلۇق قول سانائەتنى ئىش بېجىرىش ئورنىغا بىر نەپەر مەخسۇس پىلان كادىرى قويۇلدى؛ سودا شۆبە ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا ۋە ئاشلىق پىلانى شەھەرلىك سودا ئىدارىسى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1966-يىلى «يەرلىك، كىچىك ئاممىۋى سانائەت» ئىشخانىسى بىلەن قول سانائەتنى ئىش بېجىرىش ئورنى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى، بۇنىڭغا بىر نەپەر مەخسۇس پىلان كادىرى قويۇلۇپ، «يەرلىك، كىچىك ئاممىۋى سانائەت» ۋە قول سانائەتنى پىلانلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

1969-يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى مەخسۇس ئادەم قويۇپ باشقۇردى.

1971-يىلى تيانشان رايونلۇق سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سانائەت پىلانىنى سانائەت بۆلۈمى مەخسۇس ئادەم قويۇپ باشقۇردى.

1977-يىلى سانائەت بۆلۈمىدە پىلان-ستاتىستىكا گۇرۇپپىسى (ئۈچ كىشىلىك) تەسىس قىلىنىپ،

پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى.

1980-يىلى بىر نەپەر مۇدىر، ئۈچ نەپەر كادىردىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولدى.

1984-يىل 11-ئايدا تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن سانائەت-قاتناش بۆلۈمى بىرلەشتۇرۇلۇپ، تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 29 نەپەر كادىر قويۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ نەپەر كادىر قويۇلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتىغا جەمئىي 23 نەپەر كادىر قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتاتتىكى كادىر يەتتە نەپەر، كارخانا شتاتىدىكى كادىر 16 نەپەر، بىر مۇدىر ۋە بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر تەيىنلەندى. پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي (سانائەت، سودا، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش، ئەمگەك ۋە بىمەك-ئىچمەك كەسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . يىللىق پىلانىنى تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى بىر تۇتاش ئوتتۇرىغا قويۇپ، رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھۆكۈمەتكە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى؛ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى شەھەر بىلەن كەسىپى جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى ئىجرا قىلىشقا تارقاتتى.

## 2-پاراگراف پىلان تۈرلىرى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تارتىپ 1958-يىلغا قەدەر، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىگە قارىتا يۇزەكى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغاندى. سودا پىلانىدا تاۋار ئوبوروت پىلانىدىن باشقا، يەقەت سېتىۋېلىش، سېتىش، پايدا ۋە راسخوتتىن ئىبارەت تۆت چوڭ پىلان كۆرسەتكۈچلا بار ئىدى.

1958-يىلدىن كېيىن، سانائەت پىلانى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ئاساسلىق مەھسۇلات، مەھسۇلات مىقدارى، پايدا، ماددىي ئەشيا، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، تەننەرخنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش پىلانى بولسا مەھسۇلات قىممىتى، پايدا، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش يەر مەيدانى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ سودا پىلانى تاۋار ئوبوروتى، سېتىش، سېتىۋېلىش، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا ۋە راسخوت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ قاتناش-ترانسپورت پىلانى يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى، توشۇش مىقدارى، توشۇش ئارىلىقى، مەھسۇلات قىممىتى، ماي، پايدا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىلان كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. 1987-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن رايوننىڭ پىلانى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلاندى.

**بىرىنچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى**

1. سانائەت پىلانى: مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش، پايدا، ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ماتېرىيال سەرپىياتى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش، ئوقتىلىق پىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ۋە تېخنىكا تەرەققىيات تۈرلىرى، مۇھىم مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى، كارخانىلارنى ئۆلچەپ

دەرىجە بېكىتىش، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشلىك ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرىدىن ئىبارەت جەمئىي 12 كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

2. سودا پىلانى: تىجارەت كىرىمى ۋە پايدىدىن ئىبارەت جەمئىي ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

3. يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت پىلانى: تىجارەت كىرىمى ۋە پايدىدىن ئىبارەت جەمئىي ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

4. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش پىلانى: مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدىدىن ئىبارەت ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

5. ئەمگەك مۇلازىمەت پىلانى: كىرىم، پايدىدىن ئىبارەت جەمئىي ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

6. مالىيە كىرىم-چىقىم پىلانى: كىرىم (باج كىرىمى ۋە باشقا كىرىملەر دېمەك ئايرىلىدۇ) ۋە چىقىمدىن ئىبارەت جەمئىي ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى

1. نوپۇس پىلانى: تۇغۇلۇش سانى، تۇغۇلۇش نىسبىتى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىدىن ئىبارەت جەمئىي ئۈچ كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

2. شەھەر جامائەت ئىشلىرى پىلانى: شەھەر مەمۇرىيىتى بويىچە ئاسراش، ئاساسلىقى شەھەر يوللىرى قۇرۇلۇشى، سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى، جۈملىدىن كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئۆستەڭلىرى، يۈندا ئۆرۈبا يوللىرى، باغۋەنچىلىك، كۆكەرتىش (جۈملىدىن شەھەرلەردىكى باغۋەنچىلىك، كۆكەرتىش، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى)دىن ئىبارەت جەمئىي ئۈچ كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

3. مۇھىت ئاسراش ئىشلىرى پىلانى: ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايونلارنىڭ يەر مەيدانى، ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايونلارنىڭ ئىشلىنىش دەرىجىسى، ئىس-تۈتەك كونترول قىلىنغان رايونلاردىكى بۇلغىنىش مەنبەلىرىنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

4. مائارىپ ئىشلىرى پىلانى: باشلانغۇچ مائارىپ، جۈملىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى؛ چوڭلار مائارىپى، ئاساسلىقى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى، پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى (جۈملىدىن خىزمەت ئۈستىدە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش)دىن ئىبارەت ئىككى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

5. سەھىيە ئىشلىرى پىلانى: ئامبۇلاتورىيە، سەھىيە-يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى؛ مەخسۇس سەھىيە خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي سانى؛ يىمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش، جۈملىدىن ئارخىپ تۇرغۇزۇش نىسبىتى، قازان-قومۇچلارنى دېزىنفېكسىيىلەشنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى، يىمەكلىكلەرنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش-ئەۋرىشكە ئېلىشنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى، كىنىشكا ئالماشتۇرۇپ بەدەن تەكشۈرۈش نىسبىتى، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقى، جۈملىدىن كىنىشكا ئالماشتۇرۇش، تارقىتىش نىسبىتى، بەدەن تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتى، ئاممىۋى بىلىملەر بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش نىسبىتى؛ پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، جۈملىدىن پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، ئەملەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار قىزىل ۋاكسىنىسىنىڭ ئەملىنىش نىسبىتى، شېكەر يالىتىلغان كومۇلاچىنىڭ تارقىتىلىش نىسبىتى، كالمېت ۋاكسىنىسىنىڭ ئەملىنىش نىسبىتى، كۆك يۆتەل، بوغما، قاتما ۋاكسىنىلىرىنىڭ ئەملىنىش نىسبىتى، «تۆت خىل ۋاكسىنا»نىڭ ئەملىنىش نىسبىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچى، قىزىل، كۆك يۆتەل، ئىلىك ياللۇغى (بوغما) نىسبىتىدىن ئىبارەت ئالتە كۆرسەتكۈچنى

ئۆز ئىچىگە ئالدى.

6. مەدەنىيەت ئىشلىرى پىلانى: ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر سانى، مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر سانى، ئاممىۋى مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار سانى، مەدەنىيەت سارايلىرى، مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتلىرى، مەھەللىلەردىكى كۇتۇپخانا (قىرائەتخانا) لار، ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئويۇن قويۇش قېتىمى، تاماشىبىنلار سانى، ھەرخىل جەمئىيەتلەردىن ئىبارەت جەمئىي ئون كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

7. تەنتەربىيە ئىشلىرى پىلانى: تەنتەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سانى، دەرىجىگە ئايرىلغان رېپىرلار سانى، دەرىجىگە ئايرىلغان سپورتچىلار سانى، ئىشتىن سىرت مەشىق قىلدۇرۇلغان ئۆسمۈرلەر سانى، دۆلەتنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر سانى، ناھىيە-رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش قېتىم سانى، تەنھەرىكەت يىغىنلىرىغا قاتناشقان سپورتچىلار سانى، تەنھەرىكەت مەيدانلىرى، يەككە تۈردىكى تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات سانىدىن ئىبارەت جەمئىي توققۇز كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

8. ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى پىلانى: ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ئايرىم-ئايرىم چۈشۈرۈلگەن سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ۋاقىت بويىچە بۆلگەندە ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك (ئادەتتە دۆلەتنىڭ بەش يىللىق پىلانى بىلەن ماسلاشتۇرۇلىدۇ) ۋە يىللىق پىلان دەپ ئايرىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە پەسىللىك ۋە ئايلىق پىلانلارمۇ بار، بۇ پىلانلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن يىللىق پىلاننى پارچىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىشى، تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمدەكچىلىك قىلىشىنى ئۆلچەم ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ھەرقايسى تارماقلار ياكى كارخانىلار پىلاننىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يەنە يۇقىرى چۈشۈرگەن پىلان كۆرسەتكۈچلىرىدىن يۇقىرى بولغان ئىچكى قىسمىدا كونترول قىلىش پىلانلىرىنى تۈزىدۇ.

خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇش پىلانىنى شەھەر بىۋاستە چۈشۈرىدۇ، رايونلۇق خەلق ھاۋا مۇداپىئە تارماقلىرى مۇستەقىل ئىجرا قىلىدۇ، پۈتۈن رايوننىڭ پىلان سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ.

## 3-پاراگراف پىلان تۈزۈش ئۇسۇلى

1956-يىلدىن 1957-يىلغىچە، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى كەسپلەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىنلاردا شۇ يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش، مال زاكاز قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۆزى ئاغزاكى مەلۇم قىلغان ۋە كۆپچىلىك پىكىر بەرگەندىن كېيىن جەملەپ يۇقىرىغا يوللايتتى، بۇنى مۇھىم ئاساس قىلغان ھالدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈلەتتى.

1958-يىلدىن كېيىن، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى شەھەر بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ئورۇنلاشتۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، شەھەرلىك پىلان كومىتېتى تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى. 1962-يىلغا كەلگەندە، سودا ۋە ئاشلىق پىلانى ئىدارە ئىشلىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلغان، رايونلۇق ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. ئاساسلىقى ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە رايونلارنىڭ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئەمەلىي

ئەھۋالغا ئاساسەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئادەتتە كارخانىلارغا مۇئەييەن ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى. بۇ خىل پىلان تۈزۈلمىسى تاكى 1979-يىلغىچە قوللىنىلىپ كەلدى.

1980-يىلىدىن كېيىن، يۇقىرى رايون، مەھەللە كارخانىلىرىغا بولغان بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇردى، كارخانىلار بازاردىن «چىقىش يولى» ئىزدىدى. ئادەتتە پۈتۈن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنى پايدىلىنىش ئۆلچىمى، شۇ يىللىق ئەمەلىي ئەھۋال ئاساس قىلىنغان ھالدا تەرەققىيات سۈرئىتى بېكىتىلدى، بۇ ئارقىلىق تۈرلۈك ئىقتىساد-تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى مۆلچەرىي ھېسابلاپ چىقىلدى. مەھسۇلات مىقدارى كۆرسەتكۈچى ئادەتتە شەھەر تەلەپ قىلغان سەۋىيەدىن 3%—5% يۇقىرى بولدى.

1981-يىلى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي پىلانىنى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلىتىپ، رەسمىي پىلانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، رايونلۇق پىلان يىغىنىدا ئىجرا قىلىشقا تارقىتىدىغان بولدى.

1985-يىلىدىن كېيىن، يىللىق ئىقتىسادىي پىلان ئادەتتە تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بويىچە تۈزۈلدى: دېموكراتىيىنى جارىي قىلدۇرۇش، تولۇق كېڭىشىش پرىنسىپى ئاستىدا، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەش، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن سۆزلىشىش، قايتا-قايتا پىكىر ئېلىش، قاتلاممۇ قاتلام پارچىلاش، بىر بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانى ئارقىلىق، رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى شەھەرلىك پىلان يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يىل بېشىدا پىلان لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى مەلۇم قىلغان پىلانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تۆۋەن بولۇپ قالغان بولسا كۆپەيتىپ، يۇقىرى بولۇپ قالغان بولسا كېمەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، تەكلىپىي پىلانىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەستىقلىتىپ رەسمىي پىلانغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا چۈشۈردى.

ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانلىرىنى تۈزۈشتە، يۇرۇشلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، ئېھتىياج بىلەن ئەمەلىي ئىمكانىيەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلدى. كۆپىنچە پىلان تۈرلىرىنى شەھەردىكى ئالاقىدار تارماقلار بىۋاسىتە چۈشۈردى، تىيانشان رايونى ئىجرا قىلىشقا تارقاتتى. قالغان باشقا پىلانلارنى تۈزۈشتە رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا ئاساسەن تەكلىپىي پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا بىۋاسىتە چۈشۈردى.

پۈتۈن رايوننىڭ رەسمىي پىلانى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار كۆرۈلمىسىلا، ئادەتتە ئۆزگەرتىلمىدى. 1987-يىلى دۆلەت ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ كونترول قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى قىسىۋەتكەچكە، رايون تەۋەسىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرىدى. ئۈچىنچى پەسىلگە كەلگەندە، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پىلانى 30 مىليون يۈەندىن 28 مىليون يۈەنگە كېمەيتىلدى، ئەمەلىيەتتە 28 مىليون 273 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئورۇندىلىش نىسبىتى 100.98% بولدى.

# 2-باب ستاتىستىكا

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1952-يىلدىن 1956-يىلغىچە، ھەرقايسى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى پەقەت ئادەتتىكىچىلا ئىگىلەيتتى، مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى كۆپىنچە ھاللاردا ئېغىزچە دوكلات قىلىش ياكى يىغىندا دوكلات قىلىش شەكلى بىلەن جەملەيتتى.

1956-يىلدىن 1959-يىلغىچە، قول سانائەتتە ئىشلەپچىقىرىشنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى بىۋاسىتە باشقۇردى. ئىككى رايونلۇق سودا بۆلۈمى بىلەن ئاشلىق بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى.

1960-يىلى تيانشان رايونىدا پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت، سودا، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، ئەمگەك-ئىش ھەققى قاتارلىقلارنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1962-يىلى پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ستاتىستىكا كەسپى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تارقىتىپ بېرىلدى. سانائەت ستاتىستىكىسىنى 1962-يىلدىن 1965-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق سانائەت بۆلۈمى باشقۇردى؛ 1966-يىلدىن 1968-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق «يەرلىك، كىچىك ئاممىۋى سانائەت» ئىشخانىسى باشقۇردى؛ 1969-يىلدىن 1971-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى باشقۇردى؛ 1972-يىلدىن 1976-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق سانائەت بۆلۈمى باشقۇردى. بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، قاتناش، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، نوپۇس قاتارلىقلارنىڭكىنى ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئۆزلىرى باشقۇردى.

1977-يىلى سانائەت بۆلۈمىنىڭ قارمىقىدا پىلان-ستاتىستىكا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭغا ئۈچ نەپەر كادىر قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ستاتىستىكا ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

1980-يىلى سانائەت بۆلۈمىنىڭ پىلان گۇرۇپپىسى پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلىپ، جەمئىي تۆت نەپەر كادىر قويۇلدى، ستاتىستىكا كەسپىمۇ پىلان كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1984-يىل 11-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي ئۈچ نەپەر كادىر قويۇلدى. بۇ بۆلۈم جەملەپ يۇقىرىغا يوللايدىغان رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت، ئەمگەك مۇلازىمىتى كەسىپلىرىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق مەمۇرىي ئورگانلار، تارماقلار ۋە كارخانا-كەسپىي ئورۇنلاردا 60 ستاتىستىكا خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىنىپ، 134 نەپەر مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ستاتىستىكا خادىملىرى قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن رايوننىڭ ستاتىستىكا خىزمەت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

## 2-پاراگراف تۈزۈم ۋە ئۇسۇل

1952-يىلدىن 1956-يىلغىچە، رايونلۇق ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىسقىچە ئەھۋالىنى شۇ ئورۇنلارنىڭ ئىچكىرىچە دوكلاتىنى ئاڭلاش شەكلى بىلەن ئىگىلىدى.
1956- يىلدىن 1958-يىلغىچە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەرئايدا قەرەللىك يىغىن ئېچىش ئارقىلىق ئىگىلەندى. 1958-يىلى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، بەش كۈنلۈك، ئون كۈنلۈك، ئايلىق، پەسىللىك ۋە يىللىقتىن ئىبارەت بەش خىل مەلۇمات جەدۋىلى ئىشلىتىلدى.
1959-يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بەش خىل جەدۋىلى، ئەمگەك-ئىش ھەققىنىڭ ئالتە خىل جەدۋىلى بىر تۇتاش بەلگىلىمە بويىچە تولدۇرۇپ مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى. مەلۇم قىلىش ۋاقتىغا قارىتامۇ بىر تۇتاش تەلەپلەر قويۇلۇپ، ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى قالايمىقان بولۇش ھالىتى دەسلەپكى قەدەمدە رەتكە سېلىنىپ، ۋاقتىدا مەلۇم قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. تېلېگىراما ۋە تېلېفون ئارقىلىق يوللىنىدىغان ئايلىق مەلۇماتقا ئالتە چوڭ كۆرسەتكۈچنى، يەنى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى، ئېخنىكا يېڭىلاش تۈرلىرى سانى، يېڭى مەھسۇلاتلار تۈرى سانى، ئاي ئاخىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا ئومۇمىي سانىنى كىرگۈزۈش بەلگىلەندى.
1960-يىلى تيانشان رايونلۇق پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى پۈتۈن رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇن-لارنىڭ سەككىز خىل مەلۇمات جەدۋىلىنى بىر تۇتاش جەملىدى. بۇلار: سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مەھسۇلات مىقدارى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى، ئىش ھەققى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، يېڭى سورتلارنى سىناپ ياساش، مەھسۇلات سۈپىتى، تېخنىكا-ئىقتىساد كۆرسەتكۈچلىرى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى قاتارلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت مەلۇمات جەدۋەللىرى؛ بىناكارلىق كەسپىنىڭ ھۆددىگەرلىك مەلۇمات جەدۋەللىرى؛ قاتناش-ترانسپورت كەسپىنىڭ مەلۇمات جەدۋەللىرى؛ شەھەرلەردىكى خەلق كۆگۈشپىلىرىنىڭ نوپۇس، ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك، ئىش ھەققى، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ۋە تەشكىلات ئەھۋاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇمات جەدۋەللىرى؛ مەدەنىيەت-مائارىپ مەلۇمات جەدۋەلل-رى؛ سەھىيە مەلۇمات جەدۋەللىرى؛ ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى مەلۇمات جەدۋەلل-رى؛ نوپۇس مەلۇمات جەدۋەللىرىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى سەككىز خىل مەلۇمات جەدۋىلىنى شەھەرلىك پىلان كومىتېتى بىر تۇتاش تەشكىللەپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش يۇقىرىغا يوللىدى. پۈتۈن رايوننىڭ مەلۇمات جەدۋەللىرىنى پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمى جەملىگەندىن كېيىن شەھەرلىك پىلان كومىتېتىغا يوللىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نوپۇس مەلۇمات جەدۋىلىنى بىرلا ۋاقىتتا جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغىمۇ يوللاش بەلگىلەندى.
1966-يىلدىن 1972-يىلغىچە قائىدە-تۈزۈملەر شەكىلگە ئايلىنىپ، ستاتىستىكا خىزمىتى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.
1973-يىلى ستاتىستىكا خىزمىتى ئالدى بىلەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.
1984-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ ستاتىستىكا خىزمىتى تيانشان رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 1987-يىلغا كەلگەندە، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى، ستاتىس-

ىنكا ئۇسۇلمۇ ئىخچمۇ ياخشىلاندى.

**بىرىنچى، ستاتىستىكا تۈزۈمى**

(1) ئۇن كۈنلۈك، ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق ۋە يىللىق مەلۇماتلارنىڭ يوللىنىش ۋاقتى ھەرقايسى قەرەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى.

(2) تۆۋەندىكى جەدۋەللەرنى ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى جەملەپ يۇقىرىغا يوللىدى: سانائەت ئومۇمىي قىممىتى مەلۇمات جەدۋىلى (ئايلىق)، سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى مەلۇمات جەدۋىلى (ئايلىق)، كەسىپلەر مەلۇمات جەدۋىلى (يېرىم يىللىق)، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەدۋىلى (يىللىق)، ئاساسلىق سانائەت مالىيە كۆرسەتكۈچى (يىللىق)، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 27 ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ جەملەنگەن مەلۇمات جەدۋىلى؛ تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسى مەلۇمات جەدۋىلى (ئايلىق)؛ ئاساسلىق ماددىي ئەشيالار سەرپىياتى ۋە ئىسكىلات قالدۇقى ھەققىدىكى تېلېگرامما ۋە تېلېفون ئارقىلىق يوللىنىدىغان مەلۇمات جەدۋىلى (ئايلىق، پەسىللىك)؛ ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى (يىللىق)؛ ئەمگەك-ئىش ھەققى (ئاي-لىق) قاتارلىقلار، بۇلار پۈتۈن رايوندىكى مەمۇرىي، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) يوللانغان مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تىزىملاش تۈزۈمى تۈرغۇزۇلدى. مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ سۈپىتى (ئاساسلىقى ۋاقتىدا ۋە توغرا بولۇشى)گە قاراپ نومۇر قويۇلۇپ، ھەر قېتىمدا نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، بۇ، يىل ئاخىرىدا ستاتىستىكا خىزمىتىنى خۇلاسىلەش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، شەخسلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنۋان باھالاشتا پايدىلىنىدىغان ئاساس قىلىندى.

(4) ستاتىستىكا خىزمەتچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلدى ۋە مۇستەھكەملەندى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدىن ستاتىستىكا خىزمەت ئورنى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ستاتىستىكا خادىملىرىنى قويۇش، ئۇلارنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىندى. ستاتىستىكا خادىملىرىدىن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يالغان مەلۇم قىلىش، مەلۇم قىلماي يوشۇرۇش، ساختىپەزلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

(5) كۈندىلىك ئەسلى خاتىرە ۋە ستاتىستىكا مۇنبىرى تۇرغۇزۇلۇپ، ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى تەرتىپلىك ھالدا رەتلەپ ۋە توپلاپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئەينەن، توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مالىيە، ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ توغرىلاپ، چۈشۈپ قېلىش ۋە تەكرار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىندى.

(6) قەرەللىك ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە قەرەلسىز ئارىلاپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، ئادەتتە ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

**ئىككىنچى، ستاتىستىكىلاش ئۇسۇلى**

ستاتىستىكىلاش ئۇسۇلى تولدۇرۇپ مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇمات جەدۋىلىنى ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى بەلگىلىگەن تۈرلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ چۈشۈرىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا خادىملىرى بەلگىلەنگەن تۈرلەر بويىچە ئەينەن تولدۇرىدۇ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ياكى كەسپىي سىستېمىلار جەملەپ، قىسقىچە ئانالىز پىكرىنى يېزىپ،

رايونلۇق ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى پىلان-ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ جەملىشىگە يوللايدۇ، پۈتۈن رايوننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئانالىز پىكرىنى يازغاندىن كېيىن شەھەرلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، شەھەرلىك پىلان كومىتېتى ۋە شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتىغا يوللايدۇ ھەمدە رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلەرگە يوللايدۇ. پۈتۈن رايوننىڭ يىللىق مەلۇماتلىرى كېيىنكى يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن ئىلگىرى يوللىنىدۇ، ئايلىق مەلۇماتلىرى كېيىنكى ئاينىڭ 12-كۈنىدىن ئىلگىرى يوللىنىدۇ. ھېسابلاشتا دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتكۈچلەر ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ، بۇ سېلىشتۇرمىلىققا ئىگە. 1970-يىلدىن 1979-يىلغىچە 1970-يىلدىكى مەھسۇلات باھاسى بويىچە ھېسابلاندى؛ 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە 1980-يىلدىكى مەھسۇلات باھاسى بويىچە ھېسابلاندى.

# 3-باب مال باھاسى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلاردا تېخى مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلمىغاچقا، پۈتۈن شەھەرنىڭ مال باھاسى خىزمىتىنى شەھەرلىك سودا ئىدارىسى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مال باھاسى كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1958-يىلى، ئىككى رايونلۇق سودا بۆلۈمىدە سودا ئىشلىرى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، شەھەرلىك مال باھاسى كومىتېتىغا ماسلىشىپ بازارلارنى تەرتىپكە سالدى، ھەرقايسى كەسپىي شىركەتلەرگە ھەمكارلىشىپ پارتىيىنىڭ مال باھاسى سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇردى.

1962-يىلى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، 13 ھەيئەت قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر ھەيئەت بىر نەپەر، مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت ئىككى نەپەر. ئۇلار ئاساسلىقى بازارلاردىكى ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە يايمىچىلارنىڭ مال باھاسى سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە نازارەت قىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا شىركەتلىرى ۋە تەمىنات سودا كوپىراتىپلىرىدا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مال باھاسى ھەيئەتلىرى سەپلىنىپ ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ مال باھا خىزمىتىنى باشقۇردى. 1969-يىلى رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتى شەھەرلىك بازار تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1971-يىلدىن 1979-يىلغىچە، مال باھاسى خىزمىتىنى تيانشان رايونلۇق بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قوشۇمچە باشقۇردى؛ 1980-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى.

1981-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، تيانشان رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرگە ئىش بېجىردى، بۇنىڭغا جەمئىي بەش ئادەم قويۇلدى. 1984-يىل 10-ئايدا مال باھاسى بۆلۈمى پىلان كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، تيانشان رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارە قارمىقىدا مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنى تەسىس قىلىندى. 1987-يىلغا كەلگەندە، رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسىگە تۆت نەپەر، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئورنىغا سەككىز نەپەر كادىر قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ئىككى كىشى، ئەرلەر ئون كىشى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تۆت كىشى،

ئۇلارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى رايون تەۋەسىدىكى مال باھاسى سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، مال باھاسى سىياسەتلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى قائىدە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

## 2-پاراگراف مال باھاسىنى باشقۇرۇش

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە، دىخۇا مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش كومىتېتى باھانى چەكلەش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ مال باھاسىنى باشقۇرغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي جەھەتتىن چىرىكلىشىپ كەتكەچكە، دىخۇانىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ، تاۋارلار ئىنتايىن كېمىيىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى خارابلىشىپ كەتكەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ماددىي ئەشيالارنى تۆكمە قىلىپ سېتىش، ھايانكەش مەككار سودىگەرلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى. بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مال باھاسىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1960-يىلدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ يىل تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغاچقا، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر كېمىيىپ كېتىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىنىپ كەتتى. تيانشان رايونى ئىچىدىكى ئەركىن بازارلار ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. مال بازىرىدىكى ئەسكى-تۈسكى ماللار بازىرىنى مەركەز قىلىپ، دۆڭكۆۋرۈك، نەنمېن، داشىزى قاتارلىق جايلاردا ئۇششاق سودىگەرلەر ھەممىلا يەرگە تەنزە يېيىپ، بازاردىكى تەمىنلەش جىددىي بولۇش ھالىتىنى پەسەيتىشتە مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى باھا قويۇش، يۇقىرى باھادا سېتىش ئەھۋاللىرى بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارغا قارىتا تيانشان رايونى شەھەرلىك مال باھاسى كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىن كادىر ئاجرىتىپ، ۋاقىتلىق بازار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باھا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مال باھاسى سىياسەتلىرى بويىچە ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە قارىتا مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا، ئاشلىق، قاتناش، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە سىستېمىلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بازار باھاسى قالايمىقان بولۇش ھالىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلىدى.

1962-يىلدىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتى تەدبىر قوللىنىپ بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىستىلىنى تەرتىپكە سالدى. تەشۋىقىي تەربىيىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، يەككە تىجارەتچىلەرگە قارىتا باھا، ئۆلچەم، سۈپەت، تازىلىق جەھەتلەردىكى نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى. چوڭ يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسىنى تەڭشەپ، بازار تەرتىپىنى ياخشىلاپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، مال باھاسى خىزمىتى كاشىلىغا ئۇچرىدى، ئاپپاراتلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ، مۇۋاپىق قائىدە-تۈزۈملەر شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى، نەتىجىدە مال باھاسى خىزمىتى ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1967-يىلى گوۋۇيۈەن «مەبلەغ، ماددىي ئەشيا ۋە مال باھاسىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىرقانچە بەلگىلىمىلەر» ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

تارقىتىپ، مال باھاسىنى تۇڭلىتىۋەتتى. بۇ مەزگىلدە مال باھاسى كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزگىرىشى ئانچە زور بولمىدى.

1979-يىلى دۆلەت بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى ۋە ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىش باھاسىنى ئۆستۈردى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە «باھا ئۆستۈرۈش شاملى» قوزغالدى، بەزى تىجارەت ئورۇنلىرى مال باھاسى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، باھانى ئۆزلىرى بېكىتىپ ۋە خالىغانچە ئۆستۈرۈپ، بازار تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. تيانشان رايونى بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىللىگەن مال باھاسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرۇپ، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ «مال باھاسى سىياسىتى، مال باھاسى ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىشقا قارىتا مۇكاپاتلاش-جازالاشنى يولغا قويۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»ى بويىچە، رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى كەسىپ ۋە ھەرقايسى ساھەلەرگە قارىتا باھا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سىياسەت ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇن، شەخسلەرگە تەنقىدىي تەربىيە بەردى، ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي جەھەتلەردىن جازالىدى، ھەتتا قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى.

دۆلەت ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسى تۆركۈمگە بۆلۈپ قويۇۋېتىلدى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىغا قارىتا بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلدى، قىسمەن سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا لەيلىمە باھا يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن باھانى باشقۇرۇش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1981-يىلى تيانشان رايونى گوۋۇيۈەننىڭ «مال باھاسىنى قاتتىق كونترول قىلىش، كېلىشىم باھانى تەرتىپكە سېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن ئورۇنلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، دائىملىق تەكشۈرۈش بىلەن قەرەللىك تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش بىلەن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، تەربىيە بېرىش بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازا بېرىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، «تۆت چوڭ» ھېيت بايرام (يېڭى يىل، باھار بايرىمى، 1-ماي، 1-ئۆكتەبر) مەزگىلىدە، پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. رايون بۆلەكلىرى بويىچە، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرىدا خالىسانە مال باھاسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاممىۋى خاراكتېردىكى مال باھاسىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، تەشۋىقات دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ئۆزى قوغداش ئېڭى ئۆستۈرۈلدى.

1982-يىل 7-ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ «مال باھاسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تيانشان رايونىنىڭ مال باھاسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش ۋە كەسىپلەر بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سېلىندى. بېرىلگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، دۆلەتنىڭ مال باھاسىغا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ رايون تەۋەسىدىكى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسى يۈرگۈزۈلدى، مەھسۇلات، تاۋارلارنىڭ باھاسى ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ھەقلەرنىڭ ئېلىنىش ئۆلچىمىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەت بېكىتكەن باھا، كېلىشىم باھا، ئەركىن باھادا ئېلىپ سېتىلىدىغان تۈرلۈك تاۋارلار ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرى. باھانى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

دۆلەتنىڭ باھا بېكىتىش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يۆتكەش باھاسى ۋە پارچە سېتىلىش باھاسى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى، تەمىنلەش باھاسى، توپ سېتىلىش باھاسى، پارچە سېتىلىش باھاسى ۋە ماددىي ئەشيا

باشقۇرۇشنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى؛ قاتناش-ترانسپورت باھاسى ۋە پوچتا-تېلېگراف ھەق ئۆلچىمى؛ خەلق تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋىتى زىچ بولغان غەيرىي تاۋار ھەق ئۆلچىمى؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش-سېتىلىش ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى، پەسىللەر ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى، توپ-پارچە سېتىش باھا پەرقى؛ ساياھەت ئومۇمىي ھەققى ۋە ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ باھاسى قاتارلىقلار. لېكىن باھا يولغا قويۇلغان بەزى تاۋارلارغا قارىتا، باھانىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى بېكىتىپ، تۆۋەنگە لەيلىتىش بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى؛ ئوتتۇرىھال ئۆلچەملىك باھانى بېكىتىپ، مۇئەييەن كۆلەمدە يۇقىرى-تۆۋەنگە لەيلىتىش بەلگىلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى نازارەت قىلىندى. دۆلەتنىڭ باھا بېكىتىشى يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، دېمەك ئۇ، مال باھاسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. باھاغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تىيانشان رايونى ھەرقايسى سىستېمىلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مال باھاسى خادىملىرىنى قويۇپ، مال باھا تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

كېلىشىم باھادا ئېلىپ سېتىشنى نازارەت قىلىشتا، ئاساسلىقى بازارلاردىكى ئۈچ تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە دۆلەت پىلانىنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدىغان تاۋارلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن كېلىشىم باھادا ئېلىپ سېتىش دائىرىسىگە كىرىدىغان-كىرمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلدى. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا مال باھاسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بەزى تاۋارلارغا قارىتا باھانىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى بېكىتىشنى يولغا قويدى. رېمونتچىلىق قاتارلىق ئەمگەك ئىشلىرىغا ھەق ئېلىشتا، ئادەتتە بازارغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە يول قويۇش ئاساسىدا تىجارەتچى بىلەن خېرىدار ئۆزلىرى كېلىشىپ بېكىتتى.

ئەركىن باھانى نازارەت قىلىشتا، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاساسلىقى مال باھاسى تارماقلىرى بازارلارغا قارىتا بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىنى بېكىتىش ۋە تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئاشكارا يېزىپ چاپلاشتەك يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىدىكى بەزى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

1985-يىل 3-ئايدا بەزى ئورۇن ۋە شەخسلەر ئىسلاھات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مال باھاسىنى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا، ھەتتا قالايمىقان ئۆستۈرۈپ، قىس ماددىي ئەشيالارنى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئېلىپ سېتىپ، ئارىدىن زور پايدا ئېلىپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن ئەھۋالغا قارىتا، گوۋۇيۈەن «مال باھاسىغا بولغان باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، تۈزەشنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئون ماددىلىق بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن رايونىمىزنىڭ مال باھاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلدى. تەكشۈرۈش دائىرىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. رايونىمىز تەۋەسىدە، تەكشۈرۈلىدىغان ساھەلەر سانائەت، سودا، ئاشلىق، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، قاتناش، پوچتا-تېلېگراف، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە، رېمونتچىلىق، مۇلازىمەت، ساياھەت، رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ تەكشۈرۈلىدىغان ئورۇنلار ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى، يەككە ۋە شېرىكلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ھەر خىل كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى؛ تەكشۈرۈلىدىغان تۈرلەر دۆلەت

بېكىتكەن باھا (جۇملىدىن لەيلىمە باھا) دائىرىسى ئىچىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش-سېتىلىش باھاسى، قاتناش-ترانسپورت باھاسى، پوچتا-تېلېگراف ھەققى، ساياھەت ھەققى، خەلق ئىشلىتىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىجارە ھەققى، سۇ-توك ھەققى، مېھمانخانىلارنىڭ ياتاق ھەققى، دورا ۋە داۋالاش ھەققى، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە باشقا خىراجەتلىرى، باغچا ۋە كىنوخانىلارنىڭ بېلەت باھاسى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمگەك ئىشلىرى ھەققى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توپ ۋە پارچە ساتىدىغان سودا كارخانىلىرىغا قارىتا، تاۋار باھاسىنى بېكىتىش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باھا باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسى ۋە بەلگىلەنگەن باھا (ھەق ئېلىش) ئۆلچىمى بويىچە باھا قويۇش چارىسىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى، ھوقۇق چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئۆز ئالدىغا باھا بېكىتىش ياكى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈش ۋاقتىنى ئالدىغا ياكى كەينىگە سۈرۈپ ئىجرا قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ سۈپىتى بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ باھا قويۇش، ئەلا سۈپەتلىكلىرىگە يۇقىرى باھا قويۇش پرىنسىپىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلغان-ئىزچىللاشتۇرۇلمىغانلىقى، ناچارلىرىنى ياخشىلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇش، ساختىلىق ئىشلىتىش ھادىسىلىرىنىڭ بار يوقلۇقى؛ باھانى ئاشكارا يېزىپ چاپلىغان-چاپلىمىغانلىقى؛ پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان تاۋارلارنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ ۋە باشقا جايلارغا يۆتكەپ يۇقىرى باھادا سېتىپ ئارىدىن زور پايدا ئېلىش ياكى مۇقىم باھالىق تاۋارلارنى كېلىشىم باھادا سېتىش، بېلەتلىك تەمىنلىنىدىغان تاۋارلارنى باھا قوشۇپ سېتىش؛ ساختىپەزلىك ئىشلىتىپ، دۆلەتنىڭ مال باھا قوشۇمچە پۇلىنى ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقى، بەلگىلىك مىقداردا بۆلۈپ ئورىلىدىغان تاۋارلار مىقدارىنىڭ تولۇق بولغان-بولمىغانلىقى، ئىستېمالچىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ بار-يوقلۇقى؛ باھانى تىزىملاش تۈزۈمىنىڭ بار-يوقلۇقى، مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مال باھاسى خادىملىرىنىڭ سەپلەنگەن-سەپلەنمىگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ.

سانائەت كارخانىلىرىغا قارىتا، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنىڭ مال باھاسى تارماقلىرى بەلگىلىگەن باھا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى؛ كارخانىلار ئۆزلىرى بېكىتكەن باھانىڭ مال باھا تارماقلىرى بەلگىلىگەن ھوقۇق دائىرىسى ۋە باھا قويۇش چارىسىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى؛ يولغا قويۇلغان لەيلىمە باھا ۋە ئۆزى ساتىدىغان مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن لەيلىتىش كۆلىمى ۋە ئۆزى سېتىش دائىرىسىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى؛ خام ئەشيالارنى ۋە پۈتمىگەن مەھسۇلاتلارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش ۋە باھا ئۈستىگە باھا قوشۇش، ھەق ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى؛ مەھسۇلاتلار سۈپىتى بىلەن باھاسىنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ماتېرىيال ئوغرىلاش، قوپال، قالايمىقان ياساش، سۈپەت ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ۋە ناچارلىرىنى ياخشىلىرىنىڭ ئورنىغا قويۇش ھادىسىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ مال باھاسى خىزمەت تۈزۈملىرىنىڭ تۇرغۇزۇل-غان-تۇرغۇزۇلمىغانلىقى، مال باھاسى خادىملىرىنىڭ سەپلەنگەن-سەپلەنمىگەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ.

ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش-سېتىش كارخانىلىرىغا قارىتا، پىلانلىق تەمىنلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئېلىپ سېتىشتا دۆلەت بەلگىلىگەن باھا ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى، كۆپ ئېلىۋېلىش، قالايمىقان ئېلىش، باشقۇرۇش ھەققىنى قاتلاممۇقاتلام قوشۇپ ئېلىش ھادىسىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى، پىلان ئىچىدىكى ماددىي ئەشيالارنى پىلان سىرتىدا باھا قوشۇپ سېتىپ قانۇنسىز پايدا ئېلىش قىلمىشلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ لەيلىمە باھانى ئىجرا قىلىشتا يول قويۇلغان ماددىي ئەشيالارغا قارىتا لەيلىمە باھانى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرىنىڭ تۇرغۇزۇلغان-

تۇرغۇزۇلمىغانلىقى؛ ھەمكارلاشما ماددىي ئەشيالارغا قارىتا بەلگىلەنگەن ھەمكارلىشىش چارىسىنىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى، قاتلاممۇقاتلام قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ باھانى ئۆستۈرۈۋېتىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋاللىرىنىڭ بار-يوقلۇقى، چىرايلىق ناملار بىلەن باھا سىرتىدا ھەق ئېلىش ۋە قالايمىقان شېرىنكانە ئېلىش، يۈكنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇش ھادىسىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ مال باھاسى تۈزۈملىرىنىڭ تۇرغۇزۇلغان-تۇرغۇزۇلمىغانلىقى، مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مال باھاسى خادىملىرىنىڭ سەپلەنگەن-سەپلەنمىگەنلىكى تەكشۈرۈلدى.

يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرىغا قارىتا، تاماق باھاسىنىڭ ئاشكارا يېزىپ چاپلانغان-چاپلانمىغانلىقى؛ تاماق-سەيدە بەلگىلەنگەن ئومۇمىي پايدا نىسبىتىنىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى؛ باھاسى بىر تۇتاش بېكىتىلگەن تۈرلەردە بەلگىلەنگەن باھانىڭ ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى؛ تاماققا سېلىنغان ماتېرىياللار سانى ۋە سۈپىتىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلدى.

داۋالاش ئورۇنلىرىغا قارىتا، دورا باھاسى ۋە داۋالاشتا ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرىنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقى، قالايمىقان ھەق ئېلىش ھادىسىلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى تەكشۈرۈلدى؛ رېتسېپلارغا ھەق ئېلىش خاتالىق نىسبىتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە سەۋەبلىرى ئانالىز قىلىندى ۋە تېپىپ چىقىلدى؛ باھانى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەل بولغان-بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلدى.

ئەمگەك مۇلازىمىتى خاراكتېرىدىكى ھەقلەرنى ئالىدىغان ئورۇنلارغا قارىتا، ھەق ئېلىش ئۆلچەملىرىنىڭ دۆلەت بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى ياكى ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن-ئۆتكۈزۈلمىگەنلىكى؛ چىرايلىق ناملار بىلەن ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، كۆپ ۋە قالايمىقان ھەق ئېلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى تەكشۈرۈلدى.

1987-يىل 9-ئاينىڭ 11-كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باھا باشقۇرۇش نىزامى»نى رەسمىي ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تيانشان رايونىنىڭ مال باھاسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتى قانۇن-تۈزۈم يولىغا سېلىندى. كۆپ يىللىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا، ئۈنۈملۈك بولغان بىر يۈرۈش تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1. پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك چوڭ تەكشۈرۈش. رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ۋە مال باھاسى تارماقلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭ تەسىرى زور، دائىرىسى كەڭ بولدى. مال باھاسى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشتە بىردەك پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 2. نۇقتىلىق تەكشۈرۈش. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان يىپ ئۇچلىرىنىڭ نۇقتىلىق بولغانلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ داۋامى سۈپىتىدە چوڭقۇر ۋە ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 3. مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش. نۇقتىلىق تەكشۈرۈشتە بايقالغان زور، مۇھىم ئەنزىلەر ياكى ئامما پاش قىلغان زور مەسىلىلەرگە مەخسۇس ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلدى. 4. توغرا يۆنىلىشلىك بىرلەشمە تەكشۈرۈش. سودا-سانائەت، ئۆلچەم، باج ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلارغا چېتىلىدىغان بەزى باھا مەسىلىلىرىگە قارىتا بىر تۇتاش ھەرىكەتلىنىش، ئۆزئارا ماسلىشىش، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 5. تىك يۆنىلىشلىك تەكشۈرۈش. تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خاتالىق ئازايتىلدى.

## 3-پاراگراف ئاممىۋى نازارەت

مال باھاسىنى ئاممىۋى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللىك ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، 1981-يىل 6-ئايدا ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. رايون تەۋەسىدىكى ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى، سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەزالىرى ۋە مەھەللە ئاكتىپلىرى خالىس نازارەتچىلىككە تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار ئۆز تەۋەسىدىكى سودا بازارلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى، زىيالىي ياشلار كوپېراتىپلىرى، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ پارچە سېتىش باھاسىنى، شۇنىڭدەك مۇلازىمەت، يېمەك-ئىچمەك كەسىپلىرىنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە سۈپەت، مىقدار ئۆلچىمىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولدى. باھا سىياسەتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قارىتا تەنقىدىي تەربىيە بېرىش ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ھەر دەرىجىلىك مال باھاسى تارماقلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا مال باھاسى سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى ئىنكاس قىلدى ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاممىنىڭ مال باھاسى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى ھەمدە مال باھا تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلدى. مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلار ئىش تەقسىمات دائىرىسى ئىچىدە خالىغانچە باھا ئۆستۈرۈش، شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا باھا ئۆستۈرۈش ۋە جىڭدا كەم بېرىشتەك قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەرەلسىز ھالدا تەكشۈردى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، 1-ماي ۋە دۆلەت بايرىمى قاتارلىق چوڭ ھېيت-بايرام مەزگىللىرىدە، مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مال باھاسىنى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش ھەرىكىتىگە ماسلاشتى.

1982-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «بازار مال باھاسىنى قەتئىي مۇقىملاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»ىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، تيانشان رايونى مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلارنى تەشكىللەپ، مال باھاسىغا قارىتا بىرلەشمە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، رايون ئىچىدىكى بارلىق سودا تور-نۇقتىلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ياز پەسلىدە كۆكتات بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ كەتكەن چاغلاردا، 15 ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى ۋە كۆكتات دۇكىنىنى تەكشۈرۈپ، قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈشنى توسۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا، پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى مەخسۇس قۇرۇلۇپ، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆمەك باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى، مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلار قوشۇلۇپ جەمئىي 200 كىشىدىن تەركىب تاپقان 25 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 217 ماگىزىننىڭ يېمەكلىك، گۆش، ئاشلىق، ماي، كۆكتات، مېۋە-چېۋە، ھاراق-تاماكا ۋە تۈرلۈك ماللار قاتارلىق تاۋارلىرىنىڭ باھاسىغا قارىتا 3884 باھا (قېتىم) تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1983-يىلى مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلىش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلدى. خالىس نازارەتچىلەر كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مال باھاسى سىياسەت-

لىرى ۋە قائىدىلىرىنى توغرا ئىگىلەش ۋە توغرا ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان خالىس نازارەتچىلەر تەقدىرلەندى، بىر نەپەر ئىلغار سايلاپ چىقىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق مال باھاسى خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. پۈتۈن يىل ئىچىدە 962 سودا تور-نۇقتىسىدىكى 8041 تاۋارنىڭ باھاسىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1984-يىلى كەڭ ئاممىنىڭ مال باھاسى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ۋاقتىدا توپلاش ۋە ئاڭلاش ئۈچۈن، تىيانشان رايونىدىكى سودا مەركەزلەشكەن دۆڭكۆۋرۈك، نەنمېن، داشىزى، شىياۋشىزى، بېيمېن، داشىمېن قاتارلىق جايلارغا مال باھاسىنى نازارەت قىلىش پىكىر ساندۇقى ئورنىتىلىپ، ئاممىنىڭ پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىشى ۋە مال باھاسى ھەققىدە ئەرز سۇنۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

1985-يىلى ھەرقايسى ئورۇنلار ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ۋاقتىدا ئىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، ئىش ئورنىدىن ئايرىلىشقا رۇخسەت قىلمىغاچقا، مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ مال باھاسى نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىش قىيىن بولۇپ قالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلار تەشكىلاتى تىيانشان رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش جەريانىدا تۇرغانلىقتىن، مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلىش خىزمىتى مۇئەييەن تەسىرلەرگە ئۇچرىدى.

1986-يىلى مەملىكەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر مال باھاسى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن دۆلەتلىك مال باھاسى ئىدارىسى بىرلىشىپ تارقاتقان «ئىشچى-خىزمەتچىلەر مال باھاسىنى نازارەت قىلىش چارىسى»گە ئاساسەن، تىيانشان رايونلۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەر مال باھاسى نازارەتچىلىك پونكىتى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مال باھاسىنى نازارەت قىلىش خىزمەتلىرىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى. رايون بۆلەكلىرى بويىچە ئالتە شۆبە پونكىت تەسىس قىلىندى. رايونغا قاراشلىق ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق ئورگان، كارخانا-كەسپىي ئورۇنلاردىن 118 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلغۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇلار كونكرېت مۇنۇ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى: بازار مال باھاسىنى نازارەت قىلدى؛ سودا كارخانىلىرىغا ھەمكارلىشىپ مال باھاسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلىدى؛ «مال باھاسى، ئۆلچەمدە ئىشەنچىگە ئېرىشىش» پائالىيىتىگە قاتناشتى؛ ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى قوبۇل قىلدى؛ كەسپىي ئەترەتلەرگە ھەمكارلىشىپ مال باھاسىغا بولغان تەكشۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ باردى؛ خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە مىقدارى زور، دائىرىسى كەڭ بولغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. نەتىجىدە، تىيانشان رايونىنىڭ مال باھاسىنى خالىس نازارەت قىلىش خىزمىتى كۈندىن-كۈنگە قېلىپلاشتى. يىل ئىچىدە بازار تەكشۈرۈشكە 193 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەردىن 30 نەچچىنى بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنسىز تاپاۋەتتىن 7037 يۈەننى مۇسادىرە قىلدى.

1987-يىلى تىيانشان رايونلۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەر مال باھاسى نازارەتچىلىك پونكىتىنىڭ قارمىقىدا ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولى، بەخت يولى، بوغدا كۆلى يولى، قىزىل بايراق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي شىنخۇا يولى، بەشيۈلتۈز يولىدىن ئىبارەت جەمئىي يەتتە ئورۇندا شۆبە پونكىت تەسىس قىلىندى. ئۇلار پۈتۈن يىلدا ئاما ئەرز قىلغان باھا ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىدىن 26 نى بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنسىز تاپاۋەتتىن 17 مىڭ 700 يۈەننى مۇسادىرە قىلدى. ئاما سورىغان سوئاللارغا 30 قېتىم جاۋاب بەردى، ئىستېمالچىلارغا 692 يۈەن پۇل قايتۇرۇپ بەردى. دېمەك، ئىشچى-خىزمەتچىلەر مال باھاسى نازارەتچىلىك خىزمىتى قانۇنسىز تىجارەتچىلەرنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى توسۇش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك رول ئويناپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىر قەدەر ياخشى قوغدىدى.

## 4-پاراگراف مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش

1985-يىلى گوۋۇيۈەن باج، مالىيە، مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، تيانشان رايونى دەرھال «ئۈچىنى تەكشۈرۈش» (باجنى تەكشۈرۈش، مالىيىنى تەكشۈرۈش، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش) رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، تيانشان رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسىدە مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. پۈتۈن رايون بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، 92 ئورۇن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزئارا تەكشۈرۈشنى ئورۇنداپ بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈش ۋە قالايمىقان ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت بولدى. مەلۇم بىر بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ قاراماي سانقاندا ھەربىر توننىسىغا 33.01 يۈەن باھا قوشۇپ، 1137.19 يۈەن قانۇنسىز كىرىمگە ئېرىشكەنلىكى؛ مەلۇم بىر بالىلار باغچىسىنىڭ ياتاقتا ياتمايدىغان بالىلارنىڭ باشقۇرۇش ھەققىنى تۆت يۈەندىن يەتتە يۈەنگە، ياتاقتا ياتىدىغان بالىلارنىڭ باشقۇرۇش ھەققىنى ئالتە يۈەندىن توققۇز يۈەنگە ئۆستۈرۈۋالغانلىقى بايقالدى. تۆت ئاي داۋاملاشقان چوڭ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن رايون بويىچە باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈش، قالايمىقان ھەق ئېلىشتەك ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىدىن 68 ى بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز تاپاۋەتتىن 37 مىڭ 600 يۈەن مۇسادىرە قىلىندى، 4850 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، ئىستېمالچىلارغا 3797 يۈەن پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1986-يىلدىكى مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈشتە، 220 ئورۇن ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈردى، 3068 تاۋارنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى، 22 ئورۇن ئايرىلاپ تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۆپ ساندىكى ئورۇنلارنىڭ مال باھاسى جەھەتتە قائىدە-قانۇنلارغا رىئايە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قانۇنسىز كىرىمى مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا، ئادەتتە جازا بېرىلمىدى. بۇ قېتىمقى چوڭ تەكشۈرۈشتە ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەردىن جەمئىي 83 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز تاپاۋەتتىن 93 مىڭ 300 يۈەن مۇسادىرە قىلىندى، 3238 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، خېرىدارلارغا 1843 يۈەن پۇل قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1987-يىلدىكى مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈشتە، 102 ئورۇن ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈردى، 20 ئورۇن ئۇقتىلىق ھالدا ئايرىلاپ تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر خالىغانچە باھا قويۇش، مال كىرگۈزۈش رەسمىيىتى بولماسلىق، ھەقلەرنى قالايمىقان قوشۇپ ئېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

## 5-پاراگراف ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش

1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە، مال باھاسى سىياسەتلىرىگە خىلاپ تۈرلۈك ئەنزىلەردىن جەمئىي 610 ى بىر تەرەپ قىلىندى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە جاۋابكارلارغا قانۇنسىز تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىش ۋە جەرىمانە قويۇشتەك ئىقتىسادىي جازالارنى بەرگەندىن باشقا، يەنە ئالاقىدار تارماقلار-نىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن جازا بېرىشى تەۋسىيە قىلىندى. بۇ ئەنزىلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ

ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: كۆندىلىك ئىستېمال سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىش؛ مۇقىم باھالىق تاۋارلارنى كېلىشىم باھادا سېتىش؛ مال باھاسىنى تەگىشىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشلارنى ۋاقتىدا ئىجرا قىلماسلىق؛ ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باھا قوشۇپ سېتىش قاتارلىقلار.

**1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدا بىر تەرەپ قىلىنغان باھا ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

9-3-5-1-جەدۋەل

| يىل | تەكشۈرۈلگەن ئورۇن سانى | تەكشۈرۈلگەن تاۋار بىلاھاسى (قىيتىم) | بىر تەرەپ قىلىنغان ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەر (پارچە) | مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز كىرىم (10 مىڭ يۈەن) | جەرىمانە ئېلىنغان پۇل (10 مىڭ يۈەن) | قايتۇرۇلغان پۇل (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 7532 | 45683 | 610 | 52.26 | 3.534 | 5.087 |
| 1982 | 217 | 884 | 4 | | 0.003 | |
| 1983 | 962 | 8041 | 41 | 2.48 | 0.027 | 1.041 |
| 1984 | 910 | 7019 | 63 | 1.01 | 0.806 | |
| 1985 | 1825 | 11707 | 176 | 9.61 | 0.830 | 1.884 |
| 1986 | 1268 | 6282 | 199 | 18.77 | 0.648 | 0.390 |
| 1987 | 2350 | 11750 | 127 | 20.39 | 1.220 | 1.772 |

# 4-باب مۇپەتتىشلىك

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1984-يىل 9-ئايدا تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە تۆت نەپەر كادىر قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىككى نەپەر. 1985-يىلى كادىر بەشكە كۆپەيتىلدى. 1987-يىلى جەمئىي ئالتە نەپەر كادىر قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر ئۈچ نەپەر، ئاياللار ئۈچ نەپەر. بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى.

تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى رايوننىڭ مالىيە خام چوت، نەقچوت ۋە كىرىم-چىقىم پىلانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك ئېلىپ باردى؛ رايونغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىغا قارىتا مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك ئېلىپ باردى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىغا قارىتا مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك ئېلىپ باردى؛ دۆلەتنىڭ مالىيە-ئىقتىساد قانۇن-ئىنتىزاملىرىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ، ئىگىلىۋېلىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ قىلىپ، دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزگەن قىلمىشلارغا قارىتا مەخسۇس مۇپەتتىشلىك ئېلىپ باردى.

## 2-پاراگراف مۇپەتتىشلىك نازارەتچىلىكى

ئازادلىقتىن كېيىن، تيانشان رايونىنىڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامىغا ئائىت مەسىلىلىرىنى شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ مالىيە رېۋىزىيە بۆلۈمى ۋە رايوندىكى ھەرقايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار شەھەرلىك ۋە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق مۇپەتتىشلىك ئىدارىسىنى تەشكىللەش مەزگىلىدە، بىر تەرەپتىن تەشكىللەندى، بىر تەرەپتىن مۇپەتتىشلىك كەسپلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

1985-يىلى تيانشان رايونلۇق مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، رايونغا قاراشلىق 25 مەمۇرىي، كارخانا-كەسپىي ئورۇندىكى جەمئىي 31 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇندا ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزئارا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئىنتىزامغا خىلاپ پۇللاردىن 48 مىڭ 600 يۈەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئارقىدىنلا يەنە ئالتە ئورۇن نۇقتىلىق ئايرىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تەننەرخ ۋە خىراجەتلەرنى قالايمىقان قىسىش ۋە قالايمىقان چېچىش، ئەمەلىي بۇيۇملار ۋە قوشۇمچە پۇللارنى قالايمىقان تارقىتىش قاتارلىق ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي بۇيۇملارنى قالايمىقان تارقىتىش ۋە پاراۋانلىق چىقىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش سوممىسىنىڭ جەمئىي 94 مىڭ 300 يۈەن بولغانلىقى؛ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولغان مەلۇم بىر كىشىنىڭ بىر ئاي ئىچىدە تۆت قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 822 يۈەندىن ھۆددىگەرلىك مۇكاپاتى ئېلىپ، جەمئىي 3288 يۈەن ئالغانلىقى بايقالدى. بۇنىڭ بىلەن يەنە مەزكۇر شىركەت ۋە رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ 30 نەچچە مىڭ يۈەنلىك پارىخورلۇق قىلىش ئەنزىسىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

1986-يىلى مۇپەتتىشلىك مەھكىمىسىنىڭ «مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇش، ئاساس سېلىش»تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنى بويىچە، تيانشان رايونىنىڭ ئەمەلىيتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك قانات يايدۇرۇلدى. كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمىغا بولغان مۇپەتتىشلىك ۋە مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارغا بولغان قەرەللىك مۇپەتتىشلىك كۈندىلىك مۇپەتتىشلىك دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق ئالتە ئورۇنغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان مۇپەتتىشلىكتە: ئۆزى توپلىغان 110 مىڭ يۈەننىڭ كېلىش مەنبەسى دۇرۇس بولماسلىق؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 571 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاش؛ 67 مىڭ يۈەن مائارىپ خىراجىتىنى باشقا ئىشقا يۆتكەپ ئىشلىتىش، قالايمىقان تارقىتىلغان مۇكاپات 9472 يۈەندىن ئېشىپ كېتىش؛ 5 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنى، 390 مىڭ يۈەن پايدىنى ساختا مەلۇم قىلىش، 3311 يۈەن پۇلنى قالايمىقان چىقىم قىلىش؛ پايدىنى كەم ھېسابلاش، 2716 يۈەن تاپاۋەت بېجىنى تاپشۇرماي قويۇش؛ 12 مىڭ 900 يۈەن نەق پۇلنى ئامانەت قويۇش-ئېلىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

مەخسۇس تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇپەتتىشلىك داۋامىدا، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ جەرىمانە ئېلىش، مۇسادىرە قىلىشتا مالىيە تۈزۈمىگە رىئايە قىلغانلىقى ۋە قائىدە بويىچە ئىش بېجىرگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. قەرەللىك ئېلىپ بېرىلغان مۇپەتتىشلىك داۋامىدا، رايونلۇق سەھىيە ئىدارىسى 1986-يىل 1-ئايدىن 9-ئايغىچە تۈرلۈك چىقىم ئىشلىرىدا قائىدىگە

قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن تەقدىرلەندى.

1987-يىلى مەركەزنىڭ «مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىنائەن، «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» پائالىيىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا دائىملىق مۇپەتتىشلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

تيانشان رايونلۇق قىزىل بايراق ماشىنسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، كارخانا ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتىپ، تاقىۋېتىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارىتا مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ 1976-يىلدىن 1986-يىلغىچە بولغان مالىيە ھېساباتى تەكشۈرۈلدى، مۇقىم مۈلكى، خام ئەشيا، پۈتمىگەن ۋە پۈتكەن مەھسۇلاتلىرى يېڭىباشتىن ئىدىتلاندى. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مۇقىم مۈلكىدىن 43 مىڭ 700 يۈەن زىيان چىققانلىقى؛ مەھسۇلاتتىن 304 مىڭ 300 يۈەن زىيان چىققانلىقى ئېنىقلاندى. تەكشۈرۈشتە يەنە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ بېرىدىغان قەرزىنىڭ 1 مىليون 652 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكەنلىكى، بارلىق مۈلكى ۋە ئالىدىغان قەرزلىرىنىڭ ھېسابتىكى قىممىتى ئاران 1 مىليون 670 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، پەقەت 18 مىڭ 100 يۈەنلا ئېشىپ چىقىدىغانلىقى، بۇ كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقى ئېنىقلاندى، ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەچكە تاقىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەزكۇر زاۋۇتنىڭ مەسئۇلىنىڭ ئومۇم پۇلى ۋە ئومۇم مۈلكىدىن 9487 يۈەننى ئىگىلىۋالغان مەسىلىسىمۇ تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

شۇ يىلى يەنە رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، شىنخۇا تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ سانائەت شىركىتى ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلە بار مەبلەغدىن 359 مىڭ 400 يۈەن؛ ئىنتىزامغا خىلاپ پۇلدىن 131 مىڭ 800 يۈەن؛ ئىسراپچىلىق زىيىنىدىن 226 مىڭ 400 يۈەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونغا قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلارغا قارىتا مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خاتالىقلارنى تۈزىتىش، يوچۇقلارنى توسۇش، نۇقسانلاردىن ساقلىنىش جەھەتلەردە ئەمەلىي ئاساس ۋە تەدبىرلەر بىلەن تەمىنلەندى، بايقالغانلىكى مەسىلىلەر بىردەك ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىنىپ، مالىيە باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشىلىنىپ، رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن ھالدا ئۆستۈرۈلدى، مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلدى.

## تيانشان رايونىنىڭ مۇپەتتىشلىك ئەھۋالى ستاتىستىكا جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

9-4-2-1-جەدۋەل

| يىللار | مۇپەتتىشلىك تۈرلىرى | ئورۇن | تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەر | ئىنتىزامغا خىلاپلىرى | بەلگىلىمىگە خىلاپلىرى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | 29 | 3286.01 | 57.7 | 3116.3 | 87.17 |
| 1985 | مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈش | 3 | 168.05 | 22.18 | 142.78 | 3.09 |

| يىللار | مۇپەتتىشلىك تۈرلىرى | ئورۇن | تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەر | ئىنتىزامغا خىلاپلىرى | بەلگىلىمىگە خىلاپلىرى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | مۇپەتتىشلىك قىلىشقا ھاۋالە قىلىش | 2 | 44.45 | 8.76 | 34.25 | 1.44 |
| 1986 | مالىيە كىرىم-چىقىمىنى مۇپەتتىشلىك قىلىش | 6 | 2919.86 | 4.60 | 2914.65 | 0.61 |
| | قەرەللىك يوللاپ مۇپەتتىشلىك قىلىش | 2 | 6.62 | 0.32 | 6.30 | |
| | مۇپەتتىشلىك قىلىپ تەكشۈرۈش | 2 | 11 | 11 | | |
| 1987 | مالىيە كىرىم-چىقىمىنى مۇپەتتىشلىك قىلىش | 3 | 27.83 | 10.84 | 16.64 | 0.35 |
| | قەرەللىك يوللاپ مۇپەتتىشلىك قىلىش | 9 | 27.6 | | 1.68 | 1.08 |
| | مۇپەتتىشلىك قىلىپ تەكشۈرۈش | 2 | 80.60 | | | 80.60 |

# 5-باب سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1958- يىلى ئىككى رايونلۇق سودا بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدا سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1960-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا بۆلۈمىگە ئون نەپەر كادىر قويۇلدى، ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى تەيىنلەندى.

1962-يىلى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ۋە بازار باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇراكۆۋرۈك، جياڭئەن كوچىسى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولى، دۆڭكۆۋرۈك، مال بازىرى قاتارلىق جايلارغا بەش بازار باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 17 نەپەر كادىر قويۇلدى.

1969-يىل 12-ئايدا شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتىنى ئورۇمچى شەھەرلىك بازار تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

1971-يىلى تيانشان رايونلۇق بازار باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، يەتتە نەپەر كادىر سەپلەندى.

1976-يىلى بازار باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى، جەمئىي 11 نەپەر كادىر قويۇلدى.

1980-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، شىمالىي ئازادلىق يولى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى، دۆڭكۆۋرۈك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى ۋە جەنۇبىي ئازادلىق يولى سودا-سانائەت

مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىندى. پۈتۈن ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 26 كىشىگە يەتتى.

1984-يىلى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى تەيىنلەندى. قارمىقىدا ئىشخانا (مەمۇرىي ئىشخانا)، تۆت بۆلۈم (سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى، يەككە ئىگىلىك باشقۇرۇش بۆلۈمى، بازار باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئىقتىساد تەكشۈرۈش بۆلۈمى)، ئالتە پونكىت (شىمالىي ئازادلىق يولى، توپ سېتىش بازىرى، ئوتتۇراكۆۋرۈك، بېيمېن، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، دۆڭكۆۋرۈك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى) تەسىس قىلىندى. پۈتۈن ئىدارىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 107 كىشىگە يەتتى.

1985-يىل 7-ئايدا تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە تيانشان رايونلۇق ئىقتىسادىي توختام كېسىم قىلىش كومىسسىيىسى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر مۇدىر، بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر، بەش نەپەر ھەيئەت تەيىنلەندى.

1986-يىلى ئىدارە ئىچىدە سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كارخانىلارنى تىزىملاش-باشقۇرۇش بۆلۈمى ۋە ئىقتىسادىي توختام بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئەسلىدىكى ئالتە سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى بازار باشقۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتلىرى (ئورنى) تەسىس قىلىندى.

1987-يىلى پۈتۈن ئىدارىدە بىر ئىشخانا، بەش بۆلۈم، توققۇز پونكىت تەسىس قىلىندى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 115 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلار 107 كىشى، ئىشچىلار سەككىز كىشى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر 38 كىشى. ئىدارە باشلىقى بىر كىشى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىككى كىشى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى شۇجىسى بىر كىشى.

### تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1987-يىلىدىكى خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

9-5-1-1 جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| تارماقلار | جەمئىي | جىنسى | | مىللىتى | | | | سىياسىي قىياپىتى | | ۋەزىپىسى | | ياش قۇرۇلمىسى | | | | | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەرلەر | ئاياللار | ئۇيغۇرلار | خەنزۇلار | خۇيزۇلار | باشقىلار | پارتىيە ئەزالىرى | ئىتتىپاق ئەزالىرى | كادىرلار | ئىشچىلار | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 26—35 | 36—45 | 46—55 | 56 ياشتىن يۇقىرىلار | مەخسۇس كۇرس | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| جەمئىي | 115 | 78 | 37 | 25 | 77 | 8 | 5 | 23 | 42 | 107 | 8 | 55 | 31 | 15 | 10 | 4 | 13 | 21 | 64 | 16 | 1 |
| مەمۇرىي ئىشخانا | 19 | 12 | 7 | 1 | 18 | | | 11 | 5 | 17 | 2 | 2 | 5 | 8 | 2 | 2 | 1 | 8 | 6 | 4 | |
| كارخانىلارنى تىزىملاش بۆلۈمى | 3 | 3 | | | 2 | 1 | | 1 | 1 | 3 | | | 2 | | 1 | | | 1 | 1 | 1 | |
| بازار باشقۇرۇش بۆلۈمى | 7 | 5 | 2 | 3 | 4 | | | 1 | 1 | 6 | 1 | 3 | 1 | 1 | 2 | | | 3 | 2 | 2 | |

| نامىلار | جەمئىي | جىنسى | | مىللىتى | | | | سىياسىي قىياپىتى | | ۋەزىپىسى | | يېش قۇرۇلمىسى | | | | | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەرلەر | ئاياللار | ئۇيغۇرلار | خەنزۇلار | خۇيزۇلار | باشقىلار | پارتىيە ئەزالىرى | ئىتتىپاق ئەزالىرى | كادىرلار | ئىشچىلار | 25 ياشتىن تۆۋەنلەر | 35_26 | 45_36 | 55_46 | 56 ياشتىن يۇقىرىلار | مەخسۇس كۇرس | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ |
| يەككە ئىگىلىك بۆلۈمى | 6 | 3 | 3 | 1 | 4 | | 1 | 2 | 1 | 6 | | 1 | 2 | 1 | 2 | | 2 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئىقتىسادىي توختام بۆلۈمى | 4 | 3 | 1 | | 4 | | | 1 | | 3 | 1 | | 3 | 1 | | | 1 | | 2 | 1 | |
| ئىقتىساد تەكشۈرۈش بۆلۈمى | 10 | 8 | 2 | | 8 | 1 | 1 | 2 | 6 | 10 | | 6 | 2 | | 1 | 1 | 1 | 2 | 6 | 1 | |
| قىزىل بايراق يولى بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 9 | 6 | 3 | 2 | 6 | 1 | | 1 | 4 | 7 | 2 | 5 | 2 | 1 | 1 | | | | 9 | | |
| بوغدا يولى بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 7 | 4 | 3 | 4 | 2 | | 1 | | 6 | 7 | | 3 | 4 | | | | 3 | 1 | 3 | | |
| ئوتتۇرا كۆۋرۈك بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 8 | 5 | 3 | 1 | 5 | 1 | 1 | 1 | 5 | 6 | 2 | 6 | 2 | | | | | | 6 | 2 | |
| بېيمىن بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 10 | 4 | 6 | 4 | 6 | | | 1 | 1 | 10 | | 8 | 1 | 1 | | | 2 | 2 | 4 | 2 | |
| مال بازىرى بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 6 | 3 | 3 | 2 | 3 | 1 | | | 3 | 6 | | 5 | | | | 1 | | 1 | 5 | | |
| توپ سېتىش بازىرى بازار باشقۇرۇش پونكىتى | 3 | 2 | 1 | 3 | | | | | | 3 | | 2 | | 1 | | | 3 | | | | |
| بىرىنچى سودا-سانائەت باشقۇرۇش پونكىتى | 8 | 7 | 1 | 2 | 3 | 2 | 1 | 1 | 5 | 8 | | 5 | 2 | | 1 | | 2 | 1 | 5 | | |
| ئىككىنچى سودا-سانائەت باشقۇرۇش پونكىتى | 10 | 9 | 1 | 1 | 9 | | | 1 | 1 | 10 | | 5 | 4 | 1 | | | | 1 | 7 | 2 | |
| ئۈچىنچى سودا-سانائەت باشقۇرۇش پونكىتى | 5 | 4 | 1 | 1 | 3 | 1 | | | 2 | 5 | | 4 | 1 | | | | 1 | | 4 | | |

## 2-پاراگراف سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇا شەھىرىنىڭ سودا-سانائەتچىلەرنى تىزىملاش خىزمىتىنى دىخۇا شەھەرلىك باش سودىگەرلەر جەمئىيىتى باشقۇراتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) غا كەلگەندە، تىجارەت باشلىماقچى بولغانلار ئىلتىماس قىلىدىغان، دىخۇا شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر جەمئىيىتى

قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتى تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. ئەينى چاغدا، دىخۇادا ھەرخىل ماگىزىنلاردىن جەمئىي 754 ى، قول سانائىتى دۇكانلىرىدىن 307 سى بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) غا كەلگەندە، ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتىنىڭ تىزىملاش بۆلۈمى سودا-سانائەت ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئادەتتىكى سودا-سانائەتچىلەرنى تىزىملاش ئىشلىرىنى بېجىردى؛ چوڭ تىپتىكى زاۋۇت، كان-كارخانىلارنى تىزىملاش، يەرلەرنى ئېچىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىش ئىشلىرىنى ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتىنىڭ زاۋۇت-كان ئىشلىرى ئىدارىسى بېجىردى. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) ئۆلكىلىك قورۇلۇش نازارىتى قارمىقىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەر بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى. 1949-يىلى ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، دىخۇا شەھىرىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر 1433 كە، قول سانائەتچىلەر 815 كە، خۇسۇسىي سانائەتچىلەر ئونغا يەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پۈتۈن شەھەرنىڭ سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1958-يىلى ئىككى رايون بىر قىسىم سودا-سانائەتچىلەرنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشكە باشلىدى، ئاساسلىقى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنى تىزىملاپ باشقۇرۇش كەسپىنى بېجىردى. 1969-يىلى سودا-سانائەتچىلەرنى تىزىملاش خىزمىتىنى يەنە شەھەر بىر تۇتاش بېجىرىدىغان بولدى. 1980-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پۈتۈن رايوندىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش قانات يايدۇرۇلدى. 1984-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «كارخانىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش كەسپىنى تۈۋەنگە چۈشۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش»ىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش كەسپى ھەرقايسى رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ بېجىرىشىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تىزىملاپ باشقۇرۇشىغا سانائەت، قاتناش-ترانسپورت، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش، سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت ۋە رېمونتچىلىق قاتارلىق يەتتە كەسىپ، جەمئىي 137 ئورۇن ۋە 147 شۆبە تارماق ئاپپاراتلار چۈشۈرۈپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلاردا مۇستەقىل ۋە غەيرىي مۇستەقىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىقتىسادىي ھېسابات شەكلى يولغا قويۇلغان. كارخانىلارنى تىزىملاشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى كارخانىلارنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى ھوقۇقى بىلەن مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانۇنلۇق ئېلىپ بېرىشىغا نازارەتچىلىك قىلىش؛ يېڭىدىن تىجارەت باشلاشنى ئىلتىماس قىلغان كارخانىلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

1985-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، كارخانىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇردى. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك خاراكتېرى، ھېسابات شەكلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى ۋە تۈرلىرىگە قارىتا ئېنىقلاش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ستاتىستىكىلىنىشىچە، قاتناش-ترانسپورت كارخانىلىرى 18 گە؛ سانائەت كارخانىلىرى 660 قا، شۆبە تارماق ئاپپاراتلىرى 47 گە؛ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى 27 گە، شۆبە-تارماق ئاپپاراتلىرى 47 گە؛ سودا كارخانىلىرى 31 گە، شۆبە-تارماق ئاپپاراتلىرى 53 كە، يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرى يەتتىگە، شۆبە-تارماق ئاپپاراتلىرى 28 گە؛ مۇلازىمەت كارخانىلىرى سەككىزگە، شۆبە-تارماق ئاپپاراتلىرى سەككىزگە؛ رېمونتچىلىق كارخانىلىرى ئىككىگە،

شۆبە-تارماق ئاپپاراتلىرى بەشكە يەتكەن. مۇشۇ يىلدا يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان سودا، يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرى ۋە مۇلازىمەت كارخانىلىرى جەمئىي 374 كە يەتكەن. ئەسلىدە بار بولغان 22 كارخانىغا قارىتا نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كارخانىلارنىڭ نامى، ئادرېسى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى، ئىگىلىك باشقۇرۇش دائىرىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرى، خىزمەتچى خادىملىرى ۋە ھېسابات شەكلىدىن ئىبارەت بولدى. يىل ئىچىدە جەمئىي 54 مۇستەقىل ۋە غەيرىي مۇستەقىل كارخانىنىڭ ھېسابات شەكلى ئۆزگەرتىلدى، بىر كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۆزگەرتىلدى، ئىككى كارخانا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. سودا-سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تىزىملاش ماتېرىياللىرى ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللىرىغا قارىتا تىزىملاش ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ ھەممە تۈرلەر بويىچە رەتلىنىپ، ئىقتىسادىي نوپۇس تۇرغۇزۇلدى، ستاتىستىكا تۈزۈمى بېكىتىلدى ھەممە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1986-يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي ساھە تېخىمۇ ئېچىۋېتىلدى ۋە جانلاندۇرۇلدى، تىجارەت خاراكتېرىدىكى ھەرخىل شىركەتلەر بەس-بەس بىلەن قۇرۇلدى. تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشى، تىزىملىشى ۋە كىنىشكە تارقىتىپ بېرىشى بىلەن يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان كارخانىلار 141 گە يەتتى. يىل ئىچىدە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈرلىرى، خىزمەتچى خادىملىرى، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆزگەرتكەن كارخانىلار 62 گە يەتتى.

1987-يىلى شەھەرلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر قىسىم كارخانىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار 422، ھېساباتى مۇستەقىل بولمىغانلىرى 254؛ شەھەرگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى 308، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى 472. ئەسلىدىكى كارخانىلار قوشۇلۇپ، تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تىزىملىغان سودا-سانائەت كارخانىلىرى جەمئىي 32 مىڭ 38 گە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنى تىزىملاش خىزمىتى ۋەزىپە ئېغىر، خادىملار ئاز، تەجرىبە كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىلدى: 1. كەسىپ ۋە خاراكتېرى بويىچە تۈرگە ئايرىپ رەتكە تىزىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، ماتېرىياللارغا بولغان توپلاش رەتلەشنى كۈچەيتىپ، ئەھۋالنى پىششىق ۋە توغرا ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ 2. دائىم ئۆگىنىپ، قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ، خادىملارنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ 3. قائىدە-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نورمال خىزمەت تەرتىپىنى تۇرغۇزۇپ، كارخانىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا سېلىشتىن ئىبارەت.

## 3-پاراگراف يەككە سودا-سانائەتنى تىزىملاش

ھازىرقى تيانشان رايونى ئەزەلدىنلا خۇسۇسىي، يەككە سودا-سانائەتچىلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن رايون ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى) دىخۇا شەھىرىدىكى تۇراقلىق ۋە تۇراقسىز يايمىچىلار 1600 دىن كۆپرەك بولۇپ، كۆپىنچىسى مال بازىرى، مەدەنىيەت كوچىسى، نەنگۈەن، داشىزى، شياۋشىزى، بېيمېن، دۆڭكۆۋرۈك، سەنجياۋدى (ھازىرقى شىمالىي تىنچلىق يولى)، شياۋشىمېن، داشىمېن،

چوڭ كۆۋرۈك قاتارلىق جايلارغا تارالغان. ئۇلار ئاساسلىقى ئۇششاق تۈرلۈك ماللار، مىلىچ ماللار، چايخانا، گۆش يېمەكلىكلىرى، مىللىيچە ئۇششاق يېمەكلىكلەر ۋە ھۈنەر-سەنئەت زىننەت بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول سانائەتچىلەر 800 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى تيانشان رايونى تەۋەسىگە تارالغان. ئۇلار ئاساسلىقى ئاياغ ياماش، ئاقلامچىلىق، خۇيلامچىلىق، قاڭالتىر پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇلاغ ترانسپورتى قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەككە يايمىچىلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى تىزىملاپ تىجارەت ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاز بولمىغان كونا ھەربىيلەر، مۇلكى خادىملار ۋە پالانغان جىنايەتچىلەر يايمىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغانلىقتىن، 1950-يىلى پۈتۈن شەھەردىكى يايمىچىلار تېز كۆپىيىپ 2200 دىن ئېشىپ كەتتى، ئۇلار كوچىلاردا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئىقتىساد ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەككە يايمىچىلارغا قارىتا ھەم چەكلەش، ھەم قوغداش سىياسىتىنى قوللاندى. 1954-يىلى «ئازايتىش كېرەككى، كۆپەيتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە تەدرىجىي بىكار قىلىش چارىسى قوللىنىلغاچقا، رايون ئىچىدىكى يەككە يايمىچىلار ئازىيىپ 1354 ى قالدى. يەككە يايمىچىلارغا بولغان تىزىملاپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «يايمىچىلارنى تەرتىپكە سېلىش چارىسى» ۋە «يايمىچىلارنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، كىنىشكا بېرىش شەرتى بويىچە ھەر يىلى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىپ، ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان ھەم ئىگە-چاقىسى بولمىغان ۋە تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە-تەۋەلىرىگە ئېتىبار بەردى، ياش، قابىللىرىنى ئەمگەك-ئىشلەپچىقىرىش خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇردى، مەبلىغى تولۇق، تىجارىتى مۇقىم بولغانلىرىنى تۇراقلىق تىجارەتچىگە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇقىم نۇقتىلار باھا، تازىلىق ۋە بازار تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باھانى ئاشكارا يېزىپ چاپلاشنى يولغا قويۇپ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، ئامىنى قاقتى-سوقتى قىلىشتەك قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى توستى. يايمىچىلار بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر ئۇيۇشمىسى ئارقىلىق، يايمىچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلدى. 1956-يىلى ھەرقايسى كەسپىي شىركەتلەر يايمىچىلارنى كەسىپلەر بويىچە باشقۇردى، يايمىچىلار بېجىرگەن كىچىك تىپتىكى سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمىتى ۋە رېمونتچىلىق كەسىپلىرى تۇراقلىق، تۇراقسىز ۋە يېزىلارغا چۈشۈپ تىجارەت قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل ۋە جانلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ سودا تور-نۇقتىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتە پائال رول ئوينىدى.

1957-يىلى يەككە يايمىچىلار يەنىلا كۆپىيىپ، 1622 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1081، يېمەك-ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 217، مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 324؛ تىجارەت تور-نۇقتىلىرىدا دۇكىنى بارلار 690، مۇقىم ئورنى بارلار 280، مۇقىم ئورنى بولمىغانلار 662 بولدى. 1958-يىلى سودا بۆلۈمىنىڭ سودا مەمۇرىيىتى بۆلۈمچىسى يەككە يايمىچىلار ئارىسىدا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، ئۇلارنى ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشقا تەشكىللىدى، پۈتۈن رايون بويىچە 757 يايمىچىدىن 19 ھەمكارلىق ماگىزىنى، 473 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. 1959-يىلى يەنە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەمكارلىشىش شەكلى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەمكارلىشىش شەكلىگە ئۆزگەرتىلىپ، ماگىزىنلارنى

بىرلەشتۈرۈش ۋە زاۋۇتلارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، جەمئىي 16 ھەمكارلىق زاۋۇتى ۋە ماگىزىنى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 1250 كىشىگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە سودا ماگىزىنلىرى يەتتە بولۇپ، 617 كىشى؛ يېمەك-ئىچمەك دۇكانلىرى ئۈچ بولۇپ، 292 كىشى، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ئالتە بولۇپ، 341 كىشى)؛ 22 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى 224 كىشىگە يەتتى، قالغان تور-نوقتىلىرىنى قوشقاندا تور-نوقتىلىرى جەمئىي 254 كە، خىزمەتچى خادىملىرى 1750 كىشىگە يەتتى. 1960-يىلىغا كەلگەندە ھەمكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى 28 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 6 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ چاغدا، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئاران 496 سىلا قالدى.

1961-يىلى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇكسەلدۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىنلار بىلەن بىرلەشكەن بىر قىسىم تىجارەتچىلەر چېكىنىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن يەككە ئۇششاق تىجارەتچىلەر يەنە كۆپىيىپ 1325 كە يەتتى. 1962-يىلى كىنىشكا تارقىتىش شەرتلىرى مۇۋاپىق ھالدا قويۇۋېتىلدى، 15 سودا بازىرى ئېچىلدى، 1963-يىلىغا كەلگەندە، يەككە ئۇششاق تىجارەتچىلەر كۆپىيىپ 2288 گە يەتتى.

1964-يىلى «قاتتىق تىزگىنلەش، تەدرىجىي شاللاپ چىقىرىش، ئازايتىش كېرەككى، كۆپەيتمەسلىك» پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر تەرتىپكە سېلىندى. تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىش، پەقەت تىزىملاپلا قويۇپ كىنىشكا تارقاتماسلىق ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بىر تەرەپ قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر قاتتىق تىزگىنلەندى ۋە تەدرىجىي شاللاپ چىقىرىلدى. رەسمىي نوپۇسى بار بولغان، ھەقىقەتەن يايىمچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان، مۇئەييەن تىجارەت شەرتلىرى ۋە تېخنىكا شەرتلىرىگە ئىگە، بازار ئېھتىياجلىق بولغان، مال مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلارغا تىزىملاپ كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى؛ باشقا كىرىملىرى بولغان، تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلەيدىغان، لېكىن تىجارەتنى دەرھال توختاتسا قىيىنلىشىپ قالىدىغانلارغا ۋاقىتلىقچە يول قويۇلۇپ، ۋاقىتلىق تىجارەت ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلدى؛ يايىمچىلىققا تايانمىسىمۇ تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە-تەۋەلىرىگە تىجارەتنى توختىتىش ھەققىدە نەسىھەت بېرىلدى؛ ئادەتتە ئەركىن بازارنىڭ سىرتىدا يايما يېيىپ تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلمىدى؛ قارىغۇلارچە شەھەرگە كىرىپ يايما يايغان دېھقانلار يېزىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى؛ ئىزچىل تۈردە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلار قەتئىي مەنئىي قىلىندى، تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىش «بەشكە يول قويۇش»، «بەشكە يول قويماسلىق» بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىرىلدى. نوپۇسى مۇشۇ شەھەردە بولغان، باشقا تۇرمۇش يولى بولمىغان؛ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ياكى تىجارەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان؛ تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسىمۇ، لېكىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلمەيدىغان؛ يېزىلارغا چۈشۈرۈۋېتىلمىگەن ياكى يېزىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قايتمىغان؛ بازار ئېھتىياجلىق بولغان ھەمدە مال مەنبەسىنى ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلارنىڭ نورمال تىجارەت قىلىشىغا يول قويۇلدى. ئۆزلۈكىدىن خىزمەتتىن ئايرىلغان، رۇخسەت سورىغان، زاۋۇتتىن ۋە ماگىزىندىن چېكىنىپ چىققان؛ خۇسۇسىي تەرەپتىكى خادىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى؛ تۆت خىل ئۇنسۇرلار؛ قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان كىشىلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلمىدى. 1965-يىلىغا كەلگەندە، ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئازىيىپ 874 كە چۈشتى.

ئىنقىلاپ رەڭگە سېلىنغاندىن كېيىن، يەنە تەشكىللىك باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. كىنىشكىسى بارلارغا ئورۇن ۋە بازار بەلگىلەپ بېرىلدى، كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ۋە

ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. باھا، ئۆلچەم، سۈپەت، بازار تەرتىپى ۋە تازىلىق ئەھۋالىغا قارىتا دائىملىق نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولدى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر هارۋا، سېۋەت، ئەپكەشلەرنىڭ ئەپچىل، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە باب بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، مالنى ئىشىك ئالدىغىچە ئاپىرىپ بېرىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. بازارلارنى جانلاندۇرۇش، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ سودا كارخانىلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، رايون ئىچىدىكى يەككە ئىگىلىك ناھايىتى زور زەربىگە ئۇچرىدى. يەككە ئىگىلىك «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ كېسىۋېتىلدى، يەككە تىجارەتچىلەر كاپىتالىستىك ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئېكسپىلاتاتورلار دەپ تەنقىد قىلىندى. ئۇششاق تىجارەتچىلەر ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن كىنىشكا تاپشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى، يەككە ئىگىلىك ئاساسەن مەنئى قىلىندى. 1971-يىلى يەككە ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئاران 93 ى قالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قېرى، ئاجىز، مېيىپ ۋە ئىگە-چاقىسىزلار ئىدى. تىجارەت كەسىپلىرىدىن ئاران ئۇششاق تۇرلۇك ماللار، قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋىلەر، ئۇششاق يېمەك-ئىچمەكلەر، ئۇششاق قول سانائىتى، ئۇششاق ياماقچىلىق قاتارلىق 12 تۈرلا قالدى. تىجارەت سورۇنىدىن ئاران نەنمېن مەدەنىيەت كوچىسىدىكى ئۇششاق تۈرلۈك ماللار بازىرىدىن ئىبارەت بىرسىلا قالدى. 1977-يىلىغا كەلگەندە ئاران 25 ىلا كۆپىيىپ، جەمئىي 118 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇششاق سودىگەرلەر 65، ئۇششاق يېمەك-ئىچمەك تىجارەتچىلىرى 38، ئۇششاق قول سانائەتچىلەر بەش، ئۇششاق رېمونتچىلار ئون. ئۇششاق تۈرلۈك ماللار، موخوركا، مىللىي دورىلار، قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋىلەر قاتارلىق يەتتە كەسىپ بويىچە گۇرۇپپا قۇرۇلدى، تىجارەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەردىكى بىكارچى ئاھالىلەر ئىدى. گەرچە بۇ ئۇششاق تىجارەتچىلەر بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تىجارەت سورۇنلىرى، دائىرىسى، مال كىرگۈزۈش يوللىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ ساتسىمۇ ھە دېگەندىلا تۇتۇپ مۇسادىرە قىلىندى. نەتىجىدە خەلق ئۇرمۇشىدىكى «تاماق يېيىش قىيىن بولۇش»، «كىيىم تىكتۈرۈش قىيىن بولۇش»، «مېھمانخانىدا يېتىش قىيىن. بولۇش»، «رېمونت قىلدۇرۇش، يامىتىش قىيىن بولۇش»، «مال سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش» مەسىلىسى كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەككە تىجارەتچىلەرگە كىنىشكا تارقىتىش شەرتلىرى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ۋە تىجارەت دائىرىسىگە بولغان چەكلىمىلەر ئازايتىلىپ، يەككە ئىگىلىك تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1979-يىلى يەككە سودا-سانائەتچىلەر ئەسلىدىكى 168 دىن 332 گە كۆپىيىپ، 1978-يىلدىكىدىن %91.6 ئاشتى. 1980-يىلى يەنە بازارلار پائال لايىھىلىنىپ، يەككە تىجارەتچىلەرگە تىجارەت قىلىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىلدى ھەمدە كىنىشكا تارقىتىش شەرتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ قويۇۋېتىلدى. «مۇشۇ شەھەردە دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇسى بولغان، رەسمىي خىزمىتى بولمىغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ

تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بار بولغان، تىجارەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلار بىجىرسە بولىدۇ؛ ئىش كۆتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارغا ئالدىن ئىجازەت بېرىلىدۇ؛ پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى جەمئىيەتكە جىددىي ئېھتىياجلىق تېخنىكا ئالاھىدىلىكىگە ياكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، شاگىرت تەربىيىلەپ ھۈنىرىنى ئۆگىتەلەيدىغانلار ئەسلىدىكى ئورنىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ يەككە تىجارەت باشلاش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ؛ مائاشىنى توختىتىپ خىزمىتىنى ساقلاپ قالغان خادىملار ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئىسپاتىنى ياكى كېلىشىمنامىسىنى ئېلىپ كېلىپ بېجىرسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى يەككە تىجارەت باشلىغانلار 956 گە يېتىپ، 1979-يىلدىكىدىن %187.95 ئاشتى. ئارقىدىنلا يەنە يەككە ئىگىلىككە قارىتا تېخىمۇ پائال يۆلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، كىنىشكا تارقىتىش شەرتلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ قويۇۋېتىلدى، سودا بازارلىرى زور مىقداردا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يەككە ئىگىلىك گويا يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك راۋاجلىنىپ كەتتى ھەممە ئالاقىدار جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى مۇنۇ جەھەتلەردىن ئىپادىلەندى: تىجارەت كەسىپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسىپلەرنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولدى؛ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ، بىكارچى خادىملاردىن ياش، قابىل، بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك، تېخنىكا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە خادىملارغا قاراپ ئۆزگەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى زورايدى؛ يەككە ئىگىلىكنى كەمستىدىغان، ياراتمايدىغان ئەھۋاللار تۈگەپ، ئەھمىيەت بېرىدىغان، شۇغۇللىنىشقا خۇشتار بولىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى؛ تىجارەتكە سېلىنغان مەبلەغ بارغانسېرى كۆپىيىپ، پايدىنىڭ كۆپ قىسمى تىجارەتكە سېلىنىپ، تىجارەت كۆلىمى تېزدىن زورايتىلدى، بۇرۇنقى ھەممە كىشى ئۆزى يالغۇز تىجارەت قىلىش ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ياردەمچى تەكلىپ قىلىدىغان، شاگىرت قوبۇل قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى؛ تىجارەت دائىرىسى كېڭىيىپ، بىر كەسىپنى ئاساس قىلىدىغان، ئوخشىمىغان بىرقانچە كەسىپلەرنى قوشۇمچە بېجىرىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى: ۋەكالەتەن سېتىش ۋە پارچە سېتىشتىن ۋەكالەتەن سېتىۋېلىش، توپ سېتىش، ئۇزۇن يوللۇق توشۇپ سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل تىجارەت شەكىللىرىگە تەرەققىي قىلدى؛ ھەمكارلىق كارخانىلىرى ۋە كۆلىمى بىرقەدەر زور بولغان خۇسۇسىي كارخانىلار تەدرىجىي كۆپەيدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن رايوندىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەر كۆپىيىپ 6560 قا، تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار 9746 كىشىگە يەتتى.

**تيانشان رايونىدىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تىجارەت باشلاش ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى**

9-5-3-1-جەدۋەل

| كەسىپلەر نامى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 916 | 1592 | 2201 | 3402 | 4911 | 6646 | 6724 | 6560 |
| سودا | 296 | 641 | 932 | 1853 | 2848 | 3779 | 3744 | 3530 |
| يېمەك-ئىچمەك | 385 | 535 | 685 | 837 | 1204 | 1655 | 1730 | 1730 |
| مۇلازىمەت | 34 | 84 | 124 | 124 | 143 | 234 | 255 | 283 |

| كەسىپلەر نامى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قول سانائىتى | 81 | 207 | 294 | 319 | 338 | 477 | 449 | 468 |
| رېمونتچىلىق | 115 | 124 | 165 | 250 | 325 | 399 | 363 | 347 |
| ئۆي رېمونتچىلىقى | 1 | | | 16 | 31 | 44 | 41 | 36 |
| قاتناش-ترانسپورت | | 1 | 1 | 3 | 16 | 18 | 131 | 151 |
| داۋالاش | | | | | | 31 | | |
| باشقىلار | 4 | | | | 6 | 9 | 11 | 15 |

يەككە سودا-سانائەتچىلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى چىڭىتىلىپ، سودا-سانائەتچىلەرگە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. كونكرېت تەرتىپى مۇنداق: شۇ كىشى ئۆزى ئىلتىماس قىلغان، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ياكى ئالاقىدار ئورۇنلار، تارماقلار پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ جايدىكى بازار باشقۇرۇش پونكىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگەندىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يەككە ئىگىلىك بۆلۈمى تەكشۈرۈپ تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش ھەمدە يېمەك-ئىچمەك، سوغۇق ئىچىملىك قاتارلىق كەسىپلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سەھىيە-يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرىدىن تازىلىق كىنىشكىسى ۋە سالامەتلىك كىنىشكىسى ئېلىش؛ مېھمانخانا، تامغا ئويۇش، باسمىچىلىق، ئاچقۇچ ياساش قاتارلىق ئالاھىدە كەسىپلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈش؛ يەككە داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش؛ قاتناش-ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قاتناش، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سۇغۇرتا، خۇرچۇلىيە تارماقلىرىغا بېرىپ ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش؛ ھاراق-تاماكا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئالدى بىلەن ھاراق-تاماكىنى مەخسۇس سېتىش كىنىشكىسى ئېلىش؛ رېمونتچىلىق، قول سانائىتى، مۇلازىمەت، يېمەكلىك قاتارلىق تېخنىكچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار شەھەرلىك ئارمىيە، يەرلىك ئوتتۇرا كەسىپ مەكتىپىدە ئوقۇپ ئىمتىھان بېرىش ھەمدە لاياقەت گۇۋاھنامىسى ئېلىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. يەنە ھەر يىلدا بىر قېتىم دەلىللەش ئېلىپ بېرىش بېكىتىلدى.

## 4-پاراگراف بازار باشقۇرۇش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، مال بازىرى، نەنگۇەن، دۆڭكۆۋرۈكلەر ئەنئەنىۋى سودا بازىرى بولۇپ، سودا ۋە يېمەك-ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 1600 دىن ئاشاتتى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى (1947-يىلى)دىن كېيىن دىخۇا شەھىرىنىڭ ئىقتىسادى چېكىنىپ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئازىيىپ، مال بېسىۋېلىپ ھايانكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، قەغەز پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ كەتتى. مەسىلەن: ئالىي دەرىجىلىك ئۇننىڭ بىر جىڭى 24 مىڭ يۈەنگە، گۈرۈچنىڭ بىر جىڭى 10 مىڭ يۈەنگە، توخۇمنىڭ بىر دانىسى 7500 يۈەنگە چىقتى (يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قەغەز دوللار). پۇلنىڭ پاخاللىشىشى بازارنى ئىنتايىن قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، تاماكا، چاي، رەختنىڭ باھاسى بازاردىكى مال باھاسىنىڭ سىلىشتۇرما ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالدى. 1949-يىلى ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا بۇ خىل ھالەت بارغانسېرى

ئېغىرلىشىپ كەتتى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە قۇربى يەتمىدى، خەلق تۇرمۇشى قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە، خەلق ھۆكۈمىتى يۆلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قوللانغاچقا، سودا بازارلىرى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاشتا پائال رول ئوينىدى. ئاشلىق، كالا، قوي گۆشى ۋە كۆكتاتلار بىلەن تولۇق تەمىنلىنىپ، باھا مۇقىم بولۇپ، بازارلار ئاۋاتلاشتى. 1954-يىلىدىن كېيىن، قاتتىق باشقۇرۇش، تەرەققىياتنى چەكلەش فاڭجېنى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق، كالا، قوي گۆشى سودىسى تەدرىجىي چەكلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن سودا بازارلىرى تەدرىجىي ئازلاپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل ئىچىدە، سودا بازارلىرى تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ يوقىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى، دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىدى، دېمەك سودا بازارلىرى يوقىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەركىن بازار، قاراڭغۇ بازار سودىسى ۋە بېلەت ئېلىپ سېتىش ھايانكەشلىكى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، بازارلاردىكى تەمىنلەش جىددىي، قاراڭغۇ بازاردىكى مال باھاسى قالايمىقان بولغاچقا، بازار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ نۇرغۇن زېھنىي كۈچى ھايانكەشلەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا سەرپ قىلىندى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەتلەر كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكى، بازارلار ئېچىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، تيانشان رايونىدىكى سودا بازارلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، 1987-يىلىغا كەلگەندە، سودا بازارلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

### بىرىنچى، سودا بازارلىرى

1950-يىلى شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار ئوتتۇرا كۆۋرۈك ئەتراپىغا ئۆزلۈكىدىن يىغىلىشىپ، پەسىللىك كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋە سودىسى ئېلىپ بېرىشاتتى. 1951-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاشلىق، چارۋا، تېرە-يۇڭ، يەرلىك مەھسۇلات، قۇشخانا ۋە ئوتۇن-سامان بازارلىرى بەلگىلەندى ۋە قۇرۇلدى. 1953-يىلى چارۋا، تېرە-يۇڭ ۋە قۇشخانىدىن ئىبارەت ئۈچ بازار قوشۇلۇپ بىرلەشمە بازار قىلىنىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1958-يىلى يايمىچىلار مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇب-غەرب بازىرى، قىزىل بايراق يولى بازىرى ۋە ئوتتۇرا كۆۋرۈك بازىرى بەلگىلەپ بېرىلدى. ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە، سودا بازارلىرى تەدرىجىي يوقىلىپ، ئەركىن بازار شەكىللىنىشكە باشلىدى. 1961-يىلى مال بازىرىدىكى ئەركىن بازار، ئوتتۇراكۆۋرۈك ساي يولىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك ئەركىن بازار قاتارلىق بەش ئەركىن بازار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر-يېزا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا ئاساسەن، سودا بازارلىرى يەنە ئېچىۋېتىلدى، ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2-كوچىدا پۈتۈن شەھەر بويىچە تۇنجى بولۇپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار سودا بازىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مال بازىرى، جياڭنەن كوچىسى، مەدەنىيەت كوچىسى ۋە يېڭى ھايات كوچىسى قاتارلىق جايلاردا 15 سودا بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى. ئوتتۇرا كۆۋرۈك، دۆڭكۆۋرۈك، بەيخۇاسۇن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولىغا بىردىن باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1963-يىل 3-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ

«چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى بازار سودىسىنى قاتتىق باشقۇرۇش ۋە ھايانكەشلىككە قەتئىي زەربە بېرىش» ھەققىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىنائەن، ئوتتۇرا كوۋرۇك، جىياڭنەن كوچىسى، سەيشىن بىناسى، دوڭگوۋرۇك ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولى قاتارلىق يەتتە سودا بازىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆچۈرۈلدى، ياسالدى ۋە كېڭەيتىلدى. 1965-يىلى سودا-بازارلىرىغا قارىتا قىسقارتىش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، ئەسلىدىكى 15 تىن تۆتكە ئازايتىلدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قېپقالغان بۇ تۆت سودا بازىرىمۇ «كاپىتالىزمنىڭ تۇپرىقى» دەپ قارىلىپ، ھەرخىل چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى. 1967-يىلدىن 1968-يىلغىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، دوڭگوۋرۇك، جىياڭنەن كوچىسى بازارلىرىدىكى تىجارەت لاپاسلىرى چۇۋۇپ تاشلاندى، ئوتتۇراكوۋرۇك سودا بازىرى ئۆزلۈكىدىن يوقالدى، بىردىنبىر قېپقالغان بەيخۇاسۇن بازىرىمۇ تارىلىپ كىچىكلەپ ئازلا قالدى، قالغان بازارلار پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى. ئوتتۇن-سامان، كۆمۈر بازىرى بولاقچىلىق كوچىسىغا يۆتكىلىپ، يېڭى ئەركىن بازارنى شەكىللەندۈردى. 1971-يىلى بەيخۇاسۇن بازىرى تاقىۋېتىلىپ، ئۇششاق تۇرلۇك ماللار، مىللىي دورىلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 نەچچە ئۇششاق تىجارەتچىنىڭ ھەممىسى نەنمېندىكى مەدەنىيەت كوچىسىغا كۆچۈرۈلدى، شۇنداق قىلىپ ئاران ساقلىنىپ قالغان بۇ كىچىك بازار 1978-يىلغا كەلگەندە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلىلەر ھەققىدە قارار»دا: «سودا بازارلىرى — سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ قوشۇمچىسى ۋە تولۇقلىمىسى، ئۇنى كاپىتالىزمنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارىدا تەنقىد قىلىشقا ۋە بىكار قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. 1979-يىل 1-ئايدا تيانشان رايونى باشلامچى بولۇپ مال بازىرىدا پۈتۈن شەھەر بويىچە تۇنجى سودا بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980-يىلى «ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاش، ئوبوروتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش» روھىغا ئاساسەن، دوڭگوۋرۇك، يۇسەيخاڭ، قىزىل بايراق يولىدىن ئىبارەت ئۈچ بازار تېزدىن ئېچىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېيىمېن، ئوتتۇرا كوۋرۇك، مەدەنىيەت يولى 8-كوچىسى (تىككۈچىلىك بازىرى) ۋە مال بازىرى (ئەسكى-تۈسكى ماللار بازىرى) قايتا شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇ يىلى 4-ئايدىن باشلاپ، خەلق مەيدانىدا يەكشەنبىلىك بازار قۇرۇلدى. 1981-يىلغا كەلگەندە تيانشان رايونى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدىن تۆتنى، ۋاقىتلىق بازاردىن ئىككىنى، چارۋا، قۇشخانا بازىرى ۋە ئوتتۇن-سامان بازارلىرىنى ئاچتى. بۇلاردىن باشقا يەنە خەلق مەيدانىدىكى ۋاقىتلىق ئېچىلغان پۇرژىنا بازىرى، مال بازىرى ۋە خەلق يولىدا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن گۈل، بېلىق بازىرى، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ياغاچچىلىق، سىرلامچىلىق ۋە خويلامچىلىق مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار توپلىشىدىغان نەنمېن ئايلانما كۆۋرۈك ئەمگەك ئىشلىرى بازىرى بارلىققا كەلدى. 1983-يىلى غەربىي جۇڭشەن يولىدىكى كىيىم-كېچەك، خىمىيىلىك تالالار سانائەت بۇيۇملىرى بازىرى ئېچىلدى، غەربىي ئارقا كوچا، بەخت يولى قاتارلىق ئۈچ كۆكتات بازىرى كۆپەيتىپ ئېچىلدى، يېڭى دېموكراتىيە يولى ئېغىزى، ياشلار يولى ئېغىزى ۋە غالىبىيەت يولىدا ئۈچ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى ۋاقىتلىق ئېچىلدى. 3-كوۋرۈكتىكى ئوتتۇن-سامان بازىرى چارۋا، قۇشخانا بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984-يىلى چارۋا، قۇشخانا بازىرى ۋە كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى توپ سېتىش بازىرى يېڭى قۇرۇلغان 4-كوۋرۈك بازىرىغا كۆچۈرۈلدى. يەنە ئۆي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسىدا يېمەك-ئىچمەك بازىرى قۇرۇلدى. مەدەنىيەت يولى 1-، 2-، 3-، 5-كوچىلىرىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش كوچىسى، كۆمبىي كوچىسى، نىڭگو مەسچىت كوچىسىدىكى كىيىم-كېچەك، رەخت پايپاق توپلىرى ۋە داشىزى پوچتا

ئىدارىسى كوچىسىدىكى يېمەك-ئىچمەك يايما توپى تەشكىللەندى. چوڭ كۆۋرۈكتىكى فوتو سۈرەت بازىرى ۋە قۇش بازىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلدى. 1985-يىلى كۆكتات، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن يەتتىسى كۆپەيتىلدى. 1986-يىلى، مەدەنىيەت يولى 8-كوچىدىكى بازار ئاساسىي قۇرۇلۇشقا كىرىپ كەتكەچكە ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. ئەنئەنىدىكى ئەمگەك ئىشلىرى بازىرى خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچۈرۈلدى. 1987-يىلى بەشيۈلتۈز يولى، خوگيەنچى بازارلىرى ئېچىلدى. نەتىجىدە تيانشان رايونى توققۇز يىلدىن بۇيان قۇرغان ۋە ئاچقان بازارلار (يايما توپى) 40 قا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال بازارلار بەش؛ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى يېمەك-ئىچمەك بازارلىرى (يايما توپى) ئون؛ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆكتات، مېۋە-چېۋە بازارلىرى (يايما توپى) 12؛ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كىيىم-كېچەك، رەخت، سانائەت بۇيۇملىرى بازارلىرى (يايما توپى) بەش؛ باشقا بازارلار سەككىز. مەركىزىي رايونلارغا تارالغانلىرى 28، چەت، يىراق رايونلارغا تارالغانلىرى 12.

## 1987-يىلى تيانشان رايونىدا قۇرۇلغان سودا بازارلىرى (يايما توپى)نىڭ تارقىلىش جەدۋىلى

9-5-4-1-جەدۋەل

| رايون | بازار | نامى | يايما توپى | تىجارەت تۈرى |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 14 | | 26 | |
| ليۇداۋان | | | 1 | يېڭى دېموكراتىيە يولى ئېغىزىدا |
| دۇڭمېن | 1 | غەربىي ئارقا كوچا بازىرى | 1 | دۆلەت قۇرۇش يولى |
| ياشلار يولى | | | 3 | بەشيۈلتۈز يولى، چوڭ رېمونت زاۋۇتى قاتارلىقلار |
| شىمالىي ئازادلىق يولى | 4 | بېيمېن بازىرى، قىزىل بايراق يولى بازىرى، بەخت يولى بازىرى، خەلق مەيدانى ساقا بازىرى | 5 | مەدەنىيەت يولىدىكى 1-، 2-، 3-، 5-كوچا، مەدەنىيەت يولى 8-كوچىسى (تىككۈچىلىك)، داشىزى پوچتا ئىدارىسى كوچىسى (يېمەك-ئىچمەك)، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېجەشلىك بولۇش كوچىسى (كىيىم-كېچەك)، خەلق كىنوخانىسى (كەچلىك بازار) |
| جەنۇبىي ئازادلىق يولى | 4 | مال بازىرى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى بازىرى، تۆۋي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسى بازىرى، يۇسەيخاڭ ئىسكىنۇسكى ماللار بازىرى | 4 | نەنمېن مەدەنىيەت كوچىسى (تۈرلۈك مال، مىللىي دورا)، نەنمېن (ئەمگەك ئىشلىرى، كەچلىك بازار)، بۇلاقبېشى، يۇسەيخاڭ (گۈل، بېلىق) |
| جەنۇبىي، شىمالىي ئازادلىق يولى | 3 | غەربىي جوڭشەن يولى بازىرى، 4-كۆۋرۈك قۇشخانا بازىرى، 4-كۆۋرۈك كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى توپ سېتىش بازىرى | 5 | چوڭ كۆۋرۈك (فوتو سۈرەت)، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى كوچىسى بازىرى (يېمەك-ئىچمەك)، ھابۇنات باغچىسى (يېمەك-ئىچمەك)، قىزىلتاغ باغچىسى (يېمەك-ئىچمەك)، چوڭ كۆۋرۈك (گۈل، قۇش) |
| ئىتتىپاق يولى | 1 | دۆڭكۆۋرۈك بازىرى | 1 | ئىتتىپاق تىياتىرخانىسى (كەچلىك بازار) |
| غالىبىيەت يولى | | | 3 | 3-دوختۇرخانا (كۆكتات، مېۋە-چېۋە)، ياشلار سۇ ئامبىرى سۇ ئۈستى باغچىسى، ئۆچتاش |
| قارلىغاچلىق | 1 | خوگيەنچى بازىرى | 3 | ئۆلانباي تەكشۈرۈش پونكىتى، قارلىغاچلىق، ئۆلانباي سۇ ئۈستى باغچىسى |

## 1987-يىلى تيانشان رايونىدىكى سودا بازارلىرىنى تۈرگە ئايرىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

9-5-4-2 جەدۋەل

| بازار تۈرى | بازار سانى | بازار نامى |
|---|---|---|
| چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال بازار | 5 | قىزىل بايراق يولى بازىرى، دۆڭكۆۋرۈك بازىرى، مال بازىرى، غەربىي جۇڭخىمەن يولى بازىرى، بېيمېن بازىرى |
| ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كىيىم-كېچەك، رەخت، سانائەت بويۇملىرى بازىرى (يايما توپى) | 5 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى بازىرى، مەدەنىيەت كوچىسى بازىرى، بەشىۋلتۇز يولى بازىرى، مەدەنىيەت يولى 1-، 2-، 3-، 5-كوچىسىدىكى يايما توپى، ئىشلەپچىقىرىش ئىجەشلىك بولۇش كوچىلىرىدىكى رەخت يايما توپى |
| ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى يېمەك-ئىچمەك بازىرى (يايما توپى) | 10 | تۆۋى-زېمىن ئىدارىسى كوچىسىدىكى يېمەك-ئىچمەك بازىرى، داشىزى پوچتا ئىدارىسى كوچىسىدىكى يېمەك-ئىچمەك يايما توپى، هايۋانات باغچىسى يېمەك-ئىچمەك بازىرى، ئىسسىق تىياتىرخانىسى كەچلىك بازىرى، بۇلاقبېشى كوچىسى كەچلىك بازىرى، تەمىر كەچلىك بازىرى، خەلق كىنوخانىسى كەچلىك بازىرى، ئۇلانباي سۇ ئۈستى باغچىسى يېمەك-ئىچمەك بازىرى، قىزىلتاغ باغچىسى يېمەك-ئىچمەك بازىرى، يانشلار سۇ ئامبىرى سۇ ئۈستى باغچىسى يېمەك-ئىچمەك بازىرى |
| ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆكتات، مېۋە-چېۋە بازىرى | 12 | دۆلەت قورۇش يولى كۆكتات بازىرى، غەربىي ئارقا كوچا كۆكتات بازىرى، يېڭى دېموكراتىيە يولى كۆكتات بازىرى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى كۆكتات بازىرى، بەخت يولى كۆكتات بازىرى، 3-دوختۇرخانا كۆكتات بازىرى، 3-ئاپتوموبىل زاۋۇتى كۆكتات بازىرى، قارلىقاچلىق كۆكتات بازىرى، ئۇلانباي كۆكتات بازىرى، چوڭ رېمونت زاۋۇتى كۆكتات بازىرى، 4-كۆۋرۈك كۆكتاتلارنى توپ سېتىش بازىرى قاتارلىقلار |
| باشقا بازارلار | 8 | خەلق مەيدانى پۇرژىنا بازىرى، چوڭ كۆۋرۈك فوتو سۈرەت بازىرى، چوڭ كۆۋرۈك قۇش بازىرى، يۇسەيخاڭ ئىسكى-تۇسكى ماللار بازىرى، يۇسەيخاڭ گۈل، بېلىق بازىرى، مەدەنىيەت يولى 8-كوچا ئىككۆچلىك بازىرى، قۇشخانا بازىرى، تەمىر ئەسكەك ئىشلىرى بازىرى |

## ئىككىنچى، بازار قۇرۇلۇشى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دىخۇادىكى بازارلارنىڭ ھەممىسى ئوچۇق بازارلار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 1962-يىلدىن باشلاپ بازارلارغا ئاددىي ياغاچ لاپاس ئورنىتىلدى. شۇ يىلى شەھەرلىك مال باھاسى كومىتېتى 2500 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، جيائېن كوچىسى (بەيخۇاسۇن) بىلەن دۆڭكۆۋرۈكتىن ئىبارەت ئىككى بازارغا 500 كۋادرات مېترلىق تىجارەت ياغاچ لاپىسى ئورنىتىپ، 200 دىن ئارتۇق پارچە سېتىش يايمىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1968-يىلى بازارلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندا، تىجارەت ياغاچ لاپاسلىرى چۇۋۇۋېتىلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بازار تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، كۆپ تەرەپلەپ تىرىشىپ يەر تەييارلاش ۋە مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا كىچىكتىن چوڭغا قاراپ بازار ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 1979-يىلدىن 1980-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 3000 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، مال بازىرى، قىزىل بايراق يولى ۋە دۆڭكۆۋرۈك بازارلىرىغا بوران-يامغۇردىن دالدىلىنىدىغان ۋاقىتلىق تىجارەت ياغاچ لاپاسلىرىنى ئورناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاراماي قەغەز، بادرا قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ لاپاس ئورنىتىشى ۋە ئۆي سېلىشىغا ياردەم بەردى. 1981-يىل 9-ئايدا جەمئىي 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئوتتۇرا كۆۋرۈكتە چارۋا، قۇشخانا بازىرى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 12 مىڭ 310 كۋادرات مېتىر بولۇپ، قۇشخانا، سودا لاپىسى، ئامبار، ئىشخانا

قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن يەنە قىزىل بايراق يولى، دۆڭكۆۋرۈك، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولىدىن ئىبارەت ئۈچ بازارنىڭ ئاددىي تويا قۇرۇلۇش يېرىم لاپاسلىرى ئارقا-ئارقىدىن پۈتتى. 1983-يىلى 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قىزىل بايراق يولى بازىرى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، تىجارەت ئۆيىدىن 210 ي، يېرىم لاپاسلىق يايمىدىن 515 ي ياسالدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 6040 كۋادرات مېترغا يەتتى. 1985-يىلى «خەلق بازىرىنى خەلق باشقۇرۇش» ۋە «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىرلىكتە ئاتلىنىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 2 مىليون 265 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ھەرقايسى چوڭ بازارلارغا قارىتا ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، يەتتە بازاردا پۈتۈن لاپاسلىق قۇرۇلمىدىن 15 مىڭ 700 كۋادرات مېتر، تىجارەت ئۆيىدىن 637 ئېغىز، پۈكەيدىن 1319 ي قۇرۇلدى. يەنە دۆڭكۆۋرۈك ئۆي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسى قاتارلىق بەش بازارنىڭ دەرۋازىسى بېزىلىپ، قويۇق مىللىي ئەنئەنە تۈسكە ئىگە قىلىندى.

## تيانشان رايونىنىڭ 1981-يىلدىن 1983-يىلغىچە ئېلىپ بارغان بازار قۇرۇلۇشىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 9-5-4-3

| بازار نامى | بازار كۆلىمى (m²) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (m²) | لاپاس ئۈستى كۆلىمى (m²) | دۇكان (ئېغىز) | پۈكەي | پۈكەيسىز يايما | ۋاقىتلىق يايما | توپلانغان مەبلەغ سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 7850 | 6040 | 1595 | 219 | 296 | 223 | 410 | 43 |
| قىزىل بايراق يولى بازىرى | 1340 | 1340 | 1100 (يېرىم لاپاس) | 90 | 296 | | 50 | |
| دۆڭكۆۋرۈك بازىرى | 3000 | 3000 | | 37 | | 123 | 60 | |
| بېيمېن بازىرى | 1200 | 1200 | 375 (يېرىم لاپاس) | 92 | | 100 | 300 | 19 |
| قۇشخانا بازىرى | 2310 | 500 | 120 | | | | | 24 |

## تيانشان رايونىنىڭ 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئېلىپ بارغان بازار قۇرۇلۇشىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 9-5-4-4

| بازار نامى | بازار كۆلىمى (m²) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (m²) | لاپاس ئۈستى كۆلىمى (m²) | دۇكان (ئېغىز) | پۈكەي | پۈكەيسىز يايما | ۋاقىتلىق يايما | توپلانغان مەبلەغ سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 39212 | 19318 | 14234 | 449 | 1103 | 808 | 190 | 226.5 |
| قىزىل بايراق يولى بازىرى | 5187 | 5187 | 3780 | 106 | 361 | 106 | 60 | 55 |
| دۆڭكۆۋرۈك بازىرى | 5932 | 5228 | 4320 | 134 | 270 | 100 | 60 | 50 |
| بېيمېن بازىرى | 7702 | 4107 | 2688 | 153 | 314 | 388 | 70 | 55 |
| مال بازىرى | 1624 | 1624 | 920 | 56 | 78 | 134 | | 21 |

| بازار نامى | بازار كۆلىمى ($m^2$) | قۇرۇلۇش كۆلىمى ($m^2$) | لاپاس ئۈستى كۆلىمى ($m^2$) | دۇكان (ئېغىز) | پوكەي | پوكمىسىز يايما | ۋاقىتلىق يايما | توپلانغان مەبلەغ سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆي-زېمىن ئىدارىسى كوچىسى بازىرى | 722 | 722 | 722 | | 80 | 80 | | 2.5 |
| قۇشخانا بازىرى | 11250 | 1580 | 1080 | | | | | 32 |
| مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى توپ سېتىش بازىرى | 6745 | 870 | 724 | | | | | 11 |

## ئۈچىنچى، بازار باشقۇرۇش

1951-يىلىدىن باشلاپ خەلق ھۆكۈمىتى سودا بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى تەدرىجىي كۈچەيتىپ، مال بازىرى، شىنىسى، شىنىمىڭ قاتارلىق ئۈچ بازاردا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، دىخۇا شەھەرلىك بازار باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1952-يىلى ۋە 1953-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «دىخۇا شەھىرىنىڭ بازار باشقۇرۇش چارىسى»، «دىخۇا شەھىرىنىڭ ئۇلاغ بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «تېرە-يۇڭ سودىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق بازار باشقۇرۇشقا ئائىت مەمۇرىي قائىدىلەر ئىجرا قىلىنىپ، قانۇنلۇق تىجارەتچىلەر قوغدالدى، ھايانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش بىكار قىلىندى، قالايمىقان ئېچىلغان يايمىلار تەرتىپكە سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن بازار تەرتىپى ياخشىلىنىپ، بازارلار ئاۋاتلاشتى. 1957-يىلى كوچىلارغا يايما يايغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر تو-خۇ-تۆردەك بازىرى ۋە ئازادلىق يولىدىن ئىبارەت ئىككى بازاردا مۇقىم ئولتۇرۇپ تىجارەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈلدى، كىنىشكىسىز تىجارەتچىدىن 721 ي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1958-يىلى مال بازىرىدىكى ئەسكى-تۈسكى ماللار بازىرى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىنىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ھەمدە ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە بازار مال باھاسىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، باھانى ئاشكارا چاپلاش يولغا قويۇلۇپ، ساختىلىق ئىشلىتىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىلدى. 1961-يىلى شەھەرگە ماسلىشىپ، يۈز نەچچە كىشىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، مال بازىرى بىلەن ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىن ئىبارەت ئىككى ئەركىن بازارغا قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، ھايانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. 1962-يىلى ئاساسلىق بازارلاردا بازار باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بازارغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بازاردىكى مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى، تەرتىپ ياخشىلاندى، شۇ يىلى بازاردا سودا بولغان چارۋا 10 مىڭ تۇياقتا، كۆكتات 296 تونىنىغا، مېۋە-چېۋە 9669 تونىنىغا، ئوتۇن-سامان 2950 تونىنىغا، كۆمۈر 650 تونىنىغا يەتتى. 1963-يىلى بازاردىكى سودا ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، شۇ يىلى سودا بولغان چارۋا 10 مىڭ 200 تۇياقتا، بازارغا سېلىنغان كۆكتات 299 تونىنىغا، مېۋە-چېۋە 9169 تونىنىغا، ئوتۇن-سامان 2960 تونىنىغا، كۆمۈر 671 تونىنىغا يەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن، «باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دائىرىسىنى تارايتىش، تەدرىجىي ئورنىنى ئىگىلەش، پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش» فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، «باشقۇرۇشنى چىڭىتىش كېرەككى، بوشاشتۇرماسلىق، دائىرىسىنى تارايتىش كېرەككى، كېڭەيتمەسلىك» پرىنسىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۈپەيلىدىن، بازارلاردىكى سودا ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىدى، 1965-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە ئاران ساقلىنىپ

قالغان 14 ئورۇندىكى قوي، كالا گۆشى تىجارەتچىلىكىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گۆش، كۆكتات قاتارلىقلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلار بىر تۇتاش تىجارەت قىلدى. 1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بازارلاردىكى سودا ئاساسەن توختاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

1979-يىلدىن كېيىن بازار سودىسى تېزدىن راۋاجلاندى، بازار باشقۇرۇشتا بۇرۇنقىدەك تەرتىپكە سېلىش، چەكلەش، ھايانكەشلەرگە زەربە بېرىش ئاساس قىلىنماستىن، تەربىيە بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. بازار باشقۇرۇش خادىملىرىغا قارىتا بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگەرلىك ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «ئۈچنى بېكىتىش» (خادىمنى، بۆلەكنى، ۋەزىپىنى بېكىتىش)، «تۆتنى ھۆددىگە بېرىش» (تەرتىپنى، تازىلىقنى، ھەق ئېلىشنى، ئەنزە بېجىرىشنى ھۆددىگە بېرىش) ھەربىر كىشىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بەزى بازارلاردا يەنە مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار تىجارەت سومىسى، تىجارەت سورۇنلىرى، تاۋار تۈرلىرى ۋە باھاسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. بازار تەرتىپكە ۋە نۇقتا بەلگىلەپ تىجارەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «بازار ئىچىدىكىلەرنى جانلىق باشقۇرۇش، بازار سىرتىدىكىلەرنى قاتتىق باشقۇرۇش، كىنىشكىسى بارلارنى جانلىق باشقۇرۇش، كىنىشكىسى يوقلارنى قاتتىق باشقۇرۇش» پرىنسىپى ئاستىدا، بازار ئىچىدىكىلەر بىلەن سىرتىدىكىلەر پەرقلەندۈرۈلۈپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئادىل تىجارەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. بازار باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بازارلاردىكى تىجارەت ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى. 1979-يىلى يالغۇز مال بازىرىدىكى سودا بازىرىدىلا سودا بولغان ماددىي ئەشيالار 50 نەچچە خىلغا يەتتى، ئاساسلىق سېتىلىش مىقدارى: كالا، قوي گۆشى 46.3 توننا، چوشقا گۆشى 39.3 توننا، سۇماي 17 توننا، گۈرۈچ 21 توننا، ئۇن 12.6 توننا، توخۇ 29 مىڭ دانە، قوي 445 تۇياق، كۆكتات 21.6 توننا، قورۇق ۋە ھۆل مېۋىلەر 19.8 توننا، قۇرۇق ئۈزۈم 23 توننا بولدى.

1980-يىلدىن كېيىن يەككە يېمەك-ئىچمەك يايما-دۇكانلىرى تېزدىن كۆپىيىپ، بازار تازىلىقىغا بولغان باشقۇرۇشنى جىددىي كۈچەيتىشكە توغرا كەلدى. تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە تازىلىق كۆچمە قىزىل بايراق مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بازارلارنىڭ مۇھىت تازىلىقى ۋە يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى ياخشىلاندى. 1984-يىلى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»غا ئاساسەن، «بەشنى ھازىرلاش» (تازىلىق كىنىشكىسى، سالامەتلىك كىنىشكىسى، خىزمەت كىيىمى، دېزىنفېكسىيىلەش ۋە چىۋىن-توزاندىن ساقلاش ئۈسكۈنىلىرى، دېزىنفېكسىيىلەش ۋە يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ داس سۇ ھازىرلاش) تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، قازان-قومۇچلارنى يۇيۇش، دېزىنفېكسىيىلەش، چايقاشتىن ئىبارەت ئۈچ ھالقىدىن ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى. 1986-يىلى يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقىغا قارىتا بىر تۇتاش ئۆلچەم بېكىتىلىپ، ھەممە بازارلار ۋە پوكەيلەر يۇيۇلدى. 1987-يىلى تازىلىق باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلەر يولغا قويۇلۇپ، تازىلىق چوكىسى، تازىلىق زىخى، تازىلىق پەلىيى ئىشلىتىلدى، ئاشخانىلاردا دېزىنفېكسىيىلەش ساندۇقلىرى ھازىرلاندى. تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى پۈتۈن شەھەر بويىچە «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

بازار باشقۇرۇش داۋامىدا يەنە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، قىزىل بايراق يولى، دۆڭكۆۋرۈك، بېيمېن بازارلىرىنىڭ ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلىرى بارلىق ئامىللار بىلەن ياخشىلىنىپ، توك بىلەن تەمىنلەش، يەر ئاستى، ئۈستى سۇ يوللىرى تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ دېزىنفېكسىيىلەش پونكىتى قۇرۇلۇپ، تازىلىق ساقلاش خادىملىرى مۇقىم بېكىتىلىپ، قايناق سۇ بىلەن تەمىنلىدى، مۇلازىمەت ئۈسكۈنىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئادىل گىر ۋە ستاندارتلىق رۇلېتكىلار قويۇلدى.

باھا تاختىسى ئېسىلىپ، تىجارەتچىلەرنىڭ بازار ئەھۋالىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىلدى. شەھەرگە كىرگەن دېھقان-چارۋىچىلارغا ياتاق، مال قوتىنى ۋە نەرسە-كېرەكلىرىنى ساقلايدىغان ئورۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلدى. پىكىر ساندۇقلىرى ئورنىتىلىپ، بازار باشقۇرۇش ھەققىدىكى پىكىرلەر كەڭ توپلاندى. باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش نەتىجىسىدە، سودا بازارلىرىنىڭ تازىلىقى پاكىز، رەتلىك، تەرتىپى ياخشى بولۇپ، سودا سوممىسى يىلمۇيىل زور كۆلەمدە ئېشىپ باردى. 1987-يىلى يالغۇز ئاشلىق، چارۋا، گۆش، كۆكتات، مېۋە-چېۋە قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ سودا سوممىسىلا 30 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەندىن 12.5 ھەسسە ئاشتى.

## تۆتىنچى، نۇقتىلىق بازارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

(1) قىزىل بايراق يولى بازىرى: جۇڭشەن يولى بىلەن خەلق يولى ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل بايراق يولى بۆلىكىدىكى مەركىزىي ئاۋات شەھەر رايونىغا جايلاشقان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى پۈتۈن شەھەرگە داڭلىق بولغان توخۇ-ئۆردەك بازىرى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسىغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مەھەل بەيخۇاسۇن بازىرى دەپ ئاتالدى. 1961-يىلدىن ئىلگىرى ئۈستى ئوچۇق تىجارەت سورۇنى ئىدى. 1962-يىلى تىجارەت ياغاچ لاپاسلىرى ئورنىتىلىپ، 100 دىن ئارتۇق يايمىچى كۆكتات، تۇخۇم ۋە ئۆي قۇشلىرى قاتارلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1971-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980-يىلىنىڭ بېشىدا بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا يەنە ئۆزلۈكىدىن سودا بازىرى شەكىللەندى، شۇ يىلى 10-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىمالدىن بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسىغىچە، جەنۇبتىن خەلق يولىنىڭ قىزىل بايراق يولى بۆلىكىگىچە بولغان جاينى رەسمىي سودا بازىرى قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە يايما بېيىلدى. 1981-يىل 4-ئايدا يېرىم لاپاستىن 1100 كۋادرات مېتىر، دۇكاندىن 64 ئېغىز، سېمونت پۇكەيدىن 292 سى ياسالدى. 1983-يىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلىپ، دۇكاندىن 38 ئېغىز، يېرىم لاپاستىن 500 كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى. 1985-يىلى پۈتۈن لاپاسلىق يېپىق سودا سارىيى شەكلىدىكى قۇرۇلۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 550 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5187 كۋادرات مېترغا، دۇكانلار 106 ئېغىزغا، مال سېتىش پۇكەيلىرى 361 گە يەتتى، توك بىلەن تەمىنلەش، يەر ئاستى-ئۈستى سۇ يوللىرى تولۇق راۋانلاشتۇرۇلدى. يەككە تىجارەتچىلەردىن 467 سى، دېھقانلاردىن 60 نەچچىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن بازار تىجارەت تۈرلىرى بويىچە ئۈچ بۆلەككە بۆلۈندى، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تىزىلىش تەرتىپى مۇنداق: كالا، قوي گۆشى، يېمەك-ئىچمەك يايما توپى، ئاساسلىق كاۋاپ، لەڭپۇڭ، راڭپىزا، سوغۇق ئاش قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئوتتۇرىسىغا رەخت، كىيىم-كېچەك، ئاياغ-باش كىيىم يايما توپى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جەنۇبىي بۆلىكىگە قۇرۇق مېۋە-چېۋە، كۆكتات يايما توپى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن بازارنىڭ غەرب تەرىپىگە كىچىك ئاشخانا ۋە ھاراق-تاماكا ماگىزىنى قاتارلىق ئۇششاق تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ بازاردىكى خېرىدارلارنىڭ سانى كۆپ، تاۋارلارنىڭ خىلى ھەرخىل، سودا سوممىسى زور بولۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال بازارلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1986-يىلى نامى قىزىل بايراق يولى بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بازار باشقۇرۇش چىڭىتىلىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە، ئۇدا يەتتە يىل «بەشتە ياخشى» مەدەنىيەتلىك بازار بولۇپ باھالاندى، 1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە، شەھەرلىك سودا-سانائەت سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە، تيانشان رايونى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى؛ 1987-يىلى پۈتۈن شەھەردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 1-بولدى، «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» بويىچە سېلىشتۇرۇپ

باھالاش پائالىيىتىدە شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولدى.

(2) بېيىمبىن بازىرى: ئەسلى نامى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولى بازىرى بولۇپ، خەلق كىنوخانىسىدىن بېيىمبىنغىچە بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر يولىغا جايلاشقان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، سودا بازىرى قىلىپ ئېچىلىپ، كېيىن تاقىۋېتىلگەن. 1980-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1982-يىلى يولنىڭ غەرب تەرىپىگە يايما يېيىلدى. شەرق تەرىپىدىكى يولنىڭ شىمال تەرىپىگە 105 كۋادرات مېتىر پېرىم لاپاس ئورنىتىلدى، يولنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 23 ئېغىز دۇكان، 34 ئېغىز مال لاپىسى ياسالدى. غەرب تەرىپىدىكى يولنىڭ شىمال تەرىپىگە توققۇز ئېغىز دۇكان سېلىندى. 1985-يىلى غەربتىن ئوتتۇرىغا كېڭەيتىلدى، ئۆزى دۇكان سېلىشقا يول قويۇلدى. يولنىڭ شىمال تەرىپىگە ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپ، 30 ئېغىز دۇكان ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئوتتۇرىسىغا 105 كۋادرات مېتىر ئېيىەك پلاستىكلىق پۈتۈن لاپاس ئورنىتىلدى. 1986-يىلىغا كەلگەندە، بازارنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ 7702 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4107 كۋادرات مېتىرغا، دۇكانلار 13 ئېغىزغا، مال سېتىش پۈكەيلىرى 314 كە، مۇقىم ۋە ۋاقىتلىق يايما 400 نەچچىگە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ۋە يەككە تىجارەتچىلەر 1020، تىجارەت تۈرلىرى 150 نەچچە بولۇپ، چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بازار مۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە: بازار كۆلىمى پۈتۈن رايون بويىچە ئەڭ چوڭ؛ دېھقانلار ۋە ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى ساتىدىغانلار كۆپ؛ ئەنئەنىۋى تەم ئالاھىدىلىكى قويۇق، مەسىلەن: دالا تامىقى، شىئەن قوي گۆشى شورپىسى، دۇفۇ قېتىقى قاتارلىقلار بار؛ يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە مىلىچ ماللار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن؛ كۆكتاتلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، بازارغا سېلىنىش مىقدارى زور؛ گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ تۈرلىرى تولۇق.

(3) دۆڭكۆۋرۈك بازىرى: ئورنى دۆڭكۆۋرۈكتە. ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى مىللىي سودا بازىرى ھېسابلىنىدۇ. 1949-يىلى خارابلىشىپ، 1950-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1962-يىلى دۆڭكۆۋرۈك سودا سارىيى (ھازىرقى مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى) ئۆدۈلىدىكى بوش جايغا سودا بازىرى ئېچىلىپ، 100 نەچچە يەككە تىجارەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1968-يىلى چۇۋۇۋېتىلىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر يۆتكىلىپ بوغدا كۆلى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يايما يايدى. 1980-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بوغدا كۆلى يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەخمىنەن 150 مېتىر كېلىدىغان جايىنى سودا بازىرى قىلىشنى قارار قىلدى. ئۆزى ئاددىي ياغاچ لاپاس ئورنىتىشقا يول قويۇلدى. 1982-يىلى بىر تۈتاش يايما ۋە لاپاس ئورنىتىلىپ، 220 يەككە تىجارەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1985-يىلى پۈتۈن لاپاس قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، كۆلىمى 3757 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يەنە دېھقانلار ئىشلىتىدىغان پېرىم لاپاستىن 85 كۋادرات مېتىر ئورنىتىلدى. 63 ئېغىز ياغاچ-تاختاي ئۆي، 35 گۆش سېتىش بوتكىسى ياسالدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە، بازار كۆلىمى 5932 كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5228 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈن ۋە پېرىم لاپاسلار 4320 كۋادرات مېتىرغا، دۇكانلار 134 ئېغىزغا، مال سېتىش بوتكىلىرى 270 كە، ۋاقىتلىق يايمىلار 60 قا، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىي 500 نەچچە تىجارەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بازارنىڭ دەرۋازىسى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئەنئەنىۋى مىللىي سودا بازىرى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە داڭلىق مىللىي بۇيۇملار سودا مەركىزىگە ئايلاندى. مىللىي كىيىم-كېچەك، خوتەن گىلىمى، مىللىيچە باش كىيىم، يېڭىسار پىچىقى، ھەرخىل ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئەرەب ياغلىقى قاتارلىقلار ھەممىلا جايدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، نېمە كېرەك بولسا شۇنى تاپقىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋە-چېۋىلەر، مىللىي پۇراقىغا ئىگە مۇسۇلمانچە ئۇششاق يېمەكلىكلەر بازارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى

تېخىمۇ قوليۇقلاشتۇردى.

1984-يىلدىن كېيىن بۇ بازار ئۇدا ئۈچ يىل شەھەر ۋە رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

(4) كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى توپ سېتىش بازىرى، چارۋا، قۇشخانا بازىرى: ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئوتتۇراكۆۋرۈكتىكى سايلىقتا چارۋا، قۇشخانا، كۆكتات، مېۋە-چېۋە بازىرى ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەنىدى. 1950-يىلى دېھقان-چارۋىچىلار يەنىلا بۇ يەرگە توپلىشىپ سودا قىلىشتى. بۇ بازار بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە. 1960-يىلى تەمىنلەش جىددىي بولغانلىقتىن، بازار ئۆزلۈكىدىن يوقالدى. 1962-يىلى شەھەر-يېزىلاردا قوليۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بازار ئەسلىگە كەلدى، لېكىن پەقەت ئازلا مىقداردا سودا قىلىش، كۆپ مىقداردىكى چارۋا ۋە كۆكتات، مېۋە-چېۋىلەرنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلارغا سېتىپ بېرىش بەلگىلەندى. 1966-يىلى بۇ بازار تاقىۋېتىلدى، 1979-يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981-يىلى 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇشخانا، ئىشخانا ۋە سودا ئۆيلىرى سېلىندى، قۇشخانىنىڭ ئۈستى يېپىلدى. 1982-يىلى بوغدا كۆلى يولىدىكى قۇشخانا ۋە مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى توپ سېتىش بازىرى قاتناش ۋە شەھەر تازىلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىكتىن، 3-كۆۋرۈكتىكى ئوتتۇن-سامان بازىرىغا كۆكتات ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى توپ سېتىش بازىرى قۇرۇش، 3-كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرىپىدە قۇشخانا سودا بازىرى قۇرۇش قارار قىلىندى. 1985-يىلى ئوتتۇراكۆۋرۈك ئۆتۈشمە كۆۋرۈك قىلىپ ياسالدى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا كۆۋرۈك بازىرى 4-كۆۋرۈككە كۆچۈرۈلدى، بۇنىڭغا 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 6745 كۋادرات مېتىر يەر ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 872 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈن لاپاس 724 كۋادرات مېتىرغا، ئۆيلەر ئالتە ئېغىزغا يەتتى. بۇ بازاردا توپ سېتىش ئاساس قىلىندۇ، پۈتۈن شەھەردىكى گۆش، كۆكتات سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەردىن مال ئالغاندىن كېيىن ھەرقايسى بازارلارغا ئايرىپ پارچە ساتىدۇ. دېمەك بۇ بازار شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خالىغان جايدا چارۋا ئۆلتۈرۈپ سېتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، شەھەر مۇھىتىنى ئاسراش، قاتناش باشقۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. 1986-يىلى بۇ بازار شەھەر، رايون بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

**تيانشان رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىدىكى تاۋارلارنىڭ 1980-يىلدىن 1986-يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكى باھاسىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

9-5-4-5-جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن/كىلوگرام

| تاۋار نامى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇن | 0.95 | 0.95 | 0.85 | 0.80 | 0.85 | 0.85 | 0.90 | |
| گۈرۈچ | 1.35 | 1.25 | 1.10 | 1.20 | 1.18 | 1.20 | 1.10 | 1.20 |
| سۈمەي | | | | | | 2.80 | 3.30 | 3.20 |
| چوشقا گۆشى | 2.60 | 2.50 | 2.50 | 2.60 | 2.80 | 0.70 | 3.60 | 4.00 |
| لوق قوي گۆشى | 3.00 | 3.00 | 3.50 | 3.50 | 4.00 | 4.50 | 4.50 | 6.00 |
| لوق كالا گۆشى | 3.50 | 3.50 | 3.50 | 4.00 | 4.00 | 4.50 | 3.20 | 5.00 |
| تۇخۇم | 3.00 | 3.00 | 3.00 | 3.20 | 3.20 | 3.20 | 3.20 | 3.60 |

| تاۋار نامى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل | 1986-يىل | 1987-يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توخۇ | | | 3.50 | 3.50 | 4.00 | 4.50 | 4.50 | 5.50 |
| بېلىق | 2.00 | 2.00 | 3.00 | 2.80 | 3.50 | 3.50 | 4.00 | 6.00 |
| تاۋۇز | 0.30 | 0.40 | 0.25 | 0.30 | 0.35 | 0.50 | 0.60 | 0.30 |
| قوغۇن | 0.25 | 0.30 | 0.35 | 0.35 | 0.35 | 0.40 | 0.60 | 0.48 |
| ئالما | 1.00 | 0.60 | 1.00 | 1.20 | 1.20 | 1.30 | 1.30 | 1.00 |
| ياڭيۇ | 0.10 | 0.12 | 0.12 | 0.12 | 0.15 | 0.25 | 0.35 | 0.40 |
| لازا | 0.25 | 0.30 | 0.30 | 0.35 | 0.35 | 0.40 | 0.35 | 0.50 |
| بەسەي | 0.25 | 0.25 | 0.25 | 0.30 | 0.40 | 0.60 | 0.60 | 0.25 |
| دوجياۋ | 0.30 | 0.40 | 0.40 | 0.40 | 0.45 | 0.45 | 0.50 | |
| تۇرۇپ | 0.30 | 0.15 | 0.20 | 0.20 | 0.15 | 0.15 | 0.25 | 0.42 |
| چىلان | 0.80 | 1.00 | 1.20 | 1.40 | 1.50 | 1.70 | 2.20 | 2.40 |

## 5-پاراگراف توختام باشقۇرۇش

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ئىقتىسادىي توختام كېسىم قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، توختاملارنى گۇۋاھلىق بېرىپ باشقۇرۇش، توختام ماجىرالىرىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش ۋە كېسىم قىلىش ئىشلىرىنى بېجىردى. 1985-يىلى جەمئىي 12 پارچە ئىقتىسادىي توختامغا گۇۋاھلىق بەردى؛ 62 پارچە قانۇنىي شەخس ھاۋالىنامىسىنى، توققۇز قېتىملىق توختام ماجىراسىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزىنى مۇرەسسەلەشتۈردى، بىرنى كېسىم قىلدى. 1986-يىلى توختام باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلىپ، توختام باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى ۋە كەسپىي خادىملىرىغا ئىقتىسادىي توختام ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئىقتىسادىي توختامغا ئائىت قانۇن-نىزاملار ۋە ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەر ئۆگىتىلدى. پۈتۈن بىر يىلدا گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 313 مىڭ يۈەنگە يەتتى، توختام ماجىرالىرىدىن 12 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتىسى مۇرەسسەلەشتۈرۈلدى، بىرى ئاشكارا كېسىم قىلىندى. توختام ماجىرالىرى سوممىسى 182 مىڭ 200 يۈەن بولدى. 1987-يىلى تەشۋىقىي تەربىيە پائالىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش، سىنئالغۇ كۆرۈشكە تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، 100 نەچچە رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئىقتىسادىي توختام قانۇنى ۋە قانۇن-نىزاملىرى بويىچە تەربىيىلەندى. مەخسۇس توختام باشقۇرۇش خادىملىرى سەپلىنىپ، كارخانىلارنىڭ توختام ئارخىپى تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ياردەملەشتى. پۈتۈن بىر يىلدا مال سېتىۋېلىش، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، ئىجارىگە بېرىش قاتارلىق ھەر خىل توختاملاردىن 134 پارچىغا گۇۋاھلىق بېرىلدى، ئومۇمىي سوممىسى 23 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ توختام ماجىرالىرىدىن توققۇزى قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچى يازما مۇرەسسەلەشتۈرۈلدى، ئىككىسى ئاغزاكى مۇرەسسەلەشتۈرۈلدى، ئىككىسى كېسىم قىلىندى، ئىككىسى قايتۇرۇۋېتىلدى. توختام ماجىرالىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 267 مىڭ يۈەن بولدى.

خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭدې شەھىرىدىكى مەلۇم بىر پېچىنە-پىرەنىك زاۋۇتى (تەمىنلىگۈچى تەرەپ)

بىلەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مەلۇم بىر تۈەنى تۇخۇم، تۆۋى قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى شىركىتى (ئېھتىياجلىق تەرەپ) 1985-يىل 4-ئاينىڭ 21-كۈنى پىچىنە-پىرەنىك تەمىنلەش-سېتىش توختامى ئىمزالىغان، مىقدارى 80 مىڭ 490 قاپ، ئومۇمىي مال پۇلى 57 مىڭ 200 يۈەن. توختامدا: «1985-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى چاڭشا ۋوگزالىدا مال تاپشۇرۇلىدۇ؛ قەغەز ساندۇقتا قاچىلىنىدۇ؛ مال يېتىپ كەلگەندە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن پۇلى بېرىلىدۇ، ئەگەر سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە ئۈچ كۈن ئىچىدە تەمىنلىگۈچى تەرەپكە تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئېھتىياجلىق تەرەپ «قېپى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قىيىن بولدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، مال پۇلىنى بېرىشنى رەت قىلغان. شۇڭا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلۇپ، كېلىشەلمىگەچكە، تەمىنلىگۈچى تەرەپ تيانشان رايونلۇق ئىقتىسادىي توختام كېسىم قىلىش كومىتېتىغا ھۆكۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

(1) تەمىنلىگۈچى تەرەپ 1985-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى چاڭشا ۋوگزالىدا مال تاپشۇرغان، توختامدا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئۈچ كۈن كېيىنكە سۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇئەييەن خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

(2) 1985-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېھتىياجلىق تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان، تەكشۈرۈش نەتىجىسى: «كىسلاتا ۋالېنتى كۆرسەتكۈچى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، يېيىشكە بولمايدۇ» دەپ بېكىتىلگەن. لېكىن تەكشۈرۈلگەن ۋاقتى «يېمەكلىكلەر ئۆلچىمى»دە قاپلىق يېمەكلىكلەرگە بەلگىلەنگەن ئىككى ئايلىق ساقلاش ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا بۇنى پەقەت يېيىشكە بولۇش-بولماسلىقنىڭ ئاساسى قىلىشقىلا بولىدۇ، توختام ماجىراسىنى ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ.

(3) ئېھتىياجلىق تەرەپ 1985-يىل 7-ئاينىڭ 11-كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن سۈپەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، دېمەك «ئۈچ كۈن ئىچىدە تەمىنلىگۈچى تەرەپكە تېلېگرامما ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش»تىن ئىبارەت توختام بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تيانشان رايونلۇق ئىقتىسادىي توختام كېسىم قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇرەسسەلەشتۈرۈشى ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىدەك كېلىشىم تۈزۈشتى:

1. ئېھتىياجلىق تەرەپ تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ 55 مىڭ 949 يۈەن پۇلىنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تۆلەيدۇ. 1-قېتىمدا تۆلەيدىغان 40 مىڭ يۈەننى مۇرەسسەنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە تۆلەپ بولىدۇ (1983-يىل 8-ئاينىڭ 13-كۈنى 30 مىڭ يۈەننى؛ 8-ئاينىڭ 15-كۈنى 10 مىڭ يۈەننى تۆلەيدۇ)، قالغان پۇل (ئۆسۈمى 96 يۈەن قوشۇلۇپ) جەمئىي 16 مىڭ 45 يۈەننى 1985-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن بۇرۇن بىر قېتىمدىلا تۆلەيدۇ.

2. تەمىنلىگۈچى تەرەپنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ توختام ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەتكەن كاماندىروپكا خىراجىتىنى تەمىنلىگۈچى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

3. كېسىم قىلىش خىراجىتى 469.75 يۈەننى ئېھتىياجلىق تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

## 6-پاراگراف قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش

ئازادلىقتىن بۇرۇن، نەنمېن ئەتراپى ھايانكەشلەر تەڭگە ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئېلىپ ساتىدىغان سورۇن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار يەنىلا نەنمېن ئەتراپىغا توپلىشىپ قانۇنسىز

ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تەڭگە ھايانكەشلىرىگە زەربە بەردى. 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، «بەشكە قارشى تۇرۇش» (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش ۋە باج تاپشۇرماسلىققا، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ماتېرىيال ئوغرىلاشقا، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتلىرىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مال زاكاز قىلىش داۋامىدىكى ساختىلىق ئىشلىتىش، تەننەرخ ۋە مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، ھايانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى.

1953-يىلى دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ 1-بەش يىللىق پىلانىنى باشلىدى، بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ، ماددىي ئەشيالارنى ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋېلىش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، ساختا سودا ماركىلىرىنى ياساش ۋە قورۇق پۇل چەكلىرىنى كېسىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى، 1956-يىلدىن 1957-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار يەنە قىس تاۋارلارنى زور مىقداردا سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىپ ھەمدە دۆلەت كادىرلىرىغا پارا بېرىپ ئەتكەسچىلىك قىلدى، ئىككى رايون شەھەرلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، رايون ئىچىدە ئالتۇن، كۈمۈش ۋە ئەتكەس قول سائەتلىرىنى ئېلىپ سېتىش قاتارلىق ھەرخىل قانۇنغا خىلاپ ئەنزىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1960-يىلدىن كېيىن ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە، بازارلاردىكى تەمىنلەش جىددىيلىشىپ، بولۇپمۇ ئاشلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە لازىمەتلىكلەرگە قارىتا پىلانلىق تەمىنلەش، بېلەت ئارقىلىق سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. قانۇنسىز ئۇنسۇرلار يەنە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرخىل بېلەتلەرنى ئېلىپ سېتىپ ھەمدە قىس تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىپ، بازار تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. 1961-يىلى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، تيانشان رايونى كادىرلارنى ئاجرىتىپ بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، شەھەرلىك مال باھاسى كومىتېتىغا ماسلىشىپ، مال بازىرى، يۈسەيخاڭ بازىرى ۋە ئوتتۇراكۆۋرۈك ساي بازىرىغا قارىتا نۇقتىلىق ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى، ھايانكەشلىك قىلىش، قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىدىن 5849 نى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ ھەمدە بەش ئەركىن بازارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھايانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بەردى. 1962-يىلى داۋاملىق كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بېلەت ۋە قىس سانائەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بەردى، پۈتۈن بىر يىلدا قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن جەمئىي 8844 نى تەكشۈرۈپ پاش قىلدى، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 18 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. قاراڭغۇ بازاردا سودا قىلىنغان 3321 مېتىر رەخت بېلىتى، 5295 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى، 2517 پارچە تاماكا بېلىتى، 1751 پارچە گۆش بېلىتى، 500 پارچە ئاياغ بېلىتى، 293 پارچە شېكەر بېلىتى، 180 پارچە سوپۇن بېلىتى مۇسادىرە قىلىندى.

1963-يىلى تيانشان رايونلۇق مال باھاسى كومىتېتى سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەمىنلەش جىددىي بولۇش ھالىتىنى پەسەيتىپ، بازار تەرتىپىنى ياخشىلىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ «چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە سودىنى قاتتىق باشقۇرۇش

ۋە ھاياناكەشلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش ھەققىدە يوليورۇق»ىنىڭ روھىغا بىنائەن، ھەققانىي سودا بىلەن ھايانكەشلىكنىڭ سىياسەت چەك-چېگرىسى توغرا پەرقلەندۈرۈلۈپ ۋە ئىگىلىنىپ، ھايانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش داۋاملىق تۈردە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. پۈتۈن بىر يىلدا قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىسىدىن جەمئىي 194 ى تەكشۈرۈپ پاش قىلىندى، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 7277 يۈەنگە يەتتى، قاراڭغۇ بازاردا سودا قىلىنغان ئاشلىق بىلىتىدىن 1976 كىلوگرام، رەخت بېلىتىدىن 784 مېتىر مۇسادىرە قىلىندى. 1964-ۋە 1965-يىلىدىن ئىبارەت ئىككى يىلدا ھايانكەشلىك قىلىش، بېلەتلەرنى ئېلىپ سېتىشتەك ھەرخىل قىلمىشلار جەمئىي 2771 قېتىم تەكشۈرۈپ پاش قىلىنىپ، 34 مىڭ يۈەن پۇل جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، 20 مىڭ 400 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى، 9993 مېتىر رەخت بېلىتى، 1763 پارچە تاماكا بېلىتى، 341 پارچە ئاياغ بېلىتى، 63 پارچە گۆش بېلىتى، 100 پارچە شېكەر بېلىتى، 105 پارچە سوپۇن بېلىتى، 500 پارچە پاختا بېلىتى مۇسادىرە قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بازارلاردىكى تەمىنلەش جىددىيلىشىپ، تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، بېلەتلەرنى ئېلىپ سېتىش قاتارلىق ھايانكەشلىك قىلمىشلىرى يەنە سەل باش كۆتۈرۈپ قالدى. داشىزى، نەنىبېن، دۆڭكۆۋرۈك قاتارلىق جايلاردا قاراڭغۇ بازار سودىسى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى، گۆش بېلىتى قاتارلىق بېلەتلەر ئېلىپ سېتىلغاندىن باشقا، يەنە تېرە-يۇڭلارمۇ ئېلىپ سېتىلدى، ھەتتا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكلارمۇ قاراڭغۇ بازاردا سېتىلدى. 1978-يىلغا كەلگەندە، قانۇن ۋە قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىدىن جەمئىي 8800 نەچچىسى تەكشۈرۈپ پاش قىلىنىپ، 235 مىڭ 700 يۈەن پۇل جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى، 320 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى، 50 مىڭ مېتىر رەخت بېلىتى مۇسادىرە قىلىندى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە خىزمەتلىرىنىڭ مەركىزى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. كونا-يېڭى تۈزۈملەر ئالمىشىش مەزگىلىدە، بەزى ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار جەمئىيەتتىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، سىياسەتنى تەڭشەش يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، قانۇنسىز ھالدا زور پايدا ئالدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى قانۇنسىز ئېلىپ-سېتىش؛ پىلانلىق سېتىۋېلىنىدىغان ماددىي ئەشيا ۋە قىس تاۋارلارنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىش؛ ئىسپات، ئىرسچوت، توختاملارنى سېتىش، بانكا ھېساب نومۇرى بىلەن تەمىنلەش، نەق پۇللارنى توغرىلاپ ئېلىش، چەت ئەل ماللىرى، چەت ئەل پۇللىرى، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، مەدەنىيەت يادىكارلىق-لىرى ۋە قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ سېتىش؛ قانۇنسىز ھالدا ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى شەخسىي ھۆددىگە ئېلىش ياكى باشقىلارغا ئېلىپ بېرىش قاتارلىق-لاردىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش تيانشان رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئىقتىساد تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئېخىمۇ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندى. 1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە، قانۇنغا خىلاپ ھەرخىل ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن جەمئىي 6448 ى تەكشۈرۈپ پاش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەر 344، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇللار 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولدى.

# 10-بۆلۈم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

## ئومۇمىي بايان

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، رايون تەۋەسىدە باج ئىشلىرى قالايمىقان ئىدى. باج يىغىشقا دىخۇا باج يىغىش باشقارمىسى مەسئۇل بولۇپ، باج پۇللىرى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە تاپشۇرۇلاتتى. ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى، ئىش بېجىرىش خىراجىتى، شەھەر مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشى ھەم مائارىپ خىراجىتىنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بىۋاسىتە ئاجرىتاتتى. جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە، ۋەزىيەت ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۇقىم بولمىغاچقا، ھۆكۈمەت بۇيرۇقلىرى بىر تۇتاش ئەمەس ئىدى. قاتناش قولايسىز، ئىگىلىك قالاق بولغاچقا، مالىيە كىرىم مەنبەسى ئاجىز بولۇپ، كىرىم-چىقىمنى قامدىيالمايتتى. گەرچە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى خالىغانچە باج ئېلىپ، باج تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، باج نىسبىتىنى ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئامال قىلالمىدى. مالىيىدە قىزىل رەقەم كۆپىيىپ كەتكەچكە، كۆپ تۈردىكى چىقىملاردا قەغەز پۇل تارقىتىشقا تاياناتتى. نەتىجىدە يامان خاراكتېرلىك پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقاتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38-يىلى (1949-يىلى) ئۆلكىلىك بانكا دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان 6 مىليارد يۈەن قىممىتىدىكى قەغەز پۇل تارقاتتى. ئەينى ۋاقىتتا بىر قەغەز پۇلغا پەقەت بىر قاپ سەرەڭگىلا سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئازادلىق ھارپىسىدا دىخۇا شەھىرىنىڭ مالىيە-ئىقتىسادى گۇمران بولۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى.

جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە دىخۇانىڭ پۇل تۈزۈمى قالايمىقان ئىدى. شەھەردە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك پۇللىرى ئۈچ تۈردە 12 خىلغا يېتەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مېتال پۇللاردىن باسما پۇل، قىزىل پۇل، چوڭ پۇل، مىس پۇل، كۈمۈش پۇل، رەخت پۇللاردىن مايلىق رەخت پۇل، قەغەز پۇللاردىن قېرى ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، چوڭ ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پۇللار، كۈچۈك سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پۇللار، قەرەللىك پۇل، ئۆلكە پۇلى، كۈمۈش پۇللار بار ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) كۆپ مىقداردا شىنجاڭغا ئېقىپ كىرگەن فرانسىيە پۇلى، ئالتۇن داچەن پۇل، تامۇژنا پۇلى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كونا بانكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كۈمۈش پۇلنى

مۇددەت بويىچە يىغىپ نەقلەشتۈرۈپ، خەلق پۇلىنى بىر تۇتاش ئىشلىتىپ، مەملىكەت بويىچە پۇلنىڭ بىر تۇتاش ئىشلىتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەرقايسى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئامىسىنى تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بازارنىڭ گۈللىنىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادنى تەدرىجىي ياخشىلىدى.

1959-يىلى رايون دەرىجىلىك مالىيە ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 1962-يىل 8-ئايغىچە رايون مالىيىسىدە بىر تۇتاش يىغىپ بىر تۇتاش چىقىم قىلىش مالىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. جەمئىي 9 مىليون 410 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 8 مىليون 737 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، 673 مىڭ يۈەن ئېشىندا قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا كىرىمى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، باج كىرىمى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. رايوندا مالىيە ئاپپاراتىنىڭ قۇرۇلۇشى رايونغا قاراشلىق يېزا-ئىگىلىك قوشۇمچە كەسپى، سانائەت، مەدەنىيەت-مائارىپ، قاتناش-ترانسپورت، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. 1962-يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە قارىتىلغان «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شەھەرلىك خەلق كومىتې-تى رايون دەرىجىلىك مالىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، رايونلۇق مەمۇرىي-كەسپىي خىراجەت چىقىمىنى يەنىلا شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلار بويىچە خام چوت قىلىپ باشقۇرۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش-نى قارار قىلدى. 1971-يىلى رايونلۇق مالىيە-باج بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى خىراجەت چىقىمىنى بۆلۈپ باشقۇرۇپ، شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىگە ھېسابات يوللىدى ھەمدە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مالىيە-بوغالتېرلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە نازارەتچىلىك قىلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رايون، مەھەللە كوللېكتىپ ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رايون دەرىجىلىك مالىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، رايون ئىچىدىكى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي، يەككە سودا-سانائەت كەسپىدىكى باجنى رايونلۇق مالىيىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن رايونغا قاراشلىق ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. 1987-يىلى رايوننىڭ مالىيە كىرىمى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 14 مىليون 507 مىڭ يۈەن بولۇپ، %93 نى ئىگىلىدى. بۇ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ھېسابلىنىدۇ. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە، رايونلۇق مالىيىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 53 مىليون 596 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1985-يىلدىكى باج كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئومۇمىي چىقىم 58 مىليون 687 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. ئومۇمىي چىقىم ئىچىدە، مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلگەن نىسبەت ئەڭ چوڭ بولۇپ، %56.78 نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ ئىشلىرىدىكى خىراجەت مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە چىقىمىنىڭ %88.23 نى تەشكىل قىلدى. رايونلۇق مالىيىدىن مائارىپقا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئاپتونوم رايون، شەھەردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بۆلۈپ رەھبەرلىك قىلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمئىي 68 ي بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پۇل ئامانەت تور-نۇقتىلىرى پۈتۈن شەھەردىكى تور-نۇقتىلارنىڭ %58 نى ئىگىلەپ، تيانشان رايونى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن شەھەرنىڭ پۇل مۇئامىلە مەركىزىگە ئايلاندى. يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى، شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشتى.

1950-يىلدىن 1987-يىلغىچە، رايونلۇق مالىيە-باج ئاپپاراتلىرى ئۈچ قېتىم قۇرۇلۇپ، ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى مەزگىلدە، بولۇپمۇ 1980-يىلدىن كېيىن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارنى جانلاندۇرۇپ، ئۇبوروتنى كېڭەيتىپ، مالىيە مەنبەلىرىنى كەڭ ئېچىپ، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چىڭىتقانلىقتىن، رايوننىڭ مالىيە كىرىمى يىلمۇ يىل ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «خەلقتىن ئېلىپ خەلققە ئىشلىتىش» پرىنسىپى بويىچە، مالىيە چىقىمى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

# 1-باب مالىيە

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، ھازىرقى رايون چېگرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ رايونلۇق ئومۇمىي ئىشلار ئورنىدا مالىيە-ئىقتىساد ياردەمچى خادىم تەسىس قىلىنغان. رايونلۇق ئومۇمىي ئىشلار ئورنى رايونلۇق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مالىيە بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى.

1959-يىلى رايون دەرىجىلىك مالىيە قۇرۇلدى. تيانشان رايونىنىڭ ئەسلىسى بولغان تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىدىن ئىبارەت ئىككى رايونلۇق (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ئىككى رايون دەپ ئېلىنىدۇ) خەلق كومىتېتىدا ئالتە نەپەر كادىردىن تەشكىللەنگەن مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1960-يىلى ئىككى رايونلۇق مالىيە بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق مالىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. كادىرى توققۇز نەپەر ئىدى.

1962-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق كومىتېتى رايون دەرىجىلىك مالىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغاندا، رايونلۇق مالىيە بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1971-يىل 6-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مالىيە-باج بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، كادىرى 12 نەپەر ئىدى.

1976-يىلى مالىيە-باج بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1980-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى رايون دەرىجىلىك مالىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1-ئايدا تيانشان رايونلۇق مالىيە-باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. كادىرى 38 نەپەر ئىدى. ئىدارە ئىچىدە مالىيە-باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. كادىرى 38 نەپەر ئىدى. ئىدارە ئىچىدە مالىيە، باج ئىشلىرى، مەمۇرىيەت-تىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرلىرى كۆپىيىپ 85 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 50 نەپەر، ئايال 35 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت 28 نەپەر.

1984-يىل 12-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە، باجنى ئايرىم تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تيانشان رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. قارمىقىدا مەدەنىيەت-مائارىپ مەمۇرىي مالىيە بۆلۈمچىسى ۋە كارخانا مالىيە بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. ئىدارىدە بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، تۆت نەپەر كادىرى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر ئۈچ نەپەر، ئايال ئۈچ نەپەر.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مالىيە ئىدارىسىدە ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىدىن بىر نەپەر، كادىردىن

بەش نەپەر، شوپۇردىن بىر نەپەر بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر ئۈچ نەپەر، ئايال تۆت نەپەر.

## 2-پاراگراف مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

**بىرىنچى، خام چوت باشقۇرۇش.**

1959-يىلى رايون مالىيىسىدە «بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» تەك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنى كىرىمنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، چىقىمنى شەھەرلىك مالىيە خام چوتى بويىچە ئاجرىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مالىيە خام چوتىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىشتا «كىرىم-چىقىم تەڭپۇڭ بولۇش، ئازراق ئېشىندا قالدۇرۇش» فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلدى. پىلان ئىچىدىكى تۈرلۈك باج كىرىمى، رايون-مەھەللىلەردىكى كارخانا-كەسىپىي كىرىمى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇش ھەققى كىرىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمى نىسبەت بويىچە بۆلۈپ بېرىلدى، رايون مالىيىسىگە %25 قالدۇرۇلدى، شەھەر مالىيىسىگە %75 تاپشۇرۇلدى. 1959-يىل 8-ئايدىن 1962-يىل 8-ئايغىچە، خام چوت ئىچىدىكى كىرىمنىڭ جەملەنمىسى 4 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان چىقىم خام چوتىنىڭ جەملەنمىسى 5 مىليون 55 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئەمەلىيەتتىكى چىقىم جەملەنمىسى 4 مىليون 486 مىڭ يۈەن، ئېشىندا 569 مىڭ يۈەن بولدى.

1980-يىلى رايون دەرىجىلىك مالىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، «كىرىم-چىقىمنى بېكىتىش، ئاشقان قىسمىنى بۆلۈشۈش، ئېشىنچىنى ئۆزى ئىشلىتىشكە قالدۇرۇش، بىر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش» تەك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاشقان قىسمىنىڭ %70 ى رايونلۇق مالىيىگە قالدۇرۇلدى. %30 ى شەھەرلىك مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. يېڭى مالىيە تۈزۈمى رايون مالىيە كۈچىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى مالىيە كىرىمى 2 مىليون 531 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇندىن كېيىن تەدرىجىي ئۆرلىدى. 1983-يىلى 5 مىليون 323 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىنىڭ 2.1 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. 1984-يىلى كىرىمدە ئاشقان قىسمىنى بۆلۈشۈشتىكى نىسبەت تەڭشەلدى. تيانشان رايونى سودا-سانائەتتىكى ھەرقايسى باجلارنىڭ ئورۇندىلىش سانى بويىچە شەھەرلىك باج كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %4.5 نى بۆلۈپ ئالدى. سودا-سانائەت باج كىرىمىدىكى قوشۇمچە قوشۇلما كىرىم ۋە كوللېكتىپ كارخانا باجدىن كېيىنكى %5 لىك شەھەر مۇئەسسەلىرىنى ئاسراشتىكى قوشۇمچە كىرىم شەھەرلىك مالىيىگە تاپشۇرۇلدى.

دۆلەتنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1986-يىلى رايون مالىيىسىدە «باج تۈرلىرىنى ئايرىش، كىرىم-چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش» تەك تۈزۈم يولغا قويۇلدى. «كىرىم بىلەن چىقىمنى ئۆز ئارا باغلاش، نورما بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، نورمىدىن ئاشقان قىسمىنى نىسبەت بېكىتىپ بۆلۈشۈش» تەك مالىيە خام چوتىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسى ئىجرا قىلىنىپ، مالىيە كىرىم توپ سانى 12 مىليون 330 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى 12 مىليون يۈەن، باشقا كىرىملەر 330 مىڭ يۈەن)، چىقىم توپ سانى 6 مىليون 787 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نورما سومما 5 مىليون 543 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. ئاشۇرۇپ يىغقان قىسمى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈلۈپ، يۇقىرىغا %65 تاپشۇرۇلۇپ، رايونغا %35 قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى مالىيە كىرىمى 14 مىليون 894 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1984-يىلدىكىدىن 6 مىليون 240 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %72.1 ئاشتى.

خام چوت باشقۇرۇشتا باشتىن-ئاخىر «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش» تەك ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلدى. خام چوت ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش پىرىنسىپىدا ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن خام چوت ئىشەنچلىك ئاساسقا تۇرغۇزۇلۇپ، ئېھتىياج بىلەن ئېھتىماللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى. خام چوتنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەدبىر قوللىنىلدى: تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن چىقىم خام چوتى بويىچە ئايمۇ ئاي پۇل ئاجرىتىشتا چىڭ تۇرۇلدى. خادىملار شتاتىنى كونترول قىلىشتا بوسۇپ ئۆتۈش ئېغىزى چىڭ ئېتىلەندى. ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى قاتتىق كونترول قىلىنىپ، نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش خىراجىتى خالىغانچە كۆپەيتىلمىدى. تۈرلۈك خىراجەت چىقىمى ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، خالىغانچە ئۆستۈرۈلمىدى ۋە كېڭەيتىلمىدى. مالىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش تۈزۈمى كۈچەيتىلىپ، مالىيە ئىنتىزامى چىڭىتىلدى. رەھبەرلىكنىڭ چىقىمنى «بىرلا قەلەم بىلەن» تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدا چىڭ تۇرۇلدى.

**ئىككىنچى، مەمۇرىي، كەسپىي مالىيىنى باشقۇرۇش**

1980-يىلى ئومۇمەن تولۇق سومما بويىچە باشقۇرۇلىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا قارىتا «خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش، ئاشقان قىسمىنى ئۆزى ئىشلىتىشكە قالدۇرۇش، ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك» تەك باشقۇرۇش چارىسى ئومۇمىيۈزلۈك سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئومۇمەن پەرقلىق سومما بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئورۇنلارغا قارىتا «كىرىمنى بېكىتىش، چىقىمنى بېكى[illegible]لىش، قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى بېكىتىش، ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئۆزىگە ئىشلىتىشكە قالدۇرۇش، ئاشۇرۇپ يىغسا ئۆزىگە تەۋە بولۇش، كام يىغسا ياكى چىقىمنى ئاشۇرۇۋەتسە تولۇقلاپ بەرمەسلىك» تەك چارە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ھۆددىدىن قالغان ئېشىندىنى ئىشلىتىشكە قارىتا مۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى: مەمۇرىي ئورۇن، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھۆددىگە ئالغاندىكى ئېشىندىسىدا، 40% ى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ-ئۆيىنى ياخشىلاشقا ۋە كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ، 40% ى خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا، تۈرلۈك ئىشلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، 20% ى «قوش ئاشۇرۇپ قوش تېجەش» تە تۆھپىسى بار كوللېكتىپ، شەخسلەرنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن مۇكاپات پۇلى ئەڭ كۆپ بولغاندا شۇ ئورۇندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىر ئايلىق ئوتتۇرىچە ئاساسىي ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئېشىپ كەتكەن قىسمى كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. 1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھۆددىگە ئالغاندا ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئىشلىتىش نىسبىتىگە قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ بەلگىلىمە چىقىرىلدى: يەنى 40% ى كەسپىي تەرەققىيات فوندىغا ھېسابلاپ كىرگۈزۈلىدۇ، 60% ى كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ھېسابلاپ كىرگۈزۈلىدۇ. خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاتتى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايون بويىچە ھۆددىگە ئېلىشتىكى ئېشىندا مۇكاپاتتىن جەمئىي 1 مىليون 493 مىڭ 800 يۈەن تارقىتىلغان. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 186 مىڭ 700 يۈەندىن تارقىتىلغان. يىلىغا ئادەم بېشىغا تارقىتىلغان مۇكاپات سوممىسى 1980-يىلدىكى 60 يۈەندىن 1987-يىلدىكى 160 يۈەنگە كۆتۈرۈلگەن.

**ئۈچىنچى، كارخانا مالىيىسىنى باشقۇرۇش**

1959-يىل 6-ئايدا رايونغا قاراشلىق كارخانىلاردا ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇش، مالىيە تۈزۈمى تۇرغۇزۇش بويىچە سىناق نۇقتا خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا كارخانىلارغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك

ھالدا نورما بېكىتىپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى خېلى كۆپىيىپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى رايون بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئۈچ ئاي بۇرۇن نورمىدىن 4% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 1962-يىلىغا كەلگەندە، تۈرلۈك مالىيە تۈزۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى. كوپېراتىپلاردىكى كارخانىلاردا بىر تۇتاش بوغالتىرلىق تۈر-ناملىرى تۈزۈپ بېكىتىلىپ، ماتېرىيال، مال-مۈلۈكلەرنى تەكشۈرۈپ ھېسابات قىلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. رايون-مەھەللە سانائەت كارخانىلىرىدىكى پىلان، مەبلەغ، ئامباردىكى مال-مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ۋە مالىيە خىزمىتىگە قارىتا بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. كارخانا سېتىۋالىدىغان مۇقىم مۈلۈكنىڭ پۇل سوممىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنىڭ ھوقۇق-چەكلىمىسى بەلگىلەندى. تيانشان رايونلۇق پارتكوم مالىيە-سودا بۆلۈمى يەنە رايونلۇق مالىيە بۆلۈمى تۈزۈپ چىققان «بەن-گۇرۇپپىلار بويىچە ھېسابات قىلىدىغان خادىملارنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى خىزمەت پىلانى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قىسمەن كارخانىلاردىكى ھېسابات دەپتەرلىرى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. مۇۋاپىق بولغان مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەسلىدە بار بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، 1981-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، رايونلۇق مالىيە-باج ئىدارىسى تۈزۈپ چىققان «تيانشان رايونىنىڭ رايون-مەھەللە كوللېكتىپ كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە رايون-مەھەللە كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش دائىرىسى، مەبلەغ، خىراجەت، چىقىم، ماتېرىيال باشقۇرۇشقا قارىتا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقاردى. مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە نازارەتچىلىكىگە قارىتا قاتتىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كوللېكتىپ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىنى تەدرىجىي مۇنتىزىملاشتۇرۇشقا ئاساس سالدى.

## تۆتىنچى، مالىيە بوغالتىرلىق كادىرلىرىنى باشقۇرۇش

1980-يىلى ئالدى بىلەن مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلاردىكى مالىيە بوغالتىر كادىرلىرى ئارىسىدا تېخنىكا باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، بىر نەپەر ياردەمچى بوغالتىر، ئالتە نەپەر بوغالتىر باھالاپ چىقىلدى. 1981-يىلى رايون-مەھەللە كارخانىلىرىدىكى مالىيە بوغالتىرلىق خادىملىرى ئارىسىدا تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈچ نەپەر ياردەمچى بوغالتىر ۋە ئالتە نەپەر بوغالتىر باھالاپ چىقىلدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بوغالتىرلىق قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986-يىلى «بوغالتىرلىق قانۇنى» بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ۋە مالىيە بوغالتىرلىق خادىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، جەمئىي 180 دىن ئارتۇق ئادەمنى قاتناشتۇردى. شۇ يىلى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى كارخانىلار مالىيە بوغالتىرلىق خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلاپ، ئۇلارنى تۈرلۈك كەسپىي جەھەتتىن فۇداۋ قىلىش ياكى كەسپىي جەھەتتىن ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇردى ۋە قوللىدى.

1987-يىلى كەسپىي ئورۇنلاردا داۋاملىق تۆردە ئۈچ ياردەمچى بوغالتىر، بەش بوغالتىر باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن رايوندىكى مالىيە بوغالتىرلىق خادىملىرى ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ باھالاش ئىزىغا چۈشۈپ، خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاساسىي جەھەتتىن چىقالايدىغان بىر مالىيە بوغالتىرلىق قوشۇنى شەكىللەندى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن رايوندىكى مالىيە بوغالتىرلىق خادىملىرى 334 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل بوغالتىر بىر نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر ئىككى نەپەر، بوغالتىر خادىم ئون نەپەر. مالىيە بوغالتىرلىق

خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئىلغارلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى باھالاپ تاللاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 17 نەپەر مۇنەۋۋەر بوغالتىر باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقىنى بىر نەپەر، شەھەرلىك مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقىنى بەش نەپەر.

## 3-پاراگراف مالىيە كىرىمى

**بىرىنچى، كارخانا، باج كىرىمى**

تيانشان رايونىنىڭ مالىيە كىرىمى — كارخانا كىرىمى، باج كىرىمى ۋە باشقا كىرىملەردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

1959-يىلدىن 1962-يىلغىچە، پۈتۈن رايوننىڭ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 9 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە خام چوت ئىچىدىكى كارخانا كىرىمى 2 مىليون 266 مىڭ يۈەن، خام چوت سىرتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا كىرىمى 2 مىليون 871 مىڭ يۈەن. خام چوت سىرتىدىكى كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 949 مىڭ يۈەن. ئۈچ تۈردىكى جەملەنمە 7 مىليون 86 مىڭ يۈەن بولۇپ، مالىيە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %75.3 نى ئىگىلەيدۇ.

1980-يىلى رايوننىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. باج كىرىمى — مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. شۇ يىلى مالىيە كىرىمى 2 مىليون 531 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە باج كىرىمى %97.19 نى، باشقا كىرىملەر %2.81 نى ئىگىلىدى (باشقا كىرىملەر دېگىنىمىز سودا-سانائەت جەھەتتىن جەرىمانە قويۇلغان پۇللار، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە باشقا ئارىلاشما تۈرلەردىكى كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە، باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، بولۇپمۇ 1983-يىلى پايدا باجغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، باج كىرىمىنىڭ ئېشىشى تېز بولدى. مالىيە كىرىمىمۇ مۇناسىپ ھالدا زور دەرىجىدە ئاشتى. تۆت يىلدىكى كۆپىيىش دەرىجىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %8.69، %22.86، %57.49، %62.31 بولدى. تۆت يىلدا باج كىرىمىدىكى مۇتلەق قىممەت تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلىدى. لېكىن مالىيە ئومۇمىي كىرىمىدىكى نىسبەت بىرئاز تۆۋەنلىدى. ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا %96.11، %89.82، %91.36، %95.06 بولدى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسى سىستېمىلار بويىچە شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باج كىرىمىنىڭ ھەممىسى شەھەرلىك خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن رايوننىڭ مالىيە كىرىمى تۆۋەنلەپ 477 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1986-يىلى «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم-چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش»تەك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، رايونلۇق ھۆكۈمەت كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا بازارلىرىنى كېڭەيتىپ سېلىپ ۋە يېڭىدىن سېلىپ، مالىيە-باج مەنبەلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈپ، باج يىغىشقا بولغان باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ جەرىمانە ئالغان مۇسادىرە، جەرىمانە پۇلى، قانۇنسىز ھالدا باھا ئۆستۈرۈشكە قويۇلغان مۇسادىرە، جەرىمانە پۇل، زاڭ ماللارنى باھاغا سۇندۇرۇپ سېتىش پۇلى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قويغان مۇسادىرە، جەرىمانە پۇلى قاتارلىقلارغا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى مالىيە كىرىمى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 14 مىليون 894 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984-يىلدىكى مالىيە كىرىمى 8 مىليون 640 مىڭ يۈەننىڭ 1.72 ھەسسىگە

تەڭ بولدى. 1987-يىلىمۇ سىجىل ئېشىپ پۈتۈن يىللىق مالىيە كىرىمى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 53 مىليون 596 مىڭ يۈەن بولدى.

### ئىككىنچى، قۇرۇلۇش زايومى، دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋېلىش

1950-يىلى دۆلەت غالىبىيەت ماركىلىق ئەمەلىي باھاغا سۇندۇرۇلغان زايوم تارقاتتى. ھەرقايسى رايونلار جەمئىي 4924.9 ئۆلۈش سېتىۋالدى (ھەربىر ئۆلۈش ئەمەلىي باھاغا سۇندۇرۇلغان مىقدارى مۇنداق: گۈرۈچ ئالتە جىڭ، ئۇن 1.5 جىڭ، ئاق يىپ رەخت تۆت چى، كۆمۈر 16 جىڭ، تۆت تۈرنىڭ ئومۇمىي جەملەنمىسىدىكى توپ تارقىتىش باھاسى بويىچە ھېسابلاندى).

1951-يىلى ھەرقايسى رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش»نى قوللىدى. پەقەت ئۈچ رايوندىن ئىئانە قىلىنغان خەلق پۇلى 4 مىليون 416 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەنە ئالتۇن، زىبۇ زىنnەت بۇيۇملىرى قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارمۇ بار.

1954-يىلدىن 1958-يىلغىچە دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى. ھەرقايسى رايونلاردىكى شەھەر خەلقى 680 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋالدى.

1981-يىلى دۆلەت ھەرقايسى ئورۇنلارغا دۆلەت خەزىنە چېكى تارقاتتى. 1982-يىلى ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە دۆلەت خەزىنە چېكى تارقاتتى. تيانشان رايونىدا دۆلەت خەزىنە چېكىنى سېتىش رەھبەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ مەسئۇل قىلىندى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ مۇناسىپ ھالدا سېتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، مەخسۇس ئادەمنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا بېكىتتى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە يۇقىرى تيانشان رايونىغا تەقسىم قىلغان كوللېكتىپ سېتىۋالىدىغان زايوم ۋەزىپىسى 448 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئورۇندالغىنىمۇ 448 مىڭ يۈەن بولدى. شەخسلەر سېتىۋالىدىغان ۋەزىپە 820 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 204 مىڭ 800 يۈەن سېتىۋېلىنغان. بۇ ۋەزىپىنىڭ %146.9 نى ئىگىلىگەن. 1986-يىلى شەھەر بويىچە دۆلەت خەزىنە چېكىنى سېتىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، شەھەرلىك دۆلەت خەزىنە چېكىنى سېتىش كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

### 1959-يىلدىن 1962-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ مالىيە كىرىمىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 1-3-1-10 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر \ يىللار | | كىرىم قىسمى: 1959-يىلى | 1960-يىلى | 1961-يىلى | 1962-يىلى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | 74.1 | 523.2 | 235.5 | 108.2 | 941 |
| بۇنىڭ ئىچىدە | 1. كارخانا كىرىمى | | 137.8 | 74.3 | 14.5 | 226.6 |
| | 2. باشقا كىرىملەر | | 1.1 | 4 | 7 | 12.1 |
| | 3. رايون، ناھىيە قوشۇمچە ياردەم كىرىمى | | 97.4 | 82 | 40.9 | 220.3 |

| تۈرلەر / يىللار | | 1959-يىلى | 1960-يىلى | 1961-يىلى | 1962-يىلى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىرىم قىسمى | | | | |
| خام چوت سىرتىدىكى | كىچىك جەملەنمە | | 236.3 | 160.3 | 62.4 | 459 |
| | 1. دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ | 72.5 | 133.2 | 36.1 | 45.3 | 287.1 |
| | 2. كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ | 1.6 | 153.7 | 39.1 | 0.5 | 194.9 |
| | كىچىك جەملەنمە | 74.1 | 286.9 | 75.2 | 4.58 | 482 |

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ مالىيە كىرىمىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-3-1-10 جەدۋەل    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | 1980-يىلى | 1981-يىلى | 1982-يىلى | 1983-يىلى | 1984-يىلى | 1985-يىلى | 1986-يىلى | 1987-يىلى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 253.1 | 275.1 | 338 | 532.3 | 864 | 47.7 | 1489.4 | 1560 | 5359.6 |
| تۈرلۈك بىلج كىرىمى | 246 | 264.4 | 303.6 | 486.3 | 821.3 | | 1412.2 | 1450.7 | 4984.5 |
| باشقا كىرىملەر | 7.1 | 10.7 | 34.4 | 46 | 42.7 | 47.7 | 77.2 | 109.3 | 375.1 |
| ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا ئاشقىنى % | | 8.69 | 22.86 | 57.48 | 65.1 | | 72.38 | 4.7 | |

# 4-پاراگراف مالىيە چىقىمى

1959-يىلدىن 1962-يىلغىچە، تيانشان رايونىنىڭ مالىيە چىقىمى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بولدى: خام چوت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى، مەمۇرىي چىقىمى، خام چوت سىرتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا چىقىمى، كوپېراتىپ كارخانا چىقىمى، خام چوت ئىچىدىكى مالىيە چىقىمى 4 مىليون 486 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن چىقىم 2 مىليون 5000 يۈەن بولۇپ، 44.69% نى ئىگىلىدى. مەمۇرىي ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 2 مىليون 417 مىڭ يۈەن بولۇپ، 53.88% نى ئىگىلىدى. باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 64 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.43% نى ئىگىلىدى. خام چوت سىرتىدىكى چىقىم 4 مىليون 251 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 2 مىليون 735 مىڭ يۈەن بولۇپ، 64.34% نى ئىگىلىدى. كوپېراتىپ كارخانىلىرىغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 1 مىليون 516 مىڭ يۈەن بولۇپ، 35.66% نى ئىگىلىدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا چىقىم قىلىنغىنى 959 مىڭ يۈەن، «زور كۈچ بىلەن پولات تاۋلاش»قا ئىشلىتىلگىنى 535 مىڭ 800 يۈەن، «زور كۈچ بىلەن سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش»قا ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 518 مىڭ 500 يۈەن، قاتناش-ترانسپورتقا ئىشلىتىلگىنى 50 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق-قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگىنى 68 مىڭ 700 يۈەن؛ كوپېراتىپ كارخانىلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 374 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا ئىشلىتىلگىنى 187

مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، جەمئىي 3 مىليون 693 مىڭ 800 يۈەن.

1970-يىلدىن 1976-يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمىدا پەقەت مەمۇرىي خىراجەت، مائارىپ خىراجىتىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئىشلىتىلگەن چىقىم 20 مىليون 363 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى 14 مىليون 575 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 76% نى ئىگىلىدى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 58 مىليون 687 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىم خام چوتتىدىكى 63 مىليون 761 مىڭ يۈەننىڭ 92.04% ىنى ئىگىلىدى. يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 7 مىليون 335 مىڭ 900 يۈەن بولدى. تۈرلۈك چىقىملار تۆۋەندىكىدەك بولدى:

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن چىقىم 3 مىليون 448 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 5.86% ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 201 مىڭ يۈەن. رايون-مەھەللە كارخانىلىرىنى يۆلەشكە، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 375 مىڭ يۈەن، سانائەت، قاتناش، سودا ئىشلىرى خىراجىتى 198 مىڭ يۈەن، شەھەر مۇئەسسەسەلىرىنى ئاسراش خىراجىتى 674 مىڭ يۈەن.

مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 33 مىليون 324 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 56.78% نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى 29 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، مۇشۇ تۈردىكى چىقىمنىڭ 88.22% ىنى ئىگىلىدى.

مەمۇرىي باشقۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن چىقىم 12 مىليون 682 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 21.61% ىنى ئىگىلىدى.

نەپىقە ئېتىبار بېرىش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 7 مىليون 248 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 12.32% ىنى ئىگىلىدى. يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 906 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى نەپىقە ئېتىبار بېرىش خىراجىتى 1 مىليون 243 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى 596 مىڭ يۈەن، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار خىراجىتى 5 مىليون 279 مىڭ يۈەن، باشقا خەلق ئىشلىرىدىكى كەسپىي خىراجەت 130 مىڭ يۈەن.

باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن كەسپىي خىراجەت 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 0.26% نى ئىگىلەيدۇ.

باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن چىقىم 1 مىليون 835 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 3.21% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ مەزگىلدە، يەنە شەھەرلىك مالىيىگە 15 مىليون 375 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇلدى. يەرلىك زاپاس مالىيىدىن 413 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ، دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋېلىندى. 1987-يىلى مەركىزىي مالىيىگە 851 مىڭ يۈەن ئۆتنە بېرىپ تۇرۇلدى.

## 1959-يىلدىن 1962-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ مالىيە چىقىمىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

10-1-3-1 جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرلەر | 1959-يىلى | 1960-يىلى | 1961-يىلى | 1962-يىلى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 72.7 | 465.3 | 219.3 | 115.8 | 873.7 |

| جەمئىي | 1962-يىلى | 1961-يىلى | 1960-يىلى | 1959-يىلى | يىللار / تۈرلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 200.5 | 14.5 | 55.5 | 130.5 | | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى | [illegible] |
| 241.7 | 55.7 | 90.6 | 95.4 | | مەمۇرىي چىقىم | |
| 6.4 | 6.4 | | | | باشقا چىقىملار | |
| 448.6 | 76.6 | 146.1 | 225.9 | | كىچىك جەملەنمە | |
| 273.5 | 27.8 | 37.4 | 135.6 | 72.7 | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا چىقىمى | [illegible] |
| 151.6 | 11.4 | 36.4 | 103.8 | | ھەمكارلىق كارخانىسى چىقىمى | |
| 425.1 | 39.2 | 73.8 | 239.4 | 72.7 | كىچىك جەملەنمە | |

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تيانشان رايونىنىڭ مالىيە چىقىمىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

2-4-1-10 جەدۋەل      بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| جەمئىي | 1987-يىل | 1986-يىل | 1985-يىل | 1984-يىل | 1983-يىل | 1982-يىل | 1981-يىل | 1980-يىل | تۈرلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 220.1 | | 131.1 | 89 | | | | | | ئۆلچەملىك قۇرۇلۇش |
| 37.5 | | | | 30 | 7.5 | | | | كارخانىلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى |
| 19.8 | 2 | 5.9 | 5.8 | 2.3 | 1.6 | 1.4 | 0.8 | | سانائەت، قاتناش، سودا ئىشلىرى خىراجىتى |
| 67.4 | | | | | | | | 67.4 | شەھەر مۇئەسسەسەلىرىنى ئاسراش خىراجىتى |
| 15 | | 8.9 | 1.1 | 1.3 | 0.1 | 3.6 | | | باشقا كەسىپىي خىراجەتلەر |
| 3332.4 | 475.7 | 612.6 | 545.7 | 539 | 327.9 | 319.3 | 261.5 | 250.7 | مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرى خىراجىتى |
| 45.3 | 4.1 | 7.2 | 25.1 | 3.6 | 2.8 | 1.1 | 1.2 | 0.2 | 1. مەدەنىيەت خىراجىتى |
| 2940.7 | 420.9 | 550.1 | 439.5 | 487.4 | 291.4 | 294.5 | 230.7 | 226.2 | 2. مائارىپ خىراجىتى |
| 117.1 | 14.9 | 19.1 | 36.5 | 15.9 | 10.6 | 8.2 | 6.9 | 5 | 3. سەھىيە خىراجىتى |
| 14.8 | 2.5 | 3.3 | 1.3 | 4.6 | 0.9 | 0.8 | 0.6 | 0.8 | 4. تەنتەربىيە خىراجىتى |
| 28.8 | 5.7 | 6.3 | 4.4 | 3.1 | 3.7 | 2.5 | 1.9 | 1.2 | 5. پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتى |
| 185.7 | 27.6 | 26.6 | 38.9 | 24.4 | 18.5 | 12.2 | 20.2 | 17.3 | 6. ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش خىراجىتى |
| 724.8 | 106 | 91.6 | 120.4 | 86.9 | 82 | 85.3 | 82.6 | 69 | تەبىقە، ئېتىبار بېرىش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى |
| 124.3 | 19.4 | 10.2 | 6.9 | 9.1 | 6.4 | 4 | 4.6 | 63.7 | 1. تەبىقە، ئېتىبار بېرىش خىراجىتى |
| 59.6 | 9.7 | 9.5 | 10.1 | 9.2 | 4.7 | 5.5 | 5.6 | 5.3 | 2. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى |
| 527.9 | 71.2 | 64.6 | 103.4 | 68.6 | 70.9 | 76.8 | 72.4 | | 3 پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلار خىراجىتى |
| 13 | 5.7 | 7.3 | | | | | | | 4 باشقا خەلق ئىشلىرى خىراجىتى |
| 1268.2 | 213 | 190.3 | 199.5 | 236.2 | 146.6 | 138.1 | 82.7 | 61.8 | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى |
| 1149.8 | 170.9 | 152.7 | 175.8 | 221.2 | 146.6 | 138.1 | 82.7 | 61.8 | 1. مەمۇرىي خىراجەت |

| تۈرلىرى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل | 1986-يىل | 1987-يىل | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2. پېنسىيە، دەم ئېلىشقا چىققانلار خىراجىتى | | | | | | | 10.4 | 14.4 | 24.8 |
| 3. ئەدلىيە، تەپتىش خىراجىتى | | | | | 15 | 23.7 | 27.2 | 27.7 | 93.6 |
| باشقا چىقىملار | 1.7 | 34.8 | 44.3 | 6.5 | 13.5 | 26.8 | 21.9 | 34 | 183.5 |
| شۇ يىلدىكى چىقىملارنىڭ جەملەنمىسى | 450.6 | 462.4 | 593 | 572.2 | 909.2 | 988.3 | 1062.3 | 830.7 | 5868.7 |
| شەھەرلىك مالىيەگە تاپشۇرۇلغىنى | 15.8 | 18.9 | 27.3 | 63.1 | 103.8 | | 541.8 | 766.8 | 1537.5 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئېشىندا قالدۇق | 78.4 | 93.2 | 107.9 | 239.5 | 297.4 | 274.9 | 154.2 | 133 | 1378.5 |
| رالىست چوتتىن كېيىن كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇل-غان چىقىم | 13.1 | 20.2 | 19.8 | 51 | 41.3 | 9.8 | 43.9 | 83.6 | 282.7 |
| ساپ ئېشىندا | 65.3 | 73 | 88.1 | 188.5 | 256.1 | 265.1 | 110.3 | 49.4 | 1095.8 |
| بەرلىكنىڭ مەركەزگە ئارىيەت بەرگەن پۇلى | | | | | | | | 85.1 | 85.1 |
| سېتىۋالغان دۆلەت خەزىنە چېكى | | 6.5 | 1.8 | 1 | 8 | 8 | 8 | 8 | 41.3 |

## 5-پاراگراف مالىيە نازارەتچىلىكى

رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلارغا قارىتا مالىيە نازارەتچىلىكى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولدى. 1959-يىلدىن 1962-يىلغىچە ئاساسەن شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىغا ماسلىشىپ رايونغا قاراشلىق مەمۇرىي، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيىسىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1961-يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى رايون دەرىجىلىك مالىيىنىڭ كىرىم-چىقىم ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. نەتىجىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەن مەبلەغدىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن، تۇرۇپ قالغان ماتېرىياللار، بېسىلىپ قالغان مەھسۇلات، يېرىم مەھسۇلاتلار ئىگىلەپ تۇرغان مەبلەغدىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن، «چوڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش» مەزگىلىدە تەڭ تەقسىمات بويىچە يۆتكەپ كېتىلگەن شەھەر خەلق كومىناسىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەبلىغىدىن 275 مىڭ يۈەن، «زور كۈچ بىلەن سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇش» مەزگىلىدە تەڭ تەقسىمات بويىچە يۆتكەپ كېتىلگەن 33 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى ھەمدە تەكشۈرۈپ چىقىلغان مەسىلىلەرنى مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلدى، يەنى كۆچمە مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، بۇرۇنقى 2 مىليون يۈەندىن 776 مىڭ يۈەنگە ئازايتتى. تەڭ تەقسىمات بويىچە يۆتكەپ كېتىلگەن پۇلدىن 25 مىڭ يۈەننى قايتۇردى، تۆلەپ بەردى. مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۇرغۇزۇپ، مەبلەغ باشقۇرۇش چارىسىنى بېكىتىپ، كارخانىلارنىڭ تەننەرخ ھېساباتىنى كۈچەيتتى.

دائىملىق مالىيە نازارەتچىلىكى ئادەتتە ھەر يىلنىڭ بېشىدىكى نەق چوت تۈزۈشنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1983-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تيانشان رايونلۇق مالىيە ئىنتىزامىنى چوڭ تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى؛ مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ، پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مالىيىنى چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بۇ تۈزۈمگە ئايلىنىپ، ھەر يىلى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مالىيىگە قارىتا ئۆزىنى-ئۆزى تەكشۈرۈش ۋە ئۆزئارا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، يەنە نۇقتىلىق قىلىپ

40% ئورۇننى ئالرىلاپ تەكشۈردى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1983_يىلدىن 1987_يىلغىچە، ئىنتىزامغا، مەخسۇس كونترول قىلىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان ئەنزىدىن جەمئىي 145ى، مەبلەغدىن 568 مىڭ 800 يۈەن ئىپنقلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس كونترول قىلىش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىنىپ سېتىۋېلىنغان تاۋار ۋە مەخسۇس كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ كەتكىنى 123 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان ئومۇمىي سوممىنىڭ 21.66% نى ئىگىلىدى. كارخانىلاردىكى تەننەرخ خىراجىتىنى قالايمىقان قىسىش ۋە قالايمىقان قالدۇرغان پايدا 125 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 22.06% نى ئىگىلىدى. كەينىگە سۈرۈپ تاپشۇرمىغان ئېنېرگىيە فوندى ۋە جەرىمانە قويۇپ مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 9500 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 1.67% نى ئىگىلىدى. قالايمىقان تارقىتىلغان مۇكاپات پۇل، ياردەم پۇلى ياكى مال ئېلىشقا قوشۇپ بېرىلگەن پۇل 127 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 22.39% نى ئىگىلىدى. ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، سوۋغات تەقدىم قىلىش، ساياھەت قىلىش ۋە چىقىم ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈشكە دائىر پۇل جەمئىي 83 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 14.61% نى ئىگىلىدى. باشقا مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىنغان پۇل جەمئىي 101 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 17.84% نى ئىگىلىدى. ھەر يىلدىكى چوڭ تەكشۈرۈشتىن كېيىن، خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ۋە تۈزىتىش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1987_يىلى رايون_مەھەللە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاساسلىق ئەھۋالنىڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىنىڭ باشقا كارخانىلاردىن ياخشىلىقى، كارخانىلارنىڭ كەسپىي ئورۇنلارنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، لېكىن مۇقىم مۈلۈكنى باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقانلىقى، ھېساب بىلەن ئەمەلىي مال_مۈلۈكنىڭ ئۇيغۇن كەلمەسلىكى، ھېساباتلار بىر_بىرىگە توغرا كەلمەسلىكتەك ھادىسىلەر، بەزى كارخانىلارنىڭ ئېلىم_بېرىمىدىكى پۇللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئېنىقلىمىغانلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

# 2_باب باج

## 1_پاراگراف ئاپپاراتلار

1959_يىلى شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى تيانشان رايونلۇق ۋە دوستلۇق رايونلۇق باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسىنى ئىككى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۆبە ئىدارىدە دۆلەت ئىگىلىكى، ھەمكارلىق كارخانا گۇرۇپپىسى، يەرلىك باج گۇرۇپپىسى ۋە باج ئىشلىرى ئورنى تەسىس قىلىندى. ئىدارىدە بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىرنەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 42 نەپەر كادىر بار ئىدى.

1961_يىل 9_ئاينىڭ 12_كۈنى تيانشان رايونلۇق باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسى شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1980_يىل 1_ئاينىڭ 1_كۈنى تيانشان رايونلۇق مالىيە_باج ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا باج ئىشلىرى 1_، 2_بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1983_يىلى بېيمىن، قىزىل بايراق يولى، ئوتتۇرا كۆۋرۈك، دۆڭ كۆۋرۈك بازىرى باج ئىشلىرى ئورنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1985_يىلى تيانشان رايونلۇق باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

## 2-پاراگراف باج كىرىمى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) رايونىنىڭ ھازىرقى تەۋەسى ئىچىدىكى باجلار رەسمىي باج ۋە ئالۋان-سېلىق باج دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. رەسمىي باجلاردىن تۇز بېجى، چاي بېجى، ئۆي ئىجارىسى بېجى، ئىچكى تاموژنا بېجى، يەر بېجى، ئىچكى توختام بېجى قاتارلىق ئالتە خىل باج بار ئىدى. ئالۋان-سېلىق باجلىرىدىن قوشۇمچە باج، كۈمۈش سەرپىياتى بېجى، ئاشلىق سەرپىياتى بېجى قاتارلىقلار بار ئىدى. رەسمىي باج دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى. ئالۋان-سېلىق باجلار يەرلىكنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلاتتى. لېكىن ئېشىندا بولسا ھەممىسى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى.

جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر كېلىشىپ، ئائىلە بويىچە چېچىپ تۆلىتىش ۋە نورما بويىچە چېچىپ ھۆددە قىلىپ تۆلىتىشتەك ئۇسۇلدا باج ئالغان. دۆلەت باجلىرىدىن ئالۋاڭ بېجى، ھۆكۈمەت ئىجارە بېجى، قومۇش بېجى، شىرىنكانە بېجى، ئۆي ئىجارىسى بېجى، تۇز بېجى، بىر تۇتاش باج، توختام بېجى، ھاراق بېجى، ھۆكۈمەت پۇل-ئامانەت ئۆسۈم بېجى قاتارلىق 11 خىل باج بار ئىدى. يەرلىك باجلاردىن يەر بېجى، ئوتۇن-سامان بېجى، مال-چارۋا بېجى، ماي بېجى، كۆرەڭ بېجى، چاي بېجى قاتارلىق سەككىز خىل باج بار ئىدى. يەنە كەينى-كەينىدىن قوشۇلغان پوسۇلكا بېجى، ماركا بېجى، ئىستېمال بېجى، سودا تىجارەت كىنىشكا بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىقلار بار ئىدى. ۋاقىتلىق ئېلىنىدىغان پارچە-پۇرات باج ۋە ئالۋاڭ-سېلىق باجلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش باج تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى باجنى شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى بىۋاستە يىغىپ باشقۇردى. 1959-يىلدىن 1961-يىلغىچە، رايونلۇق باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسى يىغقان باج تۈرلىرىدىن سودا-سانائەت بىر تۇتاش بېجى، تاموژنا بېجى، تاپاۋەت بېجى، سودا بېجى، قان بېجى، پىراۋا بېجى، ئۆي-مۈلۈك بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى بار بولۇپ، ئۈچ يىلدا جەمئىي 66 مىليون 619 مىڭ يۈەن باج يىغىلىپ، ھەممىسى شەھەرلىك خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى.

تيانشان رايونى دائىرىسىدە سودا-سانائەت كارخانىلىرى مەركەزلەشكەن، ئىقتىساد گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ رايون تارىختىن بۇيان باج كىرىمى ئومۇمىي سوممىسى جەھەتتە پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. 1980-يىلى پۈتۈن رايون تەۋەسى بويىچە يىغىلغان ئومۇمىي باج 55 مىليون 315 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە باج ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 48%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى ۋە يەككە تىجارەت ئائىلىلىرىدىن يىغىلغان سودا-سانائەت بېجى، سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى، ماشىنا-پاراخوت پىراۋىسى ئىشلىتىش بېجى، قان بېجى، سودا بېجى، قىممەت ئېشىش بېجى جەمئىي 2 مىليون 460 مىڭ يۈەن (رايوننىڭ مالىيە كىرىمى قىسمى) بولۇپ، پۈتۈن تەۋەدىكى باج كىرىمى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 4.45%نى ئىگىلىدى. 1983-يىلى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن تەۋەدىن يىغىلغان باج كىرىمى 107 مىليون 35 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 93.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە رايونغا قاراشلىق مالىيە كىرىمىدىكى باج 4 مىليون 863 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980-يىلدىكىدىن 97.68% ئاشتى. رايون دەرىجىلىك مالىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن-قائىدە بويىچە باج تاپشۇرۇشنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى ھەم باج يىغىپ باشقۇرۇش تەدبىرىنى چىڭىتتى. ئائىلىلەر كومىتېتلىرىدا باج

يىغىشقا ھەمكارلىشىش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، باج يىغىشقا ھەمكارلىشىش، باج قوغداش خادىملىرى قوشۇنىنى تەشكىللەپ، باج ئۇغرىلاش، باج قالدۇرۇش ھادىسىلىرىنى توسىدى. يەقەت 1984-يىلىدا باج سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش يىغىنىدىن 25 قېتىم ئېچىپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. يەنە باج يىغىشقا ھەمكارلىشىش، باج قوغداش خادىملىرىنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەپ، باج تاپشۇرۇش، باج قوغداش خىزمىتى بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، باج تاپشۇرۇش، باج قوغداشتىكى 84 ئىلغار كوللېكتىپ، 142 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باج مەنبەلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە ئېچىپ، بازارلاردىكى ۋە پارچە باج مەنبەلىرىگە قارىتىلغان باشقۇرۇشنى ئۆقتىلىق كۈچەيتىپ، باج كىرىمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. 1986-يىلى «باج تۈرلىرىنى ئايرىش، كىرىم-چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش»تەك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى-يولغا قويۇلدى. يۇقىرى بەلگىلىمە چىقىرىپ تىيانشان رايونلۇق مالىيە كىرىمىگە قاراشلىق باج تۈرىنى ئۆزگەرتمەيدىغان بېكىتتى: كىچىك تىپتىكى كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىممەت ئېشىش بېجى، تىجارەت بېجى، كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى، ماشىنا-پاراخوت پىراۋىسى ئىشلىتىش بېجى، ئۆي-زېمىن بېجى، قان بېجى، مال سودىسى بېجى، بازار سودا بېجى، يېزا-بازار يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى، يەككىلەر كىرىمىنى تەڭشەش بېجى، سودا-سانائەت بېجىدىن ۋەكالىتەن يىغىش بېجى، تولۇقلانغان باج، جەرىمانە قويۇش كىرىمىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى كىرىمنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ 30% نى شەھەرلىك مالىيىگە، 70% نى رايوننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇشى بەلگىلەندى. باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى باج يىغىشنى باشقۇرۇش ۋە كوللېكتىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپچانلىقنى تولۇق قوزغىدى. 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە، باج كىرىمى زور ھەجىمدە ئېشىپ، ئىككى يىلدا جەمئىي 28 مىليون 629 مىڭ يۈەن باج يىغىلىپ، 1980-يىلدىن 1984-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بەش يىلنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن يەنە 11 مىليون 946 مىڭ يۈەن كۆپ بولدى. لېكىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كەسپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈندىن-كۈنگە مۇۋاپىقلىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ دائىرىسى مىلس كېڭەيتىلگەنلىكتىن، تىيانشان رايونىنىڭ باج كىرىمىنىڭ پۈتۈن شەھەرنىڭ باج كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلىدى. 1980-يىلدىكى 48% تىن تۆۋەنلەپ 1987-يىلى 28.6% كە چۈشۈپ قالدى. ئۇندىن باشقا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان رايون ئىچىدىكى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي، يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغانلىقتىن، بۇ قىسىم باج كىرىمىنىڭ رايون تەۋەسىدىكى باج كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىدە يىلمۇ يىل يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى. 1980-يىلدىكى 4.4% تىن 1987-يىلى 11.34% كە ئۆرلىدى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى (1985-يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) رايوننىڭ باج ئومۇمىي كىرىمى 45 مىليون 312 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1959-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تىيانشان رايونىنىڭ تۈرلۈك باج كىرىمىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-2-2-10 جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرلەر | 1959-يىل | 1960-يىل | 1961-يىل | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| تۈرلۈك باج كىرىملىرىنىڭ جەملەنمىسى | 3078.4 | 336.3 | 3247.2 | 6661.9 |
| سودا-سانائەت بىر تۇتاش بېجى | | 258.3 | 1391 | 1649.3 |

| يىللار / تۈرلەر | 1959-يىل | 1960-يىل | 1961-يىل | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| تاموژنا بېجى | 2607.6 | | 260.7 | 2868.3 |
| تاپاۋەت بېجى | | 43 | 1432 | 1475 |
| سودىلىشىش بېجى | 59.5 | 0.1 | 0.7 | 60.3 |
| قىل بېجى | | 0.4 | 2.9 | 3.3 |
| پىرلاتا بېجى | | 5.3 | 27.2 | 32.5 |
| ئۆي-زېمىن بېجى | | 38.2 | 98.6 | 126.8 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى | | 1 | 34.1 | 35.1 |
| باشقىلار | 411.3 | | | 411.3 |

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تيانشان رايونىنىڭ تۈرلۈك باج كىرىملىرىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋەل

2-2-2-10-جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / باج تۈرلىرى | 1980-يىل | 1981-يىل | 1982-يىل | 1983-يىل | 1984-يىل | 1968-يىل | 1987-يىل | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈرلۈك باج كىرىملىرىنىڭ جەملەنمىسى | 246 | 264.3 | 303.6 | 493.6 | 360.9 | 141.45 | 1448.4 | 4531.2 |
| سودا-سانائەت بېجى | 157.5 | 167.6 | 200.9 | 360.5 | | | | 886.5 |
| سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى | 87.6 | 83.9 | 90.6 | 120.6 | 232.4 | 296.7 | 275.7 | 1187.5 |
| يەككە سودا-سانائەت تاپاۋەت بېجى | | | | | | 12.1 | 32.5 | 44.6 |
| ماشىنا-پىراۋوت ئىشلىتىش پىراۋا بېجى | 0.2 | | 0.1 | 0.1 | 0.1 | | 1.3 | 1.8 |
| قىل بېجى | | 0.8 | 3.3 | 5.8 | 4.7 | 12.4 | 14.3 | 41.3 |
| سودىلىشىش بېجى | 0.7 | | | | | 2.3 | | 3 |
| مەھسۇلات بېجى | | | | | 27.7 | 178.7 | 170.6 | 377 |
| تىجارەت بېجى | | | | | 89.9 | 899.6 | 922 | 1911.5 |
| ئۆي-مۈلۈك بېجى | | | | | | 0.6 | 16 | 16.6 |
| ئاشىيا قىممەت بېجى | | | 0.7 | 1.8 | | 6.3 | 11.6 | 20.4 |
| بازاردىكى سودىلىشىش بېجى | | | | 4 | 5 | 2.3 | | 11.3 |
| باجلارنى ۋەكالىتەن يىغىش بېجى | | 12 | 8 | 0.8 | 1 | 3.5 | 4.4 | 29.7 |

## 3-پاراگراف باجنى چوڭ تەكشۈرۈش

باجنى چوڭ تەكشۈرۈش — باج يىغىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاساسلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى، 1980-يىلى بىرىنچى پەسلىدە 40 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئائىلىلەرگە قارىتا يىللىق تاپاۋەت بېجىنى ھېسابلاپ ئېنىقلاش، باج تاپشۇرۇشنى تەكشۈرۈش ۋە باج نىسبىتىنى

بېكىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلىدىن 159 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1981-يىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق 800 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. قەرز قىلىنغان باجدىن 120 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، باج ئوغرىلىغان، قالدۇرغان ئائىلىدىن 118ى ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 46% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقلاپ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك باج 235 مىڭ يۈەن. ئۇنىڭدىن باشقا باج تاپشۇرىدىغان ئائىلىلەر ئۆزىنى تەكشۈرۈشتە تولۇقلاپ تاپشۇرغان باج 219 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلى باجنى چوڭ تەكشۈرۈشتە تولۇقلاپ تاپشۇرۇلغان باج جەمئىي 454 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن يىللىق باج كىرىمىنىڭ 17.18% نى ئىگىلەيدۇ.

رايون ئىچىدىكى كوللېكتىپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە، باج كەچۈرۈم قىلىنىپ ئېتىبار بېرىلىدىغان زىيالىي ياشلار كارخانىلىرى مۇئەييەن نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. 1984-يىلى باجنى چوڭ تەكشۈرۈشتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئائىلە 465 بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى 1 مىليون 858 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە باجنى كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى توشقان زىيالىي ياشلار كارخانىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 979 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت باج ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 52.69% نى تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا باج قالدۇرغان ئائىلىدىن 89ى ئېنىقلىنىپ، 180 مىڭ يۈەن باج تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى. ۋاقىتلىق سودىدا باج قالدۇرغان، ئوغرىلىغان دېلودىن 32 سى ئېنىقلىنىپ، 415 مىڭ يۈەن باج تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى. شۇ يىلى جەمئىي 595 مىڭ يۈەن باج تولۇقلىنىپ تاپشۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈن يىلدىكى باج كىرىمىنىڭ 16.49% نى ئىگىلىدى.

# 3-باب پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى ليۇ جىنتاڭ 10 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، دىخۇادا ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى قۇردى. ئارقىدىنلا ھازىرقى رايون تەۋەسىدە خۇسۇسىي بانكا، گۆرۈخانا، بانكا قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار بانكىسى بىلەن جىبيەن بانكىسى قۇرۇلۇپ بىر يىل بولا-بولمايلا تاقالدى. لەنجۇ سودا بانكىسىنىڭ دىخۇا تارماق بانكىسى تىجارەت باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لەنجۇغا قايتۇرۇپ كېتىلدى. خۇسۇسىي بانكىلار جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى)دىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ 10-يىلى (1921-يىلى)غىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تىجارەتنى توختاتتى. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 17-يىلى (1928-يىلى) تاقالدى. تىجارەتنى ئازادلىق ھارپىسىغىچە پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، مەركىزىي بانكىنىڭ دىخۇا شۆبە بانكىسى ۋە بىرنەچچە گۆرۈخانىلارلا داۋاملاشتۇرغانىدى.

1950-يىل 1-ئاينىڭ 23-كۈنى پۈتۈن شەھەر بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى — جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى رايون تەۋەلىكىدىكى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو خەلق سىراخۇۋانىيە شىركىتى، جۇڭگو خەلق يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو خەلق سودا-سانائەت بانكىسى

قاتارلىق بانكىلارنىڭ ئاپتونوم رايون ۋە ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى تارماق ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. ئۇندىن باشقا يەنە جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ۋە دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى بار.

1958-يىلى تيانشان رايونىدا يەرلىك سانائەت قۇرۇش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، 14 ئورۇندا مەھەللە كرېدىت بۆلۈمى قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن 1960-يىلى تىجارىتىنى توختاتتى.

1980-يىل 5-ئايدا تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەھەر بويىچە تۇنجى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى — تىنچلىق يولى مۇلازىمەت ئورنىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى. مۇلازىمەت ئورنى خەلق بانكىسى ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكى ئاستىدا بولدى. پۇل ئامانەت ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرىپ، مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. لېكىن مۇلازىمىتى ناھايىتى ئاددىي بولغانلىقتىن، 1981-يىلى 11-ئايدا تىجارىتىنى توختاتتى.

1987-يىل 3-ئاينىڭ 13-كۈنى تيانشان شەھەر پۇل ئامانەت كوپېراتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى يۈەندا شەھەر پۇل ئامانەت كوپېراتىپى تىجارەت باشلىدى.

1987-يىلنىڭ ئاخىرىدا، رايون ئىچىدىكى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى يەتتىگە، شەھەرگە قاراشلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 59 غا (پۇل-ئامانەت قەرز ئورنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شەھەرلىك ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپى ئىككىگە يەتتى، پۇل مۇئامىلە ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جەمئىي 2439 نەپەرگە يەتتى (ئاز سانلىق مىللەتلەر 502 نەپەر). بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 1419 نەپەر، ئايال-قىزلار 1020 نەپەر.

## ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇادىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا دائىر مەلۇمات جەدۋىلى

1-1-3-10 جەدۋەل

| ئىسمى | خاراكتېرى | تىجارەت باشلىغان ۋاقتى | ئادرېسى |
|---|---|---|---|
| ھۆكۈمەت پۇلى ئىدارىسى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1885-يىل | سىگدى يولى |
| ۋېي فېڭخۇ خۇسۇسىي بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | | مەدەنىيەت يولى 6-كوچا |
| شىي نوگچاڭ خۇسۇسىي بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1894-يىلى | مەدەنىيەت يولى 5-كوچا |
| تيەن چىڭخېڭ خۇسۇسىي بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1898-يىل 8-ئاينىڭ 29-كۈنى | مەدەنىيەت يولى 6-كوچا |
| دوڭ باۋشياڭ گۇرۇ بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1933-يىل | جەنۇبىي يېڭى كوچىدا |
| خۇشىڭ گۇرۇ بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1933-يىل | تيانشان يولىدا |
| ماۋشېڭ گۇرۇ بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1935-يىل | شىمالىي شىنخۇا يولىدا |
| يۈەن شىڭ گۇرۇ بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1937-يىل | مەدەنىيەت يولىدا |
| دېيشىڭ گۇرۇ بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | | دىلشىمىن |
| گۇڭيى گۇرۇ بانكىسى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1940-يىل | جۇڭشەن يولى 58-قورۇ |

| ئىسمى | خاراكتېرى | تىجارەت باشلىغان ۋاقتى | ئادرېسى |
|---|---|---|---|
| جۇڭگو-روسىيە داۋشېڭ بانكىسى شائخەي باش باشقارمىسى دىخۇا شۆبە بانكىسى | | 1919-يىل | غالىبىيەت يولى |
| شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1930-يىل 7-ئاي | مىڭدې يولى |
| مەركىزىي بانكا دىخۇا شۆبە بانكىسى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1944-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى | ۋېنمياۋ كوچىسى |
| مەركىزىي ئىشەنچلىك ماۋالە ئىدارىسى دىخۇا شۆبىسى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1944-يىل 1-ئاينىڭ 4-كۈنى | ۋېنمياۋ كوچىسى |
| جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى دىخۇا ئىش بېجىرىش ئورنى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1946-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنى | مەدەنىيەت يولى 5-كوچا |
| جۇڭگو مۇچيەن بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1915-يىلى 4-ئاي | |
| ۋېي فېڭخۇ سودا بانكىسى دىخۇا شۆبە بانكىسى | خۇسۇسىي ئىگىلىك | 1916-يىل | مەدەنىيەت يولى 5-كوچىسى |
| لەنجۇ سودا بانكىسى دىخۇا ئىش بېجىرىش ئورنى | ئومۇمىي ئىگىلىك | 1947-يىلى | ۋېنمياۋ كوچىسى |

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا دائىر مەلۇمات جەدۋىلى

2-1-3-10 جەدۋەل

| | ئىسمى | خاراكتېرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | | 2439 | 502 | |
| خەلق بانكىسى | ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1950-يىل 1-ئاينىڭ 23-كۈنى | 129 | 50 | خەلق يولى 23-قورۇ |
| | شەھەرلىك شۆبە بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1950-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى | 154 | 18 | ئىتتىپاق يولى 19-قورۇ |
| سودا-سانائەت بانكىسى | ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1985-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى | 211 | 46 | خەلق يولى 19-قورۇ |
| | شەھەرلىك تارماق بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1985-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى | 240 | 41 | مىڭدې يولى 18-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1985-يىل 1-ئاي | 582 | 164 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 39-قورۇ |
| قۇرۇلۇش بانكىسى | ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1954-يىل 10-ئاي | 167 | 25 | شىخابا ئارقا كوچا 134-قورۇ |
| | شەھەرلىك تارماق بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1964-يىلى | 174 | 15 | جۇڭشەن يولى 45-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1986-يىلى | 53 | | ئەدەبىيات-سەنئەت يولى 1-قورۇ |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1979-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى | 245 | 67 | خەلق يولى 19-قورۇ |
| | شەھەرلىك تارماق بانكا | دۆلەت ئىگىلىكى | 1980-يىل 4-ئاي | 72 | 15 | جۇڭشەن يولى 58-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1985-يىل 1-ئاي | 183 | 37 | جۇڭشەن يولى 58-قورۇ |

| ئىسمى | | خاراكتېرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇغۇرتا شىركىتى | ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە شىركىتى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1950-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى | 125 | 16 | خەلق يولى 21-قورۇ |
| | شەھەرلىك تارماق شىركىتى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1980-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى | 50 | 5 | خەلق يولى 21-قورۇ |
| | تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى | دۆلەت ئىگىلىكى | 1985-يىل 12-ئاي | 35 | 3 | خەلق يولى 21-قورۇ |
| جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى | | دۆلەت ئىگىلىكى | 1978-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى | | | خەلق يولى 19-قورۇ |
| تيانشان شەھەر ئاھالىسىنىڭ قەرز كوپېراتىپى | | كوللېكتىپ | 1987-يىل 3-ئاينىڭ 13-كۈنى | 5 | | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 295-قورۇ |
| يۇڭدا شەھەر ئاھالىسىنىڭ قەرز كوپېراتىپى | | كوللېكتىپ | 1987-يىل 7-ئاينىڭ 24-كۈنى | 9 | | جۇڭشەن يولى 118-قورۇ |

## 2-پاراگراف پۇل ئامانىتى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) دىخۇا ھۆكۈمەت تەرەپ پۇل ئىدارىسى ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى. جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىمۇ ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى. ئاساسلىقى سودا-سانائەت كەسپى پۇل ئامانەت قويۇش، ھۆكۈمەت ئورگىنى پۇل ئامانىتى ۋە پۇل ئامانىتى، ئامانەت پۇل ئىشلىرىنى بېجىردى.

### جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلىدىن 38-يىلىغىچە (1939-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئامانەت پۇلى، خەلق پۇل ئامانىتىدىكى ئېشىندا مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-3-10 بىرلىكى: ئۆلكە پۇلىدا 10 مىڭ يۈەن (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-37-يىلىغىچە) كۈمۈش تەڭگە ھېسابىدا يۈەن (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38-يىلى)

| يىللار | ئوخشاش كەسپتىكى ئامانەت پۇل | قەرەلسىز پۇل ئامانىتى | قەرەلسىز خەلق پۇل ئامانىتىنى ئامانەت پۇل قالدۇقى | مەدەنىي بۇيۇم ھېسابىدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل | ئۆلكە خەزىنىلىرىدىكى ئايلانما مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى | | 199 | | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى | | 732 | 6 | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى | | 892 | 3 | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى | | 2145 | 82 | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى | | 4640 | 150 | | 1133 |

| يىللار | ئوخشاش كەسپتىكى ئامانەت پۇل | قەرەلسىز پۇل ئامانىتى | قەرەلسىز خەلق پۇل ئامانىتىنى ئامانەت پۇل قالدۇقى | ماددىي بۇيۇم ھېسابىدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل | ئۆتكە خەزىنىلىرىدىكى ئېلىنما مەبلەغ |
|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى | 7 | 23801 | 137 · | | 23710 |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى | 7 | 102004 | 2763 | | 43771 |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى | 10 | 273083 | 2528 | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 36-يىلى | 23083 | 4451577 | 14631 | | |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى | 62982 | 222384704 | 605 | | 630080193 |
| جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38-يىلى | 1 | 4115780 | | 6930 | |

ئازادلىقتىن كېيىن ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سودا-سانائەت كەسپىدىكى ئامانەت پۇلدا يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1953-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سودا-سانائەت كەسپىدىكى ئامانەت پۇل كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 101 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 63.88 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا-سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ئېشىندا سوممىسى كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 13 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 68 ھەسسە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىدارىلەر ۋە ئائىلىلەر ئارىسىدا پۇل ئامانىتىنىڭ ئەھمىيىتى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىپ، بانكا مۇددەت، نۇقتا بويىچە كۆچمە مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، ئەمەلىي ئۇپراشتىكى پۇل ئامانىتى ۋە قىممىتى ساقلانغان پۇل ئامانىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، پۇل ئامانىتى كەسپى تەدرىجىي كېڭەيدى. 1955-يىلى يېزا-بازار پۇل ئامانىتى بويىچە ئامانەت قويۇلغان ئېشىندا سومما 19 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950-يىلدىكىدىن 86.86 ھەسسە ئاشتى.

شۇندىن كېيىن بانكا نەق پۇل باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت مەبلىغىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، تىجارەت مەبلىغىنى چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا بانكىغا ئامانەتكە قويۇشقا تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1980-يىلى «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز بېرىشنى ئۆزئارا باغلاش، پەرقلىق كونترول قىلىش»تەك يېڭى تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سودا-سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى يىلمۇ يىل مۇقىم ئۆرلىدى. 1986-يىلى رايون ئىچىدىكى شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى تىيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭلا سودا-سانائەت ئامانەت پۇل ئېشىندا سوممىسى 339 مىليون 506 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مەزكۇر بانكىنىڭ 1980-يىلدىكى 36 مىليون 89 مىڭ يۈەن ئېشىندىسىدىن 8.4 ھەسسە ئاشتى.

پۇل-ئامانەت جەمئىيەتتە گەرچە 1961-يىلدىن 1962-يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل ئەھۋالىدا تۆۋەنلەش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ھەممە بانكىلار تۈرلۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ پۇل ئامانىتى تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، پۇل ئامانىتى تۈر-نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغانلىقتىن، پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇلدا ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش كۆرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل ئېشىندا سوممىسىدا داۋاملىق زور ھەجىمدە كۆپىيىش كۆرۈلدى. رايون ئىچىدىكى شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى تىيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭلا 1987-يىلدىكى يېزا-بازار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل ئېشىندا سوممىسى

427 مىليون 521 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلدىكى 72 مىليون 737 مىڭ يۈەنلىك پۇل ئامانىتى ئۈستىدە سوممىسىدىن 5.88 ھەسسە ئاشتى. پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل — بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك (كرېدىت) قەرز مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندى.

**شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئامانەت پۇل ئۈستىدىسىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋەل**

2-2-3-10-جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | 1978-يىلى | 1980-يىلى | 1985-يىلى | 1986-يىلى | 1987-يىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئامانەت پۇل جەملەنمىسى | 40810.2 | 59170.6 | 77091.0 | 101965.3 | 103302.1 |
| كارخانا پۇل ئامانىتى | 5507.3 | 3608.9 | 24763.2 | 33950.6 | 25120.9 |
| مالىيە پۇل ئامانىتى | 28029.2 | 45452.8 | 21233.3 | 24526.5 | 25574.0 |
| شەھەر-بازار خەلق پۇل ئامانىتى | 7273.7 | 10109.4 | 26623.6 | 35344.3 | 42752.1 |
| باشقا ئامانەت پۇللار | | | 4470.9 | 8163.9 | 9855.1 |

## 3-پاراگراف ئىناۋەتلىك قەرز

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ سەلتەنەت يىللىرىدا، دىخۇا ھۆكۈمەت تەرەپ پۇل ئىدارىسى ئالتە ماددىلىق قەرز پۇل نىزامنامىسىنى تۈزۈپ، قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلىدىن 33-يىلىغىچە (1937-يىلىدىن 1944-يىلىغىچە) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا جانلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەككە-خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى سىرتقى ئۆلكىلەردىن مال كىرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرغانلىقتىن، قەرز پۇل كەسپىنىڭ مىقدارى بىر مەزگىل ئاشتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) دىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە باھاسىدا مۇقىمسىزلىق كۆرۈلۈپ، بانكىدا مەبلەغ كەم بولۇپ، قەرز پۇل كەسپى ئاساسىي جەھەتتىن توختىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن رايون ئىچىدىكى بانكىلار سودا-سانائەت كەسپى بويىچە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش كارخانىلىرى بويىچە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويدى. 1979-يىلى مۇقىم مۈلۈك بويىچە قەرز پۇل كەسپىنى كۆپەيتتى. شۇ يىلى دۆلەت خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش پۇل ئاجرىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھ كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى قەرز پۇل ئارقىلىق يۆلىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. 1980-يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شەھەرلىك تارماق بانكا يەرلىك كىيىم-كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەپ، رايون ئىچىدىكى كىيىم-كېچەك كەسپىگە جەمئىي 7 مىليون 930 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. 1985-يىلى شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانائەت ۋە سودا كارخانىلىرىغا مەخسۇس تۈرلۈك قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى. مەزكۇر بانكىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى شۇ يىلى سانائەت كارخانىلىرىغا 142 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل، سودا ئىشلىرىغا 255 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل، سودا-سانائەت ئىشلىرىغا جەمئىي 398 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ شۇ يىلدىكى ئۈرۈمچى رايونىدىكى سودا-سانائەت

كەسپىدىكى 1 مىليارد 155 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك قەرز پۇلنىڭ 34.5% نى ئىگىلەپ، 1950-يىلدىكى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ سودا-سانائەت كەسپى بويىچە تارقىتىلغان 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 332.25 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى.

## 4-پاراگراف ستراخۋانىيە

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇادا پەقەت شىنجاڭ سودا بانكىسىلا جۇڭگىچىڭ باۋشيەنىڭ مال-مۈلۈك ستراخۋانىيە شىركىتىگە ۋەكالەتەن ستراخۋانىيە كەسپىنى يولغا قويغانىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) 9-ئايدىن باشلاپ، پەقەت ئوت ئاپىتىدىن خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشتىن توختىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ستراخۋانىيە شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە شىركىتى رايون تەۋەسىدە ئوت ئاپىتى، كارخانا مال-مۈلكى، ترانسپورت قوراللىرى، يۈك توشۇش ترانسپورتى ۋە مال-چارۋىلارنى خەۋپسىزلەندۈرۈش بويىچە ستراخۋانىيە كەسپىنى ئارقا-ئارقىدىن يولغا قويدى. يەنە كوللېكتىپ جىسمانىي خەۋپسىزلەندۈرۈش، ئاددىي جىسمانىي خەۋپسىزلەندۈرۈش، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش ۋە تاشيول ترانسپورتىدىكى يولۇچىلارنى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنىمۇ يولغا قويدى. 1980-يىلدىن 1982-يىلغىچە شەھەرلىك ستراخۋانىيە شىركىتى رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ۋە ئائىلە مال-مۈلۈكلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسپىنى ئۈستىگە ئېلىپ يولغا قويدى. ئۈچ يىللىق خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى 863 مىليون 577 مىڭ يۈەنگە، كىرىم قىلىنغان خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى 1 مىليون 670 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن شەھەر خەۋپسىزلەندۈرۈشنىڭ 39.19% ۋە 37.77% نى ئىگىلىدى. 1982-يىلى داشىزىدىكى تەجرىبە سودا دۇكىنى 220 مىڭ يۈەنلىك كارخانا مال-مۈلكىنى ستراخۋانىيىگە قاتناشتۇرۇپ (تاۋار مەبلىغى)، بىر يىللىق خەۋپسىزلەندۈرۈش مۇددىتى بويىچە 440 يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى تاپشۇردى. 1983-يىل 2-ئاينىڭ 16-كۈنى سەھەردە سىرتتىن ئېتىلغان پوجاڭزا سەۋەبىدىن زور ئوت ئاپىتى كېلىپ چىقىپ، 167 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغان تاۋار 106 مىڭ يۈەن، مۇقىم مۈلۈك 61 مىڭ يۈەن. شەھەرلىك ستراخۋانىيە شىركىتى خەۋپسىزلەندۈرۈش مەسئۇلىيەت دائىرىسى بويىچە 106 مىڭ يۈەن زىياننى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەپ بەردى. ستراخۋانىيىگە قاتناشتۇرۇلمىغان مۇقىم مۈلۈك قىسمىدىكى زىياننى سودا دۇكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ستراخۋانىيە شىركىتى خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇتۇمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. 1983-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئاددىي جىسمانىي جەھەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش، كوللېكتىپ جىسمانىي جەھەتتىن كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش، شوپۇرلارنى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش ۋە كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى ۋە خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى يىلمۇ يىل ئاشتى.

1987-يىلى رايون تەۋەسى بويىچە ئومۇمىي خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە، كىرىم قىلىنغان ستراخۋانىيە ھەققى 3 مىليون 508 مىڭ يۈەنگە يېتىپ. (بۇنىڭ ئىچىدىكى 204 مىڭ يۈەن ئامانەت قويۇلغان مەبلەغ)، 1980-يىلدىكىدىن ئايرىم -ئايرىم ھالدا 9.3 ھەسسە ۋە 8.6 ھەسسە ئاشتى.

## شەھەرلىك ستراخوۋانىيە شىركىتى تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى كىرىمىگە دائىر ستاتىستىكا جەدۋەل

جەدۋەل 1-4-3-10

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / خەۋپسىزلەندۈرۈش تۈرى | 1980-يىلى | | 1981-يىلى | | 1982-يىلى | | 1983-يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى |
| جەمئىي | 17205 | 40.703 | 32442.3 | 57.25 | 36710.4 | 69.09 | 42895.3 | 78.12 |
| كارخانا مال-مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | 17203.4 | 40.7 | 31873.2 | 49.0 | 35754.0 | 55.9 | 41661.6 | 61.0 |
| ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | 564.2 | 8.2 | 942.1 | 13.1 | 1185.8 | 16.6 |
| ئائىلە مال-مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | 1.6 | 0.003 | 4.9 | 0.05 | 14.3 | 0.09 | 15.4 | 0.05 |
| ئائىلە مال-مۈلكىنى ئىككى جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | 1.7 | 0.04 |
| يۈك ترانسپورتىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |
| پوچتا كېمىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |
| ئادىمي جىسمانىي خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | 24.4 | 0.4 |
| كوللېكتىپ جىسمانىي جەھەتتىكى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | 6.4 | 0.03 |
| شوپۇرلارنى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |
| پېنسىيە پۇلىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |
| يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |

| يىللار / خەۋپسىزلەندۈرۈش تۈرلىرى | 1984-يىلى | | 1985-يىلى | | 1986-يىلى | | 1987-يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى | خەۋپسىزلەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى |
| جەمئىي | 48565.1 | 111 | 62151.3 | 224.76 | 148141.5 | 340 | 160300.6 | 350.8 |
| كارخانا مال-مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | 44543.5 | 64.4 | 47335.2 | 70.3 | 111173.4 | 122.8 | 105089.4 | 118.5 |
| موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | 3851.6 | 41.6 | 14471.9 | 148.6 | 17530.3 | 181.5 | 18931.6 | 170.3 |
| ئائىلە مال-مۈلكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | 69.1 | 0.2 | 36.8 | 0.1 | 237.4 | 0.8 | 412.0 | 1.7 |
| ئائىلە مال-مۈلكىنى ئىككى جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش | 8.8 | 1.9 | 185.1 | 0.5 | 1908.5 | 3.8 | 2898.6 | 5.8 |
| يۈك ترانسپورتىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | 9505.6 | 6.9 | 24249.2 | 20.4 |
| پوچتا كېمىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | | | | |
| ئادىمي جىسمانىي خەۋپسىزلەندۈرۈش | 56.6 | 2.3 | 7.6 | 3.5 | 51.4 | 3.8 | 425.9 | 13.8 |

| يىللار / خەۋپسىزلەندۈرۈش تۈرلىرى | 1984-يىلى | | 1985-يىلى | | 1986-يىلى | | 1987-يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەۋپسىز-لەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش مىقدارى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش مىقدارى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش مىقدارى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش سوممىسى | خەۋپسىز-لەندۈرۈش مىقدارى |
| كوللېكتىپ جىسمانىي جەمئىيەتكە كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش | 35.5 | 0.2 | 108.1 | 0.6 | 7209.1 | 13.0 | 7274.7 | 11.9 |
| شوپۇرلارنى كۆتۈلمىگەن زىيان-زەخمەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | 6.6 | 0.06 | 99.8 | 1.0 | 157.9 | 1.3 |
| پېنسىيە پۇلنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | 0.4 | | 1.1 | | 2.8 | | 0.8 |
| يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش | | | | | 426.0 | 3.6 | 861.2 | 6.0 |

## 11-بۆلۈم

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى

## ئومۇمىي بايان

1950-يىل 9-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تيانشان رايونى تەۋەسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك 1-رايونلۇق كومىتېتى، 2- رايونلۇق كومىتېتى ۋە 3-رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. 1951-يىل 1-ئايدا، 1952-يىل 4-ئايدا، 5-رايونلۇق، 4-رايونلۇق كومىتېتلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قۇرۇلدى (تۆۋەندە رايونلۇق پارتكوم دەپ قىسقارتىلدى).

ھەرقايسى رايونلارنىڭ پارتكوملىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى پائال ئېلىپ بېرىلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاكتىپلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1952-يىلدىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى تەدرىجىي زورايدى. ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ رايونلۇق پارتكوملىرىدا ئۆزگىرىش بولۇش ئارقىلىق، 1960-يىلى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، تيانشان رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلۇپ، 1962-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 688 كىشىگە يەتتى. جەمئىي ئىككى پارتىيە باش ياچېيكىسى، 50 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئىچىدە سىياسىي تۇرمۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا كوممۇنىزملىق غايە ۋە پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تەشكىلىي تۇرمۇش چىڭىتىلدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولى ئاشۇرۇلۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى پۈتكۈل رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا ئىلغار، نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتى پالەچ، يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969-يىل 3-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ يادرولۇق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1971-يىل 4-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان

رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى. 1985-يىل 4-ئايدىن 1986-يىل 6-ئايغىچە، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن، پۈتۈن رايون بويىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىدا بىرقەدەر زور يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولدى. پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پۈتۈن رايوندا 11 ئاساسىي قاتلام پارتكومى، ئىككى باش ياچېيكا، 95 ياچېيكا، 1243 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 215 نەپەر ئىدى.

كادىرلارنى تەربىيىلەپ، تاللاپ ئۆستۈرۈش بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، كادىرلار قوشۇنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتۈن رايوندا جەمئىي 2097 نەپەر كادىر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 686 نەپەر، ئايال كادىرلار 1487 نەپەر، پارتىيە ئەزالىرى 491 نەپەر، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 1027 نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار 20 نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار 141 نەپەر. كادىرلار قوشۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى ۋە كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى پۈتۈن رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، رايونلۇق پارتكوم خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنى ئۆزلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلغانىدى. 1950-يىلى شەھەرلىك پارتكوم ھەرقايسى رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، كونا باۋ-جيالىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنى تەشكىللەپ ئەكسىيەتچىل تەشكىلات (يىگۇەنداۋ) نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. 1951-يىل 10-ئايدىن 1953-يىل 4-ئايغىچە، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق خەلق ۋەكىللىرى بارلىققا كەلدى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنلىرى كەينى-كەينىدىن ئېچىلىپ، خەلق ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1953-يىل 3-ئايدا، رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئاساسىي قانۇن» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، ھەرقايسى رايونلاردا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم تاشلىدى.

رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ بىر قاتار بىرلىكسەپ سىياسەتلىرى ۋە مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى. بىرلىكسەپ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى. پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مالىمانچىلىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق، تۈرلۈك بىرلىكسەپ سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن

كېيىن، ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرى ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى ۋە ئاكتىپچانلىقى جارى قىلدۇرۇلدى.

1958-يىلى رايونلۇق پارتكومدا رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خىزمەتلەر ئۈزۈلۈپ قالدى. 1979-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە كۈچەيتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كادىرلار قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى، تەشكىلىي رەھبەرلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. پۈتۈن رايوندا ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىلىي سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلدى.

رايونلۇق پارتكوم ھەرقايسى مەزگىللەردىكى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلدى. ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇردى. 1951-يىلى پۈتۈن رايوندا تەشۋىقاتچىلار قوشۇنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىدا بىر قاتار تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. تەشۋىقات ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن رايوندا «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش»كە ئىئانە بېرىش، يەر ئىسلاھاتى شۇنداقلا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە يەككە سودا-سانائەتچىلەرگە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولدى. 1958-يىلدىن كېيىن، تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، تېجەشلىك ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنى تەشۋىق قىلىندى. تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت سەككىز سۆزلۈك فاڭجېن ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مۇشۇ مەزگىلدە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، جياۋيۈلۇدىن ئۆگىنىش ۋە سىنىپىي تەربىيە مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن رايوندىكى پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى ئۆلچەشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن زور مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش تەربىيىسى كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پۈتۈن رايوننىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. 1951-يىلدىن 1957-يىلغىچە، رايونلۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى مەزگىلدىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسى ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «دىخۇا شەھىرىنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش شەھىرىگە ئۆزگەرتىش»تىن ئىبارەت شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى فاڭجېنىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ۋە سەپەرۋەرلىك قىلدى. 1957-يىلى ئىككى رايوننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ شەكلى يەككە ئىگىدارچىلىقتىن كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. 1958-يىلدىن 1960-يىلغىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئىككى رايوندا كەڭ تۈردە يەرلىك سانائەت قۇرۇش

دولقۇنى قوزغىۋېتىلدى. 1959-يىلىنىڭ ئاخىرىدا جەمئىي 538 زاۋۇت قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتلار تۇنجى تۈركۈم رايون-مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلارغا ئايلاندى. 1961-يىلدىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايون، مەھەللە كارخانىلىرىغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ باردى. قىسمەن زاۋۇتلارنى شەھەرگە ئۆتكۈزۈۋەتتى. قالغان سانائەت كارخانىلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، تەڭشىلىپ، 29 زاۋۇت قالدى. 1965-يىلىغا كەلگەندە، رايون، مەھەللە كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ 90 غا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات تۈرلىرى ئىستېمىسى 50 بولۇپ، مەھسۇلات تۈرى 1000 غا يېقىنلىشىپ، تيانشان رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. 1966-يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۆز ۋاقتىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا يۆتكىدى ھەمدە بىر قاتار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرىنى بېكىتىپ چىقتى. رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكەپ، نۇرغۇنلىغان تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيىنى، ئىستىلنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تەدرىجىي ھالدا توغرا ئىزغا چۈشۈردى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، رايونلۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەرمىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، تۈرلۈك سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى.

# 1-باب پارتىيە تەشكىلاتلىرى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1950-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى، 1-رايوندا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. شۇ ئاينىڭ 19-كۈنى، 2-، 3-رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. 5-رايوندا خىزمەت گۇرۇپپىسى رايونلۇق پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى. 1951-يىل 1-ئايدا 5-رايوندا پارتكوم قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى خىزمەت كومىتېتى ئەمەلدىن قالدى. 1951-يىل 5-ئايدا، 1-رايون، 2-رايون، 5-رايوندىن بۆلۈنۈپ چىققان قىسمەن مەھەللىلەردە يېڭى 4-رايون قۇرۇلدى. شەھەرلىك پارتكوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزۈشكە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. 1952-يىل 3-ئايدا، 4-رايوندا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. ھەرقايسى رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلغاندا بىر نەپەر شۇجى، بىر نەپەر تەشكىلات كادىرى سەپلەندى.

1952-يىل 10-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم ھەرقايسى رايونلارنىڭ پارتكوملىرىدا تەشكىلات بۆلۈمىنى قۇرۇشنى، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى ياكى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى سەپلەشنى قارار قىلدى.

1954-يىل 10-ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. شەھەرلىك پارتكوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئىتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. ھەرقايسى رايونلاردا بىر نەپەر پارتكوم شۇجىسى، تۆت نەپەردىن بەش نەپەرگىچە ھەيئەت ئەزانى سەپلىدى.

1955-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1-، 4-، 5- رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى 1-رايون، ئەسلىدىكى 2-رايون، 3-رايون، 4-رايون (بىر قىسمى)لارنى بىرلەشتۈرۈپ يېڭى 2-رايون قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1956-يىلى ئىككى رايوننىڭ پارتكوملىرى بىر ۋاقىتتا قۇرۇلدى. رايونلۇق پارتكومدا ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1957-يىلى 1-رايون، 2-رايوننىڭ نامى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تيانشان رايونى، دوستلۇق رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. پارتكوملارنىڭ نامىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلدى.

1958-يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىككى رايوننىڭ رايونلۇق پارتكومدا مالىيە-سودا بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1960-يىل 2-ئايدا، سانائەت-قاتناش بۆلۈمى، 6-ئايدا قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى، 8-ئايدا رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى.

1960-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى تيانشان رايونى دوستلۇق رايونى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ تيانشان رايونى دەپ نام بېرىلدى. رايونلۇق پارتكوملارمۇ بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1960-يىل 11-ئايدا، تيانشان رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. 1962-يىلى رايونلۇق پارتكوم سانائەت-قاتناش بۆلۈمى، مالىيە-سودا بۆلۈمى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1963-يىلى پارتىيە مەكتىپىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى دولقۇنغا ئۇچراپ، پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1969-يىل 3-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى. يادرولۇق گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى ھەربىي ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقانىدى.

1970-يىلى پارتىيە تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، 1971-يىل 4-ئايدا تيانشان رايونىدا 2-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا سايلام ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى، رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىندى. ئەسلىدىكى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978-يىلى بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979-يىلى رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984-يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايونلۇق پارتكومدا رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، كادىر سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىككى نەپەر، تەشكىلات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ ئالتە كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىككى نەپەر. تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، يەتتە نەپەر كادىر سەپلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بىر نەپەر. بىرلىكسەپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ نەپەر كادىر سەپلەندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى ئىدى.

## 1952-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تيانشان رايونلۇق پارتكوم ئاپپاراتىنىڭ تەسىس قىلىنىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-1-1-11

| رايونلۇق پارتكوم ئىسىملىكى | ئارمىقلار / يىللار | باشكوم ئىشخانىسى | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كومىتېتى | مالىيە-سودا بۆلۈمى | سانائەت-قاتناش بۆلۈمى | ئورگان پارتكومى | پارتىيە مەكتىپى | قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1-رايوندىن 5-رايونغىچە بولغان رايونلۇق پارتكوملار | 1952 | تەشكىلات بۆلۈمى | | | | | | | | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم، دوستلۇق رايونلۇق پارتكوم | 1955 | | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | | | | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم، دوستلۇق رايونلۇق پارتكوم | 1958 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | رېۋىزىيە كومىتېتى | مالىيە-سودا بۆلۈمى | | | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1960 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | رېۋىزىيە كومىتېتى | مالىيە-سودا بۆلۈمى | سانائەت-قاتناش بۆلۈمى | | | قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1961 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | رېۋىزىيە كومىتېتى | مالىيە-سودا بۆلۈمى | سانائەت-قاتناش بۆلۈمى | | پارتىيە مەكتىپى | قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشخانىسى |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1963 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | رېۋىزىيە كومىتېتى | مالىيە-سودا بۆلۈمى | | | پارتىيە مەكتىپى | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1964 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | رېۋىزىيە كومىتېتى | | | | | |
| تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى | 1969 | ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى | سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى | | | | | | | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1975 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | | | | | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1979 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | | | | | |

| رايونلۇق پارتكوم ئىسملىكى | تارماقلار / يىللار | [illegible] ئىشخانىسى | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | [illegible] بۆلۈمى | [illegible] بۆلۈمى | ئورگان پارتكومى | پارتىيە مەكتىپى | [illegible] |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1982 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | | | [illegible] | | |
| تيانشان رايونلۇق پارتكوم | 1984 ~ 1987 | ئىشخانا | تەشكىلات بۆلۈمى | تەشۋىقات بۆلۈمى | بىرلىكسەپ بۆلۈمى | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | | | پارتكوم | | |

## 2-پاراگراف رەھبىري ئەزالار

1950-يىل 9-ئايدا، 1-رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى ياڭ تيەنيۈن، 2-رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى گوزىچياڭ، 3-رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ شىبىن، 5-رايون خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىمىن ئىدى. 1951-يىل 1-ئايدا 5-رايوندا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى. ۋاڭ جىمىن رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. 1952-يىل 3-ئايدا 4-رايوندا پارتكوم قۇرۇلدى، باۋ باۋشىڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى.

1954-يىل 10-ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم مۇنداق قارار چىقاردى:

1-رايونلۇق پارتكوم لى جۇگۇيى، مارۇبىجىن، ۋاڭ تيەنشۇن، گاۋرىنيۈەن قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يولداش لى جۇگۇيى رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى بولىدۇ.

2-رايونلۇق پارتكوم ياڭ بىليەن، فىڭ يۈەندۇڭ، ليۇ شىنجىن، چې يىتاڭ، كې ۋېنيۇ قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ياڭ بىليەن رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

3-رايونلۇق پارتكوم ئابلىز، مەخسۇت، لى خىيفىڭ قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئابلىز رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

4-رايونلۇق پارتكوم فەن جىنجياڭ، خەن جىنجۇن، ليۇ گاۋمىڭ، يۇسۇپ كېرىم قاتارلىق يولداشلار-دىن تەركىب تاپىدۇ. يولداش فەن جىنجياڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولىدۇ.

5-رايونلۇق پارتكوم ساۋ يۈتەيي، ۋاڭ خىڭ، خەن يۈنراڭ، ليۇ يەنشىڭ قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. يولداش ساۋ يۈتەيي رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، يولداش ۋاڭ خىڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولىدۇ.

1955-يىل 11-ئايدا، جىن ماۋ 1-رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، يې مىڭ، گاۋ رىنيۈەن، جاڭ رىنفۇ قاتارلىقلار مۇئاۋىن شۇجى بولدى، ياڭ بىليەن 2-رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولۇپ، خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى، كې ۋېنيۇ، لى ۋېنرىن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1960-يىل 6-ئايدا، تيانشان رايونلۇق پارتكومدا شۇجىچۇ قۇرۇلدى. جىن ماۋ 1-شۇجى، جاڭ رىنفۇ، كې ۋېنيۇ، گاۋ رىنيۈەنلەر شۇجى بولدى، قېيۇم تۆمۈر كاندىدات شۇجى بولدى.

1964-يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنى، شەھەرلىك پارتكوم سۇڭ زېڭيۈنى تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

1965-يىل 4-ئايدا، جاڭ گوەنكې تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، مارۇيجېن يې مىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەندى. شۇ يىلى 5-ئايدا، خۇاڭ خەي مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1969-يىل 3-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ھەربىيلەر ۋەكىلى لى شۇمىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالدى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى خۇاڭ شىمىڭ ئۆتىدى.

1971-يىل 4-ئايدا، تيانشان رايونلۇق پارتكوم 2-قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ئاچتى، قۇرۇلتايدا لى شۇمىڭ تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، خۇاڭ شىمىڭ، خەن گۈيجېن مۇئاۋىن شۇجى، قېيىم تۆمۈر، يەن ۋېنخې، ۋاڭ چۈنپۇ، فەن جېنجياڭلار دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاپ چىقىلدى.

1976-يىل 1-ئايدىن 1978-يىل 6-ئايغىچە، شې چىڭشياڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى. 1979-يىل 5-ئايدىن 1980-يىل 6-ئايغىچە، فەن جېنجياڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، خۇاڭ خەي، گوجۇ، لى جىيىڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى.

1980-يىل 6-ئايدىن 1984-يىل 1-ئايغىچە، جاۋ شۇگۇاڭ رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى، لى جىيىڭ، ھاجى ئىمام، قېيۇم تۆمۈر رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى بولدى.

1984-يىل 1-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم ما گۈيلىيەننى رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. ۋاڭ چېڭچېڭ، ھاجى ئىماملار مۇئاۋىن شۇجى بولدى. 1985-يىل 6-ئايدا ئەركىن ئىبراھىم مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

1985-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. سايلامدا ماگۈيلىيەن شۇجى، ۋاڭ چېڭچېڭ، ئەركىن ئىبراھىم مۇئاۋىن شۇجى، ھۈسەيىن ئەخەت، جاڭ جاۋيى، نيۇيۇنزۇڭ، فەن فاڧۇلار پارتكومنىڭ ھەيئىتى بولدى.

## 1950-يىلدىن 1955-يىل 9-ئايغىچە 1-رايوندىن 5-رايونغىچە بولغان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 1-2-1-11

| ئورنى | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرىنچى رايون-لۇق پارتكوم | ياڭ تيەنيۈن | ئەر | خەنزۇ | سىچۈەن | شۇجى | 1950. 9～1952. 6 |
| | جىن مىڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجى | 1952. 6～1954. 10 |
| | لى جوڭۋېي | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | مۇۋەققەت شۇجى | 1955. 4～1955. 10 |
| | ما رۇيجېن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1955. 4～1955. 10 |
| ئىككىنچى رايون-لۇق پارتكوم | گو جىچاڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | شۇجى | 1950. 9～1954. 7 |
| | ياڭ بىلەن | ئايال | خەنزۇ | سەنشى | مۇئاۋىن شۇجى | 1954. 7～1955. 10 |
| ئۈچىنچى رايون-لۇق پارتكوم | ۋاڭ شىبېن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | خىزمەتلەرگە رىيا-سەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن شۇجى | 1950. 9～1952. 6 |
| | ۋاڭ شىبېن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1952. 6～1954. 12 |
| | ئابلىز | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | خىزمەتلەرگە رىيا-سەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن شۇجى | 1954. 10～1955. 10 |

| نامى | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۆتىنچى رايونلۇق خىزمەت گورۇپپىسى | سۇ شاۋبو | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1951. 5~1952. 3 |
| تۆتىنچى رايونلۇق پارتكوم | باۋ ۋاڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1952. 3~1952. 10 |
| | فەن جېنجياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | شۇجى | 1952. 10~1955. 10 |
| | ليۇ يەنشەن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | مۇئاۋىن شۇجى | 1954. 5~1955. 10 |
| بەشىنچى رايونلۇق خىزمەت گورۇپپىسى | ۋاڭ جيېمىن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1950. 9~1951. 1 |
| بەشىنچى رايونلۇق پارتكوم | ۋاڭ جيېمىن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1951. 1—1952. 12 |
| | سۇڭ يۈتەي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | خىزمەتلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجى | 1952. 12—1954. 10 |
| | سۇڭ يۈتەي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1954. 10—1955. 10 |
| | ۋاڭ خېك | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1954. 10—1955. 10 |

## 1955-يىلدىن 1960-يىل 6-ئايغىچە بولغان تيانشان رايونلۇق، دوستلۇق رايونلۇق پارتكوملارنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 11-1-2-2

| تارماق | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تيانشان رايونى | جىن ماۋ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجى | 1955. 10—1960. 6 |
| | بى مىڭ | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | مۇئاۋىن شۇجى | 1957. 8—1960. 6 |
| | گاۋ رېنيۈەن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1959. 4—1960. 6 |
| | جاڭ رېنفۇ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | مۇئاۋىن شۇجى | 1960. 2—1960. 6 |
| دوستلۇق رايونى | ياڭ بىلېن | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | مۇئاۋىن شۇجى | 1955. 10—1959. 5 |
| | ياڭ بىلېن | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1959. 5—1960. 6 |
| | كې ۋەنيۇ | ئەر | خۇيزۇ | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1959. 5—1960. 6 |
| | لى ۋېن | ئايال | خەنزۇ | شەندۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1959. 5—1960. 6 |

## 1960-يىل 6-ئايدىن 1987-يىل 12-ئايغىچە بولغان تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى

جەدۋەل 11-1-2-3

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| جىن ماۋ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1960. 6—1962. 10 |
| سۇڭ زىگيۇ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى | مۇۋەققەت شۇجى | 1962. 10—1965. 4 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ گۇمنكپ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجى | 1965. 4—1969. 3 |
| لى شۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | گورۇپپىنىڭ باشلىقى | 1969. 3—1971. 4 |
| لى شۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | شۇجى | 1971. 4—1973. 7 |
| خەن گۇيجېن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | مۇئاۋىن شۇجى | 1973. 7—1976. 1 |
| شى چىڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجى | 1976. 1—1978. 5 |
| فەن جېنجياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ | شۇجى | 1973. 5—1980. 6 |
| جاۋ شۇگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | شۇجى | 1980. 6—1984. 1 |
| ما گۇيلېن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجى | 1984. 1—1987. 12 |
| جاڭ رېنفۇ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى | 1960. 6—1962. 10 |
| گاۋ رېنيۇەن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى | 1960. 6—1962. 10 |
| كې ۋېنيۇ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى | 1960. 6—1962. 10 |
| قېيۇم تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | كاندىدات شۇجى | 1960. 6—1962. 10 |
| ما رۇيجېن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1963. 5—1969. 3 |
| بېي مېڭ | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | مۇئاۋىن شۇجى | 1963. 5—1965. 6 |
| خۇاڭ خەي | ئايال | خەنزۇ | گۇاڭدۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1965. 5—1969. 3 |
| خۇاڭ خەي | ئايال | خەنزۇ | گۇاڭدۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1972. 11—1980. 4 |
| خۇاڭ شىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | جىياڭسۇ | مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى | 1969. 3—1971. 4 |
| خۇاڭ شىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | جىياڭسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1971. 4—1976. 3 |
| خەن گۇيجېن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | مۇئاۋىن شۇجى | 1971. 4—1976. 2 |
| گو جۇ | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1976. 1—1979. 4 |
| لى جىيىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | مۇئاۋىن شۇجى | 1980. 6—1984. 6 |
| هاجى ئىمام | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1980. 6—1984. 6 |
| قېيۇم رېھىم | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1981. 8—1985. 7 |
| ۋاڭ چىڭچىڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1984. 7—1987. 12 |
| ئەركىن ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1985. 7—1987. 12 |

## 3-پاراگراف رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرى

1950-يىلى رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە

ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىللاشتۇردى. ئۆز رايونىنىڭ زور مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، تيانشان رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يادرولۇق رەھبەرلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇردى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، تيانشان رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلىرى ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيىتى مۇقىم، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك يېڭى شەھەر رايونىغا ئايلاندۇردى.

1951-يىلى رايونلۇق پارتكوم ئاممىنى قوزغاپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى ساقلاپ ۋەتەننى قوغداش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال ئاشۇرۇپ، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىلىرىگە نەپىقە-ئېتىبار بەردى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش تەشۋىقات ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇردى. تىنچلىق يېزىسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا كەڭ كۆلەمدە قوزغىدى.

1952-يىلى رايونلۇق پارتكوم ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىشقا تەشكىللەپ، رەھبەرلىك قىلىپ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ ۋە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش)، «بەشكە قارشى تۇرۇش» (كاپىتالىستىك سودا-سانائەتچىلەر ئارىسىدىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاش، پارا ئېلىش، باج ئوغرىلاش، باج قالدۇرۇش، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇردى.

1953-يىلدىن باشلاپ، رايونلۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىسى ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «دىخۇا شەھىرىنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش شەھىرىگە ئۆزگەرتىش» دېگەن شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى فاڭجېنىنى چۆرىدىگەن ھالدا، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇردى. «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە» دېگەن خىزمەت فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش، ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشقا سەپەرۋەر قىلىپ تەشكىللىدى.

1954-يىل 10-ئايدا، رايونلۇق پارتكوم پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاكتىپ تەشكىللەپ ياخشى ئىشلىدى. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى.

1955-يىلدىن 1956-يىلغىچە، رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرى شەھەر مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنى قۇردى ھەمدە ئىككى رايوننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى، كاپىتالىستىك سودا سانائىتىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، مىللىي

رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلدى (مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى ھۆرمەت قىلىش، مىللىي تىلنى ئۆگىنىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەربىيىلەش قاتارلىق)، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى.

1956-يىل 6-ئايدا، ئىككى رايوندا كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش خىزمىتىنى قاناي يايدۇردى. رايونلۇق پارتكومدا بەش كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئەكسىلئىنقىلاب-چىلارنى تازىلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇ خىزمەت 1959-يىل 2-ئايغىچە داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى. كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئارقىلىق، كادىرلارنىڭ سىياسىي، تارىخىي ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇلدى.

1957-يىلى ئىككى رايوندىكى كادىر، ئامما ئارىسىدا خەلقئارا ۋەزىيەت تەربىيىسى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش-ئىقتىسادچىل بولۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان پارتىيە ئىچىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1958-يىلى رايونلۇق پارتكوم «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ۋە تەشكىللەپ، چوڭ پولات-تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

1959-يىلى «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. تىيانشان رايونى ۋە دوستلۇق رايونى خاتا ھالدا ئوخشاش پىكىردە بولمىغان توققۇز نەپەر يولداشنى «پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ تەشكىلاتى» دەپ بېكىتتى ھەمدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەنقىد قىلدى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن چەرە كۆردى. 1963-يىل 3-ئايدا، قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ نەپەر جازالانغان كىشىگە بېرىلگەن جازانى بىكار قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە كىشىگە بېرىلگەن جازاغىمۇ مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. 1980-يىلى ئۇزۇل-كېسىل ئەسلىگە كەلتۈردى.

1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. رايونلۇق پارتكوم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن «يەرلىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە چوڭ سانائەت ۋە شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىش، سىرتقا ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، شۇ جايىنىڭ ماتېرىيالىنى ئىشلىتىپ، يەرلىك بىلەن چەتنىڭكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاساسىدا، شەھەر خەلق گوڭشېلىرىنى قۇردى.

1961-يىلى رايونلۇق پارتكوم «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان «دېھقانچىلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتى»نى قانات يايدۇردى.

1962-يىلى رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ (635) نومۇرلۇق بۇيرۇقى (ئىلى-چۆچەك ۋەقەسى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى) نى تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ياخشى ئاتلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، شەھەر

ئاھالىلەرنى قىسقارتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن رايون بويىچە جەمئىي 13 مىڭ 442 نەپەر كىشىنى، سودا تور نۇقتىلىرىدىن 22 نى قىسقارتتى، تۆت زاۋۇتنى ئىشتىن توختاتتى، 12 زاۋۇتنى بىرلەشتۈردى.

1963-يىلى رايونلۇق پارتكوم، پۈتۈن رايوندا يېڭى «بەشكە قارشى تۇرۇش» (يەنى خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، رايونلۇق ئورگاندىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، سابىق رايونلۇق پارتكومدىكى بىر بەنزە كىشىلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تەنقىد قىلىندى. شەھەرلىك پارتكوم 1965-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى «تيانشان رايونىدىكى خىيانەتچى، ئوغرى، پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنى جازالاش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى. 1979-يىلى شەھەرلىك پارتكوم يەنە قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى يەكۈن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، خاراكتېرى توغرا بېكىتىلمەي، ئارتۇقچە جازا بېرىلگەن دەپ قاراپ، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرىگە ئاساسەن، بېرىلگەن جازانى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈزەتتى.

1964-يىلى رايونلۇق پارتكوم ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىسادچىل بولۇشنى پۈتۈن رايوننىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىش قارارىنى چىقاردى. پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا تەشكىللەپ، بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. رايون مەھەللە كارخانىلىرىدا بىرقەدەر زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى.

1965-يىلى رايونلۇق پارتكوم كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە، ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تۇتتى، پۈتۈن رايوندا ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. يىل ئاخىرىدا تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئاكتىپلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئىككى ئىلغار كوللېكتىپ، 205 نەپەر ئاكتىپ تەقدىرلەندى. يىغىنغا جەمئىي 2300 كىشى قاتناشتى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى، رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1969-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1971-يىلغا بارغاندا، تيانشان رايونلۇق پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنى تەييارلىق قىلىپ ئاچتى. رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە، رايونلۇق پارتكوم پارتىيە ئىچىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق پۈتۈن رايوندا 44 ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قۇرۇپ چىقىلدى.

1972-يىلى رايونلۇق پارتكوم «ساناتئەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش»، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتى ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ۋە «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىدىن ئىبارەت بىر بەن كىشىلەر يەنە «ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ ئىستىل تۈزىتىش» ئېلىپ باردى.

1976-يىل 10-ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، «پاش

قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن چېتىشلىقى بولغان ئادەم ۋە ئىشلار پاش قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنى بېكىتىپ بەرگەن لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرگە ئاساسەن، يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلىپ، «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ، ئالدىغا قاراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشقا ئاشۇردى. ئەمەلىي خىزمەتلەر جەريانىدا، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شۇنداقلا ئۆتكەنكى سىياسىي ھەرىكەتلەردە ئۇۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا ئەنزىلەردىن 1138 پارچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى، مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرى، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرى سىياسىتى ۋە تەيۋەنلىك، چەت ئەللىك مۇھاجىرلار سىياسىتى قاتارلىق تۈرلۈك سىياسەتلەر يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئاكتىپ ئامىللار ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى. ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، رايونلۇق پارتكوم خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەپكە قويۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش»تىن ئىبارەت فاڭجېن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك فاڭجېن سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا يېڭى «پارتىيە نىزامنامىسى» ۋە «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنىڭ بىرقانچە مىزانى» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1985-يىل 4-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن رايون بويىچە، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، 1986-يىل 6-ئاينىڭ باشلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىل، ئىنتىزام قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالغا بېسىش بولدى. پارتىيە ئىچىدە ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىل جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان ساپ بولماسلىق ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا ئېرىشتى. پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇردى. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل،

ئۇچىنى سۆيۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

# 2-باب پارتىيە قۇرۇلتايلىرى

## 1-پاراگراف ھەر قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى

**بىرىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 1-قۇرۇلتىيى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 1-قۇرۇلتىيى 1963-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 21-كۈنىگىچە شەھەرلىك قول سانائەتچىلەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ زالىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 47 نەپەر رەسمىي ۋەكىل، 28 نەپەر سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىن كۈنتەرتىپى مۇنداق: بىرىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسى ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ جىن ماۋ گۇرۇھىنىڭ ئايىنىپ سۇپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىك مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرۇش، شەھەرلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى يەتكۈزۈش؛ ئىككىنچىدىن، شەھەرلىك 3-پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش.

تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مارۇيجېن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇئاۋىن شۇجى يې مىڭ ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى بەردى.

مۇۋەققەت شۇجى سۈڭ زېگيۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسى تەستىقلاپ تارقاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىدىكى ئايىنىپ سۇپىتى ئۆزگىرىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىدىكى جىن ماۋ باشچىلىقىدىكى يېڭى پەيدا بولغان بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە قارشىلىق قىلغانلىق (يېڭى بەشكە قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق ئەھۋالىدىن دوكلات»نى يەتكۈزدى؛ مۇئاۋىن شۇجى يې مىڭ شەھەرلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى يەتكۈزدى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىۋ خې يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. يىغىندا تيانشان رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى 3-پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 17 ۋەكىل سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلدى.

**ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىسى تيانشان رايونلۇق 2-قۇرۇلتىيى**

ج ك پ تيانشان رايونلۇق 2-قۇرۇلتىيى 1971-يىل 4-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ يىغىن زالىدا ئېچىلدى. يىغىنغا 78 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىن كۈنتەرتىپى مۇنداق: بىرىنچىدىن، 9-قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي دوكلاتى، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش، پرولېتارىيات «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيانقى، بولۇپمۇ تيانشان رايونلۇق پارتىيىنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ھەمدە مۇزاكىرە قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش.

پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى خۇاڭ شىمىن ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى شۇمىڭ «9-قۇرۇلتاينىڭ ئىنتىپاقلىق، غالىبىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەننى بويلاپ غەلىبىدىن غەلىبىگە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرى باسايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى 1-سانلىق يىغىنىنىڭ «پۈتۈن رايوندا ئىدىيە ۋە سىياسىي لۇشيەن جەھەتتىكى تەربىيە ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»ى ماقۇللاندى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇكەيي يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خەن گۈيجېن يىپىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 19 نەپەر ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. يەتتە نەپەر دائىمىي ھەيئەتتىن تەشكىللەنگەن 2-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتى بارلىققا كېلىپ، بىر نەپەر شۇجى، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى.

**ئۈچىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 3-قۇرۇلتىيى**

ج ك پ تيانشان رايونلۇق 3-قۇرۇلتىيى 1985-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 3-كۈنىگىچە رايونلۇق ئۇرگان خىزمەت بىناسىنىڭ 6-قەۋەت يىغىن زالىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 158 نەپەر كىشى قاتناشتى، يەتتە نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، ئۈچ نەپەر ۋەكىل ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىننىڭ كۈنتەرتىپى مۇنداق: بىرىنچىدىن، تيانشان رايونلۇق پارتكوم 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش؛ ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش.

تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ھۇسەيىن ئەخمەت ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ماگۈيلىيەن «ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىگىلمەس ئىرادە بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن رايوننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

يولداش جاڭ جاۋيى «پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

قۇرۇلتايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 3-قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار»ى ماقۇللاندى. قاراردا پۈتۈن رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن رايوننىڭ تۆرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى بېكىتكەن باش ۋەزىپە، باش نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى.

يىغىندا يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 3-قۇرۇلتىيىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار»ى ماقۇللاندى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شيەندې يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.
تيانشان رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ما گۈيلىيەن يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى.
يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 21 نەپەر ھەيئىتى (ۋاقىتلىقچە ئىككى كىشى كەم)، تۆت نەپەر كاندىدات ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، يەتتە نەپەر دائىمىي ھەيئەتتىن تەشكىللەنگەن 3-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇجى بىر نەپەر، مۇئاۋىن شۇجى ئىككى نەپەر.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 11 نەپەر ھەيئىتى، بەش نەپەر دائىمىي ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. جاڭ جاۋيى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى.

## 2-پاراگراف سايلام

1-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىل نامزاتلىرى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ ھەممە تەڭ نامزات كۆرسىتىش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ سايلام ئېلىپ باردى. رەسمىي ۋەكىلدىن 47 نەپىرى سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى سەككىز نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 17 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئايال ۋەكىللەر 16 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 34 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 28 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تيانشان رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى، يىغىندا رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاپ چىقىلمىدى.
2-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا، ۋەكىللەرنى سايلاش ئۇسۇلىدا، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ (70) 11-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى بويىچە، دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق قايتا-قايتا غۇلغۇلا قىلىپ، تەڭ ساندا نامزات كۆرسىتىش، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن رايوندىكى 42 پارتىيە ياچېيكىسى، 502 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئارىسىدىن 78 نەپەر ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشچى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىلى 24 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىنقىلابىي كادىر پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى 24 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن» پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى (ئىنقىلابىي كادىرلار، ھەربىيلەر ۋەكىللىرى، ئىنقىلابىي ئامما) ئون نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 12.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىلى سەككىز نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 10.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ ۋەكىللەر ئارىسىدا ئايال پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىل 24 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى 15 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 19 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.
سايلام يەنىلا ۋەكىللەر بىلەن قايتا-قايتا غۇلغۇلا قىلىش، تەڭ نامزات كۆرسىتىپ سايلاش، يوشۇرۇن بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.
3-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمى 16 سايلام ئورنىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن رايون بويىچە پارتىيە ئەزالىرىدىن 760 كىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات پارتىيە ئەزالىرى

33 كىشى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ «ناھىيە، رايون دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىدا بەلگىلەنگەن سايلاشقا تېگىشلىك ۋەكىل 158 نەپەر بولۇپ، ھەرقايسى سايلام ئورۇنلىرىدا، سايلام مەزگىلىدە، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، ۋەكىللەرنىڭ نامزات ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ غۇلغۇلا قىلىشتىن تارتىپ رەسمىي سايلاپ چىققىچە، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى پىكىرلەر ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. سايلام جەريانىدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ۋە ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ، پەرقلىق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى.

سايلاپ چىقىلغان 158 نەپەر ۋەكىل ئارىسىدا ئايال ۋەكىللەر 78 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 49.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 34 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 21.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار 96 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، باشقا جەھەتلەردىكى ۋەكىللەر يەتتە نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 4.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە پارتىيىگە كىرگەن ئۈچ نەپەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەن ۋەكىل 155 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ۋەكىل 68 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 39 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 50 ياشتىن تۆۋەن ۋەكىللەر 119 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى» غا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام چارىسىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونىنىڭ 3-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام چارىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، قۇرۇلتايغا تاپشۇرۇپ ماقۇللانغاندىن كېيىن، قۇرۇلتايدا سايلام ئېلىپ بېرىلدى. قۇرۇلتايدا بىۋاسىتە پەرقلىق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش چارىسىنى قوللىنىپ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلىدە سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

# 3-باب پارتىيە ئىشلىرى

## 1-پاراگراف تەشكىلىي قۇرۇلۇش

### بىرىنچى، تەشكىلىي تەرەققىيات

1950-يىل 3-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى رايونلۇق خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىكى پارتىيىلىك كادىرلاردىن 1-رايوندا ياڭ تيەنبۇن، 2-رايوندا گوزىچىياڭ، ياڭ بىليەن، خەن جىجۇن، 3-رايوندا ۋاڭ شىشېن، سۇ شياۋبو، 5-رايوندا ۋاڭ جېمىن، ليۇ يەنشىنلار بار ئىدى.

1950-يىل 9-ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردا رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئالدىنقى ۋەزىپە بولۇپ قالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمدىلا ھەرقايسى رايونلارغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندا، ھەرقايسى رايونلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، دېھقانلارنىڭ

ئىككى نەپەر، ئاياللارنىڭ بىر نەپەر ئىدى. مۇستەقىل پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشقا بولمايتتى. پەقەت جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ بىرلەشمە ياچېيكا ياكى ئىتتىپاق ئەزالىرى بىلەن ئارىلاش ياچېيكا تەشكىللەشكە بولاتتى. 1-رايوننىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى كىرىپ ئورۇنلاشقاندا، بۇ رايوندا پەقەت بىر نەپەر پارتىيە ئەزاسى، ئىككى نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار بولۇپ، بىر پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىلاشما ياچېيكىسى قىلىپ تەشكىللەندى. 1950-يىلى يازدا، شەھەرلىك پارتكوم يىن يۇخېك، ساۋ يۇتەي قاتارلىق يولداشلارنى رايونغا يۆتكەپ كەلدى، ئۇلار خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن مۇستەقىل پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

1951-يىلىنىڭ بېشىدا، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورگانلىرى ۋە مەھەللىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاكتىپلار ئارىسىدىن بىرىنچى تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى كەينى-كەينىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئۇلار: 1-رايوندىن ياڭ يۇپېي، مارۇيجېن، گوجېڭخې، ۋاڭ شيۇتىڭ قاتارلىق يولداشلار؛ 2-رايوندىن ئابلىمىت؛ 3-رايوندىن فېي چاڭگېك، ۋاڭ خېك، ئابلىز مەخسۇت؛ 4-رايوندىن مامىگدۇ؛ 5-رايوندىن خۇ يۆمىك، جاڭ جيەنشىن، فەن جې قاتارلىقلار. بۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى رايونلارنىڭ پارتىيە ياچېيكىلىرى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى.

1952-يىل 10-ئايدا، ھەرقايسى رايونلارنىڭ رايونلۇق پارتكومدا تەشكىلات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. پارتىيىنىڭ پائال ۋە سالماق بولۇشتىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى، ئورگان، مەھەللە، مەكتەپ، زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە ياچېيكىلىرى قۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پۈتۈن رايوننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

1957-يىلدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «پولات تاۋلاش»، خەلق گۇڭشېسى ھەرىكىتى جەريانىدا، پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، بۇ مەزگىلدە، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، سۈپەت تۆۋەنلەپ كەتتى.

1960-يىلى خەلق گۇڭشېسى ھەرىكىتى جەريانىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. ھەرقايسى گۇڭشېلاردا پارتكوم قۇرۇلدى. 1962-يىلى گۇڭشې ۋە پارتكوم بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پارتكوملار، مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1962-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 688 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 62 نەپەر ئىدى. مەدەنىيەت مائارىپ باش ياچېيكىسى ۋە سانائەت باش ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 50 پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى. شۇندىن كېيىن، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «بۇندىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغاندا يەنىمۇ جىددىي، سالماق بولۇش فاڭجېنىنى قوللىنىش» بويىچە، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈرئىتى ئاستىلاشتى.

1964-يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «نۆۋەتتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، بۇندىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش پارتىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىنىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلغاندا سۈپەت جەھەتتە ياخشىلار ئارىسىدىكى ياخشىنى تاللاش، ھەر يىلى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1964-يىلدىن 1965-يىلغىچە، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيە چىڭ تۇتۇلدى، يېڭى پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى نورمال ئېلىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىدى.

1969-يىل 3-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1971-يىل 4-ئايدا، رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمۇ ئەسلىگە كېلىپ نورماللاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 1966-يىلدىن 1976-يىلغىچە، پۈتۈن رايون بويىچە 43 پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەنى، سىياسىي لۇشيەنى ۋە تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ قايتىدىن تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ساغلام راۋاجلىنىش ئىزىغا چۈشۈرۈلدى.

1976-يىل 9-ئايدا، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پارتكوم قۇرۇلدى. 1977-يىل 10-ئايدا، نەنمېن، شىمېن ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكومى قۇرۇلدى. 1979-يىلى شىمالىي شىنخۇا يولى، ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا كەينى-كەينىدىن پارتكوم قۇرۇلدى. 1984-يىلى دۇڭمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا پارتكوم قۇرۇلدى. شۇ يىلى رايونلۇق ئورگان پارتكومى، مائارىپ ئىدارىسى پارتكوملىرىمۇ كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى. پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىرقەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، پارتىيە قوشۇنىمۇ يەنىمۇ زورايدى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى جەمئىي 759 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 137 نەپەر، جەمئىي ئون پارتكوم، 72 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە، رايونلۇق پارتكوم مەركەز بەنگۇڭتىڭى تەستىقلاپ تارقاتقان مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «مۇنەۋۋەر زىيالىيلارنى پارتىيىگە كۆپلەپ قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات»تىكى يوليورۇق روھىغا ئاساسەن، تيانشان رايونىدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى.

1985-يىل 4-ئايدىن 1986-يىل 6-ئايغىچە، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، پۈتۈن رايون بويىچە ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. 1-تۈركۈمدىكىلەر 1985-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ

20-كۈنىگىچە، 2-تۈركۈمدىكىلەر 1985-يىل 12-ئايدىن، 1986-يىل 6-ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئىككى تۈركۈملۈك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا ئون پارتكوم، 76 پارتىيە ياچېيكىسى (بىۋاستە قاراشلىق ئون ياچېيكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 776 نەپەر پارتىيە ئەزاسى (كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە ئەزاسى 440 نەپەر، كارخانىلاردىكى پارتىيە ئەزاسى 112 نەپەر، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ماتېرىيال ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاش، خۇلاسىلاش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىل جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېخىمۇ ئاشتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسى كۆرۈ- نەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا مەسىلىسى بار بەزى پارتىيە ئەزالىرى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش تەلىپى ۋە شۇ كىشىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بويىچە، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تىزىملانمىغىنى ئىككى نەپەر؛ پارتىيىدىن چېكىنىشنى ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلغىنى بىر نەپەر؛ ئۆزلۈكىدىن پارتىيىدىن چىقىرىلدى دەپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى ئۈچ نەپەر، سىرتقا تونۇغان يوقلاشقا كېتىپ قېلىپ قايتىپ كەلمىگەن، مەسىلىسى ئېنىق بولماي تىزىملانمىغىنى ئىككى نەپەر، ئالەمدىن ئۆتكىنى ئىككى نەپەر؛ كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەرەلى توشمىغىنى 53 نەپەر، قالغان 711 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ھەممىسى ئۆزئۆزىنى خۇلاسىلاپ باھالاش ئاساسىدا تىزىملاش ئېلىپ باردى. تىزىملانغان پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 98.33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1986-، 1987-يىللىرى تيانشان رايونى تارىخىدىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان ئىككى يىل بولدى. پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان پارتىيە ئەزالىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. رايونلۇق پارتكوم «پائال، سالماق بولۇش» فاڭجېنى بويىچە، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلدى. قۇرۇلمىنى ياخشىلاش ۋە ئايرىم قوبۇل قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئىككى يىلدا 160 نەپەر كىشى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بىر تۈركۈم ئەخلاقلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئاكتىپ كىشىلەر پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. يېڭىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولۇش، مەدەنىيەت قاتلىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ ئىچىدە 45 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياش ۋە ياش پارتىيە ئەزاسى 112 نەپەر بولۇپ، بۇ %70 نى ئىگىلىدى؛ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى 74 نەپەر بولۇپ، %46.3 نى ئىگىلىدى؛ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 40 نەپەر بولۇپ، %25 نى ئىگىلىدى؛ ئايال پارتىيە ئەزالىرى 78 نەپەر بولۇپ، 8.48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1987-يىلغا كەلگەندە، پارتىيە ئەزالىرى جەمئىي 1243 نەپەرگە يەتتى. پارتىيە تەشكىلاتى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 11 ئاساسىي قاتلام پارتكومى، ئىككى باش ياچېيكا، 95 ياچېيكا بار بولدى.

## 1962-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان تيانشان رايونىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 12-3-1-1

| يىللار | ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى | | | پارتىيە ئەزالىرى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى | پارتىيە باش ياچېيكىسى | پارتىيە ياچېيكىسى | ئومۇمىي سانى | رەسمىي | كاندىدات | ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى |
| 1962 | | 2 | 50 | 688 | 610 | 78 | 62 |
| 1963 | | 2 | 45 | 517 | 488 | 29 | 111 |
| 1964 | | 2 | 41 | 455 | 423 | 32 | 94 |
| 1965 | | 2 | 40 | 488 | 466 | 22 | 100 |
| 1966—1976 | | | | 432 | | | |
| 1977 | 3 | | 44 | 436 | | | |
| 1978 | 3 | 1 | 39 | 470 | 467 | 3 | 80 |
| 1979 | 6 | 1 | 53 | 522 | 500 | 22 | 92 |
| 1980 | 6 | 2 | 50 | 604 | 551 | 53 | 112 |
| 1981 | 6 | 2 | 58 | 668 | 604 | 64 | 121 |
| 1982 | 6 | 2 | 63 | 696 | 631 | 65 | 134 |
| 1983 | 6 | 2 | 65 | 697 | 649 | 48 | 128 |
| 1984 | 10 | | 72 | 759 | 691 | 68 | 137 |
| 1985 | 10 | | 79 | 947 | 708 | 239 | 152 |
| 1986 | 11 | | 83 | 1249 | 837 | 412 | 184 |
| 1987 | 11 | 2 | 95 | 1243 | 1003 | 240 | 215 |

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كەسپلەر بويىچە ئايرىلىشى ۋە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ستاتىستىكىلىق جەدۋىلى

جەدۋەل 11-3-1-2

| تۈرلەر | پارتىيە ئەزالىرى سانى | | مىللەت ئايرىمىسى | پارتىيە ئەزالىرى |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | | |
| ئومۇمىي سانى | 1243 | 215 | ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى | 216 |
| 1.ئىشچى-خىزمەتچىلەر | 727 | 66 | | |

| تۈرلەر | پارتىيە ئەزالىرى سانى | | مىللەت ئىلىرىسى | پارتىيە ئەزالىرى |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر | | |
| 1) ئىشچىلار | 118 | 13 | | |
| 2) كەسپىي تېخنىك خادىملار | 189 | 54 | ئۇيغۇر | 116 |
| بۇنىڭ ئىچىدىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ | 6 | 2 | قازاق | 13 |
| 3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | 308 | 78 | خۇيزۇ | 78 |
| 4) خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى | 7 | | ئۆزبېك | 2 |
| 5) كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | 501 | 21 | تاتار | 2 |
| 2.شەھەر بازارلىرىدىكى يەككە ئەمگەكچىلەر | 4 | | مانجۇ | 2 |
| 3.پېنسىيىگە چىققان كادىر (ئىشچىلار) | 30 | 5 | رۇس | 2 |
| 4.دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر | 149 | 21 | | |
| 5.ھەربىي سەپتىن قايتقانلار (ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ تۇرغانلار) | 333 | 23 | | |

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىنىڭ پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 3-1-3-11

| تارماقلار | ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى | | | پارتىيە ئەزالىرى |
|---|---|---|---|---|
| | ئاساسىي قاتلام پارتكوملار | پارتىيە باش ياچېيكا كومىتېتلىرى | ياچېيكىلار | |
| جەمئىي | 11 | 2 | 95 | 1243 |
| سانائەت | | 1 | 5 | 44 |
| بىناكارلىق-قۇرۇلۇش | | | 1 | 15 |
| شەھەر قۇرۇلۇشى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى | | | 2 | 21 |
| مائارىپ (مەكتەپ، باللار باغچىسى) | 1 | | 31 | 234 |
| پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى | 1 | 1 | 19 | 203 |
| مەھەللە | 8 | | 34 | 689 |
| خەلق قوراللىق بۆلۈمى | 1 | | 2 | 23 |
| سەھىيە سىستېمىسى | | | 1 | 14 |

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىنىڭ پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قاراشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 4-1-3-11




ئىزاھات: مەھەللە پارتكوملىرىغا قاراشلىق ياچېيكىلار ئادەتتە ئورگان ياچېيكىسى، كارخانا ياچېيكىسى، مەھەللە ياچېيكىلىرىغا بۆلۈنىدۇ (1-دىن 3-گىچە).

## ئىككىنچى، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش

1980-يىل 3-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۈرۈمچى شەھىرى پۈتۈن شەھەر مىقياسىدا بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

تيانشان رايونى تۇنجى قېتىم ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ («ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» دەپ قىسقارتىلدى)، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. شۇ يىلى بەش رايون دەرىجىلىك ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسى، ئىككى شەھەر دەرىجىلىك ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسى، 25 نەپەر رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، تۆت نەپەر شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى.

1981-يىلى «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى جەريانىدا، رايونلۇق پارتكوم ھەربىر پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئەزاسىدىن، باھالاش خىزمىتى ئارقىلىق «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇش» پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك بېكىتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەرەلىدە ئۆزگەرتىپ سايلاپ چىقىلمىغان پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باھالاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگەرتىپ سايلاش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى سەككىز رايون دەرىجىلىك ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسى، ئىككى شەھەر دەرىجىلىك ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىسى، 37 نەپەر رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئۈچ شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى. باھالاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 68% ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىدا قەرەلى بويىچە ئۆزگەرتىپ سايلاش ئېلىپ باردى (باشقىلارنىڭ قەرەلى توشمىغان)، بارلىق پارتىيە ياچېيكىلىرى «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» نىڭ پىلانىنى بېكىتىپ چىقتى.

1982-يىلى «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش»، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ بىر يىلدا، پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، پارتىيە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش تەجرىبىلىرى خۇلاسىلاندى، پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدىكى جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. رايونلۇق پارتكوم ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ياچېيكىلاردىن باھالاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بەش تۈزۈمنى بېكىتىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. يەنى: دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى، مىزانلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش تۈزۈمى، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تۈزۈمى، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش تۈزۈمى، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرسلىك» تۈزۈمىدىن ئىبارەت. شۇ يىلى جەمئىي 11 رايون دەرىجىلىك، تۆت شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 32 نەپەر رايون دەرىجىلىك، تۆت شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى. باھالاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم تۇنجى قېتىم «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش،مۇنەۋۋەر پارتىيە

ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

1983-يىلى پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1-ئومۇمىي يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى، رايونلۇق پارتكوم «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتىنى «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش روھى بىلەن باھالاش پائالىيىتىنى ياخشى ئىشلىدى. ئېنىق قىلىپ، ياچېيكىلارنى بىرلىك قىلىپ باھالاش ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەربىر پارتىيە ئەزاسىدىن پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە (رەھبىرىي كادىرلار يەنە پارتىيىنىڭ كادىرلار ھەققىدىكى ئالتە تۈرلۈك بەلگىلىمىسىگە سېلىشتۇرىدۇ) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىنى خۇلاسىلاشنى ياخشى ئىشلەشنى، ئاندىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا تەنقىد، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق يۈكسىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلچەمگە قارىماي قول كۆتۈرۈش ياكى بېلەت تاشلاپ ئىرادە بىلدۈرۈشنى باھالاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى. مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نىسبىتىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ نىسبىتىنىڭ ياچېيكىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى كونترول قىلدى ھەمدە باھالاش شەرتى ۋە ئۆلچەملىرىنى چىڭىتىپ بەلگىلەپ چىقتى. شۇ يىلى جەمئىي سەككىز رايون دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، ئۈچ شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 25 نەپەر رايون دەرىجىلىك، بەش نەپەر شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى. پۈتكۈل پائالىيەت بۇرۇنقى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر پۇختا قانات يايدۇرۇلدى. باھالاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قارا تاختا گېزىتى، رادىئو قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىلىپ، باھالاپ چىقىلغان ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى پۈتۈن رايون تەۋەسىدە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى.

1984-يىلدىكى «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىدە باھالاش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چەكلىمىسى، تەقدىرلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. باھالاش جەريانىدا ئىككىنى بىرلەشتۈرۈش، يەنى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەملىك قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ئادەتتە ئىلغار ئورۇن بولۇش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ئادەتتە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى (خىزمەتچى) بولۇش تەلەپ قىلىندى. باھالاپ چىقىلغان ئىلغار ياچېيكا، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يوللىدى، ئەڭ ئاخىرىدا رايونلۇق پارتكوم تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، باھالاپ چىقىلغان ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى ۋە خاتىرە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە كىتابچىلار سوۋغا قىلىندى، ئۇنىڭدىن باشقا ماددىي مۇكاپات بۇيۇملىرى بىردەك تارقىتىلمىدى. «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتىدە تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېرىم يىلدا «دەسلەپكى باھالاش»، يىل ئاخىرىدا «ئومۇملاشتۇرۇپ باھالاش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى چوڭقۇر، كەڭ كۆلەملىك، ئۇزاقچە قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى توققۇز رايون دەرىجىلىك،

ئىككى شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 39 نەپەر رايون دەرىجىلىك، ئالتە نەپەر شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى.

1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، 1980-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى تۈزۈپ چىققان «ئۈلگىلىك پارتىيە ياچېيكىلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»گە قارىتا قايتىدىن تۈزىتىش ئېلىپ باردى. باھالاش شەرتى، قەدەم باسقۇچلىرى، ئاساسلىق ئۇسۇل-چارىلىرى، دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەردە تېخىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش سانىغا قارىتا كونترول قىلىش نىسبىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن قەتئىي باھالاش شەرتلىرى بويىچە باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇ يىلى جەمئىي 14 رايون دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، تۆت شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 91 رايون دەرىجىلىك، ئون شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى، باھالاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. 1986-يىلدىكى «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتىدە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش نەتىجىلىرى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرىسىدىكى قارار»ى ئۆگىنىلىۋاتقان شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا باھالاش نىسبىتىدىكى چەكلىمە ئېلىپ تاشلىنىپ، باھالاش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. باھالاش نىسبىتىگە قارىتا قايتىدىن بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، شۇ ئورۇندىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ %3 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شەھەرلىك پارتكومغا كۆرسىتىلگەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى، سايلاپ چىقىلغان مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتى بويىچە كۆرسىتىلدى. ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى قىلىپ باھالانغاندا كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسى بويىچە شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىندى. شۇ يىلى جەمئىي تۆت رايون دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، بىر شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 33 نەپەر رايون دەرىجىلىك، تۆت نەپەر شەھەر دەرىجىلىك، بىر نەپەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى.

1987-يىلدىكى «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇش» پائالىيىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەمەلىي نەتىجىلەر تەكشۈرۈلدى. باھالاش پائالىيىتى بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش بىرلەشتۈرۈلدى، باھالاشتىن ئىلگىرى پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى ۋە پارتىيە نىزامنامىسى، مىزان ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى خۇلاسىلاش ئاساسىدا، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. كىشىلەر رايى بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، ئاممىدىن ھەربىر پارتىيە ئەزاسىغا قارىتا پىكىر ئېلىندى. ياچېيكا كومىتېتى ئالغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، مۇۋاپىق ئۇسۇل قوللىنىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا يەتكۈزۈلدى. پۈتكۈل پائالىيەت بىرقەدەر پۇختا قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرى بىر قېتىملىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىندى. شۇ يىلى 38 نەپەر رايون دەرىجىلىك، تۆت نەپەر شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 15 رايون دەرىجىلىك، ئۈچ شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى باھالاپ چىقىلدى. باھالاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم

ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش چوڭ يىغىنى تەشكىللەندى. يىغىندا ئۇدا ئۈچ يىل شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن ئۈچ ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، ئالتە نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ئۆزىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى سىنئالغۇغا ئېلىنىپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىدا قويۇپ بېرىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ «ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئىشلاردىن ئۆگىنىش، يېنىدىكى كىشىلەرگە يېتىشىۋېلىش»ى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان سەككىز يىل ئىچىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. پۈتۈن رايوندا جەمئىي 74 (قېتىم) رايون دەرىجىلىك، 21 (قېتىم) شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن خەۋەر قىلىندى. مەسىلەن، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى، پەقەت 1980-يىلىلا 64 قېتىملىق مېھماندارچىلىقنى، پۇلغا سۇندۇرغاندا 1000 يۈەنلىك سوۋغىنى رەت قىلدى. ئۇدا ئۈچ يىل تيانشان رايونى ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولدى. يەنە ئېيتايلۇق، شىمالىي ئازادلىق يولى سانائەت شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى ئىقتىسادىي خىزمەتلەر جەريانىدا جۈرئەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ باردى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلدى. كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، مەزكۇر شىركەتكە قاراشلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدا كۆرسەتكۈچى پۈتۈن رايوندىكى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇدا يەتتە قېتىم تيانشان رايونى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، بەش قېتىم شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى. 320 ئادەم (قېتىم) رايون دەرىجىلىك، 40 ئادەم (قېتىم) شەھەر دەرىجىلىك، بىر ئادەم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 21 كىشىنىڭ ئىش ئىزلىرى ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن خەۋەر قىلىندى. 23 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى پارتىيە ئەزالىرىغا ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى. 40 نەپەر كىشى بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا، توققۇز كىشى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلدى. بىر تۈركۈم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان مۇنەۋۋەرلەر بارلىققا كەلدى. تيانشان رايونلۇق چاۋياڭ ئىلمە توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى قوشۇمچە زاۋۇت باشلىقى مايگۈلەن جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، قۇرۇق قول زاۋۇت قۇرۇپ، ئون نەچچە يىل بۇرۇن پەقەت بەش نەپەر ئائىلە ئاياللىرىدىن تەشكىللەنگەن كىچىك زاۋۇت (پايپاق زاۋۇتى)نى يۈزگە يېقىن ئىشچى-خىزمەتچىسى بار، مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يېڭى تىپتىكى كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، مايگۈلەن شەھەر دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## 2-پاراگراف كادىرلارنى باشقۇرۇش

1950-يىلى دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، كېيىنكى ھەرقايسى رايونلار بىرلەشتۈرۈلۈپ تيانشان رايونى، دوستلۇق رايونى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن

قالدۇرۇشنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇراتتى.

1960-يىلى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونى دەپ نام بېرىلدى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1960-يىلى 5-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى «شەھەرلىك پارتكومنىڭ كادىرلارنىڭ ۋەزىپە نامى جەدۋىلىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى كادىرلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تەپسىلىي نىزامىغا ئاساسەن، «رايونلۇق پارتكومنىڭ كادىرلارنىڭ ۋەزىپە نامى جەدۋىلىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى تۈزۈپ چىقىپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ كادىرلارنى ئاساسلىق باشقۇرۇش، ۋەكالىتەن باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. رايونلۇق پارتكوم ئاساسلىق قىلىپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ بۆلۈمچە دەرىجىلىك باشلىقلىرى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقلىرىنى باشقۇرۇش، رايونلۇق خەلق كومىتېتى قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سوتچىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باج ئىشلىرى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بانكا ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرى، مۇئاۋىن شۇجىسى، رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇشى بەلگىلەندى.

شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى يەنە «قىسمەن كادىرلارنى باشقۇرۇش قارارى»نى چىقاردى. تەشۋىقات بۆلۈمى مەدەنىيەت مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلاردىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشقا، مالىيە سودا بۆلۈمى مالىيە، سودا، بانكا، باج، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلاردىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشقا؛ سانائەت-قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلۇش، يەرلىك سانائەت، قاتناش قاتارلىق تارماقلار-دىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشقا، تەشكىلات بۆلۈمى پارتكوم، سىياسىي قانۇن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار (ئىشچى-لار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى)، رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى خەلق ئىشلار بۆلۈمى، ھەرقايسى خەلق گۇڭشېلىرى قاتارلىق تارماقلاردىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى؛ رايونلۇق خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلار بۆلۈمى «ۋەزىپە نامى جەدۋىلى» نىڭ سىرتىدىكى ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ يۆتكىلىشىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

1966-يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن باشلاپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش، ۋەزىپىگە تەيىن-لەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1971-يىل 6-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى «دۆلەت كادىرلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلە-مىسى قاتارلىق بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەسلىدە بار بولغان كادىرلارنى ئاساسلىق باشقۇرۇش، ۋەكالىتەن باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، يۆتكەش، تەڭشەشتە دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا يوللاپ، شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ، تەستىقلاپ باشقۇرىدىغان بولدى.

1981-يىل 11-ئايدا، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلدى، كادىرلارنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، تيانشان رايونلۇق پارتكوم «رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ھۆكۈمەت كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى مۇنداق بولدى: پۈتۈن رايوندىكى بارلىق بۆلۈمچىدىن

يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار، رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئادەتتىكى كادىرلىرى؛ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئادەتتىكى كادىرلار، ھۆكۈمەتكە قاراشلىق تارماقلار، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى ئادەتتىكى كادىرلارنى كادىرلار بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى.

1983-يىل 3-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى. شۇندىن كېيىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا، يېڭىلا ئەمەلگە ئاشقان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلى- رى تەشكىلىي قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىندى.

1984-يىل 5-ئايدا، مەركەزنىڭ ئىسلاھات توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «شەھەرلىك پارتكومنىڭ كارخانا ئورۇنلارغا كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق چەكلىمىسىنى چۈشۈرۈپ بېرىش مەسىلىسىدە ۋاقىتلىق يولغا قويۇش كونكرېت چارىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئالدى بىلەن كارخانا ئورۇنلارنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك مەمۇرىي مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكى كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يىلى 6-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى يەنە «مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشتا ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ھەرقايسى رايون، ناھىيە، ئىدارىلەردىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا، شەھەرلىك تەشكىلات تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇرۇن شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كادىرلار ئارخىپى- نى ھەرقايسى ناھىيە، رايونلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

1985-يىل 9-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ (1985) 440-نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، شەھەرلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان رايون، ناھىيە ئورگىنىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى رايون، ناھىيىلەرنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، رايونلۇق پارتكوم ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىدىن يۇقىرى رەھبەرلەرنى ئەل رايى بويىچە سىناپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئاندىن ۋەزىپىگە قويۇپ ئىشلەتتى. 1987-يىل 8-ئايدا، تيانشان رايونلۇق پارتكوم «رايوندىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىغا ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلى تۈزۈمى، سىناق تۈزۈمى، ئۈچ دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا يۈرگۈزۈلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ»نى رەسمىي بېكىتىپ چىقتى. ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلى تۈزۈمىنى پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرا قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش، ھەر يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ۋەزىپە

## 1960-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تيانشان رايونىدىكى كادىرلارنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-3-11

| يىللار | كادىرلار ئومۇمىي سانى | ناھىيە (رايون) دەرىجىلىك | | بۆلۈم دەرىجىلىك | | ئەمەلدىكى كادىر | جىنسى | | مىللىتى | | سىياسىي قىياپىتى | | | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | رەسمىي | مۇئاۋىن | رەسمىي | مۇئاۋىن | | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت | پارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | ئامما | ئالىي مەكتەپ: پۈتتۈرگەنلەر | ئالىي مەكتەپ: شۇ سەۋىيىدىكىلەر | ئوتتۇرا تېخنىكوم: پۈتتۈرگەنلەر | ئوتتۇرا تېخنىكوم: شۇ سەۋىيىدىكىلەر | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەن |
| 1960 | 109 | 2 | 5 | 8 | 23 | 71 | 58 | 51 | 96 | 13 | 52 | 20 | 37 | 1 | | | | 18 | 63 | 27 |
| 1961 | 174 | 1 | 2 | 4 | 10 | 157 | 101 | 73 | 114 | 60 | 42 | 31 | 101 | 2 | | | | 18 | 62 | 92 |
| 1962 | 164 | 2 | 4 | 8 | 29 | 121 | 113 | 51 | 125 | 39 | 77 | 24 | 63 | 5 | | | | 28 | 106 | 25 |
| 1963 | 193 | 2 | 8 | 8 | 33 | 153 | 124 | 69 | 139 | 54 | 103 | 18 | 72 | 6 | | | | 36 | 134 | 17 |
| 1964 | 200 | 1 | 3 | 7 | 16 | 173 | 124 | 76 | 144 | 56 | 111 | 27 | 62 | 8 | | | | 44 | 128 | 20 |
| 1965 | 197 | 2 | 5 | 6 | 19 | 165 | 117 | 80 | 140 | 57 | 110 | 26 | 61 | | | | | | | |
| 1966—1977 | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 1978 | 1645 | 1 | 7 | 12 | 51 | 1574 | 430 | 1215 | 1230 | 415 | 219 | 265 | 1161 | 65 | | | | 934 | 584 | 62 |
| 1979 | 1641 | 2 | 8 | 15 | 60 | 1556 | 425 | 1216 | 1213 | 428 | 230 | 193 | 1218 | 75 | | | | 938 | 569 | 59 |
| 1980 | 1668 | 2 | 11 | 7 | 40 | 1608 | 395 | 1273 | 1210 | 458 | 215 | 216 | 1237 | 73 | | 572 | | 411 | 558 | 54 |
| 1981 | 1745 | 5 | 17 | 80 | | 1643 | 442 | 1303 | 1255 | 490 | 279 | 232 | 1234 | 60 | 13 | 557 | | 463 | 574 | 60 |
| 1982 | 1789 | 5 | 17 | 79 | | 1688 | 458 | 1331 | 1275 | 512 | 293 | 222 | 1274 | 55 | 14 | 579 | | 500 | 565 | 60 |
| 1983 | 1877 | 3 | 12 | 77 | | 1785 | 517 | 1360 | 1321 | 556 | 271 | 255 | 1351 | 64 | 15 | 632 | | 511 | 632 | |
| 1984 | 1829 | 4 | 15 | 101 | | 1709 | 495 | 1334 | 1276 | 553 | 308 | 239 | 1282 | 79 | 4 | 700 | | 521 | 521 | |
| 1985 | 1933 | 4 | 15 | 85 | | 1829 | 528 | 1405 | 1333 | 600 | 326 | 188 | 1419 | 104 | 9 | 789 | | 515 | 510 | |
| 1986 | 2021 | 4 | 14 | 100 | | 1903 | 576 | 1445 | 1366 | 655 | 399 | 283 | 1339 | 118 | 12 | 842 | | 557 | 489 | |
| 1987 | 2097 | 4 | 16 | 141 | | 1936 | 610 | 1487 | 1411 | 686 | 491 | 369 | 1237 | 140 | 3 | 887 | | 558 | 477 | |

ئۆتمىش مەزگىلدە خىزمەتلەرنى يۈرگۈزۈشتۇرۇپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى داۋاملىق ۋەزىپىگە قويۇش؛ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى ئۆستۈرۈش، لاياقەتسىز بولغانلارنى قايتا ۋەزىپىگە تەيىنلەش مەسىلىكنى بەلگىلىدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، كادىرلار قوشۇنى 1978-يىلدىكى 1645 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 1987-يىلىغا كەلگەندە 2097 كىشىگە يەتتى (ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 415 نەپەردىن 688 نەپەرگە تەرەققىي قىلدى. ئايال كادىرلار 1215 نەپەردىن 1487 نەپەرگە كۆپەيدى. كادىرلار ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى 219 نەپەردىن 491 گە كۆپەيدى. كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشلار بولدى. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 1978-يىلدىكى 65 نەپەردىن 1987-يىلىغا كەلگەندە 1027 نەپەرگە كۆپەيدى. ناھىيە، تۈمەن دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 1978-يىلدىكى سەككىز كىشىدىن 1987-يىلىغا كەلگەندە 20 نەپەرگە كۆپەيدى، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 1960-يىلدىكى 31 نەپەردىن 141 نەپەرگە يەتتى ھەمدە 15 نەپەر كادىرنى شەھەرگە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارغا ناھىيە دەرىجىلىك ياكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتەشكە تاللاپ ئەۋەتىپ بەردى.

## 3-پاراگراف تەشۋىقىي تەربىيە

جوڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمران شېڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇش، خەلقنى تىنچلاندۇرۇش، پاك دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىق، قۇرۇلۇش) ئاساسىدا بىرلىكسەپ قۇردى. دىخۇانىڭ نەنلياڭدا (ھازىرقى تيانشان رايونىنىڭ غالىبىيەت يولى) 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەسىس قىلدى. شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 100 دىن كۆپرەك پارتىيىلىك كادىر شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدى. بۇ پارتىيىلىك كادىرلار ھەر مىللەت ئاممىسىغا ماركسىزم-لېنىنىزمنى تارقىتىپ، ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) شېڭ شىسەي ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. گومىنداڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كوممۇنىستلارنى ۋە ئىلغار ياشلارنى قىردى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەشۋىقات پائالىيىتى يەر ئاستىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەربىيىسىنى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بەزى ئىلغار ياشلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دىخۇا شەھىرىدە كۈرەش جەمئىيىتى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى، دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇردى. ئۇلار ئاق تېرورلۇق ئاستىدا، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇردى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، يەر ئاستى ژۇرناللارنى چىقىرىپ، شەھەر رايونىدا (ھازىرقى تيانشان رايونى دائىرىسىدە) مەخپىي ھالدا تارقىتىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۈرەش جەمئىيىتىنىڭ «كۈرەش» ھەپتىلىك گېزىتى، جوڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) 11-ئايدا دىخۇادا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ نەشر قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مەخپىي ھالدا جەمئىيەتكە تارقىتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلەپ ۋە تەشكىللەپ، ئىدىيىۋى سىياسىي

خىزمەتنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ توپ ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

**بىرىنچى، تەشۋىقات**

1. پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ئېقىم مەسىلىلىرى تەربىيىسى. 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە، ھەر مىللەت ئاممىسىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسەتلىرى، تەشەببۇسلىرى تەشۋىق قىلىنىپ، كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىش، يېڭى جۇڭگونى سۆيۈش ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتى كەڭ كۆلەملىك، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

1953-يىلدىن 1956-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، 1-بەش يىللىق پىلان ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش تەشۋىقاتى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلدى. كادىرلار ئاممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن «بارلىق كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ دۆلىتىمىزنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى — پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىشكە، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە سىنىپىي تەربىيە قانات يايدۇرۇلدى. تەربىيە جەريانىدا دوكلات يىغىنىدىن سەككىز قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە 200 نەپەر تەشۋىقاتچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئائالىلەر ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىپ، پارتىيىنىڭ مۇشۇ بىر مەزگىللىك ۋەزىپىلىرى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلدى، بۇ پۈتۈن رايوننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى ۋە يەككىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئورۇنداشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

1956-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمى يىلىدىن 1957-يىلغىچە پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى تەشۋىق قىلىندى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيىنىڭ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2-سانلىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى. 1957-يىل 4-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق»نى تارقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى، «خەلق گېزىتى»نىڭ «نېمە ئۈچۈن ئىستىل تۈزىتىش كېرەك» دېگەن باش ماقالىسى قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىپ، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، 20 قېتىم چوڭ-كىچىك دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. تەربىيە ئالغان كىشىلەر سانى 3200 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

1958-يىلدىن 1962-يىلغىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باش لۇشيەنى ۋە خەلق ئىگىلىكىدە يولغا قويۇلغان «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش»تىن ئىبارەت فاڭجېن تەشۋىقات تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. باش لۇشيەننى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى بىۋاسىتە باشلامچىلىق قىلدى. پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن رايون مىقياسىدا «تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك ھالدا سوتسىيالىزم قۇرۇش»تىن ئىبارەت باش لۇشيەننى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىر قېتىملىق چوڭقۇر سوتسىيالىستىك تەربىيىگە ئىگە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچى-

لىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى كۈچەيتىلدى.

1962-يىل 12-ئايدا، خەلق گېزىتى، «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى باش ماقالىنى ئېلان قىلدى. رايونلۇق پارتكوم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ۋە ئاممىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ھەمدە ھازىرقى زامان شيۇجىڭجۇيىچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

1963-يىلدىن 1966-يىلنىڭ باشلىرىغىچە، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ۋە جياۋيۈلۇدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. لېي فېڭنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنلىرى تەشكىللەندى، لېي فېڭنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە بىر تۈركۈم لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاممىۋى خاراكتېرلىك رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغىتىلدى. 1964-يىل 6-ئايدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايون بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 198ى قۇرۇلغان. گۇرۇپپىغا قاتناشقان كىشى 1761 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. يەنە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. چوڭ-كىچىك تەشۋىقات يىغىنى، سەپەرۋەرلىك يىغىنى، لېكسىيە سۆزلەش يىغىنلىرىدىن بولۇپ 1400 قېتىم ئېچىلدى. تەربىيە قوبۇل قىلغانلار 26 مىڭ 544 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. 1965-يىل 4-ئايدا، پۈتۈن رايون بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئىلغار كوللېكتىپى ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا 183 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. نورمال تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامال بولمىدى.

1976-يىل 10-ئايدىن 1978-يىلغىچە، لىن بياۋ، جياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش، ئۇلارنىڭ زەھرىنى ۋە تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئامما ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۆگىنىش مۇزاكىرىسى قانات يايدۇرۇلدى.

1981-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. رايون ئورگىنىدىكى كادىرلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىشتىن (خىزمەت) ئايرىلغان ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، «يولداش چېن يۈننىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ۋە شۆ مۇچياۋنىڭ «جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئىقتىساد مەسىلىلىرى تەتقىقاتى»دىن ئىبارەت ئىككى كىتاب مەركەزلىك ھالدا ئۆگىنىلدى.

1982-يىل 9-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ توغرا پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىلدى. تەشۋىقات خىزمىتىدە مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئامما 12-قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. تۆت قارار كادىرلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. ئون تەشۋىق قىلىش ئەترىتى تەشكىللەندى. 488 تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرگۈچى ئايرىم-ئايرىم ھالدا زاۋۇت، مەھەللە-لەرگە بېرىپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ باردى. جەمئىي 288 قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى، تەربىيە قوبۇل قىلغانلار 6869 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار

ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتاي روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1983-يىل 6-ئايدا، مەملىكەتلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. رايونلۇق پارتكوم كادىرلارنى «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى «6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنىدا بېرىلگەن ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىنى تەشۋىق قىلىش تېزىسى»نى بېسىپ تارقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن رايوندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئاھالىلەر ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا لېكسىيە سۆزلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىشنىڭ قايىنىمىغا پائال ئاتلاندۇرۇلدى.

1984-يىلدىن 1986-يىلغىچە، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، «جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كادىرلارغا ئىككى مەيدان كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بېرىلدى. 100 كىشىدىن تەشكىللەنگەن تەشۋىقات قوشۇنى زاۋۇتلارغا، ئاھالىلەر ھويلىلىرىغا بېرىپ تەشۋىق ئېلىپ باردى ھەمدە رادىئو، قارا تاختا، تەشۋىقات تاختىسى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى جانلىق تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئومۇمىي يىغىن روھىنى چۈشىنىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جوڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» دېگەن تېمىدىكى كىتابى ئاشكارا تارقىتىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. 1985-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى ئىدى. بۇ كۈنى پۈتۈن رايوندا چوڭ كۆلەملىك تەشۋىقات، تەبرىكلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1987-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئارىسىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىجابىي تەربىيە قانات يايدۇرۇلدى. رايونلۇق پارتكوم بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى، ئىككى مەيدان مەخسۇس تېمىدا دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. شۇ يىلى 10-ئايدا، پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلدى. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش ئېلىپ باردى. ھەرقايسى مەھەللىلەر، سىستېمىلار يەنە لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنى تەشكىللەپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. رايونلۇق پارتكوم بۆلۈم، ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن ئالتە قارار ئاچتى. نۆۋەتلەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈلگەن ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرىي كادىرلار 200 دىن ئاشتى. ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كادىرلار ۋە ئامما پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

2. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. 1981-يىل 2-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. 3-ئايدا رايونلۇق پارتكوم لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى كەيپىيات تىكلەش بويىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنىنى ئاچتى. ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەرقايسى سىستېمىلاردا يېڭى ئىستىل تىكلەش-باشلارنى تەربىيىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە تەشۋىقات-تەربىيە پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. 3-ئايدىن

5-ئايغىچە، رايون بويىچە جەمئىي 2084 قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلدى. 6000 پارچە لوزۇنكا چاپلاندى. ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. مەھەللىلەردىكى ھەر مىللەت ئاھالىسى ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسى ئۈچۈن 3900 قېتىمدىن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

1982-يىل 2-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن ھەر يىلى 3-ئاينى پۈتكۈل خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. 3-ئايدا پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. سىناتېستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ھەرىكەت جەريانىدا، پۈتكۈل رايوندا جەمئىي 118 قېتىم سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلغان. تۆرلۈك قارا تاختا گېزىتى، تەشۋىقات تاختىسىدىن 663 چىقىرىلغان. 50 ئورۇندا رادىئو نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان. 4-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، 50 ئىلغار كوللېكتىپنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

1983-يىل 2-ئايدا، پۈتۈن رايوندا 2-قېتىملىق پۈتكۈل خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئالدىنقى يىللىق خىزمەت ئاساسىدا، شەھەرنىڭ بىر تۇتاش تەلپىگە ئاساسەن، يەنە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قىزغىن سۆيۈش مەزمۇنلىرى قوشۇلدى ھەمدە «بەش بولۇش ، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، ئىلغار كىشىلەردىن ئۆگىنىش، ياخشى ئىش قىلىش، يېڭى كەيپىيات تىكلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە پۈتۈن رايون بويىچە جەمئىي 164 (پارچە) لوزۇنكا ئېسىلدى، ئىشىك ئالدىغا توغرىسىغا 390 پارچە لوزۇنكا ئېسىلدى، 37 ئورۇنغا رادىئو نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، 1232 قارا تاختا گېزىتى، 41 سان قىسقا خەۋەر چىقىرىلدى، 877 قېتىم سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىپ، بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا، رايونلۇق پارتكوم تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، 129 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 233 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

1984-يىل 2-ئايدا، 3-قېتىملىق مەدەنىيەتلىك-ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. 2-ئاينىڭ 15-كۈنى، تيانشان رايونىدا ئارمىيە-خەلق، كادىر-ئاممىنىڭ ئورتاق`مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، كونكرېت تەشكىللەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 2-ئاينىڭ 24-كۈنى پۈتۈن رايون بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلدى. 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە، جەمئىي بەش تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىلدى. 82 پارچە چوڭ لوزۇنكا ئېسىلدى، 11 مىڭ 181 پارچە شۇئار چاپلاندى، 1105 قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلدى، 67 سان قىسقا خەۋەر تارقىتىلدى. شۇ يىلى يەنە بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئارمىيە-خەلق، ساقچى-خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

1985-يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شەھەردە مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى بولۇش، مەدەنىيەتلىك شەھەر رايونلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1986-يىلى مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 9-ئايدا شەھەرلىك پارتكوم خېيجياسەن

ئاھالىلەر كومىتېتىدا مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا خېيجياسەن ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 36042-قىسىم بىرلىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

1987-يىل 4-ئايدا، رايونلۇق پارتكومنىڭ 3-نۆۋەتلىك 5-سانلىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا پۈتۈن رايوننىڭ «تۆتتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» مۇسابىقە پائالىيىتىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە تيانشان رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى رايونلۇق پارتكوم بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالىدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى ھەمدە شۇ تەۋەدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالىدى. ياخشى تەرتىپ، گۈزەل مۇھىت، ئەلا مۇلازىمەت بىلەن لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان مۇسابىقە پائالىيىتى پۈتۈن رايوندا جۇشقۇن قانات يايدۇرۇلدى. رايون بويىچە جەمئىي 14 مىڭ 100 پارچە تەشۋىقات شوئارى چاپلاندى، 2400 پارچە تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلدى، 18 مىڭ 300 پارچە بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى. «بۈگۈنكى تيانشان رايونى» دېگەن سىنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەندى، سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. 11-ئايدا پۈتۈن رايوندا «تۆتتىن ئۆگىنىش، بىردە ئەلا بولۇش»، مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش بويىچە تەقدىرلەش-نام بېرىش يىغىنى ئېچىلىپ، 51 ئورۇنغا مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. شىمالىي ئازادلىق يولى، دۇڭمېن، يېڭى دېموكراتىيە يولى، بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا ئەلا ئورۇن دەپ نام بېرىلىپ، مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى. تيانشان رايونى، شەھەرنىڭ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2-بولدى. 18 ئورۇنغا شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى. 1982-يىل 5-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، پۈتۈن رايون مىقياسىدا مەركەزلىك قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەشۋىقات تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. رايونلۇق پارتكوم، ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. كادىرلارنى ئاجرىتىپ ئىشخانا تەسىس قىلدى. كادىرلارنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭلارنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە تەشۋىقات قوشۇنىنى تەشكىللەپ، زاۋۇت، سېخ، ئاھالىلەر قورۇلىرىغا بېرىپ تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. چوڭ-كىچىك تەشۋىق قىلىش، دوكلات يىغىنلىرىدىن جەمئىي 1160 قېتىم ئاچتى. تەربىيە قوبۇل قىلغۇچىلار 55 مىڭ 780 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 524 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال سورىدى، 4848 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇلاسىلەپ تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، 27 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 133 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى.

1983-يىل 5-ئايدا، 1-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتلەرنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنلىرىدىن 25 قېتىم ئاچتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سەككىز دوستلۇق مەكتىپى قۇردى، دوستلۇق سىنىپى (ئوتتۇرا ئەترەت) 80 گە يەتتى. 3300 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى. رايونلۇق پارتكوم يەنە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ھەرقايسى سىستېمىلارنىڭ مىللىي سىياسە-

نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى.

1984-يىل 5-ئايدا، 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەت مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن يېڭى يۈكسىلىشكە ئىگە بولدى. رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نەمۇنىدىكى گۈللۈكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بويىچە قارا تاختا گېزىتى كۆرگەزمىسى ئاچتى. جەمئىي 83 تاختا (ئۇيغۇرچىسى 16 تاختا) تام گېزىتى چىقىرىلدى. رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىرلىشىپ چوڭ تىپتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى. رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.

1985-يىل 5-ئايدا، 3-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كادىرلار ئاپتونوم رايون تۈزۈپ باسقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەش» كىتابىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. بۇ يىلدا ئامىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش پائالىيىتى جەريانىدا، ھەر مىللەت دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار، يېتىم-يېسىر، ياشانغانلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىلدى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى گەۋدىلىك تۇتۇلدى. رايون بويىچە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە جەمئىي 3333 كىشى قاتناشتى. 2688 ئائىلىلىك ئامىنىڭ ئۆيىنى يوقلىدى، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن 4184 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بېرىلدى.

1986-يىل 5-ئايدا، 4-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كادىرلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «يولداش جۇ ئېنلەينىڭ چىڭداۋ مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 11 مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە توققۇز سىستېما قاتناشقان مىللەتلەر بىلىملىرى مۇسابىقە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ۋە چوڭ تىپتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئىش ئىزلارنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئارقىلىق، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

1987-يىل 5-ئايدا، 5-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەش ئاممىۋى پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر مىللەت يېتىم-يېسىر، غېرىب-غۇرۋا، ياشانغانلار، ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ ئىللىقلىق يەتكۈزدى. رايونلۇق پارتكوم تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ سىياسەتنىڭ ئىجرا بولۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە كوچا ياقىسىدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ۋىۋىسكىلار ۋە مۇسۇلمان ئاشخانىلىرىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەت جەريانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ناھايىتى كۆپ بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە نەپەر ئىلغار شەخس ۋە تۆت ئىلغار كوللېكتىپ شەھەرلىك 3-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى. غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ دوستلۇق ئاھالىلەر كومىتېتى 159-قورۇسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

4. خەۋەر-ئاخبارات. 1984-يىل 2-ئايدا، تيانشان رايونلۇق خەۋەر-ئاخبارات گۇرۇپپىسى

رەسمىي قۇرۇلدى. 44 نەپەر ئىشتىن سىرتقى مۇخبىر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇ يىلى مۇخبىرلار «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا 158 پارچە خەۋەر ماقالىسى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن 140 پارچىسى ئىشلىتىلدى. 1985-يىلى مۇخبىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. شۇ يىلى 175 پارچە خەۋەر ماقالىسى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا يوللىنىپ، بۇنىڭدىن 140 پارچىسى ئىشلىتىلدى. 1986-يىلى خەۋەر، ئاخبارات گۇرۇپپىسى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قوشۇن ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. مۇخبىرلار 84 نەپەرگە يېتىپ، 266 پارچە خەۋەر ماقالىسى يوللىنىپ، بۇنىڭ 208 پارچىسى ئىشلىتىلدى. 1987-يىلى مۇخبىرلار 93 نەپەرگە كۆپەيدى. جەمئىي 306 پارچە خەۋەر ماقالىسى ئەۋەتىلدى، بۇنىڭدىن 245 پارچىسى ئىشلىتىلدى.

### ئىككىنچى، نەزەرىيىۋى تەربىيە

1951-يىل 9-ئايدىن 1953-يىل 3-ئايغىچە، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 1-، 2-، 3-توملىرى كەينى-كەينىدىن نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى. رايونلۇق پارتكوم ھەر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كادىرلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق قىلىپ «زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» ۋە «پارتىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىلەر ئۆگىنىلدى.

1956-يىلدىن 1958-يىلغىچە، شەھەرلىك پارتكوم پۈتۈن شەھەردىكى كادىرلارنى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەرنى ئايرىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇرۇپپا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇرۇپپىغا بۆلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇرۇپپىدىكى ئۆگىنىشكە 15 كىشى قاتناشتى. ئاساسلىق قىلىپ «سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىك) تارىخى»نى ئۆگەندى. باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇرۇپپا ئىككى سىنىپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 149 نەپەر كىشى قاتناشتى، ئۇلار ئاساسلىق قىلىپ «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى ئادەتتىكى بىلىملەر كىتابچىسى»، «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى توغرىسىدىكى لېكسىيە» قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، پۈتۈن رايوندىكى كادىرلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كېيىن «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، ئۆگىنىش ئۈزۈلۈپ قالدى.

1959-، 1961-يىللىرى پۈتۈن رايوندىكى ئورگان كادىرلىرى «زىددىيەت توغرىسىدا» ۋە «پەلسەپە ساۋاتى» نى يەنىمۇ ئۆگەندى، رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پۈتۈن رايوندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى «پەلسەپە ساۋاتى»دىن ئون قېتىم لېكسىيە ئاڭلاشقا ئويۇشتۇردى. ھەر قېتىملىق لېكسىيىگە 1000 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى قاتناشتى.

1962-يىلدىن 1966-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى ئاساسلىق قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى. 1962-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن 1963-يىلغىچە، ھازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى جەريانىدا، كادىرلارنى خەلق گېزىتىنىڭ «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىپ، ئورتاق دۈشمىنىمىزگە قارشى تۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى باشماقالىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، يەنە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ئەسەرلىرىگە ئالاقىدار ماقالىلەرنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈردى، مەسىلەن، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»، «تەجرىبىچىلىكمۇ ياكى ماركسىزممۇ» قاتارلىقلار. 1984-يىلدىن كېيىن، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 1-تومىدىن 4-تومىغىچە، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش ھەققىدە»، يولداش ليۇ شاۋچىنىڭ «كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

1978-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار تەشكىللىنىپ، سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىلىپ، مەركەزلىك قىلىپ «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم» ئۆگىنىلدى، شۇنداقلا «يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى قايتىدىن ئۆگىنىلدى ھەمدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ مۇزاكىرە قىلىندى. رايونلۇق پارتكوم يەنە تىنچلىق يول مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش سىنىپى ئاچتى.

1980-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ باش فاڭجېنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 3-ئايدىن باشلاپ پۈتۈن رايوندىكى كادىرلار «جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد مەسىلىسى» دېگەن كىتابنى ئوقۇشقا تەشكىللەندى، «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى» بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن توققۇز قارار ئېچىلىپ، 200 دىن كۆپرەك بۆلۈم، ئىدارە دەرىجىلىك مەمۇرىي، كارخانا، كەسپىي ئورۇن كادىرلىرىغا قارىتا مەركەزلەشتۈرۈپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا بولغان تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1981-يىل 3-ئايدا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ «خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، پۈتۈن رايون ئورگىنىدىكى كادىرلار نۇقتىلىق قىلىپ ماركسىزملىق ئىگىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ئاساسلىق قىلىپ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئىگىلىك نەزەرىيىسىگە ئالاقىدار بايانلىرى ئۆگىنىلدى. «يولداش چېن يۈننىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ۋە شۆ مۇچياۋنىڭ «سوتسىيالىستىك ئىگىلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە» قاتارلىقلار ئۆگىنىلدى. رايونلۇق پارتكوم يەنە ئۈچ قارار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان خادىملار ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. بۇ كۇرسقا 100 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يەنە كونسۇلتاتسىيە قىلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1983-يىل 7-ئايدا، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلدى. رايونلۇق پارتكوم كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىپ، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ۋە نەزەرىيە كونسۇلتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارىتا نۇقتىلىق قىلىپ قىسقا مۇددەتلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش ئېلىپ باردى ھەمدە كادىرلارنى تەشكىللەپ شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان ئۆگىنىش كونسۇلتاتسىيىسى لېكسىيىسىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ھەرقايسى سىستېمىلارمۇ ئوخشىمىغان تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان، يېرىم ئايرىلغان كىتاب ئوقۇش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ قېتىملىق ئۆگىنىش جەريانىدا، ئەسلىدىكى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى قايتىدىن تەڭشىلىپ، جەمئىي 94 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان، 28 نەپەر نەزەرىيە كونسۇلتاتسىيىچىسى تەشكىللەنگەن، ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىرلار 2198 ئادەم (قېتىم)غا يەتكەن.

1985-يىل 10-ئايدىن 1986-يىل 4-ئايغىچە، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-، 5-ئومۇمىي يىغىنلىرى تەكىتلىگەن كادىرلار ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك دېگەن روھقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش تەلىپى بويىچە، رايونلۇق ئورگاندىكى بارلىق كادىرلار 19 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنۈپ ماركسىزملىق پەلسەپە نەزەرىيىسىنى ئۆگەندى. رايونغا ئىككى رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پەلسەپە تېلېۋىزىيە لېكسىيىسىنى كۆردى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن پەلسەپە بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشتى. تيانشان رايونىدىن بىر تۇتاش ئىمتىھانغا 94 نەپەر كىشى قاتناشتى. ئوتتۇرىچە 86.93 نومۇرغا

ئېرىشتى. پەلسەپە نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تيانشان رايونى ئورگىنىدىكى كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

# 4-باب بىرلىكسەپ

## 1-پاراگراف بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ بىرلىكسېپى يولغا قويۇلدى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك زاتلار شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋە دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، رايون دائىرىسىدە 905 نەپەر بىرلىكسەپ ئوبيېكتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي ساھەدىكىلەر 257 نەپەر، بۇلار ئاخۇن، موللا ۋە شەيخ، تەرىقەتچى، پوپ، دىن تارقاتقۇچى مۇخلىس قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. تىببىي دورا-سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر 85 نەپەر، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 316 نەپەر؛ ئەدەبىيات-سەنئەت سىستېمىسىدىكىلەر 96 نەپەر، خەلق ۋەكىللىرى 88 نەپەر، ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى 28 نەپەر، باشقا دېموكراتىك زاتلار 35 نەپەر ئىدى، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، ئالىي دەرىجىلىك زىيالىيلار ۋە سودا-سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئارقىلىق، دېموكراتىك ئىسلاھات (دىنىي ئىسلاھاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ۋە ئىستىل تۈزىتىش قاتارلىق بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆزگىرىش بولدى، بىر قىسىم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆز-ئۆزىنى باقىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى، يەنە دىنىي مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇدى. لېكىن چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەننىڭ تەسىرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرتىپكە سېلىش تۈپەيلىدىن، بەزى بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى ئۆگچى قىلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى، بەزىلىرىگە دىكتاتورا يۈرگۈزۈلدى. 1961-يىلى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى ئەسلىدىكى 905 نەپەردىن 186 نەپەرگە كېمەيدى، ئۇلارنىڭ تولىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەرقايسى قاتلاملاردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان، ئاما ئارىسىدا مۇئەييەن ئابرويغا ئىگە ۋە سىياسىي تەسىرى بار زاتلار بولۇپ، جەمئىي سەككىز ساھەگە بۆلۈنگەنىدى. ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى 12 نەپەر؛ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر 24 نەپەر؛ مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 25 نەپەر؛ تىببىي دورا-سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر 11 نەپەر؛ سودا-سانائەت سىستېمىسىدىكىلەر 72 نەپەر، دىنىي ساھەدىكىلەر 36 نەپەر؛ جەمئىيەتتىكى دېموكراتىك زاتلار بەش نەپەر؛ ئەدەبىيات-سەنئەت سىستېمىسىدىكىلەر بىر نەپەر ئىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەندىن تارتىپ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىدى، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تيانشان رايونلۇق

بېرىلگەنلىكتىن. ئۇلار «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش»قا ئۆتۈشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى ۋە دائىرىسىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ كېڭەيدى. 1987-يىلى تيانشان رايونىنىڭ بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرى (ئالاقىلىشىش ئوبيېكتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئون ساھەدىكىلەر بولۇپ جەمئىي 558 نەپەر كىشى بار ئىدى. دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار (گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ياچېيكا ئەزالىرى) 109 نەپەر؛ ياردەمچى ئىنژېنېردىن يۇقىرى پەن-تېخنىكا خادىملىرى 35 نەپەر، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى پارتىيىسىز زىيالىيلار (مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى) 94 نەپەر؛ ھەقىقەتكە قايتقان سابىق گومىنداڭ ھەربىي ھۆكۈمەت خادىملىرى 81 نەپەر؛ سابىق سودا-سانائەتچىلەر (يەككە سودا-سانائەتچىلەر ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 12 نەپەر؛ ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى تۆت نەپەر؛ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار 49 نەپەر، تەيۋەنگە كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە تۇغقانلىرى 18 نەپەر؛ چەت ئەللىك مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى 134 نەپەر؛ پارتىيىسىز مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار 26 نەپەر ئىدى.

## 2-پاراگراف بىرلىكسەپ پائالىيىتى

ئازادلىقتىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش»تىن ئىبارەت بىرلىكسەپ سىياسەتىنى قوللاندى. شەھەرلىك پارتكوم شۇ ۋاقىتتىكى بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: پۈتۈن پارتىيە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەرقايسى ساھەدىكى دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، كەڭ زىيالىيلارنى يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشقا، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش، بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، دىخۇا شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشتىن ئىبارەت. 1956-يىلى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئورۇنداپ بولۇندى. بۇرژۇئازىيە ئارىسىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر تەدرىجىي ئۆزگەرتىلىپ ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇلدى ھەمدە تۈرلۈك بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. كەڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. دىنىي ساھەدىكى زات چىڭ شۆرىن، ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتى سەي ۋېنچىڭ، جىڭ رۇڭ، سودا-سانائەتچى جاڭ دېرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئابرۇيلۇق، ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ئىختىيار قىلىپ كۆمۈش پۇل، ئالتۇن، چارۋا ماللارنى (كالا، ئات، قوي)، ئۆي مۈلكىنى ھۆكۈمەتكە ئىئانە قىلدى. تيانشان رايونلۇق باللار باغچىسىنىڭ قىسمەن ئۆيلىرى ۋە شەھەرلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي ئازادلىق يولى چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ماگىزىنى چوڭ بىناسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ئىئانە قىلغان. جاڭ دېرۇڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىگە 126 مىڭ يۈەن، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىغا 80 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ، زاۋۇتىنى 146 مىڭ يۈەنگە سۇندۇرۇپ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىپ، ئۇرۇمچى ئۇنىۋېرسال ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنى قۇردى ھەمدە مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولدى.

1957-يىلى ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، تيانشان رايونىدىكى 100 نەپەر مىللىي، دىنىي زات ھەرىكەتكە قاتناشتى. ئەڭ ئاخىرىدا 19 كىشىگە خاتا ھالدا ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇرژۇئا ئۇنسۇر، ئوكچى، يەرلىك مىللەتچى دېگەن «قالپاقلار» كىيگۈزۈلدى.

1959-يىلى ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئارىسىدا، ئاتېىزم تەشۋىقات تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم ئېتىقادى كۈچەيتىلدى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا دىنىي تۈزۈملەرگە قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، تارىختىن قېپقالغان دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، ئېزىش تۈزۈمى يوقىتىلدى. دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىنىي خۇراپىي تەشكىلاتلار (بۈۋى، داخان، باخشى)، دىنىي تۆرىلىك تۈزۈمى، ئىجازەت بېرىش تۈزۈمى ۋە دىنىي دەرسلىك بېجى «ئۆشرە-زاكات» قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى يېنىكلىتىلدى.

1956-يىلى ئىككى رايوندا جەمئىي 39 مەسچىت، بۇددا دىنىنىڭ بىر ئىبادەتخانىسى، خرىستىيان دىنىنىڭ يەتتە پائالىيەت ئورنى، كاتولىك دىنى چېركاۋىسى، بىر پىراۋسلاۋىيە دىنى ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. 1959-يىلى شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى شۇ چاغدىكى شەھەر خەلق كوڭشېلىرىنى قۇرۇش ۋە يەرلىك سانائەتنى كەڭ كۆلەملىك ئېچىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا قارىتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تيانشان رايونى ئالتە مەسچىتنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىشنى، 16 مەسچىتنى ۋاقىتنچە ساقلاپ قېلىشنى، قالغانلىرىنى چېقىۋېتىش ھەمدە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مەسچىتتىن 18ى قالدى، خرىستىيان دىنى پائالىيەت ئورنىدىن ئىككىسى قالدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىگىلىۋېلىنىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىلدى ۋە چېقىۋېتىلدى.

1978-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىرلىكسەپ بۆلۈمى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك بىرلىكسەپ سىياسەتلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1985-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى ئىدى. تيانشان رايونى 200 نەپەر دىنىي زاتنى كۆادرات شەكلىدىكى نامايىش قوشۇنى قىلىپ تەشكىللەپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر مىللەت دىنىي زاتلىرى ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي كىيىملىرىنى كىيىپ، قوللىرىغا گۈل-دەستىلەرنى تۇتۇپ، «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ياخشى» دېگەن يېشىل بايراقنى كۆتۈرۈپ خەلق مەيدانىدىكى رەئىس سەھنىسىدىن ئۆتتى، مەركەزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى.

**بىرىنچى، ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مىللىي، دىنىي سىياسەت**

1978-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئوڭچىلارنىڭ قالپىقىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلاشنى يولغا قويۇش لايىھىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن تيانشان رايونىدىكى 44 نەپەر «ئوڭچى» ۋە «يەرلىك مىللەتچى»لەرنىڭ «قالپىقى» ئېلىپ تاشلاندى. 1984-يىلى 44 نەپەر خاتا ھالدا ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى دەپ بېكىتىلگەنلەر (ئوڭچىل گەپ سۆزدە بولغانلار ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك گەپ-سۆزلىرىنى قىلغانلار) ئاقلىنىپ، ئۇلارنىڭ ستاژى، ۋەزىپىسى، نامى ۋە ئەسلىدىكى ئىش ھەققى تەمىناتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. داۋاملىق خىزمەت

قىلالايدىغانلار قايتىدىن يېڭى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پېنسىيە، دەم ئېلىش يېشىغا يەتكەن ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋاملىق خىزمەت قىلالمايدىغانلارغا پېنسىيە، دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيەتلىرى بېجىرىپ بېرىلدى. ئۇندىن باشقىلىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

1980-يىلى رايونلۇق پارتكوم ئورگاندىن توققۇز نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، مەركەزنىڭ 188-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىدا 20 مەسچىت قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى خىرىستىئان دىنى پائالىيەت ئورنى، بىر بۇددا دىنى، بىر پىراۋسلاۋىيە دىنى پائالىيەت ئورنى ئېچىۋېتىلدى. تەستىقلاش ئارقىلىق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ بەزى يېڭى ئاھالىلىكلەر رايونىدا توققۇز مەسچىت سالدى. 1986-يىلى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق، شەھەرلىك ئۆي-زېمىن ئىدارىسى 1000 ئېغىزدىن كۆپرەك مەسچىتنىڭ ۋەخپە ئۆيلىرىنىڭ ئۆي-مۈلۈك ھوقۇقىنى دىنىي تەشكىلاتلارغا قايتۇرۇپ بەردى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا بۇتخانا، چېركاۋ قاتارلىق 52 ئىبادەتخانىنى ئېچىۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەسچىت 47 بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

1987-يىلى تيانشان رايونىدا تىزىمغا ئېلىنغان دىنىي زاتلار 62 نەپەر ئىدى، ئۇلارغا نورمال ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىشتىن سىرت، يەنە سىياسىي ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىندى ۋە ئېتىبار بېرىلدى، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا 14 كىشىنى، ھەرقايسى جەمئىيەتنىڭ ئەزالىقىغا 31 كىشى (52 نەپەر كىشى ئارىسىدا 11 نەپىرى ئالماشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاساسلىقى جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولدى) كۆرسىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە، 200 ئادەم (قېتىم) (10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق) ۋاقىتلىق ۋە قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

ھەر يىللىق باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت بايراملىرىدا، تيانشان رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر، دىنىي زاتلار قاتارلىق بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتلىدى ۋە ھال سورىدى، ھال سوراش بۇيۇملىرى سوۋغا قىلدى ۋە ھال سوراش پۇلى ئايرىپ بەردى. ھەر يىلىنىڭ ياز پەسلىدە يەنە بىرلىكسەپ زاتلىرىنى تەشكىللەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇردى، بۇنىڭدىن سىرت، قەرەلسىز ھالدا زاۋۇت، مەكتەپ، دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت بىرلىكسەپ زاتلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى يەنىمۇ قوزغاتتى.

### ئىككىنچى، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش

رايونلۇق پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1982) 19-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇردى. 1983-يىلى تەستىقلاش ئارقىلىق تيانشان رايونلۇق مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك دىنىي تەشكىلاتى ئىدى. مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى دىنىي زاتلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجرا قىلىش، ھەرقايسى مەسچىتلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، دىنىي ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىپ، مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ، تىنچ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. 1984-يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلدا بىر قېتىم خۇلاسىلەپ تەقدىرلەش-مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى

ئېچىش قارار قىلىندى. 1987-يىلىغا كەلگەندە، تۆت مەسچىت ۋە 48 نەپەر (قېتىم) دىنىي زات تەقدىرلەندى. مەسچىت باشقۇرۇش كومىتېتى رايونلۇق پارتكوم ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دىنىي زاتلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك «مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»، «دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ئەھدىنامىسى» قاتارلىقلارنى بېكىتىپ چىقتى.

## ئۈچىنچى، خەلق سىياسىي كېڭىشىنى تەشكىللەپ قۇرۇش

1984-يىلىنىڭ باشلىرىدا، رايونلۇق پارتكوم، بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىلەن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىرلىشىپ تيانشان رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرىسىدا دوكلات يېزىشنى تاپشۇردى. ئۈچ ئايغا يېقىن تەكشۈرۈش، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق 67 نەپەر ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. 1984-يىل 6-ئايدا، چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا خەلق سىياسىي كېڭىشى تيانشان رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى رەسمىي ئېچىلدى. تۇنجى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ تەشكىلىي تەركىبى مۇنداق بولدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى 33.3% نى، پارتىيىسىز زاتلار 66.7% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 35% نى، ئاياللار 31.6% نى ئىگىلىدى. 1987-يىل 2-ئايدا، بىرلىكسەپ، تەشكىلات بۆلۈمى، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىكتە، سىياسىي كېڭەشنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ياش، سالامەتلىك، يۆتكىلىش، پېنسىيىگە، دىم ئېلىشقا چىقىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 30 نەپەر كىشى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، يېڭىدىن 27 نەپەر كىشى تولۇقلاندى. 1987-يىل 5-ئايدا، رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى ئېچىلدى. ئەزالار ئەسلىدىكى 67 كىشىدىن 80 كىشىگە كۆپەيدى (ۋاقىتىنچە ئۈچ كىشى كەم بولدى). ئەزالارنىڭ تەشكىلىي تەركىبى مۇنداق بولدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى 37.33% نى، پارتىيىسىز زاتلار 62.67%نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 45.5%نى، ئاياللار 29.33% نى ئىگىلىدى.

## تۆتىنچى، سابىق گومىنداڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «گومىنداڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، 1979-يىلدىن 1980-يىلغىچە، رايون تەۋەسىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سابىق گومىنداڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرىدىن (ئالاھىدە كېچىرىم بىلەن قويۇپ بېرىلگەن ۋە كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىلگەن خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 32 نەپەر كىشى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز نەپەر كىشىنىڭ مۇقىم تۇرمۇش كىرىمى يوق بولۇپ، خەلق ئىشلار تارماقلىرى ئۇلارغا ئېيىغا تۇرمۇش قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى.

1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ 39-نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن، پۈتۈن رايوندىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان سابىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، 81 نەپەر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان سابىق گومىنداڭنىڭ ھەربىي، ھۆكۈمەت خادىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمى بىر تۇتاش «ھەقىقەتكە قايتىش گۇۋاھنامىسى»نى تارقىتىپ بەردى. بۇنىڭ

ئىچىدە ھەربىي ساھەدىكىلەر 49 نەپەر (گېنېرال ئىككى نەپەر)، ھۆكۈمەت ساھەسىدىكىلەر 32 نەپەر (مۇئاۋىن ۋالىي بىر كىشى)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلۇپ، تۇغقانلىرى بىلەن چېتىشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارالغان 27 نەپەر كىشىگە قارىتا سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. سەككىز كىشى ئاقلاندى ھەمدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى ئەسلىدىكى ئورنىدا دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىدى. ئۈچ كىشى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىندى. بىر كىشىنىڭ پەرزەنتى شۇ كىشىنىڭ ئورنىغا خىزمەتكە ئېلىندى، بىر كىشى يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئىككى كىشىنىڭ پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىقىش خىراجىتى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈپ بېرىلدى. ئۈچ نەپەر كىشى رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغان 14 ئادەم (قېتىم)نىڭ مال مۈلكى ئېنىقلىنىپ 1859 يۈەن 65 پۇڭ پۇل، 21 دانە نەرسە-كېرەك ئېگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

سابىق گومىنداڭنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان خادىمى ××× ھەقىقەتكە ئۆتۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كومپارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە نىسبەتەن ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىپ، ئۆزلىكىدىنلا ئىنقىلابتىن ئايرىلىپ، جىنىڭ ناھىيىسىگە بېرىپ يېزىغا ماكانلاشقان. 1981-يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ خەت يېزىپ ھەمدە ئەرزىيەت سۇنۇپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، تەكشۈرگەندىن كېيىن، «ھەقىقەتكە قايتقانلىق گۇۋاھنامىسى» تولۇقلاپ بېجىرىپ بېرىلدى. نوپۇسى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىگە دوكلات قىلىپ يولىيورۇق سوراپ، مەخسۇس تۈردىكى ئەمگەك كۆرسەتكۈچىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىر نەپەر قىزى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**بەشىنچى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۆيى ئاختۇرۇلغان بىرلىكسەپ ئوبيېكتلىرىغا تۆلەپ قايتۇرۇپ بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش**

1984-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 24-نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە 1986-يىلى 6-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سەككىز نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن ئۆيى ئاختۇرۇلغان 24 نەپەر بىرلىكسەپ ئوبيېكتىغا قارىتا يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى؛ قىسمەن نەرسىلەرنىڭ يىتۈپ تۈگەپ، نەرسە-كېرەكلەرنىڭ كاردىن چىققانلىقى، تۆلەپ قايتۇرۇلمىغانلىقى، ئۇنىڭدىن 37 نەپەر دىنىي زاتنىڭ 3887 پارچە «قۇرئان»نىڭ كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن تۆلەپ بېرىلمىگەنلىك مەسىلىسى سېزىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 3/1 بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ تۆلەپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە نەرسە-كېرەكلەرنى پۇلغا سۇندۇرۇپ 23 مىڭ 900 يۈەن، «قۇرئان» پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ 16 مىڭ 500 يۈەن قايتۇرۇلدى. ئۆيىنى ئاختۇرۇش سەۋەبىدىن بىرقەدەر زور ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقىپ، تۇرمۇشى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان 14 نەپەر كىشىگە بىر قېتىملىقلا 6800 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرنى قوشقاندا، جەمئىي 46 مىڭ 300 يۈەن تۆلەپ بېرىلدى.

**ئالتىنچى، مۇھاجىرلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش**

1980-يىلدىن كېيىن، رايونغا قاراشلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى.ۋە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 13 نەپەر مۇھاجىر تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا قارىتا سىياسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى (ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا 11 كىشى، خەلق ۋەكىللىكىگە ئىككى كىشى)، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بىر نەپەر تەيۋەنلىك قېرىنداش

ئائىلە ناۋابىئاتىغا جەمئىي 500 يۈەندىن كۆپرەك تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۆيى ئاختۇرۇلغان ئۈچ كىشىنىڭ بەش دانە مال-مۈلكى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1346.93 يۈەن تۆلەپ بېرىلدى. بىر كىشىگە خىزمەت ستاژىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رەسمىيىتى تولۇقلاپ ئۆتەپ بېرىلدى. بىرسى دۆلەت كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىندى.

**يەتتىنچى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىياسىتىنى قايتا تەكشۈرۈش**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1986) 6-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، خاتالىق بولسا چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپى بويىچە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈش ۋە «كەينىگە قاراش» خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

يازمىچە خۇلاسە چىقىرىلغان جەمئىي 606 ئەنزە قايتا تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 21 كىشىنىڭ ئەسلىدىكى خۇلاسىسىغا قارىتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىي بولمىغان سۆز ئىبارىلەر ئېلىپ تاشلىنىپ، «قۇيرۇق» قالدۇرۇلمىدى. قايتىلاپ يېڭىدىن توغرا يەكۈن چىقىرىلدى. ئەنزىنى تەكشۈرۈشكە بولىدىغان 294 ئائىلىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆيى ئاختۇرۇلغان خادىملار قايتا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن يېتىپ كەتكەن، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان نەرسىلىرىنى ئېنىقلاپ تۆلەپ بېرىش نامۇۋاپىق بولۇپ قالغان 124 ئائىلىلىكنىڭ نەرسىلىرىنىڭ بەزىلىرىگە قايتۇرۇپ تۆلەپ بېرىلمىگەنلىكى، ياكى ئۇزۇل-كېسىل ھەممە نېمىسى تۆلەپ بېرىلمىگەنلىكى، بەزىلەرنىڭ نەرسىلىرى بەك تۆۋەن باھاغا سۇندۇرۇلغانلىقى بايقالدى. مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەممىسى سىياسەتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قايتىدىن ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى ياكى تۆلەپ بېرىلدى. بۇلار ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئىي پۇلغا سۇندۇرغاندا 41 مىڭ 700 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاختۇرۇلغاندىن كېيىن يېتىپ كەتكەن ئالتە جىڭ بەش سەرلىك ئالتۇن ئەنزىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تېپىنچىگە مەخسۇس كىشى ئەۋەتىلىپ، مال-مۈلكىنى پۇلغا سۇندۇرغاندىكى 25 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئۆيى ئاختۇرۇلغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1986-يىلى بىر دىنىي زات خەت يېزىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۆيىدىن پۇل چېكىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ ئېلىپ كېتىپ، ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ ئۆسۈمى زىيانغا ئۇچرىدى دەپ ئىنكاس قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا، كۆپ تەرەپلەپ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، 1200 يۈەندىن كۆپرەك ئامانەت پۇلى ۋە ئۆسۈمىنىڭ ھەممىسى مەزكۇر كىشىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

# 5-باب ئىنتىزام تەكشۈرۈش

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1958-يىلدىن بۇرۇن، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇراتتى. سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تيانشان رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى 1958-يىلى 8-ئايدا قۇرۇلدى. رېۋىزىيە كومىتېتى رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق ھۆكۈمەت، تەشكىلات بۆلۈمى، تەپتىش

مەھكىمىسى ۋە سانائەت ئىشخانىسى رەھبەرلىرىدىن بولۇپ بەش نەپەر رەھبەردىن تەشكىللەنگەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا قاراشلىق خىزمەت تارمىقى ئىدى. شۇجىلىقنى رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى بىر كىشى سەپلەنگەن. 1959-يىل 12-ئايدا، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، كادىرلاردا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. كومىتېت تولۇق مۇكەممەل ئەمەس ئىدى.

1960-يىلى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتى. ئىككى رايوننىڭ رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپپاراتى بىلەن خادىملىرى بىرلا ۋاقىتتا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى يەنىلا تيانشان رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1962-يىل 10-ئايدا، تيانشان رايونلۇق پارتكومىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئېغىر ھالدا خاتالاشتى. شەھەرلىك پارتكوم، تيانشان رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنى خىزمەتتىن توختىتىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى، تيانشان رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرى شۇنداقلا رايونلۇق ھۆكۈمەت، رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇللىرىدىن بولۇپ بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى. رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. بىر نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن شۇجى، ئۈچ نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر سەپلەندى.

1966-يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رېۋىزىيە خىزمىتى توختاپ قالدى. 1969-يىلى پارتىيىنىڭ رېۋىزىيە ئورگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1978-يىل 12-ئايدا، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى. جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1979-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى قۇرۇلدى. بىر نەپەر شۇجى قويۇلدى. 1981-يىل 6-ئايدا بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجى كۆپەيتىپ قويۇلدى. كومىتېت تېخىچە تولۇقلىنىپ كېتەلمىگەنىدى.

1984-يىلى يىل بېشىدا، رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دەرىجىسى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. يولداش جاڭ جاۋيى شۇجى بولدى.

1986-يىلى پۈتۈن رايوندىكى 12 پارتكوم، ئىككى باش ياچېيكا، 114 ياچېيكىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەزالىرى قويۇلدى (قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى). 1987-يىلى رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا سەككىز نەپەر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر بىر نەپەر. بىر نەپەر شۇجى، بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى. شۇ يىلى 4-ئايدا يولداش ۋاڭ ۋېيچىڭ شۇجى بولدى.

## 2-پاراگراف ئىنتىزام تەكشۈرۈش

**بىرىنچى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش**

1962-يىل 11-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شەھەرلىك پارتكوم 70 كە يېقىن كىشىنى خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەپ، تيانشان رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ دۆلەت قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى كوللېكتىپ ھالدا ئىگىلىۋېلىپ، زور

مىقداردىكى بىلەت بىلەن نورمىلىق تەمىنلەيدىغان ماددىي بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ يۆتكەپ كېلىپ، يېغىپ ئۆز ئالدىغا بۆلۈپ كۆپ ئىگىلىۋېلىشتەك ئېغىر مەسىلىنى تەكشۈرۈپ پاش قىلىپ چىقتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1961-يىلدىن 1962-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە رايونلۇق پارتكوم شۇجىچۇسىدىكى تۆت نەپەر شۇجى ئۆز ئالدىغا ئاشلىق بۆلۈشۈپ 628 كىلو گۈرۈچ، ئۇن، 53 كىلو ئاشلىق بېلىتى، 111 كىلو سۇماي، 1092 چى پاختا رەخت (364 مېتر)، 517 توقاچ سوپۇن، ئالىي دەرىجىلىك تاماكىدىن 138 بولاق، 65 كىلو قورۇق ئۈزۈم، 100 كىلو كەمپۈت بۆلۈشكەن. مەسىلە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە مەسلىھەتلىشىپ تاقابىل تۇرۇش ۋاستىلىرىنى شەخسەن بېكىتىپ چىقىپ، ماددىي بۇيۇملارنى يۆتكىگەن، يوشۇرغان. بەزى رايونغا قاراشلىق ئورۇنلاردىمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئاشلىق، ماي، پاختا، تاماكا قاتارلىق زور مىقداردىكى ماددىي بۇيۇملارنى ساختىلىق قىلىپ ئالغان ۋە سېتىۋالغان. ئۆز ئالدىغا بۆلۈشۈۋېلىشقا قاتناشقان كادىر 163 كىشىگە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 21.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك مەسىلىلىرى بارلىرى 112 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى 42 نەپەر، ئومۇمىي پۇل سوممىسى 255 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. تيانشان چىرىمتال زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى ۋاڭ مىڭيائى 125 مىڭ يۈەنلىك خىيانەت قىلىپ، سوت مەھكىمىسى سوتلاپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. 42 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئارىسىدىن 17 كىشى جازالانغان.

1963-يىل 5-ئايدا، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. تيانشان رايونى شەھەرنىڭ «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ سىناق نۇقتىسى ئورنى بولۇشى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ئىقتىسادچىل بولۇش ۋە «بەشكە قارشى تۇرۇش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى. 1964-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلىش مەسىلىسى بار ئادەمدىن جەمئىي 302 نەپەر تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئۇلار خىيانەت قىلغان ئومۇمىي سوممىسى 277 مىڭ يۈەن بولۇپ، 91 مىڭ 100 يۈەن ھارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. 104 ئەنزە بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى. بۇ پۈتكۈل ئەنزىلەرنىڭ 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1965-يىل 5-ئايدا، پۈتۈن رايوندا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىگە 1034 نەپەر كادىر قاتناشتى. خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك مەسىلىسى بار دەپ ئىقرار قىلغان ئادەم 258، پۇلى 113 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 47 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. «23 ماددا» ۋە ئالاقىدار سىياسەتلەرگە ئاساسەن، مەسىلىنى ياخشى تاپشۇرغان، تونۇشى ياخشى، تۆلىمە تۆلىگەن 124 نەپەر خاتالاشقان كادىرنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دولقۇنىغا ئۇچراپ، تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنمىدى.

1982-يىل 4-ئاينىڭ 13-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارار»نى چۈشۈرگەندىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مالىيە-باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بەش نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى باشلامچى قىلىنىپ «ئىقتىسادىي جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1982-يىلدىن 1986-يىلغىچە، پۈتۈن رايون بويىچە ئىقتىسادىي جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 29 ى، 38 كىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغىنى سەككىز

كىشى، 1000 يۈەندىن يۇقىرىلار 13 كىشى، 1000 يۈەندىن تۆۋەنلەر 17 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سوممىسى 243 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 122 مىڭ يۈەن ھارام پۇل، ھارام مال قايتۇرۇۋېلىندى. يۇقىرىقى ئەنزىلەرگە چېتىشلىق خادىملارنىڭ ئىچىدە، سەككىز نەپىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى (بىر نەپىرى پارتىيە ئەزاسى)، 30 نەپىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچى ئىدى (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نەپىرى پارتىيە ئەزاسى). 11 كىشى جىنايى جازاغا ئۇچرىدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپىرى پارتىيە ئەزاسى).

شۇ مەزگىلدە يەنە «ئىككى ئەنزە»نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئېلىپ بېرىلدى (لىن بياۋ، جياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنى كۆرسىتىدۇ). جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1982-يىلى «مەملىكەتلىك 5-قېتىملىق» ئىككى ئەنزە «يىغىن خاتىرىسى» ۋە شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرى 1982-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنىدىكى يىغىندا، تيانشان رايونلۇق «ئىككى ئەنزە»نى بىر تەرەپ قىلىشنى رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئاساسلىق باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى، رايونلۇق خەلق قورۇلتىيى، مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمىدىن بەش نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، «ئىككى ئەنزە»نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كونكرېت مەسئۇل بولدى. 1983-يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلاشتى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەرىكىتىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ مەسىلىسى يوق دەپ قارالغان 13 كىشىگە قارىتا قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، قايتىدىن قاراپ چىقىلدى. تەكشۈرۈپ قاراپ چىقىش ئارقىلىق، ئەسلىدە ئېنىق سۆزلەپ مەسىلىسى يوق دېيىلگەن 13 كىشى ئىچىدىكى بەش كىشى «ئىككى ئەنزە»گە چېتىشلىق ئادەم ۋە ئىشقا كىرىمگەچكە، «ئۈچ چوڭنى سۆزلەش»كە ئۆزگەرتىلىپ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلىدى (يەنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جىنايى قىلمىش ئەمەلىيىتىنى كۆپ سۆزلەش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» چېكىدىن ئاشقان مەزگىللەردە، ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىغا چۈشكەن تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى سۆزلەش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ھەرىكەتلىرى چېكىدىن ئاشقاندا ئۆزىنىڭ قانداق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغانلىق ئەھۋالىنى كۆپ سۆزلەش)، قالغانلىرىدا ئەسلىدىكى قارار ساقلاپ قېلىندى. ئۇنىڭدىن سىرت، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەرىكىتىدە قوللانغان بەزى خاتا ئۇسۇللارغا قارىتا، تەشكىلدىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. بەزى كىشىلەرنى خۇلاسىلەش جەريانىدىكى نامۇۋاپىق بولغان سۆز-جۈملىلەر ئۆزگەرتىپ تۈزىتىلدى. ئىشلەپ شەكىللەنگەن ماتېرىياللار مەركەزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

1984-يىلى تيانشان رايونى بويىچە ئۇزۇن مۇددەتكىچە نەرسە-كېرەكلەرنى ئىگىلىۋېلىش، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ ئۇزۇن مۇددەت قايتۇرۇپ بەرمەسلىك مەسىلىلىرى ئېنىقلاندى. تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتى، موتسىكلىت، گاز ئوچىقى، گارمون، ئىشخانا جوزا-ئورۇندۇقلىرى قاتارلىق 120 دىن كۆپرەك نەرسە-كېرەكلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ھۆكۈمەت پۇلىنى قەرزگە ئېلىپ ئۇزۇن مۇددەت قايتۇرمىغان پارتىيە ئەزالىرىنى يىغىندا تەنقىتلىگەندىن سىرت، شۇ كىشى ئىشلىگەن ئورۇننىڭ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە شۇ كىشىنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ تۆلىتىۋېلىشنى بۇيرۇق قىلدى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلار پاراۋانلىق زاۋۇتى، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇندىكى 17 كىشىنىڭ مۇكاپات پۇلىنى كۆپ ئالغانلىقى ۋە يەتتە ئورۇنغا قالايمىقان كىيىم تارقىتىلغانلىق مەسىلىسى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. كۆپ تارقىتىلغان 1900 يۈەن مۇكاپات پۇلى قايتۇرۇۋېلىندى. 17 مىڭ 700 يۈەن كىيىم ھەققى قايتۇرۇۋېلىندى. ئىككى ئورۇننىڭ كىيىم

تىككۈزۈپ تارقىتىش ۋە خاتىرە بۇيۇمى تارقىتىشنى پىلانلىغانلىقىدەك خاتا چارىسى توختىتىپ قويۇلۇپ، دۆلەت ئۈچۈن 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم تېجەپ قېلىندى. ئۇنىڭدىن سىرت، بىر مەكتەپنىڭ ئۆز ئالدىغا 116 نەپەر مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن 696 يۈەن سىمىنا قېتىپ كونسۇلتاتسىيە قىلىش ھەققى ئالغانلىق مەسىلىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئۆز ئالدىغا ئالغان پۇلنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. يەنە بىرقانچە نەپەر كادىر يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپاتتىن سىرت قوبۇل قىلغان «سوۋغا پۇل»نى قايتۇرۇپ بەردى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ (1987) 2-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ «ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، يېيىش-سوۋغا قىلىش، سوۋغا قوبۇل قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللارنى دەرھال توسۇش» توغرىسىدىكى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «ئىككىنى ئاشۇرۇپ، ئىككىنى تېجەش»نىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1987-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى «يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسىلەپ باھالاش خىزمىتى جەريانىدىكى بىرقانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»نى بېكىتىپ تارقىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى قەرز ئېلىپ مېھمان چاقىرىش، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىشتەك ناتوغرا كەيپىياتلار ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى.

شۇ يىلى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيە ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ سودىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىش، كارخانىلارنى ئېچىشنى قاتتىق چەكلەش توغرىسىدىكى قارار»ى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 12 نەپەر رەھبىرىي كادىرنىڭ كارخانىلاردا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىشى ئۆزگەرتىلدى ۋە ئىككى نەپەر كادىرنىڭ ئائىلىسى بىلەن سودا تىجارىتى قىلىش مەسىلىسى توختىتىپ قويۇلدى. ئايرىم كادىرلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

1955-يىلدىن 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايون بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزاسىدىن جەمئىي 53 نەپەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىن 28 نەپىرى پارتىيىدىن چىقىرىلدى. يەتتە نەپەر كىشى پارتىيە ئىچىدە سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى. ئۈچ كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. ئالتە كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، توققۇز كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. («تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى جەريانىدىكى شەھەرلىك پارتكوم بىۋاستە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان 16 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

**ئىككىنچى، تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش**

1963-يىل 3-ئايدا، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، تيانشان رايونىنىڭ «ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا نۇقتىلىق قىلىپ تەنقىد قىلغان توققۇز نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى تەكشۈردى. ئۈچ كىشىگە بېرىلگەن جازا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئالتە كىشىنىڭ مۇۋاپىق تۈزىتىلدى. جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئوڭچىل جىخۇيجۇيچى قىلىپ بېكىتىلگەنلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۈزىتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، 1980-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنىدىكى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارار قىلدى: 1959-يىلدىكى ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە نۇقتىلىق قىلىپ تەنقىدقىلىنغان توققۇز نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئۈزۈل-كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرۈلگەن تۈرلۈك ماتېرىياللىرى كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ.

1979-يىل 12-ئايدىن 1981-يىل 6-ئايغىچە، مەركەزنىڭ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھۆججىتى-

نىڭ روھى ۋە جازالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەرزلىرىگە ئاساسەن، تيانشان رايونىنىڭ بۇرۇن جازالانغان 22 نەپەر كادىرغا قارىتا قايتىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش قارار قىلىنغان سەككىز كىشىنىڭ مەسىلىسى ساقلاپ قېلىندى، ئىككى كىشىگە بېرىلگەن جازالاش قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 12 كىشىنىڭ قىسمەن مەسىلىلىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ بېكىتىلىشى توغرا بولمىغانلىقى ۋە جازا ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ جازا بېرىلدى.

يۇقىرىقى 22 كىشى ئىچىدە شەھەرلىك پارتكوم 16 كىشىنى بىۋاسىتە قايتا تەكشۈردى. يەنە 1963-يىلدىن 1966-يىلغىچە بولغان «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى جەريانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسى 16 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، كادىرنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانىدى. 1979-يىل 2-ئاينىڭ 20-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا ۋە تارىختىن قېپقالغان بەزى زور مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارىدا «سابىق تيانشان رايونلۇق پارتكومدا خاتالىق سادىر قىلغان، لېكىن بۇنى (گۇرۇھ) دەپ بېكىتىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ ئەنزىدىكى مەسىلىگە نىسبەتەن، شەھەرلىك پارتكوم ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن، توغرا يەكۈن چىقىرىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ قارارغا ئاساسەن، شەھەرلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى جازالانغان 16 كىشىنى قايتا تەكشۈردى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈچ كىشى ئاقلاندى، 11 كىشىگە بېرىلگەن جازا ئۆزگەرتىلدى، ئىككى ئادەمگە بېرىلگەن جازا ساقلاپ قېلىندى.

## 1955-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان تيانشان رايونىدىكى (دوستلۇق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزام جازاسىغا ئۇچراش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 1-2-5-11 بىرلىكى: ئادەم

| | ئايرىمىسى | 1955-يىلدىن 1966-يىلغىچە | 1967-يىلدىن 1978-يىلغىچە | 1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | 48 | 2 | 3 | 53 |
| سىياسىي مەسىلە | پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار | 2 | 1 | | 3 |
| | پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ سىنىلىۋاتقانلار | | | | |
| | ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلار | 1 | | | 1 |
| | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 1 | | | 2 |
| | ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 2 | | | 2 |
| ئىقتىسادىي مەسىلە | پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار | 17 | | | 18 |
| | پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ سىنىلىۋاتقانلار | 4 | | | 4 |
| | ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار | | | | |
| | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 1 | | | 1 |
| | ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 1 | | 1 | 2 |

| ئايرىمىسى | | 1955-يىلدىن 1966-يىلغىچە | 1967-يىلدىن 1978-يىلغىچە | 1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغانلار | پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار | | | | |
| | پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ سىنىلىۋاتقانلار | 1 | | | 1 |
| | ئۆزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار | 1 | | | 1 |
| | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 2 | | | 2 |
| | ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | | | | |
| ئاۋۇغا ئەمەلدار ئۇنلىشۇۋتىدە بولغانلار | پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار | 5 | | | 5 |
| | پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ سىنىلىۋاتقانلار | 1 | 1 | | 2 |
| | ئۆزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار | | | | |
| | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 2 | | | 2 |
| | ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 1 | | | 1 |
| باشقا مەسىلىلەر | پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار | 1 | | | 1 |
| | پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ سىنىلىۋاتقانلار | 1 | | | |
| | ئۆزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلار | 1 | | | 1 |
| | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | | | | |
| | ئاگاھلاندۇرۇلغانلار | 3 | | | 3 |

### ئۈچىنچى، ئەرزىيەت

رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى كۈچەيتتى. مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلارنى سەپلەپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ باشقۇرۇش نىشانىغا كىرگۈزدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەرزىيەتنامىلار ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەر مەسىلىسىنى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى تۈزىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەپ، نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەر ئىشلەندى. پەقەتلا 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەر ۋە خەت-چەكلەردىن 54 قېتىم (پارچە) بىر تەرەپ قىلىندى. شۇ يىللىق ئەرزىيەتنامىلارنى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى ۋە دەسلەپكى تاپشۇرۇۋالغان خەت-چەكلەر ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى بېجىرىپ ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتى 100% كە يەتتى. قايتا ئەرز قىلغانلار ۋە دەرىجە ھالقىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى.

# 12-بۆلۈم

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئومۇمىي بايان

ئازادلىقتىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە كۆۋرۈكلۈك، ياردەمچىلىك ۋە ۋاسىتىلىق رول ئويناپ، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ياشلار ۋە ئاياللارنى تەشكىللەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلىشىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ھەسسىلەرنى قوشتى.

تيانشان رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلاتلىرى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىش پائالىيىتىنى ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىدە 1957-يىللا سانائەت سىستېمىسى ئۈچ پەسىلدە 210 مىڭ يۈەن مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلدى. 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە ھەرقايسى زاۋۇتلاردا جەمئىي 7967 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تېخنىكا يېڭىلاش تۈرىدىن 107 سى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، 506 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. 104 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى زاۋۇتلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. (تۆۋەندە ئىشچىلار قۇرۇلتىيى دەپ ئاتالدى). 1987-يىلغىچە جەمئىي 78 ئىشچىلار قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. (مەھەللىگە قاراشلىق كارخانىلار ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). رايون تەۋەسىدىكى 21 زاۋۇت (دۈيلەر) ئىشچىلار قۇرۇلتىيى ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقى (ئەترەت باشلىقى)نى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئىشچىلار قۇرۇلتىيى زاۋۇت (دۈي)لەرنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى باھالاشقا قاتنىشىپ ھەمدە زاۋۇت باشلىقى (دۈيجاڭ) بىلەن توختامنامە ئىمزالاپ، زاۋۇت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، ئىتتىپاقتىكى كەڭ ئەزا ياشلارنى ئىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا ۋە

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت جەريانىدىكى تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇردى، پېشقەدەم ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە يۈرەكلىك ھالدا مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىپ، تېخنىكا يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى ۋە زاۋۇت (ئەترەتلەرنى) دېموكراتىك باشقۇرۇشنى قانات يايدۇردى. 50-يىللاردىن 70-يىللارغىچە ياشلار ئۈستەڭنى ياساش، خوتەن تېغىنى كۆكەرتىش، ساي يولىنى ياساش قاتارلىق ئەمگەكلەردە جاپادا ئالدىدا تۇرۇپ زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى (ئەترىتى) پائالىيىتى جەريانىدا مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن توققۇزى، ئىلغار شەخستىن 138 ى بارلىققا كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى كەڭ ئاياللارنى ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، زاۋۇت قۇرۇش، دۇكان ئېچىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، چوڭ پولات تاۋلاش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا ئىككى رايوندىن جەمئىي 7155 ئايال تىزىملاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 5684 ئايالنىڭ ھەرىكەتكە قاتنىشىشى تەستىقلىنىپ، تىزىملاتقان ئاياللار ئومۇمىي سانىنىڭ 79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى؛ كوللېكتىپىزملىق، ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە «تۆت بولۇش» (ئەخلاقلىق، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش) تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مائارىپ كومىتېتى «گۇرۇپپا»سىدىن 55 نى قۇرۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى تەشۋىقاتچىدىن 177 ئادەم سەپلىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ياشلىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارغا قارىتا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش شۇنىڭدەك قانۇن-تۈزۈم بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1982-يىلى، 1987-يىلى ئىككى قېتىم شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولۇپ باھالاندى. رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا قەھرىمان، نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچىلىك، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 9431 ى بارلىققا كېلىپ، 46 مىڭ 416 تۈرلۈك (قېتىم) ياخشى ئىش قىلىندى. 112 ئىللىقلىق يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى 204 ئائىلىلىك يېتىم-يېسىر، يالغۇز، ياشانغان قېرىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. «ئۈچتە ياخشى ياش بولۇش» (ئۆگىنىشتە، ئىدىيىدە، خىزمەتتە ياخشى) پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1973-يىلىلا رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردىن «ئۈچتە ياخشى ياش»تىن 100 ئادەم سايلاپ چىقىلدى. 13 كىشى شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك «ئۈچتە ياخشى» ياشلار ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى سۆيۈش» شۇنىڭدەك شەھەرنى پاكىزلاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1984-يىلىلا پۈتۈن رايون ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش-ئۆسمۈرلەر سارىيىنى سېلىشقا 12 مىڭ 920 يۈەن ئىئانە قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا، ئائىلىنى تىرىشچانلىق، ئىختىسادچانلىق بىلەن باشقۇرۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ۋە «8-مارت» قىزىل بايراقدارى (كوللېكتىپى) پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «بەشتە ياخشى» ئائىلە، مەدەنىيەتلىك بىنا، قورۇ (بىنا) پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1987-يىلغىچە پۈتۈن رايوندا «8-مارت» قىزىل بايراقدارىدىن

جەمئىي 657 ئادەم بارلىققا كەلدى. شەھەر دەرىجىلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپىدىن 11ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپىدىن بەشى، مەملىكەت دەرىجىلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارىدىن ئىككىسى سايلاپ چىقىلدى. 36 مىڭ 111 «بەشتە ياخشى» ئائىلە سايلاپ چىقىلىپ، پۈتۈن رايون ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 43.96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. «بەشتە ياخشى» بىنادىن 33 ى، «بەشتە ياخشى» كۆۋرۈكتىن 280 سى باھالاپ چىقىلدى. ھەر مىللەت ئاياللىرى ئارىسىدا «ئۆز ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆز ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز ئۆزىنى كۈچەيتىش» تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. رايونلۇق پارتكوم ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قوغداش خىزمەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، قانۇن مەسلىھەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئېغىر بولغان ئائىلە ماجىراسى ئەنزىسىدىن 33 تۈرىنى قوبۇل قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرۈش ئەنزىلىرىنى ئاشكارە بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشىپ، كەڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى گەۋدىلەندۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىغا ماسلىشىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئاياللار، ياشلار ئارىسىدا كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇردى. 50-يىللاردا، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا جۈپ بولۇش «بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، جۈپ قىزىللاشقانلار» دىن بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى. بەزى زاۋۇت (گۇرۇپپا)لار يەنە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنى ھۆددىگە ئېلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 60-يىللاردىن 70-يىللارغىچە ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنى قوغدىدى. 1983-يىلدىن 1987-يىلغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ بەشىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتىگە ماسلىشىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

# 1-باب ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

## 1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

1952-يىلدىن 1954-يىلغىچە شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى رايونلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنىنى تەسىس قىلدى. خىزمەتنى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەۋەتكەن ئالتە نەپەر كادىر ئايرىم-ئايرىم باشقۇردى ھەمدە ئارقا-ئارقىدىن قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، باققالچى-

لىق، ھامماللىق، قۇرۇلۇش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا بەش ئىستېمالچىلار بىرلەشمە كوپېراتىپى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە شەھەرلىك مالىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقۇراتتى.

1956-يىلى 6-ئايدا ھەرقايسى رايونلار پەقەت قول سانائەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىلا قالدۇرۇپ قېلىپ، باققالچىلىق، ھامماللىق، قۇرۇلۇش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەھەرگە قاراشلىق مۇۋاپىق كېلىدىغان كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1958-يىلى ئىككى رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ھەرقايسىسىغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەخسۇس كادىرىدىن ئۈچ نەپەر سەپلىدى. ئىككى رايوننىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئىككى رايون پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا قوشۇمچە ئۆتىدى. شتات ۋە خىراجەتنى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە باشقۇردى. 1959-يىلى ئىككى رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنى رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى ھەرقايسى رايونلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. 1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلگەندە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىمۇ بىرلەشتۈرۈلدى. رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رەئىس بولدى، بىر مۇئاۋىن رەئىس تەيىن قىلىنىپ، تۆت نەپەر كادىر سەپلەندى. ھەرقايسى سېستىمىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئۆزلىرى بىرلەشتى. بۇ ۋاقىتتا رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قارمىقىدا ھەرقايسى زاۋۇت (كوپېراتىپ) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن 36 سى بار ئىدى.

1962-يىلىنىڭ باشلىرىدا، رايون تەۋەسىدىكى قىسمەن سانائەت كارخانا ئورۇنلىرى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئارقا ئارقىدىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. 1964-يىلىنىڭ بېشىدا رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونى 1979-يىلى 11-ئايدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ رەئىستىن بىرنى، كادىردىن ئىككىنى سەپلىدى. 1980-يىلى، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ كارخانىلىرىدىمۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

1984-يىلى 11-ئايدا، تيانشان رايونى 1-نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ئەزالىرى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى (تۆۋەندە رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى). رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىقىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

## 2-پاراگراف قۇرۇلتايلار

1984-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە تيانشان رايونى 1-نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر 104 بولۇپ، رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئورۇن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 2.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 32 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 30.7% نى ئىگىلىدى. ئايال ۋەكىللەر 74 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 71.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ئاكتىپلار ۋە مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرلار ۋەكىللىرى 80 بولۇپ، ۋەكىللەر

ئومۇمىي سانىنىڭ 76.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئىلغار نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى 36 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 34.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. زىيالىلار ۋەكىللىرى 20 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 19.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. باشقا ئەزا ۋەكىللەر 22 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 21.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋەكىللەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 36.6 ياش، ئەڭ چوڭى 57 ياش، ئەڭ كىچىكى 19 ياش. سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىللەر 18. يىغىن تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بەش يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى؛ مۇئاۋىن مۇدىر رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى. شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۆز قىلىپ، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلگەن بەش يىل جەريانىدىكى خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىگە قارىتا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پۈتۈن رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئەزالىرى ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەر جەريانىدىكى غول قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كارخانىلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە مەدەنىيەت-تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا راست گەپ قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلىش ۋە ماھىر بولۇش كېرەك. قۇرۇلتايدا يەنە «پۈتۈن رايوندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى» دېگەن قارار ماقۇللاندى.

ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىپ غۇلغۇلا قىلىشى ئارقىلىق، تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلدى. 15 ھەيئەت، بەش دائىمىي ھەيئەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىر رەئىس سايلاندى، ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتىنىڭ خىراجىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئىككى ئەزا، بىر مۇدىر سايلاپ چىقىلدى.

## 3-پاراگراف ئاساسىي خىزمەتلىرى

### بىرىنچى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش

1949-يىلى 12-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك پارتكومى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ھەرقايسى رايونلاردا خۇسۇسىي ئىگىلىك كارخانىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلاتىنى قۇردى. تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنى 3500 گە كۆپەيتتى. 1952-يىلى 12-ئايدا، شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى رايونلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرۇپ، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا، ھەرقايسى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنى رەھبەرلىك قىلىشنى قارار قىلدى. ھەرقايسى كەسىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سىستېمىلاشقان كەسىپ تەشكىلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلمىدى. 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۇكانچىلار،

بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، hاممال ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا شەھەرلىك كارخانا تارماقلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىك قىلدى. ھەرقايسى رايونلار قول سانائەتتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ساقلاپ قالدى ھەمدە بىناكارلىق كوپېراتىپى، سودا بۆلۈمى، ئاشلىق بۆلۈمى ۋە تازىلىق ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى يېڭىدىن قۇردى. سانائەت، قاتناش سىستېمىسىدىكى كارخانىلاردا 36 زاۋۇت (كوپېراتىپ) ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ھەرقايسى تارماق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى رەئىس ياكى بىر ئىم مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلارنى سەپلىدى. ئىككى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ 4000 دىن ئېشىپ كەتتى.

1979-يىلى 11-ئايدا، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قايتىدىن قۇرۇلدى. شۇنداقلا شۇ يىلى رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. مائارىپ، شەھەر قۇرۇلۇش، مۇھىت تازىلىقى، مالىيە-باج ئىدارىسى شۇنىڭدەك رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1980-يىلى، رايونغا قاراشلىق بەش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەممىسىدە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى پۈتۈن رايوندا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 58 گە (مەھەللىگە قاراشلىق كارخانىلار، ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى 126 گە يەتتى. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە، پۈتۈن رايوندا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسىدىن 320 سى قۇرۇلۇپ، ئەزالىرى 5400 گە، ئاساسىي قاتلامدىكى مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى 21 گە يەتتى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن 360 كادىرنى تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلىدى.

**ئىككىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى**

1981-يىلى، رايون تەۋەسىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى (تۆۋەندە ئىشچىلار قۇرۇلتىيى دەپ ئاتالدى) تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلدى، ھەمدە يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كارخانىسىدا سىناق نۇقتا خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. سىناق نۇقتا خىزمىتىدىن كېيىن، پۈتۈن رايوندا جەمئىي 21 ئىشچىلار قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. 1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە پۈتۈن رايوندا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى، مائارىپ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى قۇرۇلتىيىدىن جەمئىي 78 ى قۇرۇلدى. ھەرقايسى كەسپىي، كارخانا ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا پائال قاتنىشىپ دېموكراتىيىلەشكەن باشقۇرۇشنى پەيدىنپەي قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىشكە يۈزلەندۈردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى خوجايىنلىق روھ بىلەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا مۇزاكىرىلىشىپ مۇھاكىمە قىلدى، قىسمەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر باشقا ئورۇنلارغا ئۆستۈرۈلىدىغان، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىدىغان كادىرلارنى ئەستايىدىل باھالاپ كۆرسەتتى. پەقەت 1987-يىلىلا، رايون تەۋەسىدىكى 21 كارخانا ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق زاۋۇت (ئەترەت) باشلىقلىرىنى سايلاپ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. كارخانىلارنى ئىجارىگە، ھۆددىگە بېرىش جەريانىدا، ئىشچىلار قۇرۇلتىيى خىزمەتلەرنى باھالاپ تەكشۈرۈش ۋە توختامنامە ئىمزالاش خىزمەتلىرىگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

### ئۈچىنچى، تەشۋىقىي تەربىيە

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەرقايسى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، تەربىيە ئۈچى بىر گەۋدە بولغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. دېموكراتىك ئىسلاھات، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يەنە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مەكتىپى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خەت ئۆگىنىش كۇرسى، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسىنى ئېچىپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 1956-يىلى ئىككى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقانلار مەكتىپى قۇرۇپ مەخسۇس كەسپىتىكى مەدەنىيەت مۇئەللىملىرىنى سەپلىدى. ئىككى رايون ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ناخشا، ئۇسسۇل ۋە دۇمباق ئەترەتلىرىنى، سەنئەت كۇرژۇكلىرىنى تەشكىللەپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. 1987-يىلغىچە پەقەت ماتارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تەرەققىي قىلىپ 55 كە، پۈتۈن رايوندا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات كادىرلىرى 177 گە يەتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بارغانسېرى ياشلىشىۋاتقانلىقىنى، ياشلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ناچار كەيپىياتلارنى ئاسان يۇقتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ياش ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە قانۇن بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش، «تۆت گۈزەل، بەش بولۇش» ۋە جاڭ خەيدى، جۇبەيرو، ئەن چىڭمىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى؛ لاۋشەن ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى؛ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە يۇقىرىقى تۈرلۈك تەشۋىقات پائالىيەتلىرى 31 مەيدان قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ 104 ئادەم تەشۋىقىي تەربىيە نۇتقى سۆزلىدى. تەربىيىلەنگۈچىلەر 5444 ئادەم قېتىمغا يەتتى. كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» پائالىيەتخانىسىدىن 52 سى قۇرۇلدى. ساقلانغان كىتاب 5870 پارچىگە، يېزىلغان گېزىت-ژۇرناللار 30 نەچچە تۈر بويىچە 249 مىڭ پارچىغا يەتتى. ھەممە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 198 ى تەشكىللىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىدىن 3642 ئادەم قاتناشتى. تام گېزىتىدىن 12 پارچە 2073 سان چىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى قۇرۇش قارا دوسكا كۆرگەزمە مۇسابىقىسىدە رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى كۆرگەزمىدە 25 تاختاي گېزىتى مۇكاپاتلىنىپ، كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان تاختاي گېزىتلىرىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

### تۆتىنچى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەرقايسى كەسىپتىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ھەرقايسى رايونلارنىڭ دۇكانچى، قول سانائەت ئىشچىلىرى ئۇيۇشمىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۇرۇش، ئومۇمغا، شەخسكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتال ئىگىلىرىنى تەڭ پايدا كۆرىدىغان قىلىش» سىياسىتىگە رىئايە قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كاپىتال ئىگىلىرى بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتال ئىگىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. ھەرقايسى كەسىپ دۇكانلىرىدىكى ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتال ئىگىلىرى كېڭىشىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ، ئەمگەك ئىش ھەققى توختامنامىسىنى ئىمزالىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەرقايسى رايونلاردا جەمئىي 191 قول ھۈنەر كىچىك زاۋۇتلىرى (كارخانا)، 202 خۇسۇسىي ئىگىلىك دۇكانلىرى ئەمگەك ئىش ھەققى كوللېكتىپ توختامنامىسىنى ئىمزالاپ ھەم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى، ھەم كاپىتالىستلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇردى.

1954-يىلى 4-ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئارىسىدا تۇنجى قېتىم سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ۋە ئىقتىساد قىلىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىستېمالچىلار بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى ئەمگەك مۇسابىقە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئەمگەك مۇسابىقىسى تەرتىپىنى تۈزدى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا رىقابەتلەر مۇسابىقىسى «بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش، بىر جۈپ قىزىللاشقانلار»دىن بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1954-يىلدىن 1957-يىلغىچە كارخانىلار ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىساد قىلىش، مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىشنى مەزمۇن قىلغان زاۋۇتلار ئارا قىزىل بايراق مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باھالاش-مۇكاپاتلاش ئۇسۇلىنى بېكىتىپ، كارخانىدىكى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار پىلانلىق ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى جۈرئەتلىك ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىپ، كېڭەيتىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. قىزىل بايراق مۇسابىقە پائالىيىتى جەريانىدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ بەسلىشىش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش قىزغىنلىقى بىراقلا كۆتۈرۈلدى. پەقەت 1957-يىلىنىڭ 1-پەسلىدىن 3-پەسلىگىچىلا رايون تەۋەسىدىكى قول سانائەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى زاۋۇتلار جەمئىي 210 مىڭ يۈەن ئىقتىساد قىلدى. 1958-يىلى ئاممىۋى خاراكتېرلىك تېخنىكىدا ھۈنەر كۆرسىتىش مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىككى رايوندىن 2000 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. يەنە سودا، يېمەك-ئىچمەك كەسپىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ھەممە يەردە خېرىدارلارنى كۆزدە تۇتۇش، ھەممە ئىشتا خېرىدارلارنى ئويلاش، ھەر ۋاقىت خېرىدارلار ئۈچۈن ئالدىراش، ھەممە ئىشنى خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىلىش، ھەممە ئىشتا خېرىدارلارنى رازى قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. باھالاش ئارقىلىق رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچى، تىجارەت خادىمى شەھەر ۋە رايون ئىشلەپچىقىرىش بويىچە زەربىدار شۇنىڭدەك چېمپىيون. ئىككىنچى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1982-يىلى سانائەت سىستېمىسىدا «ئەلا سۈپەت، يۇقىرى مەھسۇلات، تۆۋەن سەرپىيات، بىخەتەرلىك»

نى مەزمۇن قىلغان يېڭى تېخنىكا يارىتىش بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقە پائالىيىتى، 1986-يىلى «شەكلىنى ئۆزگەرتىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جىسمانىي خاراكتېرلىك ئەمگەك ئەقلىي خاراكتېرلىك، تېخنىكا خاراكتېرلىك ئەمگەككە ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ۋە ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پەقەت 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى زاۋۇتلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر 79 مىڭ 400 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 107 نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 506 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 5000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان يېڭى تېخنىكا تۈرلىرى 42. ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن يەنە كىشى بېشىغا يۈز يۈەندىن ئىقتىساد قىلىشتەك ئاممىۋى خاراكتېرلىك پائالىيەتنى ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى كارخانىلاردىن 3100 ئادەم قاتنىشىپ، 525 مىڭ يۈەن ئىقتىساد قىلىندى ھەمدە 104 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. 8005 كىشى تۈرلۈك خالىسانە ئەمگەكلەرگە ئۆزلىكىدىن قاتنىشىپ، يۇقىرى تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە كۆرسەتكۈچلەرنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. 1987-يىلى 9-ئايدا شەھەر بويىچە يېڭى نەتىجىلەرنى ئېلان قىلىش يىغىنىدا رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى زاۋۇتلار يېڭى نەتىجىلەردىن 25 تۈرنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەككىز تۈرلۈك نەتىجە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 16 تۈرلۈك نەتىجە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1987-يىلى رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۈلگىلىك رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 14 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شەھەرلىك ئۈلگىلىك ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئەلا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولۇپ باھالاندى، ئىككى كىشى شەھەرلىك تېخنىكا يېڭىلاش ئىسلاھاتىدىكى ماھىر ۋە ئىقتىساد قىلىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى. ئۈچ گورۇپپا ۋە ئۈچ زاۋۇت (گورۇپپا) باشلىقى شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتى تەرىپىدىن «بەشتە ياخشى گورۇپپا» ۋە «بەشتە ياخشى» گورۇپپا باشلىقى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن رايون كارخانىلىرىدا مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن تۆتى، ئىلغار شەخستىن ئالتىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار شەخستىن 13ى، شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپتىن 15 ى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن 27 كىشى بارلىققا كەلدى.

تيانشان رايونى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا قوغداش، نازارەت قىلىش، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر تېخنىكا ھەمكارلىق كومىتېتىنى قۇرۇپ ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمگەك-مۇھاپىزەت قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىنى نازارەت قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتتى. رايونلۇق ئەمگەك ئىستىراخۇۋانىيە تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ رايونغا قاراشلىق كارخانىلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى كارخانىلار ئارىسىدا ئەمگەك مۇھاپىزەت تەشكىلاتى ياكى بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچى خادىملار سەپلىنىپ، ھەرقايسى كارخانىلار بىخەتەرلىكنى تەكشۈرگۈچى خادىملارنى ئۆگىنىشكە كۆپ قېتىم تەشكىللەپ رايونغا قاراشلىق كارخانىلاردىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرگۈچى كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

**بەشىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى**

1950-يىلدىن 1954-يىلغىچە، ھەرقايسى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەشكىلاتى ئىشسىز ئىش-

چى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى قۇتقۇزۇش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، كاپىتال ئىگىسى بىلەن ئەمگەك ئىش ھەققى توختامنامىسىنى تۈزۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىدى. 1954-يىلى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى ئايال ئەزالار ۋە پاراۋانلىق ئەزالىرىنى تەسىس قىلىپ، كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى، مائاش تەمىناتى ۋە ئەمگەك مۇھاپىزەت خىزمىتىگە قاتناشتى. ئاياللار بىرلەشمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كارخانىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىدە بەلگىلىك رول ئوينىدى. ئىشچىلار قۇرۇلتىيى كارخانىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى چېكىندۈرۈپ بېقىش، دېم ئېلىشقا چىقىش تۈزۈمى شۇنىڭدەك ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى داۋالاش قاتارلىق پاراۋانلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. 1987-يىلىلا پۈتۈن رايون ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدىن 14ى، مۇنچىدىن توققۇزى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدىن 69 ى، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئۆيىدىن 35 ى، ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش فوندىدىن 61 ى قۇرۇلدى. 1950-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا بېرىپ دەم ئېلىشقا ئۇيۇشتۇردى، 1987-يىلى 22 كىشى بېيدەيخې، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، خەينەنداۋ قاتارلىق دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا باردى، يەنە 100 نەچچە كىشى ئۈرۈمچىدىكى مەنزىرىلىك رايونلارغا بېرىپ قىسقا مۇددەت دەم ئالدى. رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى تۆت قېتىم ئاچتى. 55 نەپەر ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دوستى بولۇش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا 40 كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شەھەرلىك، رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ تاللاندى. 18 مەكتەپ لاياقەتلىك «تەربىيە ئائىلىسى» ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 52 كادىرى ئىلغار شەخس، 107 ئەزاسى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپ دوستى بولۇپ باھالاندى.

# 2-باب كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

## 1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە دىخۇا شەھىرىدە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ياشلار ئىتتىپاقى دىخۇا شەھەرلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭچىۋارلار جەمئىيىتى، ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلار ئالغا ئىلگىرىلەش تەرىپىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەرەققىيات ئويۇشتۇرۇپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

1950-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك پارتكومى شەھەرلىك ياشلار قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، دىخۇا شەھەرلىك ياشلار دېموكراتىيە بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق كومىتېتىنى قۇردى. (تۆۋەندە ياشلار تەييارلىق كومىتېتى ۋە ياشلار بىرلەشمىسى دەپ ئاتالدى)، 1950-يىلى 9-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىخۇا شەھەرلىك كومىتېتى ھەرقايسى رايونلارغا ياشلار خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ (ھەربىر گۇرۇپپىدا ئىككىدىن ئۈچكىچە ئادەم) ھەرقايسى رايونلارنىڭ ياشلار تەربىيىسى ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتى تەرەققىيات خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. 1950-يىلى 12-ئايدىن 1951-يىلى 3-ئايغىچە ھەرقايسى بەھەللىلەر ياشلار كومىتېتىنى قۇرۇپ، ياشلار كومىتېتى مۇدىرى ۋە ئەزالىرىنى سەپلىدى. ھەرقايسى رايونلار ئارقا-ئارقىدىن ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ياشلار بىرلەشمە تەشكىلاتىنى قۇردى. ياشلار بىرلەشمىلىرى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ياشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە سودا-سانائەت ساھەسى، دىنىي ساھەدىكى ھەر مىللەت ياش ۋەكىللەردىن تەشكىل تاپتى.

1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئورگان، مەكتەپ، دۇكان، ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپىراتىپى (گۇرۇپپا)لىرىدا ئىتتىپاق ئەزالىرى ئاساسلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1952-يىلى 1-رايوندا مەكتەپ، ئورگان ياچېيكىسىدىن ئىككىسى، 46 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى؛ 2-رايوندا مەكتەپ، ئورگان ياچېيكىسىدىن ئىككىسى (جامائەت خەۋپسىزلىك، سودا ئورگىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 10 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى؛ 3-رايوندا مەكتەپ ۋە بىرلەشمە ياچېيكىدىن ئىككىسى (ئورگان، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى، بىرلەشمە كوپىراتىپ ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 21 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى؛ 5-رايوندا ئورگان ياچېيكىسىدىن ئىككىسى (جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 30 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى. 1953-يىلى ئومۇمىيۈزلۈك سايلامغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى مەھەللىلەردە ئىتتىپاق تەشكىلىنى قۇرۇش باشلاندى. شۇ يىلى ھەرقايسى رايونلاردا جەمئىي 17 ياچېيكا، 127 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى. 1955-يىلى 11-ئايغا كەلگەندە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى تەرەققىي قىلىپ 274 كە، ياچېيكىلىرى 20 گە يەتتى.

1956-يىلى، بىرىنچى قېتىم رايونلارنى بىرلەشتۈرگەندە، ئىككى رايوننىڭ رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئايرىم-ئايرىم قۇرۇلدى. 1957-يىلى 5-ئايدا، يېڭى دېموكراتىيە ياشلار ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى. 1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلگەندە، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىمۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى. 1966-يىلغىچە، رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى سىستېمىلاردا ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىدىن ئىككىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن 56 سى، 300 ئىتتىپاق ئەزاسى بار بولدى. رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىغا بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، ئۈچ كادىر قويۇلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىتتىپاق تەشكىلاتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1973-يىلى 6-ئايدا ئىتتىپاق تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1987-يىلى، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىدا بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، ئۈچ خىزمەتچى بار ئىدى. قارمىقىدىكى ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 10 غا، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى ئىككىگە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 81 گە، ئىتتىپاق ئەزاسى 820 گە يەتتى.

**1973-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق ئىنتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات جەدۋىلى**

جەدۋەل 1-1-2-12

بىرلىكى: ئادەم

| يىللار | ئەرمەكسى قىلدۇرۇلغان ئىنتىپاق ئەزالىرى سانى | ئىنتىپاق ئەزاسى سانى | ئاز سانلىق مىللەت ئىنتىپاق ئەزالىرى سانى | ياشلار ئومۇمىي سانى | ئىنتىپاق ئەزالىرىنىڭ ياشلار ئارىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ياش ئىنتىپاق ياچېيكا سانى | ئىنتىپاق ياچېيكا سانى | مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىنتىپاق كادىرلىرى سانى | ئىنتىپاق ئەزالىرىدىن پارتىيىگە كىرگەنلەر سانى | بېشى تۇتۇپ ئىنتىپاقتىن چېكىنگەنلەر سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 138 | 941 | 169 | 2079 | 45 | | 59 | 2 | 5 | 319 |
| 1974 | 107 | 546 | | 1292 | 42 | | 41 | | | 143 |
| 1975 | 106 | 637 | 146 | 3143 | 20 | | 40 | 3 | 1 | 53 |
| 1976 | 131 | 705 | 211 | 2997 | 24 | | 41 | 4 | 8 | 46 |
| 1977 | 47 | 681 | 180 | 2234 | 3.04 | | 48 | 3 | 5 | 43 |
| 1978 | 88 | 820 | 206 | 4090 | 20 | | 43 | 4 | 1 | 50 |
| 1979 | 98 | 978 | 230 | 7933 | 12 | 1 | 42 | 3 | 2 | 77 |
| 1980 | 140 | 662 | 226 | 6427 | 10 | | 43 | 3 | 5 | 50 |
| 1981 | 81 | 644 | 198 | 5152 | 12 | 1 | 59 | 4 | 6 | 30 |
| 1982 | 120 | 570 | 176 | 1612 | 30.7 | | 59 | 4 | 1 | 83 |
| 1983 | 58 | 591 | 216 | 2465 | 24 | 1 | 3 | 3 | 31 | |
| 1984 | 84 | 749 | 248 | 2925 | 25.6 | 1 | 61 | 4 | 4 | 43 |
| 1985 | 49 | 781 | 176 | 2579 | 30.3 | 2 | 68 | 3 | 10 | 31 |
| 1986 | 126 | 862 | 152 | 2560 | 33.7 | 2 | 61 | 5 | 6 | 34 |
| 1987 | 104 | 820 | 276 | 1847 | 44.4 | 2 | 81 | 5 | 8 | 28 |

## 2-پاراگراف قۇرۇلتايلار

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 1-قۇرۇلتىيى 1961-يىلى 7-ئايدا شەھەرلىك سودا ئىدارىسى زالىدا چاقىرىلىپ 1-نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە ئەزالىرى، ىبردىن شۇجى ۋە مۇئاۋىن شۇجى سايلاپ چىقىلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 2-قۇرۇلتىيى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» سەۋەبىدىن ئېچىلمىدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 3-قۇرۇلتىيى 1973-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە شەھەرلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل

107، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىللەر 74، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 29، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىللەر 23. قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىسلاھ تۈزىتىش ۋە ياشلار خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى يۈرگۈزگەن ئەكسىلئىنقىلابىي شۇجىڭجۇيىلىق لۇشيەننى پىپەن قىلىشتىن ئىبارەت. قۇرۇلتايدا رايونلۇق ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بەرگەن «ماۋجۇشى كۆرسىتىپ بەرگەن ياشلار ھەرىكىتى يۆلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئۈچ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت جەريانىدىكى زەربىدارلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى» دېگەن خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى. قۇرۇلتايدا ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتلىرى، «قىزىل كىچىك قوغدىغۇچىلار»غا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى. قۇرۇلتايدا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 21 ئەزا سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دائىمىي ھەيئەت بەش، شۇجى بىر، مۇئاۋىن شۇجى ئىككى. شەھەرلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 25 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 4-قۇرۇلتىيى 1979-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل 91، يىغىندا توققۇز ھەيئەت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇجى بىر، مۇئاۋىن شۇجى بىر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قۇرۇلتايغا كېلىپ سۆز قىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 1981-يىلى 10-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئېچىلدى. يىغىنغا 105 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىللەر 70، قۇرۇلتايدا «ئىتتىپاقنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيىنىڭ غوللۇق ياردەمچىلىرىدىن بولايلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە ئارقىلىق ماقۇللاندى؛ يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى ماقۇللاندى؛ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە 11 ئەزانى سايلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇجى بىر، مۇئاۋىن شۇجى بىر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قۇرۇلتايغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 6-قۇرۇلتىيى 1984-يىلى 12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ 6-قەۋەت مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى. يىغىنغا 80 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ۋەكىللەر 44، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 10، قۇرۇلتايدا «ئىسلاھاتتا ماھىر بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، رايونىمىز ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتايلى» دېگەن خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى. قۇرۇلتايدا ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى بېكىتىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى 12-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەڭشەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدا غوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، يېڭى يۈرۈشلەشكەن تەشكىلىي قۇرۇلمىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ،

تيانشان رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. خىزمەت ۋەزىپىسى قارار قىلىندى. قۇرۇلتايدا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تيانشان رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە 11 نەپەر ئەزاسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇجى بىر، مۇئاۋىن شۇجى بىر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئىسلاھات ئالدىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ياشلار ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

## 3-پاراگراف خىزمەتلىرى

**بىرىنچى، ئىدىيىۋى تەربىيە**

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەھەرلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى خىزمەت كومىتېتى تەشۋىقات ئۆمىكى تەشكىللەپ ھەرقايسى رايونلاردا ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىرائەتخانىلارنى ئېچىپ، ئىتتىپاق بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. بىر تۈركۈم ئاكتىپ ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلىگە كىردى، 3743 نەپەر ياش شەھەرلىك كادىرلار مەكتىپى، ھەرقايسى رايونلار ياشلار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ ۋە ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا ئارقا-ئارقىدىن قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن كەڭ ياشلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش مەزمۇن قىلىنغان تاش، كۆمۈر توشۇش شۇنىڭدەك تىنچلىق ئۈستىگىنى ياساشتەك خالىسانە ئەمگەكلەرگە قاتناشتى.

1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. پائال ئىشلەپ، پۇل، مال ئىئانە قىلىش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، تاماكا چېكىش، قىمار ئويناشنى چەكلەش ئىشلىرىغا قاتناشتى. ھەرقايسى رايوندىكى ياشلار بىرلەشمىلىرى ھېيت-بايراملارغا بىرلەشتۈرۈپ ئىتتىپاق ئەزالىرىنى، يېزىلارغا بېرىپ ناخشا-ئۇسسۇل، دراما قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشۋىقات ئويۇنلىرى-نى قويۇشقا تەشكىللىدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆسۈپ، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار ئارمىيىسىگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئىتتىپاق ئەزالىرى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا، ئىدىيىسىدىكى دىلىغوللۇقنى چىقىرىپ تاشلاپ، قانۇنسىزلار ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى يۈرەكلىك پاش قىلدى، 1-رايوندىكى 16 نەپەر ياشنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغاچقا شەرەپ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىندى.

1955-يىلى بەش رايوندىكى ياشلار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئىقتىسادچىل بولۇپ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشقا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئىتتىپاق ئەزالىرى بەس-بەستە زايوم سېتىۋېلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى، شۇ يىلى، مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى ۋاڭ جۈنيىڭنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا ھەرقايسى رايونلار سودا سىستېمىسىدا «بىردە ئاز، ئىككىدە ياخشى، ئۈچتە خاتا بولماسلىق» (تاۋارلارنى خورىتىش ئاز، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى، كەسپتە ئىزدىنىشى ياخشى، مالنى خاتا بەرمەسلىك، پۇلدا ئازماسلىق، ھېساباتتا خاتا بولماسلىق) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولدى.

1956-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە پائال ماسلىشىپ كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1957-يىلى ئىككى رايون ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە چەت رايون يېزىلىرىغا كىتابخانا قۇرۇپ بېرىپ ھەممە ئۇلارغا كىتاب سوۋغا قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىپ، يېزا ياشلار مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1958-يىلدىن 1966-يىلغىچە رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىدا قىزىل بايراق مۇكاپاتى بويىچە كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى «ياشلىق ناخشىسى»، «قىزىل قۇياش»، «پولات قانداق تاۋلاندى» قاتارلىق 10 نەچچە ئىنقىلابىي كىتابلارنى ئوقۇپ، سۆھبەتلىشىش، خاتىرە يېزىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئوناللىق روھىنى كۈچەيتتى. رەئىس ماۋزېدۇڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەرگەندىن كېيىن ئىتتىپاق ئەزالىرى لېي فېڭدىن ئۆگىنىشنى ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، «ۋىنتا»لىق روھ بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ياشلار ئىقتىساد قىلىش ئەترىتى، ياشلار كېرەكلىك نەرسىلەرنى يىغىش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، ئامبارلارنى ئېنىقلاپ تازىلاپ، ئەسكى-تۇسكىلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ 1973-يىلغىچە پۈتۈن رايوننىڭ ئىتتىپاق خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1973-يىلدىن 1979-يىلغىچە، رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىدا سالامەتلىكتە ياخشى، ئۆگىنىشتە ياخشى، خىزمەتتە ياخشى بولۇشتەك «ئۈچتە ياخشى» ياشلار پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر بويىچە 17 نەپەر «ئۈچتە ياخشى» ياش بارلىققا كەلدى. يەنە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى ئەسلەپ، راھەت-پاراغەتنىڭ قەدرىگە يېتىش ۋە ئىنقىلابىي تارىخلارنى ئاڭلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. زىيالىي ياشلارنىڭ تاغلارغا ۋە يېزىلارغا بېرىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ياشلار ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ زىيالىي ياشلارنىڭ تاغلارغا ۋە يېزىلارغا بېرىشنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى، ئۆگىنىش ئارقىلىق 1966-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 50 نەپەر ئوقۇغۇچى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، كەمبەغەل تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى زاۋۇت، يېزىلارغا بېرىپ، ئىشچىلاردىن، دېھقانلاردىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. 1978-يىلى يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىدىن بولۇش تەشۋىقات تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتتە ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، تېخنىكا يېڭىلاشقا قاتناشتى، 1979-يىلى 21 نەپەر ياش زەربىدار، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە پۈتۈن رايوندىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئارىسىدا ئىنقىلابىي قۇربانلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قاراتمىلىق قىلغان ھالدا كونكرېت، جانلىق بولغان «ئۇنى تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش» تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، يەنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىنتىلمەي ياشلىق باھارىنى بىكار ئۆتكۈزۈشكە قارشى تۇرۇش؛ ئەمگەكنى سۆيۈپ، ئاددىي-ساددا بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، راھەتكە يۈگۈرۈپ جاپادىن قېچىپ، راھەت پاراغەتنى قوغلىشىشقا قارشى

تۇرۇش؛ مەدەنىيەتلىك ئەدەبلىك بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ناچار سۆزلەرنى قىلىپ ئورۇنسىز مۇتىھەملىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش؛ قانۇن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، دېموكراتىيىنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، قانۇن ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمايدىغان لىبرالىزملىققا قارشى تۇرۇش؛ كوللېكتىپنى سۆيۈپ ئومۇملۇقنى ئويلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئومۇمنىڭكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ماجرا تۇغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش؛ بەدەن چېنىقتۇرۇپ تازىلىققا رىئايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ ھاراق ئىچىپ، تاماكا چېكىپ، تازىلىققا رىئايە قىلماسلىققا قارشى تۇرۇش؛ سەممىي، كەمتەر، راستچىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ يالغان سۆزلەپ، باشقىلارنى ئالداپ، مەغرۇرلۇق قىلىشقا قارشى تۇرۇش؛ يىغىنچە توي قىلىشنى، پىلانلىق تۇغۇتنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆپ پەرزەنت كۆرۈشكە قارشى تۇرۇش؛ ماتېرىيالىزمنى، خۇراپاتلىققا ئىشەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىدىيالىزمغا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىتتىپاق ئەزالىرى «ئۇننى تەشەببۇس قىلىش، ئۇنىغا قارشى تۇرۇش»نى دەستۇر قىلىپ، ئۆزلىرىگە تەتبىقلاپ، ياخشى بولغان تەربىيىۋى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1980-يىلى پۈتۈن رايوندىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىنى، سىڭىللىرى ئۈچۈن 1052 يۈەن نەق پۇل، ئوقۇش قوراللىرى شۇنىڭدەك 150 پارچە كىتاب ئىئانە قىلدى. 1983-يىلى پۈتۈن رايوندا ئامىمغا مۇلازىمەت قىلىش كۈنى، ئەسكى-تۇسكىلەردىن پايدىلىنىپ دۆلەتكە ياردەم بېرىش كۈنى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيەت كۈنى، ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيەت كۈنى، ئاممىۋى پائالىيەت كۈنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتى كۈنى، تازىلىق زەربىدارلىرى كۈنى، مەدەنىيەتلىك ئەدەبلىك بولۇش تەشۋىقات كۈنى، يولدىن ئازغان ياشلارنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىش كۈنى قاتارلىق بىر قاتار كونكرېتنى پائالىيەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەر يۇقىرىقى مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلدى. پۈتۈن رايوندا ياشلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 79 ى قۇرۇلۇپ مۇلازىمەت قىلىش ئوبيېكتى 1500 ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ 112 ئىللىقلىق يەتكۈزۈش گۇرۇپپىسى 204 ئائىلىلىك يېتىم-يېسىرغا ئۇزاق مۇددەت ياخشى ئىش قىلىپ بەردى؛ 1078 ماشىنا قېتىم قار-مۇز توشۇلدى؛ 3609 توپ كۆچەت تىكىلىپ، 1925 تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈلدى؛ 95 كوچا، مەھەللىلەر سۈپۈرۈلدى؛ 246 يوتقان، كۆرپە، كىرلىك، پەردىلەر يۇيۇلدى. 267 ھاجەتخانا تازىلاندى؛ ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغانلار 4180 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. تېپىۋالغان نەرسىلەر 4087 پارچىغا يەتتى. 943 لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 38169 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا 231 پارچە رەھمەت خېتى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1984-يىلى پۈتۈن رايوندىكى ياشلار-ئۆسمۈرلەر شەھەرلىك ياشلار-ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت سارىيىنى سېلىشقا 12 مىڭ 900 يۈەن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا يەنە جاڭ خەيدى، جۇبورۇ، ئەن چىڭمىڭدىن شۇنىڭدەك لاۋ شەن ئالدىنقى سېپىدىكى قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

### ئىككىنچى، پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئالدى بىلەن 1-باشلانغۇچ مەكتەپ، 2-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پىئونېرلار ئەترىتىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇردى (ئۇۋاقىتتا پىئونېرلار ئەترىتى دەپ ئاتالدى). ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى، مەكتەپلەردە پىئونېرلار ئەترىتى چوڭ ئەترىتى تەسىس قىلىنىپ، يېتەكچىلىكنى ھەرقايسى مەكتەپ ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى ياكى ياچېيكىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئۈستىدى.

1953ـيىلدىن 1955ـيىلغىچە، ھەرقايسى رايونلار ھەر ۋاقىت ئىنقىلاب ئىزباسارلىرىدىن بولۇشقا تەييار تۇرۇش، قىزىل پىئونىر بولۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشنى پىئونىرلار ئەترىتى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، پىئونىرلارنى زاۋۇتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەمگەكنى، ئەمگەكچى خەلقنى سۆيىدىغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى يېتىلدۈردى.

پىئونىرلار ئەترىتى خىزمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1953ـيىلى مۇنەۋۋەر تەربىيىچى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 1ـرايوندىن لى چاڭجاڭ، 2ـرايوندىن دىڭ چاڭنەي، ئابلىز ھاموت، 4ـرايوندىن گۆھەر، 5ـرايوندىن جاچاڭگۈيلەر مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر تەربىيىچى بولۇپ باھالاندى.

1955ـيىلدىن 1966ـيىلغىچە «پارتىيىنى، ماۋجۇشىنى، قىزىل بايراقنى سۆيۈش» تەربىيىسى، شۆي تېلى بوۋىدىن ئۆگىنىش، لېي فېڭ تاغىدىن ئۆگىنىش، ھەمدە غوپۇر قىيۇم قاتارلىق بەش نەپەر مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرنىڭ ئۈلگىلىك ئىش-ئىزىدىن ئۆگىنىش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستۈرۈلدى. مەكتەپلەردە كىچىك زاۋۇت، كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئەمگەك ئەمەلىيەت جەريانىدا بىرلەشتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پىئونىرلار ئەترىتىنى «كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار» ئىگىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11ـنۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3ـئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پىئونىرلار تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەكتەپلەرنىڭ پىئونىرلار ئەترىتى ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق، كوللېكتىپىزملىق تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇش، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» ۋە «ئىلىم پەننى سۆيۈش، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش»، قىزىل گۈل كوللېكتىپى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1981ـيىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنجوڭ رايونى ئاپەتكە ئۇچرىغاندا، پۈتۈن رايوندىكى باللار-ئۆسمۈرلەر 2298 يۈەن ئىئانە قىلدى. 1982ـيىلى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى 2ـباشلانغۇچ مەكتەپ پىئونىرلار چوڭ ئەترىتىگە مەملىكەتلىك قىزىل گۈل ئىلغار كوللېكتىپى دەپ نام بەردى. 1984ـيىلى ياشلار-ئۆسمۈرلەر سارىيى قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن رايوندىكى باللار-ئۆسمۈرلەر 7544 يۈەن ئىئانە قىلدى، مەملىكەتلىك «جەن فىڭ ئابىدىسى»گە 880 يۈەن ئىئانە قىلدى. كېرەكسىز نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىدە 30 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، ياخشى ئادەم بولۇش پائالىيىتىدە قىلغان ياخشى ئىشى 26 مىڭ قېتىمغا يەتتى، 60 نازارەت قىلىش ئورنىنى قۇردى، 53 كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىق قىلىش ئەترىتىنى تەشكىللىدى ھەمدە 80 ئائىلىلىك قېرى-چۆرى، يېتىم-يېسىرغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى. 37 پىئونىرلار چوڭ، ئوتتۇرا ئەترىتى، قىزىل گۈلگە ئېرىشكەن 605 ئۆسمۈر ۋە پىئونىرلار ئەترىتىنىڭ 85 يېتەكچىسى شەھەر، رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن شەھەردە قانات يايدۇرۇلغان قىزىل گالستۇكلۇقلارنىڭ گېزىت-كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى جەريانىدا، پۈتۈن رايون بويىچە 16 چوڭ ئوتتۇرا ئەترەت، 295 نەپەر پىئونىر شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋە كىتاب، گېزىت ئوقۇش ئۈلگىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە پىئونىرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت گېزىتى كىچىك خوجايىنلىرى خاتىرە ئىزنىكى پائالىيىتىدە 1000 نەپەر پىئونىر مۇكاپاتلاندى. مەملىكەت خاراكتېرلىك كۆڭۈللۈك ئوتتۇرا ئەترەت پائالىيىتىدە ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش پىئونىرلار ئەترىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. رايون تەۋەسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللىيلار، خەنزۇلار ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەر ھەم مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار بىرلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنىڭ بار بولۇش ئالاھىدى-

لىككە ئاساسەن مىللىيلار مەكتىپى بىلەن خەنزۇلار مەكتىپى دوستلۇق ئورنىتىپ ھەر مىللەت ئۆسمۈرلە- رىنى مۇزىكا ئەترىتى، ئەدەبىيات-سەنئەت كۇرژۇكلىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. پائالىيەت جەريانىدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئۆرلەپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. 1985-يىلى مەملىكەتلىك كەشپىيات لوگقىسى پائالىيىتى جەريانىدا ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىچىك مودىللار- نى ياسىدى. رايون تەۋەسىدىكى 1-باشلانغۇچ مەكتەپ 1-يىللىق 3-ئوتتۇرا ئەترەت ياسىغان «پويىزغا ئولتۇرۇش» مودىلى مەملىكەتلىك كەشپىيات لوگقىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە 10 پىئونېرلار ئەترىتى ئاپتونوم رايونلۇق كەشپىيات لوگقىسى پائالىيىتى بويىچە نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىشتە تەقدىرلەن- دى. يۇقىرىقى تۈرلۈك پائالىيەتلەردىن سىرت لېي فېڭدىن ئۆگىنىش باشتىن ئاخىر پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم پائالىيىتى بولۇپ كەلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايوندا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى 9431 گە، پائالىيەتكە قاتناشقۇچىلار 36169 ئادەم (قېتىم)غا يەتتى.

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى پىئونېرلار تەشكىلاتىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 12-2-3-1

| يىللار | ئۆسمۈرلەر سانى | پىئونېرلار سانى | مەكتەپ سانى | پىئونېرلار ئەترىتى قۇرغان ئورۇنلار سانى | يېتەكچىلەر ئومۇمىي سانى | مەكتەپ ئىچىدىكى يېتەكچىلەر سانى | سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان يېتەكچىلەر سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 25872 | 17288 | 26 | 26 | 336 | 310 مەخسۇس قوشۇمچە | 26 |
| 1981 | 24143 | 23910 | 26 | 26 | 353 | 327 مەخسۇس | 26 |
| 1982 | 25376 | 24876 | 26 | 26 | 585 | 569 مەخسۇس قوشۇمچە | 16 |
| 1983 | 24468 | 24009 | 26 | 26 | 750 | 600 مەخسۇس قوشۇمچە | 150 |
| 1984 | 25600 | 25312 | 28 | 28 | 800 | 634 مەخسۇس قوشۇمچە | 166 |
| 1985 | 23761 | 22538 | 27 | 27 | 708 | 536 | 172 |
| 1986 | 21000 | 21046 | 26 | 26 | 670 | 514 | 156 |
| 1987 | 19961 | 18215 | 26 | 26 | 601 | 455 قوشۇمچە | 146 |

# 3-باب ئاياللار بىرلەشمىسى

## 1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

1950-يىلى دىخۇا شەھەرلىك ھەر مىللەت ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ 1-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلارغا ئايال كادىرلار ئەۋەتىلىپ، ھەرقايسى رايونلاردا ئاياللار قۇرۇلتىيى قۇرۇلدى. 1959-يىلى ئىككى رايوندىكى ئاياللار بىرلەشمىسىگە بىردىن مۇدىر، خىزمەتچى قويۇلدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىردىن بىرنى سەپلىدى. 21 ئاساسىي قاتلام «ئاياللار قۇرۇلتىيى»دىكى 273 نەپەر ئايال ۋەكىللەر ئاياللار خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. 1960-يىلى تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىگە بىردىن مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە كادىر قويۇلدى. 1973-يىلى بىر مۇئاۋىن مۇدىر كۆپەيتىلدى. سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ئاياللار خىزمىتىدىكى مەخسۇس كادىردىن بىر ئادەم سەپلەندى. پۈتۈن رايوندا 86 ئاساسىي قاتلام ئاياللار قۇرۇلتىيى، 202 ئاياللار ۋەكىلى بار بولدى. 1987-يىلى رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىدە بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، ئۈچ خىزمەتچى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىر ئىككى. 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئاياللار خىزمىتىگە ئايرىم-ئايرىم بىردىن مەخسۇس كادىر قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆت مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللار خىزمىتىگە مەخسۇس كادىر سەپلىدى. پۈتۈن رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئاياللار قۇرۇلتىيى 109 غا، قۇرۇلتاي ۋەكىلى 218 گە يەتتى.

## 2-پاراگراف قۇرۇلتايلار

1958-يىلى 9-ئايدا، دوستلۇق رايونلۇق 1-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 80 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. 1960-يىلى 2-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە خەلق مېھمانخانىسىدا سابىق تيانشان رايونلۇق 1-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 110 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 33 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ %30 نى ئىگىلىدى. ئاياللار بىرلەشمىسى تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى «ئۈچ قىزىل بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتاي تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 1-نۆۋەتلىك ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ 27 ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئەتلىرى توققۇز، دائىمىي ھەيئەتلەر توققۇز. بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتاي بارلىق ئاياللارنى قىزىل بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تىرىشچان ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى.

1973-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى 33-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 220 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 69 بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ %31.3 نى تەشكىل قىلدى، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 20. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

«پارتىيە ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئايال ۋەكىللەرنىڭ ئۇلۇغ رولىنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى «پۈتۈن رايوندىكى ئاياللار ئىنتىپاقلىشىپ، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدا تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 2-نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىغا 27 ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئەت توققۇز، دائىمىي ھەيئەت توققۇز. بىر مۇدىر، تۆت قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا شەھەرلىك 5-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 54 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر: لۇشيەن كۈرىشىنى تۇتقا قىلىپ، بارلىق ئاياللارنى لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىشقا يېتەكلەش، ئىنقىلابىي غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاياللارنىڭ يېرىم دۇنيالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، پىلانلىق تۇغۇتنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاياللارنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

1984-يىلى 12-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ 6-قەۋەت مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا 130 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 44 ئادەم بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 33.8% نى تەشكىل قىلدى. سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 20، ۋەكىللەر ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ۋەكىللەر 23 بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 17.7% نى ئىگىلىدى. ۋەكىللەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 47 ياش. رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى «پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاياللار خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. قۇرۇلتايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمەتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. تيانشان رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 3-نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ 17 ئەزاسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ھەيئەتلىرى ئالتە بولۇپ، ئومۇمىي ھەيئەتلەر سانىنىڭ 35% نى ئىگىلىدى. دائىمىي ھەيئەت يەتتە. بىردىن مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش؛ يەسلى، باللار باغچىسىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش؛ «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتى ۋە «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپى ۋە «8-مارت» قىزىل بايراقدارى پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 3-پاراگراف ئاساسىي خىزمەتلىرى

### بىرىنچى، ئاساسلىق پائالىيەتلەر

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى ساقلاپ، ۋەتەننى قوغداپ

دۇنيانىڭ تىنچلىقىنى قوغدا كەلتۈرۈش پائالىيىتىگە بەس-بەستە قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلدى ۋە ئۇيۇشتۇر-دى. ھەر مىللەت ئاياللىرىدىن 10 مىڭ ئادەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويۇپ، ھەربىيلەرگە كىيىم-كېچەك، ئاياغلارنى تىكىپ بېرىپ، پۇل-مال ئىئانە قىلىپ، ئايروپىلان، زەمبىرەك بومبىسى سېتىۋې-لىشقا كۈچ چىقاردى. پەقەت 1-رايوندىكى ئاياللارلا 63 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 5-رايون ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى ئاياللارلا 16 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى ساقلاپ ۋەتەننى قوغداشتىكى سادىق قەلبىنى ئىپادىلىدى.

1952-يىلى ھەرقايسى رايونلار ئاياللار بىرلەشمىلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپى-سى قۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ھەرقايسى رايونلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ساۋات چىقىرىش كۇرسىدىن 30 كۇرس ئاچتى، قاتناشقان ئادەم 900 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى 30% نى تەشكىل قىلدى، 60 ياشتىن يۇقىرى بىر قىسىم ئاياللارمۇ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتناشتى.

1956-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاياللار بىرلەشمىسى سودا-سانائەتچىلەر ساھەسىدىكى ئائىلە-لىكلەر ئارىسىدا «يولدىشىنىڭ تىجارەت قىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ياخشى ئىشلىشىگە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۆزي ئىشنى ياخشى ئىشلەپ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەش، تىرىشچان ئىقتىسادچان بولۇش، ئىجتىمائىي ئومۇمىي پائالىيەتلەرگە قىزغىن بولۇش، ئاكتىپچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ تىرىشىپ ئالغا بېسىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كاپىتالىستىك سودا-سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ئىشىنى مۇقىم بولغان ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

1958-يىلى ئىككى رايوندىن جەمئىي 7155 نەپەر ئايال پولات تاۋلاشقا تىزىملاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5684 ئادەم پولات تاۋلاش سېپىگە ئاتلىنىشقا ئەستىقلىنىپ ئاياللار ئومۇمىي سانىنىڭ 79% نى ئىگىلىدى. ئىككى رايون ئاياللىرى پولات تاۋلاپ، زاۋۇت قۇرۇپ، «مۇكۆيىيىڭ ئەترىتى»، «8-مارت پېشى» شۇنىڭدەك «ئايال پولات ئىستېھكامچىلار» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە نەمۇنىچىلار بارلىققا كەلدى.

1959-يىلى ئىككى رايون ئاياللىرى ئارىسىدا تىرىشچانلىق ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش، تىرىشچانلىق ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپلىك ئايال ماھىرلاردىن بولۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. كەڭ ئاياللار دۆلەتكە كۆپ كۈچ چىقىرىپ ئاز ھەق ئېلىپ ئائىلە تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يول ياسايدىغان ئىجتىمائىي ئاممىۋى پاراۋانلىق ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىپ، دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. 80 نەپەر ئايال ماھىر شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 60 نەپەر ئايال ماھىر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمە-سىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 208 نەپەر ئايال ۋەكىل ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1961-يىلدىن 1965-يىلغىچە پۈتۈن رايوندىكى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق مۇھىت تازىلىقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. رايون، مەھەللە سانائىتى ۋە مۇلازىمەت ئىشلىرىنى قۇرۇشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى.

1979-يىلى «8-مارت» قىزىل بايراقدارى، «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپى، «بەشتە ياخشى» ئائىلە شۇنىڭدەك مەدەنىيەتلىك بىنا، قورۇ پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئالدى بىلەن مال بازىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يۈسەي ئاھالىلەر كومىتېتىدە ئۆي ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە، قولۇم-قوشنىلارنى ئىتتىپاق ئۆ-

تۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشكە، باللىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەت-لەشكە ئىلھاملاندۇرۇشتا ياخشى بولۇشتەك «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتى سىناق قىلىندى. شۇندىن كېيىن بۇ پائالىيەت پۈتۈن رايون تەۋەسىدە ئومۇملاشتۇرۇلدى. شۇ يىلى پۈتۈن رايون بويىچە 85 «بەشتە ياخشى» ئائىلە سايلاپ چىقىلدى. 1982-يىلى پۈتۈن رايوندىكى «بەشتە ياخشى» ئائىلە 1404 ئائىلىلىككە كۆپەيدى، 1984-يىلى «بەشتە ياخشى» ئائىلىلىك 2608 ئائىلىگە كۆپەيدى. «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «بەشتە ياخشى» قورۇ، «بەشتە ياخشى» بىنا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى، ئۈلگىلىك قىزىل بايراقدار چوڭ قورۇ، مەدەنىيەتلىك چوڭ قورۇ پائالىيەتلىرى ئارقىمۇ ئارقا قانات يايدۇرۇلدى. 1985-يىلى ئۆز ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆز ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز ئۆزىنى كۈچەيتىشتەك «تۆت ئۆز» تەربىيىسى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. ھەرقايسى سەپلەردىكى ھەر مىللەت ئاياللار ئاياللار زەربىدارلىرىدىن بولۇشقا تىرىشتى. خۇيزۇ ئايال مايىگۈلەن ئائىلە ئاياللىرىنى چاۋياڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولۇپ يېتىشىپ، مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى. ئۇيغۇر ئايال ئوقۇتقۇچى ھۆرنىسا ئىبراھىم مەملىكەتلىك «1-ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. 1987-يىلغىچىلىك رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار سانى 1132 گە يېتىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %87.55 نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى 1180 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئالىي، 1-دەرىجىلىك، 2-دەرىجىلىك، 3-دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار 1121 نەپەر. ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىپ، 200 نەچچەيلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 40 نەچچە، 230 ئادەم ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 80، پۈتۈن رايوندىكى ئايال كادىرلار 1487 بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى 2097 كادىرنىڭ %70.9 نى ئىگىلىدى.

1987-يىلى «بەشتە ياخشى ئائىلە» پائالىيىتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. پۈتۈن رايوندا 36111 «بەشتە ياخشى» ئائىلىلىك سايلاپ چىقىلدى، بۇ پۈتۈن رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىلەر سانىنىڭ 43.96% نى ئىگىلىدى. «بەشتە ياخشى چوڭ قورۇ»دىن 504 ى، «بەشتە ياخشى» بىنادىن 33 كورپۇس، «بەشتە ياخشى» كۆۋرتىستىن 280 ى سايلاپ چىقىلدى. تيانشان رايونى قانات يايدۇرغان «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى ھەمدە تيانشان رايونى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاچقان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەملىكەتلىك «بەشتە ياخشى» ئائىلە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. يەتتە «بەشتە ياخشى» ئائىلە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە؛ 21 «بەشتە ياخشى» ئائىلە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە؛ 143 «بەشتە ياخشى» ئائىلە شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1987-يىلى پۈتۈن رايوندا «8-مارت» قىزىل بايراقدارىدىن 657 ئادەم بارلىققا كەلدى. ئىككى كوللېكتىپ مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپى بولۇپ، ئۈچ ئادەم «8-مارت» قىزىل بايراقدارى بولۇپ باھالاندى. ئاپتونوم رايونلۇق «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپىدىن بەشى، «8-مارت» قىزىل بايراقدارىدىن 16 ئادەم، شەھەر دەرىجىلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى كوللېكتىپە-دىن 11ى، «8-مارت» قىزىل بايراقدارىدىن 76 ئادەم بارلىققا كەلدى. شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى سارە ئەخمەت، رايونلۇق مۇھەت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئىشچىسى ماجىنفاڭ،

شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئايال ئوقۇتقۇچىسى جاڭ لەن مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

**ئىككىنچى، ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش**

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئايال ۋەكىللەر شۇنىڭدەك رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ «نىكاھ قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن ئارقىلىق ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1983-يىلدىن 1987-يىلغىچە قانۇن بىلىملىرىگە ئالاقىدار نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنىدىن 42 مەيدان ئېچىپ ئۇيۇشتۇردى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئاستىدا، كادىرلار ئاممىسىنى تەشكىللەپ، كوچىلارغا چىقىپ، قوروللارغا بېرىپ، ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جەمئىيەت كەڭ ئاياللارنىڭ خىزمىتى ۋە تۇرمۇشىغا، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى يەنە رايون خاراكتېرلىك ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قوغداش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. رايون خاراكتېرلىك قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان ئەنزىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئائىلە، نىكاھ ماجىرالىرىنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ ئانا-بالىلارغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئائىلە نىكاھ ماجىراسى ئەنزىسىدىن 33 ئەنزىنى قوبۇل قىلدى. خەلق سوت مەھكىمىسىگە ياردەملىشىپ ئاياللارغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن ئەنزىدىن ئىككىنى بىر تەرەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى 80-يىللاردىن باشلاپلا خەلق باشقۇرغان يەسلى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىنىڭ بىرى قىلدى. 1981-يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ رايونغا قاراشلىق خەلق باشقۇرغان ھەرقايسى بالىلار باغچىلىرىغا ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىپ سەپلەپ بەردى. بالىلار تەربىيىچىلىرىنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. 1986-يىلى بالىلار پىداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بەش ئوقۇغۇچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەلق باشقۇرغان يەسلىگە كېلىپ ئىشلىدى. شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى يەسلىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەسلىگە كىرىدىغان بالىلار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ يەسلىنىڭ تەربىيىلەش مەزمۇنى كۈندىن-كۈنگە بېيىتىلدى. بالىلار مائارىپىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، مەزكۇر يەسلى ئۆزلىرى ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرىنى ياساپ، 1987-يىلى شەھەر بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايون بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مەملىكەت بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1987-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ يەسلىلىرى 16 گە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ شەخسىي يەسلى بولۇپ، تەربىيىچىلەر 60 قا، بالىلار 1000 غا يەتتى. تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ياڭ جىلەن ئۆزى مەبلەغ سېلىپ، ئۆيى راسلاپ، يۇشىن يەسلىسىنى قۇردى. ئۇ بالىلار باغچىسىغا كىرگەن 30 نەپەر ئۆسمۈرنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يەسلى، بالىلار باغچىسى خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1987-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى يۇشىن بالىلار باغچىسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

# 13-بۆلۈم

# ھاكىمىيەت

## ئومۇمىي بايان

1949-يىلى 12-ئايدا، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ بەش رايون (1-، 2-، 3-، 5-رايون تيانشان رايونىنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي رايونى ئىدى)غا ئايرىلدى. 1950-يىلى 12-ئايدا شەھەرلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ھەرقايسى رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. كونا جەمئىيەتنىڭ يۈز بېشى، ئون بېشى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق مەھەللە باشلىقى، مۇدىرىيەت ۋەكىل ۋە خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقتى. رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنىنى ئۆزگەرتىپ مەھەللە ئاممىۋى ئىشلار ئورنى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دەسلەپكى قەدەمدە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىنى قۇردى.

1951-يىلى 10-ئايدىن 12-ئايغىچە، ھەرقايسى رايونلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى. يىغىن مەزگىلىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ ئورتاق ھالدا چوڭ ئىشلارنى كېڭەشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ زور سىياسىي قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. يىغىننىڭ چاقىرىلىشى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش»، «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى شۇنداقلا دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ھەرقايسى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىل تەشۋىق قىلىنىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىندى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتنىڭ ۋەكىلى مۇئەييەن سانىنى ئىگىلىدى ھەمدە ئورگاندىمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور تۈركۈمدە تەربىيىلەشكە ۋە يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىندى. پۈتكۈل رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا، ئۆزئارا ئىتتىپاق بولغان يېڭىچە مۇناسىۋەت تىكلەندى.

1953-يىلى 8-ئايدىن 1954-يىلى 10-ئايغىچە، ھەرقايسى رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ھەرقايسى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى ۋە رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى. سايلام خىزمىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىرقەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1956-يىلى بەش رايون بىرلىشىپ ئىككى رايون بولدى.

1957-يىلى ئىككى رايون قول سانائەت ۋە خۇسۇسىي سودا-سانائەتكە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. 1958-يىلدىن 1959-يىلغىچە، «ئومۇمىي خەلقنىڭ پولات-تۆمۈر تاۋلاش» ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئاممىۋى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزىق دولقۇنى ئەۋج ئالدى. 1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. رايونلۇق خەلق كومىتېتى «يەرلىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن، شەھەر قۇرۇلۇشى، سانائەت ۋە شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك» دېگەن فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. پۈتكۈل رايون بويىچە مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئېتىبار بېرىلدى ھەمدە شەھەر خەلق كۆڭۈلشىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، خۇسۇسىي ئۆي-زېمىنگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى تاماملىدى. 1961-يىلدىن 1965-يىلغىچە رايون مەھەللە زاۋۇتلىرى كارخانىلىرىغا قارىتا بىرلەشتۈرۈش، تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، شەھەر خەلق كۆڭۈلشىسىنى بىكار قىلىپ، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئىككىنچى قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ باردى. 1966-يىلى، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى يەنە بىر قېتىم «يەرلىك كىچىك ئاممىۋى» زاۋۇت قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

1966-يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سايلام خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالدى. رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1967-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتى، ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى تۈپەيلىدىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969-يىلى 3-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى. 1970-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئىقتىسادىي خىزمەت ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. 1975-يىلى «تىنچ-ئىتتىپاق بولۇش» ۋە «خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل رايوننىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتى مۇقىم راۋاجلىنىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى زور مىقداردا ئاشتى. بىراق، 1976-يىلى، «ئوڭچى ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرۇش»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كەينىگە چېكىندى. 1977-يىلى «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» قانات يايدۇرۇلدى. رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى 100 نەپەر كادىرنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، زاۋۇتلارغا ياردەم بېرىشكە، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەينىگە چېكىنىش ۋەزىيىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى 12 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى. 1978-يىلدىن 1979-يىلغىچە، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى تۆرتلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خاتا، ئۇۋال، يالغان ئەنزىلەرنى «ئاقلاش» خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بىر قىسىم بۆلۈم، ئىشخانىلارنى رەتكە سېلىپ، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە ئورگاندا «پاش قىلىش، پىپەن قىلىش، تەكشۈرۈش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونى ئىقتىسادىي خىزمەتنى مەركەز قىلغان ھالدا خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى.

1982-يىلى، رايونلۇق ھۆكۈمەت «ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كېيىپىيات ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلايلى» دېگەن ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسىنى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن، رايون، مەھەللە كارخانىلىرىدا، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم تەرەققىي تاپتى. 1986-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون 68 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. سانائەت، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، سودا، يېمەك-ئىچمەك، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، ئەمگەك مۇلازىمەت كەسىپىدىن ئىبارەت بەش كەسىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. 1987-يىلى، رايون مالىيە كىرىمى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تيانشان رايونى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ھەمدە «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تيانشان رايونى ئۆرۈمچىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئۆزىگە خاس ئورۇننى نامايەن قىلدى.

# 1-باب خەلق قۇرۇلتىيى

## 1-پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى

ئازادلىقتىن كېيىن، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بەش رايون، 1950-يىلى كونا جەمئىيەتتىكى يۈز بېشى، ئون بېشى تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، مەھەللە، كەنت مۇدىرىيەت ۋەكىلى ۋە خەلق ۋەكىلى تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. ھەرقايسى مەھەللىنىڭ مەھەللە باشلىقلىرىنى مەھەللىدىكى ئولتۇراق ئاھالىلەر كۆرسىتىپ سايلاپ چىقتى. ھەرقايسى رايونلاردىكى ئامىۋى ئىش ئورۇنلىرى، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكالەتەن ئورگىنى بولۇپ قالدى. 1951-يىلى 10-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايون ئارقا-ئارقىدىن ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى. (نۆۋەتتە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى دېيىلىدۇ) 1952-يىلى 1-ئايدا، ھەرقايسى رايونلاردىكى ئامىۋى ئىش-ئورۇنلىرى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

**بىرىنچى، 1-رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى**

1951-يىلى 10-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە، 1-رايون ئالدى-كەينى بولۇپ خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى بىر يىلدا بىر قېتىم چاقىرىپ، جەمئىي تۆت نۆۋەت چاقىردى. ئومۇمىي قاتناشقان ۋەكىل 347 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 328 كىشى بولۇپ، 94.5% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر

19 كىشى بولۇپ، 0.55% نى تەشكىل قىلدى.

ھەر نۆۋەتلىك يىغىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىسى ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە تەكشۈردى ۋە بۇ ھەقتە مۇناسىپ قارار چىقاردى. مۇھىم مەزمۇنى مۇنداق: «كونا جەمئىيەتنىڭ يۇز بېشى، ئۇن بېشى تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، خەلق دېموكراتىيە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش»، «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش»، ئىشلەپچە-قىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەمدە ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «بىكۇەنداۋ» تەشكىلاتلىرىنى بىكار قىلىش؛ «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ۋە زىمەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ بىرلىكسەپ، مىللىي، دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەش-تۈرۈش؛ ئېرىق-ئۆستەڭ ياساش ۋە يوللارغا قاراماي ياتقۇزۇش قاتارلىق شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ياخشىلاپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق مەدەنىي-مائارىپ پائالىيىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

2-نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. جىن ماۋ رەئىس بولدى. ياڭ تيەنيۇن، لى جوگۇيى، مارۇيجېن مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ھەر نۆۋەتلىك يىغىن مەزگىلىدە، جەمئىي 860 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى.

**ئىككىنچى، 2-رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى**

1951-يىلى 12-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە، 2-رايون ئالدى كېيىن بولۇپ خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى تۆت نۆۋەت چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 460 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 134 كىشى بولۇپ، 29.1% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر 326 كىشى بولۇپ، 70.9% نى تەشكىل قىلدى.

ھەر نۆۋەتلىك يىغىن مەزگىلىدە، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپە ھەققىدىكى دوكلاتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقىرىلدى. ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: ئۈزلۈكسىز تۈردە رايونلۇق «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» تەشكىلىي ھەيئىتىنىڭ تەشكىللىشى ئاستىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساتچان بولۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىدە چىڭ تۇرۇش، يېزىلاردىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، فېئوداللىق يەر ئىگىلىۋېلىش تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يېقىلىپ قالغان ئەكسىلئىنقىلابىي ئەنزىلەرنى ئېنىقلاش، «تۆتتىن مۇداپىئەلىنىش» جەمئىيەت ئامانلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش، نوپۇس باشقۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قانات يايدۇرۇش، كونا جەمئىيەتنىڭ يۇز بېشى، ئون بېشىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، دېموكراتىك ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پاراۋانلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇش، مۇھىت تازىلىقنى ياخشىلاش، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن شەھەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى-دېھقان، ئەسكەرلەر-نىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت.

2-نۆۋەتلىك يىغىندا، 13 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى.

گوزەچاڭ رەئىس بولدى. ياڭ دېشۇ، ياڭ بىلىيەن مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

يىغىن مەزگىلىدە جەمئىي 2332 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى.

**ئۈچىنچى، 3-رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى**

1951-يىلى 12-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە، 3-رايون ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى تۆت نۆۋەت چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 358 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 113 كىشى بولۇپ، %31.5 نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر 245 كىشى بولۇپ، %68.5 نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاڭلىدى ۋە تەكشۈردى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساتچان بولۇش، جەمئىيەتتىكى «ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، خەلقنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەھەللىلەردە، مەھەللە ئىش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە مەھەللە باشلىقلىق تۈزۈمىنى تىكلەش، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش تەدبىرىنى كۈچەيتىش، فېئودال خۇراپىيلىق «يىكۇەنداۋ تەشكىلاتى» ھەرىكىتىنى بىكار قىلىش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. 4-نۆۋەتلىك يىغىننىڭ مۇھىم نۇقتىسى پۈتۈن رايون خەلقىنى ئاكتىپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇمۇمىيۈزلۈك سايلام سىناق نۇقتا قىلىنغان خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۆلكە، شەھەر، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت بولدى.

2-نۆۋەتلىك يىغىندا، 14 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ شىئېن رەئىس بولدى. جۇمەخون، ھەبىبە مۇئاۋىن رەئىس بولدى. يىغىن مەزگىلىدە جەمئىي 1256 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى.

**تۆتىنچى، 4-رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى**

1951-يىلى 12-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە، 4-رايون ئىلگىرى كېيىن بولۇپ خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى تۆت نۆۋەت چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 300 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 174 كىشى بولۇپ، %58 نى تەشكىل قىلدى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر 126 كىشى بولۇپ، %42 نى تەشكىل قىلدى. يىغىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش، قول سانائەتچىلەرنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش، پاھىشىۋازلىقنى يوقىتىش، ئائىلىلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى.

تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىندا، 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. فەن جېنجياڭ رەئىس بولدى. يىن يۈخېڭ، مۇھەممەت تۇراپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 4-نۆۋەتلىك يىغىن فەن جېنجياڭنى رەئىسلىككە ئۆزگەرتىپ سايلىدى. ۋاڭ جىنشۇ، مۇھەممەت تۇراپ مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

يىغىندا جەمئىي 1220 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى.

**بەشىنچى، 5-رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى**

1951-يىلى 12-ئايدىن 1953-يىلى 4-ئايغىچە، 5-رايون ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى تۆت نۆۋەت چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 281 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 262 كىشى بولۇپ، 93.2% نى تەشكىل قىلدى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر 19 كىشى بولۇپ، 0.67% نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ھەققىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: داۋاملىق تۇردە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسات-چان بولۇش، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، كونا جەمئىيەتنىڭ يۈز بېشى، ئون بېشىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىش، مەھەللە ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي بېسىقتۇرۇش، «يىگۇەنداۋ» تەشكىلاتىنى بىكار قىلىش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش، ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تىكلەش، زىيانداشلارنى، كېسەللىكلەرنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2-نۆۋەتلىك يىغىندا، 15 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان كېڭەش ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ جيېمىن رەئىس بولدى، ۋېي چىڭۋېن، جاڭ چاگرۇڭ مۇئاۋىن رەئىس بولدى. 4-نۆۋەتلىك يىغىندا ساۋيۇتەي رەئىس بولدى. ۋېي چىڭۋېن مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

يىغىن مەزگىلىدە، 900 دىن كۆپرەك تەكلىپ يىغىۋېلىندى.

ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆتكەن نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ ساھە قۇرۇلمىسى جەھەتتە 2-، 4-رايوندىكى دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، پارتىيە، گۇرۇھلار، ھۆكۈمەت، ياشلار، ئاياللار، ئىشچىلار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، ھەربىي، ساقچىلار، ئىستېمال كوپېراتىپلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تىببىي دورىگەرلىك، مەدەنىي-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاممىۋى تەشكىلات، سودا-سانائەت، ئورگان، دىنىي زاتلاردىن ھەمدە دېموكراتىك زاتلاردىن تەركىب تاپتى. 1-رايون يەنە، ئازادلىق ئارمىيە كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلدى. (تەپسىلىي ئەھۋالىنى 1-جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ)

ھەرقايسى رايون خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ سايلاپ چىققان كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى: خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ياردەملىشىش؛ رايونلۇق مەھكىمىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەر ئۈستىدە كېڭىشىش، رايونلۇق مەھكىمىنىڭ، كەڭ خەلقنىڭ ئىنقىلابىي تەرتىپىنى مۇستەھكەملەش، تۈرلۈك قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىگە قارىتا ھەمكارلىشىش، كېلەر نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولۇش، شۇ رايون خەلقلىرىنىڭ دېموكراتىك بىرلىكسەپ خىزمىتىنى ئىشلىشىگە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ سايلام چارىسى: خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولۇش، ھەيئەت نامزات ئىسملىكى، يىغىن ھەيئەت رىياسەتى بەلگىلىگەن سان بويىچە كېڭىشىش، يوشۇرۇن بىرلىشىپ ئاۋاز بېرىشتىن ئىبارەت بولدى.

ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئۆتكەن نۆۋەتلىك ھەرقايسى خەلق ۋەكىللەر يىغىنىدا، ۋەكىللەر ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىغان ۋە مۇزاكىرە قىلغاندا كەيپىياتى قىزغىن، ئەستايىدىل-مەس-

## 1951-يىلدىن 1953-يىلغىچە ھەرقايسى رايون ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

1-1-13-جەدۋەل

| رايون ئايرىمىسى | نۆۋەت سانى | ئېچىلىش ۋاقتى | ۋەكىللەر سانى | ساھە ئايرىمىسى: پارتىيە گورۇھلار | ھۆكۈمەت | ئىشچى | دېھقان | ياشلار | ئاياللار | شەھەر رايونى | ھەربىي ساقچى | كوپېراتىپ | ھەربىي ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەسى | داۋالاش ۋە دورىگەرلىك | سودا-سانائەت | مەدەنىي-مائارىپ | ئىلمىي تەشكىلات | ئوقۇغۇچىلار | ئورگان كادىرلىرى | دىنىي زاتلار | ئەدەبىيات-سەنئەت | باشقىلار | مىللەت ئايرىمىسى: ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | موڭغۇل | قىرغىز | شىبە | تاتار | ئۆزبېك | مانجۇ | رۇس | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1-رايون | تۇنجى نۆۋەت | 1951-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى | 81 | 5 | 2 | 9 | | 3 | 6 | 25 | 2 | 1 | 2 | 2 | 8 | 5 | | 3 | 4 | | | 4 | 1 | 75 | | 4 | 1 | | | | | | | |
| | 2-نۆۋەت | 1952-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى | 82 | 4 | 3 | 9 | | 4 | 6 | 25 | 2 | 2 | 2 | 2 | 6 | 3 | | 4 | | | 2 | 8 | 1 | 78 | | 2 | | | | | | | 1 | |
| | 3-نۆۋەت | 1952-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى | 90 | 3 | 5 | 9 | | 3 | 6 | 27 | 3 | 1 | 2 | 2 | 9 | 6 | | 4 | 2 | | | 8 | 1 | 84 | | 4 | | | | | | 1 | | |
| | 4-نۆۋەت | 1953-يىل 4-ئاينىڭ 3-كۈنى | 94 | 2 | 5 | 9 | | 3 | 6 | 27 | 3 | 1 | 2 | 2 | 9 | 7 | | 5 | 4 | | | 9 | | 91 | | 3 | | | | | | | | |
| 2-رايون | تۇنجى نۆۋەت | 1951-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى | 110 | 5 | 2 | 18 | 3 | 10 | 12 | 17 | 2 | 1 | 2 | 2 | 9 | 18 | | | | 2 | | 7 | 40 | 24 | | 44 | | | | | 2 | | | |
| | 2-نۆۋەت | 1952-يىل 7-ئاينىڭ 8-كۈنى | 110 | 4 | 2 | 18 | 6 | 8 | 8 | 34 | 2 | 1 | 1 | 2 | 5 | 4 | | | 3 | 2 | 1 | 9 | 25 | 38 | | 47 | | | | | | | | |
| | 3-نۆۋەت | 1952-يىل 12-ئاينىڭ 11-كۈنى | 120 | 2 | 5 | 16 | 10 | 8 | 8 | 34 | 3 | 3 | 2 | 2 | 6 | 4 | 4 | | | 3 | 1 | 9 | 28 | 41 | | 49 | | | 1 | | 1 | | | |
| | 4-نۆۋەت | 1953-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى | 120 | 2 | 5 | 16 | 8 | 6 | 8 | 34 | 2 | 3 | 3 | | 6 | 7 | 5 | | | | 1 | 12 | 30 | 31 | 2 | 50 | | | 2 | 1 | 2 | 2 | | |
| 3-رايون | تۇنجى نۆۋەت | 1951-يىل 12-ئاينىڭ 17-كۈنى | 25 | 3 | 5 | 5 | | 4 | 3 | 19 | 2 | | 1 | 2 | 7 | 12 | | | | 2 | | 10 | 36 | 20 | 2 | 6 | | | | 5 | 4 | | 2 | |
| | 2-نۆۋەت | 1952-يىل 7-ئاينىڭ 3-كۈنى | 100 | 4 | 2 | 20 | | 10 | 10 | 19 | 3 | 1 | 2 | 2 | 6 | 8 | | | 2 | 2 | | 8 | 43 | 34 | 5 | 9 | | | | 3 | 3 | | 3 | |
| | 3-نۆۋەت | 1952-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى | 98 | 4 | 5 | 18 | | 9 | 9 | 19 | 2 | 1 | 2 | 2 | 6 | 5 | | | | 4 | | 12 | 43 | 30 | 5 | 9 | | | | 4 | 4 | | 3 | |
| | 4-نۆۋەت | 1953-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى | 95 | 5 | 6 | 18 | | 8 | 9 | 18 | 1 | 1 | 2 | 1 | 6 | 8 | | | 2 | 3 | | 7 | 43 | 29 | 5 | 9 | | | | | 3 | | 2 | 3 |
| 4-رايون | تۇنجى نۆۋەت | 1951-يىل 12-ئاينىڭ 24-كۈنى | 70 | 2 | 2 | 5 | 1 | 5 | 5 | 26 | 2 | 1 | 2 | | 1 | 7 | | | | 2 | | 9 | 20 | 40 | | 10 | 10 | | | | | | | |
| | 2-نۆۋەت | 1952-يىل 7-ئاينىڭ 13-كۈنى | 72 | 2 | 1 | 5 | 1 | 5 | 5 | 28 | 4 | 1 | 2 | | 1 | 5 | | | | 2 | | 10 | 20 | 42 | | 10 | 10 | | | | | | | |
| | 3-نۆۋەت | 1952-يىل 12-ئاينىڭ 21-كۈنى | 82 | 2 | 3 | 8 | 1 | 8 | 8 | 28 | 4 | 1 | 2 | | 2 | 5 | | | | 2 | | 8 | 22 | 48 | | 12 | 12 | | | | | | | |
| | 4-نۆۋەت | 1953-يىل 4-ئاينىڭ 6-كۈنى | 76 | 2 | 3 | 8 | 1 | 6 | 7 | 25 | 4 | 1 | 2 | | 2 | 5 | | | | 2 | | 8 | 21 | 43 | | 11 | 11 | | | | | | | 1 |
| 5-رايون | تۇنجى نۆۋەت | 1951-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى | 61 | 3 | 2 | 6 | | 2 | 5 | 21 | 2 | 1 | 2 | | 4 | 6 | | | | | 1 | 6 | 1 | 57 | | 3 | 3 | | | | | | | |
| | 2-نۆۋەت | 1952-يىل 7-ئاي | 61 | 3 | 2 | 9 | | 2 | 6 | 18 | 2 | 3 | 2 | 2 | 2 | 6 | | | | | | 4 | 1 | 57 | | 3 | 3 | | | | | | | |
| | 3-نۆۋەت | 1952-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى | 79 | 3 | 6 | 10 | | 3 | 7 | 20 | 2 | 3 | 2 | 2 | 6 | 7 | | | | | | 8 | 2 | 73 | | 4 | 4 | | | | | | | |
| | 4-نۆۋەت | 1953-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى | 80 | 3 | 6 | 10 | | 3 | 7 | 21 | 2 | 3 | 2 | 2 | 6 | 7 | | | | | | 8 | 1 | 75 | | 4 | 4 | | | | | | | |

ئۆلىيەتچان بولغان. كەڭ-كۇشادە سۆز قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاكتىپلىق بىلەن خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرىنى تەشۋىق قىلغان. بولۇپمۇ، ئازاد بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىق رولىنى پائال گەۋدىلەندۈرگەن. يېڭى ھاكىمىيەتنى سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن قوللىغان. مەسىلەن: 1-رايون خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ئاممىنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، بىر «تيانشان» بەلگىلىك كۈرەشچى ئايروپىلانىنى سېتىۋېلىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا ئىئانە قىلىشنى قارار قىلدى. بەزى ۋەكىللەر نەق مەيداندىلا ئۆز يېنىدىن پۇل ۋە نەرسە-كېرەك چىقىرىپ ياردەم قىلدى. يىغىندىن كېيىن، يىغىندىكى سودا-سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار بەس-بەس بىلەن تەقدىم قىلىش دولقۇنىنى قوزغىدى. يەنە بىر مىسال: ماتارىپ ساھەسىدىكى زات ۋۇرېنشەن يول قۇرۇلۇشى سەپەرۋەرلىكىگە ئاۋاز قوشتى ھەمدە 500 مىڭ يۈەن يېڭى خەلق پۇلى تەقدىم قىلدى؛ 2-رايوندىكى دېموكراتىك زات جىن روڭ، جىن خۇا ئاكا-ئۇكا ئىككىسى تېزلىك بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش پائالىيىتىگە پۇل ياردەم قىلغاندىن سىرت، يىغىندا، يېڭى خەلق پۇلىدىن 250 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. خەلق ۋەكىللەر يىغىنىدىن كېيىن ھەرقايسى رايون يىغىن روھىنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تېزلىك بىلەن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. 1-رايون «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش»، «يىكۇەنداۋ تەشكىلاتى»نى بىكار قىلىش ھەرىكىتىدە، قانۇن بويىچە قاتتىق قات قان قەرزگە بوغۇلغان، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولغان جىنايەتچى ئۇنسۇرلاردىن 92 كىشىنى قولغا ئالدى؛ «يىكۇەنداۋ تەشكىلات» مۇرىتلىرىدىن 1971 كىشىنى تىزىملىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان غوللۇق ئۇنسۇرلاردىن 143 كىشىنى قولغا ئالدى؛ بۇنىڭ بىلەن «يىكۇەنداۋ تەشكىلاتى» گۇرۇھى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىندى. 2-رايون خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تىنچلىق يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقانلارغا يۆلىنىپ، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، باي دېھقانلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، زومىگەر پومېشچىكلاردىن ھېساب ئېلىپ، ئۇلارغا زەربە بەردى. يەر، ئېتىزلارنى تەقسىم قىلىپ، فېئودال يەر ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

يىغىن مەزگىلىدە يىغىۋېلىنغان تەكلىپلەرنىڭ بىر قىسمى ۋەكىللەر يىغىن مەزگىلىدە بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويغاندىن سىرت، قالغان كۆپ قىسمى رايوندىن مەھەللىگە چۈشكەن كادىرلار، ۋەكىللەر ۋە مەھەللە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يىغىن ئېچىلىشتىن ئىلگىرى تەشۋىق قىلىش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئاممىدىن بىۋاسىتە يىغىۋېلىنغان ھۆكۈمەتكە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ، تەنقىد-تەلەپلەردىن ئىبارەت بولۇپ، مەزمۇنى: ھۆكۈمەتنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساتچان بولۇش چاقىرىقىنى ھىمايە قىلىش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش، زەمەرلىك چېكىملىكنى ئۈزۈل-كېسىل چەكلەش، پاھىشۋازلىقنى تۈگىتىش، «يىكۇەنداۋ تەشكىلاتى»نى بىكار قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە كېچىلىك چارلاشنى كۈچەيتىش، نوپۇس باشقۇ-رۇش، ئەمگەك ھەققى مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، يەككە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنى كۆپەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، «نىكاھ قانۇنى» ۋە ئەر-ئايال باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، تارقاق ئىشچىلارنى تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆ-زىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا بىر-بىرىنى يۆلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش،

قېرى، ئاجىز، مېيىپ ۋە يېتىم باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، روھىي كېسەللەرنى يىغىۋېلىش، كوچا، يوللارنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى تەكلىپ، پىكىرلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە تېگىشلىكى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 80% نى ئىگىلەيدۇ. خەلق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە، ھەرقايسى رايونلاردا تەكلىپ گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ياكى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى، بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ ياكى ۋاقتىنچە بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇنى ھۆججەت قىلىپ بېسىپ، ۋەكىلنىڭ ئۆزىگە ياكى تەكلىپ بەرگۈچىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## 2-پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك سايلام ئاساسىدا، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ھەيئەتلەرنى ھەمدە رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

**بىرىنچى، ھەرقايسى رايونلارنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك، 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى**

1) 1-رايون، 1953-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 58 ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 49 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر توققۇز كىشى. يىغىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم مەسئۇللىرى يىغىندا مەخسۇس تېمىدا سۆزگە چىقتى. يىغىن، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ماقۇللىدى ھەمدە «قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. يىغىن، 13 نەپەر ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ھەيئەتلەرنى سايلاپ چىقتى. جىن ماۋ رايون باشلىقى، لى جۇڭۋېي، گاۋ رېنيۈەن، چياۋشۇچۈن مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى ھەمدە شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 27 ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى.

1956-يىلى 11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە، 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 118 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 90 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 28 كىشى. يىغىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «پارتىيىنىڭ 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار

ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئاشلىقنى نورمىلىق تەمىنلەش ئۇسۇلىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش ۋە قىشلىق مۇداپىئە ئاساس قىلىنغان ئامانلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئېقىپ يۈرگۈچىلەرنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىغىن، 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. جىن ماۋ رايون باشلىقى، يىن يۈخېڭ، چياۋ شۈچۈن، يۈسۈپ كېرەملەر مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 63 ۋەكىلنى، 126 سوت زاسېداتېلىنى سايلاپ چىقتى. 1957-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنى 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنى قارار ماقۇللاپ، 1-رايوننىڭ ئىسمىنى تيانشان رايونىغا ئۆزگەرتتى. 17 نەپەر ھەيئەت سايلاپ چىقىلىپ، تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتى بولۇپ تەشكىللەندى. جىن ماۋ رايون باشلىقى، چياۋ شۈچۈن، ماجۇنۇۋ، گو جېڭخې، يۈسۈپ كېرەملەر مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى.

1-رايون، بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدىن باشلاپ رايون باشلىقىنىڭ قەرەلسىز ھالدا خەلق ۋەكىللىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى؛ 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا، مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى بەش ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قىلىپ ئايرىشنى قارار قىلدى.

1-رايون، ئىككى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جەمئىي 3192 پارچە تەكلىپنى يىغىۋالدى. تەكلىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: كىرسىن، چوشقا گۆشى، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش؛ سودا تور-نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە تەرتىپكە سېلىش؛ مال باھاسى ۋە ئۆي ئىجارىسىنى كونترول قىلىش؛ شەھەر پىلان لايىھىسىنى بالدۇر تۈزۈپ چىقىش، كوچا، يوللارنى ئاسفالت قىلىپ ياساش؛ چوڭ كۆۋرۈك ۋە شىخابادىكى ئىچىملىك بۇلاقلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ تىببىي داۋالاش ئاپپاراتىنى كۆپەيتىش؛ ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش؛ ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى كۆپەيتىش؛ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش؛ يولۇچىلارنىڭ شىخاگەي كوچىسى شىمالىي ئاپتوبۇس بېكىتىدە كوچىدا تېنەپ يۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ مېھمانخانا سېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2) 2-رايون 1953-يىل 11-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 45 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 16 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 29 كىشى، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 20 كىشى. يىغىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «پۈتكۈل رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش» توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابىي داشقاللارنىڭ جىنايى قىلمىشىدىن يەنىمۇ ئۇچۇق ھېساب ئېلىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئامانلىقنى قوغداش، ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش سىياسىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار ئۈستىدە قارار چىقاردى. يىغىن 13 نەپەر ھۆكۈمەت ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. ياڭ دېشۇ رايون باشلىقى، ياڭ بىليەن، ئابلىمىت مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. شەھەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 23 نەپەر ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى.

1956-يىل 11-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە، 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىنى

چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 111 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 37 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 64 كىشى. يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ «شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتكۈل رايوندىكى خەلقنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساتچان بولۇش ھەرىكىتىنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇش ھەرىكىتىگە سەپەرۋەر قىلىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش» توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، بيۇروكراتچىلىقنى يوق قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي بۇيرۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار ئۈستىدە قارار چىقاردى. يىغىن 13 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ياڭ دېشۇ رايون باشلىقى، ئابلىمىت مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. 1957-يىلى 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنى قارار ماقۇللاپ، 2-رايوننىڭ ئىسمىنى دوستلۇق رايونىغا ئۆزگەرتتى ھەمدە 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ياڭ دېشۇ رايون باشلىقى، كې ۋەنيۇ، ۋاڭ جىنشۇ مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى.

2-رايون 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جەمئىي 3796 پارچە تەكلىپ يىغىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى: كۆمۈر، گۆش، كۆكتات، كىرسىن، رەخت، ئاچچىقسۇ، جاگيۇ بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش؛ ئاشلىق، ماي بىلەن نورمىلىق تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆي ئىجارىسى ۋە مال باھاسىنى تۆۋەنلىتىش؛ ئاشلىقنى ئىقتىساد قىلىش تەشۋىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش؛ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش؛ «نىكاھ قانۇنى» تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە ئۇلارنى خارلاشقا قارشى تۇرۇش، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ۋە ئاقىۋەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ زىيانداشلارنى، كېسەللىكلەرنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ نەپىقە بېرىش قوغدىغۇچى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى كۆپەيتىش، قاتناش لىنىيىسىنى ئۇزارتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) 3-رايون 1953-يىلى 8-ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 56 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 23 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 33 كىشى. يىغىن رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ «داۋاملىق ھالدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللىي سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، شەھەر پۇقرالىرى ئىچىدە سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتىنى ۋە جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش، ئامانلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىغىن 11 نەپەر ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنى ،

سايلاپ چىقتى، جۇماخۇن رايون باشلىقى، لى خەيفېڭ مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى.

يىغىن جەمئىي 246 تەكلىپنى يىغىۋالدى.

4) 4-رايون 1953-يىلى 11-ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 42 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 20 كىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 22 كىشى، يىغىن، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى مەركەز قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچان بولۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش، رايوننىڭ قول سانائەتچىلەر ھەمكارلىق ھەرىكىتىنى تېزلىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئامانلىقنى ساقلاش ھەم ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يىغىندا ۋاڭ جىنشۇ رايون باشلىقلىقىغا، مۇھەممەت تۇراپ مۇئاۋىن رايون باشلىقلىقىغا سايلاندى.

يىغىن جەمئىي 1058 تەكلىپ يىغىۋالدى. ئاساسىي مەزمۇنى: كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلاش؛ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مەكتەپلىرىنى كۆپلەپ تەسىس قىلىش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش؛ «نىكاھ قانۇنى»نىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئاياللارنى كەمسىتىش ۋە نىكاھ سودىسىغا قارشى تۇرۇش، ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، بولۇپمۇ شىخابا رايونىدىكى دەڭلەرنى ۋە شىمالىي ئاپتوبۇس بېكىتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋە تازىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ قول سانائەت ھەمكارلىقىنى تېزلىتىش، قول سانائەتتى كوپېراتىپ ئەزالىرى ۋە گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ ئىش ھەققى ۋە پاراۋانلىق تەمىنات مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش؛ نەپىقە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

5) 5-رايون 1957-يىلى 11-ئايدا تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا 37 نەپەر ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 25 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر 12 نەپەر. يىغىن رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. شېن شۆكوڭ رايون باشلىقلىقىغا سايلاندى. يىغىن 16714 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

### ئىككىنچى، 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى

1) 1958-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى، تيانشان رايونى 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 154 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 128 بولۇپ، 83.1% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 26 بولۇپ، 16.9% نى تەشكىل قىلدى. ۋەكىللەر ئىچىدە ئايال ۋەكىل 63 بولۇپ، ۋەكىلنىڭ 40.9% نى تەشكىل قىلدى. پارتىيىسىز ۋەكىللەر 97 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 63% نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنىڭ تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇپ، تولۇق غەيرەت بىلەن چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: پۈتۈن رايون خەلقلىرىنى تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىككى

يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، تازىلىقتا «بەشتىن خالىي»، «بەشتە پاكىز» رايون بولۇشنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش؛ پۈتۈن رايوندا تېزلىك بىلەن يەرلىك سانائەتتە «پولات-تۆمۈر تاۋلاش» ۋە «مەدەنىيەت (مائارىپ، سەنئەت) ئىنقىلابى» دولقۇنىنى قوزغاش؛ ھەرقايسى جەمئىيەتلەردىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىش، ئۆز رايونىنىڭ قىياپىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئۆزگەرتىش، تۆمۈر يول تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى يېڭىچە ۋەزىيەتنى كۈتۈۋېلىش. پۈتۈن رايون بويىچە كادىرلار، ئامما ئارىسىدا سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۇرژۇئا ئوڭچى ئۇنسۇر ۋە يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلار بىلەن كۈرەش قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىنغا پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت خوش خەۋەر، غەلىبە خەۋەرلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلارنى بېگىدىن قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يەتكۈزۈلۈپ، «1958-يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى بىر قاتلاش، سۈپەتتە ئەڭ يۇقىرى ئۆتكەلگە يېتىشىۋېلىش، مەھسۇلاتلارنى بىر يىلدا يۈز تۈرگە كۆپەيتىش، تەننەرخدە شۇ يىلقى ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىش، زاۋۇتنى ئىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا 43 مىڭ يۈەن بولۇش» قاتارلىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋەكىللەر دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا، يەرلىك سانائەتنى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدە پىلان، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 40 تىن كۆپ سانائەت تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش پىرىنسىپى ئاستىدا، يەرلىك سانائەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بېرىش ئىپادىسىنى بىلدۈردى.

يىغىن 19 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. لى جوگۈيى رايون باشلىقى، چياۋ شۈچۈن، يۈسۈپ كېرىملەر مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىللەردىن 69 كىشىنى سايلاپ چىقتى؛ تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ زاسېداتېل خادىملىرىدىن 140 كىشىنى (شىمىگو رايونىدىكى 24 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى زاسېداتېل خادىملىرىدىن 20 (شىمىگو رايونىدىكى ئىككى كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىشىنى سايلاپ چىقتى.

تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئۈچ قېتىم يىغىن چاقىردى. جەمئىي 2695 پارچە تەكلىپ يىغىۋالدى. ئاساسىي مەزمۇنى: سانائەت ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاشلىقنى پىلانلىق تەمىنلەشنى ياخشى ئىشلەش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش؛ ئاشلىق، رەخت، سوپۇن، گۆش، شېكەر قاتارلىقلارنىڭ نورمىسىنى ئۆستۈرۈش؛ كۆمۈر ۋە ئوتتۇرۇق ئوتۇن بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلىش؛ ئاممىنى تەشكىللەپ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش؛ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش؛ زىيانداشلارنى، كېسەللىكلەرنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان تازىلىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، تۇرۇبىلىق سۇ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، ئىچىملىك سۇ قۇدۇقلىرىنى كۆپەيتىش، ئاھالە ئولتۇراق ئۆيلىرىنى كۆپەيتىش؛ خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىقىدىكى ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۆي ئىجارىسىنى بىر تۇتاش تەڭشەش-تۆۋەنلىتىش، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ھەرىكىتىنى زور تۈركۈمدە ئېلىپ بېرىش، ئوت ئاپىتى، قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە «بەش خىل ئۇنسۇرلار»نىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، كادىرلار ۋە مۇلازىمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىقلاردىن

ئىبارەت.

2. دوستلۇق رايونى 1958-يىلى 6-ئايدا 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 126 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 54 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 42.8% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 72 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 57.2% نى تەشكىل قىلدى. پارتىيىسىز ۋەكىل 61 بولۇپ، 48.4% نى تەشكىل قىلدى. سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 56 كىشى.

يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 8-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، خوراپىيلىقنى تۈگىتىش، تېخنىكا يېڭىلاشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىشنى مەقسەت قىلغان قىزىل بايراق مۇسابىقە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ زور كۈچ بىلەن پولات-تۆمۈر تاۋلاش، زور كۈچ بىلەن يەرلىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىڭ زاۋۇتلۇق رايون نىشانىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ زايوم سېتىۋېلىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش؛ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش، قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشتا بىر-ئىككى يىل ئىچىدە ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، ئامانلىقنى ساقلاش سېپىدە «ئوندىن خالىي بولۇش»نى تەشەببۇس قىلىش (قارا نوپۇستىن خالىي، بۇلاڭچى، پاھىشىۋازلىقتىن خالىي، قىمارۋاز، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتىن خالىي، بۇلاڭچىلىقتىن، لۈكچەكلىكتىن خالىي، ئاققۇنلاردىن، ئاپەتتىن خالىي، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن خالىي، قاتناش ھادىسىسىدىن خالىي بولۇش)نى قانات يايدۇرۇش؛ ئۇيغۇرچىللىققا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ تىرىشچان، ئىقتىسادچانلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش، تىرىشچان، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، ئىقتىساد قىلىپ پۇلنى ئامانەت قويۇش، چىقىمنى ئازايتىش، كېرەكسىز بۇيۇملارنى يىغىۋېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش؛ مال مەنبەلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەش، ئىجتىمائىي سېتىۋېلىش كۈچى ۋە تاۋار بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يىغىن 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، ئابلىمىت رايون باشلىقى، كې ۋېنيۇ، ۋاڭ جىنشۇ، رېن جاۋجېن مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. شەھەرلىك 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 66 ۋەكىل، رايونلۇق سوت مەھكىمىسىگە 157 زاسېداتېل سايلاپ چىقىلدى.

دوستلۇق رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن مەزگىلىدە 783 پارچە تەكلىپ يىغىۋالدى. ئاساسىي مەزمۇنى: ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش ۋە ئاشلىقنى ئىقتىساد قىلىشنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەشتىكى ئۆزۈن ئۆچرەت بولۇش ھالىتىنى تۈگىتىش؛ «بەش زىياندىشنى يوقىتىش» تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىچىملىك سۇ قۇدۇقىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) 1960-يىلى 6-ئايدا، شەھەرلىك خەلق كومىتېتى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونىنى بىرلەشتۈرۈپ تيانشان رايونى دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى، 8-ئاينىڭ 17-كۈنى، تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئەسلىدىكى ئىككى رايوننىڭ 3-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 132 كىشىنى يىغىپ، رايوننى بىرلەشتۈرۈۋېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ئابلىمىتنىڭ مۇۋەققەت رايون باشلىقى، كې ۋېنيۇ، چياۋ شۇچۈن، يۈسۈپ كېرىم، جاۋ چاڭخەيلەرنىڭ مۇۋەققەت مۇئاۋىن رايون

باشلىقى بولۇشىغا ۋە ئەسلىدىكى 32 نەپەر ھەيئەتنىڭ تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتى بولۇپ تەشكىللىنىشىگە قوشۇلدى.

### ئۈچىنچى، تيانشان رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

تيانشان رايونى 1961-يىلى 10-ئايدا 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 193 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 136 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 70.4% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 57 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 30.6% نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسىنىڭ قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىپ مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش، سانائەت، قاتناش-تىرانسپورت، سودا، مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرى ۋە باشقا كەسپىي ئىشلارنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنلاش، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاپپاراتلارنى قىسقارتىش، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئازايتىش، ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى داۋاملىق ئۆزگەرتىش، خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يىغىن 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ئابلىمىت رايون باشلىقى، كې ۋېنيۇ، چياۋ شۇچۈن، جاۋچاڭخەي مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. يەنە شەھەرلىك 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 115 كىشىنى سايلاپ چىقتى.

4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئابلىمىت بىلەن جاڭ شىنجاڭنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى.

4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئىككى قېتىم يىغىن چاقىردى. يىغىندا جەمئىي 2636 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى. ئاساسىي مەزمۇنى: سودا، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى توغرىلاش؛ سودا مۇلازىمەت-تورلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۆپەيتىش؛ شېكەر، رەخت، سوپۇن، ئاشلىق، ماي بىلەن تەمىنلەش نورمىسىنى كۆپەيتىش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەمىنلەش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش؛ شەھەرنىڭ تازىلىق باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ئەخلەتلەرنى ۋاقتىدا توشۇش، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش؛ ئاممىغا قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش، نوپۇس باشقۇرۇشتا قەتئىي بولۇپ، ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### تۆتىنچى، تيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

تيانشان رايونى 1963-يىلى 10-ئايدا 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 193 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 131 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 67% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 62 بولۇپ، 33% نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. ئاساسىي مەزمۇنى: «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش»؛

ئامىنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش، كوچا، يوللار ۋە ھاجەتخانىلارنىڭ تازىلىق ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يىغىن 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قېيۇم تۆمۈر رايون باشلىقى، جياجىنجى، چېن گوجۇ، چياۋ شۇچۈن مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. يەنە شەھەرلىك 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 109 كىشىنى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ زاسېداتېللىرىدىن 122 كىشىنى سايلاپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ھەمدە يەرلىك خەلق كومىتېتى نىزامىنىڭ 25-ماددىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يىغىن 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-نىڭ 1-يىغىنىدىن باشلاپ ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئۆگىنىش، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، سايلىغۇچىلارنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئاڭلاش، قۇرۇلتاينىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، خەلق كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى تەلەپ: ① ۋەكىللەر ئايدا بىر قېتىم سايلىغۇچىلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش؛ ② قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆز رايونى ۋە ساھەلەر بويىچە سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنكاس، پىكىرلەرنى ئاڭلاش، خەلق كومىتېتى مەخسۇس مەسئۇل كىشىنى بەلگىلەپ ئالاقىلىشىش؛ ③ رايون دەرىجىلىك رەھبەرلەر قەرەللىك ھالدا ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىش؛ ④ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە پىكىرلەرگە قارىتا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش، مەلۇم تۈردىكى مۇھىم مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئالاقىدار ۋەكىلنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇش؛ ⑤ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ھەر قېتىمقى خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدا كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش.

5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىندا جەمئىي 2085 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى. ئاساسىي مەزمۇنى: رايون تەۋەسىدىكى كۆكەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن، ماددىي بويۇملار بىلەن تەمىنلەشنى ياخشىلىغان، بۇ يىلقى يامغۇر ئاپىتىدە كادىرلارنىڭ خەلققە مۇلازىمەت قىلىش روھىنىڭ گەۋدىلىك بولغانلىقى، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا نەتىجىسى چوڭ بولغانلارنى تەقدىرلەش، ئامىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېڭىنى كۈچەيتىشنى، نىكاھ سودىسى ۋە بۇ ھەقتىكى ئېغىر سوۋغا-سالاملارنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىش؛ سوت مەھكىمە خىزمىتى ۋە نوپۇس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئاقىۋەتلەرنى يىغىۋېلىش، قايتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا مىللىي كادىرلارنى سەپلەش؛ ماۋجۇشى ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش؛ ئاق، قارا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش نىسبىتىنى تەڭشەش، ياشانغانلار، كىچىك باللار، كېسەللەر، ھامىلدار ئاياللارنى ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش، تاۋار سېتىشتا ياخشى-ياماننى ئارىلاشتۇرۇپ سېتىش شامىلىنى توسۇش؛ ئاشلىق، ماي، رەخت بىلەن تەمىنلەش نورمىسىنى كۆپەيتىش، قىس تاۋارلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ كىچىك باللارنى ئاسما مايكا، لۆڭگە، پايپاق ۋە گۆش قاتارلىقلار بىلەن بېلەتسىز تەمىنلەش؛ ئېلېكتر بىلەن يورۇتۇشنى كۆپەيتىش؛ باللار يەسلىسى، باللار باغچىسىنى كۆپلەپ تەسىس قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**بەشىنچى، تيانشان رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

تيانشان رايونى 1965-يىلى 11-ئايدا 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 193 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 131 كىشى بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ %67.8 نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 62 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ %33.2 نى تەشكىل قىلدى.

يىغىن رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەمدە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدىكى دوكلات، ئالدىنقى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتى ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى.

يىغىن 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قېيۇم تۆمۈر رايون باشلىقى، جيا چىنجى، چېن گوجۇ، چياۋ شۇچۈن مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى. يەنە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ 116 نەپەر زاسېداتېلىنى ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 48 نەپەر ۋەكىلىنى سايلاپ چىقتى.

يىغىندا 1251 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى. ئاساسىي مەزمۇنى: رېمونت قىلىش كەسىپ تۈرلىرى ۋە تاۋار بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش؛ ئاشلىق، سۈت، كۆكتات، پاختا، قوشۇمچە يېمەكلىك مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، كېلىشىم باھادا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ شەھەرنىڭ پىلان لاھىيىسىنى كۈچەيتىش، ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى، ۋودوپروۋود تۇرۇبىسى، بوچتىخانىلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، ئۆي ئىجارىسىنى تۆۋەنلىتىش؛ جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتىش، مەھەللە ئىش باشقارما ۋە پەيچۇسولارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىنى تەڭشەش ۋە خىزمەت دائىرىسىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن پەقەت بىر قېتىملا يىغىن ئاچالىدى.

### ئالتىنچى، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ توسالغۇسى ۋە تەسىرى تۈپەيلىدىن تيانشان رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلمىدى. 1969-يىلى 3-ئايدا ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى كېڭىشىپ شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىلى، كادىرلار ۋەكىلى ۋە ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. لى شۇمىڭ مۇدىر، يىن جيادىڭ، خۇاڭ شىمىڭ، يەن ۋېنخې، ۋاڭ چۇنفۇ، جاڭ خېڭتيەن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ھەيئەت جەمئىي 25 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، «رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت» رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالەتلىك قىلدى.

### يەتتىنچى، تيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى ماقۇللىغان يېڭى «سايلام قانۇنى»، «يەرلىك تەشكىل قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش، بىر يىلدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم يىغىن ئېچىش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى تەسىس قىلىش قارار قىلىندى. تيانشان رايونى 1980-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 261 ۋەكىل قاتناشتى. 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىغا قاتناشقان يۈجىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ 13 ۋەكىلى، رايون تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىن چىقىپ كەتكەن، ئىككى ۋەكىل ئۆلگەن، بىر ۋەكىل يۆتكىلىپ كەتكەن. ئەمەلىي ۋەكىل 245 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 185 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ %70.88 نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 75 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ %29.1 نى تەشكىل قىلدى. پارتىيىسىز ۋەكىللەر 113 بولۇپ، 43.3% نى تەشكىل قىلدى. سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 39.

يىغىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. يىغىن يۇقىرىدىكى دوكلاتلار ھەققىدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. قارارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ۋە 6-ئومۇمىي يىغىن روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىش، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ»تا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىمۇ تەڭشەشنى يولغا قويۇش، سىياسىي جەھەتتە تىنچ بولغان ۋەزىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ ھالدا تۆھپە يارىتىش، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى، دېموكراتىيىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، پەرقلىق سان سايلىمىنى يولغا قويۇپ، 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. (تەپسىلىي ئەھۋالى 3-پاراگرافتا) خۇسەيىن ئەخمەت رايون باشلىقى، ساۋ شىخەي، چېن گوجۇ، لى خۇاسۇن، ۋاڭ چېڭچېڭ، جاڭ فۇشېڭلار مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولدى؛ يەن يۈشىڭ تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، لى يەن رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى، يىغىن شەھەرلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 110 نەپەر ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى (بۇنىڭ ئىچىدە يۈ جىن پولات-تۆمۈر زاۋۇتىدىن 11 كىشى بار). تيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنى رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىككى نەپەر ھەيئىتىنى تولۇقلاپ سايلىدى. يەن يۈشىڭنى (شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن) رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمە باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، زو شىڭيۈەننى سوت مەھكىمە باشلىقى قىلىپ سايلىدى. 4-يىغىن شەھەرلىك 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 90 ۋەكىلنى سايلاپ چىقتى. 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي تۆت قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى، جەمئىي 3429 تەكلىپنى يىغىۋالدى. بۇ تەكلىپلەرنى رەتلەپ، تۈرلەرگە ئايرىپ بېكىتىش ئارقىلىق، 418 لايىھە قىلىپ بېكىتتى. بېجىرىش نىسبىتى %70.1 كە يەتتى، تەكلىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مەھەللە ئىش باشقارما كادىرلىرىنىڭ كۈچىنى زورايتىش، رايون دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش، ئاساسىي قاتلاملارغا كۆپرەك چۆكۈش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش؛ «بەش بولۇش، تۆتتە گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەشۋىقات تەربىيىسىنى كۈچەيتىش؛ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلىشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى توغرا ئىجرا قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، گاز ئوچاق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ئەر-ئايال باراۋەر بولۇش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش؛ رايون، مەھەللە سانائىتىنى تەرتىپكە سېلىش، تەڭشەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، زىيالىي ياشلار ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئامانلىقنى ساقلاشنى كۈچەيتىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىقنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئازغان ياشلارنى تەربىيىلەش؛ تىلەمچىلەرنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنى ھەل قىلىش، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەرنى كۆپەيتىش؛ مۇھىت تازىلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاش، مۇھىتنى بۇلغاش مەنبەلىرىنى قاتتىق كونترول قىلىش؛ بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىش، ھىيانكەشلەرگە زەربە بېرىش، كۆكتات ماگىزىنلىرىنىڭ مەخسۇس توپ سېتىۋالغۇچى

ۋە ھايانكەشلەرگە سېتىپ بېرىش مەسىلىسىنى تۇسۇش؛ كوچا، يوللارنى رېمونت قىلىش، قانۇنسىز قۇرۇلۇشلارنى چېقىپ تاشلاش، كۆكەرتىش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ۋودپرووۋد تۇرۇبىسىنى ئائىلىلەرگە ئۇلاپ بېرىش مەسىلىسىنى تېز ئارىدا ھەل قىلىش؛ ئاھالە كومىتېتى مۇدىرلىرىغا مائاش تارقىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**سەككىزىنچى، تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

تيانشان رايونى 1984-يىلى 6-ئايدا 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا جەمئىي 258 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 173 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 67.05% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 85 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 32.95% نى تەشكىل قىلىپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىن 3.11% كۆپ بولدى. نوپۇسى 100 دىن ئاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بار. ئايال ۋەكىل 119 بولۇپ، 46.12% نى تەشكىل قىلدى. رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ئەزالىرى 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، تيانشان رايونىنىڭ مالىيە خامچوتى ۋە ئەمەلىي ھېساباتى ھەققىدىكى دوكلاتنى، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خام چوت تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى. قارارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: تيانشان رايونىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارار»نى ئىزچىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەركەز قىلىنغان ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۆرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شەھەرنى ئۈنۈۋېرسال تۈزەشنى چىڭ تۇتۇش، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت.

يىغىن 16 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. خۇسەيىن ئەخمەت رايون باشلىقلىقىغا، گاۋ چاڭيۇەن، رېن چىڭشېن، مەمتىمىن سادىقى مۇئاۋىن رايون باشلىقلىقىغا سايلاندى. زو شېڭيۇەن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ياڭ فۇۋېن رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن تەكلىپ، پىكىرلەردىن 490 پارچە يىغىۋالدى. تەكلىپلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: سانائەتنى، مالىيە، سودا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى كۈچەيتىش؛ يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرىنى كۆپلەپ تەسىس قىلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش، يەككە سودا-سانائەتچىلەرنى يۆلەش، بازارلارنى جانلاندۇرۇش؛ مال باھا سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، مال باھا مۇقىملىقىنى ساقلاش، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ تىنچ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش؛ مەھەللە مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، شەھەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش؛ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللىي مائارىپ ۋە بالىلار مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ كوچا، يوللارنى رېمونت قىلىش، ۋودوپرووۋد تۇرۇبىسى ۋە يوندا قۇدۇقى تۇرۇبىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن، ھاجەت قىلماق قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**توققۇزىنچى، تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى**

تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى 1987-يىلى 5-ئايدا چاقىرىلدى. يىغىنغا جەمئىي 221 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ۋەكىل 147 بولۇپ، 66.5% نى

تەشكىل قىلدى؛ ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 74 بولۇپ، 33.5% نى تەشكىل قىلدى؛ ئايال ۋەكىل 78 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 35.3% نى تەشكىل قىلدى؛ پارتىيىسىز ۋەكىللەر 68 بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ 30.8% نى تەشكىل قىلدى. ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل تۆت، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 18، رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ئەزالىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىن رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە رايوننىڭ مالىيە خام چوتى، ئىقچوتى ھەققىدىكى دوكلاتى ھەمدە مالىيە خام چوتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى، تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. يىغىن يۇقىرىدىكى دوكلاتلارنى ماقۇللاپ، بۇ ھەقتە مۇناسىپ قارار چىقاردى. قارارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بايرىقى روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، ئىقتىسادىي مۇھىتنى داۋاملىق تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قانۇن ئىجراسى نازارەتچىلىكىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سىياسىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، تيانشان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت.

تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. سادىق ئەبەيدۇللا رايون باشلىقلىقىغا، ياڭ فېڭلەي، رېن چىڭبىن، ۋېن باۋرۇڭ، مەمتىمىن سادىق مۇئاۋىن رايون باشلىقلىقىغا سايلاندى؛ ياڭ فۇۋېن تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

يىغىندا جەمئىي 189 پارچە تەكلىپ يىغىۋېلىندى. (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە يوللاپ بېرىدىغىنى بىر پارچە)، ئاساسىي مەزمۇنى: تيانشان رايونىنىڭ تۈزەش، ياخشىلاش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇش؛ سانائەت تەرەققىياتىنى يۆلەش، ئىقتىسادىي مەسلىھەت بېرىش ئاپپاراتىنى تۇرغۇزۇش، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش؛ ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى قىسقارتىش، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنۋان مائاشىنى ئەمەللەشتۈرۈش، مائارىپ خىراجىتىنى ئاشۇرۇش؛ سىرتتىن كەلگۈچىلەر ۋە يەككە تىجارەتچىلەرگە قارىتا پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش؛ يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېمەكلىك تازىلىقىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش؛ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىش، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالاش؛ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىرتتىن كەلگۈچىلەرگە قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ مال باھاسىغا قارىتا نازارەتچىلىك تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاش، قالايمىقان باھا ئۆستۈرۈۋالىدىغان بېسىمدارلار ۋە ئىسلاھاتنى بۇزىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش؛ ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا قانۇن-تۈزۈم ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى ئازايتىش؛ يوللارغا قارا ماي ياتقۇزۇش، يول ياساش ۋە يوندا تۇرۇبىلىرىنى ئاسراش، رېمونت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەش؛ باغچا ۋە كوچىدىكى گۈللۈكلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ نۆۋەتلىكنىڭ تەكلىپ، پىكىرلەرنى بېجىرىش ئۈنۈمى 96.4% كە يېتىپ، ئاساسىي جەھەتتىن ماددىمۇ ماددا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشمۇ ئىش جاۋاب بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## تيانشان رايونلۇق تۈنجى نۆۋەتلىكتىن 6-نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل 13-1-2-1 بىرلىكى: ئادەم

| رايون ئايرىمىسى | نۆۋەت قېتىمى | ۋەكىللەر سانى | ۋەكىللەرنىڭ ساھە ئايرىمىسى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | مىللەت ئايرىمىسى | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | پارتىيە گورۇھلار | ھۆكۈمەت | ئىشچى | دېھقان | ئاياللار | ياشلار | خەلق تەشكىلاتى | ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى | خەلق ساقچىسى | سانائەت-قاتناش | مالىيە-سودا | سودا-سانائەت | مەدەنىيەت-مائارىپ | سەھىيە | ئەمگەكچى ئاما | ئورگان | سىياسىي قانۇن | ئەدەبىيات-سەنئەت | دېموكراتىك زات | دىنىي زات | ئۆتۈشلۈك تىجارەتچى | ھەرسىلەر ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى | ئاساسىي قاتلام | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | موڭغۇل | شىبە | مانجۇ | ئۆزبېك | رۇس | تاتار | باشقىلار |
| 1-رايون | تۈنجى نۆۋەت | 58 | 3 | 2 | 19 | | 6 | | | | 3 | | 2 | 2 | | 3 | 9 | 3 | | 1 | 2 | | | 1 | 2 | | 49 | | 7 | 1 | | 1 | | | | |
| | 2-نۆۋەت | 118 | 5 | 8 | 23 | | 12 | 2 | 8 | | 2 | | 3 | 4 | 15 | 8 | 10 | 7 | | 2 | 3 | 2 | | 1 | 3 | 10 | 90 | 2 | 41 | 1 | | | | 1 | | |
| 2-رايون | تۈنجى نۆۋەت | 45 | 2 | 3 | 12 | 3 | 2 | | | | 2 | | 1 | 1 | | 2 | 4 | 2 | | 1 | 1 | 3 | 1 | 2 | 3 | 9 | 16 | | 20 | | | | | | | |
| | 2-نۆۋەت | 111 | 5 | 8 | 20 | 3 | 12 | 2 | 8 | | 2 | | 3 | 2 | 13 | 8 | 10 | 7 | | 1 | 1 | 2 | | 1 | 3 | 35 | 37 | 4 | 30 | | 1 | | 1 | 1 | 2 | |
| 3-رايون | تۈنجى نۆۋەت | 56 | 3 | 2 | 13 | | 14 | | 2 | | 3 | | 1 | 1 | | 2 | 5 | 3 | | | 1 | | 1 | 2 | 3 | 20 | 23 | 2 | 5 | | | | 1 | 2 | 1 | 2 |
| 4-رايون | تۈنجى نۆۋەت | 42 | 2 | 1 | 5 | 1 | 6 | | 3 | | 3 | | 2 | 1 | 4 | 4 | 2 | 2 | | 1 | | 1 | | 1 | 3 | 12 | 20 | 1 | 9 | | | | | | | |
| 5-رايون | تۈنجى نۆۋەت | 37 | 1 | 1 | 4 | | 4 | | 2 | | 3 | | 5 | 3 | 4 | 2 | 3 | | | 1 | | 1 | | 1 | 2 | 5 | 25 | | 7 | | | | | | | |
| دوستلۇق رايونى | 3-نۆۋەت | 126 | 3 | 8 | 5 | | | 6 | | | 2 | 6 | | 4 | 13 | 3 | 58 | | | | 4 | 5 | 2 | 2 | 5 | 41 | 48 | 3 | 29 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 1 | |
| تيانشان رايونى | 3-نۆۋەت | 154 | 5 | 12 | 23 | | 8 | 1 | 9 | | 4 | | 8 | 3 | 15 | 8 | 35 | 5 | | 4 | 3 | 2 | | 2 | 7 | 8 | 128 | 1 | 13 | | 1 | 1 | | 1 | 1 | |
| | 4-نۆۋەت | 193 | 7 | 10 | | | | | 3 | 15 | 4 | 9 | | 3 | 18 | 8 | 59 | 25 | 3 | 5 | 3 | 3 | 5 | 3 | 10 | 30 | 136 | 3 | 19 | | 2 | 1 | 1 | | 1 | |
| | 5-نۆۋەت | 193 | 5 | 11 | | | | | 2 | 15 | 3 | 12 | 7 | | 17 | 9 | 83 | 5 | | 4 | 3 | 2 | 5 | | 10 | 29 | 131 | 2 | 26 | 1 | 1 | 1 | 1 | | 1 | |
| | 6-نۆۋەت | 193 | 5 | 8 | | | | | 2 | 15 | 3 | 17 | 6 | | 17 | 8 | 80 | 9 | | 4 | 4 | 2 | | 3 | 10 | 29 | 131 | 2 | 6 | 1 | 1 | 1 | 1 | | 1 | |

## تيانشان رايونلۇق 8ـنۆۋەتلىكتىن 10ـنۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەركىبلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

13ـ1ـ2ـ2 جەدۋەل

بىرلىكى: ئادەم

| نۆۋەت قېتىمى | ۋەكىللەر سانى | ۋەكىللەرنىڭ ساھە ئايرىمىسى | | | | | | | ۋەكىللەرنىڭ مىللەت ئايرىمىسى | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئىشچى ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر | زىيالىيلار | كادىرلار | دېموكراتىك زات ۋە دىنىي زات | ئازادلىق ئارمىيە | ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى | ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار تەۋەلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | قازاق | موڭغۇل | ئۆزبېك | تاجىك | قىرغىز | مانجۇ | شىبە | تاتار | رۇس | جۇاڭزۇ | بەيزۇ |
| 8ـنۆۋەت | 261 | 146 | 35 | 72 | 7 | 1 | | | 185 | 35 | 30 | 3 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | | | | | |
| 9ـنۆۋەت | 258 | 140 | 40 | 49 | 27 | 2 | | | 173 | 44 | 26 | 5 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 3 | 1 | 1 | 1 | |
| 10ـنۆۋەت | 221 | 107 | 44 | 55 | 5 | 2 | 2 | 6 | 147 | 40 | 21 | 5 | 1 | 1 | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | | 1 |

## 3- پاراگراف ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى

تىيانشان رايونىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلىنمىدى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېپىق مەزگىلىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى رايونلۇق خەلق كومىتېتى مەسئۇل بولۇپ بېجىرىپ كەلدى.

**بىرىنچى، تىيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

1980-يىلى 6-ئايدا، تىيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى «رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سايلام چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان تىيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قىيۇم رېيىم مۇدىر، جاۋ خۇيمىڭ، لاڭ لېيەنپۇ، لى يۇشۈن، ۋاڭ شۈتيەن، چياۋ شۇچۈن، سارىخان ئەخمەت مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنى، ئەسلىدىكى ھەيئەت ئىچىدە بىر ئادەم ئۆلۈپ، بىر ئادەم يۆتكىلىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن روزىخان بىلەن گو ۋەنچۈننى ھەيئەت قىلىپ تولۇقلاپ سايلىدى. تولۇقلاپ سايلىغاندىن كېيىنمۇ ھەيئەت 17 نەپەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 10 كىشى، ئۇيغۇرلار تۆت كىشى، خۇيزۇلار ئىككى كىشى، مانجۇ بىر كىشى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى پۈتۈن ھەيئەتلەرنىڭ 41.2% نى تەشكىل قىلدى؛ ئەڭ چوڭلىرى 70 ياش، كىچىكلىرى 40 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 56 ياش؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر ئىككى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر ئالتە، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر يەتتە، ساۋاتسىزلار بىر؛ پارتىيىلىكلەر 14، ئايال ھەيئەت ئالتە، ھەيئەتلەر ئىچىدە پارتكوم، خەلق تەشكىلاتلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار تۆت؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئەزاسى ئالتە؛ ھەربىي بىر؛ كارخانا كەسپىي ئورۇندا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار ئىككى؛ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان ئىشچى بىر؛ دىنىي ساھەدىكى زات بىر، ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرى ئىككى، نەمۇنىچى ئىلغار خادىم ئىككى.

8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 28 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، مالىيە خام چوتى، سودا-سانائەت ۋە مال باھا باشقۇرۇشى، شەھەر قۇرۇلۇشى، تازىلىق، «قوش مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى قاتارلىق 13 تۈردىكى خىزمەت دوكلاتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىق خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. 1981-، 1982-يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پىلان كۆرسەتكۈچلىرى ۋە مالىيە خام چوتى، ئەمەلىي چوتى، مالىيە كىرىم-چىقىم پىلانى قاتارلىق تۆت تۈر ئۈستىدە قارار چىقاردى ۋە ماقۇللىدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ خىزمەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلىرىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىساد بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، مائارىپ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى. رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «قاتتىق زەربە بېرىش» (جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش) ھەققىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،

ئەزالار «ئىككى مەھكىمە» (سوت، تەپتىش مەھكىمىسى) جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (81) 21-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، كادىرلار، ساقچى-لارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى غەم، ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە غەيرىتىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى: يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، «تۈزلىنىش» قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سىياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىيانشان رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن رايوندىكى 261 نەپەر ۋەكىلنى 10 ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىسى)گە ئايرىپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىدە ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، قوشۇمچە كاتىپ تەيىن قىلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 47 ۋەكىل گۇرۇپپىسىنى تەيىن قىلدى. تىيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 13-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى «تىيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ۋە سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرى 1980-يىلى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، توققۇز قېتىم ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قارىتا پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلىدى ۋە 130 پارچە تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئاڭلىدى. 1983-يىلى 6-ئايدا، «ئاساسىي قانۇن»غا قارىتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. دائىمىي كومىتېتى يەنە 160 نەپەر ۋەكىلنى تەشكىللەپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، سايلىغۇ-چىلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈردى. قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقات يىغىنىنى 950 قېتىم ئاچتى. لوزۇنكا ۋە قارا تاختا گېزىتىدىن 3533 سان (پارچە) چىقاردى. تەربىيىگە ئىگە بولغان ئادەم سانى 86572 ئادەم قېتىمغا يەتتى. ھەر قېتىمقى قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىن خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىينىڭ روھىنى يەتكۈزدى. پەقەت 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدىن كېيىنلا، چوڭ-كىچىك 379 مەيدان يىغىن ئېچىلىپ، 17000 نەپەر سايلىغۇچىغا يەتكۈزۈلدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 120 قېتىم ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋالدى. 45 سان قىسقا خەۋەرلەرنى بېسىپ ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بەردى.

8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە، ھەيئەتلەر ۋە ۋەكىللەر 21 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىگە تەشكىللەندى. ھەر قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە مەقسەت ۋە ۋەزىپە ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماق مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشى تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەھۋال ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىشقا، تەكلىپ ۋە ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولدى. مەسىلەن: مائارىپ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، مائارىپ خىراجىتىنىڭ يېتىشمەس-لىكى، ئوقۇش تەۋەلىكىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى، ئوقۇتقۇچىلار يۈكىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، تۇرمۇش پاراۋانلىقىنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈمەتكە قارىتا تەكلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرى-غا قويدى. بۇنى ھۆكۈمەت ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن ھەل قىلىش چارىسىدىكى بەش ماددىلىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار: ① يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش، رايون مالىيىسىدىن 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، نوقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ھەل قىلىش، ئوقۇتۇش شارائىتىنى

ياخشىلاش؛ ② باشقا ئورۇنلارنىڭ مەكتەپ سىنىپلىرىنى ئىگىلىۋالغان، ئارىيەت ئېلىۋالغانلىرىنى ھۆكۈمەت ھەيدەكچىلىك قىلىپ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇش؛ ③ ئوقۇتقۇچىلار پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ 80% نى مەكتەپكە چۈشۈرۈپ بېرىش؛ ④ مەكتەپنىڭ ئىسسىنىش، چىراغ مەسىلىسىنى مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىش؛ ⑤ مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى 1000 يۈەن ئاجرىتىپ، ئايرىم مەكتەپنىڭ رادىئو سايمانلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تەدبىرلەردىن ۋەكىللەر ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى رازى بولۇشتى. يەنە بىر مىسال: مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، رايونىمىزدىكى ئالتە مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى 22 مۇسۇلمان ئاشخانىسىدا مۇسۇلمان خىزمەتچى بولماسلىق مەسىلىسىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھۆكۈمەت كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئاشخانىدىكى مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنى ئەسلىدىكى 63.9% تىن 85.4% قىلىپ تەڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاشخانا خىزمەتچىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن «مۇسۇلمانلاشتۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، قالدۇرۇش مەسىلىسىدە 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «يەرلىك تەشكىل قانۇنى»، «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»غا ئاساسەن ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى يوللىغان 24 نەپەر كادىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى.

رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، خىزمەتچى خادىملار شتاتى سەككىزگە يەتكۈزۈلدى. 1981-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، شەھەرلىك شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق خىزمەتچى خادىملار شتاتى 16 گە كۆپەيتىلدى.

## ئىككىنچى، تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1984-يىلى 6-ئايدا، تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى، 16 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. قېيوم رەيىس مۇدىر، لى يۈشۈن، كې ۋەنيۈ، جاڭ لەن (قوشۇمچە) مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچىدە خەنزۇلار 10 كىشى بولۇپ، ھەيئەتلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 62.5% نى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئالتە كىشى بولۇپ، ھەيئەتلەرنىڭ 37.5% نى تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۈچ كىشى، خۇيزۇلار ئىككى كىشى، قازاق بىر كىشى؛ ئەڭ چوڭى 63 ياش، ئەڭ كىچىكى 30 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 50 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىن ئالتە ياش تۆۋەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر ئۈچ كىشى، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر تۆت كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر يەتتە كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپ سەۋىيىسىدىكىلەر ئىككى كىشى بولۇپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىن يۇقىرى بولغان؛ پارتىيىلىك 12 كىشى، دېموكراتىك زات بىر كىشى، پەن-تېخنىكا خادىمى ئىككى كىشى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 20 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتىدىن 40 تۈرنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، تيانشان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى، يىللىق مالىيە خام چوتى ۋە نەقچوتى ھەمدە ئومۇمىي خەلققە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويۇش قاتارلىق تۆت تۈردە قارار چىقاردى. ھەيئەتلەر ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق

تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. بولۇپمۇ، سىرتتىن كەلكۈچىلەرگە قارىتا، پىلانلىق تۇغۇت باشقۇرۇشى ۋە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتىنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلدى. «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى ئىجرا قىلىشنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، ئايرىم باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئىدىيىۋى كەسپىي ساپاسىنىڭ ناچار بولۇشى، خىزمەت ئۇسلۇبىنىڭ توغرا بولمايۋاتقانلىق مەسىلىلىرىگە قارىتقان ھالدا، يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا قارىتا، قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشى ۋە كەسپىي ئەخلاق قارىشى تەربىيىسىنى يەنىمۇ تەرتىپكە سېلىپ ۋە كۈچەيتىپ، «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەيئەتلەر تىيانشان رايونىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى مىللىي دىنىي خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى: بۇندىن كېيىن مىللىي دىنىي سىياسەتنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسىنى ۋە مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، تىيانشان رايونىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. مىللىي دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا قاراپ چىقىشنىڭ ئالدىدا، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رىياسەتچىلىكىدە، بىر قىسىم ۋەكىللەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مەخسۇس خۇيزۇلارنىڭ ماتەرىپ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىش يىغىنى ئېچىلدى. ۋەكىللەر ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ خۇيزۇ ماتەرىپىغا ئېتىبار بېرىشى ۋە خەنزۇلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، مەكتەپ ئۆرلەش ۋە ئىشچى قوبۇل قىلىشتا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارالما خىزمىتىنى كونكرېت ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. دائىمىي كومىتېتى قارالمىلىرىدا، ھەيئەتلەر 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قارىتا قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدە، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىش ئارقىلىق تىيانشان رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلانغانلىقىدىن رازى بولدى.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنە مىللىي دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى، تىيانشان رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى، مەدەنىي-ماتەرىپ، سەھىيە ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى ھەمدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆت قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە، ھەيئەت ۋە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، تىيانشان رايونىنىڭ خىزمىتى 19 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈلدى. ئاساسىي مەزمۇنى: «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش؛ شەھەر قىياپىتىنى تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش؛ باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسىدا ماتەرىپ فاكۇلتېتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛ داۋالاش تارماقلىرى ئەلا مۇلازىمەت قىلىش؛ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۈرمىنى باشقۇرۇش، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش تەييارلىق خىزمىتى؛ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى؛ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى؛

قوغۇقۇزۇش ئاپپاراتلىرىنى قىسقارتىپ ئۈنۈملۈك ئۇرۇنلاشتۇرۇش؛ خەلق ئەسكەرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھەر قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ ئالدىدا، ۋەكىللەر ئالاقىدار سىياسەت، نىزام، قانۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەر، ھەيئەتلەر قانۇن ۋە كەسپىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەپ، كۆزدىن كەچۈرۈشنىڭ كونكرېت تەلەپىدىن خەۋەردار بولدى ھەمدە كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا كۆڭۈلدە سان بولۇش، ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى «ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىشنى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ۋەكىللەر بىلەن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى ۋە گۇرۇپپا بىلەن سايلىغۇچىلار ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى. 60 نەپەر ۋەكىلنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى.

9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 44 كادىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇردى.

**ئۈچىنچى، تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

1987-يىلى 5-ئايدا، تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 17 نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. ۋاڭ چېڭچېڭ مۇدىر، كې ۋېنيۇ، ياسىن كامىل، مۇ تۇڭجى، شىي بىنيەن (قوشۇمچە) مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ئىچىدە خەنزۇلار 10 كىشى بولۇپ، ئەزالارنىڭ 58.8%نى تەشكىل قىلدى؛ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر يەتتە كىشى بولۇپ، 41.2%نى تەشكىل قىلدى، ئۇيغۇرلار تۆت كىشى، خۇيزۇلار ئىككى كىشى، قازاق بىر كىشى؛ ئاياللار تۆت كىشى بولۇپ 23.53%نى تەشكىل قىلدى؛ تەتقىقاتچى بىر كىشى، ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر تۆت كىشى، تولۇق ئوتتۇرا (ئوتتۇرا تېخنىكوم) سەۋىيىسىدىكىلەر 11 كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر بىر كىشى، ھەيئەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىككە قارىغاندا خېلى يۇقىرى بولغان؛ چوڭى 66 ياش، ئەڭ كىچىكى 34 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 47.6 ياش بولۇپ، ئالدىنقى نۆۋەتلىكتىن 2.3 ياش تۆۋەن بولدى؛ پارتىيە، گۇرۇھ، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى كادىرلار ئالتە كىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كەسپتىكى كادىرى بەش كىشى، ھەربىي بىر كىشى، پەن-تېخنىكا خادىمى ۋە پروفېسسور ئۈچ كىشى، كارخانا كادىرى ۋە ئوقۇتقۇچى ئىككى كىشى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر بىر كىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى 12 كىشى، دېموكراتىك زات بىر كىشى.

10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي بەش قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت، رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. قانۇن بويىچە ۋەكىللەرگە ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش، قەرزنى ئېنىقلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش، بىر نەپەر كادىرنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت قاتارلىق تۆت تۈر ئۈستىدە قارار چىقاردى.

تيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىكتىن 10-نۆۋەتلىكىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەرقايسى ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىن قارالغان مەسىلىلەر ھەمدە قېتىم سانىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1—3—1—13 جەدۋەل

بىرلىكى: قېتىم

| نۆۋەت ئاتىلىشى | 8-نۆۋەتلىك دائىمىي كو-مىتېتى | 9-نۆۋەتلىك دائىمىي كو-مىتېتى | 10-نۆۋەتلىك دائىمىي كو-مىتېتى |
|---|---|---|---|
| دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىن سانى | 28قېتىم | 20قېتىم | 6قېتىم (87-يىل غىچە) |
| **قارالغان مەزمۇنى** | | | |
| يىللىق ئىقتىسادىي پىلاننىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى | 3 | 3 | 1 |
| مالىيە خام چوتى ۋە باج يىغىش پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 4 | 2 | 1 |
| بازار ۋە مال باھا باشقۇرۇش خىزمىتى ئەھۋالى | 2 | 2 | 1 |
| مۇھىتنى نىزامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | | 1 | 1 |
| «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 1 | 1 | 1 |
| «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 1 | 1 | |
| پىلانلىق تۇغۇت نىزامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 2 | 2 | 1 |
| شەھەر قۇرۇلۇش خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات | 3 | 3 | 1 |
| شەھەر قىياپىتى تازىلىق باشقۇرۇش نىزامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 3 | 3 | 1 |
| «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | | 1 | |
| قوش مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى (ئۈچتە ئەلا بىردىن ئۆگىنىش) پائالىيىتى ئەھۋالى | 2 | 1 | |
| «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ئۈلگە» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى | | 1 | |
| خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش جاۋاب بېرىش ئەھۋالى | 1 | 1 | |
| تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات | 4 | 2 | |
| تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات | 3 | 2 | |
| ھەر تەرەپلىمە تۈزەش (قاتتىق زەربە بېرىش) خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات | | | 1 |
| ئامانلىقنى ساقلاش بويىچە جازالاش نىزامىنى ئىجرا قىلىش ۋە تۈرمە ئەھۋالىدىن دوكلات | 3 | 3 | 1 |
| رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى | 3 | 3 | 2 |
| رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش | 1 | 1 | |
| خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى | 2 | 2 | |
| خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى توغرىسىدىكى تۈزۈملەر | 2 | 2 | 1 |
| كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش پىكرى | 7 | 6 | 2 |
| باشقىلار | 3 | 3 | 4 |

تيانشان رايونلۇق 8-نۆۋەتلىكتىن 10-نۆۋەتلىككىچە بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىق ۋەكىللىرى تەشكىللەپ كۆزدىن كۆچۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

13—1—3—2 جەدۋەل

بىرلىكى: قېتىم

| نۆۋەت ئايرىمىسى | | 8-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت | 9-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت | 10-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت |
|---|---|---|---|---|
| كۆزدىن كۆچۈرۈش قېتىم سانى | | 21 قېتىم | 19 قېتىم | 13 قېتىم |
| كۆزدىن كۆچۈرۈش مەزمۇنلىرى | ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى | 2 | 2 | 1 |
| | مال باھا باشقۇرۇش نىزامىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى | 1 | 1 | 2 |
| | ئانا-بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئەھۋالى | 1 | | |
| | مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش «ئاشخانا مۇسۇلمان خىزمەتچىلىرى مەسىلىسى» | 1 | | |
| | شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئاسراشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى | 2 | 3 | |
| | شەھەر قىياپىتى تازىلىقى باشقۇرۇش نىزامىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى | 1 | 3 | 2 |
| | يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى | 1 | 2 | 1 |
| | مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ مەنىۋى بۇلغىنىشىنى تازىلاش | 1 | | |
| | مائارىپ قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇش ئەھۋالى | 4 | 2 | |
| | «ئىككى مەھكىمە»نىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنى ئىجرا قىلىش، نەق مەيداندا سوت قىلىش | 1 | 1 | 1 |
| | ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۈزىمىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى | | 1 | 1 |
| | جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ھەمدە «ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» خىزمەت ئەھۋالى | 1 | | 1 |
| | زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى | 1 | | |
| | مەھەللىلەرنىڭ قىش پەسلىدىكى ئىجتىمائىي قوغدىنىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش | 1 | | |
| | يۈنۈن رايونىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە تەييارلىق قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش | | 1 | |
| | قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ يۈنۈن رايوندا قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى | | 1 | 1 |
| | ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ خەلق ئىسكەرلىرى خىزمەت ئەھۋالى | | 1 | |
| | پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى | | | 1 |
| | «ئىككىنى ئاشۇرۇپ ئىككىنى تېجەش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى | 1 | | 1 |
| | «ئۈچتە ئەلا بىردىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى | 1 | | 1 |
| | داۋالاش-سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى | | 1 | |

10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خىزمەت نازارەتچىلىكىنى قانۇنىي نازارەتچىلىككە ئۆزگەرتىش بولدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ «مۇپەتتىش نىزامى»، «شەھەر قىياپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش نىزامى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «مال باھا نازارەتچىلىك نىزامى» ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئارماقلىرىنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «ئامانلىقنى باشقۇرۇشتىكى جازالاش نىزامى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلىدى. دائىمىي كومىتېتى كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇش ۋە دېموكراتىيىنى پائال جارى قىلدۇرۇدى ھەمدە قارالما مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن ھەيئەتلەرنى ئالاقىدار قانۇن، قانۇنىي نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ياكى چوڭ ئىشلارغا قاراپ چىقىشنىڭ ئالدىدا ۋەكىللەرنى مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيئەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قابىلىيىتىنى ھەمدە قارالما سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قاراپ چىقىشنىڭ ئالدىدا، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل يېزىقتا ماتېرىيال تەييارلاشتا چىڭ تۇردى. يىغىندىن كېيىن، يىغىننىڭ ئەھۋالى ۋە قارارلارغا قىسقا خەۋەرلەر، يىغىن خاتىرىسى قىلىپ بېسىپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەتقىق قىلىش، خىزمەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسى قىلىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى. مەسىلەن: دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «بازار ۋە مال باھا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى قاراپ چىقىش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىدا، ھەيئەتلەر «مال باھا نازارەتچىلىكى نىزامى» ۋە «ئۇقتۇرۇش»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. بايرام مەزگىلىدە، ۋەكىللەر بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈش، مال باھا چوڭ تەكشۈرۈشكە تەشكىللەندى. مال باھا ئارماقلىرىدىن بۇ خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشنى، ئادىل تارازا تەسىس قىلىشنى، ھەرقايسى تىجارەت ئۇقتىلىرى باھا كارتوچكىسى، ئاشكارا ۋىۋىسكا ئېسىپ تىجارەت قىلىشنى، ئالدامچىلىق قىلىدىغان بازار زومىگەرلىرى ۋە باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈۋالىدىغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا قارىتا يۇمشاق قوللۇق قىلماي، قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ «مۇپەتتىش نىزامى»نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىققاندا، ھەيئەتلەر مۇپەتتىش خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەتنىڭ ئورنىغا قويۇشنى لازىم دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. رايوننىڭ سىرتتىن يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك سوممىسى 12 مىليون يۈەننى يىغىۋېلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ خادىملارنى ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئاپپارات تەشكىللەپ ئىنقىلاپ، قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى تېزلىتىشنى بۇيرىدى. رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچى ئۇنسۇرلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىغا قاراپ چىققاندا، ۋەكىللەر مۇنداق ھېسابلىدى: رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى «ئىككىگە زەربە بېرىش»، «تۆتنى تەرتىپكە سېلىش»نىڭ ئومۇمىي گەۋدە جېڭىدە كۆرمىش نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپ، تۈزۈمش، ياخشىلاش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان. بىراق، جىنايەتچىلەرنى قاماش مۇددىتى ئېشىپ كېتىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلار يەنىلا ساقلانماقتا. بۇنى دەرھال تۈزىتىش كېرەك. رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ۋە رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى قارالما روھىغا ئاساسەن، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپ قېتىملىق كۆزدىن كۆچۈرۈش،

يەنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئۆز ئورنىدا كۆزدىن كۆچۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ۋەكىللەر نۆۋەتلىك كۆزدىن كۆچۈرۈش؛ شەھەر، رايون ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆزدىن كۆچۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈش مەزمۇنى ۋە كۆزدىن كۆچۈرۈش دائىرىسىنى بەلگىلەش، بىرقانچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۆزدىن كۆچۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش چارىسىنى قوللاندى. مەسىلەن: رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ «ئۆچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، پىلانلىق تۇغۇت ۋە «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تەربىيىسى خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، بىر قېتىمدىلا شەھەر، رايون خەلق ۋەكىللىرىدىن 181 نەپىرى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك، رايونلۇق ئورۇنلار ۋە مەھەللە ئورۇنلىرىدىن بولۇپ 125 ئورۇن كۆزدىن كۆچۈرۈلدى. كۆزدىن كۆچۈرۈش پائالىيىتىدە «بىرىنچىدىن كۆرۈش، ئىككىنچىدىن سوراش، ئۈچىنچىدىن تەكشۈرۈش، تۆتىنچىدىن مۇھاكىمە قىلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مەسىلىلەر سېزىلگەندە، تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كۆزدىن كۆچۈرۈلگەن ئورۇننىڭ خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرى يەنە بىر قېتىم شەھەر، رايوننىڭ خەلق ۋەكىللىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى بولۇپ 119 كىشى 10 ۋەكىللەر ئۆمىكى، 17 كۆزدىن كۆچۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ئايرىلىپ، بىر تۇتاش ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈن رايونىمىزدىكى 190 دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ۋە يەككە ئاشخانىلارنىڭ «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە «يېمەكلىك تازىلىق قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلغان 17 ئاشخانا بىر تەرەپ قىلىندى. سەككىز ئورۇننىڭ تىجارىتى توختىتىلىپ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىندى. جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، تۈرمىدىكى جىنايەتچىنىڭ جىنايەتچىنى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئېغىر يارىلىنىش مەسىلىسىنىڭ بارلىقى بايقالغاندا، شۆبە ئىدارىنى دەرھال تەرتىپكە سېلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرىدى. شۆبە ئىدارە ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈرمىنى باشقۇرۇش بەنزىسىنى تەرتىپكە سالدى. باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈرمە زومىگەرلىرى ۋە قاتىلنى بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى. ھەيئەتلەر بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى.

10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1987-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە تىيانشان رايونلۇق ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى ھەمدە رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانا كادىرى بولۇپ جەمئىي 41 كىشىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. خىزمەت يۆتكىلىش سەۋەبىدىن يەتتە كىشىنى ۋەزىپىدىن قالدۇردى.

# 4-پاراگراف سايلام

ئازادلىقتىن كېيىن 1949-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى»نىڭ بەلگىلىمىسى ۋە رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلار 1951-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى. ھەر نۆۋەتلىكنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىرىنچى يىل بولدى. ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى 2-نۆۋەتلىكتىن بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق رايونلۇق خىزمەت

گۇرۇپپىسى، رايونلۇق مەھكىمە (1951-يىلى 12-ئايدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رايونلۇق ھۆكۈمەتكە ئۆزگەرتىلگەن) ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئالاقىدار ۋەكىل-زاتلارنى چاقىرىپ كېڭىشىپ نامزات كۆرسەتكەندى، كېڭىشىپ بېكىتكەن سانىنى ھەرقايسى مەھەللە جامائەت ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، قول كۆتۈرۈش، بېلەت تاشلاش، پۇرچاق ساناش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ سايلام ئۆتكۈزگەندى. 3-نۆۋەتلىكتە، 2-نۆۋەتلىكتە كۆرسىتىلگەن كېڭەشمە ھەيئىتى ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەرگە بەلگىلەپ بېرىلگەن سايلام سانى بويىچە مەسلىھەتلىشىپ نامزات كۆرسىتىش ۋە بېكىتىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. 4-نۆۋەتلىكتىمۇ شۇنداق بولدى.

1953-يىلى 3-ئايدا «ئورتاق پروگرامما»نىڭ 2-باب 12-ماددىسىدىكى «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى» (قىسقارتىپ «سايلام قانۇنى» دېيىلىدۇ) نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3-رايوننى ئومۇميۈزلۈك سايلام ئېلىپ بېرىشنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلدى. شۇندىن كېيىن، باشقا ھەرقايسى رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن سايلام ھەيئىتى قۇرۇلدى ھەم 39 خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەندى. 314 نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئومۇميۈزلۈك سايلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك، ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، سايلام رايونلىرىدا سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش پونكىتىنى تەسىس قىلىپ، سايلىغۇچىلارنى تىزىملاپ، سايلىغۇچىلار گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. سايلام ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى، سايلام پونكىتلىرىدا دۆلەت بايرىقى، قىزىل بايراقلار قادالدى، لوزۇنكا، گۈل قاچىلىرى قويۇلدى، ئوتتۇرىغا ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى ئېسىلدى، سايلىغۇچىلار يېڭى كىيىم كىيىشىپ، خۇشال كەيپىياتتا تەرتىپ بويىچە سايلام گۇۋاھنامىسى ئېلىشتى، خىزمەت گۇرۇپپىسى «سايلام قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سايلام كۈنىدىن 30 كۈن ئىلگىرى سايلىغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى رويخەت تاختىسىدا ئېلان قىلدى. تىزىملىك تەرتىپى بويىچە سايلىغۇچىلار گۇرۇپپىسى سايلىغۇچىلارنى ئىسىملىك ئېلانىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى. سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىش، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ قول قويۇش ئارقىلىق، خەتلىرى چۈشۈپ قالغان، سايلىغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى خاتا يېزىلىپ قالغانلىرى تولۇقلىنىپ، تۈزىتىلىپ قايتا ئىسىملىك ئېلانى چىقىرىلدى. سايلام ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان ۋە سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئامالسىز قالغان روھىي كېسەللەرنىڭمۇ ئىسمى ئوچۇق ئېلان قىلىندى. ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سايلىمىنى جەملەپ كەلگەندە، 293 كىشىگە سايلام ھوقۇقى بېرىلمىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سايلام ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغان پومېشچىك، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار 252 كىشى، روھىي كېسەللەر 37 كىشى بولۇپ، 59391 نەپەر ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ 0.41% نى تەشكىل قىلدى.

تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا، سايلام رايونلىرىنى ئايرىشنىڭ پرىنسىپى: بىر نەپەردىن (500—1000 كىشىگىچە) ۋەكىل سايلىيالايدىغان ئورۇننى مۇستەقىل سايلام رايونى قىلىپ ئايرىش، ئادەم سانى 500 گە يەتمىگەن ئورۇنلارنى يېقىن ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرلەشمە سايلام رايونى قىلىپ ئايرىشتىن ئىبارەت. سايلام رايونى قىلىپ ئايرىلغان رايونلار، سايلىغۇچىلارنى سايلام پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ۋە سايلام خىزمىتىگە تەشكىللەشكە قولايلىق بولۇشى؛ سايلىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللەرنى چۈشىنىشىگە، ۋەكىللەرنىڭ سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىشىغا قولايلىق بولۇشى، سايلىغۇچىلار ۋەكىلنى نازارەت قىلىش ۋە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى شەرت قىلىندى. مۇشۇ

روھ بويىچە ھەرقايسى رايونلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سايلام خىزمىتى جەمئىي 29 سايلام رايونىغا ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگان سايلام رايونى 6، ئاھالە سايلام رايونى 23.

ۋەكىل نامزاتلارنى ئالدى بىلەن ھەرقايسى سايلىغۇچىلار گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك غولغۇلا قىلىپ دەسلەپكى ئىسملىكنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن رايونلۇق سايلام ھەيئىتى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق تەشكىلاتى ۋە ھەرقايسى زاتلارنىڭ ۋەكىللىرىنى يىغىپ كېڭەشىش ئۆتكۈزدى. كۆپ سانلىق سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىرلىشىپ ئىسملىكنى ئوتتۇرىغا قويۇش شەكلى ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە نامزات ئىسملىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنى يەنە سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا، باھالىشىغا تاپشۇردى. سايلىغۇچىلار ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، پەرقلەندۈرۈپ نامزاتلار ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىدە زىيارەت قىلىش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ۋەكىل نامزاتلىرىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئەھۋال ئىگىلىدى. 1-رايوننىڭ 2-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمىدا سايلىغۇچىلار ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مۇزاكىرە قىلىپ، بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان 36 نەپەر نامزاتنى قالدۇرۇۋېتىپ، قايتىدىن سايلىغۇچىلار كۆڭلىدىكى ئۆزلىرى رازى بولىدىغان نامزاتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەرقايسى رايونلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا، يىراق، تارقاق سايلام رايونلىرىغا ئايرىم سايلام پونكىتى ۋە كۆچمە بېلەت تاشلاش ساندۇقى تەسىس قىلىغاندىن سىرت، ئاساسىي جەھەتتىن چوڭ يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلىنى قوللاندى. سودا كەسىپ ئىگىلىرى بالدۇر دۇكان ئېچىپ، كەچ تاقاپ، ۋاقىت چىقىرىپ يىغىنغا قاتناشتى. سىرتقا تۇغقان يوقلاش ۋە كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن سايلىغۇچىلار ئائىلىسىگە ياكى ئىدارە ئورنىغا تېلېگرامما يوللاپ، خەت ئەۋەتىپ، نامزات ئىسملىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تېلېگرامما ئارقىلىق سايلاش» ياكى «خەت ئارقىلىق سايلاش» ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. بەزى ئورۇنلار سايلام خىزمىتى كادىرلىرىنى بەلگىلەپ، ئايروپىلان بىلەن كوللېكتىپ كاماندىروپكىغا كەتكەن خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ بېلەت تاشلاش سايلىمىنى ئېلىپ باردى. كېسەل ياكى ياشىنىپ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىن قالغان سايلىغۇچىلارغا قارىتا سايلام كادىرلىرى بېلەت ساندۇقىنى شۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىگە ياكى كېسەل كارىۋىتىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ بېلەت تاشلاتقۇزدى. سايلىغۇچىلار ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. خەلق ۋەكىللىرىگە شۇ جايدا ۋەكىللىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلگەندە، سايلىغۇچىلار ۋەكىللەرنى قىزىل لىنتىلار بىلەن ئوراپ، قولتۇقلاپ يىغىن مەيدانىدىن ئېلىپ چىققاندا، داقا-دۇمباق، ناغرا-سۇناي چېلىشىپ ئۇلارنى ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ قويغاندا، سايلام مەيدانى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى. سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 95% تىن يۇقىرى بولدى. بەش رايوندىن جەمئىي 236 ۋەكىل سايلاندى.

2-نۆۋەتلىكتىن 6-نۆۋەتلىككىچە بولغان نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا نوپۇسى 500 كىشىگە يەتمىگەن ئىدارە-ئورگانلار، ئۆزىگە يېقىن باشقا ئورگان ياكى ئاھالىلەر بىلەن بىرلىشىپ سايلام رايونى بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن ئورگان-ئورۇن بىلەن ئاھالىلەر سايلام رايونى بولۇپ ئايرىلغاندىن كېيىن، ئورگان-ئورۇنلاردىكى ۋەكىل نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 3-نۆۋەتلىكنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدىن باشلاپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىڭتۈەننىڭ ئىدارىلىرى يەرلىكنىڭ سايلىمىغا قاتناشتى. ساقلانغان ماتېرىيال ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2-نۆۋەتلىكتىن 6-نۆۋەتلىككىچە بولغان نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا جەمئىي 334 سايلام رايونىغا ئايرىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر سايلام رايونى (كىچىك ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 179، ئورگانلارنىڭ مۇستەقىل ۋە بىرلەشمە

سايلام رايونى 155 بولۇپ، (بېكىتىلگەن سىستېمىسىدىكى 44 سايلام رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 1088 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

2-نۆۋەتلىكتىن 6-نۆۋەتلىككىچە بولغان نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا سايلام رايونلىرىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بېكىتىلگەن سىستېمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ يوللىشى ئارقىلىق، رايونلۇق سايلام ھەيئىتى ۋە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، سايلام ھوقۇقى بولمىغانلار جەمئىي 5559 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە سايلام ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغانلار 959 كىشى، ۋاقىتلىق سايلام ھوقۇقى توختىتىپ قويۇلغانلار 3103 كىشى، (بۇنىڭ ئىچىدە 4-نۆۋەتلىك سايلامدىكىلەر 2917 كىشى، كۆپ ساندىكىلەر نوپۇسسىز ئاققۇنلار)؛ روھىي كېسەل بولۇپ سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغانلار 142 كىشى. 2- ۋە 4-نۆۋەتلىك سايلامدا، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى ۋە سايلام ھەيئىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، 16 كىشىنىڭ پومېشچىك قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، سايلام ھوقۇقى بېرىلدى.

سايلام ئۇسۇلى جەھەتتە، 2-نۆۋەتلىكتىن كېيىن بېلەت تاشلاش پونكىتى تەسىس قىلىش، كۆچمە بېلەت ساندۇقى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 5-نۆۋەتلىك سايلامدا، پۈتۈن رايوندىكى 79 سايلام رايونى ئىچىدە، سايلام يىغىنى ئېچىلغان سايلام رايونى 16 بولۇپ، 20.25% نى تەشكىل قىلدى. تەسىس قىلىنغان پونكىت ۋە كۆچمە بېلەت تاشلاش سايلام رايونى 63 بولۇپ، 79.75% نى تەشكىل قىلدى. سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 93.7% بولدى. 6-نۆۋەتلىكتە سايلام نىسبىتى 96.55% كە يەتتى. ھەر نۆۋەتلىك سايلامدا، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 100% كە يەتكەن سايلام رايونلىرى ئىككىدىن بىر قىسمىدىن يۇقىرى بولدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئايرىم سايلام رايونلىرى خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمايلا سايلام ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى پەقەت 38% بولۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن سايلام سانى توشماي قېلىپ، سايلام ئىناۋەتسىز قىلىندى ۋە قايتىدىن سايلام ئېلىپ بېرىلدى.

1980-يىلدىن كېيىن، 8-، 9-، 10-نۆۋەتلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى، مەملىكەتلىك 5-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ماقۇللانغان يېڭى «سايلام قانۇنى» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى»نىڭ بەلگىلىمىسى ۋە مەملىكەتلىك ناھىيە دەرىجىلىك بىۋاسىتە سايلامنى سىناق نۇقتا قىلىش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سايلام ئېلىپ بېرىشتا قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش بېجىردى. ① سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىنى، سايلام كۈنىدىن 30 كۈن ئىلگىرى ئېلان قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ سايلىغۇچىلار ۋە پارتىيە گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى كۆرسەتكەن ۋەكىل نامزاتلىرىنى سايلام كۈنىدىن 20 كۈن ئىلگىرى ئېلان قىلىش، رەسمىي نامزاتلار ئىسىملىكىنى سايلام كۈنىدىن بەش كۈن ئىلگىرى ئېلان قىلىش. ② سايلىغۇچىلار 10 دىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ نامزات ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، پارتىيە گۇرۇھ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋەكىل نامزاتلىرى ئوخشاش قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇش، بىرلىكتە دەسلەپكى قەدەمدە نامزاتلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈش، سايلىغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، رەسمىي ۋەكىل نامزاتلىرىنى بەلگىلەش، سايلام مەزگىلىدە بىر تۇتاش يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ۋە پەرقلىق سان سايلىمىدا چىڭ تۇرۇش. ③ سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدىغان ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ سانى، سايلىنىشقا تېگىشلىك ۋەكىللەر سانىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىدىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولۇشتا چىڭ تۇرۇش ھەمدە ۋەكىل نامزاتلىرىنى

بەلگىلەشتە ئۆز مىللىتى ئىچىدە پەرقلىق سان بەلگىلىمىسى يۈرگۈزۈلۈش. تيانشان رايونى رايونلۇق 8-، 9-، 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا جەمئىي 409 سايلام رايونىغا ئايرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەر سايلام رايونى 196، ئورگان سايلام رايونى 213. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە رايونغا قاراشلىق مەدەنىي-مائارىپ، سەھىيە، سانائەت، شەھەر قۇرۇلۇشى، بىناكار-لىق قۇرۇلۇش سىستېمىلىرىدا سايلام رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۈچ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 740 كىشى قىلىپ بېكىتىلگەن. سايلىغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا 8276 كىشىگە يەتكەن. بۇ، سايلىنىشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىنىڭ 11.2 ھەسسىسىگە تەڭ. بۇنى قايتا-قايتا غۇلغۇلا قىلىش ۋە دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرى بېكىتكەن رەسمىي نامزات 1318 كىشى. بۇ سايلىنىشقا تېگىشلىك ۋەكىل سانىنىڭ 1.78 ھەسسىسىگە تەڭ. (بۇنىڭ ئىچىدە 8-نۆۋەتلىكتە 1.85، 9-نۆۋەتلىكتە 1.8، 10-نۆۋەتلىكتە 1.75 ھەسسە) ھەر مىللەت ۋەكىللەر سانىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە، تيانشان رايونىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار قىلىندى. 9-نۆۋەت-لىك، نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا، خەنزۇلاردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1231 كىشى ئىچىدىن بىر نەپەر ۋەكىل ۋۇجۇدقا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 907 كىشىدىن بىر ۋەكىل ۋۇجۇدقا كەلدى. ئاھالىسى 100 كىشىدىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەتنىمۇ بىر نەپەر ۋەكىل سايلاندى. ئاھالىسى ناھايىتى ئاز ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ بىرلەشمە ۋەكىل نامزات سانى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. ئۇندىن باشقا بىرقەدەر جانلىق سايلام ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، بىر تۇتاش سايلام پونكىتى تەسىس قىلىش ۋە كوچىمۇ بىلەت تاشلاش ئارقىلىق، يوشۇرۇن ئاۋاز بەرگەندىن سىرت، يەنە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاۋاز بېرەلەيدىغان سايلىغۇچىلارغا قارىتا مۇددەتتىن ئىلگىرى باشقا سايلىغۇچىلارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ھاۋالە قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، 9-نۆۋەتلىكتە 96.9% كە يەتكۈزۈلۈپ، قاتنىشىش نىسبىتى تيانشان رايونىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك سايلىمىدىن يۇقىرى بولدى.

تيانشان رايونىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك سايلام خىزمەتلىرىگە زور تۈركۈمدە كادىر ئاجرىتىلىپ، سايلامنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى. پەقەت 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام خىزمىتىگە 1306 كادىر ئاجرىتىلدى. تايانچ كادىرلار 59 قارار ئۆگىنىش كۇرسىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. تەربىيىگە ئىگە بولغانلار 1151 كىشىگە يەتتى. رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورگان-ئورۇنلار ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن قوللىدى. 452 كىشى بىۋاستە سايلام خىزمىتىگە تەشكىللەندى.

# 2-باب ھۆكۈمەت

## 1-پاراگراف تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى رايونلارغا خىزمەت گۇرۇپپى-سى ئەۋەتىپ، كونا جەمئىيەتنىڭ يۇز بېشى، ئون بېشىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. ئەسلىدىكى يۇز بېشى، ئون بېشى باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا مەھەللە ۋە مەمۇرىي رايون، ئاممىۋى ئىشلار ئورنى تەسىس قىلدى. 1951-يىلىنىڭ باشلىرىدا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى بەش رايوننى يەتتە رايون قىلىپ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1-، 2-، 3-، 4-، 5-رايون بولسا ھازىرقى تيانشان رايونىنىڭ تەۋەلىكى ئىدى. رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى رايونلۇق

مەھكىمە قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1951-يىلىنىڭ ئاخىرى، ھەرقايسى رايونلاردا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھەرقايسى رايون خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان جايلار: 1-رايون ئۈچ بۆلۈك (سەنجۈدى) يەر رايونىنىڭ سول تەرىپىدىكى گۈگىسى قورۇسى (ھازىرقى جوگسەن يولى 1-ئاۋغۇست ئامبۇلاتورىيىسى) ئىچىدە. 2-رايون مال بازىرى يول ئېغىزى (ھازىرقى چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتى قورۇسى ئىچىدە. 3-رايون نەنلياڭ خابا كوچىسىدا (ھازىرقى خابا كوچىسى غالىبىيەت يولى پەيچۇسو قورۇسى ئىچىدە). 4-رايون شاۋشىمىن بېنىدا (ھازىرقى ئاشلىق نازارىتى قورۇسى ئىچىدە). 5-رايون بېيمىگدا (ھازىرقى شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە) ئىدى.

1953-يىلى 3-ئايدا ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئومۇمىي سايلىمى ئاساسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپاراتى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىدا رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. 1954-يىلى دىخۇا شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى.

1955-يىلى 10-ئايدا پۈتۈن شەھىرىمىزدە ئۈچ چوڭ رايون قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 1-رايون (4-رايوننىڭ بىر قىسمى) 5-رايون بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ 1-رايون بولدى. ئەسلىدىكى 2-رايون، 3-رايون (4-رايوننىڭ بىر قىسمى) بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ 2-رايون بولدى. 1957-يىلى ئاھالە كومىتېتى تەشكىلاتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئىككى رايوندا جەمئىي 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولۇپ، مەھەللە ئاممىۋى ئىشلار ئورنى ۋە ۋەكالىتەن مەمۇرىي رايوننىڭ ئورنىنى ئالدى.

1957-يىلى 5-ئايدا، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1-رايوننى تيانشان رايونى دەپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ئىش بېجىرىش ئورنى شىمالىي ئازادلىق يولى 329-قورۇدا بولدى؛ 2-رايوننى دوستلۇق رايونى قىلىپ ئۆزگەرتتى. ئىش بېجىرىش ئورنى غالىبىيەت يولىدىكى 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش قورۇسىدا بولدى. رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامى رايونلۇق خەلق كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1958-يىلى 6-ئايدا 3-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى تەشكىللەندى. 1960-يىلى 6-ئايدا شەھەرلىك خەلق كومىتېتى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايوننى بىرلەشتۈرۈۋېتىپ تيانشان رايونى دەپ ئاتىدى. ئىش بېجىرىش ئورنى شىمالىي ئازادلىق يولى 329-قورۇدا بولدى.

1961-يىلى 3-ئايدا، 1963-يىلى 10-ئايدا، 1965-يىلى 12-ئايدا، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 4-نۆۋەتلىك، 5-نۆۋەتلىك، 6-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، رايونلۇق ئورگانلاردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار «تيانشان رايونلۇق خەلق كومىتېتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى» نامى بىلەن 1967-يىلى 2-ئايدا «ھوقۇق تارتىۋالدى»، شۇنىڭ بىلەن، رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىسمى بار، جىسمى يوق ئورۇن بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ئاپپاراتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1969-يىلى 3-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. (7-نۆۋەتلىك رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى). ئورنى دېموكراتىيە يولى 40-قورۇغا (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك سودا-سانائەت بىرلەشمىسى ئىش بېجىرىش بىناسى)غا كۆچۈرۈلدى.

1980-يىلى 6-ئايدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تيانشان رايونىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 8-نۆۋەتلىك رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەندى. 1983-

يىلى مەدەنىيەت يولى 5-كوچىغا كۆچۈرۈلدى. (ھازىرقى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىش بېجىرىش بىناسىدا).

1984-يىلى 6-ئايدا، 1987-يىلى 5-ئايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا، 9-نۆۋەتلىك، 10-نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

## 2-پاراگراف ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1950-يىلى رايونلۇق ئالمىۋى ئىش ئورنىدا، رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى، كاتىپ، بوغالتىر، خەلق ئىشلار ياردەمچىسى، مەدەنىي-مائارىپ ياردەمچىسى، ئەمگەك-كادىرلار ياردەمچىسى، سودا-سانائەت ياردەمچىسى، قۇرۇلۇش ياردەمچىسى، سەھىيە ياردەمچىسى تەسىس قىلىندى.

1951-يىلى رايونلۇق مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈمچىسى، مالىيە-ئىقتىساد قۇرۇلۇش بۆلۈمچىسى، مەدەنىي-مائارىپ سەھىيە بۆلۈمچىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. 1953-يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كادىرلار رېۋىزىيە بۆلۈمى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1957-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تيانشان رايونىدا، شىمىن، دوڭمىن، نەنمىن، شىخابا، ليۇداۋان قاتارلىق بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. دوستلۇق رايونىدا غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، شاۋ دوڭلياڭ، ئازادلىق يولى، مال بازىرى قاتارلىق بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. مەدەنىي-مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ ۋە سەھىيە بۆلۈمى قىلىپ ئايرىۋېتىلدى.

1959-يىلى كوممۇنىلىشىش ھەرىكىتىدە، مەھەللە ئىش باشقارمىسى خەلق كوممۇنىسىغا ئۆزگەرتىلدى. تيانشان رايونىدا قىزىل تاغ، ليۇداۋان، دېموكراتىيە، چوڭ سەكرەش، بۇلاق تاغ قاتارلىق بەش خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلدى. دوستلۇق رايونىدا غالىبىيەت، ئىتتىپاق، تىنچلىق، بۇلاق بېشى، شىنخۇا قاتارلىق بەش خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ خاراكتېرى رايون خاراكتېرلىك، مەمۇرىيەت بىلەن كوممۇنا بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئاپپارات بولدى. كوممۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ رەھبەرلىكى ئۈستىگە ئالدى.

1960-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى تيانشان رايونى بىلەن دوستلۇق رايونى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، رايونلۇق خەلق كومىتېتىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، سودا شۆبە ئىدارىسى، ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى، قاتناش بۆلۈمى، ئۆي-مۈلۈك بۆلۈمى، قول سانائەت ئىش بېجىرىش ئورنى، ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. رايون بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، 10 خەلق كوممۇنىسى قىزىل تاغ، ليۇداۋان، بۇلاق تاغ، شىنخۇا ۋە دوستلۇق قاتارلىق بەش چوڭ كوممۇنا قىلىپ بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

1962-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، بازار مال باھا كومىتېتىنى قۇردى.

1963-يىلى شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، رايونلۇق خەلق كومىتېتى سودا شۆبە ئىدارىسى، ئاشلىق شۆبە ئىدارىسى، قاتناش بۆلۈمى، ئۆي-مۈلۈك بۆلۈمى، قول سانائەت ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. رايونلۇق خەلق كومىتېتى

ئاپپاراتلارنى تەڭشىگەندىن كېيىن، قارمىقىدا ئىشخانا، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سانائەت بۆلۈمى، ئەمگەك تەقسىمات بۆلۈمى، بازار مال باھا كومىتېتىنى تەسىس قىلدى.

1965-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابىنىڭ تيانشان رايونلۇق شۆبە قوماندانلىق شتابى رەسمىي قۇرۇلدى. رايونلۇق خەلق كومىتېتىدا ئۆي-مۈلۈك بۆلۈمى يەنە تەسىس قىلىندى.

1969-يىلى 3-ئايدا رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى، ھەرقايسى مەھەللىلەردە مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى.

1969-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنى، تيانشان رايونلۇق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى، تيانشان رايونلۇق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى، رايونلۇق بازار مال باھا كومىتېتى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، تارقاقلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1971-يىلى 5-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئاپپاراتلارنى تەڭشىدى. قارمىقىدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى، سانائەت بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، بازار باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. ئۆي-مۈلۈك بۆلۈمىنى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1971-يىلى 10-ئايدا، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى.

1973-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنى تارقىتىۋېتىپ، ئاپپاراتلارنى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى، بازار باشقۇرۇش ئورنى، سانائەت بۆلۈمى، ئەمگەك مائاش بۆلۈمى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى قىلىپ تەڭشىدى. مەدەنىيەت، سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىي-مائارىپ ۋە سەھىيە بۆلۈمى قىلىپ ئايرىۋېتىلدى.

1975-يىل 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، تيانشان رايونلۇق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى تيانشان رايونلۇق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، تارقاقلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تارقىتىۋېتىلدى. 1976-يىلى بازار باشقۇرۇش ئورنى بازار باشقۇرۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1976-يىلى 9-ئايدا ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىلەن مال بازىرى ئىنقىلابىي كومىتېتى بىرلىشىپ، جەنۇبىي ئازادلىق يولى ئىنقىلابىي كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلدى.

1977-يىلى 2-ئايدا رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى شاۋ دوگلياڭ مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىنى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 10-ئايدا ئەنمىن مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى بىلەن شىمىن مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتىنى بىرلەشتۈرۈپ، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىنقىلابىي كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتتى.

1980-يىلى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارمىقىدا ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى، مالىيە-باج ئىدارىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى، شەھەر قۇرۇلۇشى بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، سانائەت بۆلۈمى، ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ، يېزىلارغا بېرىشىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانى-

سى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى، تۇرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى تەسىس قىلىندى. ۋەكالىتەن ئورگانلاردىن ليۇداۋان، شىمالىي ئازادلىق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، ئىتتىپاق يولى، غالىبىيەت يولى، شىخاگەي، دوڭمىن، تىنچلىق يولى قاتارلىق سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

1981-يىلى 2-ئايدا، رايونلۇق ھۆكۈمەتتە مال باھا بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 7-ئايدا، رايونلۇق سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

1982-يىلى ئەدلىيە بۆلۈمى، شەھەر قىياپىتى تازىلىق ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى قۇرۇلدى، مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمى مەدەنىيەت بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى قىلىپ ئايرىۋېتىلدى. سانائەت بۆلۈمى سانائەت، قاتناش بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپېراتىپى، تۇرمۇش بىرلەشمە كوپېراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ليۇداۋان مەھەللە ئىش باشقارمىسى يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىلىپ، شىخابا مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. زىبالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1984-يىلى 5-ئايدا، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى كەڭ كۆلەمدە تەڭشەلدى. تارقىتىۋېتىلگەن، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن، ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان ھەرقايسى خىزمەت تارماقلىرىدىكى «بۆلۈم»لەر «ئىدارە» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1984-يىلى 10-ئايدا مۇپەتتىش ئىدارىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1985-يىلى 1-ئايدا، پۈتۈن شەھەرنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. رايونلۇق مالىيە-باج ئىدارىسى مالىيە ئىدارىسى ۋە باج ئىدارىسى قىلىپ ئايرىۋېتىلدى. شۇ يىلى باج ئىدارىسى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1985-يىلى 4-ئايدا، چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 9-ئايدا جەنۇبىي شىنخۇا يولى، بەخت يولى، ئۇلانباي قاتارلىق ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى.

1985-يىل 10-ئاينىڭ 26-كۈنى، رايونلۇق تارىخ تەزكىرە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 12-ئاينىڭ 20-كۈنى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1986-يىلى 2-ئايدا ئارخىپخانا قۇرۇلدى.

1987-يىلى 3-ئايدا چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرى مائارىپ ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات قۇرۇلمىسىدا ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى، مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، خەلق ئىشلار ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مال باھاسى ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ئەمگەك، كادىرلار ئىدارىسى، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى، تەزكىرە تارىخ ئىشخانىسى، ئارخىپخانا، سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئەمگەك

مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىندى. هۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانا، ئورۇنلاردىكى كادىرلار 350 كىشىگە يەتتى.

ۋەكالىتەن ئورگانلىرى غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، تىنچلىق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، شىمالىي شىنخۇا يولى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى، يېڭى دېموكراتىيە يولى، بەخت يولى، ئۇلانباي، قارلىغاچلىق، دوڭمىن قاتارلىق 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن تەركىب تاپتى.

## 3-پاراگراف رەھبىري ئەزالار

**بىرىنچى، رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى، رايونلۇق مەھكىمە، رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى**

(1950-يىلى 4-ئايدىن 1953-يىلى 11-ئايغىچە)

1-رايون:

رايون باشلىقى: ياڭ تيەنيۇن 4.1950—6.1951

رايون باشلىقى: ياڭ يۈپېي 6.1951—2.1953

رايون باشلىقى: جىن ماۋ 2.1953—11.1953

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گو جېڭخې 5.1951 ∫ —10.1953

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: لى جۇڭۋېي 12.1951—12.1953

2-رايون:

رايون باشلىقى: ياڭ تيەنشى 5.1950—9.1950

رايون باشلىقى: گو جېچياڭ 9.1950—6.1952

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ياڭ جېنلىڭ 5.1950—6.1951

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ياڭ بىليەن 10.1951 —12.1953

3-رايون:

رايون باشلىقى: ئىلى ئاخۇن 5.1950—9.1950

رايون باشلىقى: ۋاڭ شىئېن 9.1950—1.1953

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: سۇ شاۋبو 1.1951—3.1952

4-رايون:

رايون باشلىقى: ياڭ جېنلىڭ 7.1951 —11.1951

رايون باشلىقى: باۋ باۋشېڭ 3.1952—9.1953

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: يىن يۈخېڭ 1.1952—3.1953

5-رايون:

رايون باشلىقى: بەي يۈبىن 1.1951—11.1953

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋاڭ جيېمىن 1.1951—2.1952

مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋېي چىڭۋېن 1.1952—10.1953

**ئىككىنچى، تۈنجى نۆۋەتلىك رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى**

(1953-يىلى 11-ئايدىن 1956-يىلى 11-ئايغىچە)

1-رايون:

رايون باشلىقى: جىن ماۋ 11.1953—12.1953

رايون باشلىقى: لى جۇگۇيى 1.1954—6.1955
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 11.1953—10.1955
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گاۋ رېنيۇەن 2.1955—10.1955
2-رايون:
رايون باشلىقى: ياڭ دېشۇ 6.1952—7.1954
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ياڭ بىليەن 12.1953—10.1955
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ئابلىمىت 1.1954—12.1955
3-رايون:
رايون باشلىقى: جۇماخۇن 1.1953—10.1955
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: لى خېيفېڭ 1.1953—10.1955
4-رايون:
رايون باشلىقى: ۋاڭ جىنشۇ 10.1953—4.1955
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: مەھەممەت تۇراپ 2.1953—4.1955
5-رايون:
رايون باشلىقى: شېن شۆكوڭ 11.1953—10.1955

**ئۈچىنچى، 2-نۆۋەتلىك رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)**
(1956-يىلى 11-ئايدىن 1958-يىلى 6-ئايغىچە)

1-رايون:
رايون باشلىقى: جىن ماۋ 10.1955—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: يىن يۇخېڭ 10.1955—11.1957
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 10.1955—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ما جۇنۇۋ 11.1957—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: يۇسۇپ كېرىم 10.1956—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گو جېڭخې 11.1957—6.1958
2-رايون:
رايون باشلىقى: ياڭ دېشۇ 10.1955—5.1957
رايون باشلىقى: ئابلىمىت 11.1957—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ئابلىمىت 10.1955—11.1957
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ياڭ بىليەن 10.1955—2.1957
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: كې ۋېنيۇ 11.1957—6.1958
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋاڭ جىنشۇ 11.1957—6.1958

**تۆتىنچى، 3-نۆۋەتلىك رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)**
تيانشان رايونى (1958-يىلى 6-ئايدىن 1960-يىلى 8-ئايغىچە)
رايون باشلىقى: لى جۇگۇيى 6.1958—6.1960
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 6.1958—6.1960
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گو جېڭخې 6.1958—3.1959
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: يۇسۇپ كېرىم 6.1958—8.1960

دوستلۇق رايونى (1958-يىلى 6-ئايدىن 1960-يىلى 8-ئايغىچە)
رايون باشلىقى: ئابلىمىت 6.1958—8.1960
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: كې ۋېن يۇ 6.1958—8.1960
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋاڭ پۇ شۇ 6.1958—8.1960
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: رېڭ جاۋ جېڭ 6.1958—8.1960
تيانشان رايونى (ئىككى رايون بىرلەشكەندىن كېيىنكى 1960-يىلى 8-ئايدىن 1961-يىلى 10-ئايغىچە)
مۇۋەققەت رايون باشلىقى: ئابلىمىت 8.1960—10.1961
مۇۋەققەت مۇئاۋىن رايون باشلىقى: كې ۋېنيۇ 8.1960—10.1961
مۇۋەققەت مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 8.1960—10.1961
مۇۋەققەت مۇئاۋىن رايون باشلىقى: يۈسۈپ كېرىم 8.1960—10.1961
مۇۋەققەت مۇئاۋىن رايون باشلىقى: جاۋ چاڭخەي 8.1960—10.1961

**بەشىنچى، 4-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)**
(1961-يىلى 10-ئايدىن 1963-يىلى 10-ئايغىچە)
رايون باشلىقى: ئابلىمىت 10.1961—9.1962
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 10.1961—10.1963
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: كې ۋېنيۇ 10.1961—10.1963
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: جاۋ چاڭخەي 10.1961—10.1963

**ئالتىنچى، 5-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)**
(1963-يىلى 10-ئايدىن 1965-يىلى 12-ئايغىچە)
رايون باشلىقى: قىيۇم تۆمۈر 10.1963—12.1965
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 10.1963—12.1965
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چېن گوگۈي 10.1963—12.1965
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: جيا چىنجى 10.1963—12.1965

**يەتتىنچى، 6-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (خەلق كومىتېتى)**
(1965-يىلى 12-ئايدىن 1969-يىلى 3-ئايغىچە)
رايون باشلىقى: قىيۇم تۆمۈر 12.1965—3.1969
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: جيا چىنجى 12.1965—3.1969
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چېن گوگۈي 12.1965—3.1969
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چياۋ شۇچۇن 12.1965—3.1969

**سەككىزىنچى، 7-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى (ئىنقىلابىي كومىتېتى)**
(1969-يىلى 3-ئايدىن 1980-يىلى 7-ئايغىچە)
مۇدىر: لى شۇمىڭ 3.1969—8.1973
مۇدىر: نىياز خوجا 9.1976—5.1978
مۇدىر: فەن جېنجياڭ 5.1978—3.1979
مۇدىر: گوجۇ 3.1979—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: يىن جيادىڭ (ھەربىي ۋەكىل) 3.1969—10.1969

مۇئاۋىن مۇدىر: خۇاڭ شىمىڭ (ھەربىي ۋەكىل) 10.1969—3.1976
مۇئاۋىن مۇدىر: يەن ۋېنخې 3.1969—6.1975
مۇئاۋىن مۇدىر: ۋاڭ چۈنپۇ 3.1969—3.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: جاڭ خېڭتيەن 3.1969—3.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: فەن جېنجياڭ 3.1969—8.1973
مۇئاۋىن مۇدىر: ليۇ شۆرېن 3.1971—1.1976
مۇئاۋىن مۇدىر: خەن گۇيجېن 3.1971—1.1976
مۇئاۋىن مۇدىر: لى خۇاسۇن 3.1971—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: خۇاڭ رۇيچاڭ 8.1971—9.1972
مۇئاۋىن مۇدىر: قېيۇم تۆمۈر 8.1971—3.1976
مۇئاۋىن مۇدىر: جيا چېنجى 11.1972—3.1979
مۇئاۋىن مۇدىر: خۇاڭ خەي 12.1972—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: ساۋ شىخەي 10.1973—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: لاڭ ليەنپۇ 10.1974—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: چېن گوجۇ 9.1978—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: چياۋ شۇچۈن 4.1979—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: جاۋ خۇيمىڭ 4.1979—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: جاۋ چاڭخەي 3.1980—7.1980
مۇئاۋىن مۇدىر: يۈسۈپ ئاۋۇت 10.1976—7.1980

**توققۇزىنچى، 8-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

(1980-يىلى 7-ئايدىن 1984-يىلى 6-ئايغىچە)

رايون باشلىقى: خۇسەيىن ئەخمەت 7.1980—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ساۋ شىخەي 7.1980—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: چېن گوجۇ 7.1980—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گاۋ چاڭيۈمىن 9.1981—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: لى خۇاسۇن 7.1980—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋاڭ چېڭچېڭ 7.1980—5.1984
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: جاڭ فۇشېڭ 7.1980—5.1984

**ئونىنچى، 9-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

(1984-يىلى 6-ئايدىن 1987-يىلى 5-ئايغىچە)

رايون باشلىقى: ھۇسەيىن ئەخمەت 5.1984—5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: گاۋ چاڭيۈمىن 5.1984—5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋۇ دانيەن 6.1985—5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: رېن چىڭشېن 5.1984—5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: مەمتىمىن سادىق 5.1984—5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋېن باۋرۇڭ 3.1985—5.1987

**ئون بىرىنچى، 10-نۆۋەتلىك تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**

(1987-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ)
رايون باشلىقى: سادىق ئەبەيدۇللا 5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ياڭ فېڭلەي 5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: رېن چىڭسېن 5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: ۋېن باۋرۇڭ 5.1987
مۇئاۋىن رايون باشلىقى: مەمتىمىن سادىق 5.1987

## 4-پاراگراف ھۆكۈمەت ئىشلىرى پائالىيىتى

1950-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى، رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى كادىرلارنى تەشكىللەپ مەھەللىلەرگە چۆكتۈرۈپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىدى ھەمدە ئىشپىيونلۇققا قارشى تۇرۇش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ئىشىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ قايىل قىلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. كونا جەمئىيەتنىڭ يۈز بېشى، ئون بېشىلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، ئاما ئىشىنىدىغان كىشىلەرنى مەھەللە باشلىقى، مۇدىر ۋەكىل، ۋەكىل قىلىپ سايلىدى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىنى قۇرۇپ چىقتى.

1950-يىلدىن 1951-يىلغىچە رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى، رايونلۇق مەھكىمە خەلق ھاكىمىيىتىنى تۇرغۇزۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى خەلقلەرنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىشقا ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا، پائال تۈردە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىئانە توپلاشقا، زايوم سېتىۋېلىشقا، ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىكىگە ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تاماكا چېكىش ۋە قىمارۋازلىقنى چەكلەپ، ئەكسىيەتچى دىنىي تەشكىلات ۋە پاھىشىۋازلىقنى بىكار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. شەھەر ئاھالىسىنى تەشكىللەپ، شەھەر رايونىنىڭ كونا يوللىرىنى رېمونت قىلىش، ياساشقا سەپەرۋەر قىلىندى. «تۆت زىيانداش»نى يوقىتىشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

1951-يىلىنىڭ ئاخىرى، ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، يىغىندىن قۇرۇلغان خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى كوچەيتىشنى ئاساسەن چىڭ تۇتۇپ، مەھەللە باشلىقى تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى، مەھەللە نەپەقە گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئىشلەپچىقىرىش پائال تۈردە تەشكىللىنىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئىقتىسادىنى زورايتتى. سوتسىيالىستىك تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ۋە گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

1953-يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى — ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەزىپە»دىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى

قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، كادىرلار، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك گۇرۇپپىسىنى تۇرغۇزۇشقا ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ھەرقايسى رايونلار بولۇپ جەمئىي 18871 ئاھالە ۋە 80816 كىشىنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 1955-يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن رايوندىكى قول سانائەتچىلەر ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى)غا قاتناشتى. 1956-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن رايوننىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

1955-يىلى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئاھالە كومىتېتلىرىنى قۇردى. ئاھالىلەرنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، جەمئىي 71 ئاھالە كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى. 1957-يىلى مەھەللە مەھكىمىنى بىكار قىلىپ، 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنى قۇرۇپ چىقتى.

1958-يىلدىن 1960-يىلغىچە پۈتۈن رايون مىقياسىدا «خەلق گوڭشېسى»، «پولات-تۆمۈر تاۋلاش»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. رايونلۇق خەلق كومىتېتى كەڭ كۆلەمدە ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 1958-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، پۈتۈن رايون بويىچە، 2306 كىشى «پولات-تۆمۈر چوڭ قوشۇنى» بولۇپ تەشكىللىنىپ، شىسەن، باداۋانغا ئاتلىنىپ «يەرلىك ئۇسۇل» بويىچە پولات-تۆمۈر تاۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن رايون بويىچە سانائەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىش دولقۇنى قوزغىلىپ، «مىڭ زاۋۇتلۇق رايون، يۈز زاۋۇتلۇق بۆلۈم»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1959-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، جەمئىي 538 زاۋۇت قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتلار تۇنجى تۈركۈمدىكى رايون، مەھەللە سانائەت كارخانىسى بولۇپ قالدى. مالىيە، سودا خىزمىتىدە، بازارنى تەمىنلەش چىڭ تۇتۇلۇپ، تۈرلۈك مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاشلىقنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئاساسىدا، شەھەر خەلق گوڭشېسىنى قۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى ھەمدە خۇسۇسىي ئۆي-مۈلۈككە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى.

1961-يىلدىن 1962-يىلغىچە، رايونلۇق خەلق كومىتېتى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن رايون «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «خەلق گوڭشېسى» ھەرىكىتى جەريانىدا يۈز بەرگەن ناتوغرا ئىللەتلەرگە قارىتا، ئېنىقلاش ئېلىپ باردى. رايون يېڭىدىن قۇرغان زاۋۇت (شەھەرگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بىر قىسىم زاۋۇتلاردىن باشقا)لارغا قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، رايون، مەھەللە باشقۇرغان 60 زاۋۇتنى 29 غا تەڭشىدى. ئەينى چاغدىكى دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىق مەزگىلىدىكى سىياسىتىگە ئاساسەن، رايونلۇق خەلق كومىتېتى، ئورگاندىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە شەھەر ئاھالىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن قىسقارتتى. پۈتۈن رايون بويىچە 4614 ئىشچى-خىزمەتچى، 21284 شەھەر ئاھالىسى قىسقارتىلدى. 1962-يىلى شەھەر خەلق گوڭشېسى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئاھالە كومىتېتى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن رايوندا 90 ئاھالە كومىتېتى، 20 ئائىلە كومىتېتى، 941 ئاھالە گۇرۇپپىسى بار بولدى. 1963-يىلدىن كېيىن، رايونلۇق خەلق كومىتېتى قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىشنى پۈتۈن رايوننىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىشتا چىڭ تۇرغانلىقتىن، پۈتۈن رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىدا مۇقىم ۋە داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1964-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى كۈچنى تەشكىللەپ توغرا ھالدا، ۋاقتىدا، يۇقىرى سۈپەت بىلەن رايوننىڭ 2-قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى توغرا، تېز ۋاقتىدا، سان-سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ئورۇنلىدى. 31007 ئائىلە، 147618 ئاھالىنىڭ بارلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى رايونىدا ئاز كۆرۈلىدىغان يامغۇر ئاپىتى بولغان مەزگىللەردە، رايونلۇق خەلق كومىتېتى پۈتۈن رايون بويىچە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، تىرىشىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئۆلۈم-يىتىم يۈز بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. 1966-يىلى جىنەننىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ «يەرلىك كىچىك ئاممىۋى» زاۋۇتلارنى قۇردى. رايون تەۋەسىدىكى 1531 نەپەر ئىشسىز بىكار خادىملار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1967-يىلدىن 1969-يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىدە ھۆكۈمەت خىزمىتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1970-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن رايون بويىچە «سىنىپىي قوشۇننى ئېنىقلاش» ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش، ھايانكەشلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى شەھەرنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شەھەر ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1971-يىلى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى بىر تۈركۈم كارخانىلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى 4-ئايدا، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ فۇنكسىيىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. 1972-يىلدىن كېيىن، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قىسىم تارقاقلاشتۇرۇلغان شەھەر ئاھالىسىنىڭ نوپۇسىنى سىياسەت بويىچە ئورۇنلاشتۇردى.

1975-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى «تىنچ ئىتتىپاق بولۇش»، «خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۆرلىدى. بولۇپمۇ، رايون، مەھەللە كارخانىلىرىدىن 50ى يېڭىدىن قۇرۇلدى. يېڭىدىن 1275 ئىشچى-خىزمەتچى كۆپەيدى. شۇ يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەھەللە خىزمەت تەجرىبىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىشكە تەشكىللەندى. بۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن رايون بويىچە سوتسىيالىستىك چوڭ قورۇلاردىن 382 ى قۇرۇلدى. بىراق، 1976-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، «ئوڭچى ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى»غا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن پۈتۈن رايون ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ 42.9% ىنىلا ئورۇندىدى. شۇ يىلى 10-ئايدا، پۈتۈن رايون بويىچە، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. پۈتۈن رايوننىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى بىلەن چېتىشلىق بولغان كىشى ۋە ئىشلارغا قارىتا ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

1977-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى داۋاملىق تۈردە «پاش قىلىش، پىپەن قىلىش، تەكشۈرۈش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە «پۈتۈن رايون سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتىنى 12 مىليون يۈەن

تاماملاش» ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا قويدى. 8-ئايدا، 100 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا چۈشكۈزۈپ چوڭقۇر چۆكۈپ 87 زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. بۇنىڭ بىلەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، يىللىق ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بەش كۈن بۇرۇن ئورۇندىدى.

1978-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى، پۈتۈن رايون بويىچە ئۈۋۈۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن رايون بويىچە 433 كىشى قايتا تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 367 كىشىنىڭ مەسىلىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۇندىن باشقا يەنە ئۆيى ئاختۇرۇلغان 81 ئائىلىنىڭ مال-مۈلكى ئېنىقلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدە 41 ئائىلىنىڭ مال-مۈلكى ئۆزىگە قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە 17 كىشىنىڭ «ئوڭچى ئۇنسۇر» ۋە «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپىقى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئېلىپ تاشلاندى. رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىر قىسىم بۆلۈم، ئىشخانىلىرى تەرتىپكە سېلىندى ۋە تولۇقلاندى. رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قارمىقىدا رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. رايونغا قاراشلىق 26 باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، تۆت بالىلار باغچىسى، غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى. 107 نەپەر ئوتتۇرا قاتلام رەھبىرىي كادىرلارنى يىگىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئورۇنلاردىكى ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەكتەپ باشلىقى، مۇدىر، باغچا باشلىقى، يەسلى باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1979-يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 8-ئايدا رايوندا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىككى ئورۇنغا، يەنى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، ئىتتىپاق يولىغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتىپ سىناق نۇقتا خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. شۇندىن كېيىن ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كادىر ئاجرىتىپ، رايون-مەھەللىدىن 318 كىشى خىزمەت قوشۇنى بولۇپ تەشكىللىنىپ، پۈتۈن رايون بويىچە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رايون-مەھەللىدە قۇرۇلغان ھەر خىل زاۋۇت، كوپېراتىپ-گۇرۇپپىلار 76 بولۇپ، بۇنىڭغا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن 3515 كىشىنى (بۇنىڭ ئىچىدە كونا زاۋۇتلارغا 991 كىشى) ئورۇنلاشتۇردى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار قۇرغان زاۋۇت 52 بولۇپ، بۇنىڭغا ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار 2524 كىشى بولدى. شۇ يىلى پۈتۈن رايون بويىچە «ئىنقىلاب تەكشۈرۈش» ھەمدە ئۈۋۈۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش ۋە ئوڭچىل قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى. پۈتۈن رايون بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1980-يىلى 7-ئايدا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، تيانشان رايونى خەلق ئىگىلىكىنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش، رەتلەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسلىقى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سالدى، رايون مالىيىسى، باج تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

1981-يىلى پۈتۈن رايون نوپۇسى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ، 3-قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەندى. 1982-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ يىلى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن

رايوندىكى ئائىلە 66705 گە، ئاھالە 282476 كىشىگە يەتكەن، تەكشۈرۈش نەتىجىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئەلا ئۆلچىمىگە يەتتى.

1982-يىلدىن باشلاپ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مەركەزلىك ئورنىنى يەنىمۇ ئېنىق بەلگىلىدى. «ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىجتىمائىي كەيپىيات، جەمئىيەت ئامانلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاش» دىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ تۈزۈملىشىش قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇكەممەللەشتۈردى. ئىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە مالىيە كىرىمى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئاھالە كومىتېتلىرى ئەسلىدىكى 81 ئاھالە كومىتېتىدىن 109 ئاھالە كومىتېتى قىلىپ تەڭشەلدى، يېڭىدىن 42 ئائىلە كومىتېتى قۇرۇلدى، ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن 295 كىشى تولۇقلاپ سايلاندى ۋە كۆپەيتىپ سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن رايوننىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى 99 مۇلازىمەت تور-نۇقتىلىرىنى كوللېكتىپ كارخانىغا كىرگۈزۈپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنى 4457 كىشىگە يەتكۈزدى. دۆڭ كۆۋرۈك، بېيمىن، قىزىل بايراق يولى، ئوتتۇرا كۆۋرۈك قاتارلىق بازارلار يېڭىدىن قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن پارچە-پۇرات يايمىچىلارنى بازار ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «مەھەللە كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ كۆپ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ياشانغان ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇرمۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. 1983-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم ھالدا يۇقىرى ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. مالىيە كىرىمى 1980-يىللارغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىدا پۈتۈن رايون كارخانىلىرىغا قارىتا تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىشنى كۈچەيتتى. تۈرلۈك شەكىلدىكى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1984-يىلى 10-ئايدا رايونلۇق مال باھاسى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس مال باھا كەسپىي خادىملىرى سەپلىنىپ، رايون تەۋەسىدىكى مال باھا نازارەتچىلىك باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى. شۇ يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا تيانشان رايونىنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسى يارىتىلدى. «ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ» نى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 68 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1983-يىلدىكىدىن 19.62% ئاشتى. پۈتۈن يىلدا يارىتىلغان پايدا باج سوممىسى 1 مىليون 745 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983-يىلغا سېلىشتۇرغاندا 9.3% ئاشتى. پۈتۈن رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن ۋاقتىدا ئاپپاراتنى تەڭشەپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى قايتىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش-ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگىنىدا قاتلاممۇ قاتلام ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بېكىتىلىپ ۋە يولغا قويۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل تۈردە ئىجرا قىلىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتلەردە

بىرقەدەر زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىقتىسادنىڭ بىكىنمە ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقىم، تېز سۈرئەتتە، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ كەلدى. 1985-يىلغىچە پۈتۈن رايون بويىچە سانائەت، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، سودا، يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمىتى، ئىمكەك مۇلازىمىتى قاتارلىق بەش چوڭ غوللۇق كەسىپ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، باشقا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پۈتۈن رايوننىڭ %91 دىن يۇقىرى كوچا يوللىرىغا يۇندا قۇدۇقى ئورنىتىلدى. يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1980-يىلدىكى %8 دىن %12 گە كۆتۈرۈلدى. «ئىشىك ئالدى بويىچە ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پۈتۈن رايوننىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆي-مۇلۈكنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. تيانشان رايونى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت-چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش، خەلق ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەكلىپ، پىكىرلىرىنى بېجىرىش جەھەتلەردە بىر يۈرۈش خىزمەت تەرتىپى ۋە تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1986-يىلى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدىكى تەقدىرلەش، خۇلاسىلاش يىغىنىدا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نام بەرگەن مەدەنىيەتلىك ئورۇن 20 گە (رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەدەنىيەتلىك بۆلۈم ئىشخانا 20 گە، ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇن 73 كە يەتتى؛ 12 مىڭ ئائىلە «بەشتە ياخشى» ئائىلە بولۇپ باھالاندى، شۇنىڭ بىلەن «بەشتە ياخشى» ئائىلە 28367 گە يېتىپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ %36 نى ئىگىلىدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ يىللىق «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. پۈتۈن رايوندىكى 2556 نەپەر كادىر «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش» ئۆگىنىشىگە قاتناشتى.

1987-يىلى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قانات يايدۇردى. تيانشان رايون بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشى ۋە 3-كەسىپنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، رايون مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشى تېز بولدى. 1987-يىلى 15 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى نەتىجە يارىتىلدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىلى ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارغا قارىتا ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى، سىناق قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى ۋە ئۈچ دەرىجىلىك باھالاش، سېلىشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەت، ئاھالە ئاممىسىنىڭ يول يۈرۈش قىيىن، يۇندا تۆكمەك قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتلەردىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1986-يىلدىن بۇيان، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، سىرتقا قارىتا توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى كۈچەيتتى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ نەنجىن شەھىرىنىڭ گولو رايونى، خاڭجۇ شەھىرىنىڭ خوگېي رايونى، تۇرپان شەھىرى قاتارلىق 16 شەھەر، رايون، ناھىيە بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قارلىغاچلىق، غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى، دوڭمىن، شىمالىي شىنخۇا يولى قاتارلىق مەھەللە ئىش

باشقارمىلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش بىناسى سېلىندى. سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق بۆلۈم، شەھەر-قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە رايونلۇق ئورگان بىناسى سېلىنىپ، رايونلۇق ئورگانلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئارىيەت ئېلىش ھالىنى ئۆزگەرتىلدى. يەنە مەبلەغ توپلاپ، قىزىل بايراق يولى، يېڭى ھايات كوچىسى، يەنئەن يولى، مەدەنىيەت يولى قاتارلىق تۆت ئورۇنغا خىزمەتچىلەر ئولتۇراق بىناسى سالدى. 180 ئىشچى-خىزمەتچى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىلىرىمۇ خىزمەتچىلەر ئولتۇراق بىناسى سېلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە رايونغا قاراشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى جىددىي بولۇش ئەھۋالىنى پەسەيتتى.

## 5-پاراگراف ئارخىپ باشقۇرۇش

ئازادلىقتىن كېيىن، رايونلۇق ئاممىۋى ئىشلار ئورنى، رايونلۇق مەھكىمە تارقاتقان ھۆججەتلەر ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، ھۆججەت-ئالاقە ئارخىپىغا ئائىت قائىدە ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلمىغان. رايونلۇق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپپاراتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىدا، تۈپلەپ، تۈرگە ئايرىپ، مۇكەممەل بولغان ئارخىپ توپلىمى تۇرغۇزۇلدى. سابىق 1-، 3-، 4-رايونلاردا 1950-يىلدىن 1955-يىلغىچە بولغان ئارخىپتىن 21 ئارخىپ توپلىمى ساقلانغان.

1956-يىلى ئىككى رايوننىڭ خەلق كومىتېتلىرى ئۆتكەن يىللاردىكى ھۆججەت، ئارخىپلىرىنى كەينى-كەينىدىن رەتلىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئارخىپ خىزمىتى بويىچە «چوڭ سەكرەش» يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ «پۈتۈن پارتىيە ئارخىپ بېجىرىش، ھەر دەرىجىلىكلەر ئارخىپ بېجىرىش» فاڭجېنى بويىچە پۈتۈن رايون مىقياسىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئىنقىلاش، يىغىش، ئارخىپلارنى تۇرغۇزۇش، كۆچۈرۈپ يېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شوئارى «رەھبەرلىك قوماندانلىق قىلىش، ھەممىلا ئادەم ھەرىكەتكە كېلىش، پايدىلىنىشنى تونۇتقا قىلىش، ئىلگىرىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، 40 كۈن جاپالىق كۈرەش قىلىش، توپلانغان ھۆججەتلەرنى ئىنقىلاپ بولۇش، 200 پارچە ئارخىپ ماتېرىيالىنى رەتلەپ يېزىپ چىقىش»تىن ئىبارەت بولدى. 1956-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى ئىككى رايوندا ئارخىپ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئارخىپنى رەتلەش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئورگان ھۆججەتلىرىنى تىزىملاش، توپلام قىلىش، ئارخىپقا تۇرغۇزۇش دائىرىسى»، «دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئادەتتىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ساقلاش مۇددىتىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى» بويىچە خىزمەتچى خادىملار ۋە ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانىلار ئۆتكەن يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن ھۆججەت ماتېرىياللارنى تۈرلەرگە ئايرىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ رەتلەپ چىقتى. شۇندىن كېيىن رەتلەنگەن ھۆججەت ماتېرىياللار تۈپلىنىپ، توپلام قىلىنىپ، شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئارخىپ بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلدى. رايونلۇق ئارخىپ ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايونلۇق پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆججەت ئالاقە ئارخىپلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، بىر نەپەر مەخسۇس كەسپىي ئارخىپ باشقۇرۇش كادىرىنى بەلگىلەپ، ئارخىپنىڭ كۈندىلىك كەسپىي خىزمەتلىرىنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئارخىپ خىزمىتىگە كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى. ئارخىپ كەسپىدە يولغا قويۇشقا بولىدىغان تۈزۈمنى تۇرغۇزدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەرلىك ئارخىپ بۆلۈمىگە بىر قىسىم ئارخىپلارنى يوللاپ بەردى.

1960-يىلى رايون 2-قېتىم بىرلەشكەندىن كېيىن، ھۆججەت ئالاقە ئارخىپ خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى. ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلىپ تىزىملاش، تۈرگە ئايرىش، نومۇر قويۇش، تۈپلەش، توپلام قىلىش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەت تەرتىپى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. 1956-يىلدىن 1966-يىلغىچە جەمئىي 493 ئارخىپ توپلىمى تۇرغۇزۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىدى. 1966-يىلى رايونلۇق ئارخىپ ئىشخانىسى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن ئاختۇرۇلدى. 1967-يىلىنىڭ بېشىدا رايونلۇق خەلق كومىتېتى ھۆججەت-ئالاقە ئارخىپى، كادىرلار ئارخىپىنى بىرلىكتە 8015-قىسمىغا يۆتكىۋەتتى. بىراق، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوخشاشلا قارا ماتېرىيال دەپ تونۇپ، مەجبۇرىي ھالدا بىر قىسمىنى چوڭ كوچىدا نامايىش قىلدى. كېيىن ئورگانغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ باشقۇرۇش خادىملىرى 64 ئارخىپ توپلىمى قىلىپ رەتلەپ چىقتى.

رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ ماتېرىياللىنى بىر تۇتاش رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن ھۆججەتلەر ۋاقتىدا توپلانمىدى، ئارخىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلمىدى. كۆپ قىسمى بەزى بۆلۈم، ئىشخانىلاردا ياكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ قولىدا چېچىلىپ يۈردى. كۆپلىگەنلىرى يوقىلىپ كەتتى.

1978-يىلى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشخانىسى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، چېچىلىپ يۈرگەن ۋە بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان ھۆججەتلەرنى رەتلىدى. يىغىپ رەتلەش، تىزىملاپ كىتابچە قىلىش، تۈپلەپ توپلام قىلىش ئارقىلىق، جەمئىي 61 ئارخىپ توپلىمى بولدى.

1980-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ھۆججەت، ئالاقە ئارخىپلىرىنى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى باشقۇردى. ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلىپ تىزىملاش ۋە نۆۋەت بىلەن كۆرۈش ۋە ئارىيەت ئېلىپ كۆرۈش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رايونلۇق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقتى. بىراق، بەزى تارماقلار ۋە ئورۇنلار مەخسۇس (قوشۇمچە) ئارخىپ باشقۇرغۇچى خادىملار تەسىس قىلمىغانلىقى، ھۆججەت ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا رەتلەپ، توپلام قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ھۆججەت ماتېرىياللارنىڭ يوقىتىپ قويۇش، بۇزۇلۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى بىرقەدەر ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئارخىپ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا تەسىر يەتتى. ھەمدە خىزمەتكىمۇ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. بەزى ئورۇن ۋە تارماقلار گەرچە ئادەم بەلگىلەپ قوشۇمچە باشقۇرغان بولسىمۇ، بىراق تولۇق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزمىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرمىگەن. كەسپىي بىلىملىرى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئارخىپ توپلاملىرى قائىدىسىز تەلەپكە يەتمىگەن. 1983-يىلى يۇقىرى كەسپىي تارماقلار تىيانشان رايونىنىڭ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، پەقەت ئايرىم ئورۇنلار لاياقەتلىك بولدى.

1983-يىلدىن بۇيان، ئارخىپنى قاچىلاش ئىشكاپى دەسلەپكى قەدەمدە سەپلەندى. ئارخىپ خىزمەتچى خادىملىرى نىسپىي ھالدا مۇقىم بولدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى. توپلام قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئارخىپ توپلىمىنىڭ مۇندەرىجىسىنى بېكىتتى. يۇقىرىنىڭ تارقاتقان سىبلىشتۇرۇش جەدۋىلىگە ئاساسەن، تىيانشان رايونىنىڭ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ ساقلاش، باشقۇرۇش ۋاقىت چەكلىمىسىنى بەلگىلىدى. ئارخىپ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەمدە ئالاقىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئارخىپنى ئارىيەت ئېلىش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. چېچىلىپ يۈرگەن ھۆججەت،

ئالاقىلارنى يىغىۋالدى. ئارخىپنىڭ سۈپىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈلدى. ئىلگىرى، كۆپەيتىپ يازغان ياكى قېرىنداشتا كۆچۈرگەن مۇھىم ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى تېز ئارىدا كۆچۈرۈپ چىقتى. ئىلگىرى، توپلەنگەندە لاياقەتلىك بولمىغان ئارخىپ توپلاملىرىنى قايتىدىن سۆكۈپ توپلىدى. ئارخىپ ماتېرىيالىدىن پايدىلانغانلار تىزىملاندى ۋە ستاتىستىكا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم قېلىپلاشتى.

1985-يىلى 11-ئايدا، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن رايوندىكى مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلاردىكى بوغالتىرلارنىڭ ئارخىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ رەتلىدى. 61 نەپەر خىزمەتچى خادىمنى ئاجرىتىپ، 1957-يىلدىن 1984-يىلغىچە بولغان رايونغا قاراشلىق 21 مەمۇرىي كەسپىي ئورۇندا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بوغالتىرلارنىڭ 3764 پارچە ئارخىپ ماتېرىيالىنى رەتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇنلاردىكى بوغالتىرلار ئارخىپىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قالايمىقان بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى ھەمدە 1966-يىلدىن 1985-يىلغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كوللېكتىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پۈتۈن بوغالتىرلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالى رەتلەندى. سىرتلاردا چېچىلىپ يۈرگەن ھېساب دەپتەر، تالونلارنى يىغىۋالدى. بوغالتىر ئارخىپ ماتېرىيالىدىن 22022 پارچىنى رەتلىدى. 784 پارچىسىنى بەلگىلىمە بويىچە كۆيدۈرۈۋەتتى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق ئارخىپخانا قۇرۇلدى ھەمدە شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 1983-يىلدىكى ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، لاياقەتلىك بولغان ئورۇنلارنىڭ پەقەت 1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە بولغان ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمىتى تەكشۈرۈلدى، 1983-يىلدىن بۇيانقى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئورۇنلارنىڭ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئىشلەندى، بۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئادەتتە توپلىگەن ئارخىپ ماتېرىيالىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىمۇ تەكشۈرۈلدى. رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى، پۈتۈن رايون بويىچە ئۈنجى قېتىم ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى. پۈتۈن رايوندىكى 38 تارماق ۋە ئورۇن، 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمىتى بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بەردى. 1986-يىلى 7-ئايدا، پۈتۈن رايون بويىچە ئۈنجى قېتىملىق ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئۇيۇشتۇردى.

1987-يىلى رايونلۇق ئارخىپخانا پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ (ئەمەلدىن قالغان ئورۇنلارنىڭ، ۋاقىتلىق ئورگانلارنىڭ ئارخىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1984-يىلدىن ئىلگىرىكى مەڭگۈلۈك، ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدىغان، ھۆججەت ئالاقە ئارخىپلىرىنى ئارخىپخانىغا كىرگۈزدى. جەمئىي كىرگۈزۈلگەن ئارخىپ 2363 توپلام. 1984-يىلدىن ئىلگىرىكى ئارخىپ توپلاملىرىغا قارىتا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ ماتېرىيالىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى» بويىچە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، رايون دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى رايوننىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە 54 ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت قىلدى، 617 ئادەم (قېتىم) ئارخىپنى ئارىيەت ئېلىپ كۆردى. 3400 پارچە ھۆججەتنى قايتا بېسىپ چىقتى. پۈتۈن رايوننىڭ بىر قىسىم ھۆججەت ئالاقە، ئارخىپ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالىدى.

1987-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى شەھەرلىك ئارخىپ ئىدارىسى تيانشان رايونىنىڭ ھۆججەت ئالاقە،

ئارقىلىق خىزمىتىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1983-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالالمىغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن لاياقەتلىك بولغانلىرىغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

## 6-پاراگراف ئەرزىيەت خىزمىتى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەخسۇس ئەرزىيەت تارمىقى ۋە مەخسۇس ئەرزىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم يوق ئىدى. خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن ئەرزىيەت ھەرقايسى تارماقلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مەسئۇللىقىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى.

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ بېجىردى. 1956-يىلدىن باشلاپ، خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن ئەرزىيەتلەرنى ئىشخانا خەت-ئالاقىنى تىزىملاش خادىمى تىزىملاپ، ئىشخانا مۇدىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن، كەسپىي خاراكتېر ئاساسىدا، ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. ھېچقانداق ئەۋەتىپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىدى. 1960-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ سىياسىي قانۇن ستېمىسى خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن ئەرز ۋە خەت-چەكتىن 131 قېتىم كۈتۈۋالدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى.

1960-يىلدىن كېيىن، رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن خەت-چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيدى. 1961-يىلى كەلگەن خەت-چەك جەمئىي 626 پارچە، 1962-يىلى كەلگەن خەت-چەك 1969 پارچە، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر 4768 ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ 1963-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى، خەلق ئىشلار تارماقلىرى جەمئىي 1679 پارچە خەت-چەك تاپشۇرۇۋالدى. ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى 2745 ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە، خەلقتىن كەلگەن خەت-چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئىنكاس قىلغان مۇھىم مەسىلىلىرى: شەھەر نوپۇسىنى قىسقارتىش جەھەتتە سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ بىر تەرەپلىمە بولۇپ قېلىشى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىتەرەپسىز بولۇشى، كۆپلىگەن قىسقارتىلغان خادىملارنىڭ ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگۈچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، بىكارچى خادىملار، رايوننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىدىغانلار ۋە باشقا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ شەھەر نوپۇسىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلار. باشقا جەھەتلەردىن، ئىشلەپچىقىرىش، بازار باشقۇرۇش، ئاھالىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق قاتارلىق مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ، يەنە بەزى تەنقىدىي پىكىرلەر، تەقدىرلەش قاتارلىقلارمۇ بار. ئاممىدىن كەلگەن بۇ خەت-چەكلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يىللىق بېجىرىش نىسبىتى 90% دىن يۇقىرى بولدى. 1964-يىلى رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىشخانىسىدا مەخسۇس خەت-چەكنى باشقۇرۇش كادىرى قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاپپاراتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتى بىر مەزگىل توختىدى. رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەرزىيەت خىزمىتىنى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ خەت-ئالاقە كاتىپى قوشۇمچە باشقۇردى. 1971-يىلدىن باشلاپ، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى ئىككى

نەپەر مەخسۇس خەت-چەك كەسپىي خادىمىنى سەپلىدى. خەلقتىن كەلگەن خەت-چەك، ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، كەلگەن خەت-چەكلەرنى تىزىملاش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى.

1976-يىلدىن باشلاپ، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى زور تۈركۈمدىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىياسىتىگە ئالاقىدار ئەرزىيەت خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالدى. 1977-يىلدىن 1979-يىلغىچە ئاساسلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە تارىختىكى ھەرىكەتلەردە قېلىپ قالغان مەسىلىلەرنى ئېنىقلىدى. 1979-يىلىلا خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن 354 پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. سىنىپىي قوشۇننى تازىلاشقا ئائىت ھال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن 508 ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئىنكاس قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەر: «سىنىپىي قوشۇننى ئېنىقلاش»، «بىرگە زەربە بېرىپ ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش» جەھەتتىكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىلىرى، «خۇسۇسىي ئۆي-مۈلۈكنى ئۆزگەرتىش»، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش»، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش»، «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش»، «تۆتنى ئېنىقلاش» قاتارلىق ھەرىكەتلەردە قېپقالغان مەسىلىلەر؛ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەنلەر، قىسقارتىلىپ ئۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەر، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلگەن، خىزمەتتىن ئايرىلغانلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرى؛ يەنە نوپۇسنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆي-مۈلۈكنى ھەل قىلىپ بېرىش، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆيىنى ئاختۇرغاندا ئېلىپ كەتكەن مال-مۈلۈكنى قايتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ھەر خىل خەت-چەك ئەنزىلىرىنى ئېنىقلاش بىلەن بىللە، رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتتا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر تۈركۈم ئۇۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ، سىياسەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يۇقىرىغا ئەرز قىلىپ كەلگەن خادىملارنىڭ مەسىلىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1980-يىلى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى مەخسۇس ئەرزىيەت كادىرىنى قويدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكتىن 1125 پارچىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەردىن 1328 ئادەم قېتىم كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئوخشاشلا خەت-چەك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولدى. مەسىلەن: قىسقارتىلغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆي-مۈلۈك، نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار. 1981-يىلدىن 1983-يىلغىچە سابىق رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ خىش زاۋۇتىدىكى يالغۇز قاتارلىق سەككىز نەپەر ئىشچىنىڭ كۆپ قېتىم قىلغان ئەرزىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ نەقلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە قىسقارتىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىپ، تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللاردىكى ئەرز-شىكايەت مەسىلىسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

1985-يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقا ئەگىشىپ، ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەك ۋە ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئاساسلىق تەلىپى تىجارەت كىنىشكىسىنى ھەل قىلىش، باجنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلىش، كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىكى كۈتۈنۈش مەسىلىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن بىللە، بەزى داۋاملىق يۇقىرىغا بېرىپ ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ مەسىلىسى سىياسىي بەلگىلىمىلەر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ھەل قىلىندى. 1987-يىلغا كەلگەندە، ئاممىدىن كېلىدىغان خەت-چەكنىڭ، ھال ئېيتىپ كېلىدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتتى. بىر يىل ئىچىدە پەقەت 67 پارچە خەت-چەك يىغىۋېلىندى. ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر 23 ئادەم قېتىم كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش، ئاممىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ئىنكاس قىلىش مەسىلىلىرى خەت-چەكنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلدى، يىللىق ئەرز بېجىرىش نىسبىتى 95% بولدى.

## تيانشان رايونىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەرنى سايلاش خىزمەت ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1-4-1-13 جەدۋەل

| رايون ئىسمى | ۋاقتى (يىل) | نۆۋەت قېتىمى | سايلىغۇچىلار سانى | سايلام ھوقۇقى بولمىغانلار سانى: جەمئىي | سايلام ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغانلار | سايلام ھوقۇقى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلغانلار | روھىي كېسەللەر | پومىشچىك ئۇنسۇر قالپىقى ئېلىپ تاشلانغانلار | سايلام رايونى سانى: جەمئىي | ئالاھىدە سايلام رايونى | ئورگان سايلام رايونى | ۋەكىللەرنى سايلاش سانى | سايلىغۇچىلارنىڭ سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | 905371 | 6126 | 1284 | 3199 | 288 | 6 | 772 | 398 | 374 | 1982 | 93.25 |
| 1-رايون | 1953 | تۇنجى | 21,175 | 78 | 68 | | 10 | | 10 | 8 | 2 | 53 | |
| 2-رايون | 1953 | تۇنجى | 11,226 | 70 | 64 | | 6 | | 10 | 8 | 2 | 45 | |
| 3-رايون | 1953 | تۇنجى | 9,024 | 71 | 58 | | 13 | | 9 | 7 | 2 | 56 | 96 |
| 4-رايون | 1954 | تۇنجى | 8093 | 33 | 34 | | 4 | | | | | | |
| 5-رايون | 1954 | تۇنجى | 9873 | 32 | 28 | 4 | 4 | | | | | | |
| 1-رايون | 1956 | −2 | 29,566 | 52 | 839 | | 13 | 3 | 20 | 16 | 4 | 118 | 93.7 |
| 2-رايون | 1956 | −2 | 30,278 | | | | | | 19 | 15 | 4 | 111 | |
| تيانشان رايونى | 1958 | −3 | 35,274 | 1355 | | | | | 34 | 12 | 22 | 154 | 95 |
| دوستلۇق رايونى | 1958 | −3 | | | | | | | 32 | 19 | 13 | 126 | 93 |
| تيانشان رايونى | 1960 | −4 | 108677 | 3358 | 399 | 2917 | 42 | 13 | 69 | 34 | 35 | 193 | 82.69 |
| | | 1963 | −5 | 77,406 | 406 | 223 | 131 | 52 | 79 | 40 | 39 | 193 | 96.14 |
| | | 1965 | −6 | 80,980 | 388 | 298 | 55 | 35 | 81 | 43 | 38 | 193 | 96.55 |
| | | 1980 | −8 | 140,984 | 148 | 64 | 35 | 49 | 139 | 62 | 77 | 261 | 93.1 |
| | 1984 | −9 | 156,214 | 119 | 2 | 57 | 60 | | 145 | 63 | 82 | 258 | 96.9 |
| | 1987 | −10 | 186,600 | | | | | | 125 | 71 | 54 | 221 | 95.37 |

ئىزاھات: ① يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇمات ھازىر بولغان ماتېرىياللار ئاساسىدا ستاتىستىكا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە «سايلىغۇچىلار سانى» ئىچىدە 2-رايوننىڭ (دوستلۇق رايونى) 3-نۆۋەتلىك ئادەم سانى كەم.

② سايلام ھوقۇقى بولمىغانلار ئىچىدە «جەمئىي» سانى كەم. 2-رايوننىڭ 2-نۆۋەتلىك، دوستلۇق رايونىنىڭ 3-نۆۋەتلىك سانى كەم. تيانشان رايونىنىڭ 3-نۆۋەتلىكىدە، سايلام ھوقۇقى بولمىغانلار 1355 كىشى، بىراق، سانلىق مەلۇمات ستاتىستىكا قىلىنمىغان.

③ سايلام رايونى سانى ئىچىدە، 4-، 5-رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىكى كەم.

④ سايلام قاتنىشىش نىسبىتىدە 1-، 2-، 4-، 5-رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىكى كەم.

⑤ ۋەكىللەر سانىدا، 4-، 5-رايوننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەم.

⑥ 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلام ھوقۇقى يوق كىشىلەرنى ستاتىستىكا قىلمىغان.

# 14-بۆلۈم

# سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## ئومۇمىي بايان

تيانشان رايونىدا 1984-يىلى 4-ئايدا سىياسىي كېڭەشكە تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 6-ئايدا سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۆگىنىش، تەكلىپ بېرىش قاتارلىق ئىككى خىزمەت كومىتېتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە، مىللەت-دىن ئىشلىرى، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1985-يىلى 7-ئايدا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئاياللار، سىياسىي قانۇن ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1987-يىلى 5-ئايدا 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىدا تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە، ئاخباراتچىلىق خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئاياللار خىزمەت گۇرۇپپىسى بولسا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى، سىياسىي قانۇن خىزمەت گۇرۇپپىسى قانۇن-تۈزۈم خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا رايون تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلىشىپ، «سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش» فۇنكسىيسە-ىنى يۈرگۈزدى، ئاكتىپلىق بىلەن ھاكىمىيەتكە قاتنىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، كېڭىشىش، كۆزدىن كۆچۈرۈش، مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇپ، تيانشان رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

# 1-باب سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك يىغىنلىرى

## 1-پاراگراف 1-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى، 1984-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە، شىنجاڭ چېكرا مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا قاتناشقان 67 نەپەر ئەزا، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت، تەنتەربىيە، سودا-سانائەت ساھەسى، دېموكراتىك زات، دىنىي زات، يەككە ئەمگەكچى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىر قېرىنداشلار بولۇپ 15 ساھە-قاتلامدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، دوڭشياڭ، مانجۇ قاتارلىق توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى 33.3% نى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر 35% نى ئىگىلىدى. ئاياللار 31.6% نى ئىگىلىدى. يىغىن كۈنتەرتىپى: ① تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش؛ ② تۇنجى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ئەزالىرى ۋە باش كاتىپىنى سايلاپ چىقىش؛ ③ تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش؛ ④ تۈرلۈك قارارلارنى ماقۇللاش. يىغىن 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. بەي كەي رەئىس، چېن گوجۇ، ۋاڭ شۈتيەن، ياڭ مېڭجيۇ، ئابدىرېشىت نۇردۇن (قوشۇمچە) مۇئاۋىن رەئىس بولدى. ئەن يۈزى باش كاتىپ بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن 64 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

1985-يىلى 3-ئايدا 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار 80 نەپەر (13 نەپەر ئەزا كۆپەيتىپ تولۇقلانغان)، يىغىن كۈنتەرتىپى: ① 1-يىغىندىن بۇيانقى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ ② تەكلىپلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ ③ بەش نەپەر دائىمىي ھەيئەتنى كۆپەيتىپ سايلاش؛ ④ تيانشان رايونلۇق 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش؛ ⑤ تۈرلۈك قارارلارنى ماقۇللاش. بۇ قېتىمقى يىغىن 107 پارچە تەكلىپنى يىغىۋالدى.

1986-يىلى 3-ئايدا رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىننىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلىرىنى تاماملىدى. بۇ قېتىمقى يىغىن، ئەزالار ئوتتۇرىغا قويغان 103 پارچە تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالدى.

## 2-پاراگراف 2-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى 1987-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە تيانشان مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈ-

زۇلدى. يىغىنغا كوممۇنىستىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئورگىنى ساھەسىدىن، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن، دىنىي زاتلار، سودا، سانائەت، ئاخباراتچىلىق، داۋالاش، دورىگەرلىك، سەھىيە، تەنتەربىيە، سىياسىي قانۇن ساھەسىدىن، مەھەللىدىن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ساھەسىدىن، ھەققەتكە قايتقانلاردىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىن، يەككە ئەمگەكچىلەردىن، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلاردىن بولۇپ، 21 ساھە بويىچە 77 نەپەر ھەيئەت قاتناشتى. ھەيئەتلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، دوڭشياڭ، مانجۇ قاتارلىق توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى 35% نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 41.2% نى، ئاياللار 27.5% نى ئىگىلىدى. يىغىن كۈنتەرتىپى: ① تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش؛ ② تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ ③ دائىمىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش؛ ④ تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش؛ ⑤ تۈرلۈك قارارلارنى ماقۇللاش.

يىغىن 17 كىشىدىن تەركىب تاپقان سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى. بەي كەي رەئىس بولدى. ئەخمەت ئابدۇسوپۇر، فەن فاڭفۇ، ئابدىرىشىت نۇردۇن (قوشۇمچە)، ئوۋ ياڭ شۈگاڭ (قوشۇمچە)، ماپىيىڭ (قوشۇمچە) مۇئاۋىن رەئىس بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ھەيئەتلەرنىڭ 110 پارچە تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالدى.

# 2-باب ئاساسلىق پائالىيەتلىرى

## 1-پاراگراف ئۆگىنىش، كۆزدىن كۆچۈرۈش، ھال سوراش پائالىيەتلىرى

**بىرىنچى، ھەيئەتلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش**

1984-يىلى ھەيئەتلەر «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا قارارى»نى، «سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسى»نى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ھەمدە بىرلىكسەپ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1985-يىلى ھەيئەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى»، «مەملىكەتلىك مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى...»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»، «7-بەش يىللىق پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سىياسىي كېڭەشنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 1987-يىلى ھەيئەتلەر ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 150 كىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ۋە مەركەز، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئۆگەندى. سىياسىي كېڭەش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك

13-قۇرۇلتىيى يىپىلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە گېزىتلەرنى ھەيئەتلەرگە ئوقۇپ بەردى ھەممە ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ھەيئەتلەر يەنە بىرلىكسەپ نەزەرىيەسى، مۇھاجىرلار سىياسىتى، مائارىپ ئىسلاھاتى، قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقاتى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىل سىستېمىسىدىكى ھەيئەتلەرگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بېسىپ تارقاتقان «ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ژۇرنىلىنى تارقىتىپ بەردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەيئەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 11 نەپەر ھەيئەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. 50 نەپەر ھەيئەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ۋە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

## ئىككىنچى، كۆزدىن كۆچۈرۈش، ھال سوراش

ھەيئەتلەر 1985-يىلى ۋە 1986-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ رايونغا قاراشلىق پۇرژىنا زاۋۇتى، چاۋيالڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، ئۆي-جاھازلىرى زاۋۇتى ۋە مەھەللە قۇرغان تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، چىراغ سايمانلىرى زاۋۇتى، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت زاۋۇتى قاتارلىق رايون، مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، تىجارەت باشقۇرۇشى ۋە ئىجارىگە بېرىشى، ھۆددىگە بېرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى جاۋ يىڭجېي پۇرژىنا زاۋۇتى يىمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك دەپ تەكلىپ بەردى ھەممە دورا-دەرمەكلەر بىلەن گۆش مەھسۇلاتىنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە ئۇستا تونۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن پۇرژىنا زاۋۇتىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 320 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 50 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ پۇرژىنا زاۋۇتى، ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى ئۈچۈن شاڭخەيدىن تۆت نەپەر ئۇستىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار بەش پۇرژىنا قىزىتىش ستانوكىنى، ئۈچ توقۇش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. 30 نەپەر تېخنىك ئىشچىنى تەربىيىلەپ بەردى. 15 خىل قوي يۇڭى پوپايكىسىنىڭ يېڭى پوسۇنىنى لايىھىلىدى. بۇنىڭ بىلەن پۇرژىنا زاۋۇتىنىڭ پۇرژىنىنى قىزىتىپ بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى تېخنىكا مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

كۆزدىن كۆچۈرۈش جەريانىدا ھەيئەتلەر ئۆي-جاھازلىرى زاۋۇتى، تازىلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، چىراغ سايمانلىرى زاۋۇتىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە 30 تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خام ئەشيا، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يوللىرى ۋە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. مۇئاۋىن رەئىس ياڭ مىڭجۇ شەھەرلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن، پىرىكازچىكلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئۈچۈن 40 مىڭ خەتلىك چوت بىلىمى كىتابىنى (ئىككى كىتاب)، تاۋار بىلىملىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۆزلۈكىدىن ئۈچ قارار ئۆگىنىش كۇرسىغا دەرس ئۆتۈپ، 150 نەپەر كۇرسانتنى تەربىيىلىدى.

1985-، 1986-يىللىرى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى تۆت قېتىم بەش مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئەترىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى. كۆزدىن كۆچۈرۈش جەريانىدا، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىك، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەردە نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلدى. يەنە قىش مەزگىلىدە قۇرۇلۇش قىلىش جەھەتتە مەسلىھەت بەردى. كارخانىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش ۋە كېلىشىمنامە، توختام بىلىملىرى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىش، لېكسىيە سۆزلەش

سۆھبەت يىغىنى قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇردى. 1985-يىلى 11-ئايدا، تيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ «تۆتلىشىش» ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىردى. 28 نەپەر ئەزا خىزمەت تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. 1986-يىلى 8-ئايدا سىياسىي كېڭەش ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تەكلىپلەر ھەيئىتىنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ۋە مايۇچى قاتارلىق 35 نەپەر ئەزانى تەقدىرلىدى.

1986-يىلى رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى تيانشان رايونىدىكى 7-، 8-، 12-، 15-، 29-باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تازىلىق، ساقلىقنى ساقلاش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. 1987-يىلى تەكلىپكە ئاساسەن قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، 8-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن دوكلات يېزىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىغا يوللىدى. تەكلىپ شەكلىدە ھۆكۈمەتكە ئەۋەتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرى ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ نورمال ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى. شۇ يىلى تىنچلىق يولى رايونىنىڭ «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىغا قارىتا ئۈچ كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. خىجاسەن رايونىدىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىش، توختاپ قېلىش، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىغا يوللىدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي مەكتەپنى بىكار قىلىپ، 29-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ شۆبە مەكتىپى ئوقۇش باشلاپ، 124 نەپەر ئۆسمۈرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1987-يىلى 11 مەسچىتنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ۋە تازىلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. دىنىي ساھەدىكى ئەزالار جامائەت ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. 1986-يىلى دىنىي ساھەدىكى بەش نەپەر ئەزا تيانشان رايونى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

1985-يىلدىن 1986-يىلغىچە رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رايوندىكى «ئۈچ قېرىنداش»، «ئىككى مۇھاجىر» (شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مۇھاجىرلار) ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، تەيۋەن، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان گاۋ ۋېيمىڭ، مەھەممەتلەرنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يوقلىدى. ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەن دوكتور لىن جيەن، لاڭ شيۇجۈەن ۋە ما مومايىنى زىيارەت قىلدى. شەھەرلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى پىڭنى 120 نەپەر مۇھاجىر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە مۇھاجىر ئىشلىرى سىياسىتى ھەققىدە دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەسئۇلىنىڭ تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۈنئالغۇ دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا تەيۋەنلىكلەرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇققا كېلىپ تۇغقان يوقلاشقا دائىر سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىنى يەتكۈزدى.

ھەر قېتىمقى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت، روژدېستىۋو بايرىمى، بۇددا دىنى بايرىمى، باھار بايراملىرىدا سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرى ئەزالارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى.

## 2-پاراگراف تەكلىپلەرنى بېجىرىش، توغرا لىنىيىلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش

**بىرىنچى، ئەزالارنىڭ تەكلىپىنى بېجىرىش**

1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئەزالارنىڭ جەمئىي 417 پارچە تەكلىپى تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېپىدىكى 143 پارچە بولۇپ، 343% نى ئىگىلىدى. پەن-مائارىپ مەدەنىيەت تېپىدىكى 146 پارچە بولۇپ، 35% نى ئىگىلىدى. سىياسىي قانۇن تېپىدىكى 100 پارچە بولۇپ، 24% نى ئىگىلىدى. باشقىلار 28 پارچە بولۇپ، 6.7% نى ئىگىلىدى.

بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1-يىغىنىدا تەكلىپ كىشى بېشىغا 0.85 پارچىدىن توغرا كەلدى. 1985-يىلى 3-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 2-يىغىنىدا، ئەزالار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنى، ۋاقتى، ئادەم سانىدىن ئىبارەت ئۈچتە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1986-يىلغا كەلگەندە، بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 3-يىغىنىدا تەكلىپلەر سانى ئېشىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 1.54 پارچىدىن توغرا كەلدى. تەكلىپ سۈپىتى يىلدىن-يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەزمۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چىڭ چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىرىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1-يىغىنىغا سېلىشتۇرغاندا، 2-نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 1-يىغىنىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېپىدىكى تەكلىپلەر 30%، پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە تېپىدىكى تەكلىپلەر 2.1% كۆپەيدى. سىياسىي قانۇن تېپىدىكى تەكلىپلەر 38.6% ئازايدى. تەكلىپ بېجىرىش تېز بولدى. ھەر يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەر كېيىنكى قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدا پۈتۈنلەي بېجىرىلىپ بولۇندى. ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەكلىپ بەرگۈچىگە جاۋاب بېرىلدى. بېجىرىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى.

**ئىككىنچى، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ھال سوراپ، توغرا لىنىيىلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش**

1985-يىلى تيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سايباغ رايونى، شىخەنزە شەھىرى، كۈنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونلۇق سىياسىي كېڭەشتىن زىيارەتكە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. سىياسىي كېڭەشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى، تەكلىپ بېجىرىش، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش ۋە «ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشاش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆزئارا سىر ساقلىماسلىق، بار-يوقىنى تەڭ كۆرۈش» فاڭجېنى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى.

1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەكتەپنىڭ 13-قارارلىق سىياسىي كېڭەش، بىرلىكسەپ كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىدىكى 40 نەپەر كۇرسانتنى ۋە چۆچەك شەھىرى، لوپنۇر ناھىيىسى، نەنجىڭ شەھىرى گۇلو رايونلۇق، لەنجۇ شەھىرى چىڭگۇەن رايونلۇق، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ زىيارەتكە كەلگەن ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا ھەيئەتلەرنى تەشكىللەپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، بىلگەن ئەھۋالغا كۈچ چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لياڭ چېڭيۈ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى.

رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشتە زىيارەتتە

بولۇۋاتقان بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق، غۇلجا ناھىيىلىك، قۇتۇبى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىغا تىيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

1986-يىلى بىرىنچى ئۆۋۈملىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن گوجۇ قاتارلىقلار تەكلىپكە ئاساسەن كۇنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونىدا زىيارەتتە بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىللە، چېڭدۇ شەھىرى شىچېڭ رايونلۇق، گۇاڭجۇ شەھىرى يۈشيۇ رايونلۇق، خاڭجۇ شەھىرى گوڭشۇ رايونلۇق، نەنجىڭ شەھىرى گۇلۇ رايونلۇق، شىئەن شەھىرى لىيەنخۇ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشلەردە ئۆگىنىش، ئېكىسكۇرسىيىدە بولدى.

1987-يىلى كۇنمىڭ شەھىرى ۋۇخۇا رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپى بىلەن تىيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ۋە شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدىن 20 كىشى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللىنىپ، كۇنمىڭ شەھىرى ئۇيۇشتۇرغان «1987-يىللىق تاۋۇز چاغنى، ئۆكتەبىر بايرىمى مەزگىلىدىكى مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش» پائالىيىتىگە قاتناشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى تونۇر كاۋىپى، كاۋاپ، پولۇ، پېتىر مانتا قاتارلىق شىنجاڭنىڭ 22 خىل مېزىلىك تائاملىرىنى كۇنمىڭدا كۆرگەزمە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، تىيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بەي كەي قاتارلىقلار ۋۇخۇا رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنى زىيارەت قىلدى. ئۇرۇمچىگە قايتىش سەپىرىدە، خاڭجۇ شەھىرىنىڭ گوڭشۇي رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىدە، نەنجىڭ شەھىرىنىڭ گۇلۇ رايونىدا ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە بولدى.

# 15-بۆلۈم

# سىياسىي قانۇن، ھەربىي ئىشلار

## ئومۇمىي بايان

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلى (1910-يىلى) چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى دىخۇادا يەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى (1911-يىلى) شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن گومىن ھۆكۈمىتى چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئاساسىي جەھەتتىن داۋاملاشتۇرۇپ سوت، تەپتىش بىرلەشمە مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بىراق يۇەن داخۇا، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار شىنجاڭغا قىلغان 24 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى جەريانىدا «چېگرا رايون، مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان» دېگەن باھانە بىلەن، ئەدلىيە تەپتىش تۈزۈمىنى يولغا قويمىغان، دىخۇادىكى ئەدلىيە كەسپىنى دىخۇا ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى قوشۇمچە باشقۇرغانىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) شېڭ شىسەي دىخۇادا يەرلىك سوت مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، مەھكىمىنىڭ ئىچىدە تەپتىش باشقارمىسىنى قۇرۇپ، سوت بىلەن تەپتىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. دىخۇا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى رايون تەۋەسىدە 1-، 2-، 3-، 5-شۆبە ئىدارىلىرىنى قۇرغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار تەسىس قىلغان ئەدلىيە، ساقچى ئورگانلىرى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە يان بېسىپ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىپ كەلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 4-ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن دىخۇا ساقچى ئورگانلىرى جەمئىيەتنى قاتتىق كونترول قىلغاندىن سىرت ئاساسلىق ئورگان، مەكتەپ، قاتناش ئورۇنلىرىدا قوغداش ئورۇنلىرىنى قۇردى. نامدا بۇ ئورۇن قوغداش ئورنى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پايلاقچىلىق قىلىپ گۇمانلىق كىشىلەرنى «ساراڭلار دوختۇرخانىسى»غا سولاپ «داۋالاش» ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي پىشۋالار، ئىلغار زاتلار پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە كونا ئەدلىيە، ساقچى ئورگانلىرى بىكار قىلىنىپ، خەلقنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەم جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوغداش گۇرۇپپىلىرى، ئامانلىقنى قوغداش كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمار ئويناش، پاھىشىۋازلىق قىلىشتەك ئۇچ زىيانلىق قىلمىش تازىلاندى، ئەكسىلئىنقىلابچىلار باستۇرۇلۇپ خەلق ھاكىمىيىتى قوغدالدى. خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

1957-يىلى ئىككى رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ئاھالىلەر كومىتېتلىرى، خەلق مۇرەسسە كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق زاسېداتېللىرى سايلاپ چىقىلدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بۇ ئىككى مەھكىمە قانۇن بويىچە تۈرلۈك جىنايى ئەنزىلەرنى

سوتلاپ، قولغا ئېلىپ ھۆكۈم چىقاردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، زور قىسمىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، ئەدلىيە خادىملىرى ئۆز خىزمەت ئورنىدىن يۆتكىۋېتىلىپ، تەكشۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە يىغىۋېلىندى. 1968-يىلى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ھەربىي ئىدارە قىلىش يۈرگۈزۈلدى. شۇ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ ھەربىي باشقۇرۇش كومىتېتى يۇقىرىقى ئۈچ ئورۇننىڭ ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزدى. بۇ مەزگىلدە «سول» ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۈچ ئورگاننىڭ ئۆزئارا نازارەت قىلىش، چەكلەش ھوقۇقى مەھرۇم قىلىنغانلىقتىن خاتا، يالغان، ئۇۋال دېلولار يۈز بېرىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن-تۈزۈم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت، ئەدلىيە تارماقلىرى قانۇن فۇنكسىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۈنۈملۈك يۈرگۈزدى. ئۆزئارا ماسلىشىپ يىغىلىپ قالغان زور بىر تۈركۈم دېلولارنى رەتلەپ چىقتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئۇۋال، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلىدى. مەملىكەتلىك شەھەر ئاھالىلىقىنى قوغداش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئاھالىلىقىغا ئېغىر ھالدا زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق ۋە تېزلىك بىلەن زەربە بەردى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىپ، سەككىز قېتىم بىر تۇتاش ھەرىكەت قوللىنىلدى، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىدىن 1078 ى قولغا ئېلىنىپ، دېلولارنىڭ سادىر بولۇشى تۆۋەنلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ھەم يولدىن ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيە بېرىپ ياردەم بېرىش كۈچەيتىلدى. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى كۈچەيتىلدى. مەھەللە ئاھالىلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىلىرى ۋە خەلق مۇرەسسە خىزمىتى ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلار ۋاقتىدا بىخ ھالىتىدە تۈگىتىلدى. دېلو يۈز بەرگەن ئورۇنلارغا ماسلىشىپ، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلۇپ، يوچۇقلار ئېتىلدى. ئورۇنلار ۋە جەمئىيەتتىكى كۈچلەر سەپەرۋەر قىلىنىپ، جەمئىيەت ئاھالىلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئېلىپ بېرىلدى. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ «ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى قارار»ى بويىچە رايون ئىچىدىكى ئىقتىسادىي دېلولارنى رازۋېتكا قىلىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي دېلولار 283 بولۇپ، ئىقتىسادىي جىنايى دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تيانشان رايونىدىكى ئەدلىيە كادىر-ساقچىلىرى 118 كىشىگە يېتىپ، 1957-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 5.9 ھەسسە كۆپەيدى.

دىخۇادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوقەن خانلىقىنىڭ ھەربىي كاتتىبېشى ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتەك شانلىق تارىخى بار، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىخۇا شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق ئورگىنىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ كەلدى. بەخت يولىدا (ياۋروپا-ئاسىيا ئايرودرومى) شېڭ شىسەينىڭ ھاۋا ئارمىيىسى خادىملىرى تۇرغان، خوگسەن ئېغىزى، بەخت يولى ئەتراپىدا شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغان.

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۇ، دىخۇادىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇ دېغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، قىسىملىرىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارد قىسمى ئالدى بىلەن غەلىبىلىك ھالدا غالبىيەت يولىدىن ئۆتۈپ دىخۇا تۇپرىقىغا قەدەم تاشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېر جەڭچىلىرى ئۆستەڭ قېزىپ، يول ياساپ، كۆچەت تىكىپ، ئورمان بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئۈلگە تىكلىدى.

1958-يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ «خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، رايونىغا تەۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن خەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى. خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تيانشان رايونىدا ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى. 36042-قىسىم تىنچلىق يول مەھەللە ئىش باشقارمىسى خېيجاسەن ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى خەلق ئاممىسىغا كۆپلەپ ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سابىق ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ خەلقنى سۆيۈش ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئۆتكەن يىللاردىكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە رايون ئىچىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ئۆزلىرىنى بەس-بەستە مەلۇم قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى يارامىلىق كىشىلەرنى تولۇقلاپ بەردى. 1987-يىلى تيانشان رايونى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

# 1-باب جامائەت خەۋپسىزلىكى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، دىخۇادا ئۆلكىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، قارىمىقىدا يەتتە شۆبە ئىدارە تەسىس قىلىندى. چىڭ

سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنەتىنىڭ 28-يىلى (1902-يىلى) تەكشۈرۈش ئىدارىسى باۋجىيا باش ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. كېيىنكى يىلى باۋجىيا باش ئىدارىسى چارلاش ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ساقچى ئىشلىرى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى ۋە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ساقچى ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۆلكە مەركىزىنىڭ چارلاش خىزمىتىنى بىۋاسىتە ئۆتىدى. ئۆلكە مەركىزىدە تۆت چارلاش ساقچى رايونى، ئۈچ پەيچۇسو، 80 چارلاش بوتكىسى، 500 دىن ئارتۇق چارلاش ساقچىسى بار ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) دىخۇادا ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتى تەسىس قىلىنىپ قارمىقىدا تۆت ساقچى مەھكىمىسى ۋە بىر شۆبە ساقچى ئورنى تەسىس قىلىندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 17-يىلى (1928-يىلى) ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا بەش شۆبە ئىدارە قۇرۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) دىخۇا شەھەر بولۇپ قۇرۇلۇپ ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى دىخۇا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، قارمىقىدا ئۈچ شۆبە ئىدارە، بىر بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن تەسىس قىلىندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) دىخۇا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى دىخۇا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1949-يىلى 10-ئايدىن 1953-يىلى 7-ئايغىچە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 1-، 2-، 3-، 5-رايونلاردا تۆت شۆبە ئىدارە، 14 پەيچۇسو، بىر شۆبە ئورۇن تەسىس قىلىپ، ھەرقايسى شۆبە ئىدارىلەردە تېرگاۋ، ئامانلىقنى قوغداش، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىنى تەسىس قىلدى. 1-شۆبە ئىدارىنىڭ قارمىقىدا، دۇڭمېن، شىمېن، نەنمېن، بېيمېن، غەربىي ئارقا كوچا پەيچۇسوسى تەسىس قىلىندى. 2-شۆبە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا نەنگۇەن، شياۋدوڭلياڭ، شىخابا پەيچۇسوسى تەسىس قىلىندى. 3-شۆبە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى پەيچۇسوسى تەسىس قىلىندى. 4-شۆبە ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا شىخاگەي، ليۇداۋان، شىمگۇ، بېيگۇەن پەيچۇسوسى ھەم بېيگۇەننىڭ شەرقىي ئارقا كوچا پەيچۇسوسى تەسىس قىلىندى.

1953-يىلى 8-ئايدىن 1957-يىلى 10-ئايغىچە ھەرقايسى شۆبە ئىدارىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى پەيچۇسولار شەھەرلىك ئىدارىگە بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى، بۇ ئارىلىقتا، بېيمېن پەيچۇسوسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نەنمېن پەيچۇسوسىغا قوشۇۋېتىلدى؛ بېيگۇەن پەيچۇسوسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ليۇداۋان پەيچۇسوسىغا قوشۇۋېتىلدى؛ شەرقىي ئارقا كوچا، غەربىي ئارقا كوچا پەيچۇسولىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۇڭمېن پەيچۇسوسىغا قوشۇۋېتىلدى؛ ئۈچچاش، شىچىخۇ پەيچۇسولىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، غالىبىيەت يولى پەيچۇسوسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1957-يىلى 10-ئايدا تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ۋە دوستلۇق رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى، شىمگۇ پەيچۇسوسى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قارىغاندىن سىرت، ئىككى شۆبە ئىدارىدا كاتىبات، ئامانلىقنى قوغداش، سىياسىي قوغداش گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى. تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قارمىقىدا دۇڭمېن، شىمېن، نەنمېن، شىخاگەي، ليۇداۋان پەيچۇسولىرى تەسىس قىلىندى. دوستلۇق رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قارمىقىدا

نەنگۇمەن، شياۋدوگلىياڭ، شىخابا، باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى پەيچۇسولىرى تەسىس قىلىندى.

1960-يىلى 8-ئايدا ئىككى رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى قىلىندى ۋە قارىمىقىدا ئۈچ كەسپىي گۇرۇپپا، 10 پەيچۇسو تەسىس قىلىندى ھەم رايون ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىش ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن كاتىبات، ئامانلىقنى قوغداش، سىياسىي قوغداش گۇرۇپپىلىرى بۆلۈمچىگە ئۆزگەرتىلىپ، جىنايى ئىشلار ساقچى بۆلۈمچىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن زور قىسمىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلدى. 1968-يىلى ھەربىيلەر باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىغا كىرگەن ھەم سىياسىي خىزمەت (ئىش بېجىرىش خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئامانلىقنى قوغداش (خەلق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دېلو پاش قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان. 1973-يىلى ھەربىيلەرنىڭ باشقۇرۇشى بىكار قىلىنىپ، شۆبە ئىدارە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تيانشان رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونىنىڭ كېڭەيتىشىگە ئەگىشىپ، 1975-يىلى 7-ئايدا قارلىغاچلىق پەيچۇسوسى قۇرۇلدى. 1979-يىلى 3-ئايدا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇلانباي پەيچۇسوسىنى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ يىلى 7-ئايدا ياشلار يولى پەيچۇسوسى قۇرۇلدى (1983-يىلى ئەمەلدىن قالدى)، 9-ئايدا شۆبە ئىدارە ئورگىنىدا ئىچكى قوغداش، سىياسىي خىزمەت، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە تېرگاۋدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمچە ۋە ئامانلىقنى قوغداش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. جىنايى ئىشلار ساقچى بۆلۈمچىسى جىنايى ئىشلار ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1982-يىلى 9-ئايدا تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى، ئامانلىقنى قوغداش ئەترىتى، تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئەسلىدىكى نامى ئۆزگەرتىلمىگەندىن سىرت، باشقا بۆلۈمچىلەر بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نوپۇس بۆلۈمى، مەمۇرىي بۆلۈم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1985-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى ھايۋانات باغچىسى، خوڭشەن باغچىسىدا ئامانلىقنى ساقلاش پەيچۇسوسى قۇرۇلدى. 1986-يىلى 6-ئايدا تۇز كۆل كارخانا پەيچۇسوسى قۇرۇلدى.

1987-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىدا توققۇز بۆلۈم، ئىككى ئەترەت، بىر ئىشخانا، بىر كوپېراتىپ، 16 پەيچۇسو ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى بار بولغان. بۇلار سىياسىي خىزمەت، سىياسىي قوغداش، ئىچكى قوغداش، كاتىبات، نوپۇس، ئامانلىقنى ساقلاش، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، تېرگاۋ، مەمۇرىيەت بۆلۈمى، جىنايى ئىشلار، ئامانلىقنى ساقلاش ئەترىتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، زىيالىي ياشلار مۇلازىمەت كوپېراتىپى؛ ليۇداۋان، شىخابا، شىمىن، دۇڭمېن، نەنمېن، شياۋدوگلىياڭ، نەنگۇمەن، شىخاگەي، باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى، قارلىغاچلىق، ئۇلانباي، تۇز كۆل كارخانا پەيچۇسوسى، ھايۋانات باغچىسى، خوڭشەن باغچىسى پەيچۇسوسى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كادىر-ساقچىلار 466 نەپەرگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 384، ئايال 82، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 142.

### 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-1-1-15 جەدۋەل

| يىللار | ئادەم سانى | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەتلەر | مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك باشلىقلار | بۆلۈم دەرىجىلىكلەر | بۆلۈمچە دەرىجىلىكلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 326 | 273 | 53 | 88 | | 4 | 40 |
| 1981 | 410 | 346 | 64 | 106 | | 5 | 44 |
| 1982 | 415 | 347 | 66 | 110 | | 5 | 43 |
| 1983 | 417 | 351 | 66 | 110 | | 5 | 48 |
| 1984 | 413 | 345 | 68 | 106 | | | 71 |
| 1985 | 411 | 340 | 71 | 108 | | 5 | 70 |
| 1986 | 448 | 369 | 79 | 119 | 2 | 3 | 70 |
| 1987 | 466 | 384 | 82 | 142 | 2 | 3 | 50 |

## 2-پاراگراف جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۇا شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، سېتىش، قىمار ئويناش، نومۇسىنى سېتىش ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، نومۇسىنى سېتىش، قىمار ئويناشنى چەكلەش توغرىسىدا تۈرلۈك ئېلان، قانۇن-نىزاملارنى ئېلان قىلدى. ھەرقايسى جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىلىرى،پەيچۇسولار ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىش ۋە تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشنى مەركەز قىلىپ، ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ئۈچ زىيانداشنىڭ زىيىنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ «ئۈچنى چەكلەش» ئىرادىسىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر، قىمار ئوينىغۇچىلارنى، جالاپلارنى ئۆزلۈكىدىن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا ئۈندىدى ۋە ئۇلارنى تىزىملىدى. 1950-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى ۋە ساتقۇچىلاردىن 615 نەپەرنى تىزىمغا ئالدى. لىخۇا كوچىسىدىكى بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئەپيۇن چېكىش جەريانىدا ئۆز پەرزەنتىنى سېتىۋېتىشتەك پاجىئەلىك ئەمەلىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر قايغۇرغان ھالدا ئىقرار قىلدى. شىخاگەي، شىمىن، شىخابا پەيچۇسولىرى پۈتۈن بىر يىل بىر تەرەپ قىلغان 42 نەپەر جىنايەتچى ئىچىدە 11 نەپىرى قىمار ئوينىغان جىنەيەتچىلەر بولۇپ، بۇ پۈتۈن جىنايەتچىلەرنىڭ 26.19% نى تەشكىل قىلدى. 1952-يىلى تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان پاھىشىلەر 411 نەپەر بولۇپ، كۆپ يىلدىن بۇيان تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىلمىگەن ناچار ھالەت ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلدى.

50-يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامانلىقنى ساقلاشنى-

نكى چارە كۆرۈش نىزامى»غا ئاساسەن ئاھالىلەر كومىتېتى قارىمىقىدا ئامانلىقنى ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا «تۆتتىن مۇداپىئەلىنىش» (ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئوغرىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش، جاسۇسلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش، تەبىئىي ئاپەت، ھادىسىلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش) نى مەركەز قىلغان ئاساستا ئامانلىقنى ساقلاشنى باشقۇرۇش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ باردى. ئۈچتىن بەشكىچە كىشى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئامما بىلەن ساقچىلار بىرلىكتە چارلاش ئېلىپ بېرىش، رايونلارنى بۆلۈپ كۆتۈرە ئېلىشنى يولغا قويدى. ھېيت-بايراملاردا ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى ئاممىنى تەشكىللەپ كوچا ۋە مەھەللىلەردە چارلاش ئېلىپ باردى. 1957-يىلدىن 1958-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە ئىككى رايون ئامانلىقنى ساقلاش ھەيئىتى 86 گە، ئامانلىقنى ساقلاش خادىمى 190 غا، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش-نازارەت قىلىش قاراۋۇلخانىسى بەشكە ، نازارەتچى خادىمى 41 نەپەرگە يەتتى. بۇلار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تۇرلۇك ئەنزىلىرىدىن 69 نى پاش قىلىشقا ياردەملەشتى. ئەنزىلەرگە مۇناسىۋەتلىك 562 يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. ئامانلىقنى ساقلاش ھەيئىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ماسلىشىپ نوپۇس تەكشۈردى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى تۈزدى. ئېقىپ يۈرگەنلەرنى يېزىغا قايتىپ كېتىشىگە سەپەرۋەر قىلدى. قاراۋۇللۇققا تەشكىللەپ بىخەتەرلىك پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقنى ئۈتۈقلۇق ھالدا قوغدىدى. ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتى گوشۇلەنىڭ خىزمەت نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەملىكەتلىك ئامانلىقنى ساقلاش ئىلغارلار ۋەكىللىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ماۋجۇشى، جۇئېنلەي زۇڭلى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، كۆپ ساندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ بىر يەرگە يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلدى ۋە ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەملىكەتلىك ئامانلىقنى ساقلاش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچى-لىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. جەمئىيەت ئامانلىقنى قوغداش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى مەركەز قىلغان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئاساسىي خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئارمىيە، ساقچى، ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن جەمئىيەت ئامانلىقنى قوغداش، بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، مۇداپىئە كۆرۈشنى ئاساس قىلغان ئامانلىقنى ساقلاش چارلاش قوشۇنى قۇرۇلدى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈش (ماگىزىن، بانكا، بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىلىرىنىڭ دىجورنىلىق ئەھۋالىنى) ، پوستا تۇرۇش (ۋەقە سادىر بولغان رايونلاردا پوستا تۇرۇش ۋە كۆزەتتە تۇرۇش) ، چارلاش (ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايون ۋە چەت رايونلارنى چارلاش) ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇردى. 1980-يىلى ليۇداۋان پەيچۇسوسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىڭ قېتىمدەك چارلاش ئېلىپ بېرىپ، تۇرلۇك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىدىن 413 نەپەر جىنايەتچىنى تۇتقان. بۇنىڭ ئىچىدە پاش قىلىنغان جىنايى ئىشلار ئەنزىسى 74 پارچە بولغان. 313 پارچە ئەنزە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەنگەن. ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي بىناسىدا «تۆتنى ھۆددىگە ئېلىش» (ھويلىلار ھويلىلارنى، مەھەللىلەر مەھەللىلەرنى، كوچىلار كوچىلارنى، ئورۇنلار ئورۇنلارنى ھۆددىگە ئېلىش) ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنغان بىخەتەرلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى يولغا قويۇلدى. كىنو، تىياتىرخانا، تانسىخانا، باغچا، ماگىزىن قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش تەرتىپى رەتكە سېلىندى. «ياردەملىشىپ تەربىيىلەش سىنىپى ياكى

مۇددىگە بېرىش» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يولدىن ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ياردەملىشىپ تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. 1982-يىلى مېھمانخانا ساھەسىدە «ئۈچ ئېنىق بولۇش»، «سەككىزدە سېلىشتۇرۇش»، «ئۈچ ئۆتكەلنى قاتتىق تونۇش»تەك ئۇسۇللار يولغا قويۇلدى. يەنى مېھمانلارنىڭ رەسمىيەت تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئېنىق كۆرۈش، ياتاقتا يېتىش تىزىملىكى ۋە مېھمانخانا تىزىملىكىگە ئېنىق يېزىش، كەلگەن يېرى ۋە بارىدىغان يېرىنى ئېنىق سوراش، ياتاقتا يېتىش سەۋەبىنى سېلىشتۇرۇش، كىنىشكىسى ۋە رەسىمىنى سېلىشتۇرۇش، يۇرتى ۋە تەلەپپۇزىنى سېلىشتۇرۇش، ياتاقدىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سېلىشتۇرۇش، مېھمانخانىدا ياتقۇچىلار بىلەن تەكشۈرۈشكە ياردەملەشكۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا گۇمان بار-يوقلۇقىنى سېلىشتۇرۇش، قاراۋۇل ئۆتكىلىنى، ھادىسە ئۆتكىلىنى، مال-مۈلۈك ئۆتكىلىنى قاتتىق تونۇشتىن ئىبارەت. ھەممىدە «ئۈچنى تەكشۈرۈش» (پەسىلگە ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالىغا ئاساسەن تاغ-ئورمانلارنى، چەت-ياقا جايلارنى، سىرتتىن كېلىدىغانلار ئاسان يوشۇرۇنىدىغان جايلارنى ئىنقىلاپ تەكشۈرۈش) قانات يايدۇرۇلدى. «تۆتنى تۈزىمش» (پۈتۈن رايونىمىزدىكى 15 كىنو- تىياتىرخانا، 12 تانسخانا، تۆت سىنئالغۇ قويۇش ئورنى، 28 قەھۋەخانىنى تۈزەش) ئېلىپ بېرىلدى. 1983-يىلى ئاز ساندىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار دائىم دوستلۇق كىنوخانىسىدا ئىسقىرتىش، ئاياللارغا چاقچاق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئاممىغا تەربىيە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈنۈملۈك ھالدا قوغدالدى. 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئورگان، ئورۇن، ئائىلىلەر بىلەن «ئامانلىقنى قوغداش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالاندى ھەممىدە «ئامانلىقنى ساقلاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇقتۇرۇشنامىسى»، «ئۆزگەرتىش تەكلىپنامىسى» تارقىتىلدى. بىخەتەرلىكنى ساقلاش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، «قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش»، «ئىنچىكىلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش»، «ئېغىر زەربە بېرىش»، «جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش»، «ئۈچتە زەربىدار بولۇش» (بىر مەزگىلدە مەلۇم بىر ئامانلىق ساقلاش مەسىلىسىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشىغا ئاساسەن ساقچى كۈچلىرىنى تەشكىللەپ، ۋاقتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەنزە پاش قىلىش كۈرىشى ياكى ئامانلىق ساقلاش تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇش) بويىچە ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشى يولغا قويۇلدى، ھەممىدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتەك يېڭى ۋەزىيەتكە ھەم ئادەم، ئىقتىساد، ماددىي ئەشيالارنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ چوڭ بولۇشىدەك يېڭى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، مۇرەككەپ ئامىۋى سورۇنلارغا بولغان ئامانلىقنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

## 3-پاراگراف جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە خەلق ھۆكۈمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تەكرار تەشۋىق قىلىپ تەربىيە بېرىشى ئارقىسىدا، «ئۈچ ئاپەت»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان كۆپ ساندىكى كىشىلەر كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن ئادەم بولۇشقا بەل باغلىدى. لېكىن ئاز ساندىكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان ۋە ساتىدىغان، قىمار ئوينايدىغان، پاھىشۋازلىق قىلىدىغانلار يامان ئادەتلەرنى ئۆزگەرتمەي، كوچىلاردا، سارايلاردا، كۆتۈۋېخانا، چايخانا قاتارلىق ئادەم جىق توپلاشقان مۇرەككەپ جايلاردا ياكى ئاز ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىدە قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئالاھىدە كەسىپ، ئورگانلارنىڭ ئىچكى قىسمى، ئائىلىلەر ئولتۇراقلاشقان ئورۇندىن ئىبارەت ئۈچ بازىدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى بېكىتتى. 1952-يىلى

1-، 2-، 3-، 5-شۆبە ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن، ساتقان جىنايەتچىدىن 784 ئادەمگە قاتتىق زەربە بېرىپ بىر تەرەپ قىلىپ، بىر تۈركۈم زەھەرلىك چېكىملىك ئەسۋابلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن.

1954-يىلى باخۇلياڭ، غالىبىيەت يولى، نەنگۈەن قاتارلىق يەتتە پەيچۇسونىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، پۈتۈن يىل ھەر خىل جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 400 پارچىنى رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق پاش قىلىپ، 603 جىنايەتچىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە قىمار ئوينىغانلاردىن 53 بولۇپ، 8.79% نى ئىگىلىگەن.

1958-يىلدىن كېيىن جىنايى ئىشلار ھەرىكەتلىرىدىن ئۆيلەرگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىش، ماشىنىدا يانچۇقچىلىق قىلىش ئەنزىلىرى كۆپەيدى. 1961-يىلى رايونىمىزدا يۈز بەرگەن ھەر خىل جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى 740 پارچە بولۇپ، پاش قىلىنغان ئەنزە 681 پارچە، پاش قىلىش نىسبىتى 92.03% بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق ئەنزىسى 637 پارچە بولۇپ، يۈز بەرگەن ئەنزە ئومۇمىي سانىنىڭ 86.08% نى تەشكىل قىلغان. پاش قىلىنغىنى 581 پارچە بولۇپ، پاش قىلىنىش ئومۇمىي سانىنىڭ 85.32% نى تەشكىل قىلغان. 681 جىنايەتچى بىر تەرەپ قىلىنغان. ئەنزە يۈز بەرگەن ئورۇندىن قارىغاندا، ئوغرىلىق ئەنزىسىنىڭ 506 پارچىسى زاۋۇت، كان-كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ماگىزىن، سودا-سېتىق ئورۇنلىرى ۋە كوچىلاردا، ئاھالىلەرنىڭ قورۇ جايلىرىدا يۈز بەرگەنلىرى ئوغرىلىق ئەنزىسىنىڭ 79.43% نى ئىگىلىگەن.

بىخەتەرلىك ئالاقە-تورلىرىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئەنزە سادىر قىلىش ۋاستىلىرى ھېلىگەر، خۇپىيانە تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىپ، بەزىلىرى ئىشتىن بۇرۇن ئورنىنى بىلىۋېلىپ ئارقىغا چۈشىدىغان، نىشاننى كۆزلىتىپ، پەيتنى تاللاپ، پۇرسەت بولسىلا ئوغرىلىق قىلىدىغان بولدى. 1962-يىلى ئىككى ئاققۇن رايونغا سوقۇنۇپ كىرىپ، تەرەپ-تەرەپتىن نىشاننى كۆزلىتىپ، ئەخمەتجان يولىدىكى ۋەكالەتەن سېتىش ئورنىدا زور مىقداردىكى قول سائەتنى قاتارلىق ماللارنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، ئۈچ كۈن كۆزلىتىپ بۇ ماگىزىندىكى خىزمەتچىلەرنىڭ پائالىيەت تەرتىپىنى بىلگەندىن كېيىن، 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ماگىزىندىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ يىغىن ئېچىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قۇلۇپىنى چېقىپ كىرىپ 22 دانە قول سائىتىنى ئوغرىلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ قىممىتى 6000 يۈەن بولۇپ، كېيىن تۇتۇلۇپ قولغا ئېلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كۆپ ساندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى خىزمەت ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتكەنلىكتىن ئەنزە پاش قىلىش ئۈنۈمى تەخمىنەن 34.8% بولغان. 1977-يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا كەينى-كەينىدىن قايتىپ كەلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىمۇ ياخشىلىنىپ، ئەنزە پاش قىلىش ئۈنۈمى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1978-يىلى ئەنزە پاش قىلىش نىسبىتى 1976-يىلدىكى 24.6% دىن 72.2% كە كۆتۈرۈلدى. مۇھىم چوڭ ئەنزىلەرنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 65.7% دىن 68.16% كە كۆتۈرۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىش جانلىنىپ ئاققۇنلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيدى. تۈرلۈك جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، قەست قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش قاتارلىق يامان خاراكتېرلىك مۇھىم چوڭ ئەنزىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوغرىلىق ئەنزىسىنىڭ كۆپىيىشى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981-يىلى 867 پارچە ئەنزە يۈز بېرىپ، 1980-يىلدىكى 649 پارچىغا سېلىشتۇرغاندا 33.59%

كۆپىيىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ياشلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1983-يىلى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەركىزىنىڭ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىدە قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رايونىمىز ئىچىدە سادىر بولغان جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك گۇرۇھى، قاتىللىق ئەنزىلىرىنىڭ گەۋدىلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىگە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ جەنىيگە بۆلۈپ، سەككىز قېتىم بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق ھەم تېز زەربە بېرىپ، زىيىنى چوڭ، تەسىرى يامان ئەنزىلەر بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشنى باشتىن ئاخىرى مۇھىم نۇقتا قىلدى. ۋاقتىدا رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىش جەنىيسىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، قاتىللىق ۋە نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىق مۇھىم چوڭ دېلولارنى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلدى، ۋېلىسىپىت ئوغرىلاش گۇرۇھىنى تېپىپ چىقتى. 96 لۈكچەكلەر گۇرۇھىنى بىتچىت قىلىپ، 440 ئادەمگە قاتتىق زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» مەزگىلىدە، تۈرلۈك جىنايەتچىلەردىن جەمئىي 1078 ئادەم قولغا چۈشۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى. 1983-يىلدىن 1986-يىل 8-ئايغىچە رايونىمىزدا جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىن 1835 پارچىسى يۈز بېرىپ، «قاتتىق زەربە بېرىشتىن» ئۈچ يىل ئاۋۋالقى 4372 پارچىسىغا سېلىشتۇرغاندا 138.26% چۈشتى.

1986-يىلى 9-ئايدىن 1987-يىلغىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى كۆپىيىپ قالدى. رايوندا 1451 پارچە ئەنزە يۈز بېرىپ، 1984-يىلدىن 1985-يىلغىچە يۈز بەرگەن 1133 پارچە ئەنزىدىن 28.07% كۆپەيگەن، چوڭ ئەنزىلەر 282 پارچە بولۇپ، يۇقىرى ئۆرلەش دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭ بولدى. 1984-يىلدىن 1985-يىلغىچە يۈز بەرگەن 204 پارچە ئەنزىدىن 87.25% ئۆرلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئوغرىلىق ئەنزىسى ئېخمۇ گەۋدىلىك بولدى. 1987-يىلى 91 پارچە ئەنزە يۈز بېرىپ، چوڭ ئەنزە سانىنىڭ 57.23% نى ئىگىلەپ، رايونىمىزدىكى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى بولۇپمۇ ئېغىر، ئالاھىدە ئېغىر ئەنزىلەر كۆپىيىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ نورمال تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزدى. لېكىن تيانشان رايونىدىكى بارلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىنىڭ تىرىشىشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جىنايەتچىلەرگە تېگىشلىك زەربە بېرىلدى. بۇ مەزگىلدە جەمئىي 5342 جىنايەتچىگە زەربە بېرىلدى ۋە ئۇلار بىر تەرەپ قىلىندى.

## 4-پاراگراف جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش

1981-يىلى دۆلەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تەربىيە، مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەمدە قانۇنىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشتىن ئىبارەت فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. تيانشان رايونى مىقياسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەي-

تىش ئۆچۈن، 1984-يىلى 10-ئايدا تيانشان رايونلۇق جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىدىن ئىككى نەپەر يولداشنى ئاجرىتىپ، كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلدى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇرۇمچى رايونىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1986-يىلى تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 2-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. 6000 پارچە ئىلغار ئىپلارنىڭ ماتېرىيالىنى بېسىپ تارقاتتى، خېيجاسەن ئاھالىلەر كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق 2-بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق 15 ئورۇن ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە كېڭەيتتى. 1987-يىلى رايون جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇلىدىغان خىزمەت قاتارىغا كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى بىخەتەرلىك تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. «ئۈچ توختامنامە» تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «ئائىلە بىخەتەرلىكىدىكى بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»دىن 36773 پارچە تارقىتىلدى. ئورۇنلار بىلەن «بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت توختامنامىسى»دىن 797 پارچىنى ئىمزالاپ، «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش تەكلىپنامىسى»دىن 51 نى تارقىتىپ، ئورۇن، ئاھالىلەرنىڭ قوغدىنىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئەنزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىپ، دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھەممە قارلىغاچلىق، تىنچلىق يولى رايونىدا «ئىككى باشلىق، ئىككى خادىم»نى (ھويلا باشلىقى، بىنا باشلىقى، بىرلەشمە مۇداپىئە كۆرۈش خادىمى، ئامانلىق ساقلاش كومىتېت خادىمى)نى ۋە «بىرنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش»، «تۆتنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش» (ئورۇنلار ئومۇمىيۈزلۈك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى بىلەن «بىخەتەر مەسئۇلىيەت توختامنامىسى»نى تۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى «ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتى، مەدەنىيەتلىك كوچا قۇرۇش، «بەشتە ياخشى» ئائىلە قۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش، خۇلاسىلەش، تەكشۈرۈش، بىرلىكتە باھالاش)تىن ئىبارەت بىخەتەرلىك قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بۇ ئارقىلىق قارلىغاچلىق رايونى ۋە تىنچلىق يولى رايونىدىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ يۈز بېرىش سانى 1986-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا %22.85 ۋە %27.1 تۆۋەنلىدى. 1987-يىلى پۈتۈن رايوندىكى 1492 چوڭ-كىچىك ئورگان، زاۋۇت، كان-كارخانا ئىچىدە پەيچۇسولار بىلەن بىخەتەرلىكنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىنى ئىمزالىغان ئورۇندىن 1190 ى بارلىققا كەلدى، بۇ ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ %79.76 نى ئىگىلىدى.

1987-يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ئەزاسى 64 نەپەرگە يەتتى. رەھبەرلىك گۇرۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، 10 ئادەم مۇدىرلىققا، 79 ئادەم خىزمەتچىلىككە قويۇلدى. رايونىمىزدا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى چوڭ ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانىلارمۇ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 318 نى قۇردى. خىزمەتچى خادىملار 943 كە يەتتى، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ

تۈزىشنى يولغا قويۇش پىلانىنى بېكىتتى. ئۆز تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئالاقىسىنى كۈچەيتتى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنى بىرلىك قىلىپ تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، تەربىيە بېرىپ ئۆزگەرتىش، قۇتقۇزۇپ قېلىش فاكتىنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولدىن ئازغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى قانۇن-پەرمانلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى خاتالىقىنى تۈزىش ۋە تۈزىتىشكە يېتەكلەپ ھەمدە ئائىلە باشلىقلىرىدىن بالىلىرىنىڭ ئىپادىسىنى، ئىدارىلەردىن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى ئىزدەپ، يېقىنقى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، «كېسەلنى تېپىپ دورا بېرىش» ئەھۋالى بويىچە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، سىياسىي جەھەتتىن كەمستمەي، خىزمەتتە يول بېرىپ، تۇرمۇشىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، روھىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1987-يىلى پۈتۈن رايوندىكى ياردەم بېرىش ئوبيېكتى 430 ئادەم بولۇپ، ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى 263 كە، ئادىمى 688 گە يەتتى. 392 ياش ئۆزگىرىپ قايتا جىنايەت سادىر قىلمىدى، ئۆزگىرىش نىسبىتى 91.16% گە يەتتى.

# 2-باب تەپتىش

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1957-يىل 11-ئاينىڭ 30-كۈنى بىرىنچى، ئىككىنچى رايوندا تەپتىش مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى ھەم ئىككى كادىر سەپلەندى. 1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلدى. بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدە كادىر ساقچىلاردىن 13 ئادەم بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەر ئالتە، ئايال يەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۈچ ئىدى.

1968-يىلى تەپتىش ئورگانلىرىغا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1973-يىل 3-ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1975-يىل 1-ئايدا ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىلىرىدە تەپتىش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئىدارىنىڭ قولىغا ئېلىش، ئەيىبلەش ئەنزىلىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈردى، تەپتىش ئورگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1979-يىل 11-ئايدا تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى بېجىرىش گۇرۇپپىسى، بىۋاستە رازۋېتكا قىلىش گۇرۇپپىلىرى تەسىس قىلىندى. 1981-يىلى رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدە تەپتىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1985-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمى، تۈرمە تەپتىش بۆلۈمى، ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى، قانۇن-ئىنتىزام تەپتىش بۆلۈمى ۋە ئىشخانا قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 1987-يىلى كادىر ساقچىلىرى 53 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 39، ئاياللار 13 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر 14.

### تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى خادىملىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

1ـ1ـ2ـ15 جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي ئادەم سانى | تەپتىش باشلىقلىرى | تەپتىش خادىملىرى | ياردەمچى تەپتىشلەر | خادىم بولغۇچىلار (كاتىپ) | باشقىلار | ئايال كادىرلار | مىللىي كادىرلار | پارتىيە ئەزالىرى | ئىتتىپاق ئەزالىرى | ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار | تولۇق ئوتتۇرا، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتلىقلار | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار | باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتلىقلار | تەربىيەلەنگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 7 | 3 | | 1 | 3 | | 2 | 2 | 4 | 1 | | 1 | 6 | | 1 |
| 1960 | 13 | 1 | 1 | 4 | 6 | 1 | 7 | 3 | 7 | 4 | 1 | | 12 | 1 | |
| 1963 | 11 | 1 | 3 | 5 | 2 | 6 | 2 | 7 | 3 | 1 | | 10 | | 2 | |
| 1968 | 12 | 1 | 5 | 3 | 2 | 1 | 4 | 3 | 8 | 3 | 3 | 1 | 8 | | 2 |
| 1979 | 14 | 2 | | | | 12 | 3 | 4 | 9 | 2 | | 6 | 8 | | |
| 1983 | 35 | 2 | 5 | 18 | | 10 | 7 | 7 | 21 | 9 | | 17 | 17 | 1 | |
| 1985 | 46 | 2 | 7 | 19 | 15 | 3 | 11 | 13 | 22 | 15 | 1 | 28 | 16 | 1 | 20 |
| 1987 | 53 | 3 | 14 | 30 | | 6 | 14 | 14 | 24 | 18 | 9 | 25 | 5 | 1 | 22 |

## 2ـ پاراگراف جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئورگانلار، دۆلەت ئورگىنى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا تەكشۈرۈپ سوت قىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇش-بولماسلىقى ئۈستىدە نازارەتچىلىك يۈرگۈزدى. 1957ـ يىلدىن 1967ـ يىلغىچە تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئاساسلىق قىلىپ بىر قىسىم تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەشنى سۈنئىشتەك ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىجىردى.

**بىرىنچى، قولغا ئېلىش ۋە ئەيىبلەش**

رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958ـ يىلى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى توققۇز ئەنزىدىكى توققۇز كىشىنى قولغا ئېلىش ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشنى تاپشۇرغاندىن باشقا، قولغا ئېلىش ئەنزىلىرىنى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. 1961ـ يىلى 5ـ ئايدا شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى يوللىغان 141 ئەنزىدىكى 179 نەپەر جىنايەتچىنى قولغا ئېلىش ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 106 جىنايەتچىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى. بۇ قولغا ئېلىشقا يوللىغان ئومۇمىي سانىنىڭ 59% نى تەشكىل قىلدى، 57 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىمىدى، بۇ ئومۇمىي يوللىغان سانىنىڭ 31.8% نى ئىگىلىدى، قالغانلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تولۇقلاپ رازۋېتكا قىلىشىغا قايتۇرۇپ

بېرىلدى.

1962-يىلدىن 1963-يىلغىچە شەھەرلىك پارتكومنىڭ «تېجەشلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، چىقىمنى ئازايتىش، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىش» ھەمدە «ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ئاممىغا تايىنىپ دىكتاتورا يۈرگۈزۈش فاڭجېنى ۋە ئاز قولغا ئېلىپ، ئاز ئېتىش، ئاز كېسىم قىلىش سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قولغا ئېلىش، ئەيىبلەشنى قانات يايدۇردى، 55 ئەنزىدىكى 63 ئادەمنى قولغا ئېلىش ئەنزىسىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 38 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، توققۇز ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىماي، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تولۇقلاپ تەكشۈرۈشكە قايتۇرۇپ بەردى؛ 425 ئەنزىدىكى 641 ئادەمنىڭ ئەيىبلەش ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ، 224 ئەنزىدىكى 348 ئادەمنى ئەيىبلىدى، بۇ 1960-يىلدىن 1961-يىلغىچە بولغان ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا %25.7 چۈشكەن. جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى 1961-يىلدىن %40 چۈشكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئېقىپ يۈرگۈچىلەر ۋە قىسقارتىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 1962-يىلدىكى %44.9 تىن 1963-يىلى %15.2 كە چۈشكەن. «تۆت خىل» ئۇنسۇرلار ۋە «ئىككى ئەمگەك» (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش)تىن قويۇپ بېرىلگۈچىلەر ھەمدە چىقىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى 1962-يىلدىكى %12 تىن 1963-يىلى ئۆرلەپ %80 كە چىققان.

1966-يىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي قانۇن خىزمەت يىغىنى سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە قارىتا «ئاممىغا تايىنىپ دىكتاتورا يۈرگۈزۈش، ئاز قولغا ئېلىش، ئاز كېسىش، زىددىيەتنى يۇقىرىغا يوللىماسلىق»تىن ئىبارەت كونكرېت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، 14 ئەنزىدىكى 14 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەتتە ئەنزىدىكى يەتتە ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى. ئەيىبلەشكە سۇنۇلغان 69 ئەنزىدىكى 88 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 50 ئەنزىدىكى 64 ئادەمنى ئەيىبلەشنى قارار قىلدى.

تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى 1979-يىلى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1980-يىل «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جىنايى ئىشلار تەپتىشلىك خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم قانۇن بويىچە ئەنزە بېجىرىش يولىغا سېلىندى. 1981-يىلى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈپ بەردى. 1982-يىلى مەركەزنىڭ «شەھەر ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىپ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش» يوليورۇقىغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى سوت مەھكىمىلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. 1982-يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى 88 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 74 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە خىل جىنايەتچىلەر (قاتىل، ئوت قويغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، پارتلاتقان ھەمدە ئېغىر دەرىجىدە جەمئىيەتكە زىيان سالغان نەق جىنايى ئۇنسۇرلار) 27 ئادەم بولۇپ، تۇتۇلغان ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ %36.5 نى تەشكىل قىلدى. 12 ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلانمىدى. 1983-يىلى پۈتۈن رايوندىكى جىنايى ئەنزىلەردىكى قولغا ئېلىنغان سان 1980-يىلدىكى 140 ئادەمدىن 423 ئادەمگە كۆپەيدى. شۇ يىلى 8-ئايدا مەركىزىي كومىتېت «ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدا قارار»نى چىقاردى ھەمدە «ئۈچ يىلنى ئۈچ جەڭىيى قىلىپ قاتتىق، تېز زەربە بېرىپ، بىر قېتىمدىلا تورغا چۈشۈرۈش»

تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەركىزىي ۋەزىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ %90 تىن ئارتۇق خادىمنى تەشكىللەپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت ئېلىپ باردى ھەمدە «ئەمەلىيەتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپى ۋە «مەخسۇس خادىملار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، باش تەپتىش قارار چىقىرىش» ھەمدە «ۋاقتىدا تەييارلىق كۆرۈش، قەرەللىك قايتا تەكشۈرۈش» قاتارلىق ئەنزە بېجىرىش تۈزۈمىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ئىشلىدى. قولغا ئېلىش مىقدارى كۆپ، ۋاقىت قىس بولۇش، كادىرلار كۈچى يېتىشمەسلىكتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن «بەشتە ئالدىن بولۇش»، «ئۈچتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش»، «تۆتنى بېكىتىش»تىن ئىبارەت ئەنزە بېجىرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. «بەشتە ئالدىن بولۇش» دېگەنلىك، ئالدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا بېرىپ قولغا ئېلىشنى يوللىغان ئەھۋاللارنى ئىگىلەش، ئالدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ رازۋېتكا قىلىش، تىرگاۋ قىلىش پائالىيەتلىرىگە ئالدىن قاتنىشىش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا بېرىپ ئالدىن ئەنزە ئارخىپىنى كۆرۈش، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا ئالدىن تولۇقلاپ، ئالدىن رازۋېتكا قىلىش تەكلىپىنى بېرىش، ئېغىر دەرىجىدە كېسىم كېسىلىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئالدىن تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. «ئۈچتە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش» دېگەنلىك ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇھىم ئەنزىلەرنى ئالدىن بېجىرىش، ئەق جىنايى ئەنزىلەرنى ئالدىن بېجىرىش، ئۈچۈق سوت ئەنزىلىرىنى ئالدىن بېجىرىشتىن ئىبارەت. «تۆتنى بېكىتىش» دېگەنلىك، خادىملارنى، ۋەزىپىنى، سۈپەتنى، قەرەل ۋاقتىنى بېكىتىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت. يۇقىرىدىكى ئۇسۇللار ئەنزە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەنزە بېجىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە پائال رول ئوينىدى. شۇ مەزگىلدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسىدىن بىر ئەنزە، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەنزىسىدىن بىرسى، پىچاق كۆتۈرۈپ ئۆسمۈر قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش ئەنزىسىدىن ئىبارەت بىر قاتار چوڭ ۋە مۇرەككەپ ئەنزىلەر سادىر بولغانىدى. تەپتىش مەھكىمىسى مۇددەتتىن بۇرۇن، بىۋاسىتە رازۋېتكا قىلىپ تىرگاۋ قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئەنزە سادىر بولغان ئەق مەيدانغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي ئاساستا ئەھۋال ئىگىلىدى. بۇ ئارقىلىق ئەنزە پاكىتىنى تېزلىك بىلەن ئىگىلەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قولغا ئېلىش توغرىلىق ئىلتىماس سۇنغان شۇ كۈنى، تەپتىش مەھكىمىسى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ قارار چىقاردى. قاتىللىق ئەنزىسى بەش كۈن ۋاقىت ئىچىدىلا ئەيىبلەپ سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلدى. باسقۇنچىلىق ئەنزىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئەيىبلەشنى سۇنغان كۈننىڭ ئەتىسىلا سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇلدى.

1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە جەمئىي قارار قىلىپ قولغا ئالغان تۆرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىدىن 605 نى قولغا ئالغان، 735 ئادەمنى ئەيىبلەشنى قارار قىلغان، 54 ئادەمنى ئەيىبلەشنى بىكار قىلغان، سەككىز ئادەمنى ئەيىبلىمىگەن، سەككىز ئادەمنى ئەيىبلەشكە ئېتىراز بىلدۈرگەن.

1987-يىلى «قاتتىق، تېز زەربە بېرىش» فاڭجېنى داۋاملىق تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قولغا ئېلىشنى يوللىغان جىنايەتچىلەر 393 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %63.1 ئاشقان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا ئېلىشنى تەستىقلىغىنى 319 ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %59.68 ئاشقان، 74 ئادەمنى قولغا ئېلىش تەستىقلانمىغان، جىنايەتچىلەر ئىچىدە قاتىللىق ئەنزىسى بىلەن قولغا ئېلىنغىنى توققۇز كىشى بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %11.11 ئاشقان؛ باسقۇنچىلىق جىنايەتچىلىرى 48 ئادەم بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %60.4 ئاشقان؛ ئوغرىلىق قىلىش جىنايەتچىلىرى 154 ئادەم

بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 66.67% ئاشقان؛ لۈكچەكلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگىنى 20 ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% ئاشقان؛ زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر يەتتە ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.3% ئاشقان؛ ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر 19 ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 84.2% ئاشقان. قولغا ئېلىنغان ھەر خىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى 106 ئادەم بولۇپ، قولغا ئېلىنغان ئادەم سانىنىڭ 33.2% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 56.61% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغىنى تۆت ئادەم. شۇ يىلى توغرا قولغا ئېلىنىش نىسبىتى 100% بولغان.

1983-يىلدىن 1987-يىلغىچە سوت مەھكىمىسىگە 957 پارچە ئەيىبلەش سۇنۇلغان، ئاساسلىقى ئوغرىلىق، زەخمە يەتكۈزۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش، لۈكچەكلىك، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەنزىلىرى كۆپ بولۇپ، ئوغرىلىق ئەنزىلىرى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغان.

## ئىككىنچى، سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش ۋە سوت قىلىشنى نازارەت قىلىش

رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ 1966-يىلغىچە ئادەم كۈچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، بولۇپمۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدا تەكشۈرۈش خادىملىرى، تەپتىش خادىملىرى، سوتچىلار ئەنزىلەرنى بىرلىشىپ بىر تەرەپ قىلغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى ئەنزىلەرنى سوتقا چىقىپ ئەيىبلەش قوللاپ قۇۋۋەتلەنمىگەندى. شۇ مەزگىلدە ئەيىبلەشكە سۇنۇلغان ئەنزە 1093 پارچە بولۇپ، سوتتا ئەيىبلەنگىنى 275 پارچە، سوتقا چىقىش ئۈنۈمى 25.16% نى ئىگىلىگەن. 1980-يىلى «ئىككى قانۇن» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، جىنايى ئىشلار تەپتىش كادىرلىرى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز خۇلاسىلاپ، ئۆزئارا ئۆرنەك قىلىپ، سىرتقا چىقىپ ئەيىبلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە سوت مەھكىمىسىگە 1352 پارچە ئەنزىدىكى 1762 ئادەم ئۈستىدە ئەيىبنامە سۇنۇپ، ھەممىسىدە سوتقا چىقىپ، سوتقا چىقىش ئۈنۈمىنى 100% كە يەتكۈزدى.

سوت مەھكىمىسىگە بولغان سوت نازارەتچىلىكىدە، ئاساسەن سوتقا سىرتتىن قاتناشقان، سوت قىلىش كومىتېتى ئارقىلىق سوت قىلىپ كېسىم قارار قىلغان ياكى كېسىم ئۈستىدە ئەرز سۇنغان، سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش تەرتىپلىرى داۋامىدا بايقالغان سوت مەھكىمىسىنىڭ بەزى بىر قىسىم جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەلەپ دەۋاسى دىمەي قاراپ مۇرەسسە قىلغان ياكى ھۆكۈمدە خاتا بولۇپ قېلىش، مۇددەت-قەرەلنى ئاشۇرۇپ يىل كېسىشتەك مەسىلىلەر ئۈستىدە قانۇن بويىچە قانۇنسىز ئىشلارنى تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە سوتقا ئېتىراز بىلدۈرۈش شەكىللىرى ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تەلىپىنى ئايرىم-ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ بىر تۇتاش يولغا قويۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1983-يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى داۋامىدا تەپتىش مەھكىمىسى سوت نازارەتچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، سوتقا چىقىپ ئەيىبلەش ۋە كېسىم چىقىرىشنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوتنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە، سوت مەھكىمىسى كېسىم قىلغان 354 پارچە ھۆكۈمگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، سەككىز ئادەمگە چىقىرىلغان ھۆكۈم مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقتىدا ئېتىراز بىلدۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جىنايەت قىلمىشى ھاسىل بولغان ياكى جىنايى قىلمىشى سادىر بولغان بولسىمۇ قىلمىشى يېنىك بولۇپ قانۇن بەلگىلىمىلەردە جازا كۆرۈش ھاجەتسىز بولغان بولسا ياكى كەچۈرۈم قىلىش ئىمكانىيىتى بولغانلىرى ئۈستىدە قەتئىي ئەيىبلىمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغدىدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش پائالىيىتىدە ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىغا قارىتا ئېغىزچە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدە، «قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىش تەكلىپنامىسى»دىن بەش پارچە چىقاردى.

### تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش ۋە ئەيىبلەش دېلولىرىنى بىجىرىش ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

15-2-2-1 جەدۋەل

| يىللار | تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش | | | | | | تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قولغا ئېلىشقا يوللىغانلىرى | قولغا ئېلىشنى تەستىقلىغانلار سانى | يەتتە خىل جىنايەتچىلەر سانى | قولغا ئېلىنمىغانلار سانى | ئ ج ئۆزگەرتكىنى قايتۇرۇۋالغىنى | بېلى ئۆتۈشمەس جىنايەتچىلەر | ئەيىبلەشكە يوللىغىنى | | ئەيىبلىگىنى | | ئەيىبلىمەي كېچۈرۈم قىلغىنى | | ئەيىبلىمىگىنى | | ئەيىبلەشنى قايتۇرۇۋالغىنى | | كېسىم قىلغىنى | جازالىق كېچىكتۈرۈلگەنلەر | گۇناھسىزلار | سوتقا قاتناشقانلار | ئېتىراز بىلدۈرگەنلەر |
| | | | | | | | ئەنزە | ئادەم | ئەنزە | ئادەم | ئەنزە | ئادەم | ئەنزە | ئادەم | ئەنزە | ئادەم | | | | | |
| جەمئىي | 1376 | 1039 | 106 | 276 | 120 | 46 | 1007 | 1708 | 945 | 1311 | 56 | 88 | 9 | 35 | 61 | 60 | 838 | 87 | 22 | 910 | 4 |
| 1958 | 10 | 9 | | | 1 | | 16 | 16 | 16 | 16 | | | | | | | 14 | 2 | | 3 | 4 |
| 1961 | 179 | 106 | | 52 | 21 | | 180 | 208 | 176 | 204 | 1 | 1 | 2 | 2 | 1 | 1 | 186 | 10 | 8 | 62 | |
| 1966 | 14 | 7 | | 5 | 2 | | 69 | 88 | 50 | 64 | 2 | 4 | 1 | 2 | 15 | | 46 | 12 | 6 | 16 | |
| 1980 | 161 | 140 | | 16 | 21 | | 170 | 284 | 122 | 204 | 12 | 22 | 1 | 2 | 13 | 16 | 161 | 15 | 3 | 90 | |
| 1982 | 88 | 74 | 27 | 12 | 14 | 46 | 121 | 193 | 94 | 144 | 9 | 20 | 1 | 2 | | | | | | 90 | |
| 1984 | 283 | 199 | | 57 | 23 | | 260 | 364 | 179 | 241 | 28 | 31 | | | 32 | 43 | 324 | 21 | 4 | 175 | |
| 1986 | 248 | 185 | 79 | 60 | 38 | | 191 | 281 | 134 | 176 | | | | | | | 107 | 27 | 1 | 124 | |
| 1987 | 393 | 319 | | 74 | | | | 274 | 174 | 262 | 4 | 10 | 4 | 7 | | | | | | 350 | |

## 3-پاراگراف قانۇن-ئىنتىزام تەپتىشلىكى

تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتەك چوڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ۋە ساتقىنلىق قىلمىشلىرى ھەمدە دۆلەت خىزمەتچىلىرى ياكى باشقا گراژدانلارنىڭ، گراژدانلىق دېموكراتىك ھوقۇقىغا، كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىشتەك جىنايى ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە قانۇن بويىچە تەپتىشلىك ئېلىپ باردى.

1951-يىلدىن 1957-يىلغىچە قانۇن-ئىنتىزامنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى «ئادەتتىكى نازارەتچىلىك» باشقۇرۇش تەۋەسىگە كىرمەيتى. 1958-يىلدىن كېيىن «ئادەتتىكى نازارەت قىلىش» قالدۇرۇلۇپ قانۇن-ئىنتىزامنى تەپتىش قىلىش «ئۆز ئۆزىنى تەكشۈرۈش» ئىنزە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1979-يىل تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش گۇرۇپپىسىدا قانۇن-ئىنتىزامنى تەپتىش قىلىش خادىملىرى سەپلىنىپ، ئاساسلىق قىلىپ گراژدانلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا، كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئىنزىلەر-

نى تەپتىش قىلدى. 1980-يىلى «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن-ئىنتىزامنى تەپتىش قىلىش كەسپىنى مەخسۇس قۇرۇپ چىقتى.

1982-يىلى تاپشۇرۇپ ئالغان قانۇن-ئىنتىزام ئەنزىلىرىنىڭ يىپ ئۇچى ئالتە ئەنزە بولۇپ، بىر ئەنزىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئەنزىسى تۇرغۇزۇلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىندى. 1985-يىلى قانۇن-ئىنتىزام ئەنزىسىدىن 34 پارچىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئەنزە تۇرغۇزۇپ ئىككى ئەنزىدىكى ئۈچ ئادەم تەكشۈرۈلۈپ بىر ئادەم قولغا ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەيىبلەنگەن بىر ئەنزىدىكى ئىككى ئادەم، بىر ئەنزىدىكى بىر ئادەمنىڭ ئەيىبلىنىشى كەچۈرۈم قىلىندى. قالغان 32 پارچە ئەنزە باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىندى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە سىياسىي ئىنتىزام بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. بىر خەت-چەك تاپشۇرۇۋالغۇچى 900 دىن كۆپرەك خەت-چەكنى يوشۇرغان، 1675 پارچە گېزىت-ژۇرنالنى يوشۇرغان، ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەيىبلەنىپ ئوچۇق سوت قىلغان، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلىگۈچى خادىمى 800 دىن ئارتۇق كىشى سىرتتىن قاتناشقان ئوچۇق سوتتا ئەيىبلەشنى قوللاپ، جىنايەتچىنىڭ قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلاپ، سوت يىغىنىدا ئەنزە ئارقىلىق قانۇن-تۈزۈم ۋە تەپتىش كەسپىنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇن ئىنتىزام تەپتىشلىكىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەن.

1987-يىلى قانۇن-ئىنتىزامنى تەپتىش قىلىشتا، ئەنزە بېجىرىش ھەم جىنايەتنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈردى. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، ئورۇنلاردا ساقلىنىپ قالغان خەتەرلىك ئامىللارنى بايقىغان ھامان، دەرھال تەكشۈرۈش تەكلىپنامىسى ئەۋەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدارىسى، شىنجاڭ خىمىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ ھەربىرىگە تەكشۈرۈش تەكلىپنامىسىدىن بىردىن ئەۋەتتى. ئەنە شۇنداق بىخەتەرلىك مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشمىگەن، ئەمگەك ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ، دائىم ۋەقە تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئەمگەك ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بەردى، شىنجاڭ خىمىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىدا بىر مەزگىل تۈزۈم مۇكەممەل بولمىغان، بەزى ئىشچىلار خىزمەت ۋاقتىدا خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلارغا بېرىپ قارتا ئويناپ، خىزمەت ۋاقتىدا ۋەقە سادىر بولسا، مەسئۇلىيەت ئارتىلىشىدىن قورقۇپ قاپقاق ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، سۇيۇقلۇق گازلارنى ھاۋاغا قويۇۋېتىپ بەرگەنلىكتىن خىمىيىلىك ئوغۇتلارنىڭ مىقدارى تۆۋەنلەپ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن، زاۋۇت 1986-يىلغىچە 85 مىليون يۈەن زىيان تارتقان، بۇنىڭ ئىچىدە 1986-يىلى 21 قېتىم چوڭ ۋەقە يۈز بېرىپ، زىيان 8 مىليون 560 مىڭ يۈەن بولغان، بۇ ئەھۋالغا قارىتا 1987-يىلى 9-ئايدا دېلو بېجىرگۈچى خادىملار شىنجاڭ خىمىيىلىك ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا زاۋۇتنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەملىشىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ قانۇنغا رىئايە قىلىش تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. زاۋۇت ئەمگەك ئىنتىزامىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ يازما قارارىنى ۋاقتىدا چىقاردى، ھەم ھەرقايسى سېخلارغا تارقاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇتنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 10-ئايدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى زور مىقداردا ئېشىپ، 11-ئايغىچە زاۋۇتنىڭ پايدىسى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى.

قانۇن-ئىنتىزام تەپتىشلىكى يەنە ھوقۇق مەنپەئەتكە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش، بىخەستىلىك قىلىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى زور كۈچ بىلەن

راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئورگاننىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇنىي ۋاسىتىلارنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈردى. ئالدى بىلەن ئارخىپ كۆرۈپ، ئاندىن تەكشۈرۈشتەك پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، تېزلىك بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، ئىسپاتلارنى تېزلىك بىلەن ئىگىلەپ، ئەنزە تۇرغۇزۇپ ئەيىبلەش ئېلىپ باردى. 1987-يىلى قانۇن-ئىنتىزام ئەنزىسىدىن 36 پارچە، 37 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەنزىدىكى 18 ئادەمنى ئەنزە تۇرغۇزۇپ ئۈچ ئەنزىدىكى بەش ئادەم ئۈستىدە ئەيىبلەش ئېلىپ باردى، سەككىز ئەنزىدىكى 10 ئادەمنىڭ ئەيىبلىنىشى كەچۈرۈم قىلىنىپ ئىككى ئادەمنى قولغا ئالدى.

## 4-پاراگراف ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

1957-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پارىخورلارنى جازالاش نىزامى» بويىچە ئەنزە تۇرغۇزۇپ ئەيىبلەش ئېلىپ بېرىشتا، 500 يۈەندىن ئاشقان ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرى ئۈستىدە ئەنزە تۇرغۇزۇلدى. شۇ مەزگىلدە تەپتىش كادىرلىرى ئاز، ئەنزىلەر كۆپ بولغاچقا ئاممىۋى لۇشيەن بويىچە ئەنزە بېجىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، تەپتىش كادىرلىرى ئەنزىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە تەلەپنى ئەنزە سادىر بولغان ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشكە چۈشۈرۈپ بېرىپ، تەپتىش قىلىپ تەكشۈرۈش ئۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى، گۇمانلىق، مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى ۋە ئەيىبلەنگۈچىنى ئامما ئارىسىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈپ مۇنازىرىگە تەشكىللەپ، ئاممىغا تايىنىپ پاكىتنى ئېنىقلاپ جىنايەتچىلەرنى بويسۇندۇردى. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدىكى ئەنزىلەرنى بەزى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، تەپتىش خادىملىرى مەسئۇل بولۇپ ئاساسلارنى توپلاپ، تەكشۈرۈپ خۇلاسىلاپ ئەنزە بېكىتىپ، ئەيىبلەشكە بولۇش-بولماسلىق ھەققىدە قارار چىقاردى. ئاختۇرۇشقا، قولغا ئېلىشقا توغرا كەلگەنلەرنى تەپتىش مەھكىمىسى ئىجرا قىلدى. 1958-يىلدىن 1960-يىلغىچە قاراپ چىقىپ قوبۇل قىلىنغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، بۇلاڭچىلىق ۋە ئېغىر دەرىجىدە قانۇن ئىنتىزامنى بۇزغانلار ئەنزىلىرى 509 پارچە بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 364 پارچە ئەنزە تۇرغۇزۇلدى، 235 ئادەم قولغا ئېلىندى.

1962-يىلى تەپتىش مەھكىمىسى ئۈچتىن بىر تەپتىش كادىرىنى ئاجرىتىپ، پۇل-ماللارنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلارغا چۆكۈپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەشتى. 1963-يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا قاراپ چىقىپ قوبۇل قىلىنغان ئەنزە جەمئىي 68 پارچە 77 ئادەم، بۇنىڭدىن تۇرغۇزۇلغان دېلو 60 پارچە 65 ئادەم؛ ئەيىبلەنگەن دېلو 27 پارچە، 29 ئادەم؛ قولغا ئېلىنغىنى 22 ئادەم، قايتۇرۇۋېلىنغان ھارام پۇل 50 نەچچە مىڭ يۈەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەن ۋاڭ مىڭياڭنىڭ خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. جىنايەتچى ۋاڭ 1949-يىلى شاڭخەيدە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقتىن قاماق جازاسى بېرىلىپ، شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىدا جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن شۇ مەيداندا قالدۇرۇلغان. 1958-يىلدىكى زور كۈچ بىلەن يەرلىك سانائەت قۇرۇش ۋاقتىدا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تيانشان چىرمىتال زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇۋېلىپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مېھمان چاقىرىپ سوۋغا سۇنۇپ، تۈرلۈك ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ خۇشامەتچىلىك قىلىپ كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى چىرىكلەشتۈردى ھەم «تيانشان چىرمىتال زاۋۇتى» ۋىۋىسكىسى بىلەن ئۆزىنى تۈەن دەرىجىلىك كادىر دەپ كۆرسىتىپ، مەركەزدە بىرىنچى دەرىجىلىك تارماقلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىچكى ماتېرىياللاردىن 80 پارچىدىن ئارتۇقراقىنى ئوغرىلاپ، شاڭخەي، نەنجىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا ئالدامچىلىق قىلىپ، نەق پۇلنى ئىشلىتىپ ھېساباتقا كىرگۈزمەي ھۆججەت ياساپ، باشقىلارنىڭ نامىنى

قايتىدىن سۇيىئىستېمال قىلىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ 125 مىڭ 700 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى خىيانەت قىلىپ، ئوغرىلاپ، ھارام پۇلغا ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەك، قىممەت باھالىق مال، كەم ئۇچرايدىغان دورىلارنى سېتىۋالغان، بەدخەجلىك قىلىپ راھەتكە بېرىلگەن. يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 10 ئايال بىلەن ئاشنا بولۇپ ئويناپ، ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، مەزكۇر جىنايەتچى كېيىن شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئېيبلىنىپ، ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى (1970-يىلى 3-ئايدا «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغان) تەرىپىدىن قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق كەڭ كادىر ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىلگەن. 1963-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى يىغىن زالى ۋە شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زالىدا ئىككى قېتىم بۇ ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك جىنايى پاكىت، زاڭ ماللار كۆرگەزمە قىلىندى، مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ليۇلەنتاۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىقلار كۆرگەزمىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

1963-يىلدىن 1967-يىلغىچە مەملىكەتلىك ئالتىنچى قېتىملىق باش تەپتىشلەر يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن تەپتىش خىزمىتى «تۆتنى ئىنقىلاش»، «سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە» ھەرىكەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلىپ، ئېغىر دەرىجىدىكى قانۇنغا خىلاپ، ئىنتىزامسىزلىق قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تۆت نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ شەھەرنىڭ سوتسىيالىستىك تەلىم تەربىيە مەخسۇس ئەنزە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. تەربىيە قىلىش، چارە كۆرۈشنى قوشۇمچە قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك تەلىم تەربىيە سىياسىتى ئىجرا قىلىندى، كۆپ ساندىكى چوڭ ئەنزىلەر شەھەرنىڭ بىر تۇتاش كەڭچىلىك قىلىش ياكى قايتا ئېغىر بىر تەرەپ قىلىش بويىچە ئۇچۇق بىر تەرەپ قىلىندى، تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئاز ساندىكى ئادەتتىكى ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى.

تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن تارتىپ 1980-يىلغىچە تۇرغۇزۇلغان ئىقتىسادىي ۋە قانۇن-ئىنتىزام ئەنزىلىرى 23 پارچە بولۇپ (قانۇن-ئىنتىزام دېلوسى 17 پارچە، ئىقتىسادىي ئەنزە ئالتە پارچە)، ئەيىبلەنگىنى ئىككى پارچە، ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى ئىككى پارچە بولدى.

1982-يىلى 3-ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «ئىقتىسادىي ساھەلەرگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە قاتتىق چارە كۆرۈش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلدى، رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى سەككىز كادىرنى ئاجرىتىپ، ئېغىر دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. 1984-يىلغىچە ھەرخىل تۈردىكى ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن 26 پارچە 32 ئادەمنى تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئەنزە بەش پارچە ئالتە ئادەم، قولغا ئېلىش قارار قىلىنغىنى 19 ئادەم، ئەيىبلەنگىنى 21 ئەنزە 24 ئادەم بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ 120 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنى قايتۇرۇۋېلىندى. 1985-يىلى ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن 47 ئەنزە، 55 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكى 29 ئىقتىسادىي ئەنزىنىڭ 1.62 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، 20 ئەنزىدىكى 25 ئادەمنىڭ (10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ ئەنزە بەش پارچە توققۇز ئادەم) دېلوسى تۇرغۇزۇلۇپ، 12 ئەنزىدىكى 17 ئادەم ئۈستىدە ئەيىبلەش ئېلىپ بېرىلدى. 11 ئادەمنىڭ ئەيىبلىنىشى كەچۈرۈم قىلىندى، 3 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ماكرولۇق باشقۇرۇش تەدبىرى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانچا مەكەممەل ئەمەس

ئىدى. بىر قىسىم جىنايەتچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىپ، پارىخورلۇق ۋە ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن شۇغۇللاندى. مۇشۇ مەزگىلدە تەپتىش مەھكىمىسى ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن 283 پارچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 145 ئەنزىدىكى 190 ئادەمنىڭ دېلوسىنى تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ ئەنزىلەر 29 پارچە بولۇپ، تۇرغۇزۇلغان ئەنزىلەرنىڭ 20%نى ئىگىلىگەن، مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ئەنزە بىر پارچە، بىر ئادەم؛ ئۈچ ئادەمگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ماگىزىننىڭ دىرېكتورى 1984-يىلى 7-ئايدىن 1985-يىلى 6-ئايغىچە ئومۇمەن 153 مىڭ يۈەن پۇلنى خىيانەت قىلغان، 278 مىڭ يۈەننى ئالداپ ئېلىۋالغان بولۇپ، شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى. يەنە سىرت ناھىيىدىن كەلگەن يېزا ئىگىلىكى ئىشچىسى خىزمىتىدىن ۋاقىتىنچە توختىتىلغاندىن كېيىن، 1985-يىلى 7-ئايدىن 1987-يىلى 7-ئايغىچە يالغاندىن مال زاكاس قىلغۇچى خادىم بولۇۋېلىپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلاردا ئېقىپ يۈرۈپ، ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئالدامچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 1 مىليون 365 مىڭ يۈەننى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈۋالغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

1987-يىلى 8-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى «پۈتۈن شەھەر مىقياسىدا ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىسى 119 پارچىگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50% ئېشىپ كەتتى، 72 پارچە ئەنزىدىكى 94 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى تۇرغۇزدى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 73.6% ئېشىپ كەتتى، 17 نەپەر جىنايەتچى سىياسەت ۋە قانۇننىڭ چاقىرىقى ئاستىدا رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىگە كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى ھەمدە خىيانەت قىلغان، ھايانكەشلىك قىلغان جىنايىتىنى تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالتە جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى ئاشكارىلاپ پاش قىلدى. ئۈزلۈكسىز تۈردە سىياسىي ھوقۇقنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرىدا يېڭى جىنايى ئەنزىدىن 13 پارچە ئەنزە قېزىپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى قىسمەن يىللاردا بىجىرگەن ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى جەدۋەل

15-2-4-1 جەدۋەل

| يىللار | قوبۇل قىلىنغان (پارچە) | قوبۇل قىلىنغان (ئادەم) | تۇرغۇزۇلغان ئەنزە (پارچە) | تۇرغۇزۇلغان ئەنزە (ئادەم) | چوڭ مۇھىم ئەنزىلەر (پارچە) | چوڭ مۇھىم ئەنزىلەر (ئادەم) | قولغا ئېلىنغىنى | ئەيىبلەنگىنى (پارچە) | ئەيىبلەنگىنى (ئادەم) | ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى (پارچە) | ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى (ئادەم) | ئەيىبلەنمىگىنى (پارچە) | ئەيىبلەنمىگىنى (ئادەم) | ئوتتۇرىدا توختىتىلىپ بىكار قىلىنغىنى (پارچە) | ئوتتۇرىدا توختىتىلىپ بىكار قىلىنغىنى (ئادەم) | يىللىق قالدۇق (پارچە) | يىللىق قالدۇق (ئادەم) | قايتۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 492 | 574 | 300 | 366 | 34 | 59 | 64 | 153 | 185 | 52 | 109 | 10 | 69 | 8 | 12 | 37 | 40 | 720.96 |
| 1957 | 8 | 10 | 2 | 2 | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | | | 2 | 3 | 2 | | 2 | 2 | 0.36 |
| 1960 | 109 | 122 | 80 | 84 | 1 | 3 | | 68 | 75 | 3 | 5 | 7 | 10 | 3 | 4 | 28 | 28 | 1.6 |

| يىللار | قوبۇل قىلغان | | تۇرغۇزۇلغان ئەنزە | | چوڭ مۇھىم ئەنزىلەر | | قوغلانغىنى | ئېيىبلەنگىنى | | ئېيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغىنى | | ئېيىبلەنمىگىنى | | ئوتتۇرىدا توختىتىلىپ بىكار قىلىنغىنى | | يىللىق قالدۇق | | قايتۇرۇۋېلىنغان ئىقتىسادىي زىيان (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | دېلو | ئادەم | |
| 1962 | 38 | 40 | 36 | 38 | 1 | 2 | 14 | 18 | 19 | | | | | | | | | 5.19 |
| 1965 | 25 | 30 | 10 | 11 | | | | 4 | 4 | | | | | | | 1 | 1 | |
| 1980 | | 23 | 8 | 10 | | | | 2 | 3 | 2 | 2 | 1 | 2 | 1 | 2 | 1 | 2 | |
| 1984 | 29 | 43 | 19 | 31 | 1 | 2 | 16 | 9 | 13 | | 10 | 1 | 2 | | | | | 59.92 |
| 1985 | 47 | 55 | 20 | 25 | 5 | 9 | | 12 | 17 | 9 | 11 | 1 | 2 | | | | | 300.96 |
| 1986 | 117 | 121 | 53 | 71 | 17 | 30 | | 19 | 26 | | 39 | | 50 | 2 | 3 | 5 | 7 | 152.93 |
| 1987 | 119 | 130 | 72 | 94 | 8 | 12 | 32 | 19 | 26 | 33 | 42 | | | | | | | 200 |

## 5-پاراگراف تۇرمە تەپتىشلىكى

1975-يىلى تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى تۇتۇپ تۇرغان جىنايەتچىلەرنىڭ رەسمىيىتى تولۇق بولماسلىق، تەرتىپى قالايمىقان بولۇش، تۇتۇپ تۇرۇش مۇددىتى ئېشىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، تەكلىپ بەرگەن، نازارەتچىلىك يۈرگۈزگەندىن سىرت يەنە تۈرمە سىرتىدا رېجىمنى ئىجرا قىلىشۋاتقان «بەش خىل كىشىلەر» (جىنايىتى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان، رېجىمدە ئىشلەۋاتقان، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، مۇددەت بىلەن قويۇپ بېرىلگەن، تۈرمە سىرتىدا داۋالىنىۋاتقان) ۋە جەمئىيەتتىكى نازارەت ئاستىدا ئۆزگەرتىلىۋاتقان «بەش خىل ئۇنسۇرلار» (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، بۇزۇق ئۇنسۇرلار، ئوڭچى ئۇنسۇرلار)غا بولغان نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىنى يەنە يوشۇرىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى تونۇپ يېتىپ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۈرمىدە ئۆزگەرتىش ۋاقتىدىكى تەمىناتلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1959-يىلى 6-ئايدىن 10-ئايغىچە رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا تايىنىپ، نەنمەن، شىخاگەي ئاھالىلەر كومىتېتىدا «سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش» خىزمىتىنى مۇھىم سىناق نۇقتا قىلىپ، بەش خىل ئۇنسۇرلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، ئومۇمىي يۈزلۈك باھالاش ئېلىپ باردى.

1961-يىلى 11-ئايدىن 1962-يىلى 5-ئايغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم مەخسۇس خادىملارنى ئاجرىتىپ، تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى تۇتۇپ تۇرۇش

ئورنىنىڭ جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋاقتىدا قانۇن رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇق بولۇش-بولماسلىقى، قولغا ئالغان جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنغا بويسۇنۇش-بويسۇنماسلىقى ھەمدە تۇتۇپ تۇرۇش مەزگىلىدە بىخەتەرسىزلىك ئامىللىرىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۆت ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنىشى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، 24 ئادەمنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش رەسمىيىتى ۋە كېسىم خېتىنىڭ يوقلىقى ھەمدە جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرمە ئىچىدە شوئارلارنى يېزىش ۋە تۈرمىدىن قېچىشنى پىلانلاشتەك جىنايى پائالىيەتلىرى بايقالدى. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا قولغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇش قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنىڭ قەتئىي مۇكەممەل بولۇشى، تۈرمىلەردىكى باشقۇرۇپ تەربىيە بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش خىزمەتلىرى ئۈستىدە تەكلىپ بېرىلدى، بۇ تەكلىپلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ قوبۇل قىلىپ قوللىشىغا ئېرىشتى.

1979-يىلى تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرمە تەپتىشلىكمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982-يىلدىن كېيىن تۈرمە تەپتىشلىك خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم نورماللىشىپ تۈزۈملىشىش، كادىرلارنىڭ ئولتۇراق جايى مۇقىملىشىش يولىغا كىردى، تۈرمىلەر ھەر ئايدا بىر قېتىم كىچىك، پەسىلدە بىر چوڭ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. 1982-يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان تۈرمىدىكى قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن تۆت جىنايەتچىنى ۋە قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەيىبلەشكە سۇنۇلغان 17 ئەنزىدىكى 19 جىنايەتچىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاپ، «كامىر بېشى»، «تۈرمە زومىگەرلىرى»نىڭ ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇشتەك قايتىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە ۋاقتىدا زەربە بېرىپ، نورمال بولغان تۈرمە تەرتىپىنى قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، تۈرمە ئىچىدىكى ئايال خىزمەتچىلەرگە باسقۇنچىلىق قىلىش، قاراۋۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قاتتىق بولماسلىقى، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى، جىنايەتچىلەرگە نەرسە-كېرەكلەرنى سۇنۇپ بېرىشتەك ئەھۋاللار ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئايال جىنايەتچىلەرگە بولغان سوراق تۈزۈمىنى قاتتىق تۇتۇپ، قاراۋۇللارنىڭ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش قائىدە-تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. جىنايىتى ئېغىر جىنايەتچىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق كونترول قىلىش تۈزۈمى ئورناتتى، شۇ يىلى بەش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسىنىڭ ۋە بىر قېچىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئالدى ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تۇتۇپ تۇرۇش مۇددىتىنى ئاشۇرۇۋېتىشتەك 15 قانۇنسىز ئەنزىنى تۈزەتتى.

1983-يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى داۋامىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، ئەمگەك ئارقىلىق تەربىيە بېرىلىپ قايتىدىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە ۋە «كامىر بېشى»، «تۈرمە زومىگىرى»نىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. شۇ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئەمگەك ۋە ئۆزگەرتىشكە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە تەستىقلاشنى يوللىغان 16 ئادەمنىڭ ئەنزىسىنى قوبۇل قىلدى، توققۇز جىنايەتچىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى؛ ئەيىبلەشكە يوللىغان 35 پارچە، 47 جىنايەتچىنىڭ ئەنزىسىنى قوبۇل قىلىپ، 33 ئەنزىدىكى 45 جىنايەتچى ئۈستىدە ئەيىبلەشنى قارار قىلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا ئۈچ نەپەر جىنايەتچىنىڭ تۈرمە قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بايقاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا قولغا ئېلىشقا يوللاش تەكلىپىنى بەردى، بىر قىسىم تۈرمە نازارەتچىلىرىنىڭ ئىنتىزامسىزلىق قىلمىشلىرىنى تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، يەنە سولاقتىكى جىنايەتچىلەرگە قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، بەش قېتىم قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى يىغىنى ئېچىپ، تۈرمىلەرگە بولغان مەدەنىي باشقۇرۇشنى

ئەمەلىيلەشتۈردى.

1987-يىلى قاماققا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنى تىزىملاش كارتوچكىسى، قاماققا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ مۇددەت-بەلگىلىمە كارتوچكىسى، قاماق مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى تىزىملاش كارتوچكىسى، تۈرمە تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى خاتىرىلەش خاتىرىسى قاتارلىق جەمئەتلەردىكى كەسپىي ئاساسىي قۇرۇلۇش كۈچەيتىلدى. ئۈچ ھامىلدار ئايال ۋە بىر ئېرۋا كېسەلنىڭ قانۇنسىز قاملىشىنى ۋاقتىدا بايقاپ، تېزلىك بىلەن تۈزەتتى. بەش نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىسى ۋە ئىككى قېتىملىق كوللېكتىپ تۈرمىدىن قېچىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئالدى. مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرگە قارىتا ئالاقىدار تارماقلارغا ئەنزىنى سۈيلەش توغرىلىق 25 پارچە ئۇقتۇرۇشنامە ئەۋەتتى ھەمدە تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تاماق، تازىلىق ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، جىنايەتچىلەرنىڭ تۈرمۈش مۇھىتى ياخشىلاندى. يەنە جىنايەتچىلەرگە قارىتا سىياسىي ھۇجۇم ئېلىپ بېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشى ۋە باشقا جىنايەتلىرىنى پاش قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 83 نەپەر جىنايەتچى جىنايىتىنى ئۆزلىكىدىن ئىقرار قىلىپ، 169 جىنايى بىپ ئۈچىنى پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تيانشان رايونى ۋە باشقا رايونلاردىكى 13 پارچە ئالاھىدە چوڭ ئەنزە، 13 جىنايەتچىلەر گۇرۇھى پاش قىلىنىپ بىتچىت قىلىندى. 93 جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 15 مىڭ يۈەن زاڭ پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. يەنە تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەنزىسىدىن توققۇز ئەنزە 10 ئادەم ۋاقتىدا تېز ئېنىقلەندى.

# 3-باب سوت قىلىش

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

1956-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى بىرىنچى، ئىككىنچى رايوندا خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇش پىلانلاندى. 1957-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئىككى رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى سىرتقا قارىتا ئىش باشلاپ، قانۇن مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1960-يىلى ئىككى رايونلۇق سوت مەھكىمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، سوت كوللېگىيە-سى، كۆتۈۋېلىش ئىشخانىسى، مەمۇرىيەت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1968-يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1973-يىلى 3-ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سوت ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1976-يىلى ھەق-تەلەپ ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى ۋە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى. 1980-يىلى 11-ئايدا يەتتە نەپەر ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان سوت قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1981-يىلى 7-ئايدا ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىل سىستېمىسىدىكى كۆتۈۋېلىش ئىشخانىسى، ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، ئارخىپ ئىشخانىسى، ھارام ماللارنى ساقلاش ئىشخانىسى، مالىيە-بوغالتىرلىق ئىشخانىسى، ماشىنىست

ئىشخانىسى كوپېراتىپ تەسىس قىلىندى. 1985-يىلى 10-ئايدا ئىجرائىيە كوللېگىيىسى، 1987-يىلى مەمۇرىيەت سوت كوللېگىيىسى كوپېراتىپ تەسىس قىلىندى. 1987-يىلىغا كەلگەندە كادىر-ساقچىلىرى 60 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 40، ئايال 20، ئاز سانلىق مىللەت كادىر-ساقچىلىرى 17.

## 2-پاراگراف ھەق-تەلەپ ئىشلىرىنى سوت قىلىش

ھەق-تەلەپ ئىشلىرىنى قاراپ چىقىشتا مۇرەسسە قىلىشنى ئاساس قىلىش خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان فاڭجېنى، سوتتا مۇرەسسە قىلىش كوللېگىيە سوراق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئالدىدىكى ئەرز قىلىش باسقۇچىغا باشتىن-ئاخىر سىڭدۈرۈلىدۇ.

1957-يىلى سوت مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايون تەۋەسىدىكى نىكاھ ئىشلىرى، مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش، تەربىيىلەش، بېقىش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مال-مۈلۈكنى بۆلۈشۈش، قەرز تۆلەش، ئۆي-مۈلۈك، تۆلەم، ھويلا-ئاراملارنىڭ ئورنى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىر قاتار ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرىنى قوبۇل قىلدى. 1958-يىلى، سوتچىلار نوقۇل ھالدا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ سوت قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، سوت كوللېگىيىسىدىن چىقىپ مەھەللىلەرگە، زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا بېرىپ، مەھەللە بويىچە رايون تەۋەسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ، رايون ئىچىدىكى ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولدى. 50-يىللاردا نىكاھ ئەنزىلىرىنى سوراق قىلىشتا، ئاساسلىقى 1950-يىلى 5-ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق نىكاھ قانۇنى ئاساس قىلىندى. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار بولۇش، قوش نىكاھلىنىش، ئاياللار ۋە بالىلارنى مەجبۇرىي ئېلىپ-سېتىش، ئاياللارنى ئېزىش قاتارلىق فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەر-ئاياللار باراۋەر بولۇش، نىكاھ ئەركىنلىكى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئاياللار-بالىلار ۋە ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1958-يىلدىن 1963-يىلغىچە جەمئىي 4462 پارچە دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە 567 دېلو ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلدى؛ 2291 پارچە دېلو مۇرەسسە قىلىندى؛ 211 پارچە دېلو توختىتىلدى؛ 332 پارچە دېلو ئەيىبلەشتىن بىكار قىلىندى؛ 219 پارچە دېلو باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە ئەۋەتىلدى؛ 53 پارچە دېلوغا كېسىم ئېلان قىلىندى؛ 789 پارچە دېلو باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلدى. 1964-يىلدىن 1973-يىلغىچە جەمئىي 3034 پارچە دېلو قوبۇل قىلىندى. 1973-يىلدىن 1985-يىلغىچە، تۈرلۈك ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرى يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1973-يىلدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەنزىلىرى ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرىنىڭ 83% نى ئىگىلىدى. سوت مەھكىمىسى نىكاھ ئەنزىلىرىنى سوتلىغاندا، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ قالدى. 1977-يىلى جەمئىي 224 پارچە ھەق-تەلەپ ئەنزىسى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ئەنزىلىرى 220 پارچە بولۇپ، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەنزىلىرى 90% نى تەشكىل قىلدى. 1985-يىلى جەمئىي 973 پارچە ھەق-تەلەپ ئەنزىلىرى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەنزىلىرى 624 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان ئەنزىلەرنىڭ 64% نى ئىگىلىدى. لېكىن ئۆي-مۈلۈك، بېقىش، كۆتۈش، قەرز، تۆلەم قاتارلىق جەھەتتىكى ئەنزىلەر روشەن ھالدا كۆپىيىپ كەتتى.

## 1957-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ ھەق-تەلەپ دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇشنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى

1-2-3-15 جەدۋەل

| يىللار | قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى | | | دېلونى ئاياغلاشتۇرۇش ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ساقلىنىپ قالغان كونا دېلو سانى | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان سان | ئومۇمىي سان | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى |
| 1957 | | 527 | 527 | 488 | 39 |
| 1958 | 39 | 511 | 550 | 484 | 66 |
| 1959 | 66 | 483 | 549 | 476 | 82 |
| 1960 | 82 | 839 | 921 | 664 | 57 |
| 1961 | 57 | 762 | 819 | 748 | 71 |
| 1962 | 71 | 1087 | 1158 | 1067 | 71 |
| 1963 | 71 | 1021 | 1092 | 955 | 137 |
| 1964 | 137 | 649 | 786 | 674 | 112 |
| 1965 | 112 | 617 | 729 | 670 | 59 |
| جەمئىي | 635 | 6496 | 7131 | 6226 | 694 |
| 1973 | | 146 | 146 | 95 | 51 |
| 1974 | 51 | 134 | 185 | 126 | 59 |
| 1975 | 59 | 144 | 203 | 143 | 60 |
| 1976 | 60 | 197 | 257 | 198 | 59 |
| 1977 | 59 | 244 | 303 | 260 | 43 |
| 1978 | 43 | 279 | 322 | 274 | 48 |
| 1979 | 48 | 388 | 436 | 383 | 53 |
| 1980 | 53 | 459 | 512 | 386 | 126 |
| 1981 | 126 | 678 | 804 | 668 | 136 |
| 1982 | 136 | 838 | 974 | 847 | 127 |
| 1983 | 127 | 780 | 907 | 743 | 164 |
| 1984 | 164 | 974 | 1138 | 943 | 195 |
| 1985 | 195 | 973 | 1173 | 862 | 311 |
| 1986 | 311 | 995 | 1306 | 1096 | 210 |
| 1987 | 210 | 1200 | 1410 | 1275 | 135 |
| جەمئىي | 1642 | 8429 | 10076 | 8299 | 1777 |

ئىزاھات: 1966-يىلدىن 1972-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىي ئىدارە قىلىش ۋاقتىدىكى ئەھۋال ئېنىق ئەمەس. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدىكى ئاياغلاشتۇرۇلمىغان دېلولارنىڭ سانى كېيىنكى يىلى يىغىلىپ قالغان كونا دېلولار سانىغا كىرگۈزۈلگەن.

## 1973-يىلدىن 1987-يىلغىچە ھەق-تەلەپ دېلولىرىنىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 15-3-2-2

| يىللار | ئومۇمىي سانى | ھۆكۈم قىلىنغىنى | مۇرەسسە قىلىنغىنى | | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | سانى | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو سانىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى(%) | |
| جەمئىي | 8296 | 893 | 4833 | | 1598 |
| 1973 | 95 | 6 | 76 | 80 | 13 |
| 1974 | 126 | ئېنىق ئەمەس | | | ئېنىق ئەمەس |
| 1975 | 143 | 18 | 97 | 68 | 28 |
| 1976 | 198 | 25 | 138 | 70 | 35 |
| 1977 | 260 | 32 | 177 | 68 | 51 |
| 1978 | 274 | 64 | 183 | 68 | 27 |
| 1979 | 383 | 66 | 277 | 72 | 40 |
| 1980 | 386 | 36 | 291 | 75 | 59 |
| 1981 | 668 | 67 | 467 | 69 | 134 |
| 1982 | 847 | ئېنىق ئەمەس | | | ئېنىق ئەمەس |
| 1983 | 740 | 73 | 521 | 71 | 148 |
| 1984 | 943 | 55 | 630 | 67 | 258 |
| 1985 | 862 | 83 | 600 | 70 | 179 |
| 1986 | 1095 | 121 | 683 | 62 | 291 |
| 1987 | 1276 | 247 | 693 | 54 | 335 |

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى مۇرەسسە قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار يىللىق دېلو سانىنىڭ 69% نى تەشكىل قىلىدۇ، باشقا ئۇسۇل بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار، مەسىلەن ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىش، باشقا ئورۇنلارغا يوللاپ بېرىش، توختىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 3-پاراگراف جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش

1957-يىلى ئالتە نەپەر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسىگە ئوچۇق سوت ئېچىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. 1958-يىلى يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بارلىق مۇھىم، چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى، ھەق-تەلەپ ئىشلىرى ئەنزىلىرى ۋە بىرلىكسەپ زاتلىرىغا ھەممە 10 يىلدىن يۇقىرى جازا كېلىدىغانلارغا چېتىلىدىغان ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى. پۈتۈن بىر يىلدا پارتكومنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللانغان ھەق-تەلەپ

ئەنزىسى 76 پارچە. 1960-يىلى مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلۈم جازاسىنى ئاز بېرىش، ئۆزگەرتىپ قايتا كىشى سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ نەق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا قانۇن بويىچە ئۇزۇن يىللىق ھۆكۈم چىقىرىلدى ھەم جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزەش، تەربىيە بېرىش تەدبىرلىرى قاتتىق تۇتۇپ ئىشلەندى. 1963-يىلى «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، سوتچىلارنىڭ دېلو ئارخىپلارنى تەپسىلىي قاراپ چىقىشى، پاكىتلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى ۋە ئاساسلارنى نەقلەشتۈرۈشى تەكىتلەندى؛ سوت كومىتېتى يىغىنى ئەستايىدىل ئېچىلىپ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل-پاراستى جارى قىلدۇرۇلدى؛ رەھبەرلەرنىڭ دېلونى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈپ چىقىپ تەستىقلىشى تەكىتلەندى. 1964-يىلدىن 1965-يىلغىچە مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان «ھەم قاتتىق بولۇش ھەم جىددىي بولۇش» ۋە ئامىغا تايىنىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش، ئامىغا تايىنىپ ئەنزە بېجىرىش ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى بويسۇندۇرۇش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1964-يىلى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنزە سادىر بولغان ئورۇندا ھەل قىلىندى. شۇ يىلى 97 پارچە ئەنزە قوبۇل قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكى 275 پارچىدىن ئىككى ھەسسىگە يېقىن تۆۋەنلىدى.

1965-يىلى ئامىغا تايىنىپ ئەنزە بېجىرىش فاڭجېنىدا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ، بىر تۈركۈم قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم، چوڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق بويسۇندۇرۇلدى. يەنە بىر تۈركۈم جىنايى قىلمىشلىرى يەڭگىل، خەلقنىڭ غەزىپى كۈچلۈك بولمىغان، جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى بىرقەدەر ياخشى بولغان جىنايەتچىلەر نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى ئامىغا تايىنىپ بېجىرىلگەن ئەنزىلەر 96 پارچە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئامىغا تايىنىپ ئېنىقلانغان ۋە پاكىتلىرى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلانغان ئەنزىلەر 31 پارچە؛ ئاممىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزە 42 پارچە؛ ئامما كۈرەش قىلغان ئەنزە 10 پارچە؛ ئامما تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىپ جىنايى مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمىگىنى 13 پارچە.

1973-يىلى 3-ئايدا تيانشان رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا، قاتىللارغا، ئوت قويغان جىنايەتچىلەرگە، مۇھىم، چوڭ بۇلاڭچىلىق ۋە لۈكچەكلىك گۇرۇھىنىڭ كاتتىباشلىرىغا، ئاساسلىق جىنايەتچىلەرگە نۇقتىلىق زەربە بېرىلدى. جەمئىي 24 پارچە جىنايى ئىشلار ئەنزىسى تاپشۇرۇۋېلىندى.

1979-يىلى 7-ئايدا، دۆلەت «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جىنايى ئىشلارنى سوت قىلىش يەنىمۇ قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىش يولىغا كىرگۈزۈلدى. «ئۈچ باشلىق تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى (دېلولارنى تەڭ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇزاكىرە قىلىپ خاراكتېرىنى بېكىتكەندىن كېيىن جازا ھۆكۈم قىلىندۇ) . 1980-يىلدىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن ئېھتىياتچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش، تەربىيىلەش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپ ساندىكىلەر تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىندى. ئاز ساندىكى قىلمىشى رەزىل ۋە قەبىھ بولغان باش جىنايەتچى، ئاساسلىق جىنايەتچىلەر يېتىم قالدۇرۇلۇپ زەربە بېرىلدى. ئەگەشكۈچى جىنايەتچىلەرگە قارىتا كەڭچىلىك قىلىنىپ چىقىش يولى بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

1983-يىلى 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. سوت مەھكىمىسى تيانشان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى

ۋە تيانشان رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قانات يايدۇرغان ئۈچ جەنبىلىك «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىگە مۇددەتتىن بۇرۇن قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەلىل-ئىسپات ئۆتكىلى، خاراكتېرىنى بېكىتىش، جازا ھۆكۈم قىلىش ئۆتكىلى، قانۇنغا تەدبىقلاش ئۆتكىلى، كوللېگىيە سوت قىلىش ئۆتكىلى، خاتىرە قالدۇرۇش ئۆتكىلى ۋە قانۇنىي خەت-ئالاقە ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلدى. 9-ئايدا خەلق كىنوخانىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبىدا داغدۇغىلىق ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، 11 ئەنزىدىكى 22 نەپەر جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. ئوچۇق سوت ئېچىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان جىنايەتچىلەر ئىچىدە لۈكچەكلەر گۇرۇھىدىكى جىنايەتچىلەر، يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەر، مۇھىم، چوڭ ئوغرىلىق جىنايەتچىلىرى بار. كېيىن يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلدى. «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشى ئارقىلىق، رايوننىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

## 1957-يىلدىن 1987-يىلغىچە قوبۇل قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

15-3-3-1 جەدۋەل

| يىللار | يېڭى قوبۇل قىلىنغان سان | كونا قالدۇق سان | ئومۇمىي سان | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 47 | | 47 | 39 | 8 |
| 1958 | 369 | 8 | 377 | 374 | 3 |
| 1959 | 248 | 3 | 251 | 235 | 16 |
| 1960 | 392 | 16 | 408 | 401 | 7 |
| 1961 | 274 | 7 | 281 | 266 | 15 |
| 1962 | 303 | 15 | 318 | 305 | 13 |
| 1963 | 275 | 13 | 288 | 241 | 47 |
| 1964 | 97 | 47 | 144 | 102 | 42 |
| 1965 | 107 | 42 | 149 | 141 | 8 |
| جەمئىي | 2112 | 151 | 2263 | 2104 | 159 |
| 1973 | | 24 | 24 | 9 | 15 |
| 1974 | 31 | 15 | 46 | 23 | 23 |
| 1975 | 33 | 23 | 56 | 23 | 33 |
| 1976 | 58 | 33 | 91 | 57 | 34 |
| 1977 | 56 | 34 | 90 | 72 | 18 |
| 1978 | 75 | 18 | 93 | 73 | 20 |
| 1979 | 126 | 20 | 146 | 124 | 22 |
| 1980 | 174 | 22 | 196 | 156 | 40 |
| 1981 | 190 | 40 | 230 | 210 | 20 |
| 1982 | 138 | 20 | 158 | 148 | 10 |
| 1983 | 308 | 10 | 318 | 303 | 15 |
| 1984 | 235 | 15 | 250 | 240 | 10 |
| 1985 | 123 | 10 | 133 | 127 | 6 |

| يىللار | يېڭى قوبۇل قىلىنغان سان | كونا قالدۇق سان | ئومۇمىي سان | ئاياغلاشتۇرۇلغىنى | ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 176 | 6 | 182 | 171 | 11 |
| 1987 | 234 | 11 | 245 | 208 | 37 |
| جەمئىي | 1981 | 277 | 2258 | 1944 | 314 |

ئىزاھات: 1966~1972-يىللىرىچە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ سوت قىلىش گۇرۇپپىسى قوبۇل قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.

## 4-پاراگراف ئىقتىسادىي ئىشلارنى سوت قىلىش

1980-يىلىدىن بۇرۇن، ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىسىنى ھەق-تەلەپ كوللېگىيىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1981-يىلى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى بىر تەرەپ قىلدى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى زور كۆلەمدە ئاشتى. 1981-يىلى بەش پارچە ئەنزە قوبۇل قىلىندى. 1985-يىلى 105 ئەنزە قوبۇل قىلىنىپ، 20 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، ئوخشاشلا مۇرەسسە قىلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ھەر يىلى مۇرەسسە قىلىپ ئاياغلاشتۇرغان ئەنزىلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي ئەنزە سانىنىڭ 56% نى، ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان ئەنزە 23% نى، باشقا ئۇسۇل (ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىش، باشقىلارغا ئەۋەتىپ بېرىش) بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزىلەر 20% نى ئىگىلىدى. 1981-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە جەمئىي 614 پارچە ئەنزە تاپشۇرۇۋېلىندى. 601 پارچە ئەنزە بىر تەرەپ قىلىنىپ، تاپشۇرۇۋېلىنغان ئەنزىنىڭ 97.88% نى ئىگىلىدى.

### 1981-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە قوبۇل قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇلغان ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىلىرىدىن ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-4-3-15 جەدۋەل

| يىللار | قوبۇل قىلىنغان دېلو سانى | | | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو ئەھۋالى | | يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەرز ھەققى سانى (تۈمەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | يېڭى قوبۇل قىلىنغان دېلو | كونا دېلو | ئومۇمىي سان | ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو | ئاياغلاشمىغان دېلو | |
| ئومۇمىي سانى | 614 | 183 | 797 | 601 | 196 | 1030.48 |
| 1981 | 5 | | 5 | 2 | 3 | |
| 1982 | 19 | 3 | 22 | 16 | 6 | 22.28 |
| 1983 | 37 | 6 | 43 | 33 | 10 | 45.43 |
| 1984 | 74 | 10 | 84 | 48 | 36 | 65.54 |
| 1985 | 105 | 36 | 141 | 75 | 66 | 131.50 |
| 1986 | 153 | 66 | 219 | 157 | 62 | 326.08 |
| 1987 | 221 | 62 | 283 | 270 | 13 | 439.65 |

## 5-پاراگراف مەمۇرىي ئىشلارنى سوت قىلىش

1987-يىلى 10-ئايدا، تيانشان رايونلۇق سوت مەھكىمىسى يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئىككى كادىر سەپلىدى. شۇ يىلى يەتتە ئەنزىنى قوبۇل قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. بۇ ئەنزىلەر دەۋاگەرنىڭ مەمۇرىي ئورگاننىڭ مەمۇرىي جازاسىغا (مەسىلەن ئامانلىق ساقلاش بويىچە تۇتۇپ تۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىتىش قاتارلىقلارغا) قايىل بولماي ئەرز سۇنۇپ، ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ئەنزىلىرىدۇر.

## 6-پاراگراف خاتا دېلولارنى ئاقلاش

1961-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قايتا تەكشۈرگەن، بۇرۇن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئەنزىدىن 221 پارچە ئەرزىيەت ئەنزىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1960-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا سوت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزە 119 پارچە بولۇپ، بۇلار بۇلاڭچىلىق، ئالدامچىلىق ئەنزىلىرىدىن 102نى، ئاشلىق سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەنزىسىدىن ئالتە پارچىنى، خىيانەتچىلىك ئەنزىسىدىن بەش پارچىنى، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش جىنايى ئەنزىسىدىن تۆت پارچىنى، ھايانكەشلىك ئەنزىسىدىن بىر پارچىنى، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەنزىسىدىن بىر پارچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1961-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا سوت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئەنزە 94 پارچە بولۇپ، بۇلار بۇلاڭچىلىق ۋە ئالدامچىلىق ئەنزىسىدىن 92 پارچىنى، ئاشلىق سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئەنزىسىدىن ئىككى پارچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1961-يىلى ئۆز ئالدىغا قايتا تەكشۈرۈلگەن ئەنزە 250 پارچە. 1962-يىلى ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق قايتا تەكشۈرۈلگەن ئەنزە 114 پارچە بولۇپ، جەمئىي 364 پارچە ئەنزە قايتا تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھەق ئەنزە بىر پارچە، خاتا ئەنزە تۆت پارچە، كېسىشكە تېگىشلىك بولمىغان لېكىن كېسىلگەنلەر ئەنزىسى 15 پارچە، ئېغىر كېسىلىپ كەتكەنلەر ئەنزىسى بەش پارچە، ئېغىرراق كېسىلگەنلەر ئەنزىسى بىر پارچە، خاراكتېرى توغرا بېكىتىلمىگەن ئەنزە بىر پارچە بولۇپ، بۇ ئەھۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئاقلىنىپ، باشقا ئەنزىلەر ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلىپ ھۆكۈم چىقىرىلدى.

1979-يىلى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ «پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇۋۋال قىلىنغان، خاتا بولغان، يالغان ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ بىر ئادەمگىمۇ ئۇۋۋال قىلماي، بىر يامان ئادەمنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي، ھەممىسى خاتا بولسا ھەممىسىنى ئاقلاش، بىر قىسمى خاتا بولسا بىر قىسمىنى ئاقلاش، خاتا بولمىسا ئاقلىماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، 1966-يىلىدىن 1976-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان 371 پارچە ئەنزە ۋە 1977-يىلىدىن 1978-يىلىغىچە قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان 125 پارچە ئەنزە قايتا تەكشۈرۈلدى. قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق 13 پارچە ئەنزە ئاقلاندى. 316 ئەنزە ئۆزگەرتىپ ھۆكۈم قىلىندى. باشقىلىرىدا ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىندى.

ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئۈچىنى ئالدىن ئىشلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىرىنچى، ئالدىن

ئۈچ تۈردىكى ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈش (ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇق، خائىنلىق، ئۈچ ئېلىش، تەتۈر ھېساب ئېلىش ئەنزىلىرى)؛ ئىككىنچى، ئەرز قىلىنغان ئەنزىلەرنى ئالدىن قايتا تەكشۈرۈش؛ ئۈچىنچى، قاماپ قويۇلغان جىنايەتچىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش. جازاسى ئېغىر بولۇپ كەتكەن ئەنزىلەرگە قارىتا بەزىلىرىنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتتى، بەزىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار جازاسىنى كەچۈرۈم قىلدى. جىنايى دەلىل-پاكىتلىرى تولۇق بولغان، بۇرۇنقى ھۆكۈمى توغرا بولغان ئەنزىلەرنىڭ ئەرزلىرىنى قايتۇرۇپ ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى ئەرز قىلىنغان دېلولارغا قارىتا ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1980-يىلى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا تۆت دېلوغا گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلدى، 1981-يىلى، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلو 12 پارچە، كېسىم مۇددىتىگە قارىتا قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلو 19 پارچە، جازا مۇددىتى يېنىكلىتىلگەن دېلو تۆت پارچە، جازا مۇددىتى كەچۈرۈم قىلىنغان دېلو تۆت پارچە بولدى. 1983-يىلى گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلو سەككىز پارچە، ئەكسىلئىنقىلابچىلار دېلولىرىدىن گۇناھسىز دەپ قارىلىپ قايتا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلو بىر پارچە بولدى، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن ئىككى پارچىسىنىڭ جىنايى جازاسى كەچۈرۈم قىلىندى.

# 4-باب ئەدلىيە ھەمۇرىيتى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

تيانشان رايونلۇق ئەدلىيە بۆلۈمى 1983-يىلى 9-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇرۇلغان. 1984-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. شتاتى تۆت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىر نەپەر، كادىر ئۈچ نەپەر ئىدى. 1987-يىلى شتاتى بەش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئىككى نەپەر، كادىر ئۈچ نەپەر.

## 2-پاراگراف قانۇن مەسلىھەتچىلىكى

1980-يىلدىن بۇرۇن، قانۇن مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتىنى سوت مەھكىمىسى قوشۇمچە باشقۇرغان. 1980-يىلى شەھەرلىك قانۇن مەسلىھەت باشقارمىسى باشقۇرغان. 1986-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇلدى ھەم رايون ئىچىدىكى ئادۋوكاتلىق كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئادۋوكاتلىق ئورنىنى رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى. بۇ ئورۇن مۇستەقىل ھالدا ئىش ئېلىپ باردى. 1987-يىلى مەخسۇس كەسپىي ئادۋوكاتتىن تۆت كىشى، قوشۇمچە كەسپىي ئادۋوكاتتىن بىر كىشى سەپلەندى.

1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە، تيانشان رايونلۇق ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 102 پارچىنى ئاقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادۋوكاتلار ئاقلىغان، سوت ھۆكۈم چىقارغان، ھەممە جاۋابكارغا بېرىلگەن جازا يەڭگىللىتىلگەن ئەنزە 28 پارچە، خاراكتېرى ئۆزگەرتىپ بېكىتىلگەن ئەنزە

ئۈچ پارچە، يەنە قانۇن جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىشتە قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى 149 ئادەم قېتىم. ۋەكالىتەن يېزىپ بېرىلگەن قانۇنىي ھۆججەت 69 پارچە، بېجىرىلگەن ھەق-تەلەپ ئەنزىسى 154 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىسى 51 پارچە بولۇپ، 319 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىنىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە گراژدانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى. 1987-يىلى 1-ئاينىڭ 23-كۈنى، تيانشان رايونلۇق ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى كازىر سېتىۋېلىش توختام ماجىراسىنى قوبۇل قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دەۋاگەر جاۋابكارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان 70 مىڭ يۈەن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ سۇنغان ئەرزىنى مۇۋاپىق دەپ قارىدى. لېكىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ تۈزگەن توختامى بىر تەرەپنىڭ تىجارەت دائىرىسى ئىچىدە بولمىغانلىقتىن كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئادۋوكاتلار سوتنىڭ بېجىرگۈچى خادىملىرى بىلەن بىللە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، دەۋاگەرنىڭ بۇ توختامدىكى ئەمەلىي زىينى 28961.1 يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. سوت ئىككى تەرەپنىڭ تۈزگەن بۇ توختامى ئىناۋەتسىز دەپ ھۆكۈم چىقاردى. جاۋابكار دەۋاگەرگە 28961 يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن دەۋالاشقۇچىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغداپ قېلىندى.

## 3-پاراگراف خەلق مۇرەسسەسى

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى مەھەللە باشلىقى ۋە ئاھالىلەر ۋەكىللىرى ھەم خەلق ئىشلىرى ياردەمچىلىرى مۇرەسسە قىلاتتى. 1954-يىلى 3-ئايدا رايون ئىچىدىكى خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە سوت رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى باشقۇردى. شۇ يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتى قۇرۇلدى. مۇرەسسە خادىملىرى تەربىيىلەندى ھەمدە مۇرەسسە قىلىشنى تىزىملاش، شۇنىڭدەك سۆھبەت يىغىنى ئېچىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. 1955-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھەرقايسى رايونلاردىكى مۇرەسسە كومىتېتلىرى مۇرەسسە قىلغان دېلولار 2254 پارچىغا يەتتى. 1957-يىلى 8-ئايدا، بىر قىسىم مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئاساس قىلىنغان مۇرەسسە قىلىش تەشكىلاتلىرى كۈچەيتىلدى ھەمدە ھەر ئايدا دوكلات قىلىش ۋە يېرىم يىلدا بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شۇ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئىككى رايوندىكى 22 مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى 1300 پارچە تۈرلۈك مۇرەسسە ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇ ئىككى رايوندىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغان دېلولىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىرقەدەر چوڭراق بولغان زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىمۇ مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1960-يىلى 6-ئايدا پۈتۈن رايوندىكى مۇرەسسە كومىتېتى 51 گە، زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىكى مۇرەسسە كومىتېتى 30غا، مۇرەسسە گۇرۇپپىسى 70 تىن ئۆسۈپ مۆتكە يېتىپ، تۈرلۈك ماجىرالاردىن 548 نى مۇرەسسە قىلدى. مۇرەسسە قىلىش نىسبىتى 69% بولۇپ، كۆپ قىسمى ئائىلە ماجىراسى ئىدى.

1962-يىلى 3-ئايدا، پۈتۈن رايوندىكى مۇرەسسە قىلغۇچىلار ۋە زاسېداتىللارنىڭ باھالاش يىغىنى ئېچىلىپ، 61-يىللىق ئىلغار شەخسلەردىن 118 كىشى، ئىلغار مۇرەسسە كومىتېتىدىن سەككىزى باھالاپ چىقىلىپ، تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى. مۇرەسسە قىلغۇچىلار ۋە زاسېداتىللارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سوت كادىرلىرى ھەر ھەپتىنىڭ 3-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغاندىن باشقا، ھەر ئاينىڭ 20-كۈنى

سوت مۇرەسسە ئەنزىلىرىنى يىغىپ، دېلودىكى كونكرېتنى مىساللار ئارقىلىق مۇرەسسە قىلغۇچىلار ۋە زاسېداتىللارغا دەرس ئۆتتى.

1964-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە، جەمئىي 1609 پارچە ماجرا مۇرەسسە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن دەۋا ئازىيىپ، جىنايى ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، مۇرەسسە قىلىش خىزمىتى ئاساسەن توختاپ قالدى.

1973-يىلى، تيانشان رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق مۇرەسسە تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978-يىلى 8-ئايدا رايوندىكى سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا قاراشلىق بولغان ئاھالە كومىتېتلىرىدىكى 52 مۇرەسسە تەشكىلاتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇرەسسە قىلغۇچى خادىملىرى 271گە يەتتى.

1981-يىلى ۋە 1983-يىلى شىمالىي شىنخۇا يولى مۇرەسسە كومىتېتى ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. بۇ مۇرەسسە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش رىسالەت ئىلغار شەخس بولۇپ سايلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىرىنچى قېتىملىق مۇرەسسە خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ تەقدىرلەندى.

1983-يىل 9-ئاينىڭ 20-كۈنى، خەلق مۇرەسسە خىزمىتىگە رايونلۇق ئەدلىيە بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى ۋە باشقۇردى. 1984-يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئەدلىيە ياردەمچىلىرى سەپلەندى ھەمدە مۇرەسسە خىزمىتىگە كونكرېتنى مەسئۇل بولدى. 1984-يىلى پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدىكى مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى كۆپىيىپ 106گە، مۇرەسسە قىلغۇچى خادىملار 334گە يېتىپ، جەمئىي 1121 ماجرا مۇرەسسە قىلىندى. شۇندىن كېيىن ھەر يىللىق مۇرەسسە قىلىنغان ماجرا 1000 دىن ئارتۇق بولدى.

مۇرەسسە قىلغۇچى خادىملار مۇرەسسە قىلىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ بولغان ماجرالارنى قايتا-قايتا مۇرەسسە قىلدى. يەنە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە ماسلىشىپ، بىر تەرەپتىن مۇرەسسە ئېلىپ بېرىپ، بىر تەرەپتىن قانۇن-تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى. تىنچلىق يولى ئىش باشقارمىسى نىڭشاۋەن ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مۇرەسسە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جاۋلەننىڭ (خۇيزۇ) مۇرەسسە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىل بولغان بولۇپ، قوشنىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ماجرالارنى مۇرەسسە قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ، 1981-يىلى ۋە 1983-يىلى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون چاقىرغان 1-، 2-قېتىملىق مۇرەسسە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى. 1985-يىلى مەملىكەتلىك ئىلغار مۇرەسسە خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك ئىككىنچى قېتىملىق مۇرەسسە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە مىدال بىلەن مۇكاپاتلاندى.

1987-يىلى، پۈتۈن رايون بويىچە مۇرەسسە تەشكىلاتى تەرەققىي قىلىپ 129 غا، مۇرەسسە قىلغۇچى خادىملار 850 كىشىگە يېتىپ، يىللىق مۇرەسسە قىلىنغان ماجرا جەمئىي 1120 پارچىچە بولدى.

## 4-پاراگراف قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى

تيانشان رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، رايونلۇق سوت مەھكىمىسى پۈتۈن رايوننىڭ قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ

بېرىش، ئاساسلىقى ئوچۇق سوت ئېچىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1957-يىلىدىن 1982-يىلى-غىچە تۈرلۈك ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنىدىن 69 قېتىم ئېچىلدى. بۇنىڭدىن تەربىيە ئالغانلار 39293 ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ ھۆكۈم ئېلانىدىن 367 پارچە چاپلاندى؛ 1060 پارچە ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى؛ كوچا گېزىتىدىن 31 تاختا چىقىرىلدى؛ 89 قېتىم قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەندى. 1983-يىلى رايونلۇق ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن-ساۋاتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. 1984-يىلى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاساسىي قانۇن، نىكاھ قانۇنى، ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ئىقتىسادىي توختام قانۇنى، ھەق-تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى قاتارلىق تۈرلۈك قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدىكى دوكلات يىغىنىدىن تۆت قېتىم ئېچىلدى. بۇنىڭدىن تەربىيە ئالغانلار 614 ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ تۈرلۈك گېزىت ۋە تەشۋىقات ماتېرىياللاردىن 14 مىڭ پارچە تارقىتىلدى. تەشۋىقات ماشىنىسىدىن سەككىز ماشىنا چىقىرىلدى. قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقات تاختىسىدىن 1794 سان چىقىرىلدى. رەسىملىك كۆرگەزمىدىن 30 قېتىم چىقىرىلدى. قارا تاختا گېزىتىدىن 1980 سان چىقىرىلدى. تەشۋىقات تايانچ خادىملىرىدىن 240 كىشى تەربىيىلەندى.

1985-يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «1985-يىلىدىن باشلاپ بەش يىل ئەتراپىدا پۈتۈن پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن-تۈزۈم ساۋاتلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيە-سى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار»نى چىقاردى. بۇ قارارغا ئاساسەن، رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسى رايوندا تۇرۇشلۇق ۋە رايونغا قاراشلىق ئىدارە ئورۇنلارغا ئۈچ قېتىم مىڭدىن ئارتۇق ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. «كادىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم ساۋاتلىرىدىن ئوقۇشلۇق» ۋە «قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەكچە-لىرى قوللانمىسى» ، «قانۇن، قائىدىلەردىن تاللانما» قاتارلىق 7000 نۇسخىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋالدى ھەم «ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇن ئوقۇشلۇقى» ۋە «ھەق-تەلەپ قانۇن پرىنسىپى» قاتارلىق كىتابلار-دىن 30 مىڭ پارچە سېتىۋېلىپ، مەھەللىلەردىكى ئەدلىيە ياردەمچىلىرى ۋە ئاھالىلارغا بىۋاسىتە سېتىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا رايونلۇق ئەدلىيە ئىدارىسى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات رەسىملىرىدىن 300 پارچە سېتىۋېلىپ، ھەرقايسى مەھەللىلەردە كۆرگەزمە قىلدى؛ ئۇنىۋېرسال خاراكتېر-لىك سىن ئالغۇ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پروپېكسىيىلىك فىلىمىدىن بىرنى، ئەخلاق تەربىيىسى فىلىمىدىن بىرنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋە ئاھالىلەرگە قويۇپ بەردى. 1985-يىلى ھەرقايسى مەھەللىلەر، مەھەللىلەرگە چۈشىدىغان كادىرلار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوغداش خادىملىرى، ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇرەسسە كومىتېتى ۋە ئائىلىلىكنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى قاتناشقان ئۆگىنىش كۇرسىدىن 10 قارار ئاچتى. بۇنىڭغا جەمئىي 500 كىشى قاتناشتى. شۇ يىلى 12-ئايدا تىيانشان رايونلۇق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن رايوندىكى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى چوڭ سىستېمىلاردا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە رايوندا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكى، مەھەللىلەردە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىدارە، ئورۇنلاردا يېتەكچىلىك قىلىش خادىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك يېتەكچىلىك قىلىش تورى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتلىرى، ئۆگىنىش كىتابى، يېتەكچى كۈچلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پۈتۈن رايون بويىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئوبيېكتى جەمئىي 32561 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 9014 كىشى. 1986-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە 17 قارار تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ 293 كىشى

تەربىيلەندى؛ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كونسۇلتاتسىيەسى 79 مەيدان قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، قاتناشقان كىشىلەر 28 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ «كادىرلار ئۈچۈن قانۇن-تۈزۈم ئوقۇشلۇق كىتابى» دىن 2987 پارچە، «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن قانۇن-تۈزۈم ئوقۇشلۇق كىتابى» دىن 6295 پارچە، «قانۇن-قائىدىلەردىن تاللانما» دىن 299 پارچە ۋە باشقا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرىدىن 8760 پارچە تارقىتىلدى. قىسقا خەۋەردىن ئالتە سان چىقىرىلدى. رايون خاراكتېرلىك قانۇن ساۋاتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە قارا دوسكا مۇسابىقىسى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. رەسىملىك تەشۋىقات تاختىسىدىن 32سى چىقىرىلدى. ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار 71471 ئادەم قېتىمغا يەتتى. قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. قانۇن ساۋاتلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بەش قېتىم ئېچىلدى. 1987-يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، رايونغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا قانۇن ئىلمي ئاساسلىق نەزەربىيسى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق-تەلەپ دەۋا قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى، ئىقتىسادىي توختام قانۇنى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى، ئورمان قانۇنى، يايلاق قانۇنى، ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش، جازالاش نىزامى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش تاماملاندى. پۈتۈن رايون بويىچە 5888 كىشى ئىمتىھانغا قاتناشتى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96%كە يەتتى.

پۈتۈن رايوندىكى ئاھالىلەر، شەخسىي تىجارەتچىلەرگە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيسى ئېلىپ بېرىشتا، دېلو ئارقىلىق قانۇن ئۆگىنىش، دېلو ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈرۈش، ئۆزى ئاساسلىق ئۆگىنىش، ئۇنى كونسۇلتاتسىيە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1987-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، بېيمىن بازىرى سىناق نۇقتىسى قىلىندى. بېيمىن بازىرىدىكى بىر يەككە تىجارەتچى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، تۈزۈم بويىچە باج تاپشۇرۇش پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، باج ئوغرىلاش، باج قالدۇرۇش قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىكىدىن 1000 يۈەن باجنى تولۇقلاپ تاپشۇردى.

# 5-باب ھەربىي ئىشلار

## 1-پاراگراف خەلق قوراللىق كۈچلىرى

### بىرىنچى، ئاپپاراتلار

1962-يىلى 9-ئايدا، تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى تۈەن (پولك) دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇلدى. شتاتى 10 قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوراللىق بۆلۈم باشلىقىدىن بىر كىشى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسساردىن بىر كىشى، ياردەمچى خادىمدىن سەككىز كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئۈچ. 1971-يىلى ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ ھەرقايسىسىغا بىردىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلدى. 1979-يىلى قوراللىق بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قويۇلۇپ، ئارقا سەپ بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1987-يىلى خەلق قوراللىق بۆلۈمى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ج ك پ تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىشلار ئورگىنىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدىكى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىل-

دى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارقا سەپ بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ شتاتى 23 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 16 كادىر، يەتتە ئىشچى بارئىدى.

## ئىككىنچى، خەلق ئەسكەرلىرى

### 1. خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى

1950-يىلدىن 1962-يىلغىچە، تيانشان رايونىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. 1958-يىلى ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «خەلق ئەسكەرلىرىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇش» چاقىرىقىغا ئاساسەن، رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇن، زاۋۇت، كان، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، تەشكىلاتقا ئىشچىلار ۋە كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك بولغان كىشىلەر قاتناشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قورالنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە ئەمگەكنى ئاسلىش قىلىش، ئەمگەك بىلەن ھەربىي مەشىقنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال-ياراقلىرىنى خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئاساسەن ھەربىي مەشىققە ئىشلەتتى.

1964-يىلى رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان ئورۇنلارغا قورال تارقىتىپ بەردى ھەمدە ھەربىي قىسملار خەلق ئەسكەرلىرى بار ئورۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىشقا ياردەملەشتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى ھەربىي رايوننىڭ ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنى بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە، ئاخبارات بۆلۈمىنى بىرىنچى ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپكە، خەۋەرلىشش بۆلۈمىنى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىغا، ھەربىي مەشق بۆلۈمىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋە خەلق كومىتېتى ئورگىنىغا، توپچىلار بۆلۈمى ۋە خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش بۆلۈمىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا، مۇھىم ئالاقە ئىدارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىم ئالاقە-قاتناش ئىدارىسىغا، قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسى ۋە سەپەرۋەرلىك بۆلۈمىنى 8-ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش ۋە ھەربىي مەشق خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشقا بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى قېتىم مەخسۇس خەلق قوراللىق بۆلۈمىنى قۇردى. قوراللىق بۆلۈمگە بىر مۇئاۋىن باشلىق، ئىش بېجىرگۈچىدىن بىر ئادەمنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان كومىتېتى، شەھەرلىك قول-سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇز كۆل خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، شەھەرلىك نەسللىك مال فېرمىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۆمۈركان خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا مەخسۇس كەسپتىكى خەلق قوراللىق قىسىم كادىرلىرىدىن سەپلەندى. 1965-يىلى، تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بويىچە «تۆتتە ياخشى» قوراللىق بۆلۈم بولۇپ باھالاندى.

1965-يىلدىن 1966-يىلغىچە، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا قارىتا تەشكىلنى ساغلاملاشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە ئالىي مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مۇستەقىل باتالىيونى (يىلك) ۋە پولىك قۇرۇش تەلەپ قىلىندى. كوللېكتىپ پائالىيەتكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ھەر مەۋسۇملۇك

ئوقۇش باشلانغاندا بىر قېتىم تەشكىللەش ئېلىپ بېرىلىپ، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى دەپ ئايرىماي كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 18 مەكتەپتە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1967-يىلى 3-ئايدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىدىن كۆپ ئورۇنلارنىڭ خەلق ئەسكەرلەر خىزمىتى پائالىيىتى توختاتتى. 1969-يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق تايانچ پولك (تۇەن)، باتالىيونى قۇرۇش توغرىسىدىكى يولیورۇقىغا ئاساسەن، تيانشان رايونى خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق تايانچ ئەسكەرلىرى پولكىدىن (تۇەن) بىردىن قۇردى. قارمىقىدا يەنە خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق باتالىيونىدىن (يىڭ) 11ى، خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق روتىسىدىن (ليەن) 30ى قۇرۇلدى. 28 ئىدارە، ئورۇنلاردا قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلەر باتالىيونى (يىڭ)، روتا (ليەن) قۇرۇلۇپ قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى 2814 كىشىگە يەتتى.

1974-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. شەھەرنىڭ هاۋادىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1975-يىلى 4-ئايدىن 1979-يىلى 2-ئايغىچە شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، شىنجاڭ 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى (هازىرقى شىنجاڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى)، خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى، تيانشان بوياش، توقۇش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا خەلق ئەسكەرلىرى توپچىلار روتىسى (ليەن) قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇز كۆل خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى، شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى، 2-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى (هازىرقى تيانشان ئاپتوموبىل زاۋۇتى)، تيانشان سولياۋ زاۋۇتى، خۇڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئاپتوماتىك قوراللار روتىسى (ليەن)دىن بەشى قۇرۇلدى. سەھىيە ليەنىدىن (شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىدا) بىرى قۇرۇلدى. يەنە خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش روتىسى (ليەنى)دىن بىرى (شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىدا)، خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش روتىسى (ليەنى)دىن بىرى (شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى 1-سۈپۈرۈش-توشۇش ئەترىتىدە)، خەۋەرلىشىش ئىزۋوتى (پەي)دىن ئۈچى (شىنجاڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو زاۋۇتى، شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىدا) قۇرۇلدى. 1979-يىلى، تيانشان رايونى بويىچە 145 زاۋۇت، كان، كارخانا، مەكتەپلەردىكى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى پولك (تۇەن)دىن ئىككىسى، خەلق ئەسكەرلىرى باتالىيونىدىن (يىڭ) 36 سى، خەلق ئەسكەرلىرى ئىزۋوت (پەي)دىن 672 سى قۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 30385 كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 11139 كىشى، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى 19246 كىشى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي نۇقتىنى چۆرىدىگەن هالدا، تيانشان رايونى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى تەڭشەپ، هەربىي مەشىق ۋەزىپىسىنى قىسقارتىپ، قورال-ياراقلارنىڭ سانى ۋە تارقىتىلىش دائىرىسىنى قىسقارتتى. 1982-يىلى يازدا، كونا قوراللارنىڭ ھەممىسىنى ئەتكەس قىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال-ياراقلىرى هەربىي قىسىملارنىڭ هازىرقى قوراللىنىشى بىلەن ئوخشاش بولدى. 1987-يىلى، رايون ئىچىدىكى 32 زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى باتالىيونىدىن (يىڭ) توققۇزى، خەلق ئەسكەرلىرى روتا (ليەن)دىن 52 سى، خەلق ئەسكەرلىرى ئىزۋوت (پەي) دىن 173ى قۇرۇلدى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 6003 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى 5511 كىشى، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى 492 كىشى.

### 2. هەربىي مەشىق

1962-يىلىدىن بۇرۇن، تيانشان رايونىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ هەربىي مەشىقىنى ئورۇمچى

شەھەرلىك خەلق قورallىق بۆلۈمى بىۋاستە تەشكىللەپ ئېلىپ باردى. ئاساسلىقى ئومۇمىيۈزلۈك مەشىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ۋاقتى تۆت كۈندىن سەككىز كۈن ئەتراپىدا بولدى. ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە كىچىك ئوقۇتقۇچىلار مەشىق قىلدۇرۇلدى. ئاندىن كىچىك ئوقۇتقۇچىلار ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرى مەشىق قىلدۇرۇلدى. مەشىق قىلىشتا بومبا تاشلاش، نەيزە سانجىش، قارىغا ئېتىش ۋە رەتكە تۇرۇش ئاساس قىلىندى. 1963-يىلى، رايون ئىچىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقىگە تيانشان رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى مەسئۇل بولدى، ھەممە تارقاق، كىچىك دائىرىدە، ئۆز ئورنىدا مەشىق ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 1-ئاۋغۇست ئارمىيە بايرىمى ۋە دۆلەت بايرىمى قاتارلىق مۇھىم، چوڭ ھېيت بايراملاردا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقى قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپلەردە «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىق سىناق پروگراممىسى» يولغا قويۇلۇپ، مەشىق تۈرلىرى ئاساسەن رەتكە تۇرۇش ۋە بومبا تاشلاش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەخسۇس كەسىپتىكى كادىرلار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنىڭ مەشىقىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەشىق قىلدۇرۇش تۈرلىرى ئاساسەن ئادەتتىكى قارىغا ئېلىش قائىدىسى، بومبا تاشلاش، يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىش، ئوق ئېتىش ۋە «ئۈچنى مۇداپىئەلىنىش» (ئاتومدىن مۇداپىئەلىنىش، خىمىيىلىك قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش، باكتېرىيەدىن مۇداپىئەلىنىش) مەشىقى بولدى.

1964-يىلى، تارقاق، كىچىك تىپتا، ئۆز ئورنىدا مەشىق قىلىش قوراللىق مەشىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەربىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەشىق قىلىش، قوراللارنى ئۆزلىرى ياساش تەشەببۇس قىلىندى. شۇ يىلى ياغاچ مىلتىقتىن 160 دانە، قول بومبىسىدىن 300 دانە، تەكشۈرۈش (كۆزىتىش) ئەينىكى، قۇم تاغار، ئۈچ بۇرجەكلىك جازا قاتارلىقلاردىن 500دىن ئارتۇقى ياساپ چىقىلدى ھەممە ھەربىي مەشىق جەريانىدا «بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىپ، سوپەت ۋە ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1966-يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زەربىسى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مەشىقى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى، 1969-يىلى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنىلا تارقاق، كىچىك دائىرىدە، ئۆز ئورنىدا مەشىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، مەشىق قىلىش تۈرلىرى ئاساسلىقى قارىغا ئېتىش، گىرانات تاشلاش، پارتلىتىش، يەردە ھەرىكەت قىلىش ۋە ئۈچنى مۇداپىئەلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. مەشىق قىلىش ۋاقتى 15 كۈندىن 30 كۈنگىچە بولدى. 1974-يىلى خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنى نۇقتىلىق مەشىق قىلدۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1974-يىلدىن 1976-يىلغىچە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باتالىيون، پولك، روتا، ئىزۋوت كادىرلىرىدىن 300 ئادەم قېتىم مەشىق قىلدۇرۇلدى.

1979-يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدا ئادەم، ۋاقىت ۋە خىراجەتنى قولغا كەلتۈرۈش زىددىيىتى كۈندىن كۈنگە گەۋدىلىك بولدى. شىنجاڭ 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى، خۇگېيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە، ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەشىق ۋاقتى، خىراجەتنى ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىش، مۇكاپات پۇلى، خۇلاسلاپ مۇكاپاتلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، مەشىققە قاتناشقۇچىلارنىڭ خىجىللىقىنى تۈگەتتى. 1984-يىلى 2-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تۈزگەن «خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

ماتېرىيال توپلىمى»غا ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى كىرگۈزۈلدى ھەمدە ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا كېڭەيتىلدى.

1981-يىلى، باش شتاب خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم مەشىق ئېلىپ بېرىش ۋاقتىنى بېكىتتى. شۇ يىلى 4-ئايدا، رايون ئىچىدىكى شىنجاڭ 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتىنى توپچىلار باتالىيونى (يىڭ)، شىنجاڭ خىمىيە زاۋۇتىدىكى توپچىلار باتالىيونى (يىڭ)، خۇڭگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى، تيانشان بويياش-توقۇش زاۋۇتىدىكى ئۈچ خەلق ئەسكەرلىرى توپچىلار روتىسىدىكى (ليەن) 225 ئادەم ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى تەشكىللىگەن شەھەرنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش بىرلەشمە مانېۋىرىغا قاتناشتى. مانېۋىرغا قاتنىشىش ئارقىلىق، خەلق ئەسكەرلىرى توپچىلار كىچىك ئەترىتىنىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، مانېۋىر ۋاقتى 10 كۈن بولدى.

1981-يىلدىن كېيىن، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، رايون ئىچىدە خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش بازىسىنى قۇردى. بىر كورپۇس 150 كۋادرات مېترلىق سىنىپ بىلەن بىر كورپۇس 350 كۋادرات مېتر ئائىلىلىكلەر ياتاق بىناسىنى سالدى. مەشىق قىلىش بازىسىنى ياساپ چىققاندىن كېيىن، 240 تىن ئارتۇق خەلق ئەسكەرلىرى تايانچلىرىنى تۆت قارارغا بۆلۈپ مەشىق ئېلىپ باردى.

1982-يىلى 12-ئايدا، باش شتاب «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي مەشىق پروگراممىسى»نى ئېلان قىلدى. پروگراممىدا، ھەر بىر خەلق ئەسكىرى مەشىق مەزگىلىدە 30 كۈنلۈك ھەربىي مەشىقنى تۈگىتىش ھەمدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن لاياقەتلىك كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشىقنىڭ ھەر ئىككىسىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ 2-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ كۆمۈركان خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى، خۇڭگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسى-سى قاتارلىق ئورۇنلار ياش ئىشچىلارنى زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردى. 30 كۈنلۈك ھەربىي مەشىق ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلىرى سېخلارغا بۆلۈندى. تيانشان رايونىدىكى ياش ئىشچىلارنىڭ ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇنقى ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش تەجرىبىسىنى، 1984-يىلى 4-ئايدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ئومۇملاشتۇردى، ھەمدە 1982-يىلى 6-ئايدا، مەملىكەتلىك شەھەر خەلق ئەسكەرلىرى خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن «پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر خەلق ئەسكەرلىرى خىزمەت تەجرىبە توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى.

1983-يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئورۇش مەزگىلىدىكى سىناق خىزمىتى تيانشان رايونىدا ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە، زاپاس ھەربىيلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. تىنچلىق مەزگىلىدىكى تۈزۈلمىنى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى تۈزۈلمىگە ئۆزگەرتىش سەپەرۋەر-لىك سىناق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە 1669 زاپاس ھەربىي تەشكىللەندى. بۇنىڭ ئىچىدە زاپاس ھەربىي 166، زاپاس ھەربىي جەڭچىلەر 1503. سىستېمىلار بويىچە ئۆز ئورنىغا قويۇلغان زاپاس ھەربىي تېخنىك ئەسكەرلەر، تولۇقلاشقا تېگىشلىك بولغان تېخنىك ئەسكەرلەرنىڭ 68% نى ئىگىلىدى. زاپاس تېخنىك كادىرلىرى تولۇقلاشقا تېگىشلىك بولغان تېخنىك كادىرلارنىڭ 100% ىنى ئىگىلىدى ھەمدە پولك (تۈەن) ئورگىنى زاپاس ھەربىيلەر باتالىيونىدىن (يىڭ) ئىككىنى يېتەكلەپ ئەمەلىي ئۇرۇش مانېۋىرى مەشىقى يولغا قويۇلۇپ، سىناق ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. 8-ئايدا ئاپتونوم رايون

ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆتكۈزگەن ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش مانېۋىرى جەريانىدا، تيانشان رايونى تەشكىللىگەن شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى ئاسلىس قىلىنغان خەۋەرلىشىش تارماق ئەترىتى بىلەن 183 نەپەر خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەترەت تۆت چاسا بولۇپ پاراتتىن ئۆتتى. ھەممە كوللېكتىپ بويىچە 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. شىنجاڭ 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق 13 نەپەر خەلق قوراللىق كادىرلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. 1987-يىلى تيانشان رايونى خەلق ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچى رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار مۇسابىقىسى جەريانىدا، كوللېكتىپ بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، يەنە يېرىم ئاپتوماتىك مىلتىقتا يېنىك قارىغا ئېتىشتا كوللېكتىپ بويىچە بىرىنچىلىككە، تىز قارىغا ئېتىشتا كوللېكتىپ بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ ياخشى نەتىجە قازاندى.

### 3. سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە

تيانشان رايونى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەشتە، سىياسىي كومىسسار، سىياسىي ئوقۇتقۇچى، سىياسىي يېتەكچى قاتارلىق سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەشكە قويدى.

رايونلۇق خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىگە ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسى تەربىيىسى، ئۇرۇش ۋەزىيەت تەييارلىق تەربىيىسى، شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش» ۋە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى باشلىدى. ئېكسكۇرسىيە قىلىش، دەرس ئۆتۈش ۋە ھېيت-بايرام كۈنلىرىدە يىغىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. خەلق ئەسكەرلىرىنى زاۋۇتلارنى قوغداشقا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى. 1966-يىلدىن 1968-يىلغىچە، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. 1969-يىلدىن كېيىن، خەلق ئەسكەرلىرىگە ئاساسلىقى ئۇرۇش تەييارلىقى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا ھەر ئايدا بىر قېتىم بىر يەرگە يىغىپ دەرس ئۆتۈش ۋە بىر يەرگە يىغىپ ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى ھەمدە چوڭ ھېيت-بايراملاردا قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش تەشەببۇس قىلىندى.

1976-يىلدىن كېيىن، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپە ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى تەربىيىسى، شەرەپلىك ئەنئەنە تەربىيىسى ۋە ئۈچ چوڭ ئىنتىزام سەككىز دىققەت تەربىيىسى ئاساسلىق ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» بويىچە (تەشكىلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسىينى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەربىي ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش) ئىلغار ئورۇنلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1978-يىلى، باش سىياسىي بۆلۈم تارقاتقان «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي تەربىيە دەرسلىك كىتابى»نى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى ئىچىدە لېي فېڭدىن ۋە قاتتىق سۆڭەكلىك 6-ليەندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ھەر ئايدا بىر قېتىم يىغىپ دەرس ئۆتۈلدى. خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەر قېتىم يىغىپ مەشق ئېلىپ بارغاندا، 10% ۋاقىت ئاجرىتىپ، سىياسىي ئىدىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، زاۋۇت-كان، كارخانىلاردىكى قوراللىق بۆلۈم ۋە ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، تەشۋىقات تارماقلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 3-ئۇمۇمىي يىغىنى بېكىتكەن باش ۋەزىپە ۋە باش نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا ئورتاق ھالدا تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك، جانلىق ۋە ئېنىق بولغان تەربىيە شەكلى ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىنى جەلپ قىلدى. «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، «بۇ كەڭ زېمىندا» دېگەن تېمىدا ئەدەبىي ئاخبارات ئوقۇش نۇتۇق يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. تۈرلۈك شەكىلدىكى سىياسىي ئىدىيە تەربىيىسى ئارقىلىق خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ قوراللىق بۆلۈم ئىش باشقۇرغۇچىسى 1979-يىلى 3-ئايدا خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقاندا بىر ئايال خەلق ئەسكىرى تاشلىغان بومبا ئۆزىنىڭ پۇتى قېشىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي بومبىنى ئېلىپ يىراققا تاشلاپ، بىر قېتىملىق ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى؛ 1982-يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى توپچى لېيمىننىڭ مۇئاۋىن لېيمجاڭى تىنچلىق ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەن بىر ياش قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى. 1982-يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ خۇگيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى ئېلېكتر سېخىنىڭ تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش 1-بەنى، 3-بەنى، زاۋۇت ئىچىدىكى ترانسفورماتورغا ئوت كەتكەندە باتۇرلۇق بىلەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ، زور مىقداردىكى توك توختاش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كوللېكتىپ بويىچە 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى، ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ئۈلگىلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى، 1984-يىلىدىكى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى پائالىيىتى جەريانىدا بىر قىسىم خەلق ئەسكەرلىرى خەلق مەيدانىدا خەلققە قولايلىق يارىتىپ مۇلازىمەت قىلىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سالامەتلىكىنى خالىسانە تەكشۈرۈش، خالىسانە ساتىراشچىلىق قىلىش، ئاياغ رېمونت قىلىش، ئۆي ئېلېكتر سايمانلىرىنى خالىسانە رېمونت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە تۈرلۈك مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى.

1986-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى پۇتۇن رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «جەنۇبىي جۇڭگو ئالدىنقى سېپىدىكى سەپداشلارنى خاتىرجەم قىلىش» پائالىيىتى جەريانىدا، پۈتۈن رايوندىكى خەلق ئەسكەرلىرى ھال سوراش گۇرۇپپىسىغا بەس-بەستە قاتنىشىپ، لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. 20348 پارچە ھال سوراش بويۇمى سوۋغا قىلدى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق)؛ 2000 پارچىدىن ئارتۇق ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى. 1987-يىلى ۋيېتنامغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتارما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىككى نەپەر قەھرىماننى تەكلىپ قىلىپ، رايون ئىچىدە 12 مەيدان سەييارە دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. 10 مىڭغا يېقىن خەلق ئەسكەرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

## 2-پاراگراف ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش

ئازادلىقتىن كېيىن دىخۇا شەھىرىدە خالىسانە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1950-يىلدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا، ئاز بولمىغان ياشلار جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىغا بەس-بەستە قاتناشتى. 1955-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. يۇقىرى چۈشۈرۈپ بەرگەن ئەسكەر قوبۇل

قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاساسەن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلدى. رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئورنى كونكرېتنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. سەپەرۋەر قىلىش، ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىملىتىش، كۆزىتىش، سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، ياخشىلارنى تاللاپ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەر ئارقىلىق، قىسىمغا لاياقەتلىك بولغان يېڭى ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ بەردى. 1956-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 19، 1961-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 156، 1962-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 342، 1963-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 74، 1964-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 40، 1965-يىلى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەر 40 بولۇپ، 1959-يىلىدىن 1965-يىلىغىچە جەمئىي 671 ئادەم ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى. 1978-يىلى مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش بىلەن پىدائىي ئەسكەر بولۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى ئۆزگەرتىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 372 ئادەم ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئەسكەرلەر يەتتە نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر 20 نەپەر، 1983-يىلى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسكەرلەرنى قىسىملارغا ئەۋەتتى. 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش بىلەن پىدائىي ئەسكەر بولۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن زاپاس ئەسكەرلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىش جەريانىدا تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىپ، ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىشتا «ئۈچ ئېلان» چىقىرىپ ئەسكەر بېكىتىشتە چەك تۇرۇلدى. بىرىنچى قېتىملىق ئېلاندا، تىزىملاتقانلارنىڭ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان، ياش قورامى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان ياشلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى. ئىككىنچى قېتىملىق ئېلاندا، سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئېلاندا، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىنىپ، ئىدىيىسى ئىلغار، سالامەتلىكى ياخشى بولغان ياشلار قىسىملارغا ئەۋەتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك، قىسىم، ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان ياشلار، ئائىلە باشلىقلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىسى قاتارلىق بەش تەرەپنىڭ رازى بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1986-يىلى پۈتۈن رايوندا «ئەسكەر قوبۇل قىلىش — ئورۇنلاشتۇرۇش — ئېتىبار بېرىش — تەربىيىلەش»دىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن سىناق نۇقتا خىزمىتى يولغا قويۇلدى. يەنە يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ قىسىمغا كىرىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېتىبار بېرىش ئۇقتۇرۇشنامىسى ۋە تەربىيىلەش كېلىشنامىسىنى ئىمزالىدى. يەنە رايونلۇق ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغان ياشلارغا قىسىمغا كىرىش ئۇقتۇرۇشنامىسىنى تارقىتىش بىلەن بىرگە، بەلگىلىمىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئورۇنلاشتۇرماسلىق شەرتلىرى بويىچە، ئەسكەرلەرنىڭ قىسىمدىكى ئىپادىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئورۇنلاشتۇرماسلىقنى بەلگىلىمىدىكى شەرتلەر بويىچە بېجىردى. شۇ يىلى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان ياشلار 1162 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن 250 ئادەم ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندى. بۇ يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر قىسىمغا كىرىش ئالدىدا، رايونلۇق خەلق ئىشلار ئىدارىسى ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان قىسىم بىلەن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش كېلىشنامىسى ئىمزالىدى. ئەسكەرلەر ھەربىي خىزمەت ئۆتەش جەريانىدا، زاۋۇتنىڭ تەلىپى بويىچە تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي تېخنىكىسىنى ئىگىلەشنى ئېنىق بەلگىلەپ، جەڭچىلەرنى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، قىسىم ۋە يەرلىكنىڭ

قوش ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىشلىتىش لاياقەتلىك كىنىشكىسىنى تارقىتىپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى غەم-ئەندىشىدىن خالىي قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، پەن-تېخنىكىدا لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشى ئۈچۈن، يەرلىك ھۆكۈمەت (زاۋۇت)، ئائىلە، جەڭچى، قىسىم ئوتتۇرىسىدا «تۆت تەرەپ ئەھدىنامىسى» ئىمزالىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرقايسىسىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي-ئىدىيە خىزمىتى ئورتاق ھالدا ياخشى ئىشلەندى. 1987-يىلى، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1987-يىلى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقان ياشلار 1711 نەپەر بولۇپ، قوبۇل قىلىنغانلار 300 نەپەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 10 نەپەر.

**1978-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە تيانشان رايونى قوبۇل قىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى**

15-5-2-1 جەدۋەل

| يىللار | ئومۇمىي سان | ئەر ئەسكەرلەر | | ئايال ئەسكەرلەر | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | خەنزۇلار | ئاز سانلىق مىللەتلەر | خەنزۇلار | ئاز سانلىق مىللەتلەر |
| 1978 | 372 | 345 | 20 | 7 | |
| 1979 | 1002 | 924 | 20 | 58 | |
| 1980 | 437 | 378 | 15 | 39 | 5 |
| 1981 | 463 | 419 | 16 | 28 | |
| 1982 | 516 | 505 | 11 | | |
| 1983 | 489 | 475 | 14 | | |
| 1984 | 330 | 317 | 13 | | |
| 1985 | 216 | 206 | 10 | | |
| 1986 | 250 | 233 | 17 | | |
| 1987 | 300 | 290 | 10 | | |
| جەمئىي | 4375 | 4092 | 146 | 132 | 5 |

## 3-پاراگراف خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى

### بىرىنچى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش تەشكىلاتى

1965-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى، تيانشان رايونلۇق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. 1969-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، تيانشان رايونلۇق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى تيانشان رايونلۇق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىشخانا قارمىقىدا تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، قۇرۇلۇش گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى، تارقاقلاشتۇرۇش

گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1974-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، رايونغا قاراشلىق 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانا قۇرۇلۇپ، مەھەللىلەرنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1975-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، تيانشان رايونلۇق ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى، تيانشان رايونى تەۋەسى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنىسازلىق ئىدارىسى، سودا نازارىتى، تېلېگراف ئىدارىسى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش بىلەن شىركىتى، مائارىپ نازارىتى، تيانشان رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت قاتارلىق 21 ئىدارە، ئورگانلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپتى. قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. خىزمەتچى خادىملىرى 15 كىشى بولۇپ، رايون خاراكتېرلىك خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە دائىرىلەرگە بۆلۈنۈپ مەسئۇل بولدى.

1982-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، تيانشان رايونى تەۋەسى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تيانشان رايونلۇق خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. كومىتېت، رايونغا قاراشلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ۋە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپتى. كومىتېت قارىمىقىدا ئىشخانا (قىسقىچە خەلق مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى دېيىلدى) تەسىس قىلىنىپ، رايون خاراكتېرلىك خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1985-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تەڭشىلىپ تولۇقلاندى.

## ئىككىنچى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى

شەھەر رايونىنىڭ خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى 1969-يىلى باشلاندى. ماۋزېدۇڭنىڭ «لەخمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاشلىقنى كەڭرى جۇغلاش، زومىگەر بولۇۋالماسلىق» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، رايون تەۋەسىدە ۋاقىتلىق ۋە ئاددىي بولغان ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپلىرى ياساپ چىقىلدى. يىگىرمە يىل ئىچىدە پۈتۈن رايوندىكى ئىدارە-ئورگانلار ۋە ئاھالىلەردىن 70% دىن كۆپرەك ئادەم ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئاكوپى، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش خەندەكلىرى قاتارلىق يوشۇرۇنۇش ئاكوپلىرىنى قازدى ھەمدە رايوندىكى بارلىق خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى ئۇرۇشتىن بۇرۇن تارقاقلاشتۇرۇش، ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش مەشىقىگە قاتنىشىشقا ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئويۇشتۇرۇلدى.

1970-يىلى دۆلەت ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى خىراجىتى ئاجراتتى. تيانشان رايونى تەشكىللىنىپ، پىلانلىق ھالدا تارقاقلاشتۇرۇش غول تارماق لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. شەھەرنىڭ ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ۋە ھەرقايسى چوڭ تارماقلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قۇرۇلۇشقا ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، ھېيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. ھەرقايسى ئىدارە، ئورگانلار قۇرۇلۇشقا قاتنىشىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، تارقاقلاشتۇرۇش غول لىنىيە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. تۇرلۇك ئۆگىنىش كۇرسىدا مەخسۇس تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش خادىملىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا خادىملىرىنى ئاجرىتىش ئارقىلىق تارقاق لىنىيە قۇرۇلۇشى بويىچە تېخنىكا كۈچى تولۇقلاپ كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1976-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە سەككىز تارقاقلاشتۇرۇش غول-تارماق لىنىيە (بۇنىڭ ئىچىدە بەش غول لىنىيە، ئۈچ تارماق لىنىيە بار)، تۆت سۇ چىقىرىش لىنىيىسى ياساپ چىقىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15.93 كىلومېتىر، ئىشلىتىش كۆلىمى 2.8 كۋادرات مېتىر، كىرىپ چىقىش ئېغىزى 68 بولۇپ،

بۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىپ بولۇنغىنى 33.

1974-يىلى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تارقاقلاشتۇرۇش غول تارماق لىنىيە قۇرۇلۇشىدىن تەدرىجىي ھالدا ھەرقايسى ئىدارە-ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خادىملارنىڭ يوشۇرۇنۇش ئىستىھكامىنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە قارىتىلىپ، غول-تارماق لىنىيە بىلەن ئىدارە قۇرۇلۇشى بۆلەكلەر بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئۇلاش ۋە ئىچكى قىسمىدا رېمونت قىلىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى تورلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى رايون ئىچىدە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1979-يىلى قۇرۇلۇشقا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 100 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. تۈرلۈك مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىدىن جەمئىي 160 دىن ئارتۇقراقى ياسالدى. خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 84 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئىشلىتىش كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارغا خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دۆلەت جەمئىي 7 مىليون 929 مىڭ 800 يۈەن ئاجراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش كەسپىي خىراجىتى 93 مىڭ 800 يۈەن. قۇرۇلۇش جەريانىدا 270 مىڭ 500 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى. ئەمگەككە قاتناشقان ئادەم تەخمىنەن 500 مىڭ ئادەم (قېتىمغا) يەتتى.

1980-يىلى خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلىشتىن تەدرىجىي ھالدا قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇيرىقىنى ئۈزۈش، يۈرۈشلەشتۈرۈش، پۇختىلاش ۋە كىرىش-چىقىش ئىشىكىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يۈزلەندى. ئادەتتىكى مەزگىلدە ئىشلىتىش بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىشنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1987-يىلى، پۈتۈن رايوندىكى 49 ئىدارىنىڭ 26 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرلىق تۈرلۈك مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەللىشىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، بۇ ئومۇمىي قۇرۇلۇشنىڭ 44% نى ئىگىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئېچىش ۋە پايدىلىنىش

1978-يىلى، مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش يىغىنىدا «ئومۇميۈزلۈك لايىھىلەش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، سۈپەت بىرىنچى» دېگەن قۇرۇلۇش فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. رايونلۇق خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ماگىزىنى، ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى يەر ئاستى كۇلۇبىنى ئاچتى (شۇ ئورۇن ئۆزى رېمونت قىلغان). كۇلۇب ئىچىگە گىرىم قىلىش ئۆيى، دەم ئېلىش زالى ياساپ، 1300 ئورۇنغا ئىگە بىرقەدەر زامانىۋىلاشقان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بەرپا قىلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن رايون تەۋەسىدىكى 31 ئورۇندىكى تۈرلۈك مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرى (ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىلگەن كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىر) ئاخىرلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ ياساش، رېمونت قىلىش ئارقىلىق تىجارەت ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرى، ئىسكىلات، ئىشخانا، مەدەنىي پائالىيەت سورۇنى قىلىپ ياساپ چىقىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە شەھەر قۇرۇلۇش تارماقلىرى مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى ئىچىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ باغ-ئورمان بىنا قىلدى. كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلگەن يەر ئاستى سۈيى 660 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن 100 مىڭ يۈەن كۆكەرتىش خىراجىتى تېجەپ قېلىندى.

خەلق ھاۋادىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نەتىجىسى، ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئىشلىتىش بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئىشلىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ، ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايەن قىلدى.

## 4-پاراگراف رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ تەسىس قىلىنىپ، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى قىلىندى. ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 3-يىلى (1911-يىلى) شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، بىلش مۇپەتتىش مەھكىمىسى ۋە چېگرا مۇداپىئە باش ۋالىي مەھكىمە ئىشخانىسى دىخۇادا تەسىس قىلىندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) شېڭ شىسەي ئاۋىئاتسىيە قىسمىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ چىقتى. شۇندىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا ھاۋا ئارمىيىسى بار بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) يەنە دىخۇادا ماشىنىلاشقان قىسىم قۇرۇلدى. بۇ قىسىمدا 22 دانە چاقلىق برونېۋىك بار ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى شىنجاڭغا كىردى. گومىنداڭ گارنىزون قىسمى شتابى ۋە ئامانلىقنى ساقلاش قىسمى شتابى دىخۇادا قۇرۇلدى.

1949-يىلى شىنجاڭ گارنىزون قىسمىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋشيۈ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسى-نىڭ رەئىسى بورھان شەھىدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 9-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇدېغا تېلېگرامما يوللاپ، قوشۇننى باشلاپ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا تۆھپە قوشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، رايون ئىچىدە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئەترىتى، شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى، قوراللىق قىسىم ئۈرۈمچى قوماندانلىق مەكتىپى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئاپتوموبىل تېخنىكا تەربىيىلەش چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى خەۋەرلىشىش تەلىم-تەربىيە چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى ھەربىي مېخانىزم تەلىم-تەربىيە چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى توپچى قىسىم تەلىم-تەربىيە چوڭ ئەترىتى قاتارلىق قىسىملار بار بولدى. 1987-يىلى تيانشان رايونى دائىرىسىدە تۇرۇشلۇق پولكتىن يۇقىرى ھەربىي قىسىم 42 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ تيانشان رايونى دائىرىسىدە.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنى قوغداشتا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 1980-يىلىدىن كېيىن رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئارمىيە ۋە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. قىسىمنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى يەككە-يېگانە، ياشانغان كىشىلەرگە ئاشلىق، گاز سېتىپ ئەكېلىپ بەردى. كېسەللەرنى يۆيۈپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىدى.

قىسىملار ئاھالىلەر كومىتېتلىرى بىلەن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ھەرىكىتىنى، ئوتتۇرا،

باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوستازلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنى ئىززەتلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. زاۋۇتلاردا «ئىككى تەرەپلىمە» (ئەقلىي بىلىم بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئەقلىي بىلىم بىلەن ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش) پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1981-يىلى 9-ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ 2-ئەترىتى تۇنجى بولۇپ رايوندىكى شەھەرلىك 1-باللار باغچىسى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك باللار باغچىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ھەمدە ئىشنى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار مۇھىتنى تۈزەشتىن باشلاپ، دۈگمەن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بەردى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 6000 ئادەم چىقىرىپ، ئاھالىلەر بىلەن يوللارنى ياساپ تۈزلىدى، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشىدى، دەرەخ تىكىپ گۈل ئۆستۈردى، تاملارنى ئاقارتتى، مۇھىتنى ياخشىلاپ شەرقىي ئارقا كوچىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. رايوندا تۇرۇشلۇق 36042-قىسىم خېيجاسەن رايونىنىڭ قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ چىقىرىپ، خېيجاسەن رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش، يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا چىقىشى قىيىن بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت ئۆسمۈرلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇش قاتارلىق تۇرمۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىپ پائال تۆھپىلەرنى قوشتى. 1987-يىلى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ خېيجاسەن ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 36042-قىسىمنىڭ ئارمىيە، خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش نۇقتىسىغا، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، رايوندا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كۆكەرتىش ۋە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردى. بۇنىڭ بىلەن يېپيېڭى بىر ئارمىيە ھۆكۈمەت، ئارمىيە خەلق مۇناسىۋىتى تيانشان رايونىدا كەڭ دائىرىدە ئورنىتىلدى.

# 16-بۆلۈم

# مائارىپ

## ئومۇمىي بايان

چېڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىخۇادا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەزى «يېزا بازار مەكتەپلىرى، ھەقسىز ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر» ۋە بىلىم يۇرتلىرى بارلىققا كەلدى ھەمدە مىڭياڭ كونىچە مەكتىپى قۇرۇلدى. گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 33-يىلى (1907-يىلى)دىن شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلىغىچە (1910-يىلى) ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەش باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەتتە ئورۇندا ئاددىي ساۋات چىقىرىش خۇسۇسىي مەكتىپى تەسىس قىلىندى.

چېڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلار كونىچە مەكتەپ قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر-گە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىل-يېزىقىنى قوللىنىدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا يول قويماسلىق سىياسىتى قوللىنىلدى. شۇڭا مىللىي مائارىپ ئۇزاقىچە قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5-يىلى (1916-يىلى) دىخۇادا تۇنجى قىزلار مەكتىپى قۇرۇلدى (ھازىرقى 8-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا قورۇسىدا)، دەسلەپكى مەزگىلدە 20 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدارلار ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ قىزلىرى ئىدى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىلى) باگۇادىيەن باشلانغۇچ مەكتىپىدە (ھازىرقى شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاساسى) 180 دەك ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، A، B، C، D سىنىپلىرىغا بۆلۈپ دەرس ئۆتۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىز ئوقۇغۇچىلار سىنىپىدىن بىرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، بۇ دىخۇا بويىچە ئوغۇل-قىزلارنى بىر مەكتەپتە سىنىپلارغا ئايرىپ دەرس ئۆتۈشنى ئەڭ بۇرۇن يولغا قويغان باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياقلاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا «مىللەتنى شەكىل، ئالتە چوڭ سىياسەت مەزمۇن قىلىنغان» ئاساستا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇردى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش (مەدەنىيەت ئاقارتىش) جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. تەھرىر-تەرجىمە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تۈزدى. دىخۇا سىفەن مەكتىپىدە ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، موڭغۇل تىلىدىكى سىنىپلار تەسىس قىلىندى. قازاق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك 7-باشلانغۇچ مەكتىپى (ھازىرقى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ) پۈتۈنلەي مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئاز-تولا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۈلكىلىك دىخۇا 4-باشلانغۇچ مەكتىپى (ئەسلىدىكى باگۋادىيەن مەكتىپى)، ئۈلكىلىك دىخۇا 1-باشلانغۇچ مەكتىپى (ئەسلىدىكى ئۈلكىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئۈلكىلىك دىخۇا 7-باشلانغۇچ مەكتىپى (شىخابا باشلانغۇچ مەكتىپى)، ئۈلكىلىك دىخۇا 2-باشلانغۇچ مەكتىپى (ئەسلىدىكى گومىنىڭكى مەكتىپى)نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ماۋزېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى پائال ئۆگەندى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ ياشلار بۆلۈمى باللار تىياتىرى ئۆمىكىنى تەشكىللەپ ئەتىنە توپلاش ئۈچۈن كوچىلاردا ئويۇن قويۇپ، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا كۆچلۈك ياردەم بەردى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) ھازىرقى رايون تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 12 (ئۇيغۇرچە ئىككى مەكتەپ، قازاقچە بىر مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۈچى، سىفەن مەكتەپتىن ئۈچى، داشۆدىن بىرى بار ئىدى. يەنە مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرى، كەسپىي يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى ۋە قىزلار كەسپىي مەكتەپلىرىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ماۋزېمىن قۇرغان مالىيە مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ۋە تىببىي-دورا خادىملىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى بار. بۇ مەكتەپلەر يەنئەندىكى ياپونغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆسىنىڭ ئىنقىلابىي روھى بىلەن بىر ئەۋلاد ياشلارنى تەربىيىلىدى. شۇ يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا ئاشكارە قارشى تۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى ۋە زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى قولغا ئالدى. بەزىلىرىنى ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ساھەسى ئۈگۈنسىزلىققا ئۇچرىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) گومىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا خەلق مائارىپىنى يولغا قويۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مەركىزىي مەكتەپ ياكى خەلق مەكتىپىگە ئۆزگەرتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلىدىن (1946-يىلى) كېيىن ئىقتىساد خارابلىشىپ، پۇل پاخاللاشقانلىقتىن مائارىپ خىراجىتى ئۆز ۋاقتىدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى مەدەنىيەت-مائارىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. ئىشچى-دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى كەڭ كۆلەمدە مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەر ماركسىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، يېڭى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى قوللاندى. مەكتەپلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى. ئىتتىپاق كومىتېتلىرى، پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار سوۋېتلىق كەيلوپ تۈزگەن «پېداگوگىكا»نى ئۆگەندى. دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا «بەش چوڭ ئوقۇتۇش پرىنسىپى» (كۆرسەتمىلىك، ئاڭلىقلىق، ئاكتىپلىق، سىستېمىلىق ۋە مۇستەھكەملەش، ئۆز كۈچىنى مۆلچەرلەش خاراكتېرلىق ئوقۇتۇش پرىنسىپى) قوللىنىلدى. ئوقۇتۇش جەريانىدا «بەش ئوقۇتۇش ھالقىسى» (تەشكىللەش، يېڭى دەرس تەكرار قىلىش، يېڭى دەرس ئۆتۈش، يېڭى دەرسنى مۇستەھكەملەش، تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇش) بويىچە دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەتىجىسىنى باھالاشتا «بەش دەرىجە بويىچە نومۇر قويۇش تۈزۈمى» قوللىنىلدى. مائارىپ ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. شۇ چاغدا رايوندا باللار باغچىسىدىن ئىككىسى، باشلانغۇچ

مەكتەپتىن 15 (ئۇيغۇرچە ئىككى مەكتەپنى، قازاقچە بىر مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوتتۇرا مەكتەپتىن بەش، داشۆدىن بىرى بار ئىدى.

1957-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «بىزنىڭ مائارىپ فاڭجېنىمىز تەربىيلەنگۈچىلەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت» دېگەن مائارىپ فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، تيانشان رايونى رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش مۇددىتى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى جەھەتتە ئىسلاھات سىناقلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشتىن سىرت، يەنە رايوندا تۇرۇشلۇق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بالىلار باغچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. 1956-يىلى رايون ئىچىدە كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ھەربىي قىسىملار ئۆزى باشقۇرىدىغان بالىلار باغچىسىدىن 13، يەسلىدىن 13، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 14 ى بار ئىدى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەن «دەرس توختىتىلىپ ئىنقىلاش» باشلىنىپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1968-يىلى 3-ئايدا دەرس ئۆتۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى يېتىشمىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتنىچە ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا «كاڭدا» (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆ) چە باشلانغۇچ مەكتەپلەر كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپىيىپ كەتكەچكە ئىككى سىمىناغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلانغاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى قاتتىق ئىگىلەنمەي بەزى لاياقەتسىز خادىملار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا قوبۇل قىلىنغانلىقتىن ئوقۇتۇش سۈپىتىگە ئاز-تولا تەسىر يەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات تەدرىجىي شەكىللىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. رايون ئىچىدە مائارىپ ئىسلاھاتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائال قانات يايدۇرۇلدى؛ مائارىپ خىراجىتى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتلىرى ياخشىلىنىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1984-يىلى رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شەھەر بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 98.9% كە يېتىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، تيانشان رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى باسقۇچقا كىردى. بالىلار مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى، ئومۇملىشىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى يىلدىن-يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ قۇرۇشقا باشلىدى. تيانشان رايونى ئالىي مائارىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى، باشلانغۇچ مائارىپى، بالىلار مائارىپى، چوڭلار مائارىپى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ئوقۇتۇش تورىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، نۇقتىلىق داشۆلەر مەركەزلەشكەن مائارىپ بازىسى بولۇپ قالدى.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق باللار باغچىسىدىن ئۈچى بار بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچى 190 نەپەرگە (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 42 نەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باللار 1265كە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇن، ھەربىي قىسىملار باشقۇرىدىغان باللار باغچىسىدىن 45ى بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 986 نەپەرگە، باللار 6171 نەپەرگە (1040 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى؛ رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپتىن 26 سى (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن بەشنى، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرنى، ئۇيغۇر، خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 1293 نەپەرگە (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 345 نەپەرنى ۋە قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 21 نەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 743 نەپەرگە (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 492 نەپەرنى قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 239 نەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي قىسىملار باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن 26سى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 1049 نەپەر، رايون بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 34 (بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ 16) بار بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 2962 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 31 مىڭ 883 نەپەر، رايون بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتىن توققۇزى، ئالىي مەكتەپتىن توققۇزى بار.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.87%، ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.6%، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.6%، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 97% بولدى.

# 1-باب مائارىپ مەمۇرىيىتى

## 1-پاراگراف مەمۇرىي ئاپپاراتلار

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7-يىلى (1918-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى مائارىپ نازارىتىنى تەسىس قىلىپ، دىخۇا شەھەر رايونىدىكى ئۆلكىنىڭ ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي مائارىپىنى بىۋاستە باشقۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنى تەسىس قىلىپ، دىخۇا شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مائارىپىنى ۋە ئىجتىمائىي مائارىپىنى باشقۇردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ (1951-يىلى مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى) باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1950-يىلى ھەرقايسى رايوندا مەدەنىيەت-مائارىپ ياردەمچى خادىملىرى تەسىس قىلىندى، ئۇلار ئاساسلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاساسلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1953-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. 1956-يىلى شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى پۈتۈن شەھەردىكى باللار باغچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تارقالغان رايونى بويىچە تەدرىجىي ھالدا ھەرقايسى رايوندىكى مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە بۆلۈملىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ

بەردى. 1957ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە ئورۇنلىرى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى. كادىردىن جەمئىي توققۇزى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر يەتتە، ئايال ئىككى، بۆلۈم باشلىقىدىن بىرسى سەپلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى. 1969ـ يىلى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مائارىپ ئىنقىلابىي ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ كەسپىنى باشقۇردى. 1971ـ يىلى مائارىپ ئىنقىلابىي ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى ئىسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975ـ يىلى مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى يەنە ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1982ـ يىلى مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تارماقلىرى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984ـ يىلى تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. قارمىقىدا پىلان ـ مالىيە بۆلۈمى، كادىرلار ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمى، مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1985ـ يىلى تيانشان رايونلۇق چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، چوڭلار مائارىپ كەسپىگە مەسئۇل بولدى. 1987ـ يىلى 8ـ ئايدا تيانشان رايونلۇق چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلـدى. ئۇنىڭ كەسپى تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مائارىپ ئىدارىسى قارمىقىدا چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1987ـ يىلى تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ئورگىنىدا جەمئىي 69 ئىشچى ـ خىزمەتچى (كادىر 58، ئىشچى 11) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 59، ئاز سانلىق مىللەتلەر 10، ئەر 16، ئايال 53، ئىدارە باشلىقىدىن بىرسى، مۇئاۋىن باشلىقىدىن ئۈچى سەپلەندى.

## 2ـ پاراگراف ئوقۇتقۇچىلار

### بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى

گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 32ـ يىلى (1906ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆلكە مەركىزى شەھەرلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، بىر يىل ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ھەرقايسى جايلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1ـ يىلى (1912ـ يىلى) بىر قىسىم پېشقەدەم ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە شۇ يەردىكى زىيالىيلاردىن پايدىلىنىپ بېيلىياڭيۇەن ئوقۇش يۇرتىدا بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5ـ يىلى (1916ـ يىلى) سىفەننىڭ تۆنجى قارار سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئىككى يىللىق ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆلكە مەركىزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22ـ يىلى (1933ـ يىلى)دىن كېيىن مائارىپ نازارىتى شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال پىدائىي قوشۇنىدىن بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك ياشلارنى تاللاپ دىخۋادىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24ـ يىلى (1935ـ يىلى)دىن كېيىن، كوممۇنىستلارنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى پائال تەشكىللەپ ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچتى. ھەر يىلى 1ـ ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مائارىپ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. بۇندىن باشقا ئورگانلاردىن قىسقارتىلغان خىزمىتى يوق خادىملار ۋە پارتىيە ھۆكۈمىتىدىكى خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئوقۇتقۇچى قىلىندى. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلار

ئەركىن كەسپتىكىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ %80 تىن يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. باشقىلىرى ئادەتتىكى سىفەن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىدى. ئوتتۇرا سىفەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلار يوق دېيەرلىك ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، رايون ئىچىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى داۋاملىق ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئوقۇتقۇچىلار ئاساسلىق شىنجاڭ 1-سىفەن، قىزلار سىفەن، بۇرۇنقى 2-سىفەن، شەھەرلىك سىفەن قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئاز مىقداردا چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن زىيالىي ياشلار ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ قوبۇل قىلىندى. بالىلار باغچىسىغا ئوقۇتقۇچى بولغانلار ئاساسلىق شىنجاڭ 1-سىفەن مەكتىپىنىڭ بالىلار سىفەن سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، يەنە چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن زىيالىي ياشلار ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بار.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سىفەن مەكتەپلەر تاقالدى، ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن 1972-يىلى جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى «كاڭدا» (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي داشۆ)چە باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە باشقا مەكتەپلەردە ۋەكالىتەن دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلار، شەھەرلەردىن يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىيلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، سىياسەت بويىچە ئورنىغا سەپلەنگەن كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بار. يەنە ئىشچىلىقتىن كادىرلىققا ئالماشتۇرۇلغان خادىملارمۇ بار. بۇ خادىملارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن مەخسۇس تەربىيىلەنمىگەنلىكتىن ئوقۇتۇش سۈپىتى ئازراق تۆۋەنلەپ كەتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەرلىك سىفەن مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. تيانشان رايونلۇق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئۈچ يىللىق دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىن بىر قارار ئاچتى. 14-ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنى ئاچتى. 13-ئوتتۇرا مەكتەپ بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىنى ئاچتى. ھەر يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن رايون قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە بالىلار باغچىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىندى.

**ئىككىنچى، خىزمەتتىكىلەرنى تەربىيىلەش**

ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ خىزمەتچىلىرىگە قارىتا «ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. ئوقۇتقۇچىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى، كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، قەرەللىك ھالدا كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش يولغا قويۇلدى. ئوقۇتقۇچىلار ھەر يىلى قىشلىق كانىكۇل ياكى يازلىق كانىكۇلدا مائارىپ خىزمىتىنىڭ فاڭجېن سىياسەتلىرىنى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1955-يىلى قىشلىق كانىكۇلدا ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇچە پىنيىن ھەرپلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە خەنزۇچە ئامىباپ تىلنى

قوللىنىشنى كېڭەيتىش كۇرسلىرى ئېچىلدى. 1957-يىلى ئوقۇغۇچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 18 نەپەر ئوقۇتقۇچى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىندى. 1958-يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ «مائارىپنى چوقۇم پرولېتارىيات سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چوقۇم ئىشلەپ چىقىرىش ئەمگىكى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. رايوندىكى ئوقۇتقۇچىلار ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆگەندى ھەمدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىك ئەمگەكلىرىگە ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇش ئەمگەكلىرىگە دائىم قاتناشتى. تۆمۈر يول ياساش ۋە ياشلار ئۆستىڭىنى ياساش ئەمگىكىگە خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلار ھەر يىلى يازلىق كانىكۇلدا 10 كۈندىن 15 كۈنگىچە دېھقانچىلىق يازلىق يىغىم ئەمگىكىگە قاتناشتى. 1960-يىلى يازلىق كانىكۇلدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ھۆججەتلىرىنى، تىل-ئەدەبىيات، ھېساب ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئادەتتە يەنە دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ئوقۇتقۇچى جى يۈنچىڭ بىلەن ياڭ يوڭجيا تەكلىپ قىلىنىپ، 1-باشلانغۇچ، 19-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھېساب، تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا دەرس ئۆتتى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دەرسلەر ئۆتۈلدى. دەرس ئاڭلىغانلار 400 دىن كۆپرەك كىشىگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى شىنجاڭ 1-سىفەن مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1963-يىلى قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار تەشكىللىنىپ خىزمەتتىن ئايرىلماي ئوقۇيدىغان ئىككى يىللىق ئوقۇشقا قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار 1965-يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت، كەسپىي سالاپىسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتتى. زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، 1977-يىلى 6-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئوقۇتقۇچىلار قىزىللىشىش ۋە ئىختىساسلىشىش مەكتىپى (1978-يىلى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى) قۇرۇلدى. خىزمەتتىن ئايرىپ، خىزمەتتىن ئايرىلماي قىشلىق ۋە يازلىق كانىكۇلدا مەركەزلىك تەربىيىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 91 ئادەم (قېتىم) (19 ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوقۇتقۇچىلاردىن 3198 ئادەم (قېتىم) (811 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەربىيىلەندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش تەدرىجىي تۈزۈملەشتى ۋە قېلىپلاشتى. 1983-يىلى يازلىق كانىكۇلدا 1-باشلانغۇچ مەكتەپتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئاممىباب تىلنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا 980 ئادەم قاتناشتى. ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولدى. 1986-يىلى «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بېرىش سىناق چارىسى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تيانشان رايونلۇق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى رايوندىكى دۆلەت بەلگىلىگەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولمىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا تەكرار قىلىپ بەردى. 1987-يىلى بىر تۈتاش ئالغان ئىمتىھاندا ئىمتىھانغا قاتناشقان 225 ئوقۇتقۇچىدىن 209 ئوقۇتقۇچى «ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىك لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» گە ئېرىشتى. لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 93% گە يەتتى. يەنە تەربىيىچىلەرنى قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كۆرسىتىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىنى ئۆگىنىش

كۇرسى، قونچاق ياساشنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئاچتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل-سەنئەت، سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 75 كىشى ئاپتونوم رايون ياكى باشقا ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. 19 نەپەر بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىپ كەلدى. تۈرلۈك تەربىيىلەش، ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1987-يىلى «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى» ئىجرا قىلىندى. باھالاش ئارقىلىق رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىدىن ئىككىسى (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى بىر نەپەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشلانغۇچ مەكتەپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىدىن 450 ى (ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى سىستېمىسىدىكى 76 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشلانغۇچ مەكتەپ 1-دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىدىن 496 سى (ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى سىستېمىسىدىكى 108 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، باشلانغۇچ مەكتەپ 2-دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 145 ى (ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى سىستېمىسىدىكى 46 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 3-دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن 89 ى (ئۇيغۇر تىلى ۋە قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 52 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باھالاپ چىقىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئادەتتىكى سەۋىيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1987-يىلى تيانشان رايونلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا تەتقىقات جەمئىيىتى يازلىق كانىكۇلدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش كۇرسىدىن بىرقانچىنى ئاچتى. مەركىزىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدىكى جاڭ تيەنرۇ، بېيجىڭ سىفەن داشۆسىدىكى ساۋ يۈتيەندىن ئىبارەت ئىككى مۇتەخەسسىسنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئۆگىنىشكە رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 402 كىشى قاتناشتى.

## ئۈچىنچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى

1950-يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى بېرىلىدىغان تېرىق مىقدارى بىلەن بەلگىلىنەتتى. 1952-يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدا ئىش ھەققىنى دەرىجىگە بۆلۈشكە ئۆزگەرتىلدى. 1956-يىلى مائاش ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22.74% ئاشۇرۇلدى. بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22.6% ئاشۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ۋە ئىسسىنىش قوشۇمچە پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى؛

1978-يىلى 4-ئاينىڭ 22-كۈنى دېڭ شياۋپىڭ مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا «بىز خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ قالماي، پۈتكۈل جەمئىيەتمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1979-يىلى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئوڭچى ئۇنسۇر دەپ خاتا ئايرىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوڭچى ئۇنسۇر دېگەن قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدى. كەڭ ئوقۇتقۇچىلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئىلھامىدا پائال تىرىشىپ، كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى جەمئىيەتنىڭ

ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى سارە ئەخمەت مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «8-مارت قىزىل بايراقدار» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 1981-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 1985-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مەزگىلىدە تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلىق ستاژى 25 يىلغا توشقان 387 ئوقۇتقۇچىغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە خاتىرە بۇيۇمى تارقىتىپ بەردى، 18 نەپەر مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن 52 نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 81 ئوقۇتقۇچىغا گاز ئوچىقى ھەل قىلىپ بەردى. 186 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى يېڭى بىنا تۇرالغۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. 30 ئوقۇتقۇچى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى.

1978-يىلدىن 1986-يىلغىچە، باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئالتە قېتىم تەڭشەلدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر يەنە زىيالىيلار ياردەم پۇلى، ستاژ قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئوقۇتقۇچىلىق ستاژ قوشۇمچە ياردەم پۇلى، گېزىت-ژۇرنال خىراجىتى، تازىلىق پۇلى، سىنىپ مۇدىرى قوشۇمچە پۇلى، يىلنىڭ ئاخىرىدىكى مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولدى. رايونلۇق ھۆكۈمەت 2 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە 12 مىڭ كۋادرات مېترلىق تۇرالغۇ ئۆي-بىناسى سېلىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ-ئۆي شارائىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىدى. رايونىمىزدا 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 23 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. 24 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، تيانشان رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە جەمئىي 1293 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى بار بولۇپ (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 342 كىشىنى، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 21 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىسى 76، ئوتتۇرا سىفەن ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 980، باشلانغۇچ سىفەن ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 237. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا پارتىيە ئەزاسىدىن 252 سى (49 نەپەر مىللىينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار. ئىتتىپاق ئەزاسىدىن 235 ى (80 مىللىينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچىدىن 1137سى (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكىسى 315، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 19) بار.

## 3-پاراگراف مەكتەپ خىراجىتى، ئەسلىھەلىرى

**بىرىنچى، خىراجەت**

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، دىخۇادىكى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتى چىڭ ئوردىسى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ھەم بىلىم يۇرتلىرىنىڭ باج-سېلىقى ئارقىلىق تەييارلىناتتى. مەسچىتلەر ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى مەسچىتلەرنىڭ كەسپىي كىرىمىدىن ۋە مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئاجرىتاتتى. ھەرقايسى مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرى ئاچقان مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپ چىقىرىش كىرىمىدىن چىقىم قىلىناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، رايونغا قاراشلىق مائارىپ خىراجىتى (مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش

خىراجەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسلىق دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلدى ۋە شەھەرلىك، رايونلۇق ھۆكۈمەت تەييارلاپ بەردى. دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە كېرەكلىك خىراجەت دۆلەتنىڭ كەسپىي خىراجەت خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مائارىپ كەسپىي خىراجىتى بويىچە ئاجرىتىلدى. شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ تەييارلاپ، ئاساسلىق مەكتەپلەرنىڭ بىنالىرى-نى رېمونت قىلىش ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆزى رايون دەرىجىلىك مالىيە قۇرغاندىن كېيىن، مەكتەپلەرنىڭ مائارىپقا ئىشلىتىلىدىغان خىراجىتىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېشىش ھەجمى خېلى زور بولدى. 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە چىقىم قىلىنغان ئومۇمىي مائارىپ خىراجىتى 29 مىليون 407 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ پۈتۈن رايون مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 50% نى ئىگىلىدى.

مائارىپ خىراجىتى ئاساسلىق ئۈچ جەھەتكە چىقىم قىلىندى. بىرىنچى، شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن قىسمى، بۇ ئىش ھەققى، ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ۋەكالىتەن دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى، ئۆي ئىجارىسى قوشۇمچە ياردەم پۇلى، گېزىت-ژۇرنال پۇلى، تۇغقان يوقلاش يول پۇلى، نەپىقە پۇلى، دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلى، يالغۇز پەرزەنتلىك بولۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى، سىنىپ مۇدىرى قوشۇمچە پۇلى، داۋالىنىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن قىسمى، بۇ ئىش بېجىرىش خىراجىتى، ئىسسىنىش خىراجىتى، كاماندىروپكا — ساياھەت خىراجىتى، كەسپىي خىراجەت (كىتاب، ئەسۋاب، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق خىراجەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش خىراجىتى، پارچە-پۇرات رېمونت قىلىش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى.

### 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ خىراجىتى

16-1-3-1 جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئاجرىتىلغان سانى | مائارىپ خىراجىتى چىقىمى | خادىملار خىراجىتى | رېمونت قىلىش خىراجىتى | ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش خىراجىتى | ھۆكۈمەت خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەن چىقىمى تولۇقلىمىسى | ئومۇمىي ئىشلار خىراجىتى | ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىگەن خىراجىتى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 440 | 485.24 | 329 | 58 | 70.1 | 17.5 | 4 | 6.64 | 164.60 |
| 1986 | 550 | 492.15 | 380 | 40 | 3.5 | 5.7 | 4.2 | 58.75 | 214 |
| 1987 | 421 | 431.16 | 383 | 7 | | 3 | 2.3 | 35.86 | 221 |

### 1985-يىلى تيانشان رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتىنىڭ (ئومۇمغا ئىشلىتىلگەن قىسمى) تەقسىم قىلىنىش جەدۋىلى

16-1-3-2 جەدۋەل بىرلىكى: يۈەن

| تەرتىپ | مەكتەپ ئىسمى | ئومۇم ئىشلار خىراجىتى | مەكتەپ مۇدىرى فوندى | داۋالىنىش خىراجىتى | پاراۋانلىق خىراجىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | 143915 | 46770 | 54060 | 12288 |
| 1 | 1-باشلانغۇچ مەكتەپ | 5940 | 2310 | 2760 | 621 |

| تەرتىپ | مەكتەپ ئىسمى | ئومۇم ئىشلار خىراجىتى | مەكتەپ مۇدىرى فوندى | داۋالىنىش خىراجىتى | پارلاۋانلىق خىراجىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 2 | 2-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3629 | 2110 | 2360 | 531 |
| 3 | 4-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3111 | 900 | 2240 | 504 |
| 4 | 5-باشلانغۇچ مەكتەپ | 5940 | 3370 | 2840 | 639 |
| 5 | 7-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3111 | 540 | 2400 | 540 |
| 6 | 8-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2592 | 1810 | 1520 | 340 |
| 7 | 9-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2592 | 750 | 800 | 405 |
| 8 | 10-باشلانغۇچ مەكتەپ | 6653 | 3520 | 2880 | 648 |
| 9 | 11-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2274 | 390 | 1440 | 384 |
| 10 | 12-باشلانغۇچ مەكتەپ | 4839 | 840 | 2920 | 657 |
| 11 | 13-باشلانغۇچ مەكتەپ | 4839 | 2990 | 2440 | 549 |
| 12 | 15-باشلانغۇچ مەكتەپ | 5530 | 2130 | 3080 | 693 |
| 13 | 17-باشلانغۇچ مەكتەپ | 864 | 370 | 600 | 125 |
| 14 | 19-باشلانغۇچ مەكتەپ | 52280 | 1100 | 2480 | 558 |
| 15 | 20-باشلانغۇچ مەكتەپ | 4320 | 1780 | 2600 | 585 |
| 16 | 23-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1728 | 1030 | 1100 | 225 |
| 17 | 28-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2420 | 1230 | 1280 | 288 |
| 18 | 29-باشلانغۇچ مەكتەپ | 4148 | 720 | 2840 | 639 |
| 19 | 30-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2765 | 800 | 1680 | 378 |
| 20 | 31-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2765 | 5040 | 1400 | 315 |
| 21 | 32-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3465 | 600 | 2920 | 523 |
| 22 | 33-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1728 | 500 | 920 | 207 |
| 23 | 40-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2420 | 1230 | 1520 | 342 |
| 24 | 41-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2420 | 2290 | 1320 | 297 |
| 25 | 43-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3456 | 600 | 2000 | 450 |
| 26 | 44-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2074 | 1660 | 1080 | 243 |
| 27 | 49-باشلانغۇچ مەكتەپ | 3111 | 4610 | 1600 | 366 |
| 28 | 53-باشلانغۇچ مەكتەپ | 2901 | 550 | 1040 | 234 |

**ئىككىنچى، ئەسلىھەلىرى**

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇا شەھىرىدىكى مەكتەپ بىنالىرىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى بىلىم يۇرتى، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىنالىرى، بۇتخانا، مەسچىت ۋە خەلقنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن ئۆزگەرتىپ سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپ يىللاردىن بويان رېمونت قىلىنمىغان ئادەتتىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىرىنچى بەش يىللىق ۋە ئىككىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئاز دېگەندە يېڭىدىن ئىككى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىش سۈرئىتى بويىچە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1963-يىلى يۇقىرى تيانشان رايونى قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن رېمونت خىراجىتىدىن 203 مىڭ 300 يۈەن ئاجرىتىپ، 28 ئېغىز سىنىپ سالدۇردى، پارتا، ئورۇندۇقتىن 1650 يۈرۈش (رايون ئۆزى خىراجەت توپلاپ سېتىۋالغان 225 يۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆپەيتتى. 1982-يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 9970 كۋادرات مېترلىق قۇرۇلۇش سالدى.

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلاش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەكتەپلەر يەنە پائال مەبلەغ توپلىدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا 1980-يىلدىن 1985-يىلى باھارغىچە رايونلۇق 1-، 5-، 10-، 13-، 43-باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئىبارەت بەش باشلانغۇچ مەكتەپ 889 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ توپلىغان، مەكتەپلەر توپلىغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پارتا، ئورۇندۇقلارنى سېتىۋالدى. پائالىيەت ئۆيلىرى، تەجرىبىخانا سېلىپ، مەشغۇلات مەيدانلىرىغا قاراماي ياتقۇزدى، تەنتەربىيە رادىئو سايمانلىرى، ئوقۇتۇش خەرىتىلىرى، كىتاب، تېز بېسىش ماشىنىسى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۈن ئالغۇ، سىن ئالغۇ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. ئۈزلۈكسىز يېڭىدىن سېلىش، ئۆزگەرتىپ سېلىش ئارقىلىق، رايونغا قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ كۆپ ساندىكى ئادەتتىكى ئۆيلىرى بىنالارغا ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىدىغان سىنىپلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ-ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. 1987-يىلى يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ بىنالىرى قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 11 مىڭ 800 كۋادرات مېترغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5151 كۋادرات مېتر، رېمونت قىلىنغان، يېڭىدىن سالغان ھاجەتخانىلارنىڭ كۆلىمى 740 كۋادرات مېترغا يەتتى.

**1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە يېڭىدىن سېلىنغان (ئۆزگەرتىلگەن) مەكتەپ ئۆيلىرى كۆلىمىنىڭ ستاتىستىكىلىق جەدۋىلى**

16-1-3-3 جەدۋەل

| يىللار | يېڭىدىن سېلىنغىنى (كۋادرات مېتر) | ئۆزگەرتىلگىنى (كۋادرات مېتر) |
|---|---|---|
| جەمئىي | 24287.86 | 24743.52 |
| 1979 | 118.75 | 622.18 |
| 1980 | | 2263.31 |
| 1981 | | 3327.37 |
| 1982 | 720.63 | |
| 1983 | | 9884.18 |
| 1984 | 6329.41 | 592 |
| 1985 | | 8054.48 |
| 1986 | 5337.81 | |
| 1987 | 11781.26 | |

# 2-باب ئادەتتىكى مائارىپ

## 1-پاراگراف باللار مائارىپى

گۇاڭشۇ سەلتەنىتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىخۇادا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ «ئاقارتىش مەكتىپى»نى قۇردى. بۇ باللار باغچىسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئارىلىقىدىكى ئاقارتىش تەربىيىسىنى بېرىدىغان دەسلەپكى مەزگىل-لەردىكى بىر خىل تەلىم-تەربىيە شەكلى ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى دىخۇا 1-يەسلىسىنى قۇرۇپ، 20 بالىنى قوبۇل قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) 120 بالىنى قوبۇل قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) بۇ يەسلى قۇتقۇزۇش ئورنى قۇرغان دارىلئېتام (يېتىم-يېسىرلار ساناتورىيىسى) بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دىخۇا باش ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسىغا (بۈگۈنكى دۆلەت قۇرۇش يولىدىكى باللار باغچىسىنىڭ ئورنى) كۆچۈرۈلۈپ، ئىسمى دىخۇا باللار 1-باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1949-يىلى دىخۇا قىزلار 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى رىشىدە ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى قىزلار 2-ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى باللار باغچىسىنى (بۈگۈنكى قىزىل بايراق باللار باغچىسىنىڭ ئاساسى) قۇرۇپ، 50 بالىنى قوبۇل قىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىككى باللار باغچىسىدىكى ئۆسمۈرلەر جەمئىي 112 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 19 غا يەتتى.

1951-يىلى دىخۇا باللار 1-باغچىسىنىڭ نامى دىخۇا شەھەرلىك باللار 1-باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. قىزلار 2-ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى باللار باغچىسىنىڭ نامى 2-يەسلىگە ئۆزگەرتىلدى. 1950-يىلى ئېھتىياج يولىدا باللار 2-باغچىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، رايوندا تۇرۇشلۇق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي قىسىملار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ غەم-ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئايال ئەمگەك كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ئۆز سىستېمىسى، ئۆز ئورنىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان يەسلى، باللار باغچىلىرىنى كەينى-كەينىدىن قۇردى. 1960-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە رايون ئىچىدىكى يەسلى، باللار باغچىلىرى جەمئىي 24 گە يەتتى. 1960-يىلى باللار 2-يەسلىسىنىڭ نامى قىزىل بايراق باللار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. قىزىل بايراق باللار باغچىسىغا كىرگەن باللار ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، تاتار، ئۆزبېك، مانجۇ، خۇيزۇ، خەنزۇدىن ئىبارەت سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «قوش تىل»دا (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە) ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان بىردىنبىر باللار باغچىسى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باللار مائارىپى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى قوزغىدى. رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ، باللار مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇردى. 1-، 2-، قىزىل بايراق باللار باغچىسىنىڭ بالا تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش بىنالىرى ئارقا-ئارقىدىن پۈتتى ھەمدە ئاكاردېيون، رويال، پرويېكسىيە، ئۈن ئالغۇ قاتارلىق ئوقۇتۇش قوراللىرى كۆپەيتىلدى. ئالتۇن بېلىق شەكىللىك سىرىلغۇچ شوتا، چوڭ پاراخوت، ئاققۇ شەكلىدىكى سۇغا چۆمۈلۈش كۆلچىكى ۋە ئايلىنىشچان ئورۇندۇق قاتارلىق چوڭ تىپتىكى باللار ئويۇنچۇقلىرى كۆپەيتىلدى. باللارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرى قۇرۇلدى.

كۆچەت تىكىپ، گۈللەر تېرىلىپ، مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈلۈپ، باغچا شارائىتلىرى ياخشىلىنىپ، ئىلمىي باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، باللار باغچىسىنى باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق ئۈچ باللار باغچىسىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 190 غا(ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 42 كىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىچى 51 نەپەر. ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 10 نەپەر. بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 16 نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 20 نەپەر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 5 نەپەر، باللار باغچىسىدىكى باللار 1265كە يەتتى. رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار، ھەربىي قىسىملارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باللار باغچىسى 45 بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 986 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 142 نەپەر، تەربىيىچى 593 نەپەر، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرى 20 نەپەر، ئاشپەز 62 نەپەر، باشقا خادىملار 95 نەپەر، ۋاقىتلىق ئىشچى 74 نەپەر، باللار باغچىسىدىكى باللار 6171 (1040 مىللىي بالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە يەتتى.

بىرىنچى، تەربىيىلەش

ئازادلىقتىن كېيىن 1952-يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «باللار باغچىسىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، رايونغا قاراشلىق باللار باغچىلىرى ھەر يىلى 9-ئايدا ئۈچ ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان باللارنى قوبۇل قىلدى. باللارنىڭ يېشىغا قاراپ كىچىكلەر سىنىپى، ئوتتۇرا ياشتىكى باللار سىنىپى، چوڭ ياشتىكى باللار سىنىپىغا بۆلۈپ تەربىيىلىدى. كىچىكلەر سىنىپىدىكى باللار ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە بولۇپ، ھەربىر سىنىپقا 20 دىن 25 كىچە بالا، ئوتتۇرا ياشتىكى باللار سىنىپىدىكى باللار تۆت ياشتىن بەش ياشقىچە بولۇپ، ھەربىر سىنىپقا 25 تىن 30 غىچە بالا، چوڭ ياشتىكى باللار سىنىپىدىكى باللار بەش ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولۇپ، ھەربىر سىنىپقا 30 دىن 35 كىچە بالا قوبۇل قىلىندى.

«باللار باغچىسىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن باللار باغچىلىرىدا تەنتەربىيە (قىزىقارلىق ئويۇنلار، گىمناستىكا، ئۇسسۇل قاتارلىقلار)، تىل (ھېكايە، قوشاق، تېپىشماق ئېيتىش)، مۇھىتنى تونۇتۇش (كۈندىلىك تۇرمۇش مۇھىتى)، رەسىم سىزدۇرۇش، قول ھۈنىرى (قەغەز ۋە لايدا ئويۇنچۇق ياساش ھۈنىرى)، مۇزىكا (ناخشا ئېيتىش، مۇزىكا ئاڭلاش، چالغۇ ئەسۋابلار، ئويۇن قويۇش)، ھېساب (سان ۋە ئاددىي ھېسابلاشلارنى ئۆگىنىش) قاتارلىقلار تەربىيە مەزمۇنى قىلىندى. 50-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تەربىيىچىلەر خىزمىتى قىبلىنامىسى»دا بەلگىلەنگەن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قوللىنىلدى. ئوقۇتۇش جەريانىدا باللارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى مۇۋاپىق يېتىلدۈرۈلدى. چوڭلار سىنىپىدىكى باللار بەسەي، كۆممىقوناق، داۋۇر، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلارنى تېرىشقا تەشكىللەندى. 1960-يىلى ئوقۇتۇش ئىسلاھ قىلىنىپ، كىچىك باللار سىنىپىدىكىلەردىن 100 تاق سۆزنى ئۆگىنىش، ئوتتۇرا سىنىپتىكى باللاردىن 150 تاق سۆزنى ئۆگىنىش، چوڭلار سىنىپىدىكى باللاردىن 200 تاق سۆزنى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىندى ھەمدە پىنيىن، خەنزۇچە خەت ئۆگىنىش قوشۇلدى. يەنە چوڭلار سىنىپلىرى بويىچە سۇ بوياق رەسىمنى سىزىش سىناقلىرى، ۋاسكىتبول مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. باللارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن، باللار باغچىلىرى كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزلىرى قونچاق ياساش، پائالىيەت كارتوچكىسى، يەر تۈزۈلۈشىنىڭ قۇمدىن ياسالغان مودېلى، تۆۋتنى چاپلاشتۇرۇپ ياسىغان بۇيۇملار قاتارلىق ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ياسىدى. باللار 1-باغچىسى شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە باللار مائارىپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1962-يىلى ئاپتونوم رايون ئۆزى تۈزگەن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قوللىنىلدى. 1964-يىلى

مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قوللىنىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، باللار مائارىپى زەربىگە ئۇچراپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى پىيەن قىلىندى. دەرس ئۆتۈش ۋاقتىدا پەقەت «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن»نى ئوقۇتۇش، «تۈزۈلگەن»دىكى ناخشىلار ۋە ئۆلگىلىك تىياتىرلار ئېيتىلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن نورمال باللار مائارىپى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1981-يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى «باللار باغچىسى تەربىيە-سى پروگراممىسى»نى ئېلان قىلىپ تارقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، رايونغا قاراشلىق باللار باغچىلىرى باللارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەنتەربىيە، تىل، ئومۇمىي ساۋات، ھېسابلاش، مۇزىكا، گۈزەل-سەنئەت دەرسلىرىنى رەسمىي تەسىس قىلدى. 1983-يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن باللار ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قوللىنىلىپ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى. مۇنەۋۋەر دەرسلەرنى باھالاش ئارقىلىق، تەربىيىلەش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قىزىل بايراق باللار باغچىسى «قوش تىل»دا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويغانلىقتىن، كۆپلىگەن خەنزۇ باللار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ئادىي سۆزلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. ئاز سانلىق مىللەت باللىرىمۇ خەنزۇچە ئاممىباب تىل ئارقىلىق خەنزۇ باللار بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان بولدى. بۇ باللار باغچىسىنىڭ باشلىقى ئايخان تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن 1983-يىلى مەملىكەت بويىچە يەسلى، باللار باغچىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1987-يىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئامېرىكا، ياپونىيە، شۋېتسارىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن دوستلار بۇ باغچىدا ئېكىسكۇر-سىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

**1981-يىلىدىكى باللار باغچىلىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى كۆرسىتىش جەدۋىلى**

16-2-1-1 جەدۋەل

| دەرس تۈرى | كىچىكلەر سىنىپى | | ئوتتۇرا سىنىپ | | چوڭلار سىنىپى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئالدىنقى مەۋسۇم | كېيىنكى مەۋسۇم | ئالدىنقى مەۋسۇم | كېيىنكى مەۋسۇم | ئالدىنقى مەۋسۇم | كېيىنكى مەۋسۇم |
| تەنتەربىيە | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| تىل | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| ئومۇمىي ساۋات | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| ھېسابلاش | | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 |
| مۇزىكا | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| رەسىم | 2 | 2 | 2 | 2 | 3 | 3 |
| جەمئىي | 6 | 8 | 10 | 11 | 12 | 12 |
| دەرس ۋاقتى | 15_10 مىنۇتقىچە | | 25_20 مىنۇتقىچە | | 30_25 مىنۇتقىچە | |

**ئىككىنچى، ساقلىقنى ساقلاش تەربىيىسى**

50-يىللارنىڭ بېشىدا، كونا ئازاد رايونلارنىڭ «ھەممىسى باللار ئۈچۈن» دېيىدىغان باللار تەربىيىسى تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلدى. 1958-يىل باللار باغچىسىدا «تەربىيىچىلەر باللارنىڭ ئانىلىرى

بىلەن بەسلىشىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. باللار 1-باغچىسى، باللار 2-باغچىسىنىڭ پۈتۈن كۈن قاراش تۈزۈمى ياتاقتا ياتقۇزۇپ قاراش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، باللارغا قارىتا «سەككىزگە كاپالەتلىك قىلىش» (تىرنىقىنى ئېلىش، چېچىنى ئېلىش، كىيىمىنى يۇيۇش، يۇيۇندۇرۇش، تىكىش-ياساش، داۋالاش، خەۋەر ئېلىش، يوتقان-كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ بېرىش) يولغا قويۇلدى. سىنىپلاردا «تۆت رەتلىك بولۇش» (كىيىم ئاسقۇچ جاھازىسى ئىچىدىكى كىيىم-كېچەكلەر رەتلىك بولۇش، لۆڭگىلەر رەتلىك ئېسىلىش، چىش چوتكىلاشتا ئىشلىتىدىغان كورۇشكىلارنى رەتلىك قويۇش، يوتقانلارنى قاتلاپ رەتلىك قويۇش) ۋە «تۆت پاكىز بولۇش» (ئىشىك-دېرىزە، يەر، جوزا، ئورۇندۇق، كارىۋات كىرلىكلىرى پاكىز بولۇش) يولغا قويۇلدى. يەسلى، باللار باغچىلىرى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەربىيىچىلەرنىڭ ساپاسىمۇ ئاز-تولا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تەربىيىچىلەر ئارىسىدا «ئۈچ ئومۇمىي» (مائارىپ فاڭجېننى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، بارلىق باللارغا يۈزلىنىش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش) ۋە «تۆت بولۇش» (قىزغىن بولۇش، كۆڭۈل بۆلۈش، سەۋرچان بولۇش، ئەستايىدىل بولۇش) «تۆتتە چاققان بولۇش» (قولى چاققان، كۆزى چاققان، ئېغىزى چاققان، پۇتى چاققان) قاتارلىق تەلىم-تەربىيىلەر يولغا قويۇلۇپ، باللارنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باللارنىڭ سالامەتلى-كىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەنە ئۇلارنىڭ تامىقى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوزۇقلۇقى كۈچەيتىل-دى. بىر ھەپتە ئىچىدە بىر خىل تاماقنى تەكرار ئەتمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

**ئۈچىنچى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى**

60-يىللاردا يەسلىدە كۈنلۈك تۇرىدىغان باللاردىن تەربىيىلەش ھەققى ئۈچۈن ھەربىر بالىدىن ئېيىغا ئىككى يۈەن ئېلىنىدى، يەسلىدە ھەپتىلىك تۇرىدىغان باللاردىن تەربىيىلەش ھەققى ئۈچۈن ھەربىر بالىدىن ئېيىغا بەش يۈەن ئېلىنىدى. تۆت يېرىم ياشتىن كىچىك باللارنىڭ كۈندىلىك تامىقى ئۈچۈن ئۈچ مو، تۆت يېرىم ياشتىن چوڭ باللارنىڭ كۈندىلىك تامىقى ئۈچۈن تۆت مو پۇل ئېلىنىدى. ھەربىر بالىدىن ئېيىغا بەش مو تازىلىق پۇلى ئېلىنىدى. 70-يىللاردا يەسلىدە كۈنلۈك تۇرىدىغان باللاردىن تەربىيىلەش ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا ئىككى يۈەن، يەسلىدە ھەپتىلىك تۇرىدىغان باللاردىن ھەر ئايدا بەش يۈەن، تۆت يېرىم ياشتىن كىچىك باللارنىڭ كۈنلۈك تاماق پۇلى ئۈچۈن 4.5 مو، تۆت يېرىم ياشتىن چوڭ باللارنىڭ كۈنلۈك تاماق پۇلى ئۈچۈن بەش مو، تازىلىق پۇلى ئۈچۈن ھەربىر بالىدىن ئايدا بىر يۈەندىن پۇل ئېلىنىدى. 1987-يىلى ھەربىر بالىدىن سەككىز يۈەن تەربىيىلەش ھەققى، 12 يۈەن باشقۇرۇش ھەققى، بىر يۈەن تازىلىق پۇلى ئېلىنىدى. كىچىكلەر سىنىپىدىكى باللارنىڭ كۈنلۈك تاماق ھەققى ئالتە مو، ئوتتۇرا سىنىپتىكى باللارنىڭ ھەر كۈنلۈك تاماق پۇلى يەتتە مو، چوڭلار سىنىپىدىكى ھەربىر بالىنىڭ تاماق پۇلى سەككىز مو بولدى.

### 1982-يىلى باللار 1-باغچىسىنىڭ 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە بولغان تاماق-سەي تۈرلىرى جەدۋىلى

16_2_1_2 جەدۋەل

| كۈنلەر | ناشتىلىق | چۈشلۈك تاماق | چۈشلۈك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | كەچلىك تاماق |
|---|---|---|---|---|
| دۈشەنبە | سۈت، موما، قىزىل دۇغۇ | سۇيۇقئاش | ئالما | گاڭپەن، پىنتوزىلىق، گۆش-لۈك بەسەيسەي |
| سەيشەنبە | سۈت، موما، تۇزلانغان سەي | شورپا | پىشۇرۇلغان دانۇر | سۇيۇقئاش |

| كۈنلەر | ناشتىلىق | چۈشلۈك تاماق | چۈشلۈك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | كەچلىك تاماق |
|---|---|---|---|---|
| چارشەنبە | سۈت، موما، كۆش ۋە سېرىق پۇرچاق بىلەن قورۇلغان سەي | گۆشلۈك سەي، تۇزلانغان سەي، كاتچەن | دۇملەپ پىشۇرۇلغان سەۋزە، ياڭيۇ | كاتچەن، ۋەنزە |
| پەيشەنبە | سۈت، موما، قىزىل دۇخۇ | موما، تۇخۇم، دۇخۇ شورپىسى | قاق | شۇۋىگۇرۇچ، گۆشلۈك قاتلىما |
| جۈمە | سۈت، موما، تۇزلانغان سەي | شېكەر، مانتا، شۇۋىگۇرۇچ | پىشۇرۇلغان سېرىق پۇرچاق | سەي شورپىسى، قازان نېنى |
| شەنبە | سۈت، موما، قورۇلغان ۋە تۇزلانغان سەي | سۇيۇقئاش | كەمپۈت | پولو |

## 1987-يىلى بالىلار 1-باغچىسىنىڭ 2-ئاينىڭ 2-ھەپتىسىدىكى تاماق تۈرلىرى جەدۋىلى

3-1-2-16 جەدۋەل

| كۈنلەر | ئەتىگەنلىك تاماق | چۈشلۈك تاماق | چۈشلۈك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر | كەچلىك تاماق |
|---|---|---|---|---|
| دۈشەنبە | بولكا، سۈت، پۇرچاق مۇرابباسى | گۆشلۈك بەسەي سەي، سۇيۇقئاش | تەشپۇت | كاتچەن، پىشۇرۇلغان دۇخۇ |
| سەيشەنبە | موما، سۈت | كاتچەن، گۆشلۈك بەسەي سەي | كەمپۈت | پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، قاسقان قاتلىمىسى، ماش شۇۋىگۇرۇچ |
| چارشەنبە | موما، سۈت، تۇخۇم | كۆكچىچۇتلۇك قاسقان قاتلىمىسى، راك شورپىسى | ئاپېلسىن | دۇملەپ پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، دۇملەپ پىشۇرۇلغان قاتلىما نان |
| پەيشەنبە | موما، سۈت، تۇزلانغان سەي | قوي گۆشى، تۇزلانغان سەي، كاتچەن | پېچېنە | قوي گۆشى قازان نېنى |
| جۈمە | موما، سۈت، قىزىل دۇخۇ | پوشكال، شۇۋىگۇرۇچ | ئالما | كاتچەن، گۆشلۈك ياڭيۇ |
| شەنبە | موما، پۇرچاق مۇرابباسى | سۇيۇقئاش، تۇخۇمدىن قورۇلغان چېچەكسەي | | گۆشلۈك پولو، تۇرۇپ شورپىسى |

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىغا قاراشلىق بالىلار باغچىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى

4-1-2-16 جەدۋەل

| رەت نومۇرى | نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | سىنىپ سانى | بالىلار سانى | ئىگىلىگەن مەيدانى (كۋادرات مېتىر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | | | | | |
| 1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار 1-باغچىسى | 1938 | 83 | 26 | 40 | 15 | 569 | 1222.5 | 1282.85 | دۆلەت قۇرۇش يولى |

| رەت نومۇرى | نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | | سىنىپ سانى | بالىلار سانى | ئىگىلىگەن مەيدانى (كۋادرات مېتىر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | | | | | |
| 2 | بالىلار 2-باغچىسى | 1952 | 41 | 6 | 19 | 7 | 247 | 1637.63 | 871.94 | ئىتتىپاق يولى |
| 3 | قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى | 1949 | 66 | 19 | 23 | 11 | 449 | 4998 | 2477 | غالىبىيەت يولى |

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى بالىلار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى

5-1-2-16 جەدۋەل

| رەت نومۇرى | ئورۇن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئادرېس | بالىلار سانى | | | سىنىپ سانى | | | ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيىچىلەر قوشۇنى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | مىللىي | خەنزۇ | جەمئىي | ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | ساقلىقنى ساقلىغۇچى | ئاشپەز | ۋاقىتلىق ئىشچى | باشقىلار | جەمئىي |
| 1 | ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بالىلار باغچىسى | 1949 | ساقلاملىق يولى 11-26-قورۇ | 6 | 360 | 366 | | 10 | 10 | 5 | 38 | 1 | 4 | 1 | 5 | 54 |
| 2 | 3-ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى زاۋۇتى بالىلار باغچىسى | 1950 | ياشلار يولى 24-قورۇ | 4 | 230 | 234 | | 9 | 9 | 4 | 35 | 1 | 6 | | 4 | 50 |
| 3 | 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى بالىلار باغچىسى | 1950 | ياشلار يولى 7-قورۇ | 2 | 113 | 115 | | 4 | 4 | 1 | 17 | 1 | 1 | 1 | 3 | 24 |
| 4 | تيانشان رايونلۇق بالىلار باغچىسى | 1951 | مەدەنىيەت يولى 5-كوچا 19-قورۇ | 21 | 129 | 150 | | 4 | 4 | 4 | 6 | 1 | 2 | 11 | 3 | 27 |
| 5 | ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى بالىلار باغچىسى | 1951-يىلى 10-ئاي | تېنچلىق يولى 76-قورۇ | 22 | 235 | 257 | | 7 | 7 | 6 | 22 | 2 | 4 | | | 34 |
| 6 | ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى بالىلار باغچىسى | 1952-يىلى 3-ئاي | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى 97-قورۇ | 2 | 213 | 215 | | 7 | 7 | 6 | 21 | 2 | 5 | | 4 | 38 |
| 7 | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بالىلار باغچىسى | 1953-يىلى 4-ئاي | جوڭشەن يولى 6-قورۇ | 58 | 130 | 188 | | 7 | 7 | 4 | 22 | 1 | 3 | 2 | 4 | 36 |
| 8 | شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى بالىلار باغچىسى | 1953-يىلى 8-ئاي | دۆلەت قۇرۇلۇش يولى 40-قورۇ | 20 | 120 | 140 | | 4 | 4 | 1 | 16 | 1 | 2 | 2 | 5 | 27 |
| 9 | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى بالىلار باغچىسى | 1954-يىلى 3-ئاي | ياشلار يولى 17-قورۇ | 3 | 219 | 222 | | 6 | 6 | 7 | 18 | 1 | 2 | | 4 | 32 |
| 10 | شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى بالىلار باغچىسى | 1956 | نۇرلۇق يولى | 40 | 90 | 130 | | 5 | 5 | 2 | 17 | 2 | 1 | | 5 | 27 |

| رەت نومۇرى | ئورۇن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئادرېس | بالىلار سانى: مىللىي | بالىلار سانى: خەنزۇ | بالىلار سانى: جەمئىي | سىنىپ سانى: مىللىي | سىنىپ سانى: خەنزۇ | سىنىپ سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيىچىلەر قوشۇنى: ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | ساغلاملىق ساقلىغۇچى | ئاشپەز | ياردەمچى ئىشچى | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 | سودا نازارىتى بالىلار باغچىسى | 1957 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 40-قورۇ | 22 | 132 | 154 | 1 | 5 | 6 | 3 | 13 | | 2 | 5 | 6 | 29 |
| 12 | تيانشان يوپۇق توقۇش زاۋۇتى بالىلار باغچىسى | 1958 | زاۋۇت قورۇسى ئىچىدە | | 122 | 122 | | 5 | 5 | 4 | 13 | 1 | 2 | | 3 | 23 |
| 13 | شىنجاڭ داشۆسى بالىلار باغچىسى | 1960 | مەكتەپ ئىچىدىكى خۇڭخۇ كۆلىنىڭ بويىدا | 80 | 70 | 150 | 2 | 4 | 6 | 3 | 16 | | 2 | 7 | 3 | 31 |
| 14 | شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى بالىلار باغچىسى | 1966-يىلى 6-ئاي | ئۆلانبايى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىچىدە | | 275 | 275 | | 10 | 10 | 3 | 32 | 1 | 1 | | 5 | 42 |
| 15 | 2-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى بالىلار باغچىسى | 1973 | يەنئەنلار يولى | | 135 | 135 | | 5 | 5 | 3 | 13 | 1 | 2 | | 2 | 21 |
| 16 | قورۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى بالىلار باغچىسى | 1975 | شور بۇلاق مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە | 17 | 133 | 150 | | 5 | 5 | 3 | 11 | | 2 | | 3 | 19 |
| 17 | تيانشان رايونلۇق 1-ئىيۇل بالىلار باغچىسى | 1976 | لىمىڭ كوچىسى 53-قورۇ | 87 | 87 | 174 | | 5 | 5 | | 23 | 1 | 1 | | 3 | 28 |
| 18 | شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار باغچىسى | 1978 | دېموكراتىيە يولى 81-قورۇ | 134 | 448 | 582 | | 15 | 15 | 19 | 14 | 2 | 5 | 35 | 9 | 84 |
| 19 | خوڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى بالىلار باغچىسى | 1976-يىل 4-ئاي | ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىدە | 22 | 122 | 144 | | 5 | 5 | | 21 | | 1 | | 2 | 24 |
| 20 | مائارىپ شۆيۈەنى بالىلار باغچىسى | 1978 | نۇرلۇق يولى 10-قورۇ | | 74 | 74 | | 3 | 3 | 3 | 6 | | 2 | | 3 | 14 |
| 21 | شەھەرلىك بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 2-شىركىتى بالىلار باغچىسى | 1984 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | 31 | 92 | 123 | | 3 | 3 | | 17 | | 1 | | 1 | 19 |
| 22 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئورگان بالىلار باغچىسى | 1985 | ساغلاملىق يولى 6-قورۇ | 44 | 127 | 171 | | | 5 | 7 | 3 | 1 | 1 | 10 | 5 | 27 |
| 23 | ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى يەسلىسى | 1952 | دۆلەت قۇرۇش يولى پارتىيە مەكتىپى قورۇسى ئىچىدە | 22 | 40 | 62 | | 3 | 3 | | 11 | | 2 | | 2 | 15 |
| 24 | 7220-زاۋۇت يەسلىسى | 1953 | غەربىي ئارقا كوچا 25-قورۇ | 10 | 62 | 72 | | 4 | 4 | | 8 | | | | | 8 |
| 25 | ئاپتونوم رايونلۇق 2-دوختۇرخانا يەسلىسى | 1956 | بۇلاق بېشى كوچىسى دوختۇرخانا قورۇسى ئىچىدە | 38 | 57 | 95 | | 5 | 5 | 14 | 14 | | | | 2 | 30 |

| رەت نومۇرى | ئورۇن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئادرېس | بالىلار سانى | | | سىنىپ سانى | | | ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيىچىلەر قوشۇنى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | مىللىي | خەنزۇ | جەمئى | مىللىي | خەنزۇ | جەمئى | ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | ساقلىقنى ساقلىغۇچى | ئاشپەز | ۋاقىتلىق ئىشچى | باشقىلار | جەمئى |
| 26 | ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا نازارىتى يەسلىسى | 1956-يىل 1-ئاي | ئىتتىپاق يولى 10-قورۇ | 22 | 78 | 100 | | 4 | 4 | 8 | 9 | | | | | 17 |
| 27 | تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى يەسلىسى | 1956 | غالىبىيەت يولى 18-قورۇ | 2 | 104 | 106 | | 4 | 4 | 2 | 6 | | 2 | | 2 | 12 |
| 28 | ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسى يەسلىسى | 1957 | دۆلەت قورۇش يولى 46-قورۇ | 3 | 27 | 30 | | 2 | 2 | 2 | 5 | | 1 | | 2 | 10 |
| 29 | شىنخۇا 3-باسما زاۋۇتى يەسلىسى | 1957 | قۇرۇلۇش يولى 2-نومۇر زاۋۇتى ئىچىدە | 8 | 40 | 48 | | 3 | 3 | | 7 | | 1 | | 1 | 9 |
| 30 | 36313-قىسىم يەسلىسى | 1958-يىل 6-ئاي | بەش يۇلتۇز يولى 21-قورۇ | 1 | 70 | 71 | | 3 | | 3 | 8 | | 2 | | 2 | 15 |
| 31 | 7438-زاۋۇت يەسلىسى | 1960 | بەش يۇلتۇز يولى 23-قورۇ | | 94 | 94 | | 4 | 4 | 1 | 11 | | | | | 12 |
| 32 | رادىئو- تېلېۋىزىيە نازارىتى يەسلىسى | 1960 | ئىتتىپاق يولى نازارەت قورۇسى ئىچىدە | 56 | 24 | 80 | | 3 | 3 | 1 | 9 | | | | | 10 |
| 33 | كۆمۈر، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يەسلىسى | 1965 | شور بۇلاق | 12 | 28 | 40 | | | 1 | | 8 | | | | | 8 |
| 34 | شەھەرلىك ئاپتوبۇس 2-مەيدانى يەسلىسى | 1966 | 2-مەيدان ئىچىدە | 35 | 195 | 230 | | 6 | 6 | 2 | 31 | | | | | 33 |
| 35 | سىمسىز رادىئو 1-زاۋۇتى | 1971 | غالىبىيەت يولى 2-قورۇ | 5 | 60 | 65 | | 3 | 2 | 9 | | | | | 11 | |
| 36 | ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى يەسلىسى | 1973 | تەخمەن تەنتەربىيە كومىتېتى قورۇسى ئىچىدە | 45 | 63 | 108 | | 3 | 3 | 2 | 9 | | | | | 11 |
| 37 | چارۋىچىلىق نازارىتى يەسلىسى | 1973-يىلى 12-ئاي | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 19-قورۇ | 24 | 16 | 40 | | 2 | 2 | | 6 | | | | | 5 |
| 38 | بىرىم ئۈتكۈزگۈچلۈك رادىئو زاۋۇتى يەسلىسى | 1974 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | 6 | 34 | 40 | | 3 | 3 | | 3 | | | | | 3 |
| 39 | سەھىيە نازارىتى يەسلىسى | 1974 | بۇلاق بېشى 76-قورۇ | 20 | 20 | 40 | | 2 | 2 | 6 | 5 | | | | | 11 |
| 40 | ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش 2-شىركىتى 2-بۆلۈكىنىڭ يەسلىسى | 1967 | يەنئەن يولى 14-قورۇ | 55 | 96 | 151 | | 2 | 2 | | 8 | | | | | 8 |
| 41 | يېنىك سانائەت نازارىتى يەسلىسى | 1976 | دېموكراتىيە يولى 87-قورۇ | 11 | 109 | 120 | | 2 | 2 | 2 | 4 | | 2 | | 2 | 10 |

| رەت نومۇرى | ئورۇن نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئادرېس | بالىلار سانى: مىللىي | بالىلار سانى: خەنزۇ | بالىلار سانى: جەمئىي | سىنىپ سانى: مىللىي | سىنىپ سانى: خەنزۇ | سىنىپ سانى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى ۋە تەربىيىچىلەر قوشۇنى: ئوقۇتقۇچى | تەربىيىچى | ساقلىقنى ساقلىغۇچى | ئاشپەز | ۋاقىتلىق ئىشچى | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 42 | 36831-قىسىم يەسلىسى | 1980-يىلى 1-ئايدا | بەش يۈلتۈز يولى | | 120 | 120 | | 5 | 5 | 4 | 10 | | | | | 14 |
| 43 | چىنە زاۋۇتى يەسلىسى | 1980 | تىنچلىق يولى 24-قورۇ | 14 | 14 | 28 | | 2 | 2 | 4 | 5 | | | | | 5 |
| 44 | 36430-قىسىم يەسلىسى | 1980 | شور بۇلاق 78-قورۇ | | 48 | 48 | | 2 | 2 | 1 | 4 | | | | | 5 |
| 45 | شەھەرلىك شېكەر، ھاراق، تاماكا شىركىتى يەسلىسى | 1982 | ئازادلىق يولى 24-قورۇ | 21 | 12 | 33 | | 1 | 1 | 1 | 3 | | | | | 4 |
| 46 | گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى جۇڭشەن يولى مۇلازىمەت كوپېراتىپى يەسلىسى | 1984-يىلى 4-ئايدا | بەخت يولى 38-قورۇ | 5 | 64 | 79 | | 3 | 3 | 3 | 6 | | | | | 9 |
| 47 | جەمئىي | | | 1040 | 5131 | 6171 | 3 | 196 | 199 | 142 | 593 | 20 | 62 | 74 | 95 | 986 |

## 2-پاراگراف باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

### بىرىنچى، ئوقۇش تۈزۈمى

1949-يىلى خەنزۇ تىل سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى» يەنى تۆت يىللىق، ئىككى يىللىق باسقۇچ بويىچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى. 1951-يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي كېڭىشى «ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلىپ، «ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى»نى «بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى»گە ئۆزگەرتتى. 1952-يىلى، 1-يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن باشلاپ بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى تەجرىبە قىلىپ يولغا قويدى. بىر يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دەرسلىك ماتېرىيال ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن ھەممە دۆلەتلىك مەمۇرىي كېڭەشنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1953-يىلى «ئالتە يىللىق ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر يىلى كۈز پەسلىدە يەتتە ياشلىق بالىلار مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. 1968-يىلى «ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمىنى قىسقارتىپ، مائارىپتا ئىنقىلاب قىلىش» دېگەن يوليورۇق ئىجرا قىلىنىپ، ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمى «بەش يىللىق تۈزۈم»گە ئۆزگەرتىلدى. 1981-يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى «شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئالتە يىللىق ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقاندىن كېيىن، رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1984-يىلدىن 1985-يىلغىچە بەش يىللىق ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمىنى «ئالتە يىللىق ئوقۇش مۇددىتى تۈزۈمى»گە ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئورۇنلاندى. 50-يىللاردا مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش

مۇددىتى تۆت يىل ئىدى. 1961-يىلدىن باشلاپ بەش يىلغا ئۆزگەرتىلىپ، تاكى 1987-يىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچى، دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەكتەپلەر سېلىندى. دېڭخۇادا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۆرلۈك مەكتەپلەر ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «يۈز فامىلە دەستۇر»، «مىڭ خەتلىك دەستۇر» قاتارلىقلار ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 4-يىلى (1915-يىلى)دىن كېيىن، مەكتەپلەر «دۆلەت تىلى» ۋە «تەبىئەتنى تونۇش»، «ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش» قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5-يىلى (1916-يىلى) مەكتەپلەر نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ نەشر قىلغان دەرسلىك كىتابلارنى ئىشلەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست شۇ‌ياڭ بىلەن بەي داغاڭ (ئۆزگەرتكەن ئىسمى ليۇ بوخېڭ) تۈزگەن يېڭى دەرسلىك ماتېرىيالنى ئىشلەتتى. دۆلەت تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. دەرسلىك ماتېرىياللار يېڭى بولۇپ، ئۇ ياپونغا قارشى تۇرۇش تۇسكە ۋە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى)دىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنىنى خېلى زور دەرىجىدە تەڭشەپ، يۇقىرى يىللىقلارغا «ئۈچ مەسىلەك» دەرسىنى قوشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەكتەپلەر دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ئوقۇتۇش پىلانىغا ئاساسەن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتتى. 1952-يىلى مەكتەپلەردە تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ، تەنتەربىيە، رەسىم، مۇزىكا دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. 1955-يىلى «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالتە يىللىق ئوقۇتۇش پىلانى» يولغا قويۇلۇپ، قول ھۈنەرۋەنلىك ئەمگەك دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1963-يىلى «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇتۇش پىلانى» يولغا قويۇلۇپ، ھەپتىلىك لېكسىيە كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى: ئالتىنچى يىللىقلارغا ئىشلەپچىقىرىش ساۋات دەرسى، قول ھۈنەرۋەنلىك ئەمگەك دەرسى (1-، 2-، 3-يىللىقلارغا قول ھۈنەرۋەنلىك دەرسى، 4-، 5-، 6-يىللىقلارغا ئەمگەك دەرسى) تەسىس قىلىنىپ كۆپەيتىلدى. تىل-ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇش، ماقالا يېزىش، خەت يېزىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرى توختىتىلىپ، بىر سائەتلىك دەرس، يەنى «كۈندە ئوقۇش» («ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»نى ئوقۇش) كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1981-يىلى ئىدىيىۋى-ئەخلاق دەرسى، چەت ئەل تىلى دەرسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تيانشان رايونلۇق مائارىپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئادەملەرنى تەشكىللەپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1-يىللىقتىن 5-يىللىققىچە بولغان ئىدىيىۋى-ئەخلاق دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا 150 مىڭ پارچىنى تارقاتتى. «خەلق گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپ» ژۇرنىلى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى بۇ ھەقتە خەۋەر بەردى. 1984-يىلى ئوقۇتقۇچى بولمىغانلىقتىن چەت ئەل تىلى دەرسىنى ئۆتۈش توختىتىلدى.

## 1953-يىلدىكى بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-1

| دەرس سانى / يىللىقلار / دەرس تۈرى | 1-يىللىق | 2-يىللىق | 3-يىللىق | 4-يىللىق | 5-يىللىق | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 24 | 25 | 29 | 28 | 28 | 5097 |
| تىل-ئەدەبىيات | 14 | 14 | 14 | 10 | 10 | 2356 |
| ھېساب | 5 | 6 | 7 | 7 | 7 | 1216 |
| تەبىئەت | | | 3 | 3 | 3 | 342 |
| تارىخ | | | | 3 | 3 | 228 |
| جۇغراپىيە | | | | 2 | 2 | 152 |
| تەنتەربىيە | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 304 |
| رەسىم | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 190 |
| سەنئەت | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 309 |

## 1955-يىلدىكى تۆت يىل ۋە ئىككى يىلغا بۆلگەن ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-2

| دەرس تۈرى | ھەرقايسى يىللىقلارغا ھەر ھەپتىلىك دەرس ئۆتۈش سائەت سانى | | | | | | جەمئىي | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1-يىللىق | 2-يىللىق | 3-يىللىق | 4-يىللىق | 5-يىللىق | 6-يىللىق | تۆۋەن دەرىجىلىك | يۇقىرى دەرىجىلىك | جەمئىي |
| تىل-ئەدەبىيات | 12 | 12 | 12 | 12 | 9 | 9 | 1632 | 612 | 2244 |
| ھېساب | 6 | 6 | 6 | 7 | 6 | 5 | 850 | 374 | 1224 |
| تارىخ | | | | | 2 | 2 | | 136 | 136 |
| جۇغراپىيە | | | | | 2 | 2 | | 136 | 136 |
| تەبىئەت | | | | | 2 | 3 | | 170 | 170 |
| تەنتەربىيە | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 272 | 136 | 408 |
| ناخشا | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 1 | 238 | 68 | 306 |
| رەسىم | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 136 | 68 | 204 |
| قول ھۈنەرۋەنلىك ئەمگىكى | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 136 | 68 | 204 |

ئىزاھات: 1. پۈتۈن ئوقۇش يىلىنىڭ دەرس ئۆتۈش ۋاقتى 34 ھەپتە بويىچە ھېسابلاندى.

2. ھەر سائەتلىك دەرس ۋاقتى 45 مىنۇت، دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى 10 مىنۇت

## 1963-يىلدىكى پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-3

| يىللىقلار / دەرس تۈرى | 1-يىللىق | 2-يىللىق | 3-يىللىق | 4-يىللىق | 5-يىللىق | 6-يىللىق | ئومۇمىي دەرس سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ھەپتىلىك يىغىن | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 221 |
| تىل-ئەدەبىيات | 15 | 15 | 16 | 16 | 12 | 12 | 3176 |
| ماتېماتىكا | 6 | 6 | 7 | 8 | 9 | 9 | 1649 |
| تارىخ | | | | | 2 | 2 | 142 |
| جۇغراپىيە | | | | | 2 | | 71 |
| تەبىئەت | | | | | 2 | 2 | 142 |
| ئىشلەپچىقىرىش ساۋادى | | | | | | 2 | 72 |
| تەنتەربىيە | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 442 |
| سەنئەت | 2 | 2 | 2 | 2 | 1 | 1 | 371 |
| رەسىم | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | |
| قول ھۈنەرۋەنلىك ئەمگىكى | 1 | 1 | 1 | | | | 114 |
| ھەر ھەپتىدە ئۆتىلىدىغان دەرس سانى | 28 | 28 | 30 | 30 | 32 | 32 | 6620 |
| ئەمگەك | ئۈچىنچى يىللىقلاردىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار ھەر ئوقۇش مەۋسۇمىدە بىرىم ئاي ئەمگەك قىلىدۇ | | | | | | |

### ئۈچىنچى، ئوقۇتۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى، ئوقۇتۇش پىرىنسىپىنى ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش جەريانىدا بەش چوڭ پرىنسىپ (كۆرسەتمە خاراكتېرلىك، ئاڭلىقلىق، ئاكتىپلىق، مۇستەھكەملەش خاراكتېرلىك، سىستېما خاراكتېرلىك ۋە ئۆز كۈچىگە قاراش خاراكتېرلىك ئوقۇتۇش پىرىنسىپى)نى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىلىم-پەننى سۆيۈش، ئومۇمنىڭ مال-مۈلكىنى ئاسراش تەلىم-تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى.

1957-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلار رەئىس ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئون چوڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئۇرۇستىكىلىق مېتودتا دەرس ئۆتۈش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۆلۈك ئۇسۇلدا دەرس ئۆتۈشكە قارشى تۇرۇلدى. مەزمۇنلۇق سۆزلەش، كۆپ مەشق قىلدۇرۇش، ئاز ھەم ساز بولۇشتەك ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈلدى. 1960-يىلى ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇ يىلى 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى شىن شۇدېنىڭ ئوقۇتۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى. 1963-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى ماۋزېدۇڭ «يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنەيلى» دېگەن بېغىشلىمىنى يېزىپ بەرگەندىن كېيىن ھەرقايسى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ۋە

## 1985-يىلىدىكى ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-4

| دەرس تۈرى / ھەپتىلىك دەرس سائەت سانى / يىللىقلار | ئەدىبىي ئەخلاق | تىل-ئەدەبىيات: جەمئىي | تىل-ئەدەبىيات: سۆزلەش، ئوقۇش | تىل-ئەدەبىيات: سۆزلىشىش | تىل-ئەدەبىيات: ماقالە | تىل-ئەدەبىيات: خەت يېزىش | ماتېماتىكا | چەت تىلى | تەبىئەت ساۋاتلىرى | جۇغراپىيە ساۋاتلىرى | تارىخ ساۋاتلىرى | تەنتەربىيە | كۆڭۈل ئېچىش | سەنئەت | گۈزەل سەنئەت | ئەمگەك | ئارىلاش دەرس | ھەر ھەپتىلىك ئومۇمىي دەرس سانى | پائالىيەت: تەكرار | پائالىيەت: تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى | پائالىيەت: كۆڭۈل ئېچىش، ئوقۇش پائالىيەتلىرى | پائالىيەت: مەكتەپ يىغىنى، سىنىپ يىغىنى پائالىيىتى | مەكتەپتىكى ھەر ھەپتىلىك پائالىيەت ئومۇمىي مىقدارى | كوللېكتىپ تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1-يىللىق | 1 | 10 | 8 | 1 | | 1 | 5−6 | | – | – | – | 2 | 1 | 2 | 2 | – | 7 | 23−24 | 23−24 | 2 | 2 | 31−32 | | بىر يىلدا ئىككى ھەپتە |
| 2-يىللىق | 1 | 10 | 8 | 1 | 1 | | 5−6 | – | – | | 2 | 1 | 2 | 2 | – | | 28−247 | 2 | 2 | 3 | 1 | 31−32 | | |
| 3-يىللىق | 1 | 10 | 7 | | 2 | 1 | 6 | | 2 | | | 2 | | 2 | 2 | | 8 | 25−26 | 2 | 2 | 3 | 2−1 | 31−32 | |
| 4-يىللىق | 1 | 9 | 6 | | 2 | 1 | 6 | | 2 | | | 2.3 | | 2 | 2 | 1 | 8 | 25−26 | 2 | 2 | 3 | 2−1 | 34 | |
| 5-يىللىق | 1 | 9 | 6 | | 2 | 1 | 6 | (3) | 1 | 2 | | 2.3 | | 2 | 1 | 1 | 9 | 25−26 | 2 | 2 | 3 | 2−1 | 34 | |
| 6-يىللىق | 1 | 9 | 6 | | 2 | 1 | 6 | (3) | 1 | | 2 | 2.3 | | 2 | 1 | 1 | 9 | 25−26 | 2 | 2 | 3 | 2−1 | 34 | |
| ئۆتۈلگەن ئومۇمىي دەرس سانى | 204 | 1938 | | | | | 156−1224 | | 204 | 68 | 68 | 408−544 | 68 | 408 | 340 | 102 | | 4964−5163 | 2 | 2 | 3 | 2−1 | 34 | |
| پىرسەنت | 4.1 | 38 | | | | | | | | 23.3 | | 4.1 | 1.4 | 1.4 | 8.2 | 1.4 | 8.2 | 6.8 | 2.1 | | | | | |
| ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى دەرس سانى بىلەن بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى دەرس سائىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى | +24 | +66 | | | | | | | | +4 72 | | −12 | −4 | | −4 | +48 184 | 68 | +48 | +52 | +30 | | | | |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى پىرسەنت نىسبىتى ئالتە يىللىق ئومۇمىي دەرس 4964 سائەت بويىچە ھېسابلاندى.

دەرسنىڭ سىرتقى تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا لېي فېڭدىن ئۆگىنىش تەلىم-تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، بالىلىق دەۋرىنى لېي فېڭغا سېلىشتۇرۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ، ئۆيى ۋە ھويلىلىرىنى سۈپۈرۈپ بەردى. «بەشتە كاپالەتلەندۈرگۈچى ئائىلىلەر»گە سۇ توشۇپ، ئوتۇن ئەكېلىپ بەردى. يەكشەنبە كۈنلىرى قاتناش ساقچىلىرىغا ياردەملىشىپ قاتناش تەرتىپىنى قوغدىدى. قىلغان ياخشى ئىشى تەخمىنەن 39 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئاشتى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى مەكتەپلەردە دەرس توختىلىپ ئىنقىلاب قىلىش ئېلىپ بېرىلدى، بەزىلىرىدە ئىككى يىلغىچە داۋاملاشتى. ئوقۇتۇش ئېغىر تەسىرگە ئۇچراپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۆز قەرەلدە مەكتەپكە كىرەلمەسلىكتەك ھادىسىلەرنى پەيدا قىلدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ كۆپىيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «كاڭدا» (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆ) چە ئاددىي سىنىپلار ئېچىلدى ھەمدە ھەرقايسى مەكتەپلەردە سىمنا ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى سىنىپلار كېڭەيتىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش قىيىن بولۇش زىددىيىتى پەسەيتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر تۆۋەنلەپ كەتتى. 1976-يىلدىن كېيىن مائارىپ خىراجىتى كۆپەيتىلىپ، مەكتەپ بىنالىرى كېڭەيتىپ تولۇقلاپ سېلىنىپ، ئوقۇتۇش تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978-يىلى ئىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن باشلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشىلاندى ھەمدە 1-باشلانغۇچ مەكتەپ، 5-باشلانغۇچ مەكتەپ، 10-باشلانغۇچ مەكتەپ، 19-باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق مەكتەپلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىندى. 10-باشلانغۇچ مەكتەپ، 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر پۈتۈن شەھەر بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى، تيانشان رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيەتلىرى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى، تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئىدىيىۋى-ئەخلاق، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، سەنئەت، تەنتەربىيە، گۈزەل-سەنئەت دەرسلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان رايون، دائىرە، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەتقىقات تورى بارلىققا كېلىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇشنى ياخشىلاشتىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. 1983-يىلى 10-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ داۋلەن، 19-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كەلىمە نادىر مەملىكەت بويىچە نەمۇنە سىنىپ مۇدىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1985-يىلى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، تيانشان رايونى بويىچە مەكتەپلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 29 مىڭ 773 گە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8% كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.7% كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.6% كە، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 99.5% كە يېتىپ، باھالاش نەتىجىسى شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولدى. تيانشان رايونى شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى لاياقەتلىك رايون» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى ھەمدە 2000 يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلاندى. يەنە رايونغا قاراشلىق 10 باشلانغۇچ مەكتەپكە، زاۋۇت-كان، كارخانا باشقۇرۇشىدىكى ئىككى پەرزەنتلەر مەكتىپىگە «باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرغان ئىلغار مەكتەپ» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىدارىسىنى 6000

يۈمەن بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ پۇلنى مائارىپ ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بەردى.

«مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، 1986-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى تيانشان رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى توغرىلاش، مائارىپنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىنىشى ۋە ئوقۇشتىن قېلىشىنى قاتتىق توسۇش ھەم زېھنىي قابىلىيىتى ئاجىز ياكى شوخ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىدىغان خاتا قىلمىشلاردىن ساقلىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇ يىلى ئەخلاقىي تەلىم-تەربىيىسى جەھەتتىن «ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى ئۆگىنىش، ئۈچتە ياخشى بولۇش» (باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسىنى ئۆگىنىش، ئىدىيىسى ياخشى، ئۆگىنىشتە ياخشى، سالامەتلىكى ياخشى بولۇشتەك ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇش)نى قولغا كەلتۈرۈش، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلەپ ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمانلار ۋە نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش، يېڭى كەيپىيات بەرپا قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. «مەن ئوقۇتقۇچۇمنى سۆيىمەن، ئوقۇتقۇچى مېنى سۆيىدۇ» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. لاۋشەن ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمانلار ۋە سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىدىكى كادىر، ساقچىلار دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. مەكتەپلەر بىلەن قىسىملار يەنە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى مەكتەپ سىرتىدىكى يېتەكچى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ھەربىي لاگېرلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ھال سوراش خېتى يېزىشقا، ھال سوراش بويۇملىرى ئەۋەتىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. يەنە «ئۈچتە ياخشى، بىردە نەمۇنە بولۇش» (ئۆيدە ياخشى بالا بولۇش، جەمئىيەتتە ياخشى ياش-ئۆسمۈرلەردىن بولۇش، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە بولۇش) پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپلەر بىلەن مەكتەپلەر، سىنىپلار بىلەن سىنىپلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئورنىتىلدى. ئائىلىلەر بىلەن مەكتەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى بىرلىكتە ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئائىلە باشلىقلىرى مەكتەپلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلدى. 1986-يىلى 10-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپى بولۇپ باھالاندى. تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى جەھەتلەردە دەرس ئۆتۈش ۋاقتىدىكى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىشتىن سىرت تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، تەنتەربىيە مەشقلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقى ئاشۇرۇلدى. 1987-يىلى تيانشان رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللەر كوماندىسى شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، كوللېكتىپ نومۇر بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش-ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدا بىرىنچى بولدى. يەنە ئاپتونوم رايونغا ۋەكالىتەن مەملىكەتتىكى 16 شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «غۇنچە لوڭقىسى» مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ سەككىزىنچى بولدى.

1987-يىلى رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 26 گە (ئۇيغۇر تىل سىنىپمىسىدىكى بەش

باشلانغۇچ مەكتەپنى، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنى، ئۇيغۇر خەنزۇ ئارىلاش ئۇچ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 19 مىڭ 743 كە (ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى 4927 ئوقۇغۇچىنى، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى 239 ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي قىسىملارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 26 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 10 مىڭ 491 گە يەتتى.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-5

| رەت نومۇرى | مەكتەپ ئىسمى | بۇرۇنقى ئىسمى | ئادرېسى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى (يۈەن) | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | | | 219572.50 | 46255.50 | 1293 | 453 | 19743 | 199899.38 | |
| 1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتىپى | سەئدىي يولى خەلق مەركىزىي مەكتىپى | سەئدىي يولى 34-قورۇ | 1910 | 8265 | 1406.99 | 85 | 31 | 1584 | 12669.16 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 2 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتىپى | ئورمان يولى خەلق مەركىزىي مەكتىپى | دېموكراتىيە يولى 20-قورۇ | 1907 | 1881.16 | 681.16 | 46 | 17 | 822 | 7886.20 | |
| 3 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەكتىپى | شىياۋدۇڭلىياڭ خەلق مەركىزىي مەكتىپى | تىنچلىق يولى 70-قورۇ | 1935 | 11328.65 | 1182.39 | 41 | 15 | 626 | 6619.01 | |
| 4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتىپى | شىخابا مەركىزىي خەلق مەكتىپى | جەنۇبىي شىنخۇا يولى 85-قورۇ | 1934 | 15049 | 3164.57 | 64 | 23 | 1031 | 9796.71 | ئۈرۈمچى ئۇيغۇر تىل سىستېمىسى بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 5 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 7-باشلانغۇچ مەكتىپى | يۇسەي كوچىسى خەلق مەركىزىي مەكتىپى | يۇسەي كوچىسى 23-قورۇ | 1910 | 6775 | 1658.29 | 51 | 15 | 555 | 7503.53 | |
| 6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8-باشلانغۇچ مەكتىپى | لىيۇداۋۋان بازىرى خەلق مەركىزىي مەكتىپى | غەربىي يېڭى دېموكراتىيە يولى 21-قورۇ | 1938 | 17780.20 | 2957.30 | 39 | 14 | 556 | 5785.77 | |
| 7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 9-باشلانغۇچ مەكتىپى | دىڭيۈەن يولى خەلق مەركىزىي مەكتىپى | بوغدا كۆلى يولى 83-قورۇ | 1945 | 5637.04 | 924.61 | 68 | 26 | 1232 | 10082.37 | |

| رەت نومۇرى | مەكتەپ ئىسمى | بۇرۇنقى ئىسمى | ئادرېسى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى (يۈەن) | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10-باشلانغۇچ مەكتىپى | شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق مەكتەپ | ئىتتىپاق يولى 40-قورۇ | 1961 | 23775 | 4468.21 | 72 | 26 | 1089 | 11260.04 | ئاپتونوم رايون بويىچە مىللىي خەنزۇ ئارلاش ئۈلگىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10-باشلانغۇچ مەكتىپى | دۇڭگۇەن خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى | شەرقىي ئارقا كوچا | 1945 | 6477.15 | 3050.86 | 34 | 12 | 426 | 5535.42 | |
| 10 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 12-باشلانغۇچ مەكتىپى | شىمكو باشەن بۇتخانىسى مەكتىپى | قۇرۇلۇش يولى 7-قورۇ | 1939 | 9945.90 | 1964.78 | 57 | 21 | 924 | 9781.93 | |
| 11 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13-باشلانغۇچ مەكتىپى | قىزلار 1-شۆبە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتىپى | بەخت يولى 8-قورۇ | 1937 | 6351.25 | 2203.11 | 71 | 27 | 1384 | 10750.40 | |
| 12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15-باشلانغۇچ مەكتىپى | قىزلار 2-شۆبە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتىپى | بەخت يولى 20-قورۇ | 1941 | 8342.10 | 2669.40 | 64 | 24 | 1194 | 10258 | |
| 13 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17-باشلانغۇچ مەكتىپى | باگمۇخو باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭى شەرقىي كوچىسى 1-قورۇ | 1937 | 4318.70 | 1394.59 | 21 | 7 | 239 | 3454.29 | قازاقچە مەكتەپ |
| 14 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتىپى | بۇرۇنقى تۇرپان مەسجىتى 2-شۆبە مەكتىپى | ئىتتىپاق يولى 3-كوچىسى 1-قورۇ | 1952 | 8244.88 | 2585.28 | 65 | 20 | 888 | 8749.85 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى ئۈلگىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ |
| 15 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتىپى | يېتىم بالىلار مەكتىپى، رۇس تىلى ئوتتۇرا مەكتىپى | غالىبىيەت يولى | 1952 | 6179.50 | 2528.50 | 66 | 21 | 942 | 9413.75 | ئۇيغۇرچە مەكتەپ |
| 16 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23-باشلانغۇچ مەكتىپى | ئۈرۈمچى دەريا باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىپى | قارلىغاچلىق | 1959 | 46424 | 2124.5 | 28 | 9 | 374 | 4283.59 | |

| رەت نومۇرى | مەكتەپ ئىسمى | بۇرۇنقى ئىسمى | ئادرېسى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتر) | ئوقۇتقۇچى-ئىشچى-خىزمەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى (يۈەن) | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 17 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 28-باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭىدىن قۇرۇلغان | جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى | 1958 | 2435.84 | 821.19 | 43 | 15 | 612 | 5946.02 | ئۇيغۇرچە مەكتەپ |
| 18 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16-باشلانغۇچ مەكتەپ | يېڭىدىن قۇرۇلغان | ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2-كوچا | 1959 | 2494.47 | 1272.40 | 69 | 24 | 923 | 10949.93 | مىللىي خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ |
| 19 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 30-باشلانغۇچ مەكتىپى | قىزىل گۈللۈكلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭى دېموكراتىيە يولى | 1958 | 3574 | 931.18 | 51 | 17 | 672 | 7874.84 | مىللىي-خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ |
| 20 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 31-باشلانغۇچ مەكتىپى | يۈجىڭگەي كوچىسى باشلانغۇچ مەكتىپى | يۈجىڭگەي كوچىسى 158-قورۇ | 1960 | 1800.40 | 802.57 | 38 | 14 | 478 | 6043.71 | |
| 21 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 32-باشلانغۇچ مەكتىپى | ئۆلكىلىك دېخۇا 2-سەھەن شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى | كونسۇل كوچىسى 17-قورۇ | 1946 | 1821.49 | 788.82 | 47 | 17 | 731 | 7815.25 | |
| 22 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 33-باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭىدىن قۇرۇلغان | ساندائاۋان | 1978 | 2122.30 | 659.85 | 31 | 10 | 437 | 4607.57 | ئۇيغۇرچە مەكتەپ |
| 23 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 40-باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭىدىن قۇرۇلغان | گوڭيۈەن كوچىسى | 1965 | 6139.56 | 1266.17 | 32 | 11 | 383 | 5435.54 | |
| 24 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 41-باشلانغۇچ مەكتىپى | يېڭىدىن قۇرۇلغان | لىخۇا كوچىسى 161-قورۇ | 1965 | 14582.75 | 3342.60 | 34 | 10 | 371 | 5411.04 | |
| 25 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43-باشلانغۇچ مەكتىپى | 17-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىل سىنىپىدىكى مەكتەپ | غالىبىيەت يولى 34-قورۇ | 1984—9 | 3636 | 836.49 | 50 | 19 | 944 | 8051.53 | |
| 26 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 53-باشلانغۇچ مەكتىپى | بۇرۇنقى خەلق باشقۇرغان «كاگداي باشلانغۇچ مەكتىپى» | يېڭى دېموكراتىيە يولى | 1972 | 9089.57 | 1201.70 | 26 | 8 | 326 | 3857.57 | |

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدا تۈرۈشلۈك ئورۇنلار پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-2-6

| رەت نومۇرى | مەكتەپ ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ سانى: مىللىي | سىنىپ سانى: خەنزۇ | ئوقۇغۇچى سانى | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | 10 | 259 | 10491 | |
| 1 | خۇگىيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى | 1971 | 1 | 7 | 246 | خۇگىيەنچى |
| 2 | تيانشان شۆلىيۇ زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | 1972 | | 6 | 163 | ئۈلانباي |
| 3 | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | 1952 | | 18 | 728 | ياشلار يولى |
| 4 | مائارىپ شۆبىسى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1957 | | 22 | 1035 | نۇرلۇق يولى |
| 5 | بىڭتۈەن 3-ئوتتۇرا شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1960 | | 9 | 364 | ئەرداۋان |
| 6 | 3-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | 1963 | | 13 | 495 | ياشلار يولى |
| 7 | شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1960 | | 22 | 870 | ياشلار يولى |
| 8 | بىڭتۈەن 2-مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلىمى | 1951 | | 26 | 1305 | بەش يۈلتۈز |
| 9 | يولۇچى توشۇش شىركىتى باغخولىياڭ پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1962 | 4 | 5 | 154 | باغخولىياڭ |
| 10 | شىنجاڭ خىمىيە ئوغۇت زاۋۇتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1958 | | 27 | 1292 | ئۈلانباي |
| 11 | 36001-قىسىم پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1966 | | 3 | 38 | ئۈلانباي |
| 12 | 36179-قىسىم پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1982 | | 5 | 54 | ئۈلانباي |
| 13 | 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1947 | | 27 | 1192 | ياشلار يولى |
| 14 | نىسسىلىك كالا فېرمىسى 1-چوڭ ئەترىتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1960 | 1 | 8 | 122 | ئۈلانباي |
| 15 | نىسسىلىك مال فېرمىسى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1961 | | 6 | 216 | قارلىغاچلىق |
| 16 | شىنجاڭ خىمىيە سانائەت باش شىركىتى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى باشقارمىسى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1965 | | 7 | 148 | ئۈلانباي |
| 17 | شىنجاڭ داشۆسى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1982 | 4 | 4 | 126 | شىنجاڭ داشۆسى قورۇسىدا |
| 18 | 36831-قىسىم پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1981 | | 6 | 168 | بەش يۈلتۈز يولى |
| 19 | 3-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى خۇگىيەنچى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1981 | | 6 | 165 | خۇگىيەنچى |

| رەت نومۇرى | مەكتەپ ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ سانى |  | ئوقۇغۇچى سانى | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|
|  |  |  | مىللىي | خەنزۇ |  |  |
| 20 | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 1-شىركىتى پەرزەنتلەر 3-باشلانغۇچ مەكتىپى | 1962 |  | 7 | 194 | غالىبىيەت يولى |
| 21 | بىرلەشمە ئوتتۇرا مەكتەپ باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلىمى |  |  |  | 150 | غالىبىيەت يولى |
| 22 | تۆز كۆل خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1958 |  | 12 | 511 | تۆز كۆلى |
| 23 | كۆمۈر-كان خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى |  |  |  | 200 | شور بۇلاق |
| 24 | تيانشان يىپ-يۇڭ زاۋۇتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1965 |  | 7 | 250 | 17 ئائىلىلىك مەھەللىسى |
| 25 | تيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى |  |  |  | 150 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى |
| 26 | ئۈرۈمچى يول ئىدارىسى پەرزەنتلەر باشلانغۇچ مەكتىپى | 1967 |  | 6 | 155 | ئۇلانباي |

## 3-پاراگراف ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9-يىلى (1970-يىلى) دىخۇادا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 40 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) مەكتەپ كۆپىيىپ تۆتكە يەتتى. ئۇلار شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1-ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۆلكىلىك دىخۇا 2-ئوتتۇرا مەكتىپى (رۇسچە)، ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئىبارەت. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) ستاتىستىكا قىلىنىشىچە دىخۇادىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 1316 گە (227 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 54.5% نى ئىگىلىگەن. ئازادلىقچە دىخۇادا جەمئىي بەش ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 995 كە (156 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتكەنىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1965-يىلى رايون ئىچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ جەمئىي 15 كە يەتتى.

1966-يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرس توختىتىلىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش توختىدى. 1969-يىلى 9-ئايدا دەرس ئۆتۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېڭى ئوقۇغۇچىلار شىددەت بىلەن كۆپەيدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە چوڭ سىنىپلارنى ئاچتى، شەھەرگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، ئۆزگەرتتى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلۇش قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن رايونغا

قاراشلىق 1-، 7-، 10-، 11-، 12-، 13-، 15-، 19-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا 1-يىللىق سىنىپلىرىنى قوشۇمچە تەسىس قىلدى. 8-باشلانغۇچ مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرا 1-يىللىق، 2-يىللىق سىنىپلار قوشۇمچە تەسىس قىلىندى. 23-باشلانغۇچ مەكتەپتە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-، 2-، 3-يىللىق سىنىپلىرى قوشۇمچە تەسىس قىلىندى. 10 باشلانغۇچ مەكتەپتە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى 71 گە، ئوقۇغۇچى جەمئىي 3125 كە يەتتى. تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆزى ھەل قىلدى. يەنە 1973-يىلى رايونغا قاراشلىق 33-باشلانغۇچ مەكتەپ رايونغا قاراشلىق 20-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ، 12 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچى 600 دىن كۆپرەككە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 50 تىن كۆپرەككە يەتتى. 1978-يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوشۇمچە تەسىس قىلىنغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى توختىتىلدى. 1981-يىلى 20-ئوتتۇرا مەكتەپ شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك كۈچى كۈچەيتىلىپ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارغا بولغان سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسكۇنىلىرى تولۇقلىنىپ، ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1987-يىلى تيانشان رايونىدا 34 ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، بۇ پۈتۈن شەھەردىكى 182 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 18.7%نى ئىگىلىدى. ئوقۇتقۇچى ئىشچى-خىزمەتچى 2962 گە يەتتى. 580 سىنىپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 31 مىڭ 883 كە يەتتى.

## 1987-يىلدىكى تيانشان رايونىدىكى ئوتتۇرامەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 16-2-3-1

| رەت نومۇرى | مەكتەپ نامى | قاراشلىق ئورگىنى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئادرېس | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | | 2962 | 580 | 31883 | | |
| 1 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1906 | 148 | 32 | 1781 | شىمالىي ئازادلىق يولى | تولۇقسىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 2 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1956 | 138 | 19 | 1769 | شىخلىيا ئالدى كوچىسى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 3 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1954 | 131 | 24 | 1170 | ئىتتىپاق يولى | تولۇقسىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 4 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 7-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1963 | 93 | 20 | 1966 | جەنۇبىي تىنچلىق يولى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 5 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1935 | 125 | 29 | 1516 | شەرق شامىلى يولى | تولۇق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 11-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1964 | 112 | 21 | 1261 | شىمالىي شىنخۇا يولى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1973 | 88 | 18 | 968 | بەخت يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |

| رەت نومۇرى | مەكتەپ نامى | قاراشلىق ئورگىنى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئادرېس | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | | 2962 | 580 | 31883 | | |
| 8 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1955 | 195 | 30 | 1510 | ئىتتىپاق يولى | تولۇق (نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ) |
| 9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1971 | 77 | 16 | 834 | ئىتتىپاق يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 10 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1973 | 96 | 18 | 883 | قىزىل بايراق يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (ئۇيغۇرچە) |
| 11 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 22-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1974 | 104 | 21 | 1010 | خېجىيلەن ئالدى كوچا | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 30-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1979 | 81 | 18 | 872 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 13 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 36-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1984 | 78 | 17 | 663 | غالىبىيەت يولى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (قازاقچە) |
| 14 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 38-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1985 | 69 | 18 | 794 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (ئۇيغۇرچە) |
| 15 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 39-ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى | 1986 | 24 | 8 | 314 | شور بۇلاق كوچىسى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 16 | تيانشان بويلاش-توقۇش زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | خىمىيە-سانائەت ئىدارىسى | 1965 | 17 | 3 | 101 | ئۈچچاش | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 17 | شىنجاڭ 2-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | قاتناش نازارىتى | 1963 | 81 | 7 | 420 | ياشلار يولى | تولۇق ئوتتۇرا، ھازىرقى ئىسمى تيانشان ئاپتوموبىل زاۋۇتى |
| 18 | شىنجاڭ ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | قاتناش نازارىتى | 1963 | 64 | 15 | 929 | ياشلار يولى | |
| 19 | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى | 1952 | 64 | 12 | 831 | ياشلار يولى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 20 | نەسىللىك كالا فېرمىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى | چارۋىچىلىق نازارىتى | 1960 | 52 | 5 | 296 | قارلىغاچلىق يولى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 21 | خوگىيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى | ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىدارىسى | 1973 | 26 | 3 | 87 | خوگىيەنچى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 22 | خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | خىمىيە-سانائەت ئىدارىسى | 1966 | 110 | 18 | 1288 | ئۇلانباي | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 23 | شەرقىي جەنۇب خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | خىمىيە-سانائەت ئىدارىسى | 1966 | 12 | 4 | 117 | ئۇلانباي | تولۇق ئوتتۇرا (بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار باشقارمىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى) |
| 24 | ئوز كۆل خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى | 1958 | 49 | 8 | 583 | داۋانچىڭ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 25 | سۇ ئىشلىرى نازارىتى ئۇلانباي پەرزەنتلەر مەكتىپى | سۇ ئىشلىرى نازارىتى | | 21 | 6 | 242 | ئۇلانباي | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 26 | كۆمۈر، خىمىيە-سانائەت زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى | كۆمۈر-كان ئىدارىسى | | 14 | 3 | 62 | شور بۇلاق كوچىسى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 27 | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش 3-شىركىتى خوگىيەنچى مەكتىپى | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش باش شىركىتى | 1981 | 13 | 3 | 112 | خوگىيەنچى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |

| رەت نومۇرى | مەكتەپ نامى | قاراشلىق ئورگىنى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىز-مەتچى سانى | سىنىپ سانى | ئوقۇغۇچى سانى | ئادرېس | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | | 2962 | 580 | 31883 | | |
| 28 | تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق مائا-رىپ كومىتېتى | 1956 | 187 | 36 | 1957 | يەنئەن يولى | تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى |
| 29 | شىنجاڭ داشۆسى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق مائا-رىپ كومىتېتى | 1982 | 102 | 24 | 1176 | ئۈچ نىش | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 30 | بىرلەشمە ئوتتۇرا مەكتەپ | شەھەرلىك مائارىپ كو-مىتېتى | 1974 | 63 | 10 | 395 | غالىبىيەت يولى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 31 | 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ | ئاپتونوم رايونلۇق مائا-رىپ كومىتېتى | 1947 | 160 | 48 | 2620 | يالشلار يولى 15-قورۇ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 32 | بىڭتۇەن 1-ئوتتۇرا مەكتەپ | ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇ-لۇش بىڭتۇەنى | 1958 | 125 | 25 | 1100 | سەھىيە كوچىسى 9-قورۇ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 33 | بىڭتۇەن 2-ئوتتۇرا مەكتەپ | ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇ-لۇش بىڭتۇەنى | 1951 | 152 | 27 | 1554 | بەش يۇلتۇز يولى 13-قورۇ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 34 | بىڭتۇەن 3-ئوتتۇرا مەكتەپ | ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇ-لۇش بىڭتۇەنى | 1960.10 | 83 | 14 | 702 | ئەردۆلان 1-كوچى-سى 9-قورۇ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ |

## 4-پاراگراف مىللىي مائارىپ

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 10-يىلى (1884-يىلى) دىخۇادا ھەقسىز مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر باللىرى خەنزۇچە ئۆگىنىشكە قوبۇل قىلىندى. ئۇلارغا «ئۈچ سۆزلۈك دەستۇر»، «يۈز فامىلە دەستۇرى»، «مىڭ سۆزلۈك دەستۇر» قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. بۇ مەكتەپ ئۇزاققا بارماي تاقىلىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 2-يىلىدىن (1910-يىلى) جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13-يىلىغىچە (1924-يىلى) دىخۇادىكى ئاز سانلىق مىللەت دىنىي زاتلىرى نوغاي مەسچىتى، شىخابا مەسچىتى، خوتەن مەسچىتىدە دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ «قۇرئان»نى ئوقۇتۇپ، دىنىي بىلىملەر-نى ئۆگەتتى. خوتەن مەسچىتىدە ئەڭ بۇرۇن ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئوقۇدى، ئەڭ بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا قەلەم بىلەن خەت يېزىش ئۆگىتىلدى. ئوقۇغۇچىلىرى 300 دىن ئاشتى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىل) گۈلۈستاي، مەريەم، ئارىستاي قاتارلىق ئايال ئوقۇتقۇچىلار نەنلياڭ رايونىدا قىزلار مەكتىپىنى قۇردى. مەكتەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى قوللاندى. گرامماتىكا، فىزىكا، ماتېماتىكا، سەنئەت قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلدى. مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئاساسلىق مەسچىتلەر ھەل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قىسمىنى ئوقۇتقۇ-چىلار تەييارلىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) ئېلى نەزەر ئەپەندى ئاچقان خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى، ئىسمى 6-باشلانغۇچ مەكتەپ، 7-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 6-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى (كېيىن قىزلار 2-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى) ئېچىلدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ

پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) شېڭ شىسەي بىر تۈركۈم ياشلارنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسمى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەقسىم قىلىنىپ، ئوقۇتۇش تايانچىلىرىغا ئايلاندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 9-باشلانغۇچ مەكتەپ (قازاق باشلانغۇچ مەكتىپى) قۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ئالتە سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىسى تەخمىنەن 120 گە يەتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) بۇ مەكتەپ تاقالدى. كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان مەزگىلدە، مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 7-باشلانغۇچ مەكتەپ (ھازىرقى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ) ئۆزگەرتىلىپ شىنجاڭنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى. ماۋ زېمىن ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئىلمىي مۇدىرلىرى سەپلىنىپ، ئوقۇتۇشتا كوممۇنىستلار تۈزگەن يەرلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان دەرسلىك ماتېرىياللىرى قوللىنىلدى. تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، يېزىقچىلىق، سەنئەت، رەسىم، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، خەنزۇ تىلى، قول-ھۈنەرۋەنلىك، تەنتەربىيە دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ۋاسكىتبول، ۋالىبول، تىنك-تاك توپ قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ئۆسمۈرلەر ئارمىيىسى، ئۆسمۈرلەر پولكى قۇرۇلۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، كوچىلارغا چىقىپ ئىئانە توپلاپ ئالدىنقى سەپتە ياپونغا قارشى تۇرۇش قىلىۋاتقانلارغا ياردەم بېرىلدى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، دىخۋادا مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچكە (ئۇيغۇرچە ئىككى، قازاقچە بىر) يەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مىللىي مائارىپ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا مىللىي تىل سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ھەرقايسى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپلار تەسىس قىلىنىپ، يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان دەرسلىك ماتېرىيالى ئىشلىتىلدى. 1953-يىلى خەلق نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېڭى دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىنىپ، تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، گىرامماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلىكلەر تەسىس قىلىندى. 1961-يىلى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىكى بەش يىللىق تۈزۈمدىكى دەرسلىك ماتېرىيالى ئىشلىتىلىپ، خەنزۇچە تىل دەرسى كۆپەيتىلدى. 1984-يىلى دەرسلىك ماتېرىياللىرى قايتا يېڭىدىن ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرچە كونا يېزىقتا نەشر قىلىندى. ئىدىيىۋى-ئەخلاق، تەبىئەت، تەنتەربىيە، سەنئەت، گۈزەل-سەنئەت، پەن-تېخنىكا دەرسلىرى كۆپەيتىلدى.

1985-يىلى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى. تىل-ئەدەبىيات دەرسىنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى. ماتېماتىكا دەرسىنى ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئۇنىۋېرسال ھېسابلاش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق مەشىق قىلىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى؛ تەبىئەت دەرسىنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى؛ ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ھەممىسى-

نىڭ تەجرىبە تېمىلىرى، تەجرىبە قىلىنىدىغان يىللىقلار، سىنىپلار بار بولدى ھەمدە تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا رايون بويىچە مىللىي تىل سىستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر دوكلات بېرىش دەرسىنى ئۆتتۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇ يىلى 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھۆرنىسا ئىبرايىم مەملىكەت بويىچە «1-ماي» ئەمگەك ئوردېنىغا ئېرىشتى. 1986-يىلىغا كەلگەندە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 5-باشلانغۇچ مەكتەپتە، 28-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ زامانىۋى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، يېڭىدىن ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى ئىشخانىسى، تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانا سېلىنىپ، كىنو قويۇش ئاپپاراتى، پرويېكسىيە ئاپپاراتى، تېلېۋىزور، سىن ئالغۇ ئاپپاراتى، مىكرو تىپلىق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى.

تيانشان رايونىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى ۋە شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى خەلقئارادىكى دوستلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە زاتلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. 1976-يىلدىن 1987-يىلغىچە، سۇدان زۇڭتۇڭى نىمەيلى، ئامېرىكىنىڭ نېكىر شەھەر باشلىقلىرى، ياپونىيە، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قېرىنداشلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 5-باشلانغۇچ مەكتەپنى، 19-باشلانغۇچ مەكتەپنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مىللىي ئىشلار كومىتېتىمۇ مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، مىللىي مائارىپنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى.

1987-يىلى پۈتۈن رايوندا ئۇيغۇر، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتىگە، ئۇيغۇر، خەنزۇ ئارىلاش باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچكە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 5166 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى ئوقۇغۇچى 4927 نەپەر، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار 239 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 366 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكىلەر 345 نەپەر، قازاق تىل سىستېمىسىدىكىلەر 21 نەپەر.

## 5-پاراگراف تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش

مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 50-يىللاردا ھەرقايسى مەكتەپلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزدى. 1957-يىلى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆز ئورنىنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش پرىنسىپى بويىچە كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئېچىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېھقانچىلىق ئەمگىكى جەھەتتەكى ئەمەلىي بىلىملىرىنى ئاشۇردى. ھەرقايسى مەكتەپلەر يەنە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىختىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1958-يىلى سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپتىكى پىئونېرلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىختىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىن كىرگەن كىرىمنى ۋە ئىقتىساد قىلغان كەمپۈت پۇلىنى قورۇلۇش قىلىۋاتقان قىزىل گالستۇك باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى.

1974-يىلدىن 1975-يىلغىچە شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلارنىڭ كەينىدىكى ئالتە مو بوش يەرگە سەي تېرىپ، سەيلەرنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرگە بازار باھاسىدىن تۆۋەن باھادا سېتىپ بەردى. كېيىن يەنە گىلەم زاۋۇتى قۇردى. زاۋۇتتىكى ئالتە نەپەر رەسمىي ئىشچىدىن سىرت يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلارنى مۇئەييەن ئىشلەپ چىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇردى. 1975-يىلدىن 1979-يىلغىچە جەمئىي ئۈچ مىڭ كۋادرات مېتىر گىلەم توقىدى. 1975-يىلى 12-باشلانغۇچ مەكتەپ باسما زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇپ، يىللىق ئالغان پايدىسى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1977-يىلى 15-باشلانغۇچ مەكتەپ، 9-باشلانغۇچ مەكتەپ، 2-باشلانغۇچ مەكتەپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا چويلا زاۋۇتى، نىلون خالتا توقۇش گۇرۇپپىسى، پەلەي توقۇش گۇرۇپپىسى، سىم سىرلاش گۇرۇپپىسىنى قۇردى. لېكىن خام ئەشيا كەم بولۇش، سېتىش يوللىرى راۋان بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن، بىر يىلدىن كېيىن كەينى-كەينىدىن ئىشلەپ چىقىرىشتىن توختىدى. 80-يىللاردىن باشلاپ، قىسمەن مەكتەپلەر كەچلىك ياكى بايرام، دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپنىڭ قىسمەن ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن كىرىم ئارقىلىق مەكتەپ خىراجىتىنىڭ كەم قىسمىنى تولۇقلىدى.

1987-يىلى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىن خادىملار ئاجرىتىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى كارخانا قۇرۇش ھەمدە مەكتەپنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇ يىلى تىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى باسما زاۋۇت قۇردى، ئاشخانا، تۇرلۇك ئۇششاق بۇيۇملار ماگىزىنىنى ئاچتى. 7-باشلانغۇچ مەكتەپ دوختۇرخانا ئاچتى. 32-باشلانغۇچ مەكتەپ ئاشخانا ئاچتى، شۇنىڭدىن بۇيان، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئاساسلىق كىرىم قىلىشقا ئۆزگەردى.

# 3-باب ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپى

## 1-پاراگراف ئالىي مەكتەپ مائارىپى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13-يىلى (1924-يىلى) قۇرۇلغان روس تىلىدىكى سىياسىي قانۇن شۆيۈەنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) شىنجاڭ شۆيۈەنگە ئۆزگەرتىلىپ، سىياسىي ئىقتىساد، قانۇن، مائارىپتىن ئىبارەت ئۈچ فاكولتېت ۋە باج ئىشلىرى مەخسۇس كۇرسى تەسىس قىلىندى، ئوقۇغۇچىسى 104 كە يەتكەنىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) دىخۇا ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، سۇ ئىنشائاتىدىن ئىبارەت تۆت خىل كەسىپ تەسىس قىلىندى. كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىل (1941-يىلى) شىنجاڭ شۆيۈەنگە قوشۇۋېتىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ قىزلار شۆيۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى

(1946-يىلى) شىنجاڭ شۆيۈەنگە قوشۇۋېتىلدى.

1949-يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 370 كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 104 كە يەتتى.

1950-يىلى شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىسمى شىنجاڭ مىللەتلەر شۆيۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. 1954-يىلى بۇرۇنقى ئىسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1960-يىلى ئىسمى يەنە شىنجاڭ داشۆسىگە ئۆزگەرتىلىپ، كۆپ مىللەتلىك، ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق داشۆ قىلىندى. 1987-يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 5517 گە (2957 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى 2262 گە يەتتى.

1987-يىلى رايوندا شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى، ئۈرۈمچى مائارىپ شۆيۈەنى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى، شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە سىفەن داشۆسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە داشۆسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى داشۆسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي داشۆسى، شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى كەسپىي داشۆسى قاتارلىق توققۇز ئالىي مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 22 مىڭ 183 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 9612 نەپەر.

## 2-پاراگراف ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى، كەسپىي مائارىپ

### بىرىنچى، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5-يىلى (1916-يىلى) ئۆلكىلىك دىخۇا سىفەن مەكتىپى قۇرۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) ئىسمى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1-سىفەن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى، خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق تىل سىستېمىسىدىكى ئوقۇتۇش سىنىپىدىن 28ى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى دىخۇا 1-سىفەن مەكتىپىدىكى مىللىي سىنىپلار ئايرىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق تىل سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 2-سىفەن مەكتىپى قۇرۇلدى. يەنە شىنجاڭ قىزلار مەكتىپىنىڭ قارىمىقىدىكى سىفەن مەكتەپ مۇستەقىل بولۇپ ئايرىلىپ چىقىپ، دىخۇا قىزلار 1-سىفەن مەكتىپى قۇرۇلدى. قىزلار 1-سىفەن مەكتىپىدىكى مىللىي سىنىپلار ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇيغۇر، قازاق تىل سىستېمىسىدىكى قىزلار 2-سىفەن مەكتىپى قىلىپ قۇرۇلدى. 1947-يىلى دۆلەتلىك تيانشان سىفەن مەكتىپى قۇرۇلدى. جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەنە شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار مەكتىپى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى، شىنجاڭ باش ۋالىي مەھكىمىسى ھەربىي سەھىيە باشقارمىسى ھەربىي تىببىي مەكتىپى، شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىببىي داۋالاش ۋە دورىگەرلىك بويىچە تېز تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1950-يىلى تيانشان سىفەن مەكتىپى ۋە دىخۇا قىزلار 1-سىفەن مەكتىپى 1-سىفەن مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى. 50-يىللاردىن 60-يىللارغىچە رايون ئىچىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ موڭغۇل سىفەن مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىفەن مەكتەپ، گۈزەل-سەنئەت مەكتىپى، سودا مەكتىپى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 1960-يىلى 2-سىفەن مەكتىپى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىفەن مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلىپ، مىللىي خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. موڭغۇل سىفەن مەكتىپى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا كۆچۈرۈلدى. 1962-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىفەن مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 80-يىللىرى ساقچى مەكتىپى، توقۇمىچىلىق مەكتىپى، رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش

ماتېرىياللىرى مەكتىپى كېيىنى-كېيىندىن قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەرقايسى سەپلەرگە تەقسىم قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1987-يىلى رايون ئىچىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرىدىن شىنجاڭ سودا مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى، شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى، شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ساقچى مەكتىپى، شىنجاڭ سەنئەت شۆبۇمى (ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمى)، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچىلىرى ئۈرۈمچى قوماندانلار مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلار مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپى بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1325كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 695 نەپەر.

## ئىككىنچى، كەسپىي مائارىپ

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) دىخۇا قىزلار كەسپىي مەكتىپى قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تىككۈچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق، رەخت توقۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. شۇ يىلى دىخۇا خۇيزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش جەمئىيىتى ئاياللار كەسپىي سىنىپى ئاچتى. كېيىن ئاياللار كەسپىي مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، خۇيزۇ، خەنزۇ، رۇس ئاياللىرىدىن 40 نى قوبۇل قىلدى. ئۇلار مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە تىككۈچىلىك تېخنىكىلىرىنى ئۆگەندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) دىخۇا قىزلار 2-مەكتىپى قىسقا مۇددەتلىك تىكىمچىلىك كۇرسى ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. لېكىن بۇلار قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي تەربىيىلەش ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، كەسپىي مائارىپتا يەنىلا قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئاساس قىلىنىپ، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش ياكى مەكتەپ ۋەكالەتەن تەربىيىلەپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1981-يىلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، رايوننىڭ كەسپىي مائارىپى خېلى تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە زاۋۇتى ۋە 2-ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتىپى كەسپىي مائارىپ بويىچە ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى تەسىس قىلدى. 1982-يىلى تيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى بىلەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلىشىپ ئىككى قارار تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئىككى يىل ئوقۇتۇش ئارقىلىق رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 42 نەپەر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلەپ بەردى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى كەسپىي سىفەن سىنىپىدىن بىرنى ئاچتى. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 52 پەرزەنتى ئۈچ يىل ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە 35 ئوقۇغۇچى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 13-ئوتتۇرا مەكتەپ بالىلار سىفەن سىنىپىنى ۋە 14-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوتتۇرا سىفەن سىنىپىنى ئېچىپ بىر تۈركۈم بالىلار مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مىللىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلىدى.

كەسپىي سىنىپلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوشۇمچە تەسىس قىلىندى. ئاز ساندىكىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە تەسىس قىلىندى. كەسپىي مەكتەپلەر (سىنىپلار)نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كەسىپلەرنى ئۆزى تاللىدى. ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ياخشىلىرىنى تاللاپ ئىشلەتتى.

1987-يىلى رايون ئىچىدىكى 25 كارخانا، كەسپىي ئورۇن ئائىلە ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، بوياش-توقۇش، بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرى، بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا، باغ-ئورمان، شەھەرنى سۇ بىلەن

تەمىنلەش، پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىش، كىيىمچىلىك، تىككۈچىلىك، تەرجىمانلىق قاتارلىق 71 خىل كەسىپتىكى ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنى ئاچتى. 2274 ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. شۇ يىلى 17 سىنىپتىكى 648 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى. 491 ئوقۇغۇچىنى جەمئىيەتتىكى ئورۇنلار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى.

# 4-باب چوڭلار مائارىپى

## بىرىنچى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلىدىن (1937-يىلى) 31-يىلىغىچە (1942-يىلى) جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا، ئاممىۋى مەكتەپلەردە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى (گۇرۇپپىلىرى)، كېچىلىك ئەپەندىلەر ئەترىتى، كېزىت ئوقۇش مۇنبىرى، خەت (ھەرپ) سوراش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەر قوللىنىلىش ئارقىلىق بىر يىلدا بىر قېتىم ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە قىش مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادى چىقىرىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) دىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مىللىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، ساۋات چىقىرىش تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغانلىقتىن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولغاچقا داۋاملىق ئوقۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن دەرس ئۆتۈش توختىتىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم-تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ھەمدە مۇھىم بىر سىياسىي ۋەزىپە دەپ قارىدى. 1950-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، رايوندىكى ئاما ئارىسىدا ساۋات چىقىرىش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەلىم-تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. 1955-يىل ھەرقايسى سىستېمىلار مىڭدىن كۆپرەك ئىشچى-خىزمەتچىنى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەتتى. ئۆگىنىشكە قاتناشقان بىر قىسىم خادىملار زاۋۇت ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ئۆستۈرۈلدى. بەزىلىرى زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. 1958-يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىشلەپچىقىرىشقا بىرلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىگە قاراپ دەرس ئۆتۈش، دەرس ئۆتۈش جانلىق ھەم كۆپ خىل بولۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. رايوندىكى ھەرقايسى سىستېمىلار ۋە مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قىزىللىشىش ۋە ئىختىساسلىشىش مەكتەپلىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلىرىنى كەينى-كەينىدىن قۇرۇپ، خىزمەتتىكى كادىرلارنى ۋە ئىشچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە تەكرار قىلىپ بېرىش، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىشتىن سىرتقى تەلىم-تەربىيە ئېلىپ باردى. 1962-يىلى قىزىللىشىش ۋە ئىختىساسلىشىش مەكتەپلىرىدە ھەم مەدەنىيەت ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەردە ئوقۇغان كۇرسانتلار ئىككى مىڭدىن كۆپرەككە، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار 40 تىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋادى چىقىرىلىپ، خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1965-يىلى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىغا يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىش كۇرسىدىن 67 قارار ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا 1551 كۇرسانت قاتناشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چوڭلار مائارىپى نورمال ئېلىپ بېرىلالمىدى. 10 يىلدا ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتسىزلارنىڭ سانى كۆپ مىقداردا كۆپەيدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى ئاساس قىلغان چوڭلار مائارىپىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە چوڭلار مائارىپىنى ساۋات چىقىرىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاساس قىلىنغان، باشلانغۇچ مائارىپتىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدەنىيەت تېخنىكا بىلىملىرىنى تولۇقلاشنى ئاساس قىلغان كەسپىي مائارىپقا تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. 1982-يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر، قازاق تىل سىستېمىسىدا كونا يېزىقنى ئىشلىتىش تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. كادىر، ئاممىغا كونا يېزىقنى ئۆگىنىش بويىچە دەرس ئۆتۈلدى. شۇ يىلى يەنە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئۆتۈش كۇرسى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تولۇقلاش كۇرسى، ئىنگلىز تىلى، ئۇيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى كۇرسى، قىسقا مۇددەتلىك سودا بوغالتىرلىقى، سانائەت بوغالتىرلىقى، سائەت رېمونت قىلىش قاتارلىق ھەر خىل تۈردىكى تولۇقلاش كۇرسىدىن 50 قارار ئېچىلدى. ئۇنىڭغا 1600 كۇرسانت قاتناشتى. 1982-يىلى تۆرلۈك ئوقۇتۇش سىنىپلىرى 107 گە كۆپىيىپ، كۇرسانتلىرى 4507 گە يەتتى. بەزى كۇرسانتلار مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق تېلېۋىزىيە داشۆ، ئىشتىن سىرتقى داشۆلەرگە ئۆتتى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رايون بويىچە خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلار ئارىسىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن 50 كىشىگە ئىشتىن سىرتقى ۋاقتتىن پايدىلىنىپ ئىككى يىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تولۇقلىدى. ئىككى يىللىق ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى كۇرسانتلارنىڭ سەۋىيىسى تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. 1986-يىلى رايوندىكى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى چوڭلار مائارىپ كادىرى چېن شۇچيۇ «مەملىكەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## ئىككىنچى، ئالاھىدە مائارىپ

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇادىكى بەزى ئەما، گاس-گاچا ياش-ئۆسمۈرلەر كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىدى. تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بولالمايدىغان جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ياشىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئەما، گاس-گاچا ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئالاھىدە مائارىپىنى سوتسىيالىستىك مائارىپ سىستېمىسىغا كىرگۈزدى. 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى يۈجىنگەي كوچىسىدا شىنجاڭ ئۇرۇمچى ئەما، گاس-گاچىلار مەكتىپىنى قۇردى. 1961-يىلى 15 ياشتىن تۆۋەن زېھىن-ئىقتىدارى نورمال 20 گە يېقىن گاس-گاچا ئۆسمۈر قوبۇل قىلىندى. 1962-يىلى يەنە نەپەر ئەما ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇگۇلاپ داۋالاش ئۆگىتىلدى. 1963-يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئىشلار نارماقلىرى ئاچقان ئۇگۇلاپ داۋالاش ئامبۇلاتورىيىلىرىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. گاس، گاچا ئوقۇغۇچىلار خەلق ئىشلار پاراۋانلىق زاۋۇتلىرىغا تەقسىم قىلىندى. 1964-يىلى دۆلەت پۇل ئاجرىتىپ ئەرداۋاندا يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەندى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر سىنىپىنى تەسىس قىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ 107 گە (24 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى. ئەما، گاس-گاچا ئوقۇغۇچىلار سىلاپ ئوقۇش، سانجىپ يېزىش، سەنئەت، مەدەنىيەت بىلىملىرى، ھۈنەر-سەنئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇئەييەن مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندى.

1971-يىل ئەما، گاس-گاچىلار مەكتىپى ئۇرۇمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇ-

شىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1974-يىلى ئەما، گاس-گاچىلار مەكتىپىدە تىكىمچىلىك، ياغاچچىلىق سېخى قۇرۇلدى. ئوغۇل گاس ئوقۇغۇچىلار ياغاچچىلىقنى، قىز گاس ئوقۇغۇچىلار تىكىمچىلىكنى ئۆگەندى. 1981-يىلدىن باشلاپ قەرەللىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەر يىلى كۈز پەسلىدە 10 ياشتىن تۆۋەن زېھىن-ئىقتىدارى نورمال ئەما، گاس-گاچا بالىلارنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، ئوقۇش مۇددىتى سەككىز يىل قىلىپ بېكىتىلدى.

1982-يىلى 1166 كۋادرات مېتىرلىق ئۇنىۋېرسال بىنادىن بىرسى يېڭىدىن سېلىنىپ، سىنىپ ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى. كەينىدىنلا پارتا-ئورۇندۇق، ئوقۇتۇش قوراللىرى، تەنتەربىيە، چالغۇ-ئەسۋابلىرى ۋە ئەمالار يېزىقىدىكى خەنزۇچە كىتابلار نەچچە يۈز پارچىغا كۆپەيتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ۋەكالىتەن ئەما يېزىقىدىكى كۆپەيتىش ماشىنىسىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى. ئاشخانىغا دوخوپكا، پىلتە قۇيماق پىشۇرغۇچ ۋە خېمىر يۇغۇرۇش ماشىنىسى، سەي يۇيۇش ماشىنىسى قاتارلىقلار تولۇقلاپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىتىلىپ ماددىي تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

1985-يىلى 6-ئايدا ئەما، گاس-گاچىلار مەكتىپى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 40 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىلىپ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى.

1987-يىلى پۈتۈن مەكتەپتىكى سىنىپ 19غا (15 گاس ئوقۇغۇچىلار سىنىپىنى، تۆت ئەما ئوقۇغۇچىلار سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئوقۇغۇچى 347 گە (40 ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئوقۇتقۇچى 47 گە (بەش ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئىككى نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى تۆت نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى تۆت نەپەر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى تۆت نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 20 نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى توققۇز نەپەر.

# 5-باب مائارىپ ئىسلاھاتى

ئازادلىقتىن كېيىن رايونىغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئاساسلىق ئوقۇتۇش ئىدىيىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1953-يىلى ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پېداگوگى كەيلوف بىلەن ماكالەنكىنىڭ پېداگوگىكا نەزەرىيىسىنى ۋە ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرىنى ئۆگەندى، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا «ئوقۇتۇشقا تەشكىللەش — ئۆتۈلگەن دەرسنى تەكرارلاش — يېڭى دەرس سۆزلەش، يېڭى دەرسنى مۇستەھكەملەش — تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت بەش ھالقا بويىچە دەرس ئۆتۈلدى. نەتىجىنى تەكشۈرۈشتە «بەش نومۇرلۇق تۈزۈم» قوللىنىلدى. ئوقۇتقۇچىلار دەرسخانا قوللانمىسىنى ئىشلەتتى.

1957-يىلى تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلىپ، ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئوقۇتقۇچىلار رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «ئون چوڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»نى ئۆگىنىپ ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلىدا ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆلۈك ئوقۇتۇشقا قارشى تۇردى. ئىخچام سۆزلەش، كۆپ مەشىق ئىشلىتىش، ئاز ھەم ساز بولۇشتەك ئوقۇتۇشنى ئەمەلىيەتتىن

ئۆتكۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى.

1960-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مائارىپنى چوقۇم ئىسلاھ قىلىش دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. «يىل چەكلىمىسىنى مۇۋاپىق قىسقارتىش، دەرىجىنى مۇۋاپىق يۇقىرى كۆتۈرۈش، دەرس سائىتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش، ئەمگەكنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش» يوليورۇقىغا ئاساسەن، رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالتە بەشىنچى يىللىق سەكرەپ ئىلگىرىلەش سىنىپى قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار ئىككى ئاي ۋاقىتتا ئالتىنچى يىللىقلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەسلىكى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىرىنچى يىللىقلارنىڭ قىسمەن تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىپ بولدى. ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈش سەۋىيىسىگە يەتتى. قىسمەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر لياۋنىڭ ئۆلكىسى خىيشەن بېيگۇەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىك ماتېرىيالىنى ئىشلەتتى. 1963-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھېساب دەرسلىكى پۈتۈنلەي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ چۈشۈرۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھېساب دەرسى ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. 1-باشلانغۇچ مەكتەپ باشلامچىلىق بىلەن لياۋنىڭ ئۆلكىسى خىيشەن بېيگۇەن باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە بېيجىڭ جىڭشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ ئوقۇتۇش مۇددىتى تۈزۈمى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىسىنى ئېلىپ باردى. مەكتەپ بويىچە بىرىنچى يىللىقلاردىن تۆت سىنىپ، ئىككىنچى يىللىقلاردىن تۆت سىنىپ، ئۈچىنچى يىللىقلاردىن ئۈچ سىنىپ، تۆتىنچى يىللىقلاردىن بىر سىنىپ، بەشىنچى يىللىقلاردىن بىر سىنىپ بولۇپ، جەمئىي 13 سىنىپقا قارىتا تەجرىبە ئېلىپ باردى. 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ باشلامچىلىقىدا باشقا مەكتەپلەرمۇ كەينى-كەينىدىن خىيشەن بېيگۇەن باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە جىڭشەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى.

1960-يىلى شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى رايون ئىچىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە بالىلار باغچىلىرىغا قارىتا يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئېلىپ باردى. يۇرۇشلەشكەن ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر بالىلار باغچىلىرىغا شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى.

بۇرۇنقى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى 14-ئوتتۇرا مەكتەپ)، قىزلار 2-ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى 6-ئوتتۇرا مەكتەپ)، 19-باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار 2-باغچىسى بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6-ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇرۇنقى قىزلار 1-ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى 8-ئوتتۇرا مەكتەپ)، 13-باشلانغۇچ مەكتىپى، بالىلار 1-باغچىسى بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ (بالىلار 1-باغچىسى سىرتقا قارىتا يەنىلا مۇستەقىل ئورۇن) قىلىپ بېكىتىلدى.

1-ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 2-باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇرۇنقى 6-ئوتتۇرا مەكتەپ، شەھەرلىك سىفەن، 2-سىفەن بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ ئىسمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىفەن مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلدى.

1965-يىلى «يۇرۇشلەشتۈرۈش» يىمىرىلدى. شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ، 13-باشلانغۇچ مەكتەپ، 32-باشلانغۇچ مەكتەپ تيانشان رايونىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بالىلار 1-باغچىسى، بالىلار 2-باغچىسى، 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1971-يىلى مەكتەپلەر رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ مائارىپتا ئىنقىلاب قىلىش توغرىسىدىكى «ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى ئاساس قىلىپ، باشقا بىلىملەرنى قوشۇمچە ئۆگىنىش كېرەك. مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپلا

قالماي يەنە سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ھەربىي ئىشلار بىلىمىنى ئۆگىنىشى كېرەك»، (7-ماي) يولىدا مېڭىش كېرەك» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بەس-بەستە زاۋۇت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئىشچى-دېھقانلاردىن ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

1978-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھېساب دەرسىگە ئالگېبرا، گېئومېترىيىنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرى مۇۋاپىق قوشۇلۇپ، ستاتىستىكا، فۇنكسىيە قاتارلىق ھازىرقى زامان ماتېماتىكا مەزمۇنلىرى مۇۋاپىق كىرگۈزۈلۈپ، ئىسمى ماتېماتىكا دەرسى دەپ ئاتالدى.

1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ لەن ئۇزۇن مۇددەت تۆۋەن يىللىقلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ خەت ئۆگىنىش، كۆپ ئوقۇتۇش، دەرستىن بۇرۇن ئوقۇتۇش، يازدۇرۇش — رەسىمگە قاراپ سۆزلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە خېلى ياخشى ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ھاسىل قىلدى. 5-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ھەلىمە سوپى، «1-ئاۋغۇست» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى جياۋبېنخاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلار دەرس ئۆتكەن يىللىقلارنىڭ رايون بويىچە ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھاندىكى نەتىجىسى باشقا مەكتەپلەردىكى ئوخشاش يىللىقلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. 1981-يىلى بۇ ئۈچ ئوقۇتقۇچىغا ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

1983-يىلى قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرى ئامېرىكىنىڭ پىداگوگىكى برۇنېرنىڭ «بايقاش ئۇسۇلى»①نى ئۆگىنىپ ۋە قوللىنىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ياخشىلىدى. 10-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سۇن زۇيىڭنىڭ «بايقاش ئۇسۇلىنى ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش» توغرىسىدىكى ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1984-يىلى جاڭجۇ سىفەن مەكتىپىدىكى چيۇشۈخۇانىڭ «سىناپ كۆرۈش»② ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۆگىنىشتىكى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى. شۇ يىلى 2-باشلانغۇچ مەكتەپ، 10-باشلانغۇچ مەكتەپ، 12-باشلانغۇچ مەكتەپتە بىرىنچى يىللىقلاردىن ئۈچىنچى يىللىقلارغىچە «ئۈچتە ھېسابلاش» (قەلەمدە ھېسابلاش، ئېغىزچە ھېسابلاش، چوتلۇق ھېسابلاش) ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى. سىناش نەتىجىسىدە، تەجرىبە قىلىنغان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسابلاش ئىقتىدارى باشقا مەكتەپلەرنىڭ ئوخشاش يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى.

1985-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، تيانشان رايونى «1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى پىلان لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ مەكتەپلەردىن ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساس يېتەكچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي گەۋدە، مەشىق قىلدۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئوقۇتۇش قوللانمىسىنى ئاساس مەركەز، تەپەككۇر قىلىشنى يادرو قىلىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سىستېمىلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، كونترول قىلىش نەزەرىيىسى ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى قىلىندى، ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرىنىڭ «تەجرىبە ئېتىزلىرى»نى ئېرىشى تەشەببۇس قىلىندى. ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىملىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا تيانشان رايونىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى پەنلەردە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى بويىچە 24 تەجرىبە مەخسۇس تېمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپلەرنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى. تەجرىبە سىنىپىدىن 44 ى قۇرۇلدى. ئوقۇتۇش تەتقىقات

خادىملىرى تەتقىقات ئېمىلىرى تەجرىبىلىرىگە ئۆزلىرى بىۋاستە قاتناشتى. تىل-ئەدەبىيات تەجرىبە دەرسلىرىدىن «ئالتە ئامىل بويىچە ئوقۇتۇش»③، «يەككە تۈر بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش»④، «مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇپ بالدۇر ساۋادىنى چىقىرىش»، «ماقالە يېزىشنى مەشىق قىلىش» قاتارلىقلار بار. ماتېماتىكا تەجرىبە دەرسلىرىدىن «ئېغىزچە ھېسابلاشنى مەشىق قىلىش»، «ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن مەشىق قىلىپ ئىشلەش» دەرسلىرى بار؛ ئىدىيىۋى ئەخلاق تەجرىبە دەرسىدىن «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى»، «يېتەكلەش بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈش»⑤ دەرسلىرى بار؛ تارىخ تەجرىبە دەرسىدىن «تۆت بۆلەككە بۆلۈپ ئوقۇتۇش شەكلى» دەرسى بار؛ مۇزىكا تەجرىبە دەرسىدىن «ئورۇن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى»⑥، «چالغۇ ئەسۋابلارنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىپ ئوقۇتۇش» دەرسلىرى بار؛ تەنتەربىيە تەجرىبە ئوقۇتۇش دەرسلىرىدىن «رىتىملىق گىمناستىكا» دەرسى بار؛ مىللىيچە تىل-ئەدەبىيات دەرسىدىن «ھەر خىل ژانىر دەرسى تېكىستلىرى بويىچە دەرس ئوقۇتۇش» ۋە «ئۈچ تۈردىكى دەرس تېكىستلىرى بويىچە ئوقۇتۇش» دەرسلىرى بار؛ ماتېماتىكا دەرسلىرىدىن «ئۈچ خىل ھېسابلاشنى بىرلەشتۈرۈش»، «ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەش» دەرسلىرى بار. تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، تۆۋەن يىللىقلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات دەرسىدىن «ئوقۇش-يېزىش» دەرسى، ماتېماتىكا دەرسىدىن «ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلەش» دەرسى، مىللىي تىل سىستېمىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ «خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئوقۇتۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ مەخسۇس تېما بويىچە ئوقۇتۇشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ھەممە مۇشۇ رايون ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى.

شۇ يىلى رايون بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئەڭ ياخشى دەرس ئۆتكۈچىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 16 ئوقۇتقۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىل سىستېمىسىدىكى ئوقۇتقۇچى بەش نەپەر) «ئەڭ ياخشى دەرس» ئۆتكۈچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1986-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 4-ئايدا يىلىش ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بىر قېتىم يېڭى مۇنەۋۋەر دەرس ئۆتكۈچىلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 10-ئايدا «مەخسۇس تېما بويىچە دەرس سۆزلەش» باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۆزئارا ئۆگىنىش كۆرسىتىش ۋە باھالاش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى، كۆزىتىش ئىقتىدارى، مەشغۇلات ئىقتىدارى ۋە ئاڭلاش-سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش ھېسابلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1-دەرسخانا ئىسلاھ قىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە 2-دەرسخانا پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. ئىلىم-پەن كۇرجەكلىرى ۋە سىمسىز رادىئو، فىزىكا، ماشىنا مودېلى، ئايروپىلان ۋە كېمىلەرنىڭ مودېلى قاتارلىق پەن-تېخنىكا پائالىيىتىگە قىزىققۇچىلار گۇرۇپپىلىرى، تەنتەربىيىدىكى ھەر خىل ئەنئەنىۋى تۈرلەرنى مەشىق قىلىش كوماندىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. 2-دەرسخانا پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمى بېيىتىلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى قوزغىتىلىپ، بىلىم جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئەمەلىي ئىقتىدار يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 90% ئوقۇغۇچى 2-دەرسخانىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. 4-يىللىق ئوقۇغۇچىسى جاۋ تيەنيۇ، 5-يىللىق ئوقۇغۇچىسى شۇ يېڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1984-يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالىسىنى باھالاش مۇسابىقىسىدا ئىككىنچىلىككە ۋە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۈچىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى ساڭ شىگرۇي قاتارلىق ئۈچ ئوقۇغۇچى مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەرنىڭ رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلاندى. 4-يىللىق ئوقۇغۇچىسى مىن چاۋ ئىسپانىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئۆسمۈرلىرى رەسىم سىزىش مۇسابىقىسىدا مۇكاپاتلاندى. خۇاڭ تىڭ مەملىكەتلىك ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ پروگراممىسىنى لايىھەلەش مۇسابىقىسى شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا

ئېرىشتى. 19-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەكبەر ياسىغان دوخۇپكا قىلىپى غەربىي شىمال رايونىدىكى بەش ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پەن-تېخنىكا كىچىك كەشپىياتى مۇسابىقىسىدا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1986-يىلى 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پەن-تېخنىكا يېتەكچىسى جۇيىڭزۇ ئاپتونوم رايون بويىچە «باغۋەنلەر» بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1986-يىلى ئۇرۇمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا، تيانشان رايونىدىكى 1-، 10-، 13-، 15-، 20-، 43-باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە رايونىدا تۇرۇشلۇق تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى، «1-ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلۈمى، بىڭتۇەن 2-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق 1-بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ 3-باشلانغۇچ مەكتىپى «ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا، 27 ئوقۇتقۇچى «ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى تۈزۈلمىسىدە مۇدىر مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىزچىل ھالدا يولغا قويۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ھەرقايسى مەكتەپلەردە 1968-يىلى «چوڭ بىرلىشىش كومىتېتى» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1970-يىلى ئىككى ئاممىۋى تەشكىلات باراۋەرلىك پرىنسىپى بويىچە خادىملارنى تاللاپ ئىنقىلابىي كومىتېت ياكى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، مەكتەپ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. 1978-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيانشان رايونلۇق كومىتېتى ھەرقايسى مەكتەپ ۋە باللار باغچىلىرىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مەكتەپ مۇدىرى، باللار باغچىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، 108 ئادەمنى مەكتەپ مۇدىرلىقى، مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، باغچا باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىققا ۋە ئىلمىي مۇدىر، مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلىدى.

1985-يىلى 5-باشلانغۇچ مەكتەپ، 12-باشلانغۇچ مەكتەپ، 19-باشلانغۇچ مەكتەپ رەھبەرلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى ئامما تەرىپىدىن سايلاندى، يۇقىرى تەستىقلىدى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇددىتى تۈزۈمى ۋە مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1986-يىلى سىناق نۇقتا تەجرىبىلىرى كېڭەيتىلىپ، بىر تۈركۈم ياش ۋە قاۋۇل كىشىلەر مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقى، مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ۋە ئىلمىي مۇدىرلىقى، مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

1987-يىلى مەكتەپلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەكتەپلەر (باللار باغچىلىرى)دا پارتىيە ياچېيكىسى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مەكتەپ مۇدىرى (باللار باغچىسىنىڭ باشلىقى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

---

ئىزاھات:

① بايقاش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئاساسىدا مەسىلىلەرنى بايقاشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى كۆرسىتىدۇ.

② سىناپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دەرسلىكىدە يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى سىناپ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارنى

بىلمىگە ئىگە قىلىش، ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، ھەل قىلىش، دادىل سىناق قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئالتە ئامىل بويىچە ئوقۇتۇش دېگىنىمىز — دەرستىكى ئالتە ئامىلنى ۋە دەرستىن سىرتقى سەككىز ھالقىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەرستىكى ئالتە ئامىل ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، رىغبەتلەندۈرۈش، تەكرار قىلىش، تاپشۇرۇق، خاتالىقنى تۈزىتىش ۋە خۇلاسىلاشتىن ئىبارەت. دەرستىن سىرتقى سەككىز ھالقا ئۆگىنىش تەييارلىقى، دەرستىن ئىلگىرى ئۆگىنىش، كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئۆتۈش، ئۆز ۋاقتىدا تەكرار قىلىش، تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەش، خاتاسىنى تۈزىتىش، سىستېمىلىق خۇلاسىلاش ۋە دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت.

④ يەككە تۈر بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش دېگىنىمىز ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەنئەنىۋى يەككە تۈر بويىچە ئوقۇتۇشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ يېتەكچىلىك بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈش دېگىنىمىز — ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئاساس قىلىنغان بىر خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئالدى بىلەن ئېيدىڭلاشتۇرۇپ، ئاندىن نەزەرىيە ئارقىلىق ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، تەدرىجىي ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

⑥ ئورف ئوقۇتۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز — غەربىي گېرمانىيىلىك مۇزىكانت كار ئورۇف نەچچە ئون يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىجادىيىتى ئاساسىدا، بىر خىل جانلىق بولغان باللارغا دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ياراتتى. ئۇ ئىشنى رىتىمدىن باشلاپ، تىل رىتىمىنى ھەرىكەت رىتىمىغا بىرلەشتۈرۈپ، باللاردا رىتىم تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ، بۇنى مۇزىكا دەرسى ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسى قىلىشنى تەكىتلىدى.

# 17-بۆلۈم

# مەدەنىيەت، تەنتەربىيە

## ئومۇمىي بايان

تيانشان رايونى — ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن رايوندۇر.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، تىياتىر سەنئەتكارلىرى ئۆزلۈكىدىن سەنئەت تەشكىلاتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، بۇتخانا، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆيلىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئويۇن قويىدى، ئاساسلىق بېيجىڭ چاڭچىلىسى، شەنشى چاڭچىلىسى، خېبېي چاڭچىلىسى، شىنجاڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىش قاتارلىق ئويۇنلارنى قويىدى، لېكىن قويغان نومۇرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ پائال قاتنىشىشى ئاستىدا تىياتىر، دراما ئورۇنلاش، ناخشا ئېيتىش قاتارلىق شەكىلدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرى بىر مەزگىل جانلاندى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلار دىخۇادا خېلى زور كۆلەمدىكى تىياتىر قويۇش قاتارلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ھەر مىللەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى مىلىي ھالدا ئويۇن قويۇش ئەترەتلىرى ۋە ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمەكلىرىنى قۇرۇپ ھەم ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى ھەم مىللەتلەر ئارا ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئالماشتۇرۇشنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى. كۆپلىگەن خەنزۇ ئاممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشا ۋە ئۇسسۇللىرىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر ياش داۋۇت بېيجىڭ چاڭچىلىسىنى ئورۇنلىغاندا چامباشچىلىقتا كۆرسەتكەن ماھارىتى نوغرىسىدىكى تەرىپلەشلەر پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. ئاتاقلىق كومپوزىتور ۋاڭ لوبىڭ توپلىغان ھەم ئىجات قىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشىلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارى ئابدىگۈل سۇناي بىلەن «سەنەم» قاتارلىق ئاھاڭلارنى ئورۇنلاپلا قالماي، خەنزۇ خەلقىنىڭ كۈيى بىلەن شىنجاڭ ناخشىلىرىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلىدى. شۇ چاغدا كوچا دوقمۇشلىرىدا خەلق سېرك ئويۇنلىرىنى قويۇش خېلى جانلانغانىدى. دىخۇادا يەنە 6-نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە 2-نۆۋەتلىك دىخۇا شەھەرلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. لېكىن كۆلىمى كىچىك، تۈرلىرى ئاز، ماھارەت كۆرسىتىش سەۋىيىسى تۆۋەن بولدى، دىخۇا شەھىرىدىكى تەنھەرىكەتچىلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ ئۆلكىلىك كوماندا تەشكىللىنىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە كۆپ قېتىم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، رايون ئىچىدىكى مەدەنىيەت سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. دىخۇا

شەھەرلىك بىرىنچى رايوننىڭ ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى) ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ، ئويۇن قويۇش قوراللىرىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ ئويۇن قويدى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ تەسىرى بار كەسپىي بېيجىڭ چاڭچىلىسى سەنئەت ئۆمىكىگە ئايلاندى. شىنجاڭ ئۇنسۇل ئۆمىكى (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەنشى تىياتىر ئۆمىكى)، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەلنەغمە ئۆمىكى قاتارلىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. پانوس ئويۇنى، شىر ئويۇنى، كېمە ئويۇنى قاتارلىق خەلق ئويۇنىنى قويۇش پائالىيەتلىرى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ياڭگېر ئۇسسۇلى ئەترىتى، بەلدۇمباق ئۇسسۇلى ئەترىتى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر يەنە تۈرلۈك ئەدەبىيات-سەنئەت تۈرلىرىنى ئۆزلىرى تەييارلاپ قويۇپ، رايون خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشتى.

1952-يىلى، 1955-يىلى ئاتاقلىق يۈيجۈ تىياتىرى سەنئەتچىسى چاڭ شياڭيۇ ئىككى قېتىم ئۆمەك باشلاپ دىخۇاغا كېلىپ، خەلق مەيدانىدا ئاممىنىڭ خەير-ئېھسان ئىشلىرى ئۈچۈن «خۇڭ نياڭ»، «مۇلەننىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى ئورۇنلاپ، چېگرا رايون شەھىرىنى زىل-زىلىگە سالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئورنىنى بىرلا خىلدىكى ئۆزۈندە ناخشىلىرى، سادىقلىق ئۇسسۇلى، ئۈلگىلىك تىياترى ئىگىلىدى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ھەر خىل تۈردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى ئورۇنلانغان ئائىلىلەرگە كىرىشى بىلەن كەڭ ئاما كەڭ كۆلەمدە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىشتىن بەھرىمەن بولدى.

رايون ئىچىدىكى تەنتەربىيە ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، تەنتەربىيە قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، تەنھەرىكەت سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. توپ تۈرلىرى، يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتلىرى ۋە رادىئو گىمناستىكا پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ئومۇملاشتى. 1980-يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەخسۇس تۈردىكى مەشىق تۈرلىرى تەسىس قىلىنىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتا پىلانلىق ھالدا مەشىق ئېلىپ بېرىلدى. «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» يولغا قويۇلۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەر ئىچىدە تەنتەربىيە زاپاس كۈچلىرى تەربىيىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە رايوندا تۇرۇشلۇق 200 ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. رايون ئىچىدىكى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى تۈرلۈك تەنتەربىيە مەخسۇس مۇسابىقىلىرى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دوستلۇق مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىشتىن سىرت يەنە ئۆزلىرىنىڭ بەدەن سالامەتلىكى ئەھۋالىغا ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. تەيجىچۈەن، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، شاھمات ئويناش، پوچتا كەپتىرى بېقىش قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى خېلى ئومۇملاشتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە خەلق مەيدانى كوچا ئايلانمىلىرىدىكى گۈللۈكلەر، باغچىلار ۋە يوللار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش سورۇنلىرىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندە داۋاملىق بەدەن چېنىقتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

رايون ئىچىدىكى ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭ، پۈتۈن شەھەر بويىچە رادىئو-تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىش مەركىزى

ۋە ئاخبارات تارقىتىش مەركىزىنى شەكىللەندۈردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى سىملىق تارقىتىشتىن تەرەققىي قىلىپ يىقىن ئەتراپىنكى ناھىيلەرگە سىمسىز تارقىتىش رادىئو ئىستانسىسىغا ئايلاندى. 1987-يىلىغا كەلگەندە شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۈچ يۈرۈش پروگرامما نومۇرلىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا ئاڭلاتتى. كۈنلۈك ئاڭلىتىش ۋاقتى 24 سائەت 30 مىنۇتقا يەتتى. ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ رادىئو خەۋەرلىرىنى قىسقا، ئوتتۇرا دولقۇن بويىچە پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىدىغان رادىئو ئىستانسىسى 25 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1987-يىلىغىچە رەڭلىك، كۆپ قاناللاردا تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقاتتى. تۈرلۈك كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشىر قىلىنىش تۈرلىرى ۋە تارقىتىلىش مىقدارى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى.

رايون ئىچىدە يەنە ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك جايلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قارىتا ئىنقىلابىي ئەنئەنىۋى تەلىم-تەربىيىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابىي خارابىلىكلەر بار. قارلىغاچلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان ئۆيى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر مىللەت خەلقى ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان خاتىرە جايلىرىدۇر.

# 1-باب ئاپپاراتلار، ئەسلىھەلەر

## 1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

1950-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت-مائارىپ ياردەمچى خادىملىرى سەپلەندى. 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. 1953-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. 1957-يىلى ئىككى رايوندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1969-يىلى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مائارىپ ئىنقىلابىي ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1971-يىلى مەدەنىيەت-مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973-يىلى مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1980-يىلى 11-ئايدا تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى. 1982-يىلى 7-ئايدا تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1980-يىلى 10-ئايدا تيانشان رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984-يىلى 10-ئايدا رايونلۇق مەدەنىيەت بۆلۈمى بىلەن رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ تيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 2-پاراگراف مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى

**بىرىنچى، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى**

ئازادلىقتىن بۇرۇن دىخۇا شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ئاددىي بولغانلىقتىن، بەزى خەلق ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسى يۇرتداشلار ئويۇشمىسىنىڭ ئۆيلىرى ياكى كوچىلاردا ئوينالدى. ئازادلىقتىن

كېيىن، رايون بويىچە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

تيانشان رايونىدىكى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، ئۈرۈمچى شەھىرى باشقۇرىدۇ. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 42 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا، كىنو-تىياتىرخانىلاردىكى ئورۇن سانى 10 مىڭ 467 گە يەتتى.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 17-1-2-1

| ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | كىنوخانا ۋە تىياتىرخانىلاردىكى ئورۇن سانى | كۈتۈپخانىلاردا ساقلانغان كىتاب سانى (بىرلىكى 10 مىڭ) | ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | 42661 | 10467 | 83 | |
| شەھەرلىك ئاممىۋى تىياتىرخانىسى | 1951.8 | 2090 | 1050 | | دېموكراتىيە يولى 16-قورۇ |
| شەھەرلىك شىنجاڭ تىياتىرخانىسى | 1953 | 2252 | 1131 | | جۇڭشەن يولى 82-قورۇ |
| شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سەنئەت تىياتىرخانىسى | 1983.10 | 1640 | 772 | | دېموكراتىيە يولى 13-قورۇ |
| شەھەرلىك كۈتۈپخانا | 1979 | 300 | | 16 | قۇرۇلۇش يولى 2-قورۇ |
| ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا | 1958 | 2505 | 221 | 67 | جەنۇبىي شىنخۇا يولى |
| شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى | 1985 | 5000 | | | ياشلار يولى |
| ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى | 1950.1 | | | | بەيشەن يولى |
| شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى | 1985 | | | | تەنمەن |
| خەلق كىنوخانىسى | 1955.1 | 1752 | 1014 | | دېموكراتىيە يولى |
| دوستلۇق كىنوخانىسى | 1956.11 | 2000 | 1279 | | غالىبىيەت يولى |
| يەنئەن كىنوخانىسى | 1984.11 | 1790 | 800 | | ئوتتۇرا يەنئەن يولى 21-قورۇ |
| شەرق شامىلى كىنوخانىسى | 1962 | 2100 | 1076 | | ياشلار يولى 17-قورۇ |
| تىنچلىق كىنو تىياتىرخانىسى | 1955 | 2800 | 1010 | .. | دېموكراتىيە يولى 65-قورۇ |
| خەلق تىياتىرخانىسى | 1956.12 | 16000 | 1000 | | تەنمەن |
| ئىتتىپاق تىياتىرخانىسى | 1965.10 | 2432 | 1114 | | جەنۇبىي ئازادلىق يولى 1-قورۇ |

## ئىككىنچى، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇادا پەقەت شور بۇلاقتىكى ھەربىي مەكتەپنىڭ مەيدانى، خەلق مەيدانى ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق مەكتەپلەرنىڭ بەزى ئاددىي تەنتەربىيە مەيدانلىرى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تيانشان رايونىدىكى تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1987-يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى باشقۇرىدىغان تەنھەرىكەت مەيدانلىرى 10 غا، كۆلىمى 177 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، مەيدان ۋە سارايلارنىڭ كۆلىمى

32 مىڭ كۋادرات مېترغا، ئورۇن سانى 33 مىڭ 482 كە يەتتى. دۆلەت 10 تەنھەرىكەت مەيدان، سارايى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 13 مىليون 4000 يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭدىن باشقا رايوندا تۈرۈشلۈك ئورگان، زاۋۇت-كان، مەكتەپلەردىكى چوڭ-كىچىك تەنھەرىكەت مەيدانلىرى 183 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تەنتەربىيە سارىيى ئىككى، ۋاسكېتبول مەيدانى 134، مۇقىم چىراغ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاسكېتبول مەيدانى سەككىز، تەنھەرىكەت مەيدانى 10، پۇتبول مەيدانى تۆت، ۋالېبول مەيدانى 15، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى توققۇز، سۇ ئۈزۈش سارىيى بىر، پۈتۈن رايون بويىچە ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.6 كۋادرات مېتىر تەنھەرىكەت مەيدانى توغرا كېلىدۇ.

### 1987-يىلدىكى تىيانشان رايونىدىكى ئاساسلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 17-1-2-2

| ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | قۇرۇلۇش كۆلىمى كۋادرات مېتىر) | مەيدان ۋە سارايدىكى ئورۇن سانى | سېلىنغان مەبلەغ (بىرلىكى 10 مىڭ يۈەن) | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | 177033 | 31945 | 33482 | 1304 | |
| ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت تەنتەربىيە مەيدانى | 1959 | 39130 | 8909 | 30000 | 120 | شەرقىي خەلق يولى |
| ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت تەنتەربىيە سارىيى | 1964 | 11600 | 4700 | 2752 | 220 | شەرقىي خەلق يولى |
| ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيى | 1982 | | 7366 | | 405 | شەرقىي خەلق يولى |
| ئاپتونوم رايونلۇق قارغا ئېتىش مەيدانى | 1984 | | 5050 | | 120 | ئۈچچاش سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىدە |
| ئاپتونوم رايونلۇق بەيگە مەيدانى | 1985 | 120000 | | | 280 | ئۈچچاش سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىدە |
| ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىشنى ۋە تۇتۇلۇشتىنى مەشىق قىلىش ئۆيى | 1986 | | 3300 | | 115 | ئۈچچاش سۇ ئامبىرىنىڭ شەرقىدە |
| شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيى | 1955 | 5098 | 1500 | 730 | 31 | شىمالىي شىنخۇا يولى |
| تىيانشان رايونلۇق يەنئەن يولىدىكى ماتەكلىك مۇز تېيىلىش مەيدانى (خەنبىڭچاڭ) | 1885 | 1205 | 1120 | | 13 | يەنئەن يولى |

# 2-باب مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى

## 1-پاراگراف بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمەكلىرى

جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 8-يىلى (1919-يىلى) تيەنجىندىكى مۇلىيەنجۈن قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان تيەنلى كوللېكتىپى دىخۇادىكى ئەڭ بۇرۇنقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جىڭخۇا ئۆمىكى، شىنشىڭ ئۆمىكى، جىلى ئۆمىكى قاتارلىق تىياتىر ئۆمەكلىرى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) جىلى ئۆمىكى نۇرلۇق تىياتىرخانىسىنى ئاچتى. تيەنلى ئۆمىكى يېڭى يۇلتۇز (شىنشىڭ) تىياتىرخانىسىنى قۇردى. سەنخې ئۆمىكى «تىيانشان تىياتىرخانە-

سى»نى ئاچتى. تىياتىر ھەۋەسكارلىرىدىن يۈەن گېچېن قاتارلىقلار ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ يۈەنشەن تىياتىرخانىسىنى ئاچتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ھەرقايسى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمەكلىرى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئويۇن قويدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) 7-ئايدا ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن دىخۇادا تىياتىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى يۇلتۇز (شىنشىڭ) تىياتىرخانىسى، يۈەنشەن تىياتىرخانىسى، غەربىي شىمال تىياتىرخانىسى، تىيانشان تىياتىرخانىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئويۇنلارنى قويدى. غەربىي شىمال تىياتىرخانىسىدىكى 50 نەپەر سەنئەتچى «جېك چېڭگوگىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى»، «پادىشاھنى ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا نەسىھەت قىلىش»، «قانلىق جەڭ قىلىپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش» قاتارلىق ئويۇن نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى، ئويۇننى قويۇشتىن بۇرۇن بېلەتنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) چېگرا ئاۋازى تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلدى، (ئادەتتە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئۆمىكى دەپ ئاتالدى) . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىرى ئارتىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ دىخۇادا ئويۇن قويۇپ، دىخۇانىڭ بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر سەنئىتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئازادلىق ھارپىسىدا سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ، پۇل پاخاللىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى خارابلىشىپ كەتكەنلىكتىن بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر سەنئەتكارلىرى كەسىپ ئۆزگەرتىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىدى. 1951-يىلى بىرىنچى رايون ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ قەغەز يولۋاسنى يوقىتايلى» دېگەن ئويۇننى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا ماسلىشىپ «باندىت ۋە ئىشپىيونلارنى قاچۇرۇپ قويمايلى»، «قورالسىز دۈشمەنلەر» دېگەن دىرامىنى، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ «يەر-جاھاننى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىدىغان كىشىلەر» دېگەن چوڭ تىپتىكى ئوپېرا قاتارلىقلارنى تەييارلاپ قويدى. تىياتىر ئۆمىكىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ھەۋەسكارلىرىدىن چياۋ سىتيەن، جيا يۈچۈەن قاتارلىق كىشىلەر سېخىيلىق قىلىپ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئويۇن قويۇش كىيىملىرى، سەھنە جابدۇقلىرى ۋە چالغۇ ئەسۋابلار كۆپەيتىلىپ، تىياتىر ئۆمىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1952-يىلى ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى ئاساسىدا بىرىنچى رايونلۇق خەلق ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى رەسمىي قۇرۇلدى. بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، «دۇكانچىنى تىللاش» ، «قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى» قاتارلىق نومۇرلارنى قويدى. 1952-يىلدىن 1954-يىلى 4-ئايغىچە بىرىنچى رايونلۇق بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى بېيجىڭ، لەنجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىر تۈركۈم قابىل بېيجىڭ چاڭچىلىسى ئارتىسلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئويۇن قويۇش قوشۇنىنى زورايتتى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «تۆمۈر چېمپىيون پىلانى»، «تيەنتۈي ئۆتكىلى»، «ئوت كالتىكى» ، «ئاق ئات تۆپىلىكى»، «فاڭ ساۋنى تونۇش» قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى بىرىنچى رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلار كۇلۇبىنى (ھازىرقى ئاممىۋى تىياتىرخانىسى) ۋە شەھەر مۇئەككىلى بۇتخانىسىنى (ھازىرقى شەھەرلىك شەنشى تىياتىرخانىسى)نى ئارىيەتكە ئېلىپ مۇقىم ئويۇن قويۇش سورۇنى قىلدى. ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى

تەرەققىيات جەريانىدا رايوندا تۇرۇشلۇق كەسپىي مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلاشتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى ئاتاقلىق بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر سەنئەتچىسى فۇجۇنچيۇنى شىنجاڭغا كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلدى، تىيانشان سارىيى ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەنلىكتىن، بىرىنچى رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويۇن قويۇش سورۇنىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى ئۆز ۋاقتىدا ئويۇن قويدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى بىرىنچى رايونلۇق بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ھەپتە ئويۇن قويۇشتىن كىرگەن كىرىمنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى. 1954-يىلى 4-ئايدا بىرىنچى رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 2-پاراگراف سېرك ئۆمەكلىرى

60-يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ يېگانە ناھىيىسىنىڭ سېرك ۋە سېھرىگەرلىك ئارتىسى، خەلق سەنئەتكارى تاڭ شۇلۇڭ تىيانشان رايونىغا كېلىپ تىيانشان خەلق سېرك ئۆمىكىنى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئويۇن قويدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇ ئۆمەك تارقىتىۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن كېيىن تاڭ شۇلۇڭ ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارى يۈسۈپجان بىلەن بىرلىشىپ يېڭىباشتىن ئارتىس قوبۇل قىلىپ 10 ئارتىستىن تەركىب تاپقان مىللىي سېرك ئۆمىكىنى قۇردى. بۇ ئۆمەكنى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋەكالەتەن باشقۇردى.

1980-يىلى 11-ئايدا بۇ ئۆمەك تىيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تىيانشان سېرك ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1983-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى تىيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇن قىلىندى. 1986-يىلى 3-ئايدا سېرك ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى تەڭشەلدى. يېڭىدىن 12 ناخشا-ئۇسسۇل ئارتىسى قوبۇل قىلىنىپ، سەنئەتچىلەر قوشۇنى زورايتىلدى. ئىسمى تىيانشان رايونلۇق ياشلار سېرك ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئۆمەك ئاساسلىقى باش ماھارىتى، قول ماھارىتى، چوڭ تىپتىكى سېھرىگەرلىك، ھەققىي ئادەمنى زەمبىرەك بىلەن پارتلىتىش، ئادەم بەدىنىنى پارچىلاش ۋە ھازىرقى زامان ناخشا-ئۇسسۇلى قاتارلىق نومۇرلارنى ئورۇنلىدى. ھەر يىلى تەخمىنەن 10 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سەييارە ئويۇن قويدى. بايرام مەزگىللىرىدە تىيانشان رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن ئويۇن قويۇپ بەردى ھەمدە تىيانشان رايونىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى.

## 3-پاراگراف رايوندا تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى

رايون ئىچىگە ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى مەركەزلەشكەن. رادىئو، كىنو، تېلېۋىزور، ناخشا-ئۇسسۇل، تىياتىر، سېرك نومۇرلىرىنىڭ ئاڭلىتىلىشى ۋە قويۇلۇشى ئارقىلىق رايوندىكى خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقتىن بەھرىمان بولۇشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ

بېرىلدى. شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى، تيانشان كىنو ستودىيىسى، بىڭتۇەن ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، بىڭتۇەن سىرك ئۆمىكى، شەھەرلىك بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى ئورۇنلىغان نۇرلۇق ناخشا-ئۇسسۇل، تىياتىر نومۇرلىرى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1987-يىلى رايوندا تورۇشلۇق ئاساسىي كەسپىي مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىدىكى ئارتىس خادىملار 2178 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئارتىسلىرى 717 نەپەر.

## 1987-يىلىدىكى تيانشان رايونىدىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 17-2-3-1

| ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئارتىس، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: جەمئىي | ئارتىس، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى: ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر | 1987-يىلدىن بۇرۇنقى ئالىلىق نەتىجىلەر | ئادرېس |
|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى | 1973. 9 | 161 | 113 | ئوينىغان «قىرىپ-سىنەم» ، «رابىيە-سەئىدىن» ، «چىمەندەن» قاتارلىق ئوپېرالىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى | غالىبىيەت يولى 39-قورۇ |
| شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى | 1949. 10 | 203 | 146 | ئالدىنلا ئورۇنلىغان «تۇرمۇش تۈزۈش ئۇسسۇلى» «ئۈزۈمزارلىق دۇنيا» بىلەر فېستىۋالىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا، «تەربىيىچى» قاتارلىق ئىككى نومۇر 1979-يىلى مەملىكەتلىك سەنئەت كۆرىكىدە بىرىنچىلىككە، تۆت نومۇر ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. 23 قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەرەب دۆلەتلىرى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا بېرىپ ئويۇن قويدى. | غالىبىيەت يولى 39-قورۇ |
| شىنجاڭ بېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى | 1978-يىلى 11-ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن | 160 | 6 | 1982-يىلى قويۇلغان «چاڭگەندە تېلېفونلۇشۇش» ، «مۇھەببەت مېھنىسى» ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى | ئىتتىپاق يولى 72-قورۇ |
| شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى | 1961. 11 | 89 | 20 | | ئىتتىپاق يولى 47-قورۇ |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى | 1984-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن | 35 | 20 | | خەلق يولى 19-قورۇ |
| شىنجاڭ رەسىم ئاكادېمىيىسى | 1980. 5 | 29 | 14 | | يەنئەن يولى 9-قورۇ |
| تيانشان كىنو ستودىيىسى | 1959. 1 | 330 | 165 | «ديول باشلىغۇچىرە» دېگەن ھېكايە فىلىم 1979-يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېڭى كىنو فىلىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «ئارتىس بولمايدىغان قىز» دېگەن فىلىم 1983-يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېڭى كىنو فىلىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 1984-يىلى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن تەرجىمە فىلىمى ئالغان كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» ، «شەھەر باشلىقى چېن يى» مىللىي تىل بويىچە تەرجىمە فىلىمى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. | قارلىغاچلىق |

| ئىسمى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئارتىس، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى | | 1987-يىلدىن بۇرۇنقى ئېرىشكەن نەتىجىلەر | ئادرېسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر | | |
| ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىمى تارقىتىش، قويۇش شىركىتى | 1976.10 | 94 | 32 | | ئىتتىپاق يولى 51-قورۇ |
| بىڭتۇەن ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى | 1949 | 186 | 20 | 1972-يىلى پۈتۈن ئارمىيە سەنئەت كۆرىكىدە 7 تۈر بويىچە مۇكاپاتلاندى، 1983-يىلى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئۆسمۈرلەر تىياتىر ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. | قۇرۇلۇش يولى 16-قورۇ |
| بىڭتۇەن سېرك ئۆمىكى | 1950 | 95 | 6 | 1959-يىلى پۈتۈن ئارمىيە تەنھەرىكەت يىغىنىدا ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە ئىككىنچىلىككە ۋە قوش كىشىلىك ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق 4 تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 1987-يىلى مەملىكەتلىك سېرك مۇسابىقىسىدا مۇنەۋۋەر قورۇ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. | قۇرۇلۇش يولى 16-قورۇ |
| شەھەرلىك پېيجىڭ چاڭچىلىسى تىياتىر ئۆمىكى | 1951.8 | 125 | 6 | 1964-يىلى «قىزىل قىياپە» تىياتىر كۆرۈنۈشىدىكى خادىملارنى رەئىس ماۋزېدۇڭ، زۇڭلى جۇئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەر سەممىي قوبۇل قىلدى، ھەمدە بىرلىكتە خاتىرە رەسىمگە چۈشتى | دېموكراتىيە يولى 16-قورۇ |
| شەھەرلىك شەنشى تىياتىر ئۆمىكى | 1953 | 170 | 11 | | جۇڭشەن يولى 82-قورۇ |
| شەھەرلىك ئەلنەغمە سەنئەت ئۆمىكى | 1961 | 46 | 9 | ئوغۇل، قىزلار ئورۇنلىغان «شىنجاڭ ياخشى» دېگەن كولدۇرگە قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە ئۈنئالغۇ ئەلنەغمە كۆرىكىنىڭ شىمال رايونى كۆرىكىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. | قىزىل بايراق يولى |
| شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكى | 1983-يىلى 10-ئاي | 117 | 56 | | دېموكراتىيە يولى 31-قورۇ |
| شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى | 1985 | 52 | 8 | | باغلار يولى 5-قورۇ |

# 3-باب ئاممىۋى مەدەنىيەت

## 1-پاراگراف مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى

### بىرىنچى، خەلق ئويۇنى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرى دىخۇاغا تارقىلىپ كىردى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ھەر قېتىملىق چوڭ ھېيت-بايراملاردا ھەرقايسى باگخۇي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئويۇنى ئەترەتلىرى كوچىلاردا ئويۇن

قويدى. شۇ چاغدا «ئىككى خۇ» (خۇنەن، خۇبېي) يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ پانۇس ئويۇنى، جۇڭجۇ (خېنەن) يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شىر ئويۇنى، گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كېمە ئويۇنى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ گۈللۈك دۇمباق ئويۇنى، جىلى (خېبېي) يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ياغاچ پۇت ئويۇنى، شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئويۇنى قاتارلىقلار ئاممىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشتى. شەنشى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئويۇنى «دېيۇ زاڭخۇا» ، «شىخۇغا ساياھەت» ئويۇنلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشى جانلىق بولۇپ، ئاممىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو ئىشلەش خىزمەت ئەترىتى يەنە خەلق ئويۇنلىرىنى كىنو قىلىپ ئىشلەپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە قويدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) دىخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ھەرقايسى ماگىزىنلاردىكى ياشلارنى تەشكىللەپ، ياڭگېر ئۇسسۇلى ئەترىتىنى قۇرۇپ كوچىلاردا ئويۇن قويدى ھەمدە ئۇيغۇر سەنئەتكارى ئابدىگۇلنى تەكلىپ قىلىپ، «12 مۇقام» مۇزىكىسى بىلەن تەڭكەش قىلدۇردى. فوتوگرامىسى رەسىملىك بولغانلىقتىن ئويۇن قويۇش سورۇنلىرى خۇشاللىققا چۆمۈلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) شېڭ شىسەي ھەرقايسى جايلاردىكى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئازىيىپ كەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1951-يىلدىن 1955-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى رايونلۇق سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن دۇمباق ئۇسسۇلى، ياڭگېر ئۇسسۇلى، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، شىر ئۇسسۇلى، كېمە ئۇسسۇلى، ياغاچ پۇتلۇقلار ئويۇنى قاتارلىق ئويۇن نومۇرلىرىنى تەييارلاپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە ماسلىشىپ ئويۇن قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرى تەدرىجىي ئازايدى.

1981-يىلى باھار بايرىمىدا، ئاساسەن 20 نەچچە يىل توختاپ قالغان خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيىتى يەنە بىر قېتىم ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تيانشان رايونى تەشكىللىگەن خەلق ئويۇنى ئەترىتى ئىككى كۈن ئىچىدە 10 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار 100 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتتى. رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتى ئەجدىھا، كېمە شەكلىدىكى ئويۇن قويۇش جاھازىسى، ياغاچ پۇت، چوڭ باشلىق بالا، قالپاق قاتارلىق ئويۇن قويۇش جابدۇقلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ، دۆلەت بايرىمىدا ئۆزگىچە سەنئەت ئۇسلۇبىغا ئىگە ئويۇنلارنى قويدى. 1982-يىلى خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. رايونغا قاراشلىق سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى 400 دىن ئارتۇق ئىشتىن سىرتقى ئارتىس 1982-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈل يەرمەنكىسى مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. رايونلۇق خەلق ئويۇنى ئەترىتى ئورۇنلىغان «ئەجدىھا ئۇسسۇلى» ، «شىر ئۇسسۇلى» ، «ياغاچ پۇت ئويۇنى» ، «كېمە ئويۇنى» ، «مەشرەپ» قاتارلىق 12 نومۇر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ئەترەت شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن گۈل يەرمەنكىسىدە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1985-يىلى دۆلەت بايرىمى ۋە ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، تيانشان رايونى خەلق مەيدانىدا يېڭى شەكىلدىكى زور كۆلەملىك ساليوت ئېتىش، خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ «قوش ئەجدىھا ئۇسسۇلى» ، «شىر ئويۇنى» ، «ئالتۇن تۇمۇزغا ئويۇنى» ، «ئېشەك چاپتۇرۇش ئويۇنى» ، «كېمە ئويۇنى» ، مەشرەپ، سېرىك قاتارلىق ئويۇن نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايون، شەھەر رەھبەرلىرى ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىننىڭ

قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيەتلىرى رايون ئىچىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاۋات ئۇسسۇلى»، «نازۇركوم ئۇسسۇلى»، «ساما ئۇسسۇلى»، «سەنەم ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن خەلق ئويۇنلىرىنى قويۇش پائالىيىتى قاتارىغا قوشۇلۇپ، پائالىيەت مەزمۇنى بېيىتىلدى. بولۇپمۇ مىللىيچە، خەنزۇچە قويىغان خەلق ئويۇنلىرى نومۇرلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياقتۇرۇپ كۆرۈشىگە ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

## ئىككىنچى، ناخشا-ئۇسسۇل، دراما

شىنجاڭ — ناخشا ئۇسسۇل ماكانى، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ناخشا ئېيتىشقا ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ئىنتايىن ماھىر. چاي ۋە تاماقتىن كېيىن، ھېيت-بايرام مەزگىللەردە، توي-تۆكۈن ۋە دوست-يار، ئەل-ئاغىينىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولغاندا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشى، ئوغۇل، قىزلار، چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى، بۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر، 1931-يىلى «18-سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي شىمالدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىمانە توپلاش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشقا دىخۋاغا كەلگەن ئوفىتسېر، جەڭچىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويىنىدى ۋە مەدەنىيەتلىك تىياتىرلارنى ئورۇنلاپ، دىخۋانىڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيەتلىرىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ناخشا-ئۇسسۇل، دراما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) كۈزدە، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى (تۆۋەندە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى دەپ ئاتالدى) ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەتچىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، بىر قاتار ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. جاۋدەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قويۇلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «ئانارخان»، «غېرىب-سەنەم»، «شىنجاڭ ياشىسۇن» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرالار ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. شۇ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى دىخۋا شەھىرىدىكى ئورگان ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ھەر كۈنى كەچتە غەربىي بىنادا (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تۇرۇشلۇق نومۇردىكى غەربىي بىنا) جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى خۇاڭ مىنفۇ(خۇاڭ خۇچىڭ) قاتارلىقلار ئۇلارغا ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئۆگەتتى. لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ناخشىلارنى ئۆگىتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. ھەرقايسى مەكتەپلەر ۋە ئورۇنلار «قىلىچ ناخشىسى»، «مايدىكى گۈللەر»، «ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەيلى» قاتارلىق 30 نەچچە ناخشىنى ئېيتىش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. ئاتاقلىق ئەدىب ماۋدۇننىڭ تەشەببۇسى ئاستىدا، مەدەنىيەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن ئىككى قارار ئېچىلدى. 260 تىن كۆپ تىياتىر يازغۇچى، رېژىسسور ۋە ناخشا-ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرى تەربىيىلەندى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، دراما ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، دراما قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش كەيپىياتى ئېنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۆلكىلىك 1-سەپەر مەكتىپى «شياۋ ئېرخېينىڭ تويى»، «قانلىق قىساس»، «مىڭلىغان تاغ-دەريالار»، «لىيۇ سەن ھەدە» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى درامىلارنى تەييارلاپ قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى تەشكىللەپ رايون خاراكتېرلىك سەنئەت كۆرەكلىرى، ناخشا-ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرى قاتارلىقلارغا دائىم قاتناشتۇردى. 1955-يىلى ئوقۇتقۇچى،

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئاساس قىلغان رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى پائالىيەتلىرى بېيىتىلدى. 1965-يىلى رايونلۇق ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەشكىللىنىپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا ماسلىشىپ، ئويۇن قويۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىدىكى ئۈلگىلىك كىشىلەرنى مەدھىيىلىدى. 1970-يىلى 12-باشلانغۇچ مەكتەپتە پىئونېرلار ئويۇن قويۇش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، زاۋۇت، كان مەكتەپلەرگە بېرىپ «قىزىل چىراغ»، «ۋېيخۇ شەننى پەم بىلەن ئېلىش» تىن پارچە ۋە كىچىك دراما «قانلىق قىساسنى ئۇنۇتماسلىق» قاتارلىق ئويۇنلارنى قويۇپ، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1976-يىلى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى سەنئەت تايانچلىرى ئاساس قىلىنىپ، تيانشان رايونلۇق سەنئەت، تەشۋىقات ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ ئەترەت «دېڭىز ئارىلىدىكى ئايال خەلق ئەسكىرى» نى ئۇدا 10 نەچچە مەيدان قويدى. تاماشىبىنلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. 1977-يىلى تيانشان رايونى يەنە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتىنى قۇرۇپ، «يايلاقتىكى ئايال خەلق ئەسكىرى» دېگەن ئۇسسۇلنى، «ئەر-خوتۇننىڭ ساۋات چىقىرىشى»، «ئاكا-سىڭىلنىڭ بوز يەر ئېچىشى» ئوپېراسى ۋە «شىر ئويۇنى» قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلىدى. شەھەر ئۆتكۈزگەن سەنئەت كۆرىكىدە (رەئىس ماۋزېدوڭنىڭ يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش) بۇ تەشۋىقات ئەترىتى 11 ئاي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 50 مەيدان (قېتىم)دىن ئارتۇق ئويۇن قويدى. 1981-يىلى رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى يۈيجۈي تىياتىر ئۆمىكى خەلق مېھمانخانىسىدا يەتتە مەيدان ئويۇن قويدى. تۈرلۈك ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرى ۋە ئەترەتلىرى تەييارلىغان نومۇرلارنى قويۇش ۋە ئاممىۋى خاراكتېرلىك سەنئەت كۆرەكلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، رايون ئىچىدىكى ئاممىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرى روناق تاپتى. كۆپلىگەن نومۇرلار شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە نەتىجىگە ئېرىشتى. 1984-يىلى تيانشان رايونى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، تاللانغان مۇنەۋۋەر نومۇرلارنى شەھەر بويىچە ئۆتكۈزگەن ناخشا مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە 13 نومۇر مۇكاپاتلاندى. 1986-يىلى 9-ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى ئىشتىن سىرت سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. سەنئەت كۆرىكى 20 كۈن داۋاملاشتى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 30 مەيدان سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. 35 مەيدان ئويۇن قويۇلدى. ئورۇنلانغان نومۇرلار 417 گە يەتتى. «خۇاشەنزى»، «ئوت-چۆپ»، «بېلىقچى بالا»، «ئۇچرىشىش»، «باغۋەن» قاتارلىق نومۇرلار مۇكاپاتلاندى. تيانشان رايونى تەشكىللىگەن ئويۇن قويۇش ئەترىتى شەھەرلىك سەنئەت كۆرىكىدە 23 نومۇر (قېتىم) تەقدىرلەندى ھەمدە 1200 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

**ئۈچىنچى، ئەلنەغمە**

30-يىللاردا، دىخۇا كوچىلىرىدا مەدداھلار سورۇنى ۋە ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى ئورۇنلاش پەيدا بولدى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز سەنئەتچىسى توختى ئورۇنلىغان «قۇشلارنىڭ سومۇرغقا قاراپ سايرىشى»، «ئەجنەبىيلەرنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشى» قاتارلىق نومۇرلار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھازىرقى خەلق كىنوخانىسىنىڭ شەرق تەرىپى، داشىمەن، شياۋشىمەن ئەتراپىدا مەدداھلىق قىلىش، شەندۇڭنىڭ كۇەيبەر قوشاقلىرىنى ئېيتىش، كۇلدۇرگە ئويۇنلىرىنى قويۇش، سېرىك ئويۇنى قاتارلىق ئەلنەغمە ئويۇن-نومۇرلىرىنى قويۇش روناق تاپقانىدى. «دالاۋزۇك» «پاۋزىلىن»لارنىڭ مەدداھلىقى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. 1950-يىلى بېيجىڭدىن شىنجاڭغا كەلگەن قىسسە ياكى ھېكايە سۆزلەيدىغان سەنئەتچى بەن سۇگىلىن ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئۆزى ئورۇنلىغان «بەيشىر»، «يەرلەرنى ئائىلىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىش» قاتارلىق نومۇرلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

1955-يىلى شەھەر بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش دولقۇنىدا بەن

سۈگىلىن مەزكۇر رايوندىكى بەزى ئاتاقلىق سەنئەتكارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر كەسپىي ئەلنەغمە ئۆمىكىنى قۇرۇپ، ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان كۆپلىگەن ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى (شەندۇڭنىڭ كۆيىيەر قوشاقلىرىنى، كولدۇرگە، بېيجىڭ داگۇ ئەلنەغمىسى) ئورۇنلاپ جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى.

كولدۇرگە، شەندۇڭ كۆيىيەر قوشاقلىرى، مەدداھلىق قاتارلىقلار ئامما قىزىقىپ كۆرىدىغان نومۇرلار ئىدى. ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە تۈرلۈك شەكىلدىكى سەنئەت كۆرەكلىرى ياكى ھەرقايسى ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىدا ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى ئۆزلىرى تۈزۈپ، ئۆزلىرى ئورۇنلاپ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشنى بېيىتتى.

## 2-پاراگراف مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش

1981-يىلى 3-ئايدا رايونلۇق مەدەنىيەت يۇرتى «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش نىزامى»غا ئاساسەن، رايوندا تۇرۇشلۇق مەدەنىيەت يايما نۇقتىلىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يايما نۇقتىلىرىنى دائىرىلەرگە بۆلۈپ باشقۇردى. ھۆكۈمەت يەككە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە قوللىغانلىقتىن، نەنمېن خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدى، نەنمېن شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدى، خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدى، شىنجۇڭ، غالىبىيەت، شەرق شامىلى كىنوخانىسىنىڭ ئالدى قاتارلىق جايلاردىكى كىتاب سېتىش، يەل مىلتىق ئېتىش، بەدەن ئېغىرلىقىنى ئۆلچەش، شاھمات ئويناش قاتارلىق تىجارەت تۈرلىرى بارغانچە كۆپەيدى. يايمىلار نۇقتىلىق 50 نەچچىگە يېتىپ دەسلەپكى قەدەمدە بازار شەكىللەندى. 1985-يىلى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «تيانشان رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ، رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈرۈپ رەتكە سالدى. 1987-يىلى رايون ئىچىدىكى مەدەنىيەت تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر ئائىلىلىرى 118 گە، تىجارەت تۈرى 12 گە يەتتى. مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشمۇ تەدرىجىي قېلىپلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ مۇلازىمەت قىلىش كىنىشكىسى بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقىتىلىپ ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆگىنىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ تىجارەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەنە ھەرقايسى كۈچلەرنى تەشكىللەپ «مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش» بويىچە، رايون ئىچىدىكى ئىككى كونا كىتابخانىنى، تۆت ئورۇندىكى پوچتا ئىدارىسىنىڭ گېزىت-ژۇرنال سېتىش بوتكىسىنى، 23 كىتاب-ژۇرناللارنى پارچە سېتىش نۇقتىسىنى ۋە 22 ئورۇندىكى كىتاب-ژۇرناللارنى ئىجارىگە بېرىش نۇقتىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى. 270 پارچە سېرىق كىتاب-ژۇرناللارنى يىغىۋالدى ھەمدە بازارلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان ئۈچ يەككە تىجارەتچىگە جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەدرىجىي ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى.

# 4-باب ئاممىۋى تەنتەربىيە

## 1-پاراگراف مەكتەپ تەنتەربىيىسى

دىخۇادىكى مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيىسى بىرقەدەر كېچىكىپ تەرەققىي قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلدىن (1936-يىلى) بۇرۇن ھەرقايسى مەكتەپلەردە پەقەت مۇز تېيىلىش، چاڭغا تېيىلىش، لەگلەك

ئۆچۈرۈش قاتارلىق ئاساسلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى بار ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرى تەنتەربىيە ئارقىلىق خەلقنى گۈللەندۈرۈش، تەنتەربىيە ئارقىلىق دۆلەتنى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسىنى پائال تەشۋىق قىلدى. ھەرقايسى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسلىرى تەدرىجىي كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك 1-سىفەن مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆزلىرى تۈزۈپ، تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ئۆزلىرى ياساپ، تەنتەربىيە دەرسى ئۆتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ۋاڭ ۋېي قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە «ئالتە كىشىلىك» ۋالېبول ئويناش تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋالېبول ئويناش ھەرىكىتى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلاندى. ئۆلكىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن تەنتەربىيە چېنىقىش كەيپىياتى قويۇقلاشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى خەلقنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلدى. 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە دەرس تۈرلىرى كۆپەيدى. ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپەيدى. 1956-يىلدىن 1966-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، ھەرقايسى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى، مەكتەپلەر ئارىسىدا مەركىزىي تەنتەربىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت پىلانىنى تۈزۈپ، مۇسابىقە ۋە ئۆگىنىش ھەم مۇھاكىمە قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ۋە چېنىقتۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم تەنتەر-بىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەرقايسى مەكتەپلەردە ھەربىي تەنتەربىيە مەشىق دەرسى تەسىس قىلىندى. 1977-يىلى رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى مەكتەپلەر «مەملىكەتلىك ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇش پروگراممىسى»نى ئاساس قىلىپ، تەنتەربىيە دەرسىنى ئوقۇتتى. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى پروگراممىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئوغۇل، قىز ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ سالامەتلىككە قاراپ ئوقۇتتى. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ دەرس ۋاقتىدىكى ھەرىكەت زىچلىقىنى، تومۇرنىڭ سوقۇشى قاتارلىقلارنى ئۆلچەپ ئارخىپ تۇرغۇزۇپ، تەنتەربىيە دەرسىنى ئوقۇتۇشنى ئىلمىيلاشتۇردى. 1978-يىلدىن باشلاپ رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ گىمناستىكا مەيدانلىرىدىن پايدىلى-نىپ ھەر يىلى مەكتەپ بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا، ئارغامچىدىن سەكرەش، تەپكۈچ ئويناش قاتارلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى مەكتەپلەر تەنتەربىيە دەرسلىرىنى ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىرگە دۆلەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ «تەييارلىق ئەمگىكى ۋە ۋەتەننى قوغداش تەنتەربىيە تۈزۈمى»گە ئاساسەن ئەمگەككە تەييارلىق قىلىش ۋە ۋەتەننى قوغداش تەنتەربىيە تۈزۈمى چېنىقىش گۇرۇپپىسىنى ئەستايىدىل تەشكىللىدى. 140 مىڭ ئوتتۇرا-باشلان-غۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چېنىقىشقا قاتناشتى. 90 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئەمگەككە تەييارلىق قىلىش ۋە ۋەتەننى قوغداش تەنتەربىيە تۈزۈمىدىكى چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى. 1982-يىلى يەنە تەنتەربىيە دەرس نەتىجىسى سىنىپتىن كۆچۈش ئىمتىھان مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلدى. تەنتەربىيىدە «كۆرسەت-كۈچكە يەتكۈزۈش»، «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپىنى باھالاشتىكى شەرتلەرنىڭ بىرى قىلىندى. پەقەت ئەقلىي تەربىيىگىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، جىسمانىي تەربىيىگە سەل

قارايدىغان ھادىسىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەكتەپلەر «ئىككى دەرس، ئىككى گىمناستىكا، ئىككى پائالىيەت»نى (ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈش، ھەر كۈنى دەرس ئارىلىقىدا ئىككى قېتىم گىمناستىكا ئويناش، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش) دەرس سىستېمىسىغا رەسمىي كىرگۈزدى. يەنە توپ تۈرلىرى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى بويىچە كوماندىلارنى تەشكىللەپ، مەشىق ئېلىپ بېرىپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇردى. «پائالىيەت لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر جەمئىي 28 تۈر (قېتىم) مۇكاپاتلاندى. مەكتەپ تەنتەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلىدى. شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ، 18-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كوماندىسى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى 69 ئوقۇغۇچى بىلەن تەمىنلىدى. رايوندا تۇرۇشلۇق 6-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى گۇمەن دېيىن قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 1985-يىلدىن باشلاپ تيانشان رايونى ھەر يىلى بىر نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. 5-، 6-، 7-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنىغا 2544 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدىن تاللانغان 400 مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى. 1987-يىلغىچە رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە كوماندىلىرى شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلاردا 76 تۈردە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. 50 تۈردە ئىككىنچىلىككە، 61 تۈردە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. 5-باشلانغۇچ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە ياش-ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدا بىرىنچىلىككە، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «غۇنچە لوڭقىسى»نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىدا ئىككىنچىلىككە ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «شىمال لوڭقىسى»نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىدا سەككىزىنچىلىككە ئېرىشتى. شەھەرلىك 16-ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى جۇ يۈپىڭ يەتتە تۈردە ئاسىيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى چېن يۈكەي ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تۈرىدە كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاسىيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىنجاڭ ۋە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈردى.

## 2-پاراگراف ئىجتىمائىي تەنتەربىيە

دىخۇادا 18-ئەسىردىلا خەلق ئىچىدە چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشتەك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بار ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 29-يىلى (1903-يىلى) خېبېي باگۇا جەمئىيىتىنىڭ 10 نەچچە ئەزاسى دىخۇاغا ئېقىپ كېلىپ، خېبېيلىك كۆكتاتچىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا «چامباشچىلىق مۇنبىرى»نى قۇرۇپ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، كېيىن تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىلىق فۇيىنتاڭنىڭ شىمالىدىكى كۆكتات مەيدانى (ھازىرقى مەدەنىيەت يولىدىكى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي)نى تاللاپ چامباشچىلىق مۇنبىرى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ىسارىيىنى قۇردى، ساراي ئامىنىڭ چانباشچىلىقنى مەشىق قىلىش، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىش سورۇنى بولۇپ قالدى. 30-يىللاردا خەلق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن تاش قولۇپ ۋە تاش شتانگا كۆتۈرۈش، دەر ئويناش، تەپكۈچ ئويناش، تەقلىگۈچ ئويناش، تيەنچياۋ، لاگمۇ، چىڭ جياۋ قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى ئىنتايىن جانلىق بولدى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چامباشچىلىق

ئۆگىنىش كەيپىياتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بوكس، چامباشچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر كۆپىيىپ دىخۇادا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن 30 مىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش پىدائىي قوشۇن ئىچىدىكى كۆپلىگەن زىيالىيلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلار دىخۇادا ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى مەدەنىيەت تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەنتەربىيە ماھارەتلىرىنىمۇ تارقاتتى. ئۇلار بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىدا پائال رول ئوينىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتىنى قۇرۇلۇپ، ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۆلكە بويىچە ئۈچ قېتىم تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ مەزگىلدە ۋالىبول، ۋاسكىتبول، تەنىس-تاك توپ تۈرلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن دىخۇاغا تارقالدى. ھەرقايسى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بۇ تۈردىكى پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە ۋاسكىتبول، ۋالىبول، پۇتبول، تەنىس-تاك توپ، يىنىك ئاتلېتىكا قاتارلىقلار خېلى ئومۇملاشقان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تۈرىگە ئايلاندى.

ئازادلىقتىن كېيىن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلگەچكە تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى بېيىتىلدى، پائالىيەت شەكىللىرىمۇ بارغانچە كۆپەيدى. 50-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تۈرلۈك توپ تۈرلىرى مۇسابىقىلىرى ۋە ئىش ئارىلىقىدا گىمناستىكا ئويناش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. يەنە بۇ رايوندىكى بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئەتىگەندە ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ خەلق مەيدانى ۋە ئورمانلىقلارغا بېرىپ تۈرلۈك بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. رادىئو گىمناستىكىسى ئويناش، تەيجى كۇڭپىسى ئويناش، يۈگۈرۈش ھەرىكەتلىرى، ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىلىك پائالىيەتكە ئايلاندى. رايون ئىچىدىكى خەلق مەيدانى ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان مەركىزىي سورۇن بولۇپ قالدى. 1950-يىلدىن 1954-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگان ئىشچى-خىزمەتچىلىرى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسى رايون ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

1955-يىلى 6-ئايدا رايوندا تۇرۇشلۇق زاۋۇت، كان-كارخانا، ئورگانلار ھەر دەرىجىلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇشقا باشلاپ «ئەمگەككە تەييارلىنىش ۋە ۋەتەننى قوغداش تەنتەربىيە تۈزۈمى» بويىچە چېنىقىش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. شۇ يىلى غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن بولغان ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆزلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ «غالىبىيەت يولى باللار پۇتبول كوماندىسى»نى تەشكىللىدى. مال بازىرى، نەنمىن رايونىدا «مال بازىرى باللار پۇتبول كوماندىسى» تەشكىللەندى. داشىمىن، بېيمىن رايونىدا «قۇملۇق باللار پۇتبول كوماندىسى» تەشكىللەندى. ئۇلار مەبلەغ توپلاپ تەنتەربىيە كىيىملىرىنى ۋە توپلارنى سېتىۋالدى. ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ مەشىق قىلدى. ئۆزئارا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ، ماھارەت ئالماشتۇرۇپ تيانشان رايونىدىكى بەزى تەنھەرىكەت مەيدانلىرىنى جانلاندۇردى. 1956-يىلى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بۇ ئۈچ ئەترەتتىن شەھەرلىك ياش-ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسىنى تەشكىللەپ، چىڭداۋ

شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. 1958-يىلى 7-ئايدا بۇ پۇتبول كوماندى-
سى يەنە ئاپتونوم رايونغا ۋەكالىتەن جىنجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياش-ئۆسمۈرلەر پۇتبول لەۋھە
تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ ئىككىنچى بولۇشتەك ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 1958-يىلىنىڭ كېيىنكى
يېرىم يىلىدا ئاپتونوم رايون شەھەر پۇتبول كوماندىسى تەشكىللەشكە باشلىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىلى-
رىنىڭ بالىلار پۇتبول كوماندىلىرىدىكى 10 نەپەر كوماندا ئەزاسى ئاپتونوم رايونلۇق كوماندىغا، ئالتە
نەپىرى شەھەرلىك كوماندىغا تاللىنىپ، تيانشان رايونىغا شان-شەرەپ كەلتۈردى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك
تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون رايون ئىچىدە يېنىك ئاتلېتىكا،
توپ تۈرلىرى، قارىغا ئېتىش، ئايروپىلان مودېلى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، شاھمات تۈرلىرى، چېلىشىش،
مۇز ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تاللاش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىنى
ئۆتكۈزدى. 1960-يىلى رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا شەھەر دەرىجىلىك ئىشچى-
خىزمەتچىلەر، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا تۈرى
بويىچە تاللاش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. تۈرلۈك چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنىڭ
ئۆتكۈزۈلۈشى تيانشان رايونىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەن تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.
1970-يىلى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1980-يىلى 10-ئايدا تيانشان رايونلۇق
تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يەنىمۇ
تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇ يىلى رايوندا تۇرۇشلۇق ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە
«ئۈچ گىمناستىكا، بىر كۆمپا» (رادىئو گىمناستىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش گىمناستىكىسى، داۋالاش-ساقلىقنى
ساقلاش گىمناستىكىسى، تەيجى كۆمپىسى) ئاساس قىلىنغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك بەدەن چېنىقتۇرۇش
پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، ئارغامچا تارتىشىش، چامباشچىلىق،
شاھمات، غالتەكلىك مۇز تېيىلىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۈندىن-كۈنگە
جانلاندى. رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر، باشلانغۇچ
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رادىئو گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى، بالىلار گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى قاتارلىق
چوڭ تىپتىكى مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،
رايون ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك
ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى ھەمدە
كۆپلىگەن پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. 1980-يىلى رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەيجى
كۆمپىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. مىڭدىن ئارتۇق تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى ئۆگىنىش ئارقىلىق
لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن خەلق مەيدانىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك
يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى يەنە 6-يۈرۈش رادىئو گىمناستىكىسىنى ئۆگىنىش
كۇرسىنى ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان زاۋۇت، كان، كارخانا، ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە ئىش ئارىلىقىدا گىمناستى-
كا ئويناش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ مەزگىلدە قىش پەسىللىك ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىمۇ
ناھايىتى جانلىق قانات يايدۇرۇلۇپ، تيانشان رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرىگە
ئايلاندى. بۇ پائالىيەت ھەر يىلى 12-ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. تۈرلۈك شاھمات (خەلقئارا شاھمات،
جۇڭگوچە شاھمات، قورشاۋ شاھمات) ئويناش پائالىيەتلىرى رايوندىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر
ئارىسىدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. ياز پەسلىدە كوچىلاردا، كىنو-تىياتىرخانىلارنىڭ ئالدىدا،

مەيدانلاردا شاھمات ھەۋەسكارلىرى توپلىشىپ شاھمات ئوينىشىپ، كۆپلىگەن تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلدى. 1985-يىلى تيانشان رايونلۇق شاھمات جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، مۇسابىقىدە دەرىجە بويىچە مۇسابىقىلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. رايون ئىچىدىكى شاھمات ماھىرلىرى كۆپ قېتىم شەھەر دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. رايونلۇق ۋەكىللەر كوماندىسى بەش قېتىم ئۆرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ بويىچە چېمپىيونلۇققا ۋە خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىدە تۆت قېتىم كوللېكتىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ پوچتا كەپتىرى بېقىش جەمئىيىتى ۋە ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەنتەربىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 100 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم تۈرلۈك تەنتەربىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. بولۇپمۇ پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە بەس-بەس بىلەن قاتناشتى، ئادەملەر سانى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلاندى.

## 3-پاراگراف تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى

تارىخىي يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دىخۇادا تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش 30-يىللاردا باشلانغان. شۇ چاغ دەل شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋاقتىنچە مۇقىم، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئاز-تولا تەرەققىي قىلغان مەزگىل ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلىدىن 30-يىلىغىچە (1931-يىلىدىن 1936-يىلىغىچە) گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى پىدائىي قىسمى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار دىخۇادا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ئوقۇغۇچى ۋە خەلق ئاممىسىغا تەنتەربىيە ماھارەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، يىنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) دىخۇادىكى غەربىي باغچىدا ئېچىلغان ئۆلكىلىك 1-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ باشلىنىشى بولدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى ئۆلكىلىك 2-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئويۇشتۇردى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) ئۆلكىلىك 3-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىككىلىسى دىخۇا شەھىرىنىڭ بېيىمىن ھەربىي مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يۈگۈرۈش، سەكرەش، ئېتىش قاتارلىق 14 تۈر تەسىس قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ماھىرلار نەچچە يۈزگە يەتتى. 3-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۆرگۈچى تاماشىبىنلار 40 مىڭدىن ئاشتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) شىنجاڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى مەسئۇل بولۇپ ئۆلكىلىك 4-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) شۇ چاغدىكى مالىيە، قاتناش قاتارلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئۆلكىلىك 5-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى رايونلار بويىچە ئۆتكۈزۈلۈشكە ئۆزگەرتىلدى، دىخۇا 1-رايون قىلىپ بەلگىلىنىپ، ھەربىي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى يەنىلا تەنھەرىكەت يىغىن مەيدانى قىلىندى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى شىنجاڭ ئاممىۋى ماائارىپ

سارىيى بىلەن بىرلىشىپ دىخۋا رايونى بويىچە 6-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 35-يىلى (1946-يىلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ نازارىتى ھەربىي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا دىخۋا شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن دىخۋادا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەزى چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلگەندىن سىرت يەنە توپ تۈرلىرى، دالىغا يۈگۈرۈش قىلىش، ئارغان تارتىشىش، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چاڭغا تېيىلىش، شاھمات ئويناش قاتارلىق يەككە تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ۋە ئاياللار تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئارقىلىق بىر تۈركۈم تەنھەرىكەتچىلەر ۋە رېپىرلار تەربىيىلەپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز ساندىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر يەنە مەملىكەتلىك 5-، 6-، 7-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشى ئاستىدا رايون ئىچىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىرقەدەر تېز بولدى. مۇسابىقە پائالىيەتلىرىمۇ يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى.

1950-يىلدىن 1957-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە ئۆلكىلىك 1-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى، ئۆلكىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلىرىنىڭ 1-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى، 1-نۆۋەتلىك «سائەت ئاۋازى» (ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ) تەنتەربىيە جەمئىيىتى تەنھەرىكەت يىغىنى، شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى، شەھەرلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت يىغىنى، غەربىي-شىمال رايونى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسى؛ شەھەرلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا قارىمۇ قارشى مۇسابىقىسى ۋە تاللاش مۇسابىقىسى، تۇنجى نۆۋەتلىك ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ھەممىسى رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. 1957-يىلى «دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەر» ۋە «دەرىجىلىك رېپىرلار» تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاندى. تۈرلۈك كىچىك تىپتىكى تەنتەربىيە مۇسابىقە پائالىيەتلىرى، مەسىلەن، توپ، شاھمات، ئارغان تارتىش قاتارلىقلار رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى ئورگان، زاۋۇت، كان، مەكتەپلەردە خېلى جانلىق قانات يايدۇرۇلدى.

1958-يىلى رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى مەكتەپلەر ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ توپ تۈرلىرى مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. شۇ يىلى يىللىقلارغا ئايرىپ تەشكىللەش بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاندى. 1959-يىلى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يېنىك ئاتلېتىكا، توپ، قارىغا ئېتىش، ئايروپىلان مودېلى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، شاھمات، چېلىشىش، مۇز ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تاللاش ۋە ئۆلكە كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. شەھەرنىڭ 12 تۈرلۈك رېكورتى، ئاپتونوم رايوننىڭ بەش تۈرلۈك رېكورتى بۇزۇپ تاشلاندى ۋە يېڭىلاندى. 1960-يىلى شەھەرلىك 2-نۆۋەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت يىغىنى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى رايون ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

1961-يىلدىن 1962-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئاساسەن توختىتىلدى. 1963-يىلى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇسابىقىلاردا مەكتەپ مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەر يىلى شەھەرلىك ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ھەم توپ مۇسابىقىلىرى قەرەللىك ئۆتكۈزۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى توختىتىلدى. 1970-يىلى

تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول، ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى.

1971-يىلى تيانشان رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا، توپ، سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى.

1972-يىلى تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. 1973-يىلى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توپ، يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. 1974-يىلى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىدا قائىدىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. 21 ئوقۇغۇچى يېشىنى يالغان يوللاپ، ئورنىغا باشقا ئادەمنى قاتناشتۇرغانلىقتىن، ئالاقىدار مەكتەپلەرگە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇرىنى ئىناۋەتتىن قالدۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

1975-يىلى تيانشان رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك 3-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون تاللاش مۇسابىقىسىنى رايون ئىچىدىكى تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزدى.

1976-يىلى تيانشان رايونى رايون خاراكتېرلىك ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەردىن بولغان باھالىغۇچىلار تەسىس قىلىندى. يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇرلىرى تەسىس قىلىنمىدى. يەككە تۈرلەردە رەت تەرتىپى تۇرغۇزۇلمىدى. 1977-يىلى شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە بۇرۇنقى تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا بويىچە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىشتىن ئۆزگەرتىلىپ ئۆسمۈرلەر A، B گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

1978-يىلى تيانشان رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى 8-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە رايونلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىسى بىرلا ۋاقىتتا نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلدى. 1979-يىلى تيانشان رايونى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توپ تۈرى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، پۇتبول تۈرلىرى بويىچە تاللاش مۇسابىقىلىرى رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە مەيدانلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى. تيانشان رايونى تەشكىللىگەن كوماندا شەھەر دەرىجىلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە تيانشان رايونى رايون خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك مۇسابىقىلەردىن 56 تۈر (قېتىم) ئۆتكۈزدى، بۇ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ۋاسكېتبول، ۋالېبول، پۇتبول، قارىغا ئېتىش، يېنىك ئاتلېتىكا، ئايروپىلان مودېلى، تىنك-تاك توپ، شاھمات قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تيانشان رايونى شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋالېبول ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەزگىل

تيانشان رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيان رايون خاراكتېرىدىكى تەنتەربىيە مۇسابىقىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خېلى جانلانغان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1984-يىلى تيانشان رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى شىنجاڭ داشۆئنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. رايون بويىچە تۈرلۈك مۇسابىقىلەردىن جەمئىي 14 تۈر (قېتىم) ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 9300 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى. شەھەر دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرلۈك مۇسابىقىلارغا 110 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋالىبول، پۇتبول، قارىغا ئېتىش، ئايروپىلان مودېلى مۇسابىقىسىدە بەش تۈردە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، 3-دەرىجىلىك رېپىردىن 23 ى باھالاپ چىقىلدى.

1985-يىلى رايون بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ياشۆز پەرزەنتلەرنىڭ تۈرلۈك مۇسابىقىسىدىن 17 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا 8000 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. 200 دىن كۆپرەك ئادەم تيانشان رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىگە ۋەكالىتەن شەھەر دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلارغا قاتنىشىپ، 19 تۈردە بىرىنچىلىككە، 10 تۈردە ئىككىنچىلىككە، 15 تۈردە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان كوماندا ۋە ئادەم كۆپەيگەنلىكتىن، شۇ يىلدىن باشلاپ رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋالىبول پۇتبولى ۋە شاھمات مۇسابىقىلىرى A، B گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى شەھەرلىك 20-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى رايون خاراكتېرلىك تۈرلۈك مۇسابىقىلاردىن جەمئىي 25 قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، 7254 ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى. ھەممە كوماندا تەشكىللەپ شەھەر دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلارغا قاتناشتۇرۇلدى. 20 تۈردە بىرىنچىلىككە، 14 تۈردە ئىككىنچىلىككە، 19 تۈردە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

1987-يىلى تيانشان رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى نەمۇنە تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى رايون خاراكتېرىدىكى تۈرلۈك مۇسابىقىلاردىن 21 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. 7000 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى. كوماندا تەشكىللەپ شەھەر دەرىجىلىك مۇسابىقىلارغا 10 تۈر قېتىم، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلارغا 6 تۈر قېتىم قاتناشتى، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر 32 تۈردە بىرىنچىلىككە، 23 تۈردە ئىككىنچىلىككە، 27 تۈردە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

# 5-باب ئىنقىلابىي خارابىلىكلەر، مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەر

تيانشان رايونىغا ئۈرۈمچىنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر ئىنقىلابىي خارابىلىكلىرى، قەدىمىي يادىكارلىقلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەركەزلەشكەن. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۇرۇشلار كۆپ بولغانلىقتىن قىسمەن قەدىمىي يادىكارلىقلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرىدا ۋەيران بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشقۇرۇش ياخشى بولماي، قىسمەن قەدىمىي يادىكارلىقلار رېمونت قىلىنماي، ئاسرالمىغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خارابىلىكلەر، قەدىمىي

يادىكارلىقلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قايتا رېمونت قىلىش، قوغداش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. 1954-يىلى 4-ئاينىڭ 1-كۈنى ۋە 1962-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ رايون ئىچىدىكى ئۈلانباي قەدىمىي شەھەر خارابىلە-كى، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئەسلى ئورنى، ماۋزېمىننىڭ ئىلگىرى تۇرغان جايى، جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يۆلىنىش ئارمىيىسى باش ئەترىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى (تۆۋەندە غەربىي يۆلىنىش ئارمىيىسى باش ئەترىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دەپ ئېلىنىدى) ، قارلىغاچلىقتىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ۋە سەنشىخاڭزا مەسچىتى خانىقاسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى دەپ ئېلان قىلدى. 1979-يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆكزى ئىبادەتخانىسىنى شەھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى دەپ ئېلان قىلدى. رايون ئىچىدە يەنە كېيىنى-كەينىدىن سەيۋوپۇدىن يىڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى خارابىلىكتىن ئىككىسى، تاش ئادەم قەبرىسىدىن بىرسى، تۇز كۆلدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ياساۋۇللار قەبرىسىدىن بىرسى، ئۈلانباي سۇ ئامبىرى رايونىدا قەدىمكى دەۋردىكى قاڭقىللار قەبرىسىدىن 46 سى، ئۈلانباي قەبرىستانلىقى-دىن تۆرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 100 نەچچىسى تېپىلدى ۋە قېزىۋېلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە كومزەك، چۆگۈن، جام قاتارلىق ساپال قاچىلار بار. يەنە ئاز مىقداردا مىس، تۆمۈر، تاش قوراللار ۋە ئالتۇن، ھېقىق قاتارلىقلاردىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى بار. بۇ خارابىلىقلار، قەدىمىي يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىرقى رايوننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ شاھىدى بولۇپ، ئىككى مىڭ نەچچە يىل ئىلگىرىلا بۇ يەردە ھەر مىللەت خەلقى ئەمگەك قىلىپ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ بايلىقلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىنى ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىدى.

## 1-پاراگراف ئىنقىلابىي خارابىلىكلەر

**بىرىنچى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى**

بۇ قەبرىستانلىق جەنۇبىي شەھەر رايونىدىكى قارلىغاچلىق مەنزىرىلىك رايونىغا جايلاشقان. ئىنقىلا-بىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ياپيېشىل قارىغاي ۋە ئارچىلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 700 مودىن ئاشىدۇ. ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ دەل ئۇدۇلىدا 100 پارچىغا يېقىن گىرانىت چاسا تاش بولۇپ، ئالدى تەرىپىگە دېڭ بىيىڭچاۋ 1974-يىلى 6-ئايدا يېزىپ بەرگەن «ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى» دېگەن خەت ئويۇلغان. گرانىت تېشىنىڭ كەينىدە شەرق تەرەپكە سوزۇلغان دەرەخ سايىلىرى چۈشۈپ تۇرىدىغان تۈپتۈز يول بار بولۇپ، يول قۇربانلار قەبرىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، چياۋ گۈجېن ۋە ۋۇماۋلىندىن ئىبارەت ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرە تېشى قاتۇرۇلغان.

بەش پارچە قەبرە تېشىنىڭ ھەممىسى ئاق قاشتېشىدىن ياسالغان. ئۇلار ئاپئاق پارقىراپ، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھەربىر پارچە قەبرە تېشىنىڭ كەينىگە ھەربىر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ تەرجىمىھالى ئويۇپ يېزىلغان.

ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى 1956-يىلى ياسالغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرغۇ-

چىلارنىڭ بىرى بولغان چېن تەنچيۇ قاتارلىق بەش ئىنقىلابىي قۇربان جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي جياڭ جيېشىغا تەسلىم بولۇپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرغان شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. 1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق بەش ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ قەبرىسى كېيىنكە ئىنقىلابىي قۇربان دۇ جوڭيۈەن، چې تيەنمىننىڭ كىيىم-كېچەكلىرى دەپنە قىلىنغان قەبرىسى ۋە چېن جېنيا، پېڭ رېنفا، ۋاڭ دېشياڭدىن ئىبارەت ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ياسالدى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ۋە شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بەش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى سېلىنىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئىش پائالىيەتلىرى، رەسىملەر ۋە قىسمەن يادىكارلىقلار كۆرگەزمىگە قويۇلدى. بەش ئىنقىلابىي قۇربان قەبرىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ۋە ئارقا تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا شىنجاڭنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى، تىنچلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ قەبرە تېشى قاتۇرۇلغان. قەبرىستانلىقتىكى جەسەت كۆلىنى قويۇش ئۆيىگە جۇڭگونىڭ ئۆزىمىزنى قوغداپ ۋېيتنامغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان جەڭچىلەرنىڭ جەسەت كۆلى قويۇلغان.

ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى — شىنجاڭدىكى مەشھۇر ئىنقىلابىي خاتىرە ئورۇنلىرىنىڭ بىرى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جۇدې، چېنيى، خېلوڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەبرىستانلىققا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. دېڭ شياۋپىڭ، چېنيۈن، لى شيەننەن، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار يەنە چېن تەنچيۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بېغىشلىما يېزىپ تەزىيە بىلدۈرگەن. ھەر يىلى قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا ھەر مىللەت خەلقى بەس-بەستە كېلىپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋە سۈپۈرۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلەش ۋە ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ياش-ئۆسمۈرلەر بۇ يەردە پارتىيىگە، ئىتتىپاققا، پىئونېرلىققا كىرىش قەسەمياد مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ئىرادىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئىككىنچى، غەربىي يۆلىنىش ئارمىيىسى باش ئەترىتىنىڭ تۇرغان ئەسلى ئورنى

بۇ ئورۇن يېڭى گازارمىنىڭ بۇرۇنقى ئورنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئورۇن بەشيۈلتۈز يولى 2-، 4-، 5-نومۇر ۋە غەربىي ئارقا كوچا 52-نومۇردىن ئىبارەت تۆت نومۇر ئىچىگە جايلاشقان. ھەممىسى كېسەك ياغاچتىن سېلىنغان خەلقلەر ئىشلىتىدىغان ئادەتتىكى ئۆيلەر. غەربىي يۆلىنىش ئارمىيىسى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرىدە قىزىل ئارمىيە 4-يۆلىنىش ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ خېشى كارىدورىغا كەلگەن بىر قوشۇنى ئىدى. بۇ قوشۇن لى شيەننيەن، لى جورەن، چېڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مابۇفاڭنىڭ قوشۇنى بىلەن تۆت ئايدىن كۆپ قانلىق جەڭ قىلىپ جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26-يىلى (1937-يىلى) 4-ئايدا دىخۇا شەھرىگە يېتىپ كەلگەن. غەربىي يۆلىنىش ئارمىيىسى كېيىنكى تەڭشەشتە باش ئەترەت بولۇپ قۇرۇلۇپ، سىرتقا قارىتا يېڭى گازارما دەپ ئاتالدى. بۇ ھەربىي قىسىم شىنجاڭدا ئۈچ يىل تۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئاساسلىق توپچى ئەسكەرلەر، سىمسىز رادىئو ۋە ئايروپىلان، برونېۋىك، شوپۇرلۇق، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەشقلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۈچۈن تېخنىكىلىق تايانچ كادىرلارنى تەربىيىلىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 29-يىلى (1940-يىلى) 1-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ

يەنئەنگە قايتتى.

**ئۈچىنچى، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ كونا ئورنى**

ئورنى غالىبىيەت يولى 2-كوچا 1-نومۇر ئىچىدە بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1538 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇلى كۆك خىش ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان، كېسەك-ياغاچتىن سېلىنغان جۇڭگو-ياۋروپا پاسونىدىكى ئىككى قەۋەتلىك سېرىق رەڭلىك بىنا. نومۇرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى گرانىت تاش تاختىسىنىڭ ئۈستىگە دۇڭ بىۋۇنىڭ يېزىپ بەرگەن «8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيى» دېگەن خەت ئويۇلغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلىدىن 31-يىلىغىچە (1938-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە) جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ يەردە تۇرۇپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ياپونغا قارشى تۇرغان. چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇدىن ئىبارەت پارتىيىنىڭ ئۈچ ۋەكىلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. جۇئېنلەي، ۋاڭ جياشياڭ، سەيچاڭ قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ كېلىش سەپىرىدە بۇ جايدا تۇرغان ھەمدە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كادىرلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشتىكى مىللىي بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، خەلقئارا قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31-يىلى (1942-يىلى) شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىغا تەسلىم بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئىش بېجىرىش ئورنىنى تارقىتىۋەتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ساراي ئىچىدە چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، دۇجۇڭيۈەن قاتارلىق 11 ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يادىكارلىقلىرى ۋە ھاياتىدىكى ئىش-پائالىيەتلىرى ھەم رەسىملىرى ئارقا-ئارقىدىن كۆرگەزمە قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق چوڭقۇر ئىنقىلابىي ئەنئەنىۋى تەلىم-تەربىيىگە ئىگە بولدى.

**تۆتىنچى، ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننىڭ ئىلگىرى تۇرغان ئورنى**

بۇ ئورۇن مىڭدې يولى 40- چوڭ نومۇرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى خىلۋەت كىچىك ھويلا ئىچىدە. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلىدىن 31-يىلىغىچە (1938-يىلىدىن 1942-يىلىغىچە) ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ۋاقتىدا بۇ يەردە تۇرغان ۋە خىزمەت قىلغانىدى. غەربىي شىمالدىكى ئۆي ماۋزېمىن ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان ئىشخانا ئىدى، ھازىر يوق. ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننىڭ ئىلگىرى تۇرغان ئۆيى ئىككى يېرىم ئېغىزلىق كېسەك-ياغاچتىن سېلىنغان بىر كورپۇسلۇق بىر قەۋەتلىك ئۆي ئىدى. شۇ چاغدا ئىچكىرىكى بىر ئېغىزى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئايالى ۋە بالىسىنىڭ ياتاق ئۆيى، ئوتتۇرىدىكىسى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ياتاق ئۆيى بولۇپ، تاشقىرىدىكى يېرىم ئېغىز ئۆيگە بەزى نەرسە-كېرەكلەر قويۇلغان. كىچىك نومۇرسى ئىچىدە ئەسلىدە بىر كورپۇس كېسەك-ياغاچتىن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنا (ئىككىنچى قەۋىتى قىيسىيىپ قالغانلىقتىن چېقىۋېتىلگەن، ھازىر پەقەت ئاستىنقى قەۋىتىدىكى بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىلا قالدى) بار بولۇپ، ئىلگىرىكى شىنجاڭ مالىيە مەخسۇس كۇرس مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قىلىنغان. ماۋزېمىن بۇ مەكتەپنىڭ

مۇدىرى بولغان. ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننى ئەسلەش ئۈچۈن بۇ ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 2-پاراگراف مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر

### بىرىنچى، قىزىلتاغ ئېغىزى

بۇ يولۋاس بېشى چوققىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىزىلتاغ ئېغىزى دېگەن نام تاغ تاشلىرى ۋە ئۇنىڭ رەڭگىگە قاراپ قويۇلغان، دېڭىز يۈزىدىن 910 مېتر ئېگىز. تاغ چوققىسىدا سەككىز مېتر ئېگىزلىكتىكى خىش بىلەن سېلىنغان توققۇز پەلەمپەيلىك مۇنار (كىشىلەر ئۇنى ئەجدىھا باستۇرۇلغان مۇنار دەپ ئاتىشىدۇ) بار بولۇپ، ئۇ يامالىق تېغىدىكى خىش مۇنار بىلەن يىراقتىن قارىشىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنار چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 53-يىلىدىن (1788-يىلى) بۈگۈنگىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلدى. قىزىلتاغ ئۈستىدە بۇرۇن كۆپلىگەن قەدىمىي قۇرۇلۇشلار بار ئىدى. بۇرۇن ئويرات قەبىلىسىدىن بولغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، تاغ چوققىسىغا خۇدا ئۈچۈن نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان ئۆيدىن بىرنى سالغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاغ چوققىسىغا ئارقا-ئارقىدىن يۈخۋاڭ ئىبادەتخانىسى سېلىنغان. تاغ باغرىغا بۇددا بۇتخانىسى، يەر ئاستى بۇتخانا ۋە شىمالىي ساراي سېلىنىدى. قالايمىقان ئۇرۇشلار كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ قەدىمكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھېچنېمىسى قالمىدى.

### ئىككىنچى، كۆڭزى ئىبادەتخانىسى

ئالغا يولى 15-قورۇغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر خېلى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان چىڭ سۇلالىسى ئۇسلۇبىدىكى بۇتخانا قۇرۇلۇشىدۇر. كۆڭزى ئىبادەتخانىسى ئەسلىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سارىيى دەپ ئاتالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 11-يىلى (1922-يىلى) ياڭ زېڭشىن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۆزگەرتىپ سېلىپ، نامىنى ئىلاھ ئىبادەتخانىسىغا ئۆزگەرتكەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يى-لى) شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىلاھقا چوقۇنۇش ئىبادەتخانىسىنى ئىسكىلاتقا ئۆزگەرتكەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلاھ ئىبادەتخانىسىنى يەنە كۆڭزى بۇتخانىسىغا ئۆزگەرتكەن. كۆڭزى بۇتخانىسى ئىشىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىچكى قورۇسى ئالدى ۋە كەينىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، ئالدى قىسمىدا ئالدى ئىشىك، يان ئىشىك، يان ئۆي، ئالدىنقى قەسىرىدە قوڭغۇراق بىناسى ۋە تاكتاك ئۇرۇش بىناسى بار؛ كەينى قىسمىدا شەرق ۋە غەربتە بىردىن يان ئۆي، شىمال تەرىپىدە ئارقا قەسرى بار. كۆڭزى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتر كېلىدۇ. ئالدىنقى قەسر بىلەن ئارقا قەسر كۆڭزى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەتراپىنى ئايلانما كارىدور ئوراپ تۇرىدۇ. كۆڭزى ئىبادەتخانىسى كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك، پۇختا سېلىنغان. كۆڭزىنىڭ بۇتى سالاپەتلىك، سۈرلۈك ياسالغان. 1979-يىلى 7-ئايدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۆڭزى ئىبادەتخانىسىنى شەھەر دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى دەپ ئېلان قىلدى.

### ئۈچىنچى، شەنشى مەسچىتى

شەنشى مەسچىتى تىنچلىق يولىنىڭ يۇڭخې كوچىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىتى ھېسابلىنىدۇ. مەسچىت ئىچىدىكى ئېتىكاپخانا قەسرە خىش-ياغاچ بىلەن سېلىنغان. ئېگىزلىكى 10 مېترغا يېقىن كېلىدۇ. ئالدىنقى ئېتىكاپخانىنىڭ ئىشلىتىلىش كۆلىمى 250 كۋادرات مېتر بولۇپ، 500 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. ئېتىكاپخانا پېشايۋانلىق بولۇپ، ئۆگزىسى سىرلىق

كامىش بىلەن يېپىلغان. ئېتىكاپخانا كارىدورىنىڭ ئەتراپىدا 36 تال قىزىل سىرلانغان ياغاچ تۈۋرۈك بار بولۇپ، كۆلىمى چوڭ، چوڭ قەسىرنىڭ كەينىدە ئۈستى سەككىز، ئاستى تۆت بۇرجەكلىك قوش لەمپىلىك سەككىز بۇرجەكلىك راۋاق بولۇپ، لەمپە زىننەت ياغاچلىرى سىپتا ياسالغان، قەسىرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى ۋە تۆت تېمى ئويما نەقىشلەر بىلەن سىپتا ھەم چىرايلىق زىننەتلەنگەن. خىش ۋە ياغاچلارنىڭ ھەممىسىگە گۈل-گىياھ، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ رەسىملىرى ئويۇلغان ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ مەبۇد، ھايۋانلارنى سىزىشقا بولمايدىغانلىق ھەققىدىكى ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىنغان. ھەم جۇڭگونىڭ ياغاچنى قۇرۇلما قىلىشتەك قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان. شەنشى مەسچىتىنىڭ سېلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 32-يىلى (1906-يىلى) كېڭەيتىلىپ قايتىدىن سېلىنغان. 1956-يىلدىن 1957-يىلغىچە بولغان مەزگىلدە خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇردى. 1984-يىلى خەلق ھۆكۈمىتى يەنە 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈردى.

**تۆتىنچى، ئۈلانبايدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى**

ئۈلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، تاڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە قۇرۇلغان. قەدىمكى خارابىلىكنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى 480 مېتر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 550 مېتر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ئىككى كىلومېتر بولۇپ، ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان. قالدۇق شەھەر سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتردىن يەتتە مېترغىچە كېلىدۇ. شەھەر ئۈچ شەھەر رايونىغا بۆلۈنگەن، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى سېپىل شەھەرنى شىمالى چوڭ، جەنۇبى كىچىك بولغان ئىككى شەھەر رايونىغا بۆلگەن. شىمالىي شەھەرنى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كېسەك تام ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتكەن. شەھەردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەيران بولۇپ تۈزلىنىپ كەتكەن، لېكىن شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۆت چاسىلىق بىنا يادىكار سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. سىرتقى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا يەنە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان ئات شەكلى ئىزلىرى بار. شەھەر ئىچىدىكى يەرلەردىن چېچىلىپ كەتكەن ئات، قوي ۋە تۆگىلەرنىڭ قۇرۇپ كەتكەن سۆڭەكلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئىچىدىن ئارقا-ئارقىدىن ساپال قاچىلار، ئىدىش، قاشتېشىدىن ياسالغان قاچا، گۈللۈك خىش، قەدىمىي پۇل قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىنىدى.

**بەشىنچى، خانتەڭرى مەسچىتى**

مەسچىت جەنۇبىي ئازادلىق يولىنىڭ شىمالىي غەربىي قىسمىدا. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنەتىنىڭ 8-يىلى (1882-يىلى) سېلىنىشقا باشلىغان. ئەسلىدىكى ئىسمى نەنمىن مەسچىتى ئىدى. قايتا سېلىنغاندىن كېيىن «خانتەڭرى» مەسچىتىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق بىلەن زامانىۋى بىناكارلىق تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇشتۇر. پۈتكۈل قۇرۇلۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولۇپ، چىرايلىق ھەم كۆركەم.

# 18-بۆلۈم

# سەھىيە

## ئومۇمىي بايان

چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 40-يىلىدىن (1775-يىلى) بۇرۇن، ھازىرقى رايون تەۋەسىدە دىخۇانىڭ داۋالاش-سەھىيە ئىشلىرىدا ئەجدادتىن-ئەۋلادقا ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلارنىڭ مىللىيچە داۋالاش ۋە مىللىيچە دورىگەرلىك ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئامىمنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا تايىنىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى چيەنلوڭ سەلتەنىتىنىڭ 40-يىلىدىن (1775-يىلى) كېيىن، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى ۋە جۇڭيى دورىلىرى دىخۇادا تارقىلىشقا باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 1-يىلى (1875-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن سودىگەرلەر ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئوت-چۆپ جۇڭيى دورىلىرىنى دىخۇاغا ئېلىپ كىرىپ، كوچىلاردا يايما ئېچىپ، دورىلىرىنى سېتىپ كېسەللەرنى داۋالىدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي سەلتەنىتىنىڭ 13-يىلى (1887-يىلى) شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇايىن دېگەن يېرىدىن كەلگەن لى جيەنتاڭ دېگەن ئادەم دىخۇادا تۇنجى نىڭدېتاڭ جۇڭيى دورا دۇكىنىنى ئېچىپ، خەلق دوختۇرلىرىنى كېسەل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ دىخۇادا خۇسۇسىي دورا دۇكانلىرى ۋە خەلق ئامبۇلاتورىيىلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ سەلتەنىتىنىڭ 3-يىلىدىن (1911-يىلى) كېيىن، ئەنگلىيىلىك دىن تارقاتقۇچى خۇڭگېر، روسىيىلىك دوختۇر بىداشوف ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دىخۇادا غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنى ئاچتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9-يىلى (1920-يىلى) بېيجىڭلىق ماتىرېن، تيەنجىنلىك ليۇ جىچىڭ قاتارلىقلار يەنە ئارقا-ئارقىدىن ياۋروپاچە دورىخانىلارنى ئاچتى. 1949-يىلىغا كەلگەندە خۇسۇسىي دورىخانىلار 34 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر دورىخانىسى بىر، بۇنىڭدىن باشقا خەلق ئامبۇلاتورىيىلىرى 40 نەچچىگە، ھۆكۈمەت ئاچقان دوختۇرخانىلار ئۈچكە، ھۆكۈمەت دورىخانىلىرى بىرگە يەتتى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانىلاردا 165 كارىۋات، 68 نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسمەن دوختۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىنغانىدى، شۇ چاغدا دوختۇرخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئاران 30 مىللىئامپېرلىق رېنتگېندىن بىرسى ۋە مىكروسكوپتىن ئىككىسى بار ئىدى. پەقەت ئادەتتىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كېسەللەرنىلا داۋالىيالايتتى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ھازىرقى رايون ئىچىدە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7-يىلى (1918-يىلى) بىر قېتىم يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ مىڭغا يېقىن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ئايالار، باللارنىڭ سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. كونا ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش نىسبىتى 87.8% كە، تۇغۇتتا ئايالارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 21.78% كە

يەتكەنىدى. ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 35 ياش ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. 1952-يىلى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشى يولغا قويۇلدى. رايونغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچى-لەرگە قارىتا ئەمگەك سۇغۇرتىسى بويىچە داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىدىغان ئائىلىلەرگە قارىتا ھەقسىز داۋالاش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1953-يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەن ئۇرۇشىدا قوزغىغان باكتېرىيىلىك ئۇرۇشىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى رايونلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، زىيانداشلارنى يوقىتىش، كېسەل باكتېرىيىلىرىنى يوقىتىشنى مەركەز قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ۋە تازىلىق تەشۋىقات تەلىم-تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەھدىت سالىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، يەرلىك كېسەللىكلەرگە قارىتا ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن داۋالاش ۋە سەھىيە ئىشلىرىمۇ ناھايىتى زور تەرەققىي قىلدى. 1956-يىلى ئىككى رايوندا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. 1963-يىلى تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە، غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە رايون ئىچىدىكى دوختۇرخانا ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۈچ ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىدىن تەرەققىي قىلىپ ئۇنىۋېرسال، مەخسۇس كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى بولۇپ 21 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساناتورىيە ئىككى، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا بەش، مەخسۇس كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئۈچ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ئىككى، جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى ۋە جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتو-رىيىسىنىڭ ھەربىرىدىن بىر، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى بىر، ھەربىي قىسىم دوختۇرخانىسى بىر، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى ئۈچ، رايونغا قاراشلىق ئامبۇلاتورىيە ئىككى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى زاۋۇت، كان، ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ داۋالاش ئورۇنلىرىدىن 124 ى، خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيەلەردىن 48ى بار. رايوندا قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى 57 گە (49 خىل)، كېسەل كارىۋىتى 4123 كە، داۋالاش خادىملىرى 6640 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 5026 نەپەر، تيانشان رايونىدىكى 320 مىڭ ئاھالە بويىچە ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 77.6 ئادەمگە بىردىن كارىۋات، ھەر 7.66 ئادەمگە بىردىن دوختۇر توغرا كېلىدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ تىببىي داۋالاشتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 35 ياشتىن 71.51 ياشقا ئۇزارتىلدى.

# 1-باب ئاپپاراتلار

## 1-پاراگراف باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

**بىرىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى**

1953-يىلدىن 1955-يىلغىچە، ھەرقايسى رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكە-

تى كومىتېتلىرى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى رايونغا قاراشلىق ئورگان، ھەرقايسى تارماقلار، رايوندا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، دوختۇرخانا، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئاجرىتىلغان خادىملاردىن تەشكىللەندى. 1956-يىلى رايونلار بىرلەشتۇرۇلگەندە بەش رايوننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئايرىم-ئايرىم بىرلەشتۇرۇلۇپ بىرىنچى، ئىككىنچى رايون ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىغا مۇدىردىن بىر، مۇئاۋىن مۇدىردىن ئۈچ، ئەزالاردىن 43 كىشى سەپلەندى. ئىككى رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى سەھىيە بۆلۈمى بېجىردى. 1959-يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى تەڭشىلىپ، مۇدىردىن بىر، ئەزادىن 32 سى سەپلەندى. 1960-يىلى ئىككى رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى بىرلەشتۇرۇلۇپ تيانشان رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963-يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى تەڭشىلىپ، مۇدىردىن بىر، مۇئاۋىن مۇدىردىن ئۈچ، ئەزالىرىدىن 19 ى سەپلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ئىسمى بار جىسمى يوق بولۇپ قالدى. 1978-يىلىغا بارغاندا ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981-يىلى رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى، مۇدىردىن بىرسى، مۇئاۋىن مۇدىردىن ئىككىسى، ئەزالاردىن 17 سى سەپلىنىپ، قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، بىر مۇدىر قويۇلدى. مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى تيانشان رايونلۇق سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

1982-يىلى تيانشان رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ئىشخانىسى مۇستەقىل بۆلۈم قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قىسمەن مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى تازىلىق خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان رەھبىرىي خادىملاردىن تەركىب تاپتى.

1985-يىلى كادىرلاردا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ئاپپاراتىغا قارىتا تولۇقلاش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، مۇدىردىن بىرنى، ئەزالاردىن 19 نى سەپلىدى.

1987-يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئالتىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى ئىككى نەپەر.

**ئىككىنچى، سەھىيە ئىدارىسى**

1950-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا سەھىيە ياردەمچىلىرى تەسىس قىلىندى. 1951-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى.

1953-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا ئارقا-ئارقىدىن مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈملىرى قۇرۇلدى. 1957-يىلى 12-ئايدا ئىككى رايوندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1960-يىلى ئىككى رايون بىرلەشتۇرۇلۇپ، تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1971-يىلى سەھىيە بۆلۈمى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ بۆلۈمى بىرلەشتۇرۇلۇپ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى.

1973-يىلى 11-ئايدا سەھىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى 10-ئايدا سەھىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئىدارە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقتىن بىردىن قويۇلدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە ئىدارە ئورگىنىدىكى كادىرلار ئالتىگە يەتتى.

## 2-پاراگراف داۋالاش ئاپپاراتلىرى

**بىرىنچى، رايونغا قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى**

تيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيە: 1960-يىلى 10-ئايدا، رايونلۇق ياۋروپاچە داۋالاش ئورنى قۇرۇلدى. 1963-يىلى 11-ئايدا، شەھەرلىك ياۋروپاچە داۋالاش 2-ئامبۇلاتورىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ئامبۇلاتورىيە ئىچىدە ئىچكى كېسەللىكلەر، تاشقى كېسەللىكلەر، بالىلار كېسەللىكى ۋە ئوكۇلاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1987-يىلغا كەلگەندە سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 20 گە، ئامبۇلاتورىيىدە يىللىق كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر سانى 40 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى: 1972-يىلى يەككىلەرنىڭ تۈت جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى جۇڭگوچە داۋالاش، يىڭنە سانجىپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1987-يىلى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 12 گە، ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر مىقدارى 58 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى: بۇ پونكىت 1956-يىلى قۇرۇلغان. 1963-يىلى شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1981-يىلى تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىگە قوشۇۋېتىلىپ ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالدى. 1987-يىلى يېمەكلىكلەر تازىلىقى گۇرۇپپىسى، پىلانلىق ئىممۇنىت گۇرۇپپىسى، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش گۇرۇپپىسى، مەكتەپلەر تازىلىق گۇرۇپپىسى، مۇھىت، توبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش گۇرۇپپىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 23 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىمى بەش نەپەر.

قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى: 1971-يىلى تيانشان رايونىدىكى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خەلق باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش خاراكتېرىدىكى سەككىز قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. ھەربىر پونكىتقا ئۈچتىن 10 غىچە ئادەم قويۇلدى. شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى ھەربىر قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئىش باشلاش خىراجىتى ئۈچۈن 300 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى ھەمدە شەھەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ دوختۇرلىرىنى ياردەملىشىشكە ئەۋەتىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغانىدى.

1978-يىلدىن 1986-يىلغىچە، شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى ھەربىر پونكىتقا بەش ئادەم بويىچە ھېسابلاپ، ھەربىر ئادەمگە ئېيىغا 30 يۈەندىن ئىش ھەققى، ھەر ئايدا 150 يۈەن خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى.

1985-يىلى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، پىلانلىق ئىممۇنىت خىزمىتىگە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىرلاردىن ئىككىنى سەپلەپ بەرگەندىن كېيىن، شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتلىرىغا پۇل ئاجرىتىشنى توختاتتى. قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتلىرىنىڭ تۈزۈلمە، خىراجەت، تېخنىكا خادىملىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇزۇن مۇددەت ھەل قىلىنمىغانلىقتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## ئىككىنچى، رايوندا تۇرۇشلۇق داۋالاش ئاپپاراتلىرى

1987-يىلى رايوندا تۇرۇشلۇق داۋالاش ئاپپاراتلىرى جەمئىي 18 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئالتە؛ شەھەرگە قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى توققۇز؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ئىككى؛ ھەربىي قىسىم دوختۇرخانىسى بىر، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ داۋالاش ئورۇنلىرى 124 كە يەتتى.

1. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلار. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق دوختۇرخانىلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ساناتورىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار 1-ساناتورىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليۇز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى، يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلاردا جەمئىي 2034 كېسەل كارىۋىتى، 1814 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

2. شەھەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلار. شەھەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلاردىن شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى، شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك 1-ئامبۇلاتورىيە، شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكى دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قاتارلىقلار بار بولۇپ، جەمئىي 1403 كېسەل كارىۋىتى، 1689 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

3. ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىلىرى: ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىلىرىدىن شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى دوختۇرخانىسى بار بولۇپ، جەمئىي 557 كېسەل كارىۋىتى، 535 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

4. سەھىيە-داۋالاش ئورۇنلىرى: رايوندا تۇرۇشلۇق ئورگان، زاۋۇت، كان، مەكتەپ، ھەربىي قىسىملاردىكى داۋالاش ئورۇنلىرى جەمئىي 124 بولۇپ، 135 كېسەل كارىۋىتى، 933 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

### 1987-يىلدىكى تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-1-3-1

| رەت نومۇرى | داۋالاش ئاپپاراتلىرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى | كارىۋات سانى | يىللىق كېسەل كۆرۈش مىقدارى (ئادەم قېتىم) | ئادرېس | دوختۇرخانىنىڭ خاراكتېرى | قاراشلىق مۇناسىۋىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى | 1955 | 971 | 832 | 608334 | بولاق بېشى كوچىسى | ئۇنىۋېرسال | ئاپتونوم رايون |
| 2 | ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليۇز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تەتقىقات ئورنى | 1984 | 196 | 218 | 26548 | يەنئەن يولى | مەخسۇس | ئاپتونوم رايون |
| 3 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دوختۇرخانىسى | 1982 | 445 | 420 | 101653 | ياشلار يولى | ئۇنىۋېرسال | بىڭتۇەن |

| رەت نومۇرى | داۋالاش ئاپپاراتلىرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى | كارىۋات سانى | يىللىق كېسەل كۆرۈش مىقدارى (ئادەم قېتىم) | ئادرېس | دوختۇرخانىنىڭ خاراكتېرى | قاراشلىق مۇناسىۋىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ساناتورىيىسى | 1955 | 115 | 300 | 7500 | قارلىغاچلىق | ئۇنىۋېرسال | ئاپتونوم رايون |
| 5 | شىنجاڭ ئىشچىلار 1-ساناتورىيىسى | 1954 | 87 | 264 | 2670 | قارلىغاچلىق | ئۇنىۋېرسال | ئاپتونوم رايون |
| 6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى | 1957 | 515 | 534 | 267920 | غالىبىيەت يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى | 1956 | 256 | 175 | 414602 | ساغلاملىق يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 8 | شەھەرلىك 1-ئامبۇلاتورىيە | | 77 | 40 | 155598 | جۇڭشەن يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 9 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى | 1983 | 230 | 324 | 21186 | شور بۇلاق | مەخسۇس | شەھەرگە قاراشلىق |
| 10 | شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى | | 95 | | 41717 | جۇڭشەن يولى | مەخسۇس | شەھەرگە قاراشلىق |
| 11 | شەھەرلىك تىببىي جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى | 1985 | 117 | 130 | 188659 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 12 | شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى | 1976 | 167 | 150 | 35353 | يەنئەن يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 13 | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى | 1957 | 421 | 455 | 171463 | بەش يۇلتۇز يولى | ئۇنىۋېرسال | بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى |
| 14 | شىنجاڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى دوختۇرخانىسى | 1978 | 114 | 96 | 46237 | ئۇلانباي | ئۇنىۋېرسال | زاۋۇتقا قاراشلىق |
| 15 | شەھەرلىك ئانا-بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى | 1984 | 104 | 50 | 29200 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى | مەخسۇس | شەھەرگە قاراشلىق |
| 16 | شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1983 | 128 | | | ساغلاملىق يولى | | شەھەرگە قاراشلىق |
| 17 | تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى | 1972 | 12 | | 58176 | دېموكراتىيە يولى | ئۇنىۋېرسال | تيانشان رايونىغا قاراشلىق |
| 18 | تيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيە | 1963 | 20 | | 54397 | جەنۇبىي ئازادلىق يولى | ئۇنىۋېرسال | شەھەرگە قاراشلىق |
| 19 | تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1956 | 23 | | | شىمالىي ئازادلىق يولى | | |
| 20 | رايون تەۋەسىدىكى ئورگانلار، ئورۇنلارنىڭ ئامبۇلاتورىيىلىرى، داۋالاش ئورۇنلىرى | | 933 | 135 | | | | |
| جەمئىي | | | 5026 | 4123 | 2231213 | | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەل رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار دوختۇرخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 1987-يىلدىكى تىيانشان رايونى تەۋەسىدىكى دوختۇرخانىلاردىكى سەھىيە خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-1-3-2

| رەت نومۇرى | داۋالاش ئورگان ئاپپاراتلىرى | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى: جەمئىي | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى: دوختۇر دەرىجىلىكلەر | سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى: سېستىرا دەرىجىلىكلەر | مۇدىر، كاندىدات مۇدىر ۋراچلار | مەسئۇل ۋراچلار | ۋراچلار | فېلدشېر | سېستىرا، ياردەمچى سېستىرا | دورىگەرلەر | لابوراتورىيە ۋراچ، لابورانت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى | 971 | 612 | 343 | 95 | 209 | 612 | 11 | 245 | 66 | 47 |
| 2 | ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تەتقىقات ئورنى | 196 | 150 | 46 | 15 | 45 | 28 | 16 | 70 | 11 | 11 |
| 3 | شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن دوختۇرخا-نىسى | 445 | 293 | 152 | 20 | 68 | 70 | 38 | 191 | 37 | 21 |
| 4 | ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار سانائورىيىسى | 115 | 76 | 39 | 9 | 27 | 17 | 11 | 40 | 8 | 3 |
| 5 | شىنجاڭ ئىشچىلار 1-سانائورىيىسى | 87 | 75 | 10 | 3 | 11 | 6 | | 10 | 7 | 5 |
| 6 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى | 515 | 150 | 236 | 36 | 93 | 88 | 21 | 91 | 33 | 25 |
| 7 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى خەلق دوختۇرخانىسى | 256 | 172 | 84 | 10 | 51 | 49 | 9 | 106 | 19 | 12 |
| 8 | شەھەرلىك 1-ئامبۇلاتورىيە | 77 | 21 | 56 | | 18 | 3 | 13 | 23 | 16 | 4 |
| 9 | ئۈرۈمچى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى | 230 | 98 | 108 | 8 | 24 | 32 | 16 | 136 | 11 | 3 |
| 10 | شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى | 95 | 48 | 47 | 1 | 6 | 41 | 30 | 14 | 2 | 1 |
| 11 | شەھەرلىك نەنمىن جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى | 117 | 69 | 48 | 4 | 22 | 26 | 15 | 33 | 38 | 5 |
| 12 | شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى | 167 | 32 | 104 | 4 | 27 | 13 | 45 | 44 | 31 | 3 |
| 13 | شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى | 421 | 177 | 199 | 40 | 82 | 43 | 8 | 170 | 37 | 22 |
| 14 | شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى دوختۇرخانىسى | 114 | 26 | 88 | | 4 | 22 | 14 | 54 | 14 | 6 |
| 15 | شەھەرلىك ئانا-باللار ساغلاملىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى | 104 | 61 | 43 | 5 | 12 | 27 | 11 | 37 | 6 | 6 |
| 16 | شەھەرلىك سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 128 | 97 | 31 | 8 | 27 | 62 | 31 | | | |
| 17 | تىيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى | 12 | 2 | 10 | | | | | | | |
| 18 | تىيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيە | 20 | 9 | 11 | 3 | 3 | 2 | 8 | 2 | 2 | |
| 19 | تىيانشان رايونلۇق سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئې-لىش پونكىتى | 23 | | | | | | | | | |
| 20 | رايون تەۋەسىدىكى ئورگان، ئورۇنلارنىڭ ئامبۇلاتورىيە-لىرى، داۋالاش ئورۇنلىرى | 933 | | | | | | | | | |
| | جەمئىي | 5026 | | | | | | | | | |

# 2-باب كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساقلىقنى ساقلاش

## 1-پاراگراف كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

**بىرىنچى، يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىكى**

1956-يىلى رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشلاندى. 1959-يىلى يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملار ئىچىدىكى كېسەللىك باكتېرىيىسى ئېلىپ يۇرگۈچىلەردىن 1000 دىن كۆپرەك كىشى تەكشۈرۈلدى، نەتىجىدە دىزېنتېرىيە (تولغاق) باكتېرىيىسىنى ئېلىپ يۇرگەنلەرنىڭ نىسبىتى 5.2% كە، كېزىك كېسەللىكى باكتېرىيىسىنى ئېلىپ يۇرگەنلەرنىڭ نىسبىتى 1.2% كە، شەكلى ئۆزگەرگەن باكتېرىيىلەرنى ئېلىپ يۇرگەنلەر نىسبىتى 1.2% كە يەتكەنلىكى بايقالدى. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى باكتېرىيە ئېلىپ يۇرگەنلەردىن خىزمەت ئورنىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاش ئورۇنلىرىنى تەكشۈردى. شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ سوغۇق ئىچىملىكلەرنى پىششىقلاش زاۋۇتى ئۆرنەك ئېلىپ تەكشۈرۈلۈپ ئىلگىرى-كېيىن ئىشتىن توختاپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇق قىلىنىپ، باكتېرىيە سانى ئەسلىدىكى 27 مىڭدىن بىر مىللىلىتىردىن 500 دە بىر مىللىلىترگە چۈشۈرۈلدى. كالا سۈتى ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى تاللاپ تەكشۈرۈشتە جەمئىي سەككىز كالا سۈت فىرمىسىغا قارىتا 30 ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈردى. كۆپ قىسمىدىكى 0.1 مىللىلىتر ئەۋرىشكىدە چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيىسى بارلىقى بايقالدى. بۇنىڭغا قارىتا دەرھال تەدبىر قوللىنىلىپ، تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىنىشقا بۇيرۇلدى، تەكشۈرۈپ لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە رايون بويىچە يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. رايون ئىچىدە بىر يىلدا يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش جەمئىي 10 قېتىم يۈز بېرىپ، زەھەرلەنگۈچىلەر 698 ئادەم قېتىمغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ قېتىمدا كالا گۆشىدىن زەھەرلەنگەن، ئۈچ قېتىمدا ئۆزى ياسىغان دۇفۇدىن زەھەرلەنگەن، باشقا يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش تۆت قېتىم بولۇپ، تۆت ئادەم ئۆلگەن.

1960-يىلى يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئاساسلىقى مەركىزىي سەھىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان يېمەكلىكلەر تازىلىقىدىكى «بەش تۆت تۈزۈم» ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يەنى خام ئەشيادىن تارتىپ مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقارغۇچە بولغان جەرياندا تۆتنى قىلماسلىقنى يولغا قويۇش، مەھسۇلاتلارنى (يېمەكلىكلەرنى) تۆتتىن ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇش، ئىشلىتىلگەن قورال-لارنى تۆت ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويۇش، مۇھىت تازىلىقىغا تۆتنى بېكىتىشنى قوللىنىش، شەخسىي تازىلىقتا تۆتتە چاققان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تىيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى رايون بويىچە 400 دىن كۆپرەك خادىمغا قارىتا سەھىيە بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. «ئۈچ پىچاق، ئۈچ ئاشتاختا، ئۈچ چېتىلدۇرماسلىق»تىن ئىبارەت تازىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تازىلىق تەكشۈرۈش ئۇسكۈنىلىرى بولمىغانلىقتىن، پەقەت ئادەتتىكى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ۋە يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

1963-يىلدىن 1980-يىلغىچە يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىكىنى شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى بىۋاسىتە باشقۇردى.

1981-يىلى تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن كېسەللىكلەرنىڭ ئېغىزدىن كىرىشىنى ئالدىنى ئېلىش ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاشخانىلاردىكى تاماق سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەشكە قارىتا نازارەتچىلىك خىزمىتى نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. 1982-يىلى رايون ئىچىدىكى 96 ئاشخانا تەكشۈرۈلدى. يېمەكلىكلەر تازىلىق تۈزۈمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان چىۋىن ۋە چاڭ-توزاندىن ساقلىنىدىغان، دېزىنفېكسىيىلەش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغان چوڭ-كىچىك ئاشخانىسى، بەخت يولى رېستورانى قاتارلىق 19 ئاشخانا تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. رايون بويىچە 102 يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت نۇقتىسى ۋە 165 يەككە يېمەك-ئىچمەك دۇكىنىدا تاماق سايمانلىرى ئومۇميۈزلۈك دېزىنفېكسىيە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 41 ئاشخانا پار بىلەن، 59 ئاشخانا قايىنىتىپ، ئىككى ئاشخانا دورا بىلەن، 165 ئاشخانا سۇيۇق دورا بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىندى. بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاماق سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بېيمەن، قىزىل بايراق يولى، دۆڭكۆۋرۈك قاتارلىق يېزا ئىگىلىك بازارلىرىدا تاماق سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەش پونكىتى قۇرۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش دېزىنفېكسىيىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل بايراق يولى تاماق سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەش پونكىتىنىڭ كۈنلۈك دېزىنفېكسىيىلەش مىقدارى 190 گە يەتتى.

1983-يىلى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» سىناق قىلىنىپ يولغا قويۇلۇپ، يېمەكلىكلەر تازىلىقى نازارەتچىلىكى ئادەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن قانۇن-تۈزۈم بويىچە نازارەتچىلىك قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇنىڭغا قارىتا تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»نى كەڭ تەشۋىق قىلدى. دوسكا، تەشۋىقات تاختىسى، دوختۇرلارنى تەشكىللەپ كوچىلاردا مەسلىھەت بېرىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»نى تەشۋىق قىلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى»نى ئۆگىنىش كۇرسىدىن جەمئىي 109 قارار ئاچتى. بۇنىڭغا 16 مىڭ ئادەم قېتىم قاتناشتى، تۈرلۈك دوسكا تەشۋىقاتىدىن 853 سان ئىشلەندى، «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» توغرىسىدىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 480 پارچىسى تارقىتىلدى، كەسپىي خادىملاردىن 88 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيىلەندى.

1987-يىلى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ئادىمى 100 دىن تۆۋەن بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى، زىيالىي ياشلار يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 1210 غا، خىزمەتچىلەر 3630 غا، يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە ئائىلىلەر 6494 كە، شۇغۇللانغۇچىلار 19500 گە يەتتى. يېمەكلىك تازىلىقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشتىكى كەسپىي خىزمەت مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بەش نەپەر يېمەكلىك تازىلىق نازارەتچىسى سەپلەپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن رايون بويىچە يېمەكلىكلەر تازىلىقى مەخسۇس تۈردىكى باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈلدى.

## ئىككىنچى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

1954-يىلى ھەرقايسى رايونلار كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇللىرىنى سېلىشنى باشلىدى. ئاساسلىقى چېچەك چىقىش، خولېرا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى، كېزىكتىن ساقلىنىش ۋاكسىنىسى سېلىندى. 1957-يىلى ئاشقازان كېسىلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1959-يىلى ئىككى رايوندا كېسەللىكلەرنى (يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى) تۈگىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كېسەللىكلەرنى تۈگىتىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. رايوندا تۇرۇشلۇق داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن 200 نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر بىلەن ۋراچ 70 نەپەر، سېستىرا، تۇغۇت ياردەمچىسى 70 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 60 نەپەر، قىزىل، تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى، ئىسكارلاتىنا، بوغما قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ئۈزۈل-كېسىل كونترول قىلىندى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي ئىشلەنگەنلىكتىن قىزىل چىقىش نىسبىتى %83 تۆۋەنلىدى. ئادەم ئۆلۈش نىسبىتى 1-ئايدىكى %1.3 تىن تۆۋەنلەپ ئادەم ئۆلۈش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن 1960-يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىدىغانلارنى مەشىق قىلدۇرۇش باشلىنىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش تورى قۇرۇلۇپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. رايون بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش بەلگىلەنگەن قانۇنلۇق ئورۇندىن 102 سى بار بولۇپ، ئامبۇلاتورىيىسى يوق ئورۇن ۋە ھەربىر ئائىلە كومىتېتلىرىغا بىردىن ئىككىچە خادىم قويۇلدى. ئۇلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالىنى خالىسانە دوكلات قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەھۋالى دوكلاتىدىن 575 پارچىسى تاپشۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىل چىقىش ئەھۋالى دوكلاتى 354 پارچە، تولغاق كېسەللىكى ئەھۋالى دوكلاتى 85 پارچە، يۇقۇملىنىش خاراكتېرىدىكى جىگەر ياللۇغى كېسىلى ئەھۋالى دوكلاتى 69 پارچە، ئىسكارلاتىنا كېسىلى ئەھۋالى دوكلاتى 31 پارچە، كېزىك كېسەللىكى ئەھۋالى دوكلاتى 30 پارچە، كۆك يۆتەل، تارقىلىشچان مېڭە-يۇلۇن پەردە ياللۇغى، يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى كېسەللىك ئەھۋالى دوكلاتىنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئىككى پارچە.

1961-يىلى تيانشان رايونىدا بەش ئاي ئىچىدە ئەسۋەلىك كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 361 گە يېتىپ، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %0.2 بولدى. ئاغرىغۇچىلار ئىچىدە 21 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ 146 گە يەتكەن. ئۈچ ئايدا كېسەل بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كېسەل بولغۇچىلار 189 غا يەتكەن. كېسەل پەيدا بولۇش رايونلىرى ئىچىدە شىنخۇا گوڭشىسىدا كېسەل بولغانلار ئەڭ كۆپ بولۇپ 155 ئادەمگە يەتكەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېسەل پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى — پىت بولۇپ قېلىشتىن بولۇپ، ئايرىم رايونلاردا %50 كە يەتكەن. بۇنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش بىلەن بىرگە ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، پىت يوقىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. پىت ئېلىپ يۇيۇش ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن 13600 ئادەمگە قارىتا دورا ئارقىلىق پىت يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شەخسىي تازىلىقنى ياخشى قىلىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلىنىپ، يۇيۇنۇپ تۇرۇش، كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ كىيىش، يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ دائىم پاكىز بولۇشىنى ساقلاشتەك ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈلۈپ، ئەسۋەلىك كېزىك پەيدا بولۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ھالدا ئالدى ئېلىندى.

1965-يىلى خۇلىرا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. 145800 ئادەمگە ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى سېلىندى. بۇ ئوكۇلنى سېلىشقا تېگىشلىك ئادەملەر سانىنىڭ %97 نى ئىگىلەپ، رايون بويىچە كەڭ خەلق ئاممىسى ئىممۇنىتلانغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتلىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى

ئېلىش-داۋالاش خىزمىتىنى ئاممىغا تايىنىپ قانات يايدۇرۇش جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى. 1976-يىلى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىممونىت ئوكۇلىنى سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. 204450 ئادەم قېتىمغا ئوكۇل سېلىندى؛ لىيۇداۋان، شياۋدوگلياك، ئىنتىپاق يولى، شىمىن قاتارلىق مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدىكى قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتلىرى ئۆزلىرى جۇڭگو تىبابەتچىلىك ئوت-چۆپ دورىلىرىنى يىغدى ۋە ياسىدى. لىيۇداۋان قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى تولغاق كېسىلىنىڭ كۆپ پەيدا بولۇش پەسلىدە سېمىز ئوتلارنى يىغىپ قايىنىتىپ دورا ياساپ، كېسەللەرنى داۋالىدى. داۋالاش ئۈنۈمى 98% گە يەتتى. شياۋدوگلياك قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى ئۈچنى داۋالاش ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، پويرارىيە چاتقىلى يىلتىزى ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ۋە توكلاس (يۆتەل دورىسى) دورىسىنى ياسىدى. شىمىن قىزىل دوختۇرلار پونكىتى ئۆپكىگە پايدىلىق توگشۈەن كومىلاچ دورىسى، پىننە جىگچى كومۇلاچ دورىسى، كۈشىن يىلتىزى ئوكۇل سۇيۇقلۇقى، ئۇچقات ئوكۇل سۇيۇقلۇقى قاتارلىق دورىلارنى ياساپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتلەردە پائال رول ئوينىدى. «بىر تال ئوكۇل، بىر تۇتام ئوت-چۆپ»تىن پايدىلىنىپ دورا كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

1982-يىلدىن 1987-يىلغىچە تۇرلۇك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بىلەن بىرگە، مەكتەپ، يەسلىلەرگە قارىتا جىگەر ياللۇغى ۋە باش تەمرەتكىسى كېسەللىكى بويىچە نۇقتىلىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە شۇ دائىرىدىكى دوختۇرخانىلاردىن مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىلىپ، تۇبېركۇليوز كېسەللىكى ئەھۋالىنى دائىم دوكلات قىلىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، بىرى بايقالسا بىرنى دوكلات قىلىش، بىرنى داۋالاش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى قاتتىق كونترول قىلىندى. 1987-يىلى شەھەر بويىچە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىدارىسى دوختۇرخانىسى تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 2-پاراگراف ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

1953-يىلى ھەرقايسى رايونلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئاساسلىق مەزمۇنى — زىيانداشلارنى يوقىتىپ كېسەللىكلەرنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. 1957-يىلغىچە نۇقتىلىق ھالدا لالما ئىتلار ئۆلتۈرۈلدى. چۈشۈن، چاشقان يوقىتىلدى. مۇھىت تازىلىقى زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەخلەت، گەندىلەر تازىلىنىپ، ھاجەتخانىلار ئۆزگەرتىلىپ ياخشىلاندى. ئۆستەڭلەر چېپىلىپ راۋانلاشتۇرۇلدى. قۇدۇقلار ئېگىزلىتىلدى ۋە تۇۋاق يېپىلدى. ئۆيلەر ئاقارتىلدى. ئامما يوتقان-كۆرپىلەرنى يۇيۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ دائىملىشىشى ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئارىسىدا مۇھىت، ئۆي ئىچى تازىلىقى ۋە شەخسىي تازىلىق قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش تەشۋىق قىلىنىپ، ئاھالىلەر قورۇلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

1958-يىلى ئىككى رايوندا «بەش بولماسلىق رايونى مۇسابىقىسى» (چۈشۈن، چاشقان، قۇشقاچ، پاشا، چىۋىن بولماسلىق) قانات يايدۇرۇلدى، قۇشقاچ يوقىتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شەھەرلىك بەش زىيانداشنى يوقىتىش قوماندانلىق شتابىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، شەھەر، رايون، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ھەر دەرىجىلىك قۇشقاچ يوقىتىش جەڭگىۋار ئەترەتلىرى ۋە گۇرۇپپىلىرى تەشكىللەندى.

5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە بولغان يەتتە كۈن ۋاقىت ئىچىدە قۇشقاچلارنى قوغلاش، تۇتۇش، ئۇۋىسىنى بۇزۇش، زەھەرلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، قۇشقاچلار چارچاپ، ئاچ قېلىپ، ئۆركۈپ، قورقۇپ ئۆلدى.

1960-يىلى «بەش زىيانداشنى يوقىتىش» تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى كەڭ تۈردە تەكىتلەش پائالىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 66300 چاشقان يوقىتىلدى. 11700 كىلوگرام چىۋىن قۇرچاقلىرى قېزىلىپ، زور مىقداردىكى پاشا، چىۋىن، پىت، چۈشا قاتارلىق زىيانداشلار يوقىتىلدى. شەھەر ئەتراپىدىكى 475 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جايغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەخلەتلەر تۈزلەندى ۋە كۆمۈۋېتىلدى. پاشا، چىۋىن تۆرىلىدىغان جاي — شىمكو ئەتراپىدىكى ئەخلەت، گەندىلەر تازىلاپ توشۇلدى. رايون ئىچىدىكى ئاساسلىق ئۆستەڭلەر چېپىپ راۋانلاشتۇرۇلدى. قىش كىرگەندىن كېيىن يەنە سۇ ئىنشائاتى، قۇرۇلۇش قىلىش ئورۇنلىرىدىكى پىت يوقىتىش خىزمىتى نۆۋەتلىك تۇتۇلدى. شۇ يىلى قىش پەسلىدە پىت يوقىتىشنى قوبۇل قىلغانلار 50 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. 89% رايون ۋە ئورۇنلاردا «بەش بولماسلىق» ۋە «يەتتىدە پاكىز بولۇش» (ئۆي ئىچى، ھويلا-ئارام، ھاجەتخانا، ئاشخانا، كوچا، ئېغىل ۋە شەخسىي تازىلىق پاكىز بولۇش) ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«بەش زىيانداش»نى زور كۈچ سەرپ قىلىپ يوقىتىش بىلەن بىرگە رايون بويىچە ئاھالىلەر قورۇلىرىنىڭ تازىلىق قىياپىتىنى ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىش ئاممىۋى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېڭى دېموكراتىيە يولىدىكى شۇ ئائىلىسىنىڭ قورۇسى ئەڭ پاسكىنا قورۇ ئىدى. كېيىن مەملىكەت بويىچە تازىلىقتىكى ئۈلگىلىك قورۇغا ئايلاندى. قورۇ ۋەكىلى جاڭ شىنياڭ بېيجىڭدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك دېھقانچىلىقتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشتى. گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇئېنلەي ئۆزى بىۋاستە تەقدىرنامە بەردى. بۇ قورۇ ئۈچ ئاھالىلەر ھويلىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، پۈتۈن قورۇدا 72 ئاھالە بار ئىدى. ئەسلىدە بۇ چوڭ قورۇ ئىچىدىكى ھاجەتخانا ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن پاسكىنا سۇلار يىغىلىپ قالاتتى. ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئىت بېقىشنى ئادەت قىلغانىدى. قورۇ ئىچىگە ئاھالىلەر قالايمىقان تام سېلىۋالغان بولۇپ، بالىلار خالىغان يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىشاتتى. ئاھالىلەر پاسكىنا سۇلارنى قالايمىقان تۆكۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن بۇ قورۇ ھەم پاسكىنا، ھەم قالايمىقان قورۇ بولۇپ قالغانىدى. كېيىن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى كەلگەن كادىر ۋە ئاھالىلەر كومىتېتلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ باشلامچىلىقى ئاستىدا، ئالدى بىلەن قورۇدىكى ئاھالىلەر تەشكىللىنىپ قالايمىقان سېلىنغان تاملار چېقىلىپ، خالىسانە ھاجەتخانا رېمونت قىلىنىپ، پاسكىنا سۇ قۇدۇقلىرى ئويۇلۇپ، خالىغان يەرگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلىش ۋە پاسكىنا سۇلارنى قالايمىقان تۆكۈش ئىشلىرى توسالدى. ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىنىپ ئۆزئارا نازارەت قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. قورۇدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئاممىغا يىغىن ئېچىپ، قانداق قىلغاندا قورۇنىڭ تازىلىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. قورۇنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا ھەربىر ئائىلە نۆۋەتلىشىپ دېجورنىلىق قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پۈتۈن قورۇدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ھەر ھېيت-بايرام كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيلىرىنى ئاقارتتى. بىر يىل ئىچىدە ئۆيلەرنى تۆت قېتىم ئاقارتىپ، بىر قېتىم خۇيلاپ ئۆينىڭ ئاستى-ئۈستى، تۆت تېمى ئۇزۇن مۇددەت پاكىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. ھەر ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيى ئالدىغا كىچىك گۈللۈك ياسىلىپ، خىلمۇ خىل گۈللەر تېرىلدى. ھەربىر ئائىلە ئىشىك ئالدىغا تۈكۈرۈك قاچىسى تەييارلىدى. ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ دېرىزىلىرىگە تەشتەكلىك گۈللەر قويۇلۇپ، ئۆيلەرنىڭ سىرتقى تاملىرى ئاقارتىلىپ، ئىشىكلىرى سىرلىنىپ، رەتلىك، كۆركەم، ھەم پاكىز قورۇغا ئۆزگەرتىلدى. قورۇغا

يەنە تۇرۇبىلىق سۇ ئورنىتىلىپ، ئىچىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان سۇ شارائىتى ياخشىلاندى. شۇ جەمەتى ئائىلىسى چوڭ قورۇسىنىڭ تازىلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەنلىك توغرىسىدىكى پاكىت ئارقىلىق پۈتۈن رايون شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما يېتەكلەندى ۋە ئۇلارغا تەربىيە بولدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۇرۇمچىگە يىغىن، ئۆگىنىشكە كەلگەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جەمەتى چوڭ قورۇسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەملىكەت بويىچە تازىلىق نەمۇنىچىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يۈگىچى جەنۇبىي شىمال كوچىسى بار. شۇنىڭدىن باشلاپ، رايون ئىچىدە تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش شەرەپلىك دەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

1963-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىدە كەڭ كۆلەمدە مۇھىت تازىلىقىنى ئېلىپ بېرىش ئاساس قىلىنىپ، ھەر قېتىملىق باھار بايرىمى، «1-ماي»، «1-ئۆكتەبىر» قاتارلىق ھېيت-بايراملاردىن بۇرۇن چوڭ كۆلەمدىكى ئاممىۋى خاراكتېرلىك تازىلىق قىلىش زەربىدارلىق پائالىيىتى تەشكىللىنىپ، كوچا يوللىرى، قورۇلاردىكى تاشلاندۇق بۇلۇڭلار، ئۆيلەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتلىرى تازىلاندى، بۇ تەدرىجىي تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى.

1963-يىلى ئالتە قېتىم زور دەرىجىدىكى تازىلىق زەربىدارلىق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئامما ئۆزلۈكىدىن ئەخلەت تۆكۈپ شەكىللەندۈرگەن 160 ئەخلەت نۇقتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 30 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يول يۈزى تۈزلەندى. 1971 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭ چېپىپ راۋانلاشتۇرۇلۇپ، سەككىز ئاساسلىق يوللار يۇيۇپ تازىلاندى. 1964-يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى تەدرىجىي ھالدا ئامىمىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇلدى. ھەر قېتىملىق زەربىدارلىق پائالىيىتىگە رايوندىكى ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلق پائال قاتنىشىپ، ئادەم بارلار ئادەم چىقىرىش، ئاپتوموبىلى بارلار ئاپتوموبىل چىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەملەشتى. بولۇپمۇ ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى زەربىدارلار ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ رايوننىڭ مۇھىت تازىلىق قىياپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى پائالىيەتكە قاتناشقانلار 34 مىڭ 700 ئادەم قېتىمغا يەتتى. رايوندىكى 183 كوچا يوللىرىنىڭ ھەممىسى تۈزلەپ رەتلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە 102 يولغا قۇم، شېغىل تۆكۈپ تۈزلەندى. سەككىز ئورۇندىكى تاشلاندۇق ئەخلەت بۇلۇڭى تازىلاندى. ئەخلەت تۆكۈپ شەكىللەنگەن 121 ئەخلەت تۆكۈش نۇقتىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۆي ئىچى ۋە سىرتىنىڭ پاكىزلىقىنى دائىم ساقلاش ئۈچۈن، شۇ يىلدىن باشلاپ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ھەرقايسى ئورۇنلار، ئاھالىلەر قورۇلىرى، ئائىلىلەر ئارىسىدا تازىلىق بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى باشلاندى. ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تازىلىقتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن، ئىككى كوچا تازىلىقتىكى ئۈلگىلىك كوچا، 21 ئورۇن تازىلىقتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن، 73 ئورۇن تازىلىقتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بۇرۇن تازىلىقتا كەينىدە قالغان 22 ئورۇن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تازىلىقتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن ۋە تازىلىقتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر تۈركۈم تازىلىقى ياخشى ھويلا، تازىلىقى ياخشى ئائىلە ۋە تازىلىقتىكى «بەشتە ياخشى» ماگىزىنلار بارلىققا كەلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تۈرلۈك تازىلىق تۈزۈملىرى شەكلىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئامما ئارىسىدا باشقۇرۇشقا بويسۇنماسلىقتەك ھۆكۈمەتسىزلىك ھادىسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىپ، كوچا-كوچىلاردىكى ئەخلەت، توپا، كىرەكسىز نەرسىلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ مۇھىت ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، كوچىلاردىكى دۆۋىلىنىپ كەلگەن ئەخلەتلەر ۋە قۇرۇلۇشتىن قېپقالغان كېرەكسىز نەرسىلەر تازىلاندى. مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاشتىكى تۆرلۈك تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تۇرغۇزۇلدى. مەسىلەن، كوچىلارنى سۈپۈرۈش تۈزۈمى، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشۇش تۈزۈمى، شەنبىلىك تازىلىق قىلىش تۈزۈمى، ئاھالىلەرنىڭ تازىلىقى ئەھدىنامىسى قاتارلىقلار. ئاھالىلىكلەر قورۇسى تازىلىق ئەھدىنامىسى ئارقىلىق ھەربىر ئاھالىنىڭ ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۆزئارا نازارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ھويلىلارنىڭ تازىلىقى ئۇرتاق ساقلاندى. تازىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ مەزمۇنى — چوڭ ھويلا-قورۇلاردا ھەر كۈنى نۆۋەتلىشىپ دېجورنىلىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئۆينىڭ ئىچىدىكى «تۆت پاكىز بولۇش»نى ساقلاش، «تۆتتە چاققان بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش، «تۆت زىيانداش»نى پاكال يوقىتىش، ئۆي قۇشلىرىنى قەپەز، كاتەكلەردە بېقىش، پاسكىنا سۇلارنى قالايمىقان تۆكۈشنى مەنئىي قىلىش، يېمەك-ئىچمەك تازىلىقىنى ياخشىلاش، تاماق قاچا-قۇچىلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەش، ئېچىپ قالغان يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك، تاماقتىن بۇرۇن، ھاجەتتىن كېيىن قولنى يۇيۇشنى داۋاملاشتۇرۇش، خالىغان يەرگە تۈكۈرمەسلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1981-يىلى ياز پەسلىدە چوكا مۇز قەغىزىنى قالايمىقان تاشلاپ كوچا-يوللارنىڭ تازىلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈش ھادىسىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، چوكا مۇز ساتقۇچىلارغا قارىتا مۇھىت تازىلىقىنى ئاسراش تەلىم-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، چوكا مۇز سېتىش نۇقتىسىنىڭ 10 كۋادرات مېتىر دائىرە ئىچىدە چوكا مۇز قەغىزى بولماسلىق، چوكا مۇز ساندۇقى يېنىدا كېرەكسىز قەغەزلەرنى سېلىش خالتىسى بولۇش، چوكا مۇز سېتىپ بولغاندىن كېيىن ئوراش قەغىزى سۇپىتىدە ئىشلىتىش تەلەپ قىلىندى. بۇ تەدبىر يولغا قويۇلۇپ چوكا مۇز قەغىزىنى قالايمىقان تاشلاش ھادىسىسى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىلدى.

1982-يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە رايون تەۋەسى ئىچىدىكى ھاجەتخانا، ئەخلەت ساندۇقى ۋە يۇندا قۇدۇقلىرىنى دېزىنفېكسىيىلەش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ھەر ئايدا ئاز دېگەندە تۆت قېتىم دېزىنفېكسىيىلەندى. بۇنىڭ بىلەن چىۋىنلەرنىڭ كۆپىيىش مەزگىلىدىكى كېسەللىك باكتېرىيىلەرنىڭ تارقىلىشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى.

شىنجاڭنىڭ قىش پەسلى ئۇزۇن بولۇپ، كۆپ قار ياغىدۇ، يوللىرى تېيىلغاق، ئاپتوموبىل ۋە ئادەملەرنىڭ يول يۈرۈشى قولايسىز، قار ياغقان ھامان ئۇنى تازىلاش ئۈچۈن، كوچا بويلىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىگىلىگەن دائىرىسى بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىلىپ، قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ، ئىشچانلار مۇكاپاتلىنىپ، ھورۇنلار جازالىنىپ «قار ياغقاننىڭ ئۆزى بۇيرۇق»تىن ئىبارەت قاتتىق تۈزۈم شەكىللەندۈرۈلدى. قار تازىلاشنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئارىسىدا يەنە قار-مۇزلارنى تازىلاش بويىچە كۆچمە قىزىل بايراق مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى 460 مىڭ ئادەم قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ قار-مۇزدىن 4375 ماشىنا قېتىم تازىلاپ توشۇلدى. شىمالىي ئازادلىق يولى، دۆڭمەھەلىدىن ئىبارەت ئىككى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىش پەسلىدىكى قار-مۇزلارنى تازىلاش خىزمىتىدە كۆچمە قىزىل بايراققا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا رايوندا تۇرۇشلۇق 832 ئورۇن ۋە 4330 ئاھالىلىك قورۇسىغا تازىلىقتا شەرەپلىك دېگەن تاختاي ئېسىلدى.

1985-يىلى رايونىمىزدا چاشقان ئاپىتى ئېغىر بولدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق تيانشان رايونىنىڭ چاشقان زىچلىق دەرىجىسى شەھەردىكى ھەرقايسى رايونلاردىكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى بايقالدى. قىش كىرگەندىن كېيىن رايوندىكى 11 مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىرلا ۋاقىتتا ئاممىۋى خاراكتېرلىك چاشقان يوقىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ بىر

تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىرلا ۋاقىت ئىچىدە 72 مىڭ 574 ئاھالىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ۋە بەر ئاستى ئۆيلىرىگە 1500 كىلوگرام چاشقان دورىسى چېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن چاشقاننىڭ زىچلىق دەرىجىسى بۇرۇنقى 22.3% دىن 6.3% گە تۆۋەنلىتىلدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى پۈتۈن رايوندىكى خەلقنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئاساسىدا «A، B، C» دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە بويىچە تازىلىقتا مۇسابىقىلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ مۇسابىقىلىشىش پائالىيىتىدە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تازىلىق ۋاقىتلىق ئۆلچىمى» ئاساس قىلىنىپ، شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىقى بويىچە تۈرلۈك تازىلىقلارنى تەكشۈرۈپ نومۇر قويۇش جەدۋىلى» دىكى تۈرلەر بويىچە نومۇر قويۇلۇپ، ئومۇمىي نومۇرغا قاراپ دەرىجە بېكىتىلىپ تاختاي ئېسىلدى. ئۆلچەم ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچەيتىلىپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىلدى ھەمدە ئېرىشكەن نومۇر بويىچە ماس كېلىدىغان تازىلىق تاختىسى ئېسىلدى. دەرىجە باھالاشتا 85 تىن يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر «A» دەرىجىلىك ئورۇن؛ 60 نومۇردىن 85 نومۇرغىچە ئېرىشكەنلەر «B» دەرىجىلىك ئورۇن؛ 60 تىن تۆۋەن نومۇرغا ئېرىشكەنلەر «C» دەرىجىلىك ئورۇن قىلىندى. ئۇدا ئۈچ قېتىم «A» دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغانلارنى مۇكاپاتلاش ھەم شەھەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىغا تازىلىقتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن قىلىپ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈشكە يوللاش؛ ئۇدا ئۈچ قېتىم «B» دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ باھالانغان ئورۇننى «A» دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ باھالىماي بەلكى جازالاش؛ «C» دەرىجىلىك ئورۇنلار لاياقەتسىز ئورۇن دەپ قارىلىپ، چەكلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تىجارىتىنى توختىتىپ لاياقەتلىك بولغۇچە تەرتىپكە سېلىش بەلگىلەندى. بۇ خىل مۇسابىقىلىشىش پائالىيىتى رايون ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ دائىملىششىنى ئىلگىرى سۈردى. 1987-يىلى رايون بويىچە تازىلىقتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇنلار 20 گە يەتتى. مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشقان 1400 دىن ئارتۇق ئورۇن ئىچىدە 90% دىن يۇقىرى ئورۇن «A» دەرىجىگە ئېرىشتى. لاياقەتسىز ئورۇن پەقەت 2%نىلا ئىگىلىدى.

## 3-پاراگراف سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش

**بىرىنچى، ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش**

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئاياللار تۇغقاندا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خەلق تۇغۇت ئانىلىرى كونىچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇراتتى. ئانا-بالىنىڭ سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. 1949-يىلى تۇغۇت بۆلۈمى دوختۇرىدىن ئىككىسى، باللار بۆلۈمى دوختۇرىدىن بىرسىلا بار ئىدى.

1951-يىلى دىخۇا شەھەرلىك ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلۇپ، شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1955-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئالدى بىلەن يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، كونىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش ئۆزگەرتىلدى ھەمدە يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش خادىملىرى تەربىيىلەندى. 13 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بالا تۇغدۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانا، ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى، بالا تۇغدۇرۇش پونكىتلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە بويىچە خىزمەت تەقسىم قىلىنىپ مەسئۇل بولۇش تورۇمى يولغا قويۇلدى. 1956-يىلى پۈتۈن يىلدا

1090 بالا تۇغدۇرۇلدى، 23 بالا كونىچە ئۇسۇل ئارقىلىق تۇغدۇرۇلدى. بۇ تۇغۇلغان ئومۇمىي سانىنىڭ 0.2% ىنى تەشكىل قىلدى.

1958-يىلى كونىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇشنى يوقىتىش كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇشنى يولغا قويۇش تەشۋىق قىلىندى. 4762 ئادەم تەربىيىگە ئىگە بولدى. ھەممە شىخاكەي مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىرىلەر بويىچە تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ بالا تۇغدۇرغۇچى خادىملارنى تەشكىللەپ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كەسپىي ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى. ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەر ئايدا بىر قېتىم كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئۆگىنىشكە قاتناشقۇچىلار 886 ئادەم قېتىمغا يەتتى. يەنە كۆپ قېتىم ھامىلدار ئاياللار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ جەمئىي 250 ئادەم قېتىم قاتناشتى. نورمالسىز ھامىلدار ئاياللارغا قارىتا بالا تۇغدۇرغۇچى خادىملار قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانلار 113 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، قاتما كېسىلى ۋە چىلىي قىزىتما كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىلدى. تەشۋىقات-تەربىيە ئارقىلىق شۇ يىلى 7-ئايدىن 9-ئايغىچە كونىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى، يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن شۇ يىلدىن باشلاپ يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش بويىچە مۇسابىقىلىشىش ۋە باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1959-يىلغا قەدەر 145 ئاكتىپ باھالاپ چىقىلدى.

1960-يىلى رايون ئىچىدىكى بەش ئايدىن ئاشقان ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش نىسبىتى 100% كە، يېڭى تۇغۇلغان بالىلارغا ئەملەنگەن كالمىت ۋاكسىنىسىنى سېلىش نىسبىتى 100% كە يەتكۈزۈلدى. 1961-يىلى تيانشان رايونى بويىچە 5761 بوۋاق تۇغۇلدى. يېڭىچە ئۇسۇل ئارقىلىق تۇغدۇرۇش نىسبىتى 99% كە يەتكۈزۈلدى. پۈتۈن رايوندىكى 5000 دىن ئارتۇق ھامىلدار ئايال ئىچىدە تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشنى قوبۇل قىلغانلار 7338 ئادەم قېتىمغا يەتتى. نورمالسىز ھامىلدار ئايالدىن 722 سى بايقالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋاقتىدا داۋالاندى ياكى باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەلدى. 1962-يىلغا قەدەر كونىچە ئۇسۇل ئارقىلىق بالا تۇغدۇرۇش ئاساسەن كونترول قىلىندى.

1963-يىلدىن 1980-يىلغىچە ئانا-بالىلار ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنى شەھەرلىك ئانا-بالىلار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى بىر تۇتاش باشقۇردى.

1981-يىلى تيانشان رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قارمىقىدا ئانا-بالىلار ساقلىقنى ساقلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1986-يىلى تيانشان رايونى سەككىز مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا بالىلاردا بولىدىغان راخىت، قان ئازلىق كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى باشلىدى. پۈتۈن رايوندىكى يەتتە ياشقىچە بولغان 18 مىڭ 671 بالا ئىچىدىن 13 مىڭ 294 بالا تەكشۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى 71% كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا شۇ دائىرىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئاياللار ۋە تۇغۇت بۆلۈمىدىن 31 دوختۇر، سېستىرا ئاجرىتىلىپ، ھەرقايسى قىزىل دوختۇرلار پونكىتلىرىدىن 22 خادىم ئاجرىتىلىپ، ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈچ مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈردى ۋە تۇغۇتتىن كېيىن تەكشۈرۈپ كۆزەتتى. 1260 ئايالنى تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈردى. 1020 ئايالنى تۇغۇتتىن كېيىن تەكشۈرۈپ كۆزەتتى. تەكشۈرۈپ كۆزىتىش نىسبىتى 80.6% كە يەتتى. يېڭىدىن تۇغۇلغان 1035 بوۋاق 7-كۈنى، 14-كۈنى، 28-كۈنى ۋە 42-كۈنى كۆزىتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ

سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. دائىرىدىكى ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ كارتوچكا تۇرغۇزۇلدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا يەتتە نەپەر بوۋاق كونىچە ئۇسۇل بويىچە تۇغدۇرۇلغانلىقى سېزىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى. ئانا-باللار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يېڭىدىن توي قىلغان 1051 ئاياللىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك كارتوچكا تۇرغۇزۇلدى.

1985-يىلى رايوندىكى نۆلدىن يەتتە ياشقىچە بولغان 12 مىڭ 423 بالىغا قارىتا پىلانلىق ئىممۇنت كارتوچكىسى تۇرغۇزۇلدى. كارتوچكا تۇرغۇزۇلۇش نىسبىتى 94.67% كە يەتكۈزۈلۈپ، پىلانلىق ئىممۇنت خىزمىتى مۇنتىزملاشتى. شۇ يىلى قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى ئەملەش نىسبىتى 83.52% كە، باللارنىڭ پالەچ كېسەللىككە ئىشلىتىلىدىغان شېكەر كۇمۇلچىنى تارقىتىش نىسبىتى 83.01% كە يەتكۈزۈلدى. ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنىسىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 77.24% كە، تۆت ۋاكسىنىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 50% گە يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن رايون بويىچە (قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بۇنىڭ سىرتىدا) نۆلدىن يەتتە ياشقىچە بولغان باللار ئوتتۇرىسىدىكى راخىت ۋە قان ئازلىق كېسىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. نۆلدىن ئۈچ ياشقىچە بولغان باللار ئارىسىدىكى راخىت كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك باللار 8462 نەپەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 7543 نەپىرى تەكشۈرۈلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 89.14%، كېسەل بولۇش نىسبىتى 29%، داۋالاش نىسبىتى 92.53% بولدى. نۆلدىن يەتتە ياشقىچە بولغان باللار ئارىسىدا قان ئازلىق كېسەللىكىنى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك باللار 17 مىڭ 917 نەپەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 15 مىڭ 170 نەپىرى تەكشۈرۈلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى 84.67%، كېسەل بولۇش نىسبىتى 38.77%، داۋالاش نىسبىتى 92.7% بولدى.

### 1985-يىلدىكى تيانشان رايونى بويىچە 0 دىن ئۈچ ياشقىچە بولغان باللاردىكى راخىت كېسەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-2-3-1

| مىللەتلەر | تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك سانى | ئەمەلىيەتتە تەكشۈرگەن سانى | ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى % | كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى % | داۋالاش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|
| خەنزۇ | 5103 | 4690 | 91.9 | 21.2 | 96.7 |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر | 3359 | 2853 | 84.9 | 32.9 | 90.45 |
| جەمئىي | 8462 | 7543 | | | |

### 1985-يىلدىكى تيانشان رايونى بويىچە 0 دىن ئۈچ ياشقىچە بولغان باللاردىكى قان ئازلىق كېسەللىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-2-3-2

| مىللەتلەر | تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك سانى | ئەمەلىيەتتە تەكشۈرگەن سانى | ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى % | كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى % | داۋالاش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|
| خەنزۇ | 12181 | 10628 | 87.25 | 28.8 | 91.4 |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر | 5736 | 4542 | 79.18 | 43.75 | 90.35 |
| جەمئىي | 17917 | 15170 | | | |

1986-يىلى تيانشان رايونى ئاياللار كېسەللىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. رايوندىكى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسى، 109 ئائىلىلەر كومىتېتى، 1034 ئورگان، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك توي قىلغان ئاياللار 34 مىڭ 800 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 28 مىڭ 675 ئايال تەكشۈرۈلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىسبىتى %82.39 بولدى. تۈرلۈك ئاياللار كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلار 10 مىڭ 189 نەپەر بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى %35.59 بولدى. تۈرلۈك ئاياللار كېسەللىدىن 13 مىڭ 543 ي تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، 1215 ي داۋالاندى. داۋالاش نىسبىتى %89.73 كە يەتكۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى جىنسىي يولى ياللۇغلىنىش كېسىلى 969، ئامچە قۇرتلۇق جىنسىي يولى ياللۇغى كېسىلى 916، زەمبۇرۇغلۇق جىنسىي يولى ياللۇغى كېسىلى 323، قىرلىق جىنسىي يولى ياللۇغى كېسىلى 357، بالىياتقۇ بويىنى شالۋەرمىش كېسىلى ° I تۈرىدىكىسى 4424، ° II تۈرىدىكىسى 1325، ° III تۈرىدىكىسى 335، بالىياتقۇ بويىنى ياللۇغلىنىش كېسىلى 2286، ماتكا ئۆسمىسى كېسىلى 411، داس بوشلۇقى ياللۇغلىنىش كېسىلى 216، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 12 نەپەر بولۇپ، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 100 مىڭدە %41.85 بولدى.

جىنسىي يولنى ھۆجەيرە ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشتە 28 مىڭ 442 ئادەمدىن ( I ) دەرىجىلىك مازوك، 220 ئادەمدىن ( II ) دەرىجىلىك مازوك، سەككىز ئادەمدىن ( III ) دەرىجىلىك مازوك، بەش ئادەمدىن ( IV ) دەرىجىلىك مازوك بايقالدى.

شۇ يىلى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ۋەزىپىدىكى كادىردىن 23 ي سەپلەپ بېرىلدى. ئۆلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا بىر خادىم سەپلەپ بېرىلگەندىن سىرت، باشقا مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىككىدىن خادىم سەپلەپ بېرىلىپ شەھەر، رايون، مەھەللىلەر ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تور مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ئەشكىلىي باشقۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، بالىلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى. 1987-يىلى تيانشان رايونى نۆلدىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلارغا كالىمىت ۋاكسىنىسى، بالىلارنىڭ پالەچ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى، كۆك يۆتەل بوغمىسى ۋاكسىنىسى ۋە قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى قاتارلىق تۆت خىل ۋاكسىنا ئوكۇلىنى سالدى. بۇ تۆت خىل ۋاكسىنىنىڭ قاپلاش نىسبىتى دۆلەت بەلگىلىگەن پىلانلىق ئىممۇنىت %85 بولۇش كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزۈلدى. يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى، بوغما كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى نۆل، قىزىل چىقىش نىسبىتى 100 مىڭدە %0.1، كۆك يۆتەلنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى 100 مىڭدە %0.4 بولۇپ، شەھەرنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

## 1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە بولغان تيانشان رايونىنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىت ئەھۋالى مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-2-3-3

| يىللار | 0 دىن يەتتە ياشقىچە بولغان بالىلار سانى | كالىبت ۋاكسىنىسى بىلەن ئەملەش نىسبىتى % | بالىلارنىڭ بالەچ كېسەللىكە ئىشلىتىلگەن شېكەر كومۇلىچى نىسبىتى % | كۆكيۆتەل ۋاكسىنىسىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى | قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى | تۆت خىل ۋاكسىنىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 11141 | 98.7 | 94.9 | 92.7 | 89.2 | 77.9 |
| 1987 | 9855 | 99.3 | 98.7 | 98.8 | 97.8 | 97.9 |

## ئىككىنچى، ئوقۇغۇچىلار ساقلىقىنى ساقلاش

1959-يىلى رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، 6-ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق يەتتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 1332 قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ھەيز كۆرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مەكتەپنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ھەيز كۆرۈش مەزگىلىدە تازىلىققا دىققەت قىلىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى ناچار ئىكەنلىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى قىز ئوقۇغۇچىلار ھەيز كەلگەنلىكىنى ئېيتماي، كەسكىن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ۋە ئەمگەكلەرگە قاتناشقانلىقتىن سالامەتلىكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقى بايقالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى مۇنداق: تيانشان رايونىدىكى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى ھەيز كۆرۈش ئوتتۇرىچە يېشى 14.7، دەۋرلىكى نورمالسىز بولغانلار تەكشۈرۈلگەنلەر سانىنىڭ 29.5% نى، قورسىقى ئاغرىغانلار 25.1% نى، ھەيز ئاغرىقىدىن ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزگەنلەر 11.2% نى تەشكىل قىلدى. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن رايونلۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەكتەپلەرگە ياردەملىشىپ قىز ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا فىزىئولوگىيىلىك تازىلىق ۋە ھەيز مەزگىلى تازىلىق ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتتى ھەمدە شارائىتى بار مەكتەپلەرگە ھەمكارلىشىپ ھەيز مەزگىلىدە يۇيۇنۇش ۋە ھەيز كۆرۈش كارتوچكىسى تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ دوختۇرخانىلىرى قىزلارنى دېزىنفېكسىيىلەنگەن ھەيز قەغىزى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1279 ئوقۇغۇچىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. ئىراخوما كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ نىسبىتى تەكشۈرۈلگەنلەر سانىنىڭ 38% نى تەشكىل قىلدى. قالقان بەز ئىششىقى يوغىناش ۋە يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكى نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 18.5% ۋە 13.8% نى تەشكىل قىلدى.

1961-يىلى رايوندىكى بەش ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 2095 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىغا قارىتا خۇن چېكىش كېسەللىكى تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ئېلىندى. تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلاردىن 69 ى بايقىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا يىگنە بىلەن بەلنى قامال قىلىش ۋە ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كۆپ ساندىكىلىرى داۋالاپ ساقايتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەكتەپلەر قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خۇن بوغۇلۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى تازىلىق ساۋاتلىرى، تەلىم-تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەردى.

ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1961-يىلدىن باشلاپ قىزىل گالستۇك دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئېغىز بوشلۇقى تازىلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، چىش چوتكىلاشنى تۈزىملىدى. رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى 1970-يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا كۆرۈش قۇۋۋىتى، چىش چىرىش كېسىلى، ئۇمۇرتقا ئېگىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكشۈرۈلدى. 1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە يەنە رايونغا قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 1-، 3-، 5-يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۈچەي پارازىت قۇرتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ھەمدە دورا ئارقىلىق قۇرۇت چۈشۈرۈپ داۋالاشتا جەمئىي 30043 ئۆسمۈرگە دورا ئىچكۈزۈپ، 6126 نەپەر بالىنىڭ ئۈچەي پارازىت قۇرۇتى چۈشۈرۈلدى. قۇرۇت چۈشۈرۈش نىسبىتى 22.2% گە يەتكۈزۈلدى.

1987-يىلى رايوندىكى 26 باشلانغۇچ مەكتەپتە ساقلىقنى ساقلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ،

ساقلىقنى ساقلاش ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 26 سى سەپلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەھىيە-ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

# 3-باب داۋالاش

## 1-پاراگراف جۇڭگوچە داۋالاش

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 13-يىلى (1887-يىلى) شىنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇاياڭ دېگەن يېرىدىن كەلگەن لى جيەنتاڭ ھازىرقى رايون تەۋەسى ئىچىدە (دىخۇادا) «نىڭدېتاڭ» جۇڭگو تىبابەتچىلىك دورا دۇكىنى ئېچىپ، خەلق ئىچىدىكى دوختۇرلارنى كېسەل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 18-يىلىدىن (1892-يىلى) كېيىن دېشېڭتاڭ، يۈەنشۇشىدىن ئىبارەت جۇڭگوچە داۋالاش دورا دۇكانلىرى كەينى-كەينىدىن ئېچىلدى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30-يىلى (1941-يىلى) جۇڭگوچە داۋالاش دورا دۇكانلىرى 20 نەچچىگە يەتتى، مەسىلەن، نىڭدېتاڭ، دىشىڭتاڭ، يۈەنتەيتاڭ، يۇڭشېڭتاڭ، رۈيخېتاڭ، لىدېتاڭ، يىخېتاڭ، دېجۇتاڭ، باۋشەنتاڭ، رېنشۇتاڭ، ۋەنشېڭتاڭ، فۇلىنتاڭ، تيەنچېڭخې، جىۋيىيۇ، يىشۇتاڭ، يۈەنشۈنشى، مىڭدېتاڭ، شىدېتاڭ، شىڭلىنچۈن قاتارلىقلار. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرى ئارقا-ئارقىدىن دىخۇاغا كەلدى. بەزىلىرى كوچا-كوچىلاردا يۈرۈپ دورا سېتىپ، بەزىلىرى ۋىۋىسكا ئېسىپ دوختۇرلۇق قىلدى، بەزىلىرى جۇڭگوچە داۋالاش دورا دۇكانلىرىدا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆردى. شۇ چاغدا دوختۇرخانا ئېچىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە، جۇڭگوچە داۋالاش ئىچكى كېسەل بۆلۈمى، ئاندىن قالسا تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى كۆپ ئىدى. باشقا مەخسۇس بۆلۈملەردىن سۆڭەك بۆلۈمى، بالىلار كېسەللىكى بۆلۈمى، يىڭنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى قاتارلىقلار ئاز ئىدى. شۇ يىلى 9-ئايدا دىخۇا تىببىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. كېيىن شىنجاڭ جۇڭگوچە داۋالاش ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. بىرلەشمە يەككە جۇڭگوچە داۋالاش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنى جۇڭگوچە داۋالاشنى ئۆگىنىشكە، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا، ئامبۇلاتورىيەلەرنى ئېچىشقا تەشكىللىدى.

1949-يىلى ھازىرقى رايون تەۋەسى ئىچىدىكى خۇسۇسىي جۇڭگوچە داۋالاش دورا دۇكانلىرىدىن 34ى، جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرىدىن 95 ى بار ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جۇڭگوچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە دوختۇرلارغا قارىتا ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تىزىملاش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم يەككە ئامبۇلاتورىيە ئاچقان جۇڭگوچە داۋالاش ئورۇنلىرىنى شەھەرلىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى داۋالاش ئورۇنلىرىغا تولۇقلاپ قوشتى. بىر قىسىم لاياقەتلىك بولغان جۇڭگوچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دوختۇرلارغا دوختۇرلۇق قىلىش ئىجازەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. كېيىن «ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرلىشىش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت يېتەكلەش» فاڭجېنىغا ئاساسەن بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيەلەر قۇرۇلدى. 1952-يىلدىن 1956-يىلغىچە رايون ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق بەش جۇڭگوچە داۋالاش بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى.

شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1952-يىلى 11-ئاينىڭ 11-كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى داشىزىنىڭ شىمالىي كوچىسىدا ئىدى. ئامبۇلاتورىيىدە ئىچكى، تاشقى كېسەللىك-

لەر بۆلۈمى، بالىلار كېسەللىكلەر بۆلۈمى ۋە يېڭىنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 2-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1954-يىلى قۇرۇلدى. ئۇ ئىككى ئورۇندا ئىدى. بىرسىنىڭ ئورنى جەنۇبىي كوچىدىكى يۇڭشىتاڭ دورا دۇكىنىنىڭ ئىچىدە، بىرسى نەنگۇەندىكى سەيشىگ-لوزىدا ئىدى. 1956-يىلى ئىككى ئورۇندىكىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئازادلىق يولى 532-قورۇغا كۆچۈرۈلدى. ئۇنىڭدا ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەلى بۆلۈمى، يېڭىنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئامبۇلاتورىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ خەييالىڭ ئاياللار مۇرەككەپ كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ماھىر ئىدى. شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 4-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1954-يىلى 9-ئايدا قۇرۇلدى. ئورنى رېنرېنتاڭ دورا دۇكىنىدا بولۇپ (ھازىرقى جۇڭشەن يولىدىكى شىنجۇڭ تىياتىرخانىسى ئەتراپىدا)، ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەلى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 5-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1955-يىلى 2-ئايدا قۇرۇلدى. ئورنى يېڭى دېموكراتىيە يولى دوقمۇشىدا بولۇپ، ئىچكى تاشقى، ئاياللار كېسەللىكى بۆلۈمى، يېڭىنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 7-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1956-يىلى قۇرۇلدى. ئورنى سەنشىخاڭزى كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، ئامبۇلاتورىيە جۇڭگوچە داۋالاش بويىچە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنى ئاساس قىلدى.

1959-يىلدىن 1960-يىلغىچە تيانشان رايونىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جۇڭگوچە داۋالاش بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىدىن تۆتى قۇرۇلدى. تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىنى تۆت نەپەر جۇڭگوچە داۋالاش يەككە دوختۇرلىرى ئۆزلىرى مەبلەغ تەييارلاپ 1959-يىلى 1-ئايدا قۇرغان بولۇپ، سەككىز خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنى مەمۇرىي جەھەتتىن شىمىن مەھەللە ئىش باشقارمىسى باشقۇردى. كەسپىي جەھەتتە رايونلۇق سەھىيە بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلدى. 1960-يىلى 1-ئايدا رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق رايونلۇق سەھىيە بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈلدى.

رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش 2-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى (بۇرۇن دۇڭمېن جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى دەپ ئاتىلاتتى) 1959-يىلى 1-ئايدا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 4-ئايدا «تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش 2-ئامبۇلاتورىيىسى»گە ئۆزگەرتىلدى. ئۇن خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1972-يىلى جۇڭگوچە داۋالاش 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش 3-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى 1960-يىلى 5-ئايدا قۇرۇلدى. خىزمەت-چى خادىملىرى بەشكە يەتتى. كېيىن جۇڭگوچە داۋالاش 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش 4-ئامبۇلاتورىيىسى 1960-يىلى 10-ئايدا قۇرۇلۇپ، 1970-يىلى 10-ئايدا جۇڭگوچە داۋالاش 2-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگوچە داۋالاش 2-، 3-، 4-بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىلىرى جۇڭگوچە داۋالاش 1-بىرلەشمە ئامبۇلاتور-يىسىگە قوشۇۋېتىلدى ھەمدە تيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. تيانشان رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى ئورۇن. ئورنى دېموكراتىيە يولى 41-قو-رۇدا بولۇپ، قۇرۇلغان ۋاقىتتا ئامبۇلاتورىيىدە جۇڭگوچە داۋالاش ۋە يېڭىنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغانىدى. 27 خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرىدىن ئۈچ، جۇڭگوچە داۋالاش دورىلىرىنى تەييارلايدىغانلار 10 نەپەر، 1983-يىلى ئىككى دوختۇرغا جۇڭيى پراۋىزورى، بەش دوختۇرغا جۇڭيى فورماتسېيى ئۇنۋانى بېرىلدى. 1987-يىلى ئامبۇلاتورىيىدىكى خىزمەت-چىلەر 14 كە، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 12 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگوچە داۋالاش، ئۇۋۇلاپ

داۋالاش ۋىراچى بىردىن، دوختۇر، دورىخانا دوختۇرى 10 نەپەر، فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمى، چىش بۆلۈمى، ياۋروپاچە داۋالاش بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكى بۆلۈمى، يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىكى بۆلۈمى ۋە غەربچە داۋالاش دورىخانىسى يېڭىدىن كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1981-يىلى 4-ئايدا بۇرۇنقى شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش 1-، 2-ئامبۇلاتورىيىسى ئاساسىدا، شەھەرلىك ئەنىمىن جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. ئىشچى-خىزمەتچىسى 96 گە يەتتى. 1983-يىلدىن 1985-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شياۋشىزى ۋە جەنۇبىي ئازادلىق يولىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلىنىپ، داۋالاش بىناسىدىن ئىككىسى سېلىندى. بۇ دوختۇرخانىدا ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكى بۆلۈمى، باللار كېسەللىكى بۆلۈمى، ئۆچەي كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، جۇڭگوچە داۋالاش بىلەن ياۋروپاچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن بۆلۈم، يىڭنە سانچىپ داۋالاش بۆلۈمى، گۇمپا بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، ئائىلە كارىۋىتى بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر ۋە دورىگەرلىك، لابىراتورىيە، رېنتگىن قاتارلىق تېخنىكىلىق داۋالاش بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يەل گۇمپىسى بىلەن داۋالاش شەھەردىكى بىردىنبىر داۋالاش بۆلۈمى بولۇپ، بۇ دوختۇرخانا تەيچىچۈەن، يەل گۇمپىسى، 18 شەكىللىك ماھارەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بەل ئاغرىش، رېماتىزىم، قان بېسىم يۇقىرى بولۇش ۋە تاجىسمان يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. جىم نۇرۇش گۇمپىسى ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمىنى 96% كە يەتكۈزدى. دوختۇرخانا ئۆزى ياسىغان زەھەرسىزلەندۈرۈش دورىسىنىڭ دىسلەپكى مەزگىللىك ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىك سۈت بېزى ياللۇغىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈنۈمى 90% تىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭدىن سىرت بۇ دوختۇرخانىنىڭ سۆڭەك ئۇقمىسى بۆلۈمى، تاشقى بوۋاسىرنى كېسىش، ئىچكى جەھەتتىن يىڭنە سانچىش، تاشقى جەھەتتىن كېسىش ۋە ئىچكى بوۋاسىرغا ئوكۇل سېلىپ داۋالاش ئاساسىدا جۇڭگوچە داۋالاشنى بىلەن غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ بىمارلارنى نەچچە كۈندىلا ساقايتتى. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا قان چىقمايدۇ، ئازاب ئاز، بىخەتەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 95% دىن يۇقىرى بولۇپ شەھەر ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدە داڭ چىقاردى. بۇ دوختۇرخانىدا داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىدىن مىكرو دولقۇنلۇق توك بىلەن داۋالاش ماشىنىسى، ئۇلترا قىزىل نۇر بىلەن داۋالاش ئاپپاراتى، يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق دىئاگراممىما قىلىش ئاپپاراتى، مىكروسكوپ، 200 مىللىمېتىرلىق رېنتگىن، نۇرلۇق ئېلېكتىر بىلەن رەڭ سېلىشتۇرۇش ئەسۋابى قاتارلىقلار بار

1987-يىلى پۈتۈن دوختۇرخانىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 117 گە، كارىۋات 130 غا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر ئايدا 15 ئائىلە كېسەللىكلىرى كارىۋىتى ئاچتى.

كېسەللەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن رايون ئىچىدىكى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك 4-خەلق دوختۇرخانىسى، بىڭتۇەن دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئۈنىۋېرسال دوختۇرخانىلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى. شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭگو تىبابىتى بۆلۈمى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم سەكتە كېسىلى بويىچە تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك 1-ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمى 1985-يىلى قولاقنى بېسىم ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆت تېشى كېسىلى، ئۆت خالتا ياللۇغى كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈنۈم نىسبىتىنى 96.9% كە يەتكۈزدى. شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى جۇڭگوچە داۋالاش دورىسى «تاش پارچىلاش دورىسى» ۋە ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان دورا ئارقىلىق ئاسنا خاراكتېرلىك روھىي كېسەلدىن 39 نى داۋالاپ

31 ئادەمنى ساقايتتى.

رايون ئىچىدىكى ھەرقايسى جۇڭگوچە داۋالاش ئاپپاراتلىرى جۇڭگوچە داۋالاش نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشقا بىرقەدەر ئەھمىيەت بەردى. مەسىلەن: «قاننى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ، قان كېسىلى، بۆرەك كېسىلى، مېڭە قان تومۇرلىرى كېسىلى، ئاياللار كېسىلى ۋە تاشقى كېسەللەرنى داۋالىدى. «پايدىلىق يەل ئارقىلىق تالنى ياخشىلاش ئۇسۇلى»نى قوللىنىپ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىرىنى داۋالىدى. يىڭنە سانچىش، يەل كۆمپىسى، ئۇۋۇلاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تىببىي داۋالاشقا تەدبىقلاپ خېلى ياخشى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

رايون ئىچىدىكى جۇڭگوچە داۋالاش ساھەسىدە يەنە كۆپلىگەن داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى، كېسەللەر ئىشىنىدىغان داڭلىق پېشقەدەم جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرى مەركەزلەشكەن. مەسىلەن، لىيۇ جىۋۇ ياشانغانلار كېسىلىنى داۋالاشقا ماھىر بولۇپ، «لىيۇ جىۋۇنىڭ داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابى بار. ئۇ قالدۇرغان «ئۆسمە مەلھىمى» دورىسى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. چېن خاۋرېن قىزىتمىلىق كېسەللەر ۋە ئىششىق كېسەللىرىنى داۋالاشقا ماھىر بولۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «چېن خاۋرېن مۆتىدىل كېسەللىكلىرىنى داۋالاش رېتسىپى نەزمىسى»، «كىلىنكىلىق مۇرەككەپ كېسەللەرنى داۋالاش خۇلاسىسى»، «مۇرەككەپ كېسەللەر توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى. جياڭ شيەندا سەكتە، يارتا پالەچ كېسىلىنى داۋالاشقا ماھىر، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «جياڭ شيەندانىڭ داۋالاش ئارخىپى توپلىمى»، «سىلىنسىيلىق ئۆپكە كېسىلىنى جۇڭگوچە داۋالاش توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەن شيۇەن سۆڭەك ئاجراش كېسىلىنى، شۇ زېڭشۇ ئىچكى رەخىلىنىش، زەمپىلىشىش قاتارلىق مۇرەككەپ كېسەللەرنى، لىيۇ فېڭشيەن باللار كېسەللىرىنى داۋالاپ ئاما ئارىسىدا مۇئەييەن يۈز ئابرويغا ئىگە بولدى.

## 2-پاراگراف غەربچە داۋالاش

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 7-يىلى (1881-يىلى) غەربچە داۋالاش شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغان. روسىيىنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا غەربچە داۋالاش دوختۇرخانىسى تەسىس قىلىنغان. لېكىن جۇڭگولۇقلارنى داۋالىمايتتى. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1-يىلى (1911-يىلى) ئەنگلىيىلىك خۇنتېر، روسىيىلىك بىداسوف كەينى-كەينىدىن ھازىرقى رايون ئىچىدە غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنى ئاچقان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21-يىلى (1932-يىلى) جىن شۇرېن ياردار ئەسكەرلەرنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن بىداسوفنىڭ غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسىنى ۋە چەت ئەل دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ دوختۇرخانىسىنىڭ غەربچە داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ دوختۇرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، تاۋمۇستاڭ (ھازىرقى 1-خەلق دوختۇرخانا)دا ياردار ئەسكەرلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە ئاددىيغىنە دوختۇرخانا قۇرغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىكى دوختۇرلارنى ياردار ئەسكەرلەرنى داۋالاش دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ، داۋالاش كۈچىنى تولۇقلىدى. ياردار ئەسكەرلەرنى داۋالاش دوختۇرخانىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتتى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) 7-ئايدا ئۆلكىلىك دوختۇرخانا ئاساسىدا دىخۇا شەھەرلىك 1-دوختۇرخانا قۇرۇلدى. جوڭخۇا مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى) بۇلاق بېشى كوچىسىدا دىخۇا شەھەرلىك 2-دوختۇرخانا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 12-ئايدا يەنە دىخۇا شەھەرلىك 1-دوختۇرخانا بىلەن 2-دوختۇرخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ دىخۇا شەھەرلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىلدى، جوڭخۇا مىنگونىڭ 25-يىلى (1936-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. جوڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) بۇ دوختۇرخانىدىكى كېسەللەر كارىۋىتى 150 كە يەتكۈزۈلدى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) شىنجاڭ دىخۇا دوختۇرخانىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1-دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

جوڭخۇا مىنگونىڭ 37-يىلى (1948-يىلى) نەنجىڭدە قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنغان دىخۇا شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانا، 1949-يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ دىخۇا شەھىرىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى. (ھازىرقى غالىبىيەت يولىدا) شۇ يىلى 12-ئايدا كېسەل كۆرۈش باشلاندى. دوختۇرخانىدا ئىچكى، تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى، باللار كېسىلى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 21 خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 1950-يىلى خەلق ھۆكۈمىتى بېيىمىندىكى ئۆلكىلىك 1-دوختۇرخانىنى ئۆلكىلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتتى. بۇلاق بېشى كوچىسىدىكى ئۆلكىلىك 2-دوختۇرخانىنى ئۆلكىلىك 2-خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتتى. غالىبىيەت يولىدىكى دىخۇا مەركىزىي دوختۇرخانىنى ئۆلكىلىك 3-خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدا 165 كېسەل كارىۋىتى، 65 نەپەر سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار ئىدى.

1963-يىلى شەھەرلىك 2-ئامبۇلاتورىيە تيانشان رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، تيانشان رايونلۇق ئامبۇلاتورىيىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ رايونغا قاراشلىق تۇنجى غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، باللار كېسەللىكى بۆلۈمى، ئۇۋۇلاپ داۋالاش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، 19 خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر يەتتە نەپەر، سېستىرا تۆت نەپەر، دورىگەر ئۈچ نەپەر. 1977-يىلى سەككىز خادىمغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلدى. 1987-يىلى سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 20 گە يەتتى. جوڭگوچە داۋالاش بۆلۈمى، يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق ئۆلچەش، يۈرەك يۆلىنىشىنى ئۆلچەش، مېڭىنى توك ئارقىلىق دىئاگرامما قىلىش، بىئوخىمىيىلىك ئۇسۇلدا داۋالاش قاتارلىق يېڭى تۈرلەر كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

1987-يىلى تيانشان رايونىدىكى غەربچە داۋالاش ئۇنىۋېرسال مەخسۇس كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئاپپاراتى 17 گە، خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى غەربچە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى 23 كە، كېسەل كارىۋىتى 3843 كە يەتتى.

### بىرىنچى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە داۋالاش ئورۇنلىرى ۋە داۋالاش تېخنىكا خادىملىرىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن رايوندىكى ئۈچ دوختۇرخانا پەقەت چوڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەسىس قىلدى. داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە داۋالاش خادىملىرىنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈش ۋە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش سەۋىيىسى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تەدرىجىي ھالدا بۆلۈملەرگە بۆلۈندى.

شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى 50-يىللاردا يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق دىئاگرامما قىلاتتى. 1979-يىلىدىن كېيىن يۈرەك يۆلىنىشىنى ئۆلچەش، يۈرەك تەۋرىنىشىنىڭ ئېلېكترلىق رەسىمى، يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى بەدەن سىرتىدىن تەكشۈرۈش، يۈرەكنىڭ ئىترىشىنى توك

بىلەن تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلەرنى تەكشۈرەلەيدىغان بولدى. 1980-يىلدىن كېيىن يۈرەكنىڭ ئىقتىدارىنى تەكشۈردى. يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق دىئاگرامما قىلدى. يۈرەكنىڭ ئىچكى قىسمىنى توك بىلەن تەكشۈردى. يەنە كېسەللەرگە ۋاقىتلىق يۈرەك ھەرىكىتىنى قوزغاتقۇچنى ۋە يوشۇرۇن مەڭگۈلۈك يۈرەك ھەرىكىتىنى قوزغاتقۇچنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ھەرقايسى مەخسۇس كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە داۋالاش سەۋىيىسى رايون ئىچىدىكى باشقا دوختۇرخانىلاردىن ئۈستۈن تۇردى. 1987-يىلى يۈرەك قان تومۇرى، نېرۋا، ھەزىم قىلىش، نەپەس، ئىچكى ئاجراتمىلار، قان بۆلۈمى قاتارلىق كۆپ خىل بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە يۈرەك قان تومۇرى ۋە نېرۋا ئىچكى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى.

## ئىككىنچى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ بۆلۈم ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمىگە ئوخشاش چوڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى دەپ ئاتىلاتتى. بۆلۈم ئىشخانىلىرى ئېنىق ئايرىلمىغانىدى. لېكىن 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە تەرەققىياتى تېز بولدى. ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، كۆكرەك كېسەللىكلىرى تاشقى بۆلۈمى، سۈيدۈك يولى بۆلۈمى، ئۆسمە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، سۆڭەك بۆلۈمى، كۆيۈك بۆلۈمى، نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قاتارلىق كۆپ خىل مەخسۇس بۆلۈملەر بارلىققا كەلدى. ئىلگىرى پەقەت سوقۇر ئۈچەي، چوقۇق ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلارنىلا قىلالايتتى. 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە جىگەر، ئۆت، يۈرەك، ئۆپكە، تال، ئاشقازان ئاستى بېزى، دوۋسۇن ۋە بلش، مېڭە ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك، قىيىن ئوپېراتسىيەلەرنى قىلالايدىغان بولدى.

شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسىدىكى ۋاڭ جىشۇ، ۋاڭ ۋېنجى قاتارلىق دوختۇرلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، 50-يىللاردا تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسىدىن 101 نى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشقازاننى كېسىپ ئېلىۋېتىش، بۆرەكنى ئېلىۋېتىش، قىزىل ئۆڭگەچنىڭ يۇقىرىقى راك قىسمىنى ئېلىۋېتىش، يۈرەك قېپىنى ئېلىۋېتىش، ئۆپكە قاننى ۋە ئۆپكىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىش، سۈيدۈك يولى بېزىنى ئېلىۋېتىش جەھەتتىكى ئوپېراتسىيە سەۋىيىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بۇ دوختۇرخانا 70-يىللاردىن 80-يىللارغىچە ئېلىپ بارغان يېرىم ئۆگلەرنى كۆچۈرۈش ۋە دوۋسۇننى قايتا سېلىش ئوپېراتسىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى شۇ مىڭجيەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك كېسەللىكلىرى — جىگەر قاپلىق قۇرتى كېسىلىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە تۆھپە قوشتى ھەمدە «جىگەر قاپلىق قۇرتى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، بۇ كېسەلنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى تەپسىلىي بايان قىلدى. بۇ كىتاب ناھايىتى قىممەتلىك مەخسۇس ئەسەر دەپ قارالدى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دوختۇرخانىسى 1985-يىلى يېڭى ئوپېراتسىيىدىن 20 نى ئېلىپ باردى. بۇ دوختۇرخانىدىكى نېرۋا كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋراچى ماجيۇ سەھىيە مىنىستىرلىكى 1985-يىلى ئۇيۇشتۇرغان نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاتنىشىپ، سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

رايوندىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلارنىڭ سۆڭەك بۆلۈملىرى پۇت-قولدىكى جاراھەتلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا سۇنغان قولنى قايتا ئۇلاش، ئۆگلەرنى ئالماشتۇرۇش، ئومۇرتقىنىڭ ئېگىلىشىنى تۈزەش، كۆكرەك قىسمىنىڭ غەيرىي تەبىئىي بولۇشىنى تۈزەش، سۆڭنى

سۆڭەككە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئوپېراتسىيىنى ئىشلەش سەۋىيىسىگە يەتتى.

شىنجاڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى 1985-يىلى 9-ئايدا ئومۇرتقا تەتقىق قىلىش ئورنىنى قۇرۇپ، ئومۇرتقىنىڭ ئېگىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. بۇ دوختۇرخانىدىكى سۆڭەك بۆلۈمىنىڭ كاندىدات مۇدىر ۋراچى تيەن خۇيجۇڭ «بىرىنچى قېتىملىق داۋالاش مەزگىلىدە ئومۇرتقىلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆڭەكنى قىرىش» ، «2-قېتىملىق داۋالاش مەزگىلىدە ئومۇرتقىلارنى چېقىپ ئېگىش ئارقىلىق تۈزەش» ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، ئومۇرتقىسى ئېغىر دەرىجىدە ئېگىلگەنلىكتىن مۈكچىيىپ قالغان 111 بىمارنىڭ ئومۇرتقىسىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كېلىنكىلىق ئەمەلىيەت بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەنئەنىۋى «خاشباڭنىڭ تۈزەش ئۇسۇلى»دىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، ئېگىلىش دەرىجىسى ئازىيىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پېرىمدىن يۇقىرى بىمارلارنىڭ بويىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى سەككىز سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەكىل تۈزەش مۇتەخەسسىسلىرى بۇ «ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولۇشتىن سىرت، تۇنجى كەشپىيات بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارىدى.

## ئۈچىنچى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇا شەھىرىدە ئۆلكىلىك دوختۇرخانىدىلا ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنى تەسىس قىلغانىدى. بۇ بۆلۈمدە بالا تۇغدۇرۇشتىن سىرت، پەقەت سۈمۈرتۈش ۋە ئاكۇشېرلىق قىسقۇچ ئارقىلىق تۇغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنىلا قىلالايتتى. بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلدار بولۇش ئوپېراتسىيىسىنىمۇ تاشقى كېسەللىك بۆلۈمى قىلاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى داۋالاش جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. 1957-يىلى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرىدىن جېڭ شۇفاڭ قاتارلىقلار تۇخۇمدان خالتىلىق ئىششىقىنى ئېلىۋېتىش، جىنسىي يولىنى ئېتىش، ماتكا ئېلىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى قىلىشقا باشلىدى. 1980-يىلىدىن كېيىن، خەتەرلىك تۇغۇتلاردىكى ساقلىقنى ساقلاش تورى كۆپەيتىلىپ، خەتەرلىك كېسەللىكلەر ئامبۇلاتورىيىسى ۋە خەتەرلىك كېسەللەرنى داۋالاش بالنىسى قۇرۇلۇپ، ھامىلدارلىق رەسمىي، تۇغۇت جەريانى رەسمىي بويىچە نازارەت قىلىش قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلدى. 1987-يىلىغا قەدەر، رايوندىكى دوختۇرخانىلاردىكى ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرىنىڭ تۈۋتلىق پەردە راكى، يامان خاراكتېرلىك ئۈزۈمسىمان تۆرەلمە راكى، بالىياتقۇ بويىنى راكى ۋە تۇخۇمدان راكىنى داۋالاش سەۋىيىسى، پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى، بالدۇر تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش نىسبىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

## تۆتىنچى، بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى

1951-يىلى ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا بالىلار كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېسەل كارىۋىتىدىن 10 ى بار ئىدى. كېيىن تيانشان رايونىدىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى.

شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى يۇقۇملىنىش خاراكتېرىدىكى جىمىپ قېلىش، يۈرەك، بۆرەك، نەپەس زەئىپلىشىش قاتارلىق بالىلار كېسىلىنى جىددىي داۋالاپ قۇتقۇزۇش، ئۆپكە ياللۇغىنى ئولترا ئاۋازلىق ھوردا نەپەسلەندۈرۈپ داۋالاش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئۆت سارغىيىشىنى كۆك نۇرلۇق چىراغ بىلەن داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردە شەھەر بويىچە مۇئەييەن ئابرويغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى سىل خاراكتېرىدىكى مېڭە

پەردە ياللۇغى كېسىلىنى ھورمون دورىسى بىلەن داۋالاشنى كېلىنىكىلىق تۈزىتىش ۋە تەتقىقاتىغا ئاساسەن، ئىشلىتىلگەن مىقدارى ئوخشاش بولمىغاندا كېلىنىكىلىق ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ ئوقۇتۇش قوللانمىسىدا يېزىلغان دائىم ئىشلىتىلىدىغان مىقدارنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1987-يىلى 7-ئايدا مەملىكەتلىك باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى يىغىنىدا باللار بۆلۈمىنى ياخشىلاش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1981-يىلى بۇ دوختۇرخانا ئۈرۈمچى رايونىدىكى 1355 بالىغا قارىتا يەلتاشما كېسىلىگە قارشى تۇرغۇچى ئانتېتىلا ۋە ھۇجەيرە ۋىرۇسى كومپلېمېنت بىرلەشتۈرۈلگەن ئانتېتىلا بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملاپ، مەملىكەت بويىچە ھۇجەيرە ۋىرۇسى يۇقۇملىنىش قاتارلىقلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىنى تۇنجى بولۇپ ئىگىلىدى. 1985-يىلى بۇ خىل يۇقۇملىنىش كلىنىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى باشلىدى.

**بەشىنچى، روھىي كېسەللىكلىرى بۆلۈمى**

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27-يىلى (1938-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك روھىي كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. بۇ دوختۇرخانا پەقەت روھىي كېسەللەرنىلا قوبۇل قىلدى. كېسەل كارىۋىتىدىن 50 ى بار ئىدى، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1954-يىلى شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى، شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى 1952-يىلى قۇرۇلغان روھىي كېسەللەرنى يىغىۋېلىش ئورنىنى تاپشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شەھەرلىك روھىي كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئۆزگەرتتى. كېسەللەرگە قاراش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇشتىن تەدرىجىي كلىنىكىلىق داۋالاشقا يۈزلەندى. 1955-يىلى بۇ دوختۇرخانا شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، دوختۇرخانىدا روھىي كېسەللىكلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، كېسەل كارىۋىتى 30 غا يەتتى. 1956-يىلى شور بۇلاقتا مۇستەقىل دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ، 1957-يىلى تولۇق پۈتتى، 1977-يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كېسەل كارىۋىتى 324 كە، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 231 گە يەتتى. بۇ دوختۇرخانا پۈتۈن شىنجاڭدىكى روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى داۋالاش فاكۇلتېتىنىڭ روھىي كېسەللەر ئىلمى بويىچە ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان، بۇ دوختۇرخانىدىكى داۋالاش خادىملىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يۈز پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر پۇجىنيەن زاۋۇت بىلەن ھەمكارلىشىپ، لىتىي كاربوناتنى كلىنىكىدا ئىشلەتتى ھەمدە بۇ دورا مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلىپ، جامائەت تەرىپىدىن سەپرا كېسىلىنى داۋالاشتىكى كۆڭۈلدىكىدەك دورا دەپ ئېتىراپ قىلىندى. «روھىي كېسەللەرنى داۋالاش ئىلمى» دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ ئەسىرى بار.

**ئالتىنچى، تۇبېركۇليۇز كېسىلى بۆلۈمى**

1949-يىلى ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە تۇبېركۇليۇز كېسىلى كارىۋىتىدىن 20 سى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 1958-يىلى يەنئەن يولىدا شەھەرلىك تۇبېركۇليۇز كېسىلى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. 1959-يىلىدىن باشلاپ، تۇبېركۇليۇزدىن كېلىپ چىققان ئۆپكە تېشىلىش ۋە قانلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈپ داۋالىدى. تۇبېركۇليۇزدىن كېلىپ چىققان ئۆپكە تېشىلىشنى بۇرۇن نەيچىسى، نەپەس يولى ئارقىلىق دورا تېمىتىش ۋە قۇيۇش ئارقىلىق داۋالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىمىيىلىك دورا بىلەن داۋالاش ۋە كالمېت ۋاكسىنىسى بىلەن ئەملەش كەڭ قوللىنىلىپ، تۇبېركۇليۇز كېسىلى ئۈنۈملۈك داۋالاندى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ئېلىندى. كېسەل بولۇش نىسبىتى روشەن تۆۋەنلىدى. 1960-يىلى تۇبېركۇليۇز كېسىلىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 3% تىن 6% كىچە بولدى. ئايرىم ساھەلەردە 10% دىن يۇقىرى بولدى. 1980-يىلى شىنجاڭ تۇبېركۇليۇز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۇبېركۇ-

يۇز كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. 1984-يىلى شەھەرلىك تۇبېركۇليوز كېسەلى دوختۇرخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليوز كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئورنى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق تۇبېركۇليوز كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەمچە يىل ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئارقىلىق 1985-يىلى كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.5% ئەتراپىغا تۆۋەنلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كالمېت ۋاكسىنىسى بىلەن ئەملەش نىسبىتى ۋە ئەملەش سۈپىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. 1987-يىلى بۇ ئورۇندا ئىشلەيدىغان سەھىيە تېخنىكا خادىملار 196 غا، كېسەل كارىۋىتى 218 گە يەتتى.

**يەتتىنچى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەلى بۆلۈمى**

ئازادلىقتىن بۇرۇن دىخۇا شەھىرىدە پەقەت يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ چىش سېلىش ئورنى بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ چىش سېلىش ئورۇنلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرلەشمە چىش سېلىش ئورنى قىلىندى. 1962-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرلەشمە چىش سېلىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963-يىلى تيانشان رايونلۇق مىللىي چىش سېلىش ئورنى قۇرۇلدى. ئۇ 1964-يىلى تيانشان رايونلۇق مىللىي بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1973-يىلى شەھەرلىك چىش سېلىش ئورنى ئاساسىدا شەھەرلىك چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئورنى قۇرۇلدى. 1985-يىلى كېڭەيتىلىپ ئېغىز بوشلۇقى كېسەلى دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئادەتتىكى چىش كېسەلىنى داۋالاش، سۈنئىي چىش سېلىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ھەر خىل چىش ئەتراپى كېسەللىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ۋە غەلىتە چىشلارنى تۈزەپ داۋالايدىغان بولدى. شەھەرلىك ئېغىز بوشلۇقى كېسەلى دوختۇرخانىسى ئېغىز بوشلۇقىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش بىلەن بىرگە، يەنە جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، چىش كېسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، رايوندىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئېغىز بوشلۇقى كېسەلى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆرلۈك بۆلۈملەردىن سىرت، رايوندا تۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكلەرنىمۇ داۋالىدى. بولۇپمۇ، ئاپتونوم رايونلۇق تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ جىنسىي كېسەل ۋە بالا تەمرەتكىسىنى داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى ئاق كېسەلنى داۋالاپ داڭ چىقاردى. 1980-يىلدىن كېيىن باشقا دوختۇرخانىلارنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈملىرى تولۇقلىنىش، لازېر نۇرى ئارقىلىق داۋالاش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، نېرۋا خاراكتېرلىك تېرە ياللۇغى ۋە تەڭگە تەمرەتكىسىنى داۋالاشتا خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

## 3-پاراگراف ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، جۇڭگوچە-غەربچە داۋالاش دىخۇاغا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى كېسەللەرنى داۋالاشتىكى ئاساسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئىدى. تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە بەزى ئۆسۈملۈك، تۇز، ئارشاڭ، قايماق سۈرۈش، قۇمغا كۆمۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، سوغۇقتىن كېلىپ چىققان بوغۇم ئاغرىقىنىڭ ئازابىدىن خالىي قىلغىلى، قان ئېلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىق ئۆتۈش كېسەلىنى

ئازايتقلى، قولاقنىڭ كەينىدىكى كۆك تومۇرنى تېشىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئات مىنىشتىن كېلىپ چىققان بوغۇم ئاغرىقىنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىش ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرى شۇ ئورۇندا يايما نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، دورا سېتىپ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغا قەدەر، راخمانىنىڭ دورا دۇكىنى دىخۇادىكى بىردىنبىر ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى دورا دۇكىنى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەھمىيەت بېرىشى ئاستىدا، 1956-يىلى يەككە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەڭلىك، روزا موللا، سەمەت، بايقارى قاتارلىق تۆت كىشى بىرلىشىپ، شەھەرلىك بىرىنچى مىللىي بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيەسىنى قۇردى، ئۇنىڭدا ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، سۆڭەك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1963-يىلى تيانشان رايونىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، تيانشان رايونلۇق مىللىي بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيەسىگە ئۆزگەرتىلدى. كەسپى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، تېخنىكا سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، 1976-يىلى تەستىقلاش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي دوختۇرخانا قىلىپ قۇرۇلدى. 1979-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ شىپاخانا شەھەردىكى بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەتلەر دوختۇرخانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1982-يىلى بۇ دوختۇرخانا يەنئەن يولغا كۆچۈرۈلدى ھەمدە كېڭەيتىپ سېلىندى. قورۇسى ئىچىگە ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتىكى بەش قەۋەتلىك بالنىست بىناسىدىن بىرسى، ئۈچ قەۋەتلىك زاۋۇت بىناسىدىن بىرسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسىدىن بىرسى سېلىندى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 25 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

دوختۇرخانىدا ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئائىلە كېسەل كارىۋىتى بۆلۈمى ۋە ئالدىنى ئېلىش، ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمى قاتارلىق كلىنىكىلىق بۆلۈم ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىندى ھەمدە يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق دىئاگراممىا قىلىش ئىشخانىسى، لابوراتورىيە ئىشخانىسى، رېنتگېن بۆلۈمى قاتارلىق تېخنىكىلىق بۆلۈم، ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. دوختۇرخانىدا دورا ئىسكىلاتى، دورىخانا، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۆيى قاتارلىق قوشۇمچە بۆلۈم ئىشخانىلىرى جەمئىي 12 گە يەتتى. 400 مىللىئامپېرلىق رېنتگېندىن بىرسى، يۈرەك ھەرىكىتىنى توك ئارقىلىق دىئاگراممىا قىلىش ئاپپاراتىدىن ئىككىسى، مىكروسكوپتىن ئىككىسى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە قوش كۆزلۈك مىكروسكوپ بىر، 328B تىپلىق ئانالىزنىڭ تارازا ئىككى.

بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، جۇڭگوچە داۋالاش سىياسىتى ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيلەشكەنلىكتىن، بۇ دوختۇرخانا تېز تەرەققىي قىلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە، كېسەل كارىۋىتى 150 كە، داۋالاش خادىملىرى 166 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى 118 نەپەر، كاندىدات مۇدىر ۋراچ، مەسئۇل ۋراچ، ۋراچ، پروۋىزور ۋە سېسترا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 26 نەپەر.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە داۋالاش ۋە دىئاگنوز قويۇشتا كۆپىنچە تومۇر تۇتۇش، تىلغا قاراش، سوراش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ. دورا ماتېرىياللىرى يەرلىك ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر، مېنېراللاردىن تاللىنىدۇ، دورا ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى يۈز خىلدىن ئاشىدۇ، دورىلارنىڭ ئاز بىر قىسمىنى دورا شىركەتلىرى تەمىنلىگەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزلىرى تاللاش ۋە يېڭى يەرلىك دورا ئوت-چۆپلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ. مەسىلەن: يالپۇز يوپۇرمىقى، زىرىق، ئەترگۈل، ياۋا ئارپا بېدىيان

قاتارلىقلار. بۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرى پىششىقلىنىپ سۈيۈق، كومىلاچ، تالقان، تابلېتكا ھالىتىدىكى دورا بۇيۇملىرى ۋە سىرتقى قىسمىغا سۈرتىدىغان دورا قىلىپ ياسىلىپ، مىللىي تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان. بۇ دوختۇرخانا ئالاھىدە مىللىيچە دورا پىششىقلاش ئۆيىنى قۇرۇپ، مەخسۇس دورىگەرلەرنى سەپلەپ، چوڭ تىپتىكى دورا ياساش ماشىنىلىرىنى كۆپەيتتى. مەسىلەن: ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى، مۇنار شەكىللىك دىستىللىياتور، بىخەتەر يۇيۇش ماشىنىسى، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كېسىش ماشىنىسى، يانچىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنىلار 10 نەچچىگە يەتتى. ئۆزى ياسىغان قىيام دورىلىرى 15 خىلغا، تابلېتكا دورىلىرى 10 خىلدىن ئاشتى. ئوكۇل دورىلىرى بىنەپشە، ئارات، ئالتۇن، زەپە ئوكۇل سۈيۈقلۇقى قاتارلىق بەش خىلغا يەتتى. ھەر خىل كومىلاچ ۋە تالقان دورىلارنىڭ تۈرلىرى 83 خىلدىن ئاشتى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىلىرىنىڭ سۈگەكنى تۈزلەش ۋە بۆرەك ياللۇغى، قەن سىيىش كېسىلى، ئاستا خاراكتېرلىك كارناي ياللۇغى قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. بولۇپمۇ ئوكۇل سېلىش، ئىچۈرۈش ھەمدە تېشىدىن سۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قوياش ۋاننىسىغا بىرلەشتۈرۈپ جاھىل خاراكتېرلىك ئاق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىش ئۈنۈمى 70% تىن ئاشتى. بۇ جەھەتتىكى داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە سىرتتىن كېلىپ بۇ دوختۇرخانىدا داۋالانغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ دورا ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، زەھەرلىك دورىلار بىرقەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلىتىلىش مىقدارى كۆپ، مەسىلەن، بەزىرۇلبەنجى، مىك دىۋانە، كۈچىلا قاتارلىقلار دائىم ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن قالسا، خۇش پۇراقلىق ئۆسۈملۈك دورىلىرىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىپار، قۇندۇز قەھرى، زۇفا قاتارلىقلار. يەنە مېتاللارنى ئىشلىتىپ كېسەل داۋالاش ئادىتى بار، مەسىلەن، ئالتۇن، ئالتۇن قەغەز، سىماپ قاتارلىقلار. بەزى دورا ماتېرىياللىرىنى چەت ئەللەردىن، مەسىلەن، قاقىلىنى ھىندىستاندىن، يىلمىنى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلدى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپ باي ئەزىز «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى يازغان. بۇ كىتابتا شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېبابەتچىلىك ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق داۋالاش تەجرىبىسى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. 1979-يىلى خەلق ئىشلار نازارىتىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، داڭلىق ياشانغان ئۇيغۇر تېۋىپلارنى تەشكىللەپ، بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «جۇڭگو مېدىتسىنا ئىلمىي قامۇسى، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك توپلىمى»نى رەتلەپ يېزىپ چىقتى.

شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتى يەرلىك ۋە مەركەزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. ۋاڭ ئېنماۋ، سەي يۈلى، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، بەنچەنئېردېنى چوجى جەنزەن قاتارلىقلار ئىلگىرى-كېيىن بۇ شىپاخانىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە بېغىشلىما يېزىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پاكىستان، ئىراق، گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرى كەينى-كەينىدىن كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز يېزىپ قالدۇردى. شىپاخانا يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ

باشلىقى دوكتور يىبونىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

## تيانشان رايونىدىكى شەھەرگە قاراشلىق دوختۇرخانىلارنىڭ قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆرسىتىش مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 18-3-2-1

| رەت نومۇرى | سېتىۋالغان ۋاقتى (يىل) | ئىسمى | تىپى | سانى | باھاسى (10 مىڭ يۈەن) | ئىشلەپچىقارغان ئورۇن | سېتىۋالغان دوختۇرخانا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1955 | رېنتگېن | 150MA | 1 | 1.8 | سوۋېت ئىتتىپاقى | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 2 | | يۈرەك ھەرىكىتىنى قوزغاتقۇچ | XQQ—1 | 1 | 2.15 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 3 | | دېزىنفېكسىيە ئىشكابى | پروگراممىلىق | 1 | 1.75 | جياڭشى | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 4 | 1964 | رېنتگېن | 200MA | 1 | 1.78 | بېيجىڭ | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 5 | 1972 | ئىزوتوپ بىلەن شەكىل چۈشۈرۈش ئاپپاراتى | SM—3 تىپلىق | 1 | 3.6 | تيەنجىن | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 6 | 1972 | چوڭقۇر قىسمىنى داۋالاش رېنتگېنى | | 1 | 3.3 | | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 7 | 1975 | ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بىلەن مېڭىنى دىئاگرامما قىلىش ئاپپاراتى | | 1 | 1.05 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 8 | 1975 | يۈرەك ھەرىكىتىنى قوزغاتقۇچ | | 1 | 2.6 | ياپونىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 9 | 1976 | قاننى ئانالىز قىلىش ئاپپاراتى | $MK_2$تىپلىق | 1 | 1.2 | دانىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 10 | 1976 | يۈرەك يۈكلىنىشىنى ئۆلچەش ئاپپاراتى | VA—30 | 1 | 1.57 | ياپونىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 11 | 1976 | مېڭىنى توك ئارقىلىق دىئاگرامما قىلىش ئاپپاراتى | | 1 | 2.3 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 12 | 1978 | يۈرەك ئىقتىدارىنى مەشغۇلاتقا قويۇش ئەسۋابى | XJY—3 | 1 | 1.01 | ۋۇخەن | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 13 | 1979 | رېنتگېن | 400MA | 1 | 2.13 | شىنمىن | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 14 | 1979 | رېنتگېن | 200MA | 1 | 1.75 | بېيجىڭ | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 15 | 1980 | ئاشقازاننى تەكشۈرىدىغان ئۇزۇن تالالىق ئەينەك | $K_2$تىپلىق | 1 | 26 | ياپونىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 16 | 1980 | كانايى ياللۇغىنى تەكشۈرىدىغان ئۇزۇن تالالىق ئەينەك | | 1 | 2.42 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 17 | 1980 | ئاشقازاننى تەكشۈرىدىغان ئۇزۇن تالالىق ئەينەك | | 1 | 4.9 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 18 | 1980 | سۈنئىي ئۇسۇلدا يۈرەكنى سۈزگۈچكە ئېلىپ ئانالىز قىلىش ئەسۋابى | 83—3 تىپلىق | 1 | 1.2 | تيەنجىن | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 19 | 1981 | رېنتگېن | KC—400 | 1 | | بېيجىڭ | شەھەرلىك 1-ئامبۇلاتورىيە |
| 20 | 1984 | ئون ئىككى بارماق ئۈچەينى تەكشۈرۈش ئەينىكى | B تىپلىق | 1 | 2.07 | ياپونىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 21 | 1984 | ماتكا تەكشۈرۈش ئەينىكى | Olympus | 1 | 1.78 | ياپونىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |

| رەت نومۇرى | سېتىۋالغان ۋاقتى (يىل) | ئىسمى | تۈرلىرى | سانى | باھاسى (10 مىڭ يۈەن) | ئىشلەپچىقارغان دۆلەت | سېتىۋالغان دوختۇرخانا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 22 | 1984 | قان پلاستىنكىلىرىنى ئۆلچەش ئەسۋابى | Re−601 | 1 | 2.48 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 23 | 1984 | ئۆت يوللىرىنى كۆزىتىدىغان تۈزۈن تالالىق ئەينەك | سۇدىن ساقلىنىش تىپلىق | 1 | 1.7 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 24 | 1984 | دىئوۋلىنى تەكشۈرىدىغان تۈزۈن تالالىق ئەينەك | Olympus | 2 | 4.19 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 25 | 1984 | بوغاق ئۈچەينى تەكشۈرىدىغان تۈزۈن تالالىق ئەينەك | Olympus | 1 | 2.2 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 26 | 1984 | ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى بىلەن شەكىل چىقىرىدىغان دىئاگنوز قويۇش ئەسۋابى | AOR400/ve | 1 | 18.89 | ئامېرىكا | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 27 | 1984 | كەسمە يۈز ئۇلترا ئاۋاز سۈرەت كۆرسىتىش ئەسۋابى | | 1 | 1.5 | ۋۇخەن | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 28 | 1984 | چاقىرىش سىستېمىسى | | 5 | 1.42 | | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 29 | 1985 | مەزى بېزىنى نۇر ئارقىلىق كۆزىتىش ئەينىكى | | 1 | 3.12 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 30 | 1985 | ئوپېراتسىيە مىكروسكوپى | ئىككى كىشىلىك ئىككى كۆزلۈك | 1 | 1.33 | دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 31 | 1985 | كۆپ ئىقتىدارلىق ناركوز قىلىش ئاپپاراتى | | 1 | 7.08 | شىمالىي ئامېرىكا | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 32 | 1985 | ئون ئىككى بارماق ئۈچەينى تالالىق تەكشۈرۈش ئەينىكى | | 2 | 3.28 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 33 | 1985 | تۇغۇتنى نازارەت قىلىش ئەسۋابى | $IP-B_4$ | 1 | 2.17 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 34 | 1985 | يۈرەكنى نازارەت قىلىش، قوغداش ئەسۋابى | OBL−3200ic | 1 | 1.14 | ياپونىيە | شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى |
| 35 | 1985 | B شەكىللىك ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئەسۋابى | LS−300 | 1 | 6.67 | | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 36 | 1985 | تولۇق ئىقتىدارلىق بىئولوگىيىلىك ئانالىز ئەسۋابى | بېكمان 24 تىپلىق | 1 | 6.76 | ئامېرىكا | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |
| 37 | 1985 | رېنتگېن | 350MA | 1 | 8.71 | غەربىي گېرمانىيە | شەھەرلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى |

## 4-پاراگراف داۋالىنىش تۈزۈمى

### بىرىنچى، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1952-يىلى دۆلەت ئورگان ۋە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەم ئىككىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ھەربىيلەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. 1979-يىلىغا قەدەر ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1980-يىلى رايونلۇق ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش

كومىتېتى قۇرۇلدى ھەممە قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. شۇ چاغدا كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر كېسەل كۆرسىتىپ داۋالانغاندا، پەقەت تيانشان رايونىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش كىنىشكىسى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىناتتى.

1984-يىلى داۋالىنىش خىراجىتى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1985-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش كىنىشكىسى ئارقىلىق داۋالىنىش توختىتىلىپ، كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزى نەق پۇل تۆلەپ كېسەل كۆرسىتىپ، دوختۇرخانىنىڭ تالونى بويىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىغا بېرىپ ئاتچوت قىلدۇرۇش يولىغا قويۇلدى.

1986-يىلى تيانشان رايونلۇق ھۆكۈمەت يەنە خىزمەت ستاژى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈپ، ئۆلچەم بېكىتىپ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىش خىراجىتىنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. بىر يىلدا بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئاتچوت قىلىش ئۆلچىمىنى 70 يۈەن قىلىپ بېكىتتى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى داۋالىنىش خىراجىتىنى ھەربىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 يۈەندىن ئاجراتتى، شەھەرلىك، رايونلۇق مالىيە ھەربىر ئادەمگە 10 يۈەندىن تولۇقلىدى ھەممە تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلدى: (1) خىزمەت ستاژى 10 يىلدىن تۆۋەنلەرنىڭ ھەر يىللىق ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىش خىراجىتى 40 يۈەن؛ خىزمەت ستاژى 11 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغانلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىشتىكى يىللىق خىراجىتى 60 يۈەن؛ (3) خىزمەت ستاژى 20 يىلدىن 25 يىلغىچە بولغانلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىشتىكى يىللىق خىراجىتى 80 يۈەن؛ (4) خىزمەت ستاژى 26 يىلدىن 30 يىلغىچە بولغانلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىشتىكى يىللىق خىراجىتى 100 يۈەن؛ (5) خىزمەت ستاژى 30 يىلدىن ئاشقانلار-نىڭ ھەربىرسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىشتىكى يىللىق خىراجىتى 120 يۈەن؛ (6) دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ۋە ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەربىرسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىنىشتىكى يىللىق خىراجىتى 120 يۈەن؛ (7) بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش ئىسپاتى بىلەن بالنىستا يېتىپ داۋالانغان كادىرلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئادەتتە تولۇق ئاتچوت قىلىش. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چارە قوللىنىلغاندىن كېيىن، 1986-يىلى داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمى ئاساسەن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتى خامچوتى ئىچىدە كونترول قىلىندى.

1987-يىلى دورىلارنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلىگەنلىكتىن، بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش خىراجىتى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجەت خامچوتى ئېشىپ كەتتى. رايوندىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدىغانلار 3048 گە يېتىپ، ئۇلارنىڭ يىللىق داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمى 275 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يىللىق چىقىم ئادەم بېشىغا 90.45 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتىنى ئىشلىتىش ستاتىستىكا جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| رەت نومۇرى | يىللار | پۈتۈن رايوندىكى ئادەم سانى | پۈتۈن يىللىق خام چوت سانى | پۈتۈن يىللىق چىقىم سانى | ئۆتنەك ئىچىدىكى بالانس چىقىم سانى | ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يىللىق چىقىم سانى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1980 | 2533 | 7.6 | 18 | | 71.03 |
| 2 | 1981 | 2682 | 8.05 | 33 | 3 | 123.09 |
| 3 | 1982 | 2733 | 8.19 | 23 | 3.64 | 84.19 |

| رەت نومۇرى | يىللار | پۈتۈن رايوندىكى ئادەم سانى | پۈتۈن يىللىق خام چوت سانى | پۈتۈن يىللىق چىقىم سانى | ئۆتنالغ ئىچىدىكى بالانس چىقىم سانى | ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يىللىق چىقىم سانى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | 1983 | 2832 | 11.5 | 34.57 | 5.05 | 122.05 |
| 5 | 1984 | 2981 | 11.92 | 56.72 | 7.42 | 190.27 |
| 6 | 1985 | 3007 | 17.61 | 50.25 | 7.63 | 167.10 |
| 7 | 1986 | 3019 | 27.2 | 26.59 | 234.60 | 88.06 |
| 8 | 1987 | 3048 | 27 | 27.57 | 490.74 | 90.45 |

## ئىككىنچى، ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

رايونغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش يولغا قويۇلدى.

### 1. رايونغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار

رايونغا قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى خاراكتېرىدە بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدا-زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. داۋالىنىش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئۆلچەمدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى بېكىتتى. ئورۇن (زاۋۇت)لار ئۆزلىرى باشقۇردى. مەسىلەن، تيانشان پۇرژىنا زاۋۇتى، سۇلياۋ-خۇرۇم بۇيۇملىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئىككى زاۋۇتنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش، لېكىن ھەرقايسىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسى خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش ئۆلچىمىمۇ ئوخشاش بولمىغان.

**پۇرژىنا زاۋۇتى:** 1980-يىلدىن بۇرۇن زاۋۇت داۋالاش ئورۇنلىرى بىلەن داۋالاش توختامنامىسى ئىمزالىغانىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھېساباتقا يېزىپ قويۇش قەغىزىگە ئاساسەن، كېسەل كۆرسىتىپ، ھېساباتنى ئۆزى تۆلەيتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر بالىنىستا يېتىپ داۋالانسا ئادەتتە تولۇق ئاتچوت قىلىپ بېرىلەتتى.

1980-يىلدىن 1985-يىلغىچە ھېساباتقا يېزىپ قويۇش قەغىزىنى ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زاۋۇت ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ستاژى بويىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇشنى بەلگىلىدى. كونكرېت ئۆلچەم مۇنداق: خىزمەت ستاژى 10 يىلدىن ئاشمىغانلارغا يىلدا 42.9 يۈەن ئاتچوت قىلىش؛ ستاژى 10 يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 57.20 يۈەن ئاتچوت قىلىش؛ ستاژى 15 يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 71.50 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ ستاژى 20 يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 85.80 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ توختاملىق ئىشچىلار ۋە شاگىرت ئىشچىلارغا يىلدا 33 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

1986-يىلدىن 1987-يىلغىچە كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشتى، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتىگە قارىتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، خىزمەت ستاژى 10 يىلدىن ئاشمىغانلارغا يىلدا 47.19 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ ستاژى 10 يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 62.92 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ ستاژى 15 يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 78.65 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ ستاژى 20

يىلدىن ئاشقانلارغا يىلدا 94.38 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىش؛ توختاملىق ئىشچىلار ۋە شاگىرت ئىشچىلارغا يىلدا 36.30 يۈەن ئاتچوت قىلىپ بېرىشنى بەلگىلىدى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بالنىستا يېتىپ داۋالانسا، داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ 15% نى ئۆزى كۆتۈرۈش، قالغان قىسمىنى زاۋۇت ئاتچوت قىلىشنى بەلگىلىدى.

**سۇلياۋ-خۇرۇم بۇيۇملىرى زاۋۇتى:** 1982-يىلدىن بۇرۇن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانا ئىدى. 1982-يىلى رايونغا قاراشلىق كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ستاژى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈپ داۋالىنىش خىراجىتى تارقاتتى. خىزمەت ستاژى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە يىلدا 30 يۈەن، ستاژى بەش يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە يىلدا 40 يۈەن، ستاژى 10 يىلدىن ئاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە يىلدا 50 يۈەن تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى بالنىستا يېتىپ داۋالانغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە داۋالىنىش خىراجىتى تارقىتىپ بەرمىدى.

بالنىستا يېتىپ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش بەلگىلىمىسى: خىزمەت ستاژى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بالنىستا يېتىپ داۋالانغان خىراجىتىنىڭ 30% نى ئاتچوت قىلىش؛ ستاژى بەش يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بالنىستا يېتىپ داۋالانغان خىراجىتىنىڭ 60% نى ئاتچوت قىلىش؛ ستاژى 10 يىلدىن ئاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بالنىستا يېتىپ داۋالانغان خىراجىتىنىڭ 80% نى ئاتچوت قىلىشتىن ئىبارەت.

**2. مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانا، كەسىپىي ئورۇنلار:**

تيانشان رايونىدىكى ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىغا قاراشلىق كارخانا ۋە كەسىپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپقان پايدىسىغا ئاساسەن، ئىشچى-خىزمەتچىلەر مەلۇم مىقداردا داۋالىنىش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولدى. مەسىلەن، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا 1965-يىلدىن 1983-يىلغىچە قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتى بار ئىدى. مەھەللە كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قىزىل دوختۇرلۇق پونكىتىدە كېسەل كۆرسەتتى، داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ 80% تى ئاتچوت قىلىندى. ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ شەھەردىكى سەككىز چوڭ دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيىلىرىدە داۋالانسا، پەقەت داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ 20% تىلا ئاتچوت قىلىندى، بالنىستا يېتىپ داۋالانغانلارنىڭ 200 يۈەنىلا ئاتچوت قىلىندى.

1983-يىلى پۈتۈن رايوندىكى 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىغا ئاساسەن، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرىدىغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ «داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش بەلگىلىمىسى توغرىسىدىكى لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى كارخانىلاردىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەربىرسى ھەر يىلدا 500 يۈەن پايدا ياراتسا، بىر يىلدا 60 يۈەن داۋالىنىش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى. 1985-يىلغا كەلگەندە «ھەربىر ئادەم 300 يۈەن پايدا ياراتسا، بىر يىلدا 60 يۈەن داۋالىنىش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ» دەپ ئۆزگەرتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر بالنىستا يېتىپ داۋالانسا، داۋالانغان خىراجەتنىڭ 200 يۈەندىن ئاشقان قىسمى ئاتچوت قىلىنمايدۇ دەپ بەلگىلىدى.

شىمالىي شىنخۇا يولى مۇلازىمەت شىركىتى، شىنخۇا سانائەت شىركىتى 1987-يىلدىن باشلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئاساسەن، خىزمەت ستاژى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈپ داۋالىنىش خىراجىتىدىن بەھرىمەن بولۇش بەلگىلىمىسىنى تۈزدى. بۇ بەلگىلىمە خىزمەت ستاژى 10 يىلدىن تۆۋەن ئىشچى-خىز-

مەتچىلەرگە ھەر يىلدا 30 يۈەن بېرىش؛ ستاژى 10 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ھەر يىلدا 48 يۈەن بېرىش؛ ستاژى 20 يىلدىن ئاشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ھەر يىلدا 66 يۈەن بېرىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بالنىستا يېتىپ داۋالانسا، مۇۋاپىق ياردەم بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

### ئۈچىنچى، ھەقسىز داۋالىنىش

ھەقسىز داۋالىنىش ئوبيېكتلىرى — ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان، ئىقتىسادىنىڭ كېلىش مەنبەسى بولمىغان، شەھەر-بازارلاردىكى ئۆزۈن مۇددەت قۇتقۇزۇش بېرىلىدىغان ئائىلىلەر، ئاز سانلىقلار ئاققۇنلار ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىن ئىبارەت.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ھەقسىز داۋالىنىش ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1958-يىلدىن كېيىن، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1960-يىلدىن باشلاپ، تيانشان رايونىنىڭ ھەقسىز داۋالىنىش خىزمىتىگە تيانشان رايونلۇق سەھىيە بۆلۈمى مەسئۇل بولدى. داۋالىنىش خىراجىتىنى شەھەر ھەر يىلى ئاجرىتىپ بەردى. ئومۇمەن ھەقسىز داۋالىنىشنى ئىلتىماس قىلغان خادىملار رايونلۇق سەھىيە بۆلۈمى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەقسىز داۋالىنىش بەلگىلىمىسىدىكى ماددىلار ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە تەستىقلىغاندىن كېيىن، ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولدى. 1961-يىلدىن 1963-يىلغىچە ھەقسىز داۋالانغۇچىلاردىن 5747 ئادەم (قېتىم) تەستىقلىنىپ، داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمى 53 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

1979-يىلدىن كېيىن، ھەقسىز داۋالىنىش خىراجىتىنى تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلار بۆلۈمى بىۋاستە باشقۇردى. ئومۇمەن ھەقسىز داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان خادىملار بالنىستا يېتىپ ياكى ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانسا، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى رەسمىيەت بېجىردى. داۋالىنىش خىراجىتىنى تيانشان رايونلۇق خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتىدىن چىقىم قىلدى. 1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە، چىقىم قىلىنغان داۋالىنىش خىراجىتى 135 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

# 19-بۆلۈم

# باشقا ئىجتىمائىي ئىشلار

## ئومۇمىي بايان

تيانشان رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر رايونىدۇر، بۇ رايوندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، مانجۇ، موڭغۇل، رۇس، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، قىرغىز، داغۇر، تاجىك قاتارلىق 36 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ ئورۇندا ياشاپ، ئۇرمۇش كەچۈرۈپ، جېكرا شەھىرى ئورۇمچىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، تارىختىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىگە قارىتا نادانلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىپ، مىللەتلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئايرىپ باشقۇرۇش مەقسەتتىگە يېتىش ئۈچۈن دىندىن پايدىلىنىپ قانۇن، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، يەنە تۈرلۈك دىنىي سېلىقلارنى سېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قىيىن، جاپا-مۇشەققەتتە قالدۇردى. ئاپەتكە ئۇچرىغان ياكى قاتتىق سوغۇق پەسىللىرىدە ئازدۇر كۆپتۇر قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئازغىنە نەرسىلەر ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. پۇقرالار قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ھۆكۈمرانلارنىڭ خەير-ئېھسان قىلىش بىلەن تەمدىتىنى تەڭ يولغا قويۇشتىكى بىر ۋاستىسىدىنلا ئىبارەت ئىدى خالاس. تارىختىكى ھۆكۈمرانلار ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئىشقا قوياتتى. جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە خەلق ئارىسىدا «ئەتىگەندە خېجۇلۇفنىڭ سۆزىنى ئۆگەنسەڭ چۈشتىلا ئەمەلدار بولىسەن» دېگەن سۆز تارقالغان، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتە قانچىلىك چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقىگە تايىنىپ ئازا سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىدى، ئۆستۈردى. ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك باراۋەر ئىكەنلىكى تولۇق نامايەن قىلىندى. پارتىيىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتى ئەستايىدىل يولغا قويۇلۇپ، فېئوداللىق

دىنىي ئىمتىياز ۋە نامۇۋاپىق دىنىي ئالۋاڭ-سېلىقلار بىكار قىلىندى. نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىندى. نىكاھ ئەركىنلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ نىكاھ سودىسى، مەجبۇرىي نىكاھ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاياللىرى ئازادلىققا ئېرىشتى.

50-يىللاردىن 60-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ئىككى رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىشقا ئاكتىپ تەشكىللەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، جەمئىيەتتىكى 1464 نەپەر ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنى مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلدى. ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا نەپىقە قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلىقتىن، جەمئىيەت تىنچ، ئىتتىپاق بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەللەشتى، سودا-سانائەت كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى يىلسېرى زورايدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زور بىر تۈركۈم كادىرلار، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلار ۋە جەنۇبىي ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز، شەھىرىمىز ۋە تيانشان رايونلۇق پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا شۇنىڭدەك كەسپىي ئورۇن، كارخانىلارغا يۆتكەپ كېلىنىپ، رايوننىڭ ئاھالىسى كۆپەيدى. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن شەھەر باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1980-يىلىدىن باشلاپ رايون ھۆكۈمەت مەھەللە ئىشلىرى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئاھالىلار كومىتېتى تەشكىلىنى تەرتىپكە سالدى. «شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى تەشكىلىي نىزامى» بويىچە بەش خىزمەت كومىتېتىنى مۇكەممەللەشتۈردى. پىشقەدەم ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىر تۈركۈم ياش، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئاممىۋى خىزمەتنى سۆيىدىغان كادىرلار بېكىتىلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆز ئۆزىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە چوڭ قورۇلار قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىشكە مۇھىت يارىتىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1986-يىلى ھەرقايسى مەھەللە، ئىش باشقارمىلىرىدا ھەربىيلەر ئائىلىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنى قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېڭى دەۋردىكى نەپىقە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېڭى يول ئېچىلدى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن رايوندىكى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەربىيلەر ئائىلىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇرۇلدى. تيانشان رايونىدا ھەربىيلەر ئائىلىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، نەپىقە بېرىش خىزمىتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئىشچى ئىشلىتىش، تەقسىمات، ستىراخوۋانىيە قاتارلىق تۈرلەردىكى خىزمەتلەر ئىسلاھ قىلىندى. كادىر قوبۇل قىلىشتا ئاشكارە ئىمتىھان ئېلىندى، ئىشچى قوبۇل قىلىش جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، ياخشىلىرى تاللاپ قوبۇل قىلىندى. يەنە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەقسىماتى بويىچە كەلگەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە كادىرلارنىڭ خىزمەت داۋامىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇشى بىلەن كادىرلار

قوشۇننىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، كەسپىي ساپاسى ھەم ياش قۇرۇلمىسى جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى سىستېمىلار ئۆز ئىشچىلىرىغا قارىتا ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىش، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز كۆچەيتتى. ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىمۇ ياخشى ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ قىسمدا ئۆگەنگەن بىلىم ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. مائاش تۈزۈمىمۇ ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ھەقىقىي تۈردە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەكتىكى ئاكتىپچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىيلار ئۆزلىرى ئىش تېپىپ ياكى ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز كىرىمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي تۇرمۇش شارائىتىنىمۇ ياخشىلىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتىكى بېسىمىمۇ يېنىكلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن رايوندا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم، ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

# 1-باب مىللەتلەر

## 1-پاراگراف مىللەتلەر سىياسىتى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى ئالداپ، ئۇلارنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭغا يەنە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆپ خىل سەۋەبلەر قوشۇلۇپ، مىللەتلەر ئارا سىياسىي جەھەتتە باراۋەرسىزلىك كېلىپ چىقتى.

ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر بولۇش، ئورتاق راۋاجلىنىش مىللىي سىياسىتىنى يولغا قويدى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىناق ئۆتۈش، ئورتاق گۈللىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ھەرقايسى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر دېموكراتىك ئىسلاھاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق يېزىپ چىققان» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەش داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1952-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ... ئۈچۈن خەنزۇ كادىرلار ئارىسىدا مىللىي مەسىلىلەر نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت داۋامىدا چوڭ خەنزۇچىلىق خاھىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەشەببۇس قىلىندى. خەنزۇ كادىرلاردىن ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، يەرلىك مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىش، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىك مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، يەرلىك مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شىنجاڭدا تۇرۇپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان بارلىق خەنزۇ كادىرلاردا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.

1955-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىر بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، بىر بىرىنى قوللاپ، ئۆزئارا چۈشىنىشتەك ياخشى خىسلەت شەكىللەندى. كادىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىناق بولدى. مىللەتلەر ئارا بېلىق بىلەن سۇدەك مۇناسىۋەت شەكىللەندى.

1957-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئىككى رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كومپارتىيىنى ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. 11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خاتا ھالدا يەرلىك مىللەتچى دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەنلەر ئاقلاندى.

1958-يىلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا ئاتېئىزم تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىنىي ئېتىقادتىن قول ئۈزمىگەنلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماسلىق بەلگىلىمىسى قەتئىي ئىجرا قىلىندى. دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكى ۋە دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1962-يىلى 4-، 5-ئايلاردا تيانشان رايونى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا بىرلەشتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تيانشان رايونى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇپ كەلدى. 1982-يىلى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، خەلق ئاممىسىغا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تەشۋىق تەربىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت بويىچە قايتا تەربىيىلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئائىلىلەر كومىتېتى، ياخشى كوچا، ياخشى چوڭ قورۇلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1983-يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى، ھەرقايسى تارماقلار ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ياخشىلاشتىكى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق»تەك ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ

كۈچەيتىلدى. غالىبىيەت يولى خابا بىرىنچى كوچا 35-قورۇدىكى خەنزۇ خىزمەتچى ياۋشۇخۇانىڭ ئائىلىسى 10 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ «بەشتە كاپالەتلىك» ئۇيغۇر موماي ئايشەمخان بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈپ ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

1987-يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى چوڭ قورۇلاردىن 194ى (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر دەرىجىلىك چوڭ قورۇدىن 10ى بار) بەرپا قىلىندى. غالىبىيەت يولى دوستلۇق ئاھالىلەر كومىتېتى 159-قورۇ ۋە ئىتتىپاق يولى 37-قورۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. دوستلۇق كوچىسى 159-قورۇدىكى غالىپ شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. جەنۇبىي شىنخۇا يولى 37-قورۇنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى لەۋھەسى جۇڭگو تارىخىي موزېيىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ياڭ ماۋخۇ 27-قورۇدىكى مۇھەممەت ئەيسا (ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ مۇدىرى) ئائىلىسى 20 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، خەنزۇ تول موماي خۇاڭ جىسەننىڭ ئائىلىسىدىكى ئىككى ئادەمنى ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىدەك ھېسابلاپ، غەمخورلۇق قىلىپ، شۇ ئىككى جاننى 19 يىل ئۆز ئۆيىدە ھەقسىز تۇرغۇزغان.

تيانشان رايونى 1960-يىلدىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇپ، ئۆي تەقسىم قىلىش، مائاشنى تەڭشەش، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىش ئورۇنلىرىدا ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار، مائارىپ تارماقلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 655 نەپەرگە يېتىپ، ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 32.4% نى تەشكىل قىلدى. (ئۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 39 نەپەر بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 33.05% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان ۋەكىل سەككىز ئادەم (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئالتە، خۇيزۇ بىر، قازاق بىر)؛ شەھەرلىك 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان ۋەكىل 16 (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر سەككىز، خۇيزۇ يەتتە، قازاق بىر)؛ تيانشان رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلانغان ۋەكىل 74 (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 40، خۇيزۇ 21، قازاق بەش، مانجۇ بىر، قىرغىز بىر، ئۆزبېك بىر، شىبە بىر، تاتار بىر، موڭغۇل بىر، رۇس بىر، بەيزۇ بىر) بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 33.48% نى تەشكىل قىلدى؛ تيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم يەتتە بولۇپ (ئۇنىڭ ئىچىدە تۆتى ئۇيغۇر، ئىككىسى خۇيزۇ، بىرى قازاق)، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 36.8% نى تەشكىل قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم تۆت (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئىككى، خۇيزۇ ئىككى)؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم 14 (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر توققۇز، خۇيزۇ بەش)؛ سىياسىي كېڭەش تيانشان رايونلۇق 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم 35 (ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 13، خۇيزۇ 12، تاتار ئىككى، رۇس ئىككى، مانجۇ ئىككى، قازاق ئىككى، ئۆزبېك بىر، دۇڭشاڭ مىللىتى بىر) بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 44.87% نى تەشكىل قىلدى.

## 2-پاراگراف خەنزۇلار

خەنزۇ رايوندا ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخىنى خەن، تاڭ دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم خەنزۇ خەلقى ھەربىيلەرگە ئەگىشىپ چېگرا رايونغا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، چيەنلۇڭ خانلىقى مەزگىللىرىدە ئەسكەرلەرگە ئەگىشىپ كەلگەنلەردىن باشقا يەنە ھەربىي قوشۇنغا ئەگىشىپ تىجارەت قىلىدىغان بىر قىسىم خەنزۇلارمۇ كۆچۈپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى جايلاردىن كۆچۈپ كېلىپ بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق قىلىش ياكى قول سانائەت ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۈنسېرى كۆپەيگەن. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنىتى مەزگىلىدە زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلار قوشۇن تارتىپ چىقىپ ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قايتارما زەربە بەرگەن. ۋەقە بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىككى قوشۇندىكى لەشكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرقى تيانشان رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ قېتىم چىڭ قوشۇنلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققاندا قوشۇنغا ئەگىشىپ چىقىپ قوشۇنغا ئەگىشىپ تىجارەت قىلىپ جېنىنى باققان نامراتلارنىڭ كۆپىنچىسى دىخۇا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كېيىن سەنشى، شەنشى، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ ئاھالىسى جان بېقىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دىخۇا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى (1933-يىلى) 2-ئايدا سابىق شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىدىكى تەخمىنەن 7000 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق دىخۇاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىچكىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار يۇرت، ئۆرپ-ئادەت سەۋەبىدىن تېخىمۇ مۇھىمى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۆلكىلەر بويىچە گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، ئىككى ئۆلكە يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، گەنسۇلۇق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، سەنشىلىك يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلارنى قۇرغان. «چوڭ لاگېرغا يېتىشۋېلىش» مەزگىلىدە تيەنجىنلىكلەر تىجارەت قىلىشقا ماھىر بولغانلىقتىن كۆپرەك پايدا ئېلىپ، بەلگىلىك مەبلەغكە ئېرىشكەن. ئۇلار دىخۇا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى داشىزى ئەتراپىدا تىجارەت قىلىشنى باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەككىزى سودا جەھەتتە مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولغانلىقتىن، تيەنجىن گۇرۇھىدىكى سەككىز چوڭ ئائىلە دەپ ئاتالغان. سەنشىلىكلەر كۆپىنچە پۇل، كۈمۈش تەڭگە، گۆرۈگە قويۇش تىجارىتى، تۆگە كارۋان ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان. خۇنەن، خۇبېي، گەنسۇلۇق كۆچمەنلەر كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. سىچۈەن، سەنشىلىكلەر كۆپىنچىسى جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي شىماللىقلار، شەندۇڭلۇقلار كۆپىنچىسى قول سانائەت ۋە رېمونتچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

خەنزۇ خەلقى مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە ئۆز يۇرتىنىڭ ئەسلىدىكى ئادىتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇشنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى كۆپخىللىقتا مۇجەسسەملىشىپ كەتكەن. تىل جەھەتتە يۇرتى بويىچە ئايرىم ئورۇنلاردا ئولتۇراقلاشقانلار (مەدەنىيەت يولى ئەتراپىدا تيەنجىنلىكلەر، ليۇداۋان ئەتراپىدا گەنسۇلۇقلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان) يۇرتلىرىنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، كۈندىلىك تۇرمۇش ئالاقىسىدا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە «شىنجاڭ تەلەپپۇزى»نى شەكىللەندۈرگەن. يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە شىمالىي، جەنۇبىي جۇڭگونىڭ يېمەكلىكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپلىگەن يېمەكلىكلىرى قوبۇل قىلىنغان.

كىيىم-كېچەكلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلارنىڭكى بىلەن پەرقلەنمىگەن. ئۇلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە بۇددا دىنى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كۆپلىگەن خەنزۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان. نىكاھلىنىشتا كاتولىك دىنىنىڭ مۇرتلىرى چېركاۋدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندىن سىرت ئادەتتىكىلەر ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىنى تەكلىپ قىلىپ توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى ئاددىيلا مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. يېڭى كىلىنلەر كۆپىنچە ھاللاردا قىزىل ۋە رەڭلىك توي كىيىمى كىيگەن. ئازادلىقتىن كېيىن كۆپ مىقداردا سوۋغا ئېلىش بىكار قىلىندى. قىز تەرەپ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا قاراپ قىزىغا تويلۇق قىلىپ بېرىدۇ. دەپنە ئىشلىرىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى مېيىت يەرگە كۆمۈلگەن، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن خەنزۇلار بۇ خىل دەپنە قىلىشنى قوبۇل قىلغان، ئەمما يەنە بىر قىسىم يېشى چوڭىيىپ قالغانلار يەنىلا يەرگە كۆمۈدۇ، ھازىدارلار قارىلىق تۇتۇپ يەتتىسىنى، يۈز كۈنىنى، يىلىنى ئۆتكۈزىدۇ. قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا قەبرە سۈپۈرىدۇ، قەغەز پۇل كۆيدۈرۈپ ياكى گۈلچەمبىرەك سوۋغا قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن رايوندىكى خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بىرقەدەر تېز بولدى، تەبىئىي كۆپەي-گەندىن سىرت، كۆپىنچىسى شىنجاڭغا كەلگەن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر، جەڭچىلىرى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلار، ئىشچىلار، تېخنىك خادىملار شۇنىڭدەك بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى، چېگرا رايونغا ياردەم قىلىشقا كەلگەن ياشلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى غوللۇق كۈچكە ئايلاندى. ھەرقايسى ساھەلەردە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ۋە كەڭ ئامما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، چېگرا شەھىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشماقتا. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستى-كىغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ ئاھالىسى 228 مىڭ 422 گە يېتىپ، پۈتۈن رايون ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 71.27% نى ئىگىلىگەن.

## 3-پاراگراف ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدە ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈرۈمچىدە ياشىغان تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەن دەۋرىگە سۈرۈشكە بولىدۇ. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۆت ئويراتنىڭ بىرى بولغان جوڭغار قەبىلىسى گۈللىنىپ، ھۆكۈمدارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئۈرۈمچى ئەتراپىغا ئەكىلىپ بىنام ئاچقۇزۇپ يەر تېرىتقان. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى) دىخۇادىكى تۇڭگانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن، تۇرپاندىن بەش، ئالتە مىڭ ئۇيغۇر كېلىپ ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەن. ئۇرۇشتىن كېيىن كۆپ قىسمى دىخۇادا ماكانلىشىپ قالغان. تۇڭجى سەلتەنەتىنىڭ 12-يىلى (1873-يىلى) ياقۇپبەگ تاجاۋۇز قىلىپ دىخۇانى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلار دىخۇادا قېلىپ مۇداپىئەدە تۇرغان. كېيىنچە تارىلىپ دىخۇادا ئولتۇراقلاشقان. دىخۇا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغاندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار دىخۇاغا كېلىپ تىجارەت، ئۇزۇن يوللۇق مال توشۇش ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە دىخۇادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. كۆپىنچىسى نەنمېن ئەتراپىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. نەنمېن مەسچىد-نى، تۇرپان مەسچىتى، خوتەن مەسچىتى سېلىنغان يىللار ۋە بۇ مەسچىتلەرنىڭ شۇ يۇرت نامى بىلەن ئاتىلىشى شۇ دەۋر تارىخىنىڭ شاھىدىدۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن ھۆكۈمەت مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، زور بىر تۈركۈم

مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلىدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇم مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلار، يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ئۈرۈمچىدە ئۆگىنىشكە ۋە خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى زور مىقداردا كۆپەيدى. 1964-يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 816 ئادەمگە يەتكەن. 1987-يىلىغا كەلگەندە 52 مىڭ 738 ئادەمگە يېتىپ، كۆپىيىش نىسبىتى 131.14% بولغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار رايون تەۋەسىدە كۆپىنچە ھاللاردا قول سانائەت، ئۇششاق تىجارەت ياكى مىللىيچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. ئايرىم بىر قىسىملىرى تاشقى سودا، يەرلىك سودا بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن، ھەسەن باي، ھۈسەن باي قاتارلىقلار تىجارەتتە ئېپى بارلاردىن ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆگىنىش، تەربىيىلەش ئارقىلىق مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ۋە ھەرخىل تېخنىكىلارنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، دوختۇرلار، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيدى.

ئۇيغۇرلار ئۆز تىل-يېزىقى بار، قەدىم زاماندىن تارتىپ پارلاق مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. مول مەزمۇنلۇق شېئىر-داستان، قوشاق، ماقال-تەمسىل، چۆچەك قاتارلىقلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر خەلقى ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر. ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن كۈنلىرى ئەر-ئايال، قېرى-ياش داپ، ناغرا-سۇنايغا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ سورۇننى قىزىتىۋېتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئوغۇل بالا يەتتە يېشىدا خەتنە قىلىنىدۇ. قىز بالىنىڭ كىچىك چېغىدا قۇلىقى تېشىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن نىكاھ ئىشلىرىغا ئائىلە باشلىقلىرى چات كېرىۋالىدىغان ياكى دىنىي قائىدىلەر تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان ئەھۋال تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قانۇنىي رەسمىيەت بويىچە نىكاھلىنىشقا تىزىملاتقاندىن كېيىن دىنىي رەسمىيەت بويىچە ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇپ تۇزغا چىلانغان نان قىز-يىگىتكە يېگۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ. دەپنە قىلىشتا مېيىت يەرلىككە قويۇلىدۇ. ياشانغانلار ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ئائىلىسىدىكىلەر موللام تەكلىپ قىلىپ خەتمە-قۇرئان ئۆتكۈزىدۇ. يەرلىككە قويۇشتا ئەتىگەندە جان ئۈزگەن بولسا، چۈشتىن كېيىن، كەچتە جان ئۈزگەن بولسا ئەتىسى ئەتىگەندە يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىت ئۆيدە يۇيۇلۇپ تارالغاندىن كېيىن مەسچىتكە ئاپىرىلىپ، ئاخۇنۇم نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن يەرلىككە قويۇلىدۇ. ئاياللار بىللە قەبرىستانلىققا بارمايدۇ.

ئۇيغۇرلار تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ. ھازىرقى دەۋردىكى ئوتتۇرا ياش، ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى كاستيۇم-بۇرۇلكا، خۇرۇم ئاياغ، ئۆتۈك كىيىدۇ. بېشىغا شلەپە ياكى كەپكە شەپكە كىيىدۇ. ئاياللار كۆينەك، باھار، كۈز ۋاقىتلىرى كاستيۇم يوپكا ياكى پوپايكا كىيىشنى، ھالقا ئېسىشنى، بىلەزۈك، ئۈزۈك سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. سىرتقا چىققاندا گۈللۈك كىيىم كىيىدۇ، بېشىغا ياغلىق چىگىدۇ. ياشانغانلار ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. قېرىلار يەكتەك (ياقىسىز ئۇزۇن چاپان) كىيىدۇ. ياشانغان ئاياللار كەڭ كۆينەك كىيىپ چېچىنى ئۆرۈۋالىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ياشلار يېڭى ئېقىمغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما كاتتا مۇراسىملاردا يەنىلا مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىدۇ. يېمەكلىكتە ئۇن تاماقنى ئاساس قىلىدۇ. گۆش تۈرلىرىدە مۇسۇلمانلار قوي، كالا، تۆگە، ئات، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ ئىستېمال قىلىدۇ. چوشقا بىلەن ئېشەك گۆشىنى يېمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، پولۇ، پېتىرمانتا،

ساماسا، كاۋاپ قاتارلىقلار بار. ئۆي ئىچىنى بېزەشتە كۆپىنچە تامغا گىلەم تارتىدۇ. ئائىلە جابدۇقلىرىغا مىللىيچە گۈل نۇسخىلىرى ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئۆي ئىچىنى رەڭدار، كۆركەم بېزەيدۇ. ھېيت-بايراملىرىدىن روزى ھېيت، قۇربان ھېيت بار. بايرام كۈنلىرى ھەرقايسى مەسچىتلەردە نافرا-سوناي چېلىنىپ بايرام تەبرىكلىنىدۇ.

1987-يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالىسى 52 مىڭ 738 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 16.45% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 4-پاراگراف خۇيزۇلار

خۇيزۇلار چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 20-يىلى (1755-يىلى) دىخۇاغا تۇركۈملەپ كۆچۈپ كەلگەن. جۇڭغار توپىلىڭى تىنچلاندۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى دىخۇادا تۇرۇپ بوز يەر ئاچقان. ھەربىي قوشۇندىكى خۇيزۇ ئەسكەرلەرمۇ ھەرقايسى دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا بۆلۈۋېتىلگەن. ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەرلەرنى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغان. نۇرغۇن خۇيزۇ ئەسكەرلەر ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە دىخۇادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرقى شاۋدۇڭلياڭ، سەنشىخاڭزا ئەتراپىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 21-يىلى (1895-يىلى) گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپىدىكى خۇيزۇ خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ مەغلۇب بولغاندىن كېيىن تۇركۈملەپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن. ئۇنىڭ بىر قىسمى دىخۇاغا ئېقىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىرقى خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى چاغدا چىڭخەيدىن كەلگەن خۇيزۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭغا جان بېقىش ئۈچۈن كەلگەن خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىخۇادا ماكانلىشىپ قالغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) ماجۇڭيىڭنىڭ باشلامچىلىقىدىكى 10 مىڭغا يېقىن خۇيزۇ ئەسكەر شىڭ شىسەيدىن يېڭىلىپ قېلىپ كۆپىنچىسى دىخۇادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا ماچىڭشياڭنىڭ ئاتلىق بەشىنچى كورپۇسىدىكى خۇيزۇ ئەسكەرلىرىدىنمۇ دىخۇادا تۇرۇپ قالغانلىرى بار. بىر قىسىم يەر-جاي ناملىرىنىمۇ خۇيزۇلار قويغان. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا «نىڭشياۋەن» دېگەن جاي ئىسمىنى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 30-يىلى (1765-يىلى) نىڭشا مەھكىمىسىگە قاراشلىق خېيۈەن، شىجىدا كەلگۈن ئاپىتى بولۇپ، ئىككى كەنتتىكى 250 دەك ئادەم كۆچۈپ كەلگەنلىكتىن بۇ ئىسىم قويۇلغان. «سەنشىخاڭ» نى گۇاڭشۇ سەلتەنەتى دەۋرلىرىدە سەنشىلىق تۆگە ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خۇيزۇلار كۆچۈپ كېلىپ قويغان. «گۇيۈەنخاڭ» نى جۇڭخۇا مىنگو مەزگىلىدە نىڭشانىڭ گۇيۈەندىكى خۇيزۇلىرى ئارقا-ئارقىدىن كۆچۈپ كېلىپ بۇ ئىسمىنى قويغان. ئۇنىڭدىن باشقا خۇيزۇ مەسچىتلىرىمۇ يەر نامىغا ئاساسەن سېلىنغان. مەسىلەن، شىنىڭ مەسچىتى، چىڭخەي مەسچىتى، لەنجۇ مەسچىتى، سەنشى چوڭ مەسچىتى، خېجۇ مەسچىتى، سۇجۇ مەسچىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئەسلىدە شۇ مەسچىتلەرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

خۇيزۇ خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەئەنىۋى مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك ھالدا ئەرەبلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن سىرت، كۆپىنچىسى خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگەنگەن ۋە ئىگىلىگەن. كۈندىلىك تۇرمۇشتا خەنزۇ يېزىقى بىلەن خەنزۇ تىلىنى قوللىنىدۇ.

خۇيزۇلار تۇرمۇش ئادىتىدە كۆپىنچە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. كونا نىكاھ

ئادىتىدە يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشى بىرقەدەر كۆپ ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن نىكاھ سودىسى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم كونا ئادەتلەر يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن: ئوغۇل-قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلەشكەندىن كېيىن يەنىلا ئەلچى تەكلىپ قىلىنىپ «يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى» بېرىلىدۇ. نىكاھ ئىشى بېكىتىلگەندىن كېيىن يەنە «چوڭ سوۋغا» تەقدىم قىلىنىپ قودا تەرەپ بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي مۇراسىمىدا ئادەتتە مېھمان چاقىرىدۇ، تەبرىكلەپ كەلگۈچىلەر سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈشتە يىگىت توي قىلىپ بولغان بىر ياشنى «يىگىت قولدىشى» قىلىدۇ ھەم قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا «سالام» دەپ كۈيئوغۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قىز توي قىلمىغان دوستىنى قولداش قىلىدۇ. ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى قىزنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. نىكاھلىنىشتا نىكاھقا تىزىملىتىشتىن سىرت يەنە ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ نىكاھ ئوقۇتقاندىن كېيىن ئاندىن ھەقىقىي قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن بولۇشىدۇ. خۇيزۇلارنىڭ دەپنە ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە مېيىتنى يەرلىككە قويىدۇ. مېيىتنى يۇيۇپ، كېپەنلىككە ئېلىپ (قۇرئان خەتى يېزىلغان ئاق خەسسە) مەسچىتتە ياكى ئۆيدە ئاخۇن مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يەرلىككە قويىدۇ.

خۇيزۇلارنىڭ كىيىنىشىدە، ياشانغانلار قارا رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان-چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوتتۇرا ياش ئەرلەر ئاق رەختتىن تىكىلگەن دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياشانغان خۇيزۇ ئاياللىرى بېشىنى ئاق ياغلىق بىلەن ئوراپ چىگىۋالىدۇ. پاچىقىغا لاتا يۆگەيدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياش خۇيزۇ قىز-چوكانلىرى كەشتە ئىشلەنگەن چاپان، ئاياغ كىيەتتى، ھازىر خەنزۇلارغا ئوخشاش كىيىنىدۇ. ئاياللار ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇزىننەتلەرنى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. مېھمانغا بېرىشتىن ئىلگىرى تىرناقلىرىنى بويايدۇ. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى چېچىنى بۇدرە قىلمايدۇ، قىسقا يەڭلىك كۆڭلەك كىيمەيدۇ. يېمەكلىكتە ئۇن تاماقنى ئاساس قىلىدۇ. گۆش يېمەكلىكلىرىدە ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە بويسۇنىدۇ. ئۇلاردا ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش چەكلەنگەن. خۇيزۇلارنىڭ ئۇن تاماق تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، لەغمەن، قورۇما چۆپ، شورپانان، لەگمۈك، سېرىق ئاش قاتارلىق ئاش-تائاملىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بايرام-ھېيتلاردا ساگزا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرىدۇ، قوي گۆشىدىن پىنتوزا شورپىسى ئېتىدۇ.

خۇيزۇ ئائىلىسىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنە بولۇپ، ئۇلاردا ئىككىدىن تۆت ئەۋلادقىچە بىر ئائىلىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەھۋالى بىرقەدەر كۆپ. چوڭلار پۈتۈن ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. رايوندىكى خۇيزۇلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، تۆگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق، يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن ۋە ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغانلار كۆپ ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسپلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇيزۇلار بار بولدى.

خۇيزۇلار تازىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھويلا-قورۇ تازىلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ، ئۆي ئىچى ۋە ئىشىك-دېرىزىلىرى پاكىز سۈرتۈلىدۇ. بولۇپمۇ سۇ ئىشلەتكەندە تازىلىققا تېخىمۇ دىققەت قىلىدۇ.

1987-يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا خۇيزۇلارنىڭ ئاھالىسى 28 مىڭ 977 بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 9.04% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 5-پاراگراف قازاقلار

قازاقلار ئۇزۇن تارىخقا ئىگە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى) دىن كېيىن ئالتاي رايوندىكى يايلاق يېتىشمەي نۇرغۇن قازاق چارۋىچى ئۇرۇمچى

ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا ماللىرىنى باققان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تەگرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلارغا ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ماكانلاشقان. كېيىن ئاز بىر قىسىم نامرات قازاق چارۋىچىلار دېھقانچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلغان.

ھازىر رايون تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان قازاقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئورگان كادىرى، ئىشچى، ئوقۇغۇچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلانباي، قارلىغاچلىق ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان قازاقلار يەنىلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماقتا.

قازاق مىللىتىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى بار، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناخشا-قوشاق، ھېكايە، چۆچەك بار بولۇپ، مەزمۇنى مول، «ئاقىن» (خەلق ناخشىچى)لارنىڭ ئوقۇپ چىلىشلىرى قازاق خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت شەكلى بولۇپ، ئۇسسۇللىرى يېنىك، ناخشىلىرى يېقىملىق، قويۇق يايلاق پۇرىقىغا ئىگە.

قازاقلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ئادەتتە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى بايرىمى روزى ھېيت، قۇربان ھېيتتىن باشقا نورۇز بايرىمى ھەر يىلى (3-ئاينىڭ 20-كۈنى ياكى 21-كۈنى بولىدۇ) بار. بۇ بايرامغا بۇغداي، قوناق، ئىرىمچىك، گۆش قاتارلىق يەتتە خىل يېمەكلىكتىن ئارىلاشتۇرۇپ راسلانغان «نورۇز تامىقى» تەييارلىنىپ، «نورۇز ناخشىسى»، «نورۇز ئۇسسۇ-لى» ئويناپ ئۆزلىرىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، چارۋىلىرىنىڭ ئاينىشىنى، زىرائەتلىرىنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلەيدۇ.

قازاقلارنىڭ چارۋىچى ئەرلىرى تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقلىق تۇماق، چەبەرقۇت ئىشتان، سىرتىغا جۇۋا كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. پۇتىغا قونجىلۇق ئۆتۈك كىيىدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىمى، تاشقى كىيىمىنىڭ ياقىسىغا، يېڭىگە، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن كەشتە ئىشلەيدۇ. كىچىك قىزلار رەڭگى ئوچۇق دوپپا كىيىشنى، دوپپىسىغا مۈشۈك ياپىلاقنىڭ پېيىنى قىستۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. توي قىلغان ئاياللار كەشتە ئىشلەنگەن ياغلىق، ياشانغان ئاياللار ئاق رەڭلىك ياغلىق چىگىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھازىر شەھەردە ئولتۇراقلاشقان قازاقلارنىڭ كىيىنىشى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يېمەكلىكتە گۆش ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىدۇ. قازاق مىللىتى قىزغىن، مېھماندوست، ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھى كۈچلۈك مىللەت.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، رايوندىكى قازاقلارنىڭ ئاھالىسى 4663 بولۇپ، پۈتۈن رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 1.45% نى تەشكىل قىلىدۇ.

## 6-پاراگراف باشقا مىللەتلەر

بىرىنچى، مانجۇلار

رايوندىكى كۆپ قىسىم مانجۇلار مائارىپ، سەھىيە ۋە ئورگان خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ سەلتەنەتى مەزگىللىرىدە شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن «سەككىز قوشۇن» ئوفىتسېر جەڭچىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى. ئازادلىقتىن كېيىن بىر قىسىم مانجۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن.

مانجۇ مىللىتىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى بولسىمۇ ئەمما ئۇزۇن مۇددەتلىك مانجۇلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزئارا بېرىپ-كېلىشىدە خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ھازىر رايوندىكى مانجۇلار ئىچىدە ئۆز تىلىنى بىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت، كىيىنىشىمۇ خەنزۇلار بىلەن ئوخشاپ

كېتىدۇ. 1987-يىلى رايوندىكى مانجۇلار ئاھالىسىنىڭ سانى 1369 بولۇپ، رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 0.43% نى تەشكىل قىلىدۇ.

### ئىككىنچى، موڭغۇللار

رايون ئىچىدىكى كۆپ قىسىم موڭغۇللار مائارىپ، سەھىيە، ئاخبارات، نەشرىيات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. رايوندىكى موڭغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جىڭ ناھىيىسى ۋە بۆرتالا شەھىرىدىن كەلگەن، ئاز بىر قىسمى باشقا يەردىن كەلگەن. نۆۋەتتە ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ۋە يېزىقىنى ساقلىغان.

موڭغۇل مىللىتىنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى بار. رايوندىكى موڭغۇللار ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا، ئۇيغۇر، قازاق تىلىنى ئىشلىتىدۇ. موڭغۇل خەلقى لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ شەھەردىكى ئاھالىسى ئاز بولغاچقا، ئەنئەنىۋى ئۇدۇم ۋە بايرىمى «نادام»نى ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى يوق. پەقەت ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە نورۇز ئېيىنىڭ 15-كۈنى ئۆتكۈزىدىغان «مەدىر» بايرىمى قاتارلىق ئەنئەنىۋى بايرىمىلا ساقلىنىپ قالغان. نىكاھ ئادىتىدە ئوخشاش فامىلىلىكلەر توي قىلمايدۇ. توي مۇراسىمى بىر كۈنلا بولىدۇ. تويغا كەلگەن مېھمانلار ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنىدۇ ھەم ناخشا بەزمىسى ئارقىلىق توي قىلغۇچىلار قۇتلۇقلىنىدۇ. دەپنە ئادىتىدە يەرلىككە قويۇش، كۆيدۈرۈش، تاغ ئۈستىگە دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئادەت بار. ھازىر ئىچكىرى تۈردە يەرلىككە قويۇپ دەپنە قىلىشنى قوللىنىپ كەلمەكتە. چوڭ بايرام كۈنلىرى، خۇشاللىق كۈنلەردىكى مەرىكىلەردە ئەنئەنىۋى مىللىيچە كىيىم كىيىدۇ، باشقا ۋاقىتلاردا ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىدۇ.

1987-يىلى رايوندىكى موڭغۇللارنىڭ ئاھالىسى 994 بولۇپ، رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 0.31% نى تەشكىل قىلىدۇ.

### ئۈچىنچى، رۇسلار

رۇس مىللىتى 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاررۇسىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدە كۆچۈپ كېلىپ دىخۇادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان رۇسلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. شېڭ شىسەي دەۋرىدە ئۇلار «ئىتائەتمەن مىللەت» دەپ ئاتالغان. ئازادلىقتىن كېيىن تۈزىتىپ رۇس مىللىتى دەپ ئاتالدى. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە ئوخشاش بولمىغان مىللەت بىلەن نىكاھلىنىش سەۋەبىدىن ئىككىنچى ئەۋلاد ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد رۇس مىللىتى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ زور كۆپ ساندىكىلىرى خەنزۇچە ئىسىم-فامىلە قوللاندى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مائارىپ، سەھىيە ۋە رېمونتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار رۇس يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. كۆپچىلىكى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. نىكاھ ئىشلىرىدا ئافىسى، ھامىسى، ئاچا-سىڭىل، ئاكا-ئۇكا يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ توي قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئوغۇل-قىزلار قۇرامىغا يەتكەندە ئەركىن مۇھەببەتلىشىدۇ. تويدا سوۋغا قوبۇل قىلمايدۇ، توي مۇراسىمى ئادەتتە چېركاۋدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن روجدېستۋا بايرىمى بار. كىيىم-كېچەكتە ئەرلەر كۆپىنچە كاستۇم-بۇرۇلكا، ئاياللار كۆڭلەك كىيىدۇ، رەڭلىك چاسا ياغلىق چېگىشنى ياخشى كۆرىدۇ. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، رايوندىكى رۇسلارنىڭ ئاھالە سانى 712 بولۇپ، رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 0.22% نى تەشكىل قىلىدۇ.

### تۆتىنچى، شىبەلەر

رايون ئىچىدىكى شىبە مىللىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ سەلتەنەت مەزگىللىرىدە شەرقىي شىمالدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن شىبە ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆز تىل-يېزىقى بار. ئۇلارنىڭ ھازىرقى كىيىنىشى خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش، ئاياللىرى ئۇزۇن كۆينەك

كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېمەكلىكتە ئۇن، گۈرۈچنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. سۈت چاي، قايماق قاتارلىق سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەر يىلى دېھقانلار كالېندارى بويىچە 4-ئاينىڭ 18-كۈنى «غەربكە كۆچۈش بايرىمى» بولۇپ، توپلىشىپ تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنى ئەسلەيدۇ. باشقا بايرىمى تاۋۇز چاغىنى قاتارلىقلار بولۇپ خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش. نىكاھ، دەپنە ئادەتلىرى خەنزۇلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. 1987-يىلى رايون ئىچىدىكى شىبە ئاھالىلىرىنىڭ سانى 707 بولۇپ، رايون ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 0.22% نى ئىگىلىگەن.

بەشىنچى، ئۆزبېكلەر

ئۆزبېك مىللىتى 17-ئەسىردىن كېيىن دىخۇاغا كېلىپ تىجارەت قىلىپ ئارقا-ئارقىدىن ماكانلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۆز تىل-يېزىقى بار. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئۆرپ-ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. 1987-يىلى رايوندىكى ئۆزبېك ئاھالىلىرىنىڭ سانى 448 گە يېتىپ، رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالە سانىنىڭ 0.14% نى تەشكىل قىلغان.

## 1987-يىلى تيانشان رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ستاتىستىكا جەدۋىلى

(1987-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى)

1-1-1-19 جەدۋەل

| ج خ پەيچۇسولىرى | ئۇيغۇر | خەنزۇ | خۇيزۇ | قازاق | مانجۇ | موڭغۇل | رۇس | شىبە | ئۆزبېك | تاتار | قىرغىز | داغۇر | تاجىك | باشقا | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دوگمەن | 43243 | 2244 | 1326 | 282 | 199 | 120 | 74 | 67 | 10 | 3 | 8 | 8 | 9 | 128 | 47721 |
| ليۇداۋان | 25541 | 1617 | 1505 | 301 | 131 | 39 | 64 | 53 | 15 | 23 | 19 | 3 | 1 | 55 | 29367 |
| شىخاگەي | 23345 | 3564 | 1916 | 120 | 145 | 75 | 40 | 93 | 14 | 8 | 36 | 10 | 3 | 37 | 29406 |
| شىمەن | 17346 | 1037 | 579 | 106 | 138 | 33 | 41 | 43 | 10 | 8 | 9 | 1 | | 20 | 19371 |
| نەنمەن | 26799 | 3207 | 2313 | 266 | 140 | 95 | 120 | 95 | 34 | 20 | 44 | 13 | | 71 | 33217 |
| شياۋخوگلياڭ | 8497 | 5944 | 8868 | 192 | 42 | 74 | 52 | 35 | 5 | 2 | 7 | 6 | | 68 | 23792 |
| نەنگۇمەن | 4414 | 4100 | 3753 | 15 | 37 | 4 | 13 | 5 | 6 | | | | | 21 | 12368 |
| شىخلبا | 13620 | 6736 | 2322 | 249 | 138 | 88 | 51 | 91 | 26 | 13 | 20 | 8 | | 53 | 23415 |
| باخۇلياڭ | 12633 | 11145 | 2432 | 519 | 107 | 183 | 93 | 90 | 137 | 79 | 71 | 20 | 6 | 75 | 27590 |
| غالىبىيەت يولى | 24253 | 11345 | 2271 | 1530 | 174 | 235 | 127 | 120 | 189 | 185 | 124 | 6 | 10 | 57 | 40626 |
| قارلىغاچلىق | 15209 | 1432 | 817 | 824 | 52 | 34 | 32 | 10 | 1 | 5 | | 4 | 4 | 63 | 18487 |
| ئۇلانباي | 10284 | 177 | 584 | 253 | 53 | 14 | 5 | | 1 | | | | | 25 | 11396 |
| تۆز كۆل | 3238 | 190 | 291 | 6 | 13 | | | 5 | | | | | | 2 | 3745 |
| جەمئىي | 228422 | 52738 | 28977 | 4663 | 1369 | 994 | 712 | 707 | 448 | 346 | 338 | 79 | 33 | 675 | 320501 |

# 2-باب خەلق ئىشلىرى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى 11-ئايدا (1945-يىل) دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن ئىجتىمائىي بۆلۈم قۇرۇشنى باشلاپ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى ئايرىپ باشقۇردى. خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئاساسلىقى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش باۋ-جيا، نوپۇس مەمۇرىيىتى، سايلام، ھەربىيلەر ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىش، زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش قاتارلىق ئىش تۈرلىرىنى باشقۇرغان. ئىجتىمائىي بۆلۈم قۇتقۇزۇش، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىنى بېجىرگەن. شەھەرگە قاراشلىق رايونلار شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئىجتىمائىي بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلق ئىشلىرىغا دائىر خىزمەتلەرنى بېجىرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن ھەرقايسى رايونلاردىكى خەلق مەھكىمىلىرىدە بىردىن ئىككىگىچە خەلق ئىشلىرى ياردەمچى خادىمى سەپلەندى. 1956-يىلى ئىككى رايوندىكى خەلق ھۆكۈمىتىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمچىسىنى تەسىس قىلىپ ئۈچتىن خىزمەتچى خادىم سەپلىدى (بۆلۈمچە باشلىقىدىن بىرى قويۇلغان). شۇ يىلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمچىسى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، خىزمەتچى خادىملىرى بەشكە كۆپەيتىلدى، (بۆلۈم باشلىقىدىن بىرى قويۇلدى). 1960-يىلى تيانشان رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى خىزمەتچى خادىم سەككىز نەپەرگە يەتتى. (بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلغان) 1970-يىلى 2-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى خەلق ئىشلىرى كەسپىنى باشقۇرغان.

1975-يىلى 4-ئايدا، تيانشان رايونى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. خىزمەتچى خادىملار 11 نەپەرگە يەتتى (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تۆت نەپەر)، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سەپلەندى. 1987-يىلى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى 11 نەپەر بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە بەشى ئاز سانلىق مىللەت)، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قويۇلدى.

## 2-پاراگراف ئاھالىلەر كومىتېتى

1950-يىلى 1-ئايدا دىخۇا شەھىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى باۋ-جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، كوچا، يېزا ئاممىۋى ئورنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇندىن ئوتتۇزغىچە ئائىلە توپلاشقان ئورۇن بىر مەمۇرىي ۋەكىللىك رايون بولىدۇ. ئاممىۋى ئامزاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق مەمۇرىي ۋەكىللەرنى سايلاپ، مەمۇرىي ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلىپ ھەر بىر مەمۇرىي ۋەكىل بىر نەپەر ۋەكىل مۇدىرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوچا باشلىقى، يېزا باشلىقى ھەم مۇئاۋىنلىرىنىڭ نامزاتى سايلاپ چىقىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا كوچا باشلىقى، يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى. يېزا ئاممىۋى ئورنى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، مەمۇرىي ۋەكىللەر، ۋەكىل مۇدىرلار، كوچا باشلىقى، يېزا باشلىقلىرى ئاممىغا تايىنىپ

ئامىمغا رەھبەرلىك قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: جاسۇسلاردىن، باندىتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە رەھبەرلىك قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەپ، ئىجەشلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش؛ خەلق ئىچىدىكى ماجرانى مۇرەسسە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئاممىنى مەدەنىيەت، سىياسەت ئۆگىنىشكە، تازىلىققا رىئايە قىلىشقا تەشكىللەش؛ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ئۆتنە قىلىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەكىللەردىن، مۇدىرلاردىن، كوچا باشلىقى، يېزا باشلىقلىرىدىن ئاممىنىڭ پىكرىنى ۋە تەنقىدىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەلەپ قىلىندى.

1955-يىلى ھەرقايسى رايونلاردا ئاھالىلار كومىتېتى قۇرۇلۇشى باشلاندى. «شەھەر ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ تەشكىلى نىزامى» بويىچە ئاھالىلار كومىتېتى 100 — 600 گىچە ئائىلىدىن تەشكىللىنىپ، كومىتېت ئەزالىرى 7 — 17 گىچە قىلىندى. (مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن بىردىن ئۈچكىچە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 15 — 40 گىچە ئائىلە بىر ئاھالىلار كىچىك گۇرۇپپىسى قىلىنىپ، بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قويۇلدى. (گۇرۇپپا باشلىقى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان بولىدۇ). 1955-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جەمئىي 71 ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلۇپ، 142 نەپەر مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر سايلاپ چىقىلدى. ئاھالىلەر گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن 213 ئادەم سايلاپ چىقىلدى.

ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «نىزام» دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئاھالىلەرنىڭ ئاممىۋى پاراۋانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بېجىرىپ، يەرلىك خەلق كومىتېتى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتەن ئورگانلىرىغا ئاھالىلەرنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئىنكاس قىلدى. ئاھالىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قانۇن، ئەمىر-پەرمانلارغا رىئايە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى؛ ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى؛ ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجرالارنى مۇرەسسە قىلدى.

ھەر نۆۋەتلىك ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، ھۆكۈمەت ھەر ئايدا 30 يۈەن خىراجەت پۇلى ئاجرىتىپ بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىش بېجىرىش خىراجىتى سەككىز يۈەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى 22 يۈەن).

1960-يىلى، شەھەردە خەلق كوممۇنالىشىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ نامى باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962-يىلى ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1975-يىلى، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى پۈتۈن شەھەر بويىچە «سوتسىيالىستىك چوڭ قورۇلار» نى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلدى، تيانشان رايونىدا سوتسىيالىستىك چوڭ قورۇدىن جەمئىي 382 سى بارلىققا كەلدى.

1982-يىلى 5-ئايدا شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۈنجى قېتىملىق مەھەللە خىزمەت يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن ئاھالىلار كومىتېتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېنىقمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئاھالىلار كومىتېتىدا تەسىس قىلىنغان ئاياللار، ياشلار ئامانلىق ساقلاش، مۇرەسسە، تازىلىق خىزمەت كومىتېتلىرى ئېنىقمۇ مۇكەممەللەشتى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ قېرى، ئاجىز بولۇشى، ئادەم كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋالى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتى 30 يۈەندىن 90 يۈەنگىچە كۆپەيتىلدى. جەنۇبىي ئازادلىق يولى، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى

ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆز تارمىقىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا ھەر ئايدا 15 يۈەندىن قوشۇپ تارقاتتى. يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئاساسىي قاتلامدا 30 يىل خىزمەت قىلغان 36 نەپەر ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى بىر قېتىمدىلا پېنسىيىگە چىقىرىپ، ئۇلارغا 15 مىڭ 500 يۈەن پېنسىيە پۇلى تارقاتتى.

ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خىزمەتتە جاپادىن، ھېرىپ-چارچاشتىن قورقماي، تەمسىلات بىلەن ھېسابلاشماي ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۇنۇملۇك، جانلىق ئىشلەپ كەلدى. ئاھالىلار كومىتېتىدىكى كۆپىنچە كادىرلار ياش ۋاقتىدىن باشلاپ تاكى قېرىپ پېنسىيىگە چىققىچە ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئاھالىلەر كومىتېتى خىزمىتىگە تەقدىم قىلدى.

ئاھالىلەر كومىتېتى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمىتى ئاممىنىڭ قوللىشى، ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، ئاھالىلەر كومىتېتىغا ئىنتايىن يۇقىرى شان شەرەپ بېغىشلىدى. 50-يىللاردا تازىلىقتا مەملىكەت بويىچە نەمۇنە ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن يىڭى دېموكراتىيە يولى ئاھالىلار كومىتېتى «شۈي جەمەتى چوڭ قورۇسى» نىڭ ۋەكىلى ۋە قىزىلتاغ يولى ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش نەمۇنىچىسى گوشۈلەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

1985-يىلى شەھەر بىلەن يېزا تۇتاشقان ئورۇنغا جايلاشقان خىيجاسەن ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرۇش تەۋەسىنىڭ پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق ئەھۋالىنى تۈزۈش ۋە ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. خىيجاسەن ئاھالىلەر كومىتېتى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش يىڭى بىلەن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاممىنىڭ سۇ ئىچىشى قىيىن بولۇش، يول يۈرۈشى قىيىن بولۇش، چىراغ يېقىشى قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا بېرىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى قىيىن بولۇشتەك ئالتە چوڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ھەمدە سىملىق رادىئو ئورنىتىپ بەردى. 1986-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەن لى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەتلەر خىيجاسەن باشقۇرۇش رايونىغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كۆچۈردى.

نىڭشاۋەن ئاھالىلەر كومىتېتى ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىدە ئۇدا بىرقانچە يىل رايون مەھەللە ئامانلىق ساقلاش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ شەرقىي مەدەنىيەت يولى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى كادىرلارنىڭ يولدىن ئازغان ياشلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىندى ھەمدە مەخسۇس خەۋەر قىلىندى.

1985-يىلدىن 1987-يىلغىچە، پۈتۈن رايون تەۋەسىدىكى ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ھەر يىلى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئون پىرسەنتى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى.

1987-يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن رايوندا 109 ئاھالە كومىتېتى قۇرۇلدى، 42 ئاھالە كومىتېتى «ئالتە بولۇش» ئۆلچىمى (تامغىسى بولۇش، ۋۇيۇسكىسى بولۇش، ئىشخانىسى بولۇش، تەشكىلى بولۇش،

راسخوتى بولۇش، تۇزۇمى بولۇش) گە يەتتى. ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى 210 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 86) غا يەتتى. شۇ يىلى ئاساسىي قاتلاملاردا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىل بولغان ئاھالىلەر كومىتېتى كادىرلىرىغا بىر قېتىملىق پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

## 3-پاراگراف ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، 10-ئاينىڭ 20-كۈنى، رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۈچتاشتىن بېيمىڭچە رەتتە تۇرۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدە دىخۇاغا كىرگەن برونېۋىك تۈەنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى ئۆزلۈكىدىن قارشى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن چېگرا شەھىرىدە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

1951-يىلى مەركەزنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئائىلىنى، ۋەتەننى قوغداش» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگو خەلق پىدائىيى قىسىملىرىنىڭ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى پۇل، مال-مۈلۈك ئىئانە قىلدى، بۇ جەرياندا ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىشلار بارلىققا كەلدى. مەھەللە ئاساسىي قاتلام كادىرى جياڭ شۇيىڭ (ئايال، خۇيزۇ) ئۆزىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى دۆلەتكە تەقدىم قىلىپ، دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

50-، 60-يىللارنىڭ باشلىرى، ھەر قېتىملىق بايراملاردا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ ھەربىيلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سورىدى، ئۇلارغا لەۋھە، پايپاق، پېتەك، يىپ، يىڭنە، سومكا قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى. ھال سوراش ئۆمىكى بارغانلىكى يېرىدە قىسىمدىكى ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىللىگەن ھال سوراش پائالىيىتىدە ئاساسلىقى رايوندا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى، ئىزنەك، كالىندار، لۆڭگە، سوپۇن قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار تەقدىم قىلىندى.

70-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنى ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ ھەربىيلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال-ئەھۋال سوراشقا ئۇيۇشتۇردى. ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىلىرىگە «شەرەپلىك ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلىسى»، «شەرەپلىك ھەربىيلەر ئائىلىسى»، «شەرەپلىك ئائىلە» دېگەن ۋىۋىسكىلار ئېسىلدى. تۈرلۈك ئاسمىلار ئېسىلدى، ھال سوراش بۇيۇملىرى تەقدىم قىلىندى. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىسى ئەن چۈنيى موماي 1971-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 10 جۈپ لاتا خەي تىكىپ، قارا قۇرۇم تېغىدىكى ئەۋلىيا قۇلتۇقى قاراۋۇلخانىسىدىكى جەڭچىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىپ، پەرزەنت ئەسكەرلەرگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.

ھەر يىلى يېڭى يىل، باھار بايراملىرى مەزگىلىدە ھەر مىللەت خەلقى ھەربىي قىسىملار، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، ئاھالىلەر كومىتېتلىرى ئۆز تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى ۋە ئاممىنى كوماندىر جەڭچىلەرنىڭ يوتقان-كۆرپە،

كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىشكە تەشكىللىدى. جەڭچىلەرگە شىنجاڭ ئاتالمىرىدىن لەغمەن، سۇيۇق-ئاشلارنى ئېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تەڭشىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەمگەك كۈچى ئازراق بولغان نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ بەردى، ئۆي ئىچى، هويلا-ئاراملارنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ بەردى، ئۆيلىرىنى ئاقارتىپ بەردى، لۆڭگە، پەلەي، سوپۇن، قەلەم، خاتىرە، كىتاب، ژۇرنال قاتارلىق هال سوراش بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئارمىيىنى هىمايە قىلىش-ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتى پۇختا، مول مەزمۇندا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلدى.

1983-يىلى تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى قېتىم ئارمىيىنى هىمايە قىلىپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، هۆكۈمەتنى هىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 22 ئىلغار كوللېكتىپ، 146 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

1985-يىلى جۇڭگو-ۋېيتنام چېگرىسىدىكى ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتارما زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان 50 ئۆيلۈك هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىدىن نوقتىلىق هال سورىدى، پۈتۈن رايون تەۋەسىدە «لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭچىلەرنى خاتىرجەم قىلىش پائالىيىتى» قانات يايدۇرۇلدى. 30 دىن كۆپرەك نەپىقە بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ خىزمەت قىلىپ، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىپ بەردى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 15 ئائىلىلىكنىڭ ئۆيى تەڭشەپ بېرىلدى، 10 كىشىنىڭ پەرزەنتلە-رىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسى هەل قىلىندى. لاۋشەن ئالدىنقى سېپىگە 20 مىڭ 348 پارچە هال سوراش بۇيۇمى ئەۋەتىلدى. تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى 58 جەڭچى لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەندە، رايون بويىچە 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن 3440 يۈەن مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ هەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇردى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ هەممىسى هەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزى قۇردى. رايوندا تۇرۇشلۇق 500 دىن يۇقىرى ئادەمى بار دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار هەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىدىن 18 نى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن تيانشان رايونلۇق هەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىگە يېتەكچىلىك قىلىش هەيئىتى قۇرۇلدى. خەلق ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن رايون باشلىقى مەسئىمىن سادىق يېتەكچىلىك قىلىش هەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولدى. هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان هەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، مەجرۇھ هەربىيلەر، هەربىيلەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلىندى. هەربىي-لەر ئائىلىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش مەركىزىنىڭ مەقسىتى هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويلاپ، هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ غەم ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش، قىسمىغا ماسلىشىپ، هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان سىياسىي ئىدىيۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، هەربىيلەرنى خاتىرجەم مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇ يىلى هەرقايسى هەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش مەركەزلىرىدىن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ئادەم 786 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. غەمخورلۇق قىلىش-نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ياردەملىشىپ 771 ئېغىز ئۆي هەل قىلدى، 346 ئېغىز ئۆيىنى رېمونت قىلدى. 78 ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، 62 كىشىنىڭ ئىش تۈرى تەڭشەپ بېرىلدى. 382 كىشىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە، يەسلىگە كىرىش مەسىلىسىنى هەل قىلدى، 567 ئادەم (قېتىم) ئاشلىق، كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەردى.

غەمخورلۇق قىلىش-نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا نەپىقە بېرىشتە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئاساسلىقى غەمخورلۇق قىلىش-نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىش تېپىپ ئىشلەپ كىرىمىنى كۆپەيتىشىگە ياردەم بېرىلدى. 60-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دۆلەتنىڭ نورمىلىق ئاشلىق قوشۇمچە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولدى. چوڭ نوپۇسقا ھەر ئايدا 10 كىلوگرام، كىچىك نوپۇسقا ھەر ئايدا بەش كىلوگرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 15 كىلوگرام ئۇن بېرىلدى. 1955- ۋە 1963-يىللىرى ئىككى قېتىم تەڭشەش ئارقىلىق ئۇن نورمىسى يىلمۇ يىل كۆپەيتىلدى. 1965-يىلى ئۇن قوشۇمچە ياردىمى نەق پۇل قوشۇمچە ياردىمىگە ئۆزگەرتىلدى. ھەر ئايدا بىر كىشى بولغان بىر ئائىلىگە سەككىز يۈەن، ئىككى كىشى بولغان بىر ئائىلىگە 15 يۈەن، ئۈچتىن ئارتۇق ئادىمى بار بىر ئائىلىگە 45 يۈەن بېرىلدى. 1979-يىلى رايون بويىچە غەمخورلۇق قىلىش-نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 278 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتى 14 كىشى، مەجرۇھ ھەربىي 244 كىشى؛ كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي بەش كىشى، قۇربان بولغان، كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلەر 15 كىشى ئىدى. ئۇلارغا جەمئىي 23 مىڭ 200 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى.

1985-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى شەھەردە تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان، مۇقىم كىرىمى بولمىغان، ھەربىيدىن چېكىنگەن قېرى، ئاجىز ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىگە-چاقىسىز قېرى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى 50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. ئىگە-چاقىسىز قېرى ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ياردەم ھەققى 60 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. قېرى، ئىگە-چاقىسىز ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا 40 يۈەن بېرىلدى. قەرەللىك قوشۇمچە پۇل بەرگەندىن سىرت، غەمخورلۇق قىلىش-نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقى بارلارغا قىش پەسلىدە كىيىم-كېچەكنى ئالماشتۇرغۇزۇش، ئۆيىنى رېمونت قىلدۇرۇش، كېسىلىنى داۋالىتىشقا توغرا كەلگەنلەرگە ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى.

1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە جەمئىي 582 مىڭ 800 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى.

**1979-يىلدىن 1987-يىلغىچە ياردەم بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا تارقىتىلغان نەپىقە قوشۇمچە ياردەم پۇلى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

بىرلىكى: 10مىڭ يۈەن

1-3-2-19 جەدۋەل

| يىللار | مېيىپلار نەپىقە پۇلى | | ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەپىقە پۇلى | | ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەرگە قەرەللىك بېرىلگەن ياردەم پۇلى | | قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلارغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇل | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل |
| جەمئىي | 2621 | 18.57 | 229 | 10.25 | 73 | 2.63 | 327 | 26.83 |
| 1979 | 244 | 1.12 | 14 | 0.32 | 5 | 0.17 | 15 | 0.72 |
| 1980 | 288 | 1.22 | 16 | 0.44 | 6 | 0.21 | 32 | 1.52 |
| 1981 | 221 | 1.44 | 29 | 0.79 | 7 | 0.28 | 46 | 2.35 |
| 1982 | 219 | 1.42 | 22 | 0.66 | 10 | 0.31 | 36 | 1.80 |
| 1983 | 315 | 1.99 | 28 | 0.82 | 8 | 0.27 | 41 | 2.01 |

| يىللار | مېيىپلار نەپىقە پۇلى | | ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نەپىقە پۇلى | | ھەربىي سەپتىن قايتقان ئەسكەرلەرگە قەرەللىك بېرىلگەن ياردەم پۇلى | | قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلارغا بېرىلىدىغان نەپىقە پۇل | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل | ئادەم سانى | پۇل |
| 1984 | 331 | 1.99 | 27 | 1.21 | 8 | 0.29 | 33 | 1.80 |
| 1985 | 323 | 3.48 | 30 | 1.75 | 8 | 0.34 | 32 | 1.63 |
| 1986 | 339 | 3.03 | 31 | 208 | 6 | 0.26 | 30 | 1.83 |
| 1987 | 341 | 2.88 | 32 | 2.18 | 15 | 0.50 | 62 | 13.17 |

## 4-پاراگراف ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) 11-ئايدا دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۇ تەسىس قىلغان ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇدى. ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاممىۋى ئىشلار ئورنى ئاشلىق تەڭشەش خادىملىرىنى تەسىس قىلىپ، رايون تەۋەسىدىكى نامرات ئائىلىلەرنى ئاي بويىچە تەكشۈرۈپ تىزىملاپ شەھەرلىك ئىجتىمائىي ئىشلار ئىشخانىسىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاشلىق تەڭشەش ئورنى چوڭ نوپۇسلارغا ئېيىغا 15 كىلوگرام، كىچىك نوپۇسقا ئېيىغا 15 كىلوگرام ئۆلچەم بويىچە ھەرقايسى رايونلارغا ئۇن تارقىتىپ بەردى، بۇ ئاشلىق قۇتقۇزۇش سۈپىتىدە نامرات ئائىلىلەرگە تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرىلدى.

1950-يىلى 10-ئاينىڭ 24-كۈنى، دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت «بىر ئادەمmu توڭلاپ ئۆلۈپ قالماسلىق، بىر ئادەممۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىق» دېگەن يوليورۇقنى چىقاردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دىخۇا شەھىرىگە 500 كۇرە قۇتقۇزۇش بۇغدىيى ئاجرىتىپ بەردى. ھەر چوڭ نوپۇسقا ئايلىقى 10 كىلوگرام، كىچىك نوپۇسقا بەش كىلوگرام ئۆلچەم بويىچە قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك نامرات ئائىلىلەرگە تاكى 1951-يىلى 3-ئايغا قەدەر ئۇدا تۆت ئاي ئۇن تارقىتىپ بەردى. ھەرقايسى رايونلار جەمئىي 24 مىڭ 300 كىلوگرام ئۇن تارقىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنى قىشتىن ئۆتنۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

50-يىللارنىڭ باشلىرى، ھەرقايسى رايونلاردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بىر تەرەپتىن تۇرمۇشتا يۆلەنچۈكى يوق ئائىلىلەرنى قۇتقۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى زور تۈركۈم بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى تاش كولاش، تاش چوقۇش، كۆندىلىك ئىشلەش، سەرەڭگە قېپى ياساش، كىيىم يۇيۇش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئەمگىكىگە تەشكىللەپ، ئىشسىز ئاممىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تۇرمۇشىنى مۇقىملاشتۇردى.

1953-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئۈرۈمچى دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، 3-كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ 409 ئېغىزغا يېقىن ئۆيىنى ئېقىتىپ كەتتى، 182 ئېغىز ئۆيىنى بۇزۇۋەتتى. 325 ئائىلىدىكى 1189 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، دەرھال ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 46 كادىر ئاجرىتىلىپ، ئارمىيە ۋە خەلقتىن 3000 دىن كۆپرەك كىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كېچە-كۈندۈز ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قانات يايدۇرۇلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەر بىخەتەر يەرگە كۆچۈرۈۋېلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن پۇل قەرز بېرىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى. بۇ قېتىمقى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا 2345 نان، 16 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

1953 يىلىدىن 1960-يىلىغىچە، «ھەممە كىشى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ھەممە ئائىلىدە بىكار ئادەم قالماسلىق» دېگەن چاقىرىق ئاستىدا، «يەرلىك كىچىك ئاممىۋى» سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. 1960-يىلى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئېھتىياجلىق ئائىلە 1955-يىلدىكى 1032 ئائىلە، 1455 كىشىدىن 156 ئائىلە، 684 كىشىگە ئازايدى.

1964-يىلى 4-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ كۈن توختىماي يامغۇر ئاپىتى يۈز بەردى. رايون تەۋەسىدە 350 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، خەتەرلىك ئۆي 2286 ئېغىزغا يەتتى. 7403 ئائىلىدىكى 28 مىڭ 331 ئىشچى-خىزمەتچى ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئىككى كىچىك بالا يېنىك يارىلاندى. 18-كۈنى رايونلۇق خەلق كومىتېتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاپەتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش قوماندانلىق شتابى قۇردى، زور تۈركۈمدىكى كادىرلارنى ئاجرىتىپ ئاپەتتىن، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، تۇرمۇش تەمىنلەش، سەييارە داۋالاش قاتارلىق خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىدى. بۇ گۇرۇپپىلار ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورگان، مەكتەپ زاللىرى، كىنو، تىياتىرخانىلاردا بىخەتەرلىك نۇقتىلىرىدىن 101ى تەسىس قىلىندى. ھەرقايسى ئورۇنلارمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى جىددىي تەشەببۇسكارلىق بىلەن رېمونت قىلىپ، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى، 5-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خەلق ئىشلىرى ئاپپاراتىدا كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن قۇتقۇزۇش راسخوتى يىلمۇ يىل تارقىتىلىپ، شەھەردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1976-يىلىدىن باشلاپ، تيانشان رايونى كەڭچىلىككە ئېرىشىپ قويۇپ بېرىلگەن گومىنداڭنىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەتچى خادىملىرىغا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن خەلق ئىشلىرى خىراجىتىدىن ھەر كىشىگە ھەر ئايدا 25 يۈەندىن تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق ھەر ئائىلىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئايلىق قۇتقۇزۇش ئۆلچىمى 1961-يىلدىكى سەككىز يۈەندىن 10 يۈەنگىچە بولغان ئۆلچەمدىن 10 يۈەندىن 13 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدى، تۆت نوپۇستىن يۇقىرى ئائىلىلەرگە 50 يۈەن بېرىلدى. ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا 3.5 يۈەن قوشۇمچە يېمەكلىك پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن قۇتقۇزۇش ئۆلچىمى يەنە بىر قېتىم تەڭشىلىپ، بىر نوپۇسلۇق ئائىلىلەرگە ئايدا 20 يۈەندىن، ئىككى نوپۇسلۇق ئائىلىلەرگە 36 يۈەندىن، ئۈچ نوپۇسلۇق ئائىلىلەرگە 51 يۈەندىن، تۆت نوپۇسلۇق ئائىلىلەرگە 75 يۈەندىن، ئالتە نوپۇستىن يۇقىرى ئائىلىلەرگە 90 يۈەندىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. ھەر قېتىملىق باھار بايرىمى مەزگىلىدە خەنزۇلارغا، قۇربان ھېيتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىگە قۇتقۇزۇش خىراجىتى قوشۇپ بېرىلدى.

ئۇزۇن مۇددەتلىك قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىغا قارىتا، ئۆيىگە، كىيىم-كېچەككە، يېمەك-ئىچمەككە، داۋالىنىشقا، دەپنە ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت «بەشكە كاپالەتلىك قىلىش» يولغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى ھەمدە

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يوتقان-كۆرپە يۇيۇش، ئۆيىنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. ئۇزۇن مۇددەت قۇتقۇزۇلىدىغان ۋاڭ پىڭلەن ئۇزۇن يىل ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، تۇرمۇشتا ئۆزىنى كۈتەلمىگەندە، نىڭشياۋەن ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى كادىرلار ئۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەت مۇلازىمەت قىلدى. تاكى ۋاپات بولغىچە بۇ كادىرلار تازىلىق قىلىشتىن تارتىپ تاماق ئېتىش، دورا سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھۆددىگە ئالدى.

1979-يىلىدىن 1987-يىلغىچە ئۇزۇن مۇددەت قۇتقۇزۇلىدىغان ۋە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقى بار ئائىلەلەرگە جەمئىي 650 مىڭ 300 يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى.

## 1979-يىلىدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشقا قىلغان چىقىمىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

1-4-2-19 جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 65.03 | 1983 | 6.36 |
| 1979 | 4.2 | 1984 | 7.57 |
| 1980 | 4.73 | 1985 | 10.04 |
| 1981 | 4.67 | 1986 | 11.16 |
| 1982 | 5.9 | 1987 | 10.4 |

# 5-پاراگراف پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشى

ئازادلىقتىن كېيىن ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، ھەرقايسى رايونلار جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا مېيىپلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ھەرقايسى رايونلار تەشكىللىگەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ئىچىدە مېيىپلار ئاساس قىلىنغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرى بار بولدى. بۇنداق كارخانىلارغا قارىتا خەلق ئىشلىرى، باج تارماقلىرى مەبلەغ جەھەتتە مەدەت بېرىش، باج كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئېتىبار بېرىش، غەمخورلۇق قىلىش چارىسىنى قوللاندى. بىراق مېيىپلار ئاساس قىلىنغان زاۋۇت (گورۇپپا) لارنىڭ كۆلىمى كىچىك، تېخنىكا شارائىتى ناچار بولغانلىقتىن تەرەققىيات قەدىمى ئاستىراق بولدى. كېيىن تەرتىپكە سېلىپ قوشۇۋېتىش ئارقىلىق بىر قىسىم ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قوبۇل قىلىنىپ، تېخنىك خادىملار تولۇقلانغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشتا ئاندىن راۋاجلىنىش بولدى. 1957-يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى پاراۋانلىق ئۇنىۋېرسال زاۋۇتىدا تىككۈچىلىك، باسمىچىلىق، ئاياغ كىيىم تىكىش قاتارلىق ماگىزىن ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سېخلىرى بارئىدى. كېيىن 1962-يىلى شەھەرلىك قول سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەككىل ئەمگەكلەرگە قاتنىشالايدىغان ۋە مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە مېيىپلارنى ھەرقايسى

مەھەللىلەر باشقۇرغان كارخانىلار ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە ئالدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

1975-يىلى، ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تيانشان رايونلۇق پاراۋانلىق تېرە-يۇڭ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1986-يىلى پاراۋانلىق شام زاۋۇتى، پاراۋانلىق باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. ئىككى زاۋۇتقا تيانشان رايونىدىن 40 ئىشچى-خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 20 نەپىرىنى مېيىپلار تەشكىل قىلدى. شۇ يىلدىكى ئورۇندىغان مەھسۇلات قىممىتى 68 مىڭ يۈەن، پايدىسى 3100 يۈەن بولدى. 1987-يىلى پاراۋانلىق تېرە-يۇڭ زاۋۇتى بىلەن شىنمىن يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى بىرلىشىپ زاۋۇت قۇرۇپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى، مەھسۇلات سۈپىتى ئۆستى، ئىشلەپچىقىرىشى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئىشچى-خىزمەتچىسى 130 كىشىگە يەتتى، 51 مېيىپ كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يىللىق ياراتقان پايدىسى 87 مىڭ يۈەن بولدى.

## 6-پاراگراف نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش

1950-يىلى 5-ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، نىكاھ ئىشلىرى قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، نىكاھ ئىشىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش يولغا قويۇلدى، نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، نىكاھ سودىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قانۇن بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش يولغا قويۇلدى، ئەينى ۋاقىتتا، كونا جەمئىيەتتە ئېزىلگۈچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئاياللار ئازادلىققا ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ «نىكاھ قانۇنى»نىڭ قوغدىشى ئاستىدا، نىكاھ ئىشلىرىدا ئەركىن بولۇشنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولدى، بۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش ماجىرالىرى كۆپىيىپ كەتتى. نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش تارماقلىرى بۇنداق ئەنزىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوش نىكاھلانغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئايال تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەر تەرەپ قوشۇلغان بولسا، نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. ئايال تەرەپكە تۇرمۇش جەھەتتە ئېتىبار قىلىندى. 1952-يىلى 1-ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى.

1957-يىلى «نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش چارىسى»گە ئاساسەن، رايوندىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشنى باشلىدى، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تىزىملاشنى يەنىلا شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بېجىردى. 1965-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ، رايوندىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش ئىشىنى بېجىرىشكە باشلىدى. ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملايدىغان قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرلار تەيىن قىلىنىپ، نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلاش قانۇن بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىندى. نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش قەتئىي مەنئى قىلىندى. 1968-يىلى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشتا بىرلا تۈرنى بېجىردى. قالغانلىرىنى رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىر تۇتاش بېجىردى.

1980-يىلى 9-ئايدا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» يېڭىدىن ئېلان قىلىندى. شۇ يىلى 12-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بەشىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش

توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى»نى ماقۇللىدى. 1981-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ تيانشان رايونى يېڭى «نىكاھ قانۇنى» ۋە «تولۇقلىما بەلگىلىمە»گە ئەمەل قىلىپ، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاشنى يولغا قويدى. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى 1981-يىلى تارقاتقان، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ «ھەربىي قىسىمدا ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى›نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»گە ئاساسەن بېجىرىلدى.

رايوندىكى نىكاھنى تىزىملاش تارماقلىرى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىش جەريانىدا، ئەر-ئاياللار ئىككى تەرەپنىڭ نىكاھلىنىش يېشى، سالامەتلىكى ھەمدە نىكاھلىنىش ئەھۋالىنى قاتتىق تەكشۈردى. ئىسپات ماتېرىياللىرى تولۇق بولمىغان، رەسمىيىتى ئېنىق بولمىغانلارنى تىزىملاش كېچىكتۈرۈلدى ياكى تىزىملاتمىدى. نىكاھتىن ئاجراشقۇچىلارغا قارىتا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى مۇرەسسە قىلىپ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندە، سوت مەھكىمىلىرى قارار چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلدى.

1987-يىلى، رايون تەۋەسىدىكى 12 مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ ھەممىسىدە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنى قۇرۇلۇپ، نىكاھ ئىشلىرىنى بېجىردى. رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى نىكاھ ئىشخانىسىنى تەسىس قىلىپ، نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، نىكاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى ھەمدە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە رايون بويىچە 22 مىڭ 133 جۈپ كىشى نىكاھلىنىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 17 مىڭ 608 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي تىزىملاتقانلارنىڭ 79.63 پىرسەنتىنى، ئۇيغۇرلار 1685 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي تىزىملاتقانلارنىڭ 7.6 پىرسەنتىنى، خۇيزۇلار 1779 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي تىزىملاتقانلارنىڭ 8.05 پىرسەنتىنى، باشقا مىللەتلەر 291 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي تىزىملاتقانلارنىڭ 1.32 پىرسەنتىنى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر 750 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي تىزىملاتقانلارنىڭ 3.39 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 1245 جۈپ كىشى نىكاھتىن ئاجرىشىش تىزىمغا ئالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 605 جۈپ بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 48.59 پىرسەنتىنى، ئۇيغۇرلار 358 جۈپ بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ 28.76 پىرسەنتىنى، خۇيزۇلار 190 جۈپ بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ 15.26 پىرسەنتىنى، باشقا مىللەتلەر 52 جۈپ بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ 4.18 پىرسەنتىنى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر 40 جۈپ بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلارنىڭ 21.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدا نىكاھقا تىزىملىتىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى

1-6-2-19 جەدۋەل

بىرلىكى: جۈپ

| يىللار | توي قىلىشقا تىزىملاتقانلار | | | | | | نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتقانلار | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
| | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | باشقا مىللەتلەر | ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | باشقا مىللەتلەر | ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر |
| جەمئىي | 22113 | 17608 | 1685 | 1779 | 291 | 750 | 1245 | 605 | 358 | 190 | 52 | 40 |
| 1981 | 3765 | 2997 | 297 | 396 | 13 | 62 | 193 | 71 | 82 | 35 | | 5 |
| 1982 | 3059 | 2219 | 296 | 432 | 25 | 87 | 164 | 53 | 80 | 16 | 3 | 12 |
| 1983 | 3419 | 2776 | 245 | 294 | 22 | 82 | 162 | 89 | 30 | 32 | 7 | 4 |

| يىللار | توي قىلىشقا تىزىملاتقانلار | | | | | | نىكاھتىن ئاجرىشىشقا تىزىملاتقانلار | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
| | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | باشقا مىللەتلەر | ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر | | خەنزۇ | ئۇيغۇر | خۇيزۇ | باشقا مىللەتلەر | ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر |
| 1984 | 2388 | 1982 | 114 | 185 | 15 | 92 | 162 | 89 | 31 | 29 | 9 | 4 |
| 1985 | 3489 | 2912 | 250 | 220 | 28 | 79 | 177 | 105 | 25 | 30 | 10 | 7 |
| 1986 | 2299 | 1730 | 252 | 221 | 21 | 75 | 251 | 128 | 80 | 20 | 15 | 8 |
| 1987 | 3694 | 2992 | 231 | 31 | 167 | 273 | 136 | 70 | 30 | 28 | 8 | |

# 3-باب ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

## 1-پاراگراف ئاپپاراتلار

**بىرىنچى، كادىرلار**

1950-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە، ھەرقايسى رايونلاردىكى كادىرلار خىزمىتىنى شەھەرلىك پارتكوم بىر تۇتاش باشقۇردى. 1956-يىلى 9-ئايدىن 1960-يىلى 5-ئايغىچە، ئىككى رايوننىڭ كادىرلار خىزمىتىنى رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئىشخانىسى شەھەرلىك پارتكومغا ھەمكارلىشىپ باشقۇردى.

1960-يىلى 5-ئايدا، كادىرلار خىزمىتى رايونلۇق خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى سەپلىگەن مەخسۇس بىر كادىرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1969-يىلى 3-ئايدا، كادىرلار خىزمىتىنى تيانشان رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى باشقۇردى.

1975-يىلى 5-ئايدا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدى، كادىرلار خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئۆتكۈزۈۋالدى.

1980-يىلى 9-ئايدا، تيانشان رايونلۇق كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئادەتتىكى كادىرلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1984-يىلى 10-ئايدا، كادىرلار بۆلۈمى بىلەن ئەمگەك بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

1987-يىلى 11-ئايدا، تيانشان رايونلۇق دىم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئۇ تيانشان رايونلۇق ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى.

**ئىككىنچى، ئەمگەك**

1950-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئەمگەك يۆتكەش، ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى ئەۋەتكەن خادىم بىۋاسىتە باشقۇردى.

1956-يىلى 9-ئايدىن 1960-يىلى 5-ئايغىچە ئىككى رايوننىڭ ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مالىيە بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇردى.

1963-يىلى 10-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى

قۇرۇلدى.

1969-يىلى 9-ئايدا تيانشان رايونلۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقۇرۇش-ئورۇنلاشتۇرۇش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك يۆتكەش-ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى.

1971-يىلى 7-ئايدىن 1973-يىلى 4-ئايغىچە ئەمگەك يۆتكەش-ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشقۇردى.

1973-يىلى 6-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1974-يىلى 4-ئايدا، تيانشان رايونلۇق زىيالىي ياشلارنى تاغلارغا، يېزىلارغا چۈشۈرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

1980-يىلى 9-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك-مائاش بۆلۈمى تيانشان رايونلۇق ئەمگەك بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1984-يىلى 10-ئايدا، ئەمگەك بۆلۈمى بىلەن كادىرلار بۆلۈمى قوشۇۋېتىلىپ، ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلدى.

### ھەرقايسى مەزگىللەردىكى تيانشان رايونى ئەمگەك كادىرلار ئورگىنىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خادىملارنىڭ سەپلىنىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1-1-3-19 جەدۋەل

| يىللار | ئورگان نامى | جەمئىي | | | | بۆلۈم (ئىدارە) رەھبىرىي كادىرلىرى | | | | ئادەتتىكى خادىملار ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
| | | | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت |
| 1963 | ئەمگەك باشقۇرۇش يۆتكەپ سەپلەش ئورنى | 4 | 4 | | 1 | | | | | 4 | 4 | | 1 |
| 1973 | ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمى | 5 | 4 | 1 | 1 | 2 | 2 | | 1 | 3 | 2 | 1 | |
| 1980 | ئەمگەك بۆلۈمى | 6 | 4 | 2 | 1 | 2 | 2 | | 1 | 4 | 2 | 2 | |
| 1981 | كادىرلار بۆلۈمى | 2 | | 2 | 1 | 1 | | | | 1 | | 1 | 1 |
| 1984 | ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى | 8 | 2 | 6 | 1 | 2 | 1 | | 1 | 6 | 1 | 5 | |
| 1987 | ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى | 12 | 6 | 6 | 3 | 2 | 1 | | 1 | 10 | 5 | 5 | 2 |

## 2-پاراگراف ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

### بىرىنچى، جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش

ئازادلىقتىن بۇرۇن، دىخۇا شەھىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇقىم كەسپى يوق ئىدى، ئۆزىگە تايىنىپ چىقىش يولى تاپالمايتتى، جېنىنى تەستە باقاتتى، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خەلق ھۆكۈمىتى ئېغىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەنىدى. بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ۋە ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدى، ئاز بىر قىسىم تېخنىك ئىشچىلار ۋە قول سانائەتچىلەرمۇ بار ئىدى.

50-يىللارنىڭ باشلىرى، ھەرقايسى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن بىكار ئەمگەك كۈچلىرى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش، سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بىر قىسىم كىشىلەر ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1950-يىلىدىن 1955-يىلىغىچە ھەرقايسى رايونلار بىكار ئەمگەك كۈچلىرىدىن جەمئىي 35 مىڭ 36 ئادەم (قېتىم)نى ئورۇنلاشتۇردى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، «تونۇشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئىشسىزلارنىڭ ئۆزلىرى ئىش تېپىپ ئورۇنلىشىش، ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولى تېپىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىلدى ھەمدە ئىشسىزلارنى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنى تىزىملاش ئارقىلىق خىزمەت قىلغان قاتارىدا ھەق ھېسابلاش، كەسپىنى ئۆزگەرتىپ مەشىق قىلدۇرۇش، ئامانەت قويۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش قاتارلىق چارىلەر قوللىنىلىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى زىددىيەت پەسەيتىلدى.

1962-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ، شەھەردىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا شەھەر مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللەش ئاساس قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە كىنىشكىسىز ئېلىپ ساتارلار ۋە تىجارەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھەربىيلەر، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تىزىملاش ئاساسىدا خەلق گۇڭشېسى (مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى) شۇنداقلا رايونلۇق ئىنچاملاش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تىزىمغا ئالغان كىشىنىڭ كونكرېت شارائىتى بازارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىجارەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىپ، ھەرقايسى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كۆزنەك بويىچە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى رېمونتچىلىق، تىككۈچىلىك، قورال-سايمانلارنى رېمونت قىلىش، كىچىك ماشىنىلارنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ھەرخىل مۇلازىمەت ئەترىتىگە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ يىلى ھەرخىل بىكار ئەمگەك كۈچلىرىدىن 107 كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

1963-يىلى شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «تۆتكە يۈزلىنىش» (يۇقىرى مەكتەپكە، تاغلارغا، يېزىلارغا، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە، شەھەر بازارلاردا ئورۇنلىشىشقا يۈزلىنىش) سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلىلا بىكار ئەمگەك كۈچلىرىدىن 671 كىشى، شەھەر بازار ياشلىرىدىن 117 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1964-يىلى 7-ئايدا، رايون بويىچە بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە تېگى تەكتىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، شۇ يىلى رايون، مەھەللىلەر ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش ئارقىلىق شەھەردىكى بىكار ئەمگەك كۈچىدىن 6118 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1965-يىلى 12-ئايدا، تيانشان رايونلۇق ئەمگەك مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى تەشكىللەندى، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا ئەمگەك مۇلازىمەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە تەشكىللىك بولۇش، باشقۇرۇش بولۇش، تەربىيەمۇ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇ يىلى ئەمگەك مۇلازىمەت ئەترىتى (پونكىتى) سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن، شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ۋە بازارنى تەمىنلەش ھەمدە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش مەقسىتىدە 1885 كىشى پىلانلىق ھالدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1966-يىلى شەھەردىكى 52 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى.

1980-يىلىدىن باشلاپ، جەمئىيەتتىكى بىكار ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى باشقۇردى.

ئىككىنچى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

شەھەرلەردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى 1951 — 1952-يىللىرىلا باشلانغانىدى. ھەرقايسى رايونلار زىيالىي ياشلارنى يېزىلارغا يۆزلىنىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىي 350 زىيالىي ياشنى يېزىغا بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى.

1969-يىلىدىن ئېتىبارەن، زىيالىي ياشلار تاغلارغا ۋە يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.

1974-يىلى 4-ئايدا، تيانشان رايونلۇق زىيالىي ياشلارنىڭ تاغلارغا ۋە يېزىلارغا بېرىش خىزمىتى ئىشخانىسى ئورۇنچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۇ گوڭشېسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، رايون تەۋەسىدىكى سىستېملارنىڭ بەلگىلىمە بويىچە تاغقا ۋە يېزىغا بېرىشقا تېگىشلىك زىيالىي ياشلارنى ئەترەتلەرگە بېرىپ چېنىقىشقا ئۇيۇشتۇردى. شۇ يىلى 27 ياش يېزىغا بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. 1975-يىلى يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياش 80 كىشىگە يەتتى. 1976-يىلى يېزىلارغا بارغان ياش 88 كىشى بولدى. 1977-يىلى 65 ياش يېزىغا باردى. 1977-يىلغىچە، يېزىلارغا بېرىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان ياش 260 كىشىگە يەتتى.

1978-يىلىدىن كېيىن، زىيالىي ياشلارنىڭ شەھەردە قېلىش دائىرىسى كېڭەيدى. تيانشان رايونىدا شەھەردە قېلىپ ئىش كۈتىدىغان ياش 2256 كىشى بولدى.

1979-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرى مەكتەپلەرگە كۆچەلمىگەن، 17 ياشقا توشمىغان ياشلار ئادەتتە تاغلارغا ۋە يېزىلارغا بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىنماي، داۋاملىق يۇقىرى مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىندى ياكى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىش، ھەربىيگە قاتنىشىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنى قۇرۇش قاتارلىق چارىلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەرقايسى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىمۇ «ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش، ئاممىغا قولايلىق يارىتىش» پرىنسىپى بويىچە ھەرخىل كىچىك تىپتىكى كوپىراتىپلارنى قۇرۇپ، شەھەردە قالغان ياكى شەھەرگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ۋە 45 ياشتىن تۆۋەن ئىش كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنى ئالدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، شۇ يىلى 3901 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1979-يىلىدىن 1987-يىلغىچە رايون بويىچە 43 مىڭ 300 زىيالىي ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 3-پاراگراف كادىرلارنى باشقۇرۇش

### بىرىنچى، كادىر قوبۇل قىلىش

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ھەرقايسى رايونلار كادىر قوبۇل قىلىشتا تەستىقلانغان شتاتتىكى ئادەم سانىغا قاراپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلدى.

1951-يىلىدىن 1956-يىلغىچە، كادىر قوبۇل قىلىشتا شۇ جايدىكى جەمئىيەتتىكى ياشلار، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلار، ئىجارە كېمەيتىپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، «ئۈچكە قارشى» قاتارلىق ھەرىكەتلەردە بارلىققا كەلگەن ياش ئاكتىپلار ئىچىدىن تاللاش ئاساسىي ئوبيېكت قىلىندى.

1956-يىلىدىن 1960-يىلغىچە، كادىرلارغا ساپا جەھەتتە يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپ، شتاتقا ئاساسەن تولۇقلاپ قوبۇل قىلىنغان كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپلەر ھەمدە سانائەت، سودا قاتارلىق ئاساسىي قاتلاملاردىن تاللاپ ئۆستۈرۈلدى. يەنە ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كىشىلەردىن كادىرلار قوشۇنى

تولۇقلاندى. ئومۇمەن، يۇقىرىدىكى رايونغا قاراشلىق تارماقلار قوبۇل قىلغان كادىرلارنىڭ ھەممىسى رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قوبۇل قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى ھەمدە شتاتتىكى ئادەم سانىدىن ئاشۇرۇۋېتىمەسلىك چېكى تۇتۇلدى، تۈزۈم بىرقەدەر مۇكەممەل بولدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، كادىر قوبۇل قىلىش تۈزۈمى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، شتاتنى باشقۇرۇشتا كونترول قىلالماسلىق ھالىتى شەكىللەندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كادىر قوبۇل قىلىش خىزمىتى پەيدىنپەي كۈچەيدى، كادىرلارغا قويۇلىدىغان ئۆلچەم يۇقىرى بولدى. كادىرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسلىقى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ھەر يىلى پىلان بويىچە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىش كۆتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار، ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كىشىلەر بولدى. شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسى ھەر يىلى چۈشۈرۈپ بەرگەن كادىرلارنىڭ تەبىئىي كېمىيىش كۆرسەتكۈچى ۋە سىستېمىلار بويىچە چۈشۈرۈپ بەرگەن كادىر قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، رايوندىكى كادىرلار تارماقلىرى تەكشۈرۈش ئىسمىلىكىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، شەھەرلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇپ، قوبۇل قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن خىزمەت تەقسىم قىلىندى. 1982-يىلىدىن ئىلگىرى تيانشان رايونىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن تەبىئىي كېمەيگەن كۆرسەتكۈچنىڭ ئورنىغا پەرزەنتلەر سەپلەندى. 1982-يىلىدىن كېيىن ئورنىغا پەرزەنتلىرىنى سەپلەش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يېڭى قوبۇل قىلىنىدىغان كادىر كۆررسەتكۈچىگە ئەسلىدىكى تەشكىلىي ئورنى تونۇشتۇرۇشتىن جەمئىيەتكە پەيدىنپەي يۈزلىنىپ، ئىسمىنى ئاشكارە مەلۇم قىلىش، ئىمتىھان ئالغاندىن كېيىن ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلدى.

1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە، رايون بويىچە تەبىئىي كېمىيىش كۆرسەتكۈچى ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىش كۆرسەتكۈچى بويىچە 321 كىشى قوبۇل قىلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا رايونغا قاراشلىق پارتىيە ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، مائارىپ سىستېمىسى ۋە باشقا كەسپىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىندى.

## 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان كادىرلارنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى

1-3-3-19 جەدۋەل

| يىللار | ئادەم سانى | ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سانى | تەقسىم قىلىش يۆلىنىشى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ئادەم سانى | كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان ئادەم سانى | مائارىپ سىستېمىسىغا تەقسىم قىلىنغان ئادەم سانى |
| جەمئىي | 321 | 51 | 177 | 144 | 129 |
| 1981 | 26 | 3 | 10 | 16 | 14 |
| 1982 | 42 | 12 | 15 | 27 | 15 |
| 1983 | 108 | | 60 | 48 | 48 |
| 1984 | 32 | 19 | 6 | 26 | 26 |
| 1985 | 55 | 17 | 42 | 13 | 13 |
| 1986 | 48 | | 40 | 8 | 8 |
| 1987 | 10 | | 4 | 6 | 5 |

## ئىككىنچى، شتات

1952-يىلى دىخۇا شەھەرلىك شتات كومىتېتى چۈشۈرگەن شتات لايىھەسىدە ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەمۇرىي شتاتى 15 كىشى قىلىپ بېكىتىلدى. 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئىككى رايوندىكى كادىرلار 175 كىشىگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار توققۇز كىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 21 كىشى).

1958-يىلى، رايونلۇق پارتكوم سانائەت-قاتناش بۆلۈمى، مالىيە سودا بۆلۈمى، رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ سانائەت بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، يىگىمدىن 17 كىشىلىك مەمۇرىي شتات كۆپەيتىپ بېرىلدى. 1962-يىلىغا بارغاندا پۈتۈن رايوندا مەمۇرىي، كەسپىي كادىرلار 215 كىشىگە يەتتى، مەمۇرىي شتات ئىخچاملانغاندىن كېيىن 191 كىشىگە ئازايدى.

1966-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ شتاتى 192 كىشى قىلىپ بېكىتىلدى. ئەمەلىيەتتە بار بولغان كادىر 187 كىشى بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كادىر باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ شتاتنىڭ ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى. 1975-يىلى تيانشان رايونىنىڭ شتاتى 98 قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە بار بولغان كادىر 276 گە يەتتى. 1980-يىلىغا كەلگەندە 363 كىشىگە كۆپەيدى.

1984-يىلى 5-ئايدا، تيانشان رايونىنىڭ كادىرلار شتاتى 542 كىشى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئورگاندا 212 كىشى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا 209 كىشى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە ئىدارىسىدا 121 بولدى. شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە بار بولغان كادىر 467 كىشى بولدى، 1987-يىلىغا كەلگەندە بەلگىلەنگەن شتات 579 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بار بولغان كادىر 594 كىشىگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 231 كىشى كۆپەيدى. كۆپىيىش نىسبىتى 63.64% بولدى

### بىر قىسىم يىللاردىكى تيانشان رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى شتات ۋە ئەمەلىي ئادەم سانىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل 2-3-3-19

| يىللار | جەمئىي | | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | پارتكوم | | خەلق قۇرۇلتىيى | | خەلق ھۆكۈمىتى | | خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | | خەلق سوت مەھكىمىسى | | سىياسىي كېڭەش | | خەلق تەشكىلاتلىرى | |
| | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى | شتات | ئەمەلىي ئادەم سانى |
| 1966 | 192 | 187 | 35 | 33 | | | 120 | 115 | 11 | 11 | 19 | 21 | | | 7 | 7 |
| 1969 | 192 | 186 | 35 | 35 | | | 120 | 112 | 11 | 11 | 19 | 21 | | | 7 | 7 |
| 1980 | | 363 | | 45 | | 10 | | 213 | | 35 | | 38 | | | | 22 |
| 1984 | 542 | 467 | | 47 | | 13 | | 300 | | 35 | | 38 | | 9 | | 25 |
| 1987 | 579 | 594 | 94 | 76 | 15 | 18 | 318 | 350 | 56 | 54 | 59 | 60 | 11 | 10 | 26 | 26 |

## ئۈچىنچى، كادىرلار قوشۇنى

1960-يىلى تيانشان رايونىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار 109 كىشى ئىدى. (ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 58 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ

53.21 پىرسەنتىنى، ئاياللار 51 بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.79 پىرسەنتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 13 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 11.92 پىرسەنتىنى، ئالىي مەكتەپ مالۇماتىدىكىلەر بىر كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.92 پىرسەنتىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 18 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 16.51 پىرسەنتىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 63 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 57.8 پىرسەنتىنى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتتىكىلەر 27 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 24.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1964-يىلى كادىرلار 200 كىشىگە كۆپىيىپ، 1960-يىلدىكىگە قارىغاندا 83.49% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 124 كىشى بولۇپ، 1960-يىلدىكىدىن 113.79%، ئاياللار 76 كىشى بولۇپ، 1960-يىلدىكىدىن 49.02% ئاشتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 56 كىشى بولۇپ، 1960-يىلدىكىنىڭ 4.31 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، شۇ يىلدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر شۇ يىلدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 22 پىرسەنتىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 64 پىرسەنتىنى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 10 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1978-يىلى پۈتۈن رايوننىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار كۆپىيىپ 1645 كىشى (ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 430 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 26.14 پىرسەنتىنى، ئاياللار 1215 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 73.86 پىرسەنتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر 415 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25.22 پىرسەنتىنى؛ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 65 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 3.95 پىرسەنتىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 934 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 56.78 پىرسەنتىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 584 كىشى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 35.5 پىرسەنتىنى، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 62 كىشى بولۇپ، 3.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1984-يىلى، يېڭى دەۋردە كادىرلارنى «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش» تەلىپىگە ئاساسەن، تيانشان رايونى كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. كادىرلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كادىرلارنىڭ ساپاسىمۇ تەڭ ئۆستۈرۈلدى. 1987-يىلى رايون بويىچە 2097 مەمۇرىي كەسپىي كادىر (ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولۇپ، 1978-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 27.48% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 610 كىشى بولۇپ، 41.86%، ئاياللار 1487 كىشى بولۇپ، 22.39%، ئاز سانلىق مىللەتلەر 686 كىشى بولۇپ، 65.4%، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 147 كىشى بولۇپ، 126.15%، ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 1475 كىشى بولۇپ، 57.92% كۆپەيدى. شۇ يىلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 7.32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 7.01 پىرسەنتىنى،

ئوتتۇرا تېخنىكوم، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 70.34 پىرسەنتى-
نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 22.75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 1981-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى مەمۇرىي كەسپىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

3-3-3-19 جەدۋەل

| يىللار | تۈرلىرى | شتات سانى | مۇقىم خىزمەتچى | كادىرلارنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى: كادىر سانى | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت: ئادەم سانى | ئاز سانلىق مىللەت: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى: ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى: ئادەم سانى | ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تېخنىكوم: ئادەم سانى | تېخنىكوم: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تولۇق ئوتتۇرا: ئادەم سانى | تولۇق ئوتتۇرا: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن: ئادەم سانى | تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن: ئىگىلىگەن پىرسەنتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | جەمئىي | | 1779 | 1687 | 403 | 1284 | 472 | 28.3 | 70 | 4.2 | 573 | 34.0 | 449 | 26.6 | 595 | 35.2 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | | 345 | 331 | 200 | 131 | 109 | 32.9 | 17 | 5.1 | 44 | 13.3 | 71 | 21.5 | 199 | 60.1 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1434 | 1356 | 203 | 1153 | 363 | 26.8 | 53 | 3.9 | 529 | 39.0 | 378 | 27.9 | 396 | 29.2 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1315 | 1266 | 182 | 1084 | 344 | 27.2 | 50 | 4.0 | 499 | 39.4 | 357 | 28.2 | 360 | 28.4 |
| 1982 | جەمئىي | | 1883 | 1722 | 422 | 1300 | 495 | 28.7 | 66 | 3.8 | 590 | 34.3 | 485 | 28.2 | 581 | 33.7 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | | 360 | 346 | 217 | 129 | 114 | 33.0 | 18 | 5.2 | 51 | 14.7 | 84 | 24.3 | 193 | 55.8 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1523 | 1376 | 205 | 1171 | 382 | 27.8 | 48 | 3.5 | 539 | 39.2 | 401 | 39.1 | 388 | 28.2 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1445 | 1306 | 189 | 1117 | 369 | 28.3 | 43 | 3.3 | 524 | 40.1 | 380 | 29.1 | 359 | 27.5 |
| 1983 | جەمئىي | | 2121 | 1810 | 479 | 1331 | 536 | 29.6 | 75 | 4.2 | 648 | 35.8 | 489 | 27.0 | 598 | 33.0 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | | 513 | 411 | 258 | 153 | 128 | 31.1 | 26 | 6.3 | 79 | 19.2 | 105 | 25.6 | 201 | 48.9 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1608 | 1399 | 221 | 1178 | 408 | 29.2 | 49 | 3.5 | 569 | 40.7 | 384 | 27.5 | 397 | 28.3 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1457 | 1315 | 193 | 1122 | 384 | 29.2 | 43 | 3.3 | 552 | 42.0 | 365 | 27.7 | 355 | 27.0 |
| 1984 | جەمئىي | | 2125 | 1840 | 482 | 1358 | 559 | 30.4 | 81 | 4.4 | 712 | 38.7 | 517 | 28.1 | 530 | 28.3 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | | 509 | 455 | 268 | 187 | 140 | 30.1 | 33 | 7.3 | 128 | 28.1 | 123 | 27.0 | 171 | 37.6 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1616 | 1385 | 214 | 1171 | 419 | 30.3 | 48 | 3.5 | 584 | 42.2 | 394 | 28.4 | 359 | 25.9 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1464 | 1303 | 187 | 1116 | 394 | 30.2 | 42 | 3.2 | 562 | 43.1 | 379 | 29.1 | 320 | 24.6 |
| 1985 | جەمئىي | | 2237 | 1861 | 492 | 1369 | 579 | 31.1 | 98 | 5.3 | 780 | 41.9 | 500 | 26.8 | 483 | 26.0 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | 461 | 566 | 504 | 292 | 212 | 171 | 33.9 | 36 | 7.1 | 145 | 28.8 | 150 | 29.8 | 173 | 34.3 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1671 | 1357 | 200 | 1115 | 408 | 30.1 | 62 | 4.6 | 635 | 46.8 | 350 | 25.8 | 310 | 22.8 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1471 | 1262 | 164 | 1098 | 386 | 30.1 | 54 | 4.3 | 608 | 48.2 | 320 | 25.3 | 280 | 22.2 |

| يىللار | تۈرلىرى | ئىشتات سانى | ئومۇمىي خىزمەتچى | كادىرلارنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى: كادىر سانى | ئەر | ئايال | ئاز سانلىق مىللەت: ئومۇمىي سانى | ئاز سانلىق مىللەت: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى: ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى: ئومۇمىي سانى | ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تېخنىكوم: ئومۇمىي سانى | تېخنىكوم: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تولۇق ئوتتۇرا: ئومۇمىي سانى | تولۇق ئوتتۇرا: ئىگىلىگەن پىرسەنتى | تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن: ئومۇمىي سانى | تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن: ئىگىلىگەن پىرسەنتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | جەمئىي | | 2397 | 1924 | 528 | 1396 | 629 | 32.7 | 112 | 5.8 | 823 | 42.8 | 536 | 27.9 | 453 | 23.5 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | 460 | | 536 | 315 | 221 | 168 | 31.3 | 39 | 7.3 | 142 | 26.5 | 190 | 35.4 | 165 | 30.8 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | | 1388 | 213 | 1175 | 461 | 33.2 | 73 | 5.3 | 681 | 49.1 | 346 | 24.9 | 288 | 20.7 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1499 | 1294 | 179 | 1115 | 440 | 34.0 | 65 | 5.0 | 653 | 50.5 | 316 | 24.4 | 260 | 20.1 |
| 1987 | جەمئىي | | 2386 | 2018 | 542 | 1476 | 697 | 34.5 | 147 | 7.3 | 1067 | 52.9 | 446 | 22.1 | 358 | 17.7 |
| | 1. مەمۇرىي ئورگان | 459 | 595 | 565 | 316 | 249 | 204 | 36.1 | 60 | 10.6 | 155 | 27.4 | 163 | 28.9 | 187 | 33.1 |
| | 2. كەسپىي ئورۇن | | 1791 | 1453 | 226 | 1227 | 493 | 33.9 | 87 | 6.0 | 912 | 62.8 | 283 | 19.4 | 171 | 11.8 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مائارىپ سىستېمىسى | | 1537 | 1314 | 182 | 1132 | 452 | 34.4 | 76 | 5.8 | 865 | 65.8 | 236 | 18.0 | 137 | 10.4 |

ئەسكەرتىش: جەدۋەل ئىچىدىكى سان-سىفىرلار پارتىيە ئاممىۋى تەشكىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## تۆتىنچى، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1978-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىقتىساسلاشقان چوڭ پەن-تېخنىكا قوشۇنى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، تۇرالغۇ ئۆي، دىم ئېلىش شارائىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، داۋالاش، ئارام ئالدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئالدى بىلەن زىيالىيلارغا ئېتىبار بېرىلدى. 1981-يىلدىن 1983-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن رايون بويىچە 208 نەپەر زىيالىينىڭ تۇرالغۇ ئۆي ۋە تەمىنات مەسىلىسى ھەل قىلىندى. خاتا ئەيىبلىنىپ سىياسىتى ئەمەلىيلەشمەي ئاقلانغان، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن زىيالىيلار ۋاقتىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1984-يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلارغا شىنجاڭدا ئىشلىگىنىگە 15 يىل توشقان بولسا، ئۇلارغا لەيلىمە مائاش بېرىلىپ، كىتاب-ژۇرنال پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1987-يىلغا بارغاندا يۇقىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە زىيالىيلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تەمىناتتىن تولۇق بەھرىمەن بولدى.

1979-يىلدىن باشلاپ پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە باھالاشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۈنجى تۈركۈمدە ئورگان بوغالتىرلىرى شەھەرلىك بوغالتىرلار ئۇنۋانىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشىغا يوللاندى. 11 نەپەر بوغالتىرغا كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلدى. 1987-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى تيانشان رايونلۇق ئۇنۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ھەم ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ئوقۇتقۇچى، بوغالتىرلىق كەسپىي ئۇنۋانى بويىچە ياردەمچى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، شەرتسىز قۇرۇلغان ياردەمچى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ سەھىيە، ئاممىۋى مەدەنىيەت، پىلانلىق تۇغۇت، تەشۋىقات، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، شەھەر

مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، باغ-ئورمانلىق قاتارلىق سىستېمىلاردا شەھەرگە ھاۋالە قىلىپ كەسپلەر بويىچە باھالاش گورۇپپىسى ۋەكالىتەن باھالاش ئېلىپ باردى. باھالاپ تەكلىپ قىلىشقا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە شەخسلەر ئىلتىماس قىلغان، تەشكىل كۆرسەتكەن، باھالاش كومىتېتى باھالاپ بېكىتكەندىن كېيىن رايونلۇق رەھبەرلىك گورۇپپىسىغا يوللىنىپ، شەھەرلىك ئۇنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شۇنىڭغا ماس كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن رايونلۇق ھۆكۈمەت تەكلىپ قىلىش ئۇقتۇرۇشى تارقاتتى. شۇ يىلى پۈتۈن رايوندىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن باھالانغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 1824 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىدىكى ئۈچ نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك 537 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر 1284 نەپەر، ئۇنىڭدىن باشقا دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىچىدىن 57 نەپىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالدى.

### 1987-يىلى تيانشان رايونىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن تۇنجى قېتىم كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش جەدۋىلى

4-3-4-19 جەدۋەل

| ئۇنۋان / ئادەم سانى / سىستېمىسى | جەمئىي | ئالىي دەرىجىلىك | | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | | تۆۋەن دەرىجىلىك | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئالىي | مۇئاۋىن ئالىي | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: پېنسىيىگە چىققانلار | ياردەمچى دەرىجىلىك | خادىم دەرىجە |
| جەمئىي | 1824 | | 3 | 537 | 57 | 722 | 562 |
| مائارىپ سىستېمىسى | 1274 | | 2 | 518 | 56 | 506 | 248 |
| سەھىيە | 62 | | | 5 | 1 | 23 | 34 |
| پىلانلىق تۇغۇت | 18 | | | | | 10 | 8 |
| قۇرۇلۇش (شەھەرلىك باغ-ئورمان) | 10 | | | 1 | | 4 | 5 |
| قۇرۇلۇش | 88 | | 1 | 5 | | 26 | 56 |
| ئىقتىساد (سودا سانائەت) | 44 | | | 2 | | 7 | 35 |
| ئىقتىساد | 117 | | | 2 | | 78 | 37 |
| ئارخىپ | 5 | | | 1 | | | 4 |
| بوغالتىرلىق | 163 | | | 1 | | 49 | 113 |
| ستاتىستىكا | 33 | | | 1 | | 11 | 21 |
| ئاممىۋى مەدەنىيەت | 5 | | | 1 | | 4 | |
| ھۈنەر سەنئەت، گۈزەل سەنئەت | 1 | | | | | 1 | |
| ئادۋوكاتلىق | 4 | | | | | 3 | 1 |

## 4-پاراگراف تەربىيىلەش

### بىرىنچى، تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ھەرقايسى رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر ئىشسىزلارغا ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن يەنە تۈرلۈك كەسپلەر بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

50-يىللاردىن 60-يىللارنىڭ بېشىغىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بىلەن بىللە يەنە تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش قوشۇنى تارقىتىۋېتىلدى، ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپلەر تاقىۋېتىلىپ، تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش خىزمىتى توختاپ قالدى.

80-يىللارغا كەلگەندە رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى كارخانىلار ئۇستاز شاگىرتنى يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا كۈچىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىمىغان ھالدا ئىشچىلارنى تەربىيىلەش، يەنە بىر قىسىم سانائەت كارخانىلىرى چەكلىك مەبلەغدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئىشچىلارنى تەربىيىلەش كۈچى كۇرسى ئېچىپ، «تەكلىپ قىلىش، سىرتقا ئەۋەتىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خادىملارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ۋە ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بېرىپ تېخنىكا ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى، پەقەت تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىلا قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرقايسى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىدىن بولۇپ 352 ئىشچىنى ئاپتونوم رايون، شەھەر دەرىجىلىك ۋە مۇشۇ شىركەت ئاچقان تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئىش تۈرى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 126 ئادەم (كىران ماشىنىسى ھەيدەش، تېخنىكا تەكشۈرۈش، سۇ، پار، توكچىلىق، ئېگىز جازا قۇراشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ شىركەت يەنە قىشتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ 214 نەپەر خىزمەتچىنى بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە 12 خىزمەتچىنى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى، شىنجاڭ سانائەت شۆبىۋىنى تەشكىللىگەن ئىش ئورنىغا چۈشۈش تەربىيىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن رايوندىكى ھەرقايسى سانائەت كارخانىلىرىدىكى تېخنىك ئىشچىلار 884 نەپەرگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىدىكىلەر 242، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى باشقۇرغان كارخانىدىكىلەر 642 ئادەم.

## 1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرىدىكى تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

جەدۋەل 19-3-3-5

| يىللار | جەمئىي | 1984-يىلى | 1985-يىلى | 1986-يىلى | 1987-يىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| تەربىيىلەنگەن ئادەم سانى | 294 | 12 | 43 | 87 | 152 |
| ئاساسلىق تەربىيىلەش تۈرلىرى | | يۇڭ بوياپىكا لايىھەلەش، يۇرۇتما ئىشلەش تېخنىكىسى، ھىل بېرىش تېخنىكىسى | يۇڭ يىپ ھۈنەر-سەنئىتى، سۇنئىي تالادا گىلەم ئىشلەپچىقىرىش، ھارارەت پىسسىدىن شەكىل يېلاش تېخنىكىسى | ئومۇمىيۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى، ستاتىستىكا تەھلىلى | ستاتىستىكا نەزەرىيە تەھلىلى، توك سۈۋاركا، سانائەت تېخنىكىسى، ئالىيۇمىن زىننەتلەش تېخنىكىسى، كارخانا تىجارىتى باشقۇرۇش |

## ئىككىنچى، كادىرلارنى تەربىيىلەش

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدىن 50-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرى ئاي-

رىم-ئايرىم ھالدا قوبۇل قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كادىرلارنى ۋە خىزمەتتىكى كادىرلارنى شەھەرلىك پارتكومنىڭ يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى، سىياسىي كادىرلار مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە قاتنىششقا ئۇيۇشتۇردى.

1960-يىلىدىن باشلاپ تيانشان رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى رايونغا قاراشلىق كادىرلارغا قارىتا پىلانلىق ھالدا تەربىيىلەشنى ئېلىپ باردى. پەقەت 1962-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا 253 نەپەر كىشى نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىشكە قاتناشقىنى ئۈچ، شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىشكە قاتناشقىنى 37، تيانشان رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىشكە قاتناشقىنى 213 ئادەم بولۇپ، پۈتۈن يىللىق نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشقان 574 كادىرنىڭ 44% نى تەشكىل قىلغان.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كادىر تەربىيىلەش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالدى.

1979-يىلى شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە مەكتەپلىرىگە 16 نەپەر كادىر تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلدى. 1980-يىلى نۆۋەت بويىچە 433 كادىر تەربىيىلەندى. 1983-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە رايونغا قاراشلىق مائارىپ، سەھىيە، پىلانلىق تۇغۇت، ئىقتىساد-پىلان كومىتېتى قاتارلىق ھەرقايسى سىستېمىدىكى لەر نىشانلىق ۋەكالىتەن تەربىيىلەش، شۇنىڭدەك كادىرلارنى رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسى، ئىشتىن سىرتقى داشۆ، سىرتتىن ئوقۇش داشۆسى، كەسپىي داشۆ، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇشقا ئىلھام بېرىشتەك تۆرلۈك تەربىيىلەش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ 307 نەپەر كادىرنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 13.3% نى تەشكىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**1983-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە تيانشان رايونىدىكى كادىرلارنىڭ تۆرلۈك مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىشكە قاتنىشىش ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى**

6-3-3-19 جەدۋەل

| | مەكتەپ نامى | جەمئىي | 1983-يىلى | 1984-يىلى | 1985-يىلى | 1986-يىلى | 1987-يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | 271 | 47 | 21 | 69 | 69 | 65 |
| ئۇنىڭ ئىچىدە | تېلېۋىزىيە داشۆسى | 57 | 9 | 3 | 17 | 10 | 18 |
| | كەسپىي داشۆ | 52 | 13 | 5 | 11 | 8 | 15 |
| | ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر | 39 | . | 8 | 7 | 10 | 14 |
| | سىرتتىن ئوقۇش داشۆسى | 14 | 2 | 3 | 4 | 3 | 2 |
| | پارتىيە مەكتىپى | 109 | 23 | 2 | 30 | 38 | 16 |

## 5-پاراگراف ئىش ھەققى، پاراۋانلىق

### بىرىنچى، مائاش

1950-يىلىدىن باشلاپ دىخۇا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يەرلىكتە قالدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان كادىرلارغا قارىتا ئاشلىقنىڭ

باھاسى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنغان مائاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەربىي قىسىمدىن ياكى ئازاد رايونلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن كادىرلارغا قارىتا ئارمىيىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئاساسەن شەھەرلىك پارتكوم ئورگىنى تەڭشىدى.

1951-يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش تەمىنلەش تۈزۈمى مائاش تارقىتىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ھەرقايسى رايونلاردىن 20 نەپەر كادىرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى.

1952-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، مائاش تۈزۈمىگە قارىتا بىرىنچى قېتىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئايرىم رەھبەرلەرگە قارىتا تەمىنلەش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت، باشقا كادىرلارغا قارىتا «مائاش تەقسىم قىلىش» ئاساسىدىكى مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ۋەزىپىگە قارىتا مائاش دەرىجىسى بېكىتىلدى.

1950-يىلىدىن 1953-يىلىغىچە ھەرقايسى رايونلاردىكى خۇسۇسىي كەسپلەرنىڭ مائاشىدا ئادەتتە قىلىنغان ئىشنى ھېسابلاش، ۋاقىتنى ھېسابلاش، پايدىسىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل قوللىنىلدى. قىلغان ئىشنى ھېسابلاپ بېرىلگەن ئايلىق مائاشنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى 240 يۈەنگە يەتتى (كونا پۇل بويىچە)

1955-يىلى 7-ئايدىن 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا «ئىش ھەققى نومۇرى» بىكار قىلىنىپ پۇللۇق مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملارغا قارىتا يولغا قويۇلغان «ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى» تەمىناتى مائاش تۈزۈمى تەمىناتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1956-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مائاش ئىسلاھات لايىھەسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كونترول قىلىش تەقسىمات كۆرسەتكۈچى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق مائاش ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى.

1956-يىلى يەنە بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئادەتتىكى ئىشچى ۋە قارا ئىشچىلارنىڭ مائاش ئۆلچىمى مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىلدى. 1963-يىلى شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مائاشى تۆۋەن ئىشچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مائاشى 29-دەرىجىدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ 29-دەرىجىگە ئۆستۈرۈلدى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى قارا ئىشچىلارنىڭ مائاش ئۆلچىمى ئەڭ يۇقىرىسى 28-دەرىجىدىن 26-دەرىجىدىن يۇقىرى بولماسلىققا تەڭشەلدى. سودا كارخانىلىرىدىكى ئۈچ تۈر بەش دەرىجىدىكى مائاش تۈزۈمى سودا، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت، تاشقى سودا، كەسپىي خادىملارنىڭ مائاشى بىر تۇتاش ھالدا 11-دەرىجىدىكى مائاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1971-يىلى، 1977-يىلى مائاشى تۆۋەن بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى. 1982-يىلىدىن باشلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تارماقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا قارىتا ئۇدا ئۈچ قېتىم ھېسابلاش ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ قىسىم ئورۇنلاردا كادىرلارنىڭ مائاش تۈزۈمىنى تىزىملاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، كادىرلارنىڭ مائاش كارتوچكىسى ۋە مائاش تونۇشتۇرۇش خېتىنى يۆتكەش تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم ئورنىتىلدى.

1985-يىلىدىن 1987-يىلىغىچە كارخانىلاردا مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە باغلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. خىزمەتچىلەر ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ مائاشى، مۇكاپاتى ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە، شۇ شەخسنىڭ تۆھپىسىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە باغلاندى. كارخانا بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش

ئىسلاھاتى ۋە تەڭشىلىشى ئايرىۋېتىلدى. مەھەللە، ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرغان كوللېكتىپ ئۆزۈمىدىكى كارخانىلار خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئاساسەن ئىش ۋاقتىنى ھېسابلاش، قىلغان ئىشقا قاراش، پايدىسىنى ئايرىپ بېرىش، ئاشۇرغىنىغا مۇكاپات بېرىش قاتارلىق مائاش تۈزۈمى قوللىنىلدى. كارخانا باشقۇرغۇچىلىرىغا دەرىجە مائاش تۈزۈمى قوللىنىلدى.

### ئىككىنچى، قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1. چېگرا رايون ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1950-يىلىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدا، ئاساسىي مائاشىدىن سىرت، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، شەھەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە تارقىتىلغان ياردەم پۇلىدىن چېگرا رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى بارئىدى. 1953-يىلىدىن باشلاپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاساسلىق مائاشىنىڭ 15% ى بويىچە تارقىتىلدى. 1960-يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق تەشكىلاتلىرى شۇنىڭدەك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئېلىپ تاشلاندى. ئەمما كارخانىدىكى ئىشچىلارنىڭ رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى ساقلانما مائاش قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، كېيىنكى مائاش تەڭشەشتە بالانس قىلدۇرۇلدى. 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە دۆلەت مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە «چېگرا رايون خىزمەت ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى» تارقىتىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل بولغان، بەش يىلغا توشمىغانلارغا ئايدا ئۈچ يۈەن، ھەر بەش يىل توشقاندا ئۈچ يۈەندىن كۆپەيتىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. كارخانا ئورۇنلىرى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلدى. شۇ يىلى بۇ خىل تەمىناتتىن پۈتۈن يىل بەھرىمەن بولغان مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچى 835 ئادەمگە، كارخانىدىكىلەر 1060 ئادەمگە يەتتى. 1987-يىلىغا كەلگەندە يەنە 612 ئادەم بۇ خىل تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى.

2. سەھىيە-كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1980-يىلىدىن باشلاپ زىيانلىق، ئۇزۇن يىل يۇقۇملىنىش خەۋپى كۈچلۈك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدىغانلارغا، سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتچىلىرىگە قارىتا، سەھىيە-كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. مەخسۇس شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياكى بىۋاسىتە زىيانلىق، يۇقۇملىنىش خەۋپى بار داۋالاش، سەھىيە خادىملىرىغا داۋالىنىش سەھىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى تۆت تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى تۈرى ھەر ئادەم ھەر ئايدا 0.6 يۈەن؛ ئىككىنچى تۈرى ھەر ئادەم ھەر ئايدا 0.5 يۈەن؛ ئۈچىنچى تۈرى ھەر ئادەم ھەر ئايدا 0.35 يۈەن؛ تۆتىنچى تۈرى ھەر ئادەم ھەر ئايدا 0.25 يۈەن بولدى.

3. ساقلىقنى ساقلاش قوشۇمچە ياردەم پۇلى

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا چاڭ-توزان، زەھەرلىك ماددا، رادىئاكتىپ نۇر، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، سۇ ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ساقلىقنى ساقلاش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1979-يىلىدىن ئىلگىرى ساقلىقنى ساقلاش ياردەم پۇلى ئورنىدا كۆپىنچە ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى، ماددىي بۇيۇملار تارقىتىپ بېرىلدى. ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئۆلچىمى 1963-يىلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىلدى. يەنى زەھەرلىك، زىيانلىق كان چاڭ-توزىنى ۋە رادىئاكتىپ نۇر ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ھەربىر ئادەمگە

ئايدا 1.5 كىلوگرام گۆش، 0.5 كىلوگرام شېكەر، يۇقىرى تېمپېراتۇرا شارائىتىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلارغا ھەر ئايدا بىر كىلوگرام گۆش، 0.5 كىلوگرام شېكەر تارقىتىپ بېرىلدى. 1979-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل تارقىتىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈندى. ھەر ئايدا ھەربىر ئادەمگە ئالتە يۈەن ۋە 4.5 يۈەن بولۇپ، يۇقىرىقى پۇل كۈنگە سۇندۇرۇلۇپ ئۆلچەم قىلىنىپ ئەمەلىي كۈن سانى بويىچە تارقىتىلدى. 1985-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈندىن باشلاپ يۇقىرىدىكى ئۆلچەم 10 يۈەن ۋە يەتتە يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

4. سىنىپ مۇدىرى قوشۇمچە ياردەم پۇلى

مائارىپ سىستېمىسىدا تارقىتىلغان سىنىپ مۇدىرلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىش 1979-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە، ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ياردەم پۇل ئۆلچىمى ئادەتتە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچى سانى 20 دىن ئاز بولغان سىنىپلارنىڭ ئۈچ يۈەن، 21 دىن 35 كىچە ئوقۇغۇچى بار سىنىپلارنىڭ تۆت يۈەن، 36 دىن 50 كىچە ئوقۇغۇچىسى بار سىنىپلارنىڭ بەش يۈەن، 51 دىن يۇقىرىسىغا ئالتە يۈەن تارقىتىلدى. 1987-يىلى ھەرقايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بولۇپ سىنىپ مۇدىرلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان ئوقۇتقۇچى 463 ئادەم بولۇپ، بۇلارغا 2278 يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى.

5. خىزمەت ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1985-يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرگە خىزمەت ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت ستاژى بىر يىل ئۇزارسا ئايدا 0.5 يۈەن قوشۇپ بېرىلىدۇ. خىزمەت ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى شۇ ئادەمنىڭ خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىنىپ، شۇ ئادەمنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققىچە بولىدۇ. ھېسابلاش يىل سانى كۆپ بولغاندا 40 يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

6. ئوقۇتۇش ستاژى، سېستىرا ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1985-يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە داۋالاش-سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ سېستىرالىرىغا قارىتا ئوقۇتقۇچىلىق ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى، سېستىرالىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. يۇقىرىقى خادىملار بەلگىلىمە بويىچە خىزمەت ستاژى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن سىرت يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوقۇتقۇچىلىق ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە سېستىرالىق ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ ئىككىسىدە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان يىل سانى ھېسابلىنىدۇ. بەش يىلغا توشۇپ 10 يىلغا توشمىغانلارغا ھەر ئايدا ئۈچ يۈەن، 10 يىلغا توشۇپ 15 يىلغا توشمىغانلارغا ھەر ئايدا بەش يۈەن، 15 يىلغا توشۇپ 20 يىلغا توشمىغانلارغا ھەر ئايدا يەتتە يۈەن، 20 يىلغا توشقان ۋە 20 يىلدىن يۇقىرىلارغا ھەر ئايدا 10 يۈەن تارقىتىپ بېرىلىدۇ. شۇ شەخس بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمىغان ئىككىنچى ئېيىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق ستاژى قوشۇمچە ياردەم پۇلى ياكى سېستىرالىق ياردەم پۇلىنى بېرىش توختىتىلدى. 1987-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە بۇ خىل تەمىناتتىن 1404 ئادەم بەھرىمەن بولدى.

7. زىيالىيلار ياردەم پۇلى

1983-يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ۋە دۆلەت پۇل ئاجراتقان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ياكى تېخنىك ۋە شۇ دەرىجىگە ماس

كېلىدىغان كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغان كادىرلارغا قارىتا شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 15 يىلدىن ئاشقان بولسا ئۇلارغا زىيالىيلار ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا 10 يۈەن. كارخانىلار ئۆزىنىڭ ئەملىي ئەھۋالىغا ئاساسەن چارە بېكىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىجرا قىلدى. 1987-يىلى پۈتۈن رايون بويىچە دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا 81 ئادەم بۇ خىل تەمىناتتىن بەھرىمەن بولدى.

## 8. تۇرمۇش ياردەم پۇلى

1957-يىلدىكى مائاش ئىسلاھاتىدا، دۆلەت مال باھاسى ئۈستۈن ئورۇنلاردا، مائاش ئۆلچىمىدىن سىرت يەنە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى قوللاندى ھەم مال باھاسىنى تەڭشەشكە قوشۇپ تەڭشىدى. تيانشان رايونىدا تارقىتىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئاساسەن ئىككى خىل: يەنە دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت بىر تۇتاش بېكىتكەن 11 خىل رايون مائاش ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىدىغان كارخانىلارغا بېرىلىدىغان تۇرمۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى مائاش ئۆلچىمىنىڭ 36%ى بويىچە بولىدۇ. 1958-يىلى 1-ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى 36% تىن 26%كە چۈشۈرۈلدى. مائاش ئومۇمىي سوممىسى 7.3% چۈشۈرۈلدى. 36% تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى بېرىشنى ئىجرا قىلمىغان ئورۇنلار مائاش ئومۇمىي سوممىسىدىكى چۈشۈرۈلگەن 7.35% نىسبەت بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى ئۆلچىمىنى تەڭشىدى. ئىشچىلار، قارا ئىشچىلارغا قارىتا يەنىلا ئەسلىدىكى تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى.

## 9. قوشۇمچە يېمەكلىك باھا ياردەم پۇلى

1979-يىلى، دۆلەت بىرقانچە خىل قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قوشۇمچە يېمەكلىك ياردەم پۇلى بېرىش يولغا قويۇلدى. رايونغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرگە قارىتا مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى كونترول قىلىپ، خىزمىتىنى باھالاپ نومۇر قويۇش، ئىشنى ھۆددىگە بېرىش مائاش تۈزۈمىدىكى خىزمەتچىلەرگە ھەر ئادەمگە ھەر ئايدا 6.5 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى.

# ئۈچىنچى، پاراۋانلىق

## 1. پاراۋانلىق پۇلى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كادىر-ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىق تەمىناتى يىلسېرى ياخشىلاندى. رايونغا قاراشلىق مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە پاراۋانلىق خىراجىتى ئېلىپ، كادىرلارغا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىغا، داۋالىنىشىغا، ئۆلۈم-يېتىم ۋە باشقا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشكە ھەم كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

كارخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتىنى ئېلىش چارىسى 1957-يىلى كارخانىنىڭ مۇكاپات فوندىدىن 10% ئېلىنىپ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم قىلىنغان. 1962-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2.5% تى ئېلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزى بىۋاستە باقىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ھەر ئايدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 16 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلارغا 16 يۈەندىن 18 يۈەنگىچە قەرەللىك ياردەم قىلىنغان. 1980-يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پاراۋانلىق پۇلى ئەمەلىي ئادەم سانى بويىچە ھەر ئادەمگە ھەر ئايدا 1.9 يۈەندىن ئېلىنغان. كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مائاش پاراۋانلىق ئۆلچىمى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى

كارخانىلارنىڭ ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىندى.

كادىرلارنىڭ پاراۋانلىق خىراجىتىنى ئېلىش چارىسى 1954-يىلى 3-ئايدا يۇقىرىدىن ھەربىر ئادەمگە ئايدا ئالتە مائاش نومۇرى بويىچە پاراۋانلىق خىراجىتى ئېلىش بېكىتىلگەن. 1964-يىلى، مالىيە مىنىستىرلىكى كادىرلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %2.5 بويىچە بىر تۇتاش ئېلىشنى بەلگىلىگەن. 1981-يىلى كادىرلارنىڭ سانى، دەرىجىسى بويىچە ئېلىش چارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. «پىرلا تاپاقتا ھەيدىش»تەك نامۇۋاپىق ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلدى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ پاراۋانلىق پۇلى ئۆستۈرۈلدى. 1972-يىلدىن 1987-يىلغىچە پۈتۈن رايون بويىچە ياردەمگە ئېرىشكەن كادىرلار 270 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

2. قىشلىق ئىسسىنىش ياردەم پۇلى

1960-يىلى، بەلگىلىمە بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدىن ئىككى ئادەم خىزمەتكە قاتناشقان بولسا، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان، پەرزەنتلىرى كۆپ بولغانلارغا ئىككى كىشىلىك ئىسسىنىش ياردەم پۇلى بېرىلگەن. 1964-يىلى 12-ئايدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسسىنىش ياردەم پۇلى بىر كىشىلىكنىڭ 35 يۈەنگە تەڭشەلدى. تارقىتىش ئۇسۇلى: بويتاق خىزمەتچىلەرگە ۋە بىر ئائىلىدىن بىر ئادەم خىزمەتكە قاتناشقانلارغا بىر كىشىلىك بېرىلدى. بىر ئائىلىدىن كۆپ ئادەم خىزمەتكە قاتناشقانلارغا يېرىم كىشىلىك كۆپەيتىپ بېرىلدى. پار ئورنىتىلغان ئۆيلەردە ئولتۇرغان ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن ھەر كۋادرات مېترىغا 0.50 يۈەندىن ھەق ئېلىندى. 1966-يىلى ئىسسىنىش ياردەم پۇلى 30 يۈەنگە تەڭشەلدى.

3. قاتناش پۇلى

1978-يىلى 6-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش ياردەم پۇلى بېرىش چارىسى ئىجرا قىلىندى. ئىشقا چۈشكەن ۋە ئىشتىن چۈشكەندە يول ئالماشاي ئۈچ بېكەتتىن ئارتۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغانلارغا شەخسلەر 1.5 يۈەننى ئۆزى كۆتۈرۈپ قالغىنىنى ھۆكۈمەت ئاتچوت قىلغان. ئىدارىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ ئىشقا بېرىپ كېلىدىغانلاردىن ھەربىر ئادەم ئاي بويىچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇش خىراجىتى تاپشۇرغان (قارا ماشىنىغا 0.5 يۈەن، ئاپتوبۇسقا 1 يۈەن). ۋېلسىپىت مىنىپ ئىشقا بېرىپ كېلىدىغانلارغا ھەر ئايدا رېمونت ھەققى ئۈچۈن 1.6 يۈەن بېرىلگەن.

## 6-پاراگراف مۇكاپاتلاش، جازالاش ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش

**بىرىنچى، جازالاش، مۇكاپاتلاش**

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھەرقايسى رايونلار ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەربىيە بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈپ، تەنقىدىي تەربىيەنى ئاساس قىلىپ، قىلمىشى ئېغىر بولغان ئايرىملىرىنى، خاتالىقىنى ئېنىق تونۇمىغانلىرىنى جازالىغان. 1952-يىلى ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلىپ جازالانغىنى پەقەت بىر ئادەم، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى بىر ئادەم، چوڭ گۇناھ يېزىلغىنى ئۈچ ئادەم بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىش قارارى كادىرلار يىغىنى ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان.

1958-يىلى ئىككى رايوندىكى «پولات-تۆمۈر مۇستەقىل تۈمەنى (چوڭ پولات-تۆمۈر تاۋلاش مەزگىلىدە قويۇلغان ئىسىم)»دىن جەمئىي 507 نەپەر شەخس ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەن.

1962-يىلى، شەھەرلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، رايونغا قاراشلىق 10 ئورۇندىكى

خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قىلغان 205 ئادەم توغرىسىدا ئەنزە تۇرغۇزۇپ، تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق 94 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 63، ئىشچى 31، مەسىلىسى مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلار تۆت.

1982-يىلى، تەقدىرلەنگەن شەخسلەر 132 ئادەم؛ 1983-يىلى، ئىككى نەپەر مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەربىرىگە بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇپ بېرىلدى. 1985-يىلى 237 نەپەر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى ھەمدە شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىل توشقان 445 پېشقەدەم خىزمەتچىلەرگە شەرەپ مېدالى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىملار 199 نەپەر، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملار 246 نەپەر. 1986-يىلى تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر 286 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەمگە بىر دەرىجىدىن مائاش قوشۇپ بېرىلدى. 1987-يىلى تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر 299 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر %24نى تەشكىل قىلىدۇ.

1983-يىلىدىن باشلاپ مۇكاپات مائاشى يولغا قويۇلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە پۈتۈن رايون بويىچە 17 ئادەمگە بىر دەرىجىدىن مۇكاپات مائاش قوشۇپ بېرىلدى.

1954-يىلدىن 1987-يىلغىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، ئىنتىزامنى بۇزغانلاردىن 174 ئادەم قېتىم بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 12 ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. بەش ئادەمگە چوڭ گۇناھ يېزىلدى. باشقا چارە بېرىلگەنلەر 157 ئادەم قېتىم.

## ئىككىنچى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش

1950-يىلى 11-ئايدىن باشلاپ، ھەرقايسى رايونلاردىكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتى چۈشۈرگەن «ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن كادىرلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان.

1955-يىلىدىن باشلاپ، ھەرقايسى رايونلار شەھەرلىك پارتكومغا ماسلىشىپ، كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتىكى زاپاس ئىسمىلىكنى تۇرغۇزۇپ ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق بولۇش ئۆلچىمى بويىچە پىلانلىق ھالدا مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى سەپلىگەن، «ئەستايىدىل تاللاش، ئاكتىپ تەربىيىلەش، يۈرەكلىك ئۆستۈرۈش» ۋە ئۆز ئورنىدىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاش، ئۆز ئالدىغا تەييارلاش بىلەن بىر تۇتاش تەييارلاشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويغان.

1957-يىلىدىن كېيىن كادىرلارغا قارىتا سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىدا بىردەك ھەرقايسى ساھەلەر بىۋاسىتە رايونلۇق پارتكومغا يوللاش، رايونلۇق پارتكوم تەستىقلىغاندىن كېيىن ئورۇنلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىش يولغا قويۇلدى. 1960-يىلى ھەرخىل كادىردىن 14 ئادەم ۋەزىپىگە قويۇلدى ھەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

1971-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ھەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا چوقۇم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئەتراپلىق ئىگىلەش باسقۇچىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەم يازما تەكشۈرۈش ماتېرىيال يېزىپ، ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسىغا يوللاپ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قارار قىلىنغاندىن كېيىن، كادىرلار يىغىنى ئېچىپ يىغىندا ئېلان قىلىندى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

1980-يىللاردىن باشلاپ كادىرلارنىڭ «ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق» بولۇش پرىنسىپى بويىچە ۋەزىپىگە قويۇش ئوبيېكتىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان ھەم ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ئۇلار ھەرگىزمۇ مۇھىم رەھبەرلىك خىزمىتى ئورنىغا قويۇلمىدى.

1984ـ يىلى، رايونغا قاراشلىق بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ھەم ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتىنى رايونلۇق ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى بىۋاسىتە بېجىردى. بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى يەنىلا رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى.

1980ـ يىلدىن 1984ـ يىلغىچە تيانشان رايونى 132 نەپەر كادىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىك 41، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك 48، بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىر 99 نەپەر.

1985ـ يىلى، ئورگان ئىسلاھاتىغا ماسلىشىپ ،كادىرلارنىڭ ئەخلاق، ئىقتىدار، ئىشقا چۈشۈش خىزمەت نەتىجىسى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ «ئىنقىلابىيلىشىش، كەسىپلىشىش، بىلىم ئەھلىدىن بولۇش، ياشلاشتۇرۇش» ئۆلچىمى بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە قالدۇرۇش قانۇن تەرتىپى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. 1986ـ يىلدىن كېيىن رايونغا قاراشلىق پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش تەرتىپى ئېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئالدى بىلەن دېموكراتىك ئۇسۇلدا كۆرسىتىش، كەڭ دائىرىدە ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، ئۇستۇرۇش ئوبيېكتىنى تاللاش، ئاندىن تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى تەكشۈرۇش، پارتكوم كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش يولغا قويۇلدى.

1986ـ يىلدىن 1987ـ يىلغىچە پۈتۈن رايون بويىچە 181 نەپەر كادىر ۋەزىپىگە قويۇلدى ھەم ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىكلەر 38 نەپەر، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىكلەر 61 نەپەر، بۆلۈمچە دەرىجىلىكلەر 82 نەپەر

# 4ـ باب دىنىي ئىشلار

تيانشان رايونىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەندىن ئىبارەت 10 مىللەت بار. بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەردىن موڭغۇل، زاڭزۇ، خەنزۇ، مانجۇ، شىبە، داغۇرلاردىن قىسمەنلەر بار. خىرىستىيان دىنىغا، كاتولىك دىنىغا، تويىن دىنىغا بىر قىسىم خەنزۇلار ئېتىقاد قىلىدۇ. پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا كۆپىنچە رۇس مىللىتى ئېتىقاد قىلىدۇ.

## 1ـ پاراگراف دىنىي سىياسەت

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن 1957ـ يىلغىچە ھەرقايسى رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئەركىنلىك سىياسىتىنى توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى. يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلارغا قارىتا ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىق ياكى بەلگىلىك تەسىرى بار دىنىي زاتلارغا قارىتا سىياسىي جەھەتتە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇش جەھەتتە ئېتىبار بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى تەدرىجىي بىكار قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلارغا زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن

دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1957-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن «سولچىل»لىقنىڭ خاتا تەسىرى تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نۇرغۇن مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلار پېچەتلەندى ياكى ئىگىلىنىۋېلىندى. نۇرغۇن دىنىي زاتلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. نورمال دىنىي پائالىيەتلەر تەسىرگە ئۇچرىدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىك سىياسىتى قايتا تەكىتلىنىپ پېچەتلەنگەن، ئىگىلىۋېلىنغان مەسچىت، چېركاۋلار قايتۇرۇپ بېرىلدى. دىنىي زاتلار ئىچىدىكى ئۇۋال قىلىنغان، چارە كۆرۈلگەن، ئەنزىسى يالغان بولغانلار ئاقلىنىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قوغدالدى.

1980-يىلدىن 1987-يىلغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 20 مەسچىت قايتۇرۇپ بېرىلدى ھەم ئاھالىلەر يىغى ئولتۇراق رايونلىرىدا، ئاما ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ يىگىدىن توققۇز مەسچىت سېلىش تەستىقلاندى. خىرىستىيان دىنىي چېركاۋىدىن ئىككىسى سېلىندى، بىردىن كاتولىك دىنىي چېركاۋى، پراۋوسلاۋىيە دىنىي چېركاۋى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1987-يىلغا كەلگەندە پۈتۈن رايوندىكى 47 مەسچىت ئېچىۋېتىلدى.

1984-يىلدىن 1987-يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يىغىۋېلىنغان، ئاقتۇرۇلغان دىنىي زاتلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ مال-مۈلكى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ، 27 نەپەر دىنىي زاتنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن 3887 پارچە دىنىي كىتابىغا 15 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم پۇلى بېرىلدى. تۆيى ئاقتۇرۇلۇپ بىرقەدەر ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ تۇرمۇشتا قىينالغان 14 ئادەمگە بىر قېتىمدىلا 6800 يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. دىنىي زاتلار ۋە مەسچىتنىڭ زىيانغان ئۇچرىغان باشقا مال-مۈلۈكلىرىگە 23 مىڭ 941 يۈەن تۆلەم بېرىلدى. يۇقىرىدىكى تۈرگە جەمئىي 46 مىڭ 300 يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

1983-يىلدىن 1987-يىلغىچە، يۇقىرى جەمئىي 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، رايون تەۋەسىدىكى سەنشى مەسچىتى، نەنمېن مەسچىتى، نوغاي مەسچىتى، نەندا مەسچىتىنى نۇقتىلىق ھالدا قايتىدىن سالدى ۋە رېمونت قىلدى.

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 14 نەپەر دىنىي زات ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى. يەتتە نەپىرى شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولدى. دىنىي زاتلارغا تارقىتىلغان قەرەللىك تۇرمۇش ياردەم (200 ئادەم قېتىمغا) پۇلى 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن بولدى.

## 2-پاراگراف ئىسلام دىنى

ئىسلام دىنى مىلادى 11-ئەسىردە شىنجاڭغا تارقالغان. دەسلەپ قەشقەر ئارقىلىق تەدرىجىي شىمالغا تارالغان. 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىگە تارالغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار توپىلىڭىنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن بىر قىسىم يېشىل گازارما قوشۇنىدىكى سەنشى، گەنسۇلۇق خۇيزۇ

ئەسكەرلەر ۋە ئائىلىلىرى، قورال-ياراق توشۇيدىغان ئىچكىرى ئۆلكىلىك خۇيزۇ دېھقانلار ئورۇمچىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھازىرقى شىمالىي تۆپىلىك (شىياۋشىزىنىڭ شىمالىدا) دىكى ئەڭ دەسلەپكى مەسچىت — بېيلىياڭ مەسچىتىنى سالغان. ئۇنىڭ تۈنجى ئىمامى ۋېي جياباۋ بولغان. چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 31-يىلى (1766-يىلى)دىن باشلاپ غەربىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خۇيزۇلار ئارقا-ئارقىدىن دىخۇاغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇندىن كېيىن قوقەن ھەربىي ئىشلار سەركەر-دىسى ياقۇپ بەگ دىخۇاغا تاجاۋۇز قىلىپ، مانجۇ، خەنزۇ خەلقلىرىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئۇنىڭغا جەنۇبتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ھەم دىخۇانى قوغداۋاتقان ئەسكەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا رايون تەۋەسىدە 40 مەسچىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلارنىڭ مەسچىتى 23 (دۇڭگەنلىك سالا مىللەتلىرىنىڭ مەسچىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىتى 17گە يەتكەن (تاتارلار سالغان نوغاي مەسچىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

رايون تەۋەسىدىكى ئىسلام دىنىي مۇرتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولغاچقا دىنىي پائالىيەتلەردە كۆپىنچە ھاللاردا سەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەر ۋە قەشقەر، يەكەن قاتارلىق رايونلارنىڭ دىنىي مەزھەپ پائالىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى كونىدىن مەزھىپى بىلەن سوفىزم مەزھىپىدىن ئىبارەت ئارماق مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ. كونىدىن مەزھىپى بىلەن خۇيزۇ ئىسلام دىنى گېردىمۇ مەزھىپى ئوخشاش. ئەنئەنىۋى دىنىي مەزھەپ بولۇپ، تارقالغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ؛ ئىشان مەزھىپىنىڭ دىن تارقالغان ۋاقتىدىن قىسقا بولسىمۇ ئەمما ئادەم سانى كۆپ ئەمەس، مۇرتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كونا مەزھەپ مەسچىتلىرىدە ياكى ئائىلىسىدە ناماز ئوقۇيدۇ؛ ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە ۋاخابى مەزھىپى قوشۇلدى. ئاما ئۇنى «يېڭى مەزھەپ» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئاز، تەسىرى ئانچە چوڭ ئەمەس.

رايون تەۋەسىدىكى خۇيزۇلار ئىچىدە ئىسلام دىنى مەزھىپى ئاساسەن ئۈچ چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ. يەنى: گېرمۇ مەزھىپى، بۇ «كونا مەزھەپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى پېرىخونلار مەزھىپى، مۇناستىر مەزھىپى (فېئوداللىق ئائىلە شەكلىدىكى سىرلىق مەزھەپ ۋە دىنىي تۈزۈم بولغانلىقتىن ئازادلىقتىن كېيىن بىكار قىلىنغان)؛

1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، رايون ئىچىدىكى مۇسۇلمان مەسچىتلىرى پائالىيەت نۇقتىلىرى 47 گە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇ مەسچىتلىرى 25، ئۇيغۇر مەسچىتلىرى 22)، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قامدىدى.

## 3-پاراگراف بۇددا دىنى

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 20-يىلىدىن كېيىن (1755-يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپلەپ ئاھالە كۆچۈرۈپ كېلىشىگە ئەگىشىپ بۇددا دىنىمۇ دىخۇا شەھىرىگە كىردى ھەم تەرەققىي قىلدى. چيەنلۇڭ سەلتەنەتىنىڭ 44-يىلى (1779-يىلى) قىزىلتاغدا بۇتخانا سېلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ سەلتەنەتى مەزگىلىدە ھازىرقى رايون تەۋەسىدە ئاۋالوكتا بۇتخانىسى، چوڭ بۇتخانا

قاتارلىقلار سېلىندى. بۇتخانىلارنىڭ سىرتى كۆركەم بېزىلىپ، بۇتخانىلارغا فوتا شەنراڭ، لوخەن، جىن گاڭ تيەنۋاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن لاي ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ ۋە مانجۇلار ئىدى. ئەمما بۇتخانىدا راھىپ يوق بولۇپ پەقەت تويىنلاردا بۇتخانىغا قاراپ، شام كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئېتىقادچىلار ياخشى كۈننى تاللاپ بۇتخانىغا كېلىپ كۆجە كۆيدۈرۈپ بۇتقا تاۋاپ قىلاتتى. ئادەتتە ھەرقايسىلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە بۇددا نوملىرىنى ئوقۇپ يادلىشاتتى. ئۇ خىل كىشىلەر «سىپايى ئادەم» ياكى «ساخاۋەتچى ياخشى ئادەملەر» دەپ ئاتىلاتتى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن رايون تەۋەسىدىكى بۇددا دىنى پائالىيەتلىرى مەزھەپلەر بويىچە بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى، بۇلار قائىدە-يوسۇن بۇتخانىسى، ماخايانا بۇتخانىسى، پۇدۇمىن بۇتخانىسى، باش شەيخ ئىلمىي جەمئىيىتى ھەم جۇشىلىن ئىبادەتخانىلىرىغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە قائىدە-يوسۇن بۇتخانىسى بىلەن ياخايانا ئىبادەتخانىسى خەلق ئارىسىدىكى ئىككى دىنىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەر ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلار بىر-بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ھەممىسى بۇددىزم قائىدىلىرى-نى مەدھىيىلەپ كىشىلەرنى ئاق كۆڭۈل بولۇشقا ئۈندىگەچكە خەنزۇ ئاھالىسى ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئىدى. ياخايانا ئىبادەتخانىسى، پۇدۇمىن بۇتخانىسى باش شەيخ ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇشىلىن قاتارلىق ھەرقايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇد ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1951-يىلى ئەكسىلئىنقىلابىي دىنىي تەشكىلاتلار بىكار قىلىنىپ، بۇددا دىنىي پائالىيەتلىرى زەربىگە ئۇچرىدى. ئەمما بۇددا مۇرتلىرى ئائىلىرىدە يەنىلا دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. 1979-يىلى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ بۇددا دىنىي مۇرتلىرىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985-يىلى شەھەرلىك بۇددا دىنىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىنىي پائالىيەتلەر نورمال بولۇشقا قاراپ ماڭدى ھەم دوگمىندا بىر ئىبادەتخانا قۇرۇلدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە رايون ئىچىدىكى بۇددا مۇرتلىرىنىڭ سانى 600 دىن ئېشىپ كەتتى.

## 4-پاراگراف خرىستىئان دىنى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇ سەلتەنەتىنىڭ 22-يىلى (1896-يىلى) ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى باستېر خۇجىنجىيى دىخۇاغا كېلىپ رايونىڭ ھازىرقى تەۋەسى ئىچىدە «ئىنجىل ئىبادەتخانىسى» قۇرۇپ، دوختۇرلۇق ۋە تەرجىمانلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتىكى كونا، يېڭى ئىنجىل كىتابلىرى-نى تارقىتىپ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23-يىلى (1934-يىلى) شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىگەن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئىشپىيونلۇق جىنايىتى بىلەن باستېرنى قولغا ئېلىپ چېركاۋنى پېچەتلىۋەتكەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34-يىلى (1945-يىلى) ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ھارپىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خرىستىئان دىنىدىكى تۈرلۈك تەشكىلاتلار بەس-بەستە شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ دىن تارقاتقان. ئۇنىڭ ئىچىدە «ئىچكىرى ئۆلكىلىكلەر ئۇيۇشمىسى» دىن لى كەيفۇمن ۋە «چىن لى ئۇيۇشمى-سى» دىن دى مىڭشيا ئەر-خوتۇنىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، ئۇلار قۇرغان دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىسمى «شىنجاڭ جۇڭخۇا خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى» بولۇپ، ئۇرنى مىگدې يولىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «غەربىي شىمال لىڭگۇڭ ئۆمىكى»، «شاگىخەي بۇراۋ ئۆمىكى»، «ئەنشىرى جەمئىيىتى» قاتارلىق خرىستىيان دىنى مەزھەپ تەشكىلاتلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن رايوندا خرىستىيان دىنى پائالىيەت سورۇنىدىن ئىككىسى بار ئىدى (مىڭدې يولى بىرىنچى قورۇدىكى جۇڭخۇا خرىستىيان دىنى جەمئىيىتى بىلەن داشىمەن خرىستىيان دىنى جەمئىيىتىدىن ئىبارەت). خرىستىيان دىنى مۇرتلىرىدىن 200 نەپەردەك ئادەم بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن چېركاۋنىڭ ئۆيلىرى باشقا ئىشقا ئىگىلىۋېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەر توختىتىلغان.

1979-يىلىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 1987-يىلىغا كەلگەندە رايوندىكى خرىستىيان دىنى مۇرتلىرى تەخمىنەن 2000 غا يەتكەن.

## 5-پاراگراف كاتولىك دىنى

چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ سەلتەنىتىنىڭ 16-يىلى (1836-يىلى) گېرمانىيەلىك كاتولىك دىن تارقاتقۇچىلىرى دىخۇادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ سەلتەنىتىنىڭ 11-يىلى (1885-يىلى) چەت ئەللىك كاتولىك دىن تارقاتقۇچى لىي جىخۇا (دۆلەت تەۋەلىكى ئېنىق ئەمەس) دىخۇاغا كېلىپ كاتولىك دىنىنى تارقاتقان، رايوندىكى شۈنىەن كوچىسىدا كاتولىك دىنى چېركاۋى سالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن گوللاندىيىلىك گاۋرىشىڭ دىن تارقىتىپ ھەم رىياسەتچىلىك قىلىپ، چېركاۋنى كىچىك نەنمىننىڭ سىرتىغا يۆتكەپ خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق كاتولىك دىنى چېركاۋىدىن بىرنى قايتا سېلىپ چىققان (ھازىرقى تىنچلىق يولىدىكى كاتولىك دىنى چېركاۋىنىڭ ئورنى ئەتراپىدا). چېركاۋنىڭ 40-50 مو يېرى بولۇپ، ئۇ يەرگە كۆكتات تېرىلىپ پوپ ۋە مۇناخلار كۆكتات بىلەن تەمىنلەنگەن. ئاشلىقنى بازارغا سېلىپ چېركاۋنىڭ خىراجىتىگە قوشۇمچە قىلىنغان. ئەينى چاغدىكى مۇرتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار بولۇپ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەنشەن ناھىيىسىدىكىلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 14-يىلى (1925-يىلى)نىڭ ئالدى كەينىدە رىم ۋاتىكان كاتولىك دىن مەزھىپىدىكى فرانسىيىلىك باش روھانى لوي.ئى بىلەن پوپ شىرنا شىنجاڭغا كېلىپ دىن رايونى قۇرغان. ئاخىردا گېرمانىيىلىك پوپ شى بودىن داۋاملاشتۇرغان. شى بودىن ئىنگلىزچە بىلىدىغان، دوختۇرلۇق تېخنىكىسىغا ماھىر بولۇپ، كاتولىك دىنى چېركاۋىدا كىچىك تىپتىكى دوختۇرخانىدىن بىرنى ئېچىپ، ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالىغان ھەم ئاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيىسىنى قوشۇمچە قىلغان. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28-يىلى (1939-يىلى) ئۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. چېركاۋنىڭ مال-مۈلكى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. چېركاۋ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33-يىلى (1944-يىلى) شىبودىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن لەنجۇدىكى كاتولىك دىنى چېركاۋىغا قايتىپ كەتكەن، كېيىن لەنجۇدىكى كاتولىك دىنى رايونى جاڭ ياگې پوپنى دىخۇاغا بېرىپ دىنىي جەمئىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. كېيىن يەنە دۈەنتاڭ، خۇمىڭشىن قاتارلىق پوپلارنى ئەۋەتىپ، جاڭ ياگېنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، دىنىي ھوقۇقنى قۇتقۇزۇپ «مۇقەددەس» دىنىي جەمئىيەتنى قۇرۇپ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئەينى چاغدىكى كاتولىك دىنىي مۇرتلىرى 400 دىن كۆپرەك ئادەمگە يەتكەن.

ئازادلىقتىن كېيىن چېركاۋنىڭ يەر، مال-مۈلكى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چېركاۋ پېچەتلىنىپ مۇرتلارنىڭ ئاشكارە دىنىي پائالىيەتلىرى توختىتىلغان. 1979-

يىلدىن كېيىن نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978-يىلىغا كەلگەندە مۆرتلار 1000 ئادەمگە تەرەققىي قىلىپ، ياش مۆرتلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىرقەدەر تېز بولدى.

# 5-باب خەلق تۇرمۇشى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دىخۋادىكى ئەمگەكچى خەلق ۋە مائاشلىق خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى نامرات ئىدى. ھۆكۈمرانلار سىنىپى زورلۇق-زومبۇلۇق بىلەن ئالۋان-سېلىق سېلىپ خەلقنىڭ بايلىقىنى شۇلۇۋالاتتى. مال باھاسى بىر كۈندە بىرقانچە قېتىم ئۆرلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتى بولماي، خەلق تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان، جاننى بېقىش قىيىنغا توختايتتى. ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت گەرچە بىر قىسىم قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. زىمىستان قىش پەسىللىرىدە تىلەمچىلەر يول بويلىرىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قالاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىككى قوللۇق سىياسەت يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، نامرات ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بىرئاز يەڭگىللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئاچتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق خەلققە پايدىلىق بىر يۈرۈش تەدبىرلەر كۆپەيتىلىپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلق ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن يىلغا ياخشىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تولۇق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى دىخۋا تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يېڭىدىن قۇرۇلغان خەلق ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئەمگەك ستراخوۋانىيەسى تەمىناتىنى يولغا قويدى. 1951-يىلى دۆلەت «ئەمگەك ستراخوۋانىيەسى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەھەر خەلقى تۇرمۇشىدىكى زۆرۈر بولغان ئاشلىق، گۆش، كۆكتات، كۆمۈر قاتارلىقلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان باھاغا قارىتا دۆلەت مالىيىسى ئۇزۇن مۇددەت باھا ياردەم پۇلى بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بىۋاسىتە پايدىغا ئىگە قىلىپ، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1951-يىلى، رايون ئاھالىسىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى كىشى بېشىغا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 76 يۈەنلا بولدى. 1985-يىلىغا كەلگەندە 639 يۈەنگە كۆپەيدى. باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.7% ئاشقان (ئالدىنقى 23 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.2% ئاشقان، كېيىنكى 10 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.6% ئاشقان).

1962-يىلى ھەر ئائىلىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.47 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشقان. 1985-يىلىغا كەلگەندە 2.3 ئادەمگە كۆپەيگەن؛ 1962-يىلى ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەربىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.2 ئادەمنىڭ تۇرمۇش يۈكىنى ئۈستىگە ئالاتتى، 1985-يىلىغا كەلگەندە 1.94 ئادەمگە چۈشتى. ئائىلىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تۇرمۇش كىرىمى 1981-يىلىدىكى 530.30 يۈەندىن 1985-يىلىغا بارغاندا 829.16 يۈەنگە كۆپىيىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.1% كۆپەيگەن.

ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇس كۆپەيگەچكە مائاش كىرىمىمۇ ئاشتى، ئائىلە ئىستېمال قۇرۇلمىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن

تۇرلۇك تۇرمۇش تەمىنلەش بېلەتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يېمەكلىك ئىستېمالىدا يەككە تۈردىكى ئاشلىق، ماي، گۆش، كۆكتاتتىن كۆپ خىللىققا قاراپ يۈزلەندى. 70-يىللاردا، ھەربىر ئادەم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.53 كىلوگرام گۆش ئىستېمال قىلاتتى. 1985-يىلىغا كەلگەندە 22.85 كىلوگرامغا كۆپەيدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.42 كىلوگرامدىن كۆپەيدى. كۆپىيىش نىسبىتى 30% بولدى. 1981-يىلدىن 1985-يىلغىچە ھەربىر ئادەمنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمالى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆي قۇشلىرى 0.2 كىلوگرامدىن 1.3 كىلوگرامغىچە، تۇخۇم 3.1 كىلوگرامدىن 5.5 كىلوگرامغىچە، بېلىق 3.8 كىلوگرامدىن 4.5 كىلوگرامغىچە، سۈت 5.7 كىلوگرامدىن 13.4 كىلوگرامغىچە، قەن-شېكەر 9.9 كىلوگرامدىن 10.7 كىلوگرامغىچە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىدا، مەسىلەن، كۆكتات ئىستېمال مىقدارى كۆپەيدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سۈپەتلىك كۆپ خىل كۆكتاتلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆكتات ئىستېمال ئېھتىياجى قاندۇرۇلۇپ، تۇرلۇك ئىچىملىكلەر ئائىلىلەرگە كىرىشكە باشلىدى.

ئائىلە ئاۋارلىرى ئىستېمالىدىمۇ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. 50-يىللاردا پەقەت بايراق ئائىلىلەرنىڭلا قول سائىتى، رادىئوسى، ۋېلسىپىتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى بار ئىدى (تۆت چوڭ نەرسە دەپ ئاتالغان). ھازىرقى شارائىتتا تېلېۋىزور، رادىئولۇق ئۈن ئالغۇ، توڭلاتقۇلار ئادەتتىكى ئائىلىلەرگە كىردى. كىيىم-كېچەكتىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇرۇنقى كۆلرەڭ كۆك رەڭدىكى كىيىملەر رەڭگارەڭ بولۇشقا، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. يۇڭ، يىپەك، كەندىر قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەر بازىرى ئىتتىك ماللاردىن بولۇپ قالدى. ئالتۇن، كۈمۈش، زىبۇزىنەت ئىستېمال مىقدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. كونا شەھەر رايونىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، تۇرالغۇ بىنالىرىنىڭ سېلىنىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. 1985-يىلى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 5.89 كۋادرات مېترغا يەتتى.

كۆپ يىللىق شەھەر ئاساسىي مۇئەسسەلىرىنىڭ پىگىلىنىش، ئۆزگەرتىلىش، كۆكەرتىش كۆلىمىنىڭ يىلسېرى كۆپىيىشى، كوچا يوللىرىنىڭ يىلسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاھالىلەر ئۈچۈن ئازادە بولغان تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىلدى.

### 1981-يىلدىن 1985-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش كىرىمنى تاللاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

1-5-19 جەدۋەل

| يىللار | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش كىرىمى (يۈەن) | تۈركەن باھانى چىقارغاندىن كېيىنكى كىرىم (يۈەن) | سېلىشتۇرما بويىچە كۆپىيىش (ئۈسكەن باھانى چىقارغاندىن كېيىن) |
|---|---|---|---|
| 1981 | 537.30 | 534.10 | |
| 1982 | 571.28 | 564.51 | 5.06 |
| 1983 | 632.77 | 617.94 | 8.17 |
| 1984 | 723.55 | 707.28 | 11.78 |
| 1985 | 829.16 | 760.00 | 5.04 |

## بىر قىسىم يىللاردا تيانشان رايونى ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلە ئاساسىي ئەھۋالىنى تاللاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

2_5_19 جەدۋەل

| تۈرلەر | بىرلىكى | 1962-يىل | 1980-يىل | 1984-يىل | 1985-يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى | ئائىلە | 60 | 100 | 100 | 150 |
| ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە جان سانى | ئادەم | 4.13 | 4.65 | 4.3 | 4.41 |
| ھەربىر ئائىلىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ئوتتۇرىچە ئادەم سانى | ئادەم | 1.47 | 2.23 | 2.32 | 2.3 |
| ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەربىر ئائىلىدىكى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە باقىدىغان جان سانى | ئادەم | 3.20 | 2.09 | 1.85 | 1.94 |
| ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ يىللىق تۇرمۇش كىرىمى | يۈەن | 24.94 | 44.16 | 60.30 | 69.10 |
| ھەربىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چىقىم قىلىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى | يۈەن | 24.46 | 39.11 | 52.44 | 62.03 |

# 20-بۆلۈم

# شەخسلەر

ئازادلىقتىن كېيىن تيانشان رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىدى ھەمدە بۇ جەرياندا بىر تۈركۈم ئىلغار-نەمۇنىچى شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ بۆلۈمگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەر ئىچىدە مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈلگىلىك شەخس 94 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ 26 نەپىرى مەملىكەت دەرىجىلىك شەرەپ نامىغا ئېرىشكەن. تيانشان رايونىنىڭ رايون دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى 49 نەپەر (بىرىنچى قول)، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىرى 80 نەپەر، تيانشان رايونىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار 167 نەپەر، تيانشان رايونىدىكى ئالىي دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 574 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى تۆت نەپەر. ئۈلگىلىك شەخسلەر جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەنلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ۋاقىت چەكلىمىسى 1987-يىلغىچە بولغاندىن سىرت قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى 1992-يىلغىچە بولدى.

رايون دەرىجىلىك ۋە بۆلۈم دەرىجىلىك بىرىنچى قول رەھبىرىي كادىرلار جەدۋىلىدە مەلۇم ئادەملەرنىڭ ئۆتكەن ۋەزىپىسىدە تەكرارلىنىش كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىسى كىرگۈزۈلدى، ھەربىر ئادەمنىڭ پەقەت بىر قېتىملا كىرگۈزۈلدى.

## 1-باب ئىلغار-نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىك جەدۋىلى

### 1953-يىلدىن 1987-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار-نەمۇنىچى بولغان كىشىلەر ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ۋۇيىنخۇي | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1936 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1953-يىلى مەملىكەتلىك ياشلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ياشلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى | مەملىكەتلىك |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىندا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابلىز ھامۇت | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1932.3 | تولۇق ئوتتۇرا | شەھەرلىك 16-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1956-يىلى مەملىكەتلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | مەملىكەتلىك |
| ئەن ۋېنخۇي | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1928.10 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شەھەرلىك 7-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1956-، 1960-يىللىرى مەملىكەتلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەكىلى يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك |
| لۇ رۇفەن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1929.5 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تەمىن پېچۇسوسىنىڭ باشلىقى (مۇئاۋىن) | 1956-يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بويىچە تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى ۋەكىللەر يىغىنى | تۆھپىكار نەمۇنىچى | مەملىكەتلىك |
| گوشۇلەن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1925.3 | باشلانغۇچ | شىشەن يولى مەھەللە باشقارمىسى كادىرى | 1956-يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بويىچە تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى ۋەكىللەر يىغىنى | تۆھپىكار نەمۇنىچى | مەملىكەتلىك |
| دېڭ جاڭئەي | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1935 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك 7-باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى | 1957-يىلى مەملىكەتلىك ياشلار سوتسىيالىزمنىڭ قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ياشلار سوتسىيالىزمنىڭ قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى | مەملىكەتلىك |
| جاۋگوجېڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1930 | باشلانغۇچ | شياۋدۇڭلياڭ پېچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1959-يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ج خ، تەپتىش، سوت خىزمىتى ساھەسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك |
| ۋاڭ شىشىن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1930 | تولۇقسىز | تەمىن پېچۇسوسىنىڭ باشلىقى | 1959-يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ج خ، تەپتىش، سوت خىزمىتى ساھەسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك |
| شېن شۇدې | ئايال | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1910 | ئالىي مەكتەپ | رايونلۇق مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1960-يىلى مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى، ئەمگەك نەمۇنىچىسى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق |
| گۆھەر يۇسۇپ | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1938 | دارىل | | 1960-يىلى مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك |
| ياڭ شيۇجېن | ئايال | خۇيزۇ | شىنجاڭ | 1941 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شىخېبا پېچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1961-يىلى مەملىكەتلىك 8-مارت قىزىل بايراقدارى بولغان | 8-مارت قىزىل بايراقدارى | مەملىكەتلىك |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ لەن | ئايال | خەنزۇ | سەنشى | 1931 | تولۇق ئوتتۇرا | شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1979-، 1983-يىللىرى مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | «8-مارت» قىزىل بايراقدارى | مەملىكەتلىك |
| جەمىلە | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1946.6 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك قىزىل بايراق بالىلار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1979-يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا، 1981-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار باغچىسى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| ليۇ فېڭجۈن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1934.4 | ئالىي تېخنىكوم | شەھەرلىك 10-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1981-يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا يېتەكچىسى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| ئايخان نامەت | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1930 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شەھەرلىك بالىلار باغچىسىنىڭ باشلىقى | 1981-، 1983-يىللىرى مەملىكەتلىك بالىلار خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| ما لەنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1926 | باشلانغۇچ | ئالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى قىزىل بايراق ئائىلىلەر كومىتېتى مۇدىرى | 1983-يىلى مەملىكەتلىك بەشتە ياخشى ئائىلىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق «8-مارت» قىزىل بايراقدارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | بەشتە ياخشى ئائىلىلەر ۋەكىلى، «8-مارت» قىزىل بايراقدارى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| ما جىنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1941.6 | باشلانغۇچ | تيانشان رايونلۇق مۇھىت تازىلىقى ئىدارىسى تازىلىق ئىشچىسى | 1983-يىلى جۇڭگو مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك «8-مارت» قىزىل بايراقدارى دەپ نام بەرگەن | «8-مارت» قىزىل بايراقدارى | مەملىكەتلىك |
| ۋاڭ خۇيۋېن | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | 1940.9 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1984-يىلى مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر خىزمىتى كومىتېتى تارقاتقان باغۋەن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن | باغۋەنلەر مۇكاپاتى | مەملىكەتلىك |
| ليۇ جيېڭ | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | 1934 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى | 1985-يىلى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا، 1983-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ ۋاۋلەن | ئايال | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1934 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 10-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1984-يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى دەپ نام بەرگەن | مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى | مەملىكەتلىك |
| ۋاڭ جاۋلەن | ئايال | خۇيزۇ | شىنجاڭ | 1934 | ساۋاتسىز | تىنچلىق يولى مەھەللىسىنىڭ باشقارمىسى تىكىشچىلەر ئائىلىلەر كومبىناتىنىڭ مۇدىرى | 1985-يىلى مەملىكەتلىك ئەدلىيە خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان | خەلق مۇرەسسەدە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى | مەملىكەتلىك |
| لى شياۋيۈ | ئەر | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1960.6 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1955-يىلى مەملىكەت بويىچە جىگرا رايونىدىكى مۇنەۋۋەر ئوغۇل-قىزلارنى تەقدىرلەش يىغىنى، 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر پەرزەنتلەر ۋەكىلى | مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| ياڭ يۈلەن | ئايال | خۇيزۇ | | 1936.9 | تولۇقسىز | تىنچلىق يولى مەھەللىسىنىڭ باشقارمىسى خېيجىلەر ئائىلىلەر كومبىناتىنىڭ مۇدىرى | 1986-يىلى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | مەملىكەتلىك |
| ليۇ گومېي | ئايال | خەنزۇ | جياڭسۇ | | تولۇق ئوتتۇرا | شەھەرلىك 23-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | مەركىزىي ئىنتىپاق كومىتېتى 1987-يىلى مۇنەۋۋەر تەربىيىچى دەپ نام بەرگەن | مۇنەۋۋەر فوداۋيۈەن | مەملىكەتلىك |
| كەرىمە | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى | مەملىكەتلىك |
| مۇرنىسا ئىبراھىم | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1985-يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن 1-ماي ئوردېنىغا ئېرىشكەن | 1-ماي ئوردېنىغا ئېرىشكۈچى | مەملىكەتلىك |
| بۇ تۇگشەن | ئەر | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1932.7 | تولۇق ئوتتۇرا | قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ كادىرى | 1954-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىرلەشمە ئىدارىسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى خەنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1931.12 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 13-باشلانغۇچ مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى | 1955-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| خې شياۋ | ئەر | خۇيزۇ | شىنجاڭ | 1927 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شياۋگۇڭلياڭ پەيچۇسوسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1956-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى خەلق ساقچىلىرى ۋە ئائىلىلىق قوغدىغۇچى خادىملار ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان | تۆھپىكار نەمۇنىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خابدۇللا | ئەر | قازاق | شىنجاڭ | 1930.10 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باخۇلياڭ پەيچۇسوسىنىڭ باشلىقى | 1956-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى خەلق ساقچىلىرى ۋە ئائىلىلىك قوغدىغۇچى خادىملار ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان | تۆھپىكار نەمۇنىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| شۇ ۋېنيى | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | | | | 1956-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى خەلق ساقچىلىرى ۋە ئائىلىلىك قوغدىغۇچى خادىملار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | تۆھپىكار نەمۇنىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ئەمرىن | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1926.6 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | 1956-يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك تۆھپە قوشقان نەمۇنىچى خەلق ساقچىلىرى ۋە ئائىلىلىك قوغدىغۇچى خادىملار ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان | تۆھپىكار نەمۇنىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| نى جىنلىڭ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1934 | باشلانغۇچ دارىل | شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1956-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| شاڭ فېيشيا | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1936 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 15-باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى | 1956-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر تەربىيىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ما گۈيلەن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1929 | باشلانغۇچ دارىل | شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1957-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى، 66-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8-مارت» قىزىل بايراقدارلىرى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، «8-مارت» قىزىل بايراقدارى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جەي جۇشيۇ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1926.12 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى سىياسىي ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىم-ـ ىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋۇ جۇڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي | 1934.8 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | دۇڭمېن پەيچۇسوسىنىڭ نوبەتچى ساقچىسى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| يلۇ فۇجېك | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1940.11 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | لىۋداۋان پەيچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| زو يۇسەي | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1940. 8 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىخابا پەيچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك |
| تلۇ شىجېك | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1938 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 43-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1956-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان | سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| شۇ جىڭچۇن | ئەر | خەنزۇ | | | | دوستلۇق رايونلۇق جىخ شۆبە ئىدارىسى ئاممىلىق ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| چې يىنالىڭ | ئەر | خەنزۇ | سەندۇڭ | 1928 | باشلانغۇچ | تەڭگۈمن پەيچۇسوسىنىڭ باشلىقى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ جاۋشىن | ئەر | خەنزۇ | | | | شىخابا پەيچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 1-قېتىملىق سىياسىي-قانۇن خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| چېن جۇنيې | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1937 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1959-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر تەربىيىچى - | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لىۋ ۋېنىي | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1933 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رايونلۇق مائارىپ گۇرۇپپىسىنىڭ پىنسىيىگە دەم ئېلىشقا چىققانلارنى باشقۇرۇش كومىتېتى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ شۇشىيەن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1936 | باشلانغۇچ | قىزىل بايراق باللار باغچىسىنىڭ تەربىيىچىسى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت مائارىپ قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قاسىم ھېمىت | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1943 | دارىل مۇئەللىم | 2-سەنئەت شۆبە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇش ئەمگەكچىلىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| مابىن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1929 | تولۇق ئوتتۇرا | شەھەرلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى يۈيىڭ | ئايال | خەنزۇ | گەنسۇ | 1925 | باشلانغۇچ | شەھەرلىك 1-باللار باغچىسى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى فاجاڭ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1937 | تولۇقسىز دارىل | رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى خۇيجېن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1936 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 32-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت، مائارىپ سېپىدىكى قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| شۈ يۈشيا | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1938 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 9-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تيەنجىن | 1941 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك 1-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1960-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ما شيەنۋېن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1940 | ئالىي تېخنىكوم | شەھەرلىك قىزىل بايراق باللار باغچىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | 1964-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى ياشلار يىغىنىغا قاتناشقان | ئاكتىپ | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ شيۇجېن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1926 | باشلانغۇچ | دۆڭمەن مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | 1978-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا، 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ھەمرا | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1944 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 19-باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى | 1965-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان | ئەمگەك نەمۇنىچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاۋ مىنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | 1929 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | 1979-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | گەنسۇ | 1951 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى | 1979-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| سۈن جىچىن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1946 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك 13-باشلانغۇچ مەكتەپ چولپان ئەترىتىنىڭ تەربىيىچىسى | 1979-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاۋ گۈيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1943 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى | 1980-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ما جۇنتەي | ئەر | خۇيزۇ | شىنجاڭ | 1942 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1980-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ئايىمخان | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1940 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شىنجاڭ داشۆسى ئائىلىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1980-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغارى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ شيۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | گەنسۇ | 1937 | | تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى گۇيۈەنخاڭ ئائىلىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1981-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جۇاڭ جېيىڭ | ئايال | خەنزۇ | خېنەن | 1944 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 9-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆسمۈرلەر خىزمىتىدىكى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئۆسمۈرلەر ئىلغار خىزمەتچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| تۇاڭ يۈيىڭ | ئايال | خەنزۇ | لياۋنىڭ | 1944 | سەنئەت | شەھەرلىك 32-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بەش بولۇش تۆت گۈزەللەش ئۈلگىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| فەن شيۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1933 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى شەرقىي مەدەنىيەت ئائىلىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار خىزمىتىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | 8-مارت قىزىل بايراقدارى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋېن جىڭۋۇ | ئەر | خەنزۇ | | | | شياۋدۇڭلياڭ پەيچۇسوسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى ۋەقوش ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ۋەكىل | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1958.6 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شىخابا پەيچۇسوسىنىڭ نوپۇس ساقچىسى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ج خ سىستېمىسىدىكى «قوش ئىلغار»لار ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشقان | ۋەكىل | ئاپتونوم رايونلۇق |
| شې چېڭپېڭ | ئەر | خەنزۇ | تيەنجىن | 1931 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش بېشقارمىسى شىنجىلىق يولى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتىكى «قوش ئىلغار»لار ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ ۋېنلىيەن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1937 | تولۇق ئوتتۇرا | شەھەرلىك 1-بالىلار باغچىسى | 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار تەربىيىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشقان | بالىلار تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ شىلياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1944.1 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | شىمەن يولى پەيچۇسوسى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنغا قاتناشقان | ۋەكىل | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ جىيەن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1942.3 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | دۇڭمېن پەيچۇسوسىنىڭ باشلىقى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدىكى قوش ئىلغارلانى تەقدىرلەش يىغىنغا قاتناشقان | ۋەكىل | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لۇ سۇمېي | ئايال | خەنزۇ | جياڭسۇ | 1935 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 1-بالىلار باغچىسىنىڭ باشلىقى | 1982-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلار تەربىيىسى خىزمىتى ۋەكىللەر يىغىنغا قاتناشقان. 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللار خىزمىتى ۋەكىللەر يىغىنغا قاتناشقان | «8-مارت» قىزىل بايراقدارى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| مۇسا سابىت | ئەر | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1945.3 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنغا قاتناشقان | ۋەكىل | ئاپتونوم رايونلۇق |
| مۇختەر مەممەت | ئەر | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى | 1958.7 | تولۇق ئوتتۇرا | غالىبىيەت يولى پەيچۇسوسىنىڭ خەلق ساقچىسى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىنغا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇخۇي | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1951.1 | تولۇق ئوتتۇرا | رايونلۇق ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ رازۋېتچىكى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ دۇڭيىن | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1961.5 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى ئىرگاۋ بۆلۈم خادىمى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| سۇن يۇڭگۇي | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1952.5 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاۋ جىيى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ | 1937.2 | باشلانغۇچ | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋۇ جيەنگو | ئەر | خەنزۇ | ئۈرۈمچى | 1962.4 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ رازۋېتچىكى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى جيەنجۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | خېنەن | 1961.12 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۆرەشىدىكى قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ جېنچاۋ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1950 | ئالىي تېخنىكوم | رايونلۇق مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جاڭ شيۇجېن | ئايال | خەنزۇ | خېبېي | 1940 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 1-باللار باغچىسى | 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | 3-دەرىجىلىك باغۋەنلەر مۇكاپاتى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جۇ يىڭزۇ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1938 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى | 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | باغۋەنلەر مۇكاپاتى | ئاپتونوم رايونلۇق |

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | ئىدارىسى ۋە ۋەزىپىسى | قايسى ۋاقىتتا قانداق يىغىندا قاتناشقان | ئېرىشكەن شەرەپنامە | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇ ۋېنجېن | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1937 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شەھەرلىك 15-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر تەربىيىچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ يۈنشياڭ | ئايال | خەنزۇ | شىنجاڭ | 1938 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 32-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لى ۋېنخۇا | ئايال | خەنزۇ | سىچۈەن | 1936 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 15-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1985-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان | بالىلار خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ كېيىڭ | ئايال | خەنزۇ | سىچۈەن | 1936 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كادىرى | 1986-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدلىيە ساھەسىدىكىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ۋاڭ شيۇمېي | ئايال | خەنزۇ | سىچۈەن | 1944 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 12-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ساغلىقنى ساقلاش ئوقۇتقۇچىسى | 1986-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن-تېخنىكا كادىرلار ئىدارىسى تەرىپىدىن چاقىرىلغان خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| فەن شۇمېيۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى | 1946 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكوم سېكرېتارى | 1986-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «قوش ئىلغار»لار ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| لۇ فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | شەنشى | 1933 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى دوستلۇق ئائىلىلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى | 1987-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| جياڭ لىڭۋاڭ | ئەر | خەنزۇ | سىچۈەن | 1936 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | 1987-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |
| رابىيە نۇر | ئايال | ئۇيغۇر | شىنجاڭ | 1939 | تولۇقسىز دارىل | شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1987-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى | ئاپتونوم رايونلۇق |
| ئامىنە زاكىر | ئايال | ئۆزبېك | شىنجاڭ | 1943 | تولۇقسىز دارىل | رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | 1987-يىلى 2-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان | ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق |

# 2-باب بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى

## 1950-يىلدىن 1992-يىلغىچە تيانشان رايونىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن رايون دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى (مەخسۇس ۋەزىپە)

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ تيەنيۈن | ئەر | خەنزۇ | 3.1924 | سىچۈەن ئۆلكىسى شاڭشى ناھىيىسى | 1947 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1936 |
| گو زىچياڭ | ئەر | خەنزۇ | 2.1927 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فۇڭشيەن ناھىيىسى | 5.1943 | تولۇق ئوتتۇرا | 11.1943 |
| ۋاڭ جىيمىن | ئەر | خەنزۇ | 10.1919 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن ناھىيىسى | 10.1937 | ئالىي مەكتەپ | 10.1937 |
| سۇ شاۋيو | ئەر | خەنزۇ | 8.1915 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ناھىيىسى | 1.1950 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1.1950 |
| باۋ باۋشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1925 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چاڭجى ناھىيىسى | 11.1947 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5.1948 |
| جىن مىڭ | ئەر | خەنزۇ | 4.1916 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فاڭسەن ناھىيىسى | 2.1939 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5.1940 |
| ۋاڭ شىشېن | ئەر | خەنزۇ | 2.1922 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنشەن ناھىيىسى | 2.1948 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 8.1947 |
| فەن جىنجياڭ | ئەر | خەنزۇ | 12.1924 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىلىڭ ناھىيىسى | 9.1943 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 8.1943 |
| لى جۇڭۋېي | ئەر | خەنزۇ | 12.1928 | شىنجاڭ توقسۇ ناھىيىسى | 9.1949 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 11.1952 |
| سلۇ يۈتەي | ئەر | خەنزۇ | 3.1938 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى | 5.1948 | تولۇق ئوتتۇرا | 5.1949 |
| ياڭ بىليەن | ئايال | خەنزۇ | 10.1929 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسى | 9.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 8.1950 |
| سۇڭ زىگيۇ | ئەر | خەنزۇ | 12.1929 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇنۇ ناھىيىسى | 7.1947 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 12.1945 |
| جاڭ گۇمىنكې | ئەر | خەنزۇ | 2.1921 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زىجيۇ ناھىيىسى | 10.1938 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1939 |
| لى شۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1931 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇيمىڭ ناھىيىسى | 3.1947 | تولۇق ئوتتۇرا | 4.1949 |
| شيې چىڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | 12.1926 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ ناھىيىسى | 4.1948 | تولۇق ئوتتۇرا | 4.1948 |
| جاۋ شۇگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 2.1927 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنئەن شەھىرى | 3.1944 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1945 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ما گۈيلىيەن | ئەر | خەنزۇ | 11.1936 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چاڭشەن ناھىيىسى | 1.1955 | ئالىي مەكتەپ | 3.1970 |
| ۋاڭ جېڭچىياڭ | ئەر | خەنزۇ | 4.1936 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرى | 11.1952 | ئالىي تېخنىكوم | 7.1956 |
| نيۇ يۇنزۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1.1941 | لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنياڭ شەھىرى | 7.1961 | ئالىي تېخنىكوم | 11.1959 |
| قەييۇم رەھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 11.1927 | شىنجاڭ تۇرپان | 7.1951 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 12.1963 |
| سادىق ئەبەيدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | 5.1940 | شىنجاڭ تۇرپان | 6.1956 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 11.1961 |
| ياڭ تيەنشى | ئەر | خۇيزۇ | 6.1925 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1949 | تولۇقسىز | 3.1950 |
| ئېلى ئالخۇن | ئەر | ئۇيغۇر | 8.1921 | شىنجاڭ چۆچەك | 1.1948 | باشلانغۇچ مەكتەپ | 10.1948 |
| بەي يۈبىڭ | ئەر | خەنزۇ | 10.1902 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىڭ ناھىيىسى | 9.1949 | باشلانغۇچ مەكتەپ | |
| ياڭ يۈيى | ئەر | خەنزۇ | 1919 | سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جاڭشى ناھىيىسى | 1950 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5.1950 |
| ياڭ دېشۇ | ئەر | خۇيزۇ | 6.1919 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 10.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | 7.1956 |
| جۇمە ئالخۇن | ئەر | ئۇيغۇر | 5.1909 | شىنجاڭ ئاقتۇ ناھىيىسى | 4.1951 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1954 |
| ياڭ جېنلىن | ئەر | خەنزۇ | 9.1926 | نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ يوڭنىڭ ناھىيىسى | 2.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3.1949 |
| ۋاڭ جىنشۇ | ئەر | خەنزۇ | 7.1925 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 9.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | 1956 |
| شېن شۆكۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 4.1920 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى | 3.1950 | تولۇق ئوتتۇرا | 4.1954 |
| ئابلىمىت نەزەر | ئەر | ئۇيغۇر | | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1950 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1952 |
| قەييۇم تۆمۈر | ئەر | ئۇيغۇر | 1931 | شىنجاڭ تۇرپان | 6.1953 | ئالىي تېخنىكوم | 12.1954 |
| نىياز خوجا | ئەر | ئۇيغۇر | 5.1932 | شىنجاڭ قەشقەر | 2.1951 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 12.1955 |
| گو جۇ | ئەر | خەنزۇ | 2.1928 | سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ پېڭشەن شەھىرى | 12.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1950 |
| ھۈسەيىن ئەھمەت | ئەر | قازاق | 11.1932 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 10.1952 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 12.1956 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ئەركىن ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 5.1951 | شىنجاڭ كۈچاڭ' | 1.1974 | تەتقىقاتچى | 12.1976 |
| بەي كەي | ئەر | خەنزۇ | 4.1929 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شۈەن-خۇا ناھىيىسى | 9.1945 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 10.1945 |
| فەن فاڭ | ئەر | خەنزۇ | 10.1938 | شىنجاڭ جىمسار | 10.1956 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 9.1961 |
| جاڭ جاۋيى | ئەر | خەنزۇ | 7.1938 | شىنجاڭ قۇمۇل | 3.1961 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1959 |
| ۋاڭ ۋېيچىڭ | ئەر | خەنزۇ | 10.1939 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىڭ ناھىيىسى | 7.1960 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1960 |
| چېڭ لىشيىن | ئايال | خەنزۇ | 12.1951 | سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭشىەن ناھىيىسى | 11.1968 | ئالىي تېخنىكوم | 1961 |
| جاڭ جوۋبىن | ئەر | خەنزۇ | 1930 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىڭتۇڭ ناھىيىسى | | | |
| خۇاڭ شىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1926 | جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ رۇ-چۇەن ناھىيىسى | 1.1944 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1944 |
| لۇي تەيمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 11.1926 | خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىڭ-شەن ناھىيىسى | 10.1945 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1947 |
| خەن داشۇ | ئەر | خەنزۇ | 12.1933 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭشى-يەن ناھىيىسى | 3.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1.1949 |
| ۋاڭ يىڭفىڭ | ئەر | خەنزۇ | 11.1933 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تيەن-جىن شەھىرى | 3.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | 2.1952 |
| لى خۇالىن | ئەر | خەنزۇ | 7.1937 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى | 3.1956 | باشلانغۇچ مەك-تەپ | 11.1959 |
| جاڭ جىفەن | ئەر | خەنزۇ | 12.1942 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىڭ ناھىيىسى | 7.1958 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 3.1963 |
| لى كېلەن | ئەر | خەنزۇ | 3.1943 | تيەنجىن شەھىرىنىڭ جىڭ-خەي ناھىيىسى | 8.1965 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 3.1966 |

## 1950-يىلدىن 1992-يىلغىچە تيانشان رايونىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن رايون دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى (مۇئاۋىنلار)

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| ليۇ يەنشىن | ئايال | خەنزۇ | 10.1929 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئەنگو ناھىيىسى | 9.1946 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1946 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ جېك | ئەر | خەنزۇ | 4.1930 | شىنجاڭ شىخو ناھىيىسى | 12.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1951 |
| ئابلىز سەمى | ئەر | ئۇيغۇر | 11.1933 | شىنجاڭ تۇرپان | 8.1951 | تولۇق ئوتتۇرا | 12.1952 |
| ما رۇيجېن | ئايال | خەنزۇ | 7.1931 | شىنجاڭ باركۆل ناھىيىسى | 9.1950 | تولۇق ئوتتۇرا | 1.1951 |
| بى سەك | ئايال | خەنزۇ | 3.1921 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دىڭشىيەن ناھىيىسى | 1939 | تولۇق ئوتتۇرا | 1939 |
| لى ۋېن | ئايال | خەنزۇ | 10.1930 | سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ رېنجۇ شەھىرى | 3.1946 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1947 |
| كې ۋېنيۇ | ئەر | خۇيزۇ | 6.1930 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1951 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1954 |
| گا ۋېنيۇەن | ئەر | خەنزۇ | 6.1930 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى | 9.1949 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 11.1952 |
| جاڭ رېنفۇ | ئەر | خەنزۇ | 3.1920 | خېبېي ئۆلكىسى | 6.1943 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1946 |
| خۇاڭ خەي | ئايال | خەنزۇ | 12.1924 | گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭخەي شەھىرى | 12.1944 | تولۇق ئوتتۇرا | 2.1945 |
| خۇاڭ رۇيجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1926 | سەندۇڭ ئۆلكىسى | 2.1947 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1947 |
| لى جيېك | ئەر | خەنزۇ | 12.1928 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېن-شۇي شەھىرى | 12.1946 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1947 |
| ئەسلەم ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | 9.1938 | شىنجاڭ ئاتۇش | 3.1959 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 12.1960 |
| لۇي جۇنجى | ئەر | خەنزۇ | 3.1942 | خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىگيەن ناھىيىسى | 8.1962 | ئالىي تېخنىكوم | 7.1973 |
| رېن چىڭبىن | ئەر | خەنزۇ | 11.1939 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چاڭ-يەن شەھىرى | 7.1956 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3.1959 |
| خۇ جۇن | ئەر | خەنزۇ | 1.1950 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۈلىن شەھىرى | 2.1969 | ئالىي تېخنىكوم | 5.1970 |
| يۇنۇس يۈسۈپ | ئەر | ئۇيغۇر | 4.1953 | شىنجاڭ فۇكاڭ شەھىرى | 7.1969 | ئالىي تېخنىكوم | 11.1976 |
| شى جۇڭلۇ | ئەر | خەنزۇ | 8.1945 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭ-ياڭ ناھىيىسى | 12.1963 | ئالىي تېخنىكوم | 12.1964 |
| نيېن جىڭتاۋ | ئەر | خەنزۇ | 5.1955 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن شەھىرى | 11.1974 | ئالىي تېخنىكوم | 7.1976 |
| سارىخان ئەمەت | ئايال | ئۇيغۇر | 6.1936 | شىنجاڭ كۆجۇاڭ ناھىيىسى | 10.1952 | باشلانغۇچ مەك-تەپ | 1956 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى يۇشۇن | ئەر | خەنزۇ | 10.1928 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاڭخې ناھىيىسى | 1.1947 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1948 |
| ۋاڭ شۇتيەن | ئەر | خەنزۇ | 12.1929 | ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن ناھىيىسى | 10.1948 | باشلانغۇچ مەكتەپ | 5.1949 |
| يەسىن كامىل | ئەر | ئۇيغۇر | 10.1933 | شىنجاڭ تۇرپان | 1.1951 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 3.1954 |
| مۇ تۇڭجى | ئەر | خەنزۇ | 10.1935 | جىلىن ئۆلكىسىنىڭ جاڭچۈن شەھىرى | 10.1955 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 11.1958 |
| جاڭ لىگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 10.1936 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاڭ شەھىرى | 8.1957 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 8.1959 |
| جاڭ لىن | ئايال | خەنزۇ | 12.1930 | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى | 1955 | تولۇق ئوتتۇرا | 11.1984 |
| شى بىتيەن | ئايال | خەنزۇ | 1.1942 | گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي شەھىرى | 11.1963 | ئالىي تېخنىكوم | |
| ما يىڭلەن | ئايال | خۇيزۇ | 11.1946 | چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭجۇاڭ شەھىرى | 1968 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1986 |
| ۋېي چىڭۋېن | ئەر | خەنزۇ | 10.1922 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەنشەن ناھىيىسى | 7.1941 | باشلانغۇچ مەكتەپ | 4.1943 |
| لى خېيفاڭ | ئەر | خەنزۇ | 6.1913 | خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەندا شەھىرى | 9.1950 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 9.1950 |
| مەھەممەت تۇراپ | ئەر | ئۇيغۇر | 7.1918 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1950 | باشلانغۇچ | 10.1951 |
| گو جىڭخې | ئەر | خەنزۇ | 6.1926 | تيەنجىن شەھىرى | 5.1951 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1953 |
| يىن يۇخاڭ | ئەر | خەنزۇ | 4.1912 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دۇڭگۇاڭ ناھىيىسى | 1.1950 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1950 |
| يۈسۈپ كېرىم | ئەر | ئۇيغۇر | 5.1926 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1951 |
| چيۇ شۇچۈن | ئەر | خەنزۇ | 10.1922 | خېبېي تيەنجىن شەھىرى | 12.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | |
| رېن جاۋجېن | ئەر | خەنزۇ | 1924 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 1952 | تولۇق ئوتتۇرا | 1956 |
| جاۋ چاڭخەي | ئەر | خەنزۇ | 5.1927 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسى | 5.1952 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 9.1954 |
| جيا چېنجى | ئەر | خەنزۇ | 9.1930 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ چىڭجى ناھىيىسى | 9.1947 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 12.1948 |
| يىن جيادىڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1930 | خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشيەن ناھىيىسى | 6.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1949 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يەن ۋېنخې | ئەر | خەنزۇ | 1.1925 | ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايون ۋۇچۇەن ناھىيىسى | 3.1939 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1943 |
| ۋاڭ چۇنيۇ | ئەر | خەنزۇ | 2.1937 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 9.1955 | باشلانغۇچ دارىل | 2.1958 |
| جاڭ خېڭتيەن | ئەر | خەنزۇ | 1940 | ئەنخۇي | 1.1960 | تولۇق ئوتتۇرا | 6.1971 |
| ليۇ شۆرېن | ئەر | خەنزۇ | 1928 | جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فۇنىڭ ناھىيىسى | 8.1943 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1947 |
| خەن گۈيجېن | ئەر | خەنزۇ | 1926 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ مىڭشى- يەن ناھىيىسى | 2.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5.1949 |
| لى خۇاسۇن | ئايال | خەنزۇ | 3.1931 | لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەلىڭ ناھىيىسى | 4.1946 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 3.1947 |
| سۇ شىخەي | ئەر | خەنزۇ | 9.1925 | سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جۇڭ- جى ناھىيىسى | 5.1947 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 10.1948 |
| لاڭ ليەنيۇ | ئەر | خەنزۇ | 12.1922 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لىڭيۇ نا- ھىيىسى | 7.1939 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1940 |
| يۈسۈپ ئاۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | 8.1933 | شىنجاڭ قاراشەھەر | 2.1956 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 10.1955 |
| چېن گوجۇ | ئەر | خۇيزۇ | 8.1925 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 12.1955 |
| جاۋ خۇيمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 1.1926 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شېنباڭ ناھىيىسى | 5.1940 | باشلانغۇچ مەك- تەپ يۇقىرى يىل- لىقى | 8.1943 |
| جاڭ فۇشىڭ | ئەر | خەنزۇ | 5.1938 | گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ مېي- جۇ ناھىيىسى | 9.1954 | ئالىي تېخنىكوم | 2.1959 |
| گاۋ چاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1.1929 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 12.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 6.1953 |
| مەمتىمىن سادىق | ئەر | ئۇيغۇر | 2.1948 | شىنجاڭ قەشقەر | 2.1970 | ئالىي تېخنىكوم | 12.1975 |
| ۋۇ دائيەن | ئەر | خەنزۇ | 9.1938 | جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ يىشىڭ ناھىيىسى | 9.1963 | ئالىي مەكتەپ | 9.1983 |
| ۋېن باۋرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | 4.1939 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يەنشەن ناھىيىسى | 9.1960 | ئالىي تېخنىكوم | 12.1956 |
| ياڭ فېڭلى | ئەر | خەنزۇ | 2.1936 | خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خەنشۇ ناھىيىسى | 6.1954 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 3.1956 |
| لى جوڭجى | ئەر | خەنزۇ | 7.1947 | شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پىڭدۇ ناھىيىسى | 4.1964 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 6.1975 |
| ما يۇفاڭ | ئايال | خۇيزۇ | 3.1954 | ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى كوكخوت شەھىرى | 3.1972 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 11.1974 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ مىڭجيۇ | ئەر | خەنزۇ | 11.1916 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تيەنجىن شەھىرى | 1.1956 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| ئەخمەت ئابدىسىم | ئەر | ئۇيغۇر | 6.1943 | شىنجاڭ تۇرپان | 4.1958 | تولۇق ئوتتۇرا | 2.1964 |
| تۇۋياڭ شۇگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1937 | شىنجاڭ | 1953 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| ما مېيىلىڭ | ئايال | خۇيزۇ | 1944 | شىنجاڭ | 1964 | تولۇقسىز دارىل | |
| ئابدىرېشىت تۇردۇن مەخسۇم ھاجى | ئەر | ئۇيغۇر | 1928 | شىنجاڭ قەشقەر | 1979 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | |
| ما فېڭلىيەن | ئايال | خۇيزۇ | 10.1944 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 9.1963 | تولۇقسىز دارىل | |
| بۇ تۇڭشەن | ئەر | خەنزۇ | 7.1932 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىياڭ ناھىيىسى | 6.1952 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 5.1955 |
| ياڭ جىڭگوي | ئەر | خەنزۇ | | لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لىڭيۈەن ناھىيىسى | | بلشلانغۇچ مەكتەپ | |
| جاڭ بېنكوي | ئەر | خەنزۇ | 5.1928 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فېڭسەي ناھىيىسى | 10.1948 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 2.1950 |
| ليۇسىڭ | ئەر | خەنزۇ | 3.1926 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ دىڭچىڭ ناھىيىسى | 12.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1954 |
| يىن جىجاڭ | ئەر | خەنزۇ | 3.1931 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا ناھىيىسى | 9.1949 | تولۇق ئوتتۇرا | 6.1952 |
| ياڭ فېڭشۇ | ئەر | خەنزۇ | 5.1945 | خېبېي ئۆلكىسىنىڭ باشيەن ناھىيىسى | 1.1965 | ئالىي تېخنىكوم | 8.1966 |
| ئەسئەرۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | 8.1925 | شىنجاڭ غۇلجا شەھىرى | 11.1944 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 8.1950 |
| ۋاڭ ماۋرېن | ئەر | خەنزۇ | 6.1931 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىچۈەن ناھىيىسى | 11.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 11.1958 |
| كاۋ جىگرو | ئەر | خەنزۇ | 3.1940 | گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىڭنىڭ ناھىيىسى | 12.1952 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 1.1962 |
| لو جۇنيىن | ئەر | خەنزۇ | 6.1941 | سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ باجۇڭ ناھىيىسى | 1.1964 | تولۇق ئوتتۇرا | 9.1962 |
| چۈەن لىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | 2.1946 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پۇچىڭ ناھىيىسى | 1.1974 | تولۇق ئوتتۇرا 12.1965 | |
| لى يىن | ئەر | خەنزۇ | 1.1933 | يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرى | 10.1950 | تولۇق ئوتتۇرا | 8.1954 |
| زۇ شېڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | 1.1933 | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىخفىڭ ناھىيىسى | 6.1949 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 12.1958 |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ فۇۋېن | ئەر | خۇيزۇ | 7.1938 | سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاڭخې ناھىيىسى | 9.1956 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | 7.1980 |
| جۇ مىڭلىن | ئەر | خەنزۇ | 11.1935 | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | 11.1950 | ئوتتۇرا تېخنىكوم | 1956 |
| ما جۇنشۇ | ئەر | خۇيزۇ | | شىنجاڭ ئۈرۈمچى | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەل خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەشتە قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر ۋە قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1956-يىلدىن 1992-يىلغىچە تيانشان رايونىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى (بىرىنچى قوللار)

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ شىشەن | ئەر | خەنزۇ | ليۇچياۋلىيەن | ئايال | خەنزۇ |
| جىن شىشەن | ئەر | خەنزۇ | لى يىڭبىڭ | ئايال | خەنزۇ |
| چېي زىڭاڭ | ئەر | خەنزۇ | مىيەن جېڭرۇ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ بىيىڭ | ئەر | خەنزۇ | ليۇ جۇڭيۈن | ئەر | خەنزۇ |
| چېن فۇيىڭ | ئەر | خەنزۇ | شيەن جىشەن | ئەر | خۇيزۇ |
| گو ۋېنچۈن | ئەر | خەنزۇ | رېن ۋېيىڭ | ئايال | خەنزۇ |
| ۋاڭ ۋېنشې | ئايال | خەنزۇ | ياسىن توختى | ئەر | ئۇيغۇر |
| شېن گۇاڭيۇ | ئەر | خەنزۇ | دوڭ يۈتيەن | ئەر | خەنزۇ |
| فۇ جاۋرۇڭ | ئەر | خەنزۇ | لى شۈپىن | ئەر | خەنزۇ |
| ئەقۇپ قېيۇم | ئەر | ئۇيغۇر | جيا ۋېنرۇڭ | ئەر | خەنزۇ |
| جاڭ مىڭيى | ئەر | خەنزۇ | ۋاڭ شيۇجېن | ئايال | خەنزۇ |
| ۋاڭ يۇڭكۈن | ئەر | خەنزۇ | جياڭ شيۇمېي | ئايال | خەنزۇ |
| شۇ يۇڭخۇ | ئەر | خەنزۇ | ۋۇ فېڭشې | ئايال | خەنزۇ |
| جياڭ يىڭلوڭ | ئەر | خەنزۇ | يې رۇنمەن | ئەر | خەنزۇ |
| ليۇ جيياڭ | ئايال | خەنزۇ | ليۇشىڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ |
| لۇي لىنفۇ | ئەر | خەنزۇ | ما فۇجياڭ | ئەر | خەنزۇ |
| فەن يىڭفېي | ئەر | خەنزۇ | ئەن يۇزى | ئەر | خەنزۇ |
| لى لىگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | لياڭ فۇچۈەن | ئەر | خەنزۇ |
| جاڭ دېرېن | ئەر | خەنزۇ | دىڭ مىڭ | ئەر | خەنزۇ |
| يې فېنلەن | ئايال | خەنزۇ | ليۇ ياۋتىڭ | ئەر | خەنزۇ |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| جې يىتاڭ | ئەر | خەنزۇ | لياڭ ئېنجيىن | ئەر | خەنزۇ |
| خەن ئېندو | ئەر | خەنزۇ | ماسىڭخۇەي | ئەر | خەنزۇ |
| ئەكبەر | ئەر | ئۇيغۇر | شۇ جىڭۋۇ | ئەر | خەنزۇ |
| دۇاڭ شىن | ئەر | خەنزۇ | ۋاڭ شۇبو | ئەر | خەنزۇ |
| لىن دىڭشى | ئەر | خەنزۇ | ليۇنەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ |
| مىجىت ئەخمەت | ئەر | قازاق | ئامىنە غوپۇر | ئايال | ئۇيغۇر |
| ۋۇ جىكې | ئەر | خەنزۇ | قاسىم ھەمىت | ئەر | ئۇيغۇر |
| چېن چۈەن | ئەر | خەنزۇ | ھەبىبۇللائەبەي | ئەر | ئۇيغۇر |
| گوچاۋسەڭ | ئەر | خەنزۇ | فەن شۇمىيۇ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ جاۋجىن | ئەر | خەنزۇ | جاۋ يىڭجې | ئەر | خەنزۇ |
| كۇاڭ شيۇئېن | ئايال | خەنزۇ | جاڭ جيەنگو | ئەر | خەنزۇ |
| سۈن مىڭيى | ئەر | خەنزۇ | يەن يۇشەڭ | ئەر | خەنزۇ |
| لى چىڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | جاڭ يۇڭپو | ئەر | خەنزۇ |
| ياۋ چىڭۋېن | ئەر | خەنزۇ | شۇ جىنيۇ | ئەر | خەنزۇ |
| شۇ ۋېنگو | ئەر | خەنزۇ | كۇي پېيسەن | ئەر | خەنزۇ |
| ليۇ داۋلىن | ئەر | خەنزۇ | لياڭ زۇڭجې | ئەر | خەنزۇ |
| جاڭ جىڭتاڭ | ئەر | خەنزۇ | جاڭ مىڭشېڭ | ئەر | خەنزۇ |
| جاۋ فۇباۋ | ئەر | خەنزۇ | گاۋ جۇۋ | ئەر | خەنزۇ |
| شى گۇاڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | جيا يۇخۇا | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ ليەنباۋ | ئەر | خەنزۇ | تيەن سۇلەن | ئايال | خەنزۇ |
| ليۇخۇڭدې | ئەر | خەنزۇ | بارات توختى | ئەر | ئۇيغۇر |
| ۋاڭ فېڭلىن | ئەر | خەنزۇ | غاپپار ساۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر |
| روزىخان | ئايال | ئۇيغۇر | ۋاڭ راۋشېڭ | ئەر | خەنزۇ |
| سارىم ئەخمەت | ئايال | ئۇيغۇر | فاڭ شيۇليەن | ئايال | خەنزۇ |
| ياڭ ۋېنلۇ | ئەر | خەنزۇ | ئابلىز ھامۇت | ئەر | ئۇيغۇر |
| گاۋ شياۋخۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | ۋېن جىڭۋۇ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ چۇڭلى | ئەر | خەنزۇ | سۈن يۇمىنچاۋ | ئەر | خەنزۇ |
| چېن جۇنيې | ئەر | خەنزۇ | توختى قادىر | ئەر | ئۇيغۇر |
| جې يۇنچىن | ئايال | خەنزۇ | ۋاڭ خەي | ئەر | خەنزۇ |
| ياڭ ۋېنخۇ | ئەر | خەنزۇ | لى شىڭخۇەن | ئايال | خەنزۇ |
| ۋۇ مىڭلى | ئەر | خەنزۇ | ھەمراخان | ئايال | ئۇيغۇر |
| رېن گۇاڭيۇەن | ئەر | خەنزۇ | لى باۋيىڭ | ئەر | خەنزۇ |
| دەن نيۇفۇ | ئەر | خۇيزۇ | گوچىڭپىڭ | ئەر | خەنزۇ |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ يەنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | خۇڭمىنبىن | ئەر | خەنزۇ |
| پېڭ جىنچۈەن | ئەر | خەنزۇ | شى يۇلاڭ | ئايال | خەنزۇ |
| گاۋچىڭچۈن | ئەر | خەنزۇ | تيەن‌خې | ئەر | خەنزۇ |
| شۈجىنيۇ | ئەر | خەنزۇ | خۇبو | ئەر | خەنزۇ |
| جاڭ ئېرلىڭ | ئەر | خەنزۇ | ۋېي يىڭمى | ئەر | جۇاڭزۇ |
| ئەركىن ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر | باۋ فېڭ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ گوشى | ئەر | خەنزۇ | شى شىشېڭ | ئەر | خەنزۇ |
| ليۇ چىنجۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | ۋۇ جۇڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ گويۈۋ | ئەر | خەنزۇ | لۇ سۇەبې | ئايال | خەنزۇ |
| چېن جىيچىڭ | ئايال | خەنزۇ | لى فاجاڭ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋېن چۈنلىن | ئەر | خەنزۇ | دۇاڭ شىنۋېي | ئايال | خەنزۇ |
| ساڭ ۋېنشياڭ | ئايال | خەنزۇ | ۋاڭ شىفېڭ | ئەر | خەنزۇ |
| كاڭ جيەن | ئايال | خەنزۇ | چېن ۋېنفېڭ | ئايال | خەنزۇ |
| شەي شۈمىن | ئەر | خەنزۇ | گواڭ رۇڭشىن | ئەر | خەنزۇ |
| نازىم زاكىر | ئەر | تاتار | چى كاڭجەن | ئەر | خەنزۇ |
| لى شىنرۇ | ئايال | خۇيزۇ | لى جاۋيىڭ | ئايال | خەنزۇ |
| ۋاڭ چۇەنجې | ئەر | خەنزۇ | خۇ يۇخۇي | ئايال | خەنزۇ |
| ھېكىم ئابدىكېرىم | ئەر | ئۇيغۇر | چېن خۇڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ |
| گو شۈنيى | ئەر | خەنزۇ | گو ۋېنلواڭ | ئەر | خەنزۇ |
| ۋېي يۈەن | ئەر | خەنزۇ | ياڭ گوپىڭ | ئەر | خەنزۇ |
| ساۋ جې | ئەر | خەنزۇ | جاۋ خۇيچېن | ئايال | خەنزۇ |
| ۋاڭ زىڭشيۇ | ئايال | خەنزۇ | ما پېيشۈن | ئەر | خۇيزۇ |
| دېڭ شۈنيى | ئەر | خەنزۇ | جۇاڭ ۋېيجۇ | ئەر | خەنزۇ |
| تۇرسۇن شامى | ئەر | قازاق | ئابدىرېشىت ياقۇپ | ئەر | ئۇيغۇر |
| چۇ چىڭچېن | ئەر | خەنزۇ | جاڭ دېيلىڭ | ئايال | رۇس |
| چېن خۇڭشېڭ | ئەر | خەنزۇ | لى ۋۇزى | ئەر | خەنزۇ |
| جاڭ جىندې | ئەر | خەنزۇ | مىرشات ئەخمەت | ئەر | ئۇيغۇر |
| ياڭ يەنلىن | ئەر | خەنزۇ | لېي كېيۈن | ئەر | خەنزۇ |
| ۋاڭ شىيبىيۇ | ئەر | خەنزۇ | مېڭ شيۇجېن | ئايال | خەنزۇ |
| ئاسىنە زاكىر | ئايال | ئۆزبېك | قادىر مېھمان | ئەر | ئۇيغۇر |
| دۇەن مېڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | | | |

# 3-باب ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كەسپىي تېخنىكا خادىملار ئىسىملىكى جەدۋىلى

## 1987-يىلدىن 1992-يىلغىچە تيانشان رايونىدىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | بەھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ لەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | كاندىدات ئالىي دەرىجە |
| ھەلىمە سوپى | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | كاندىدات ئالىي ئوقۇتقۇچى |
| شاۋ لىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 11.1992 | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | كاندىدات ئالىي دەرىجە |
| چېن ۋېنفېڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | 12.1992 | نەشرىيات | كاندىدات ئالىي دەرىجە |
| سۇلايمان | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | مەسئۇل ۋراچ | 1987 | سەھىيە (كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خالىسىيەت | ئايال | ئۇيغۇر | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئابدۇرۇسۇل خېۋىر | ئەر | ئۇيغۇر | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۋ زۇۋېي | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەرىيەم | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (تېبابەت داۋالاش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خادىشا | ئايال | قازاق | ئالىي مەكتەپ | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (تېبابەت داۋالاش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما شاۋكۇي | ئەر | خۇيزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (تېبابەت داۋالاش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بى دېڭخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل تېخنىك | 1988 | سەھىيە (پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۇڭ چياۋ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | كۇتۇپخانا خادىمى | 1988 | كۇتۇپخانا (ئاممىۋى مەدەنىيەت گۈزەل سەنئەت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شەرىپە | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | لېكتور | 1988 | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ما كې | ئەر | خۇيزۇ | ئالىي مەكتەپ | لېكتور | 1988 | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى فېڭئې | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | ئىنژېنېر | 1988 | بىناكارلىق (باغۋەنچىلىك) كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما لىگو | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | ئىنژېنېر | 1988 | بىناكارلىق (قۇرۇلۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ شۇسەن | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | ئىنژېنېر | 1988 | بىناكارلىق (قۇرۇلۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئەلى نۇر ئاخۇن | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1988 | ئىقتىساد (سودا سانائەت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئابدۇراخمان | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1988 | ئىقتىساد (سودا سانائەت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن مىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1988 | ئىقتىساد (سودا سانائەت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شيۇڭ مىڭجياڭ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1988 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ جوڭمىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | ئىنژېنېر | 1988 | بىناكارلىق (ماشىنسازلىق) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جى شىشۈن | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | ئىنژېنېر | 1988 | بىناكارلىق (ماشىنسازلىق) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لۇي پياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | مەسئۇل ستاتىستىكچى | 1988 | ستاتىستىكا كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇ يۈخۇي | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئارخىپخانا خادىمى | 1988 | ئارخىپ كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رېن گۇاڭيۈەن | ئەر | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | تەھرىر | 1988 | نەشرىيات | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ باۋلەن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1988 | سەھىيە (تېببىي داۋالاش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۈي گۈيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 1989 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ شيۈلەن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما رۇڭخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى جيەن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ چىڭخۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شيۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى گۈيياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ لىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ گوفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شېن گۇڭلىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شۇلىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جىندى | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ گۈيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى شياڭلىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خې شياڭجى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فەن چىڭبىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن خۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇ تاۋ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ يۈشياۋ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گاۋ شيۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ لىپىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېڭ يۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تو جياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇ چىڭشيا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن شيۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يىبىئۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ خۇيۋېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كو چيۇجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۇ ۋېي | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇ سۇمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ گۈيىۇن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇڭ رۇيچېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇ مەنجېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا تېخنىكوم |
| ئەن جىشىن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يۈيىڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يالڭ جۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو يۈنپىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دوڭ رۇڭجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شىڭجى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن يۈمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى چىيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فېڭ شۇجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ ۋېيلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇڭ فۇگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو ۋېنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما جۇنتەي | ئەر | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لۇ | ئايال | مانجۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| قادىر | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەنىپە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھۆرنسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلسە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رىسالەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن شۇرېن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ جۇڭشيائو | ئەر | خۇيزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ ۋېنفۇ | ئەر | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇاڭ لى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇاڭ كۇجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو شۇخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ لىرېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىي مىنجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جيې شىئەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شيۇ جېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇاڭ جېيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن شيۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى شيۇشياڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى ۋېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن دېجۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان-پىسسىنىڭ نامى | بەلگىلەنگەن ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ئۇنۋان دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| فاڭ لىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ مېيشياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما فىڭلەن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ ئەيخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما مېيىلىڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يىڭۋېن | ئەر | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ ئېرلىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تاۋ شيۇچىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نۇردەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خې فىڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ خەنجې | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى شىڭشۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ يالى | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يىن جىڭاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ چىنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يالىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەن فېڭلەڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى لېنفاڭ | ئايال | رۇس | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ چاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ خۇيشيا | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۈي چېمن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى چۈندى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈەن شياۋيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ خۇڭفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ فېڭياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جۇنشيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ جياجۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن شۇجېن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ يۈجۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېي شۇنلۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جى رۇڭمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ شۇجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي ئوقۇش مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لىۋ گۈيرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۈي گۇاڭرېن | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن شىياڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جەي يۈشيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گاۋ شۇخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گې شۇجۇەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇ ۋېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ چېڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۈي يۈنجۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لو يۈن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ پېيجۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تيەن خۇيلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شيۇمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن شياۋيەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇ شۇجۈن | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ شۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇ چىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تيەن پېنچىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو مىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ جىيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى جىي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى توگىيى | ئەر | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فېڭ خۇيجې | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زۇ لىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۇ لياڭخەي | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ساڭ يۈدې | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كوڭ شيۇلىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فېڭ دېيى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى ۋېنخەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇ سۇجۇەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان-پېشىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ئۇنۋان دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ياڭ باۋرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ميائو جېشيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ چېڭلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى خۇيدۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لۇي جيەن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ يىڭرۇ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇاڭ شۇلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ يۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فۇ فېڭلىيەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دا شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۇ مۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فاڭ ۋېنجۇن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى چۇنفېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لۇ جىڭلۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ئۇنۋان دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ يەنجۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى خۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يۈنشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ شۇچېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۇ جىنيىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ دوگېيڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شىڭ فېيشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى ۋېنخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فەن شياگيۈمن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇ ۋېنجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جەزىرە | ئايال | قازاق | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئىسلامجان | ئەر | قازاق | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زىبىرە | ئايال | قازاق | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بويغەيشا | ئايال | قازاق | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلزىپە | ئايال | قازاق | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇرسۇن | ئەر | قازاق | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلىنى | ئايال | قازاق | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خاسلىخان | ئايال | قازاق | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەمرا رىشت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ جېنچيەن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مۇقەددەس | ئايال | تاتار | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پاتىگۈل ئىبراھىم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئايىنسا ھەسەن | ئايال | ئۇيغۇر | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئوسمان داۋۇت | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رابىيە قادىر | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەبىبە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئابدىرىشت | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئادالەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نۇرگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خاسىيەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھاۋاخان روزى | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ شۆجۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بى شۇفېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۇ شيۇيۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ سۇنتى | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكۇم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۇ كۈمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو يۈنسى | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شۇشىن | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۇ پېيمىن | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكۇم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا مەكتەپ |
| مۇھەببەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەيھان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بۇسارەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلبىيە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دىلبەر | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سانىيە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۇ شىنخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياۋ شيۇفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | بېكىتىلگەن ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ يېيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ يەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى جەنخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جىنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جى چىڭلىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تەن يۈجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھۆرنىسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەيھان ھەسەن | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ چىگرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەلچەم | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەن خۇائې | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شۇشيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجە | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چى جەنجۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى رۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئامىنە مەمەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇجۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مە-دەنىيەت سەۋىيە-سى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزى-پىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستې-مىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋۇ شۇخۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇاڭ چاڭشۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇ شياۋيىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لو شۇيۈەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ چيڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شەن يۈيىڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇاڭ تىڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ رۇڭخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۇ ياپىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما ۋېنخېڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شۇيۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ شەنشەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن جيەنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | بىلشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يارۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يۇڭشياڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ جۇڭخۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ دۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۇمىن سۇيفاڭ | ئايال | شىبە | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ شۇلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دىڭ شۇاڭرۇ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ چۇنيىڭ | ئايال | رۇس | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ دېشياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ساھەت روزى | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| قەمبەرنىسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەنا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئامىنە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شەۋكەت | ئايال | قازاق | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يەنلىڭ | ئەر | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يەن يۈچەن | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خا ۋېيجۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ يۇمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېي شيۇمېي | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جېي چېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما شيىڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ جېگيۇ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى شىلياڭ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يۈخۇا | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ خۇگيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ جىنخەن | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يىخۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بەي يەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فۇ چۇنشياڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رېن گوخۇي | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ گوچىن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ يەنپىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇاڭ جىنمىن | ئايال | | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شياۋ لىشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي بوغقۇرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ئۇنۋان دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خې شۇجۇەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى جۈن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن رۇيخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى يۇچاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئەن شيۇلىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شىنخۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەيھان ھەمزى | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەمىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زۆھرا | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لەتىپە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇ يۇۋېن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ شىڭزۇ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۈۋ جۈمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ يەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چياڭ چيېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شىمىن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6.1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەمەلىي ئوقۇش مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كاۋ خۋاشى | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ شىنكاڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى لوڭشى | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لەتىپ نازىم | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۋ شيۈچىڭ | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئامىنە رىشىت | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يۈمىنخۇا | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | ئىنژېنېر | 12. 1992 | بىناكارلىق (باغ ئورمان) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ فاڭچىن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | ئىنژېنېر | 1992 | بىنكارلىق (باغ ئورمان) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يۈتى | ئايال | خۇيزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپ | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كاۋ شۈچىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپ | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ چىشۇن | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | ئىنژېنېر | 1992 | بىناكارلىق (قۇرۇلۇش كەسپى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 6. 1988 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كې چى | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۋ يۈ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (قۇرۇلۇش خىلچوتى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گومن يەنبىن | ئايال | مانجۇ | تولۇق ئوتتۇرا | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ شۇخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قارىشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۈ مېنشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ بېيىي | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ستاتىستىكىچى | 1992 | ستاتىستىكىچى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ لىنسىي | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ شياۋچېن | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ گۈيلەن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ستاتىستىكىچى | 1992 | ستاتىستىكا كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ خويجۈن | ئايال | خۇيزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈەن خۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لىنلوڭ | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يىڭلەن | ئايال | خۇيزۇ | باشلانغۇچ مەكتەپ | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ چىلياڭ | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەدەنىيەت باشقۇرۇش خادىمى | 1992 | كۇتۇپخانا (ئاممىۋى مەدەنىيەت سۈرەتچى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ جېنخۇا | ئەر | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەدەنىيەت باشقۇرۇش خادىمى | 1992 | كۇتۇپخانا (ئاممىۋى مەدەنىيەت ئۇسسۇلچى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۈي يۈخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ۋراچ | 1992 | سەھىيە (ئاممىۋى تازىلىق) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى سىفېڭ | ئايال | خەنزۇ | | مەسئۇل ستاتىستىكىچى | 1992 | ستاتىستىكىچى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ لەنفېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زېڭ شۈنياڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل تېخنىك | 1992 | سەھىيە (پىلانلىق تۇغۇت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن لىخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل تېخنىك | 1992 | سەھىيە (پىلانلىق تۇغۇت) | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ چېڭباۋ | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جى سەيىۋن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كاۋ فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ستاتىستىكچى | 1992 | ستاتىستىكا كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| باۋ يۈلىمىن | ئايال | خۇيزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن فېڭيىن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | مەسئۇل تېخنىك | 1992 | سەھىيە (پىلانلىق تۇغۇت) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما جۇڭشىن | ئەر | خۇيزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش كەسپى) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يۈنشيا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ سېنلىن | ئەر | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 12.1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ فېڭشيا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | 12.1992 | ئىقتىساد (كارخانا باشقۇرۇش) | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئالىمجان | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | 3-دەرىجىلىك ئاتقۇچى | 12.1992 | ئاتقۇچىلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گو يەنيۈن | ئەر | خەنزۇ | ئالىي مەكتەپ | 3-دەرىجىلىك ئاتقۇچى | 12.1992 | ئاتقۇچىلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ چۈنخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | مەسئۇل بوغالتىر | 5.1992 | بوغالتىرلىق كەسپى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يۈنخۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فۇ لەك | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇي شۇنچىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | بلاانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە | | |
| مۇ شياۋخۇي | ئايال | خۇيزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋۇ لىڭجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لۇ زىلماڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن يۈفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى خۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شاڭ جىڭيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇاڭ شيۇيۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نىڭ شۈخۇي | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992. | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ مىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تاڭ بىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى خۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى يۈلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ رۇي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېن گۈيجېن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نەن ۋېنمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۇ يۇڭمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى گۈيىيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مېڭ مېي | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خۇاڭ خۇمىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن كۈيىڭ | ئايال | خەنزۇ | باشلانغۇچ دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ شۇجۇن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ كۈيمىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لىجۇن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چى پىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بىۋ شۇجېن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ مېيرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ لى | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ پېيجۇن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ پىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شا جىمېي | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ فېڭچىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خې مېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېي شۇلىڭ | ئايال | شىبە | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇلاڭ شىڭۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى چىندى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەيھان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەمرا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مارجان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بۇسارىم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نۇرسۇنئاي | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەيرىنسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئامانگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھۆرلىقا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەريەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زىلەيقىز | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نۇسرەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇنايىم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پاتىنگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرسۇنگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تىللاخان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ يۈچىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇڭ شيۇجۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ يولەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شۇ گۈيجيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لى | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما يىڭفاڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ يېۋن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رېڭ يىڭروي | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇ يىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ چۇڭشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ چۇنلون | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما گۈيجى | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ جيالىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نيەن يىڭچى | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قارىشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كو جۈەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەن مۇلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ناڭ بىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جۈۈلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇاڭ شاۋلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جى يۈلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تيەن رۇڭبىن | ئايال | توجازۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ خۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تيەن گېڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېي چىڭرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياڭ ۋېنخۇا | ئايال | رۇس | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مۇكەررەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئاسىيە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئايگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ گۈيچىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ خۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ شۇچاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ سۇيەن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەن شۇلىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ يىدا | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جياۋ خۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جيۇ فېڭلەن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گېڭ مېيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بەي يۈشى | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى فېڭيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى پېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېي لى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پەن شيۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لەنيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى جېڭچۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۇي جيليۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىن يىجيەك | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جا ۋۇجيەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى شياۋيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ يۈلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خې شۇ فېن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چېن جىڭلەن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما شىڭخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جىن يۈتې | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەن جيەنجۈن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سەي جيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ ۋېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما شياۋخۇاڭ | ئايال | خۇيزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ جۈن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۈ يۈيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۇڭ چىڭجې | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | بەلگىلەنگەن ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شاۋ جېي | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شى سۇيىيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گەن جىلىبى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ لىمئۇبىن | ئەر | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لىۇ پېيتاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇمن خۇي | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ ئېنچىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇمەخان | ئايال | قازاق | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زەينەپ | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەبىبە نىياز | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەريەم قاسىم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئادالەت يۈسۈپ | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئادالەت ئابلىز | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پەزىلەت ئىلياس | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەنەۋۋەر پەخرىددىن | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئەكبەر ئېلى | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپىي) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاسىيە تۇردى | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مۇھەممەت نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| غالىبىيەت | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فىردەۋس | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دىلنۇر | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھىممەت | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خالىسىيەت | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئابدۇئەلى | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلنىسا | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھۆرنىسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تۇخلىن | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زۇمرەت | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ھەلىمە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەريەم بارات | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پاتىگۈل | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| چولپان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالاقە يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چياۋ جيې | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سەي شۇجۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لۇ جىيچىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېن شىنپىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئابدۇشۇكۇر | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پاتىگۇل ئىمىن | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رىزۋان | ئايال | ئۇيغۇر | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ لىگېن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | سەۋىيە باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى ۋېنلى | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جۇ فېنيۇن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ مىڭشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ياڭ شيۇجېن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى لى | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەريەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خالىدە | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نىساخان | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئالىي يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قارارلاشقان سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رىزۋان نىياز | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ جې | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دۇەن سۇلەن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى بىنلىيەن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لو شيۇگۇيې | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گاۋ شۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ خۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ما مىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گاۋ جيەنخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئامىنە تۇرغۇن | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئايشەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى رۇيىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لو يۈخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| كۇڭ فېنيۈن | ئايال | مانجۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ ۋېيجېن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مە-دەنىيەت سەۋىيە-سى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستې-مىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كو سۈيخۇا | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| زۇ شىڭشىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇ شىنمېي | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رېن سىنىيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ پىڭفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| فەن جېگرۇڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خالىدەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| پەخىرنىسا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ئايشەم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خالىدەم يۈسۈپ | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلپىيە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| مىنەۋەر | ئايال | ئۇيغۇر | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گۈلئايىم | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| شيۇاڭ نۇدبى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يۇ لىن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شۇسۇاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەك-تەپ ئوقۇتقۇچى-سى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | بېكىتىلگەن ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەي يېيفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| يىن جيېنشىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| گا ۋۇلى | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| بەي يۈلىيەن | ئايال | خۇيزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاڭ شىگيۇ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خې لىڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇاڭ شيۇخۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى يەنبىن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى خۇا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تيەن يەنفاڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لياڭ فېڭ | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| جاۋ يەنخۇ | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| سۇن شەنلى | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دېڭ يۇخفاڭ | | ئايال | خەنزۇ تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋېن جاڭچۈن | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| توختىخان | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

| ئىسىم-فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسى | كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنىڭ نامى | باھالانغان ۋاقتى | قاراشلىق سىستېمىسى (كەسپى) | ۋەزىپە دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سوپىيە | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| خەمىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەيھان قادىر | ئايال | ئۇيغۇر | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| نارمى | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ لىنك | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋۇشۇچىن | ئايال | خەنزۇ | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| لى دوگىمن | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| رەمزىيە | ئايال | ئۆزبېك | ئالىي تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ليۇ يىڭ | ئايال | خەنزۇ | ئوتتۇرا تېخنىكوم | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| ۋاڭ جيەنشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| تەن شيۇشيا | ئايال | خەنزۇ | تولۇق ئوتتۇرا | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |
| دىلبەر ئابدۇللا | ئايال | ئۇيغۇر | تولۇقسىز دارىل | باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي ئوقۇتقۇچى | 11.1992 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئوتتۇرا دەرىجە |

# ئاخىرقى سۆز

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى يېزىش خىزمىتى 1988-يىلى باشلانغان بولۇپ، ئالتە يىل داۋام قىلدى، ئورگىنالى يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ھازىر رەسمىي نەشىردىن چىقتى. تەزكىرىگە يېقىنقى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، رايون تەۋەسىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىرقى زامان دەۋر كىشىلىرى ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا پايدىلىق مەدەنىيەت قورۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، تيانشان رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1985-يىلى 10-ئايدا تيانشان رايونىنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تيانشان رايونىنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى قۇردى. 1987-يىلى ئىشخانىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنى سەپلىدى. بۇ ئىشخانا رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تەزكىرە تۈزۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرغۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نىڭ ئومۇمىي گەۋدە رامكىسى قىلدى. 1988-يىل 4-ئايدا رايونلۇق تەزكىرە تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تيانشان رايونى بويىچە تۇنجى قېتىم تەزكىرە خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە تۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلدى، «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى، «ھەممە كىشى تەزكىرە تۈزۈش» پرىنسىپى بويىچە رايون تەزكىرىسىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈرلەرگە ئايرىپ، نىشانلىق باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈپ، تارماقلارنى باشقۇرغۇچىلار بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، 35 ئورۇنغا ئەمەلىيلەشتۈردى، خادىملارنى ماتېرىيال توپلاش، ئۈزۈن ماتېرىياللارنى توپلاپ بۆلەككە ئايرىش، سىناق تەرىقىسىدە يېزىش، باب، پاراگرافلارنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى يېزىشقا تەشكىللىدى. تەزكىرە سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەزكىرە ئىشخانىسى ئۆز ۋاقتىدا 198 مەخسۇس، قوشۇمچە تەزكىرە تۈزۈش خادىمى ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان ئۈچ قارار كۇرس ئېچىپ، كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئورگىنال يېزىش ئۆلچىمىنى ئىگىلەپ، ئورگىنال يېزىش خىزمىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كەڭ تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار تيانشان رايونىنىڭ رايون بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن بۇيانقى رايون ئايرىمىسى، ئاپپارات ئۆزگىرىشى كۆپ بولۇش، تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئەھۋالنى بىلگۈچىلەرنى زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاغزاكى ماتېرىياللارنى توپلاپ، كۆپ جەھەتتىكى ئەھۋاللار بويىچە پىكىر ئېلىپ، كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى توپلىدى. 1990-يىلغىچە، ئورگىنال يازىدىغان ھەرقايسى ئورۇنلار ئەھۋالنى بىلگۈچىلەردىن 369 ئادەم (قېتىم) نى زىيارەت قىلىپ، 84 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 770 مىڭ خەتلىك ماتېرىيالنى توپلاپ رەتلەپ، 12 مىڭ 268 پارچە (توم) ئارخىپنى ئوقۇپ، 1492 پارچە ماتېرىيال كارتوچكىسىنى تىزىمغا ئېلىپ ھەرقايسى قىسىم، باب پاراگرافلار بويىچە 630 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورگىنالنى

تاماملاپ، دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى تيانشان رايونى بويىچە 2-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتلەر خۇلاسىلاندى، دەسلەپكى ئورگىنالنى تاماملىغان ئورۇنلار تەقدىرلەندى، تيانشان رايونلۇق بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق تەزكىرە ئورگىنالنى ياخشى يازغان سەككىز ئورۇن مۇكاپاتلاندى ھەمدە تەزكىرە تۈزۈش قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىش خىزمىتى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىك، سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىنىڭ سىياسىي ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» بويىچە باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئورگىنالنى ئۈچ دەرىجە بويىچە باھالاپ بېكىتىشتىن ئىبارەت باھالاپ بېكىتىش تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇنىڭدا ھەرقايسى تارماقلار تەزكىرىسىنىڭ ئورگىنالىنى دەسلەپكى قەدەمدە باھالاپ بېكىتىش، رايونلۇق باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى ئىككىنچى قېتىم قاراپ چىقىش، رايونلۇق تەزكىرە تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۈچىنچى قېتىم قاراپ چىقىپ ئورگىنالنى بېكىتىش تەلەپ قىلىندى. ھەر قېتىمقى باھالاپ بېكىتىشتە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇناسىۋەتلىك كادىرلار، ئەھۋالنى بىلىدىغانلار قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى، باھالاپ بېكىتىش پىكرىگە ئاساسەن ھەرقايسى تارماقلار ھەر قېتىم تەزكىرە ئورگىنالىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئەڭ ئاخىرى 1992-يىلى ھەرقايسى قىسىم، باب، پاراگرافلارنى ئۈچ دەرىجە بويىچە باھالاپ بېكىتىش، ئورگىنالغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى.

1993-يىلى تيانشان رايونلۇق تەزكىرە تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بىلەن «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش كومىتېتى تەرتىپكە سېلىنىپ، تەزكىرە تۈزۈش قەدىمى تېزلىتىلدى. ئالدى بىلەن رايون تەزكىرىسىنىڭ قىسىم مۇندەرىجىسى تۇرغۇزۇلدى، ئومۇمىي تۈزۈش پىلان بويىچە تۈزۈلدى، ئومۇمىي جەھەتتىن تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، بارلىق كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئومۇمىي جەھەتتىن تۈزۈش باشلاندى. رايون ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان قەلەم قۇۋۋىتى بىر قەدەر كۈچلۈك، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئىشتىياق باغلىغان توققۇز يولداشتىن تەركىب تاپقان «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى ئومۇمىي جەھەتتىن تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىش قوشۇپ ئىشلەپ ئورگىناللارنى ئۆزگەرتىپ، قىسقارتىپ، ئاددىيلاشتۇردى، ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ، سانلىق مەلۇمات ئاساسلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەلىللەپ، ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ، خەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، تىنىش بەلگىلىرىنى قېلىپلاشتۇردى. بىر يىل جاپالىق خىزمەت قىلىش ئارقىلىق، 1994-يىل 5-ئايدا ئورگىنال يېزىلىپ بولدى. كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنالنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، نەشرگە بېرىشنى تەستىقلىدى.

رايون تەزكىرىسىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ئۆزۈن بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، توپلانغان ماتېرىياللارنىڭ ۋاقتىدا مەسلىھەتلىشىش، تەربىيىلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، رايونلۇق تەزكىرە ئىشخانىسى 1988-يىلى «تيانشان رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى»، «تيانشان رايونىنىڭ يەر ناملىرى»نى تۈزۈپ چىقتى؛ 1992-يىلى «تيانشان رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»نى، «ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى» ناملىق سۈرەتلىك توپلامنى تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1988-يىلدىن 1993-يىلىغىچە بولغان ھەرقايسى يىللاردىكى «تيانشان رايونىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. تەزكىرە تۈزۈش ئارىلىقىدىكى بۇ نەتىجىلەر ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھەمدە كەڭ كادىرلارنىڭ رايون ئەھۋالىنى چۈشىنىشى، رايوننىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىدە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.

«تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشتە، ماتېرىيال توپلاش، يېزىشتىن تارتىپ نەشىر قىلىشقىچە، رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشتىن ئاخىر بىۋاسىتە غەمخورلۇق قىلىپ، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتە كاپالەتلىك قىلدى. شەھەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى رايونلۇق تەزكىرە ئىشخانىسىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، باھالاپ بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرى بىۋاسىتە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، يېزىش خادىملىرىنى ئاجرىتىپ بېرىپ، تەزكىرە ئورگىنالىنىڭ ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ۋە دىم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ماتېرىيال بىلەن قىزغىن تەمىنلەپ، «تيانشان رايونى تەزكىرىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بىز بۇ يەردە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

تەھرىرلەش سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزمۇن جەھەتتە خاتا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش قىيىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى، تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇھەررىرىدىن**

**1994-يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنى**

# تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتى ۋە خادىملار

## تيانشان رايونلۇق تەزكىرە تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى

گۇرۇپپا باشلىقى: مۇرات يۇنۇس
مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى: مەمتىمىن سادىق، مايۇفاڭ
ئەزالىرى: تيەن جىڭتاۋ، ۋاڭ چۈەنجيې، لى فاجاڭ، چېن ۋېنفېڭ، تۇرسۇن شامى، گوچىڭپېڭ.
ئالدىنقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: ئەركىن ئىبراھىم
ئالدىنقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى: لۇجۇنجيې، يۇنۇس يۈسۈپ، ۋېن باۋرۇڭ
ئالدىنقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى: كې ۋەنيۇ، چېن گوجۇ، مۇتوڭجى، پۇتوڭشەن، رېن گۇاڭيۈەن، جاۋ يىڭجيې، چېن جۇنيې، ياڭ ۋېنلۇڭ، ۋەن چۈنلىن، سەي شۈمىن، گۇڭ رۇڭشىن، ۋاڭ لاڭ، جۇڭ ۋېيجۇ، ئەكبەر ئابدۇرېھىم

تەزكىرە ئىشخانىسى
مۇدىر: چېن ۋېنفېڭ
مۇئاۋىن مۇدىر: ۋېي يۈەن
خىزمەتچى خادىملار: گۇشەن، يۈشىنخۇا، مەلىكە ئېزىز
ئىشخانىنىڭ ئالدىنقى مۇدىرى: رېن گۇاڭيۈەن
ئىشخانىنىڭ ئالدىنقى مۇئاۋىن مۇدىرى: چېن ۋېنفېڭ
ئىشخانىنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتچى خادىملىرى: شى يىڭچىڭ، جۇلىن

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ھەيئىتى

مۇدىر: مۇرات يۇنۇس
مۇئاۋىن مۇدىرلار: مەمتىمىن سادىق، مايۇفاڭ، ۋاڭ چۈەنجيې، لى فاجاڭ، چېن ۋېنفېڭ، ۋېي يۈەن
ئالدىنقى تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى: ئەركىن ئىبراھىم
ئالدىنقى تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۇنۇس يۈسۈپ، رېن گۇاڭيۈەن

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملار

مەسلىھەتچى: جياچىنجى
مەسئۇل تەھرىر: چېن ۋېنفېڭ
مۇئاۋىن مەسئۇل تەھرىر: رېن گۇاڭيۈەن، ۋېي يۈەن

بۆلەكلەر بويىچە تەھرىرلىگۈچىلەر (مۇندەرىجە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

| | |
|---|---|
| چوڭ ئىشلار، ئومۇمىي بايان، 10-بۆلۈم: | چېن ۋېنفېڭ |
| 1-، 2-، 3-، 4-بۆلۈم: | ۋاڭ چۇمنجې |
| 5-، 8-، 9-بۆلۈم: | شيۇڭ مىڭجاڭ |
| 6-، 19-بۆلۈم: | رېن گۇاڭيۇەن |
| 7-، 15-بۆلۈم: | يۈ شىنخۇا |
| 11-، 13-، 14-بۆلۈم: | ۋۇمىنلى |
| 12-، 17-بۆلۈم: | ۋېي يۈەن |
| 16-بۆلۈم: | لى فاجاڭ |
| 18-، 20-بۆلۈم: | گوشەن |

تەكشۈرۈپ تۈزەتكۈزۈۋالغۇچىلار: لى مىڭ، چېن خۇڭجى
سۈرەتچى: سۇي تۇڭ، يۈ تيېفېڭ، يۇشىنخۇا، جاڭ شىمىن، جاۋ چىلىياڭ، جاڭ فېڭشى، لى شياڭدۇڭ، نىجات، ۋاڭ زېڭشيۇ، سۇشېڭجى

بۇندىن باشقا رەسىملەر «ئۇرۇمچى» رەسىملەر توپلىمى ژۇرنىلى ۋە رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار تەمىنلىگەن رەسىملەردىن تاللاپ ئېلىندى.

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى

گۇرۇپپا باشلىقى: مەمتىمىن سادىق
مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى: مايۇفاڭ
ئەزالىرى: جياچىنجى، تيەن جېڭتاۋ، ۋاڭ چۇمنجيې، لى فاجاڭ، چېن ۋېنفېڭ، ۋېي يۈەن، ۋۇمىنلى

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نىڭ مەخسۇس بابلىرىنى باھالاپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى

رېن گۇاڭيۈەن، چېن ۋېنفېڭ، بەي كەي، كې ۋمىيۇ، گاۋ چاڭيۈەن، جاۋ يىڭجيې، لى فاجاڭ، شيۇڭ مىڭجياڭ

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇنلار

رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار
رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېت ئىشخانىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى،

ئارخىپ ئىدارىسى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى، پىلان-ئىقتىساد كومىتېتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شەھەر قىياپىتى تازىلىقى-مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مال-باھاسى ئىدارىسى، مۇپەتتىش ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ئىشخانىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، خەلق ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسى، جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، دوگمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسى، غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، يېڭى دېموكراتىيە يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى، جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، ئۆلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسى.

رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار

شەھەرلىك تارىخ-تەزكىرە ئىشخانىسى، شەھەرلىك 1-سودا ئىدارىسى، شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى، شەھەرلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتى، شەھەرلىك توقۇلما ماللار شىركىتى، شەھەرلىك بەش خىل مېتاللار شىركىتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، شەھەرلىك سۈت شىركىتى، شەھەرلىك نېفىت-كۆمۈر شىركىتى، شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، شەھەرلىك باج ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، خەلق بانكىسىنىڭ شەھەرلىك شۆبىسى، سودا سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شەھەرلىك تارماق بانكىسى، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە شىركىتى، ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ شەھەرلىك تارماق شىركىتى، شەھەرلىك ستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ تيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، «تيانشان» شەھەر ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپى، يۇمىدا شەھەر ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپى.

## «تيانشان رايونى تەزكىرىسى»نىڭ ھەرقايسى مەخسۇس بابلىرىنى تۈزۈشكە ئېلىپ يازغان ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق ماقالە يازغان خادىملار

تەزكىرە ئىشخانىسىدىن: چېن ۋېنفېڭ، گۇشەن، يۈشىنخۇا

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدىن: يۈتىيىفېڭ

شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن: ۋاڭ چۈەنجې، دۇيۇڭ
شەھەر قىياپىتى تازىلىقى مۇھىتىنى ئاسراش ئىدارىسىدىن: گۇشەن
پىلان-ئىقتىساد كومىتېتىدىن: شيۇڭ مىڭجياڭ
ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىدىن: شيې جۇگيېك، لى باۋيېك
بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركىتىدىن: مالىگو
مال باھاسى ئىدارىسىدىن: سۇ شياۋچۈن
مۇپەتتىش ئىدارىسىدىن: شۇ مىڭشەن، ۋاڭ لاڭ
سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن: ۋاڭ دىشېك، ۋۇ يۇشېك
مالىيە ئىدارىسىدىن: ليۇ زۇڭشەن
پارتكوم ئىشخانىسىدىن: شى يۇڭ، سۇي يەنفېك
بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن: شەن يۇفۇ، خې خۇيچىن
تەشۋىقات بۆلۈمىدىن: ۋۇمىنلى، يۇجيەنپېك
تەشكىلات بۆلۈمىدىن: ۋاڭ شىن، ليۇگۇيرۇڭ
ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن: گوۋمىنچۈن، خەن يەن
ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن: ليۇ يۇمىنجۇ، ليۇيى
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن: ياڭ خۇا، دۇڭ يۇتيەن
سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدىن: جاۋ گۇيفاڭ، جاۋ يىڭجيې
ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن: دۇڭ يۇتيەن
ئىتتىپاق كومىتېتىدىن: جاڭ خۇاۋېن، لى مىن
ئاياللار بىرلەشمىسىدىن: فاڭ شيۇليەن، ليۇرۇيلەن
سىياسىي قانۇن كومىتېتىدىن: ماجىك
جامائەت خەۋپسىزلىك شۆبە ئىدارىسىدىن: گوچۈنشېك
سوت مەھكىمىسىدىن: جاڭ بىليەن
تەپتىش مەھكىمىسىدىن: لى زېرۇن، جاۋشۇشيەن
ئەدلىيە ئىدارىسىدىن: جاڭ لامېي
خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن: ۋاڭ جۇگلى
خەلق ھاۋادىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشخانىسىدىن: مياۋ چۈنجى، مادېلۇ
مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن: ۋاڭ ياۋزۇ، ۋاڭ جيەنشېن
مائارىپ ئىدارىسىدىن: ۋاڭ شىنكاڭ، ۋاڭ جاۋلۇ، ۋاڭ يىلېي
سەھىيە ئىدارىسىدىن: ياڭ ۋېنخۇ، چېن شەنلىك
ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېت ئىشخانىسىدىن: گۇشەن، جاۋ شۇشيا
خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن: خۇئەنسېن، ۋاڭ يەن، جاڭ لەن
مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن: ماجىلۇ، ۋېي يۇگخې
ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسىدىن: جۇجياڭ، جاۋشىگلۇ
جەنۇبىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: ۋاڭ يۇمىن
شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: ليۇ يۇپىك، ۋاڭ سۇيلىك
دوگمېن مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: فېك ۋېي

غالىبىيەت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: مايۇلياڭ
ئىتتىپاق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: خەن شاۋلى
شىمالىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: ياڭ مىڭ
تىنچلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: جىڭ گودۇڭ
قارلىغاچلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: رېن لەنشيا
جەنۇبىي شىنخۇا يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: ۋاڭ شىڭيۈ
بەخت يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: خەن فىڭ
ئۇلانباي مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىن: شۈيەنخۇا

# تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

مەلىكە ئېزىز
شازادەم نەسرىددىن
هاكىم هاشىم
ئىلهام يۈسۈپ
شۈكۈر روزى
قادىر مەمەت
پاتىگۈل تۇرسۇن

ئالىمجان ياسىن
تۇرسۇن شامى
ئەنۋەر ئۆمەر
ئىسلامجان شېرىپ
ھىدايەت تىللا
ئابدۇغوپۇر ئۇبۇلقاسىم
ئېلى ئابدۇكېرىم

**تەرجىمە تەھرىرلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:** مۇرات يۈنۈس، مەمتىمىن سادىق، ساۋۇت سالاھىددىن، ياقۇپ مۇھەممەتروزى، شازادە نەسرىددىن، تۇرسۇن شامى

**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** روشەن ئابدۇرېھىم
ياقۇپ مۇھەممەتروزى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# تيانشان رايونى تەزكىرىسى

تيانشان رايونى تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتى تۈزگەن

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 100013)
تىزغۇچى: «بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1997-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 96.00يۈەن